مۆيدىن سايىت بوستان

# كرواندىكى ئىزچىلار

(1)

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: مەمەت نەۋبەت



ISBN 978-7-228-11347-7

定价(上,下):88.00 元



مۆيدىن سايىت بوستان

# كىرۋاندىكى ئىزچىلار

(ئىككى قىسىملىق تارىخىي رومان)

1

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

**图书在版编目(CIP)数据**

楼兰足迹（上下）/莫依丁·萨依提著。
—乌鲁木齐：新疆人民出版社，2008.1（2009.5 重印）
ISBN 978—7—228—11347—7

Ⅰ.楼… Ⅱ.莫… Ⅲ.长篇小说—中国—当代—维吾尔语（中国少数民族语言） Ⅳ.I247.5

中国版本图书馆 CIP 数据核字（2008）第 001244 号

| | |
|---|---|
| **作　　者** | 莫依丁·萨依提 |
| **责任编辑** | 帕提古丽·米吉提 |
| **责任校对** | 赛娜瓦尔·依布拉音，再米拉·菲达 |
| **封面设计** | 买买提·诺拜提 |
| **出版发行** | 新疆人民出版社 |
| **电　　话** | (0991)2827472 |
| **地　　址** | 乌鲁木齐市解放南路 348 号 |
| **邮政编码** | 830001 |
| **印　　刷** | 新疆金版印务有限公司 |
| **经　　销** | 新疆维吾尔自治区新华书店 |
| **开　　本** | 880×1230 毫米　1/32 |
| **印　　张** | 41.375 |
| **版　　次** | 2008 年 1 月第 1 版 |
| **印　　次** | 2009 年 5 月第 2 次印刷 |
| **印　　数** | 5001—8000 册 |
| **定　　价** | 88.00 元 |

# مۆھەررىردىن

پېشقەدەم شائىر ، ژۇرنالىست ، لوپنۇرشۇناس مۆيدىن سايىت
بوستان 1935 ـ يىلى 5 ـ ئايدا كورلا شەھىرىدە تىجارەتچى
ئائىلىسىدە تۇغۇلغان . ئۇ 1952 ـ يىلى قاراشەھەر پېداگوگىكا
مەكتىپىنى پۈتكۈزۈپ ، 1955 ـ يىلى 8 ـ ئايغىچە كورلا شەھىرد-
دىكى باشلانغۇچ مەكتەپلەردە ئوقۇتقۇچى بولغان ، كېيىن ئاپتونوم
رايونلۇق مائارىپ ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىدا ، ئاندىن بايىنغولىن ئوب-
لاستلىق باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىدا ئىشلىگەن . ئۇنىڭدىن كېيىن
ئوبلاستلىق ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىجادىيەت ئىشخانىسىنىڭ مۇئا-
ۋىن مۇدىرى ، ئوبلاستلىق يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رە-
ئىسى ، «بوستان» (ھازىرقى «كروران» ) ژۇرنىلىنىڭ باش مۇ-
ھەررىرى بولۇپ ئىشلەپ ، 1995 ـ يىلى 6 ـ ئايدا پېنسىيىگە
چىققان .

مۆيدىن سايىت بوستان 1959 ـ يىلى «شىنجاڭ ياشلىرى»
گېزىتىنىڭ 6 ـ فېۋرال سانىدا ئېلان قىلىنغان «سەيلە قىلىلى
ئايغا» ناملىق شېئىرى بىلەن ئەدەبىي ئىجادىيەت سېپىگە كىرىپ
كەلگەن . ئۇنىڭ قىرىق نەچچە يىللىق ئىجادىيەت پائالىيىتىنى
ئەدەبىي ئىجادىيەت ، ئەدەبىي ژۇرنالچىلىق ، لوپنۇر فولكلورچىلد-
قى قاتارلىق ئۈچ جەھەتكە يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ . مۆيدىن سايىت
بوستان ئەدەبىي ئىجادىيەتكە قىزغىنلىق بىلەن كىرىشىپ ، بىر
بۆلۈك شېئىر ، ھېكايە ، پوۋېست ، شۇنداقلا دراما ( «تاھىر ـ
زۆھرە» ) يېزىپ ئېلان قىلدى . ئۇ ژۇرنالدا ئىشلىگەن ئون بەش
يىل جەريانىدا ، بايىنغولىن ئەدەبىيات بوستانلىقىنىڭ بەرپا قىلىند-
شى ۋە بىر تۈركۈم ئۈمىدلىك ئەدەبىي ئىجادىيەتچىلەرنىڭ مەيدانغا
كېلىشى ئۈچۈن تەمەسىز ۋە ھالاللىق بىلەن ئىشلىدى . «بوستان»
(ھازىرقى «كروران» ) ژۇرنىلىنىڭ 1979 ـ يىلىدىكى تۇنجى

ساندا ئۇ باشقىلار بىلەن بىرلىكتە توپلىغان بىر تۈركۈم لوپنۇر خەلق قوشاقلىرى بىلەن ئۇنىڭ «لوپنۇر قوشاقلىرىنىڭ بەزى ئالاھىدىلىكلىرى توغرىسىدا» دېگەن ئىلمىي ماقالىسى ئېلان قىلىندى . شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئەدەبىي ئىجادىيەتتە ئۇ ئاساسىي دىققەت - نەزىرى ، ۋاقتىنى لوپنۇر فولكلورچىلىقىغا قارىتىپ ، ئاساسلىقى لوپنۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى توپلاش ، رەتلەش ، نەشرگە تەييارلاش ۋە تەتقىق قىلىش بىلەن ئىزچىل شۇغۇللاندى . شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1984 - يىلى ، ئۇ توپلاپ تۈزگەن «لوپنۇر خەلق قوشاقلىرى» («ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى» نىڭ 5 - كىتابى) توپلىمىنى ، 1991 - يىلى «ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى»نىڭ 15 - كىتابىنى (باشقىلار بىلەن بىرگە تۈزگەن) نەشر قىلدى . شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلىنىڭ 1987 - يىلى 3 - ساندا «لوپنۇر قوشاقچىلىقى توغرىسىدا» دېگەن ئىلمىي ماقالىسى ئېلان قىلىندى . «بۇلبۇل» ناملىق باللادىسى خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشتى . ئۆزى 5 - قېتىملىق «خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتى» (بېيجىڭدا ئېچىلغان)دا «مۇنەۋۋەر مۇھەررىر» شەرەپ مۇكاپاتىغا ئېرىشتى . 1990 - يىلى ، ئۇ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى بويىچە ئاپتونوم رايونلۇق ئۈچ يۈرۈش توپلام ئىشلەش تەھرىر ھەيئەتلىكىگە تەكلىپ قىلىنىپ ، بايىنغولىن ئوبلاستلىق ئۈچ يۈرۈش توپلام ئىشلەشكە رەھبەرلىك قىلىش ھەيئىتىدە مۇئاۋىن باش تەھرىر بولۇپ ئىشلەپ ، 1993 - يىلى مۇشۇ ساھەدە «مەملىكەتلىك ئىلغار خىزمەتچى» دېگەن شەرەپكە نائىل بولدى . 1991 - يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن ئۇنىڭ «ھايات باھارى» (باشقىلار بىلەن بىرلىكتە) ، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى تەرىپىدىن «باشئەگمەس نەزمىلىرى» (باشقىلار بىلەن بىرلىكتە) ناملىق شېئىرلار توپلىمى نەشر قىلىندى . 2003 - يىلى قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى «لوپنۇر ئەسلىمىلىرى» ناملىق كىتابىنى ، 2005 - يىلى مىللەتلەر نەشرىياتى ئۇ توپلاپ رەتلىگەن «مىنكۇن باتۇر ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى» ناملىق

چوڭ ھەجىملىك خەلق قىسسىسىنى نەشر قىلدى . ئۇ يەنە «لوپنۇر خەلق داستانلىرى» توپلىمىنى ، شىئىر ئىجادىيىتىنىڭ نامايەندىسى بولغان «ئاق بىكەش بىلەن بوز باتۇر» ناملىق يەتتە مىڭ مىسرادىن ئارتۇق داستاننى نەشرگە سۇندى .

«كىروراندىكى ئىزچىلار» ناملىق ئىككى توملۇق بۇ تارىخىي رومان مۆيدىن سايىت بوستاننىڭ ئوتتۇز يىلغا يېقىن لوپنۇرلۇقلارنىڭ فولكلورى ، تارىخى بىلەن ھەپىلەشكەنلىكىنىڭ بەدىئىي سەمەرىسى بولۇپ ، 1860 ـ يىلىدىن 1934 ـ يىلىغىچە بولغان يەتمىش بەش يىللىق جەرياننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ . روماننى ئوقۇسىڭىز ، تېخى 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىغىچە — بەش يۈز يىلغا يېقىن دۇنيانىڭ كۆز ـ قۇلىقىدىن گويا پايانسىز دېڭىز ئوتتۇرىسىدىكى كۆرۈنمەس كىچىككىنە يېگانە ئارالدەك ، سىرتقى دۇنيادىن ئايرىلىپ بېكىنمە ھالەتتە تۇرغان ، مۆجىزىدەك ئاجايىپ رىۋايەت ۋە ئەپسانىۋى پەردىلەر ئىچىدىكى سىرلىق دۇنيا — لوپنۇر ۋە لوپنۇرلۇقلار توغرۇلۇق خېلــى كەڭ چۈشەنچــىگــە ئىگە بولۇپ قالىسىز ...

# مۇندەرىجە


بىرىنچى باب كۆچۈش ........................................ 1

ئىككىنچى باب قالۇچىلار مەھەللىسىدە ........................ 50

ئۈچىنچى باب «دىۋە ئادەم» ................................ 103

تۆتىنچى باب ئابدالدا ...................................... 162

بەشىنچى باب چوڭ ئۈيۈشۈش ................................ 241

ئالتىنچى باب توي ۋە مۇسىبەت ............................ 326

يەتتىنچى باب بىزمۇ يەر تېرىيلى .......................... 411

سەككىزىنچى باب ئۇماقنىڭ تاختىسى ........................ 501

توققۇزىنچى باب يۇرتۇڭنىڭ ھەممە يېرىنى بىلىپ قوي... 589

# بىرىنچى باب

# كۆچۈش

*بۇ يول دۇنيادىكى يوللارنىڭ قەدىمىيسى ، سەرخىلى
ئىدى ، دۇنيادىكى يوللار بۇ يول ئالدىدا ئۇزۇن - قىسقى-
لىقتا خالتا كوچىغا ، كەڭ - تارلىقتا چىغىر يولغا ئوخ-
شايتتى ؛ بۇ يول شۇنچىلىك ئاۋات ، قايناق ئىدىكى ، جاھان-
دىكى ئىبسىل مال - بۇيۇملارنىڭ ، جاۋاھىراتلارنىڭ يەر-
مەنكىسى ئىدى ؛ ھەر خىل رەڭ - تۇستىكى ئادەملەر ،
تۈرلۈك تىل - زۇۋان ، مەدەنىيەت ، ئىدىيە ، تۈر-
لۈك دىن - ئېتىقادلار ئۇچرىشىپ ، ئۆتۈشۈپ تۇرىدىغان
مەشھۇر ، شۆھرەتلىك يول ئىدى .*

— خاتىرەمدىن .

1

قۇملۇق ، پايانى يوق قۇملۇق ، گويا دۇنيا قۇم بولۇپ يارالغان-
دەك ياكى پۈتكۈل زېمىننى قۇم توپانى بېسىپ كەتكەندەك .
قۇياش تىكلەشكەن چاغ ، ئاسمان خۇددى قۇم دۇنياسىغا كۆم-
تۈرۈپ قويغان غايەت زور زەڭگەر قازانغا ، قۇياش بولسا مۇشۇ
قازاننىڭ ئەڭ ئېگىز مەركىزىدىكى تۈگۈلۈككە ئېسىپ قويغان
نۇر شارىغا ئوخشايتتى . بۇ قۇم دۇنياسىنىڭ تەرەپلىرى ئۇنى
يىراق - يىراقلاردىن قوچۇپ - ئۇپۇپ تۇرغان مۇشۇ زەڭگەر

قازاننىڭ گىرۋىكى ، ئۇيۇق سىزىقى ئىدى . بۇ يەردە تەرەپ - پە-رەپ مەۋجۇت ئەمەستەكلا ، ھەممە تەرەپ ئوخشاش .

قۇملۇق شۇ قەدەر چۆل - جەزىرە ئىدىكى ، نە بىرەر تۈپ دەرەخ ، بىرەر تۈپ شىۋاق ، يانتاق ، نە يىڭنە چاغلىق بىرەر تال خەس - گىياھ بولسۇن ، ساپلا قۇم ، قۇملا ، زەررىچە بۇلۇتسىز ، خىرۇستالدەك سۈزۈك ئاسماندا تىكلەشكەن قۇياش نۇرىدا قۇملار پارىلداپ چاقناپ تۇراتتى .

پايانسىز قۇملۇقنىڭ دۆڭ - بارخانلىرى بىر قارىماققا بىر - بىرىگە مىنگىشىپ گىرەلىشىپ كەتكەن بىلىق قاسىراقلىرىغا ئوخشىسا ، يەنە بىر قاراشقا مەيىن شامالدا بىر - بىرىنى قوغلىشىپ قىرغاق تامان سىلجىپ ، يېنىك ھەم رىتىملىق تەۋرىنىۋاتقان كۆل چايقاقلىرىغا ئوخشايتتى .

رىۋايەتتە ئېيتىلىشىچە ، قايسىبىر قەدىم زاماندا توپان بالاسى بولۇپ ، ئاسمان - پەلەك تاغ - چوققىلارنىمۇ قوشۇپ يۇتكۈل يەر - زېمىننى سۇ بېسىپ كەتكەندە ، پەقەت نوھ ئەلەيھىسسالامنىڭ كېمىسىدىكى جانلىقلارلا ھايات قالغانىكەن . خۇددى شۇنىڭغا ئوخ-شاش ، قۇم توپانى ئاستىدىن ئۆملەپ چىقىۋاتقاندەك ، يۇك ئارتىل-غان بىرنەچچە كالا ، ئېشەكنى ئالدىغا سېلىپ ، ئات ، كالا ، ئېشەك مىنگەن چوڭ - كىچىك ئۈچ ئادەم چەكسىز قۇملۇقنىڭ يىراق ئۇپۇقتىكى ھال رەڭ ۋىل - ۋىل گىرىمسەنلىك ئىچىدىن قىمىرلا-ۋاتقاندەك ئاستا چىقىپ كەلمەكتە . ئۇلار بىر كۆرۈنۈپ ، بىر كۆ-رۈنمەي ، ھېلى ئېگىز بىر قۇم دۆۋىسىدىن ئايلىنىپ ئۆتسە ، ھېلى ئالدىنى توسۇپ تۇرغان يەنە بىر چوڭ قۇم دۆۋىسىگە ئۆملىگەندەك چىقىپ ، دومىلىغاندەك مۇدۇرۇلۇپ چۈشەتتى . مانا ، ئۇلار يەنە بىر قۇم دۆۋىسىگە چىقتى . ئات مىنگەن ئايال بىلەن ئېشەك مىنگەن بالا — ئىككىسى قۇم دۆۋىسىدىن چۈشۈپ مېڭىشنى داۋام ئەتتى . كالا مىنگەن ئەر بولسا ، قۇم دۆۋىسىدىن چۈشمەي ، كالا ئۈستىدە تۇرۇپ سول قولىنىڭ ئالقىنىنى پېشانىسىگە سايىۋەن قىلىپ تۇتۇپ يىراقلارغا قارىدى . ئۇ بۇ قارىشىدا : «بارىدىغان مەنزىلىمىز

قايسى تەرەپتىكىن، بۇ قۇملۇقنىڭ چېكى نەدىدۇ؟» دەۋاتامدىكىن، بەلكى ئىككىلىسىنى دەۋاتقاندۇ. ئۇلار بۇ قۇملۇق جەزىرىدە نەدىن كېلىپ، نەگە كېتىۋاتىدىكىن؟ ئەر قۇم دۆۋىسىدىن چۈشۈپ ئايال بىلەن بالىغا يېتىشىپ كەلدى.

— ئاتا، بىز تېخىچە قۇملۇقتا مېڭىۋاتىمىزغۇ؟

— ...

— ئاتا، سەن يولغا چىقىشقا ئاز قالدۇق دېگەنتىڭ، قېنى ئۇ يول؟

— ھە، يولغا ئاز قالدۇق.

— ئالدىنقى كۈنىمۇ شۇنداق دېگەنتىڭ، تۈنۈگۈنىمۇ شۇنداق دېدىڭ. ھازىرمۇ يەنە ...

— بولدى، ئاتاڭنى گەپكە سېلىۋەرمە، بۇ قۇملۇقتا نەدە يول بولىدۇ، مېڭىۋاتقان يېرىمىز يول شۇ.

قايسى تەرەپلىكىنى پەرق ئەتكىلى بولمايدىغان بۇ پايانى يوق قۇملۇقتا، ئۇ ئەر يىگىرمە يىلنىڭ ئالدىدا ئاتىسى بىلەن ماڭغان چاغدىكى تۇيغۇسىغا تايىنىپلا ئۇ ئىككىسىنى باشلاپ كېتىۋاتاتتى.

ئۇلارنىڭ ئاتا ماكان يۇرتى چارا ئىدى. ئۇ نەچچە يىلنىڭ ئالدىدا تارىم دەرياسى ئېغىر دەرىجىدە تاشقىنلاپ كېتىپ، ئەتراپنى سۇ بېسىپ، سۇ چىقمىغان يەرلەرمۇ زەيلىشىپ، شورلىشىپ كەتكەندى. شۇ چاغدا زور بىر تۈركۈم كىشىلەر ۋاقىتلىق بولسىمۇ تىرىكچىلىك غېمىدە تەرەپ - تەرەپكە تارقىلىپ كەتكەندە، ئۇلارنىڭ ئائىلىسى باشقىلار بىلەن بىللە چارىنى تاشلاپ قۇرۇقتاغ ئېغىزىدىكى كىچىك بىر مەھەللىگە كۆچۈپ بارغان. ئۇ مەھەللىدىكىلەرنىڭ ھاياتلىق كاپالىتى بولغان كىچىك بىر ئېرىق سۇ بىر ھەپتىنىڭ ئالدىدا قانداقتۇر بىر غايىۋى كۈچ تىلسىم قىلىۋەتكەندەك ياكى بىر يالماۋۇز مەخلۇق تەرىپىدىن سۈمۈرۈۋېلىنغاندەك شىپپىدە قۇرۇپ كەتتى. مەھەللىدىكى ئۇن نەچچە ئائىلە ھەرقايسىسى جەمەتىنى ۋە ئاتا - بوۋىلىرىنىڭ ئەسلىي يۇرتىنى ئېسىگە

ئېلىپ ھەر تەرەپكە كۆچۈپ كېتىشتى. بۇ ئۈچ جانلىق ئائىلە بوۋىلىرىنىڭ يۇرتى بولغان قاراقوشۇن كۆلى ئەتراپىغا كەتمەكچى بولۇشقانىدى. لېكىن، كۆل سۈيى ئۆرلەپ كېتىپ، كىشىلەرنىڭ باشقا يۇرت - مەھەللىلەرگە كۆچۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ، قاراقوشۇن كۆلىگە يېقىنراق يېڭى ئابدالنى پاناھداپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ ھەرقانچە ئۆز تۇيغۇسىغا ئىشەنسىمۇ، ھېچقايسى تەرىپىنى بىلگىلى بولمايدىغان قۇملۇقتا يەنىلا پات - پات ئەتراپقا قاراپ قويغان ياخشى، دەپ قارايتتى.

ئۇلار قۇم دۆڭلىرىگە چىقىپ - چۈشۈپ، ئايلىنىپ بۇنچە ئاۋارە بولۇپ يۈرگۈچە بىرەر يول تېپىپ ماڭسا بولمامدىكىن - ھە.

بۇ دەشت - جەزىرە قۇملۇقتا نەدىمۇ يول بولسۇن، يوق. ياق! يول بار ئىدى، يول بولغاندىمۇ ئۇزۇندىن - ئۇزۇنغا، مەشرىقتىن مەغرىبكىچە سوزۇلغان، جاھاننىڭ ئۇ چېتى بىلەن بۇ چېتىنى تۇتاشتۇرغان يول بار ئىدى. ئەينى زاماندا ئاۋات، قايناق، روناق تاپقان ئۇنداق يول جاھاننىڭ ھېچبىر يېرىدە تېخى ئېچىلمىغانىدى، بارلىرى ئۇزۇن - قىسقىلىقتا خالتا كوچىغا، كەڭ - تارلىقتا چىغىر يولغا ئوخشايتتى. بۇ يولدا قىش - ياز دېمەي يىل بويى ھىندى - ئافغان، پارس - سوغدىيان، رىم - يۇنان كارۋانلىرىنىڭ، سەيياھ - ساياھەتچىلەرنىڭ، ئەلچىلەرنىڭ ئايىغى، كولدۇرما - قوڭغۇراقلىرىنىڭ ياڭراق سادالىرى ئۈزۈلمەيتتى. زەردار كارۋانلارنىڭ قوڭغۇراقلىرى ئالتۇندەك ساپ، سۈزۈك، جاراڭلىق ھەم سەلتەنەتلىك ئىدى، باشقىلىرىنىڭمۇ ياڭراق، يېقىملىق، ھەيۋەتلىك ئىدى. ئەلچى كارۋانلارنىڭ بولسا ئوردا جاكارچىسىنىڭ داڭلىدىقىدەك بوغۇق ئەمما سۇر - ۋەھىملىك ئىدى. بۇ يولنىڭ كارۋان سارايلىرى، سودا مەيدان - سورۇنلىرى، رەستە - بازارلىرى گويا دۇنياۋى يەرمەنكە ئىدى. جاھاندا بارلىكى ئېسىل مال - بويۇملارنىڭ ھەممىسى: شايى - ئەتلەس، دۇردۇن - دۇخاۋا، گۆھەر، كەھرىۋا كەبى جاۋاھىراتلار مۇشۇ يول، مۇشۇ

چوڭ رەستىدە ئۇچرىشاتتى ، ئۇيان - بۇيان ئۆتۈشۈپ تۇراتتى ، ئالماشتۇرۇلاتتى . بۇ يولدا يەنە ئاق ، قارا ، سېرىق -- ھەر خىل رەڭ - تۇستىكى ئادەملەر ھەم تۇرلۇك تىل - زۇۋان ۋە ھەر خىل دىن - ئېتىقادلارمۇ ئۇچرىشاتتى . بۇ يولدا كىشىلەر سودا قىلىشاتتى ، تالىشاتتى ، قىزىرىشاتتى ، ھۇرپىيىشەتتى ، يەنە ئاخىرىدا چىرايلىقچە پۇتۈشۈپ قالاتتى . شەرقنىڭ جۇلالىق ئېسىل شايى - كىمخابلىرى ، كەھرىۋادەك سۇزۇك ، چاقناق فارفور قاچىلىرى ، قاشتېشى بۇيۇملىرى غەربنىڭ يېقىن - يىراقلىرىغىچە يېتىپ باراتتى ، غەربنىڭ ماللىرى شەرققە يۇرۇشۇپ تۇراتتى . چېرىك - چەۋەندازلار ، ھوشيار جېسەكچىلەر يولنىڭ تىنچ - ئامانلىقىنى يىل بويى قورۇقداپ - قوغداپ تۇراتتى . يول ئوغرى ، قاراقچىلاردىن خالىي ئىدى . يول مۇساپىسى ئۇزۇن ، جاپا - مۇشەققىتى كۆپ ، ئېغىر بولسىمۇ ، ھەرقايسى ئەل كارۋانلىرى ، قىممەتلىك مال - بۇيۇملىرى بۇ يولغا خەۋپسىرىمەي ئاقاتتى .

چاڭئەننىڭ تۇنجى ئەلچىسى جاڭ چيەن كانگىيە[1] سەپىرىدە مۇشۇ يولدىن ئۆتكەن . ۋېنتسىيىلىك سەيياھ ئەلچى ماركوپولو شەرققە بېرىشىدا مۇشۇ يولدا ماڭغان . بۇ يەردە ئۇ ئۆز يۇرتىدا ، ئۆيىدە يەپ باقمىغان ئاجايىپ نازۇنېمەتلەردىن لەززەتلىنىپ ، شېرىن - تاتلىق ، ئېسىل تەسىراتلارغا ئىگە بولغان . ئۇنىڭدىن كۆپ بۇرۇنقى بىر زامانلاردا پامىر تاغلىرىدىن ئۆتۈپ كەلگەن بابىل ئېكىنزارلىقىنىڭ بۇغدىيى دەسلەپ مۇشۇ يول بويىدىكى مۇنبەت تۇپراقتا ئۆزلەشتۇرۇلۇپ ، يەنە بىر زامانلاردىن كېيىن مۇشۇ يول ئارقىلىق ئوتتۇرا تۇزلەڭلىككە يېتىپ بارغان[2] .

بۇ يول مانا شۇنداق يەر يۇزىدىكى يوللارنىڭ سەرخىلى ، سەركىسى ئىدى ، ئاۋات ، قايناق ، شۆھرەتلىك ئىدى . بۇ يول ۋادىسى

---

① كانگىيە - سەمەرقەنت .

② بۇ ھەقتە لى يۇڭ «ئۇيغۇر كلاسسىك مۇزىكا سەنئىتىنىڭ يىراق قەدىمكى زاماندىكى ئىقتىساد ، مەدەنىيەت ۋە ئېتنىك مەنبەسى توغرىسىدا» (شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى 1995 - يىلى 2 - سان ) دېگەن ماقالىسىدە : «ھازىرغىچە تارىم ۋادىسىغا بۇغداي ئۆسۈملۈكىنىڭ قاچان يېتىپ كەلگەنلىكى گەرچە ئېنىق - پەندە بوشلۇق مەسىلىسى بولۇپ كەلگەندەك قىلسىمۇ ، ئۇنىڭ تارىم ۋادىسى ئارقىلىق خۇاڭخې ۋادىسىنىڭ ئوتتۇرا ئېقىمىغا بۇنىڭدىن تۆت مىڭ يىل بۇرۇن يېتىپ بارغانلىقى مەلۇم بولدى» دەيدۇ .

تەڭرىنىڭ رەھمىتى، نەزىرى ياغقان تۇپرىقى مۇنبەت، نېمىتى
مول، سۈيى ئەلۋەك، گۈزەل زېمىن ئىدى.
— ئۇنداق بولسا، قېنى ئۇ يوللار، قېنى ئۇ گۈزەللىك؟
تۇرغان - پۈتكىنى پايانسىز دەشت قۇملۇققۇ؟
ئادەم دېگەن بۇ جانىۋار ئەقلى كالللىسىدا چېغىدا ئادەمكەن،
ئەقلى گەجگىسىگە ئۆتۈپ قېلىپ ئۇنىڭغا نەپسى مىنىۋالسا، ئۇ
چاغدا ئۇ ئازناپ، ئاچ كۆز، بالاخور مەخلۇقكەن. بۇ يول، بۇ
ماكانىنىڭ نام - شۆھرىتىنى، نەپ - مەنپەئىتىنى، بايلىق -
مەئىشىتىنى ئاڭلىغان يېقىن - يىراقتىكى بەگ - خانلارنىڭ نەزد-
-رى بۇ يەرگە ئاغدى، كۆزى قىزىرىشتى. بۇ يولغا ئۆزلىرىلا خوجا
بولۇپ خەزىنىسىنى تولدۇرۇۋېلىش، چۆنتىكىنى پومپايتىۋېلىش
نىيىتىگە كېلىشتى، ئۇلار بۇ يەرنى بىر - بىرىدىن قىزغىنىشتى،
تالاشتى، تالىشىش قىرغىنچىلىق قىلىشقۇچە بېرىپ يەتتى. ئاقى-
ۋەتتە، بۇ خىلۋەت، ئاۋات ماكانىنىڭ تىنچلىقى بۇزۇلدى، خاتىر-
جەملىكى يوقالدى، ئادەملىرى خاتىرجەملىك ۋە تىرىكچىلىك يولى
ئىزدەپ تەرەپ - تەرەپكە پىتىراپ كېتىشتى. بىرىنى بىرى چىش-
لەپ بولىۋەرگەن قىرغىنچىلىقلار سەلتەنەتلىك ئوردا - سارايلار-
نى، ھەشەمەتلىك قەلئە - قورغانلارنى، قەسىر - خانىدانلارنى
خاراب قىلىۋەتتى. ئىنسانىيەتنىڭ ئۇ بىر تۇركۈمى يارالغان
بايلىقلارنى، قورغان شەھەر - يۇرتلارنى، ئاچقان، گۈللەتكەن
يوللارنى، چاقناپ تۇرىدىغان جىمىكى پارلاق مەدەنىيەتلەرنى ئىنسا-
نىيەتنىڭ بۇ بىر تۇركۈمى ۋەيران قىلىۋەتتى.
تراگېدىيە ئۇنىڭ بىلەن تۈگىمىدى.
بۇ بىر تۇركۈم ئادەملەرنىڭ ئەجدادلارنىڭ تەۋەررۈك گۈل
ئىزلىرىنى نەپسى بالالىقا بېرىلىپ تاشلىۋەتكەن يۈزسىزلىكىگە
تەڭرىنىڭ قەھرى - غەزەپ پەيمانىسى تولغان چېغى، ئۇنىڭغىمۇ،
بۇنىڭغىمۇ يوق قىلىپ، ئۇلارنى بۇ زېمىنغا ئۇزاققىچە قايتا قەدەم
باستۇرماسلىقتەك، گويا دۇنيادا بۇنداق شەھەر - يۇرتلار، يوللار
بولۇپ باقمىغاندەك پاجىئەلىك قىسمەتكە دۇچار قىلدى، بۇ يەرنى

تارىخىي ، تراگېدىيىلىك ئاپەت باستى ، كۆھنىقاپنىڭ ھەممىنى يوق قىلىدىغان قارا بوران ، قارا قۇيۇننى قويۇپ بەردى . بۇ قارا قۇيۇن خۇددى ئۇزاق باغلاقتىن بوشانغان ئەسەبىي غالجىر مەخلۇقتەك قۇتراپ يامرىدى . ئالدىغا ئۇچرىغانلىكى جانلىق ـ جانسىز جىمىنى سۈپۈرۈپ ، ئۇچۇرۇپ سورىدى ، پەلەكتىن قۇم توپانى ياغدۇرۇپ ھەممىنى قۇمغا باستۇرۇپ يوق قىلىۋەتتى . پۈتكۈل تارىم بويلىرى ھالاكەتلىك قۇم دېڭىزىغا ئايلىنىپ كەتتى .

— بۇ قۇملۇقتا ئۇزۇلمەي چىقىپ تۇرىدىغان بوران ، قۇيۇنلار ئاشۇ قارا بورانلارنىڭ داۋامىمۇ ؟

— داۋامى دېسەك بولماس ، قالدۇقى .

شۇنداق ، ئەجدادلار بىھېساب ئەجىر ـ بەدەللەر بىلەن روياپقا چىقارغان ھەممە بايلىقنى ، ئۇلارنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرى نەپسانى-يەتچى خۇي ـ پەيلى تۈپەيلىدىن ئاپەت پەيدا قىلىپ يوق قىلىۋەت-تى . ۋاقىت ئۆتكەنچە ، بۇ يولدا چۆنتىكى پومپايغانلاردىن يىراقتى-كىلىرى بۇ يۇرت ـ ماكاننى ، بۇ يوللارنى تاشلىۋېتىپلا قالماي ، كېيىن ئىز ـ دېرىكىنى قىلىپمۇ قويۇشمىدى ، ئۇنتۇشتى ؛ يېقىن-دىكىلەر ، ھەتتا مۇشۇ ۋادىدا ياشاپ كېلىۋاتقانلاردا بولسا ئۆتمۈشى ، يىراق ئاتا ـ بوۋا ئەجدادلىرى ، ئۇلارنىڭ نام ـ ئىزلىرى توغرۇلۇق ئىشەنچلىك ھېچقانداق چۈشەنچە ، خاتىرە قالمىدى ، پەقەت تاتلىق ـ چۈچۈك ھەم ئۇزۇك ، كەمتۈك ئەپسانە — رىۋايەت تۇسى-دىكى غۇۋا ئەسلىمىلەرلا قالدى .

ئائىلىسىنى باشلاپ قۇملۇقتا كېلىۋاتقان ئەر پەقەت يىگىرمە يىلنىڭ ئالدىدا مۇشۇ قۇملۇقتا ئاتىسى بىلەن بىر قېتىم ماڭغىنى-نىلا بىلىدۇ . ئۇنىڭ ئالدىدا ئاتىسى ئۆزى ياكى باشقىلار بىلەن ماڭغانمۇ ، ماڭمىغانمۇ ، بۇنى بىلمەيدۇ .

— بۇرۇن بۇ قۇملۇقتا ئاۋات كارۋان يولىنىڭ بولغانلىقىنى تېخىمۇ بىلمەيدىكەن ـ دە .

نەپسانىيەتچىلىك ، نام ـ شۆھرەتچىلىكنىڭ ھەممىنى يوقىتى-ۋەتكەنلىكتەك ئاقىۋەت ، بۇلارنىڭ نەپسىنى قۇلۇپلىۋەتكەنمۇ ـ قان-

داق ، يېمەكلىكتە بوگوننىڭلا ، ئۆتوپ كەتسە ئەتە ـ ئىندىننىڭ غېمىنى قىلىدۇ ، ئۆتمۇشى توغرۇلۇق ئويلاپ كەتمەيدۇ .

## 2

قۇملۇق ، يەنە شۇ توگىمەس بىپايان قۇملۇق .

چوڭ ـ كىچىك ، ئەر ـ ئايال بولوپ ئۈچ جانلىق بۇ بىر ئائىلە كىشىلىرى خۇددى داڭگالىلار ئارىسىدا قىمىرلاپ يۇرگەن چۇمۇلىلەردەك چەكسىز قۇملۇقنىڭ ئېگىز ـ پەس سانسىز قۇم دۆڭلىرى ئارىلىرىدا بىر قەدەم ، بىر قەدەمدىن ئىلگىرىلەپ ئاستا مېڭىپ كەلمەكتە . ئايال بىلەن بالىنىڭ بونداق چوڭ قۇملۇقتا تۇنجى قېتىم مېڭىشى بولغاچقا ، قۇملۇقتا ئۆزلىرىدىن باشقا بىرەر جانلىقنى ، بىرەر تال خەس ـ گىياھنى كۆرمەي ، توگىمەس قۇمغا قاراۋېرىپ كۆزىمۇ ، دىلىمۇ تالدى . ئۇلار مېڭىۋاتىدۇ ، مېڭىۋاتىدۇ ، جىم ـ جىم مېڭىۋاتىدۇ ، دېيىشىدىغان گەپلىرى يوقمىكىنە بولارنىڭ .

ئۇزايىدىن قۇملۇقتىن تېزرەك چىقىپ بولساق ئىدى ، دېگەندىن باشقا بىر ـ بىرىگە دەيدىغان گەپلىرى يوقتەك .

— بوپتۇ ، زېرىكىپ قالماسلىقىڭلار ئۇچۇن سىلەرگە مەن گەپ قىلىپ بېرەي ، ئاڭلىغاچ مېڭىڭلار .

ئىنسانلارغا نەپسى بالالىق ئادەم ئاتىدىن ، قانخورلۇق ئۇنىڭ باللىرىدىن قالغان ئايەت ـ پاجىئەلىك مىراس كېسەل بولسا كېرەك . رىۋايەت قىلىنىشچە ، ئادەم ئاتا ئىبلىسنىڭ دەيدىيى بىلەن نەپسىگە هاي بېرەلمەي چەكلەنگەن مېۋىنى يەپ قويۇپ ، جەننەتنىڭ هۇزۇر ـ هالاۋىتىدىن مەهرۇم قىلىنىش جازاسىغا ئۇچراپ زېمىن يۇزىگە چىقىرىۋېتىلگەن . ئادەم ئەلەيهىسسالام زېمىن يۇزىگە ئاشۇ نەپسى بىلەن ئاياغ باسقان ، ئۆزى بىلەن ئاشۇ نەپسىنى بىللە ئېلىپ چىققان .

ئادەم ئاتىنىڭ چوڭ ئوغلى قابىل شەهۋانىي هەۋەسىنىڭ كەيند-

گە كىرىپ ، شۇ ھەۋەسنىڭ كۆشكۈرتۈشى بىلەن ئۆكسى ھابىلنى ئۆلتۈرۈپ ، يەر يۈزىدە قان تۆكۈلۈشنىڭ تۇنجى ئۇرۇقىنى چاچ-قان . يۇسۇپ ئەلەيھىسسالامنى ئۆلتۈرۈپلا جىمىقتۇرۇۋەتمەكچى بو-لۇپ چوڭقۇر قۇدۇققا تاشلىۋەتكەنلەرمۇ ئۇنىڭ ئۆز ئاكىلىرى ئى-دى . بۈيۈك رىم شەھىرىنى قۇرغۇچىلار ، بىر ئانا بۇرىنىڭ سۈتىنى تەڭ ئىمىپ چوڭ بولغان رومۇل ، رىم ئاكا - ئۇكىلار ئىدى . ھېلىقى قانلىق ئۇرۇقتىن ئۈنۈپ شاخلاپ قۇترىغان نام - شۆھرەت ، تاج - دۆلەت ھەۋىسى ۋە شەخسىيەتچىلىك تۈپەيلىدىن رىم ئۆز ئاكىسى رومۇل تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈۋېتىلگەن .

نەپسىگە ، شەخسىيەتچىلىككە بېرىلگەن ئادەم تۆگىگە ئوخشاي-دۇ . تۆگىنىڭ بوينىغا ئۆتكۈزۈلگەن چۇلۇككە ئىنچىكە شوينىنى چېگىپ ، ئۇنىڭ ئۇچىنى ئىت ، مۈشۈكنىڭ قۇيرۇقىغا چېتىپ قويۇپ ئۇنى نەگە يېتىلىسە كەينىدىن مېڭىۋېرىدۇ . ئەقلىنى نەپسى تىزگىنلىۋالغان ئادەمنىڭ بۇرنىغا نام - شۆھرەت ، تاج - دۆلەت ۋە نەپ - مەنپەئەت تامغىلىق چۇلۇك ئۆتكۈزۈلسىلا بولدى ، ئۇ ھەتتا دوزاخقىمۇ كىرىپ كېتىۋېرىدۇ .

قۇم ئاستىدا غايىب بولۇپ كەتكەن ئاشۇ يۇرت ، يول قاسناق-لىرىدا يەنىلا بۇرۇنقى بىر زامانلاردا ئىنسانلار پائالىيەت قىلغانلى-قىنىڭ شاھىتى بولۇپ ئاز بىر تۈركۈم ئادەملەر ياشاپ كەلمەكتە . بۇلار خۇددى ئەجدادلارنىڭ ئىزىنى ئىزدەۋاتقاندەك ئۇيان - بۇيان كۆچۈپ - يۆتكىلىپ تۇرىدۇ ، ئەمما ئۇ ئىزلارنىڭ نەدە ئىكەنلىكى تۇگۇل شۇنداق ئىزلارنىڭ بارلىقىنىمۇ بىلمەيدۇ ، تېخى ئۇ توغرۇ-لۇق ئويلاپ قويۇش ئۇلارنىڭ خىيالىغىمۇ كەلمەيدۇ . پەقەت تىرىك-چىلىك غېمىدە شۇ — دەريا ، كۆل ۋە ئوتلاق ، جاڭگال قوغلىشىپ كۆچۈپ يۈرىدۇ . بۇ قۇملۇق چۆلدە ئۇلارغا ئادەمنىڭ تېنىنى جۇ-غۇلدىتىپ ، يۈرىكىگە ۋەھىمە ، قورقۇنچ سېلىپ ، ئاچلىق ۋە چاڭ-قاشتىن ئۆلگەن ئادەم ۋە ھايۋانلارنىڭ ئېچىلىپ قالغان ، شامال ، قۇملار يالاپ ، جەزىرىنىڭ ئاتەش ئاپتىپى چېقىپ ئاقىرىپ كەتكەن سۆڭەكلىرى ھەرقاچان ، ھەر يەردە ئۇچراپ تۇرىدۇ . باش سۆڭەك-

لەردىكى قاغا ـ قۇزغۇنلار چوقۇپ ۋە سىزىپ قۇرۇپ كەتكەن، قاپقارا بولۇپ كۆرۈنىدىغان ھاڭدەك كۆز چاناقلار، چىشلار ھىڭگى-يىپ، دەھشەتلىك ئېچىلىپ تۇرغان ئېڭەكلەر كىشىگە ئۆلۈم ۋە-ھىمىسى سالىدۇ، لېكىن بۇ يەرنىڭ ئادەملىرى بۇنداق كۆرۈنۈش-لەرگە كۆنۈك.

— ئانا، ئانا، ئاۋۇ نېمە؟! — بالا يېنىدا كېتىۋاتقان ئانىسىدىن تۇيۇقسىز بىر نەرسىدىن قورقۇپ كەتكەندەك ئەنسىز سورىدى.

بالا ھەقىقەتەن كۆزىگە كۆرۈنگەن بىر نەرسىدىن چۆچۈپ ئۇ-نىڭغا قاراپ قالغانىدى. يېرىمى قۇمغا كۆمۈكلۈك، يېرىمى ئېچى-لىپ قالغان تالا ـ تالالىق ئاپئاق بىر نەرسە بالىنىڭ سەبىي ۋۇجۇدىنى قورۇپ قويغانىدى.

ئانا ئۇ كۆرسەتكەن تەرەپكە شۇنداق قاراپلا تەن ـ بويىنى قورقاق قاپلاپ، يۈرىكى «قارت» قىلىپ قالدى. ئايالغا بۇ كۆرۈ-نۈش شۇنچىلىك قورقۇنچلۇق، شۇنچىلىك ۋەھىمىلىك تۇيۇلۇپ كەتتىكى، يۈرىكى قاتتىق سىلىپ، چىرايىدا قان قالمىدى. ئانا ـ بالا ئىككىلىسى مىنگەن ئۇلاغلىرىنىڭ تىزگىن ـ چۇلۋۇرىنى تارتىپ قويۇپ، ئۇلاغلىرىنىڭ مېڭىشتىن توختاپ قالغىنىنىمۇ سەزمەي قېلىشتى.

ئەر يېتىشىپ كېلىپ ئانا ـ بالا ئىككىسىنىڭ تاتارغان، قانسىز چىرايىغا، ئەنسىزلىك چىقىپ ئەلەڭلەپ تۇرغان كۆزىگە قاراپ ھەيران قالدى.

— سىلەرگە نېمە بولدى، نېمىشقا توختاپ قالدىڭلار؟

ئانا ـ بالا ئىككىسى ھېلىقى نەرسىنى كۆزى بىلەن ئىما قىلىپ كۆرسەتتى.

ئەر قارىدى. دەماللىققا ئۇنىڭ يۈرىكىمۇ «قارت» قىلىپ قالدى، لېكىن ئۇ شۇئانلا ئۆزىنى تۇتۇۋالدى.

— ھە، شۇنىڭدىن قورقۇپ كەتتىڭلارما، مەن بېرىپ قاراپ باقاي، نېمىنىڭ سۆڭىكىكىن، — ئۇ شۇنداق دېدى ـ دە، كالىدىن

چوْشوْپ بوْروْندوْقنىڭ[1] تانىسىنى بالىغا توْتقوْزوْپ قويوْپ شوْ تەرەپ-
كە ماڭدى .

ئەر بىرىپ كۆردىكى ، ئوْ نەرسە ئۆلگىنىگە خېلى يىل بولغان
ئاتنىڭ قاغجىراپ كەتكەن ئىسكىلىتى ئىدى . ئوْ كۆموْلوْپ ، ئېچىد-
لىپ ، يەنە كۆموْلوْپ ، يەنە ئېچىلىپ ، شامال يالاپ ، قوْملارنىڭ
سوْركىلىشىدىن سىلىقلىشىپ ، كوْن نوْرىدا سەدەپتەك پارقىرايدى-
غان بولوْپ قالغانىدى . ئوْنىڭ كاللا ـ پاچاقلىرى قوْمغا كۆموْكلوْك
توْرغاچقا ، نىرىدىن قارىغاندا نېمىنىڭ سۆڭىكى ئىكەنلىكىنى پەرق-
لەندوْرگىلى بولمايتتى . ئانا ـ بالىغا ئوْنىڭ ئاتنىڭ سۆڭىكى
ئىكەنلىكىنى ئېيتىش كېرەكموْ ياكى باشقا بىرەر ياۋايى هايۋاننىڭ
ئىكەن دېيىش كېرەكموْ ؟ ئوْ ئەر موْشوْ ئۆمرىگىچە بىر ئېغىز يالغان
گەپ قىلىپ باقمىغانىدى . ئوْ ئويلىنىپ قالدى . موْشوْ ئاي ، موْشوْ
كوْنلەردە ئايلىنى ئايىمىسا بولمايدوْ . راست گەپ قىلسا ئايلىنىڭ
مىنگىنىموْ ئات بولغاچقا ، ئوْنى باشقىدىن قورقوْنچ باسىدوْ . بالد-
چوْ ؟ هېلىغىچە قورقوْشنىڭ نېمىلىكىنى بىلمەي ياغ ئىچىدىكى
بۆرەكتەك چوڭ بولغان سەبىي بالىنىڭ يوْمران يوْرىكى «جىغ»
قىلىپ قالسا بولمايدوْ ، بولمىسا قورقوْنچاق بولوْپ قالىدوْ . شوْڭا
ئوْ ئۆمرىدە بىرىنچى قېتىم تىلىنى قىڭغىر قىلىپ يالغان گەپ
ياسىماقچى بولدى .

— بوْ ئۆلگىنىگە كۆپ يىل بولغان بىر لوككىلىق ياۋا تۆگى-
نىڭ سۆڭىكى ئىكەن ، — قىلىۋاتقىنى پوْتوْنلەي يالغان گەپ بول-
سىموْ ، ئوْ گېپىنى ئىشەندوْرەرلىك قىلىشقا تىرىشىۋاتاتتى ، —
قاتتىق بوراندا ئەتراپىنى كۆرەلمەي موْشوْ قوْملوْققا كىرىپ قېلىپ
ئوْسساپ ئۆلگەن چېغى . ئوْ هايۋان ئەمەسموْ ، بىز ئادەم ، هايۋانغا
ئوخشىمايمىز . بىز نەگە بارىدىغانلىقىمىزنى ، قانداق مېڭىشنى ،
يولدا نېمىلەر لازىم بولىدىغانلىقىنى بىلىمىز . ئىچىدىغان سوْيد-
مىزنى مەنزىلىمىزگە بارغوْچە يېتىپ ئاشقوْدەك ئېلىۋالدوْق . هاي-
ۋانلار بوْنداق قىلىشنى بىلمەيدوْ . ئۆلگەن هايۋانلارنىڭ بوْنداق

---

① بوْروْندوْق -- كالىنىڭ بوْرنىغا ئۆتكوْزوْپ قويىدىغان ياغاچ ياكى شوينا .

سۆڭەكلىرى بۇ قۇملۇقنىڭ ھەممە يېرىدە بار ، قورقماڭلار ، — دېدى .

كېيىنكى جۈملىنى ئۇ : «ئات بولغانىكەن ، چوقۇم ئۇنىڭ ئىدگىسى بولىدۇ . ئۇمۇ ئۆلگەن بولسا ، جەسەت سۆڭىكى ئۇچراپ قېلىشىمۇ مۇمكىن» دېگەنلەرنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزۈپ ئانا - بالىنىڭ كۆڭلىنى تىندۇرۇپ قويۇش ئۈچۈن ئەتەي قوشۇپ قويدى . يالغان گەپنىڭ ئۇنۇمى بولدى . ئانا - بالىنىڭ جۇغۇلداپ تۇرغان تېنى قورقۇشتىن توختىدى ، يۈرىكى جايىغا چۈشتى .

ئۇلار يولىنى داۋاملاشتۇردى . بۇ قېتىم ئەر ئانا - بالىنىڭ كەينىدە ئەمەس ، ئالدىدا ماڭدى . ئۇ بۇنداق قىلىشتا ئۆزى ئويلىغاندەك ئۇچراپ قېلىش ئېھتىمالى بولغان بەزى قورقۇنچلۇق كۆرۈنۈشلەرنى نەزەردە تۇتقانىدى . ئۇلار خېلى ماڭدى . ئايال ئۆزىنى ھەرقانچە تەمكىن تۇتاي دېسىمۇ ، بايىقى كۆرۈنۈش كۆز ئالدىغا كېلىۋېلىپ كۆڭلىنى غەش قىلىپ خىيالىنى چېچىپ تۇراتتى . ئۇ خىيالىنى يىغىپ ، كۆڭلىدىكى ئەنسىزلىكنى چىقىرىۋېتىش ئۈچۈن ئەتراپىغا — چەكسىز قۇملۇققا ، ھەربىر قۇم دۆۋىسىنىڭ چوڭ - كىچىكلىكىگە ، ئېگىز - پەسلىكىگە ، شەكلىنىڭ ھەر خىل ھەم ئاجايىپلىقىغا ، قۇم دۆۋىلىرىنىڭ ئەڭ تۆپىسىدىن تاكى يامزىلىغىچە قىرقىپ - ياساپ قويغان ئاتىنىڭ يالىدەك تەكشى سوزۇلغان قىرلىق كۆرۈنۈشلەرگە ھەيرانلىق بىلەن كۆز يۈگۈرتۈپ ماڭماقتا ئىدى . ماھىر رەسسام ياكى ئۇستا نەققاشنىڭ نەپىس ئەسىرىگە ئوخشاپ كېتىدىغان بۇ ئاجايىپ كۆرۈنۈشلەر ھەقىقەتەن ئادەمنىڭ ئەقلىنى لال قىلاتتى .

«ئېشەك ھارسا يەرگە قارايدۇ ، ئادەم ھارسا يىراققا» دېگەندەك ، ئۇلار پات - پات چەكسىز قۇملۇقنىڭ يىراق چېتىگە قاراپ - قاراپ قوياتتى . ئۇلار ئېگىز بىر قۇم دۆۋىسىنىڭ قىرلىق دوقمۇشىدىن ئەگىلىشىگە ، قورسىقىنىڭ يۇقىرى قىسمى ئېچىلىپ قالغان ئادەم جەسىتىنىڭ ئۇستىخىنى كۆزلىرىگە چېلىقىپ قالدى . قۇرۇق قاقشال جەسەتنىڭ ئۆزىدىن كۆرە چىشلىرى ، ھىڭگىيىپ

تۇرغان ئاغزى بىلەن چوڭقۇر كاماردەك كۆرۈنىدىغان كۆز چانىقى بەك ۋەھىمىلىك ئىدى . ئەر بايا ئالدىن بېشارەت بېرىپ قويغاچقا ، ئانا ـ بالا «تۆگە» ئىسكىلىتىنى كۆرگەندىكىدەك ئانچە قورقۇپ كەتمىدى .

— بۇ بايىقى «ياۋا تۆگە»نى قوغلىشىپ مۇشۇ قۇملۇققا كىرىپ قېلىپ ئاچلىق ۋە ئۇسسۇزلۇقتىن ئۆلۈپ قالغان پولگاننىڭ[1] جەسەت ئۇستىخىنى ئوخشايدۇ ، — ئەر شۇنداق دېدى ـ دە ، كالىدىن چۈشۈپ قۇرۇق جەسەتنىڭ يېنىغا بېرىپ ئىككى قولى بىلەن قۇملارنى ئىتتىرىپ ئۇنى كۆمۈۋەتمەكچى بولدى . ئانىنىڭ ئىشارىتى بىلەن بالىمۇ ئېشەكتىن چۈشۈپ بېرىپ ئۇستىخاننى كۆمۈشكە ياردەملەشتى .

— ماڭغان يولىمىز توغرىمۇ ؟ — ئەر ئۇستىخاننى كۆمۈپ بولۇپ قايتىپ كېلىپ كالىغا مىنىپ بولغاندىن كېيىن ، ئايال ئۇنىڭدىن سورىدى . ئاۋازىدىن ئايالنىڭ خاۋاتىرلىنىۋاتقانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى .

— مۇشۇ ئارىلىقتا توغرىسىغا ئاققان بىر ئېقىن بولىدىغان ، ئۇنى قۇم بېسىپ كەتكەن ئوخشايدۇ . مېنىڭچە ، ماڭغان يولىمىز توغرا ، — دېدى ئەر .

— دەريا بار ئىدى دەيسەن . دەريا بولسا ئەتراپىدا دەل ـ دەرەخ ، ئاز ـ تولا ئوتلاقمۇ بولمامدۇ . يىگىرمە يىل ئىچىدە ھەممىسى يوقاپ كېتەمدۇ ؟

— ئاتامنىڭ ئېيتىشىچە ، ئۇ مېنى باشلاپ ماڭغان چاغدا ئېقىن بولغان بىلەن ، ياش چېغىدا بۇ يەردىن ئۆتكىنىدە ئېقىن يوق ئىكەندۇق ، — دېدى ئەر .

بۇ قۇملۇقتا تارماق كېچىك ، قىسقا ئېقىنلار پەيدا بولۇپ ، يەنە يوقىلىپ تۇرىدىغان ئەھۋال دائىم كۆرۈلۈپ تۇرىدىغان ، بۇنداق ئىشنى ئۇمۇ كۆپ ئاڭلىغان بولغاچقا ، ئايال ئەرنىڭ گېپىگە ئەجەبلىنىپ كەتمىدى .

---

[1] پولگان — پالۋان .

بۇ قۇملۇق ئادەملىرى بىلگەنلەر بىلمىگەنلەرگە ، چوڭلار كىچىكلەرگە ، قورقۇمسىزلار قورقاقلارغا ئەنە شۇنداق تۇرلۇك ۋاسىتىلەر بىلەن ئۆگىتىش ، كۆندۈرۈش ئارقىلىق بىر - بىرىنىڭ كۆڭلىنى تىندۇرۇپ ، چۆل - جەزىرىنىڭ جاپا - مۇشەققىتى ۋە دەھشىتى ئالدىدا توغراقتەك بەردەم - قورقماس ، چىداملىق بولۇپ كېتىدۇ .

## 3

كالىغا مىنىۋالغان قويۇق قوڭۇر ساقاللىق ، شالاڭ ئەمما ئۇزۇن قاشلىق ، قوي كۆزلۈك ، يالپاق يۈزلۈك كىشى مۇشۇ ئۈچ جانلىق ئائىلىنىڭ بېشى . يېشى قىرىقتىن سەل ئاشقان بۇ كىشىنىڭ بېشىدىكى ئېگىز تۆپىلىك قۇيما كىگىز قالپىقى بىلەن پۈتىدىكى پەس ، نېپىز پاشنىلىق ، يۇلغۇن چېچىكى رەڭلىك يۇمشاق كۆن ئۆتۈكى خېلى زامان بۇرۇنقى ئەجدادلىرىمىزنىڭ سىيماسىنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرسە ، ئۇچىسىدىكى بوز جاۋا[1] كەمزۇلى ، جاۋا ئىشتىنى ۋە زاڭزاق سۆڭىكى بۆرتۈپ چىقىپ تۇرغان مىس رەڭ چىرايى ئۇنىڭ قۇملۇق ئوغلانى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپلا تۇرىدۇ . توغراق كۆتىكىدەك بەستلىك بۇ كىشىنى كالا پۇشۇلداپ ئاران كۆتۈرۈپ ماڭماقتا . ئات «ئەر قانىتى» بولسىمۇ ، يۈك كۆتۈرۈشچانلىقتا كالىغا يەتمەيدۇ ، ئىسسىققا چىدامسىز ، كالا ئىسسىققىمۇ ، سوغۇققىمۇ چىداشلىق . ئات قىسقا ئارىلىققا تېز بېرىپ - كېلىشتە ياخشى ھەمراھ ، ئەمما قۇملۇق ئادەملىرى يەنىلا كالىنى جانغا يېقىن دەپ قارايدۇ .

ئاتلىقى كالا مىنىۋالغان مۇشۇ قۇملۇق ئوغلانىنىڭ ئۆمۈرلۈك ھەمراھى . بېشىغا كىيىۋالغان يۇمىلاق قاسقانلىق كۆرپە تۇمىقى بىلەن يۈڭ ۋە تورقا[2] تالاسى ئارىلاش توقۇلغان سىپتا چەكمەندىن

① جاۋا - پالاس تىپىدىكى بىر خىل توقۇلما .
② تورقا - ياۋا كەندىرنىڭ سوپەتلىك بىر تۈرى بولۇپ ، پۇتاقسىز ئۆسىدۇ ، تالاسى يىپەكتەك يۇمشاق .

بۆرەك ياقىلىق قىلىپ تىكىلگەن ، ئىككى تەرىپىدە چېكى بار ،
يەڭ ، پەشلىرىگە جىيەك تۇتۇلغان ئۇزۇن چاپىنى ، پۇتىدىكى باش-
لىقىنىڭ ئىككى تەرىپىگە كىچىك چىشلىق گۈل ئويۇلغان يۇمشاق
شىۋان[1] ئۆتۈكى بۇ ئايالنى خېلى ئىسكەتلىك كۆرسىتىپ تۇراتتى .
ئايالنى ئېرى بىلەن ئىشەكلىك ئون ياشلىق بالا قوغداپ ماڭغاندەك
ئوتتۇرىغا ئېلىپ كەلمەكتە . بالىمۇ ئاتىسىغا ئوخشاش بوز جاۋادىن
يارىشىملىق ئىشتان - چاپان كىيگەن بولۇپ ، پۇتىغا يۇڭ ، كەندىر
تالاسى ئارىلاشمىسىدا توقۇلغان پايپاق ئۈستىدىن چورۇق كىيىۋال-
غان . بۇلار ئۈچ كالا بىلەن ئىككى ئىشەكنى ئالدىغا سېلىۋالغان .
كالىلارنىڭ ھەربىرىنىڭ ئىككى تەرىپىگە تال چىۋىقلىرى ئارىلاش
قىرچىن قىپچىلىرىدا ئېگىز قىلىپ توقۇلغان سېۋەتتىن بىردىن
ئارتىپ ، ھەربىر سېۋەتكە بىردىن قوي سالغان ، بىر ئىشەكنىڭ
ئىككى يېنىغا يەنە شۇنداق سېۋەتتىن بىردىن ئىككىنى ئارتىپ ،
ھەربىر سېۋەتكە بىردىن ئۆچكە سالغان ، يەنە بىر ئېشەك بىلەن
كالىغا ئائىلە بىساتلىرى بىلەن ئائىلە ھۈنەرۋەنچىلىكىگە كېرەكلىك
سايمان - جابدۇقلار ئارتىلغان . لوپلۇقلار ئادەتتە يۇك قىلىپ
ئېھتىياجىدىن ئارتۇق بىسات يىغمايدۇ ، بۇ ئائىلىنىڭمۇ ھەممە
بايلىقى ، بار - يوق بىساتى مانا شۇ .

— ئايقۇت ، قانداقراق تۇرىسەن ، بىرئاز ئارام ئالالىمۇ ؟ —
دەپ سورىدى ئېرى ئالدىدا كېتىۋاتقان خوتۇنىدىن .

— ئوبدان تۇرىمەنغۇ ، مېڭىۋېرەيلى ، — ئايال شۇنداق دەپ
بولۇپ ، ئالدىدىكى بالىدىن :

— توختاق ، قورسىقىڭ ئاچتىمۇ ، ئۇسسىدىڭمۇ ؟ — دەپ
سورىدى .

— ئۇسسىمىدىم ، قورسىقىممۇ ئاچمىدى ، ئانا ، — دەپ جا-
ۋاب بەردى بالا .

بالىنىڭ ئەسلىي ئىسمى توختى بولۇپ ، ئۇلارنىڭ ئۆز بالىسى

---

[1] شىۋان -- ئۆتۈكنىڭ بىر تۈرى ، مەسىدەك يۇمشاق بولىدۇ ، پاشنىلىق ، پاشنىسىز تىكىلى-
دۇ .

ئەمەس .

ئايقۇت توي قىلىپ ئون يىلغىچە ئىرىگە پەرزەنت يۈزى كۆرسىتەلمىدى . بۇنىڭ ئۈچۈن ئىرىنىڭ ، قېيناتا - قېينانىسىنىڭ ئالدىدا ئۆزىنى قانداقتۇر بىر يېرى كەم ، بىجىرىم ئايال ئەمەستەك گۇناھكار ھېس قىلىدىغان بولۇپ قالدى ، گەپ - سۆزىمۇ ، كۆلكىسىمۇ ئازلىدى . بۇنىڭغا ئىرى بىلەن قېيناتىسى «تەڭرىنىڭ پۈتكىنى شۇنداقتۇ» دەپ قارىسىمۇ ، قېينانىسى چىرىغىنى يورۇتىدىغان بىرەر پۇشتىنىڭ بولماي قېلىشىدىن كۆڭلى يېرىم بولاتتى ، ئەنسىرەيتتى . ھەرقانچە بىلدۈرمەي دېسىمۇ ، ئەنسىرىشى كۆڭلىنىڭ ئەينىكى بولغان كۆزىدە شولا چېچىپ تۇراتتى . بۇنداق چاغلاردا ئايقۇت ئىچ - ئىچىدىن ئازابلىناتتى . بىراق ، بۇ قومۇلۇق كىشىلىرىنىڭ ، بولۇپمۇ بۇ ئۇرۇق - جەمەتنىڭ خوتۇن قويۇپ بېرىپ چاڭگا بۇزىدىغان ئىشنى قاتتىق ئالدىغانلىقىنى ئويلىغىنىدا كۆڭلى خاتىرجەم بولاتتى ، ئازابلىق دىلىغا تەسەللى تېپىپ ، غەمدىن خالاسلانغاندەك بولاتتى .

ئايقۇتلار توي قىلىپ سەككىز يىلدىن كېيىن بوۋاي بىلەن موماي بىر يىلنىڭ بېشى بىلەن ئاخىرىدا بىر - بىرىگە تارتىشقاندەك كەينى - كەينىدىن كۆز يۇمۇپ كېتىپ قالدى . ئايقۇتنىڭ ئۈيىچە ، ئۇلار نەۋرە يۈزى كۆرەلمەي ، ئارزۇ - ئارمانىغا قانماي كۆزى ئوچۇق كەتكەندى . بۇ ئىش ئۇنى بەك ئازابلىدى . ئارىدىن ئىككى يىل ئۆتتى . بىر كۈنى ئايقۇت ئىرىگە :

— بىز توي قىلغىلى ئون يىل بولدى ، مەن ساڭا بىرەر بالا تۇغۇپ بېرەلمىدىم . مەن مۇشۇنداق سالتاڭ ئۆتۈپ كېتىدىغان ئوخشايمەن . بالىسىز ئۆي ئادەمسىز چۆلگە ئوخشايدىكەن . سەن ئۇۋۇغا چىقىپ كەتسەڭ ، كۆلگە كىرىپ كەتسەڭ ، مەن ئۆيدە سايىدىكى چاچاقتەك[1] يالغۇز قالىدىكەنمەن . بۇ ماڭا بىر ئازاب ئىكەن ، خالىساڭ مەن ئۆيۈڭنىڭ ئىش - كۈشىنى قىلاي ، يەنە بىر خوتۇن

---

[1] چاچاق — قومۇلۇقتا ئەللىك سانتىمېتىر ئېگىزلىكتە ئۆ يەر ، بۇ يەردە ئۆنۈپ قالىدىغان سايغان قومۇش .

ئېلىپ باقامسەنيا ، — دېدى .

بۇ ، ئايقۇتنىڭ ھەسرىتى ، نادامىتى ئىدى . ئۇ ئاغزىدا گەپ قىلىۋاتقىنى بىلەن ئىچىدە يىغانلىق يىغلاۋاتاتتى ، يىغىسى ئىچىگە پاتماي تېشىپ ، كۆز چانىقى لۆممىدە ياشقا تولغانىدى .

ئەر - خوتۇن ئىككىسى تاپىنى يەر دەسسەپ ماڭغان چاغلىرىدىن باشلاپلا بىرگە ئويناپ چوڭ بولغان . ئۇلار بالىلىق چاغلىرىدا ئاكا - سىڭىلدەك ئۆتۈشتى ، قۇرامىغا يەتكەندە ، ئۆزلىرى ھېس قىلىپ باقمىغان قانداقتۇر بىر خىل تۇيغۇنىڭ تەسىرىدە بىر - بىرىدىن تارتىنىشىدىغان ، ئىلگىرىكىدەك چاقچاقلىشىپ ، قول تۇتۇشۇپ ئوينىمايدىغان بولۇپ قېلىشتى . بۇنىڭ سىرىنى ئۇلار كېيىن بىلىشتى . ئۇلار بىر - بىرىنى قانچىلىك ياخشى كۆرۈپ قېلىشقىنىنى ، بىر - بىرىدىن ئايرىلالمايدىغانلىقىنى ، بىر كۈن كۆرۈشەلمەي قالسا چىدىشالمايدىغانلىقىنى ، يۈرەكلىرىنىڭ سېغىنىش ئوتىدا پۇچىلىنىپ ئازابلىنىدىغانلىقىنى تونۇپ يېتىشتى . ئىككىسىنىڭ بۇ ھالىنى ئۇلارنىڭ ئاتا - ئانىلىرىمۇ ھېس قىلىشتى ، پەم قىلىشتى ، ئۆزئارا پىچىرلىشىشتى ، خۇش بولۇشتى . بۇ ئىككى ئائىلە كىشىلىرى بىر ئائىلە ئادىمىدەك بارنى تەڭ تالىشىپ ، يوقتا تەڭ غەم يېيىشىپ يېقىن ئۆتۈشەتتى . شۇڭا ئادەت رەسمىيەتلىرىگە يېپىشىۋالماي ، قۇتلۇق كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئەل - مەھەللىگە داستىخان سېلىپ ئىككىسىنىڭ تىنىقلىرىنى قوشۇپ قويۇشقانىدى . ئۇلار تويدىن كېيىنمۇ بالا چاغلىرىدىكىدەك بىر - بىرىنىڭ ئىسمىنىلا ئاتىشىپ ، «سەن» دېيىشنى داۋاملاشتۇرۇۋەردى . «سەن» ئۇلارنى سەبىي بالا چاغلىرىغا ، گۈزەل ياشلىق چاغلىرىغا قايتۇرۇپ ، قوغلىشىپ ئويناشقانلىرىنى ، پىخىلدىشىپ كۈلۈشكەنلىرىنى ، پىنھانلاردا پىچىرلاشقانلىرىنى ئېسىگە سېلىپ تۇراتتى . «سەن» ئۇلارنى بىر - بىرىگە تېخىمۇ يېقىنلاشتۇرۇپ تۇرىدىغان يېقىملىق ، يېقىشلىق ، سۆيۈملۈك سۆز . شۇڭا ئۇلار بۇنداق ئاتاشنى ھازىرغىچە داۋاملاشتۇرۇپ كەلدى ، بەلكى ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە تاشلىمايدىغانلىقىنى ھەر ئىككىسى خۇددى قەسەم

قىلىشقاندەك ئېنىق بىلىشەتتى .

— نېمىلەرنى دەيدىغانسەن ، ئاي ، ساڭا ئاتىۋەتكەن يۈرىكىمنى ئىككىگە بۆلۈپ ، يېرىمىنى باشقا بىرىگە بېرىشنى كۆڭلۈم كۆتۈرەرمۇ ؟ — دېدى ئېرى ئايالىنىڭ كۆزىگە قاراپ تۇرۇپ .

— ئۇماق !

ئايقۇت ئۆزىنى ئېرىنىڭ قۇچىقىغا ئېتىپ ئۇنى چىڭ قۇچاقلىدى ، بېشىنى مەيدىسىگە قويۇپ ئىچ ـ ئىچىدىن بۇقۇلداپ يىغلاپ كەتتى . ئۇ يىغلايتتى ، يىغلاپ تۇرۇپ : «ئۇماق ، ئۇماق ، جانىم ساڭا ، جانىم ساڭا !»لا دەيتتى ، باشقا سۆز ئاغزىغا كەلمەيتتى . شۇ تاپتا ئۇنىڭ ۋۇجۇدى ئېرىنىڭ سۆزىدىن لەرزىگە كېلىپ باھارنىڭ لەرزان شامىلىدا يەلپۈنگەن يۇمران يوپۇرماقتەك تىترەيتتى . ياق ، بۇ ئۇنىڭ تېنىنىڭ تىترىشى ئەمەس ، يۈرىكىنىڭ خۇشاللىقتىن دۈپۈلدەپ سوقۇشى ئىدى . كۆز ئاسمىنىدىن باھار يامغۇرىدەك تۆكۈلۈۋاتقان يېشى ئېرىنىڭ ئېتىكىنى نەم قىلىۋەتتى . ئېرى ئۇنى باغرىغا چىڭ بېسىپ ، بىر قولىنىڭ ئالىقىنىنىڭ ئۇچىدا مۇرىسىگە يېنىك ـ يېنىك ئۇرۇپ قوياتتى . مۇشۇنىڭ ئۆزىلا ئايقۇتنىڭ كۆڭلىنى خاتىرجەم قىلىدىغان ئەڭ سۆيۈملۈك ، ئەڭ كۆيۈملۈك ، شۇنداقلا ئەڭ ئىشەنچلىك تەسەللى ئىدى .

— كۆڭلۈڭنى يېرىم قىلما ، چىرىغىمىزنىڭ يېنىقسىز قېلىشىدىن ئەنسىرىسەڭ بىر بالا بېقىۋالساقلا بولىدۇغۇ . قوشنىمىزنىڭ كەنجى بالىسى توختىنى سوراپ كۆرەيلى ، — دېدى ئۇماق .

— راستىما ، شۇنداق بولىدىغان بولسا ، ئۇ بالىنى سېنىڭ پۈشتۈڭدەك ، ئۆز باغرىمدەك كۆرۈپ باقىمەن ، — دېدى ئايقۇت ئېرىگە قاراپ . شۇ تاپتا ئۇنىڭ كۆزى مەمنۇنلۇق ۋە خۇشاللىقتىن نۇرلىنىپ كەتكەنىدى .

— مەن ھازىرلا كىرىپ سوراپ باقاي ، بەرسە ياخشى ، بەرمىسە باشقا يولىنى قىلارمىز .

— مەنمۇ كىرەي ، ئىككىمىز بىللە كىرەيلى . بالا مېھرىدىن كېچەلمىسە ، مەن يىغلاپ تۇرۇپ يالۋۇرىمەن . بەش بالىدىن بىرەر-

سىنى بېرەر ، — دېدى ئايقۇت بۇ ئىشنى شۇ تاپتىلا ھەل قىلمۇۋې-تىشكە ئالدىراپ .

قوشنىسىمۇ بالىسىز بۇ ئەر - خوتۇنغا ، بولۇپمۇ ئايقۇتقا ئىچ ئاغرىتىپ يۈرەتتى ، كۆڭلىدە ئۇلارغا بالا تىلەيتتى ، لېكىن ئۆزلى-رىدىن بالا سوراپ قېلىشنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈشمىگەنىدى . ئويلىمىغان يەردىن ئۇلاردىن بالا سوراپ قالدى ، قوشنىلار تەڭلىك-تە قالدى . قانداقلا بولمىسۇن بىرنېمە دېيىش كېرەك . بۇ قوشنى-لارغا ئۇماق بىلەن ئايقۇت كۈندۈزدىكى كۈن ، كېچىدىكى ئايدەك ئايان ، ئۇلار باغرى بېلىق قورسىقىدەك يۇمشاق ، كۆڭۈللىرى ئۆجۈلدەك[1] يېپىشقاق ياخشى ئەر - خوتۇن ، بېقىۋېلىشقا بالا بەر-سە ، ئۆز پۇشتىدەك كۆرۈپ باقىدۇ ، كۆيۈنىدۇ . بۇ تەرىپىدە گەپ يوق ، ئىشەنچلىك ، ئەمما بالىنىڭ ئوتىچۇ ، ئۇلار چىدالارمۇ ، بو-لۇپمۇ بوۋاقلىقتىن ئۆتۈپ پاخلانىدەك قىيغىتىپ ئويىنايدىغان ، كەمتۈك - چۆچۈك تىلىدا چۈڭۈلداپ سۆزلەيدىغان بولغان بالىنىڭ مېھرى ئوتىغا نېمە تەڭ كېلىدىكىن . بۇنداق چاغدىكى بالىنىڭ ئوتى ساپ ماگنىتتەك تارتىملىق بولىدۇ . ئۇنىڭدىن ئايرىلماق ، ئايرىل-غانغا چىدىماق تەس ھەم ئېغىر ، لېكىن ھېسداشلىق ، قوللاش ، ئىشەنچ بولغانىكەن ، تەسنى ئاسانلاشتۇرغىلى ، ئېغىرنى يەڭگىللەت-كىلى بولىدۇ ...

ئۈچ ياشلىق بالا ئۆز ئاتا - ئانىسىنى سېغىنىدۇ ، ئەمما بۇ بالىلىق سېغىنىش ، يېتىلمىگەن سەبىي سېغىنىش . بەش - ئالتە ئاي ، كۆپ بولسا بىر يىل ئۆتسىلا ئاستا - ئاستا ئۆز ئاتا - ئانىسىنى ئۇنتۇپ ، يېڭى ھامىيسى — يېڭى ئاتا - ئانىسىغا ئۆگى-نىپ قالىدۇ . ئەمما ئاتا - ئانا بولسا ئۆز بالىسىنى ئۇنتۇيالمايدۇ . «ھەر بالىنىڭ ئوتى باشقا» ، ئالدىدا تۆت بالىسى تۇرسىمۇ ، ئۇلار باشقىلار «تارتىۋالغان» بالىسىغا چىدىمىدى ، بولۇپمۇ بالىنىڭ ئۆ-

---

① ئۆجۈل — يېكەن توزغىقىنىڭ يېڭى چىققان ۋاقتىدىكى چېچىكى . نەمسال ، مايلىشاڭغۇ . يېپىشقاق بولىدۇ ، 6 - ئايدا يىغىۋېلىنىدۇ . يېيىپ قۇرۇتۇلغاندىن كېيىن بېلىق يېغى ۋە غاز ، ئۆردەك ، توخۇ تۇخۇمىنىڭ سېرىقى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ قورۇۋېلىنىدۇ . بۇ ئۆجۈل تالقىنى دېيىلى-دۇ . بەش جانلىق ئائىلىگە بىر خالتا ئۆجۈل تالقىنى بىر يىل يېتىدۇ . بەرىكەتلىك ھەم ئوزۇقلۇق قىممىتى يۇقىرى ، بىر چىنە ئىچىۋالسا ، كەچكىچە قورساق ئاچمايدۇ .

لارنىڭ كۆز ئالدىدىلا باشقىلارنى : «ئاتا ، ئانا» دەپ چاقىرىپ ، ئۆزلىرىگە يات كىشىنى ئاتىغاندەك ئاتاپ گەپ قىلىشلىرى ئۇلارغا بەك هار كەلدى ، ئېغىر تۇيۇلدى ، چىدىيالمىدى . «كۆزىمىز كۆرمىسە ئۇنتۇپ كېتەرمىز» دېيىشتى ـ دە ، نەچچە قۇملۇق نېرىسىدىكى يىراق بىر جايغا كۆچۈپ كەتتى .

ئايقۇت بالىنى بېقىۋالغان كۈندىن باشلاپ قېيناتىسى ھەم ئېرىنىڭ ئىسمىغا ئاھاڭداش قىلىپ «توختاق» دەپ ئاتىغانىدى ، بۇ ئەركىلەتمە ئىسىم ئۇنىڭغا سىڭىپ قالدى . ئوماقمۇ ، باشقىلارمۇ شۇنداق ئاتايدىغان بولدى .

ئايقۇت ئېيتقاندەك ، ئۇلار توختىنى بېقىۋېلىپ توققۇز يىلدىن سەل ئۆتكەندە ھېكمەتتەك كارامەت بىر ئىش بولدى — ئايقۇتنىڭ ۋۇجۇدىدا بىر جان ئاپىرىدە بولدى ! بۇنىڭغا ئۇلار دەسلەپ ئىشەنمەيلا قالدى ، ھەتتا ئايقۇتنىڭ ئۆزىمۇ ئىشىنىشنى ياكى ئىشەنمەسلىكنى بىلمەي قالدى . ئىشەنمەي بولمايتتى ، بۇ راست ئىدى ، بۇ ھەر ئىككىسىنىڭ ئۆزىگە ئايان ئىدى . بۇ ئۇلارنىڭ مۇھەببىتىنىڭ ، بىر ـ بىرىگە بولغان ئىخلاس ، ئېتىقادىنىڭ مېۋە بىخى ئىدى . كۈن ـ ئايلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئايقۇتنىڭ بويى روشەن ئېغىرلىشىپ باردى .

## 4

ئۈچ كىشىلىك بۇ بىر ئائىلە كۆچمەن يولۇچىلار سەپىرىنىڭ بۈگۈن تۆتىنچى كۈنى ، ئۆتكەن ئۈچ كۈندە تەڭرى ئىلتىپات قىلدىمۇ ، ئەيتاۋۇر ئۇلار تىلىگەندەك ھاۋا شامالسىز ، ئوچۇق بولدى ، لېكىن «جىملىق — سۈرلۈك» دېگەندەك ، ئىنس ـ جىنسىز بۇ پايانسىز قۇملۇق دالىنىڭ جىمجىتلىقى كىشىگە گۆرىستان جىمجىتلىقىدەك بىر خىل سۈرلۈك بىلىنىپ ، كىچىككىنە ، ئانچىكى «شىر» قىلغان ئاۋازمۇ كىشىنىڭ تېنىنى شۈركۈندۈرەتتى . بۈگۈن كۈننىڭ تەرى چۈشكە ئۇلاپلا سەل بۇزۇلۇپ ، ئەلپازىدىن شامال

چىقىدىغاندەك بوزىرىشقا باشلىدى. قۇملۇقنىڭ شامال - بورىنىنىڭ دەھشىتى ئۇماققا تونۇش، ئەمما ئايقۇت بىلەن توختاق قۇملۇق ئىچكىرىسىنىڭ شامال - بورىنىنى كۆرۈپ باقمىغان، ئوخشاش سۈرئەتتىكى شامالنىڭ مەھەللە ئىچىدىكى سۈرى بىلەن كەڭ قۇملۇقتىكى سۈرى ئوخشىمايدۇ. قۇملۇقتا دالدىلانغۇدەك يەر يوق. ئۇماق ئايالى بىلەن توختاقتىن ئەنسىرەپ قالدى. ئايقۇت ئېغىر بوي، ئاي - كۈنىمۇ يېقىنلىشىپ قالغان، توختاق بولسا كىچىك، خۇدا بەرگەن ئامانەت بالا، ھەرقانداق ئەھۋالدىمۇ بۇ ئامانەتنى ياخشى ساقلاش كېرەك.

ئۇماق ئاتىسى بىلەن ئۇۋچىلىق قىلىپ يۈرۈپ، ئۇ تەرەپتە لوپ كۆلىنىڭ نېرىسىغىچە، بۇ تەرەپتە كۇزلەك، چارا، مىرسالى، قارچىغا، تۆۋەن تەرەپتە قارادايغىچە نەچچە قېتىم بارغان، يۇقىرىسى سىڭگىر تاغلىرىغىچىمۇ بارغان. شۇ جەرياندا دادىسىدىن ئىزچىلىقنىمۇ، ھاۋا رايىنى كۆزىتىشنىمۇ ئۆگىنىۋالغان، ئېزىپ قېلىشتىن ئانچە قورقۇپ كەتمەيدۇ. لېكىن، ئۇ بۇ ئەتراپتىكى يېقىن - يىراق ماڭا بەش بارمىقىمدەك تونۇش دېگىنى بىلەن، ئۇنىڭ بۇ يەر بىلەن تونۇشقىنىغىمۇ كۆپ يىللار بولدى، بۇ جەرياندا بۇ قۇملۇقتا ئۆزگىرىش بولىدىغان - بولمايدىغانلىقىمۇ ئۇنىڭغا شۇنچە ئايان. شۇڭا ئۇ يەنىلا ئايقۇت بىلەن توختاقتىن ئەنسىرىمەكتە.

— توختاڭلار!

تېخى بايىلا ئات - ئېشەكلىرىگە مىنىشىپ يولغا چىققان ئايقۇت بىلەن توختاق نېمىشقا توختايدىغانلىقىغا ھەيران قېلىشىپ ئۇماققا قاراشتى. ئۇماق كالىدىن چۈشتى، بۇرۇندۇقنى توختاققا تۇتقۇزۇپ قويۇپ گەپمۇ قىلماي ئېگىز بىر قۇم دۆۋىسىگە قاراپ ماڭدى. ئايقۇت شۇ چاغدىلا ئېرىنىڭ نېمىنى ئويلىغىنىنى بىلدى. ئۇ ئۆزلىرىنىڭ نەگىچە كەلگەنلىكىنى، يەنە قانچىلىك ماڭىدىغانلىقىنى بىلمەكچى. ئۇماق قۇم دۆۋىسى ئۈستىگە چىقتى، دەسلەپ تۆت تەرەپكە قارىدى. تۆت تەرەپ ئوخشاش چەكسىز قۇملۇق.

خۇددى بىلىق قاسىراقلىرىدەك بىر - بىرىگە مىنگىشىپ كەتكەن دۆڭ - دۆمبەللەر گويا تـەڭرى مـۇشۇ زېمىن يـۈزىگە چەككەن ئويما - قاپارتما نەقىشتەك كۆرۈنەتتى . قۇملۇق بولسىمۇ ، ئۆز رەڭگى ، ئۆز شەكلى بىلەن گۈزەل . ئوماق تۆپە تەرەپكە ئۇزاق قارىغاندىن كېيىن ، بىنەپشە رەڭ گىرىمسەن پەردىنىڭ نېرىسىدا سۇس - غۇۋا كۆرۈنگەن بىر تاغنى ئىلغا قىلدى . ئۇنىڭغا كۆرۈنگەنى ئاتمىشبۇلاقنىڭ كۈنپېتىش شىمالىدىكى تاغ ئىدى . ئۇ ئاتىسى بىلەن ئوۋغا بارغان قۇرۇق تـاغ شۇ ئىدى . «يولـىمىز توغىرا ئىكەن ، — دەپ ئويلىدى ئۇ ، — ئابدال دەل ئۇنىڭ ئۇدۇل تۆۋەن تەرىپىدە ، كۆپ بولسا يەنە ئۈچ كۈن ماڭساق يېتىپ بارىمىز» . ئوماق مەنزىلنىڭ يىراقلىقىدىن ئەمەس ، سۇنىڭ تۈگەپ قېلىشىدىن ئەنسىرەيدىغان بولۇپ قالدى ، چۈنكى ئۇ بۇرۇن كۆرگەن ئېقىن هازىر قۇرۇق بولۇپ چىقتى . ئوزۇقلۇق تۈگەپ قالسا ئۇنىڭ كارى چاغلىق ، ئۇۋلىغۇدەك قۇملۇق هايۋانلىرىدىن بىرەرسى ئۇچراپ قالسا مەسىلە هەل بولىدۇ ، سۇ تۈگەپ قالسا پات - ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان ، يەنە كېلىپ بۇنداق ئىچكىرى قۇملۇقتا ئۇنىڭ يولىنى قىلماق تەس . بايا ئوماق تۇلۇملارنى تەكشۈرۈپ كۆرۈۋىدى ، بىرەر ئەهۋال بولۇپ قالمىسىلا ئەتە مۇشۇ ۋاقىتقىچىلىك يەتكۈدەكلا سۇ قاپتۇ . سۇ تۈگىسە ئايقۇتقا هەممىدىن بەك تەس بولىدۇ . ئۇ هازىر بىرلا جان ئەمەس ، ئۆزى بىلەن يەنە بىر جاننى كۆتۈرۈپ كېلىۋاتىدۇ ... ئۇلار تارىم دەرياسى بىلەن كۆنچى دەرياسى ئارىلىقىدىكى دەشت قۇملۇقتا كېتىۋاتاتتى . ئوماق كۈنچىقىش ، كۈنپېتىش تەرەپكە يەنە بىر قارىدى . ئىككىلا تەرەپنىڭ تەرى بارغانسېرى بوزىرىپ تېخىمۇ قارىيىپ تۇرىدۇ ، خۇددى مۇشۇلارنى قىستاپ كېلىۋاتقاندەك ، شامال ، قۇم توپانى پۇراپلا تۇرىدۇ . شامال ئۆزىنى كۆرسەتكۈچە قانداقلا بولمىسۇن ، بىرەر دالدىلىق يەر تېپىۋېلىش كېرەك .

ئوماق قۇم دۆۋىسىدىن چۈشتى . ئالدى بىلەن ئايقۇتنىڭ يېنىغا كېلىپ ئاتنىڭ ئېگەر ، ئۆزەڭگە ، تۆشلۈكلىرىنى تۇتۇپ -

تارتىپ باقتى، تۆشلۈكنى سەل چىڭىتىپ قويدى، ئاندىن ئايقۇتقا قاراپ قويدى - دە، ئاتنىڭ كۆكرەك، يانپىشىغا يېنىك شاپىلاقلاپ قويۇپ توختاق تەرەپكە ماڭدى. ئايقۇت ئېرىنىڭ بۇ ھەرىكىتىدىن بىر كۆڭۈلسىزلىك يۈز بېرىدىغانلىقىنى سەزدى. چۈنكى ئۇمۇ قۇملۇقتا چوڭ بولغان - دە. ئۇ ئاسماننىڭ يىراق گىرۋىكىگە قاراپلا شامال چىقىدىغانلىقىنى جەزم قىلدى. ئۇ قۇملۇقتا شامال چىقىپ قالسا قانداق قىلىش كېرەكلىكىنى بىلەتتى. بۇ توغرىدا ئاتا - ئانىسىدىن ھەم باشقىلاردىنمۇ ئاڭلىغان. ئوماقنىڭ ئۇنى ئاگاھلاندۇرۇپ يۈرمەسلىكى، ئايقۇتنىڭ قۇملۇقنىڭ مۇشۇ تەرىپىنى بىلگەنلىكىدىن ئىدى. ئايقۇت ئېرىنىڭ ئىسمىنىڭلا ئوماق بولۇپ قالماي، پۈتۈن ۋۇجۇدىنىڭ، پۈتۈن ئىچكى دۇنياسىنىڭمۇ ئوماقلىقىدىن تېخىمۇ سۆيۈنۈپ كېتىۋاتاتتى. ئوماق توختاقنىڭ يېنىغا كەلدى. ئېشەكنىڭ نوختا، چۇلۋۇر، توقۇملىرىنى كۆزدىن كەچۈردى، توقۇمنىڭ تۆشلۈكىنى چىڭىتىۋېتىپ:

— شامال چىقىدىغاندەك قىلىدۇ، چۇلۋۇرنى قويۇۋەتمەي، بىر قولۇڭدا توقۇمنىڭ ئالدىنى تۇتۇۋېلىپ چىڭ ئولتۇر، — دەپ جېكىلىدى.

ئۇ يەنە ئېشەك، كالىلارنىڭ يېنىغا كېلىپ يۈك - تاقلارنىڭ تېڭىلىشىنى كۆزدىن كەچۈردى، بوشلىرىنى چىڭىتتى، ئاندىن ئۇلارنى ئازراق ئارىلىق قالدۇرۇپ بىر - بىرىگە چاتتى، ئىشلاردىن كۆڭلى خاتىرجەم بولغاندىن كېيىن، يولنى داۋاملاشتۇردى، ئۆزى ئايقۇت بىلەن توختاقنىڭ كەينىدە ماڭدى.

ئۇلار بىرھازا مېڭىپ ئېگىز ھەم ئۇزۇن بىر قۇم دۆۋىسىدىن ئۆتكەندىن كېيىن بىر قۇرۇق ئېقىن ئىچىگە كىرىپ قالدى. ئوماق ئەتراپتىكى قۇم دۆڭلىرىگە، ئېقىنغا ئوبدان سەپسېلىپ قاراپ، ئۆزلىرىنىڭ نەگە كېلىپ قالغىنىنى بىلىۋالدى. بۇ ئېقىننىڭ بېشى چوڭ بولۇپ، بايىقى ئېگىز، ئۇزۇن قۇم دۆۋىسىدىن خېلى يىراق يۇقىرىسىدا ئىككىگە بۆلۈنۈپ، بىر تارمىقى تۆۋەنگە — قاراقوشۇن كۆلى تەرەپكە، يەنە بىر تارمىقى كۇنچىقىش تەرەپكە

ئۈدۈل ئېقىپ كېتەتتى . تۈۋەنگە ئاقىدىغان تارىمقى كېيىن ئېقىش يولىنى ئۆزگەرتىپ ، بۇ ئېقىن قۇرۇپ كەتكەن . سۇ مەنبەسى ئۈزۈلگەن ئېقىن بويىدىكى ئوتلاقلار ، چاتقاللار ھەتتا توغراقلارمۇ ئۇن نەچچە يىلدىن كېيىن قۇرۇپ كەتكەن ، دەريا قىنىنى قۇم بېسىپ كەتكەندى . ئۆز ۋاقتىدا بۇ دەريانى بەزىلەر «تۇراقنىڭ ئېقىنى» دەپ ئاتايتتى .

تۇراق — ئوماقنىڭ ئاتىسى . «تۇراق ئوۋ» ، «تۇراق يول-ۋاس» — قاراقوشۇن ، ئابدالدىن تاكى چارا ، كۆنچىگىچە ھەممە ئادەمگە تونۇش ئادەم . ئۇ چارىغا كۆچۈپ كەلگەندىن كېيىن كۆپىنچە مۇشۇ ئېقىن ئەتراپىدا ئوۋ قىلاتتى . لوپلۇق ئوۋچىلاردا بىر ئادەت بار ، يەنى بىرەرسى ئوۋ قىلىدىغان جايغا باشقىلىرى ئوۋغا كەلمەيدۇ . پەقەت ئۇ ئوۋچى كۆچۈپ كېتىپ ياكى بىرەر سەۋەب بىلەن ئۇ جايغا كەلمەيدىغان بولغاندىلا ئاندىن كېلىپ ئوۋ قىلىدۇ . تۇراقلار ئائىلىسى قاراقوشۇندىن چارىغا كۆچۈپ كەلگەندە ، ئەتراپ-تىكى بېلىق تۇتىدىغان دەريا ، كۆللەر ، ئىلۋەسۇنلار[1] بار ئوتلاق ، جاڭگاللار چارا ، كۇزلەك ، تىكەنلىك ۋە باشقا مەھەللىدىكىلەر تەرىپىدىن ئىگىلىنىپ بولۇنغانىدى ، پەقەت مۇشۇ ئېقىن ئەتراپىلا مەھەللىلەردىن يىراق بولغاچقا ئىگىسىز قالغانىدى . قاراقوشۇندىن كېلىپ توپ مەھەللىدىن چەتتىرەك ئولتۇراقلاشقان تۇراق قاتارلىق ئونغا يېقىن ئائىلىنىڭ ئادەملىرى يىراق بولسىمۇ مۇشۇ ئېقىن ئەتراپىغا كېلىپ ئوۋ قىلىدىغان ، بېلىق تۇتىدىغان بولغانىدى . تۇراق تۇتقان بېلىق ، ئوۋ ماللىرى ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ ئېھتىياجى-دىن ئاشقۇدەكلا بولسا ، قولۇم - قوشنىلىرىغا ، بولۇپمۇ ئاجىز - ئورۇق ، يېتىم - يېسىرلارغا ئۈلەشتۇرۇپ بېرىۋېتەتتى . مەھەللى-داشلىرى يەنە ئۇنى : «تۇراق ئاتا» دەپمۇ ئاتايتتى . بۇنداق ئاتاشتا مۇنداق ئىككى سەۋەب بار ئىدى : بىرى ، لوپ كۆلى ئەتراپىدا ياشايدىغانلاردا سەكسەن ياشتىن ئاشقانلارنى ياشانغانلار قاتارىغا قو-

[1] ئىلۋەسۇن — ھالال ياۋايى ھايۋانلارنىڭ ئومۇملاشتۇرۇپ ئاتىلىشى .

شۇپ ، يېشى ئۇنىڭدىن مەيلى چوڭ ، مەيلى كىچىك بولسۇن ھەممىسى ئوخشاشلا «پالانى ئاتا» دەپ ئاتايدۇ . بۇ ، ئادەت بويىچە ئاتاش ؛ يەنە بىرى ، ئۇنىڭ مەرد ، غەمخورچىلىقىدىن سۆيۈنگەن ئاجىز ـ ئورۇقلار ، يۆلەنچۈكى يوقلار ئۇنى ئۆزلىرىنىڭ ئاتىسىدەك كۆرۈپ ، تېخى يېشى ئاتمىشقا بارماي تۇرۇپلا «تۇراق ئاتا» دەپ ئاتىشىدىغان بولغانىدى . يېشى چوڭلار قاتارىغا يەتمىگەن تۇراقنى «ئاتا» دەپ ئاتاش باشقىلارغا غەلىتە تۇيۇلمىدى ، بەلكى سۆيۈنۈش ، ھۆرمەت يۈزىسىدىن ھەممەيلەن شۇنداق ئاتىشىدىغان بولدى .

ئوماق ئىقىن ئىچىدە كېتىۋېتىپ ، مۇشۇ ئىقىن بويلىرىغا ئوۋغا كەلگەن چاغلىرىنى ئەسلىدى . ئۇ بۇ تەرەپكە ئاتىسى بىلەن جىق كەلگەنىدى . ئۇ نەچچە قېتىم كەلگىنىنى ئېسىگە ئالالمىدى ، پەقەت ئىككى قېتىملىق ئوۋ ئۇنىڭ ئېسىدە ، بەلكى يېقىندىلا بولغاندەك ئېنىق ئېسىدە .

## 5

ئۇلار بىر كۈنى كېيىك ، جەرەنلەرنىڭ سۇ ئىچكىلى كېلىشكە «ئاچقان» يېڭى يولىنى تېپىۋېلىپ ، ئىقىندىن ئوتتۇز مېتىردەك نېرىسىغا ئولتۇرسا بېشى كۆرۈنمىگۈدەك قىلىپ نۆچە[1] ياسىدى ، دەريا تەرەپكە قارىتىپ بىر يوچۇق قويۇپ ئەتراپىنى يۇلغۇن ۋە باشقا شاخ ـ شۇمبىلار بىلەن نىقابلىدى . ئىقىننىڭ ئىككى قېشىنى بويلاپ ماڭسا بۇنداق نۆچەنى پات ـ پات ئۇچراتقىلى بولىدۇ ، لېكىن بۇلارنىڭ تولىسى تاشلىۋېتىلگەن . چۈنكى ، كېيىك ، جەرەنلەر ئىنتايىن تۇيغۇن ھەم تادان ، سۇ ئىچىدىغان جايى ئەتراپىدا بىرەر شەپىنى سەزدىمۇ ، بولدى ، ئۇ جايغا ئۇزۇنغىچە ئاياغ باسمايدۇ . يېڭىدىن جاي تاللىغاندا ئوچۇقچىلىقتىن تاللايدۇ ، بۇنداق بولغاندا ئەتراپىنى كۆزىتەلەيدۇ . ئۇلار سۇ ئىچكىلى كېلىدىغان جاينى ھەر-

[1] نۆچە ئوۋچىلارنىڭ ئۆزىنى يوشۇرۇش ئوچۇن داڭگال ، شاخلار بىلەن ياسىۋالىدىغان دالدىلىق (ئىۋالىق) .

قانچە ئۆزگەرتىپ تۇرسىمۇ، ئۇلارنىڭ ئىزى تۇراق، ئۇماقتەك ئۇۋچىلارنىڭ كۆزىگە چېلىقىپ قالىدۇ. ئۇلار سۇ ئىچكىلى بىرقۇر بولۇپ، بىر - بىرىنىڭ كەينىدىن قاتارلىشىپ ماڭىدۇ، چۈشتە چاتقاللار ئارىسىغا كىرىۋېلىپ كۆشىگەچ سالقىنلايدۇ، چۈش قايرىلىپ سالقىن چۈشكەندە سۇ ئىچكىلى كېلىدۇ. ماھىر سىنچى ئۇۋچى ئۇلارنىڭ ئىزىغا قاراپلا، ئۇلارنىڭ نەچچە ئىكەنلىكىنىمۇ بىلىۋالىدۇ.

ئۇ كۈنى ئاتا - بالا ئىككىيلەن چۈشتىن قايرىلغان ھامان نۆچەنىڭ ئىچىگە كىرىپ شاخ - شۇمبىلار ئارىسىدىن كۆزىتىپ خېلى ئۇزاق ئولتۇردى، ئولتۇرىۋېرىپ بەللىرى تالدى.

— بېلىم ئاغرىپ، پۇتۇم قوۋۇشماي قالدى، بىرئاز ئۆرە بولۇپ بەل، پۇتۇمنى ئوڭشىۋالاي، — دېدى ئوماق ئورنىدىن تۇرماقچى بولۇپ.

— ئولتۇر، مۇشۇ بوشلۇقۇڭ بىلەن ئۇۋچى بولماقچىمۇسەن؟ ئۇۋچىنىڭ ئوغلىدەك، قۇملۇق ئادىمىدەك چىداملىق بول. كەچئارىسى[1] بولغۇچە ئولتۇرىمىز. بۈگۈن كەلمىسە، ئەتە يەنە كېلىپ ئولتۇرىمىز. كېيىك، جەرەنلەرنى سەن ئۇنداق دۆت چاغلىما. بىز بىرنەچچە جايغا نۆچە ياساپ قويغاندەك، ئۇلارمۇ سۇ ئىچكىلى بىرنەچچە جاينى تاللاپ قويىدۇ. ئوتلاپ - ئوتلاپ يىراقراق يەرگە كەتكەندۇ، ئەتە كېلىپ قالار، — دېدى ئاتىسى.

تۇراقباي ئېيتقاندەك، ئۇ كۈنى يا كېيىك، يا جەرەن سۇ ئىچكىلى كەلمىدى. ئۇلار كۈن پاتقۇچە ساقلاپ بېقىپ، ۋاقىتلىق ياسىۋالغان قومۇش ساتما چۈشكۈنىگە قايتتى. ئۇلار ئىككى ئېشەكنى بىردىن مىنىپ، يەنە بىر ئېشەكنى ئوۋ ماللىرىنى ئارتىشقا ئېلىپ كەلگەنىدى. تۇراقباي ئۆزى مىنىپ كەلگەن ئېشەكنىڭ ئالدى پۇتىنى ئارىلىقىنى كەڭرەك قويۇپ چۈشەپ قويدى. بۇنداق

---

[1] كەچئارىسى — قاش قارايغان چاغ.

قىلغاندا ، ئېشەك ئۆزىنى باغلاقتىكىدەك سېزىپ ساتمىدىن يىراق-لىمايدۇ ، قالغان ئىككى ئېشەك ئۇنىڭ ئەتراپىدىلا يۈرىدۇ .

ئۇلار ئىشلىرىنى سەرەمجانلاشتۇرۇپ بولۇپ ، يۇمشاق قۇرۇق چاتقال پاخاللىرى بىلەن تەييارلاپ قويغان بۇگلۇك ئۈستىگە كېپە-نەك چاپىنى[1] بىلەنلا يانپاشلاشتى . كېچە ئاسمىنى تارىم سۇيىدەك سۇزۇك ، كۆل سۇيىدەك تىنىق بولۇپ ، يۇلتۇزلار سانسىز چىراغ-دەك جىمىرلايتتى . تولغان تولۇن ئاي يورۇقىدا قۇملۇق دالىدىكى كىچىككىنە ئوت - خەسىمۇ ئېنىق كۆرگىلى بولاتتى . ئوماق قومۇش ئارىلىرىدىن كۆرۈنگەن ئاي بىلەن يۇلتۇزلارغا قاراپ قۇم-لۇق ئاسمىنىنىڭ گۈزەللىكىگە زوقى كەلدى . ئۇ شۇ كۈنكى ئوۋغا چىققىنىدىن بەك خۇشال ئىدى . مۇشۇ قېتىمدا نېمىلا بولسۇن بىرەر نەرسىنى ئوۋلاپ - ئېتىپ ئاتامغا ، مەھەللىداشلىرىمغا ، بولۇپمۇ قۇرداشلىرىمغا ئۆزۈمنىڭ ياراملىق ئوۋچى بولۇشقا باشلى-غانلىقىمنى كۆرسىتىمەن ، دەپ كۆڭلىگە پۈككەنىدى . بۇ ئۇنىڭغا ئاران كەلگەن ھەم تۇنجى قېتىملىق پۇرسەت ئىدى . ئاتىسى بۇ قېتىم ئوۋلاش نۆۋىتىنى ئوماققا بەرگەنىدى . ئۇمۇ مۇشۇ قېتىمدا ئوغلىنى سىناپ كۆرمەكچىدى . «بۈگۈن بۇ ئىش يوققا چىقتى ، ئاتام نېمىلەرنى ئويلاۋاتىدىكىن . ئەتە ئوۋلاش نۆۋىتىنى ماڭا بىرەر-مۇ ، بەرمەسمۇ ؟ » ئوماقنىڭ خىيالىغا شۇ ئەندىشىلەر كېچىپ ياتات-تى ، ئاتىسى گەپ باشلاپ قالدى :

— ئوماق ، بايىقى گېپىمنىڭ داۋامىنى قىلاي ، ئېسىڭدە چىڭ ساقلاپ ئەمەل قىل ، ئوۋچى بولىدىغان ئادەم جاپاغا چىداشلىق ، كۈتۈش - ساقلاشقا تاقەتلىك ، قولىقى ھەر خىل شەپە ، ئاۋازلارنى پەرق ئېتەلەيدىغان ، كۆزى ھەرقانداق نەرسىگە سىنچىلاپ قاراپ ، ئۇنىڭ بىرەر بەلگە - ئالامىتىنى بىلىۋېلىپ ، قايتا كۆرگەندە دەر-ھال يادىغا كەلتۈرەلەيدىغان بولۇشى لازىم . بىرەر ئاش پىشىم ئۆمىلەپ مېڭىشقا توغرا كېلىدۇ ، تېخى يىرتقۇچ ھايۋانلارنىڭ خە-

---

[1] كېپىنەك چاپان -- كېپىنەك تون ، يېڭىدا تىكىشىسىز ، پۈتۈن پىچىلىدىغان ، چوپانلار كىيىدى-غان قولتۇقى كېپىنەك قانىتىدەك كەڭ يۇڭ (كىگىز ) چاپان .

تىرىمۇ ...
تۇراقباي گېپىنىڭ ئاخىرىنى تۇگەتكۇچە سىرتتا دۇپۇرلىگەن
شەپە ئاڭلاندى . تۇراقباي بىر غۇلاچچە يۇلغۇن دەستىلىك بېلىق
سانجىيدىغان سانجىغاقنى[1] ئالدى ـ دە ، ئۇماقىقا ساتمىدىن چىقما ،
دەپ قويۇپ ئېتىلىپ چىقىپ كەتتى . ئۇماق بىر تۇرۇپ ئاتىسىنىڭ
گېپىگە ھەيران قالسا ، يەنە بىر تەرەپتىن سىرتتا نېمە ئىش بولغان-
لىقىنى بىلگۇسى كەلدى ، ساتمىدىن بېشىنى چىقىرىپ قاراپلا قور-
قۇپ كەتتى ، بىر يولۋاسنىڭ ئاتىسىنىڭ تۇشەپ قويغان ئېشىكىنى
پاتىنىڭدىن چىشلەپ يەرگە ياتقۇزۇۋاتقانلىقىنى كۆردى . ئاتىسى سان-
جىغاقنى ئۇدۇل تۇتقىنىچە يولۋاسقا قاراپ كېتىۋاتاتتى . يولۋاس
ئېشەكنى قويۇپ ، يۇرەكنى يېرىۋەتكۇدەك سۇر بىلەن قاتتىق ھۆر-
كىرەپ تۇراقىقا ئېتىلدى . ئۇماق : «ئاتا !» دەپ تووۋلىۋەتكىنىنى
ئۆزىمۇ سەزمەي قالدى ، بىر دەھشەتلىك ئەھۋال كۆز ئالدىغا كې-
لىپ ، قورقۇنچتىن كۆزىنى يۇمۇۋالغانىدى ، كۆزىنى ئېچىپ قاراپ
كۆرگىنىگە ، كۆزىگە ئىشەنمەيلا قالدى . سانجىغاقنىڭ ئۇچى يول-
ۋاسنىڭ ئاغزىدا سانجىقلىق بولۇپ ، ئاتىسى دەستىسىنى چىڭ تۇ-
تۇپ يولۋاسنىڭ ئالدىدا تىرەجەپ تۇراتتى . يولۋاس پۇتۇن يىرتقۇچ-
لۇق كۇچىنى قەھرىگە يىغىپ تۇراقباينى نىقتاپ تۇراتتى . يولۋاس-
نىڭ كۇچىگە تەڭ تۇرالمىدى چېغى ، ئاتىسى كەينىگە مۇدۇرۇلۇپ
ئولتۇرۇپ قالدى . سانجىغاقنىڭ دەستىسىنىڭ ئۇچى قۇمغا پېتىپ
تىركىلىپ قالدى . ئۇماق بۇ قېتىم : «ئاتا !» دەپ تووۋلاپ قويۇپلا
ھاڭۋېقىپ تۇرۇپ قالمىدى ، يەنە بىر سانجىغاقنى قولىغا ئالدى ـ
دە ، ئاتىسىغا بولۇشقىلى ئېتىلدى . كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە بول-
غان دەقىقىدە ھايات ـ ماماتلىق بىر ئىش بولدى . يەرگە ئولتۇرۇپ
قالغان تۇراق ئىككى قولى بىلەن قۇمنى ئۇچۇملاپ يولۋاسنىڭ
باش ـ كۆزىگە ئۇزۇلدۇرمەي چاچتى . كۆزىگە قۇم تىقىلغان يولۋاس
نېمە قىلارىنى بىلمەي ئۆز ئورنىدا ئايلانغىلى تۇردى ، ئاۋازىمۇ
خىرقىراپ قالدى ، سانجىغاقنى ئاغزىدىن چىقىرىۋەتمەكچى بولۇپ

[1] سانجىغاق — شاشقاق ، بېلىقنى سانجىيدىغان تەتۈر تىللىق تۆمۈر ئارا .

بىشنى ئىككى يېنىغا قاتتىق سىلكىيتتى . سانجىغاق تەتۈر ئىككى تىللىق بولغاچقا ، چىقىپ كەتمەي دەستىسى پولاتلاپ تۇراتتى . ئەمدى يولۋاسنىڭ سۆرلۈك كېلەڭسىز گەۋدىسى بولغان بىلەن ، ھەيۋىسى ، خەتىرى قالمىغانىدى . ئوماقمۇ كەينى ـ كەينىدىن ئىككى ـ ئۈچ ئوچۇم قومنى يولۋاسنىڭ كۆزىگە چاچتى . تۇراقباي سانجىغاقنىڭ ئۈچىنى خاتىرجەم تۇتتى ـ دە ، تازا بىر نىقتىۋېتىپ ئۇيان ـ بۇيانغا بۇراپ تولغاپ تۇرۇپ شارتتىدە تارتىۋالدى . بۇراپ تارتىۋېلىنغان سانجىغاقنىڭ تەتۈر تىللىرى يولۋاسنىڭ ئاغزىنى ، بولۇپمۇ تىلىنى تىتىۋەتكەنىدى . يولۋاسنىڭ ئۈنى ئۆچتى . ئۇنىڭ ئاغزىدىن شۇرقىراپ قان قۇيۇلۇشقا باشلىدى . يولۋاس بارغانسېرى ھالسىزلىنىپ ، پۇتلىرى ئېغىر گەۋدىسىنى كۆتۈرۈشكە بەرداشلىق بېرەلمەي تىترەشكە باشلىدى . ئەمدى ئۇنىڭ قەدەم يۆتكەشكىمۇ ماجالى قالمىغانىدى ، ئۇ ئاخىر گۈپپىدە يىقىلدى ، خىرقىرىغان ئاۋازىمۇ ئۆچۈپ ، ئۇزۇك ـ ئۇزۇك تىنىقىلا قالدى .

— پىچاقنى ئېلىپ كەل ، — دېدى تۇراقباي ، يولۋاسقا قاراپ قالغان ئوماققا ، يەنە ، — ئۇزۇكىنىڭ پىچىقىنىمۇ ئېلىپ كەل ، — دەپ قوشۇپ قويدى .

ئوماق پىچاقلارنى ئېلىپ كەلدى ، ئۇ ئاتىسىنىڭ نېمە قىلماقچىلىقىنى بىلگەنىدى .

— ئاتا ، ئېشەكلەرنى تېپىۋالمايلىمۇ ، — دېدى ئوماق ، قالغان ئىككى ئېشەكنىڭ نەلەرگە كەتكەنلىكىدىن ئەندىشە قىلىپ .

— ئېشەكلەر ھېچنەگە كەتمەيدۇ . بىز ئۆزىمىزدىن ئەنسىرىسەك بولىدۇ . يولۋاس بەك قىساسچى ھايۋان . ئۇنىڭ جۈپتى چوقۇم مۇشۇ ئەتراپتا . ئۇ كېلىپ قالغۇچە بۇنى سويۇپ ، تېرىسىنى قۇمغا كۆمۈۋېتىپ بۇ يەردىن دەرھال كېتەيلى ، — دېدى ئاتىسى .

ئوماققا يولۋاسنى ئۆلتۈرمەكتىن سويماق تەس بىلىنىپ كەتتى . كېلەڭسىز بۇ يوغان جانىۋارنىڭ ئۆلۈكىنى ئۇيان ـ بۇيانغا ئۆرۈمەك بەك تەس ئىدى . بىر تەرىپىنى سويۇپ بولۇپ بىر يانغا ئۆرۈگۈچە ئىككىسى بەك قىينالدى ، ھالىدىن كېتىپ ھۆمۈدەپ

قىلىشتى . تېرىنى پۈتۈن ، ساق ئېلىش كېرەك . ئۇلار بىرئاز ئولتۇرۇپ ئارام ئېلىۋېلىپ سويۇشنى يەنە داۋاملاشتۇردى . ئوماق جىددىيلىشىپ كېتىپ ھەم قولى تېلىپ كەتكەنلىكتىن قولىنىڭ ئىككى يېرىنى كېسىۋالدى ، تېرىنىڭمۇ بىرنەچچە يېرى كېسىلىپ كەتتى ، نېمىلا بولسۇن يولۋاس ئاخىر سويۇلۇپ بولدى . ئۇلار ئوۋ گۆشىدىن قۇم كاۋاپ قىلغاندا قىزىغان قۇمنى يانغا تارتىش ، گۆشنى قۇمغا كۆمۈشتە ئىشلىتىشكە ئېلىۋالغان ياغاچ گۈرجەك بىلەن يولۋاس پاتقۇدەك ئورا كولاپ ، ئۇنىڭغا يولۋاسنىڭ بېشىنى ، تۆت پۇتىنى كېسىپ پارچىلاپ كۆمۈۋەتتى . قېنى ئاققان ، تامغان جاينىمۇ ئۇستىگە قۇم چېچىپ كۆمدى ، ئاندىن تېرىنى ئېقىن بويىغا سۆرەپ ئاپىرىپ بىر يۇلغۇن تۈۋىگە كۆمدى . تۇراقباي يۇلغۇننىڭ تۆپچىكىدىن چىققان غول شاخلارنى ئوبدان كۆرۈۋالدى ، ھەتتا ساناپمۇ قويدى . ئۇلار بۇ ئىشلارنى تولۇن ئاينىڭ سېخىيلىق بىلەن چېچىپ تۇرغان ئاپئاق سۈزۈك شولىسىنىڭ ياردىمىدە كۆڭۈلدىكىدەك قىلىۋالدى . ئاخىرقى ئىش — تېرىنى سۆرىگەندىكى ئىزنىمۇ قۇم چېچىپ يوقاتتى . تۇراقباي بۇ ئىشلارنى كۆڭلىگە بىر ئىش كېچىپ شۇنداق قىلدى .

## 6

ئۇلار پىيادە بىر كېچە ، يېرىم كۈن يول مېڭىپ ئەتىسى چۈشكە يېقىن مەھەللىگە يېتىپ كېلىشىگە چوڭ ـ كىچىك ، ئەر ـ ئايال مەھەللىداشلىرىنىڭ ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقىپ تۇرۇشقانلىقىنى كۆرۈپ ، ئائىلىدە بىرەر كۆڭۈلسىزلىك بولغان ئوخشايدۇ ، دەپ تېڭىرقاپ قېلىشتى . شۇنداقمىكىن دېسە ، ھەممىسىنىڭ يۈزلىرىدە كۈلكە ـ تەبەسسۇم ، كۆزلىرىدە زوقلىنىش ، ھەۋەس ، ھۆرمەت ۋە ئىپتىخارلىق نۇرلىرى چاقناپ تۇراتتى . ئۇلار زادى نېمە ئىشلىقىنى بىلەلمەي ھەيران قېلىشتى . توپ ئارىسىدىن تۆت مويسىپىت چىقىپ تۇراق بىلەن ئوماقنىڭ ئالدىغا كەلدى .

— يارايسەن تۇراق ، قالتىس باتۇرلۇق قىپسەن . يولۋاس ئۆلتۇرگىنىڭنى بىزدىن يوشۇرۇن تۇتماقچىمىدىڭ . سېنى ئەمدى تۇراق يولۋاس دېسەك بولغۇدەك . چىق - چىق - چىق ، جانىم ساڭا ،[1] — دېدى ياشتا چوڭراق بىرى تۇراقنىڭ مۇرىسىگە يېنىك شاپىلاقلاپ بىرنەچچىنى ئۇرۇپ تۇرۇپ .

— نېمە بوپتۇ ؟ نېمىلەرنى دەيسىلەر ؟ — دېدى تۇراق كۈلۈپ تۇرۇپ .

ئوماق بەكلا ھەيران قېلىپ ، كۆپچىلىككە قاراپلا قالغانىدى . مويسىپىتنىڭ گېپى ئۇنى تېخىمۇ ھەيران قالدۇردى . «بۇلار بىز-نىڭ يولۋاس ئۆلتۇرگەنلىكىمىزنى بىلىۋالغان ئوخشىمامدۇ ، قانداق بىلگەندۇ ؟ » دەپ ئويلايتتى ئۇ .

شۇ ئارىدا بىرەيلەن بىر كالا بىلەن ئىككى ئېشەكنى يېتىلەپ تۇراقباينىڭ ئالدىغا كەلدى . ئېشەكلەر ئۇلارنىڭ قېچىپ كېتىپ جاڭگالدا قالغان ئېشىكى ئىدى . كالىغا ئارتىقلىق تۇرغان ، يېڭىلا سويۇلغان ، قۇم چىچىۋەتكەندەك تۇرغان يولۋاس تېرىسىگە قاراپ تۇراقباي بېشىنى لىڭشىتىپ كۈلۈپ كەتتى .

— سەنزە يولۋاس ئۆلتۇرگىنىڭ بىلەن بىزنى ھەيران قالدۇر-ماقچىمىدىڭ ، سېنىڭ ئىزىڭ بىزنىڭ ئوۋچىلارغا ئۇچراپ قېلىپ ، يوكوڭنى يەڭگىللىتىپ ئالغاچ كەپتۇ ، — دېدى بايىقى مويسىپىت .

ئىش مۇنداق بولغانىدى : مەھەللىدىن ئىككى ئوۋچى تۈنۈگۈن ئەتىگەن ئاتلىق دەريا بويلاپ كېلىۋېتىپ يېڭىدىن تىكىلىپ قالغان قومۇش ساتمىنى كۆرۈپ ، ئاتلىرىنى ئوتلاتقاچ ئارام ئېلىۋالماقچى بولدى . ئاتلىرىنى چۇشەپ قويۇپ ساتمىغا كىردى . ئۇلار ساتمىدا تۇرغان ئۇچ ئۇچالىقنى[2] كۆرۈپلا تونۇدى . تۇراقلار ئائىلىسى پالاس توقۇشقا ئىنتايىن ئۇستا بولۇپ ، يوڭنى يۇمشاق ئېتىپ ، يىپنى ئىنچىكە چىقىرىپ چىڭ ئېشەتتى . ئۆرۈشلىرىنىمۇ چىڭ تارتىپ

---

[1] جانىم ساڭا چىق - چىق - چىق لوپنۇرلۇقلارنىڭ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ئادىمىگە ئېيتىدىغان كۆڭۈل ئىزھارلاش سۆزى .
[2] ئۇچالىق — ئۇچۇلۇق ، كىيىم .

ئارقاقلىرىنى قىلىچنى[1] قاتتىق - قاتتىق ئۇرۇپ ئىقتايتتى . ئارقاق بىلەن ئۆرۈشلىرى ئارىلىرىدا پەقەت ئاراش قالدۇرمايتتى . ئۇچالىق تىككەندىمۇ تىكىشلىرىنى بىر خىل شەكىلگە كىرگۈزۈپ گۈل چىقىرىپ تىكەتتى . ئۇلار تۇراقلارنى ئېشەكلىرىنى ئوتقا قويۇپ بېرىپ ، ئۆزلىرى يېقىن ئەتراپتا بىرەر ئىش قىلىۋاتسا كېرەك ، دەپ ئويلاشتى ، لېكىن ساتىمدا ئۇچالىقتىن باشقا ھېچنېمە يوق ئىدى . ئۇلار بۇنىڭدىن غەلىتىلىك ھېس قىلىپ ساتىمدىن چىقىپ ئەتراپقا قارىدى ، ساتىمدىن سەل نېرىدا پاكارراق بىر قۇم دۆۋىسىنىڭ يېنىدا ئىككى تۇلكىنىڭ بىر نەرسىنى يەۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدى . ئۇلاردىن بىرى ئېتىنىڭ يېنىغا بېرىپ ئوقياسىنى ئەكېلىپ بولغۇچە تۇلكە ھارامزادىلەر بۇلارنى كۆرۈپ قېلىپ پارتتىمدە تىكىۋەتتى . قاراپ باقايلى ، دەپ بېرىپ ، گۆشى تىتما - تالاڭ قىلىنىپ يېرىم ئىسكىلىت قىلىپ قويۇلغان پۇتى چوشەكلىك ئېشەكنى كۆردى . ئېشەكنىڭ كاللىسىدىنلا كىمنىڭ ئىكەنلىكىنى بىلدى . كەلگەنلەر تېخىمۇ ھەيران قېلىشتى ، ئەنسىرىشىپ ئەتراپقا قاراشتى . يېنىدىلا — دۆۋىلەپ قويغاندەك تۇرغان پاكار بىر قۇم دۆمچىكىنىڭ بىر تەرىپىدە چىقىپ تۇرغان سارغۇچ تۇكلۇك بىر نەرسە كۆرۈندى . ئۇلار قۇمنى تاتىلاشتۇرۇۋىدى ، ئۇ نەرسىمۇ يوغىناۋەردى ، ئۇنىڭ نېمىلىكىنى بىلدى ، بۇ يولۋاسنىڭ قۇيرۇقى ئىدى . ئۇلار بىر - بىرىگە قاراشتى ، نېمە قىلىشلىرىنى بىلىشىپ گەپ قىلمايلا ئىككى قولىدا قۇمنى تاتىلاشقا باشلىدى . ئۇلارنىڭ ئالدىدا تۇرغىنى تېرىسى سويۇۋېلىنىپ ، كاللىسى بىلەن قۇيرۇقى ، تۆت پۇتىلا قالغان بىر يولۋاسنىڭ قۇمغا مىلىنىپ تۇرغان گۆشى ئىدى ، قارنى يېرىلمىغان بولۇپ ، پۈتۈن ھالىتىدە ئىدى . ئۇلار ئەھۋالنى ئۇققاندەك بولدى .

— يولۋاس ئېشەكنى بوغقان ، ئاتا - بالا يولۋاس بىلەن ئېلىشىپ ئاخىر ئۇنى ئۆلتۈرگەن ، ئاندىن تېرىسىنى سويۇۋېلىپ

---

(1) قىلىچ — پالاس توقۇغاندا ئارقاقنى چىڭداشتا ئىشلىتىدىغان بىر خىل سايمان .

ئېلىپ كەتكەندەك قىلىدۇ ، — دېدى كەلگەنلەرنىڭ بىرى .

— يولۋاسنى ئۆلتۈرۈشنىغۇ ئۆلتۈرۈپتۇ ، تېرىنى ئېشەككە ئارتىپ كەتتىمىكىن دېسەك ، ئۇچالىقلار ساتمىدا تۇرىدۇ ، بۇ يەردە بىر گەپ باردەك قىلىدۇ ، — دېدى يەنە بىرى .

ئۇلارنى ھەممىدىن بەك ئويغا سالغىنى تۇراقلارنىڭ يولۋاسنى نېمە بىلەن ، قانداق ئۆلتۈرگەنلىكى ئىدى . ئۇلار ھەرقانچە ئويلىسىمۇ ، ھەر خىل پەرەزلەرنى قىلسىمۇ ، يەنىلا زادى ئەقلى يەتمەدى ، قايتىدىن ساتمىغا كىرىپ قاراپ بېقىشتى ، ئۈچ ئۇچالىقتىن باشقا ھېچ نەرسە يوق ئىدى . ئۇلار لوپلۇقلارنىڭ كۆزىتىش ئادىتى بويىچە ئەتراپىغا سىنچىلاپ قارىدى ، غەيرىي ئەھۋالنى سېزەلمىدى . ئۇنداق ئويلاپ ، بۇنداق ئويلاپ ئىشنىڭ تېگىگە يەتكەندەك بولۇشتى .

— يولۋاسنى ئۆلتۈرۈپتۇ ، تېرىسىنى سويۇۋاپتۇ ، ئۇنى ئېلىپ كېتەيلى دېسە ئېشەك يوق ، چۇشەكلىك ئېشەكنى يولۋاس بوغقاندا قالغانلىرى قېچىپ كەتكەن . يوغان بىر يولۋاسنىڭ تېرىسىنى ئىككى ئادەمنىڭ كۆتۈرمىكى مۇمكىن ئەمەس ، شۇڭا ئۇلار تېرىنى كېيىن كېلىپ ئەكەتمەك بولۇپ مۇشۇ ئەتراپقا كۆمۈپ قويغان ، يولۋاسنىڭ ئۆلۈكىنىمۇ كۆمۈۋېتىپ ، پىيادە مېڭىپ كەتكەن . كۆۋىلگۈچتە[1] ئېشەكنىڭ بىرەر تال تۈكى بولسىمۇ قالىدۇ . ئەتراپقا قاراپ باقايلى ، — دېدى چوڭراقى .

ئۇلار دەريا بويىغا كېلىپ بىر قاراپلا ئاتا - بالا ئىككىسىنىڭ تۆۋەن تەرەپكە — مەھەللىگە مېڭىپ كەتكەنلىكىنى بىلدى . ساتمىنىڭ يېنىغا كېلىپ ئەتراپقا سىنچى كۆزلىرى بىلەن قاراشقا باشلىدى . «لوپلۇقلارنىڭ سىنچى كۆزىدىن بىر غۇلاچ قۇم ئاستىدىكى نەرسىمۇ ، بۇلتۇرقى ئىزمۇ ئېچىلىپ قالىدۇ» دېگەن گەپ بار . ساتمىغا يېقىن چوڭ بىر توپ يۇلغۇننىڭ بىر يېنىدىكى قۇمنىڭ قالغان ئۈچ تەرىپىدىكىدەك ئەمەسلىكىگە ئۇلارنىڭ كۆزى چۈشۈپ

---

[1] كۆۋىلگۈچ — ئېشەك ئېغىنغان يەر .

قالدى . يېقىن كېلىپ قارىۋىدى ، يۇلغۇن شاخلىرىغا ئىلىنىپ قالغان بىرنەچچە تال سېرىق تۈكنى كۆرۈپ قېلىشتى . تېرىنى مۇشۇ يەرگە كۆمۈپتۇ ، دېيىشتى . ئۇلار قومنى ئۇيان - بۇيان تارتىۋىدى ، تېرە پومپىيىپ چىقىپ قالدى . ئۇلار تېرە بىلەن ئۇچالىقلارنى بىر ئاتقا ئارتتى ، يەنە بىر ئاتنى دەملىشىپ مىنىمەكچى بولۇشۇپ ، ئېقىننى بويلاپ ئەمەس ، دۆتەلەپ[1] مەھەللىگە ئۇدۇل مېڭىپ كېتىشتى . ئانچە ئۇزاق ماڭمايلا چاتقاللار ئارىسىدا ئوتلاپ يۈرگەن ئېشەكلەرنى ئۇچراتتى . ئېشەكلەرنى تۇتۇپ ئۇچالىقلاپ ، بىرىگە تېرىنى ، يەنە بىرىگە ئۇچالىق بىلەن ئۆزلىرىنىڭ نەرسىلە-رىنى ئارتىپ ئىتتىك مېڭىپ كەتتى . ئۇلار دۆتەلەپ ماڭغاچقا ، مەھەللىگە تۇراقلاردىن بالدۇر كېلىپ بولغانىدى .

ئىش ھەممىگە ئايان بولدى . تۇراقباي يولۋاسنى قانداق ئۆل-تۈرگەنلىكىنى سۆزلەپ بەردى .

— سانجىغاق بىلەن كۆزىگە قوم چېچىپ ؟ !— كۆپچىلىك بىر - بىرىگە قارىشىپ شۇنداق دېيىشەتتى ، ھەيران بولۇشاتتى .

شۇ كۈندىن باشلاپ تۇراقباينىڭ «تۇراق ئاتا» دەپ ئاتىلىدىغان ھۆرمەت نامىغا «تۇراق يولۋاس» دەپ يەنە بىر پەخىرلىك نام قوشۇلدى . بۇ ئىش ئۇزاق ئۆتمەي چارا ئەتراپىدىكى يېقىن - يىراق ، چوڭ - كىچىك مەھەللىلەرگە تارقىلىپ ، ئۇنىڭ نامى لوپ رايونىدىكى ھەممە كىشى بىلىدىغان تونۇق[2] نام بولۇپ قالدى . ئو-ماقمۇ ئاتىسىنىڭ باتۇرلۇقىدىن ھەم ئۆزىدىنمۇ پەخىرلىنىدىغان بولدى . ئۇنى ئويلاندۇرىدىغىنى ئاتىسىنىڭ : «ئوۋچى بولغان ئادەم ھەرقانداق خەتەر ئالدىدا قورقۇنچاق بولماي توختال[3] بولۇشى ، كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچىلىك بولغان ئارىلىقتا خەتەردىن قۇتۇلۇش-نىڭ چارىسىنى ئويلاپ بولۇشى كېرەك» دېگەن سۆزلىرى ئىدى . ئويلى-غانسېرى ئۇ بۇ سۆزلەرنىڭ سالمىقىغا ، قىممىتىگە يېتىۋاتقاندەك بولاتتى .

① دۆتەلەپ  چېكە سوقۇپ ، ئۇدۇللاپ .
② تونۇق  تونۇلغان ، نامدار .
③ توختال — توختاملىق ، تەمكىن ، ئېغىر - بېسىق .

# 7

يولۋاس ئۆلتۈرۈپ ئارىدىن ئىككى ھەپتە ئۆتكەن بىر كۈنى كېچىنىڭ قۇيرۇقى قىسىلىپ تاڭ يۈزى سۈزۈلۈشكە باشلىغان چاغدا، ئاتا ـ بالا ئىككىسى يەنە ئوۋغا ئاتلىنىشتى. بۇ قېتىم ساتما تەرەپكە ماڭماي ئۇدۇل نۆچە تەرەپكە ماڭدى، كېلىۋېتىپ توشقاندىن ئىككىنى ئۇرۇپ تۇتۇۋالدى. بۇ يەرنىڭ ئادەملىرى ئىككىدىن ئارتۇق بولسا، توشقاننى ئەپ بىلەن ئاسانلا سوقۇپ يىقىتىۋالىدۇ. ئادەمنى كۆرۈپ قاچقان توشقان بىر يەرگە بېرىپ توختاپ ئارقىسىغا ئەلەڭلەپ قارايدۇ. ئوۋچىلارنىڭ بىرى توشقانغىلا قاراپ جايىدا جىم تۇرىدۇ. يەنە بىرى، ئۇدۇل كېتىۋەرگەندەك كۆرۈنۈش بېرىپ توشقانغا قارىمىغان قىياپەتتە ئۇنىڭغا قەدەمدە بىر يېقىنلىشىپ ئايلىنىپ ماڭىدۇ. توشقان ھېلى بۇنىڭغا، ھېلى ئۇنىڭغا قاراپ چەكچىيىپ تۇرىۋېرىدۇ. ئايلانغۇچى بىر يېرىم چەمبەر ھاسىل قىلغۇچە توشقانغا ئوتتۇز قەدەمچە يېقىنلىشىپ قالىدۇ. بۇ چاغدا، جايىدا تۇرغان كىشى ئورنىدىن قوزغىلىپ ماڭىدۇ. توشقان بېشىنى ئۇ ئادەمگە بۇراپ قاراپ قالىدۇ. مۇشۇ پۇرسەتتە توشقاننى ئايلانغۇچى قولىدىكى كالتەكنى توشقانغا ئاتىدۇ، ئاتقاندىمۇ كالتەكنى ھەرگىز بوشقا كەتكۈزمەيدۇ، دەل تەگكۈزىدۇ. ئۇلار مەنزىلگە چۈشكە يېقىن كەلدى، توشقاندىن بىرنى سويۇپ كاۋاپ قىلىپ يېدى. ئۆيدىن ئېلىۋالغان بولماق قاتمىسىدىن ئىككى كېسىمدىن يەۋالدى ـ دە، ئېقىن بويىغا كېلىپ سۇدىن قانغۇچە ئىچتى، ئاندىن نۆچەگە جايلىشىۋېلىپ ئولتۇرۇشتى. بۇ كۈنى ئوماقنىڭ تەلىيى كەلگەن چېغى، چۈش قايرىلىشىغىلا جەرەنلەر سۇ ئىچكىلى كەلدى. نۆچەدىن ئوتتۇز قەدەمدەك نېرىدا سەككىز جەرەن بەخىرامان قاتارلىشىپ مېڭىپ ئېقىن تەرەپكە پەسلەپ كەتتى. جەرەنلەرنىڭ بۇ مېڭىشىدا ئاتىسى ئاللىقاچان بىرنى ئېتىۋالغان بولاتتى، لېكىن ئۇ ئاتمىدى. بۇ قېتىم ئوغلىنى سىنىشى كېرەك. بۇ، ئوغلىنىڭ

ئۇۋچىلىقنى ئىگىلىگەن ـ ئىگىلىمىگەنلىكىنى كۆزىتىدىغان تۇنجى
سىناق . ئۇۋچىلار كۆپىنچە جەرەن ، كېيىكلەر قاتار تۇرۇشۇپ
سۇغا تۇمشۇقىنى تەگكۈزگەن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئاتىدۇ . ئو-
ماق قولىدىكى ئوقيانى رۇسلاپ ، ئوقنى توغرىلىدىيۇ ، يۈرىكى
دۈپۈلدەپ ، قولى بىلىنەرلىك تىترەپ قالدى . بۇنى ئاتىسى سې-
زىپ ، ئۇنىڭ كۆزىگە قارىدى . بۇ قاراشتا ئاتىسى ئۇنىڭغا
تەمكىن ـ توختال بول ، ئۆزۈڭگە ئىشەن ، دەپ مەدەت بەرگەندەك
قىلاتتى . ئوماق يا ئوقىنى سول قولىنىڭ ئوتتۇرانچى ، بىگىز
بارماقلىرىنىڭ ئارىسىغا ئېلىپ ، ئوڭ قولىدا ئوقنى كىرىچكە تىر-
كەپ تۇرۇپ تارتتى . يا ئېگىلىپ چېكىگە يەتتى . ئوماق ئوتتۇرىدى-
كى چوڭراق بىر جەرەننىڭ سۆڭگىچىنى قارىلاپ ئوقنى قويۇۋەتتى .
ئوقيادىن ئۈزۈلگەن ئوق ۋىژىلداپ ئۇچۇپ بېرىپ قارىلانغان جايىغا
تەگدى . جەرەن پالاقلاپ قالدى ، قالغانلىرى خەۋپ كەلگەنلىكىنى
بىلىپ پارتتىدە يۇقىرى تەرەپكە پىتىراپ قېچىپ كەتتى . ئوماق
ئوقيانى قويۇپ ، تېپىلاڭنى[1] قولىغا ئالدى ـ دە ، نۆچەدىن چىقىپ
جەرەن تەرەپكە ماڭدى . ئادەمنى كۆرگەن جەرەن بىر پۇتىنى سۆرەپ
يۈگۈردى ، قاچتى . ئوماق جەرەننى مۇشۇ پېتى قوغلىسا ، ئۇنى
تۇتقۇچە قۇمدا ئۆزىنىڭمۇ هالسىزلىنىپ كېتىدىغانلىقىنى بىلدى ـ
دە ، ئاتلىق قوغلىدى . جەرەن خېلى هالسىزلانغان بولسىمۇ ياۋاي-
لىقى ، ياۋا تەلۋىلىكى ، ياۋا كۈچى بىلەن جان تالىشىپ قاچماقتا
ئىدى . ئوماق ئۇنىڭغا يېقىنلىشىپ سالما تاشلىدى ، سالما جەرەن-
نىڭ مۈڭگۈزىگە ئىلىنىپ جايىغىلا يىقىلدى …

ئاتىسىنىڭ بېلىقتا سانجىيدىغان ئاددىي سانجىغاق بىلەن يول-
ۋاسنى قانداق ئۆلتۈرگەنلىكى ۋە ئۆزىنىڭ كېيىنكى تىرىكچىلىكى-
دە مۇهىم ئورۇندا تۇرىدىغان ئۇۋچىلىقنىڭ تۇنجى سىناق داۋىنى-
دىن ئۆتۈشتە پۇت ـ قوللىرىنىڭ تىترەپ ، يۈرىكىنىڭ سوقۇپ
كەتكەنلىكى ، جەرەننى قانداق چېنەپ ، قانداق ئاتقانلىقى ئوماقنىڭ

[1] تېپىلاڭ — ئات قىلى ياكى قوي يۇڭى يىپىدا يېيىسى قىلىپ ئېشىلگەن (ئۆرۈلگەن) تانا ، كاشا .

كۆڭۈل قاتلىرىغا ئۇنتۇلماس خاتىرە نەقىشى بولۇپ ئۇيۇپ قالدى ھەم بۇلار ئۇنىڭ تەڭتۇشلىرىغا پەخىرلەنگەن ھالدا سۆزلەپ بېرىدىغان سۆزى بولۇپ قالدى.

## 8

شامال كېلىۋاتقانلىق شەپىسى بولۇپ ئايقۇتنىڭ چانچىغلىرى[1] يېنىك يەلپۈنۈشكە باشلىدى. بۇ شەپىنى تۇيغۇن ئۇماقمۇ سەزدى. ئۇ:

— شامال كۈچىيىپ كەتكۈچە بىر ئىۋالىق[2] تاپساق بولىتتى. مەن قاراپ باقاي، — دەپ كالىدىن چۈشۈپ قۇرۇق ئېقىننىڭ ئەگىلىدىغان دوقمۇشىدىكى قۇم دۆۋىسىگە چىقتى. ئالدى تەرىپىگە قارىدى ـ دە، قۇم دۆۋىسىدىن چۈشۈۋېتىپ، — ئالدىمىزدا ئوبدان بىر ئىۋالىق باركەن. تېز بېرىۋالايلى، — دېدى ـ دە، يەنە كالىغا مىنىپ ئايقۇتقا يانداشىپ ماڭدى.

— ئىۋالىق يىراقتا ئەمەستۇ؟ — دەپ سورىدى ئايقۇت ئېرىگە قاراپ. شۇ تاپتا ئۇ ئۆزىدىن ئەمەس، قورسىقىدىكى بالىسىدىن ئەنسىرەيتتى. بالا ئات ئۈستىدە ئانىسىنىڭ باغرىدا تۇرۇپ قىمىدلىمىپ، پۇت ـ قولى ئۇيۇشۇپ قېلىۋاتقاندەك پات ـ پات مىدىرلاپ قوياتتى. بۇ چاغدا، ئايقۇت بالىسى خۇددى قۇچىقىدا پىلتىڭلاپ، پۇت ـ قولىنى ھەريان سوزۇپ ئويناۋاتقاندەك ئۆزىچە خۇشاللىقتا چۆمۈلەتتى، زوق بىلەن قورسىقىنى يېنىك سىلاپ قوياتتى.

— يىراقتا ئەمەس، شۇنداقتىمۇ ئىتتىكرەك ماڭايلى، — دېدى ئۇماق.

ئۇلار «چۇ، خى» دېيىشىپ، پۇتلىرىدا ئاستىدىكى ئۇلاغلىرىنىڭ بېقىنلىرىغا نىقتىشىپ تېزرەك مېڭىشقا زورلايتتى. توختاق كىچىك بولسىمۇ، قۇملۇق دالا تۇرمۇشىغا خېلى پىشقان بولغاچقا،

---

① چانچىغ — سېكىلەك، چېكە چاچ.
② ئىۋالىق  دالدىلىق.

ئالدىدىكى ئېشەك ، كالىلارنى قولىدىكى تايىقى بىلەن تېنىمەي باشقۇرۇپ كېلىۋاتاتتى .

جەگدىكەردىن[1] قايرىلىشىغا ئايقۇتىنىڭ كۆزىگە بىرنەچچە ئىۋالىق كۆرۈندى . بۇ ئىۋالىقلار بىرەر ئۆي ياكى يارداغلىق بولماي ، كەڭ قۇملۇقتا چوقچىيىپ تۇرغان بىرنەچچە توغراق تۈپلىرى[2] ئىدى . ئۇزاق ياشاپ قېرىغان ، تومۇر ، غوللىرىدىن نەم كېتىپ شاخلىرى قاقشاللىشىشقا باشلىغان بۇ توغراقلار ، ئەتراپىدا سۇ قۇرۇپ تۈگىگەنلىك تۈپەيلىدىن يىللارنىڭ ئاتەش ئىسسىقلىرىدا بىر - بىرلەپ پۈتۈنلەي قۇرۇپ كەتكەنىدى ، شامال - بوراندا شاخلىرى سۇنۇپ ، ئادەم بويى ئېگىزلىكتە ، بەزىلىرىنىڭ ئۇنىڭدىن ئېگىزرەك غوللا قالغان . بۇ كۆرۈنۈش كىشىگە قېرىپ مۈكچەيگەن ، بېقىمسىز قالغان غېرىب بوۋاي - مومايلارنى ئەسلىتەتتى .

ئۇلار مېڭىشنى تېزلەتتى ، ئىۋالىققا ئاز قالغاندا ، قېرىشقاندەك بىردىنلا شامال كۆچىيىپ كەتتى . ئوماق ئېشەك ، كالىلاردىن ئەندىشە قىلمايتتى ، ئۇلار بىر - بىرىگە چېتىپ قويۇلغاچقا ، بۆلۈنۈپ كەتمەيتتى ھەم يىراقلاپمۇ كەتمەيتتى . بۇ جانىۋارلار قۇملۇق شامىلىدا قانداق قىلىشنىمۇ بىلەتتى . مېڭىشقا بولمىغاندا شامالغا كەينىنى قىلىپ ، بېشىنى پەسكە قارىتىپ ، كۆزىنى يۇمۇۋېلىپ قىمىرلىماي تۇرۇۋېرەتتى ، ناۋادا قۇم تىزىغىچە ئۆرلەپ قالسا ، پۇتىنى قۇمدىن تارتىۋېلىپ جايىدا تۇرۇۋېرەتتى . ئۇلارنى تاشلىۋېتىپ كەتسىمۇ ، كېيىن تېپىۋالغىلى بولاتتى . ئوماق توختاق مىنگەن ئېشەكنىڭ چۇلۇۋرىنى قولىغا ئېلىۋېتىپ :

— ئىككى قولۇڭ بىلەن ئۇچالىقنى تۇتۇۋېلىپ ئالدىڭغا ئېگىشىپ چىڭ ئولتۇر . كۆزۈڭگە قۇم كىرىپ كەتمىسۇن ، — دەپ تاپىلىدى .

قۇملۇقتا شامالغا دۇچ كەلگەن ھەرقانداق جانلىق قۇمنىڭ

---

[1] جەگدىكەر — چېكە ، دوقمۇش ، ئەگىم .
[2] تۈپ — كۆتەك ؛ دەرەخنىڭ كۆتمەك تۈۋى («دىۋان» 3 - توم 164 - بەتتىمۇ شۇنداق دېيىلگەن) .

ئاۋارىچىلىكىگىمۇ، خەتىرىگىمۇ ئۇچرايدۇ، قۇم كۆز ئاچقۇزمىغاچقا، ئادەم نىشاننى قىياس قىلىشىپ، باشنى تۆۋەن قىلىپ مېڭىشقا مەجبۇر. شامال تىنىقلاپ ئەدىمەكتە، گويا تۈمەن مىڭ جىن - شاياتۇنلار ئالىتاغىل، ئېگىز - پەس، بوم - ئىنچىكە ئاۋازدا چىرقىراشقاندەك ھۇشقىيتماقتا، گۈركىرىمەكتە. شۇ تاپتا شامال قوينىدىكى ھەرقانداق مەۋجۇتلۇقنى ئۇچۇرۇپ - دومىلىتىپ قۇمغا كۆمۈۋېتىدىغان ئەلپازدا ئىدى. مېڭىش تەسلەشتى، لېكىن ماڭماي بولمايتتى. تۇزدە تۇرۇپ قېلىش بەك خەتەرلىك ئىدى، شۇڭا بىر قەدەم بولسىمۇ مىدىرلاپ تۇرغان ياخشى. مېڭىش قەدەملەپ، تىنىقلاپ قىيىنلاشتى. كۆزنى ئېچىپ نىشان تەرەپكە قارىۋېلىشقىمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئۇماق كالىدىن چۈشۈپ توختاقنى ئېشەكتىن كۆتۈرۈپ ئېلىپ كالىغا مىندۈردى. ئۆزى ئايقۇت بىلەن بالىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئاتنىڭ چۇلۋۇرى بىلەن كالىنىڭ بۇرۇندۇقىنى تۇتۇپ بېشىنى پەس قىلىپ گاھ مۇدۇرۇلۇپ، گاھ تىزلىنىپ قېلىپ، قۇملۇق ئادىمىگە خاس قەيسەرلىك، قارام غەيرەت بىلەن جېدەللەپ ئىلگىرىلىمەكتە. شامال، «سەن يامانمۇ، مەنمۇ» دېگەندەك تېخىمۇ ئەزۋەيلەپ ئەدىدى. ئەمدى بولمىدى، ئېشەك، كالىلارنى ئۆز مەيلىگە قويۇۋەتمەي باشقا ئىلاج يوق ئىدى. ئەگەر بىرىلا سۆرۈلۈۋېلىپ ماڭماي تۇرۇۋالسا، ھەممىسىنى قۇم باسىدۇ، ھەممىسى ئۆلىدۇ. قويۇپ بەرسە جانلىقلىرى ساق قالىدۇ، ئۆلەرمىنى ئۆلىدۇ. ئۇماق يېنىدىن پىچاقنى چىقىرىپ چۇلۋۇر، چېتىق، بۇرۇندۇقلارنى كېسىۋەتتى.

— بىر قەدەم بولسىمۇ، يېرىم قەدەم بولسىمۇ ماڭايلى، ئىمۋالىقتا ئاز قالدۇق، — دېدى ئۇماق ئاۋازىنى ئۈنلۈك چىقىرىپ، لېكىن ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئايقۇت بىلەن توختاق ئاران ئاڭلىدى.

ئات بىر نەرسىگە پۇتلاشقاندەك بولدى، مۇدۇرۇلۇپ ئالدى ئىككى پۇتى تىزلىنىپ قالدى. بۇ ئىش تۇيۇقسىز بولغاچقا، ئايقۇت ئاتنىڭ ئالدىغا دۈم چۈشۈپ: «ۋايجان!» دەپ توۋلىۋەتتى. ئۇماق شۇئان قولىدىكى ئات، كالىنىڭ چۇلۋۇر، بۇرۇندۇقىنى تاشلىۋې-

تىپ ئايقۇتنى يۆلىدى . يۆلەۋېتىپ ئۆزىمۇ بىر كۆتەككە يۆلىنىشىپ كەتتى . توختاقمۇ كالىدىن چۈشۈپ ئانىسىنىڭ يېنىغا كەلدى .
— ئاناڭغا ئوبدان قاراپ تۇر ، ئات ، كالىنىڭ چۇلۋۇر ، بۇرۇندۇقىنى قويۇپ بەرمە ، — ئوماق ئۇنلۇك ئاۋازدا بالىغا شۇنى تاپىلاپ قويۇپ ، شاماللىق قۇمنى يېرىپ ئالدىغا مېڭىپ كەتتى . ئۇن قەدەمچە مېڭىپ شامال - قۇمغا سىڭىپ كەتكەندەك كۆزدىن غايىب بولدى . توختاق ئات ، كالىنىڭ چۇلۋۇر ، بۇرۇندۇقىنى چىڭ تۇتۇپ ، ئايقۇتنىڭ يېنىدا شامالغا كەينىنى قىلىپ ئولتۇردى .
— ئاتاڭ كەلمەيدىغۇ ؟ — دېدى ئايقۇت ، قورسىقىنى تۇتۇپ تۇرۇپ .
شۇ تاپتا ئۇنىڭ قورسىقى ئاغرىۋاتاتتى . ئاتىنىڭ ئالدىغا دوم يىقىلغاندا قورسىقى ئاتىنىڭ بېشىغا تېگىپ كەتكەنىدى . شۇنىڭدىن-مىكىن ، بەك قاتتىق بولمىسىمۇ قورسىقى ئاغرىۋاتاتتى . مەھەللە-دىكى قوشنا ئاياللارنىڭ : «تولغاقسىنغاندا ئادەمنىڭ قورسىقى ئۇن-داق ئاغرىيدۇ ، مۇنداق ئاغرىيدۇ» دېگەن ئاغرىقى مۇشۇمىكىن . ئاچچىق سانجىپ ئاغرىمىغىنىغا قارىغاندا ئەمەستۇ . شۇنداق بولۇپ قالسا قانداق قىلارمەن ؟ بالا ئەجەب بايىقىدەك مىدىرلىمايدۇيا ؟ تۇرۇپلا ئايقۇتنى قورقۇنچ باستى .
— قاراپ باقە ، ئاتاڭ ...
ئايقۇتنىڭ گېپىنىڭ ئاخىرى چۇشكۈچە بىر نەرسە ئۇلارنىڭ يېنىغا دومىلىغاندەك كېلىپ توختىدى .
— ئايقۇت ، ئىۋالىقا كېلىپ قاپتۇق ، ماڭالىمۇ ؟ ...
ئايقۇت چۆچۈپ يېنىغا قارىدى ، يېنىدا ئوماق تۇراتتى ، ئايقۇت قۇملۇق شامالدا ئېرىنى ئاران ئىلغا قىلدى . ئاۋاز ئېرىنىڭ ئاۋازى ئىدى . ئايقۇتنىڭ يۈرىكى جايىغا چۈشتى .
— ماڭايلى ، — دېدى ئايقۇت ، ھۆمۈدەپ تۇرۇپ پەس ئاۋازدا .
ئۇ قورسىقىنىڭ ئاغرىۋاتقانلىقىنى ئېرىگە ئېيتمىدى ، ئۇنىڭسىزمۇ ئۇنىڭ غېمى ، يۈكى ئازمۇ ؟ ئېرىنى تېخىمۇ تېنىتىپ ، جىددىيلەش-تۈرۈپ غېمىنى ئاشۇرغۇسى كەلمىدى ، ئايىدى .

ئۇماق ئايقۇتنى ئاتقا ئاۋايلاپ مىندۈردى، ئۆزەڭگىدىكى پۇتىنى تۇتۇپ ئوڭشاپ قويدى.

— چۇلۋۇرنى بەك تارتىۋالما، پۇتۇڭنى كالىنىڭ بېقىنىغا چىڭ چاپلاپ ئولتۇر، ھېلىلا يېتىمىز، — دېدى توختاقنى كالىغا مىندۇرۇۋېتىپ.

— ئېشەك، كالىلارنى قانداق قىلىمىز؟ — سورىدى توختاق.

— كارىڭ بولمىسۇن، كېيىن تېپىۋالىمىز.

شاۋقۇنلۇق دېڭىز دولقۇنىنى يېرىپ غايقاڭلاپ[1] كېتىۋاتقان كاراپتەك، ئۇلار قۇملارنى قۇيۇندەك ئۇچۇرۇپ، چىرقىرىغاندەك ھۇشقىيتىپ قۇم دېڭىزىنى بىر ئالغان قاتتىق شامالغا قارشى بىر قەدەمدىن - بىر قەدەمدىن ئىلگىرىلىمەكتە. ئايقۇتنىڭ كاللىسىدا ئۇۋالىقا بېرىۋالساق بولاتتى، دېگەن بىرلا غەم بار ئىدى. قورسىقى يەنە ئاغرىۋاتقان بولسىمۇ، بايىقىدىن بوشىغانىدى.

— يېتىپ كەلدۇق!

ئايقۇت كۆزىگە قۇم كىرىپ كېتىشىنىمۇ خىيالىغا كەلتۈرمەي بېشىنى كۆتۈرۈپ قارىدى. ئالدىدىلا ھەربىرىگە ئىككى ئادەمنىڭ غولىچى يەتمىگۈدەك چوڭلۇقتىكى ئون نەچچە تۈپ توغراق تۈۋى گويا مۇشۇ قۇملۇقنىڭ پاسىبانلىرىدەك يوغان گەۋدىسىنى كېرىپ چوقچىيىپ تۇراتتى ...

«ئەمدى ئۇلارنى يۇتۇپ كېتەلمەيدىغان بولدۇم» دېگەندەك شامال ئاستا - ئاستا پەسكويىغا چۈشتى، كەڭ قۇملۇق يەنە ئۆزىنىڭ سۈرلۈك جىمىلىقىغا چۆكتى.

ئېشەك يىراقتا كەتمەپتۇ، ئۇنى توختاق تۇتۇپ كەلدى، ئايقۇت مېڭىشقا ئالدىرايتتى. قورسىقىنىڭ تۇرۇپ - تۇرۇپ ئاغرىشى ئۇنى قورقۇنچقا سالاتتى. ئادەم بار بىرەر جايغا بېرىۋېلىشقا ئالدىرايتتى. ئاخىر بولماي ئەھۋالنى ئۇماققا ئېيتتى. ئۇماق:

— ھەي ئايقۇت، ھەي ئايقۇت، نېمىشقا ۋاقتىدا ماڭا ئېيتمىدىڭ. سەندە بىزگە خۇدا بەرگەن يەنە بىر جان بار

[1] غايقاڭلاپ — ئىرغاڭلاپ، ئېغىپ، لەپەڭلەپ.

جۇمۇ ! — دېدى - دە ، يۇگۇرگىنىچە ئالدىدىكى ئېگىز قۇم دۆۋە-سىگە چىقتىيۇ ، شۇئان دومىلىغاندەك ئىتتىك يېنىپ چۈشتى .

— ئالدىمىزدا ئون نەچچە ئۆي تۇرىدۇ ، ئادەم باردەك قىلىدۇ ، تېز ماڭايلى ، — دېدى - دە ، كېلىپلا ئايقۇتنى ئاتقا مىندۇردى . توختاقۇقا قاراپ : «ئېشىكىڭىگە مىن» دەپ قويۇپ ئۆزى كالىغا مىندى .

## 9

ئۇماق ئالدىراپ قالدى ، ئالدىرىمايمۇ بولمايتتى . ئايقۇتنىڭ ئاي - كۈنى يېقىنلىشىپ قالغانىدى . ئۇنىڭ ئاتتىن يىقىلىشى ئۇماقنى جىددىيلەشتۇرۇۋەتتى . ئۇ پۈتى بىلەن كالىنىڭ بېقىنىغا نىقتايتتى . ئۇزمەي «هوش» دېگەچ ، بۇرۇندۇقنىڭ ئۇچى بىلەن كالىنىڭ سۆڭگىچىگە ئۇراتتى ، كۆزى ئايقۇتتا ئىدى .

ئادەم ئۇنىنى ئاڭلىدى بولغاي ، ئۆيلەردىن ئون نەچچە ئەر - ئايال چىقتى . كەلگۈچىلەرنىڭ مۇشۇ قۇملۇق ئادەملىرى ئىكەنلە-كىنى قاراپلا بىلدى - دە ، ئۇلارنىڭ ئالدىغا كېلىشتى . ئۇماق كالىدىن چۈشۈپلا توپ ئىچىدىكى قويۇق ئاق بۇمبۇر ساقاللىق كىشىنىڭ ئالدىغا كېلىپ سالام بەردى ، ئاندىن ئۆزلىرىنىڭ نەدىن كېلىۋاتقانلىقى ، نەچچە كۈن يول ماڭغانلىقىنى ، ئايقۇتنىڭ ئەھۋالى ۋە ئۇنىڭ ئاتتىن يىقىلىپ چۈشۈپ ، قورسىقىنىڭ ئاغرىپ كېتىۋات-قانلىقىنى ئېيتتى . قاتتىق شامالدا قالغانلىقىنى دەپ يۇرۇشنىڭ ئورنى يوق ئىدى . ياشانغانراق ئاياللاردىن ئىككىسى كېلىپ ئايقۇتنى ئاتتىن ئاۋايلاپ چۈشۈرۈپ قولتۇقىدىن يۆلەپ ئۆي تەرەپكە ئېلىپ ماڭدى . ئايقۇتنىڭ چىرايى ئاچچىق بىر نەرسە يۇتۇۋالغاندەك تۈرۈ-لۈپ تۇراتتى .

— قورسىقىڭىز تۇرۇپ - تۇرۇپ سانجىپ ئاغرىۋاتامدۇ ؟ — دەپ سورىدى يۆلەپ كېتىۋاتقان ئاياللىنىڭ بىرى .

ئايقۇت «شۇنداق» دېگەن ئىشارەتتە بېشىنى لىڭشىتىپ

قويدى .

— بۇ نەچچىنچىسى ؟ — سورىدى يەنە ھېلىقى ئايال .

ئايقۇتنىڭ يۈزى ۋىللىدە قىزاردى .

— تۆنجىسى .

ئىككى ئايال بىر ـ بىرىگە قاراپ قويۇشتى .

— ئالتۇن ! — ئايقۇتتىن گەپ سورىغان ئايال توپ ئىچىگە قاراپ دېدى ، — بىزنىڭ ئۆيگە ئورۇن راسلاپ قوي .

— قانداقراق ؟ — جىددىيلەشكەن ئۇماق ھېلىقى ئايالدىن سورىدى .

— ئاتتىن يىقىلغاندىن بولدىمىكىن ، بالا بالدۇر تۇغۇلىدىغان ئوخشايدۇ ، كۆرۈپ باقايلى ، — دەپ جاۋاب بەردى ھېلىقى ئايال .

توپ ئىچىدە يەنە ياش ـ قېرى ئونچە ئايال ، سەككىز ئەر ، ئىككى كىچىك قىز ، تۆت ئوغۇل بالىمۇ بار ئىدى . ئالتۇن دېيىلـ گەن ياش ئايال يەنە بىر ئوتتۇرا ياش ئايالغا بىرنېمىلەرنى دەپ قويۇپ ئۆيگە كىرىپ كەتتى .

بومبۇر ساقال كىشى ئۇماقتىن سورىدى :

— سۆگەتبۇلاقتا كىمنىڭ بالىسى سەن ؟

— تۇراق ئاتىنىڭ .

— ھوي ، ھېلىقى تۇراق يولۋاسنىڭمۇ ؟

— ھەئە .

— ئاڭلىسام تۇراق ئۆلۈپ كېتىپتۇ ، قاچان كەتتى ؟

— ئون يىل بولدى .

— مېنىڭ قانچىلىك ياشقىنىمنى بىلەمسەن ؟ مەن ئۇزاق ياشىدىم . زادى قانچىلىك ياشقىنىمنى ، قانچە ياشقا كىرگىنىمنى ئېنىق ئېيتىپ بېرەلمەيمەن . زېھنىم خىرەلەشتى ، شۇنداقتىمۇ ھازىرمۇ بەزىدە ئوۋغا چىقىپ تۇرىمەن . دەريا ، كۆللەرگە كېمىلىك كىرىپ بېلىق تۇتۇپ كېلىمەن ، ئەمما يەنىلا بەك ياشىنىپ قالدىم ، بەك قېرىپ كەتتىم . مەنمۇ كېتىمەن ، كېتىدىغىنىمغىمۇ كۆپ قالمىدى …

بوۋاينىڭ گېپى توگىمىگەنىدى ، ئۆي ئىچىدىن ئايغۇتىنىڭ جان ئاغرىقىدا ۋارقىرىغىنى ئاڭلاندى . ئوماق ئىتتىك مېڭىپ ئۆينىڭ ئالدىغا كەلدى . باشقىلارنىڭمۇ دىققىتى ئۆيدە ئىدى . بىر ئايال ئۆيدىن بېشىنى چىقىرىپ ، ئوماققا :

— كىرمەي تۇرۇڭ ، — دېدى .

جىددىيلىك ، تەقەززالىقتا بىردەملىك ۋاقىت ئۆتتى . بۇ ۋاقىت ئوماققا بىر كۈن ، بىر ئاي ھەتتا بىر يىلدەك ئۇزاق بىلىنىپ كەتتى . ئۆي ئىچىدىن پات - پات ئايال كىشىنىڭ : «كۈچەڭ» ، «ئىنجىقلاڭ» دېگەن ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى . بىر كەمدە ئۆي ئىچىدىن جاننى لەرزىگە سېلىپ قىرقىرىغان ئاۋاز ئاڭلاندى . ئۆيدىن ھېلىقى ئالتۇن ئاتلىق ئايال چىقىپ ئۇنلۇك ئاۋازدا :

— سەگدىدى[1] ، بوۋرە ! ئوغۇل ! — دەپ بولۇپ ، — سۆيۈنچە ، — دېدى .

ئوماق شۇئان بېرىپ توختاقنىڭ قولىدىن ئاتنىڭ تىزگىنىنى ئېلىپ يېتىلەپ كەلدى - دە :

— مانا سۆيۈنچە ! — دەپ ئاتنىڭ تىزگىنىنى ئالتۇننىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ قويۇپ ، ئۆيگە ئوقتەك ئېتىلىپ كىرىپ كېتىپ زاكىلانغان بوۋاقنى كۆتۈرۈپ چىقتى . بىرئاز ئويلىنىۋېلىپ :

— يول ، سەپەر ئۈستىدە ، جاپا - مۇشەققەت ئىچىدە تۇغۇلغان ئوغلۇمنىڭ جىنى تۆمۈردەك چىڭ بولسۇن ! ئېتى تۆمۈر ! — دېدى ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ .

بۇ 1860 - يىلى 4 - ئاينىڭ ئاخىرقى كۈنلىرىنىڭ بىرى ئىدى .

ئەر - ئاياللارنىڭ ھەممىسى ئوماقنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئۇنى مۇبارەكلىدى . بوۋاقنى قولدىن قولغا ئېلىشىپ : «تۆمۈر - تۆمۈر !» دېيىشىپ پېشانىسىگە سۆيۈپ قويدى .

— تۇراق يولۋاس ئوغلى ، قالۇچى ئوماق ، بىزگە يەنە بىر

---

[1] سەگدىدى يەڭگىدى . تۇغدى («دىۋان» 3 - توم ، 574 - بەتتىمۇ شۇنداق) .

قالۇچى قوشۇپ بەرگىنىڭگە بارىكاللا ساڭا! — دېدى بوۋاي، ئوماقنىڭ ئىككى قولىنى چىڭ تۇتۇپ تۇرۇپ.

ئوماق بوۋاينىڭ گېپىدىن گاڭگىراپ قالدى. ئاتىسىنىڭ ئېيتىشچە، ئۇلار قاراقوشۇنلۇق[1] ئىدى. ئەمما بوۋاي ئۇنى «قالۇچى» دەۋاتىدۇ. «بۇ قانداق گەپ، مەيلى مەن قالۇچىمۇ بولاي، بۇنى بۇ بوۋاي قانداق بىلىدۇ، نېمىگە قاراپ بۇنداق دەيدۇ؟»

— بوۋا، مېنى نېمىگە قاراپ قالۇچى دەيسەن؟

— بۇنى كېيىن ئېيتىپ بېرەي. هازىر ئايقۇتۇڭ بىلەن يېڭى قالۇچى تۇمۇرۇڭنىڭ غېمىنى قىلايلى، — بوۋاي ئوماققا مۇشۇنچىلىك جاۋاب بېرىپ قويۇپ يېنىدىكىلەرگە ئىش تاپشۇردى.

ئايقۇتقا قاراۋاتقان ئىككى ئايالدىن باشقىلىرى — ئەر - ئايال، چوڭ - كىچىك هەممىسى بەزىلىرى قولىغا باگان، پالتا، ئارغامچىلارنى، بەزىلىرى ئورغاق، تاسلارنى ئېلىشىپ ئۆيلەرنىڭ ئارقا تەرىپىگە ئۆتۈپ كېتىشتى. باياتىندىن بېرى پۈتۈن دىققىتى خوتۇنىدا بولۇپ قالغان ئوماق ئەمدى ئەتراپقا نەزەر سېلىشقا باشلىدى.

مەهەللىنىڭ ئوماقلار كەلگەن تەرىپى قۇملۇق بولغىنى بىلەن نېرىقى تەرىپىدە بىر كۆل، كۆلنىڭ ئەتراپى قويۇق چاتقاللىق، قومۇشلۇق، بەزى جايلىرى بۆككىدە يېكەنلىك. نېرىسىدا يوپۇرماقلىرى بىخ يېرىپ چىقىپ ئەمدىلا تەڭگىچىلىك بولغان، بۇ قۇملۇق دالىغا يېشىللىق بېغىشلاۋاتقان بوك توغراقلىق كەڭ يېيىلىپ تۇراتتى.

كۆپ يىللار ئىلگىرى كۆلنىڭ يۇقىرىسىدا كىچىكرەك بىر تارماق دەريا بار ئىدى. دەريا سۈيى مۇشۇ ئەتراپقا كەلگەندە قۇمغا سىڭىپ كەتكەندەك ئازلاپ قالاتتى، ئازلا قىسمى ئاياغقا ئېقىپ كېتەتتى. بۇ قىسىممۇ پايانسىز قۇملۇقتا ئۇياققا ئېقىپ، بۇياققا ئېقىپ، ئېگىز - پەس قۇم دۆۋىلىرى ئارىلىرىدا يوقاپ كېتەتتى، قۇمغا سىڭىپ كېتەتتى، يەنە بىر يەرلەردىن يول تېپىپ چىقىپ

---

[1] لوپنورلۇقلار ئۆزلىرىنى «قاراقوشۇن»، «قالۇچى»، «ئابدال»، «جوداخ — يانلار» دەپ تۆت قەبىلىگە ئايرىيدۇ. بۇلاردىن «قارا قوشۇن»، «ئابدال»لار چوڭراق قەبىلە.

كىچىك ـ كىچىك ئېقىن ياكى كۆللەرنى ھاسىل قىلاتتى . بۇ كۆل
شۇ دەريانىڭ قۇمغا سىڭىپ كەتكەن سۈيىنىڭ بۇلاق بولۇپ چىقى-
شىدىن پەيدا بولغان . شۇڭا بۇ كۆل «بۇلاقكۆل» دەپ ئاتىلىپ
قالغان . دەريا ئېقىش يولىنى ئۆزگەرتىپ تېخىمۇ يىراققا يۆتكىلىپ
كەتكەندىن كېيىن ، كۆل سۈيى بەزى چاغلاردا سەل ئازلاپ قالسى-
مۇ ، تۇرۇپلا يەنە كۆپىيىپ قالاتتى ، ھەرگىز قۇرۇپ كەتمەيتتى .
بۇ مەھەللىدىكى كىشىلەر ئەسلىدە قاراقوشۇن كۆلى ئەتراپى-
دىكى «قالۇچى» دەپ ئاتىلىدىغان چوڭ بىر توپ ئىچىدىكى بىر
جەمەت كىشىلىرى ئىدى . ئۇ يەردە بولغان بىر قىتىملىق كېسەل
ۋە قۇرغاقچىلىق ئاپىتى تۈپەيلىدىن كۆچ ـ كۆچ بولغاندا ، بۇ
جەمەتتىكىلەر مېڭىپ ـ مېڭىپ مۇشۇ بۇلاقكۆل بويىغا كېلىپ
توختاپ قالغانىدى . بومبۇر ساقاللىق بوۋاي مۇشۇ جەمەتنىڭ ئاقسا-
قىلى ، چوڭ ـ كىچىك ھەممىسى ئۇنى «قاناقا»[1] دەپ ئاتىشاتتى ،
ئۇنىڭ ئاغزىغا قارايتتى ، گېپىنى يېرمايتتى . بۇگۈن مەھەللىدىكى-
لەر قاناقانىڭ قوزغىتىشى بىلەن ئوماقلارغا ۋاقىتلىق تۇرالغۇ قى-
لىپ بېرىش ئۈچۈن «ئۆي» سېلىپ بەرمەكتە . ئەرلەر توغراقلىق-
تىن ياغاچ كېسىپ ، كالا ، ئېشەكلەرگە ئارتىپ ـ سۆرىتىپ ئېلىپ
كېلىشتى . ئاياللار ، باللار بولسا كۆل بويلىرىدىن غالدىراڭ قو-
مۇش[2] ، يېكەنلەرنى ئورۇپ كېلىشتى .
ئاز كەم ئىككى غۇلاچچە ئۇزۇنلۇقتىكى تومراق ياغاچتىن
سەككىزنى تۆت بۇلۇڭلۇق قىلىپ سەككىز يەرگە تۈۋرۈك قىلىپ
قۇمغا چوڭقۇر قىلىپ باقانا[3] كۆمدى ، ئۈستىگە بايران[1] قويۇپ باغ-
لاپ ، بىر ـ بىرىگە چېتىپ «ئۆي» نىڭ گەۋدىسىنى تىكلىدى ،
ئاندىن ئاستى بىلەن بايران ئارىلىقىنى ئۆلچەپ ئوخشاش ئارىلىق
قويۇپ يەنە ئىچى تەرەپتىن ئىككى جايغا چېتىق باغلىدى . قۇم
ئۈستىگە قويۇلغان ئاستىنقى چېتىقنى ياقىلىتىپ قۇمنى تارتىپ

---

① قاناقا   چوڭ بوۋا ، ئۇلۇغ بوۋا ، بوزرۇكۋار .
② غالدىراڭ قومۇش — مەخسۇس بورا توقۇشقا ئىشلىتىلىدىغان يوغان قومۇش .
③ باقانا  ـ  قومۇش ئۆينىڭ بۇلۇڭ (تۈۋرۈك ) ياغىچى .
① بايران  قومۇش ئۆينىڭ ئۈستۈنكى يان ياغىچى .

ئىرىقچە چىقىرىپ ، غالدىراڭ قومۇشنىڭ تۈۋى تەرىپىنى ئىرىقچىد-
لارغا قويۇپ چىتىقلارغا يۆلەپ كۆمدى . ئۆيگە شامال ، قۇم كىرىپ
كېتىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن قومۇش سىرتىغا بىر قات قېلىن
قىلىپ يېكەن قويدى ، قومۇش ، يېكەنلەرنى باسۇرۇپ ئۈستىدىن
يەنە ئىككى باسۇرۇق چىتىق قويۇپ باغلىدى . ئۆگزىگىمۇ گۆسۈ-
لەرنى[1] قويۇق قويۇپ قومۇش ، يېكەن سالدى . ئۇنىڭ ئۈستىدىن
باسۇرۇق قىلىپ ياغاچ - بادرىلارنى قويۇپ ئۈستۈنكى چىتىققا
بىرمۇبىر باغلىدى . قولمۇقول تۈتۈش قىلىپ قالاچ قاناقانىڭ ئۆيى-
گە يېقىن جايغا كىچىك - كىچىك ئۈچ ئېغىزلىق ئۆي بەرپا
قىلىشتى . ئىككى ياندىكى ئۆيگە ئازراق پالتۇكلۇق[2] يەر قويۇپ ،
يەر ئۈستىگە چوڭراق ياغاچ قويۇپ توسۇپ ، ئىچىنى قۇم بىلەن
تولدۇرۇپ سۇپا چىقاردى ، سۇپا ئۈستىگە قېلىن قىلىپ يېكەن
يېيىتتى . ئاندىن يەنە قاناقانىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە بەزى
ئۆيلەردىن ئۇنى - بۇنى ئېلىپ چىقىپ ئوماقلارنىڭ ئۆيىنى بىر
قۇر سەرەمجانلاپ بەردى . ئوماقلار قومۇش ئۆينى جىق ياسىغان ،
جىق ئولتۇرغان ، ئەمما بۇنچىلىك تۈجۈپىلەپ ياسىمىغان . بۇ يەر-
دىكى بەزى قالۇچىلارنىڭ ئۆيلىرىمۇ بۇنچىلىك پۇختا ئەمەس ئىدى .
ئوماق بۇنى قالاچ قاناقانىڭ ئۆزلىرىگە قىلمۋاتقان ئالاھىدە ئىلتىپا-
تىدىن بولغانلىقىنى ھېس قىلدى ۋە تەسىرلەندى ، يەنە تېخى ئايقۇتقا
قارىشىشقا ئالتۇن دېيىلگەن ھېلىقى ياش ئايالنى ئورۇنلاشتۇرۇپ
قويدى . قاناقانىڭ يول كۆرسىتىپ تۇرۇشى ئارقىسىدا ئىشلار ئەنە
شۇنداق پۇختا ، ئىنچىكە پۈتكۈزۈلدى . ئوماقلار بۇ يەردىن كەتكۈچە
تاماقنى قاناقا بىللە يەپ تۇرىدىغان بولدى .

ئوماق ئۆينى تۈزەشتۈرۈپ بولغاندىن كېيىن ، ئىككى ئايال
ئايقۇتنىڭ بېشىنى چىڭ چۆمكەپ كۆتۈرۈپ ئىچكەركى ئۆيگە ياتقۇ-
زۇپ قويدى . بوۋاق دۇنياغا تېخى بايىلا كۆز ئاچسىمۇ : «مەن
نەدىن نەگە كېلىپ قالدىم ؟» دېگەندەك ، كۆزىنى يوغان ئېچىپ

---

① گۆسۈ — چەنزە ، بادرا .
② پالتۇك — بوسۇغا ؛ پەگاھ .

تورۇسقا قاراپ ياتاتتى . ئايقۇت بېشىنى كۆتۈرۈپ قارىدى ، قارىغاندېرى بالىسىنى يۈرىكىگە چاپلاپ ، ئەت - باغرىغا باسقۇسى كەلدى . ئايقۇتقا شۇ تاپتا بالا يۈزى كۆرگەندىنمۇ ئارتۇق يەنە بىر باشقا خۇشاللىق يوق ئىدى . ئۇ بالا يۈزى كۆردى ، ئون يىل زارىققان ، تەقەززا بولغان ، ئارزۇلىغان ئايدەك چىرايىنى كۆردى . ئۇماقمۇ خۇشاللىق ئالىمىدە پەرۋاز قىلاتتى . ئۇ ئۆزىنىڭ مانا ئەمدى ھەقىقىي ئاتا بولغىنىدىن قەۋەت خۇشال ئىدى . ئۇنىڭ كۆزىمۇ بالىنىڭ كۆزىدە ، گويا بالىسىنى كۆزى بىلەن يەپ كېتىدىغاندەك .

ئۇماق ئىشلاردىن كۆڭلى خاتىرجەم بولغاندىن كېيىن سىرتقا چىقتى . قالاچ بوۋاي ئۆيى ئالدىدا بىرىگە قوي سويدۇرۇۋاتاتتى . ئۇماق قوينى كىم ئۈچۈن سويدۇرۇۋاتقانلىقىنى بىلدى[1] . بوۋاينىڭ ئالدىغا بېرىپ ئۇنىڭغا كۆپتىن - كۆپ مىننەتدارلىقىنى ئېيتتى ، ئاندىن قالاچ قاناقادىن :

— قاناقا ، بايا سەن بىزنىمۇ قالۇچى دېگەندەك بىر گەپنى قىلدىڭ . ئېيتقىنا قاناقا ، قالۇچى زادى قانداق جەمەت ؟ — دەپ سورىدى .

— قالۇچىمۇ… — قاناقا كۆزىنى يىراق ئۇپۇققا تىكتى ، ئاندىن بېشىنى كۆتۈرۈپ كۆككە تىكىپ تۇرۇپ كەتتى . قاناقا ئۇ تۇرقىدا خىيال سۈرۈۋاتاتتى . خىيال ئالىمىنى كېزىۋاتاتتى . تۇرۇپ - تۇرۇپ قوشۇمىسى تۈرۈلۈپ ، كۆزى بىر نۇقتىغا تىكىلىپ توختاپ قالغاندەك بولاتتى . ئۇ نېمىنى خىيال قىلىۋاتىدىكىن ؟ بەلكى ئاتا - بوۋىسى ئېيتىپ بەرگەن ، ئۇزاق ئۆتمۈشتىن قالغان ، چۈشىمىكىن دېسە ، بولغان ئىشتەك ، رىۋايەتمىكىن دېسە ، راست ئىشتەك تۇيۇلىدىغان ، بەكمۇ ئۇزاق قەدىمدە قالغان ئەجدادلىرىنىڭ كەچۈرمىشلىرىنى ھەم ئۆز سەرگۈزەشتىلىرىنى ئويلاۋاتامدىكىن .

ئۇماق قاناقاغا قايتىدىن زەن سېلىپ قارىدى . بوۋاي خۇددى كېچىدىكى قۇملۇق بوراندا ئۇلارغا دالدا - پاناھلىق بولغان ، ئىككى

---

[1] لوپنورلۇقلار ئەنئەنىسىدە ئۆي ھايۋانلىرىنى ئوغايلىقچە ئۆلتۈرمەيدۇ . ئۆيگە بىرەر ئەزىز مېھمان كەلگەندە ئالدىغا ئېلىپ چىقىپ قويىدىغان بېلىق ياكى تەييار گۆشى بولمىغان ئەھۋالدا قوي سويىدۇ .

ئادەمنىڭ غولىچى ئاران يېتىدىغان توغراقتەك يوغان گەۋدىلىك، بەستلىك ئىدى، پېشانە - يۈزلىرىنى قاقشال توغراقنىڭ قوۋزىقىدىكى چوڭقۇر يېرىقچىلاردەك سانسىز تىلىم - تىلىم قورۇقلار قاپلىغانىدى، ئۇقارنىڭ[1] قورسىقىدەك ئاپئاق بومبۇر ئۇزۇن ساقىلى مەيدىسىنى يېپىپ كىندىكىگىچە چۈشۈپ يېيىلىپ تۇراتتى، پېشانە - يۈزلىرىدىكى قورۇقلار بىلەن ئۇزۇن ئاپئاق ساقىلىلا قاناقانىڭ ئۇزاق ياشىغانلىقىغا گۇۋاھلىق بېرىپ تۇراتتى.

ئوماقىنىڭ قولىقى قاناقادا، «قالۇچى» دېگىنى زادى قانداق قەبىلە، قانداق جەمەتتۇ؟

---

① ئۇقار -- قانات - پەيلىرى رەڭدار، ئەتىۋارلىق بىر خىل قۇش.

# ئىككىنچى باب

# قالۇچىلار مەھەللىسىدە

*«بىزنىڭ ئۇرۇقىمىز سىبىنىڭ دەرىخىنىڭ ئۇرۇقىدىن».*

— «ئوغۇزنامە» دىن.

*«ئۇيغۇرلار ماكانى شەرقشۇناسلىقتا ئەپسانىۋى بىر دۇنيادۇر».*

— پ. پ. سىمىنوف (رۇسىيە).

## 1

قاناقانىڭ كۆزى يەنىلا چېتى يىراق ئۇپۇق سىزىقى بىلەن كىرىشىپ كەتكەن پايانسىز قۇملۇققا گويا ئۇنىڭدا ھازىرلا بىرەر ھېكمەت، مۆجىزە يۈز بېرىپ قالىدىغاندەك تىكىلىپ تۇراتتى. ئۇ شۇ تاپتا ئۇزاق ئۆتمۈشتىن قالغان، ئاتا - بوۋىلىرى ئېيتىپ بەرگەن ئەپسانە - چۆچەك، داستان - رىۋايەتلەر ئۈستىدە خىيال يۈرگۈزمەكتە ئىدى. يېشى ئۇلغايغانسېرى، ئۇ بۇ داستان، رىۋايەتلەردە ئېغىزغا ئېلىنىدىغان ئادەملەر، يەر - جايلار توغرۇلۇق كۆپ ئويلىنىدىغان بولۇپ قالدى، گاھىدا بىر قۇم دۆۋىسى ئۈستىگە

چىقىپ ئولتۇرۇپ ، گاھىدا ئۆزە تۇرغىنىچە يىراق - يىراقلارغا ئۇزاققىچە قاراپ تۇرۇپ كېتەتتى . «ئۇلامبەردىخان قايسى شەھەر-نىڭ خانى . ‹چوڭشەھەر › دېگىنى زادى قەيەر ؟ بوۋىلار ئېيتىدىغان كۆلشەھەر ، مىرەن ، توپاشەھەرلەر قاچانقى ، قانداق شەھەرلەر بول-غىيتتى ؟ كۆلشەھەر بىلەن مىرەننىڭغۇ ئىز - خارابىلىرى بار . توپاشەھەرنىڭ نامىدىن باشقا ئۇ يەردە شەھەر - يۇرت بولغانلىقىنى كۆرسىتىدىغان ھېچقانداق ئالامەت يوق . يۇلغۇن ، چاچاق قاپلىغان قۇم دۆڭلىرىدىن باشقا ھېچ نەرسە يوق ، ھەتتا يېقىن - يىراق ئەتراپىدا بىرەر تۈپ دەرەخمۇ يوق . بۇ شەھەرلەردىن باشقا يەنە چاقمپەلەك[1] ، شەھىرى كىتىك ، شەھىرى بۇجۇم … نېمىدېگەن كۆپ شەھەرلەر ، ئەجەب ئەجدادلىرىمىز بۇ شەھەرلەر ياكى ئۆزلى-رى توغرۇلۇق بىرەر سىرتىقمۇ[2] قالدۇرماپتىكەن . دادامنۇ بۇ توغ-رۇلۇق ھېچ نەرسە دەپ بەرمىگەن . ئاتامغۇ ئۇ ھەقتە ئېغىز ئېچىپ باقمىغان . دەپ بەرگىنى پەقەت ، ئۇنداق بوپتىكەن ، بۇنداق بوپتى-كەن ، دەيدىغان رىۋايەتلەر » . قالاچ قاناقا ئۇ رىۋايەتلەر ئۇستىدە ئەپسۇسلىنىپ تۇرۇپ ئەنە شۇنداق ئويلايتتى . ئۇ رىۋايەتلەرمۇ ئەسىرلەر داۋامىدا رەڭلىرى ئۆڭۈپ ۋە كىمدۇر بىراۋلار تەرىپىدىن ئۇستىدىن يەنە رەڭ بېرىلىپ ، بۇ رەڭلەرمۇ ئۆڭۈپ ۋە ئۆچۈپ ئەسلىي ھالىتىنى پەرق ئەتكۈسىز بولۇپ كەتكەن تام رەسىملىرىگە ئوخشاپ قالغان . بۇ رەسىملەرنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشتە ھەركىم ئۆز خاھىشى ، قايسىبىر رەڭنى ياقتۇرۇش - ياقتۇرماسلىقى ، رەڭلەرنى ماسلاشتۇرۇش ماھارىتى بويىچە بوياق بېرىشىدۇ ، ئاندىن ئۇنىڭغا چۈشەندۈرۈش ، ئىزاھاتلارنى چاپلىشىدۇ . خۇددى شۇنىڭغا ئوخ-شاش ئەجدادلاردىن قالغان رىۋايەتلەر زاماندىن زامانغا ، ئېغىزدىن ئېغىزغا ، قۇلاقتىن قۇلاققا ئۆتۈش جەريانىدا ئاز - تولا بەلكى خېلى چوڭ قوشۇپ قويۇش ياكى چۈشۈرۈپ قويۇش ، چىقىرىۋېتىشتەك

---

[1] چاقمپەلەك — بەزىلەر بۇ شەھەرنىڭ ئورنىنى تەكلىماكاننىڭ شىمالىدا ، بوگۇر بىلەن لوپنۇر ئارىسىدا ، بوگۇرنىڭ خەنزۇچە ئاتىلىشى بولغان «لۇنتەي» ، «چاقمپەلەك» نىڭ مەنەن تەرجىمىسىدىن كەلگەن ، دەپ قارايدۇ .

[2] سىرتىق - دېرەك ، ئۇچۇر ، خەۋەر («دىۋان» 1 - توم ، 605 - بەت ) .

ھەر خىل قىسمەتلەرگە دۇچار بولغاندۇ .

ئەجدادلار توغرىسىدىكى رىۋايەتلەرنى قاناقاغا دادىسى[1] ئېيتىپ بەرگەن ، بوۋىسىدىن ئاڭلاش نېسىپ بولمىغان . بوۋىسى ئۇ تۇغۇلۇشتىن بۇرۇن ئۆلۈپ كەتكەن . ئۇلارنىڭ يۇرتىدا نەدىن ، قاچانلاردا كېلىپ قالغانلىقى نائېنىق ، ئۆزىنى چۆچەك - رىۋايەتچى دەۋالىدىغان بىر قېرى بار ئىدى . قالاچ قاناقا ئۇنىڭدىنمۇ ئۇزاق ئۆتمۇش ۋە ئەجدادلار توغرىسىدا چۆچەك ، رىۋايەتلەرنى ئاڭلىغان . ئۇنىڭ ئېيتقىنى بىلەن دادىسىنىڭ ئېيتقانلىرى ئانچە ئوخشىمايتتى ، بەزى جايلىرى پۈتۈنلەي ئوخشىمايتتى ، ھەتتا تەتۈرىچە ئىدى . دادىسى «چوڭ» ، «كۆپ» دېگەننى ، ئۇ «كىچىك» ، «ئاز» دەيتتى ، دادىسى «كۈچلۈك» دېگەننى ، ئۇ «ئاجىز» دەيتتى ، دادىسى «باتۇر» ، «پالۋان» دېگەننى ، ئۇ «ئۆكتەم» ، «قاراقچى» ، «قارام» دەيتتى . پەرق شۇنداق زور ئىدى . قاناقا ئويلىغانسېرى دادىسى ئېيتقان رىۋايەتلەر راست شۇنداق بولغاندەك تۇيۇلاتتى ، دېمىسىمۇ ئۆز ئۆزىچە ئېيتىدۇ ، يات ياتچە .

قالاچ قاناقانىڭ بالا چاغلىرى . مەھەللىدىكى بالىلار پات - پات بىر قوم دۆۋىسى ئۈستىدە ئولتۇرۇشۇۋېلىپ ئاتا - بوۋىلىرى ، ئانا - مومىلىرىدىن ئاڭلىغان ھېكايە - چۆچەك ، رىۋايەت ، داستانلارنى بىر - بىرىگە ئېيتىپ بېرىشەتتى .

— بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا ، يىقىننىڭ نېرىسىدا تارىم بويىدىكى بىر مەھەللىدە «كالا باش» لەقەملىك بىر بالا بولغانىكەن ، — چوڭراق ياشتىكى بىر بالا ئاتىسىدىن ئاڭلىغان بىر چۆچەكنى بالىلارغا ئېيتىپ بېرىشكە باشلىدى ، — ئۇنىڭ تاغىسى شۇ مەھەللىنىڭ ئاقساقىلى ئىكەن . ھېلىقى بالا ئاقساقال تاغىسىنىڭ بولۇشتۇسىدا[2] بالىلارغا چوڭچىلىق قىلىدىكەن ، ھەدېسىلا ئو-

① دادا - لوپنورلۇقلارنىڭ ئەنئەنىۋى تۇغقانچىلىق ئاتالغۇسىدا «دادا» ئاتىسىنىڭ ئاتىسىنى كۆرسىتىدۇ .

② بولۇشتۇ - بولۇشۇش ، يان بېسىش («دىۋان» 1 - توم ، 475 - بەت ، 2 - توم 147 - بەت) .

رۇنسىز سوقۇشۇپ يولسىزلىق قىلىپ ، يوق يەردىن جېدەل تاپىدىـ
كەن ، چوڭلار گەپ قىلسىمۇ ، ئۇلارنىڭ نەسىھەتلىرىنى زادى ئاڭـ
لىمايدىكەن . تېخى چوڭ ـ كىچىك ھەممەيلەننى : «دۆت ، كالۋاـ
لار » دەپ تىللايدىكەن . مەھەللىدىكى بالىلار ئارىسىدا يېشى «كالا
باش »تىن كىچىك ، ئەمما ئەقىللىق ، چېچەن بىر بالا بار ئىكەن .
ھېلىقى «كالا باش» ئۇزىنى ئەقىللىق كۆرسىتىپ چوڭچىلىق قىـ
لىۋاتقان كۇنلەرنىڭ بىرىدە ، چېچەن بالىنىڭ ئۇنىڭغا زەردىسى
قايناپ :

— سەن ئۇزۇڭنى ئەقىللىق چاغلايسەن ، قېنى ئېيتقىنا ، مەن
سېنى ئاۋۇ ئېرىق بويىغا ئاپىرىپ ئاغزىڭنى سۇغا تەگكۇزمەي قايتۇـ
رۇپ ئەكەلسەم نېمە دەيسەن ؟ — دەپتۇ .

«كالا باش» ھېلىقى بالىنى مەنسىتمەي كۇلۇپ كېتىپ :

— سەنما ، سەن مېنى سۇ بويىغا ئاپىرىپ سۇ ئىچۇرمەي
ياندۇرۇپ ئەكەلمەكچى ؟ — ئۇ قاقاقلاپ بىر كۇلۇۋېتىپ ، —
قېنى ، ماڭە دۆت ، — دەپ چېچەن بالىنىڭ ئالدىدا ئېرىق تەرەپكە
مېڭىپتۇ . ھېلىقى بالىمۇ «كالا باش» نىڭ كەينىدىن مېڭىپتۇ .
قالغان بالىلار چېچەن بالىنىڭ نېمە قىلماقچىلىقىنى بىلمەي
تېخى ئۇنى ئەخمەقلىق قىلدى ، ئۇ سۇ ئىچمەن دېسە ، ئۇنى توسۇـ
ۋالالامتىكىن ، دېيىشىپتۇ .

— توختاپ تۇر ، — دەپتۇ چېچەن بالا ، «كالا باش» ئوچۇمىغا
سۇ ئېلىپ ئىچمەكچى بولۇۋاتقاندا ، — بىر ئىشنى كېلىشىۋالايلى ،
كىم ئۇتتۇۋالسا ، ئۇتتۇرۇۋەتكۇچى ئۇنى يۇدۇپ بالىلار قېشىغا
ئاپارسۇن .

— بولىدۇ ، — دەپتۇ «كالا باش» ئۇزىنىڭ ئۇتىدىغىنىغا
ئىشىنىپ ، ئۇ گېپىنى قىلغۇچە ئوچۇمدىكى سۇمۇ سىرغىپ ئېقىپ
بوپتۇ .

— بۇ يەردە ئىككىمىزلا دېگەن بىلەن بولمايدۇ . ماڭ ،
بالىلارنىڭ قېشىغا بېرىپ گەپنى شۇلارنىڭ ئالدىدا دېيىشىمىز ،
بولمىسا سەن تېنىۋالىسەن ، — دەپتۇ چېچەن بالا .

— مەن تېنىۋالامدىمەن ، سەنلا تېنىۋالمىساڭ بولىدۇ ، دۆت ، كالۋا ، ماڭە ، — «كالا باش» شۇنداق دەپتۇ - دە ، بالىلار قېشىغا قاراپ مېڭىپتۇ .

— قانداق بولدى ؟ — ئىككىسى بالىلار قېشىغا كەلگەندە بىر بالا چېچەن بالىدىن قىزىقىپ سوراپتۇ .

چېچەن بالا كۈلۈپ تۇرۇپ :

— ئۇنىڭدىن سورا ، ئاغزى سۇغا تېگىپتۇمۇ - تەگمەپتۇمۇ ؟ — دەپتۇ .

— نېمە دەۋاتىسەن ؟ سۇ ئىچكىلىۋاتسام ئۆزۈڭ ئىچمەي تۇر ، كىم ئۇتتۇرۇۋەتسە قانداق قىلىشنى بالىلار ئالدىدا دېيىشىۋالايلى ، دەپ ئەكەلدىڭغۇ ، — دەپتۇ «كالا باش» كۆزىنى چەكچەيتىپ .

— شۇنداق پەم ئىشلەتمىسەم ، سېنىڭ ئاغزىڭنى ئېتىۋېلىپ ، سۆرەپ قايتۇرۇپ ئەكېلەمتىم ، — دەپتۇ چېچەن بالا .

بالىلار ئىشنىڭ تېگىگە يېتىپ پاراققىدە كۈلۈشۈپ كېتىپتۇ .

— ھېساب ئەمەس ، ھېساب ئەمەس ، سەن ئالدامچىلىق قىلدىڭ ، باشقىدىن بارىمىز ، — دەپتۇ «كالا باش» جىنى چىققۇدەك تېرىكىپ ...

چۆچەكنى ئاڭلىغان بالىلار ئۇ ئىش خۇددى ئۆز ئىچىدە بولغاندەك كۈلۈشۈپ كېتىپتۇ ، چېچەن بالىنىڭ ئەقىل - پاراسىتىگە زوقلىنىپتۇ ، ئۇنىڭغا غايىۋانىسىگە ئاپىرىن ئوقۇپتۇ . «بىزمۇ شۇنداق ئەقىللىق بولساق ...» دېيىشىپ ، ھەرقايسىسى ئۆزلىرىنىڭ ئارزۇ - ئىستەكلىرىنى ئىزھار قىلىشىپتۇ .

بالىلارنىڭ گېپى ئۈستىگە ئۆزىنى ھېكايە - چۆچەكچى دەۋالىدىغان ھېلىقى قېرى كېلىپ قاپتۇ . ئۇ ئىشنىڭ جەريانىنى بىلىپ بولۇپ :

— بۇ چۆچەكنى مەن ئوبدان بىلىمەن ، راست . ھېلىقى بالا ئالدامچىلىق قىلغان . ئۇ ئۆزىنىڭ غەرىزىنى ئۇنىڭغا ئوچۇق ئېيتىشى كېرەك ئىدى ، بولمىسا ئاقساقالنىڭ جىيەنى ئالدىنامدۇ ، — دېدى .

— بۇ چۈچەكنى ماڭا دادامنۇ ئېيتىپ بەرگەن، — قىرى گەپتىن توختىشىغا قالاچ گەپكە ئېغىز ئاچتى، — چىچەن بالا باللار ئالدىدا «كالا باش» نى ئېرىق بويىغا ئاپىرىپ ئاغزىنى سۇغا تەگكۈزمەي قايتۇرۇپ ئەكېلىدىغانلىق غەرىزىنى ئۇچۇق ئېيتقان. قانداق قىلىپ ئۇنىڭ ئاغزىنى سۇغا تەگكۈزمەي قايتۇرۇپ كېلىش — بۇ چىچەن بالىنىڭ چارىسى. ئۇنىڭ ئىشلەتكەن پەملىك ئۇسۇلىنى «كالا باش» ئۆزى دۆت، كالۋا بولغاچقا ئاڭقىرالمىغان. بۇ ھەرگىز ئالدىغانلىق ئەمەس، پەم ئىشلەتكەنلىك، — دېدى ئۇ.

ئادەم ئاتا بىلەن ھاۋا ئانا جەننەتتىن مۇشۇ زېمىن ئۈستىگە چىقىرىۋېتىلگەندىن كېيىن، ھاۋا ئانا يىغلاپتۇ، يىغلاپتۇ، كۆزىدىن ياش قۇرۇغۇچە يىغلاپتۇ. ئۇنىڭ يامغۇردەك قۇيۇلغان كۆز يېشىدىن مۇشۇ لوپ كۆلى ھاسىل بولغانىكەن. «تاما - تاما كۆل بولار» دېگەن ماقال شۇنىڭدىن قالغانىكەن. ھاۋا ئانىنىڭ يىغا - نالىسىگە چىدىماي تەڭرىتېغىنىڭ باغرى ئېزىلىپ، مۇز بولۇپ قېتىپ كەتكەن ۋۇجۇدى ئېرىشكە باشلاپتۇ. ئۇنىڭ ئېرىگەن ۋۇجۇدىدىن تەپچىپ ئاققان تامچىلار يىغىلىپ قوشۇلۇپ ئېرىق بوپتۇ. ئېرىق - ئېقىنلار قوشۇلۇپ ئۆستەڭ، ئۆستەڭلەر قوشۇلۇپ دەريالار ھاسىل بوپتۇ. بۇ دەريا - تارامالار ئاخىرىدا ئىككى چوڭ دەريانى ھاسىل قىپتۇ. تەڭرىتېغىنىڭ باغرىدىن ئېقىپ چىققان بۇ ئىككى دەريانىڭ بىرى تاغنىڭ ئۇ تەرىپىگە، يەنە بىرى ئادەم ئاتا بىلەن ھاۋا ئانىنىڭ مۇبارەك قەدىمى چۈشكەن زېمىنگە قاراپ ئېقىپتۇ. تەڭرىتاغ بۇ دەريا سۇيىنى: «مېنىڭ تەرىم»، دەريانى بولسا: «تەرىم دەرياسى» دەيدىكەن. زامان - زامانلار ئۆتۈپ «تەرىم دەرياسى» دېگەن سۆز «تارىم دەرياسى» دەپ ئاتىلىدىغان بولغانىكەن.

تارىم دەرياسىنىڭ سۈيى ئېقىپ بېرىپ ھاۋا ئانىنىڭ كۆز يېشىدىن ھاسىل بولغان لوپ كۆلىگە قۇيۇلۇپتۇ، سۇ كىرگەنسېرى كۆلمۇ چوڭىيىپتۇ. كېلىدىغان سۇ بارغانسېرى كۆپىيىپ، كۆلگە سىغماي بىر يەرلەردىن يول تېپىپ تېشىپ چىقىپ قاراقۇرچىن

كۆلى ، قارابوران ، پاشىلىق ۋە تاتىما كۆللىرى پەيدا بوپتۇ . كېيىن سۇ بۇ كۆللەرگىمۇ پاتماي ، دەريا تەرەپ - تەرەپلەرگە تېشىپ ، شاخ ئايرىپ ئېقىپ ئۆز ۋادىلىرىدا نۇرغۇن تارماق دەريا ۋە سانسىز كۆللەرنى پەيدا قىپتۇ . بوۋىلارنىڭ بۇ تارماق دەريالارنى : «توققۇز تارام» ، سانسىز كۆللەرنى «يۈلتۇز كۆل» دەپ ئاتىغىنىمۇ ئاساسسىز ئەمەسكەن . «تاھىر - زوھرا» دېگەن داستاندىكى :

«بۇ دەريا توققۇز تارام ،
مەندىن زوھراغا سالام»

دېگەن ناخشىدىكى «بۇ دەريا توققۇز تارام» دېگەن سۆزمۇ رىۋايەتتىكى «توققۇز تارام» دېگەن سۆزدىن ئېلىنغانىكەن .

تارىم ۋادىسى ۋە لوپ كۆلى ئەتراپىدىكى سانسىز كۆللەر كۇندۇزى قۇياش نۇرىدا ، كەچ - ئاخشاملىرى ئاي شولىسىدا خۇددى يۇلتۇزلاردەك ياكى ئۇ يەر ، بۇ يەرگە يېيىپ قويغان سانسىز ئەينەك يوپۇقتەك پارقىراپ - ۋالىلداپ كۆرۈنىدۇ .

ئادەم ئاتا بىلەن ھاۋا ئانىنىڭ ئەۋلادلىرى لوپ كۆلى ۋە تارىم دەرياسى بىلەن كۆنچى دەريالىرىنىڭ بويلىرىدا چوڭ - كىچىك جىق يۇرتلارنى بىنا قىپتۇ ، گۈللەندۇرۇپتۇ ، ئاۋاتلاشتۇرۇپتۇ . بۇ ئاۋات ۋادىنىڭ داڭقى يىراق - يىراقلارغا تارىلىپ ، تەرىپى داستان بوپتۇ .

## 2

كېيىنكى زامانلاردا ئادەم ئاتا ئەۋلادلىرىدىن بىرى — بىزنىڭ ئەجداد بوۋىمىز بولغان ئوغۇزخان ئىسىملىك بىر خان ئۆتۈپتۇ . ئۇ يۇرتنى ئادىل سورايدىكەن ، خەلقنىڭ دەرد - ھالىنى ئاڭلاپ قويۇپلا بولدى قىلماي ، قىلنى قىرىق يارغاندەك تېگى - تەكتىگە يېتىدىكەندۇق . شۇڭا پۈتۈن يۇرت خەلقى ئۇنى : «بىزنىڭ قاياشىدى-

ممز » دەپ تەرىپلىشىدىكەن ، ھىمايە قىلىپ ئەتراپىغا ئولىشىدى-
كەن . ئۇنىڭ «ئادىل خان» دېگەن داڭقى جاھانغا تارىلىپتۇ . ئو-
غۇزخان تەۋەلىكىدىكى يۇرتلاردىن ئانچە يىراق بولمىغان بەزى يۇرت-
لارنىڭ خان ـ بەگلىرى زالىم ، رەھىمسىز ، قانخور ئىكەن . ئۇ
يۇرتلاردىكى خەلقلەر زۇلۇم دەستىدىن باش كۆتۈرەلمەي ، بىر نېنى
ئىككى بولماي ، تىزى يېيىلماي نامراتچىلىقتا زار ـ زار قاقشاپ
ئۆتىدىكەن . بىچارە خەلق ئوغۇزخاندىن ئۈمىد كۈتۈپ ، ئۆزلىرىگە
باشپاناھ بولۇشنى ئارزۇلاپ يوشۇرۇنچە ئادەملەرنى ئەۋەتىپتۇ . ئو-
غۇزخان ئۇ يۇرتلارنىڭ خەلقلىرىنىمۇ ئۆز خەلقىدەك ئەركىن ـ
ئازادە ، باي ، خۇشال تۇرمۇشقا ئېرىشتۈرمەكنى كۆڭلىگە پۈكۈپتۇ .
ئۆزى باش بولۇپ جاي ـ جايلارغا لەشكەر تارتىپتۇ . نۇرغۇن يۇرت ،
سانسىز خەلقنى زالىم خانلارنىڭ ئىسكەنجىسىدىن قۇتۇلدۇرۇپتۇ ،
يۇرت ـ پۇقرالارنىڭ كۆڭلى خاتىرجەم بولغاندىن كېيىن ، ئۆز
يۇرتىغا قايتىپتۇ . قايتىشىدا كۈنپېتىش تەرەپتىكى ئاسمانغا تىرى-
لىپ تۇرغان قار ـ مۇزلۇق تاغدىن ئۆتۈپ تارىم دەرياسىنى بويلاپ
مېڭىپتۇ . لوپ كۆلىنىڭ يېنىدىكى چوڭ بىر شەھەرگە يېقىن
كەلگەندە لەشكەرلىرىنى ئارام ئالدۇرۇپتۇ . قارىغۇدەك بولسا ، داڭ-
دار بىر ئاتامانى يوق تۇرغۇدەك . ئوغۇزخاننىڭ ئۇ ئاتامانىنى تاشلاپ
قويۇپ كېتىشۈېرىشكە كۆڭلى قىيماي ، بىرنەچچە كۈن تۇرۇپ قاپ-
تۇ ، ساقلاپتۇ . ئاردىن ئون نەچچە كۈن ئۆتكەندە ھېلىقى ئاتامان
يېتىشىپ كېپتۇ . ئىش مۇنداق بولغانىكەن :

ئۇ زامانلاردا لەشكىرى يۈرۈشلەردە ئاتامانلار ، ئۆزلىرى خالى-
سا لەشكەرلەرمۇ خوتۇنلىرىنى ئۆزلىرى بىلەن بىرگە ئېلىپ ماڭات-
تىكەن . ھېلىقى ئاتاماننىڭ خوتۇنى ئېغىر بوي بولۇپ ، تارىم
بويىغا كەلگەندە تولغىقى تۇتۇپ كېتىپ تۇغۇپ قويۇپتۇ . ئاتامان
خوتۇننىڭ ئەسلىگە كېلىشۈېلىشى ئۈچۈن سەپتىن ئايرىلىپ ئون
نەچچە كۈن تۇرۇپ قالغانىكەن . ئوغۇزخاننىڭ :

— نېمىشقا لەشكەرلەردىن ئايرىلىپ قالدىڭ ؟ — دەپ سورى-
غىنىغا ، ئاتامان :

— تۇغۇتلۇق خوتۇنۇمنىڭ قورسىقى ئاچ قالمىسۇن، دەپ ئوۋ ئوۋلاپ تۇرۇپ قالدىم، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

— ئۇنداق بولسا مۇشۇ جايدا قال، ئاچ، — دەپتۇ.

ئوغۇزخان ئۇنىڭغا ھەمراھ، مۇھاپىزىتى ئۈچۈن ئون نەچچە ئۆيلۈك لەشكەرنى ئاتامان بىلەن بىللە قالدۇرۇپ قويۇپ كېتىپتۇ.

ئاتامان ئوغۇزخاننىڭ سۆزىنى يادىدا قىلىپ يېڭى تۇغۇلغان بالىسىغا «قالئاچ» دەپ ئىسىم قويۇپتۇ. ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇپ قالغان لەشكەرلەرمۇ بۇ ۋادىدا تۇغۇلغان تۇنجى باللىرىغا بىردەك «قالئاچ» دەپ ئىسىم قويۇشۇپتۇ.

ئۇ ئون نەچچە ئۆيلۈك لەشكەر ئاتاماننىڭ باشچىلىقىدا دەسلەپ مەھەللە قۇرۇشۇپتۇ، يىلدىن - يىلغا ئاۋۇپ - كۆپىيىپ يۇرت بىنا قىپتۇ، قوشنا يۇرتتىكىلەر بۇلارنى «قالئاچلار» دەپ ئاتاپتۇ. يەنە بىر زامانلاردىن كېيىن بۇ سۆز «قالاچ» قا ئۆزگىرىپتۇ. يەنە بىر زامان ئۆتۈپ «قالاچ» دېگەن سۆز كەتمەي قالغانلار دېگەن مەنىدە «قالۇچى»، «قالۇچىلار» دەپ ئاتىلىدىغان بوپتۇ.

— مەنمۇ قالۇچىمۇ؟ — ئوماق ئالدىراپ سورىدى.

— ھېلىقى ئاتامان بىلەن سېنىڭ ئاراڭلاردا بىر ئوخشاشلىق بار، — دېدى بوۋاي ئوماقنىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە قاراپ تۇرۇپ، — ئۇنىڭ خوتۇنىمۇ دەل مۇشۇ يەردە سەپەر ئۈستىدە تۇغۇپتىكەن، «كۆڭۈل كۆڭۈلنى تاپىدۇ» دېگەن گەپ بار. ئۇنىڭ روھى سېنى ۋە بالاڭنى ئۆز تەرىپىگە تارتىپتۇ. مۇشۇ ئالامەتلەردىن مەن سېنى «قالۇچى» دېدىم.

ئوماق ئويلىنىپ قالدى. كىچىك چاغلىرىدا ئاتىسى تۇراق ۋە باشقىلاردىن «قاراقۇشۇن»، «قالۇچى»، «جۇداخ» دېگەنگە ئوخشاش سۆزلەرنى جىق ئاڭلىغان، ئەمما ئۆزلىرىنىڭ ئۇلارنىڭ قايسىسىغا تەۋە ئىكەنلىكىنى ئېيتمىغانىدى. ئۆزىنىڭ «قالۇچى» ئۇرۇقىدىن ئىكەنلىكىنى زادى ئاڭلاپ باقمىغان، ھەتتا بۇنىڭغا كۆڭۈل بۆلۈپمۇ كەتمەيتتى. ئۇنىڭ نەزىرىدە «قالۇچى» بولدى نېمە، «قاراقۇشۇنلۇق» ياكى «جۇداخ» بولدى نېمە، ھەممىسى بىر

لوپلۆق — لوپ ئادىمى دەپلا قارايتتى ، ئەمما باشقىلار ئۆنداق
قارىمايتتى .

«قالۆچىلار » يۆرتى بىلەن قاراقۆرچىن ۋە ئۆنىڭ ئەتراپىدىكى
يۆرت ـ مەھەللىلەر ئوغۆزخانىنىڭ قەدىمى ياراشقاندەك يىلدىن ـ
يىلغا تېزلا ئاۋاتلىشىپتۆ ، گۆللەپتۆ ، خەلقى كۆپىيىپتۆ ، باياشاتچى-
لىقنىڭ داڭقى يىراقلارغا ئاڭلىنىپتۆ . تاج ـ دۆلەت ، نام ـ
شۆھرەت تەمەسىدىلا قۆتراپ ، تېخىمۆ كۆپ زېمىن ـ بايلىققا ،
تېخىمۆ كۆپ خەلقنىڭ ئۆز ئىلكىدە بولۆشىنىلا چۆشەيدىغان قارا
نىيەتلەر بۆ ۋادىغا كۆز قىزارتىپتۆ ، لەشكەر تارتىشنىڭ كويىغا
چۆشۆپتۆ . بۆ خەۋپنىڭ شەپىسىنى ئالدىن سېزىۋالغان ھېلىقى
ئاتامان قارا نىيەت باسقۆنچىلارغا قارشى كۆچ ئۆيۆشتۆرماقچى بوپ-
تۆ ، ئۆز يۆرتىنىڭلا كۆچى بىلەن يىراقتىن كېلىۋاتقان ياۋنى
توسۆۋالغىلى بولمايدىغانلىقىنى پەملەپتۆ . ئەتراپتىكى يۆرتلار ئى-
چىدە قاراقۆرچىننىڭ دائىرىسى كەڭ ، ئادىمى كۆپ ، ئەمەلىي
كۆچى بىرقەدەر زور ئىكەن . ئاتامان قاراقۆرچىننىڭ بەگ ـ ئاقسا-
قاللىرىغا ئەھۋالنى ئېيتىپتۆ ، مەسلىھەتلىشىپتۆ . ئۆلار ئاتامانىنىڭ
مەسلىھەتىگە قوشۆلۆپتۆ . ئۆلار ئاتامانىنىڭ ئوغۆزخانىنىڭ داڭلىق
لەشكەر باشلىقلىرىنىڭ بىرى ئىكەنلىكىنى ئاڭلىغانىكەن . شۆڭا
سەن «قالۆچى» ، بىز «قاراقۆرچىنلىق» دەپ يۆرمەي ، ئىككى
يۆرتتىن قانچىلىك لەشكەر تۆرغۆزۆش ، ئۆلارنى قانداق مەشقلەن-
دۆرۆپ ، قانداق باشقۆرۆش ، ياۋغا قانداق تاقابىل تۆرۆشتەك ھەم-
مە مۆھىم لەشكىرى ئىشلارنى ئاتامانىنىڭ ئىختىيارىغا بېرىپتۆ .
شۆنداق قىلىپ بۆ ئىككى يۆرتتىن لەشكەر ئۆيۆشتۆرۆلۆپتۆ . ئاتا-
مانىنىڭ چىڭ تۆتۆپ يۆقىرى تەلەپتە مەشقلەندۆرۆشى نەتىجىسىدە
قورال ـ ياراغلىرى خىل ، جەڭ ماھارىتى ۋە جەڭگىۋارلىقى ئۆس-
تۆن ، مۆستەھكەم ، قۆدرەتلىك بىر قوشۆن يېتىشىپ چىقىپتۆ .
ياۋ خانىنىڭ بۆ يۆرتلارغا ئەۋەتكەن «كۆز ـ قۆلاق» لىرى ئاڭلى-
غان ، كۆرگەنلىرىنى ئاتامانلىرىغا ئەينەن خەۋەر قىپتۆ . ياۋ ئاتامان-
لىرى ئىلگىرى ئوغۆزخانىنىڭ ھېلىقى ئاتامانىدىن نەچچە قېتىم

قاتتىق پەچىم يەپ ۋەتتۇەرىكى چىقىپ ، يۇرەكلىرى سۇ بولۇپ
كەتكەنىكەن . شۇڭا ، ئاتامانىنىڭ نامىنى ئاڭلاپ قورقۇنچقا چۈشۈ-
شۈپتۇ ، خانىغا بىرنى ئون قىلىپ كۆپتۈرۈپ مەلۇم قىپتۇ . خانى :
«قانداق قىلساق بولار ؟ » دەپ ئاتامانلىرىدىن سوراپتۇ . خانىنىڭ
باش ئاتامانى :

— ئوغۇزخانىنىڭ ھېلىقى ئاتامانى لەشكەرلىرىنى چوقۇم ئۈزد-
لەك قىلىپ يېتىشتۇرمەي قالمايدۇ . ئۇنىڭ جەڭ ئۇسۇلىنىڭ
سىرىنى بىلمەك تەس ، تاقابىل تۇرماق تېخىمۇ تەس . ئۇرۇشساق
ئېغىر تالاپەتكە ئۇچرايمىز . تەڭلىشىپ قالساقمۇ ، ھەتتا مۇبادا
يېڭىپ قالساقمۇ تالاپىتىمىز ئېغىر بولىدۇ ، ئۆزۈنغىچە ئۆزىمىزنى
ئوڭشىيالمايمىز ، ئۆزىمىزگىمۇ زادى خاتىرجەملىك بولمايدۇ . ئو-
نىڭدىن كۆرە : «ياڭاقمۇ چاقماي ، چىشمۇ چاقماي» دىگان ئىشنى
قىلىپ قايتىپ كېتەيلى ، — دەپ مەسلىھەت بېرىپتۇ .

ئاتامانلىرىنىڭ مەسلىھەتىگە خانمۇ قوشۇلۇپتۇ . چۈنكى ، زې-
مىن باسمەن دەپ تەخت - تاجىدىن ئايرىلىپ قېلىشتىن قورقۇپ-
تۇ . شۇنداق قىلىپ ياۋلار يېرىم يولدىنلا قويرۇقىنى قىسىپ
كەلگەن يېرىگە راۋان بولۇشۇپتۇ .

قاراقۇرچىنلىقلار ھەم باشقا ئۇرۇغ - قەبىلىلەر ئويۇشۇش-
نىڭ كۈچ - قۇدرىتىنى ، پايدىسىنى كۆرۈپتۇ . قاراقۇرچىن-
نىڭ يېقىن - يىراق ئەتراپىدىكى يۇرتلارمۇ بۇلارنىڭ ئەتراپىغا
ئويۇشۇپتۇ ، لەشكىرىي كۈچىمۇ زورىيىپتۇ . ياۋلار خېلى ئۇزاق
بىر زامانغىچە بۇ تەرەپكە ئاياغ بېسىشقا جۈرئەت قىلالمىغانىكەن .
يىللار ، زامانلار ئۆتۈپتۇ «قاراقۇرچىن» دىگەن سۆز «قاراقوشۇن»
غا ئۆزگىرىپتۇ . ئويۇشقانلار ، ئويۇشۇشنىڭ ، بىرلىكنىڭ كۈچ -
قۇدرىتىنى كۆرگەنلەر ئۇنىڭ قەدرىنى قىلىپ ، كۆز قارىچۇقىنى
ئاسرىغاندەك ئاسراپتۇ ، قوغداپتۇ . ئويۇشۇش ، ئويۇشۇشچانلىق تا-
رىملىقلارنىڭ ئېتىقادىغا ئايلىنىپ ، روھىيىتىگە سىڭىپ كېتىپتۇ .
«كەتمەيدىغان كىم بار» ئاشۇ ئېتىقاد ، ئاشۇ روھتىكىلەر ۋاقىت
ئۆتكەنچە قېرىپتۇ ، قېرىلار توپى بارغانسېرى شالاڭلاپتۇ ، بىر -
بىرلەپ ئۇ دۇنياغا كېتىپتۇ . ئالدىنقىلار ئويۇشچانلىق روھىيىتى-

نى ، ئېتىقادىنى ئۆزلىرى بىلەن بىرگە ئېلىپ كەتكەن چېغى ،
«جۇدۇن كۆرمىگەن تورغاي ئاپتاپنىڭ قەدرىنى بىلمەس» دېگەنـ
دەك ، كېيىنكىلەردە ئۇيۇشۇشچانلىق روھ ، ئېتىقاد بىرلىكى
سۇسلاپتۇ . قەبىلىچىلىك — يۇرتۋازلىق باش كۆتۈرۈپ ، «سەن
ئۇچى» ، «ئۇ بۇچى» دېيىشىپ ، ھەرقايسىسى ئۆز تەرىپىگە تارتىـ
شىپ بىرلىك بۇزۇلۇپتۇ ، بىر ـ بىرىنى چەتكە قېقىشىپ ياتلىشىپ
كېتىپتۇ ، ھەتتا قەبىلىلەر ئارا تـوي قىلىشمايدىغان دەرىجىگە
يېتىپتۇ . بۇمۇ ئاز كـەلگەندەك بىر «قـەبىلە» ئىچىدىكىلەردىمۇ
سۇ (كۆل ) ، ئوتلاق تالىشىپ جېدەل ـ ماجىرالىشىدىغان ئىشلار
پات ـ پات بولۇپ تۇرىدىغان بوپتۇ . ئاقىۋەتتە يۇرت ـ «قەبىلە»
بىرلىكىمۇ بۇزۇلۇپ ، ئائىلە ـ جەمەتلەر بويىچە تارقىلىپ ياشاش
كېلىپ چىقىپتۇ .

— ئاتامانىڭ بالىسى قالاچ قانداق بوپتۇ ؟ — ئوماق قالاچىنىڭ
كېيىنكى تەقدىرىگە قىزىقىپ سورىدى .

— قالاچمۇ ...— بوۋاي كىندىكىگە چۇشۇپ يېيىلىپ تۇرغان
ئاپئاق ساقىلىنى سىلاپ تۇرۇپ كۆككە تىكىلدى ، قانداقتۇر بىر
نەرسىدىن خورسىنغاندەك ئېغىر ئۇلۇغ ـ كىچىك تىندى .

ئېگەرلەنگەن ئاتلىرىنى يېتىلىشىپ ئوتتۇرا ياشلىق ئۇچ كىـ
شى بوۋاينىڭ ئالدىغا كەلدى . ئۇلاردىن ئىككىسى بېشىدىن ئۆتكۈـ
زۈپ مۈرىسىگە ئوقيا ئېسىۋالغان ، بىرىنىڭ قولىدا شىراقلىق
مىلتىق[1] بار ئىدى . ياشتا چوڭراقى بوۋايدىن :

— قاناقا ، بىز ماڭايلىمۇ ؟ — دەپ سورىدى .

بوۋاي مېڭىشقا ئىجازەت بېرىپ ئوڭ قولىنى كۆتۈرۈپ ئىشارە
قىلدى .

ئۇلار ئاتلىرىغا مىنىشىپ ، بوۋايغا «بىز كەتتۇق» دېگەن
مەنىدە باشلىرىنى يېنىك ئېگىپ قويدى ـ دە ، ئوماقلار كەلگەن
تەرەپكە ئاتلىرىنى چاپتۇرۇپ كېتىشتى . ئوماق ئۇلارنى ئوۋغا مېـ
ڭىپتۇ ، دەپ ئويلىدى .

---

[1] شىراقلىق مىلتىق ـ مەخسۇس ئوۋچىلار ئىشلىتىدىغان ئىككى پۇتلۇق ئۇزۇن مىلتىق .

# 3

قاناقا — بۇ لوپلۇقلارنىڭ ئۇزاق ياشىغان، خىزىر، ئەۋلىيا سۇپەت، يۇرت ئاتىسى يوللۇق كىشىلەرنى چوڭ بىلىپ، ئىززەت - ھۆرمەتلەپ ئاتايدىغان «ئۇلۇغ بوۋا» دېگەن مەنىدىكى مەخسۇس ئاتاق سۆزى. ئۇماق ئويلاپ قالدى: بۇ بوۋاي مۇشۇ ئون نەچچە ئۆيلۈك كىشىلەرنىڭلا قاناقاسىمىدۇ؟ ئۇ قانچە ئۇزاق ياشىغاندۇ؟ ئۇماق خىيالىنى داۋاملاشتۇرماقچى، تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرماقچىدى، ئەمما ئۇنىڭ خىيالىنى ئۈزۈپ بوۋاي گەپ باشلاپ قالدى.

— بابا سەن ئوغۇزخان ئاتامىنىڭ ئوغلى قالاچنىڭ كېيىنكى كۈنلىرىنىڭ قانداق بولغانلىقىنى سوراپ قالدىڭ، شۇنداقمۇ؟ — بوۋاي ئىككى قولى بىلەن ساقىلىنى سىلاپ تۇرۇپ گويا «دەيمۇ، دېمەيمۇ؟» دەپ ئويلاپ قالغاندەك، ئادىتى بويىچە بىرپەس يىراق ئۇپۇققا قاراپ تۇرۇپ كەتتى.

ئۇماق بوۋاينىڭ ئۇپۇققا قارىغان چېغىدىكى كۆزلىرىنىڭ سەل قىسىلىشلىرىغا، ئىككى قېشى ئوتتۇرىسىنىڭ پۈرۈلۈپ كەتكىنىگە سەپسالدى. بوۋاي ھەقىقەتەن قانداقتۇر بىر خىل خورسىنىش، ئېچكى ئازاب ۋە ھەسرەت ئىچىدە خىيال سۈرمەكتە ئىدى.

— ئۇماق، مەن سېنىڭ كۆزۈڭدىن، بوۋىقىڭنىڭ كۆزىدىن كۆڭلۈمدىكىدەك بىر خىل خاسىيەتنى كۆرگەندەك بولۇۋاتىمەن، ئىككىنچى بالاڭنىڭ سىلەرنىڭكىدىنمۇ خاسىيەتلىك بولىدىغانلىقىنى كۆڭلۈم تۇيۇۋاتىدۇ. سىلەرگە قاراپ كۆڭلۈم جايىغا چۈشۈپ خاتىرجەم بولۇۋاتىمەن.

ئۇماق بوۋاينىڭ ئاغزىغا قاراپلا قالدى، ئۇنىڭ نېمىلەرنى دەۋاتقانلىقىنى ئاڭقىرالماي تېڭىرقاپ قالدى. بولۇپمۇ، بوۋاينىڭ ئۇنىڭ كېيىنكى بالىسىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقى توغرىسىدىكى

گېپى ئۇنى بىر ياقتىن خۇشال قىلسا ، يەنە بىر ياقتىن ئەجەبلەن-
دۈردى .

— نېمىلەرنى دەۋاتىسەن بوۋا ، مېنىڭ يەنە بىر بالامۇ بولام-
دۇ ؟ — ئوماق گۇمان ، ئەجەبلىنىش ئارىلاش كەيپىياتتا سورىدى .

— بولىدۇ ، بىر ئەمەس ، بىرنەچچىسى بولىدۇ ، لېكىن ئىك-
كىنچى بالاڭ ئالاھىدە خاسىيەتلىك بولىدۇ .

— بوۋا ، ئېيتقىنا ، ئۇ بالام قانداق خاسىيەتلىك بولىدۇ ؟

ئوماق ھازىر قالاچ توغرىسىدىكى سوئالىنى ئۇنتۇپ ، پۈتۈن ئەس - يادى تۇغۇلغۇسى ئىككىنچى بالىسىدا قالغانىدى .

— ئۆتكەن ئەجدادلارنىڭ ئىزىنى تاپىدۇ ، ئۆزلىرىنىڭ تېگى - تەكتىنى بىلىدۇ ، ئۇنى ئالەمگە ئايان قىلىدۇ .

— بوۋا ، سەن دەۋاتقان قانداق ، قايسى ئەجدادلار ئۇ ، ئۇلار-
نىڭ ئىزلىرى قانداق ئىز ، ئۇ ئىزدىن بىزگە نېمە چىقىدۇ ؟

— مانا ، مانا ، مېنى قاتتىق ئازابلايدىغىنى ، خورسىندۇرۇپ ئاچچىق ئېچىندۇرىدىغىنى دەل ساڭا ئوخشاش ئادەملىرىمىزنىڭ ئۆز ئەجدادلىرى ، ئۇلارنىڭ ئىزلىرى توغرىسىدا ھېچنېمە بىلمەسلى-
كى ، بەلكى بىلىشنى خىيالىغا كەلتۈرۈپمۇ قويمايدىغانلىقى ، يەنە تېخى ئۇ ئىزدىن نېمە چىقىدۇ ، دەيسىنا ! ئەجدادلىرىمىز ئۆز زامانىسىدا مۇشۇ تارىم ، مۇشۇ لوپ دالىسىدا ئاجايىپ دەۋر سۈ-
رۈپ ، ھەيۋەتلىك ھەم سەلتەنەتلىك قەسىر - قەلئەلىرى ، ئوردا - سارايلىرى بار شەھەر - يۇرتلارنى بەرپا قىلىپ كېيىنكى ئەۋلادلىرىغا قويۇپ كەتكەنىكەن . قاراپ باقە ، ئۇلار قېنى ؟ ! ئۇلار-
نىڭ بەزىلىرى ئۆزئارا قىلىنغان جەڭگى - جېدەل ، قىرغىنلاردا ، ياتلارنىڭ باسقۇنچىلىقلىرىدا خاراب بوپتۇ ، بەزىلىرى تەڭرىنىڭ غەزىپىگە ئۇچراپ قۇم ئاستىغا غايىب بولۇپ كېتىپتۇ . كېيىنكى ئەۋلادلار ، سېنىڭ ئاتا - بوۋىلىرىڭمۇ ئۇنتۇش كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ ، كۆندىلىك تىرىكچىلىك غېمىدىن باشقا ھەممىنى ئۇنتۇدى . بىز قالۇچىلاردا مۇنداق بىر قوشاق بار ، سەن ئاڭلىغانمۇ ؟

باسقان ئىزىڭ ئۆچۇدۇ ،
كەلكۈن باسسا قايىرنى[1] .
كۆن دەگەلى بولامدۇ ،
ئۆتمۈشۈ يوق هازىرنى .
قوشۇپ بەرمە خۇدايىم ،
بىزگە ئالا باغىرنى[2] .

بوۋاينىڭ گەپلىرىنى ئاڭلىغانسېرى ئۇماقنىڭ زېھنىنى خىرە-لەشتۈرۈپ تۇرغان بەخىرامانلىق ، غەپلەت بۇلۇتلىرى سۈسلاپ ، ئەقىل كۆزنەكلىرى سۈزۈلۈۋاتقاندەك قىلاتتى . قوشاقتىكى «كۆن دېگىلى بولامدۇ ، ئۆتمۈشى يوق هازىرنى» دېگەن سۆز ئۇنى بەكلا ئويغا سېلىپ قويدى . «ئەجەب بىر كۈنلۈك غېمىمىزنىلا بىلىپ ئۆتمۈشىمىزنىڭ ، قىسقىسى بوۋىلىرىمىزنىڭ قانداق ياشىغانلىقىنى-مۇ ئويلاپ قويماپتۇق» .

— بوۋا ، ئېيتقىنا ، ئۇنداق بولسا ئۇ ئىزلار نەدە؟ سەن دەۋاتقان ئۇلار قايسى زاماندىكى ئىشلار؟ — ئۇماق هەيرانلىقىنى ، هاياجىنىنى باسالماي سورىدى .

— قايسى زاماندىكى دەمسەن؟ مېنىڭ بىلىدىغانلىرىم ، بۇ ئىشلارنىڭ بۇرۇنقىلىرىغا ئىككى مىڭ يىلدىن ئاشتى ، ئەڭ كېيىن-كىلىرىگىمۇ ئالتە - يەتتە يۈز يىلدەك بولۇپ قالدى . «ئۇ ئىزلار نەدە؟» دەپ ئۇبدان سورىدىڭ ، مەن بەك ئۇزاق ياشاپ ئىنتايىن قېرىپ كەتتىم ، زېهنىي قۇۋۋىتىم ئاجىزلاشتى . ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ قۇملۇق ئادەملىرىگە يۇققان ئۇنتۇغاقلىق كېسىلى ماڭىمۇ دارى-دى بولغاي ، ئۇلارنىڭ ئېنىق ئورنى تولۇق نامىنىمۇ دەپ بېرەل-مەيمەن ، ئەمما ئۇ ئىزلارنىڭ بىزنىڭ ئەتراپىمىزدىلا ئىكەنلىكىنى بىلىمەن . بەلكى بىز دەسسەپ تۇرغان مۇشۇ قۇم ئاستىدا بولۇشىمۇ مۇمكىن . لېكىن ، مەن ئىشىنىمەنكى ، سېنىڭ ئوغۇللىرىڭغا ئوخ-

---

1. قايىر — سۇ لېۋى بىلەن دەريا قېشى ئارىلىقىدىكى بوش ، تەكشى يەر («دىۋان» 3 - توم ، 245 - بەتتىمۇ شۇنداق دېيىلگەن) . (تۆۋەندە د . × - توم × بەت دېيىلىدۇ) .
2. ئالا باغىر — ئالا كۆڭۈل ، تۇتۇرۇقسىز .

شاش يېگى بىر ئەۋلاد ئۆچكەن ئۇ ئىزلارنى چوقۇم تاپىدۇ .
ئوماق بوۋاينى خىلمۇخىل قىياس قىلىشقا باشلىدى ، كۆڭلى-نى قىياسنىڭ ھېچقايسىسىغا توختىتالمىدى . بىر تەرەپتىن ئۇنىڭ ھەربىر تىنىقىدا بوۋايغا بولغان ھۆرمىتى ، چوقۇنۇشى كۈچىيىپ بارسا ، يەنە بىر ياقتىن ئۆزىچە بوۋايدىن ئەيمىنىپ - قورۇنۇپ كېتىۋاتاتتى .
— بوۋا ، ئېيتقىنا ، سەن ئادەممۇ ياكى خىزىر ، ئەۋلىيامۇ ، يا بولمىسا ئۆزۈڭ ئېيتقان ئاشۇ ئەجدادلارنىڭ ئەرۋاھىمۇ ؟
— مەن ئەۋلىيا ئەمەس ، خىزىرمۇ ئەمەس ، ساڭا ئوخشاش ئادەممەن . ئۇزاق ياشىغانلىقىم ئۈچۈنلا مېنى ئەجدادلارنىڭ ئەرۋا-ھى — روھى دېسەڭمۇ بولىدۇ .
— بوۋا ، سەن ئۇزاق ياشىدىملا دەيسەن ، زادى قانچىلىك ياشىدىڭ ؟
— مەن ساڭا دېدىمغۇ ، سىلەردىكى ئۇنتۇش كېسىلى ماڭىمۇ يۇققان چېغى ، دەپ . زادى قانچىلىك ياشىغىنىمنى دەپ بېرەلمەي-مەن ، قىياسىمچە مىڭ يىلدەك ياشىغاندىمەن .
ئوماق بوۋاينىڭ ئاغزىغا قاراپلا قالدىيۇ ، ئەمما ھەرگىز ئىشەن-مىدى .
— چاقچىقىڭنى قويغىنا بوۋا ، ئادەمنىڭ مىڭ يىل ياشىغىنى نەدە بار ؟
— مانا - مانا ، ئۇنتۇش كېسىلىدىن باشقا يەنە ئۆتكەن - كەچكەندىن ھېچنېمە بىلمەسلىك دېگەن كېسەلمۇ دەل مۇشۇ ، — بوۋاي بىرئاز تۇرۇۋېلىپ گېپىنى داۋاملاشتۇردى ، — ئۇزۇن ئۆ-مۈر كۆرۈش ئەسلىدە ئادەم ئاتىدىن قالغان . رىۋايەتتە ئېيتىلىشى-چە ، ئادەم ئاتا مىڭ يىل ئۆمۈر سۈرگەنىكەن . ئوغۇللىرىدىن شىش توققۇز يۈز ئون ئىككى يىل ، ئانۇشمۇ توققۇز يۈز ئون ئىككى يىل ، قىينان سەككىز يۈز قىرىق يىل ، مەھلايىل توققۇز يۈز يىگىرمە يىل ، بەرەد توققۇز يۈز ئاتمىش يىل ياشاپتىكەن ؛ ئىككىن-چى ئادەم ئاتا (نوھ بىننى ئادەم سانى ) دەپ ئاتىلىدىغان نوھ

ئەلەيھسسالاممۇ توققۇز يۈز ئەللىك يىل ئۆمۈر كۆرگەنىكەن . نوھنىڭ ئوغۇللىرىدىن يافەس ئۈچ يۈز يىلدەك ئۆمۈر كۆرگەنىكەن . يېقىنقىسىنى ئېلىپ ئېيتساق ، ئوغۇزخان بىر يۈز يەتمىش يىل خانلىق تەختىدە دەۋر سۈرگەن بولسا ، ئۇنىڭ مۇشۇ لوپ دالىسىدا قېلىپ قالغان ھېلىقى ئاتامانى ئۈچ يۈز يىلدىن ئارتۇق ياشاپتىكەن . ئۇنىڭ ئوغلى قالاچ ... — بوۋاي قىزغىن گەپ قىلىۋېتىپ ، جىددىي بىر ئىش ئېسىگە كېلىپ قالغاندەك ، گېپىنى چىپپىدە توختىتىۋالدى .

باياتىن ئەس ـ يادى قۇشى «ئەجداد» ، «ئىز» دېگەنگە ئوخشاش سۆز ئۈستىدىلا ئەگىپ قالغان ئوماق «قالاچ» دېگەن ئىسىمنى قايتا ئاڭلاپ ، ئەسلىدىكى قىزىقىشى باشقىدىن ئوت ئېلىپ لاۋۇلداپ كەتتى . ئۇ سوئالغا ئېغىز ئېچىشقا تەمشىلىۋىدى ، ئۆيدىن بوۋاقنىڭ يىغىسى ئاڭلاندى .

— ماڭ ، بالاڭنىڭ يېنىغا كىر ، — دېدى بوۋاي .

ئوماق بوۋايغا قاراپ ـ قاراپ قويۇپ ئۆي تەرەپكە ماڭدى .

## 4

ئۇۋغا كەتكەنلەر ئەتىسى كەچكە يېقىن قايتىپ كەلدى . ئۇلار ئىككى جەرەن ، بىرنەچچە توشقان ئۇۋلاپتۇ . ئوماقلارنىڭ ئارا يولدا قالدۇرۇپ قويغان ئېشەك ، كالىلىرىنىمۇ تېپىپ كەپتۇ . بىر جەرەن گۆشىنىڭ يېرىمىنى ئوماقنىڭ تاشقىرىقى ئۆيىگە ئېسىپ قويدى ، توشقان گۆشىدىن تارتىپ جەرەن گۆشلىرىگىچە ھەممە ئۆيگە ئۈلەشتۈرۈپ بېرىلدى .

بۈگۈن ئوماقلارنىڭ بۇ يەرگە كەلگىنىگىمۇ ، بالىسىنىڭ تۇغۇلغىنىغىمۇ توققۇز كۈن بولۇپ قالدى . «مېھمان قالۇچىلار» ، بولۇپمۇ ئايقۇت ئالاھىدە كۆتۈلگەچكە رەڭگىرويى تېزلا ئەسلىگە كېلىپ ، ئىككى مەڭزى سەككىزىنچى ئايدىكى يۇلغۇن چېچىكىدەك رەڭلىنىپ ، تەر ئورنىغا ياغ تەپچىپ تۇرغاندەك پارقىراپ كەتتى .

تېگىدىن تېنى ساق ، تېتىك بولغاچقا يېتىۋېرىشكە كۆڭلى ئۇنىماي
ئۆزىگە قارىغۇچىلارنىڭ توسقىنىغىمۇ قارىماي ئورنىدىن تۇرۇ-
ۋالدى .

— ھېلىمۇ ئېغىرىمنى جىق سالدىم ، يېتىۋەرسەم بولماس ،
ئۆينىڭ بولسىمۇ ئىشلىرىنى ئۆزۈم قىلاي ، — دەيتتى ئۇ ، قارىغۇ-
چىلارنىڭ : «بىرئاز يېتىۋېلىڭ» دېگەن دەۋەتلىرىگە قارىتا .

بوۋاقمۇ كىشىگە توققۇز كۈنلۈك ئەمەس ، توقسان كۈنلۈك
بولغان بوۋاقتەك كۆرۈنەتتى .

ئوماق بىلەن ئايقۇتنىڭ بالىسىغا بولغان زوقىنى ، ئامراقلىقى-
نى ، خۇشاللىقىنى بىر دېمەڭ ، باشقىلارنىڭكىدىن مىڭ ھەسسە
يۇقىرى ، ئىنتايىن كۈچلۈك ئىدى . بۇنداق بولۇشى تەبىئىي ، ئەل-
ۋەتتە . بولسا بالىسىغا قاراپلا ئولتۇرسا ياكى قولىدىن چۈشۈرمەي
تۇتۇپلا تۇرسا ، ئۇلارنىڭ بالا يۈزى كۆرگەن خۇشاللىقىغا ھېچنېمى-
نى تەڭلەشتۈرگىلى بولمايتتى . ئۇلار مۇشۇنداق كۈننىڭ كېلىشى-
نى ئون يىل كۈتكەن ئەمەسمىدى !

— بىزنىڭ ئۆز بالىمىز بولدى ـ ھە ! — دېيىشەتتى ئىككىسى
يالغۇز قالغان چاغلىرىدا بىر ـ بىرىگە ئالەمچە خۇشاللىقلىرىنى
تۆكۈپ تۇرۇپ .

ئۇلار بۇنداق سۆزنى ھەرگىز توختاق بار چاغدا دېمەيتتى .
ئۇنىڭ باشقىچە ئويغا كېلىپ قېلىشىنى ، كۆڭلىنىڭ يېرىم بولۇپ
قېلىشىنى خالىمايتتى . ئۇلار بالا يۈزى كۆرگەنلىكىنى توختاقنى
بېقىۋالغانلىقىمىزدىن ، ئۇنى ئۆز بالىمىزدەك مېھىر قويۇپ باققان-
لىقىمىز ئۈچۈن تەڭرىنىڭ بىزدىن تەسىرلىنىپ بىزگە بالا يۈزى
كۆرسەتكەنلىكى ، قىسقىسى ، توختاقنىڭ يۈزىدىن ، دەپ قارايتتى .

ئايقۇت ئۆزىنى يۆلەشتۇرۇپ ماڭغان ئايال : «نەچچىنچى-
چىسى ؟» دەپ سورىغاندا ، نېرى ـ بېرىسىنى ئويلىمايلا : «تۇنجى-
سى» دەپ جاۋاب بېرىپ قويغىنىغا شۇئان پۇشايمان قىلىپ لېۋىنى
چىشلىگەنىدى . بالا تۇغۇلۇپ ئۇنىڭ يىغىسىدىن ھوشىغا كەلگەن
ئايقۇتنىڭ يېنىدىكى ئىككى ئايالغا ئېيتقان بىرىنچى گېپى : «بايا

ئاغرىق ئازابىدا تۆنجىسى ، دەپ قويغاندەك قىلمەن . ياق ، بۆ
تۆنجىسى ئەمەس ، ئىككىنچىسى ، بۆ مېنىڭ ئىككىنچى بالام » دې-
گەن گەپ بولدى . بۆ جەمەت ئىچىدە ئوتتۆز ياشتىن ئاشقۆچىمۆ
بالا يۆزى كۆرمىگەن ئايالنىڭ بولغانلىقىنى بىلمەيدىغان بولغاچقا ،
ئايقۆتنىڭ گېپىنى شۆ بويىچە چۆشىنىشتى ، ئاغرىق ئازابىدا ئېسىد-
نى بىلمەي شۆنداق دەپ سالغان ئوخشايدۆ ، دەپ ئويلاشتى .

ئايقۆت بۆلار ئارىسىدا تۆغقانلىرىنىڭكىدىن چارە ياخشى كۆ-
تۆشكە ئېرىشتى . مەخسۆس بىر ئايال ئۆنى كۆندە سۆت بىلەن
تەمىنلەپ تۆردى . سۆتى جىق چىقسۆن دەپ هەر كۆنى بېلىق گۆشى
يېگۆزۆپ ، بېلىق شورپىسى ئىچۆرۆپ تۆردى . تۆت ئادەم كۆندە
ئىككىدىن نۆۋەتلىشىپ بېلىق تۆتۆپ كېلىشكە بەلگىلەندى . بەزىدە
بەزى سەۋەبلەردىن بېلىق تۆتقىلى بارالمايدىغان ئەهۋالمۆ بولۆپ
قالاتتى . بۆنداق چاغدا مانجارغا[1] سېلىپ كۆلدە ساقلاپ قويغان
بېلىقتىن پىشۆرۆپ بېرەتتى ، ئۆنى بىر ــ ئەر كۆنمۆ بېلىقسىز
قويمايتتى .

بۆ ئون نەچچە ئۆيلۆك ئائىلىنىڭ قارىنى ئايرىم ــ ئايرىم
قاينىسىمۆ ، چوڭ داستىخىنى بىر . بۆلارمۆ باشقا جايدىكى لوپلۆق-
لارغا ئوخشاش ئاساسەن بېلىقچىلىق بىلەن ئوۋچىلىققا تايىنىپ
تۆرمۆش كەچۆرىدۆ . تۆتۆپ كېلىنگەن بېلىقلار ئاز بولسا ئازچە ،
كۆپ بولسا كۆپچە ئۆلىشىۋېلىشىدۆ . بېلىقلار بىر ــ ئىككى كۆن-
لۆك ئېهتىياجدىن ئاشقۆدەك بولسا ، ئارتۆقىنى مانجارلارغا سېلىپ
كۆلدە ساقلاپ ئۆدۆللۆق ئېلىپ يېيىشىدۆ . سۆدا ساقلاش ئەپسىز
بولسا ، ئىچ ــ قارنىنى ئېلىۋېتىپ گەدەرمە[2] قىلىپ قۆرۆتۆپ قويىد-
دۆ ياكى ئىچىنى ئېلىۋېتىپلا قۆمغا چوڭقۆر كۆمۆپ قويىدۆ .
بۆنىڭدا بېلىقلارنىڭ يېغى سىزىلىپ كېتىپ ، گۆشى ئۆز تەمى

① مانجار — لوپلۆقلارنىڭ بېلىق تۆتۆش قوراللىرىنىڭ بىرى . ئۆ قىرچىن ۋە تال چىۋىقلىرىدا سېۋەت شەكلىدە تۆۋى چوڭ ، ئاغزى تەرىپى كىچىكرەك قىلىپ ئېگىز توقۆلىدۆ . بەزىلەر ئۆنىڭغا بىر ــ ئىككى غۆلاچچە ساپاق بېكىتىۋالىدۆ . بىر ئادەم بېلىقلار سولىنىپ قالغان چوللارنىڭ ئاغزىغا مانجانى تۆتۆپ تۆرىدۆ ، يەنە بىر ئادەم بېلىقلارنى قوغلايدۆ ، قاچقان بېلىقلار چول ئاغزىدا مانجاغا كىرىپ قالىدۆ . بۆنداق چوللارنىڭ سۆ كىرىش ئېغىزى قومۆش ياكى يۆلغۆنلار بىلەن كىچىكلىتىپ قويۆلىدۆ .

② گەدەرمە — بېلىقنىڭ ئىچ ــ قارنىنى ئېلىۋېتىپ كېرىپ قويۆش گەدەرمە دېيىلىدۆ .

بىلەن ساقلىنىدۇ. ئۇۋلانغان ماللارمۇ شۇنداق، سويۇپ گۆشىنى تەڭ ئۈلىشىۋالىدۇ. يېمەك - ئىچمەك ۋە باشقا ھەرقانداق ئىشتا چوڭلارنىڭ ئاغزىغا قارايدۇ، ئۇلارغا بەك ئېتىبار بېرىدۇ. نەرسىلەرنىڭ ئالدىنى، ياخشىسىنى شۇلارغا ئۆتۈنىدۇ. ئۆزىنىڭ ئۆيىدە قازان قايناۋاتقان بولسىمۇ، ئۇدۇل كېلىپ قالسا خالىغان ئۆينىڭ بىرىگە كىرىپ تاماقلىنىۋېرىدۇ. بۇلاردا سېنىڭ - مېنىڭ دېيىش، قىزغىنىش دېگەن نەرسە مەۋجۇت ئەمەس، چارۋا - ماللىرىمۇ ھەممىگە ئورتاق.

ئوماق بۇلارنىڭ تۇرمۇش ئادەتلىرى بىلەن قاراقوشۇنلۇق ۋە جۇداقلارنىڭ ئادەتلىرىنىڭ ئوخشايدىغانلىقىنى، تىلىنىڭمۇ ئوخشاشلىقىنى بىلدى، ئەمما بىر دەريانىڭ سۈيىنى ئىچىشىپ، بىر زېمىندا ياشاپ تۇرۇپ يەنە نېمىشقا «ئۇچى، بۇچى» دېيىشىپ، يەكلىشىپ ئايرىمچىلىق قىلىشىدىغانلىقىنى زادى چۈشىنەلمىدى، ئويلاپ - ئويلاپمۇ تېگىگە يېتەلمىدى. ئوماق بۇ ئىشنى بوۋايدىن كوچىلاپ سوراپ بىلىۋېلىشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ قويدى.

ئۇ بۇ يەردىكى ئۆيلەرنىڭ ھەممىسىگە بىرەر قېتىمدىن كىرىپ چىقتى. ئۆزلىرىنىڭ ئۆيى بىلەن بوۋاينىڭ ۋە يەنە بىر ئادەم ئولتۇرمايدىغان ئۆيدىن باشقىلىرىنىڭ ئۆيلىرى ئوخشاش قۇرمال ئۆي[1] بولۇپ، قومۇش ئورنىغا ئادەمنىڭ يوتىسىچىلىك چوڭلۇقتىكى ياغاچلار زىچ قىلىپ بارايغا[2] تىكلەپ - يۆلەپ قويۇلۇپ سىرتىدىنلا سۇۋاپ قويۇلغان، دېرىزە قويماي، كىچىكرەك تۈڭلۈك ئېچىپ قويۇلغان، بوۋاينىڭ ئۆيى بىلەن ئادەم ئولتۇرمايدىغان ئۆيلا كېسەكتە ياسالغان. بۇنداق كېسەك ئۆينى چارىدا ئانچە - مۇنچە كۆرگەن بولسىمۇ، بۇلۇڭكۆلدىكى مەھەللىسىدە تۆت تېمىغا بىر تالمۇ ياغاچ ئىشلەتمىگەن بۇنداق توپا - لاي تاملىق ئۆينى كۆرۈپ باقمىغانىدى.

— قاناقا، سېنىڭ بۇ ئۆيۈڭ قانداق ئۆي، باشقىلارنىڭكىگە

---

① قۇرمال ئۆي پۈتۈنلەي ياغاچ قۇرۇلمىلىق ئۆي.
② باراي - ياغاچ قۇرۇلمىلىق ئۆينىڭ ئۈستۈنكى يان تۆت تەرەپتىكى ياغاچ.

ئوخشمايدىكەنغۇ ؟ — دەپ سورىدى ئوماق بىر كۈنى .

— شۇنداق ، بۇ سەن ، بىزدەك لوپنىڭ ئىچكىرىسىدىكىلەر بىلمەيدىغان ئۆي . بۇنداق ئۆيىنى كېسەك ئۆي ، تاملىرىنى كېسەك تام دەيمىز . مەن بىر چاغلاردا ئوۋ ئوۋلاپ يۈرۈپ بىر يارداڭلىقتا سەل ئېچىلىپ قالغان بىر غۇلاچچە ئۇزۇنلۇقتىكى مۇشۇنىڭغا ئوخشاش تامنىڭ پارچىسىنى كۆرۈپ «بۇ نېمىدۇ» دەپ ھەيران قالغاندىم . كېيىن يەنە بىر بارغىنىمدا قارىسام يوق ، قۇم ئاستىدا قالغان ئوخشايدۇ ، ئۇنداق نەرسىنى ئۇ يەردە ئىككىنچىلەپ ئۇچراتمىدىم ، — دېدى بوۋاي .

— ئۇنداق بولسا بۇ ئۆيىنى قانداق ياسىدىڭلار ؟

— سېنىڭ بىلگۈڭ بار ئوخشايدۇ ، «سورىغان بىلەر» دېگەن مۇشۇ . بىر يىللىرى تارىم سۈيىنىڭ زادى نەدىن ، قايسى تاغدىن كېلىدىغانلىقىنى بىلمەك بولۇپ ، ئىككى ئادەمنى ياندۇۋېلىپ دەريانى ياقىلاپ ئۆستۈنگە مېڭىپ باقتۇق . ماڭدۇق ، ماڭدۇق ، بىر يەرگە بارغاندا دەريانىڭ بىرنەچچە تارامدىن قوشۇلۇپ ھاسىل بولغانلىقىنى بىلدۇق . چوڭراق بىر تارماق دەريانى ياقىلاپ يەنە مېڭىپ باقتۇق . ئۇمۇ بىرنەچچە كىچىك تاراملاردىن ھاسىل بولغانىكەن . تارىمنىڭ ئاخىرى بولغان بىلەن بېشىنى تاپقىلى بولمايدىغان ئوخشايدۇ ، دەپ قايتىپ كەلدۇق .

— كېيىنچۇ ؟ ھېچنەگە بارمىدىڭلارمۇ ؟ — قاراقوشۇن دائىرىسىدىن ، ئۆتۈپ كەتسە چارىدىن باشقا جاينى كۆرۈپ باقمىغان ئوماق بوۋاينىڭ كەچمىشىگە قىزىقىپ قالدى .

— بارمىدىغان ، دۇنيادا بىزلا بارمىدۇق ، قالۇچى ، قارا قوشۇن دېگەنلەردىن باشقا ئادەملەرمۇ باردۇ ، ئۇلار قانداق ياشايدىغاندۇ دېگەن ئويلار كۆڭلۈمگە كېچىپ ، كۆنچى دەرياسىنى ياقىلاپ يۇقىرىسىغا مېڭىشۇردۇق . كۆزلەك ، چارىنىڭ ئۆستۈن تەرىپىدىن ئۆتۈپ كۆنچى[1] دېگەن بىر جايغا باردۇق . ئۇ جايمۇ بۇ يەردىن ئانچە

---

[1] كۆنچى — لوپنۇر ناھىيىسىنىڭ بازار ئىچى ئورنىنىڭ ئەسلىي نامى . ناھىيە تەسىس قىلىنغاندىن كېيىنمۇ ناھىيە نامى خەلق ئاغزىدا 50 ـ يىللارنىڭ ئاخىرىغىچە «لوپ كۆنچى» دەپ ئاتىلىپ كەلگەن .

پەرقلەنمەيدىغان توغراقلىق، جاڭگال ئىكەن، ئادەملىرىمۇ شالاڭ ئىكەن، تۇرمۇشى بىزنىڭكىگە ئوخشايدىكەن. ئۇ يەردىنمۇ يۇقىرىلاپ مېڭىۋېرىپ بىر يۇرتقا بېرىپ قالدۇق. يۇرت نامىنى كورلا دەيدىكەن. ئادەملىرىنىڭ كىيىنىشى، گەپ - سۆزى، يېمەك - ئىچمىكى بىزنىڭكىگە ئوخشىمايدىكەن، بولۇپمۇ يېمەك - ئىچمىكى بەكلا ئوخشىمايدىكەن. «بازار» دەپ ئاتىلىدىغان بىر كوچىسى بار ئىكەن، ئىككى تەرىپىدە دۇكانلىرى بولۇپ، خىلمۇخىل نەرسىلەر سېتىلىدىكەن. بىز بۇ يەردە مال (نەرسە) نى مالغا تېگىشسەك، ئۇلار تەڭگە، تىللا، يامبۇ، پۇلغا تېگىشىدىكەن، جىق ئىشلارغا ھەيران قالدۇق. بىز بىر ئاتقا تۇلكە، جەرەن تېرىسى، پالاستىن ئازراق ئارتىپ ئېلىۋالغاندۇق. ئۇنى مەدىل ئاسقال دېگەن بىر ئاق ساقاللىق كىشىگە ساتتۇق. ئۇ ئادەم بىزنىڭ بىر نەرسىلەرنى سېتىپ باقمىغانلىقىمىزنى بىلىپ بىزنى ئۆيىگە باشلاپ باردى. ئۆي دەپ مانا شۇنى دېسە بولىدىكەن. ئۇلارنىڭ ئات - ئېشەكلىرىنى سولاپ باقىدىغان قوتان - ئېغىللىرىمۇ بىزنىڭ ئۆيلىرىمىزدىن يوروق. مەدىل ئاسقال ئوبدان ئادەمكەن، بىزنى ئۆيىدە ئون نەچچە كۈن تۇرغۇزدى. مەن ئۇنىڭغا بۇ يەردىكى ئەھۋالىمىزنى سۆزلەپ بەردىم.

— تۇۋا، دۇنيادا ئاش - نان يېمەي، بېلىق گۆشىلا يەپ، ئۇجۇل، جىگدە ئۇمىچى ئىچىپلا ياشايدىغان ئادەملەرمۇ بار ئىكەن - ھە، — دېدى ئۇ ھەيران قېلىپ.

ئۇ بىزنى ئۇ يەر - بۇ يەرگە ئاپاردى، جىق نەرسىلەرنى كۆرسەتتى. بىز يۇڭ، كەندىر، تورقا تالالىرىنى قولدا ئەشسەك، ئۇلار چاقتا ئېگىرىدىكەن، ئوڭايلا يىپ قىلىدىكەن. ئۆيلىرىنىڭ تېمى بىزنىڭكىدەك قومۇش، يېكەن، ياغاچ بىلەنلا ياسالماي، كېسەك، لايدا ياسىلىدىكەن، مەن بىر يىللىرى قۇملۇق ئىچىدىكى يارداڭلىقتا كۆرگەن تام پارچىسىغا ئوخشايدىكەن. ئۇ پارچە تامنىڭ كېسىكى ئۇزۇن، كەڭ، قېلىن ئىدى، ئۇلارنىڭ كىچىك ئىكەن.

مەن مەدىل ئاسقالنىڭ ئۆيىدە بىر پالتا كۆردۈم. ئۇلار ئۇنى

ئاپپالتا دەيدىكەن . قولۇمغا ئېلىپ قارىسام ئىمىر ـ چىمىر بىرنېـ
مىلەر ئويۇپ قويۇلۇپتۇ .

— بۇ قانداق بەلگە؟ — دەپ سورىسام ، ئۇ :

— بۇ بەلگە ئەمەس ، خەت ، «بەردىئاخۇن» دېگەن خەت ،
بەردىئاخۇن مېنىڭ يەتتىنچى بوۋام . بۇ پالتا بىزگە شۇ بوۋىمىزدىن
قالغان تەۋەررۈك . بۇ يەنە مەندىن ئېشىپ بالامدىن بالىسىغا قالـ
دۇ ، ئۇلار ساقلايدۇ ، — دېدى .

— ئويلاپ باقە ئوماق ، بىزنىڭمۇ ئاتا ـ بوۋىمىز بولغان ،
ئۇلاردىن بىزگە نېمە قالدى ، بىز ئۇلارنىڭ نېمىسىگە ئىگىدارلىق
قىلدۇق ، نېمىسىنى ساقلىدۇق؟ بۇرۇنقى ئەجدادلىرىمىزغۇ
قەلئە ـ قورغانلارنى ، ئوردا ـ ساراي ، قەسىرلەرنى ساپتىكەن ،
شەھەرلەرنى بەرپا قىپتىكەن . ئەمدى ئۇلار نەدە؟ بىز بىلىمىزمۇ؟
بىلمەيمىز . كېيىنكى ئەجدادلىرىمىزدىن نېمە قالدى؟ ساتما ، گە-
مە ، سالدام[1] ، قومۇش ئۆي ، قۇرمال تاملارمۇ؟ يامىنى ، يېقىنقىـ
لاردىن بىزگە يۇرتۋازلىق ، قەبىلىچىلىك ، ئۆزئارا چەتكە قېـ
قىشىپ ـ قېچىشىپ ياتلىشىشلا قالدى . شۇنىڭ كاساپىتىدىن بىـ
رەر جاينى مۇقىم يۇرت قىلىپ تۇتۇپ گۈللەندۇرۇپ ئۆتۈشنىڭ
ئورنىغا ، نەدە جان باققىلى بولسا ، شۇ يەرگە يۆتكىلىپ ـ كۆچۈپ ،
بىر جەمەت ، بىر ئائىلە بىر توپ بولۇپ ياشاپ كەلدۇق ، —
بوۋاي قاتتىق بىر ئۇھ تارتىپ قويۇپ گېپىنى داۋاملاشتۇردى ، —
ئۇلارنىڭ ئېيتىشىچە ، كورلىدىن نەچچە ھەسسە چوڭ كۆچا ، قەشـ
قەر ، يەكەن ، خوتەن دەيدىغان يۇرتلارمۇ بار ئىكەن ، بۇ يۇرتلار
بىزنىڭ ئەتراپىمىزدىلا ئىكەن . بىز توغراقلىق ئارىلىرىدا ، قۇملۇق
ئىچىدىكى كىچىك ـ كىچىك مەھەللىلەردىن چىقماي ياشىغاچقا ،
دۇنيادىن بىخەۋەر ئۆتىۋېرىپتۇق . گەنجە[2] كۆرۈپ ئەتىياز بوپتۇ ،
ياز كەلگۇدەك دېسەك ، توغراق يوپۇرماقلىرى ، ئوت ـ چۆپلەر
سارغايسا كۈز كېپتۇ ، قىشقا ئاز قاپتۇ ، دېدۇق . ۋاقىت جەھەتتە

---

① سالدام — يىرتقۇچ ھايۋانلارنىڭ خەۋپىدىن قېچىپ ـ قورقۇپ دەرەخ ئۈستىگە قۇرۇۋالىدىغان كارىۋات شەكلىدىكى تۇرالغۇ .

② گەنجە — يېڭى چىققان كۆك ، ئوت ـ چۆپ (ئورۇۋەتكەندىن كېيىن چىققان) .

بىزنىڭ بىلىدىغىنىمىز مۇشۇنچىلىكلا بولدى .

— يەنە بىر كېسەك ئۆيدىكى نەرسىلەرنى نەدىن تاپتىڭلار ، ئۇنى نېمە قىلىدۇ ؟

ئوماق ئۇ ئۆيگە كىرگىنىدە ھەرە ، يىپ ئېگىرىدىغان چاق ، ئارغامچا - تانا ئېشىدىغان سايمان ، كېسەك قېلىپى ، كەتمەن ۋە ياغاچچىلىق سايمانلىرىدىن چوڭ - كىچىك ھەرە ، ئىسكىنە ، رەندە قاتارلىق نەرسىلەرنى كۆرۈپ ، ئۇنىڭ قانداق نەرسىلەر ئىكەنلىكى-نى بىلمەي قاراپ قالغانىدى .

— ئۇ نەرسىلەرنى مەدىل ئاسقال بەردى ، قانداق ئىشلىتىشىنى-مۇ بىرقۇر ئۆگىتىپ قويدى ، — دېدى بوۋاي .

بوۋاي بىللە ئېلىپ بارغان ئادىمىدىن بىرنى مەدىل ئاسقالغا ھۈنەرنىڭ ئۆزلىرىگە كېرەكلىرىدىن ئۆگىنىۋېلىشقا قالدۇرۇپ قو-يۇپ ، ئۆزلىرى ھېلىقى نەرسىلەرنى ئېلىپ قايتىپ كەلگەنىدى ، شىراقلىق مىلتىقنىمۇ مەدىل ئاسقال بەرگەنىدى . بولۇپمۇ ، بوۋاي ئەكەلگەن قالپاقنىڭ ئاغزىچىلىك چوڭلۇقتىكى ئىككى يۈزلۈك ئەي-نەك بۇ يەردىكى ھەممەيلەننى ھەيران قالدۇرۇۋەتكەنىدى . دەسلەپتە ئەينەكنىڭ بىر يۈزىدىن كىشىلەر چىرايىنىڭ ئەينەن ئەكسىنى كۆرۈپ كۈلۈپ كېتىشكەن بولسا ، يەنە بىر يۈزىگە قاراپلا قورقۇپ كېتىپ ئەينەكنى تاشلىۋەتكىنىنىمۇ ئۇقماي قېلىشقانىدى . ئەينەك-نىڭ بۇ يۈزى كۆپۈنگۈلۈك بولۇپ ، ھەسسىلەپ يوغان كۆرسىتىدى-غان ئالاھىدىلىكى بار ئىدى ، قانچە يېقىن قىلىپ قارىسا شۇنچە يوغان كۆرسىتەتتى . كىشىلەر بىرىنچى قېتىم ئەينەكنى يېقىن ئەكېلىپ قاراپ قاش - كىرپىك ، ساقال - بۇرۇتلىرىنىڭ ھەر تېلى بارماقتەك ، بۇرنى كۆتەكتەك ، بۇرۇن تۆشۈكلىرى ئېچىلىپ قالغان بېلىق ئاغزىدەك ... خۇددى ھېكايە - چۆچەكلەردە تەسۋىر-لىنىدىغان دىۋىنىڭكىدەك بەتبەشىرە قىياپەتنى كۆرۈشكەنىدى ، لې-كىن بۇنىڭغا ئۇلار شۇ كۈنىلا كۆنۈپ قېلىشتى ، كۈلۈپ كېتىشتى . ئەينەك بولۇپمۇ خوتۇن - قىزلارنى بەك خۇش قىلىۋەتتى . شۇنىڭ-غىچە ئۇلار تىنىق كۆل سۈيىدە چىرايىنى كۆرۈپ ئۆزلىرىنى تو-

زەشتۇرۇۋالاتتى ، مانا ئەمدى ئەينەككە قارشىدىغان بولدى . بوۋاي
ئۇلار ئۇچۇن ئەينەكنى ئۆيلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بىر ئۆينىڭ
سىرتقى تېمىغا ئېسىپ بەردى . خوتۇن ـ قىزلار ئۇيان ـ بۇيان
ئۆتكەنلىرىدە ئەينەككە بىر قارىۋېلىپ ئۆتۈشىدىغان بولدى .
ئايقۇت ئەينەكتە ئۆز چىرايىنى كۆرۈپ ، ئۆزىنىڭ گۈزەل ،
ئۇز چىرايىغا خۇددى ھۆر ـ پەرىنىڭ جامالىغا قارىغاندەك تىكى-
لىپ ، ئۇدۇلدىن ، ئوڭ ياندىن ، سول ياندىن بېشىنى قىيپاش
قىلىپ قاراپ كەتتى ، نۇقسانسىز گۈزەللىكىدىن زوقلاندى ، شادلان-
دى . ئۇ ئۆزىنىڭ بۇنچىلىك گۈزەل ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ
باقمىغانىدى . ئۇ ، دۇنيادا مۇشۇنداق كارامەت خىسلەتلىك نەرسى-
نىڭ بارلىقىدىن ھەيران قالدى ، كۆڭلىدە ئۇنى تېپىپ كەلگەن
قاناقاغا يۇز مىڭچە رەھمەت ئېيتتى .

## 5

ئوماقلارنىڭ بۇلاقكۆل مەھەللىسىگە كەلگىنىگە ئىككى ئايغا
يېقىن بولۇپ قالدى ، بۇ يەردىكىلەر بىلەن بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك
ئوبدان چىقىشىپ كەتتى . بۇلار ئارىسىدا «سەن ئۇچى» ، «بىز
بۇچى» دەيدىغان يۇرت ـ مەھەللىۋازلىق ، قەبىلىچىلىك ئۆز قىم-
مىتىنى يوقاتقانىدى . ئۇلار نېمە يېسە ، بۇلارمۇ شۇنى يېدى . ئۇلار
قانداق پائالىيەتتە بولسا ، ئوماقمۇ مۇشۇ كوللېكتىپنىڭ بىر ئەزا-
سىدەك پائالىيەتلەردە بىللە بولدى . بۇ ئۇنىڭ ئۇلار بىلەن ئوزۇق-
لۇق تاپقىلى ئىككىنچى قېتىم ، ئوۋغا بولسا بىرىنچى قېتىم چىقى-
شى ئىدى . ئايقۇت تۇغۇتتىن بوشاپ ئون كۈن بولغان كۈنى تاماق
يەۋېتىپ :
— ئوماق ، مەن بۇ يەردە ئۆز ئاتا ـ ئانامنىڭ ئۆيىدە ئاسىغدال-
غاندەك[1] ياخشى قارىلىپ ئەسلىمگە كېلىپ قالدىم . يەپ يېتىۋەر-
سەك ، يېتىپ يەۋەرسەكمۇ بولماس ، ئاڭلىسام ئەتە بىرنەچچىسى

---

[1] ئاسىغ — ئەتىۋارلىنىش ، كۈتۈلۈش .

بېلىق تۇتقىلى بارغۇدەك ، سەنمۇ بىللە بېرىپ كېلەمسەنكىن ، — دېدى .

— شۇنداق ، ئېغىز يېگەن بىلەن يۈز قىزىرىدىكەن . مەنمۇ ئۇلار بىلەن بىللە بېرىپ كېلىشنى ئويلىغان ، ساڭا ئېيتماقچىدىم ، — دېدى ئوماق .

ئەر - خوتۇن ئىككىسىنىڭ گېپى بىر يەردىن چىقىپ ، ئوماق ئەتىسى تايۇق ، هاۋۇللار بىلەن بېلىق تۇتقىلى باردى . بېلىق تۇتىدىغان دەريا مەھەللىدىن ئاتلىق ماڭسا يېرىم كۈنلۈك يىراقلىقتا ئىدى . ئۇلار گۆلمە[1] ، سانجىغاق ، مانجارلىرىنى بىر ئېشەككە ئارتىپ سەھەردە يولغا چىقىپ ، چۈشكە يېقىن دەريا بويىغا يېتىپ كېلىشتى . دەريا ئانچە كەڭ ئەمەس ئىدى . سۇ ئاستا ئاقاتتى . غارغالتىدا[2] ئۈچ كېمە باغلاقلىق تۇراتتى .

— كېمىلەر سىلەرنىڭمۇ ؟

— بىرى بىزنىڭ ، ئۇقاتتىكى ئاۋۇ قۇم دۆۋىلىرىنىڭ نېرىسىدا بىر مەھەللە بار ، قالغان ئىككى كېمە شۇلارنىڭ .

لوپ دالىسىدا مەھەللىلەرنىڭ دەريا - ئېقىندىن يىراقتىراق بولۇشى كەلكۈن تاشمىسىنىڭ سەۋەبىدىن ئىدى . هەر يىلى 7 - ، 8 - ئايلاردا كەلكۈن كېلىدۇ . كۆپ هاللاردا ئېقىننىڭ ئىككى قاسنىقىنى خېلى يەرگىچە سۇ بېسىپ كېتىدۇ . كەلكۈن قاتتىق كەلسە دەريانىڭ قېشىنى بۇزۇپ ، ئېقىش يولىنى ئۆزگەرتىپ ، يېڭىدىن ئېقىن هاسىل قىلىپ يۆتكىلىپ كېتىدۇ . بىر مەزگىلدىن كېيىن قۇرۇق ئېقىن بويلىرى چۆللىشىپ كېتىپ ، ئادەملەرنىڭ تىرىكچىلىك قىلىشىغا مۇمكىن بولماي قالىدۇ - دە ، ئىلاجىسىز كۆچۈپ كېتىشكە مەجبۇر بولىدۇ . بەزىدە تېخى كۆچۈپ كېلىپ ئۈچ - تۆت يىل بولار - بولمايلا سۇ ، ئوتلاق قوغلىشىپ كۆچۈپ كېتىدىغان ئەھۋاللارمۇ بولىدۇ .

تايۇق بىلەن هاۋۇل گۆلمە يايغىلى بىردىن ئىككى كېمىگە

---

1 گۆلمە بېلىق تۇتىدىغان تور .
2 غارغالتا كېمىنى توختىتىپ باغلاپ قويىدىغان جاي .

چۈشتى . ئوماق سانجىغاقنى ئېلىپ يەنە بىر كېمىگە چۈشتى . بۇ يەردە كېمە بوش بولسىلا كىملا بولمىسۇن خالىغىنىچە پايدىلىنىپ ، يەنە ئورنىغا باغلاپ قويۇپ كېتەتتى . يىللاپ - يىللاپ تۇرسىمۇ ھېچكىم ئېلىپ كەتمەيتتى .

بۇنداق ئاستا ئاقىدىغان سۇدا كېمىنى يۇقىرىسىغىمۇ ، تۆۋىنى-گىمۇ ، توغرىسىغىمۇ بىمالال خالىغىنىچە تايىغىلى بولاتتى . ئوماق ئۆرە تۇرۇپ ئۇزۇن شورۇقنى[1] ھېلى ئوڭدىن ، ھېلى سولدىن سۇ تېگىگە تىركەپ تاياپ ئۆدەرلەپ[2] يورۇپ كەتتى . بۇنداق قىلغاندا ئۈركۈگەن بېلىقلار دەريانىڭ ئېقىشى بويىچە تۆۋەنگە ئۈزۈپ كۆل-مىگە چۈشەتتى . ئۆزىمۇ قاراقۇشۇنلۇقلارغا خاس تەجرىبىسى بويىچە بېلىقلارنىڭ ئويان - بۇيان ئۈزۈش يولىنى ھەم سۇ ئاستىدا لەيلەپ تۇرىدىغان جايىنى پەملىۋالاتتى . ئوماقنىڭ يۇقىرىغا ئۈزۈشى ھەم شورۇقنى پات - پات سۇغا ئۇرۇپ قويۇشى نەتىجىسىدە تايوق بىلەن ھاۋىلىنىڭ بۇ قېتىم كۆڭۈلدىكىدەك ئامەتى كەلدى . بىر ئاش پىشىم ئارىلىقىدا ئۈچ قېتىم كۆلمە يېيىپ ، ئۈچ قېتىم يىغدى . ھەر قېتىمدا كۆلمىگە چۈشكەن بېلىقلار ئاز ئەمەس ئىدى . ئۇلار ئىككى مانجارغا پاتمىغۇدەك بېلىق تۇتتى . تايوق كۆلمىنىڭ بىر تەرىپىنى تۇتۇپ تۇرسىمۇ كۆزى ئوماقتا ئىدى . ئوماق بىردىنلا بېلىقلارنى ئۈركۈتۈشتىن توختاپ ، شورۇقنى كېمىگە قويۇپ قو-يۇپ ، ئىككى قولىنى پالاق قىلىپ ، كېمىنى بىر خىل تەڭشەكتە تاياپ قىرغاققا يېقىنلىدى - دە ، سانجىغاقنى قولىغا ئېلىپلا سۇغا ئاتتى . سۇدا بىر نەرسە پالاقشىغاندەك قىلىپ ، سۇ چايقالىنىپ[3] كەتتى . سانجىغاقنىڭ دەستىسى خۇددى ئۇنى بىرسى سۇنىڭ تېگىدە سۆرەپ كېتىۋاتقاندەك سىلكىنىپ ھېلى يۇقىرىغا ، ھېلى تۆۋەنگە ئۇرۇلاتتى . دەستىنىڭ ئۇچىدىكى بەش غۇلاچچە چىگە تانىنىڭ بىر ئۇچى ئوماقنىڭ قولىدا ئىدى . تاياق قاياققا ئاقسا كېمىمۇ شۇ تەرەپكە سۇرۇلۇپ كېتىۋاتاتتى .

---

1 شورۇق    مەخسۇس كېمە تاياشقا ئىشلىتىدىغان ئۇزۇن خادا (ياغاچ) .
2 ئۆدەرلەپ    سۇنىڭ ئېقىشىغا قارشى ئۈزۈش .
3 چايقاق    دولقۇن .

— تېز كېلىڭلار !

ئوماق كېپىنىڭ داۋامىنى دېگۆچە سانجىغاقنىڭ دەستىسى قاتتىق بىر سىلكىندى ـ دە ، ئوماق سۇغا چۈشۈپ كەتتى ، لېكىن تاننى قويۇپ بەرمىدى . ھېلىمۇ سۇ چوڭقۇر ئەمەس ، ئادەمنىڭ مەيدىسىگە كېلەتتى . ئوماق بىر ئاماللاپ ئۆرە بولۇۋالدى ، شۇنداق-تىمۇ سانجىغاق سانجىلغان نەرسە ئۇنى سۆرەپ كېتىۋاتاتتى . تايۇق بىلەن ھاۋىل گۆلمىنى دەرھال يىغدى ـ دە ، چۈشكەن بېلىقلار بىلەن قوشۇپ باغلاپ قويۇپ كېمىلىرىنى تاياپ كېلىشتى . تايۇق ئوماقنىڭ قولىدىن تاننى ئالدىيۇ ، كېمىسىنى باشقۇرالماي قال-دى ، تاس ـ تاماس قالدى ئۇمۇ سۆرۈلۈپ سۇغا چۈشۈپ كەتكىلى . ھاۋىل كېمىسىنى يېقىنلاپ ئەكېلىپ تاننى ئىككى قوللاپ تۇتۇۋال-دى . ئوماقمۇ كېمىگە چىقىۋالدى . ئۇ ئۈچ كېمىنى يېقىن قىلىپ قۇيرۇق تەرىپىدىن بىر ـ بىرىگە چاتتى ـ دە :

— ئەمدى كېمىلەرنى قىرغاق تەرەپكە ماڭدۇرايلى ،— دېدى .

ئوماق بۇلاقكۆللۈكلەر بىلەن بېلىق تۇتقىلى چىققىنىدا گويا تەڭرى ئۇنى بۇلارنىڭ سىنىقىدىن ئۆتكۈزۈپ ئىشەنچىگە ئېرىشتۈر-مەكچى بولغاندەك ، ئۇنىڭ ئامىتىنى ئوڭدىن بەردى . ئۇلار كېمە-لەرنى تېيىز يەرگىچە ئەكېلىپ كېمىدىن چۈشۈپ سانجىغاقنى تارتىپ سۇ لېۋىگە ئېلىپ كەلدى . ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدا توختاقچە-لىك چوڭلۇقتىكى بىر لوخا بېلىق[1] سوزۇلۇپ ياتاتتى . ئۇ ئۆزىنىڭ ماكانىدىن ، نەپەس ئېلىش شارائىتىدىن مەھرۇم بولغاچقا ، كۆزىنى پارقىرىتىپ ، ئاغزىنى ماكاشلىتىپ ئېچىپ ـ يۇمۇپ ياتاتتى . ھې-لىمۇ سانجىغاق ئۇنىڭ گەجگىسىگە سانجىلغانىكەن . قۇيرۇق تەرد-پىگە سانجىلىپ قالسىغۇ ئەسلىي ، دۇمبە قانىتىنىڭ ئاياغ تەرىپىگە سانجىلسىمۇ ئۇنى ئوڭاي تارتىپ چىقارغىلى بولمايتتى ، بوي بەر-مەيتتى . ئۇ چاغدا ئوماق تاننى قويۇپ بەرمىسە ، ئۇنى سۆرەپ نەلەرگىچە ئېلىپ كېتىشى مۇمكىن ئىدى .

— ۋاھ ، ۋاھ ، ۋاھ ! — دېيىشىپ كەتتى تايوق بىلەن ھاۋىل

---

[1] لوخا بېلىق — قاسىراقسىز ، پۇراقسىز بېلىق ، گۆشى ئىنتايىن تەملىك .

بىلىقىقا قاراپ .

ئۇلار كىچىكرەك بېلىقتىن ئۈچنى كاۋاپ قىلىپ يەپ ، قالغان بېلىقلارنى ئىككى مانجارغا سېلىپ تايۇق بىلەن ھاۋىل ئاتلىرىغا بۆكتورگۇ[1] قىلدى . لوخا بېلىقنى ئىشەككە توغرىسىغا ئارتىپ چىڭ باغلىدى . ئۇلار مەھەللىگە كەلگەندە ، ئۇلارنى ئالدىن كۆرگەن بىرى :

— قاراڭلار ، ئالامەت يوغان بېلىق ! — دەپ ئۆيلەر ئارىسىدا مېڭىپ يۈرۈپ بىرنەچچە قېتىم توۋلىدى .

ئۆي - ئۆيدىن چوڭ - كىچىك ھەممىسى چىقىشتى . ئىشەككە ئارتىقلىق تۇرغان يوغان لوخا بېلىقنى كۆرۈپ ئۇنىڭ ئەتراپىغا ئولاشتى . بېلىقنى تۇتۇپ - سىلاپ : «ۋاھ ، ۋاھ ، ۋاھ» دېيىشىپ كەتتى . ئۆيدىن ھەممىنىڭ كەينىدىن چىققان بوۋاي يېقىن كېلىۋىدى ، ھەممىسى بوۋايغا يول بېرىشتى .

بۇ بېلىقنى قايسىڭلار تۇتتۇڭلار ؟ — دەپ سورىدى بوۋاي ، بېلىققا قاراپ زوقلىنىپ كېتىپ .

— ئوماق تۇتتى ، سانجىغاقتا سانجىپ تۇتتى ، — دېدى تايۇق ، ئوماقنى ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي ماختاپ .

— بىر بۇنداق يوغان لوخا بېلىق تۇتمىغىلى تۆت يىلدەك بولۇپ قېلىۋىدى ، مانا بۈگۈن ئوماق تۇتۇپ كەپتۇ . قاراقوشۇنلۇقلار بېلىق تۇتۇش ، بېلىق يېيىشكىلا ئۇستا بولۇپ قالماي ، بېلىق پىشۇرۇشقىمۇ ئۇستا . بۇ لوخا بېلىقنى ئوماق ئۆز قولى بىلەن پىشۇرسۇن ، بىللە ئولتۇرۇپ يەيلى ، — دېدى بوۋاي ، ئاندىن ئوماققا قاراپ قوشۇپ قويدى ، — قانداق ، بولامدۇ ؟

بوۋاي راست ئېيتىدۇ ، لوپلۇقلار ئىچىدە بېلىق يېيىشكە كەلگەندە قاراقوشۇنلۇقلار بەك ماھىر . بېلىقنى پۈتۈن پىشۇرۇپ ، ئاغزىنىڭ بىر تەرىپىدە چايناپ ، جاۋغىيىنىڭ يەنە بىر تەرىپىدىن قىلتىرىقلىرىنى ئۇدۇللۇق چىقىرىپ تۇرۇپ يەۋېرىدۇ . ئادەمنىڭ ياچىقچىلىك چوڭلۇقتىكى بېلىقنى بىر ئادەم بىر ئولتۇرۇشىدا يەپ بولىدۇ . قاراقوشۇنلۇقلارنىڭ بېلىق پىشۇرۇشى بىلەن باشقىلا-

---

[1] بۆكتورگۇ — غانجۇغىلاش ؛ غانجۇغىلانغان نەرسە .

رىنىڭ پىشۇرۇشىدا چوڭ پەرق يوق . قاراقوشۇنلۇقلار بىلىقنى قازانغا پۈتۈن سىلىپ ئاجىز ئوتتا ئىنتايىن ئاستا ، لېكىن ئۇزاق قايىنىتىپ پىشۇرىدۇ . بۇنداق پىشۇرغاندا بىلىق گۆشى تىتىلىپ كەتمەيدۇ ، ئۆز تەمى بىلەن پىشىدۇ ، سۆيىمۇ تېتىشلىق بولىدۇ . پىشىپ بولغان بىلىقنى قازاندىن پەم بىلەن پۈتۈن پېتى ئېلىپ تەڭلىگە قويىدۇ . سەل سوۋۇغاندىن كېيىن ، بىلىقنىڭ قۇيرۇقىدىن تۇتۇپ كۆتۈرۈپ يېنىك - يېنىك سىلكىپ كەمچۇكلەيدۇ ،[1] ئاندىن بىلىق گۆشىنى ئوشلاپ ئېلىپ يەۋېرىدۇ ، قېلىپ قالغان قىلتىرىقلاردىن قورقمايدۇ . گۆشنى يېگەچ قىلتىرىقلارنى جاۋغىيىنىڭ بىر تەرىپىدىن چىقىرىۋېتىدۇ .

ئۇلار كىچىك بىلىقلارنى بىرنەچچە مانجارغا سىلىپ كۆلگە چىلاپ قويۇشتى . لوخا بىلىق قازانغا پاتمايدىغان بولغاچقا ، ئوماق بىلىقنىڭ كاللىسى بىلەن قۇيرۇق - قاناتلىرىنى كېسىپ ئېلىۋېتىپ ، قالغان قىسمىنى ئوتتۇرىدىن توغرىسىغا چاناپ ئىككى قىلدى ، ئاندىن ئۇلارنى يەنە توغرىسىغا تۆت پارچە قىلدى - دە ، كاللىسى بىلەن بىللە قازانغا سىلىپ ئۆزلىرىنىڭ ئۇسۇلى بويىچە پىشۇردى . پىشقان بىلىقنىڭ ھەربىر بۆلىكىنى بىردىن تەڭلىگە ئېلىپ بىر ئۇچىدىن تۇتۇپ سىلكىدى . بىلىقنىڭ گۆشى تەڭلىگە تۆكۈلۈپ ، ئومۇرتقا - قىلتىرىقلىرى قۇرۇق ئىسكىلىت بولۇپ ئوماقنىڭ قولىدا قالدى . مەھەللىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى بىلىق گۆشىنى ئوماقنى دوراپ ئوشلاپ ئېلىپ يېيىشتى . ھەربىر قازاندىكى بىلىق سۆيىگە تۆت - بەش قوشۇقتىن ئۇجۇل تالقىنى سىلىپ مەززە قىلىپ ئىچىشتى ...

## 6

ئوماق بۇگۈن يەنە تايۇق ، ھاۋىللار بىلەن بىللە ئوۋغا چىقتى . ئۇلار ئوقيا ، نەيزىلەرنى ئالغاندىن باشقا يەنە ئاتلىرىغا ئىككىدىن

---

[1] كەمچۇكلەش بىلىقنىڭ ئومۇرتقا . قووۇرغا (قىلتىرىق) لىرىنى گۆشىدىن پۈتۈن پېتىچە ئاجرىتىش .

قاپقاننى بۆكتۈرگۈلۈۋالغانىدى. تايۇق بىلەن ھاۋىل ئۇقنى بىكارغا ئۈزمەيدىغان مەرگەن ئوقياچىلار، ھەرقانداق جانلىقنىڭ ئەجەللىك يېرىگە تەگكۈزىدۇ. بۇ جەھەتتە ئوماقمۇ ئۇلاردىن قالمايدۇ. ئوماق كېتىۋېتىپ ئۇلارنىڭ ئوقياسىنىڭ باشقىچە ياسالغىنىغا دىققەت قىلدى.

— سىلەرنىڭ ئوقيايىڭلار ئۇلاقسىز — بىر پۈتۈن ياغاچتا ياسىلىپتۇ، ئۇنى قانداق ياسايسىلەر؟ — دەپ سورىدى ئوماق، تايۇقنىڭ ئوقياسىنى قولىغا ئېلىپ ئۇيان-بۇيان قىلىپ قاراپ.

— قاراقۇشۇنلۇقلار ئوقيانىڭ ياغىچىنى ئۇلاپ ياسايسىلەر، بىز پۈتۈن بىر ياغاچتا ياسايمىز. بۇنداق ياساشنى بىزگە قاناقا ئۆگەتكەن. بەش-ئالتە يىللىق چېچەك ئاچمايدىغان يۇلغۇننى كۈزدە تۈۋىدىنلا كېسىپ تاشلايمىز. ئەتىيازدا كۆكلەپ چىققان يېڭى نوتىلاردىن تۆتىنىلا قويۇپ قالغانلىرىنى ئۇدۇللۇق كېسىپ تۈرىمىز. ئۇ تۆت نوتىنىڭمۇ ھارام-يان شاخلىرىنى بىخ چىقىرد-شىغىلا ئېلىۋېتىمىز. نوتىلار يازنىڭ ئاخىرىغىچە بىر غۇلاچچە ئۆسىدۇ. بۇ چاغدا ئۇلارنىڭ ئۇچىنى ئۈزۈپ تاشلايمىز. كۈزگىچە تۈۋىدىن ئۇچىغىچە ئوخشاش تومۇلۇقتا يوغىنايدۇ. مۇشۇ چاغدا قۇمغا غولۇتمان[1] يېقىپ، قۇم راسا قىزىغاندا يۇلغۇننى كېسىپ قىزىغان قۇمغا كۆمىمىز. يۇلغۇننىڭ ئىككى ئۇچىدىن قاينىغاندەك ۋىژىلداپ سۇ چىقىدۇ، ئاندىن ئۇنى يەرگە ئالدىن قېقىپ تەييارلاپ قويغان قوزۇقلارغا مۇشۇ شەكىلگە كەلتۈرۈپ تۈرۈپ تېڭىۋېتىمىز. ئون كۈنلەردىن كېيىن تېڭىق پېتى تۇرغۇزۇپ قوۋزىقىنى قىرىۋېتىمىز، ئاندىن يەنە قىزىق قۇمغا كۆمۈۋېتىمىز. مۇشۇنداق قۇرۇغان ئوقيا ياغىچى قاتتىق بولىدۇ، كىرىچتىن ئۈزۈلگەن ئوق تېز ماڭىدۇ، ئۇزۇنغا بارىدۇ، — تايۇق قالۇچىلارنىڭ ئوقيانى قانداق ياسايدىغانلىقىنى تەپسىلىي سۆزلەپ بەردى.

ئۇلار گەپ بىلەن بولۇپ قىرچىن ئارىلاش بىر چاتقاللىققا يېقىن كېلىپ قالدى.

---

① غولۇتمان گۈلخان.

— سۆنۆن يەرگىمۇ[1] كېلىپ قاپتۇق ، ئۇلاغلىرىمىزنى مۇشۇ يەردە قويۇپ قويايلى ، — دېدى ھاۋىل .

ئۇلار ئاتلىرىدىن چۈشتى . تايۇقنىڭ ئىتىنى ئۇيۇلغۇغا[2] باغلاپ ، ھاۋىل بىلەن ئوماقنىڭ ئىتىنى چۈشەپ قويۇپ بېرىپ ، چاتقاللىققا قاراپ مېڭىشتى . چاتقاللىق ئىچىدىكى قويۇق بىر بۆكلۆككە كېلىپ توختاپ ئەتراپقا قاراشتى . ئالدىدىلا بىر سۆنۆن يەر ئوچۇق كۆرۈنۈپ تۇراتتى .

— كېپىك ، جەرەنلەرنىڭ ئوتلاشقا كېلىدىغان ۋاقتىغا ئاز قالدى ، مۇشۇ بۆكلۆكتە ئولتۇرايلى ، — دېدى تايۇق .

كېپىك ، جەرەن ئوۋلاشقا بۇ ھەقىقەتەن ئەپلىك جاي ئىدى . ھەرقايسىسى ئالدىدىكى ئوتلۇقنى ئوچۇق كۆرگىلى بولىدىغان جاينى تاللىشىپ ئولتۇرۇشتى ، گەپلىرى بولسا پىچىرلىشىپ سۆزلىشەتتى . ئۇلار تۇرغان جاي بىلەن سۆنۆن يەرنىڭ ئارىلىقى كەم دېگەندىمۇ يۈز قەدەم كېلەتتى . بۇنداق ئارىلىقتا ئوماق ئۆز ئوقياسىدا ھېچنېمە ئاتالمايتتى . ئۇنىڭ ئوقياسىدىن ئۈزۈلگەن ئوق ئۇنچىلىك يىراققا بارمايتتى . تۇنجى قېتىملىق ئوۋغا چىقىپ ھېچ نەرسە ئاتالمىسا قانچىلىك سەت بولىدىغانلىقىنى ئويلاپ ، مەھەللىدە بىرەرسىنىڭ ئوقياسىنى ئېلىۋالمىغىنىغا پۇشايمان قىلدى ، تايۇققا پىچىرلاپ تۇرۇپ راستىنى ئېيتتى . تايۇق ئۈنسىز كۈلۈمسىرىدى .

— بۇ ئوقيايىڭ يېقىنغا بولغان بىلەن ، راست يىراققا بولمايدۇ . بۈگۈن مېنىڭكىنى ئات ، مەن ئوۋلىمىساممۇ مەيلى ، بەلكى قايتىشىمىزدا ماڭا لايىق بىرەر نەرسە ئۇچراپ قالار ، — دېدى تايۇق ئوقياسىنى ئوماققا بېرىۋېتىپ .

ئوماق تۇزۇت قىلىپ تۇرمايلا ئوقيانى قولىغا ئالدى . كىرىچنىڭ تارتىلىشى ھەقىقەتەن چىڭ ، ياسىمۇ قاتتىق ئىدى . ئانچە كۆچمەي تارتىپ قويۇپ بەرگەن ئوقنىڭ ئۇزۇنغا بېرىشىدا گەپ يوق ، لېكىن بۇ ئوقيا ئوقىنىڭ زادى قانچىلىك يىراققا بېرىشىنى

---

[1] سۆنۆن يەر — كېپىك ، جەرەنلەر ئوتلايدىغان ئوتلىرى ياخشى پىنھان يەر .
[2] ئۇيۇلغۇ — ئات - ئۇلاغلارنى ئوتقا باغلايدىغان قوزۇق .

ئوماق مۆلچەرلىيەلمىدى .

— شەپە بار ، — ئاستا پىچىرلىدى ھاۋىل .

ئۇچىلىسى تەڭلا ئوچۇقچىلىققا قارىدى . ئۇدۇلدىكى چاتقاللىقتىن بىر كىيىك چىقىپ توختاپ بېشىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ خۇددى بىر يەرلەردىن كېلىۋاتقان شەپىنى سېزىپ قالغاندەك قۇلىقىنى دىڭ قىلىپ ئەتراپقا قاراشقا باشلىدى . دەل مۇشۇ چاغدا ئوماقنى يۆتەل قىستاپ قېلىپ ئالىقىنى بىلەن ئاغزىنى چىڭ ئېتىۋالدى . تايۇق ئۇنىڭغا سۇ قاچىسىنى تەڭلىدى . ئوماق كۆكەرنى ئېلىپ تىنىقىنى بېسىپ تۇرۇپ ئۇسالىقتىن[1] ئىككى يۇتۇم ئىچىۋىدى ، يۆتىلى شۇ ھامان بېسىقتى . مۇشۇنچىلىك شەپىمۇ كىيىككە يېتىپ بارغان چېغى ، قۇلىقىنى بوكلۇك تەرەپكە قارىتىپ دىڭ تۇتۇپ كۆزىتىشكە باشلىدى . غەيرىي شەپىنى سەزمىگەندىن كېيىن ، قاتتىق بىرنى پۇشقۇردى . بۇ ئۇنىڭ چاتقال ئىچىدە قالغان توپىغا «خەۋپ يوق» دېگەننى قىلىپ بەرگەن بىشارىتى ئىدى . كىيىكلەر چاتقاللىقتىن بىر - بىرلەپ چىقىشقا باشلىدى . «ئۇنىڭ بىشارىتى ئىشەنچلىكمۇ ، ئەمەسمۇ ؟» دەپ گۇمانلانغاندەك ، ھەربىر كىيىك چاتقاللىقتىن چىققاندا بىر توختىۋېلىپ بېشىنى ئېگىز ، قۇلىقىنى دىڭ تۇتۇپ ، ئەتراپنى بىر قېتىمدىن كۆزەتتى . ئۇلار بىر قەدەم - بىر قەدەمدىن ئوتلىغاچ مېڭىپ ئوتلاقنىڭ ئوتتۇرىسىغا كەلدى . بۇلار شۇ كۈنى بىرىنچى قېتىملىق ئوتلاشقا چىققانلىقى ئۈچۈن ، يۇمران گەنجىلەرنى باش كۆتۈرمەي يېيىشكە باشلىدى . ھاۋىل قولى بىلەن ئوماققا ئۆزىنىڭ قايسىنى ، ئۇنىڭ قايسىنى ئاتىغانلىقىنى ئىشارە قىلىپ كۆرسەتتى . لوپلۇقلاردا ئىككى - ئۈچ ئادەم بىرلا ۋاقىتتا ئوقيا ئاتقاندا كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچىلىك ئارىلىقتا ئوقنى قويۇۋېتىشلىرى كېرەك . بۇنىڭ ئۈچۈن ئالدى بىلەن باش ئوۋچى ئوق ئۈزىدۇ . «ۋىژ» قىلغان ھامان باشقىلىرى ئوق ئۈزىدۇ . ھازىرقى باش ئوۋچى ھاۋىل ئىدى . ئۇلار ئوقياسىغا ئوق قويۇپ قارىغا ئېلىشتى .

---

[1] ئۇسالىق ئۇسسۇزلۇق . قايناق سۇغا بىرئاز سۈت ئارىلاشتۇرۇپ ، بىرنەچچە دانە جىگدە سېلىپ ، سوۋۇغاندىن كېيىن ئىچىلىدۇ ، ئىككى - ئۈچ يۇتۇم ئىچسىلا ئۇسسۇزلۇقنى قاندۇرىدۇ .

هاۋىل ئوقنى قويۇۋەتتى. «ۋىژ» قىلغان بىلەن تەڭلا ئوماقمۇ قويۇۋەتتى. ئىككى كېيىك پالاقلاپ قالدى، قالغانلىرى قېچىپ كەتتى. هاۋىل چېنەپ ئاتقان كېيىك چاتقاللىقتا بېرىپلا يىقىلدى. ئوماق چېنىگەن كېيىك يا قاچمىدى، يا يىقىلمىدى، جايىدىلا تۇرۇپ قالدى. ئۇلار بۇنىڭغا هەيران بولۇپ ئورنىدىن تۇرۇپ مېڭىشتى. ئۇلار يېقىن كەلگەندىلا كېيىك يېنىچە بولۇپ گۇپپىدە يىقىلدى. ئۇلار كۆردىكى، كېيىكنىڭ ئوڭ يانپىشىدىن كىرگەن ئوقنىڭ بېشى سول يانپىشىدىن ئۆتۈپ، كېيىكنىڭ ئىككى پۇتىنى مىدىرلىيالماس قىلىپ قويغانىدى.

— كىرىچنى بەك قاتتىق تارتىۋېتىپتىكەنسەن- هە، — دېدى تايۇق كۈلۈپ كېتىپ. ئوماقمۇ، هاۋىلمۇ تەڭلا كۈلۈپ كېتىشتى.

راست، ئوماق قولىدىكى ئوقيانىڭ تايۇقنىڭلىقى ئېسىدە يوق، ئۆزىنىڭكىنى ئاتقاندەك كىرىچىنى بولۇشىچە قاتتىق تارتىپ ئاتقانىدى.

ئۇلارنىڭ بۈگۈنكى ئوۋى نەتىجىلىك بولدى. ئىككى كېيىكنى سويۇپ ئىچ- قارنىنى ئېلىۋېتىپ ئۆزىنىڭ تېرىسىدە ئوراپ باغلاپ، ئالغاچ كەلگەن ئايرىم ئاتقا يانداق قىلىپ ئارتىپ تاڭدى. قايتىپ كېلىۋېتىپ ئانچە ئۇزاق ماڭمايلا، ئوماق جەرەندىن يەنە ئىككىنى ئاتتى. بىرىنى سويۇپ گۆشىدىن ئازراق كاۋاپ قىلىپ يېيىشتى، بۇنىڭ قالغان گۆشىنى تېرىسىگە سېلىپ، يەنە بىرىنى بوغۇزلىۋېتىپ سويمايلا هاۋىل بىلەن ئىككىسى بىردىن بۆكتۈرگۈلۈۋالدى.

ئۇلار مەهەللىگە ئادەتتىكى چاغلىرىدىن بالدۇر كېلىشتى. ئاتلىرىنى لاشىڭغا[1] باغلاپ بولغۇچە ئۆي- ئۆيدىن چىقىشقان مەهەللىداشلىرى ئۇلارنى مول ئوۋى بىلەن تەبرىكلەشتى.

— ئوماق قالتىس ئوۋچىكەن، زىخقا كاۋاپ ئۆتكۈزگەندەك بىر ئوقنى كېيىكنىڭ ئىككى پۇتىدىن ئۆتكۈزۈپ جۈپلەپ قويۇپ،

---

[1] لاشىڭ — ئۆيلەرنىڭ ئالدىغا ئات - ئۇلاغ باغلاش ئۈچۈن ئورنىتىپ قويىغان خادا (ياغاچ).

يا ماڭالمايدىغان ، يا يىقىلالمايدىغان قىلىپ قويىدىكەن ، — دېدى تايوْق ۋە ئەھۋالنى سوْزلەپ بەردى ، كوْپچىلىك كوْلوْشوْپ كەتتى .
ئايقوْت توپىنىڭ كەينىدىرەك بالىسىنى توْتوْپ توْراتتى . ئوْ ئوماقنىڭ ئوۋچىلىقتا خېلى - خېلىلاردىن قالمايدىغانلىقىنى بىلى-سىموْ ، لېكىن كوْڭلىدە : «قانداق بولار ، توْنجى قېتىمدا قوْروْق قول قايتىپ قالارموْ ؟» دېگەندەك ئەندىشىموْ يوق ئەمەس ئىدى . تايوْقنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ ئېرىنىڭ بوْ يەردىكى توْنجى ئوۋدىكى كارامىتىدىن سوْيوْنوْپ كەتتى . ئېچىگە پاتمايۋاتقان خوْشاللىقىنى كوْزىگە يىغىپ ، باھاردا هوْپپىدە ئېچىلىپ كەتكەن باغ چېچەكلىرى-دەك ئېچىلىپ - كوْلوْمسىرەپ ئوماقنىڭ ئالدىغا كەلدى ، ئوماقموْ ئىتتىك ئايقوْتنىڭ ئالدىغا ماڭدى . ئوْنىڭ شادلىق ۋە زوقتىن نوْرلىنىپ توْرغان قوْمچاقتەك قاپقارا كوْزىگە قارىۋېتىپ قولىدىن بالىنى ئالدى . بالىموْ ئاتىسىدىن پەخىرلىنىۋاتقاندەك كوْلوْمسى-رەپ ، گوْڭوْلداپ كەتتى . ئوماق بالىسىنىڭ پېشانىسىگە سوْيگەچ ئوْيى تەرەپكە ماڭدى .

## 7

ئوماقلارنىڭ قالوْچىلار مەھەللىسىگە كەلگىنىگە توْت ئاي بو-لوْپ قالدى . ئوْلار بوْ يەرگە ئەتىيازنىڭ ئوتتوْرىسىدا كەلگەنىدى ، مانا هايت - هوْيت دېگوْچە ياز چىقىپ كوْز كىرەي دەپ قالدى . ئوْلار بوْ توْت ئاينى ئوْز مەھەللىسىدە ، قېرىنداشلىرى ئارىسىدا ئوْتكوْزگەندەك ياتسىرىماي كوْڭوْللوْك ئوْتكوْزدى . ئوْلار بوْ يەردىكى چوڭ - كىچىك ھەممىسى بىلەن ئوبدان چىقىشىپ ئوْزلىشىپ كەتكەنىدى . ئوماق بىلەن ئايقوْتنىڭ بوْ يەردىن كەتكوْسى يوق . ئوْلار چارىدىكى ، ھەتتا ئون نەچچىلا ئوْيلوْك ئادەم بار سوْگەتبوْلاق مەھەللىسىدىكى كىشىلەرنىڭ كىچىككىنە ئىش ئوْچوْن قەبىلە ، جەمەتۋازلىق قىلىشىپ ئىشنى ئوْلغايتىپ ئوْزئارا قارىنىشىپ[1] يوْ-

---

[1] قارىنىشىپ — ئوْچەكىشىپ ، قارشىلىشىپ . («دىۋان» 2 - توم 130 - بەت) .

روشلىرىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرسىلا ، بۇ ئىبسىل ئادەملەردىن زادى ئايرىلغۇسى يوق . بۇلار بارماقچى بولغان يېڭى ئابدال قانداقراق يەر ، ئادەملىرى قانداق قارايدۇ ، ئارىسىغا ئالامدۇ ـ ئالمامدۇ ، بۇ تەرىپى قاراڭغۇ ئىدى . كونىسا ئابىدال بۇلارنىڭ يىراق — كۆپ بۇرۇنقى بوۋىلىرى ياشاپ ئۆتكەن جاي بولسىمۇ ، نامىنىلا ئاڭلىغان ، ئەسلا بېرىپ باقمىغانىدى . پەقەت ئابدال بېگى جاھانبەگنىڭ تەرىپىنى ئاڭلاپ ، شۇنى پاناھ تارتىپلا بارماقچى بولۇۋاتاتتى . بىر قېتىم ئۇماق ئۆزلىرىنىڭ بۇلاقكۆل مەھەللىسىدە تۇرۇپ قېلىش خىيالىنىڭ بارلىقىنى قالاچ قاناقاغا ئېيتقاندا ، قاناقا :

— ئويۇڭلار ياخشى بوپتىكەن . ئەمما ، ئەمدى بىز بۇرۇنقىدەك ئۇ بۇلۇڭ ، بۇ بۇلۇڭدا ، ئۇ دەريا ، بىۇ كۆل بويىلىرىدا ، ئىۇ يەردىكى ، بۇ يەردىكى قۇم دۆۋىلىرى ئارىلىرىدا چېچىلىپ ئۆتىۋەرسەك بولمايدۇ . بىزنىلا ئويلىغىنا ، بىز مۇشۇ قۇملۇق ئىچىدە ياشاپ كېلىۋاتقىنىمىزغا يۈز يىلدىن ئاشتى . بىزنىڭ بۇ يەردە ئىكەنلىكىمىزنى كىملەر بىلىدۇ؟ پەقەت ئازلا ئادەم بىلەر . بۇلتۇر جاھانبەگ بۇ يەردىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ بىزنى كۆرۈپ قالمىغان بولسا ، بىزنى ھېچكىم بىلمەيتتى . ھەتتا بىز بىلەن بىر قەبىلە ، ئەمما باشقا ـ باشقا جايلاردا ياشاۋاتقان قالۇچىلارمۇ بۇ قۇملۇقتا ئۆزىگە ئوخشاش ئون نەچچە ئۆيلۈك قالۇچىنىڭ بارلىقىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمەيدىغاندۇ ، — تېخى قاناقانىڭ گېپى تۈگىمىگەنىدى ، ئۇماق گەپ قىستۇرۇپ سوئال سورىدى :

— ئۇلارنى سىلەر ئىزدەپ باقمىدىڭلارمۇ؟

قالاچ قاناقانىڭ چىرايى يەنە باشقىچە تۈسكە كىردى ، كۆزى يىراقلارغا تىكىلدى ، قوشۇمىسى تۈرۈلدى . ئۇماق سوئال سوراپ قاناقانىڭ روھى جاراھىتىگە تۇز سېپىپ ، ئۇنىڭ ئازابىنى قوزغاپ قويغىنىغا پۇشايمان قىلىپ قالدى .

— ئىزدىدۇق ، مەن كۆپ ئىزدىدىم . بەزىلىرىنىڭ نەدىلىكىنى بىلدۇق . بىر ئائىلە بىر بولۇپ ، كۆپ بولسا يېقىن جەمەتلەر بىر توپ بولۇپ ياشاۋېتىپتۇ . بولدىلا بۇ گەپلەرنى دەپ يۈرمەيلى .

بىزمۇ باشقىلاردەك يۇرت بولۇپ ئۇيۇشۇپ ، مۇقىم ماكانلىق بولۇپ ئولتۇرۇشىمىز لازىم . بىزمۇ بۇ يەردىن كېتىمىز . ئالدىنقى يىلى جاھانبەگكە ئەھۋالنى ، ئويى ـ خىيالىمنى ئېيتتىم . ئۇ بىر قېتىم كۆچا تەرەپكە بارغانىكەن ، ئۇنىڭمۇ يۇرتىنى شۇ يەردەك قىلىپ قۇرغۇسى بار ئىكەن . ئابدالنى بىز بىرلىكتە يېڭىچە قۇرۇپ چىقىشنى مەسلىھەتلەشتۇق . ئۇنىڭغىچە ئۆمرۇم بارمۇ ـ يوق ، بىلمەيمەن . ئۇنىڭمۇ «ئۇچى ، بۇچى» بىلەن ئانچە خۇشى يوقتەك قىلىدۇ ، ئابدالنى كۆپچىلىك بىرلىكتە قۇرىمىز . شۇڭا سەن بولساڭمۇ بالدۇر بېرىپ تۇر . ماڭىدىغان چېغىڭدا بىر نەرسە بېرىدەن ، جاھانبەگكە ئالغاچ بارىسەن ، — دېدى قاناقا .

ئوماق قالاچ قاناقانىڭ گېپىنى ئايقۇتقا ئېيتقاندا ، ئايقۇت :

— بوپتۇ ، قاناقا ئۇنداق دېگەن بولسا ئابدالغا بارايلى ، بۇلارمۇ بۇ يەردىن ھامان كېتىدىكەنغۇ ، — دېدى كۆڭلى يېرىم بولۇپ ، ئۇنىڭ ئۇلامخانلاردىن ۋاقتىنچە بولسىمۇ زادى ئايرىلغۇسى يوق ئىدى .

گەپ ئارىلىقىدا ئايقۇت يېڭىلا بىر گەپنى ئوتتۇرىغا قويۇپ قالدى . بۇ ئىشنى ئوماق ئويلاپمۇ باقمىغانىدى .

— مېنىڭ بىر مەسلىھەتىم بار ، بۇلارمۇ ھامان كەينىمىزدىن بارىدىكەن . شۇڭا توختاققا مۇشۇلارنىڭ ئىچىدىن بىر قىزنى مۇرۇللۇغلاپ[1] قويساقمىكىن دەيمەن ، — دېدى ئايقۇت .

بۇ ئىش تۇيۇقسىز قويۇلغان بولسىمۇ ، ئايقۇتنىڭ يىراقنى ئويلىغىنىدىن ، بۇنىڭ ئورۇنلۇق ئىكەنلىكىدىن ئوماق خۇش بولدى . چۈنكى ، بۇلار بارماقچى بولغان يېڭى ئابدالدىكى ئادەملەرنىڭ ھېچقايسىسىنى بۇلار تونۇمايدۇ ، بۇلارنىمۇ ئۇلار تونۇمايدۇ . بۇنداق ئەھۋالدا بېرىپلا كىمنىڭ قىزىغا قانداق ئېغىز ئاچىدۇ ؟ ناۋادا ئۇ يەردە توختاققا قوشتۇلۇق[2] بولغۇدەك مۇرۇللۇغسىز قىز قالمىغان

---

[1] مۇرۇللۇغ ۋەدىلەشمىش ، بېشىنى باغلاپ قويۇش (لوپلۇقلارنىڭ ئەنئەنىۋى ئادىتىدە ئوغۇل ، قىزلارنى كىچىك چېغىدىلا بىر ـ بىرىگە باغلاپ قويىدىغان ئادەت بار ) .

[2] قوشتۇلۇق -- لايىقى (بۇ سۆز پەقەت قىزغىلا قارىتىپ ئېيتىلىدۇ . ئوغۇل «قوشتۇلۇق» دېيىلمەيدۇ ) .

بولسىچۇ ، بۇ تەرىپىنى ئويلىماي بولمايدۇ . بۇ يەردىكىلەر «ئۇچى ، بۇچى» نى سۈرۈشتۈرمىگەن بىلەن ، ئۇ يەردىكىلەرنىڭ قەبىلە ، جەمەتۋازلىق قىلىپ يېقىن كەلتۈرمەسلىكىمۇ مۇمكىن . بۇ تەرىپىدىنمۇ ئويلىماي بولمايدۇ . شۇڭا بۇ ئىش ئەمەلگە ئاشسۇن ، ئەمەلگە ئاشمىسۇن ئۇرۇنۇپ كۆرۈش كېرەك ، دەپ ئويلىدى ئوماق . خوتۇنىنىڭ كىمنىڭ قىزىنى كۆڭلىگە پۈككەنلىكىنى بىلمەكچى بولۇپ سورىدى :

— توختاققا قوشتۇلۇققا كىمنىڭ قىزىنى ئويلاۋاتىسەن ؟

ئايقۇت ئېرىنىڭ سوئالىغا جاۋاب بېرىش ئورنىغا قۇچىقىدىكى بوۋىقى تۆمۈرنى ئەركىلەتكەچ كولۇمسىرەپ ، يەنە شۇ كولۇمسىرىشى بىلەن جىمىدە ئوماققا قارىدى .

ماڭا قارايسەنغۇ ، مەن نېمە دەيمەن . گەپنى ئۆزۈڭ تېشىپ قويۇپ قورسىقىمدىكىنى تاپ دېگەندەك ماڭا قاراپ كولگۈچە ، قېنى كۆڭلۈڭگە پۈككىنىڭ بولسا دەپ باقمامسەن ، — دېدى ئوماق ئىچى تىت - تىت بولۇپ .

— تايۇقلارنىڭ قىزى ئايسۇلۇ قانداق ؟ توختاقتىن ئىككى ياش كىچىك .

— سېنىڭ مۇشۇ كۆزۈڭزە . مېنىمۇ جايىدا كۆرۈپ تاللىغىنىڭدەك ، ئايسۇلۇنى تاللىغىنىڭنى قارا سېنىڭ . ئاتا - ئانىسىدا گەپ يوق ، لېكىن ئۇلار نېمىدەپ قالار ؟

— قوشۇلىدۇ .

— قوشۇلىدۇ ؟ بۇنى قانداق بىلىسەن ؟

— ئۇجۇل يىغىش چاغلىرىدا ھېچنېمىنى ھېس قىلمىدىڭمۇ ؟

— ھە ، شۇ ئىشقا قاراپلا ئۇلارنى بۇنىڭغا قوشۇلىدۇ ، دېگىلى بولامدۇ ؟

— ھەممە جەرياننى ئويلاپ باقە .

ئېسىگە سېلىشى بىلەن ئوماق بۇ يىلقى ئۇجۇل يىغىشتا ئايسۇلۇنىڭ باشتىن - ئاياغ ئۆزلىرى بىلەن بىرگە بولغىنىنى ئەسلىدى ، بەزى ئىشلارنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى .

ئۈجۈل يىغىش يىلدا بىر قېتىم — ئالتىنچى ئاي ئىچىدە بىر ھەپتىلا بولىدىغان مۇھىم پائالىيەت . ئۈجۈلنى شۇ بىر ھەپتىنىڭ ئالدىدا يىغىسىمۇ بولمايدۇ ، بۇ چاغدا ئۇ پىشمىغان ، ۋايىغا يەتمىگەن بولىدۇ . شۇ بىر ھەپتىدىن ئۆتۈپ كەتسىمۇ بولمايدۇ ، بۇ چاغدا ئۇنىڭ ۋاقتى ئۆتۈپ تورغاقۇا ئايلىنىپ كېتىكەن بولىدۇ . شۇڭا ئۈجۈل يىغىش ۋاقتى كەلگەندە ھەممە ئائىلە ، ئائىلىدىكى ئۈجۈل يىغالىغۇدەك چوڭ ـ كىچىك ھەممە كىشى بۇ ئىشقا ئاتلىنىدۇ . لوپلۇقلارنىڭ ئەنئەنىۋى يېمەكلىكى ئىچىدە ئۈجۈل بىلىققا ئوخشاش ئاساسلىق يېمەكلىك ، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىدا ئۇ بولمىسا بولمايدۇ .

ئوماقلار بۇ يىلقى ئۈجۈل يىغىش ۋاقتىدا نەدە بولۇپ قالار-مىز ، ئۈجۈل يىغالارمىزمۇ ، يىغالماي قالساق پۈتۈن بىر يىل ئۈجۈل تامىقى يېمەي ئۆتەرمىزمۇ ؟ دېگەن مەسىلىنى ئويلاپ بېشى قېتىپ يۈرگەندى . تەلىيىگە بۇ يىلقى ئۈجۈل يىغىش ۋاقتىدا بۇلاقكۆلدە ، ياخشى ئادەملەر ئارىسىدا بولغىنى . ئۈجۈل يىغىشقا كىمە بولمىسا بولمايتتى . قالاچ قاناقا ئوماقلارغا مەخسۇس بىر چاپما كېمە ئاجرىتىپ بەردى .

— بۇ يەردە بىز ئۈجۈل يىغىدىغان مۇشۇ بىرلا كۆل بار ، يېكەنمۇ جىق ئەمەس . كۆلنىڭ ئەتراپى ئاساسەن قومۇشلۇق . ھەر يىلى ئۈجۈل يىغىدىغاندا ئاياللار بىلەن باللار كۆلدە قېلىپ ، ھەممە ئەر خەق كۆنچى دەرياسىنىڭ بېرىقى تارىمقى ئەتراپىغا كېتىمىز . ئايقۇتنىڭ سەگدىگىنىگە ئۇزاق بولمىدى ، ئۇ ئۈجۈل يىغىشقا چىقالمايدۇ ، توختاق تېخى كىچىك ، سەنمۇ كۆلنىڭ ئەھۋا-لىنى ، شاخاپچىلەرنى بىلمەيسەن . شۇڭا سىلەرگە ئايسۇلۇنى يار-دەمگە قوشۇپ قويماقچى بولدۇق ، — دېدى تايۇق ئۈجۈل يىغىشقا مېڭىشتىن ئۈچ كۈن بۇرۇن ئوماقنىڭ ئۆيىگە كىرىپ .

— ئۇنداقتا ئۇلامخان ئۆزى يالغۇز يىغامدۇ ؟

— ئۇنى بوش چاغلىما ، ئۇ ئۆزى يالغۇز بەش ئايالچىلىك ئۈجۈل يىغىدۇ .

تايۇق باشقىلار بىلەن ئۈجۈل يىغقىلى يىراققا كەتتى ، پەقەت

قالاچ قاناقا بىلەن ئوماقلا ئاياللار ۋە بالىلار بىلەن مەھەللىدە قالدى .

ئايسۇلۇنىڭ ئۇجۇل يىغىشتىكى چاقچاقانلىقى ، تېزلىكىگە ئوماق ھەيران قالدى . كېمىدە ئۆرە تۇرۇۋېلىپ ئىككى قوللاپ سىيرىپ ، سىيرىگەن ئۇجۇللارنى ئۇدۇللۇق ئالدىغا ئېسىۋالغان خالتىغا سېلىشلىرى ئاجايىپ تېز ئىدى . ئۇجۇل سىيرىشى تېز بولۇپلا قالماي پاكىز ئىدى . ئايقۇتمۇ ئۆيدە يالغۇز زېرىكىپ ئولتۇرغاندىن بوۋىقىنى قۇچاقلاپ كېمىگە چىقىۋالغانىدى . ئۇ ئوماق بىلەن كېمىدە پەقەت بىر كۇنلا بىرگە بولدى . شۇ بىر كۇن ئىچىدە ئۇنىڭ كاللىسىدا : «ئايسۇلۇنى كېلىن قىلىۋالسام قانچە ياخشى بولاتتى» دېگەننى ئويلاپ قالدى . ئايسۇلۇنىڭ ھەربىر ھەرىكىتى ئايقۇتنىڭ كۆڭلىدە يېقىمدىن يېقى شېرىن ئارزۇلارنى قوزغاپ ئۇنىڭ مەستلىكىنى كەلتۇرەتتى . ئۇجۇل يىغىشنىڭ ئۇچىنچى كۇنى ئۇلامخان ئايقۇتنى : «بىر كېمىگە ئېغىر كېلىسىلەر ، سىز مېنىڭ كېمەمگە چىقىڭ» دەپ ئۇنى ئۆزىنىڭ كېمىسىگە چىقىرىۋالغانىدى . ئايقۇت ئۇلامخاننىڭ كېمىسىدە ئولتۇرۇپ ئۇنىڭ بەزى ھەرىكەتلىرىنى سېزىپ قالدى . ئۇ قويۇق يېكەنلىكنى كۆرسىلا كۆزىنىڭ ئۇچىدا ئايسۇلۇغا ئىشارە قىلىپ قوياتتى .

— ئوماق تاغا ، ئاۋۇ يەردە يېكەن قويۇقكەن ، — دەيتتى ئايسۇلۇ ، ئانىسىنىڭ ئىشارىسىنى كۆرۈپلا .

مۇشۇنداق قىلىشنى ئۇلارنىڭ ئۆيدە پۇتۇشۇۋالغانلىقىنى ئايقۇت پەملىدى .

ئۇجۇل يىغىشنىڭ ئاخىرقى كۇنىدە ئۇلامخان ئايقۇتتىن :

— ئايسۇلۇنىڭ ئۇجۇل سىيرىشى قانداقكەن ؟ — دەپ سوراپ قالدى .

— ئۆزىڭىز ئۆگىتىپسىز ئەمەسمۇ . پۇتۇن قول ھەرىكىتى ئۆزىڭىزدەكلا ئىكەن ، — دەپ جاۋاب بەردى ئايقۇت .

— تارىم قىزلىرى كىچىكىدىنلا قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلارنى پىششىق ئۆگىنىۋالمىسا ، كېيىن يارامسىز خوتۇن بولۇپ قالىدۇ .

قېنى ئېيتىڭا، ئۇنىڭ چىرايى قانداقراق؟ — ئۇلامخاننىڭ بۇ سوئالىنى ئايقۇت تۇزلا چۈشەندى.

— ئۆزىڭىزگە ئوخشىتىپلا سەڭدەپتىكەنسىز. ئىسمىنىڭ چىرايلىقلىقىغا ماسلىشىپ كەتكىنىدىچۇ، ئادەمنىڭ مەستلىكىنى كەلتۈرۈپ.

— ئايقۇت، دۇگايىڭىز[1] بەك ياخشى ئادەمكەن. ئۆيدە دائىم سىلەرنىڭ گېپىڭلارنى قىلىمىز...

ئايقۇت ئۆزى بىلەن ئۇلامخان ئوتتۇرىسىدا بولۇنغان ئايسۇلۇغا مۇناسىۋەتلىك ۋە باشقا سۆزلەرنى ئۆز ۋاقتىدا ئېرىدىگە دەپ بەرگەندى.

— ئەجەب مەن ئۇ گەپلەرنىڭ ئىنچىكە تەرەپلىرىنى ئويلىماپتىكەنمەنا، — دېدى ئوماق، گەپنىڭ ئۇرانىنى دەڭسەپ كۆرۈپ.

— سىلەر ئەر خەق - زە، بېلىق تۇتۇش، ئىلۋەسۇنلارنى ئوۋلاشقىلا كۆڭۈل بۆلىسىلەر. تۇرمۇشنىڭ ئىنچىكە تىللىرىغا بىز ئاياللاردەك سەزگۈر ئەمەس، — دېدى ئايقۇت. ئوماق ۋاقىتنى كۆزدە تۇتۇپ:

— گەپ بۇنچىلىك بولغان يەردە، قېنى، ئۇرۇنۇپ كۆرەيلى، — دېدى.

ئەر - خوتۇن گەپنىڭ ئاخىرىنى چۈشۈرۈپ تۇرۇشىغا ئۆيگە توختاق بىلەن ئايسۇلۇ كىرىپ كەلدى. ئۇلارنىڭ كۆزىگە ئايسۇلۇ تېخىمۇ باشقىچە سۇلۇلىشىپ كېتىۋاتقاندەك كۆرۈنۈپ كەتتى. قىز كىرگىنىچە بوۋاقنىڭ يېنىغا كېلىپ ئۇنى ئەركىلىتىشكە باشلىدى. ئايقۇت پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ قىزنىڭ تورقا تاللىرىدا توقۇلغان رەختتە يارىشىملىق تىكىلگەن كۆڭلىكىنى بىرىنچى قېتىم كۆرۈۋاتقاندەك، ئېتىكىنى ئۇيان - بۇيان قايرىپ كۆرۈۋېتىپ:

— ۋىيەي، كۆڭلىكىڭىزنىڭ ماۋۇ يېرىنى ئەجەب بوش تىكىپ قويۇپتا، — دېدى، قىزغا ئېتىكىنىڭ بىر يېرىنىڭ تىكىشىنى چىڭ تارتىپ كۆرسىتىپ تۇرۇپ.

---

[1] دۇگا — يېقىن، سىرداش ئاياللار بىر - بىرىنىڭ ئېرىنى شۇنداق ئاتايدۇ.

ئايقۇتنىڭ ئەتەي قاتتىق تارتىشىدىن كۆڭلەك ئېتىكىنىڭ بىر غېرىچچە يېرى سۆكۈلۈپ كەتتى. قىز يىغلىغۇدەك بولۇپ كۆڭلىكىنىڭ سۆكۈلۈپ كەتكەن يېرىنى تۇتۇپ تۇرۇپ كەتتى.

— ئاپلا، مانداقلا تارتىپ قويسام سۆكۈلۈپ كەتتى، تىكىپ بېرەي دېسەم بىزدە تورقا يىپى يوق. ئۆيدە بولسا، ئانىڭىزغا دەپ ئېلىپ چىقىڭ، مەن چىرايلىق قىلىپ قايتىدىن تىكىپ بېرەي، — دېدى ئايقۇت.

ئايسۇلۇ كۆڭلىكىنىڭ سۆكۈلگەن يېرىنى تۇتقىنىچە يۈگۈرۈپ چىقىپ كەتتى.

— قالتىس قاملاشتۇردۇڭ، چىقىپلا ئانىسىغا دەيدىغان بولدى، — دېدى ئۇماق.

ئىككىسى تەڭلا كۈلۈشۈپ كەتتى.

## 8

تايۇقنىڭ ئايلى ئۇلامخان ئايقۇتقا تۇغۇت ئانىسى بولغان ئايال شۇ ئىدى. يېشى ئايقۇتتىن ئانچە چوڭ ئەمەس، چىرايى قۇملۇق ئادەملىرىنىڭكىگە ئورتاق بولغان بۇغداي ئۆڭگە مايىل مىس رەڭ، كۆزى قارىچۇغىنىڭ كۆزىدەك ئويناق، نۇرلۇق، قاراشلىرى تېز. ئايقۇتنىڭ تۇغۇتىدىن كېيىن ئىككىسى ئېگىچە - سىڭىلدەك بولۇپ كېتىشتى، شۇڭا ئايقۇتلارنىڭ كەتمەكچى بولۇۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ كۆڭلى يېرىم بولۇپ كۆزىگە ياش ئالغانىدى. مانا ئەمدى ئۇ بىردىنلا جىددىيچىلىككە چۈشۈپ قالدى، ئولتۇرغان يېرىدىن تۇرۇپ كەتتى، ئۆيدە ئۇ ياندىن - بۇيانغا ماڭاتتى، بىرنېمىگە تەقەززا بولۇۋاتقاندەك پات - پات ئىشىككە قاراپ قوياتتى.

ئۇ شۇ تاپتا تايۇقنىڭ ئىشىكتىن كىرىپ كېلىشىنى كۈتمەكتە. تايۇق تۈنۈگۈن مەھەللىدىن بىرنەچچەيلەننى باشلاپ بېلىق تۇتقىلى كەتكەنىدى. بېلىقنى يېتەرلىك تۇتالىسا، بۈگۈن كەچكە يېقىن قايتىپ كېلىدۇ، بولمىسا ئەتە كېلىدۇ. بۇنى ئۇلامخان

ئېنىق بىلىدۇ، لېكىن شۇنداق بولسىمۇ ئۇنىڭ كېلىشىنى تاقەتسىزلىك بىلەن كۈتمەكتە ئىدى. بۇ، ئۇنىڭ ئۆمرىدە بىرىنچى قېتىم، شۇنداقلا ئەڭ قاتتىق باش قېتىنچىلىقىغا قېلىشى ئىدى. ئۇنى بۇنچە جىددىيچىلىككە سېلىپ قويغان نەرسە نېمە؟ ئۇ بولسىمۇ قىزدىنىڭ كۆڭلىكىنىڭ ئايىقۇت تەرىپىدىن يىرتىپ قويۇلۇشى ئىدى[1].

ئۇ كۆڭلىنىڭ بىر يەرلىرىدە مۇشۇنداق بولۇپ قالسا دەپ خىيال قىلىپ يۈرگەن بولسىمۇ، خىيالىنىڭ ئەمەلدە يۈز بېرىپ قېلىشىنى ئويلىمىغانىدى. بۇ ئىش بەكمۇ تاسادىپىي بولدى، يەنە كېلىپ بۇ ئۇنىڭ بېشىنى قاتۇرىدىغان ئىش ئىدى. ئۇلامخاننى جىددىيچىلىككە سېلىپ قويغان نەرسە ئۇماق بىلەن ئايقۇتنىڭ، شۇنداقلا توختاقىنىڭ قاراقۇشۇنلۇق بولۇپ قالغانلىقى ئىدى.

تايۇق قالاچ قاناقاغا ئوخشاش قەبىلە ۋە يۇرتۋازلىقىغا ئۆچ، ئېرىنىڭ بۇ تەرىپى ئۇلامخانغا ئايان. ئەمما ئۇ: «بىز قەبىلىۋازلىق قىلمىغان بىلەن قاراقۇشۇنلۇقلار قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ قەبىلىۋازلىقى بەك قاتتىق. ئايقۇتلار بىز بىلەن مۇشۇ يەردە تۇرۇپ قېلىشنى خالايدىغانلىقىنى ئېيتقانىدى، لېكىن تۇرۇپلا كەتمەكچى بولۇۋاتىدۇ. بۇلار قەبىلىۋازلىق قىلمىغان بىلەن بارغان يېرىدىكى قاراقۇشۇنلۇقلار، ئابداللىقلار قەبىلىچىلىك قىلامدۇ. ئۇنداقتا قىزىمىز چەتكە قېقىلىپ قالامدۇ؟» دېگەنلەرنى ئويلىماقتا ئىدى. ئۇنىڭ ئۆزىدىمۇ قەبىلىچىلىكنىڭ قارا سايىسى خېلى بار ئىدى. «بىز قالۇچىلارنى يۇرت - ماكاندا تۇرغۇزماي سىقىپ چىقىرىپ تەرەپ - تەرەپكە چېچىۋەتكەن شۇ قاراقۇشۇنلۇقلار» دېگەن تەسىر تېخىچە ئۇنىڭ كاللىسىدا بار ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئايسۇلۇ ئۇلارنىڭ بىردىنبىر بالىسى بولۇپ، ھەم قىزى، ھەم ئوغلى ئىدى. دۇنيادا بار - يوقى شۇ بىرلا قىزنىڭ ئۆزلىرىدىن يىراققا

---

[1] لوپنۇرلۇقلارنىڭ ئەنئەنىسىدە، مەلۇم بىر ئاتا - ئانا ئوغلىغا بىرەر قىزنى لايىق كۆرۈپ قالغان بولسا، قىز كىچىك چېغىدىلا ئۇنىڭ كۆڭلىكىنىڭ مەلۇم بىر يېرىنى سۆكۈپ ياكى يىرتىپ قوياتتى. قىزنىڭ ئاتا - ئانىسى بۇنى كىمنىڭ قىلغانلىقىنى سوراپ، ئەگەر ئوغۇل تەرەپنى خوپ كۆرگەن بولسا، دەرھال كۆڭلەكنى تۈزەپ - ئوخشاپ قوياتتى. ياقتۇرمىغان بولسا ئۇقمىغانغا سېلىپ يۈرۈۋېرەتتى. ئۇ ئىش شۇنىڭ بىلەن جىممىدە بېسىقىپ قالاتتى.

كېتىپ قېلىشىنىمۇ زادى خالىمايتتى .

ئۇلامخان بۇ يىلقى ئۇجۇل يىغىمىدا ئايقۇتنىڭ بوۋىقىنى ئۇش-
لاپ يۈرۈپ بۇ ئىشقا قاتنىشالمايدىغانلىقىنى ، توختاقنىڭ بۇ ئىشقا
قانچىلىك ئېپى بارلىقىنى بىلمەيدىغانلىقى ، ھاسىل كالام ، ئوماق-
نىڭ يالغۇزلۇق تارتىپ قالىدىغانلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ ، ئۇلارغا
ياردەمگە قىزى ئايسۇلۇنى قوشۇپ قويغانىدى . ئۇلارنىڭ ئۇجۇلنى
كۆپرەك يىغىۋېلىشىنى ئويلاپ بىرنەچچە قېتىم يېكەن قويۇق يەرگە
كەلگەندە ئوماقلارغا ئۆتۈنۈپ ، قىزىغا : «باشلاپ بار » دېگەن مەنىدە
ئىشارە قىلىپ قويغانىدى . بۇنى كۆرۈپ قالغان ئايقۇت : «ئۇلار
بىزنى ياقتۇرۇپ قاپتۇ » دەپ ئويلاپ قالغانىدى . ئۇلامخان ئايقۇتنى
ئۆز سىڭلىسىدەك ، ئۇلارنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرنى ئۆز قېرىنداشلىد-
رىدەك ياخشى كۆرۈپ قالغان بولسىمۇ ، قىزىنى ئوغلىغا قوشتۇ-
لۇقلۇقا تاللاپ بەلگە ـ بېشارەت قىلىشىنى ئويلىمىغانىدى . شۇڭا
ئۇ جىددىيچىلىككە چۈشۈپ قالدى . ئۇ تاقەتسىزلەنگەن كەچمۇ
بولدى ، لېكىن تايۇق كەلمىدى . ئۇلامخان خىيال بىلەن بولۇپ
قاچان كۆز يۇمغىنىنى بىلمىدى ، يەنە باش سونۇردىلا[1] ئۇيقۇسىدىن
ئويغىنىپ كەتتى . خۇددى ئۇلامخانىنىڭ تەقەززالىقى بىلەن قېرىش-
قاندەك ، ئادەتتە كېچىكسە ئىككىنچى كۈنى چۈشتە كېلىپ بولىد-
غان بېلىقچىلار بۇ قېتىم كەچئارىسى مەھەلدە كەلدى .

ئۇلامخان ئەھۋالنى ئېرىگە ئېيتىشقا ئالدىراپ تىت ـ تىت
بولۇپ تۇرسىمۇ ، ئالدى بىلەن تاماق بېرىشنى ، ئاندىن دېيىشنى
توغرا تاپتى ، يېڭى بېلىق شورپىسىدا ئوخشىتىپ ئۇجۇل ئۈمىچى
ئەتمەكچى بولدى . تايۇق :

— جىقراق ئەت ، ئوماقلارنى چاقىرىپ بىللە ئىچەيلى ، —
دېدى .

ئۇلامخان جىددىي تەلەپپۇزدا :

— بىز دېيىشىدىغان گەپ چىقىپ قالدى ، ئۇلارنى باشقا
كۈنلىرى چاقىرارمىز ، — دېدى .

---

[1] سونۇر — تاڭ سەھەر ، سوبھى .

ئۇنىڭ ئاۋازى ئادەتتىكىدىن قاتتىق ھەم قوپالراق چىقىپ
كەتتى . ئۇلامخان ھېچقاچان بۇنداق تەلەپپۇزدا گەپ قىلمايتتى .
شۇڭا تايۇق ھەيران قېلىپ :
— بۈگۈن نېمە بولدۇڭ ، باشقىچىلا گەپ قىلىسەنغۇ ، قېنى
دېگىنە ، قانداق گەپ چىقىپ قالدى ؟ — دېدى ئۇمۇ جىددىي كەيپىد-
ياتتا .

ئۇلامخان ئەھۋالدىن تايۇقنى ۋاقىپلاندۇرۇپ بولۇپ ، ئۇنى
نېمە دەيدىكىن دەپ ئېرىگە قارىدى . ئارىنى سۈكۈتكە چۆمگەندەك
جىملىق باستى . تايۇق دەسلەپ قىزىنى ياخشى ئادەملەرنىڭ ياخشى
ئوغلىغا لايىق كۆرۈپ تاللىغىنىدىن خۇش بولغان بولسىمۇ ، ئەمما
ئۇلارنىڭ يىراققا كەتمەكچى بولۇۋاتقىنىنى ئويلاپ جىمىپ كەتتى .
— بىز بىلەن تۇرۇپ قالسىغۇ سەككىز - ئون يىل دېگەن
ھېچقانچە ئەمەس ، سەككىز - ئون قېتىم يەر كۆكىرىپ ، سارغىيىد-
دۇ شۇ . لېكىن ئۇلار كېتىمىز دەۋاتسا . ئۆتمۈرۈنچۈلەرگە[1] قىزىد-
مىزنى مۈرۈللۈغلاپ قويساق ، ئۇلار نەدە يۈرىدۇ ، بىز نەدە بولىد-
مىز . تېخى ئۇلار قاراقوشۇنلۇق تۇرسا ، — دېدى ئۇلامخان .
— نېمە دېدىڭ ؟ «قاراقوشۇن ، پاراقوشۇن» دەيدىغان بۇ گېد-
پىڭنى قوي ، قاناقانىڭ قۇلىقىغا يېتىپ قالمىسۇن . مېنىڭ ئويلا-
ۋاتقىنىم ئۇلارنىڭ ، بىزنىڭ قايسى قەبىلىدىن ئىكەنلىكىمىز ئە-
مەس ، ئۇلارنىڭ كەتمەكچى بولۇۋاتقىنى . كەتمەيدىغان بولسىغۇ ،
ئۇلار توققۇز قىزىمىز بولسا ھەممىنى بەرسەك بولىدىغان تېپىلغۇ-
سىز ئادەملەر ، — دېدى تايۇق .
راستىنى ئېيتقاندا ، ئېرىنىڭ دېگەنلىرى ئۇلامخانىنىڭ كۆڭلىد-
نىڭ ئىچ قاتلىرىدا خىيال قىلىدىغان ئارزۇسى ئىدى . ئارزۇلۇق
قىزىغا ئوماق ، ئايقۇتتەك ياخشى ئادەملەرنىڭ قېيىناتا - قېينانا
بولمىقى قىزىنىڭ تەلىيى ئىدى . ئوغلىنىڭ ئوڭلۇقلۇقچۇ تېخى .
ئۇلار قايسى قەبىلىدىن بولسىمۇ مەيلى ، مۇشۇ يەردە ئۆزلىرى
بىلەن تۇرۇپلا قالسا بەك ياخشى بولاتتى .

[1] ئۆتمۈرۈنچۈ ئۆتكۈنچى كۆچمەن . ئۆتۈپ كەتكۈچى .

قىزنىڭ كۆڭلىكىنىڭ سۆكۈپ قويۇلۇشىغا قارىتا قانداقلا بولمىسۇن ئىپادە بىلدۈرۈش كېرەك . بۇگۈن مانا ئىككىنچى كۈنى . ئەتمۇ مۇشۇنداق ئۆتۈپ كەتسە ، ئارىدىكى بۇ مۇناسىۋەت ئۆزلۈكىدىن ئۈزۈلگەن بولىدۇ . ئەمما بۇنداق نەتىجىلىنىپ قېلىشىنى تايۇقمۇ ، ئۇلامخانمۇ خالىمايدۇ . شۇڭا تايۇق قالاچ قاناقادىن مەسلىھەت سوراپ ئەتىگەندىلا ئۇنىڭ ئالدىغا كىردى .

— تايۇق ، دەپ باقە ، ئۇلارنى ياقتۇرامسەن ، ئوغلىنىچۇ ؟

— ئەر - خوتۇن ئىككىلىسى تېپىلغۇسىز ياخشى ئادەملەر . بالىسىمۇ بەك ئوڭلۇق ، ئىشچان ، ئەمما ...

— هە ، قېنى ، توختاپ قالماي گېپىڭنى دەۋە .

— ئەمما ... ئەمما ئۇلار كېتىدىغان گەپنى قىلىپ يۈرىدۇ .

— كەتسە نېمە بوپتۇ ، بىزمۇ نە - نەلەردىن قاڭقىپ كېلىپ قالغانلارغۇ .

— بىزغۇ بۇ يەردە مۇقىم ماكانلىشىپ قالدۇق ، ئەمما ئۇلارنىڭ نەگە بېرىپ ، نەدە توختىشىنى بىلمىسەك ...

— نەگە باراتتى ، ئابدالغا بارىدۇ . ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ بۇ يەردىن كەتكۈسى يوقكەن ، لېكىن كېتىشنى مەن ئېيتقان .

— نېمىشقا ؟ ! — تايۇق هەيران قېلىپ سورىدى .

— بىزمۇ كېتىمىز . بۇنى تېخى سىلەرگە ئېيتمىدىم . كېتىدىشىمىزنىڭ سەۋەبىنى سەنمۇ بىلىسەن ، مەن بىلەن كورلىغا بارغىنىڭدا ، مەن ساڭا ، بىز ئەمدى چېچىلىپ ياشاۋەرسەك بولمىغۇدەك . بىزمۇ قوشنا يۇرتلاردىكى قېرىنداشلاردەك بىر يەرگە جەم بولۇپ يۇرت قۇرۇپ ياشايلى ... دېگىنىم ئېسىڭدىدۇ .

— بىزمۇ كېتەمدۇق ، نەگە بارىمىز ؟

— ئابدالغا — جاھانبەگنىڭ يېنىغا بارىمىز . باش ئەتىيازدا ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشىپ قويدۇم . ئۇ بۇ يىل تىكەنلىك ، كۆزلەك ، چارىلاردىن بىر تۈركۈم ئادەملەرنى ئابدالغا ئېلىپ بېرىپ ، بىز ۋە باشقىلار بېرىپ ئورۇنلىشىدىغان جاينى تاللاپ تەييارلىق قىلىپ تۇرىدىغان بولدى .

— قاناقا ، قاچان كۆچمىز ؟ — تايوق خۇددى كۆچۈشنىڭ تەييارلىقىنى قىلىدىغاندەك ئالدىراپ سورىدى .
— ئەجەب ئالدىراپ قالدىڭغۇ ، كېچىكسەك كېلەر يىل كۈزدە كۆچىمىز .
تايوق بوۋاينىڭ گېپىنى ئاڭلىدى ـ دە ، خوتۇنىغا خۇش خەۋەر يەتكۈزۈشكە ئالدىراپ ، قاناقاغا باشقا گەپ قىلماي كۈلۈپ قويۇپلا چىقىپ كەتتى .
— بەك ياخشى بولدى . قاناقامىز كۆڭلىمىزدىكىنى بىلىد. كەن ، — ئۇلامخان گېپىنى دەپ بولۇپلا ئىشىكتىن بېشىنى چىقى. رىپ ، ئويناۋاتقان قىزىنى چاقىردى .
— هە ، نېمە بولدى ، مېنى يا ئويۇنغىلى قويمايسەن ، يا كۆڭلىكىمنى تۈزەپ بەرمەيسەن ، — دېدى ئايسۇلۇ ئانىسىغا ، باتى. ناش ئارىلاش ئەركىلەپ .
— كەل ، قىزىم ، كەل ، كۆڭلىكىڭنى هازىرلا تۈزەپ بېرەي ، كەل ، قىزىم ، — دېدى ئۇلامخان ئىچ ـ ئىچىدىكى خۇشاللىقنى ئىپادىلەپ تۇرۇپ .
ئايسۇلۇ كۆڭلىكىنىڭ سۆكۈلگەن يېرىنى ئانىسىغا بىرىنچى قېتىم بىلدۈرۈۋاتقاندەك مانا ، دەپ كۆرسەتتى . ئۇلامخان يىڭنىگە ئۆتكۈزۈكلۈك تورقا يىپى بىلەن سۆكۈكنى ئەسلىدىكىدەك قىلىپ تىكىپ بولۇپ :
— ماڭ قىزىم ، تۆمۈر ئۇكاڭ قانداق تۇرىدىكىن كۆرۈپ چىق ، — دېدى .
سەبىي قىز بۇ ئىككى ئائىلىنىڭ قانداق ئويۇن ئويناۋاتقانلىقى چۈشىدىمۇ يوق ، كۆڭلىكىنى ئايغۇتقا كۆرسىتىش هەم بالىنى كۆ. رۈشكە ئالدىراپ ئويناقلىغىنىچە ئۆيدىن چىقىپ كەتتى …
شۇنداق قىلىپ توختاق ئون ياش ، ئايسۇلۇ سەككىز ياش چېغىدا بىر ـ بىرىگە مۇرۇللۇغلاپ قويۇلدى . شۇنىڭ بىلەن قارا قوشۇنلۇقلار بىلەن قالۇچىلار ئوتتۇرىسىدىكى نەچچە ئەسىردىن بې.

رىقى ئۆزئارا قۇدا - باجا بولۇشماسلىقىنىڭ قارا پەردىسى يىرتىپ تاشلىنىپ، ئۇلار ئالدىدا يوپيورۇق بىر سەھنە ئېچىلدى.

## 9

چاقچىغار[1] قاراڭغۇلۇق چىمىلدىقىدىن باش چىقىرىپ كەڭ ئاسمان ۋە زېمىنغا كۈمۈش شولىسى بىلەن تەبەسسۇم قىلىشقا باشلىغان سونۇردا ئۇماقلار سەپەرگە ئاتلىنىشقا تەييار بولۇشتى. قالۇچىلار مەھەللىسىدىكى چوڭ - كىچىك، ئەر - ئايال ھەممىسى ئۇلارنى ئۇزىتىپ قويغىلى ئۆيلىرىدىن چىقىپ ئۇماق، ئايقۇتلارنىڭ ئەتراپىغا ئولاشتى. ئۇلارنىڭ كۆزلىرىدە، چىراي - يۈزلىرىدە ئايرىلىشقا قىيالمايۋاتقانلىقىنىڭ كۆڭۈل يېرىمچىلىكى تۇمانلىق ئاسماندەك ئىپادىلىنىپ تۇراتتى. تايۇق، ئۇلامخان ئۇلار بىلەن كېلەر يىلى كۈزدە دىدارلىشىدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرسىمۇ، خۇددى قايتا كۆرۈشەلمەيدىغاندەك، بۇ ۋاقىتلىق جۇدالىنىشقا بەرداشلىق بېرەلمەيۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. ئۇلامخان قىزى ئايسۇلۇنىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ، ئايقۇتنىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە قاراپ ئۇنىڭغا كۆز تىلى بىلەن بىرنېمىلەرنى دەۋاتاتتى. ئايسۇلۇ بۈگۈن بۆلەكچىلا سۇلۇلىشىپ كەتكەنىدى. ئۇچىسىغا تېگى سۇس يۇلغۇن چېچەكى رەڭلىك، جىگدە چېچىكى شەكىللىك گۈل باسقان، تورقا - پىلادا توقۇلغان كۆڭلەك، كۆڭلەك ئۈستىدىن قېنىق كۆك كۆكۈزمەك[2] كىيىۋالغانىدى. قېشىغىچە تالقىتىپ[3] تۇرغان پەرگازى[1] بىلەن قۇ-لىقىنىڭ ئاستىغىچە چۈشۈپ تۇرغان چانچىقى، يېشىغا باقماي تېقى-مىغىچە چۈشۈپ تۇرغان قىرىق بىر تال قىلىپ ئۆرۈلگەن قۇندۇز-دەك قاپقارا سۇمتۇرا[5] چاچلىرى قوشۇلۇپ مۇكەممەل بىر گۈزەل

---

[1] چاقچىغار — چولپان يۇلتۇز.
[2] كۆكۈزمەك — جىلىتكە.
[3] تالقىتىپ — يىپىلىپ، يەلپۈنۈپ.
[1] پەرگازى — ماڭلاي چاچ.
[5] سۇمتۇرا — سۇمبۇل.

بوستان هاسىل قىلىپ ، ئۇنى ئاجايىپ ئوماق ۋە ئۈز قىلى-
ۋەتكەنىدى .

ئوماق توپ ئىچىگە كۆز يۈگۈرتۈپ بولۇپ بېشىنى بۇراپ قاناقانىڭ ئۆيى تەرەپكە تەقەززالىق بىلەن قارىدى . يېقىندىن بۇيان قاناقانىڭ تامىقى ئازلاپ ، قەدىمى قىسقىراپ ، هاسا تايىنىدىغان بولۇپ قالغانىدى . ئوماق هەر كۈنى كەچكە يېقىن قاناقادىن هال سوراپ تۇرغانىدى . ئاخشام ئايقۇت بىلەن بىللە كىرىپ ، بۈگۈن باش سونۇردا يولغا چىقىدىغان بولۇپ ، قاناقادىن مەسلىهەت ۋە رازىلىق ئېلىپ چىققانىدى .

— ئەتىگەنلىككە توپ بىلەن بىللە ئۈزىتىپ قويىمەن ، — دېدى قاناقا ئۇلار ئۆيىدىن چىقماقچى بولۇپ ئىشىك تۈۋىگە كەلگەندە .

ئوماقنىڭ كۆزى قاناقانىڭ ئۆيى تەرەپتە ، قاناقا كۆرۈنمىگەچكە ئۇ ئەنسىرەپ قالدى . ئۇنىڭ ئەنسىرەۋاتقانلىقىنى سېزىپ تۇرغان تايۇق قاناقانىڭ ئۆيى تەرەپكە مېڭىشقا تەمشىلىشىگە ئىشىك ئېچىلىپ قاناقا ئۆيىدىن چىقتى . سول قولىدا بىر ئوقيا بولۇپ ، ئوڭ قولىدىكى هاسىغا تايىنىپ ئاستا قەدەم ئېلىپ كەلمەكتە . كۆپچىلىك قاناقاغا يول بەردى . ئۇ توپنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ ئوماققا ، ئايقۇتقا قارىدى . قاناقانىڭ هاسىسىنىڭ قۇمغا پېتىپ كېتىۋاتقانلىقىغا ئوماقنىڭ كۆزى چۈشۈپ قالدى . هەقىقەتەن قاناقا پۈتۈن ماغدۇرىنى ئوڭ قولى ۋە پۇتىغا يىغىپ هاسىغا تايىنىپ تۇراتتى . ئوماقنىڭ قاناقانى ئۇزاق تۇرغۇزغۇسى كەلمىدى .

— ۋاقىت بولۇپ قالدى . سەپەر سېلىشىمىزغا دۇئا بەرسىڭىز قاناقا ، — دېدى ئوماق ، بوۋاينىڭ ئالدىغا كېلىپ ئۆتۈنۈش قىلىپ .

بوۋاي ئالدى بىلەن ئۆز جەمەت توپىغا ، ئاندىن ئوماققا قاراپ دۇئاغا قول كۆتۈردى :

— ئامىن ، يولۇڭلار ئاق بولسۇن ، شامال ـ بورانغا قالمىغايسىلەر ، ئاللاهۇئەكبەر !— قاناقا ئىككى ئالقىنىنى يۈزىگە ئېلىپ

باردى ، باشقىلارمۇ ئۇنىڭغا ئەگىشىپ دۇئا قىلىشتى .
ئوماق ئايقۇتلار ئاتلىرىغا مىنىشكە تەمشەلدى . ئوماق ئۆزلە-رىنىڭ بىردىنبىر ئىنىسى ئوغلى تۆمۈرنىڭ تۇغۇلغانلىقىنى خەۋەر قىلغان ئايالغا سۆيۈنچە قىلىپ بېرىۋەتكەنلىكى ئېسىمىزدە . قاناقا تۇنۇگۈن ئۆزىنىڭ مىنىشىگىلا مەخسۇس ئاجرىتىپ قويۇلغان ئىك-كى ئاتنىڭ بىرىنى ئوماققا بەرگەنىدى . تايۇق ئايقۇتنىڭ قۇچىقىدا بالىسى بارلىقىنى نەزەرگە ئېلىپ باشقىلار بىلەن مەسلىھەتلىشىپ كېيىن ئابدالغا بارغاندا قايتۇرۇپ بېرىدىغانغا بىر ئات ئارىيەت بەردى .
ئايقۇت قۇچىقىدىكى بوۋاقنى ئوماققا تۇتقۇزۇپ قويۇپ ئايسۇ-لۇنىڭ يېنىغا كەلدى . قىينانىسى — ئوماقنىڭ ئانىسى ئۇنىڭغا تويدا بەرگەن ياقۇت كۆزلۈك كۈمۈش سوخۇنەكنى[1] بارمىقىدىن چىقىرىپ ئايسۇلۇنىڭ ئوتتۇرا بارمىقىغا ئۆتكۈزۈپ قويدى .
— جانىم ساڭا ، چىق - چىق - چىق ، قىزىم ! — دېدى - دە ، قىزنىڭ پېشانىسىگە ئۈچ قېتىم سۆيۈپ قويدى ، ئاندىن ئۇلامخانغا قىيالماسلىق نەزىرىدە قاراپ بېشىنى ئېگىپ خوشلىشىش ئىشارىسى قىلىپ بولۇپ ئېتىغا مىندى . ئوماقمۇ ئاتقا مىندى . تايۇق توختاقنى كۆتۈرۈپ ئېشەككە مىندۈرۈپ قويۇپ :
— جانىم ساڭا ، چىق - چىق ، ئوغلۇم ! — دەپ توختاقنىڭ پېشانىسىگە ئىككى قېتىم سۆيۈپ قويدى .
قاناقا ھاسىغا تايىنىپ ، ئېغىر ، ئاستا چامداپ ئوماقنىڭ يېنى-غا كەلدى - دە :
— بۇنى جاھانبەگكە بېرىپ قوي ، — دەپ قولىدىكى ئوقيانى ئوماققا بېرىپ بولۇپ ، مېڭىڭلار ، دېگەن مەنىدە قولىنى ئىشارە قىلدى .
ئۇلار قوزغىلىپ ئات - ئۇلاغلىرى تېخى تۆت قەدەممۇ ئالماي تۇرۇپ مۇڭلۇق بىر ئاھاڭدا قوشاق ئېيتىلىپ قالدى :

---
[1] سوخۇنەك — ئۈزۈك .

كېمەم تىرەنىپ قالدى ،
دەريا بويۇ قاپتالغا .
بۈگۈن كەتەر بولدۇڭلار ،
بىزدىن يىراق ئابدالغا .
خۇدايىمغا ئامانەت ،
سوغ تەگمەسۇن هالالغا[1] .

چەت - ياقاسى كۆرۈنمەس ،
مىلڭ قاراسا ئاسمانغا .
تارىمنى بۇ قۇملۇقۇ ،
تۇگۇمەيدۇ ماڭغانغا .
بىزمۇ كېيىن بارۇرمىز ،
كۆل بويۇ قۇمچاپقانغا[2] .

ئات باغلىغۇچ دەيدۇكەن ،
قۇرۇقتارىم[3] بويۇنۇ .
كۆرگەنلەر ئايتىپ كەلۇر ،
بۇ قۇملۇقنۇ خۇيۇنۇ .
ئامان قىلغىن خۇدايىم ،
سەپەرچىلەر يولۇنۇ .

قوشاقنى ئېيتقان ئۇلامخان ئىدى . قوشاقنىڭ مەزمۇنى كىشى-
نى ئويغا سېلىپ ، مەيىن شامالدىكى كۆل چايقاقلىرىدەك بىر -
بىرىگە گىرەلىشىپ ، دۆۋە - دۆۋە بارخانلىق بىپايان قۇملۇققا
باشلاپ كەتسە ، مەزمۇنى بىلەن بىرىكىپ كەتكەن ئاهاڭنىڭ مۇڭى
دىلنى ئېزىپ يىغا ئۇلاشتۇرۇپ ، ئەتراپىدا تۇرغان يۇرتداشلىرىنى

---

① بۇ مىسرادا ۋەدە قىلىنغان قۇدىلىشىش ، ۋەدىلەرگە ئەمەل قىلىش نەزەرگە ئېلىنغان .
② قۇمچاپقان - كونا ئابدالنىڭ يەنە بىر ئاتىلىشى .
③ قۇرۇقتارىم - تارىمنىڭ كونا ئېقىن ئىزى .

سۇكۇتلۇك جىملىق ئالىمگە بەند قىلىغانىدى . ھەممىسىنىڭ كۆزىدە ياش لىغىرلايتتى . قوشاق يەنە ئازراقلا داۋاملاشسا ئۇلار يىغلىۋېتىشلىرى مۇمكىن ئىدى . دەل شۇ ئەسنادا ئايقۇتنىڭ قوشىقى ئاڭلاندى :

ئاتام ماڭغان قۇملۇق بۇ ،
ئىنەم ماڭغان قۇملۇق بۇ .
بوۋالاردىن بۇ ماڭىش ،
مىراس قالغان قۇملۇق بۇ .

بىزگە مىراس بۇ قۇملۇق ،
يۇرتتا بولۇپ يۇقۇملۇق[1] .
تاراپ كەتتۇق ئاپەتتە ،
يەنە بولۇپ يات يۇرتلۇق .

بىزنى دەمەي قارالىق[2] ،
قىلدىڭلار ئۆي - تۇرالىق .
ئوت ئۆچسە ئۆكەش[3] قالۇر ،
ئالەمغۇ بۇ خۇدالىق[1] .

سۇ كەتسە نۆكەش قالۇر ،
ئوت ئۆچسە ئۆكەش قالۇر .

ئايقۇتنىڭ قوشىقى قاراقوشۇنلۇقلارنىڭ ئەڭ مۇڭلۇق بىر ئا-

---

① لوپنۇرلۇقلارنىڭ ئېيتىشىچە ، بۇنىڭدىن بىرنەچچە يوز يىل بۇرۇن كونا ئابدال ۋە قاراقوشۇن كۆلى ئەتراپىدا قۇم - بوران ، قۇرغاقچىلىق ، چېچەك ئاپىتى بولۇپ نۇرغۇن ئادەم ئۆلۈپ كەتكەن . بىر تۇركۇم كىشىلەر يۇرتنى تاشلاپ ھەرياققا تاراپ كەتكەن . شۇ قېتىمقى ئاپەت ئەكس ئەتتۇرۇلگەن بىر تارىخىي قوشاقتا «بۇلتۇرقۇ ئابدالداتى شۇ قىيامەت دۇنيا ئىدى» دېگەن مىسرا بار .

② قارالىق - قاراقوشۇنلۇق دېمەكچى .

③ ئۆكەش - قوغ ؛ ئوتنىڭ تاۋى ، ئىسسىقى .

① بۇ مىسرادا : ياخشىلىقنىڭمۇ ، يامانلىقنىڭمۇ ھېساب - كىتابى قىلىنىدىغان خۇدالىق (ئىگىسى بار ) ئالەم بۇ ، دېمەكچى .

هاڭىدا ئېيتىلغانىدى . ئوماقلارنىڭ يىراقلىشىشى بىلەن تەڭ ئاي- قوتنىڭ ئاۋازىمۇ ئاستا ـ ئاستا پەسلەپ بارماقتا ئىدى . ئۇلار ئېگىز بىر قۇم دۆۋىسىنىڭ يامزىلىدىن ئەگىپلا خۇددى قۇم بارخانلىرى ئارىسىغا كىرىپ غايىب بولۇۋاتقاندەك بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى ئۇزاتقۇچىلار كۆزىدىن ئۆچتى . ئايقۇتنىڭ ئۈنىمۇ چەكسىز قۇملۇققا سىڭىپ كېتىۋاتقاندەك ئىدى ...

# ئۈچىنچى باب

## «دىۋە ئادەم»

*ئۇ ئەسلىدە كىيىك ، جەرەندەك زىلۋا ئىكەندۇق ،*
*بىر ئۇخلاپ قوپۇپلا دىۋىدەك بوي تارتىپ قالغانىكەن .*

— *خاتىرەمدىن .*

*بۇ جۇل ـ جۇل ۋە جۇنۇنى تاشقى كۆرۈنۈشۈمگە*
*قاراپ ماڭا باھا بەرمە ، گەپ غىلاپتا ئەمەس ، بەلكى*
*پىچاقتا .*

— ئەبۇ بەكرى ئەش — شىبلى .

1

قۇملۇقتا يولۇچىلار ئۈچۈن ئەڭ قورقۇنچلۇقى ، بىرى ، سۇ-
سىزلىق ، يەنە بىرى ، شامال ـ بوران . تارىملىقلار چەكسىز قۇم-
لۇق ئىچىگە كىرىپ قالمىسىلا سۇسىزلىقتىن ئانچە ئەنسىرەپ
قالمايدۇ . ئۇلار يولغا چىقىشتىن ئىلگىرىلا مەنزىلىنىڭ يىقىن ـ
يىراقلىقىغا قاراپ تۇلۇم ۋە باشقا سۇ قاچىلىرىغا يېتەرلىك سۇ
غەملىۋالىدۇ . ناۋادا ، سۈيى ئازلاپ قالسىمۇ بەك قايغۇرۇپ كەتمەي-
دۇ ، تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ ئوي ـ چوڭقۇرى ، دەريا ـ ئۆستەڭ-

لىرى ، كۆل ـ داشلىرى[1] ئۇلارغا ئوبدان تونۇشلۇق . ئۇلار نەدىن
سۇ تاپقىلى بولىدىغانلىقىنى بىلىدۇ . پارچە ئوتلاق ۋە توغراقلىق
چەتلىرىدىكى قۇملۇقتا بىر خىل ھەرە بار ، ئۇ كىشىلەرنىڭ سۇ
تېپىشۋېلىشىغا ياردەم بېرىدۇ . ئىسسىقتا سۇسىز قالغاندا ، ئۇ ئۇچ-
قان يۆنىلىش بويىچە مېڭىۋەرسە ، چوقۇم سۇ بار جايىنى تاپقىلى
بولىدۇ . تارىملىقلارنىڭ قورقىدىغىنى شامال ، بوران ، بورانغۇ
ئەسلىي ، شامال ئانچىكى كۆچىيىپ قالسىمۇ ئالەمنى ـ مالەم
قىلىدۇ . سۇرلۇك جىملىقتا چۆمگەن پايانسىز قۇملۇق بىردىنلا
جىن ـ شاياتۇنلار قوتراپ ئالىتاغىل سۇرەن سالغاندەك ھۇشقىيتىپ
قۇلاق ـ مېڭىنى يەيدۇ ، قۇملار يۈزگە يىڭنىدەك سانجىلىدۇ ،
كۆزنى ئاچقۇزمايدۇ . ھەرقانداق يېتۈك ئىزچىمۇ بېشى تۆرەپ يول-
دىن ئېزىپ قالىدۇ ھەتتا كەلگەن تەرىپى بىلەن بارىدىغان تەرىپىنى-
مۇ پەرق ئېتەلمەي قالىدۇ . بۇنداق چاغدا باشنى ئىچىگە تىقىپ
شامالنىڭ يۆنىلىشى بويىچە ماڭماقتىن باشقا چارە يوق . بوراننىڭ
توختىشىنى كۈتۈپ ماڭماي جىم تۇرسا ، بىردەمنىڭ ئىچىدە ئادەم
قۇمغا كۆمۈلۈپ كېتىدىغان گەپ .

چىڭقىچۇش . ئوماقلار يولغا ئاتلىنىش ئالدىدا ، بولغۇسى قۇ-
دىسى تايۇق باش سونۇر ئالدىدىكى ئاسمان ، يۇلتۇز ئەھۋالىنى
قالۇچىلارنىڭ تەجرىبە ـ ساۋىقى بويىچە كۆزىتىپ ، ئۇلارنىڭ بۇ-
گۈن يولغا چىقماسلىقىنى ، شامال چىقىپ قېلىش ئېھتىمالى بارلى-
قىنى ئەسكەرتكەنىدى .

ئوماق ئالدىنقى ھەپتە قاناقا بىلەن كۆرۈشكەندە ، ئۇ ئۇلارنىڭ
قانچە بۈرۈن ماڭسا شۇنچە ياخشى بولىدىغانلىقىنى ئېيتقانىدى .
ئوماقلارنىڭ قالۇچىلار مەھەللىسىدىن كەتكۈسى يوق ئىدى ، پەقەت
قاناقانىڭ ھەقىقىي سەۋەبىنى ئېيتمىغان چۈشىنىكسىز گېپى بويى-
چىلا كەتمەكچى بولغانىدى . ئىككى كۈننىڭ ئالدىدا يوقلاپ كىر-
گەندە ، بۈگۈنكى كۈندە سەھەر يولغا چىقىپ كېتىدىغانلىقىنى بې-

① داشى   سۇ توختاپ قالغان ، ئەتراپىدىن سۇ كىرمەيدىغان كۆل ، سايازلىق .

كىتكەنىدى . ئەمما ، ئوماق قاناقانىڭ ئۇنى كېتىشكە ئالدىراتقانلىقىنى ئېيتماي :

— بۇ دېگەن 8 ـ ئاينىڭ بېشى . بۇ ئاي ، بۇ كۆنلەردە نەدىكى شامالكەن . ئىككى كۆنلۈك يول ، هامان ماڭىدىغان بولغاندىكىن ماڭايلى ، — دېگەنىدى .

ئوماقلار سۇنى ئىككى كۆنگە يېتىپ ئاشقۇدەك ئېلىۋالغان بولسىمۇ ، تايۇق يەنىلا ئۇلاردىن ئەنسىرەپ تۇراتتى . ئۇ ئۇلامخانىغا قاراپ ئۆي تەرەپنى ئىشارە قىلدى . خوتۇنى ئىتتىك ئۆيگە كىرىپ بىر سۇ قاچىسىنى ئېلىپ چىقتى . قاچىدىكى ئۇلار ئۆزلىرى ئۈچۈن تەييارلىۋالغان ئۇسالىق ئىدى .

تايۇق سۇ قاچىسىنى ئوماققا بېرىۋېتىپ :

— شامالنىڭ شەپىسى سېزىلگەن هامان كونا قۇرۇق ئېقىن ئىچى بىلەن مېڭىپ ياردائلىققا بېرىۋېلىڭلار ، — دەپ ئەسكەرتىپ قويدى .

مانا چۈشمۇ قايرىلاي دېدى ، هاۋانىڭ رەپتارى ئوماقنىڭ ئويىلىغىنىدەك ئىدى .

7 ـ ئاي ئەمدىلا ئۆزىغان بولسىمۇ ، قۇملۇقنىڭ تەبىئىتى ئوماقلارنى ، بولۇپمۇ تۆمۈرنى ئايىغاندەك بەك قىزىپ كەتمىدى . قۇملۇق شۇ قەدەر جىمجىتكى ، گويا پۈتۈن كائىنات جىمجىتلىق ئۇيقۇسىغا غەرق بولغانىدى . هەي قۇملۇق ، هەي قۇملۇق ، سېنىڭ ئاشۇ شامال ـ بورىنىڭ ، سۇسىزلىقىڭ بولمىسا ، سەندىن تىنچ ، سەندىن كەڭتاشا ـ ئازادە جاي يوق . ئۇن ـ ئۇپىدەك يۇمشاق قۇملىرىڭدا يالاڭ ئاياغ بولۇپ قېيغىتىپ يۈگۈرگۈسى ، ئېگىز ـ ئېگىز قۇم دۆۋىلىرىڭدىن سىيرىلىپ ـ دومىلاپ ئوينىغۇسى كېلىدۇ كىشىنىڭ . سەندە كىشىلەرگە يەتكۈدەك ئېھتىياجلىق ئوزۇق ـ تۈلۈك بولىدىغانلا بولسا ، جاهاندا سەندىن تىنچ ، سەندىن خاتىرجەم جاي يوق . پەقەت سەندە ئادەملەرنىڭ چېكى ، تۈۋى يوق ئازناپ نەپسىنى قاندۇرىدىغان مەئىشەتنىڭ يوقلۇقىدىنلا سېنى ئادەملەر «چۆل» كۆرۈپ ، بالا نەپسىنى دەپ نەپ تالىشىپ شەھەرلەر-

گە تىقىلىشىپ ئولتۇرۇشقان .

— ئوماق ، قارىغىنا ! — ئايقۇت بىر نەرسىدىن چۆچۈگەن-دەك ئەندىكىپ ئاسماننىڭ كۈنپېتىش تەرىپىنى كۆرسەتتى . ئوماق قاراپلا :

— تايۇقنىڭ دېگىنىدەك شامال چىقىپ قالامدۇ نېمە ؟ — دېدى . ئۇمۇ جىددىيچىلىك ئىلكىگە چۈشۈپ قالدى .

ئاسماننىڭ غەرب تەرەپ ئۇپۇقىدىن خۇددى يىراقتىكى قۇم دۆۋىلىرى ئارقىسىدىن چىقىۋاتقاندەك باش ئۇچى بىر غولاچچە كەڭ-لىكتە ، قويۇق تەرىپى بارغانسېرى كېڭىيىۋاتقان سۇس ، شالاڭ بىر قەۋەت ئاق بۇلۇت يېپەك ، تورقا تالالىرىدەك سوزۇلۇپ ئاستا سىلجىپ كەلمەكتە ئىدى . بۇ ، شامال كېلىۋاتقانلىقىدىن شەپە بولۇپ ، بۇ تەگرىنىڭ بەندىسىنى سەگەك بولۇشقا ئاگاھلاندۇرغان ، كۆيۈنۈپ ئاسرىغانلىق ئىلتىپاتى ، رەھمىتى . «تايۇق شامال چىقى-دىغانلىقىنى يېرىم كۈن بۇرۇن باش سونۇردىلا قانداق بىلىۋالغان-دۇ ، چاقچىغار ئەتراپىدىكى مانانلىق سۇس بۇلۇتلارغا قاراپ بىلدى-مىكىن ، ئەجەب سورىۋالماپتىمىنا» . ئوماق شۇلارنى ئويلىدى ھەم ئۆزىنىڭ ھاۋا ھالىتىنى بىلىشتە تايۇقتا يەتمەيدىغانلىقىدىن ئۆزىچە خىجىللىق ھېس قىلىپ قالدى .

— چاپسانراق مېڭىپ تايۇق ئېيتقان تارىمنىڭ كونا قۇرۇق ئېقىنىغا ، ھېچبولمىغاندا يېڭى قۇرۇق ئېقىنغا بېرىۋالايلى ، — دېدى ئوماق .

بۇ ئەتراپتا قۇرۇق ئېقىندىن ئىككىسى بار . يارداڭبۇلاقنى يۇقىرىدىن ئەگىپ ئۆتىدىغان بىر دەريا ئوماقنىڭ بوۋىسى يىگىرمە ياش چاغلىرىدا ئېقىش يولىنى ئۆزگەرتىپ باشقا جاي بىلەن ئاقىدى-غان بولغاندىن كېيىن ، ئەسلىدىكى دەريا قىنى «قۇرۇق ئېقىن» دەپ ئاتالغانىدى . ئوماقنىڭ ئون ياش چاغلىرىدا دەريا يەنە بىر قېتىم ئېقىش يولىنى ئۆزگەرتىپ تېخىمۇ يۇقىرى بىلەن ئاقىدى-غان بولغاندىن كېيىن ، دەريانىڭ بۇرۇنقى قىنى «كونا قۇرۇق ئېقىن» ، كېيىنكى قىنى «يېڭى قۇرۇق ئېقىن» دەپ ئاتىلىدىغان

بولغانىدى . ئوماق ئىلگىرى ھەر ئىككى قوۋزۇق ئېقىنغا كەلگەن بولسىمۇ ، يېڭى قوۋزۇق ئېقىن ئۇنىڭغا بەكرەك تونۇش ئىدى . قىياسىچە ، يېڭى قوۋزۇق ئېقىن ئانچە يىراقتا ئەمەس ئىدى ، بۇ چاغقىچە يېتىپ بېرىشى كېرەك ئىدى . ئەمما ، ئېقىن ئىزىنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمەيتتى . ئۇ يارداڭلىقتا ئوخشاپراق كېتىدىغان قۇم دۆۋىلىرى ئۈستىگە چىقىپ ئەتراپقا قاراپ باقتى . بەزى كۆرۈنۈشلەر ئىككى يىلنىڭ ئالدىدا كەلگەندە كۆرگەن ئالامەتلەرگە ئاز - تولا ئوخشىسىمۇ ، ئېقىن ئىزى كۆرۈنمەيتتى . بۇ قۇملۇقتا بىرەر ئۆز-گىرىش بولاي دېسە بىر يىل ، بىر ئاي ، ھەتتا بىر كۈن ئەمەس ، بىردەملىك ۋاقىت كۇپايە . قاتتىق بوران ياكى قۇيۇن چىقىدىغان بولسا ، بىرەر ئېقىن ئىزىنىڭ قۇمدا كۆمۈلۈپ كېتىشىگە شۇ بىردەملىك ۋاقىتمۇ يېتىپ ئاشىدۇ . «يېڭى قوۋزۇق ئېقىنىنى قۇم بېسىپ كېتىپتۇ . تۆۋەنگە — كونا قوۋزۇق ئېقىنغا قاراپ مېڭىش كېرەك» دەپ ئويلىدى ئوماق .

قۇملار شىرىلدىغىلى باشلىدى . بۇ شامالنىڭ ئالدى كەلگەنلى-كىنىڭ ئالامىتى ئىدى . شامال كۈچىيىپ كەتكۈچە بىرەر يارداڭ-لىق بولسىمۇ تېپىۋېلىش كېرەك . ئۇلار ئېگىز ھەم چوڭ بىر قۇم دۆۋىسى يامىزلىدىن ئۆتۈشكە ، دائىرىسى ئانچە چوڭ بولمىسىمۇ ، بوككىدە بىر توغراقلىق كۆرۈندى . ئوماق كۆزىگە ئىشەنمەي قال-دى . ئۇ ھەر ئىككى قوۋزۇق ئېقىن بويلىرىغا بىرنەچچە قېتىم كېلىپ بۇنداق توغراقلىقنى كۆرمىگەنىدى ، شۇڭا يەردىن ئۈنگەن-دەكلا پەيدا بولۇپ قالغان توغراقلىققا قاراپ ھەيرانلا قالدى . بىر غايىۋى كۈچ تومۇزنىڭ كۆيدۈرگۈچ ئاتەش ئىسسىقىدا سۇنىڭ پارغا ئايلىنىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن ئۇنى قۇم ئاستىغا سىڭدۈرۈۋېتىپ ، يەنە ئۆز قۇدرىتى بىلەن قۇملۇق ئۈستىگە مۇشۇ توغراقلىقنى پەيدا قىلىپ قويغاندەكلا ئىدى . ئۇلار شامال كۈچىيىپ كەتكۈچە كۆڭۈل-دىكىدەك دالدىلىققا يېتىپ كەلگەندە ، ھەممىسىنىڭ كۆڭلى جايىغا چۈشۈپ خاتىرجەم بولۇشتى .

ئۇلار توغراقلىققا كېلىپلا ئۇلاغلىرىدىن چۈشتى . ئوماق بى-لەن توختاق ئېشەك ، كالىلاردىن يۈك - تاقلارنى چۈشۈرۈش بىلەن

بەند ئىدى . ئايقۇت يوغان بىر تۈپ توغراقنىڭ تۈۋىدە قۇمغا پۇتىنى ئۇزۇن سوزۇپ راھەتلىنىپ ئولتۇرۇپ بوۋىقىنى ئېمىتىۋېتىپ ، غەلىتە بىر ئىزنى كۆرۈپ قالدى .

— ئوماق ، ماۋۇ نېمىنىڭ ئىزى ؟ ! — دېدى ئايقۇت ئەندىشىلىك ئاھاڭدا . ئوماق قىلىۋاتقان ئىشىنى قويۇپ ئىتتىك ئايقۇتنىڭ يېنىغا كەلدى . ئايقۇت كۆزى بىلەن ئىمالاپ بىر ئىزنى كۆرسەتتى . ئوماق ئىزغا قاراپ ھەيرانلىقتا تۇرۇپ كەتتى . ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا تۇرغىنى يالاڭ ئاياغ ئادەمنىڭ ئىزىغا ئوخشايدىغان ئىز ئىدى . ئىز بىرلا ئەمەس ئىدى . بۇ ئىزلار توغراقلىقنىڭ ئۇ تەرىپىدىن كېلىپ بۇ تەرىپىگە كەتكەنىدى . ئوماق زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ ئىزنى غېرىچلاپ باقتى . ياپىر ! ئوماقنىڭ ئۇزۇن غېرىچىدا ئىككى غېرىچقا يېقىن چىقتى . ناھايىتى ئوچۇق ، ئېجىرىم كۆرۈنۈپ تۇرغان پۇت سالامىغا[1] قاراپ ، ئۇنى ئادەم ئىزى دېيىشكە بولاتتى ، ئەمما ئادەمنىڭ پۇتى بۇنداقمۇ يوغان بولامدۇ ، بۇنداق يوغان پۇتى بار ئادەم نەدە بار ؟ ئىز يېڭى ئىدى . ئوماقنىڭ خىيالىغا تۈرلۈك پەرەزلەر كەچتى . ئۇ ئايقۇت ، توختاقنى توغراقلىقنىڭ ئوتتۇرىسىغىراق ئورۇنلاشتۇرۇپ قويدى .

— سىلەر ئولتۇرۇپ تۇرۇڭلار ، مەن ئەتراپقا قاراپ كېلەي ، — دېدى - دە ، ئوماق ئىز بويلاپ توغراقلىق ئىچىگە ئىچكىرىلەپ مېڭىپ كەتتى . ئۇ پات - پات ئالدىغا — ئىز كەتكەن تەرەپكە دىققەت بىلەن قاراپ قوياتتى . ئۇنىڭغا يېقىنلا يەردىن غىڭشىغان ئاۋاز كەلگەندەك زايا بولدى ، قارىۋىدى ، ئالدىدىلا — ئىككى توغراقنىڭ نېرىسىدا تۇرق - سىياقى ئادەمدەك ، ئەمما دېۋىدەك كېلەڭسىز ، گەۋدىلىك بىر مەخلۇق تىزلىنىپ تۇرۇپ ، توغراق شېخىغا ئېسىقلىق ، سويۇلۇپ بولغان بىر جەرەننىڭ ئىچ - قارنىنى ئېلىۋاتاتتى . ئوماق بىرەر شاخ - شۇمبىغا دەسسەپ سېلىپ ئاۋاز چىقىپ كېتىشتىن ئېھتىيات قىلىپ پەم بىلەن مېڭىپ ئۇنىڭغا يېقىنلىدى . ئۇ جەرەننىڭ ئۈچەي - باغرىنى ئالغاچ قوشاق ئېيتىۋاتاتتى . بايا ئوماققا غىڭشىغاندەك بىلىنگەن ئاۋاز ئەمدى ئېنىق

---

[1] سالا - پۇت - قولنىڭ بارماقلىرى .

ئاڭلاندى .

ئەللەر دەيدۇ تولا ماڭدىڭ چاراغا ،
كۆزۈ چۈشۈپ يۈتۈمداقى ياراغا .
ماڭىپ - ماڭىپ يېتەلمەدىم يارىمغا ،
نەمە گۇناھ قىلغانىدىم خۇداغا .

تولا ماڭىپ قاپىرىپ كەتتى پۇتۇم ،
زېرىكمەيمەن تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يۇرتۇم .
سەن يادىمغا يەتكەندە جانالىقىم ،
لاچىن بولۇپ قاناتلانىپلا ئۇچتۇم .

تولا ماڭسام نەمە بوپتۇ ئۆز يۇرتۇم ،
يول ماڭىشقا ياراتىلغان بۇ پۇتۇم .
خۇدا ئىگەم ئاسان قىلار يولۇمنۇ ،
مەنمۇ ئەمدى بەدگۇپانى ئۇنۇتتۇم .

ئوماقىنىڭ پۈتۈن دىققىتى قوشاقتا قېلىپ ، بىر قۇرۇق شاخقا پۇتى تېگىپ كەتكىنىنى بىلمەي قالدى ، شاراقلاپ ئاۋاز چىقىپ كەتتى . ھېلىقى يوغان گەۋدە كەينىگە بۇرۇلۇپ قارىۋىدى ، ئوماقىنىڭ كۆزى چانىقىدىن چاچراپ چىقىپ كېتىدىغاندەك ، چۆچەكتەك بولۇپ قاراپلا قالدى . ئوماقىنىڭ كۆز ئالدىدا مومىسى ئېيتىپ بەرگەن چۆچەك ، ئەپسانىلەردە ئاجايىپ - غارايىپ تەسۋىرلىنىدىغان كېلەڭسىز ، بەتبەشىرە مەخلۇق — دىۋە تۇرغاندەك ئىدى . ئۇ ئۈسۈك - پاخپاق چاچ - ساقىلى ، جەندە - جۇلدۇر كىيىمى بىلەن ئوماققا باشقىچىلا كۆرۈنۈپ كەتتى .

## 2

ئوماقىنىڭ قۇلىقى تۇۋىدە ئاتىسىنىڭ : «ئىككى قۇرۇق ئېقىن ئەتراپىدا دىۋە ئادەم بار» دېگىنى قايتا سادا بەرگەندەك بولدى ،

«ئاتام ئېيتقان دىۋە ئادەم مۇشۇمىكىن» دەپ ئويلىدى. ئۇ ئەمدى ئۆزىنى توختىۋالدى، قورقۇنچى سەل بېسىقتى.

«دىۋە ئادەم» ئوماقنى كەل، دېگەن مەنىدە سول قولىدا ئىشارە قىلدى. ئوماق ئۇنىڭ يېنىغا كەلدى. «دىۋە ئادەم» نىڭ تىزلىنىپ ئولتۇرغان بويى بىلەن ئوماقنىڭ ئۆرە تۇرغاندىكى بويى تەڭلىشىپ تۇراتتى.

— ئۆزۈڭ يالغۇزمۇ، باشقا ئادەملەرمۇ بارمۇ؟ نەدىن كەلدىڭ، نەگە بارىسەن؟ — ئۇنىڭ ئاۋازى ئۆزىدەك يوغان - بوم، غاراڭ - غۇرۇڭ، سۇرلۇك ھەم دوغۇلۇق ئىدى.

ئوماق ئۆزلىرىنىڭ نەدىن كېلىپ نەگە كېتىۋاتقانلىقىنى مۇنداقچىلا قىسقا سۆزلەپ بەردى.

— بۇلۇتنىڭ ئەلپازىغا قارىغاندا شامال قاتتىق بولىدۇ. بۇگۈن ماڭالمايسىلەر، ئادەملىرىڭ بىلەن يۇك - تاق، ئۇلاغلىرىڭنى مۇشۇ يەرگە ئەكىلىپ قوي، بۇ يەرگە شامال ھەيۋىسىنى كۆرسىتەلمەيدۇ، — دېدى «دىۋە ئادەم».

ئوماق قىلچە دېلىغۇل بولماي، كۆڭلىگە قىلچە شەك - شۈبھىلىك ئويلار كەچمەي ئايقۇتلار يېنىغا قايتىپ كەلدى. ئۇلارغا دادىسى، ئانىسى ھەم باشقىلاردىن «دىۋە ئادەم» توغرۇلۇق ئاڭلىغانلىقىنى، مۇشۇ توغرىلىقتا شۇنىڭغا ئوخشايدىغان بىر ئادەمنى كۆرگەنلىكىنى، ھازىر شۇنىڭ قېشىدىن كەلگەنلىكىنى، ئۇنىڭ دېگەنلىرىنى، كۆرگەن ئىز شۇنىڭ ئىزى ئىكەنلىكىنى، دېدى. ئۇنىڭ بۇنچە تەپسىلىي دەپ كېتىشى ئۇنى كۆرگەندە ئايقۇت بىلەن توختاقنىڭ قورقۇپ كەتمەسلىكى ئۇچۇن ئالدىن ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى تىندۇرۇپ قويۇش ئىدى.

— ئاتامۇ شۇنداق بىر «دىۋە ئادەم» نىڭ بارلىقى، ئۇ سۇدىن چىقىپ چېكە سوقۇپ ئۇدۇل مېڭىشقا توغرا كەلسە، كېمىسىنىڭ تۇمشۇقىدىن باغلىۋالغان ئارغامچىنىڭ يەنە بىر ئۇچىنى بېلىگە چېتىۋېلىپ سۆرەپ كېتىۋېرىدىغانلىقىنى سۆزلەپ بەرگەنىدى. ئۇ

ئادەمنى بىر كۆرۈپ باقسام، دەيدىغان ئارزۇيۇم بار ئىدى. ياخشى بولدى، كۆرىدىغان بولدۇم، — دېدى ئايقۇت. ئۇماقنىڭ ئەندىشىسىنىڭ ئەكسىچە خاتىرجەم هالدا.

«دىۋە ئادەم» ئۇماقلارنىڭ يوك - تاقلىرىنى چۈشۈرۈشۈپ، ئۇلاغلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ بولۇشۇپ، ئادەمنىڭ پاچىقىچىلىك چوڭلۇقتىكى هۆل توغراق شاخلىرىنى كۆچىمەيلا قايرىپ قاراس - قۇرۇس ئۇشتۇپ ئۇلاغلارنىڭ ئالدىغا تاشلاپ بەردى. توختاق قورقۇمسىراپ تۇراتتى. «دىۋە ئادەم» ئۇنى بىر قولىدا قورچاقنى كۆتۈرگەندەك كۆتۈرۈۋېلىپ توغراقنىڭ بىر ئاچىمىقىغا مىندۇرۇپ قويۇپ:

— قېنى، چۈشۈپ باقە، باتۇرچاق، — دېدى.

ئۇماق بىلەن ئايقۇت كۈلۈۋەتمىگەن بولسا، توختاق قورقۇپ يىغلىۋېتەيلا دەپ قالغانىدى، ئەمدى ئۇنىڭ قورقۇنچى يوقىلىپ كۈلۈۋەتتى.

«دىۋە ئادەم» توختاقنى يەنە بايىقىدەك بىر قولىدا كۆتۈرۈپ يەرگە قويدى ۋە ئۇنىڭ بېشىنى سىلاپ تۇرۇپ:

— مەن سىلەرنى جەرەن كاۋىپى بىلەن مېهمان قىلاي، — دېدى.

ئۇ بىلەكتەك چوڭلۇقتىكى قۇرۇق توغراق شاخلىرىنى ئۇشتۇشقا باشلىدى. ئۇماق ئۇنىڭ ئۇشتۇغانلىرىنى بىر يەرگە دۆۋىلىگەچ يەردىكى ياغاچلارنى تېرىشكە باشلىدى. توختاقمۇ جىم تۇرمىدى. سالقىن قومدا يۈگۈرۈپ يۈرۈپ ئوتۇنلۇق ياغاچ تەردى. بىردەمدىلا بىر دۆۋە ئوتۇن تەييار بولدى. «دىۋە ئادەم» يوغان بىر توغراقنىڭ كاۋىكىدىن چوڭلۇقى شاپىلاقچىلىك، بىرى بىرلىك قېلىنلىقتا، يەنە بىرى ئۇنىڭدىن نېپىزرەك ئىككى تال تاختاي، ئاددىي بىر كامالچەك، بىر ئۇچى ئۇچلاقلىق بىگىز، بارماق تومىلۇقتىكى بىر غېرىچچە يۇلغۇن ياغىچى هەم ياڭاقتىن چوڭراق سۆگەت پورى ئالدى. ئۇماق بۇ نەرسىلەرگە قاراپ ئۇنىڭ «هارام ئوت» چىقارماقچىلىقىنى هەم بۇ يەر ئۇنىڭ كېلىپ تۇرىدىغان

دائىملىق جايى ئىكەنلىكىنى جەزم قىلدى . ئوماق يېنىدىن چاقماق بىلەن چاقماق تېشى چىقىرىپ :

— ئوتنى بۇنىڭدا چىقىرايلى ، — دېدى .

— ماۋۇ بالاڭ «هارام ئوت» چىقىرىشنى بىلمەيدىغاندۇ ، كۆرۈپ قويسۇن ، بىلىپ قالغاننىڭ زىيىنى يوق ، — دېدى دېۋە ئادەم .

ئۇ سۆگەت پورىنى قۇمغا پاتۇرۇپ قويۇپ ، ئۇستىگە نېپىز تاختاينى قويدى . كامالچەكنىڭ يىپىنى ئۈچلاقلىق يۇلغۇن ياغىچىغا بىر يۆگەپ ، ئۇنىڭ ئۈچلانغان ئۇچىنى تاختايغا تىك تىركەپ ، يۇقىرى ئۇچىدىن يەنە بىر تاختاي بىلەن بېسىپ تۇرۇپ كامالچەك بىلەن ياغاچنى ئايلاندۇرۇشقا باشلىدى . بىرھازا ھەپىلەشكەندىن كېيىن ، قاتتىق يۇلغۇن ياغىچى تاختاينى تېشىپ ئۆتتى ، قىزىغان ياغاچ تاختاي ئاستىدىكى سۆگەت پورىغا تېگىشى ھامان ئوت ئېلىپ ئىس چىقتى . «دېۋە ئادەم» پوردىكى ئوتنى يەنە بىر پورغا ، ئۇنى يەنە بىرگە ... شۇ تەقلىدتە ئوتنى ئالتە يەرگە كۆچۈرگەندىن كېيىن ، يەتتىنچى قېتىملىقىنى ئوتۇنغا تۇتاشتۇردى[1] . چوغ چۇشكۇچە ئارىلىقتا گۆشنى ماشاپ[2] زىخقا ئۆتكۈزگۈدەك قىلىپ تەييارلىدى . ئوت يالقۇنجاپ چوغلانغاندىن كېيىن ، ھېلىقى توغراق كاۋىكىدىن يەتتە ـ سەككىز تال يۇلغۇن زىخى ئېلىپ كەلدى . تۆتى

---

① تارىخىي ماتېرىياللار ۋە ئارخېئولوگىيىلىك بايقاشلاردىن مەلۇم بولۇشىچە ، ئۇيغۇرلار ، جۈملىدىن لوپنۇرلۇقلار قەدىمدە زورو ئاستىر دىنىغىمۇ ئېتىقاد قىلغان . بۇ دىندا ئاھورامازدا «يەتتە ساخاۋەتلىك مەڭگۈلۈك» تىن يارالغان ، دېيىلىدۇ . شۇڭا «يەتتە» سانىنى چوڭ بىلىدۇ . لوپلۇق (لوپنۇرلۇق ) لارنىڭ يېقىنقى چاغلارغىچە ئوغۇل تەرەپ قىز تەرەپكە چانچىق (داستىخان ) ئېلىپ بارغاندا پىشۇرۇلغان يەتتە بېلىق كاللىسى سېلىپ بېرىشى (بەش تال ئېلىپ بارىدىغانلىرىمۇ بار ) ، قەبرە بېشىغا ئوخشاش تومۇلۇقتىكى ياغاچلاردا يەتتە قۇر چەمبەر ياساپ ، قۇياش شەكلىنى چىقىرىپ قويۇشلىرى زورو ئاستىر دىنى ئېتىقادىنىڭ ئىپادىسىدۇر . زورو ئاستىر دىنىدىكى «يەتتە»نى چوڭ بىلىش ئېتىقادى كېيىنكى چاغلاردا ئىسلامىيەت ئېتىقادى بىلەن ئارىلىشىپ ئىپادىلىنىدىغان بولۇپ قالغان .

مەسىلەن : مېيىتنى يەرلىككە قويغاندا يەتتە كەتمەن توپا تاشلاش ، «سۇ يەتتە دومىلىسا ھالال» ، يەتتە دوزاخ ، تۆرپاندىكى يەتتە ئەۋلىيا ئۆڭكۈرى قاتارلىقلار . ئۇنىڭدىن باشقا ئۇيغۇرلاردا يەنە يەتتە ئىقلىم ، يەتتە قات ئاسمان ، يەتتە تارىم ، يەتتە ئۆيدىن ئۇن ياكى كېپەك تىلەش ، قومۇل بىلەن تۇرپان ئارىلىقىدىكى يەتتە قۇدۇق ، يەتتە ياشتىن يەتمىش ياشقىچە ، يەتمىش پۇشتى (يەتتىنىڭ ئون قاتلىنىشى ) ، يەتتە ئاشىق ـ مەشۇق ، «بارمايمەن دېگەن توگمەنگە يەتتە قېتىم بېرىپتۇ» ، «يەتتە ئۆلچەپ بىر كەس» ، قەبىھلىكنىڭ ، ياۋۇزلۇقنىڭ سىمۋولى بولغان يەتتە باشلىق يالماۋۇز ، دېگەنگە ئوخشاشلارمۇ زورو ئاستىر دىنىدىكى «يەتتە»نى چوڭ بىلىش ئېتىقادىنىڭ تەسىرىدۇر .

لوپنۇرلۇقلاردىكى «هارام ئوت» نى يەتتە يەرگە كۆچۈرۈش ئارقىلىق ئىشلىتىدىغان (ھالال ) قىلىشمۇ زورو ئاستىر دىنىنىڭ يېقىنقى ۋاقىتلارغىچە داۋاملىشىپ كەلگەن ساقىندى تەسىرىدۇر .

② ماشاش  پارچىلاش (بۇ سۆز مەخسۇس خام گۆشنى پارچىلاشقىلا قارىتىلىپ ئېيتىلىدۇ . پىششىق گۆشكە ئىشلىتىلمەيدۇ ) .

ماشالغان گۆشنى زىخقا ئۆتكۈزۈپ ئۇدۇللۇق پىشۇرۇپ يېيىشكە باشلىدى .

يۇلغۇن زىخىغا ئۆتكۈزۈپ پىشۇرۇلغان جاڭگال كاۋىپى نەقە-دەر يېيىشلىك ، نەقەدەر مەززىلىك ، ھۇزۇرلۇق ، ئۇنىڭدا ساپ گۆش تەمىدىن باشقا غەيرىي تەم ، غەيرىي پۇراق ، ئۇ ، بۇ تەركىب يوق . ئوتۇن چوغىغا قاقلىنىپ ئىچ - ئىچىدىن مەلەقلەپ پىشىپ كېتىدۇ . بۇنداق ئوتۇن كاۋىپى ھەم تېتىملىق ، ھەم سىڭىشلىق بولىدۇ .

ئوماقلارنىڭ يېنىدا قومغا چۆكۈپ ئولتۇرغان «دىۋە ئادەم» بوي جەھەتتە ئۇلاردىن قوي ئارىسىغا تۆگە كىرىپ قالغاندەك پەرق-لىنىپ تۇراتتى . ئۇلار كاۋاپنى مەززە بىلەن يەۋاتقاندا ، گۆش ھىدىنى سېزىپ قالغان بىر گۆشخور قۇملۇق قۇشى ئۇلارنىڭ يېنىدىكى توغراقنىڭ ئېگىز بىر شېخىغا كېلىپ قوندى . ئوماق قولىدىكى زىخنىمۇ قويماي ئورنىدىن تۇرۇپ يۈك - تاقلىرىنىڭ يېنىغا بېرىپ قاناقا جاھانبەگكە ئالغاچ بېرىشقا بەرگەن ئوقيانى ئېلىپ كەلدى . ئەمما ئۇ ئورنىدىن تۇرغاندىلا سەزگۈر قۇش ئۇچۇپ كەتكەنىدى . «دىۋە ئادەم» ئوماقنىڭ قولىدىن ئوقيانى ئېلىپ سىنە-چىلاپ قاراپ :

— بۇ قالاچ قاناقانىڭ ئوقياسىغۇ ، ساڭا كىم بەردى ؟ — دەپ سورىدى .

— قالاچ قاناقا دەيسەنغۇ ، ئۇ قاناقانىڭ ئېتى قالاچما ؟

— ئۇ قاناقانى بۇ قۇملۇقتا ھەممە ئادەم بىلىدۇ . سەن بىلمەم-سەن ؟ ئەمىسە ئوقياسىنى نەدىن ئالدىڭ ؟ — دەپ تەكرارلاپ سورى-دى «دىۋە ئادەم» جىددىيلەشكەندەك بولۇپ ، ئوماقنىڭ كۆزىگە تىكىلىپ تۇرۇپ .

— بىز بۈگۈن قالۇچىلار مەھەللىسىدىن يولغا چىقىدىغان-دا قاناقا بوۋاي بۇ ئوقيانى جاھانبەگكە تاپشۇرۇپ بەر دەپ بەر-گەن ، — دېدى ئوماق .

— سىلەر بۇلاقكۆلدىن كەلدىڭلارما ؟

ئوماق ئۆزلىرىنىڭ بۇلاقكۆل — قالۇچىلار مەھەللىسىگە كېلىپ قېلىش جەريانى بىلەن ئۇ يەردە تۆت ئاينى قانداق ئۆتكۈزگەنلىكىنى مەمنۇنلۇق بىلەن سۆزلەپ بەردى .

— ئۇ قاناقانىڭ ئات - جونى قالاچ . ئۇنىڭ ئىسمىنى ساڭا دەپ بەرمىگەنلىكى سىېنى باشقا قەبىلە — ئۇرۇقتىن دېگەنلىكى ئەمەس . ئۇ باشقىلارنىڭ : «بوۋىلىرىنىڭ ئىسمىنى قويۇۋالغىنى بىلەن ، ئۇلارنىڭ ھېچنېمىسىنى بىلمەيدۇ » دەپ مەسخىرە قىلىشىدىن بەك قاچىدۇ ۋە ئۇنىڭدىن نومۇس قىلىدۇ . مۇشۇنى ئويلىسىلا قالاچ قاناقانى خىيال باسىدىكەن ، ئازابلىنىدىكەن ، — دېدى «دىۋە ئادەم» ھەم ئۆزى بىلەن قالاچ قاناقا ئوتتۇرىسىدا بولۇپ ئۆتكەن بىر ئىشنى سۆزلەپ بەردى .

3

بۇنىڭدىن يىگىرمە يىللار ئىلگىرى ، «دىۋە ئادەم» يىگىرمە بەش ياش چاغلار ئىدى . چارىدا دەريا ، كۆل سۈيى ئۆرلەپ كېتىپ يەرلەر زەئىپلىشىش ئاپىتى بولغاندا ، ئۇنىڭ ئائىلىسى بىلەن يەنە تۆت ئائىلە تارىم دەرياسىنى بويىلاپ تۆۋەنگە قاراپ ماڭا - ماڭا ياداڭلىق ئەتراپىدىكى يىڭى قۇرۇق ئېقىن بويىغا كېلىپ توختاپ قېلىشتى . ئۇ چاغدا ئېقىندا سۇ بار ئىدى . ئېقىننىڭ ئىككى قاسنىقى بۆك چاتقاللىق بولۇپ ، توغراق يوق ئىدى . ئۇنىڭ ئاتىسى ئۇستا مەرگەن ، تونۇلغان ئوۋچى ئىدى . ئاتىسى چارىنى كۆرۈپ كېلىشكە كەتكەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە ، ئۇ ئاتىسىنىڭ شىراقلىق مىلتىقى بىلەن ئوقياسىنى ئېلىپ ، غونان تېيىغا[1] مىنىپ بىرەر چوڭراق ئىلۋەسۇن ئوۋلاپ كېلىش مەقسىتىدە ئالدىنقى بىر قېتىمدا ئاتىسى بىلەن بارغان ئېقىننىڭ ئۇستۇن تەرىپىنى نىشانلاپ ماڭدى . ئۇ چۇشكە يېقىن بىر قويۇق چاتقاللىققا كەلدى . ئۇ بۇ يەردە قانداق چوڭ ھايۋانلارنىڭ بارلىقىنى بىلمەيتتى . يەردىكى

---

[1] غونان تاي — ئىككى ياشلىق تاي .

ئىزلارغا قاراپ بۇ يەردە جەرەن بار ئىكەن ، دېدى ئىچىدە . جەرەن‌ـ
لەرنىڭ ئېقىنغا سۇ ئىچكىلى كېلىش ئېھتىمالى بولغان جاينى
تېپىپ ، دالدىلىق ياسىغىلى بولغۇدەك يەر تاللىغىلى ئەتراپقا كۆز
يۈگۈرتۈپ ، ئېقىنغا يېقىن بىر چاتقاللىق ئارىسىدىكى بىر نۆچەنى
كۆردى . يېقىن كېلىپ كۆرۈپ بۇ يەرگە بۇ يىللاردا ئاياغ بېسىلمى‌ـ
غانلىقىنى بىلدى ، چۈنكى نۆچەنىڭ ئىچىنى يۇمران ئوتلار بېسىپ
كەتكەن بولۇپ ، ھېچبىر چەيلەنمىگەنىدى . ئۇ ئىچىگە كىرەيمۇ ـ
كىرمەيمۇ ، دېگەن دېلىغۇللۇقتا ئەتراپقا قارىۋېتىپ ، «قېنى ئىگى‌ـ
سى كېلىپ قالسا بىر گەپ بولار[1] »دەپ ئويلىدى .

ئۇ نۆچەنىڭ ئىچىگە كىرىپ ئېقىن بويىنى ئوچۇق ، ئېنىق
كۆزىتىپ تۇرغىلى بولىدىغان جاينى تاللاپ ئوبدان جايلىشىپ ئول‌ـ
تۇردى . ئوقياسىنى بىر يېنىغا قويۇپ ، مىلتىقنى قايتىدىن سۇم‌ـ
بىلاپ تازىلىدى ، ئوقلاپ ، تەپكىسىگە ئۆزى ياسىغان پۇرۇخنى[2]
قىستۇرۇپ تەق قىلىپ قويدى . توشقان ياكى بىرەر ئۇچار قۇش
كەلسە ئوقيادا ئېتىشنى ، چوڭراق ھايۋان كەلسە مىلتىقتا ئېتىشنى
كۆڭلىگە پۈكۈپ ئولتۇردى .

ئاردىن ئانچە ۋاقىت ئۆتمەي بىر توشقان ئېقىن بويىغا كەل‌ـ
دى ، ئەلەڭلەپ ئەتراپقا قارىۋېتىپ سۇ ئىچكىلى ئېڭىشتىيۇ ، بېشى‌ـ
نى كۆتۈرگىنىچە پارت قىلىپ قېچىپ چاتقاللىققا كىرىپ كەتتى .
ئۇ توشقاننىڭ نېمىدىن ئۈركۈپ قاچقىنىنى بىلەلمەي ئېقىننىڭ ئۇ
تەرىپىگە قارىغانىدى ، چاتقال ئارىسىدىن چىقىپ سۇغا قاراپ كېلى‌ـ
ۋاتقان بىر يولۋاسنى كۆردى ، يۈرىكى «جىغ »
قىلىپ قالدى . ئاڭغىچە يولۋاس مۈشۈ ئەتراپنىڭ بىردىنبىر خوجى‌ـ
سى بولغاچقا ، ھېچبىر خەۋپسىرىمەي سۇ بويىغا كەلدى . «دېۋە
ئادەم» يۈرىكىنى توختىتىۋېلىپ يولۋاسنى ئېتىش خىيالىغا كەل‌ـ
دى . ئۇنىڭ بىلەن ئېقىننىڭ نېرىقى قېشىنىڭ ئارىلىقى كۆپ بولسا

---

[1] لوپنۇرلۇق ئوۋچىلارنىڭ ئەنئەنىسىدە بىر ئوۋچى دائىم كېلىدىغان جايغا باشقا بىر ئوۋچى كېلىپ ئوۋ قىلىش يوق ، بۇنداق قىلمىقنى بەك ئېغىر ئالىدۇ . بىر ئوۋچى ياسىغان نۆچەدىن باشقا بىرسى پايدىلىنىش تېخىمۇ يوق .

[2] پۇرۇخ — مىلتىق دورىسى .

يۈز قەدەم كېلەتتى . بۇنچىلىك ئارىلىقتىكى يولۋاسنى ئاتماق ئۇنىڭغا ھېچ گەپ ئەمەس ئىدى . يولۋاس سۇ ئىچكىلى ئېڭىشتى . «دىۋە ئادەم» قولىغا مىلتىقنى ئالدى . يولۋاسنىڭ مېڭىسىنى چېنەپ تەپكىنى باساي دېگەندە ، بىر قول ئۇنىڭ مۈرىسىنى يېنىك ئىككى قېتىم بېسىپ قويدى . ئۇ چۆچۈپ كەينىگە قاراپ ، تۆپىلىكى ئېگىزرەك كىگىز قالپاق كىيگەن ، ئاپئاق ساقىلى مەيدىسىنى يېپىپ كىندىكىگىچە چۈشۈپ تۇرغان بىر بوۋاينى كۆردى . بوۋاي بىگىز بارمىقى بىلەن ئاغزىنى بېسىپ : «ئاۋاز چىقارما» دېگەن ئىشارىنى قىلدى . ئاڭغىچە يولۋاس ئىچىدىغان سۇيىنى ئىچىپ بايىقى بەخىرامانلىقىچە مېڭىپ چاتقاللىقىقا كىرىپ كەتتى .

— ئاشۇ يولۋاسنى ئاتماقچىمىدىڭ ؟

«نەدىكى بىر قېرى» نىڭ ئۇنى تەستە ئۇچرايدىغان بىر ياخشى ئولجىدىن قۇرۇق قويغىنىغا «دىۋە ئادەم» نىڭ غۇززىدە ئاچچىقى كەلدى .

— ئۇ بىر يىرتقۇغۇ[1] ، ئاتسام بولمامتى ؟

— ھەقىقىي ئەر بولساڭ يولۋاسنىڭ ئەركىكىنى ئات ، كۆرمىدىڭمۇ ئۇنىڭ قورسىقىنى ؟

ھازىرغىچە ھېچكىم ھەتتا پولگان ، ئوۋچىلىقتا قاتتىق قول ئاتىسىمۇ ئۇنىڭغا بۇنداق كەسكىن ، قاتتىق گەپ قىلىپ باقمىغاندى . «ھەقىقىي ئەر بولساڭ» ، بۇ گەپ ئۇنىڭ جان جېنىدىن ئۆتۈپ يۈرىكىگە تېگىپ ، ئۇنى لاسسىدە بوشىتىپ قويدى .

— ئۇ بوغازمىكەن ؟

— نۆچەدىن چىق ، نېرىغا بېرىپ پاراڭلىشايلى ، — دېدى بوۋاي .

«دىۋە ئادەم» مىلتىق ، ئوقياسىنى ئېلىپ نۆچەدىن چىقىپ بولغۇچە بوۋاي كەينىگە ئۆرۈلۈپ ماڭدى . «دىۋە ئادەم» ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئەگەشتى . بوۋاينىڭ قولىدا بىر ئوقيا بار ئىدى . بوۋاي ئېتىنىڭ يېنىغا كېلىپ كەينىگە قارىماي تۇرۇپ :

---

[1] يىرتقۇ — يىرتقۇچ .

— ئېتىڭنى ئېلىپ كەل، — دېدى.

«دىۋە ئادەم» كەسكىن سۆزلۈك بوۋاي ئالدىدا ياۋاش ئىتائەتمەنگە ئايلىنىپ قالغانىدى، لام ـ جىم دېمەي بېرىپ ئېتىنى باغلاپ قويغان يەردىن ئېلىپ كەلدى. بوۋاي ئېتىغا مىنىپ بولۇپ:

— سەنمۇ ئېتىڭغا مىن، — دەپ قويۇپ ئېتىنى ماڭدۇرۇپ كەتتى.

شۇنچە ياشنىپ قالغىنىغا قارىماي بوۋاينىڭ ئات مىنگەندىكى ياش يىگىتتەك چەبدەسلىكىگە ئۇ ھەيران قالدى ھەم ئۇنىڭغا زوقى كەلدى. بوۋاي توق رەڭلىك جەدە مىنگەن بولۇپ، قۇيرۇقى يەرگە تېگىپ ـ تېگىپ تۇراتتى، يالىمۇ بوينىنى تولۇق يېپىپ تالقىنىپ ـ يېيىلىپ تۇراتتى. ئاتنىڭ سۆڭگىچىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى خوددى ياساپ ـ چېكىپ قويغاندەك ياڭاقچىلىك ئاق بىلەن پېشانىسىدىكى شۇنچىلىك چوڭلۇقتىكى ئاپئاق قاشقا ئاتقا ئالاھىدە ئىسكەت، سۈلەت بېغىشلاپ، ئادەمگە ئالامەت ئۇز، كۆرۈملۈك كۆرۈنەتتى. ئات پات ـ پات بېشىنى كۆتۈرۈپ، قۇلىقىنى دىڭ قىلىپ، ئەتراپقا سەزگۈرلۈك بىلەن قاراپ قوياتتى. «ئېتىنى بۇنچىلىك ئۆگىتىۋەتكىنىگە قارىغاندا بۇ بوۋاي بوش ئادەم ئەمەستەك قىلىدۇ» دېگەنلەرنى ئويلىدى «دىۋە ئادەم». ئۇلار گەپمۇ قىلىشماي مېڭىپ يۇلغۇن، يېكەن ۋە باشقا شاخ ـ شۇمبىلار بىلەن ياسالغان بىر ساتما ئالدىغا كېلىپ ئاتلىرىدىن چۈشتى. ساتمىدا قۇمغا كۆمۈپ پىشۇرغان ئىككى توشقان گۆشى ئىسسىقلىق تۇراتتى. بۇنى بوۋاي بىرىنى يەپ، بىرىنى ئېلىپ كېتىش ئۈچۈن پىشۇرغانىدى. توشقانلارنى ئىككىسى ئولتۇرۇپ بىردىن يېيىشتى، سۇ قاچىسىدىكى ئۇسالىقتىن ئىچىشتى.

— يولۋاسنى يىرتقۇ دېدىڭ، راست، يولۋاس يىرتقۇ، ئەمما ھەرقانداق بوغاز مالنى ئاتماسلىق، ئۆلتۈرمەسلىك كېرەك، — بوۋاي يولۋاس توغرىسىدا گەپ باشلىدى، — بوغاز مالنى ئۆلتۈرسەڭ، تۇغۇلمىغان بالىلىرىنىڭ قىساسىغا قالىسەن. بۇ ئەتراپتا قانچىلىك يولۋاس بار بىلەمسەن؟ ئىلگىرى جىق ئىدى. ئادەملەر

ئىتتىپ ـ ئىتتىپ ھازىر ئارانلا بىر جۈپ قالدى . بايىقى بوغاز يولۋاسنى ئىتتۆەتكەن بولساڭ ، بۇ ئەتراپتىن يولۋاسنىڭ ئۇرۇقى قۇرۇمامدۇ . ئۇ يىرتقۇ بولسىمۇ ، ئۆزىنىڭ يەيدىغىنىنى يەيدۇ .

«دىۋە ئادەم» بوۋاينىڭ يولۋاسنى ئۆلتۈرمە ، دېگىنىنىڭ سە-ۋەبلىرىنى چۈشەنمىسىمۇ ، «بالىلىرىنىڭ قىساسى تۇتىدۇ» دېگىنى ئۇنى ئويلاندۇرۇپ قويدى .

بوۋاي يولۋاس توغرىسىدىكى گېپىنى يۆتكەپ :

— سەن كىمنىڭ بالىسى ، ئۇتىقىڭلار نەدە ؟ — دەپ سورىدى .

«دىۋە ئادەم» چارالىق ئىكەنلىكىنى ، نېمە سەۋەبتىن بۇ ئەت-راپقا كۆچۈپ كېلىپ قالغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى .

بوۋاي ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ ، خىيالغا چۆكۈپ ئولتۇرۇپ كەتتى .

— يەنە شۇ كۆچۈش ، توختىمايدىغان ، تۈگىمەيدىغان كۆ-چۈش ، — بوۋاي ئۆزىگە سۆزلەۋاتقاندەك گېپىنى داۋاملاشتۇرۇپ مۇنۇلارنى دەپ بەردى :

بوۋاي يېقىندا بىر چۈش كۆرۈپتۇ . چۈشىدە جەمەتىنىڭ تۇنجى ئەجدادى ئايان بولۇپ مۇنداق دەپتۇ : «ئىسمىم قالاچ ، مەندىن كېيىن نۇرغۇن ئەۋلاد ئۆتتى . شۇلارنىڭ ئىچىدە توققۇزىنىڭ ئىس-مى قالاچ بولدى . سەن توققۇزىنچىسى . ئۇلار ئىسمىمغا ۋارىسلىق قىلغىنى بىلەن قىلغان ـ ئەتكەنلىرىمگە ، ئىستەك ـ تىلەكلىرىم-گە ، ئەڭ مۇھىمى روھىمغا ۋارىسلىق قىلمىدى . ئۆزلىرىنىلا ئويى-لىدى ، ئۆزلىرى ئۈچۈنلا ، ئۆز جەمەت ، ئۆز توپى ئۈچۈنلا ياشىدى . كېيىنكى ئەۋلادلارغا ئۆتكەنسېرى ئۆزلىرىنىڭلا غېمىدە بولۇشۇپ قۇم ـ تېرىقتەك چېچىلىشىپ ، يېقىن قوشنا ـ قېرىنداشلىرىنىڭمۇ ئەھۋالىنى بىلىشمەي ياشاپ ئۆتتى . سەنمۇ شۇنداق ياشاپ كەلدىڭ . ئەمدى قەبىلە ـ يۇرتۋازلىقا ، ھەركىم ، ھەر ئائىلە ، ھەر جەمەت ئۆزلىرى ئۈچۈنلا ياشاشقا بەس ! دە ! ئەتراپىڭدىكىلەرگە ھەم باشقى-لارغىمۇ ئېيت ، يۇرت بولۇشۇپ ، ھەمدەملىشىپ ، بىر ياقىدىن باش ، بىر يەڭدىن قول چىقىرىپ ، بارنى تەڭ كۆرۈپ ، يوقنى تەڭ

يارىتىپ ئۆتۈڭلار ...»

كۈندىلىك ئوزۇقىنىڭ غېمىنى كۈندە قىلىشتىن باشقىنى ئويلىمايدىغان «دىۋە ئادەم»گە بوۋاينىڭ گەپلىرى چۈشىدە ئاڭلاۋاتقاندەك شۇنچە غۇۋا، مەۋھۇم، شۇنچە چۈشىنىكسىز تۇيۇلسىمۇ، «ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزنىڭ ئىزىنى، روھىنى تاشلىمايلى» دېگەن سۆزى خاتىرىسىگە ئورناپ قالدى.

بوۋاي: «قالاچ بوۋا!» دەپ ئويغىنىپ كېتىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئولتۇرسا ـ قوپسا خىيالدىن باش كۆتۈرمەيدىغان، ئىچىگە تىنىپ، ئۆزىچە ئازابلىنىپ يۈرىدىغان بولۇپ قاپتۇ. مەھەللىداشلىرىنىڭ ئېيتىشىچە، ئۆزى يالغۇز ئاتلىق چىقىپ كېتىپ قۇملۇقنى، قۇم دۆۋىلىرى، يارداڭلىقلارنى ئارىلايدىغان، نېمىدۇر بىر ـ نېمىلەرنى ئىزدەيدىغان بولۇپ قاپتۇ.

ئوماق «دىۋە ئادەم» نىڭ قالاچ بوۋا توغرىسىدىكى گەپلىرىنى ئاڭلاپ، بوۋاينىڭ: «سېنىڭ تۆمۈرۈڭ — كېيىنكى بالاڭ كارامەتلىك ئادەم بولىدۇ، ئەجدادلارنىڭ ئۇنتۇلغان، ئۆچكەن ئىزلىرىنى تاپىدۇ» دېگەنلىرىنى ئەسلىدى. «ھەي، مۇنۇ ئادەم بىلەن بالدۇرراق ئۇچراشقان بولسام، قالاچ بوۋايدىن جىق نەرسىلەرنى سوراپ، كۆپ ئىشلارنى بىلىۋالاركەنمەن» دەپ ئەپسۇسلىنىپ قالدى. بوۋايدىن ئىسمىنى، قالاچ، قالۇچى بوۋىلىرىنىڭ ئىسمى ھەم ئۇلارنىڭ كېيىنكى قىسمەتلىرىنى سورىغاندا، يىراق ئۇپۇققا ئۇزۇندىن ـ ئۇزۇن قاراپ، خىيالغا چۆكۈپ، جاۋابتىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ گەپنى ئەگىتىپ مەجھۇل جاۋاب بېرىشىنىڭ، قانداقتۇر بىر ئىچكى ئازابتا ئىچىگە تىنىپ كېتىشىنىڭ سەۋەبىنى بىلگەندەك بولدىيۇ، ئەمما سەۋەبىنىڭ نېمىلىكىنى بىلمىدى. «ئەجداد» دېسە، ئۇ ئاتىسىنىڭ ئاتىسىنى، بوۋىسىنى، نېرىغا بارسا چوڭ بوۋىسىنىلا كۆز ئالدىغا كەلتۈرەتتى. ئۇ يەنە ئويلاپ قالدى: «راست، مەن بوۋىلىرىمنىڭ تېگى ـ تەكتىنى، قىسقىسى ئۇلارنىڭ قەبرە ـ تۇپرىقىنىڭ نەدىلىكىنى بىلمەنمۇ؟ ياق، بىلمەيمەن. پەقەت چوڭ بوۋامنىڭ كىملىكىنى، ئۇنىڭ قاراقوشۇنلۇق ئىكەنلىكىنىلا بىلىمەن، ئەمما نېمە

ئۇچۇن قاراقوشۇن دەپ ئاتىلىدىغانلىقىنىمۇ بىلمەيمەن ، بىلىشنىمۇ ئويلاپ باقماپتىمەن . قالاچ بوۋاينىڭ دېگىنى توغرىكەن : بۇ يۇز-سىزلىك ، تۇزكورلۇق ئىكەن . مۇشۇ قىتىمقى كۆچۈپ چىقىشىممۇ يۇرت نېمە بولسا بولسۇن ، ئۆزۈمنىڭ جېنىنى ساقلاي ، دېگەنلىك ئىكەن . مۇشۇنداق كېتىۋەرسەك ، كېيىن توختاق ، تۆمۈرلەرمۇ مېنىڭ ، ئانىسىنىڭ ئىز - تۇپراقلىرىمىزنى تاشلىۋەتكۈدەك ... »
ئوماق قالاچ بوۋاينىڭ گېپىنى ئويلىغانسېرى خىيالغا چۆكمەكتە ئىدى ...
ئوماق تۇرۇپلا ئالدىدا تۇرغان «دىۋە ئادەم»گە قىزىقىپ قال-دى . بۇ زادى نېمە ئادەم؟ ئىسمى نېمە؟ بۇ توغراقلىقتا ئۆزى يالغۇز نېمىش قىلىدۇ؟ ئۇنىڭ مۇقىم تۇتۇقلۇق تۇرالغۇسى يوقمۇ؟ ئوماق خىيالىغا كەچكەن سوئاللارنى ئۇنىڭدىن سورىدى . «دىۋە ئادەم» مىيىقىدا كۈلۈپ قويۇپ :
— قىزىقساڭ ، بولىدۇ سۆزلەپ بېرەي ، — دېدى .
«دىۋە ئادەم» نىڭ بەزى كەچمىش - ھېكايىلىرى چۆچەكلىرىدىكى ئەپسانىگىمۇ ئوخشاپ قالىدۇ ، قىزىقارلىق . قېنى بىر-لىكتە ئاڭلايلى .

## 4

ئۇنىڭ ئەسلىي ئىسمى جەپەر ئىدى .
ئۇنىڭ يۇرتىنى چارا دېدۇق . كۆنچى ، كۈزلەك ، تىكەنلىك ، دۆرال ، ئابداللارغا ئوخشاش ، چارىمۇ لوپ دالىسىدىكى چوڭ يۇرت-لارنىڭ بىرى . ئۇلارنىڭ ھەرقايسىسىنىڭ ئەتراپىدا بىرنەچچىدىن كىچىك مەھەللە بار . بۇ مەھەللىلەرنىڭ ئادەملىرى يۇرتىنىڭ نامى-نى شۇ چوڭ يۇرت نامىدا ئاتىشىپ كۈزلەكلىك ، چارىلىق... دېيىشىدۇ . «دىۋە ئادەم» — جەپەر چارا ئەتراپىدىكى تېيىزكۆل مەھەللىسىدە تۇغۇلغان . تېيىزكۆل مەھەللىسى باشقا مەھەللىلەرگە قارىغاندا چارىغا يىراقراق ، چوڭ يولدىن چەتتە بولۇپ ، باردى -

كەلدى قىلىدىغانلار بىرە ـ بىرە چىقىپ قالاتتى . ئادەملەرنىڭ تولىسى بېلىقچىلىق ، قوشۇمچە ئوۋچىلىق بىلەن شۇغۇللىناتتى . ئىنتايىن ئاز بىر قىسىم ئائىلىلەرلا بېلىقچىلىق ، ئوۋچىلىق قىلىـ غاندىن باشقا ئاز ـ تولا تېرىقچىلىقمۇ قىلىپ قوياتتى . ئۇلارنىڭ تېرىيدىغىنى كۆپىنچە تېرىق بىلەن قوناق ئىدى . چەپەرنىڭ ئائىلىـ سى بېلىقچىلىق ، ئوۋچىلىق بىلەنلا ھەپىلىشىپ يۈرىدىغانلاردىن ئىدى .

چەپەر تۇغۇلغاندا ئاتىسى مەھەللىدە ئەمەس ئىدى . «خوتۇنۇم سەگدىسە ئۇنى يېڭى بېلىق گۆشى ، يېڭى بېلىق شورپىسى بىلەن باقمىسام بولمايدۇ» دەپ مەخسۇس خوتۇنىغا ئاتاپ بېلىق تۇتقىلى كەتكەنىدى . ئۇ بالا تۇغۇلۇپ ئىككىنچى كۈنى قايتىپ كەلدى . ئانا ـ بالىنىڭ تەلىيى بار ئىكەن ، تۇتۇپ كەلگەن بېلىق كۆپ بولۇپلا قالماي ، چوڭ ـ چوڭ بېلىقلار ئىدى . تۇنجى بالىسىنىڭ ئوغۇل بولغانلىقىدىن ئاتىسىنىڭ خۇشاللىقتا بېشى كۆككە تاقاشقانـ دەك بولدى . بېلىقلار ئارىسىدىن ساقىقى[1] قىپقىزىل بېلىقتىن ئىككىنى تاللاپ ئۆز قولى بىلەن پىشۇرۇپ كىچىكرەك كاسا[2] غا ئېلىپ ، شورپىسىنى ئايرىم قاچىغا ئۇسۇپ خوتۇنىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كىلىپ :

— يېڭى بېلىق گۆشىنى يەپ ، شورپىسىنى كۆپ ئىچىپ بەرسە سۈت جىق چىقىدۇ دەيدۇ . قېنى يېگىن ، — دېدى خوتۇنىغا ۋە كاسىدىكى بېلىقنىڭ بىرىنى قۇيرۇقىدىن تۇتۇپ كۆتۈرۈپ تۇـ رۇپ يېنىك ـ يېنىك سىلكىۋىدى ، بېلىق گۆشى كەمچۈكلىنىپ ، پولۇ يېگەندەك ئوچۇم ـ كاپاملاپ يېگۈدەكلا بولدى .

— سەنمۇ يە ، — دېدى ئايال ئېرىگە .

— سەن يەپ تۇر ، مەن شورپىنى سوۋۇتاي ، بۇ بېلىقلارنى سەن ئۈچۈن ، بالىمىز ئۈچۈنلا تۇتۇپ كەلدىم ، — دېدى ئەر .

ئەگەر بالىسى جان بىلەن چوڭ بولىدىغان ئىش بولسا ، ئوغلىـ

---

1 ساقاق — بېلىقنىڭ بېشىنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى نەپەس ئەزاسى (قىزىل ، قات ـ قات) .

2 كاسا — ياغاچتا ئويۇپ ياسالغان تەلەگگە ، جاۋۇر ، داس .

نىڭ تېزرەك چوڭ بولۇشى ئۈچۈن ئۇ ئۆز جېنىنىمۇ ئاغالاپ[1] بېرىۋېتىشكىمۇ تەييار ئىدى . ئۇ ئوغول بوۋىقىدىن شۇ قەدەر خۇشال ئىدى .

ئۇ چاغدا ئۇنىڭ مەھەللىسىدە قۇرئاننىڭ ئەڭ قىسقا بىرەر سۈرىسىنى ياكى بىرەر ئايەتنى تولۇق ئوقۇيالايدىغان كىشى يوق ئىدى . ھەتتا «بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم» نىمۇ «بىسمىللارەھىم» دەپلا تۈگىتەتتى . بار - يوقى بىلىدىغىنى «ئاللا ئەكبەر ، بىسمىللارەھىم» لا ئىدى . بالا تۇغۇلۇپ ئۈچىنچى كۈنى مەھەللىدىكى بىر مويسىپىت تورقا - چىگە تالاسى بىلەن يۇڭ ئارىلاش توقۇلغان زاكىغا ئورالغان بوۋاقنى :

بىسمىللا ، ئاللا ئەكبەر ،
بوۋاقنى[2] ئاتى جەپەر .
ئوۋچى بول ، بالىقچى بول ،
ساڭا كەلمەسۇن خەتەر .
ئۆزۈن قىلسۇن ئۆمرۈڭنۇ[3] ،
ئەل - مەلەڭگە جانىڭ بەر .

دەپ قوشاق ئوقۇپ پالاس سېلىنغان سۇپىدا ئۈچ قېتىم دۈملاتتى . شۇنىڭ بىلەن بوۋاقنىڭ مۇبارەك ئىسىم - جونى جەپەر بولدى . جەپەر ئاتا - ئانىسىنىڭ گۆھىرى ئىدى . ئۇ بەش - ئالتە ياشقىچە تاپىنى يەرگە تەگمەي دېگۈدەك ئاتا - ئانىسىنىڭ بوينىدىن چۈشمەي ئۆستى . شۇنىڭدىن كېيىنمۇ ئەتىۋارلىنىپ ياغ ئىچىدىكى بۆرەكتەك قاتتىق - يىرىكنى كۆرمەي ئون ياشقا كىردى . ئۇ ئون ياشقىچە ئۆز ئىسمى جەپەر دېگەن ئىسىم بىلەن ئاتالدى . يېشى

① ئاغالاپ — ھۆرمەتلەپ ، ئىززەتلەپ ؛ بېغىشلاپ ، ئاتاپ .
② لوپنور دىئالېكتىدا ئىگىلىك كېلىش بىلەن چۈشۈم كېلىش بىر قوشۇمچە «نى» بىلەنلا ئىپادىلىنىدۇ . بۇنداق ھالەت كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزدا قىسمەن ئۇچرايدۇ .
③ لوپنۇر دىئالېكتىدا لەۋلەشكەن تاۋۇشلۇق سۆزلەرگە 3 - شەخس قوشۇمچىسى ئۇلانغاندا قوشۇمچىلارمۇ لەۋلەشكەن تاۋۇشلۇق بولىدۇ . يول - يولۇ (يولى) قول - قولۇ (قولى) ، قۇيرۇق - قۇيرۇقۇ (قۇيرۇقى) … غا ئوخشاش .

ئۇندىن ھالقىغاندىن باشلاپ مەھەللە ئەتراپىدىكى قۇم دۆۋىلىرىگە
يامىشىش ، دومىلاش ، يۇگۇرۇشلەردە ، ئۇجۇل يىغىملىرىدا ۋە قاد-
داقلا ئىش قىلمىسۇن چاققان ، چەبدەسلىكى بىلەن كۆپچىلىكنىڭ
دىققىتىنى تارتتى ، ئۇلارنىڭ ئاغزىغا چىقىپ قالدى . جەپەر دېگەن
ئىسمى چاققان ، چەبدەس مەنىسىدىكى «چەپەر» گە ئۆزگەردى .
كۆپچىلىكنىڭ ئۇنى «چەپەر» دەپ ئاتىشىدىن ئاتا - ئانىسىنىڭ
زوقى تېشىپ ، ئۇلارمۇ ئوغلىنى ئەركىلىتىپ : «چەپەر ، چەپىرىم»
دەپ ئاتايدىغان بولدى . ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ بۇ ئەركىلەت-
مە ئىسىم ئۇنىڭغا ئۆز ئىسمىدەك سىڭىپ كېتىپ ، «چەپەر» دەپ
ئاتىلىپ ، ئەسلىدىكى ئۈچ قېتىم دومىلىتىپ قويغان ئىسمى
ئۇنتۇلدى .

ئۇنىڭ ئاتىسى چارا بويىچە تونۇق ئوۋچى ئىدى ، بولۇپمۇ ئىز
قوغلاپ ئوۋلاش جەھەتتە مەشھۇر ئىدى . ئۇنىڭ ئالدىدىن قېچىپ
كەتكەن ھەرقانداق بىر ئىلۋەسۇن ، ئۇنىڭ ئوۋىغا ئايلانماي قالمايت-
تى ، كۆنلەپ - كۆنلەپ ئىز قوغلاپ يۈرۈپ ئۇ مالنى ھامان
ئوۋلىۋالاتتى . ئۇ بۇ جەھەتتە ئۆزىگە شۇنچىلىك قاتتىق قول ئىدى-
كى ، ئىز قوغلىغان مالنى ئوۋلىمىغۇچە باشقا مال ئۇچرىسىمۇ ئۇنى
ئوۋلىمايتتى .

چەپەر ئون ياشقا كىرگەندىن باشلاپ ئاتىسى ئۇنى كۆزى ،
قۇلىقى پىشسۇن ، يىراق - يېقىن جايلار بىلەن تونۇشۇۋالسۇن ،
كېيىنى قانداق تاپاشنى ، گۆلمەنى قانداق چۈۋۈشنى[1] ، سانجىغاق
ۋە مانجارنى قانداق ئىشلىتىشنى ئۆگىنىۋالسۇن دەپ ئۆزىگە ئەگەش-
تۈرۈپ ئوۋغا ، بېلىق تۇتۇشلارغا بىللە ئېلىپ چىقىدىغان بولدى .
دەسلەپكى بىر - ئىككى قېتىملىق ئوۋ ئۇنىڭغا ئويۇندەك تۇيۇلۇپ ،
بۇ ئىشقا قىزىقىپلا قالدى . ئاتىسىنىڭ ئوۋغا چىقىدىغانلىقىنى ئاڭ-
لىسىلا ئېتىنى توقۇپ تەييار بولۇپ تۇرىدىغان بولدى . ناۋادا ،
ئاتىسى ئىككى ھەپتە ئىچىدە ئوۋغا چىقماي قالغۇدەك بولسا ، «نې-
مىشقا ئوۋغا چىقمايمىز ؟» دەپ ئاتىسىدىن سورايدىغان بولدى .

---

[1] چۈۋۈش      تور يېيىش .

بالىسىنىڭ ئۇۋغا بۇ قەدەر ھەۋەس قويۇپ قالغانلىقىدىن خۇش بولغان ئاتىسى ئۇنىڭغا ئويۇنچۇق ئورنىدا بىر ئوقيا ياساپ بەرگەندى، بۇ ئۇنىڭ تازا كۆڭلىدىكىدەك ئىش بولدى. دەسلەپ بىرەر نەرسىنى قارا قىلىپ چېنەپ ئېتىپ ئۆگەندى، ئاندىن كېيىن قوشقاچ قاتارلىق نەرسىلەرنى ئېتىپ يۈرۈپ، تەڭ دېمەتلىكلىرى ئىچىدە پىششىق، ماھىر ئوقياچى بولۇپ قالدى. ئاتىسى ئۇنى: «ئۇزۇنغا قالماي مېنى بېسىپ چۈشكۈدەك ئوقياچى بولىدۇ» دەپ پەخىرلىنىپ تەرىپلەيدىغان بولدى ھەم يېقىن ئەتراپتىكى توشقان، غاز، ئۆردەك قاتارلىقلارنى ئېتىشنى ئۇنىڭغا قويۇپ بېرىدىغان بولدى. تەگكۈزەلىسە ياخشى، تەگكۈزەلمەي قالسىمۇ ھېچقىسى يوق، ئوقيادىن ئاۋاز چىقمىغاچقا، ئۇ نەرسىلەر ئۈركۈپ ئۇچۇپ كەتمەيدۇ، ئۇچسىمۇ يىراققا كەتمەيدۇ، ھامان ئېتىۋالغىلى بولىدۇ. ئەمما، چەپەرنىڭ ئۈزگەن ئوقى تەگمەي قالىدىغان ئەھۋال كەمدىن ـ كەم كۆرۈلەتتى.

بىلىق تۇتۇش، بولۇپمۇ كېمىدە تۇرۇپ گۆلمە چۆۋۈش، بىلىققا سانجىغاق سانجىش ئۇنداق ئاسان ئەمەس. كېمە تايغاندا ئۆزىنى ئوبدان دەڭسىۋالمىسا كېمە ئۆرۈلىدۇ، ئۆرۈلمىگەندىمۇ غايقاڭلاپ كېمىنى تايغىلى بولمايدۇ. بۇنداق چاغدا گۆلمە چۆۋۈغىلىمۇ، سانجىغاقنى نىشانغا دەل ئاتقىلىمۇ بولمايدۇ. يەنە تېخى سۇنىڭ ئوي ـ تېرەنلىكىنى، بىلىقلارنىڭ ھەرىكەت ھالىتىنىمۇ توغرا ئىگىلەش كېرەك ھەم سايىنىڭ قايسى تەرەپتىن چۈشۈشىنىمۇ بىلىش كېرەك. بۇلارنىڭ بىرەرسىگە سەل قارالسا، بىلىق تۇتۇش دېگەن سۇغا چىلىشىدۇ. بىلىق تۇتۇش ئۇچۇن بىلمىسە بولمايدىغان بۇنچىۋالا كۆپ ئىشلار ئۇنىڭ كىچىككىنە كاللىسىغا سىغمىدى، ئاز بىر قىسمىنىلا بىلىۋالالىدى، كۆپلىرى ئۇ قۇلىقىدىن كىرىپ بۇ قۇلىقىدىن چىقىپ كەتتى.

— بۇ ئىشلار كېيىن ئۆزۈڭگە ئەسقاتىدۇ، بىلمىسەڭ بولمايدۇ، كۆڭۈل قويۇپ ئۆگەن، — دەپ قويدى ئانىسىمۇ بىر كۈنى.

— بىز تارىملىقلار بىلىق بىلەن جان باقىمىز. بىلىق تۇتۇشنى

بىلمىگەن تارىملىق جېنىنى جان ئېتەلمەيدۇ، — دېدى ئاتىسى قاتتىق تەگدۇرۇپ.

ئۇ بىر كۈنى ئاتىسىنىڭ گۆلمىدە بېلىق تۇتۇشقا ياردەملەشكىلى چىقىپ، دىققەتسىزلىكتىن زادى ئېسىدىن چىقمايدىغان بىر ئاۋارىچىلىككە ئۇچراپ تاس - تاماس قالغان بىر كۆزىدىن ئايرىلىپ قالغىلى. ئاتىسى گۆلمىدىن چىقىرىپ كېمىگە تاشلىغان بېلىقلارنىڭ پىلتىڭلاپ قايتا سۇغا چۈشۈپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن چەپەر مايتۇچاق[1] بىلەن ئۇدۇللۇق بېلىقلارنىڭ بېشىغا ئۇرۇپ ھوشسىزلاندۇرۇپ تۇردى. چوڭراق بىر بېلىقنىڭ بېشىغا ئۇرماقچى بولغاندا، بېلىق پىلتىڭلاپ بىر سەكرىۋىدى، بېلىقنىڭ قۇيرۇقى چەپەرنىڭ كۆزىگە پاقىدە تەگدى. ئۇ: «ۋايجان!» دەپ كۆزىنى تۇتقىنىچە ئولتۇرۇپ قالدى. ئاتىسى گۆلمىنى تاشلاپ چەپەرنىڭ يېنىغا كېلىشىگە كېمە غايقاڭلاپ كېتىپ ئىككىلىسى سۇغا چۈشۈپ كەتتى. چەپەر بىر قولىدا كۆزىنى تۇتۇپ تۇرۇپ، يەنە بىر قولىدا پالاقلاپ يۈرۈپ كېمىنىڭ گىرۋىكىنى تۇتتى. كېمە شۇئان تەڭپۇڭلۇقىنى يوقىتىپ سىڭايان بولۇپ دۈم كۆمتۈرۈلۈپ كەتتى. گۆلمە، بېلىقلار سۇغا چۈشۈپ كەتتى. چەپەرنىڭ ئۆزى كېمىنىڭ ئاستىدا قالدى. ئاتىسى دەرھال كېمىنى ئوڭدا قىلىپ، چەپەرنى كۆتۈرۈپ قىرغاققا ئېلىپ چىقتى. چەپەرنىڭ ھېلىقى كۆزىنىڭ ئەتراپى كۆكىرىپ ياڭاقتىن چوڭراق ئىششىپ چىققانىدى. چەپەرنىڭ ئاتىسى كېمىنى غارغالتىغا ئاپىرىپ باغلاپ قويۇپ، ئۇنى ئېلىپ ئۆيگە قايتتى. چەپەرنىڭ كۆزى ئۇنى يىگىرمە كۈندەك ئاۋارە قىلىپ ئەستە ساقايدى. چەپەر شۇنىڭدىن كېيىن كېمە تاياشقا قىزىقىسمۇ، بېلىق تۇتۇشقا قىزىقمايدىغان بولۇپ قالدى.

چەپەرنىڭ ئۈچىلىق تارىخىدا بولۇپ ئۆتكەن ئاجايىپ ئۈچ ئىش ئۇنىڭ ئېسىدىن ھەرگىز چىقمايدۇ.

---

1 مايتۇچاق — بېلىقنى ھوشسىزلاندۇرۇشتا مەخسۇس بېلىقنىڭ بېشىغا ئۇرۇشقا ئىشلىتىلىدىغان ناغرا چوكىسىدەك ئەگرى ياكى توقماقسىمان ياغاچ.

## 5

چەپەر ئون ئالتە ياشقا تولغان يىلى كۈز كۈنلىرىنىڭ بىرىدە ئاتا ـ بالا ئىككىسى كۆزلەكنىڭ ئۈستۈن تەرىپىدىكى توقايلىقنى نىشانلاپ ئوۋغا چىقماقچى بولدى . ئۇلار ھەممە تەرەددۇتنى تەق قىلىپ مېڭىشقا ئاتلىنىش ئالدىدا تۇرغاندا ، چەپەرنىڭ ئانىسى ئېرىگە :

— كېچە چۈشۈم بۇزۇلۇپ قاپتۇ ، ئوۋغا بارمىساڭلار قانداق بولىدىكىن ، — دېدى .

چەپەرنىڭ ئاتىسى كۈلۈپ قويۇپ :

— ئۆزۈڭ بۇزۇلۇپ قالغانسەن . ئېيتە ، قانداق چۈش كۆر-دۈڭ ، — دېدى .

چەپەرنىڭ ئانىسى :

— چاقچاقلا ئايلاندۇرماڭ ، راست دەۋاتىمەن ، — دېدى .

— قېنى دېمەمسەن ، كۆرگەن چۈشۈڭنى .

— قويىدەك چوڭ-لۇقتىكى قوڭغۇزلار پېتىقتا دومىلىنىپ يۈرگۈدەك .

— سەن چۈشۈڭدە قوڭغۇز كۆرسەڭ ، بىز ئوۋغا چىقمايمىز-ما ؟

— دادام چۈشتىكى قوڭغۇز توڭگۇزنىڭ سۈرى دېگەن . ياخشى چۈش كۆرۈپسەن ، دېمىسەڭمۇ بىز توڭگۇز ئوۋلى-غىلى بارىمىز .

— ساراڭ بولدىمۇ ما ئادەم ، توڭگۇز ئوۋلاپ نېمە قىلىسىز ؟

— ئوغلۇڭنى بىرەر ئىلۋەسۇن ئوۋلىتىشتىن بۇرۇن توڭگۇز ئوۋلىتىپ يۈرىكىنى توختاتقۇزاي دەيمەن ، — دېدى .

— ئۇغۇ شۇنداقتۇ ، باياتىن سول قاپىقىم تارتىپ توختىمايۋا-تىدۇ ، بىرەر ...

ئايالىنىڭ گېپى ئاغزىدا قالدى ، ئېرى ئۇنىڭ گېپىنى

بۆلۇۋەتتى :

— تىلىڭ قۇر[1] ، «ئوغلۇڭنى ئوۋغا ئۆگەت ، قىزىڭنى قازانغا» دېگەن گەپنى ئاتاڭ ساڭا ئۆگەتمىگەنمۇ ، — چەپەرنىڭ ئاتىسى قارىماي تۇرۇپلا ، — چەپەر ، ئاتقا مىن ، — دېدى ـ دە ، ئېتىغا مىندى .

تۇنجى قېتىم چوڭ ھايۋان ئوۋلاپ ئاتىسىنىڭ سىنىقىدىن ئۆتمەكچى بولغىنىدىن قەۋەت خۇشال بولۇپ ئاتلىنىشقا ئالدىراپ تۇرغان چەپەر شۇئان ئېتىغا مىندى ـ دە ، ئاتىسىغا قاراپ كۈلۈپ قويۇپ ئاتىسىنىڭ كەينىدىن يورۇپ كەتتى .

ئۇلار ئىسسىق چۈشۈپ كېتىشتىن بۇرۇن مەنزىلگە بېرىۋېلىشنى كۆزلەپ ئەتىگەن يولغا چىقىپ ئاتلىرىنى بۆرە يورۇشىگە قويۇپ بەرگەچكە ، دامجۇق ۋاقتىدىن سەل ئۆتكەندىلا توقايلىققا كېلىپ بولدى . توقايلىقنىڭ بىر تەرىپى قويۇق جىگدىلىك ، يەنە بىر تەرىپى يۇلغۇن ئارىلاش بۇك قىرچىنلىق ئىدى . 8 ـ ئاي كىرىش بىلەن جىگدىلىك كۆزلەك ، تىكەنلىك ، چارىدىن كەلگەن جىگدە يىغقۇچى ئەر ـ ئايال ، چوڭ ـ كىچىك ئادەملەر بىلەن بىرنەچچە كۈن ئاۋاتلىشىپ كېتەتتى . شۇ مەزگىللەردە بۇ يەرگە يەردە قېلىپ قالغان جىگدىلەرنى يېگىلى نە ـ نەلەردىن توڭگۇزلار يېغىپ كېتەتتى . چەپەرنى ئاتىسىنىڭ بۇ يەرگە باشلاپ كېلىشى ئۇنىڭغا توڭگۇز ئاتقۇزۇپ كۆرۈش ئىدى . ئۇ ئوقيا ئېتىشقا كىچىك تۇرۇپلا ئاتىسىغا ئوخشاش پىشتى ، مىلتىق ئېتىشنىمۇ ئوبدان ئىگىلىدى ، قارا چېنەپ دەل تەگكۈزۈپ ئېتىشنى ئۆگەندى . مىلتىقنى تازا پىشىپ تولۇق ئىگىلىگەندىن كېيىن ئاتمىسا ، چالا ئىگىلەپلا ئاتقاندا ، بوشقا كەتكەن ئوق بۇ يەردىكىلەر ئۈچۈن چوڭ زىيان . مىلتىق پورۇخنى ياسىماق ئوڭاي بولغان بىلەن ئۇنىڭ ئاساسىي خورۇچىنى ، مىشەكنى تاپماق تەس ، بۇنىڭ ئۈچۈن سۆگەتبۇلاققا ياكى سىڭگىر تاغلىرىغا بېرىش كېرەك ، ياكى بولمىسا كۆنچى ، كورلىغا بېرىش كېرەك . چەپەرنىڭ ئېتىپ ئۆگەنگىنى

[1] تىلىڭ قۇر    تىلىڭ قۇرۇسۇن .

پەقەت توشقان، قىرغاۋۇل، غاز، ئۆردەك، قۇشقاچ ۋە باشقا كە-
چىك قۇشلار. بۇلارنى ئېتىشنىڭ يېڭى ئۆگەنگۈچىلەر ئۇچۇنمۇ
ھېچبىر سۇرى يوق. ئويۇن ئورنىدا چېنەپ ئاتسا بولىۋېرىدۇ،
يۈرەك ئېغىپ، قول تىترەپمۇ كەتمەيدۇ. گەپ چوڭ ھايۋاننى،
بولۇپمۇ ئىلۋەسۇنلارنى ئېتىشتا.

چەپەرنى تۇنجى قېتىمدا توڭگۇز ئوۋلاشقا سېلىشتا ئاتىسىنىڭ
ئويلىغىنى بار ئىدى: دەسلەپ بىرەر ئىلۋەسۇننى ئوۋلاشقا سالسا،
ئاتالماي قالسىمۇ مەيلى، ئوۋچىلىقتا بىر - ئىككى تال ئوقنىڭ
كارى چاغلىق. ئوق دەل يېرىگە تەگمەي ياردارلىنىپ قېچىپ
كەتسە، ئۇنى تۇتماق ئارتۇقچە ئاۋارىچىلىك، تۇتماي قويۇۋەتسە،
ئۇ جانىۋار قانسىراپ ھامان ھارام ئۆلۈپ كېتىدۇ. بۇ ئوۋچى
ئۈچۈن ئەلەم، توڭگۇز ئۇنداق ئەمەس، جەرەن، كېيىكلەردەك
ئۇنچىلىك سەزگۈر ئەمەس. بۇ يەردە ئۈركۈپ قاچسا، ئانچە يىراققا
بارمايلا خورتۇلداپ يۈرىۋېرىدۇ. ئوق چالا تېگىپ قېلىپ قېچىپ
كەتسە كەتمەمدۇ، ناھايىتى كەتسە قانسىراپ ئۆلىدۇ. توڭگۇز ئۆل-
سە ئۇنىڭ بىلەن كىمنىڭ ئىشى. شۇڭا ئۇ ئوغلىغا ئاتقۇزۇپ
كۆرىدىغانغا ئەلەم - ھەسرىتى يوق توڭگۇزنى تاللىۋالغانىدى.

ئۇلار بىر بۈك چاتقاللىق بويىدا ئولتۇرۇپ ئالغاچ كەلگەن
گەدەرمە بېلىقتىن[1] ئىككىنى كاۋاپ قىلىپ يەپ تاماقلىنىۋالدى.
چەپەر ئالدى بىلەن مىلتىقنى سومبىلاپ ئىچىنى ئېرتتى، ئاندىن
ئوق سېلىپ سومبا تىقىپ چىڭدىدى، پىلتىنى مىشەك تۇۋگە تاقاپ
تەق قىلىپ قويدى. ئۇ بۇ تەييارلىقلارنى قىلىۋاتقاندا ئاتىسى
توڭگۇزلارنىڭ ماڭار - ئۆتەر يولىنى بىلىپ كەلگىلى
كەتتى.

— سەن مۇشۇ چاتقاللىق تۇۋىدە ئولتۇرساڭ بولغۇدەك، تۇۋەن
تەرەپتە كىچىكرەك بىر داشى بار ئىكەن. توڭگۇزلار سۇ ئىچكەچ
پېتىقتا ئېغىنىغىلى مۇشۇ يەردىن ئۆتىدىكەن، مەن ئۇ تەرەپكە
بېرىپ ئۈركۈتۈپ بۇ تەرەپكە قوغلاي، سەن ئەتراپقا ئوبدان قاراپ

[1] گەدەرمە بېلىق ئىچ - قارنى ئېلىۋېتىلىپ قاق قىلىنغان بېلىق.

تۇر ، — دەپ تاپىلىدى چەپەرنىڭ ئاتىسى .
ئاتىسى كېتىپ چەپەر ئۆزى يالغۇز قالغاندىن كېيىن ، «توڭ-گۈزلۈق» دېگەن سۆز يادىغا كېچىپ ئۇنى سەل سۇر باسقىلى تۇردى . ئۇ ئون ئىككى ياش چېغىدا ئاغىنىلىرى بىلەن مەھەللە سىرتىدا ئويناپ يۈرەتتى . دەريا بويى تەرەپتىن «پاڭ» قىلىپ مىلتىق ئۇنى كەلدى . باللار : «كىم نېمە ئاتقاندۇ ؟» دېيىشىپ ، بىر قۇم دۆۋىسىگە چىقىپ دەريا بويى تەرەپكە قاراشتى . شۇ ئارىدا يۇلغۇنلۇق ئارىسىدىن يوغان تۆت توڭگۈز چىقىپ قۇم دۆۋىسى يامزىلىنى بويلاپ يۇقىرى تەرەپكە قاچتى . باللاردىن بىرى قولىدى-كى ياغاچنى توڭگۈزلارغا قارىتىپ ئاتقانىدى ، ياغاچ بىر توڭگۈزغا تەگدى . ھېلىقى توڭگۈز ياردار بولغانىكەن ، ئاغرىق ئۇستىگە تەگكەن ياغاچتىن ئۇنىڭ جەھلى تۇتقان چېغى ، ئۆز توپىدىن چىقىپ قۇم دۆۋىسىگە قاراپ يۈگۈردى . چەپەر باشقا باللارغا ئوخشاش قورقۇپ ۋارقىرىۋەتتى . توڭگۈزنىڭ يارىسى ئېغىر بولسا كېرەك ، قۇم دۆۋىسىنىڭ يېرىمىغىچە چىقىپلا گۈپپىدە يىقىلدى . ئۇنىڭ جاۋغىيىنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى پىچاقتەك چىقىپ تۇرغان ئۆزۈن ئىككى چىشى چەپەرگە ئاجايىپ قورقۇنچلۇق كۆرۈنۈپ كەتتى . توڭگۈز يەنىلا قوپۇشقا ھەرىكەت قىلىپ تىپىرلايتتىيۇ ، يەنە يىقى-لاتتى ، ئاخىرىدا تىپىرلاپلا قالدى . باللار قۇم دۆۋىسىنىڭ نېرىقى تەرىپى بىلەن چۇشۇپ ئۇدۇل مەھەللە تەرەپكە يۈگۈرۈپ كېتىشتى .
ھېلىقى توڭگۈزنىڭ جاۋغىيىدىن سەت ھىڭگىيىپ چىقىپ تۇرغان چىشى چەپەرنىڭ كۆز ئالدىدا نامايان بولغاندەك بولۇپ ئۇنى سەل سۇر باستى . ئاتىسىنىڭ : «ئوۋچى بولمەن دېگەن ئادەم چوقۇم توختال بولۇشى ، ھودۇقماسلىقى لازىم» دېگەن سۆزىنى يادىغا ئېلىپ ، ئۆزىنى بېسىۋالدى ۋە ئۆزىنىڭ قورقۇنچاقلىقىدىن ئۆزى ئۇيىلىپ ، «دادام بىلىپ قالدىمىكىن» دېگەن گۇمانسىراشتا ئەتراپىغا قارىدى . ئاتىسى ئاللىقاچان خېلىلا يىراقلاپ كەتكەنىدى .
ئۇ نەيزىنى يېنىدىكى بىر يۇلغۇنغا يۆلەپ قويۇپ مىلتىقنى قايتىدىن قولىغا ئېلىپ ئۇيان - بۇيان ئۆرۈپ قارىدى . «تەلىيىمگە بىر

توڭگۇز ئېتىۋالسام ياخشى بولىتتى» دېگەنلەرنى ئويلاپ تۇراتتى، ئۆزىدىن ئەللىك قەدەمچە نېرىدىكى چاتقاللىقتىن ئىككى قاۋان[1] بىلەن تۆت مېكىجىن[2] خورتۇلدىشىپ چىقىپ، ئۇنىڭ ئۇدۇلىغا كېلىپ توختاپ ئەتراپقا قارىۋېتىپ ئوت يېيىشكە باشلىدى. چەپەرنىڭ قورسىقىغا: «ئاتام كەلگۈچە توڭگۇزدىن بىرنى ئېتىۋالغان بولسام» دېگەن جىن كىرىپ ئۇنى دەيدەيلەشكە باشلىدى. بۇنچىلىك ئارىلىقتا ئالتە توڭگۇزنىڭ بىرەرسىنىغۇ ئاتارمەن، دېگەن ئىشەنچ بىلەن ئوتتۇرىدا تۇرغان بىر قاۋاننى چېنەپ قارىغا ئالدى، لېكىن توڭگۇزلار بېشىنى كۆتۈرۈپ ئاستا ماڭدى. ئەمدى چەپەر بىرەر توڭگۇزنىمۇ قارىغا ئالالماي جىلە بولۇشقا باشلىدى، قانچە چېنەپمۇ مىلتىقنىڭ ئۇچىنى بىرەر توڭگۇزغا توغرىلىيالمىدى. توڭگۇزلار بىرەر شەپىنى سەزگەندەك خورتۇلدىشىپ تۇرۇپ قالدى. چەپەر پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ مىلتىقنىڭ ئىككى تىركەك پۇتىنى يەرگە پاتۇرۇپ ئوبدان قويۇۋېلىپ ئوتتۇرىدىكى بىر توڭگۇزنى چېنەپ تەپكىنى باستى. «پاڭ» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭلا توڭگۇزلار ئارقىسىغا يېنىپ چاتقاللىققا قاراپ قاچتى. پەقەت بىر قاۋانلا سەل دەلدۈگۈنۈپ توختاپ ئەتراپقا قارىدى، چەپەرنى كۆرۈپ قالغان چېغى، ئۇنىڭغا قاراپ ئوقتەك ئېتىلدى. ئوق توڭگۇزغا تەگكەن، ئەمما ئەجەللىك يېرىگە تەگمەي ئازراق يارىلاندۇرغانىدى. يارىدار قاۋاننىڭ خوي - پەيلىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى ئاتىسى ئۇنىڭغا دەپ بەرگەن: «ۋەھشىيلىشىدۇ!». چەپەر قورقۇپ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولۇشىنى ئويلاپ بولغۇچە، قاۋان جان - جەھلى بىلەن خورتۇلدىغىنىچە ئۇنىڭ ئالدىغىلا كېلىپ قالدى. چەپەرنىڭ چاققان - چەبدەسلىكى مۇشۇ قېتىم ئۇنىڭ جېنىغا ئارا تۇرۇپ قالدى. ئۇ شارتتىدە ئۆزىنى يانغا ئالدى. توڭگۇزنىڭ بوينى يوق دېگۈدەك قىسقا بولغىنىمۇ ئۇنىڭ هاياتىنىڭ ئامان قېلىشىدىكى يەنە بىر سەۋەب بولۇپ قالدى. توڭگۇز بوينىنىڭ قىسقىلىقىدىن يېنىغا

1 قاۋان توڭگۇزنىڭ ئەركىكى.
2 مېكىجىن - توڭگۇزنىڭ چىشىسى.

بۇرۇلالماي بەش قەدەمچە ئالدىغا دوغۇپ بېرىپ قۇمدا تىزلىنىپ قالدى . توڭگۇز ئۆزىنى ئوڭشاپ تۇرۇپ بولغۇچە ، چەپەر چەپەرلىدىكى بىلەن يېنىدا تۇرغان ئۇزۇن ساپلىق نەيزىنى ئېلىپ توڭگۇزنىڭ كەينىنىڭ ئۇدۇل كەلگەن يېرىگە سانجىدى . چەپەر قاراپ كۆردىكى ، نەيزە قاۋاننىڭ كۆتىدىن قورسىقىغىچە كىرىپ كەتكەنىدى . قانسىراپ كەتكەن قاۋان خورتۇلدىغىنىچە جايىدىن قوپالماي ياتتى . چەپەرنىڭ ئۆزىمۇ قورقۇپ كەتكەچكە ، ھۆمۈدەپ كەتتى ۋە بىر يېرى ئاغرىۋاتقاندەك سېزىلدى . بايا ئۇ توڭگۇزدىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ يانغا ئېتىلغاندا نەيزىنى يۆلەپ قويغان يۇلغۇن تۈۋىگە يىقىلغان . يىقىلغاندا ئۆزلىرى گەدەرمە بىلىقنى پىشۇرۇش ئۈچۈن ئوشتۇغان قۇرۇق يۇلغۇن ياغىچىنىڭ قالدۇق ئۇچىنىڭ ئۈستىگە يېنىچە يىقىلغانىدى . شۇ چاغدا يۇلغۇن تۈۋىنىڭ ئۇچى يوتىسىغا كىرىپ كەتكەن ، لېكىن ئۇنىڭ پۈتۈن دىققىتى قاۋاندا بولۇپ قېلىپ بۇنى سەزمىگەنىدى .

ملىتىقنىڭ ئۈنىنى ئاڭلىغان ئاتىسى يۈگۈرگىنىچە يېتىپ كەلدى .

— يارايسەن ، يارايسەن ، ئوقنىمۇ تەگكۈزۈپسەن ، نەيزىنى سانجىغان يېرىڭنى قارا ، — دەپ كۈلدى چەپەرنىڭ ئاتىسى ئۇنىڭغا قاراپ ۋە شۇئان يەنە ، — نېمە بولدۇڭ ، چىرايىڭ سارغىيىپ كېتىپتۇغۇ ، — دەپ ئىتتىك چەپەرنىڭ يېنىغا كەلدى .

— يوتام ، يوتام ، — دېدى چەپەر پەس ئاۋازدا .

— يوتاڭغا نېمە بولدى ؟

— يۇلغۇن ياغىچى كىرىپ كېتىپتۇ .

— نېمە بولۇپ ؟ — چەپەرنىڭ ئاتىسى شۇنداق دېگەچ چەپەرنىڭ پۇچقىقىغا قاراپ پاچىقىدىكى قاننى كۆردى .

— قان ئېقىۋېتىپتۇغۇ ! ئىشتاننى سال ، — دېدى .

پالاس ئىشتان قېلىن بولغاچقا ، قان سىرتقا چىقالماي پۇچقاق بويلاپ پاچىقىغا ئېقىپ چۈشكەنىدى . چەپەر ئىشتاننى سالدى ، ئىچىدىكى نېپىز تورقا ئىشتان قىپقىزىل قان بولۇپ كەتكەنىدى .

چەپەرنىڭ ئاتىسى ئالدى بىلەن يۇلغۇن شاخلىرىنىڭ ئارىلىرىدا تۇرۇپ قالغان قالدۇق قۇرۇق يۇلغۇن چېچەكلىنى يىغىپ ئۇۋۇتىپ چەپەرنىڭ يۇتىسىدىكى ياغاچ كىرىپ كەتكەن جايغا قويۇپ ئۇستىدىن بىردەم بېسىپ تۇردى . قاننىڭ چىقىشى ئاساسەن توختىغاندىن كېيىن دەسلەپ قويغان يۇلغۇن چېچەكلىرى ئۇۋاقلىرىنى ئېلىۋېتىپ يېڭىلاپ قويدى ، ئۇستىدىن چەپەر بېسىپ تۇردى . ئاتىسى كۆڭلەكنى سېلىپ يىرتىپ ياغاچ كىرىپ كەتكەن جايىنى چىڭ بوغۇپ تاڭدى .

— ئاناڭنىڭ چۈشىدە كۆرگىنى مۇشۇ پالاكەتچىلىك ئوخشايدۇ ، ئەمما سېنىڭ تۇنجى ئوقنى بوشقا كەتكۈزمىگىنىڭ چوڭ ئىش . بۇنىڭدىن ئاناڭ خۇش بولىدۇ ، — دېدى چەپەرنىڭ ئاتىسى ۋە يۈك - تاق ، نەرسىلەرنى ئىككى ئاتقا ئورۇنلاشتۇرۇپ شۇئان قايتىپ يولغا چىقتى . كۈنپېتىشتىن بۇرۇن ئۈيگە يېتىۋېلىش ئۈچۈن ئاتنىڭ يۈرۈشىنى تېزلەتتى .

چەپەرنىڭ يارىلىنىپ كۆپ قانسىراپ كەتكىنى بىر ياندا قېلىپ ، ئۇنىڭ ئېتىلىپ كەلگەن قاۋاننى كەينىدىن نەرىگە نەيزە تىقىپ ئۆلتۈرگەنلىكى ئۇزۇنغىچە كىشىلەر ئاغزىدىن چۈشمەيدىغان كۈلكىلىك گەپ بولۇپ قالدى . چەپەرنىڭ ئانىسىمۇ بۇ ئىشنى ئاڭلاپ ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي كۈلۈپ كەتكەندى .

## 6

چەپەر مەرگەنلىكتە ھەم پولگانلار بىلىشكە تېگىشلىك ئىشلاردا خېلى پىشىپ يېتىشىپ قالدى . پۇرۇخ تەييارلاشتىن تارتىپ مىلتىق سۈمبىلاش ، ئوقلاشقىچە ھەممە ئىشنى ئۆزى مۇستەقىل قىلالايدىغان بولدى . تارىملىق پولگانلارنىڭ ئىشلىتىدىغىنى شاغدار دەپ ئاتىلىدىغان پىلتىلىق شىراقلىق مىلتىق بولۇپ ، ئۇزۇنلۇقى بىر مېتىر ئوتتۇز سانتىمېتىر ئەتراپىدا ، ئوقنىڭ مۇساپىسى ئىككى يۈز مېتىرچە ، مەرگەن ئۇستا بولسا بۇ مىلتىقتا بىر يۈز

ئەللىك قەدەم ئارىلىقتىكى نەرسىنى ئىشەنچلىك ئېتىۋالغىلى بولىدۇ. يەرگە تىركەپ قويىدىغان ئۇزۇن ئىككى ئەگرى پۇتى مەرگەنلەرنىڭ نەرسىلەرنى قارىغا ئېلىشقا بەك ئوڭايلىق تۇغدۇرىدۇ، قول تىترەپ ياكى مىلتىق مىدىرلاپ كېتىدىغان ئەھۋال بولمايدۇ.

چەپەر ئانىسى سىڭگىر تېغىغا ئوۋغا كەتكەن ۋاقىتتىن پايدىلىنىپ ئۆزى ئايرىم ئوۋغا چىقىپ باقماقچى بولدى. ئۇ ئانىسى بىلەن بىللە بېرىشنى تەلەپ قىلغاندا، ئانىسى: «تاغ يوللىرى بەك خەتەرلىك، كېيىنچە بار، هازىر بولمايدۇ» دەپ بىللە ئېلىپ بېرىشقا ئۇنىمىغانىدى. چەپەرنىڭ نارازىلىقى چىرايىغا چىقىپ كەتتى. ئانىسى ئۇنىڭ مىجەزىنى بىلگەچكە، ئۇنىڭ ئۆز ئالدىغا ئوۋغا چىقىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ مىلتىق پۇرۇخلىرىنى خوتۇنىغا بېرىپ تىقىۋېتىشنى، چەپەر سوراپ قالسا بەرمەسلىكنى قاتتىق تاپىلاپ كەتكەنىدى. دېگەندەك ئانىسى كېتىپ ئەتىسىلا چەپەر ئانىسىدىن پۇرۇخ بولسا بېرىشنى ئېيتتى.

— ئۆيدە بار پۇرۇخنىڭ ھەممىسىنى ئاتاڭ ئېلىپ كەتتى، نېمە قىلماقچىدىڭ؟ — دەپ سورىدى چەپەردىن ئانىسى.

— مەنمۇ ئوۋغا چىقىپ بىرەر ئىلۋەسۇن ئېتىپ كېلەيمىكىن دەيمەن.

چەپەرنىڭ ئانىسى ئۇنىڭ مۇشۇنداق ئانىسى يوق چاغدا ئوۋغا چىقىشنى تەلەپ قىلىپ قېلىشىدىن بەك ئەنسىرەپ يۈرەتتى. «ئۆتكەن قېتىم ئانىسى بىلەن ئوۋغا چىقىپ بولغان ئىش ھېلىقى. ئۆزى يالغۇز چىقسا ...» ئانا خىيالىنىڭ ئاخىرىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈشكە جۈرئەت قىلالمىدى. بالىسىغا نېمە دېيىشنى بىلەلمەي قالدى، ئەندىشىسىنى بىلدۈرۈپ:

— ئاتاڭ بولمىسا، سەن تېخى كىچىك تۇرساڭ، يالغۇز ئوۋغا چىقساڭ قورقمامسەن؟ — دېدى.

— نېمە، سەن مېنى كىچىك دەيسىنا؟ مۇشۇ دېگىنىڭگە بۈگۈنلا ئوۋغا چىقىپ چوڭ بولغانلىقىمنى كۆرسىتىپ قويىمسام، — چەپەر شۇنداق دېدى ـ دە، ئۆي تەرەپكە ماڭدى.

ئوغلىنىڭ ئاتىسىنىڭ مىجەزىنى ئېلىپ ئۆز سۆزلۈك بولۇپ چوڭ بولغانلىقىنى بىلگەن ئانا چەپەرنىڭ نېمە قىلماقچى بولغىنىنى قىياس قىلىپ بولدى .

چەپەر ئاتىسى بىلەن تاغقا ئوۋغا بارغاندا ئاتىسىغا كۆرسەتمەي ئېلىپ كېلىپ ئۆيگە يوشۇرۇپ قويغان شورانى[1] ئېلىپ چىقىپ سېرىق سۆگەتنىڭ كۆمۈرى بىلەن گۈڭگۈرتنى قوشۇپ ئارىلاشتۇ-رۇپ قورۇدى ، ئاندىن مەخسۇس ئويۇلغان چوڭراق هاۋانچىدا سو-قۇپ پۇرۇخ ياسىدى .

چەپەرنىڭ ئانىسى ئۇنىڭ قىلىۋاتقان ئىشىغا قاراپلا تۇردى ، هېچنېمە دېيەلمىدى ، بىر نەرسە دېگىنى بىلەنمۇ بىكار ئىدى .

چەپەر پۇرۇخنى تەييار قىلىپ بولغاندىن كېيىن ، ئانىسىغىمۇ گەپ قىلماي مىلتىقنى مۈرىسىگە ئېسىپ ئېتىغا مىندى ، ئۇزۇن ساپلىق نەيزىنى تېقىمىغا قىستۇرۇپ ، ئېتىنى يورغىلاتقىنىچە يۈ-رۈپ كەتتى . بۇ ئۇنىڭ تۇنجى قېتىم مىلتىق كۆتۈرۈپ ئۆزىلا ئوۋغا ئاتلىنىشى ئىدى .

چەپەرنىڭ بۇ قېتىمقى مەنزىلى ئويمانكۆل ئەتراپى ئىدى . تارىم دەرياسىنىڭ ئېقىش يولى ئۆزگىرىپ يۇقىرى تەرەپكە سۈرۈل-گەندىن كېيىن ، ئويمانكۆل ، كۆكئالا تەرەپلەرنىڭ يايلاقلىرى بۆ-لەكچە ياشىرىپ ، چاتقاللىقلار باغجانلاپ بۈكلەشكەنىدى . بۇنىڭ بىلەن ئىلگىرىكى ئېقىن بويلىرىدىكى ئىلۋەسۇنلار شۇ تەرەپلەرگە كۆچكەنىدى . نىشانلىغان مەنزىلگە ئۇ چۈشتىن قايرىلغاندا يېتىپ كەلدى . دەريا بويىدىن ئەپلىك بىر جاينى تاللاپ ئاتتىن چۈشۈپ نەرسە ـ كېرەكلىرىنى بىر يانغا قويدى . ئوۋچىلار بىللە ئېلىپ يۈرىدىغان كىچىك مىس قازاندا ئۆزىگە چۈشلۈق سۇ قايناتتى ، ئاندىن ئالغاچ كەلگەن ئۇجۇل تالقىنىدىن بىر قوشۇق سالدى ، جىگدىدىن بەش ـ ئالتە تال تاشلاپ پەس ئوتتا يەنە ئازراق قايند-تىپ ، قازاننى ئوتتىن ئېلىپ قويۇپ قويدى . ئۇجۇل بولمىقى سوۋۇغاندىن كېيىن ، قازاندا تۇرغۇزۇپلا قوشۇقلاپ ئېلىپ ئىچتى ،

---

[1] شورا ـ رەڭگى ئاق ، پوزماندەك يۇمشاق شور ، پۇرۇخ ياساشتىكى ئاساسلىق خۇرۇچ .

قورسىقىنى تويغۇزۇۋالغاندىن كېيىن ، نەرسە ـ كېرەكلەرنى توغ-راق ئاچىسىغا ئارتىپ قويدى ، ئېتىنى چۇشەپ ئوتقا قويۇۋەتتى . ئۆزى مىلتىق بىلەن نەيزىنى ئېلىپ دەريا بويلاپ يۇقىرىغا ماڭدى .

چەپەر كۆڭلىدە جەرەندىن ئىككىنى ئاتسام ، رەسمىي ئۇۋچىلار قاتارىغا ئۆتۈپ ئاتا ـ ئانامنى خوش قىلسام ، چوڭلارنىڭ ماختىشىغا ئېرىشىپ ، تەڭتۇشلىرىم ئارىسىدا ئورنۇم كۆتۈرۈلسە ، دېگەنلەرنى ئويلاپ كېتىۋاتاتتى ، قايىردا ئاپتاپقا قاقلىنىپ ياتقان بىر كېيىككە كۆزى چۈشۈپ قالدى . كېيىكنىڭ ياتقان يېرى دەريا قېشىغا يېقىن بولۇپ ، قاش ھەم تىك ، ھەم ئېگىز ئىدى . كېيىك ئېقىن تەرەپكە قاراپ ياتقاچقا ، چەپەرنى كۆرمىدى . چەپەر پۇتىنىڭ ئۇچىدا پەم بىلەن دەسسەپ مېڭىپ شالاڭراق باغجانلىغان بىر تۈپ يۇلغۇننىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈۋالدى . چەپەر كېيىك ئۇچراپ قېلىشىنى ئويلىمىغا-نىدى . ئۇنىڭ بىلەن كېيىكنىڭ ئارىلىقى كۆپ بولسا ئوتتۇز قەدەم كېلەتتى . بۇنچىلىك يېقىن ئارىلىقتا ياتقان كېيىكنى ئېتىۋېلىشىدا گەپ يوق . شۇنداق پەيتتە ئۇ ئاتىسىنىڭ دائىم دەيدىغان : «ھەر ۋاقىت ئەتراپىڭغا دىققەت بىلەن ئوبدان قارا . بىرەر كېيىك ، جەرەن كۆرسەڭ ئازراقمۇ شەپە چىقارماي پەم بىلەن ماڭ ، ئىلاج بار يېقىنلاش ، ئەپلىك يەرنى تېپىپ ئورۇنلىشىۋال ، توختال بول ، تەپكىنى ئالدىراپ باسما ، دەل چېنەپ ئات» دېگەن ئۇگۇتلىرىنى ئېسىگە ئالدى . ئۇ تۇرغان يېرىدە ئىككى پۇتىنى كېرىپ ئوبدان ئورۇنلىشىۋالدى ، مىلتىقنى شەپە چىقارماي چوڭ يۇلغۇن ئاچىمى-قىغا ئۆتكۈزۈپ قويۇۋېلىپ كېيىكنى چېنىدى . ئۇ قەتئىي ئىشەنچ بىلەن ئۆرە تۇرغىنىچە تەپكىنى باساي دېگەن چاغدا ، ئالدى تەرەپ-تىن «شىرىق» قىلغان ئاۋاز ئاڭلاندى . چەپەر شۇنداق قاراپلا قورقۇنچتىن يۈرىكى دۈپۈلدەپ ، بەدىنى تىترەپ كەتتى ، كۆز قارى-چۇقى قېتىپ قالغاندەك بىر نۇقتىغا تىكىلىپلا قالدى ، ئۆزى قاتۇرۇپ قويغاندەك قىمىرمۇ قىلماي تۇرۇپ قالدى . بىر يولۋاس يەر بېغىرلاپ چەپەرگە قاراپ كېلىۋاتقاندەك ئىدى . ئۇ شۇ قور-قۇنچتا قارىغۇدى ، كۆڭلى جايىغا چۈشكەندەك بولدى ، يولۋاس كې-

يىكنى كۆزلەپ كېلىۋاتاتتى ، بايا يولۋاس ئۇنى كۆزلەپ كېلىۋاتقان-دەك تۇيۇلۇپ كەتكەنىدى . چەپەر مۇشۇكنىڭ چاشقانغا ئېتىلىش ئالدىدا مۇشۇنداق يەر بېغىرلاپ ماڭغىنىنى كۆر-گەن ، ئەمما يولۋاسنىڭمۇ شۇنداق قىلىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ باقمىغا-نىدى . ئەمدى ئۇ يولۋاسنىڭ كېيىككە قانداق ئېتىلىپ ، قانداق چاڭگال سېلىپ قاماللاپ ئېغىز سالىدىغىنىنى كۆرمەكچى بولۇپ شەپە چىقارماي جايىغىلا ئولتۇرۇۋالدى . يولۋاس بايىقى ئۆمىلىشىدە مېڭىپ ئاخىر كېيىكنىڭ ئۇدۇلىغىلا كېلىپ قالدى . كېيىك ئۆزد-گە يېقىنلاپ قالغان ئۆلۈم خەۋپىدىن بىخەۋەر بەخىرامانلىق بىلەن ئېقىنغا قاراپ ياتاتتى . چەپەرنىڭ ئەمدى كېيىككە ئىچى ئاغرىپ قالدى . يولۋاسنى ئېتىۋەتكۈسى كەلدى ، ئەمما ئۇنىڭ مۇمكىنچىلى-كى يوق ئىدى ، ئېتىشنىڭ ياخشى پۇرسىتى كەتكەنىدى .

يولۋاس ئۆرە بولدى - دە ، پۈتۈن كۈچىنى ئارقا ئىككى پۇتىغا يىغىپ تولغۇلۇپ تۇرۇپ كېيىككە ئېتىلدى . يولۋاس ئېتىلىش بىلەن ئاغزى ھاڭدەك يوغان ئېچىلدى ، قوزۇقتەك ئاستى - ئۈستى تۆت چىشى چەپەرگە ئەپسانىلەردىكى يالماۋۇزنىڭ ھەرەڭ - سەرەڭ ئۆزۈن ھىڭگاڭ چىشىدەك دەھشەتلىك كۆرۈنۈپ كەتتى . چەپەر بىچارە كېيىك يولۋاسنىڭ ئاغزىغا چۈشۈپ بولدى ، دەپ ئويلىغانى-دى ، ئەمما كېيىكنىڭ يولۋاس ئاستىدىن قويۇپ بىر تاقلاپ قاش ئۈستىگە چىقىپلا چاتقاللار ئارىسىغا كىرىپ كەتكىنىنى كۆرۈپ ھەيران قالدى . يولۋاس پۈتۈن كۈچى بىلەن ئېتىلغاچقا ، ئۆزىنى توختىتىۋالالماي ئالدى ئىككى پۇتى قومدا ئالدىغا يۇرۇشۇپ كې-تىپ ، كېيىك ئۇنىڭ تۆت پۇتى ئارىسىدا قالغانىدى . يولۋاس ئۆزىنى ئوڭشاپ بولغۇچە كېيىك چاققانلىق بىلەن ئۇنىڭ پۇتلىرى ئارىسىدىن چىقتى - دە ، جېنىنى ئېلىپ قاچتى .

يولۋاس كېيىك ياتقان يەرگە ئېگىشىپ قومنى پۇرىدى ، ئاندىن كەلگەن يولى بىلەن قايتىپ سالپىيىپ ماڭدى . چەپەر يولۋاسنى كەينىدىن ئاتسام قانداق بولار ، دەپ خىيالىنىڭ ئاخىرىنى چۈشۈ-رۈپ بولغۇچە ، كېتىۋاتقان يولۋاس كەينىگە بۇرۇلۇپلا بايىقىدەك

يەر بېغىرلاپ كېلىشكە باشلىدى . ئۇنىڭ كۆزى كېيىك ياتقان يەردە ئىدى . چەپەر يولۋاسنىڭ بۇ ھەرىكىتىگە ھەيران بولۇپ قاراپ تۇردى . يولۋاس بايىقى يەرگە كەلدى ـ دە ، ھېلىقى ھەرىكىتىنى تەكرارلاپ قايىرغا شىددەت بىلەن ئېتىلىپ ، كېيىك ياتقان يەرنى پۇتلىرىدا تىرمىلاپ ، بىر نەرسىنى چىشلەپ ـ چايناپ سىلكىگەندەك بېشىنى بىرنەچچە قېتىم قاتتىق ـ قاتتىق سىلكىپ چايقاپ ، ئەتراپقا ئەلەملىك بىر قارىۋېتىپ قايىردىن چىقماي دەريانى بويلاپ يۇقىرى تەرەپكە سالپىيىپ ئاستا مېڭىپ كەتتى .

چەپەر ئىچىدە : «بۇزە يولۋاسنىڭ مەشىق قىلغىنى ئىكەن ـ دە ، ھايۋان چېغىدا ئۇۋدىن قورۇق قېلىش ساۋىقىنى يەكۈنلەيدىكەن» دەپ ئويلىدى .

شۇنداق ، ھەرقانداق ھايۋان ئۆزىگە لايىق كاللىسى ، مېڭىسى بار مەخلۇق . ئۇلار تىرىكچىلىك مۇساپىسىدە جان ساقلاش ، ياشاش ئۈچۈن شارائىتقا قاراپ ماكان تاللاش ، كۆچۈشنى ، ماسلىشىشنى ھەم قايسى مالنى قانداق ئۇسۇلدا ئوۋلاشنى ئانىلىرىدىن ھەم ئۆز مەشىقلىرى ئارقىلىق ئوۋلاشنى ئۆگىنىدۇ . بۇ ئۇلارنىڭ بىر خىل ئىزدىنىشى ، يەنە بىر تەرەپتىن ساۋاقلىرىنى يەكۈنلىشىمۇ بولىدۇ .

## 7

ئاتا ـ بالا ئىككىسى باش كۆز ئېيىنىڭ بىر كۈنى دۆڭبەل تەرەپكە ئوۋغا بارماقچى بولدى . ئوۋ تەييارلىقلىرىنى ئۇلار ئاخشاملا تەق قىلىپ قويغانىدى . چارا بىلەن دۆڭبەل ئارىلىقى يىراق بولمىسىمۇ ، ئىسسىق چۈشۈپ كەتكۈچە بېرىۋېلىشنى ئويلاپ كۈن بىلەن تەڭلا يولغا چىقتى . ئۇلار ئارا يولغىچە ئاساسەن چەپەرنىڭ ئوۋچىلىقى ھەم بىلىقچىلىقتا قىزىقماس بولۇپ قالغانلىقى ئۈستىدە پاراڭلىشىپ ماڭدى . ئۇنىڭ بېلىقچىلىققا قىزىقماسلىقى ئاتا ـ ئانىسىنىڭ بېشىنى قاتۇرۇۋاتقان چوڭ غەم بولۇپ قالغانىدى .

— دائىملا ئوۋغا چىقىپ يۈرەرمۇ ، بېلىق يېمەسمۇ ، بىزدىن

كېيىن قالسا گۈش يەپلا ئۆتەمدۇ ، نەدىكەن ئۇنداق جىق گۈش ، بىلىقچىلىقنى بىلمىسە قانداق بولىدۇ ؟ — دېگەنىدى ئانىسى بىر نەچچە قېتىم ، چەپەرنىڭ كېيىنلىكىدىن غەم قىلىپ .

— ئاناڭ راست دەيدۇ . تارىملىق بولغان ئادەم بېلىق تۇتۇشنى بىلمىسە بولامدۇ ، گۆلمە چۇۋۇش ـ يىغىش ، مانجار توقۇش ، سۇغا مانجار قويۇش ـ باغلاش ، سانجىغاق تۇتۇش ، سانجىش ... بۇلارنى بىلمىسەڭ كېيىن جېنىڭنى جان ئېتەلمەيسەن ، كېيىنلىكىڭنى ئوبدان ئويلانمىساڭ بولمايدۇ ، — دېدى ئاتىسى ياندىشىپ كېتىۋاتقان چەپەرگە .

بۇ گەپلەرنى ئاتىسى ئۇنىڭغا ئىلگىرىمۇ بىرنەچچە قېتىم ئېيتقان ، لېكىن بۇ گەپلەر ئۇنىڭغا يۇقۇشمىغان . يېقىندىن بۇيان ئۇ ئويلىنىدىغان بولۇپ قالغانىدى ، بۇ قېتىم تېخىمۇ ئويلىنىشقا باشلىدى . ئالدىنقى قېتىملاردىكى ئۇنىڭ جېنىغا كەلگىلى تاس قالغان بىرنەچچە قورقۇنچلۇق ئىش پات ـ پات يادىغا كېلىپ ، كۆز ئالدىدا زاھىر بولۇپ تۇرىدىغان بولۇپ قالدى . بۇنداق چاغدا ، ئۇنىڭ بەدەنلىرى تىكەنلەشكەندەك بولۇپ تىترەك بېسىپ كېتەتتى . ئۇ كۆرۈنۈشلەرنىڭ بىرنەچچە قېتىم چۈشىدە كۆرۈنۈپ ئۇنى قورقۇتۇشلىرىچۇ ، تېخى ... قاۋان ئۇنىڭ قارنىنى يېرىپ ، ئۈچەي ـ باغرىنى چۇۋۇپ تاشلىغاندا : «ۋايجان !» دەپ ۋارقىراپ ئويغىنىپ كەتكەن ، پۈتۈن بەدىنى سوغۇق قارا تەرگە چۆمۈلگەنىدى ، كېيىنكى ئۇۋلىيالماي قالغان يولۋاس خەنجەردەك چىشلىق ئاغزىنى دەھشەت بىلەن ئېچىپ ھۆركىرەپ ئۇنىڭغا ئېتىلىپ كەلگەندە قاچىمەن دەپ ئۇيقۇلۇقتا سۇپىدىن يىقىلىپ چۈشۈپ ئويغىنىپ كەتكەن ، بۇ چاغدىمۇ ھازىرلا سۇدىن چىققاندەك پۈتۈن بەدىنى قارا تەرگە چىلىشىپ كەتكەنىدى .

— بېلىقچىلىقنى ئۆگەنمىسەم بولمىغۇدەك ، — دېدى چەپەر .

— بېلىقچىلىقتا سەن ئۆگىنىدىغان ئىش ناھايىتى جىق . شۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆگەنگەندە ، ئاندىن بېلىقچىلىق قىلغىلى ، پۈتۈن بېلىقچى بولغىلى بولىدۇ .

چەپەر ئاتىسىغا قارىدى .

— كىمە ، چارا[1] چىپىش ، كاسا ئويۇش ، ئىگەر - خۇم[2] چىپىشلارنى بىلمىسەڭ بولمايدۇ . ئەر بولغان ئادەم بۇلارنى ئۆگەنمىسە بولمايدۇ ، بىر ئۆينى باقالمايدۇ . «كىمە تاياشنى بىلمىسەڭ كىمىگە چىقما ، بىلىق يەيمەن دىمە» دەپ بىكار ئېيتىلمايدۇ . يەنە تېخى يەر تىرىشمۇ بار ، — دېدى ئاتىسى .

چەپەر بىلىقچىلىقتا قارىغاندا ئوۋچىلىقنىڭ جاپا - مۇشەققىتى ئېغىر ، مۇشكۇل ، خەۋپ - خەتىرى كۆپلۈكىنى ھېس قىلىپ ، بۇنىڭدىن كېيىن بىلىق تۇتۇش ئۇسۇللىرىنى ئۆگەنمىسەم بولمىغۇدەك ، دېگەن قەتئىي نىيەتكە كېلىپمۇ قالغانىدى . ئاتىسىنىڭ بايىقى گەپلىرى تېخىمۇ تەسىر قىلدى ، شۇڭا قەتئىي نىيىتىنى بىلدۈرۈپ :

— ئاتا ، بىلىقچىلىقنى چوقۇم ئۆگىنىمەن ، — دېدى .

ئاتىسى ئوغلىنىڭ ئۆزىدەك بىر سۆزلۈك ئىكەنلىكىنى ، قىلىمەن دەپ بەل باغلىغان ئىشنى قىلماي قويمايدىغان مىجەزىنى بىلەتتى .

ئەمدى ئارىدا قىلىشىدىغان باشقا گەپ قالمىغاندەك ئىككىسى بىرپەس جىم بولۇپ قالدى . بىرھازا جىم ماڭغاندىن كېيىن ، چەپەر نەچچە ۋاقىتتىن ئاتىسىدىن سورىماقچى بولۇپ يۈرگەن بىر گەپنى سورىدى :

— ئاتا ، مەھەللىمىزنى نېمىشقا چارا دەيدۇ ؟

— بۇۋىلارنىڭ ئېيتىشىچە ، بۇرۇن چارا ئادەم يوق پۈتۈنلەي چاچاق ، قوڭاچاق[3] ۋە يۇلغۇن قاپلىغان بىر تۈز ئىكەندۇق . بىر كۈنلىرى تاغ تەرەپتىن قاراقوشۇن كۆلى بويىغا كۆچۈپ ماڭغان بىرنەچچە ئائىلە كىشىلىرى مېڭىپ - مېڭىپ ئاشۇ تۈزگە كېلىپ قاپتۇ . ئۇلار شۇ يەردە ئارام ئالماقچى بوپتۇ . بىر كىشى ئات - ئۇلىغىنى ئوتقا قويۇپ بەرمەكچى بولۇپ ئوت - چۆپى قويۇقراق

---

1 چارا    كىر تەغلىسى .
2 خۇم    ئىگەر .
3 قوڭاچاق    ئاق تىكەن .

بىر يەرگە[1] ئۇيۇلغۇنى قىقىۋېتىپ ، دۈم كۆمتۈرۈكلۈك تۇرغان
چوڭ بىر چارىنى كۆرۈپ قاپتۇ . ھېلىقى كىشى بۇ نېمە چارىدۇ ،
دەپ ئۇنى كۆتۈرۈپتىكەن ، ئۇيدان يۆگەپ قويۇلغان بىرنەچچە ئاي-
لىق بولغان بىر بوۋاقنىڭ ئۆلۈكى تۇرغۇدەك . ھېلىقى كىشى
باشقىلارنى چاقىرىپتۇ . ھەممىسى كېلىپ ئۆلۈك بوۋاقنا ، چارىغا
قاراپتۇ . چارا ناھايىتى ئۇستىلىق بىلەن بەكمۇ چىرايلىق چېپىلغا-
نىكەن ھەم خېلىلا چوڭ ئىكەن . ئۇلار بۇنداق چوڭ چارىنى كۆرمى-
گەنىكەن ، شۇڭا بوۋاقنىڭ ئۆلۈكىگە قارىغاندا چارىغا ھەيران قاپ-
تۇ . ئۇلار ئۇ يەرنىڭ تۇپرىقىنىڭ ياخشى ، تارىم دەرياسىغا يېقىنلى-
قىنى كۆرۈپ مەسلىھەتلىشىپ شۇ يەردە تۇرۇپ قاپتۇ ۋە ئۇ يەرگە
«چارا» دەپ ئىسىم قويۇپتىكەن ، شۇنىڭدىن تارتىپ ھازىرغىچە
شۇنداق ئاتىلىپ كېلىۋېتىپتۇ··· — دەپ سۆزلەپ بەردى چەپەرنىڭ
ئاتىسى .

ئۇلار پاراڭ بىلەن بولۇپ ئېتىنى ئۆز مەيلىگە قويۇپ بەرگەچ-
كە ، دۆڭبەلگە دەل چۈش مەھەلدە يېتىپ كەلدى . بۈگۈن ھاۋا
ئوچۇق بولۇپ كۈن ئەتىگەندىلا ئىسسىقا باشلىغانىدى ، ئۇلار كەل-
گەندە جاھان ئۇبدانلا ئىسسىپ كەتتى . بۇنداق چاغدا ھېچنېمىنى
ئۇۋلىغىلى بولمايتتى . ئۇچارلىقلاردىن تارتىپ ئاياغلىقلارغىچە
ھەممىسى چاتقاللىق ياكى بىرەر سايىلىقتا كىرىپ جىممىدە يېتىپ
ئارامنى ئېلىشاتتى . چەپەر ئاتىسى بىلەن توغراقلىق ئىچىگە كىرد-
ۋالدى ، بۇ يەر سايىلىق بولغان بىلەن دىمىق ئىدى . ئۇلار غىزالد-
نىپ ئازراق ئۇخلىۋالماقچى بولۇشتى .

چەپەر كىچىك چېغىدا ئاغىنىلىرى بىلەن ئوينىغىلى چىقىپ
قۇمدا يېتىشىپ كۆزى ئەمدى ئىلىنىشىغا چىرقىرىغان بىر ئاۋاز
بىلەن ھەممىسى ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىشكەنىدى . چىرقىرىغان
چەپەرنىڭ يېنىدا ياتقان بالا ئىكەن . قارىسا بىر كەسلەنچۈك بالىسى-
نىڭ بېشى ئۇنىڭ قۇلىقىنىڭ ئىچىدە بولۇپ ، قالغان قىسمى

1 ئۇيۇلغۇ  قوزۇق (بۇ سۆز مەخسۇس يەرگە قاقىدىغان قوزۇقنى ئاتاشقىلا ئىشلىتىلىدۇ) .

شىپپاڭلاپ تۇراتتى . بالا كەسلەنچۆكنى بىر قولىدا ئۇستىدىن بې-
سىۋالغانىدى . بالىلارنىڭ ھەممىسى چىرقىرىشىپ كەتتى . ئارىدى-
كى چوڭراق بىر بالا كەسلەنچۆكنى تارتىپ چىقىرىۋەتتى ، ھېلىقى
بالا قورقۇپ كەتكەچكە ھوشىدىن كەتتى . بالىلار ئۇنى كۆتۈرۈشۈپ
مەھەللىگە ئېلىپ كېلىشتى . بولغان ئىشتىن بالىنىڭ ئاتا ـ ئانى-
سىمۇ ، باشقىلارمۇ قورقۇپ كېتىشتى . بالىنىڭ يۈز ياشتىن ئاش-
قان مومىسى تولەشئاي قۇتقا ھاسىسىغا تايىنىپ ئۆيىنىڭ ئارقىسىدى-
كى پەسرەك بىر قۇم دۆۋىسى ئۇستىگە چىقىپ :

— جانىڭ قۇر ، يەرگە كىر ! جانىڭ قۇر ، يەرگە كىر ![1] —
دەپ توختىماي قۇمنى ئوچۇملاپ ئېلىپ سورۇشقا باشلىدى .

چەپەر كەسلەنچۆكتىن شۇنداق قورقۇپ كەتتىكى ، «يىلاندىن
قورقۇپ كەتكەن ئادەم ئارغامچىدىنمۇ قورقىدۇ» دېگەندەك ، شۇ-
نىڭدىن بۇيان كەسلەنچۆكنىڭ ئۆزىنى كۆرمەي ئىسمىنى ئاڭلىسىمۇ
يۈرىكى جىغىلدايدىغان بولۇپ قالدى . ئۇلار بىر توغراق تۈۋىگە
كېلىشىگە بىر پاتمىچۇق «شۇر» قىلىپ چەپەرنىڭ پۇتىنىڭ يېنى-
دىن ئۆتۈپ كەتتى . چەپەر قورققىنىدىن تاقلاپ كەتتى . شۇڭا
ئاتىسىنىڭ يېنىدا يېتىش تۇرماق ئولتۇرۇشتىنمۇ قورقۇپ ، چوڭ
ئاچىماقتا ئولتۇرماقچى بولۇپ توغراق ئۇستىگە چىقىپ كەتتى .
ئاتىسى چامچا[2] ئۇستىدىن كىيىۋالغان پالاس كۆكۈزمەكنى سېلىپ
بېشىغا قويۇپ ياتتى . چەپەر پاتمىچۇقنى كۆرگەندىكى قورقۇنچى
كەتمەي ئەتراپقا ئەلەڭلەپ قاراپ ئولتۇراتتى ، يەردىن چىقتىمۇ ياكى
ئاسماندىن چۈشتىمۇ يېقىنلا يەردىكى يوغان بىر توغراق كەينىدىن
بىر يولۋاس پەيدا بولۇپ ئىچ مايماق دەسسەپ بېشىنى تۆۋەن سېلىپ
ئاستا كەلمەكتە ئىدى . چەپەرنىڭ :

— ئاتا ! قوپ ، يولۋاس ! — دەپ تۇۋلىغۇسى كەلدى ، لېكىن
يولۋاسنىڭ ئۇ مېڭىشىدا ئاتىسىنى كۆرگەندەك ئەمەس ئىدى .
«يولۋاس ئاتامنى كۆرمەپتۇ ، خۇدايىم ئۇنى باشقا ياققا كەتكۈزۈ-

---

[1] جانىڭ قۇر ، يەرگە كىر — لوپلۇقلارنىڭ ئەڭ يامان قارغىشى ، جېنىڭ قۇرۇپ كەتسۇن ، سېنى يەر يۇتسۇن ، دېگەنلىك .
[2] چامچا — ئالدى ئوچۇق ، ئۆرە ياقىلىق كۆڭلەك .

ۋەت» دېدى ئېچىدە .

يولۋاس بىر توختىۋېلىپ ئەتراپقا قارىدى . چەپەرنىڭ ئاتىسىنى كۆرۈپ قالغان بولسا كېرەك ، يەنە بايىقى مېڭىشىدا ئالدىرىماي قەدەم ئېلىپ توغراق تۈۋىگە كەلدى ، بېشىنى كۆتۈرۈپ ئىككى يانغا قارىدى ، ئاندىن ئېڭىشىپ چەپەرنىڭ ئاتىسىنىڭ پۇتىنى پۇرىدى ، قورسىقىنى ، باشلىرىنى پۇرىدى . بۇ چاغدا چەپەرنىڭ ئاتىسى يولۋاسنىڭ تۆت پۇتىنىڭ ئارىسىدا قالدى . چەپەر نېمە قىلارىنى بىلمەي ، جېنى بار بىلەن يوقىنىڭ ئارىسىدا قورقۇپ ئولتۇراتتى . يولۋاس ئۇنداق پۇراپ ، بۇنداق پۇراپ ، يەنە بېشىنى كۆتۈرۈپ ئۇيان ـ بۇيان قاراپ قويۇپ ، ماڭغان يۆنىلىشى بويىچە قەدىمىنى ئېغىر ـ ئېغىر ئېلىپ يىراقلاپ كېتىپ قالدى . چەپەرنىڭ يۈرىكى جايىغا چۈشتى . ئولتۇرغان يېرىدىن ئېڭىشىپ ئاتا ! دەپ چاقىرماقچى بولىۋىدى ، ئاڭغىچە ئاتىسى قوپۇپ ئولتۇردى ، چەپەر توغراقتىن ئۆزىنى ئاتقاندەك چۈشۈپلا :

— ياپىر ، ياپىر ! جېنىم ئازلا قالدى ··· يولۋاس··· — دېدى .

— ھە ، يولۋاس ، مېنى قورقمىدى دەمسەن ؟

— بىلدىڭما ؟

— ئۇخلىمىغان تۇرسام .

— ئەمىسە ···

— بىلىپ قوي ، يولۋاس مۇشۇك مىجەز ھايۋان . مۇشۇك قوشقاچ ، چاشقان مىدىرلىسا ئاندىن ئېتىلىدۇ . تۇتقان چاشقان ، قوشقاچلارنى ئۇيان ـ بۇيانغا تاشلاپ ، شۇ ئارقىلىق ئۇنىڭغا ئاسلانلىرىنى قىزىقتۇرۇپ ئېتىلدۇرۇپ ئۆگىتىدۇ . يولۋاسنىڭ كېلىۋاتقىنىنى كۆرۈپ قالدىم ، مىدىرلىسام بولمايتتى ، قېچىپمۇ قۇتۇلالمايتتىم ، تەۋەككۇل دەپ ئۆلگەن بولۇپ يېتىۋالدىم . يولۋاسنىڭ قورسىقى توق ئىكەن . بىر نەرسە يېگىنىگە ئۇزاق بولماپتۇ ، گۆش پۇراپ تۇرىدۇ ، ئاچ بولسا ماڭا ئېغىر سالاتتى . يەنە بىر مۇھىم ئىش ، ھېلىمۇ ياخشى بىرەر نەرسە ئوۋلاپ قالىلماپتۇق ، گۆش يەپ قالماپتۇق ، قان يا گۆش پۇراپلا قالغان بولسام ، مەن يوق

ئىدىم ، — دېدى چەپەرنىڭ ئاتىسى .

— ياپىر ، ياپىر ، خۇدايىم بىر تۇراق[1] بولدى ، بۇگۇن ئۇۋلىمىساقمۇ مەيلى ، كېتەيلى ، — دېدى چەپەر .

— شۇنداق ، كېتەيلى . بۇ تىترەپ تۇرغان يۈرىكىمىز بىلەن ھېچنېمە ئاتالمايمىز ، — دېدى چەپەرنىڭ ئاتىسى .

ئۇلار مەھەللىگە قۇرۇق قول ، ئەمما يولۋاسنىڭ ئاغزىدىن ساق قايتىپ كەلدى . بۇ ، چەپەرنىڭ ئاتىسىنىڭ ئۆمرىدە ئوۋدىن بىرىنچى قېتىم قۇرۇق قول قايتىشى ئىدى . مەھەللىداشلىرى بۇنىڭغا ھەيران قېلىشقانىدى . ئۇلارنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ «ياپىر» دېيىشىپ ياقىلىرىنى تۇتۇشتى . چوڭ ياشلىقلار چەپەرنىڭ ئاتىسىنىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ :

— جانىم ساڭا ، چىق - چىق - چىق ! خۇدا تۇراق بوپتۇ ، — دېيىشتى .

مەھەللىدىكىلەر يېقىنقى يىللاردىن بۇيان بولۇپ ئۆتكەن چەپەرگە مۇناسىۋەتلىك بىرنەچچە قورقۇنچلۇق ئىشلارنى بىر - بىرىگە چېتىپ قارىشىپ : «چەپەردە بىرەر كارامەتلىك خىسلەت بارمۇ - قانداق ، بۇرۇن بۇنداق ئىش بولۇپ باقمىغان» دېيىشتى ھەم ئۇنىڭغا شۇبھە بىلەن ئەيمىنىپ قارايدىغان بولۇپ قېلىشتى .

## 8

ئارىدىن بىر ئايدەك ئۆتكەن بىر كۈنى چەپەر بەش - ئالتە ئاغىنىسى بىلەن تارىم دەرياسىغا بېلىق تۇتقىلى باردى . دەريا كۆۋەجەپ چايقاقلىنىپ ئاقماقتا . ئېھ ، تارىم ! ئانا تارىم ، ئانا دەريا ! سەن مۇشۇ زېمىنىنىڭ ھايات بېغىشلىغۇچىسى ، قان تومۇرى سەن ، جان تومۇرى سەن ! بۇ ۋادا — تەكلىماكان ئۇ يېنىغا قارىسىمۇ قۇم ، بۇ يېنىغا قارىسىمۇ چەكسىز — پايانى يوقتەك جەزىرە قۇملۇق ، گويا جاھان قۇمدىنلا پۈتۈلگەندەك ، ئۆلۈم ۋەھىمىسى پۈر-

---

[1] تۇراق بولدى — خۇدا ساقلىدى ، خۇدايىم ئارا تۇردى ، خۇدا ئامان قىلدى .

قۇپلا تۇرىدىغان قۇملۇق . لېكىن ، سېنىڭ سىرلىق ھېكمىتىڭ ، جان ئاتا قىلغۇچى ھىممىتىڭنىڭ خاسىيىتىدە مۇشۇ جەزىرە ـ چۆل قۇچاقلىرىڭ ، قولتۇقلىرىڭدا ، بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلىرىڭدا ھاياتلىق ئۆلمەس ، يوقالماس بىر روھ بىلەن قەيسەرانە ياشاپ كەلمەكتە . ئەنە ، يۇمشاق قۇملىرىڭدا قىيغىتىپ ئويناپ ـ ئويناپ راھەتلىنىپ ياتقانلار ئاشۇ ئۆلمەس ، يوقالماس روھنىڭ پۇشتلىرى . ئۇلار كېمە تاياپ ، گۆلمە چۇۋۇپ ـ يىغىپ يۇرۇپ خېلى تالجىقىپ[1] قېلىشقانىدى . چەپەر بىلىقچىلىقتا دائىر ئىشلارنى تېز ، تولۇق ئۆگىنىۋېلىش مەقسىتىدە جىددىي ھەرىكەت قىلدى ، تۇتقان بېلىقلارمۇ باشقىلاردىن جىق بولدى ، بەكلا چارچىدى . شۇڭا سوزۇلۇپ يېتىپ ھايالشمايلا ئۇيقۇغا كەتتى . ئاردىن ئانچە ۋاقىت ئۆتمىگەنىدى ، بىرى ئەندىككەن ئاۋازدا :

— قويۇڭلار ! بۇ نېمە ئىش ، چەپەرگە قاراڭلار ! — دەپ ۋارقىرىدى .

ئۇخلىغىنىمۇ ، ئۇخلىمىغانلىرىمۇ چۆچۈپ ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىشتى ، چەپەرمۇ ئورنىدىن تۇرۇپ :

— ۋارقىرىغان قايسىڭلار ، ماڭا نېمە بوپتۇ ؟ — دەپ كۆپچىلىككە ئۇيقۇچان كۆزىدە قارىدى .

قۇرداشلىرى ئۇنىڭغا قورقۇمسىراپ ئەلەڭلەپ قاراپ قالغانىدى .

چەپەر ئۇلارنىڭ ئۆزىگە بۇنداق ۋەھىملىك قاراپ قالغانلىقىدىن تېڭىرقاپ قالدى ۋە ھەيران بولدى . «مەن نېمە بوپتىمەن ؟» دېگەندەك ئۇستۇۋېشىغا قاراپلا ئۆزىنىڭ تۇرقىدىن ئۆزى چۆچۈپ كەتتى ، كىيىم ـ كېچەكلىرىنىڭ ھەممىسى تىكىشىدىن سۆكۈلۈپ ، تىتما ـ تالاڭ قىلىنغاندەك ھەرەڭ ـ سەرەڭ ساڭگىلاپ تۇراتتى ، ئاغىنىلىرى ئۇنىڭ ئەتراپىدا چوڭ نار تۆگىنىڭ يىنىدىكى بوتىلاقتەك تۇرۇشاتتى .

كېيىك ، جەرەندەك ئىنچىكە ، زىلۋا بوي چەپەر بىر ئۇخلاپ

---

[1] تالجىقىپ — ھېرىپ ، چارچاپ .

قوپۇپلا ئەنە شۇنداق بوي تارتىپ قالغانىدى .

ئۇلار مەھەللىگە يېتىپ كەلگەندە ، چوڭ ـ كىچىك ھەممىسى چەپەرنىڭ تۇرقىغا قاراپ دەسلەپ : «بۇ كىم ؟ !» دېيىشتى . باللار قورقۇشۇپ چوڭلارنىڭ كەينىگە ئۆتۈۋېلىشتى . ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسىمۇ ئەگەر ئۇنىڭ چىرايىدا روشەن بەلگىلەر بولمىغان بولسا ، ئوغلىنىڭ شۇ ئىكەنلىكىگە ئىشەنمىگەن بولاتتى . چەپەرنىڭ ئوڭ قۇلىقىنىڭ ئالدى تەرىپىدىكى مەڭ : «مەن سىلىنىڭ چەپەرىڭلار» دېگەندەك قىلاتتى . چەپەر ئۆز تۇرقىدىكى ئۆزگىرىشتىن ئوڭايسىزلانغان بىر تەئەججۇپتە ئاتا ـ ئانىسىغا ھەم باشقىلارغا : «مەن نېمە بولدۇم ؟» دېگەندەك قارايتتى . ئۇنىڭ ھەربىر قارىشىدا ئۆتكۈر بىر نۇر ئۇچقۇنى چېقىنداپ تۇراتتى .

چەپەرنىڭ بوي ـ بەستىنىڭ بىر ئۇخلاش بىلەن بۇنداق لەپپىدە يوغىناپ قېلىشى كىشىلەردە ئۇنىڭغا قارىتا شۇبھىلىك سەتاقىپ[1] قاراش ، قورقۇپ ئۆزلىرىنى ئېلىپ قېچىش ، تۇرلۇك جەمەلەرنى[2] پەيدا قىلغان بولسا ، ئاتا ـ ئانىسىغا ، ئۆزىگىمۇ بىرمۇنچە ئاۋارىچىلىكلەرنى كەلتۈردى . ئەمدى ئۇنىڭغا ئۇچ كىشلىك رەختتە كىيىم تىكمىسە توغرا كەلمەيدىغان بولدى ، ئۆيمۇ ئۇنىڭغا پەس كېلىپ قالدى ، بېشىنى كۆتۈرسىلا بېشى تورۇسقا تاقىشىپ قېلىپ ئۆي ئىچىدە يا ئولتۇرۇپ ياكى مۈكچىيىپلا يۈرمىسە بولمايدىغان بولۇپ قالدى . چەپەر شۇ چاغدىن باشلاپ «دىۋە» ، «دىۋە ئادەم» دەپ ئاتىلىدىغان بولۇپ قالدى . جەپەرمۇ ، چەپەرمۇ ئەمدى ئېغىزغا ئېلىنمايدىغانلا بولدى . ئۇنىڭغا ھەم ئاتا ـ ئانىسىغا ئەڭ ئەلەم قىلغىنى ، قولۇشتۇلۇقى ئۇنىڭدىن يالتىيىپ يېنىۋالدى .

چەپەر بوي تارتىپ قالغىنىغا ئون كۈندەك بولغان بىر كۈنى ئۇلارنىڭ ئۆيىگە مەھەللىدىكى قېرىلاردىن ئۈچى كىرىپ كەلدى . ئۇلارنىڭ كەينىدە بوغجۇما تۇتقان بىر ئايالمۇ بار ئىدى . ئۇلارنى

---

[1] سەتاقىپ — قورقۇنچلۇق ھەيران قېلىش .
[2] جەمە — پىتنە ـ پاسات ، ئىغۋا .

كۆرۈپ چەپەرنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ يۈرىكى «قارت» قىلىپ قال-
دى . كىرگەنلەر بۇلارغا تونۇش : ئۇلار مەھەللىدە توي ئىشلىرىدا
سۆز سالدۇرۇش ؛ سۆز ياندۇرۇش ئىشلىرىغا كۆپ قاتنىشىدىغان
ئوبۇشقىلار[1] ئىدى .

ئۇلار سۆپىغا چىقىپ جايلىشىپ ئولتۇرۇشۇپ بولۇپ بىر ـ
بىرىگە قاراشتى . ئاردىكى يېشى چوڭراقى بوغجۇما كۆتۈرگەن
ئايالغا ئىشارىلىك قاراپ قويدى . ئايال قولىدىكى بوغجۇمىنى ئوت-
تۇرىغا قويۇپ ئاچتى . بوغجۇمىدا خام يەتتە تال بېلىق كاللىسى[2]
بىلەن بىر كىيىملىك تورقا رەخت : «بىزدىن تاندى ، ئەمدى خالد-
ماس بولۇپ قېلىپ قايتۇرۇۋەتتى » دېگەندەك تۇراتتى . ئىككى
تەرەپكە ھەممە ئىش چۈشىنىشلىك ، سۆزلەپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجى-
تى يوق ئىدى . چەپەرنىڭ ئاتىسى بۇرۇلۇپ يېنىدا ئولتۇرغان
خوتۇنىغا قاراپ بېشىنى يېنىك ئىرغاڭلىتىپ ، «ئامانىتىڭنى ئال »
دېگەندەك قىلدى . چەپەرنىڭ ئانىسى بوغجۇمىغا قول ئۇزاتقاندا ،
قولىقىغىچە بەقەمدەك قىزىرىپ كەتتى ، بوغجۇمىنى يىغىشتۇرۇۋات-
قاندا بولسا ، قانسىراتقان ئۆپكىدەك تاتىرىپ ، قوللىرى بىلىنەر-
لىك تىترەپ كەتتى . كىرگۈچىلەر ئورنىدىن تۇرۇش ئالدىدا :
«ئاللاھۇئەكبەر » دېگەندىن باشقا ، ئىككى تەرەپ بىر ئېغىزمۇ گەپ
قىلىشمىدى .

ھەي ئادەملەر ، ھەي بىز ئادەملەر ! كۆنۈكۈپ كەتكەن ئادەت-
لەرگە شۇ قەدەر بېپىشۋالىمىزكى ، مەۋجۇتلۇقىمىز پەقەت شۇ
ئادەتلەرگە باغلىقتەك ؛ ئارىمىزدىن بىرەر پاكار چىقىپ قالسا :
«ھەي ، ئاۋۇ پاپىكەن » دەيمىز ، توپىمىزغا قوشقۇمىز كەلمەيدۇ ،
گويا قاتارىمىز شۇنچە تولۇق ، مۇكەممەلدەك ؛ ئېگىز ـ گىگانتىراق
بىرى چىقىپ قالسا ، شۇبھىلىك قارايمىز ، ئۇنى ھەرگىز ئەقلىمىز-

---

[1] ئوبۇشقا قېرى ، موماي .
[2] لوپلۇقلارنىڭ ئەنئەنىۋى ئادىتىدە ئوغۇل قىز تەرەپكە سۆز سالدۇرۇش (ئەلچى كىرگۈزۈش ) قىلسا يەتتە تال پىشۇرۇلغان بېلىق بېشى بىلەن كىيىملىك كىرگۈزەتتى (بەش تال سالىدىغىنىمۇ بار ) . قىز تەرەپ ئوغۇل تەرەپنى ماقۇل كۆرسە ئۇ نەرسىلەرنى ئېلىپ قالاتتى ، قايتۇرمايتتى . ناۋادا ، ئوغۇل تەرەپنى لايىق كۆرمىسە بىر ـ ئىككى كۈن ئىچىدە پىششىق بېلىق بېشى ئورنىغا يەتتە تال خام بېلىق بېشىنى باشقا نەرسىلىرى بىلەن قوشۇپ قايتۇرۇۋېتەتتى .

گە سىغدۇرالمايمىز ، گويا ئەقىل دائىرىمىز شۇ قەدەر كىچىكتەك .

چەپەرنىڭ توي ئىشى بۇزۇلغان كۈندىن تارتىپ ئۇلارغا ، بولۇپمۇ چەپەرگە چارىدا تۇرىۋەرمەك ئوڭايسىز بولدى ، بەك ئېغىر كەلدى . ئاتا ـ باللار مەسلىھەتلىشىپ چارىنى تەرك ئېتىپ يىراق-راق جايغا — قۇمدەريا بويىدىكى يارداڭلىققا كەتمەكچى بولۇشتى . ئۇلاردىن ئايرىلىشقا كۆڭلى قىيمىغان ، ئىچ ئاغرىتقان بەزى تۇغقان ، يېقىنلىرىمۇ بىللە كەتمەكچى بولۇشتى . باشقىلارمۇ ھامان بۇ يەردىن كەتمەكچىدى ، چۈنكى تارىمنىڭ سۈيى كۆتۈرۈلۈۋاتقاچقا ، دەريانىڭ پەس تەرىپىدىكى چارا زەيلىشىشكە باشلىغانىدى . ئەمدى بۇ يەردە تىرىكچىلىق قىلغىلى بولمايلا قالماي ، ئۆي ئىچىمۇ زەيدەڭلى باشلىدى . شۇنداق سەۋەبلەردىن «دىۋە ئادەم» ئائىلىسى بىلەن يەنە ئۈچ ئائىلە كۈز كۈنلىرىنىڭ بىرىدە چارىدىن كۆچۈپ چىقىپ كەتتى .

* * *

«دىۋە ئادەم» نىڭ ئەپسانىگە ئوخشاپ كېتىدىغان قىزىقارلىق كەچمىشلىرىنى ئاڭلاپ ئوماقىنىڭ ئۇنىڭغا بىر ياقتىن زوقى كەلسە ، كىشىلەرنىڭ ئۇنىڭدىن ئۆزىنى قاچۇرغىنىدىن ، قوشتۇلۇقىدىن ئاي-رىلىپ قالغىنىغا ئىچ ئاغرىتىپ قالدى .

— سىلەر كۆچۈپ كەلگىلى قانچە ئۇزۇن بولدى ، ئوتىقىڭلار نەدە ؟

— مەن ئون سەككىز ياشتا كۆچۈپ چىققان ، ئوتتۇز ياز ، ئوتتۇز قىش ئۆتتىغۇ دەيمەن . چۆلقۇمغا كەلگەندە ئىنەم[1] تۇيۇقسىز ئېشەكتىن يىقىلىپ چۈشكىنىچە كۆزىنى ئاچمىدى . ئاگايى[2] چۆل-قۇمدا بىر قۇم دۆۋىسىدە قالدى . بىز يارداڭلىققا كېلىپ بەشىنچى يىلى تەپ دەيدىغان بىر كېسەل بىلەن ئاتام كەتتى . مەھەللىدە

1. ئىنەم ئانام مەنىسىدە .
2. ئاگاي يالغۇز قەبرە .

بولساقمۇ بىر ئىلاسى[1] بولاتتى . ئاتام كېتىپ ئىككىنچى يىلى باش-
قىلار : «بۇ يەردە جان باقىلى بولمايدىغان بولدى» دەپ كۆچۈپ
كېتىشتى .

— نېمىشقا جان باقىلى بولمىدى ؟

— ئۇ يەردە سۇ قالمىدى .

— سەن نېمىشقا ئۇلار بىلەن بىللە كەتمىدىڭ ؟

— نەگە بارىمەن ، ئادەم بار يەرگە بارسام ، — ئۇنىڭ كۆڭلى بۇزۇلغاندەك بولۇپ ، سەل تۇرۇۋېلىپ گېپىنى داۋاملاشتۇردى ، — ئۇلار مېنى غەلىتە مەخلۇقتەك كۆرىدۇ ، مەندىن قاچىدۇ . سۇغا يېقىنراق بىر يەرگە كۆچۈپ كېتەي دەپمۇ ئويلىدىم ، لېكىن قالاچ قاناقانىڭ : «بوۋىلارنىڭ كونا ئىزىنىسىغۇ تاشلىدۇق ، ئۇنتۇدۇق . يېڭىسىنىمۇ تاشلاۋاتىمىز ، بوۋىلار ئىزىنى تاشلىمايلى ، بولسا تاش-لىغانلىرىمىزنى تېپىۋالايلى» دېگەنلىرى يادىمغا كېلىپ ، ئاتام ئا-گايىنى ئۇنتۇپ قالماي دەپ ياقىلاپ يۈرىمەن .

— ئاتاڭ ئاگايى نەدە ؟

— ياردائىلىقنىڭ بويىدا .

— يېقىنمۇ ، يىراق ؟

— خېلى يىراق .

— نېمىشقا ئۇ يەرگە قويدۇڭ ؟

— بىر قېتىم ئاتام بىلەن ئايلىنىپ يۈرۈپ بىر ياردائىلىقنىڭ ئۇستىگە چىقىپ قالدۇق ، ئۇستى كەڭ تۈز ئىكەن . يەردىن چىقىپ قالغان توغراق ، يۇلغۇن شاخلىرى ، قىرچىن ئارىلاش توقۇلغان نەرسىلەر جىق ئىكەن . ئاتام بۇ كونا ماقاتلىق[2] ئوخشايدۇ ، دېدى . كېيىن ئاتام ئۆلگەندە يالغۇز ياتمىسۇن دەپ ئاشۇ ماقاتلىق ياردائ-لىقنىڭ يامزىلىغا قويدۇم . ئاتى ئۆتۈپ كەتمەسۇن[3] دەپ پات - پات بېرىپ تۇرىمەن .

— ياردائىلىق ئەتراپىدا ئۆي - ساتمىلار بارمىكەن ؟

---

[1] ئىلاسى -- داۋاسى ؛ ئامالى ، چارىسى .
[2] ماقاتلىق   قەبرىستانلىق .
[3] ئاتى ئۆتۈپ كەتمەسۇن   نامى ئۆچۈپ كەتمىسۇن .

— ھېچنېمە يوق ، ئۇ ئەتراپتا ئادەم ياشىغاندەك قىلمايدۇ .

ئۇماق ئويلىنىپ قالدى . شۇنچە ئۇزۇن ماقاتلىق ، لېكىن يېقىن ئەتراپتا ئادەم ياشىغاندەك قىلمىسا ، ئۇ ماقاتلىق نەدىن پەيدا بولۇپ قالىدۇ ؟ ئۇ قالاچ بوۋاي بىلەن بىرنەچچە قېتىم پاراڭلىشىش ئارقىلىق ، ئۇزاق ئۆتمۈشتە ئۆتكەن جەمەت بوۋىلىرىنىڭ ئىزلىرى-نىڭ قانداقلىقى ، نەدىلىكى توغرۇلۇق ئويلىنىدىغان ، بىرنېمىلەر-نى قىياس قىلىپ باقىدىغان بولغانىدى . چەپەر — «دىۋە ئادەم» دەۋاتقان يارداڭلىقتىكى ماقاتلىقتا ئوخشايدىغان كۆرۈنۈشلەرگە ئۇ-ماق قىزىقىپ قالدى . قالاچ بوۋاي : «كېيىنكى بالاڭ ئۇ ئىزلارنى چوقۇم تاپىدۇ» دېگەنىدى . ئۇنىڭ دېگىنى مۇشۇ ئىزلارمىكىن . ئۇ ئىزلارنى تاپىدىغان بالام تۇغۇلماي تۇرۇپ مەن ئۇ ھەقتە سىرتىغقا ئىگە بولۇۋاتىمەن . بۇ ئالدىن بىلدۈرۈلگەن بېشارەتمىدۇ ، قالاچ بوۋاي ئەۋلىيامىكىنە !؟» ئۇماق ئويلىغانچە يارداڭلىقتىكى ماقات-لىقتا بولغان قىزىقىشى غۇلۇتماندەك يالجىپ ئۇنى بارغانسېرى ئويلاندۇرماقتا ئىدى .

— بۇ توغراقلىق تىنچ ئوخشىمامدۇ ؟

— تىنچ .

— يەيدىغانلىرىڭنى قانداق قىلىسەن ؟

— باشقا جايدىن ئوۋلاپ - تۇتۇپ كېلىمەن .

— بۇ توغراق تۇۋى دائىملىق تۇرالغۇ قىلىدىغان جايىڭمۇ ؟

— ياق ، مۇشۇ نەرسىلەرنىلا قويىمەن ، ئوتىقىم ئاۋۇ تەرەپتە .

شۇ تاپتا ئۇماقنىڭ قۇلىقىدا قالاچ بوۋاينىڭ : «بىز ئۆزىمىز-نىڭلا ، ئۆز ئائىلىمىز ، ئۆتۈپ كەتسە جەمەتىمىزنىڭلا غېمىدە بول-دۇق ، چېچىلىپ كەتتۇق» دېگەنلىرى يەنە سادا بەرمەكتە ئىدى . ئۇماقنىڭ ئوتتۇز يىلغا يېقىن سۇسىز ، ئادەمسىز توغراقلىقتا تەنھا ياشاپ كېلىۋاتقان بۇ «دىۋە ئادەم» نىڭ كۈنلىرىنى قانداق ئۆتكۈزۈ-ۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ باققۇسى ، ئەگەر خالىسا ئۆزلىرى بىلەن بىللە ئېلىپ كەتكۈسى كەلدى ، يولىغا ئانچە ئالدىراپ كەتمىدى .

— بىزنى ئوتىقىڭغا باشلاپ بارمامسەن ؟

— باشلاپ باراي ، ئۇلاغ ، نەرسىلىرىڭلار مۇشۇ يەردە تۇرۇپ تۇرسىمۇ بولىدۇ .

— بولىدۇ ، ئازراق ئۇسالىق ئىچىۋالايلى .

— ئۇسالىقنى يولدا ئىچىڭلار ، ئوتىقىمدا سۇ بار .

ئۇلار ئايقۇتنى ھېرىپ قالىدۇ دەپ ئېشەككە مىندۇرۇۋالدى . چەپەر قۇرۇق توغراق شاخلىرىنى ئارىلاپ ئالدىدا ماڭدى . توختاق ئېشەكنىڭ چۇلۇۋۇرىنى تۇتۇپ ئوماققا ياندىشىپ ماڭدى . ئوماقنىڭ خىيالى يەنىلا ئالدىدا كېتىۋاتقان بويى ئۆزىنىڭكىدەك ئىككى چىقىدىغان ، بىلەك ، پاچاقلىرى ئادەمنىڭ بېلىدەك ، بېشى خۇددى يۇملاق توقۇلغان مانجار سېۋەتتەك يوغان ، كېلەڭسىز ئادەمدە ئىدى . كىشىلەر ئۇنى «دىۋە ئادەم» دېگىنى بىلەن ، دىۋە زادى قانداق مەخلۇق ، ئۇنى كۆرگەنلەر بارمىكىن ؟ ئوماق دىۋە توغرىسىدا بوۋىسى ، موممىسى ئېيتىپ بەرگەن چۆچەكلەردىنلا بەھەيۋەت ، مەيدىلىرى يۇڭلۇق ، كۆزلىرى چۆچەكتەك ، بۆرتۇپ چىققان بۇرنى ئۆچكىنىڭ تۇۋىقىدەك ئۇچلۇق ، ئىلمەك ، قېشى ھەرەڭ ـ سەرەڭ ئۆسكىلەڭ ، ئۇزۇن پاخماق چاچلىرى دۇمبىسىنى ياپقان ، تىنىسا بۇرنىدىن قارا ئىس چىقىدىغان بەتبەشىرە ، قورقۇنچلۇق بىر مەخلۇقنى كۆز ئالدىغا كەلتۇرەتتى ··· ئوماقنىڭ خىيالىنى چەپەرنىڭ قوشىقى ئۇزۇپ قويدى .

كىم قارايدۇ مەندەك باغرى غەملىككە ،
قىزىلگۇل دەپ ياشىم يەتتى ئەللىككە .
قوشتۇلۇقۇم مەندىن كۆڭۇل بۆلمەيتتى ،
خۇدا قويدى گۇل يارىمنى تەڭلىككە .

بارالمادىم تويلۇقۇڭغا قوي تارتىپ ،
مەلەڭ ئارا ماڭالمادىم توي تارتىپ .
ئەل قاتارى بولماغانىم گۇناھمۇ ،
مەن ئۆزۈمچە كەتكەنمەدىم بوي تارتىپ .

خۇدا بىلەر كىمدە قانداق گۇناھ بار ،
ئارامىزدا گۇۋاھلىققا خۇدا بار .
گۈلۈم ، خۇدا بەرگەنمەدۇ بەختىڭنى ،
ئۆلگۈچەڭگە[1] ئۆتكىن يارىم بەختىيار .

... ... ...

— بىچارە ، — دېدى ئايقۇت ، ئۇماق ئاڭلىغۇدەك پەس ئاۋاز-دا ، — بىر ئۆمۈر مۇشۇنداق بوي[2] ئۆتەرمۇ ، ئۇنىڭغا بۇنچىۋالا قامەت بەرگەن خۇدايىم بىر يولىنى قىلىپ بەرسە بولمامدۇ ؟

ئۇماق بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى . ئۇمۇ بۇ ئادەمنىڭ بەخت-سىزلىكىگە ، تەقدىرىنىڭ ئۇنى شۇنداق قىلىپ قويۇپ ، يەنە تېخى ئادەملەردىن ئايرىپ مۇشۇ چۆلگە تاشلاپ قويغىنىغا ئېچىنىپ ، ئۇنىڭ ئۈچۈن ئىچ ئاغرىقى تارتىپ كېتىۋاتاتتى .

— كەلدۇق ، مېنىڭ ئوتىقىم مۇشۇ ، — دېدى چەپەر تۆت ئادەمنىڭ غۇلىچى يەتمىگۇدەك ، شاخ - باغجانلىرى ئەتراپىنى بىر ئالغان يوغان بىر تۈپ توغراقنىڭ يېنىدا توختاپ . ئۇماق توغراققا قاراپلا ئۇنىڭ قانچىلىك ئۇزۇن ياشىغانلىقىنى قىياس قىلدى ، لېكىن توغراق ئۇنىڭ قىياسىنىڭ ئەكسىچە ياپياشتەك تۇراتتى ، بىرەر شېخىمۇ قۇرۇمىغان ، يوپۇرماقلىرىمۇ ياش توغراقنىڭكىدەك چوڭ ھەم توق يېشىل ئىدى .

— سۇ يوق بولسىمۇ ئەجەب ياشىرىپ تۇرۇپتا ، — دېدى ئۇماق ئايقۇتقا قاراپ .

— ئانىڭغا قارا ، — دېدى ئايقۇت ئېڭىكىنى كۆتۈرۈپ .

ئۇماق ئايقۇت ئىمالىغان يەرگە كۆز يۈگۈرتتى . ئۇ يەردە ئۇزۇن بىر ئۇلاق تۇراتتى .

— بىر ئۇلاق تۇرىدىغۇ .

— ئىچىگە قارا .

---

1. ئۆلگۈچەڭگە — ئۆلگۈچە .
2. بوي — بويتاق .

ئولاقتا يېرىم سۇ بار ئىدى. ئۇ ئوماق كۆرمىگەن بىلەن ئايقۇت ئېشەك ئۈستىدە تۇرۇپ كۆرگەنىدى.

— ئەمىدى سىلەرگە بۇ يەردىكى نەرسىلىرىمنى كۆرسىتەي، — چەپەر شۇنداق دېگەچ كېلىپ ئايقۇتنىڭ ئېشەكتىن چۈشۈشىگە ياردەملەشتى، ئاندىن توختاقنىڭ قولىدىن چۆلۈزىنى ئالدى. توغراقنىڭ ئۇششاق، ياش شاخلىرىنى ئوشتۇپ ئېشەكنىڭ ئالدىغا تاشلاپ بەردى. بۇ چاغدا ئوماق ئولاقتىكى سۇغا، ئاندىن ئەتراپقا قاراش بىلەن بولۇپ، ئايقۇتنى ئېشەكتىن چۈشۈرۈشنى ئېسىدىن چىقىرىپ قويغانىدى.

ئوماق ئولاقنىڭ يېنىغا بارديۇ، «بۇ، نىمە ئىش؟» دېگەندەك ئايقۇتقا قارىدى.

ئولاقنىڭ يېنىدا ئۈستى شاخ ـ شۇمبىلار بىلەن ئېتىلىپ، ئادەم پاتقۇدەك چوڭلۇقتا ئېغىز قويۇلغان بىر قۇدۇق تۇراتتى. ئوماق چەپەرگە قارىدى.

— بۇ يەردە سۇ باركەنغۇ؟

— يېقىن ئەتراپتا سۇ يوق، بۇ قۇدۇقنى مەن كولىدىم.

ئوماق بەختىسىز، ئەمما ياشاشنى بىلىدىغان ئەقىللىق چەپەرگە تېخىمۇ قىزىقتى.

— بۇ يەردە سۇ بارلىقىنى قانداق بىلدىڭ؟

— ئاتامنىڭ ئېيتىشىچە، يەتمىش ـ سەكسەن يىللارنىڭ ئالدىدا تارىمنىڭ بىر تارمىقى مۇشۇ توغراقلىقنىڭ يېنىدىن ئۆتكەنىكەن. توغراقلىقنىڭ ئورنى پەس، بۇ بىر تەرىپى، يەنە بىر تەرىپى، توغراق شاخلىرىغا قارىسام بىرەرسىمۇ قۇرۇمىغان، پات ـ پات سۇ كىرىپ تۇرغاندەك ياشىرىپ تۇرۇپتۇ. مۇشۇلاردىن قۇم تېگىدە سۇ بارمىكىن، دەپ ئويلىدىم. ئەمما بىر جېنىم ئۈچۈن قۇدۇق كولاپ نىمىمۇ قىلارمەن، دەپ ئويلىغانىدىم.

— ھە، ئەمىسە يەنە قۇدۇقنى كولاپسەنغۇ، ئولاققا نىمىشقا سۇ ئېلىپ قويدۇڭ؟

— ئوماق، قارىغىنا!

ئايقۇتنىڭ ئاۋازى ھاياجانلىق چىققاچقا، ئوماق گېپىدىن توختاپ ئايقۇت كۆرسەتكەن تەرەپكە قاراپلا قالدى.

بۇلاردىن ئوتتۇز – قىرىق قەدەم نېرىدا ئوندەك كېيىك، ئون بەشتەك جەرەن، ئۇلارنىڭ يان تەرىپىدە بىر قوتانلىق قوي مۇشۇ تەرەپكە تەلمۈرگەندەك قاراپ تۇراتتى. ئوماق تېخىمۇ ھەيران بولغىنىچە چەپەرگە قارىدى.

— ئۇلار مېنىڭ كېيىك، جەرەنلىرىم. قويلار ئەسلىدە مېنىڭ ئىدى، ھازىر سەل ياۋىلىشىپ قالدى. ئۇلارنىڭ سۇ ئىچىدىغان ۋاقتى بولغان، سىلەردىن قورقۇپ كەلمەيۋاتىدۇ.

— سەندىن قورقامدۇ؟

— ياق، نېرىغىراق بېرىپ تۇرۇڭلار، — دېدى چەپەر.

ئوماق بىلەن ئايقۇت قىزىق بىر ئويۇن كۆرىدىغاندەك قىزىقسىنىپ بىر – بىرىگە قارىشىپ نېرىدىكى بىر توغراقنىڭ كەينىگە ئۆتۈپ قاراپ تۇردى.

چەپەر قۇدۇقتىن بىر سوغا سۇ تارتىپ ئېگىز كۆتۈرۈپ تۇرۇپ ئولاققا قۇيدى. كېيىك، جەرەن، قويلار ئالدىرىماي كېلىشىپ ئولاقنىڭ ئىككى تەرىپىدە ئارىلاش تۇرۇشۇپ سۇ ئىچىشتى. چەپەر ئۇلارنى ئارىلاپ يۈرۈپ بىرىنىڭ سۆڭگىچىنى، بىرىنىڭ دۈمبىسىنى، يەنە بىرىنىڭ بېشىنى سىلاپ قوياتتى. ئۇلارمۇ چەپەردىن سۆيۈنگەندەك ئۇنىڭغا سۈيۈشۈپ ئەركىلىشەتتى.

— بېچارە، يالغۇزلۇقنى مۇشۇلار بىلەن بىلىندۈرمەي ئۆتكۈزىدىكەن، — دېدى ئايقۇت.

ئوماقمۇ چەپەرنىڭ يالغۇزلۇقىغا ئۆكۈنۈپ ئايقۇتنىڭ گېپىگە قوشۇمچە قىلدى:

— ھېلىمۇ ياخشى ئۇنىڭغا مۇشۇ جانىۋارلار بار ئىكەن، بولمىسا قانداق قىلار بولغىيتتى، بۇ بېچارە.

كېيىك، جەرەن، قويلار سۇنى ئىچىپ بولۇپ چەپەرنى ئوتتۇرىغا ئالغاندەك ئۇنى چۆرىدەپ بىرپەس تۇرۇشقاندىن كېيىن، ئۆز خىللىرى بويىچە توپ بولۇشۇپ كەلگەن تەرىپىگە كېتىشتى.

ئۇلار كەينىگە يېنىپ ماڭغاندا ئوماق چەپەرنىڭ يېنىغا كېلىپ ئۇنىڭدىن :

— بۇلار نەدە ئوتلايدۇ ؟ — دەپ سورىدى .

— توغراقلىقنىڭ كۈنپېتىش تەرىپىدە چاتقاللىق بار ، شۇ يەردە ئوتلايدۇ .

— بۇ كېيىك ، جەرەنلەرنى قانداق ئۆگىتىۋالدىڭ ، بۇ يەرگە ئۆۋچىلار كەلمەمدۇ ؟ — چەپەرنىڭ بۇ يەردىكى ئىشلىرىنى ئوماقنىڭ بىلگۈسى كەلدى .

چەپەرنىڭ بۇ توغراقلىقتىكى كەچۈرمىشلىرىمۇ چۆچەكلىرىدىمىزگە ئوخشاپ كېتىدىغان قىزىق بىر ھېكايە .

## 9

چەپەر ئاتىسى بىلەن ئوۋغا چىقىپ يۈرۈپ مۇشۇ توغراقلىقتا كېلىپ قالغان . شۇ قېتىمدا ئۇلار بۇ يەردىن بىر كېيىك ، بىر جەرەن ئوۋلىغانىدى . ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي ئاتىسى ئۆلۈپ كەتتى ، يارداخبولاق ئەتراپىدا تۇرۇشقا بولماي قالدى . ئۇنىڭ ئاتىسىنىڭ تۇپرىقىنى تاشلىغۇسى كەلمەي مۇشۇ توغراقلىقتا قالدى . توغراقلىقتا سۇ يوق ئىدى . سۇنى يىرىم كۈنلۈك يەردىن سوغا ، تۇلۇملارغا ئېلىپ ئات ، ئېشەكلىرىگە ئارتىپ ئەكېلىۋېلىپ يۈردى . بىر قېتىم ئەكەلگەن سۈيى بىر ھەپتە يېتەتتى . ئوۋلاشقا كېيىك ، جەرەنلەرمۇ يىراقتا بولسىمۇ بار ئىدى ، ئاتىسىدىن قالغان بەش قوي كۆپىيىپ قالدى . قويلارغا سۇ ئەكېلىپ بەرمەك ئۇنىڭ ئالدىدىكى چوڭ ئىش بولدى . ئۇ تۇز ، ئېگىز ئۆسكەن بىر توغراقنى كېسىپ ئولاق ياسىدى . ئەكەلگەن سۇنىڭ يېرىمىنى ئۆزىگە ئېلىپ قېلىپ ، يېرىمىنى ئولاققا تۆكۈپ قويىدىغان بولدى . ئۈچ يىل شۇنداق ئۆتتى . ئىسسىق بەك بولغان بىر يىلى قۇملار چوغدەك قىزىپ كەتتى . شۇنداق ئوت ـ ئاتەشتەك كۈنلەرنىڭ بىرىدە چەپەر كۈندۈزى سوغا باردى . بارارىدا ئەتىگەن بولغاچ كۈن بەك ئىسسىپ

كەتمىگەن بولسىمۇ ، قايتىپ كېلىشتە ئىسسىقنىڭ دەستىدىن ئۆزدە-
مۇ ، ئات ، ئېشىكىمۇ چىدىماي قالدى . ئېتى ئىسسىققا پايلىماي
ئۆلدى ، ئىككى تۇلۇمنى ئۆزى كۆتۈرۈپ كەلدى . شۇنىڭدىن كې-
يىن سۇغا كېچىسى بارىدىغان بولدى . بىر كېچىسى ئىككى سوغىنى
ئېشەككە ئارتىپ ، ئىككى تۇلۇمنى بىر - بىرىگە چېتىپ مۈرىسىگە
خۇرجۇندەك ئارتىپ كېلىۋاتاتتى ، ئالدىدا بىر توپ كېيىك ، جەرەن-
نىڭ كېتىۋاتقىنىنى كۆرۈپ قالدى . ئۇ بۇلارنىڭ نەگە بارىدىغانلى-
قىنى بىلمەكچى بولۇپ ئارقىسىدىن قارا كۆرە ماڭدى . كېيىك ،
جەرەنلەر ئۇدۇل توغراقلىققا كېتىۋاتاتتى . چەپەر بۇنىڭغا ھەيران
قالدى . توغراقلىقنىڭ قارىسى كۆرۈندى . كېيىك ، جەرەنلەر مېڭى-
شىنى ئىتتىكلىتىپ توغراقلىققا كىرىپ كەتتى .

— بۇ جانىۋارلار سۇ ئىچكىلى مەن سۇغا بارىدىغان تەرەپكە
بارىدىكەن ، كۈندۈزى ئۇۋچىلارغا ئۇچراپ قېلىشتىن قورقۇپ كې-
چىسى ماڭىدىكەن ، بۇ بىچارىلەر . توغراقلىقتا سۇ بولغان بولسا ،
ماڭمۇ ، بۇلارغىمۇ بۇنچە ئاۋارىچىلىك بولمايتتى ، — دېدى
ئۆزىچە .

«سۇ تېپىلىپ قالسا ئەجەب ئەمەس» دەپ ، ئەتىسى بىر كۈن
توغراقلىقنى ئارىلىدى ، ئەمما سۇ كۆرمىدى . شۇنداق بولسىمۇ
ئەتىسى يەنە ئارىلىدى ، يەنىلا سۇ يوق بولۇپ چىقتى . توغراقلارنىڭ
ياشىرىپ تۇرغىنىغا قاراپ ، ئاتىسىنىڭ : «قۇم ئاستىدا سۇ بار
ئوخشايدۇ» دېگىنى ئېسىگە كەلدى . شۇنىڭ بىلەن بىرىنچى قېتىم
كۆرۈۋاتقاندەك توغراقلارغا ئوبدان سەپسېلىپ قاراشقا باشلىدى .
توغراقلارنىڭ بىرەر شېخىمۇ قۇرۇپ قالمىغاندەك ئەمەس ، يوپۇر-
ماقلىرى ياش توغراقلارنىڭكىدەك تولۇق ، چوڭ ، قارامتۇل يې-
شىل . «قۇدۇق كولىسام سۇ چىقارمۇ» دەپ ئويلىدى . شۇئان
قالاچ قاناقانىڭ بىر گېپى ئۇنىڭ ئېسىگە كەچتى . «بىز يەرنىڭ
بەرگىنىگىلا قاراپ تۇرماي ، ئۆزىمىزمۇ يەردىن تېپىپ يېيىشنى
ئۆگىنىۋېلىشىمىز لازىم» دېگەنىدى قاناقا بىر ئۇچرىشىشتا
ئۇنىڭغا .

چەپەر ئاتىسىدىن قالغان ئۆي بىساتلىرى بىلەن كېرەكلىك سايمانلارنى بۇ يەرگە ئەكېلىۋالغانىدى. چەپەر قەتئىي نىيەتكە كەلدى. ئەتراپىنى يەنە بىر ئايلىنىپ چىقىپ، توغراقلىق ئوتتۇرىسىدىكى مۇشۇ پەسرەك جاينى تاللاپ قۇم كۆرەيدىغان گۈرجەك بىلەن قۇمنى كۆرەپ ئېتىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ مۇشۇ بەستى، ئادەم بېلىدەك بىلەكلىرىگە گۈرجەكتە قۇم كۆرەش خۇددى ئوتىغۇچتا توپا تاشلاپ ئوينىغانچىلىك ئىش ئىدى. بىر ئاش پىشىم بولمايلا بىر غۇلاچچە چوڭقۇرلۇقتا كولاپ بولدى. قۇم سەل نەملەشتى. چەپەرنىڭ قەتئىي ئىرادىسىگە ئۇمىد قوشۇلدى، ئەمما بىر گۈرجەك قۇم كولىسا ئىككى گۈرجەك قۇم سىيرىلىپ چۈشۈۋېلىپ بەك ئاۋارە قىلدى. شۇنداقتىمۇ ئۇ بايىقى ئىرادە، ئۇمىد بىلەن ئىككى غۇلاچ چوڭقۇرلۇقتا كولىغاندىن كېيىن، سۇ جامالىنى كۆرسەتتى. سۇ سۈپسۈزۈك ئىدى. ئۇ ئوچۇملاپ ئېلىپ ئىچىپ باقتى. سۇنىڭ تەمى ئۇ ئىچىپ چوڭ بولغان تارىم سۈيى بىلەن ئوپئوخشاش ئىدى، پەقەت مۇزدەكلىكى ئارتۇق ئىدى.

ئاھ، سۇ، ئاھ، سۇ، ھاياتلىقنىڭ جېنى، جاننىڭ ھۇزۇرى سۇ! چەپەر قۇدۇقنى كولاۋېتىپ سۇنىڭ قىرتاق، شورلۇق چىقىپ قېلىشىدىن ئەنسىرىگەنىدى، ئىچكەن بىر ئوچۇم سۇ بىلەن ۋۇجۇدى ياشىرىپ قالتىس ھۇزۇرلاندى، گۈرجەكنى قويۇپ قوللىرى بىلەن كولاپ كەتتى. ئەمدى ئۇ قۇمنىڭ سىرغىپ چۈشۈشىنى توسماقچى بولدى. توغراقنىڭ تۈز، ئۇزۇن شاخلىرىدىن ئوندەكنى كەسلەپ، بىر ئۇچىنى ئۇچلاپ قۇدۇق ئىچىگە ئايلاندۇرۇپ قاقتى، ئاندىن چاتقاللىقتىن يۇلغۇن، قىرچىنلارنى كېسىپ - قىرقىپ ئەكېلىپ قوزۇقلارنىڭ سىرتىدىن ئايلاندۇرۇپ ئىقتاپ قويدى. ئالدى بىلەن بىر تەرەپنىڭلا قۇمنى تارتتى، ئاستىنقى قۇم نەم بولغاچقا سىرغىمىدى، قۇمى تارتىلغان تەرەپنى ئۇدۇللۇق توسۇپ، ئاخىر ھەممە تەرەپنى توسۇپ بولدى. ئۇ قۇدۇقنىڭ ئۈستىنى ياپتى، بىر چېلەك سۇ تارتىپ قوللىرىنى، باش - كۆزىنى يۇدى، بىر كۈنلۈك ئەمگىكىنىڭ ھاردۇقى چىقتى. ئۇ شۇ كۈنى بىرىنچى

بولۇپ ئۇلاقنى سۇغا تولدۇرۇپ ، قوي ، ئېشكىنى سۇغاردى .

-- كېيىك ، جەرەنلەرنى قانداق ئۆگىتىۋالدىڭ ؟

-- ئۇلار قويلارنىڭ ئۇلاق ئەتراپىغا ئولىشىۋالغانلىقىنى كۆر-گەن ئوخشايدۇ ، ئۇلارنىڭمۇ ئولاققا يېقىنلىشىپ ئىشىپ قالغان سۇنى تالىشىپ ئىچىۋاتقىنىنى يىراقتىن كۆرۈپ قالدىم . ئۇلار قۇدۇقتىن ئانچە يىراق كەتمىگەندە كېلىپ قۇدۇقتىن سۇ تارتىپ ، سوغىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ شارقىرىتىپ ئاۋاز چىقىرىپ قۇيدۇم . سۇنىڭ شارقىرىغان ئاۋازىنى ئاڭلاپ كېيىك ، جەرەنلەر توختاپ ئارقىسىغا قاراشتى . مەن بىر سوغا سۇنى يەنە ھېلىقىدەك قۇيۇپ قويۇپ يىراققا كەتتىم . ئۇ كۈنى كېيىك ، جەرەنلەر ئولاق يېنىغا كەلمىدى ، ئەتىسى ئالدىنقى كۈنى كەلگەن ۋاقىتقا توغرىلاپ ئولاققا ئازراق سۇ قۇيۇپ قويدۇم . ئۇلار قەرەلىدە كەلدى ، ئولاقتىكى سۇنى ئىچىشتى ، قانمىدى چېغى ، ئولاق ئەتراپىدا تۇرۇپ بېقىپ كېتىشتى . بىر ھەپتە شۇنداق قىلدىم . ئۇنىڭدىن كېيىن ، كې-يىك ، جەرەنلەر سۇغا چالا قېنىپ ئۇزاپ كەتمەستە دەسلەپكىدەك قىلىپ يىراق كەتتىم ، كېيىك ، جەرەنلەر قايتىپ كېلىپ سۇنى قانغۇچە ئىچىشتى . بارا ـ بارا ئۇلار ماڭا ئۆگىنىپ قالدى ، مەنمۇ ئۇلارغا ئۆگىنىپ ئېجىل بولۇشۇپ قالدۇق . قويلار ئىلگىرىكىدىن سەل ياۋىلىشىپ قالدى . نېمىلا بولسۇن ئۇلار بىللە ئوتلىشىپ ، سۇ ئىچكىلى بىللە كېلىدىغان بولدى . بەزىدە ئەتەي سۇنى ئاز قۇيۇپ يېنىدا تۇرىمەن . سۇغا قانمىغان بۇ جانىۋارلىرىم بىر ئولاق-قا ، بىر ماڭا : «سۇ قۇيۇپ بەر» دېگەندەك تەلمۈرۈپ قارىشىدۇ . سۇ قۇيۇپ بەرسەم ئويناقلاپ يۈرۈپ ئىچىشىدۇ . ئۇلار سۇغا قېنىپ بولۇپمۇ ئەتراپىمدىن كەتمەي تۇرۇشىدىغان بولدى . مەن توغراققا چىقىپ شاخ تاشلاپ بېرىمەن . توغراقنىڭ شاخ ، يوپۇرماقلىرىنى ۋاشىلدىتىپ يېسە ، ئۇلارنىڭ بۇ ھەرىكىتىدىن كۆڭلۈم ئېچىلىپ ، كۆڭۈل يېرىمچىلىقلىرىمنى ئۇنتۇپ كېتىمەن .

باياتىن چەپەرنىڭ ئاغزىغا قاراپ قالغان ئايقۇت كۆڭلىگە كەچ-كەننى سورىدى :

— ئۇۋچىلار كېلىپ بۇلارغا زىيان يەتكۈزمەمدۇ ؟
— ئىزىپ ـ تېزىپ بۇ توغراقلىققا كېلىپ قالغان ئۇۋچىلار كېيىك ، جەرەنلەرنى كۆرۈپ قېلىپ بىر ـ ئىككىنى ئۇۋلاپ كېتىشتى . بىر ئىلاسىنى قىلىمىسام بولمايدىغان بولدى ، دەپ ئويلىدىم .
— قانداق قىلدىڭىز ؟ — ئايقۇت تەقەززالىنىپ سورىدى .
— توغراقلىقنىڭ تېشى تەرىپىگە كۆرۈنگۈدەك قىلىپ سالدام ياساپ قويدۇم . بۇنىڭ بىلەن بۇ يەردە ئادەم بارلىقىنى بىلدۈرمەكچىدىم . بۇمۇ بولمىدى ، ئۇۋچىلار يەنە كەلدى . مەن يەنە ئادەمنىڭ بىلىدىن چوڭراق توغراقلارنى كېسىپ ئىچىنى چالا ـ بۇلا ئويۇپ ـ چېپىپ ئۇ يەر ـ بۇ يەرگە قويۇپ قويدۇم . كەلگەنلەر تېخى چېپىلىپ پۈتمىگەن كېمە ، ئولاقنى كۆرۈپ : «بۇ يەردە ئادەم بار ئىكەن» دەپ ئويلاپ : «كىم بار ؟» دەپ توۋلاشتى . بۇ يەردە بىر قىزىق ئىش بولدى . مەن ئۇنى سىلەرگە دەپ بېرەي .
ئوماق ، ئايقۇتلارنىڭ كۆز ئالدىدىكى تەقى ـ تۇرقى دىۋە قىياپەتلىك بۇ ئادەم چىقىشقاق ، ئاق كۆڭۈل ، باغرى يۇمشاق ، مېھرىبان كىشى سۈپىتىدە گەۋدىلەنمەكتە ئىدى .
چەپەر بىر كېمىنى ئازراق چېپىپ قويۇپ توغراقلىق ئىچىگە كىرىپ تۇرۇشىغا بىر قۇم دۆڭى يامىزىلىدىن ملتىق ئاسقان بىر ئاتلىق كىشى چىقىپ كەلدى . چەپەر ئۆزىنى چوڭ بىر توغراقنىڭ دالدىسىغا ئالدى . ئاتلىق كىشى كېمىنىڭ يېنىغا كېلىپ ئېڭىشىپ كېمىگە قارىدى ، ئاتتىن چۈشۈپ ئەتراپقا قارىدى . ئۇ : «كىم بار ؟» دەپ ئىككى قېتىم توۋلىدى . جاۋاب ئاڭلانمىغاندىن كېيىن ، كېمىنىڭ چېپىلغان يەرلىرىنى ، چېپىندىلارنى تۇتۇپ كۆردى ، يېڭىلا چېپىلغانلىقىنى بىلىپ يەنە ئەتراپقا قارىدى ، بىرەر ئادەمنىڭ قارىسى كۆرۈنمىدى ، ئەمما نېرىدا تۇرغان بىر توپ كېيىك ، جەرەنلەرنى كۆرۈپ قالدى . مۈرىسىدىن ملتىقنى ئالدى ـ دە ، تېخى چېپىلىپ بولمىغان كېمىنىڭ يېنىدا ئولتۇردى . ملتىقنى كېمىنىڭ گىرۋىكىگە قويۇپ چېنەپ قارىدى . ئاڭغىچە چەپەر توغراق

ئارقىسىدىن ئالدىغا ئۆتۈپ قومدا شەپە چىقارماي مېڭىپ ئوۋچىغا يېقىنلاشتى . ئوۋچى تەپكىنى باساي دەپ تۇرۇشىغا ، چەپەر ئۇنى بۆركۈت توشقاننى قاماللىغاندەك مۆرىسىدىن قاماللاپ كۆتۈرۈپ ، توختاقنى مىندۈرۈپ قويغاندەك توغراقنىڭ يوغان بىر شېخىغا يېنىچە ئولتۇرغۇزۇپ قويدى . تۇيۇقسىز بولغان بۇ ئىش ئوۋچىنى بەك چۆچۈتۈۋەتتى ، ئالدىدا تۇرغان دېۋىدەك ئادەمنى كۆرۈپ چىرايىدا قان قالمىدى .

— نەدىن كەلدىڭ ؟

— بۇلاقكۆلدىن .

ئوماق بىلەن ئايقۇت بىر - بىرىگە قاراشتى . ئوماق گەپكە ئارىلاشماقچىمۇ بولدى ، يەنە ئاخىرىنى ئاڭلاپ باقماقچى بولدى .

چەپەر ئوۋچىدىنى توغىراقتىن ئېلىپ تۇرغۇزۇپ قويۇپ سورىدى :

— قالاچ قاناقانىڭ مەھەللىسىدىنما ؟

ئوۋچىنىڭ چىرايىغا قان يۈگۈردى .

— بىزنىڭ قالاچ قاناقانى بىلەمسەن ؟

— بىلىمەن . سېنىڭ ئىسمىڭ نېمە ؟

— ئىسمىم تايۇق .

«تايۇق» دېگەن ئىسمنى ئاڭلاپ ئوماق بىلەن ئايقۇت شۇئان چەپەرگە قارىدى . ئايقۇت چەپەردىن ئالدىراپ سورىدى :

— كەلگەن ئوۋچىنىڭ ئىسمى تايۇقمىكەن ، كېيىن قانداق بولدى ؟

— قالاچ قاناقانىڭ يېنىدىن كەلگەن ئادەم قانداق بولماقچى ، ياخشى ئادەمكەن . يولدا توشقان ئوۋلىغاچ كەلگەنىكەن ، كاۋاپ قىلىپ يېدۇق . ئۇ شۇ كۈنى قونۇپ قالدى . جاھانبەگنىڭ ئالدىغا ماڭغانىكەن . يېنىدا بار ئوقلىرىنى ، يولدا يېگىلى ئېلىپ ماڭغان قورۇق بېلىقلىرىنىڭ ھەممىسىنى ماڭا بېرىپ كەتتى . ئۇ كېتىپ ئۇزاق ئۆتمەي قالاچ قاناقا كەلدى . قاناقا بۇ توغراقلىقتا «ئويتوغراق» دەپ ئات قويۇپ قويدى . ئارىدىن بىر ئايدەك ئۆتكەندە

جاھانبەگ بىرنەچچە ئادەم بىلەن كەلدى . تايوق بەگكە مەن توغرۇ-
لۇق گەپ قىلىپ بەرگەنىكەن . ئو مېنى ئابدالغا كۆچۈرۈپ ئېلىپ
كەتكىلى كەلگەنىكەن . كېيىك ، جەرەنلىرىمنى كۆرۈپ ماڭا ھەم-
راھلىققا ئىككى - ئۈچ ئۆيلۈك ئادەم ئەۋەتىدىغان بولۇپ قايتىپ
كەتتى . شۇنىڭدىن كېيىن ئابدالدىنمۇ ، بۇلاقكۆلدىنمۇ ماڭا يېمەك-
لىك ئەكەلگەچ كېمە چاپتۇرغىلى ئادەملەر پات - پات كېلىپ
تۇرىدىغان بولدى ، كېيىك ، جەرەنلىرىممۇ ئوۋلانمايدىغان بولدى .
تايوق كېلىپ قالمىغان بولسا ، بۇ ياخشى ئىشلار بولماستى
دەيمەن ، — دېدى چەپەر تايوقتىن خۇشال ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ .
ئوماق بىلەن ئايقوت بىر - بىرىگە قارىشىپ مەمنۇنلۇق بىلەن
كۈلۈمسىرىدى …
ئۇلار چەپەرنىڭ ئاجايىپ كەچمىشلىرىنى ئاڭلاشقا قىزىقىپ
كېتىپ كۈننىڭ كەچكە يېقىنلىشىپ قالغىنىنى سەزمەي قېلىشتى .
— يەنە بىر كۈنلۈك يول بار . ئوتىقىمىدا قونۇپ ئەتە چاقچىغار
بىلەن تەڭ يولغا چىقساڭلار ، ئابدالغا كەچئارىسىدىن بۇرۇن بارى-
سىلەر ، — دېدى چەپەر .
قونماي بولمىدى . كېلىپ - كېتىدىغانلاردىن قونۇپ قالىدى-
غانلار بولغاچقا ، چەپەر ئۆزىگە ياسىۋالغان لاي چاپلاق ساتمىدىن
باشقا يەنە ساتمىدىن ئىككىنى ياساپ قويغانىدى . ئۇلار كەچلىككە
ئوماقلار ئالغاچ كەلگەن ئۈجۈل تالقىنى بۇلمىقى ئىچىشتى . ئەتىسى
تورغاي چۈچۈلاش بىلەن تەڭ ئابدالغا قاراپ يۈرۈپ كېتىشتى .
ئوماقلار بۇلاقكۆلدىن ماڭىدىغان چاغدا ، تايوقلار بۇلارغا ئۈ-
جۈل تالقىنىدىن يېرىم يىلغا يەتكۈدەك بەرگەنىدى . ئوماقلار ئۇنىڭ-
دىن ئۆزلىرىگە ئازراق ئېلىپ قېلىپ ، كۆپىنى چەپەرگە قالدۇرۇپ
قويدى . ئۇلار يېقىن تۇغقانلار قايتا كۆرۈشەلمەيدىغان يىراق سەپەر-
گە ئاتلىنىپ كېتىۋاتقان چاغدىكى ئايرىلىشقا كۆزى قىيماسلىق
ھېسسىياتىدا خوشلاشتى . ئايقوتقا يېقىن سىرداش ئادىمىدىن ئايرى-
لىۋاتقاندەك ئېغىر بىلىندى ، كۆڭلى يۇمشاق ، مېھرى ئىسسىق
ئادەمنىڭ يالغۇزلۇقىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ ، ئۇنىڭغا بەك ئىچ

ئاغرىتتى . بۇلار ئانچە ئۇزاپ كەتمىگەنىدى ، چەپەرنىڭ مۇڭلىنىپ ئېيتقان قوشىقى ئاڭلاندى :

قوشۇلادۇ قويلار كەتسە تارىلىپ ،
قوشۇلمادىم تورغايمدىن ئايرىلىپ .
ئۆتتۇز يىلىم ئۆتتى زارلاپ يار - يار دەپ ،
گۈلۈم ماڭا باقمادى بىر قايرىلىپ .

# تۆتىنچى باب

# ئابدالدا

*كامالەتكە يەتكەن كىشى سەدەپتەك —*
*ئىغىز ئاچار كىلىپ قالسا گۆھىرى .*

*قەدرىنى بىل نەسىھەتچى قىرىنىڭ ،*
*مىۋىسىنى يىگىن ئۇنىڭ بىغىنىڭ .*

--- شەيخ سەئدى

## 1

ئۇلارنىڭ ئويتوغراقتىن چىققىنىغا مانا بىر يىرىم كۈن بولاي دەپ قالدى ، تېخىچە ئابدالنىڭ قارىسى كۆرۈنمەيدۇ . چەپەر ئويتوغ-راق بىلەن ئابدال ئارىلىقىنى بىر كۈنلۈك يول دېۋىدى ، ئۇ نىمى-دە ، قانداق مىڭىۋىدىكىن . ئۇلار يەنە قانچىلىك يول ماڭار ؟ ئابدال-نىڭ قارىسى كۆرۈنمىگەنسىرى ئوماقنىڭ ئەندىشىسى ئاشماقتا ئى-دى . بۇ ئاي ، بۇ كۈنلەر جاھان ئوتتەك قىزىپ كىتىدىغان چاغ بولسىمۇ ، تەڭرى ئۇلارغا ، ھەممىدىن بەك تۆمۈر بىلەن ئايقۇتقا سايىۋەن بولۇۋاتقاندەك ، كۈن ئوچۇق تۇرۇپمۇ يەلكىگە ئۆتكۈدەك ئىسسىمىدى . بۇ بىر ھىكمەت ئىدى .

ئىللىق كۈلۈپ تۇرغان كۈننىڭ بۇ ھىكمىتىدىن سۆيۈنۈپ كىلىۋاتقان ئايقۇت ئوماققا قاراپ :

— تۆمۈرنىڭ تەلىيىمىكىن ، تۇنۇگۈندىن بۇيان كۈن ئانچە ئىسسىمىدى ، كۈن بىەك ئىسسىپ كەتسە ، بىالا كىچىك ، قىانداق قىلارمىز ، دەپ قورققانىدىم ، — دېدى .

— مەنچۇ ، مەنمۇ بەك ئەندىشە قىلغانىدىم . قالاچ قاناقا دېگەن-دەك ، بۇ تۆمۈردە بىر خاسىيەتنىڭ بارلىقىدىنمىكىن ، دەپ ئويلاپ قېلىۋاتىمەن ، — دېدى ئۇماق .

— ئۇ قانداق خاسىيەتتۇ ؟

— ئەجدادلارنىڭ ئىزىنى تاپىدۇ ، ئۇلارنىڭ روھىنى ئىزدەي-دۇ ، دېدىغۇ .

— ئۇ قانداق ئىز ، قانداق روھتۇ ؟

— مەن نەدىن بىلەي ، بۇنى قاناقا ئوچۇق دەپ بەرمىدى .

— سوراپ باقمىدىڭمۇ ؟

— قانداق سورايمەن . ھىەتتا نېمىنى ، قىانداق سوراشنىمۇ بىلمىسەم .

ئايقۇت ئۇلۇغ - كىچىك تىندى . ئۇماقمۇ ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ :

— ھەي ، بىزمۇزە ··· — دەپ بېشىنى لىڭشىتتى .

— نېمىگە بۇنداق دەيسەن ؟

— دەيمىنا ، قاناقانىڭ گېپىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئۆزۈمچە ئويلايدىغان بولۇپ قالدىم ، — دېدى ئۇماق ، قالاچ قاناقاغا ئوخشاش ئالدىدىكى قۇملۇقنىڭ چىەت - چېكىنى تىاپماقچى بولغاندەك يىراقلارغا قاراپ تۇرۇپ ، — ئويلىمامسەن ، ئاتا - بوۋىلىرىمىزدىن بىزگە مىراس قالغىنى ئۇلارنىڭ ئىزىنى بېسىپ مۇشۇ دەشت قۇملۇقتا كۆچۈپلا يۈرۈش ئىكەن . كۆچكەندە سۇدا ماڭساققۇ كېمى-مىزدە ماڭىدىكەنمىز ، بولمىسا ئۇمۇ قالىدىكەن . بارغان جايىمىزدا يىغىدىن چىپىۋالىدىكەنمىز . بالىلىرىمىزمۇ بىزدەك مۇشۇنداق ئۆ-تەرمۇ ؟

— ئابدالغا بارغاندىن كېيىن يەنە كۆچۈپ يۈرمەسمىز ، — دېدى ئايقۇت .

تۇرۇپلا كۆنىنىڭ تەپتى ئىسسىشقا باشلىدى ، بەلكى قەدەمسىرى كۆچىيىپ ، پالاس چاپاندىنمۇ ئۆتۈپ يەلكىنى ئىسسىتماقتا ئىدى .

ئۇماق كۆنگە قارىدى ، كۆن تىكلەشكەن بولۇپ ، ئۇنىڭ كۆچلۈك نۇرىدىن كۆزى چاڭقىيىپ ئاچالماي قالدى . ئەپتىدىن كۆنىنىڭ ئىسسىقى كۆپتىغا ئالىدىغاندەك ئىدى . ئەگەر كۆنىنىڭ تاۋى قىزىپ كېتىدىغانلا بولسا ، قۇملۇقتا ئىسسىقنىڭ كارامىتىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقى ئۇماققا ئايان : ئاسمان چوغ ، قۇملۇق قوغ[1] بولىدۇ . بۇ چاغدا ئادەمغۇ پۇتىدا كىيىۋالغان بىر نەرسىسى بار ، بىر ئامالالاپ ماڭىدۇ ، ئەمما ئات - ئۇلاغلارغا تەس بولىدۇ . ئات - ئېشەكنىڭ تۇيىقى بولغىنى بىلەن ، تۇياق ئوتتۇرىسىدىكى ئەتنى چوغدەك قىزىپ كەتكەن قۇم ھەر قەدەمدە بىر كۆيدۈرۈپ ماڭالماس قىلىپ قويىدۇ ، پەقەت چىدىيالماي قالسا پۇتىنى كۆيۈشتىن ئايايمەن دەپ گۆپپىدە يىقىلىدۇ - دە ، تۇگىشىدۇ . كالىغا تېخىمۇ تەس ، تۇياقلىرىنىڭ ئاراچىلىرىغا كىرىۋالغان قىزىق قۇم ئۇنىڭغا زادى ئارام بەرمەي ئازابلايدۇ ، بولالمىغاندا ئۇمۇ ئۆزىنى تاشلىۋېتىدۇ ، شۇڭا ئالدىنى ئېلىپ ئامالىنى قىلمىسا بولمايدۇ . قۇملۇق ئادەملىرى يازدا كۆچىدىغان بولسا ، ئۇسسۇزلۇق تەييارلىۋالغاندەك ، ئۇنىڭمۇ تەييارلىقىنى قىلىپ ماڭىدۇ .

ئۇماق كالىدىن چۈشتى .

— كۆن قىزىپ كېتىدىغاندەك قىلىدۇ ، مەن ئالدى بىلەن ئاتنىڭ پۇتىغا يۆگەيدىغاننى يۆگەپ تۇراي ، — ئاندىن ئۇ توختاققا قاراپ دېدى ، — ئاڭغىچە سەنمۇ ئېشىكىڭنىڭ پۇتىغا يۆگەپ تۇر ، ئاندىن قالغان ئېشەك ، كالىلارنىڭ پۇتىغا يۆگەيلى ، — دېدى .

بۇلار سەپەرگە چىقىشنىڭ ئالدىدا ، سۆگەتبۇلاقتىكى چېغىدىلا ئايقۇت ئېغىرلاشقان قورسىقى بىلەن توختاقنىڭ قارىشىپ بېرىشى بىلەن ئۇلاغلارنىڭ پۇتىغا كىيدۈرۈپ قويىدىغان كىگىز پايپاقلارنى قۇيۇپ تەييارلىۋالغانىدى . باسىدىغان يولنىڭ ئۇزۇن ، مەنزىلنىڭ يىراقلىقىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ پايپاقلارنىڭ تېگى تەرىپىنى

---

[1] قوغ — قوقاس مەنىسىدە .

قىلىن قىلىپلا قالماي ، يەنە تۆگە تاپىنىنىڭ تىرىسىدە چەملەپ قويغانىدى . ئۇلار ئات ، ئېشەك ، كاللارنىڭ پۇتىغا ئۇشۇقىغىچە پايپاق كىيدۈرۈپ يۆگەپ چىگىۋەتتى . ئۇماق بىلەن توختاق بۇ ئىشلارنى قىلىپ بولغۇچىلا كۈن ئىسسىپ ئەڭ چېكىگە يەتكەندەك بولدى . ئاسمان چوغ بولدى ، قۇملۇق قوغ بولدى . ئات - ئۇلاغلارنىڭ پۇتىنىڭ كۆيۈشىدىن خاتىرجەم بولغان بىلەن ئەڭ چوڭ غەم ئۇسسۇزلۇقتا قالدى . ئۇلار چەپەرنىڭ گېپى بىلەن بىر كۈنلۈكتىن ئاشقۇدەكلا سۇ ئېلىۋالغانىدى . تۈنۈگۈندىن بۇيان كۈننىڭ تەپتى ئانچە ئىسسىمىغان بولغاچ ، سۇنى ئانچە ئايىماي ئىچىشكەنىدى . تۇرۇپلا ھاۋانىڭ بۇنچىۋالا قىزىپ كېتىشىنى ئۇلار ئويلاپ يەتمىگەنىدى . سۇ ئازلا قالدى ، تېخىچە مەنزىلنىڭ قارىسى كۆرۈنمىسە .

— سۇ تۈگىسە بىزغۇ چىدارمىز ، تۆمۈرنى قانداق قىلارمىز ؟ ! — دېدى ئايقۇت . ئاۋازىنىڭ دېمى سىقىلىۋاتقاندەك بولۇپ چىقىشىدىن ، ئۇنىڭ بالىسىنىڭ غېمىدە ئىچىگە يىغا كېلىۋاتقانلىقىنى بىلگىلى بولاتتى .

ئەھۋال ھەقىقەتەن ئېغىر ئىدى . ئادەمغۇ ئۇسسۇزلۇققا چىدايدۇ ، لېكىن بۇنداق تونۇر تەپتى ئىسسىقتا بىردەملىككىلا بەرداشلىق بېرەلەيدۇ . چاڭقاق چېكىگە يەتمەيلا ئېغىز - تاماق قۇرۇپ ، گەپ قىلىشمۇ مۇمكىن بولماي قالىدۇ . ئات ئادەتتىكى ئىسسىققىمۇ چىدىمايدىغان ھايۋان . بۇنداق ئىسسىققا تېخىمۇ ، مانا ، ھېلىتىنلا ئاتنىڭ بۇرنى كېرىلىپ ، ئاغزى جاۋىغايلىرىغىچە ئېچىلىپ ، تىلى ساڭگىلاشقا باشلىدى . ئۇماق كىچىك كاسىغا سۇ قۇيۇپ ئاتنىڭ ئالدىغا ئېلىپ باردى . ئات سۇنى بىر سۈمۈرۈپلا ئىچىپ بولۇپ قاچىنى يالاپ كەتتى . ھەرھالدا ئۇنىڭ ئىچى ، ئاغزى نەملەشتى . ئۇماق يەنە بىر قاچىغا ئازراق سۇ قۇيۇپ ئايقۇتقا سۇندى . ئايقۇت گەپمۇ قىلماي ئالدى بىلەن بالىنىڭ يۈزىگە يېپىپ قويغان ياغلىقنى سۇغا چىلاپ سىقىۋېتىپ بالىنىڭ يۈزىگە تەگمىگۈدەك قىلىپ سەل كۆتۈرۈپ يېپىپ قويدى ، ئاندىن بىر ئۇچىنى چاپىنىنىڭ تۈگمىسىگە ئىلىپ بالىغا سايىۋەن قىلىۋالغان ياغلىقنىمۇ سۇغا چىلاپ

سىقمايلا ئىلگىرىكىدەك بالىغا سايىۋەن قىلىپ قويدى .
— ئۈزۈك ئىچمىدىڭمۇ ؟
— مەن چىدايمەن . توختاق ئازراق ئىچىۋالسۇن .
— توختاققا بېرىمەن ، بېرىمەن ، — ئۇماق قاچىغا بىرنەچچە يۇتۇم سۇ قۇيۇپ توختاقنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بېرىپ ، — سۇ ئاز قاپتۇ ، مۇشۇنى بولسىمۇ ئىچىۋال ، — دېدى .
— ئانام ئىچمىدىمۇ ؟
— ئۇسسىماپتۇ .
توختاق سۇنى ئىچتى . بۇنى «ئىچتى» دېگەندىن ئاغزىنى نەمدىۋالدى ، دېگەن تۇزۇك .
كالا ، ئېشەكنى ھەرقانچە ئىسسىققا چىدايدۇ دېگەندىمۇ ، بۇنداق قاتتىق ئىسسىقتا ئۇزۇن يولغا چىدىيالمايدۇ . ئۇلارنىڭمۇ بۇرنى كېرىلىپ ، تىلى ساڭگىلاشقا باشلىدى . بالىنىڭ يۇزىگە ياپقان ياغلىقمۇ ئاللىقاچان قۇرۇپ كەتتى ، پەقەت ئىچىدىكى ياغلىقنىڭ ئازراق نېمى قالدى . ئات ـ ئۇلاغلار بىرنەچچە قېتىم «سۇغىرىلدى» ، توختاقمۇ سۇ ئىچتى . ئۇماق بىلەن ئايقۇتلا سۇ ئىچمىدى ، ھېلىمۇ ياخشى كۈن ئۇلارنىڭ ئالدى تەرىپىدە ئەمەس ئىدى . جاھاننى تونۇردەك قىزىتىۋەتكەن كۈننىڭ ئاستا ـ ئاستا يانغا قىيىسىيىشى بىلەن قۇملۇق ئۇستىدىكى ۋىل ـ ۋىللارمۇ سۇسلىشىشقا باشلىدى ، لېكىن ئايقۇت چاڭقاپ بولالماي قالدى ، ئاغزى قۇرۇپ ، تىلى تامىقىغا چاپلىشىپ قالغاندەك بولدى . يېنىدىلا كېتىۋاتقان ئۇماققا سۇ دېمەكچىدى ، زۇۋان چىقىرالمىدى ، تىلى ئىشلىمەي قويدى . ئۇماقنىڭ كۆزىمۇ ئايقۇتتا ئىدى . ئايقۇت ئېرىگە قاراپ ئاغزىنى ئېچىپ سول قولىنىڭ بارمىقى بىلەن ئاغزىنى كۆرسەتتى . ئۇماق شۇئان كالىدىن چۈشۈپ كىچىك تۇلۇمدىكى سۇدىن ياغاچ چۆچەككە ئازراق قۇيدى . بۇ سۇ قاچىلانغان تۇلۇملارنىڭ ئاخىرقىسى ئىدى . ئايقۇت تۇلۇمدىكى سۇنىڭ بىر قېتىم يەتكۈدەكلا قالغىنىنى كۆردى . سۇدىن ئىككى يۇتۇملا ئىچىپ ، ئاغزىغا تولدۇرۇۋېلىپ ، چۆچەكنى ئۇماققا بېرىۋېتىپ توختاق ئىچسۇن دېگەن ئىشا-

رىنى قىلدى . بۇ چاغدا ئات ، ئېشەك ، كالىلارمۇ سۇ ئىچمىسە بولمايدىغان هالغا كېلىپ قالغانىدى . ئوماق ئايقۇت ئۇچۇن تۆت يۇتۇمدەك سۇ ئېلىپ قېلىپ ، ئۆزى ئىككى يۇتۇملا ئىچىپ ، تۇلۇمدىكى سۇنىڭ ھەممىسىنى ئۇلاغلارغا يېتىشچە بېرىپ ، ئۇلارنىڭ ئاغزىنى ئاخىرقى قېتىم نەمدەپ قويدى . توختاق چۆچەكتىكى سۇنىڭ ئازراقىنى ئىچىپ ، قالغىنىنى ئۇنى ئىچسۇن ، دەپ قايتۇرۇپ بەردى .

يول مېڭىش داۋاملاشماقتا . قىيسايغان كۇنمۇ يولچىلارنىڭ ئېغىر قەدىمىدەك پەسلەپ بارماقتا ئىدى . تۇنۇگۇن يولغا چىققاندىن تارتىپ هازىرغىچە ئۇلارنىڭ كۆرگىنى قۇملا ئىدى . بىرەر تال گىياھ ، بىرەر قۇرت - قوڭغۇز ، ئاسماندا بىرەر ئۇچارلىق ئۇچرىمىغانىدى ، گويا بۇ قۇملۇقتا مۇشۇ چوڭ - كىچىك تۆت ئادەم بىلەن بىرنەچچە هايۋاندىن باشقا هاياتلىق يوقتەك .

— ئايقۇت !— ئوماق توۋلىۋەتتى ، — چاچاق ! ھە ، يەنە يۇلغۇن !

ئوماقلاردىن ئانچە يىراق بولمىغان تۆۋەن تەرەپ ئاسمىنىدا ئاندا - ساندا ئاقئۇلام ، سۇقسۇر ، قارۇناغا[1] ئوخشاش كۆل - سۇ قۇشلىرى ئۇچۇپ يۇرمەكتە ئىدى . بۇ ، سۇ بار جايغا يېقىنلاۋاتقانلىقنىڭ ئالامىتى ئىدى .

ئۇمىد تۇغۇلدى ، چاڭقىغان ۋۇجۇد ياشىرىۋاتقاندەك بولدى ...

ئوماقلار چوڭ بىر قۇم دۆۋىسىدىن ئەگىپ ئۆتۈشكە ، ئۇن يەتكۇدەك يەردە قويۇق بىر مەھەللە كۆرۈندى .

— ئاۋۇ كۆرۈنگەن ئابدال شۇمىدۇ ؟ — ئايقۇت ئالدىراپ سورىدى .

— شۇدەك قىلىدۇ . يىگىرمە يىلنىڭ ئالدىدا دادام بىلەن كەلگەندە ، مەھەللە ئىچىگە كىرىپ تاماقلىنىۋېلىپلا قارا قوشۇن كۆلى تەرەپكە ئۆتۈپ كەتكەنتۇق ، — دېدى ئايقۇتنىڭ سورىغىنىغا

[1] قارۇنا — گۆشى ئىنتايىن ئاچچىق ، قاغىدەك قاپقارا ، پاختەك چوڭلۇقىدىكى بىر خىل سۇ قۇشى .

جاۋابەن ئوماق .
ئايقۇتنىڭ كۆڭلىنى : «ئامان ـ ئېسەن ئابدالغا يېتىپ بارالار-
مىزمۇ » دېگەن غەم ساراسىمىگە سېلىپ كەلگەنىدى ، ئەمدى بولسا :
«ھېچ كىشى بىلەن تونۇشمايدىغان ، ئوي ـ دوڭغۇلىنى بىلمەيدىغان
ناتونۇش جايغا كەچ بېرىپ قالساق قانداق قىلارمىز . ياز بولغاندى-
كىن ئاسمان ئاستىنىڭ قەيېرىدە ياتسىمۇغۇ بولىۋېرىدۇ ، شۇنداق-
تىمۇ... » دەپ ئويلاپ كەلمەكتە ئىدى . مەھەللىگە تېزرەك يېتىپ
بېرىشقا تەقەززا ئىدى ، لېكىن ئۇنىڭغا مەھەللە يىراقلاپ كېتىۋات-
قاندەك تۇيۇلۇۋاتاتتى .

ئۇلار يەنە بىر قۇم دۆۋىسىدىن ئەگىپلا قويۇق بىر يولغۇنلۇق-
نى ياقىلاپ مەھەللىگە ئېلىپ بارىدىغان بىر هارۋا يولىغا چۈشتى .
بۇنى هارۋا ئىزى بولغانلىقى ئۈچۈنلا يول دېمىسە ، بۇ يەردە بۇنداق
ئىزلار جىق . كىم نەدە مېڭىشنى خالىسا شۇ يەردە ماڭىدۇ . بۇ
ئىزلار خۇددى ئاشتاختا ئۈستىدىكى لەڭمەن چۆپلىرىگە ئوخشايدۇ .
ئۇنىڭ باش ـ ئاخىرى ، ئۇچى نەدە ، قايسى يول نەدىن كېلىپ نەگە
كەتكەن ، بىلگىلى بولمايدۇ ، ئىرماش ـ چىرماش .

مەھەللىگە يېقىنلىغانچە ئايقۇتنىڭ خىيالىغا يەنە بىر غەم ئارى-
لىشىۋالدى . «مۇقىم ماكانلىشىۋالغۇچە تۆمۈرۈم ئۈچۈن بولسىمۇ
بىر ـ ئىككى كېچە يېتىپ ـ قوپقۇدەك ئۆي تېپىلسا بولاتتى .
ئابدالىقلارنىڭ كۆپىنچىسى قاراقۇشۇنلۇق ، قاراقۇشۇنلۇقلارنى
بەك ئايرىمچى خەق دەيدۇ . بىزنىڭ تەكتىمىزمۇغۇ قاراقو-
شۇنلۇق... » دەپ ئويلايتتى ئۇ .

توپ مەھەللىدىن ئۆي ئايرىپ چىققاندەك ، يۇرت ـ مەھەللى-
دىن چەتتىرەك ، بىر تەرىپى توغراقلىق تۆپىلىكنىڭ يان باغرىدا
ياغاچ قورۇلمىلىق تۆت ئۆي چوقچىيىپ تۇراتتى . ئۇ ئۆيلەرنىڭ
ئۈچىدە ئادەم بار ، بىرى بوش ئىدى . ئوماق شۇ ئۆيدىكىلەردىن
مەھەللە كىشىلىرىنىڭ ئەھۋالىنى سوراپ بېقىشنى ، مەسلىھەت
سوراشنى كۆڭلىگە پۈكتى . ئۇلار ئۆي ئالدىغا كېلىشىگە ، توختاق
مىنگەن ئېشەك «بىز كەلدۇق» دېگەندەك گۆگۈم جىملىقىنى بۇ-

زوپ كۆچەپ ھاڭرىۋەتتى . ئىشەكنىڭ ھاڭرىشىدىن چۆچۈپ كەت-
كەن تۆمۈر ئەنسىز قىرقىراپ يىغلاپ كەتتى . بوۋاق بالىنىڭ
قاتتىق يىغا ئاۋازىدىن غەلىتىلىك ھېس قىلىشقان چېغى ، ئۈچ
ئۆيدىن تەڭلا ئەر - ئايال ، قېرى - ياش بولۇپ يەتتە - سەككىز
كىشى چىقىپ ، ئات ، كالا ، ئىشەك مىنگەن ، بىرنەچچە كالا -
ئىشەككە لاقا - لۇقىلىرىنى ئارتىۋالغان ناتونۇش كىشىلەرگە قاراپ
قېلىشتى . ئوماق دەرھال كالىدىن چۈشۈپ بۇرۇندۇقنى توختاققا
تۇتقۇزۇپ قويۇپ ، تۇرغانلارنىڭ ئالدىغا كېلىپ ھەممىگە سالام
بەردى .
— نەدىن كېلىۋاتىسىلەر ؟— دەپ سورىدى توپ ئىچىدە تۇر-
غان ساقىلىغا خېلى ئاق كىرگەن ، قويۇق قوڭۇر ساقاللىق ، قوي
كۆز ، ئوتتۇرا بوي بىر بوۋاي .
— سۆگەتبۇلاقتىن .
— سۆگەتبۇلاقتىن... — بوۋاي ئوماقنىڭ جاۋابىنى تەكرارلا-
پ ، ئۇنىڭغا سەپسېلىپ بىر قارىۋېتىپ سورىدى :
— ئەسلىي يۇرتۇڭلار سۆگەتبۇلاق ئەمەسقۇ دەيمەن ؟
ئوماقمۇ بوۋايغا دىققەت بىلەن بىر قارىۋېتىپ جاۋاب بەردى :
— ئەسلىي چارىدىن ، سۆگەتبۇلاققا كۆچۈپ بارغان .
— گوي - گوي ، شۇ كۆچۈش . چارىدا كىمنىڭ جەمەتىدىن
سەن ؟
— دادام تۇلەشباي ، ئاتامنىڭ ئىسمى تۇراق .
— گوي - گوي - گوي ، ئويلىغىنىمدەك بولدى . تۇلەش
ئالغۇرنىڭ پولگىنى تۇراق يولۋاسنىڭ ئوغلى ئوماقمۇ
سەن ، — بوۋاي شۇنداق دەپ ئوماقنىڭ ئالدىغا كەلدى . ئۇنىڭ
تەقى - تۇرقى ، باش - كۆزىگە سىنچىلاپ قاراپ ، — خېلى
ئۆزگىرىپ كېتىپسەن . پەقەت كۆزۈڭ بىلەن ئوڭ مەڭزىڭدىكى
مېڭىڭدىن تونۇغاندەك قىلدىم . بۇلار كىمىڭ بولىدۇ ؟ — بوۋاي
ئايقۇت بىلەن توختاقنى كۆرسىتىپ سورىدى .
ئوماق جاۋاب بېرىپ ، ئايقۇت ، توختاقنى تونۇشتۇرۇپ بولۇپ

بوۋايدىن سورىدى :

— دادام بىلەن ئاتامنى بىلەمسىز ؟ — ئوماق دادىسى يوللۇق بوۋاينى «سىز» لەپ سورىدى .

— داداڭ تۇلەش خېلى يەرگە تونۇق . ئۇ كۆرۈپلا قالغان كېيىك ، جەرەننى ئاتلىق قوغلاپ سالما تاشلاپ ، بۇركۈت قامالىلاپ پۇكلىۋالغاندەك پۇكلەپلاۋالاتتى ، تۇتماي قويمايتتى . شۇڭا بىز ئۇ-نى «تۇلەش ئالغۇر» دەيتتۇق . بىلىقتا سانجىيدىغان سانجىغاق بىلەن يولۋاس ئۆلتۈرگەن ئاتاڭ تۇراق يولۋاسنى جىمى لوپلۇق بىلىدۇ . سەن يىگىرمە يىلنىڭ ئالدىدىغۇ دەيمەن ، داداڭ تۇلەش بىلەن قاراقوشۇن كۆلىگە كېتىۋېتىپ بىزنىڭ ئۆيدە تاماق يەپ كەتكەنتىڭلار ، سىن - چىرايىڭ ، ئىسمىڭ ئېسىمدە قالغاندىكەن ، — بوۋاي توپتىكىلەرگە قاراپ ، — بۇلارنىڭ يۈك - تاقلىرىدىنى چۇشۇرۇپ بوش ئۆيگە ئورۇنلاشتۇرۇڭلار ، — دەپ تاپىلىدى .

ئۆز ۋاقتىدا ئوماقلار بوۋاينىڭ ئۆيىدە تاماق يەپ چىققاندىن كېيىن ، دادىسى كېتىۋېتىپ ئۇنىڭغا ئۆي ئىگىسىنىڭ ياخشى تەرەپ-لىرىنى تەرىپلەپ ، ئىسمىنىمۇ تىلغا ئالغاندى . كىم بىلسۇن ، يىگىرمە يىلدىن كېيىن بۇ تەرەپكە كېلىپ قېلىشىنى ، يەنە كېلىپ تەڭرىنىڭ قۇدرەت - ھېكمىتى بىلەن دەل شۇ ئادەمنىڭ ئالدىغا كېلىپ قېلىشىنى . ئۆتكەن ئىشنى ئۇنتۇپ قېلىشنىڭ ھامان بىر كۈنى ئادەمنى پۇشايماندا قويىدىغانلىقىنى ئۇ مۇشۇنچىلىك ئىشتىمۇ ھېس قىلدى . ئوماق شۇ تاپتا بوۋاينىڭ مۇشۇ يېشىدا ئۇنىڭ يېشىنى ئۇنتۇپ قالماي ، ئەكسىچە ئۆزىنىڭ تۇز - تاماق بەرگەن بوۋاينىڭ ئىسمىنى ئېسىدە ساقلىيالمىغىنىغا ئىچىدە ئۆزىنى مىڭنى كاچاتلىماقتا ئىدى . بوۋاي ھەربىر قارىغاندا ، ئۇنىڭغا : «ھەي ، سەن ئۇنتۇغاقكەنسەن» دېگەندەك تۇيۇلۇپ كېتىۋاتاتتى . ئۇ ئويلىدى ، بوۋاينىڭ ئىسمىنى ئېسىگە ئالماقچى بولدى ، ئويلىدى ، ئويلىدى ... «توغرا ، دادامنىڭ ئىسمىغا ئوخشايتتى . تۇلەك ، تۇلەك بوۋاي !» ئوماق بوۋاينىڭ ئىسمىنى ئاخىر ئېسىگە ئالدى .

ئوماق بىرىپ ئايقۇتنىڭ قولىدىن بوۋاقنى ئالدى . ئايقۇت

ئاتتىن چۈشۈشكە ئوتتۇز ياش ئەتراپىدىكى بىر چوكان كېلىپ ئۇنىڭ قولىدىن تىزگىنىنى ئالدى. ئۇلار تۆلەك بوۋاينىڭ باشلىشىدا ئۇنىڭ ئۆيىگە كىرىپ سۇپىدا ئولتۇرۇشتى. تالادىكىلەر ئوماقلار-نىڭ يۈك - تاقلىرىنى چۈشۈرۈپ، ئائىلە بىساتلىرىنى بوش ئۆيگە ئورۇنلاشتۇردى، ئۇلاغلىرىنىڭ باغلايدىغىنىنى باغلاپ، چۈشەيدى-غانلىرىنى چۈشەپ قويدى. ئايغۇتنىڭ قولىدىن ئاتنى ئالغان ئايال ئۆيگە كىرىپ داستىخان سالدى.

— نېمە ئەتتىڭلار؟ — تۆلەك بوۋاي ھېلىقى ئايالدىن سورىدى.

— ئۇجۇل تالقىنىدا ئۇماچ ئەتتۇق، — ئايال جاۋاب بېرىپ بولۇپ تالاغا ماڭدى.

— كېلىنىم بولىدۇ، ئىسمى گۆھەر، كەمپىر ئالدىنقى يىلى مېنى قويۇپ كېتىپ قالدى.

ئوماق تۆلەك بوۋايدىن بىر نەرسىنى سورىماقچىدى، بوۋاينىڭ چوڭ نەۋرىسى ھەكىم ئابدۇش[1] كۆتۈرۈپ كىرىپ كەلدى، ئارقى-سىدىن گۆھەر توختاقنى ھەم ئۆزىنىڭ ئىككى بالىسىنى ئەگەشتۈ-رۈپ كىردى. ئۇلار جىگدە سېلىپ ئوخشىتىپ ئېتىلگەن ئۇجۇل ئۇمىچىنى مەززە قىلىپ ئىچىشتى. ئوماقلار ساق ئىككى كۈن يول مېڭىپ قاتتىق تالچىقىپ كەتكەچكە، تۆلەك بوۋاي ئۇلارنى ئارتۇقچە گەپكە سالمىدى. ئوماقلار چىقىپ، ئاجرىتىپ بەرگەن ئۆيىنى بىر-قۇر تۈزەشتۈرۈپ ئۆزلىرىنىڭ پالاس - سېلىنچىلىرىنى سې-لىپ ياتتى - دە، ھايالشىماي ئۇچىلىسى قاتتىق ئۇيقۇغا كەتتى. تۆمۈر ئانىسى ئۇماچ ئىچىۋاتقاندا ئېمىپلا ئۇخلاپ قالغانىدى.

— ئوماق، ئوماق!

ئوماق ئايغۇتنىڭ تووۋلىغاچ نوقۇپ تۇرتۇشىدىن ئويغىنىپ كەتتى.

— جۆيلۈگەن ئوخشىمامدىمەن.

— بىرنېمىلەرنى دەپلا كېتىۋاتىسەن، گەپ قىلىپ مېنى

---

[1] ئابدۇش مىستىن ياسالغان تۆت پۇتلۇق قازان.

ئـويغىتىۋەتتىڭ . نېـمـە دېگىنىڭنى ئۇققىلى بولـمايدۇ . ئارىلاپ : «قالاچ ، دىۋە ، قالاچ ، دىۋە...» دەيسەن .

— شۇنداقمۇ ، قالاچ قاناقا بىلەن «دىۋە ئادەم» — چەپەرنى چۈشەپتىمەن . قالاچ قاناقا : «ئەجدادلار ، ئىز... ئىزلىرى... بىز كۆچۈپلا... بالىلىرىڭنى... ئىز ، ئىزلارنى...» دېگەندەك گەپلەرنى قىلغۇدەك . چەپەر : «ياردالقلىق... ماقاتلىق ، ئاتام ئاگايى ...» دېگۇدەك ھەم يەنە : «مەن كەتەرمەن بۇ ئۆمرۈمدە بوي ئۆتۈپ» دەپ قوشۇق[1] ئېيتقۇدەك . تايۇقنىمۇ چۈشەپتىمەن ، «توختاققا ئوبدان قاراڭلار ، ئۇ سىلەرگە ئامانەت» دېگۇدەك...

ئوماق بـۇ گەپـلەرنى دەۋاتـقاندا ئايـقۇت ئۇيقۇغا چۆمۈپ بولغانىدى .

— ئەككى كۈن بالا كۆتۈرۈپ ئاتتا ئولتۇرۇپ بەك تالجىقتى ، بىچارە ، ئوماق ئىچىدە ئۆزىگە ئۆزى شۇنداق دېگەچ تۆمۈرنىڭ پېشانىسىگە سۆيۈپ قويۇپ ئورنىغا قىڭغايدى ـ دە ، شۇئان ئۇمۇ ئۇيقۇغا كەتتى .

## 2

ئـوماق ، ئـايقۇتلار بۇ كېچە قېنىپ ئـۇخلىدى . بىر كېچىدە ئۈچ ـ تۆت قېتىم ئويغىنىپ ئاززاق خەقىشلىك قىلىۋالىدىغان بالىسى بۇ كېچە : «ئانام قېنىپ ئۇخلاپ ھاردۇقىنى چىقىرىۋال-سۇن» دېگەندەك بىر قېتىملا ئويغاندى ، ئانىسىنى ئېمۋېلىپلا يەنە شۇ ھامان ئۇخلاپ قالدى . ئادەتتىكى كېچىلەردە بالىنىڭ «ئىڭە» سى بىلەن تەڭلا ئورنىدىن تۇرۇپ ئايقۇتقا ياردەملىشىپ بالىنىڭ ئاستىنى قۇرۇقدىشىدىغان ئوماق بۇ كېچە ئويغانماي ئۇخلىدى . ئۇ ئورنىدىن تۇرۇۋېتىپ :

— بۇ كېچە بالا ئەجەب ئويغانماي ئۇخلاپ كەتتا ، يىغلىسا مەن

[1] قوشۇق — قوشاق . بۇ سۆز ئادەم ئىسمىغا قوشۇلۇپ كەلگەندە «پالانى قوشاقچى» دېگەن مەنىدە كېلىدۇ .

تۇيماي قالدىمۇيا، — دېدى.

— بىر قېتىملا ئويغاندى. خۇددى مېنى ئويغىتىش ئۈچۈن قىلغاندەك «ئىڭە» لەپلا قويدى، يىغلىمىدى، ئىمىتىپ قويۇۋىدىم، يەنە ئۇخلاپ قالدى، — دېدى ئايقۇت. ئۇ گېپىنى دەۋېتىپ بالىغا قارىدى ۋە ئاستا پېشانىسىگە سۆيۈپ قويدى.

بالا قىسقا ـ قىسقا تىنىپ تاتلىق ئۇخلاۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئۇزۇن كىرپىكلىرى ئاقپىشماق يۇمىلاق يۈزىگە ئالاھىدە ھۆسن قوشۇپ تۇراتتى. بالىنىڭ چىرايى ئانىسىنى تارتقاندەك كۆرۈنەتتى.

ئوماق بالىسىنى بىرىنچى قېتىم كۆرۈۋاتقاندەك ئىچ ـ ئىچىدىن زوقلىنىپ قاراپ تۇرۇپ كەتتى، ئاندىن ئۇمۇ ئېڭىشىپ پېشانىسىگە يېنىككىنە سۆيۈپ قويدى.

— بۇ بالىمىزدا چوقۇم بىر خاسىيەت بار. كېچىدىن بىرلا قېتىم ئويغىنىپمۇ ھازىرغىچە ئۇخلاۋاتسا مانا. كۈندە بۇ كەمدە ئويغىنىپ سېنى خېلى ئاۋارە قىلاتتى، — دېدى ئوماق ئايقۇتقا قاراپ.

— مەنمۇ شۇنداق ئويلاپ قېلىۋاتىمەن، بولىسىغۇ...

ئايقۇتنىڭ گېپى ئاغزىدا قالدى. ئىشىك ئېچىلىپ ئۆيگە گۆھەر كىردى. ئوماق بىلەن ئايقۇتقا سالام بېرىپ بولۇپ بالىنىڭ يېنىغا كەلدى.

— تاتلىق ئۇخلاۋېتىپتۇغۇ بۇ كىچىك ئوماق، — گۆھەر شۇنداق دەپ ئايقۇتقا يۈزلىنىپ، — تاماق تەييار بولدى، چىقىپ تاماق يەۋېلىڭلار، — دېدى ـ دە، ئىشىككە قاراپ ماڭدى ۋە ئىشىك يېنىغا بېرىپ كەينىگە قاراپ، — بوۋامنىڭ ئۆيىگە، — دەپ قوشۇپ قويدى.

گۆھەر چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ئوماق:

— ئەجەب مېھرى ئىسسىق، كۆزىدىن كۈلكە يېغىپ تۇرىدىكەن، — دېدى.

— ئىسمى جىسمىغا لايىق گۆھەر ئىكەن، — دېدى ئايقۇت.

بالا ئويغاندى. ئايقۇت ئالدى بىلەن بالىنىڭ ئاستىنى قۇرۇق-

داپ باشقىدىن يۆگىدى، قۇچقىغا ئېلىپ ئېمىتىپ بولغاندىن كېيىن، ھەممىسى تاماققا چىقىشتى. تۇلەك بوۋاي ئوماقلارنى قىزغىن كۇتۇۋالدى ۋە بىر - بىرلەپ ھال سورىدى. ھەممىسى دەرقەمتە ئولتۇرۇشۇپ گۆھەر قاراقوشۇنلۇقچە ئەتكەن بۇلماق قاتمىسى[1] بىلەن بىلىق شورپىسىدا ناشتا قىلىشتى.

— جاھانبەگ بىلەن كۆرۈشكۈچە مۇشۇ يەردە تۇرۇڭلار. جاھانبەگ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا قارايلى، — دېدى تۇلەك بوۋاي ناشتا قىلىنىپ، داستىخان يىغىلىپ بولغاندىن كېيىن.

— بوۋا، جاھانبەگ ھازىر ئابدالدا يوقما؟ — ئوماق تۇلەك بوۋايدىن سورىدى.

ئۇ بۈگۈنلا جاھانبەگ بىلەن كۆرۈشۈپ، قالاچ قاناقا ئۇنىڭغا تاپشۇرۇپ بېرىشكە ئامانەت قىلغان ئوقيانى ۋاقتىدا بېرىۋېتىپ، ۋەزىپىنى ئادا قىلىۋېتىشكە ئالدىرايتتى.

— ئارغان تەرەپكە كەتكەن، بىرنەچچە كۈندىن كېيىن قايتىپ كېلىدۇ، — بوۋاي ئوماقنى بىرنەچچە جان تاماق يەپ تۇرۇۋېرىشكە خىجىل بولۇۋاتقان ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپ، ئۇنى خاتىرجەم قىلىش ئۈچۈن، — داداڭ بىلەن ئىككىمىز ئاكا - ئۇكىدەك يېقىن ئىدۇق. شۇڭا سەنمۇ مېنىڭ بالامدەك. خاتىرجەم تۇرۇۋېرىڭلار، — دېدى.

ئوماق تۇلەك بوۋاينىڭ كۆڭلىنىڭ ياخشىلىقىدىن بەك تەسىرلەندى. دادىسىنىڭ يىگىرمە يىلنىڭ ئالدىدا قاراقوشۇن كۆلى تەرەپكە بېرىش يولىدا بۇ بوۋاي بىلەن بىر قېتىملا كۆرۈشۈپ قالغىنى، ئۇنىڭدىن كېيىنمۇ زادى كۆرۈشمىگىنى ئۇنىڭغا ئايان ئىدى. شۇڭا بۇ جەھەتتىكى گەپنى قويۇپ:

— بوۋا، ئابداللار زادى قانداق قوۋم، قاراقوشۇنلۇقلار بىلەن

---

[1] بۇلماق قاتمىسى — ئۇجۇل تالقىنى، جىگدە تالقىنى، بېلىق يېغى ۋە قايماق ئارىلاشتۇرۇپ بۇلماق ئېتىلگەندىن كېيىن، لېگەنگە ئوخشاش قاچىلارغا ئۇسۇپ قويۇلىدۇ. سوۋۇپ قېتىشقاندىن كېيىن ئېلىپ قويۇپ، يەيدىغاندا ئۇششاق كېسىپ - توغراپ يەيدۇ. بۇ لوپلۇقلارنىڭ ئوزۇقلۇقى يۇقىرى ئەنئەنىۋى ئېسىل تامىقى.

تېگى بىرمۇ، باشقىمۇ؟ — دەپ تۆلەك بوۋايدىن ئاخشام سورىماقچى بولغان سوئالنى سورىدى.

تۆلەك بوۋاي ئۆينىڭ تۈڭلۈكىدىن ئەتىگەنكى سۈزۈك، تىپتىنىچ كۆل سۈيىدەك تىنىق ئاسمانغا تىكىلىپ قاراپ كەتتى، قوشۇمىسى تۈرۈلدى… بوۋاينىڭ بۇ ھالىتى قالاچ قاناقانىڭ يىراق ئۇپۇققا ئۇزۇندىن - ئۇزۇن قاراپ خىيالغا چۆكۈپ كېتىدىغان كۆرۈنۈشىگە ئوخشاپ كېتەتتى.

«بۇ بوۋاي قالاچ قاناقانى بىلەمدىكىن، كۆككە تىكىلىپ قېلىشىنىڭ ئوخشاپ كېتىشىدىن بىلىشىدىغاندەكمۇ قىلىدۇ…» ئوماق خىيالىنىڭ ئاخىرىغا يەتمىگەنىدى، تۆلەك بوۋاي گەپكە ئېغىز ئېچىپ قالدى:

— مەن ئابداللىقلارنىڭ قانداق قوۋملۇقىنى، قاراقوشۇنلۇقلار بىلەن تېگىدىن بىر ياكى بىر ئەمەسلىكىنى بىلمەيتتىم. مەن ئۆزۈمنى ئابدالدا ياشىسامۇ، تېگىم - ئەسلىم قاراقوشۇنلۇق دەپلا بىلەتتىم، نېرىسىنى بىلمەيتتىم. ئوتتۇز يىلنىڭ ئالدىدا، يەتمىش بەش ياش چاغلىرىمدا سۆگەتبۇلاق تەرەپكە ئوۋغا بېرىپ، قايتىشىمدا بۇلاقكۆلگە كېلىپ قالدىم. شۇ يېشىمغىچە ئۇ جاينى كۆرۈپ باقمىغانىدىم. بۇ لوپ دالىسىدا تېخى سەن، بىز كۆرمىگەن، ئاڭلاپ باقمىغان جايلار جىق ئوخشايدۇ. ئۇ يەردىكى قالۇچىلار جەمەتىدە قالاچ قاناقا بىلەن پاراڭلىشىپ قالدىم. ئۇ ئۆتمۈش، ئەجدادلار توغرىسىدا گەپ قىلىشىۋېتىپ گېپىدىن توختاپ ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ كېتىدىكەن، — تۆلەك بوۋاينىڭ ئۆزىمۇ ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ ئۇھسىنىپ قويدى، — ماڭ، تالاغا چىقايلى. بۇ ئۇزۇن گەپ، ئاڭلىساڭ ئاجايىپ گەپ، — بوۋاي شۇنداق دېدى - دە، ئورنىدىن تۇرۇپ ئىشىك تەرەپكە ماڭدى.

ئوماق بوۋايدىن يېڭى بىر گەپ ئاڭلايدىغانلىقىغا قىزىقىپ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ماڭدى.

— ئوغلۇڭنىمۇ ئېلىۋال، ئۇمۇ ئاڭلاپ قالسۇن، — دېدى بوۋاي ئۆيدىن چىقىۋېتىپ.

ئۆلار ئۆينىڭ ئۆستۆن تەرىپىدىكى ئېگىزرەك بىر قۇم دۆۋە-
سىنى نىشانلاپ ماڭدى . تۆلەك بوۋاي يۈز ياشتىن ئاشقىنىغا قارى-
ماي قۇم دۆۋىسىگە قەدىمىنى قىران يىگىتتەك تېز - چەبدەس ،
يېنىك - يېنىك ئېلىپ ، ئالدىغا ئانچە ئېگىشىپ قويماي ئۆرلەيت-
تى . ئۆلار قۇم دۆۋىسىگە چىقىپ باداشقان قۇرۇپ ئولتۇردى .
توختاق ئىككىسىنىڭ ئالدىدا پۈتمىنى سوزۇپ يانپاشلىدى .
تۆلەك بوۋاي بىلەن ئوماق خۇددى تاغ چوققىسىدىكى قورام
تاش ئۈستىدە كەڭ ئۈپۈق سەتھىسىگە ، زېمىنغا كۆزىنى تىكىپ
ئولتۇرغان بۈركۈتكە ئوخشايتتى . تۆلەك بوۋاي ئوماقتىن ئاتمىش
ياشقا يېقىن چوڭ بولسىمۇ ، قارىماققا ئانچە چوڭ پەرقى يوقتەك
كۆرۈنەتتى . پەقەت تۆلەك بوۋاينىڭ كۆزىنىڭ قۇيرۇق تەرىپىدىكى
قورۇقلار بىلەن ئاق ئارىلىغان بومبۇر ساقىلىلا بوۋاينىڭ ئوماقتىن
ئۇزۇنراق ياشاپ ، كۆپنى كۆرگەنلىكىگە گۇۋاھلىق بىلدۈرۈۋاتقاند-
دەك تۇراتتى . بۇلاردىكى يەنە بىر پەرق ئوماق بويلۇق ، ئۈستىخاز-
لىق ، بوۋاي بولسا ئوتتۇرا بوي ، تەمبەل ئىدى . چىرايىنىڭ ئۆڭ-
سۈلى لوپ دالىسى ئادەملىرىدە بولىدىغان ئوخشاشلىقتا ئىگە ئىدى .
بۇ يەرنىڭ ئۈپۈق ، گىرىمسەنلىرىمۇ ، تومۇزدىكى ۋىل - ۋىللىرىمۇ
قۇم رەڭ . قۇملۇقنىڭ ياز - تومۇزدىكى تونۇر تەپتىدەك ئىسسىقى-
نىڭ كۆيدۈرۈشى ، قىش - زېمىستان سوغۇقىنىڭ نەشتەردەك
سانجىلىپ ئاچچىق - ئاچچىق چېقىشلىرى ، كۆز ، ئەتىيازدىكى
شامال ، بورىنى ئۇچۇرغان قۇملارنىڭ يىڭنىدەك سانجىلىپ ئۇرۇش-
لىرى نەتىجىسىدە ، ئادەملىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ رەڭگىرويى مىس
رەڭ ، دالا - يايلاق ئادەملىرىنىڭكىدەك يۈزى كەڭ ، ئىككى زاڭىقى
سەل بۆرتۈپ چىققان . دائىم ئات - ئۇلاغ ، بولۇپمۇ كۆپ ھاللاردا
كالىغا مىنگەچكە ، ئەر - ئايال ھەممىسىنىڭ ساغرىسى چوڭراق ،
ئەرلىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ كۆكرەك ، يەلكىسى كەڭ . بۇ ئۇلارنىڭ
كىچىكىدىن تارتىپلا كېمە تاياپ ئۆتكەنلىكىنىڭ نىشانى . بۇلار لوپ
ئادەملىرىدىكى ئورتاق جىسمانىي ئالاھىدىلىك . تۆلەك بوۋاي بىلەن
ئوماقتىمۇ ئاشۇ ئالاھىدىلىكلەر گەۋدىلىنىپ تۇراتتى . ئۇلارنىڭ
بۈركۈتنىڭكىدەك بىر جۈپ سىنچى كۆزلىرىدە لوپلۇقلارنىڭ تەبى-

ئەت بىلەن بىر گەۋدىلىشىپ كەتكەن ماسلىشىشچانلىقى ، قەيسەر ، چىداملىقلىقى ئەينەكتە كۆرۈنگەندەك ئوچۇق ئەكس ئېتىپ تۇراتتى .

— مەن ئابداللىقلار بىلەن قاراقوشۇنلۇقلارنىڭ يىلتىزى بىر قوۋم ئىكەنلىكىنى قالاچ قاناقادىن ئاڭلاپ بىلگەندىن كېيىن ، «قاراقوشۇنلۇق» ، «ئابداللىق» ، «قالۇچى - ئالۇچى» دېيىشىپ ، بىر - بىرىمىزنى يەكلىشىپ «پوش - پوش دەپ يۈرۈپ كەلگەن يېرى ئاران مۇشۇ» دېگەندەك ، يا بىز قاراقوشۇن ، ئابداللىقلار ئاسمانغا چىقىپ كەتمەپتۇق ؛ يا قالۇچىلار ، يانلار يەرگە كىرىپ كەتمەپتۇ . يەنە ئوخشاشلا تارىمنىڭ سۈيىنى ئىچىپ ، كېيىك ، جەرەن ، بېلىقلىرىنى يەپ ، قومۇلىرىدا ئېغناپ يۈرۈپتۇق . يەيدىغىنىمىز ، ئىچىدىغىنىمىز ، كىيىدىغىنىمىز ھەم تىلىمىز ئوخشاش بولسىمۇ ، پەقەت دىلىمىزلا ئانچە ئوخشىماي قالغانىكەن . ئۇدۇل كېلىپ قالساق : «نېرى تۇر ، بېرى تۇر» دېيىشىپ يۈرۈپتۇق ، دەپ ئۆزۈمچە خىيالغا چۆكىدىغان بولۇپ قالدىم . بۇ قېتىم ئابدالدا يېڭى يۇرت قۇرماقچى بولغاندا ، بەزىلەر قاراقوشۇن ، ئابدال ، قالۇچى ، تىكەنلىك ، چارا… دەپ ئايرىم - ئايرىم مەھەللە قۇرىمىز ، دېگەنلەرمۇ بولدى . جاھانبەگ بۇنداق قىلماسلىقنى تاپىلىسىمۇ بەزىلەر يەنىلا ئايرىمچىلىقىدا چىڭ تۇرۇۋېلىۋاتىدۇ . يۇرت بېگىنىڭ گېپىنى ئاڭلىمىغانلار مېنىڭ گېپىمنى ئاڭلامدۇ ، قۇلاقمۇ سالمايدۇ . شۇڭا جۇدۇنۇم تۇتۇپ : «قانداق قىلىشساڭ قىلىشىۋال» دەپ مەھەللىنى تاشلاپ مۇشۇ چەتكە چىقىۋالدىم ، — دېدى تۇلەك بوۋاي ۋە ئەپسۇسلىنىپ بېشىنى چايقىدى .

ئوماق بۇ يەرگە ئەمدىلا كەلگەچكە ، يۇرت قۇرۇش ئىشىغا ئارىلىشىپ گەپ قىلىشنى خالىمىدى . «يۇرتنى قانداق قۇرۇش يۇرت بېگىنىڭ ئىشى» دەپ قارايدىغان ئوماق ، بوۋايدىن ئۆزى بىلىشكە قىزىقىپ كېلىۋاتقان بىر ئىشنى سورىدى :

— ئاڭلىسام بىر زامانلاردا ئابدال بېگى بىلەن تاغ خانى ئوتتۇرىسىدا بىرنەچچە يىل ئۇرۇش بولغانىكەن . بوۋا ، بۇ زادى قانداق ئىش ؟ سۆزلەپ بەرسىڭىزكەن .

تۆلەك بوۋاي كۆزىنى يەنە يىراققا، كۆككە تىكتى، قوشۇمىسى تۈرۈلدى.

— ئابدال بېگى ئابدالنىڭلا بېگى ئەمەس، پۈتۈن لوپ دالىسىنىڭ بېگى. بۇ بەگلەر ئاتا - بوۋىسىدىن تارتىپ ئابدال ئەتراپىدا تۇغۇلۇپ، ئابدالدىلا تۇرغاچقا، ئابدال بېگى دەپ ئاتىلىپ قالغان. قالاچ بوۋاينىڭ ئېيتىشىچە، ئۇلارنىڭ ئەسلى يۇرتى لوپ كۆلى بويىدىكى كۆلشەھىرى ئىكەن. بۇ شەھەر خاراب بولغاندىن كېيىن بىر قىسىم كىشىلەر ھاياتلىق ئۈچۈن سۇ - ئوتلاق قوغلىشىپ كۆچۈپ يۈرۈپ جېنىنى جان ئېتىپ كەلگەنىكەن، كېيىن ئابدال شەھىرى بىنا بولغاندا بۇ يەرگە كۆچۈپ كېلىپ ماكانلىشىپ قاپتۇ. كېيىنكى چاغلارغا كەلگەندە، ئۇلارنىڭ پۇشتىلىرى ئابدال شەھىرىدىگە خان - بەگ بولۇپ ھازىرغىچە يۇرت سوراپ كېلىۋېتىپتۇ، ئابدال بىلەن تاغ خانى ئوتتۇرىسىدا بولغان ئۇرۇشقا كەلسەك، ئۇ قايسى بەگ ۋاقتىدا، قاچان بولغانلىقىنى بىلمەيمەن. قالاچ بوۋايدىن ھەم بوۋامدىن ئاڭلىغىنىمنىلا سۆزلەپ بېرەي، — تۆلەك بوۋاي ئالدىدا قۇمغا سوزۇلۇپ ياتقان توختاقنىڭ بېشىنى سىلاپ تۇرۇپ ئۇنىڭغا، — قۇلاق تىكىپ ئاڭلىۋال، ئېسىڭدە چىڭ ساقلاپ، بىزدىن كېيىن قالغاندا باشقىلارغا سۆزلەپ بەر. بۇ خېلى بۇرۇنقى ھېكايە - رىۋايەت بولسىمۇ، ئاتىلار بالىلارغا ئېيتىپ بېرىپ كەلگەچكە، مەن سىلەرگە ئېيتىپ بېرىۋاتىمەن. ئەۋلاد ئۈزۈلۈپ قالمىسىلا، ئەجدادلار توغرىسىدىكى ھېكايىلەرمۇ ئۈزۈلۈپ قالمايدۇ، — بوۋاي بىرپەس خىيال دېڭىزىغا چۆكۈپ جىم بولۇپ قالدى. ئوماق، ئۇنىڭدىنمۇ بەكرەك توختاق تۆلەك بوۋاينى ھېكايىگە قاچان ئېغىز ئاچاركىن دەپ تەلمۈرمەكتە.

## 3

ئوماق بىلەن توختاق تەلمۈرۈپ ئولتۇرماقتا، خۇددى بوۋاق ئانىنىڭ ئېمىتىشىگە تەلمۈرگەندەك. تۆلەك بوۋاي ئوچۇق ئاسمان بوشلۇقى بىلەن باغاشلىشىپ ياتقان بارخانلىق پايانسىز قۇملۇقتىن

كۆزىنى ئۇزمەي قارىغىنىچە ئوماقتىن سوراپ قالدى :
— سەن سوئالىڭنى قاناقادىن سورىمىدىڭمۇ ؟
— ياق .
— ئۆزى بۇ ھەقتە گەپ قىلىپ بەرمىدىمۇ ؟
— ئۇ ۋەقەنى قاناقامۇ بىلەمدا ؟
— ئۇ ۋەقە توغرىسىدا ئاتاڭ ياكى داداڭ ئازراق گەپ قىلىپ بەرمىدىمۇ ؟
— ئۇلار بىلمەيدىغان بولغىيدى .
بوۋاي زۇۋان سۈرمىدى ، بەلكى بايىقىدىنمۇ يىراقلارغا قاراپ تېخىمۇ جىمىپ كەتتى ، تۇرۇپ - تۇرۇپ بېشىنى ئىككى يانغا ئىرغىتىپ قويايتتى .
— بىزدىكى بەزى ئاقساقاللار ئۆزىنى مەن يۇرت ئاقساقىلى ، يۇرت ئاتىسى دەيدۇ ، ئەمما يۇرت ، ئەل غېمى خىيالىدا يوق ، ئوۋ تاماشىسىدىن بېرى كەلمەيدۇ ، — بوۋاي يىراق - يىراقلارغا قارى-غىنىچە ئۆزىگە ئۆزى گەپ قىلىۋاتقاندەك سۆزلەمەكتە ئىدى ، — قاناقا ئۆزى ماختىلىدىغان ئۇ ۋەقەنى ئاغزىغا ئېلىپ باقمىدى ، بىرەرسىگە سۆزلەپ بەرگىنىنى ئاڭلاپ باقمىدىم ، لېكىن ئۇ ۋەقەنى قاراچىلار[1] ئۇنتۇمىدى . ئاتاڭ ياكى داداڭنىڭ ئۇ ۋەقە توغرىسىدا ساڭا ھېچ نەرسە سۆزلەپ بەرمىگىنىگە ھەيران قېلىۋاتى-مەن ، — بوۋاي ئىتتىك يېنىغا بۇرۇلۇپ ئوماقتىن :
— بۇنىڭ سەۋەبىنى بىلەمسەن ؟ — دەپ جىددىي تۇستە سورىدى .
بوۋاينىڭ سوئالىدىن ئوماق تېخىمۇ قالدى ۋە ئىچىدە دەر-ھال ئويلىدى : «بۇنىڭدا قانداق سەۋەب باردۇ ؟ !» ئوماق ھەيرانلىق-تا سورىدى :
— ئۇ ۋەقەنى ئاتامۇ بىلەمتا ؟ !
بوۋاي ئوماقنىڭ بۇ سوئالىغىمۇ دەمال زۇۋان سۈرمەي خىيالغا پېتىپ تۇرۇپ كېتىپ ئاندىن ئېغىز ئاچتى :

[1] قاراچى — پۇقرا ، ئاددىي خەلق .

— بۇنىڭ سەۋەبى ، قاناقانىڭ قالۇچى ، ئاتاڭ ، داداڭنىڭ قاراقوشۇنلۇق بولغانلىقى...

تۇلەك بوۋاي دەۋاتقان گېپىنى توختىتىپلا يەنە خىيالغا چۆككەندەك تۇرۇپ كەتتى .

ئوماق تېخىمۇ گاڭگىراپ ، خىياللىرى چىگىشلىشىپ كەتتى «ئۇ زادى قانداق ۋەقە بولغىيدى ، ئۇنىڭ قەبىلىچىلىك بىلەن قانداق مۇناسىۋىتى باردۇ ؟ » بوۋاينىڭ ئېغىز ئېچىشىغا ئوماق بىتاقەت بولۇپ تەلمۇرمەكتە ئىدى .

تۇلەك بوۋاي بىر ئۇلۇغ تىنىۋېتىپ ئاخىر ئېغىز ئاچتى .

ۋەقە مۇنداق ئىدى :

بەك بۇرۇندىمۇ ئەمەس ، يېقىندىمۇ ئەمەس ، شۇنداق بىر زاماندا ، لوپ كۆلى بويىدىكى قەدىمكى كۆلشەھىرىگە يېقىن ئابدال دەپ بىر يۇرت بولغانىدى . بۇ يۇرت تارىم - كۆنچى دەرياسى ۋادىسىدىكى يۇرتلار ئىچىدە چوڭراق يۇرت بولۇپ ، ئورنى ئىككى دەريا ئوتتۇرىسىدا بولغاچقا ، سۈيى مول ، يېرى مۇنبەت ، ئوتلاق ، ئورمانلىرى كۆپ ئىدى ، تۆت ئەتراپىنى چەكسىز بوك توغراقلىق ئوراپ تۇراتتى . ئابدال شەھىرى خۇددى ئالتۇن ئۈزۈكنىڭ گۆھەر كۆزى ئىدى . پۇقرالىرى كۆپ بولۇپ ، نامدا «قاراقوشۇن» ، «ئابدال» ، «قالۇچى» دەپ ئۈچ قوۋمغا ئايرىلسىمۇ ، تۇرمۇش ئەمەلىيىتىدە زادى ئايرىمچىلىق قىلمايتتى ، ئارىلىشىپ ئولتۇراتتى . تىرىكچىلىكى ، خۇشاللىقلىرى ، غەم - قايغۇلىرى ، كەچۈرمىشلىرى ، تەقدىر - قىسمەتلىرى ، خۇددى مەسلىھەتلىشىۋالغاندەك ئوخشىشىپ كېتەتتى . پات - پات بولۇپ تۇرىدىغان دەريا - ئېقىن ، كۆللەردىكى ئۆزگىرىشلەر ، قۇرغاقچىلىق ياكى ھۆللۈك ، قۇم - بوران ۋە ھەر خىل كېسەللىك ئاپەتلىرى بۇ ئۈچ قوۋم - ئۈچ قەبىلە كىشىلىرىنى بىر - بىرىگە تەقدىر - قىسمەتداش قىلىپ قويغانىدى . قوشنىلار بارنى تەڭ يېيىشىپ ، يوقنى تەڭ تەييار قىلىشاتتى . خان - بېگىمۇ ئەلنىڭ سۆيىدە ئېقىپ ، ئوتىدا كۆيەتتى . ئەل - پۇقرالىرىمۇ خان - بېگىنى ، ئاقساقاللىرى-

نى ھىمايە قىلاتتى، ئەمىر - پەرمانلىرىنى ۋاقتى - ۋاقتىدا ئادا قىلىپ تۇراتتى. خان - بەگ، ئاقساقاللىرىمۇ، پۇقرا - قاراچىلىرىمۇ شۇنداق خاتىرجەم، بىغەم ئىدى. ئېھتىياجى بولسا - بولمىسا ئوۋغا چىقىپ تۇرۇشاتتى. بۇنىڭ بەزىسى تىرىكچىلىك ئېھتىياجىدىن بولسا، كۆپىنچىسى ئويۇن - تاماشا ئىدى، يەنە كۆل، دەريالاردىن ھەر خىل ئۇسۇل بىلەن بېلىق تۇتۇشاتتى. بېلىق تۇتۇش پۈتۈنلەي تۇرمۇش ئېھتىياجى، تىرىكچىلىك ئۈچۈن ئىدى. ئابداللىقلارنىڭ تىرىكچىلىكى ئۈچۈن ئازراق ئىلۋەسۇن گۆشى بىلەن يېتەرلىك بېلىق بولسىلا بولدى، باشقا ئېھتىياجى، ئارتۇق غېمى يوق ئىدى. ئوۋغا چىقمىغان، بېلىق تۇتقىلى بارمىغان، ئائىلىۋى ھۈنەر - كەسىپ بىلەن شۇغۇللانمىغان ۋاقىتلارنى ئاساسەن قوشاق ئېيتىشىش بىلەن ئۆتكۈزەتتى. چارۋىچىلىق ئۇلاردا قوشۇمچە بىر ئىش ئىدى. ئۇلار ئۆي ھايۋانلىرىنى گۆشىنى دەپ ئەمەس، يۇڭ، تېرىسىنى دەپ باقاتتى، باققاندىمۇ قوتانغا سولاپ ياكى كەينىدە يۈرۈپ مەخسۇس باقمايتتى، يايلاققا چىقىرىۋېتەتتى، لازىمى بولمىسا يايلاقتا يۈرۈۋېرەتتى، يوقاپ كېتەرمىكىن، ئوغرىلاپ كېتەرمىكىن دەيدىغان ئەندىشە يوق ئىدى، ھېچ نەرسە يوقالمايتتى. لوپ كىشىلىرى، جۈملىدىن ئابداللىقلار ئەنە شۇنداق خاتىرجەم، بىغەم ئىدى.

ئابدال بېگىنىڭ كۆڭلى ئوۋ - شىكار سېغىنىپ قېلىپ، قايسىبىر يىلى ياز كۈنلىرىنىڭ بىرىدە بىر توپ ئەركان، لەشكەرلىرى بىلەن تارىم دەرياسىنىڭ يۇقىرى تەرىپىگە ئوۋغا ئاتلاندى. بەگ ئوتتۇرا ياش بولۇپ، ئۆلۈپ كەتكەن ئاتىسىنىڭ ئورنىدا ئولتۇرغىنىغا بىرنەچچە يىللا بولغانىدى، لېكىن يۇرت ئىشىغا پۇختا، پىكىر - مۇلاھىزىسى چوڭقۇر ئىدى. ئۇ ئوۋغا چىقسىمۇ، يۇرت ئارىلاشنى ئۇنتۇپ قالمايتتى. ئابدال بېگى يارەنلىرى بىلەن ئوۋلىغان ئۇچارلىق، ماڭارلىق ماللىرىنى ئۇدۇللۇق ئوزۇق قىلىپ يېيىشىپ بىر ھەپتىنى كۆڭۈللۈك ئۆتكۈزدى. ئۇلار يۇرتقا قايتىشقا تەرەددۇتلىنىپ تۇرغاندا، ئۇلاردىن كۆپ يىراقتا، قۇم دۆۋىلىرى

ئارىلىرىدا گاھ پەسلەپ ، گاھ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ ، تۆۋەن تەرەپكە كېتىۋاتقان ئات ، تۆگىلىك بىر توپ ئادەمنى كۆرۈپ قېلىشتى . بەگ ئۇلارنىڭ نېمە ئادەملەر ئىكەنلىكىنى ، نېمىشقا دەشت قۇملۇقتا كېتىۋاتقانلىقىنى بىلمەكچى بولۇپ ئادەملىرى بىلەن شۇ تەرەپكە ئات سالدى...

ئابدال بېگى كۆردىكى ، ئەللىككە يېقىن ئاتلىق بۇ ئادەملەرنىڭ توققۇزى دۇبۇلغا ، ساۋۇت كىيىپ ، قىلىچ ئېسىۋېلىشقان بولۇپ ، كۆرۈنۈشى ھەيۋەت ، سۈرلۈك ئىدى . ئابداللىقلار بولسا بەگدىن تارتىپ يارەنلىرىگىچە ھەممىسى ئادەتتىكى كىيىمدە ، نەيزە ، ئوقيا-لىق بولۇپ ، پەقەت بەگ بىلەن يەنە ئىككى كىشىدە شىراقلىق ئوق مىلتىقى — شاغدار بار ئىدى . ئۇ بىر توپ ئادەم ئۈستىگە سايىۋەن-لىك تەختىراۋان ئورۇنلاشتۇرۇلغان بىر بۇغرا تۆگىنى ئوتتۇرىغا ئېلىپ ماڭغانىدى . تەختىراۋاندا ئۈنچە - مەرۋايىتلار بىلەن بېزەل-گەن قىممەت باھالىق رەڭدار كىيىم كىيگەن بىر ساھىبجامال ئولتۇراتتى . ساۋۇتلۇقلارنىڭ تۆتى بۇغرا تۆگىنىڭ ئالدىدا ، تۆتى كەينىدە ، ئۇلارغا قارىغاندا ھەيۋەتلىكرەك كىيىنگەن يەنە بىرى ئوڭ تەرىپىدە ئىدى . بۇلارنىڭ كەينىدە يۈك - تاق ئارتقان سەككىز تۆگە بار ئىدى . «ئوۋچى» ئابداللىقلارنى كۆرۈپ ئۇلار مېڭىشتىن توخ-تىدى ، «ئوۋچى»لارنى مەنسىتمىگەندەك ، ئانچە نەزەر سالمىغاندەك قىياپەتتە تۇرغان بىلەن ، بەزىلىرىنىڭ قولى قىلىچ دەستىسىدە ، جىددىي ھالەتتە ئىدى . ئۇلارنىڭ قانداق قارشىدىن ئابدال بېگىنىڭ پەرۋايى پەلەك ، بىر يارىنىنىڭ ھەمراھلىقىدا بۇ بىر توپ ئادەملەر-نى بىر ئايلىنىپ چىقتى . تەختىراۋاندىكى نازىنىن راستىنلا سا-ھىبجامالمۇ ياكى كۆزنى چاقنىتىدىغان ئۈنچە - مەرۋايىت ئىچىدە شۇنداق گۈزەل كۆرۈنۈپ كەتتىمۇ ، ئابدال بېگى ئۇنىڭ ئۇدۇلىغا كەلگەندە ئۇنىڭدىن كۆزىنى ئۈزەلمەي قالدى . يېنىدىكى ھەمراھى قامچىسىنىڭ دەستىسى بىلەن بېقىنىغا نوقۇپ قويغاندىلا بەگ ئېسىنى يىغىۋالدى .

— سىلەر كىملەر ، نەگە كېتىۋاتىسىلەر ؟ — دەپ سورىدى

بەگ ، تەختىراۋانلىق ساھىبجامالنى قوغدىغاندەك ئۇنىڭ يېنىدا تۇرغان ساۋۇتلۇقتىن .

بۇ ساۋۇتلۇق قىرىق ياش ئەتراپىدا بولۇپ ، مۇشۇ توپقا مەسئۇل خوجىدار بولسا كېرەك ، گىدىيىپ تۇرۇپ :

— بىز چوڭتاغ[1] خانىنىڭ ئادەملىرى ، تىبەتكە تاۋاپقا كېتىۋاتىمىز ، تەختىراۋاندا ئولتۇرغان خان مەلىكىسى ، — دېدى .

«خان مەلىكىسى» دېگەن گەپنى ئاڭلاپ ئابدال بېگىنىڭ يۈرىكى باشقىچە سېلىپ كەتتى . مەلىكىگە باشقىدىن نەزىرىنى تىكىپ قاردى ، ئاندىن ھېلىقى ياساۋۇلدىن :

— خان مەلىكىسىنىڭ ئىسمى نېمىكىن ؟ — دەپ سورىدى .

— مەلىكىنىڭ مۇبارەك ئىسمى خالۇت .

بەگكە بۇ ئىسىم غەلىتە ھەم يېقىملىق ئاڭلىنىپ كەتتىمۇ - قانداق ، «خالۇت - خالۇت» دەپ تەكرارلىۋەتتى .

ھېلىقى ياساۋۇل ئۆزىگە گەپ قىلغۇچىنىڭ سالاھىيىتىنى بىلمەكچى بولغاندەك ، بەگنىڭ چىرايىغا ، تەقى - تۇرقىغا سىنچىلاپ قاردى . سېلىشتۇرۇپ باقماقچىدەك ، ئۇنىڭ ھەمراھلىرىغىمۇ شۇنداق نەزەر بىلەن قاراپ چىقتى . بىرەر گەۋدىلىك ، روشەن پەرقنى كۆرەلمىدى چېغى ، نەزىرىنى يەنە بەگكە ئاغدۇردى .

بەگ بىلەن ئۇنىڭ ھەمراھلىرىنىڭ تەقى - تۇرقى ، كىيىم - كېچەكلىرى ئوخشاش دېگۈدەك ، تورقا تالالىرىدىن سىپتا توقۇلغان چەكمەندىن يارىشىملىق قىلىپ ئىشتان - چاپان كىيگەن ، بېلىگە مەخسۇس توقۇلغان چۇچىلىق رەڭدار يوللۇق پالاس بەلۋاغ باغلىۋالغان ، ئارىلاپ بەزىلىرى كۆن غىلاپلىق پىچاق ئېسىۋالغانىدى . پۇتىغا ئوخشاش پاسونىدا يۇلغۇن چېچىكى رەڭلىك كۆن - شاۋرۇن ئۆتۈك كىيىشكەن بولۇپ ، بەگنىڭ ئۆتۈكىنىڭ باشلىقىنىڭ ئىككى تەرىپىگە ، ئاپقۇتىنىڭ كەينىگە ، قونچىنىڭ يۇقىرى تەرىپىگە تۇجۇپىلەپ كۆچۈك چىشى نەقىش ئويۇلغانىدى . كەينىگە سەل ئېگىلگەن قۇيما كىگىز قالپىقىنىڭ ئوڭ تەرىپىگە

---

[1] چوڭتاغ — چوڭ يۇلتۇز تېغى .

تۆت تال ، سول تەرىپىگە ئۈچ تال ئۇقار پېيى قىستۇرۇلغانىدى . بەگنىڭ تەقى ـ تۇرقتا ھەمراھلىرىدىن پەرقلىنىپ تۇرىدىغىنى مانا شۇ ئىككى ئالاھىدىلىك ئىدى . ئۇلاردىكى چوڭ بىر ئوخشاشلىق ، كىيىم ـ كېچەكلىرىدە ئۈنچە ـ مەرۋايىتقا ئوخشاپ كېتىدىغان بىرەر تالمۇ پارقىراق نەرسە يوق ئىدى .

— بىزنىڭ ماقۇللۇقىمىزنى ئالماي تەۋەيىمىزگە ئاياغ بېسىپسىلەر ، سىلەر راستتىن خان ئادەملىرىمۇ ئەمەسمۇ ، بۇنى تەكشۈرىمىز . ئېنىقلانغۇچە خالۇت مەلىكىنى تۇرغاق قىلىپ تۇتۇپ تۇرىمىز . مال ـ دۇنيا ، يۈك ـ تاقلىرىڭلارنىڭ بىزگە كېرىكى يوق . مەلىكە ھەمراھلىقىدا ئادەملىرىدىن تۆت ـ بەشنى ئۆزى تاللاپ ئېلىپ قالسا بولىدۇ . قالغانلىرىڭلار قايتىپ كېتەمسىلەر ، تىبەتكە بارامسىلەر ، ئىختىيارىڭلار ، — دېدى بەگ .

باش ياساۋۇل دەسلەپ بۇ ئابداللىقلارنى ئادەتتىكى ئوۋچىلار ، دەپلا قارىغانىدى . ئۆزىگە گەپ قىلغۇچىنىڭ گېپىنىڭ چوڭلۇقىغا ، تەمكىن ، بەخىرامانلىقىغا قاراپ بۇلارنىڭ ئادەتتىكى كىشىلەر ئەمەسلىكىنى ھېس قىلىپ قالدى ، شۇنداقلا كەڭ قورساقلىق بىلەن ئېيتىلغان كېيىنكى بىر ئېغىز يوللۇق گەپكە مەلىكە خالۇتمۇ ، ھېلىقى خوجىدار ياساۋۇل ھەم باشقىلىرىمۇ زۇۋان سۈرەلمەي قالدى .

ئابدال بېگى خالۇتنى بەش ھەمراھى بىلەن تۇرغاقلىقىقا تۇتۇپ قېلىپ يۇرتقا قايتتى . خالۇتنىڭ قالغان مۇھاپىزەتچى ھەمراھلىرى يا خانى ئالدىغا قايتىپ كېتەلمەي ياكى يولىغا — تىبەتكە كېتەۋەرمەي ئابدال بەگلىكى تەۋەسىدە تۇرۇپ قالدى .

ئىككى ـ ئۈچ ئايغىچە ھېچنەدىن خالۇتنىڭ ئىز ـ دېرەك ـ سىرتىغىنى قىلىدىغان ئادەم چىقمىدى . بۇ جەرياندا خالۇت ئابدالدا مېھماندەك ، خانچەدەك[1] ياخشى كۈتۈلدى . تەڭتۇش قىزلار بىلەن كەڭ قۇملۇق داللارغا چىقىپ يۈگۈرۈپ ـ قوغلىشىپ ئوينىدى . بولۇپمۇ ئېگىز ـ ئېگىز قۇم دۆۋىلىرىدىن سىيرىلىپ ـ دومىلاپ

---

[1] خانچە -- خان قىزى ، مەلىكە .

ئويناش ئۇنىڭغا بەكمۇ قىزىق، كۆڭۈللۈك تۇيۇلدى. تاغدا بۇنداق ئويۇن ئۇنىڭ خىيالىغىمۇ كىرىپ باقمايتتى. ئۇ بۇ يەردە تاغدا كۆرمىگەن كۆپ نەرسىلەرنى كۆردى، تاغدا يەپ باقمىغان، ھەتتا كۆرمىگەن تاماقلارنى يېدى، كۆندى ھەم ئېتىشنىمۇ ئۆگەندى. بىرەر ئايغىچە ياتسىراپ يۈرگەندى، بارا - بارا ئۇنىڭدىكى ياتسىراش تۈپتىن تۈگىدى. كۈن، ئايلارنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ ئابدال بېگنىڭ خالۇتقا مېھرى چۈشۈپ قېلىپ ئۇنىڭغا توي قىلىشنى ئېيتتى. شۇ چاغقىچە خالۇتنىڭ ئۆزىنى ھېچكىمنىڭ سۈرۈشتە قىلمىغىنىغا قورسىقى كۆيۈپ تۇرغانىدى، بەگنىڭ رايىغا ماقۇل بولدى.

كۈز كۈنلىرىنىڭ بىرىدە ئابدالنىڭ كەڭ بىر تۈزىدە توي مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى. تويغا يېقىن ئەتراپتىكى يۇرت - مەھەللىلەردىن كېلەلەيدىغانلىكى كىشىلەرنىڭ ھەممىسى كەلدى. تەرەپ - تەرەپكە قازانلار ئېسىلىپ، بەگ تەرىپىدىن ۋە ئابدالدىكى ئائىلىلەر بەگ تويىغا سوۋغا ئۈچۈن تۇتۇپ كېلىنگەن يېغى بېلىقلار پىشۇرۇلدى، پوستلاقلىرى قاراقوشۇنلۇقلار ئۇسۇلى بويىچە ئىچىگە ئۇجۇل، قايماق، جىگدە تالقىنى، بېلىق يېغى سېلىپ ئايرىم قازانلاردا پىشۇرۇلدى، بىرقانچە قازاندا يېغى بېلىق شورپىسىدا ئۇجۇل بۇلمىقى ئېتىلدى. تاماقتىن كېيىن قۇمدا ياشلار چېلىشىش قىلدى، ھەممىدىن قىزىقىنى قوشاق ئېيتىشىش بولدى. كىشىلەر ئۆز يۇرت - مەھەللىلىرى بويىچە، بەزىلىرى بىرنەچچە مەھەللە بىرلىشىپ ئۆزئارا قوشاق ئېيتىشىش قىلدى. كىشىلەر بېلىققا تويدى، ئەمما قوشاققا تويمىدى. ئاخىرلاشمايدىغان ئويۇن يوق. توي مۇراسىمىنىڭ ئويۇنى كەچئارىسى مەھەلدە ئاران يىغىشتۇرۇلدى. كىشىلەرنىڭ رايى بويىچە بولغاندا، ئايدالدا كېچىنى تاڭغا ئۇلاپ ئويىنغۇسى بار ئىدى...

ئابدال بېگى بىلەن خالۇتنىڭ تويىدىن بىر ئايدەك ۋاقىت ئۆتكەن بىر كۈنى، چارلىغۇچى ئوۋچىلار: «تاغلىقلار خانى ئابدال تەرەپكە نۇرغۇن لەشكەر تارتىپ كېلىۋېتىپتۇ. ئۇلار كۇچا - شاھ-

يار ئارقىلىق خادادۆڭدىن ئۆتۈپ قارچىغا بىلەن مىرسالى ئارىلىقىدىكى چۆلقۇمدا ئىكەن » دېگەن خەۋەرنى ئېلىپ كەلدى . ئابداللىقلار ئادەتتە بېلىق ، گۆش يەپ ، ئۇجۇل ئۇمىچى ئىچىپ ، قوشاق ئېيتىشىپلا يۇرۇيدىغان خاتىرجەم ، بىغەم كۆرۈنگىنى بىلەن ، زېمىن - تۇپرىقىغا ياتلارنىڭ يامان نىيەتتە ئاياغ باسقىنىنى ئاڭلاپ قالسا ، قويقا چېچى تىك تۇرىدىغان خەق . بېگى «هايت» دېسىلا يوپۇرۇلۇپ چىقىپ ، غايىبتىن پەيدا بولغاندەك تەق بولىدۇ . شۇڭىداق بولسىمۇ ئابدال بېگى جىددىيلىشىپ قالدى ، چۈنكى ئۇنىڭ لەشكىرى ئىشلاردىن قىلچە خەۋىرى يوق ئىدى . ئۇ دەرھال يېقىن ئەتراپتىكى ئاقساقاللارنى چاقىرىپ كېڭەش ئۆتكۈزدى . قالۇچىلار مەھەللىسىدىن قالاچ قاتناشقانىدى . ئاقساقاللار تاغلىق لەشكەرلەرگە قارشى بىرەر ئۇنۇملۇك تەدبىرنى ئوتتۇرىغا قويالمىدى ، «بەگ ئۆزى بىر چارىسىنى قىلسا» دەپلا قاراپ تۇرۇشتى . بەگ :

— ئاتا - بوۋامدىن ئاڭلىشىمچە ، قالۇچىلاردىن قالاچ جەمەتى تونۇق ئاتامان بولۇپ ئۆتكەنىكەن . تاغلىقلارغا قارشى بۇ ئىشتا قالاچ باش ئاتامانلىق قىلىپ بەرسە ، — دېگەن تەكلىپنى بەردى .

ئاقساقاللار ئىچىدە بۇنداق چوڭ ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدىغان بىرەرسى بولمىغاچقا ، بەگنىڭ تەكلىپىگە قوشۇلۇش بىلەن ياۋغا قانداق تاقابىل تۇرۇشنى قالاچنىڭ بەلگىلىشىنى ، ئۇنىڭ دېگەنلىرىنى تولۇق ئادا قىلىشنى قارار قىلىشتى ، لېكىن بەزى ئاقساقاللار : «قالاچ مۇشۇ باش ئاتامان بولغان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ بەگلىكنى تارتىۋالارمۇ» دېگەن ئەندىشىگە چۈشۈپ قالدى . تۈيغۇن قالاچ بۇنى ئۇلارنىڭ چىرايى ، كۆزى ئىپادىلەپ تۇرغان ئەنسىزلىكتىن سېزىپ قالدى . ئۇلارنى خاتىرجەم قىلىش ئۈچۈن قالاچ :

— مەن باش ئاتامان بولسامۇ ، يۇرتىمىزنىڭ ئەڭ چوڭ ئاتامانى يەنىلا يۇرت بېگى . مېنىڭ چوڭ ئىشلاردىكى ھەرقانداق بۇيرۇقۇمنى بەگ ماقۇل كۆرمىسە ، كۆچكە ئىگە ئەمەس ، بېجىرمەسەڭلار بولىدۇ ، — دېدى .

بەگ كۆلۈپ كەتتى . قالاچتىن گۇمانلانغان ھىلىقىدەك ئاقسا-قاللار خىجىلچىلىقتا ئۆزىنى قويىدىغان يەر تاپالماي قالغاندەك ئولتۇرالماي قالدى .

كېڭەشنىڭ قارارى ، بەگنىڭ ماقۇللۇقى بىلەن قالاچ قاناقا شۇ يەردىلا بارلىق ئاقساقاللارغا ئون سەككىز ياشتىن ئەللىك بەش ياشقىچە بولغان ئەرلەرنى ئۆزلىرىدىكى قوراللىرى بىلەن بىر ھەپتە ئىچىدە قارادايدىكى قاراچۇشكۇن ئەتراپىغا يىغىپ بولۇشنى جىددىي پەرمان قىلدى .

ئابدال بەگلىكىدە لەشكىرى قوشۇن ، ھەتتا مۇقىم ئامانلىق قوغداش خادىملىرىمۇ يوق . بۇ يەردە ئوغرى - قاراقچى يوق ، كىشىلەر قەبىلىچىلىك قىلىشقىنى بىلەن ، ياقا سىقىشىپ بىر - بىرىگە مۇشت كۆتۈرۈش تۈگۈل كىشىلەرنىڭ شەخسىيىتىگە تېگىپ تىل سالىدىغان ئىشلارمۇ يوق . شۇڭا ئۇنداق خادىملارغا ئېھتىياج يوق . كىشىلەرنىڭ ئاساسلىق قورالى ئوقيا ، ئۇزۇن - قىسقا دەستىلىك نەيزە ، سالما . ئوقيا ئاتسا بىر ئوقنى بوشقا ئۇزمەيدۇ . ئۇزۇن دەستىلىك نەيزىنى سانجىشقا ، قىسقا دەستىلىكنى ئېتىپ سانجىشقا ئىشلىتىدۇ .

جىددىي پەرمان بويىچە بىر ھەپتە ئىچىدىلا قاراقوشۇن ، ئابدال ۋە قالۇچىلاردىن قاراچۇشكۇندىكى قاراكېچىك بويىدا كۆچلۈك لەش-كىرى سەپ تەق بولۇپ بولدى .

قالاچ پۈتۈن «قوشۇن» نى ئون سەككىز ياشتىن يىگىرمە تۆت ياشقىچە بولغان ئەرلەرنى بىر توپ قىلىپ ئارقىغا ، يىگىرمە بەش ياشتىن قىرىق تۆت ياشقىچە بولغان ئەرلەرنى بىر توپ قىلىپ ئالدىغا ، قىرىق بەش ياشتىن ئەللىك بەش ياشقىچە بولغان ئەرلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ، ئالدىدىكىلەرنى ئوقياچىلىققا ، ئوتتۇرىدىكىلەرنى ئۇلارغا ئوق يەتكۈزۈش ، نەيزە ئېتىشقا تەييار تۇرۇشقا ، ئارقىدىكى-لەرنى كېرەك بولىدىغان ھەرقانداق ئىشقا تەييار تۇرۇش بىلەن جەڭ ماھارىتىنى ئۆگىنىشكە بەلگىلىدى .

ئەتىسى ئەتىگەندە توپا - تۇمان چىقىرىپ تاغلىق لەشكەرلەر-

نىڭ ئالدى كەلدى ، ئاخىرى كەچكە يېقىن كېلىپ بولدى . لەشكەر-
لەرنىڭ ھەممىسى دۇبۇلغا ، ساۋۇت كىيگەن بولۇپ ، ئاتلىرىنىڭ
پېشانىسى بىلەن كۆكرىكىگە دالدىلىق بېكىتىلگەنىدى . ئوڭ سەپكە
قىلىچلىقلار ، سول تەرەپ سەپكە نەيزىلىكلەر تىزىلغانىدى . لەش-
كەرلەر شۇ قەدەر ھەيۋىلىك ئىدى .
— بۇنچىۋالا كۆپ لاۋا لەشكەرنىڭ ئالدىنى توسۇپ تاقابىل
تۇرغىلى بولارمۇ ؟ — ئاقساقاللاردىن بىرى بەگدىن سورىدى .
بەگ بۇنىڭغا بىرنېمە دېيەلمەيتتى ، شۇڭا قالاچ باش ئاتامانغا
قارىدى .
— لەشكىرىي ساندا بىز بەك ئاز ، ئەمما بىز مۇشۇ يەرنى چىڭ
ئىگىلەپ تۇرساقلا ياۋلار كېچىكتىن ئۆتەلمەيدۇ . دەريا تېگى قۇم-
لۇق ، ئات سالسا ئېتى قۇمغا پېتىپ ماڭالمايدۇ ، ئۆتۈشكە ئۇرۇن-
غانلىرى يا ئوقى يەيدۇ ، بۇ يەردىن باشقا جاينىڭ ئىككى قېشى
تىك ، ئېگىز ياداڭلىق ، ئات سېلىشقا جۈرئەت قىلالمايدۇ ، ئات
سالغاندىمۇ بۇ قات قاش تېخىمۇ تىك ، ھەرگىز چىقالمايدۇ . يەنە
بىر تەرىپى ، تاغلىق لەشكەرلەر تاغ ھاۋاسىغا كۆنگەن ، بۇ يەرنىڭ
ئىسسىقىغا بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ ، كۆپ بولسا بىر ھەپتە چىدىيا-
لايدۇ ، — دەپ ، قالاچ شارائىتنىڭ ئۆزلىرىگە پايدىلىق ئىكەنلىكى-
نى بىرمۇبىر چۈشەندۈردى .
تاغلىق لەشكەرلەر بىر كۈن ئارام ئېلىۋېلىپ ئەتىسى ئەتىگەن-
دىلا يوپۇرۇلۇپ دەريادىن ئۆتمەكچى بولدى ، بۇلار توستى . ئۇلار
يەنە كەلدى ، بۇلار يەنە توستى . بۇنداق ھالەت ئۈچ كۈن داۋاملاش-
تى . بۇ ئۈچ كۈندە نۇرغۇن تاغلىق لەشكەرنىڭ ئۆلۈكى سۇدا
قالدى . سۇدىن قايتىپ چىقىۋالغانلارنىڭ تولىسىنىڭ ئۆزلىرىمۇ ،
ئاتلىرىمۇ يارىلىنىپ سەپتىن چىقتى . ئۇلار ئامالسىز قالدى . ئال-
دىنى ئابداللىقلارنىڭ ئوقياسىنىڭ ئوقى توسسا ، ئۈستىدىن قۇم-
لۇقنىڭ ئىسسىقى دېمىنى قىسىپ ، تاغلىق لەشكەرلەرنى مۇشكۈل
ئەھۋالدا قالدۇردى . تاغلىق خان بۇنداق ئۇرۇشۇۋەرسە قىزىنى
قايتۇرۇۋېلىش تۈگۈل لەشكەرلىرىنىڭ تۈگىشىپ كېتىدىغانلىقىنى

بىلىپ ، كۆچ توپلاپ ، ۋاقىتنى تاللاپ باشقىدىن كەلمەكچى بولۇپ قايتىپ كەتتى...

ئارىدىن بەش يىل ئۆتتى . خالۇت ئابدال بېگىدىن كۆندەك بىر ئوغۇل ، ئايدەك بىر قىز — ئىككى بالا تۇغدى . بەش يىل بولغان يىلى كۈزدە ، تاغلىق خان تۇيدۇرماي بىھېساب لاۋا لەشكەرلىرىنى باشلاپ كېلىپ ئىلگىرى جەڭ بولغان كېچىكتىن ئۆتۈپ سەپ بولۇپ تۇردى . بۇ لەشكەرلەرنىڭ ئالدى قارادايغا بىر كۈنلۈك قالغاندا ، بۇنىڭدىن ئابدال خانى ئاندىن خەۋەر تاپتى . قالاچقا خەۋەر قىلىپ ، «قوشۇن» نى توپلاپ قاراچۇشكۇن بويىغا كېلىپ بولغۇچە ئۈچ كۈن ئۆتتى . بۇ ۋاقىتتا تاغلىق خان لەشكەرلىرىنى تولۇق ئارام ئالدۇرۇپ ، سەپلىرىنى رەتلەپ تولۇق تەييارلىنىۋالدى .

ئىككى تەرەپ لەشكەرلىرى قىلىچ ، ئوقيا ، نەيزىلىرىنى تۇغ-رىلاپ ، روبىرو قارىشىپ ، ئۆزئارا ھۇجۇمغا ئاتلىنىشقا تەييار ھالەتتە تۇرۇشتى . خالۇت : «دادامنى بىر كۆرۈۋالسام» دەپ تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋېلىپ ، ئىككى بالىسىنى ئېلىپ جەڭ مەيدانىغا بەگ ئېرى بىلەن بىللە كەلگەنىدى . ئىككى تەرەپ بىر - بىرىگە ئېتىلىشقا تەييار بولۇپ تۇرغاندا ، خالۇت ئوغلىنى ئالدىغا مىندۇرۇپ ، قىزىنى بىر قولىدا كۆتۈرۈپ ، ئېتىنى چاپتۇرغىنىچە ئىككى تەرەپ لەشكەرلىرىنىڭ ئوتتۇرىسىغا كېلىپ ئاتىسى تەرەپكە قاراپ يۇقىرى ئاۋازدا :

— ئاتا ، ئۇرۇشمەن دېمە ، مەن كەتمەيمەن . مېنىڭ ھازىر ئىككى بالام بار . مانا بۇلار مېنىڭ باللىرىم ، سېنىڭ نەۋرىلىرىڭ ، — دەپ توۋلاپ ، ئىككى بالىسىنى ئات ئۈستىدە تۇرۇپ ئېگىز كۆتۈرۈپ ئاتىسىغا كۆرسەتتى .

خالۇتنىڭ ئاتىسى ئەمدى قىزى ئۈچۈن ئۇرۇش قىلىشنىڭ ئورنى قالمىغانلىقىنى بىلىپ ، لەشكەرلىرىنى ئاتلىرىدىن چۈشۈش-كە ، قىلىچىنى غىلىپىغا سېلىشقا بۇيرۇق قىلدى .

ئىككى نارەسىدە بالىنىڭ يۈزىدىن ئۇرۇش قىلىنمايدىغان بول-دى ، بىھۇدە قان تۆكۈلۈشتىن ساقلاپ قېلىندى . ئىككى تەرەپ

بۇنىڭدىن كېيىن ئۆزئارا ئۇرۇش قىلىشماسلىق ، بىر ـ بىرىنى قولىغا سېلىشقا ئۇرۇش تونۇشتا ئۇرۇشتى بىرلىشىپ – كېلىش قىلىپ تۇرۇش توغرىسىدا توختام تۈزۈشتى .

خېلى يىللاردىن كېيىن ، بەگنىڭ خالىتىن تۇغۇلغان بالىلىرى ھەم ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرى بىلەن ئۇنىڭ كەتمەي قېلىپ قالغان ھەمراھلىرى ھەم ئەۋلادلىرى قاراقوشۇن ، ئابداللىقلار تەرىپىدىن «جۇداخلار» ، كۆپىنچە «يانلار» دەپ ئاتىلىدىغان بولدى...

بوۋاينىڭ ھېكايە ـ رىۋايىتى تۈگىدى . بۇ ۋەقە خەلق ئاغزىدا ھېكايە ، رىۋايەت بولۇپ ساقلىنىپ قالغان ، ئەمما بىرەر تارىخي يېزىلمىلارغا پۈتۈلمىگەن . شۇنى بىلىش كېرەككى ، ئوردىدا پۈتۈلگەن تارىختىن خەلق ئاغزىدىكى تارىخ تارىخي چىنلىققا بەكرەك يېقىن بولىدۇ .

4

جاھانبەگ قالاچ قاناقاننىڭ ئوقياسىنى مۇنداقلا تاپشۇرۇۋېلىشنى توغرا تاپمىدى . قاناقا ئوقيانى نېمىشقا بىر تاللا ئوق بىلەن ئەۋەتتى؟ ئوقنى ئەۋەتمىسىمۇ جاھانبەگ ئۆزى ياسىۋالالايتتىغۇ . جاھانبەگ ئويلا ـ ئويلا ئۇنىڭدا چوڭقۇر بىر مەنە باردەك ھېس قىلدى ، ئەمما نېمە مەقسەتتە شۇنداق قىلىنغىنىنى ئويلاپ يېتەلمىدى .

جاھانبەگنىڭ چەت مەھەللىلەرنى ئارىلاپ ئاخشام قايتىپ كەلگەنلىكىنى ئاڭلىغان تۇلەك بوۋاي ئەتىگەندىلا بەگنىڭ ئۆيىگە كېلىپ ، قالاچ قاناقاننىڭ ئوماقتىن ئۆزىنىڭ ئەتىۋارلىق ئوقياسىنى ئۇنىڭغا بىرىشكە بىر تال ئوق بىلەن ئەۋەتكەنلىكىنى ، ئوماقنىڭ ئوقيانى بەگكە ئۆز قولۇم بىلەن تاپشۇرۇپ بېرىمەن دەپ بىر ھەپتىدىن بۇيان ساقلاپ تۇرغانلىقىنى ئېيتقانىدى . ئۇ ئوقيانى جاھانبەگ ياخشى بىلەتتى . ئۇن نەچچە يىلنىڭ ئالدىدا بىرىنچى قېتىم كۆرگەندىلا ئۇ ئوقياغا كۆزى چۈشۈپ قالغانىدى ، «مېنىڭمۇ مۇشۇنداق بىر ئوقيايىم بولغان بولسا» دەپ ئارزۇلىغانىدى . ئەنە

شۇ ئوقيانى قاناقا ئۇنىڭغا ئەۋەتىپتۇ . شۇ تاپتا جاھانبەگنىڭ خۇ-
شاللىقى ئىچىگە سىغمايۋاتاتتى . شۇنىڭ بىلەن يەنە بىر ئىشقا ئويى-
لاپ ئەقلى يەتمەيۋاتاتتى . «ئۇ ئوقيانى ئۆزى ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان
ئادىمى تايۇققا بەرمەي ياكى تايۇقتىن ئەۋەتمەي نېمىشقا ئۆتمۈرۈنچى
ئوماقتىن ئەۋەتىدۇ؟ يەنە كېلىپ بىرلا ئوق بىلەن؟»

— تۇلەك بوۋا ، ئېيتقىنا ، قالاچ قاناقا ئوقيانى ئەۋەتكەن
چاغدا بىرنېمە دېمەپتۇمۇ؟

— گوي - گوي ، ساڭىلا تېگىشلىك بولىغان گەپنى ماڭا
دەمدۇ؟

— ئۇ توغرىدا بىرەر ئېغىز گەپ قىلمىدىمۇ؟ — جاھانبەگ
كوچىلاپ سورىدى .

— ئوقيا ئەۋەتتى ، دېگەن گەپتىن باشقا ھېچنېمە ئېيتمىدى ،
مەنمۇ كوچىلاپ سورىمىدىم .

جاھانبەگ جىم بولۇپ قالدى ، ئۇزايىدىن ئۇ ئويلاۋاتقاندەك
قىلاتتى . ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ تۇلەك بوۋايغا قاراپ :

— ئوقيانى ئۆزۈملا ئالماي ، بىرنەچچە ئاقساقال ئالدىدا تاپشۇ-
رۇۋالاي دەيمەن . قاناقانىڭ ئېيتىپ بەرگەن گېپى بولسا ، شۇلار-
نىڭ ئالدىدا ئېيتسۇن ، ئۇلارمۇ ئاڭلاپ قالسۇن ، — دېدى . تۇلەك
بوۋا :

— توغرا ئويلاپسەن ، بەگ . شۇنداق قىلساڭ تېخىمۇ ياخشى
بولىدۇ ، — دېدى ۋە ئىچىدە : «ھەي قاقۋاش ، بۇ ئىشتا كاللاڭ
خېلى ئىشلىدى» دېدى ئۆز - ئۆزىگە .

جاھانبەگنىڭ ئوقيانى ئاقساقاللار ئالدىدا تاپشۇرۇۋالمەن ،
قاناقانىڭ گېپىنى ئۇلارمۇ ئاڭلاپ قالسۇن دېيىشىدە ، بەگنىڭ ئويى-
لىغىنى بار ئىدى . ئۇ ئۆزىنى قالاچ قاناقانىڭ قوللايدىغانلىقىنى
ئاقساقاللارغا نامايان قىلماقچى . بەگنىڭ بۇ خىيالىنى تۇلەك بوۋا
سېزىپ بولغانىدى .

يېقىن ئەتراپتىكى ئاقساقاللارنى چاقىرىپ كېلىشكە چاپار ماڭ-
دۇرۇلدى . بەشىنچى كۈنى كەچكىچە مەھەللىدە بارلىكى ئاقساقال-

لاردىن يەتتىسى كەلدى ، كەينى كېلىپ بولغۇچە ئالدىدا كەلگەنلەر قۇرۇلۇۋاتقان يېڭى مەھەللىلەرنى كۆردى . ھەممىنىڭ ئاخىرىدا چارا ، كۆنچىنىڭ ئاقساقاللىرى كەلدى . بۇلاقكۆل مەھەللىسىدىن قالاچ قاناقاغا ۋاكالىتەن تايۇق كەلدى .

ئوقيا تاپشۇرۇۋېلىش مۇراسىمى جاھانبەگنىڭ قورۇسىدا بولدى . جاھانبەگنىڭ ئوغلى كۆنچىققانبەگ ئاقساقال بولمىسىمۇ كېڭەشكە قاتناشتۇرۇلدى ، چۈنكى بۇ كېڭەشتە ھېچقانداق بىر ئىش مۇزاكىرە قىلىنمايتتى . پەقەت قاناقانىڭ ئوقياسىنى تاپشۇرۇپ بېرىش ، تاپشۇرۇۋېلىش ، قاناقانىڭ دېگەن گېپى بولسا ئاڭلاشلا بولاتتى .

كۆلشەھىرى يېنىدىكى قەدىمكى ئابدال شەھىرى خاراب بولۇپ ، كېيىنكى كونا ئابدال — شىرگى چاپقانغا كۆچكەندىن بۇيان ئابدال بەگلىرى ئۆزلىرىگە مەخسۇس بەگلىك ئوردا ـ قەسىر ياسات‍مىغان ، ئادەتتىكى پـۇقرا ئـۆيلىرىدىن پەرقلەنمەيدىغان ، پەقەت قورۇ ـ ھويلىسى چوڭراق ياسالغان ياغاچ قۇرۇلمىلىق ، ياندا‍پ قومۇش ساتما قىلىنۇۋالغان ئۆيى ئۇلارنىڭ ئىش بېجىرىدىغان ، ئاقساقاللار بىلەن كېڭەش ئۆتكۈزىدىغان خانىسى ئىدى . يۇرتنىڭ چوڭ ، مۇھىم ئىشلىرى بولسا ئاقساقاللار كېڭىشى چاقىرىلاتتى . ئاقساقاللارنىڭ ماقۇللۇقىدىن ئۆتكەنلىرى شۇ بويىچە ئىجرا قىلىناتتى . بۇ قېتىمقى كېڭەشكە ئابدال ئاقساقىلىدىن باشقا يەنە تۆلەك بوۋايمۇ تەكلىپ بىلەن قاتناشتى .

— ئوماق ، ئىيتقىنا ، قالاچ قاناقا ماڭا نېمىشقا ئوقياغا قوشۇپ ئوقتىن بىر تاللا ئەۋەتتى ؟ — دەپ سورىدى جاھانبەگ ، ئوماقنىڭ قولىدىن قالاچ قاناقانىڭ ئوقياسىنى تاپشۇرۇۋېلىپ بولغاندىن كېيىن .

جاھانبەگ ئاقساقاللارغا : «قالاچ قاناقا ئۆزىنىڭ ئاتىسىدىن قالغان ئوقياسىنى ماڭا ئەۋەتىپتۇ . قاناقانىڭ ئوقياسىنى دەبدەگەيلەپ[1] تاپشۇرۇۋېلىشنى لايىق كۆرۈپ سىلەرنى چاقىرتتىم» دېگەن‍.

[1] دەبدەگەي داغدۇغا ، تەنتەنە .

ىدە ، ئاقساقاللار ھەيران قالغانىدى . ئوماق يېنىغا قويۇپ قويغان ئوقيانى قولىغا ئېلىپ جاھانبەگكە بېرىۋاتقاندا ، بۇرۇن ئوقيانى كۆرگەنلەرمۇ ، پەقەت مۇشۇ تاپتا بىرىنچى قېتىم كۆرۈۋاتقانلارمۇ ئوقيانىڭ ئىبسىللىقىغا ھەيران بولۇشۇپ كۆزىنى ئۈزەلمەي قېلىشتى ، جاھانبەگنى تەبرىكلەپ ياخشى كۆڭلىنى ئىزھارلاشتى . پەقەت سالى ئاقساقالنىڭ كۆزى چەكچىيىپ ، يۈزى قانسىراتقان ئۆپكىدەك تاتىرىپ كەتتى . «ھازىر ئۇنىڭ ئوقياسىنى بىزگە كۆركۈتمە[1] قىلغىنىڭ بىلەن بەگلىكىڭدىن ئايرىلىپ قالغىنىڭدا قانداق قىلارسەنكىن» دەپ ئويلايتتى ئىچىدە .

«گوي[2] سالى ، گوي سالى ، ئىچىڭدە توڭگۇز قوترايدۇغۇ سېنىڭ» دېدى تۇلەك بوۋاي ئىچىدە . سالى ئاقساقالنىڭ چىرايى تاتىرىپ كەتكەندىلا تۇلەك بوۋاي ئۇنىڭ ئىچىدە نېمىلەرنى ئويلاۋاتقانلىقىنى تۇيۇپ بولغانىدى .

جاھانبەگنىڭ بۇنداق سوراپ قېلىشىنى ئويلىمىغان ئوماق :

— نېمىشقا بىر تاللا ئوق بىلەن ئەۋەتىشىنىڭ سەۋەبىنى بىلمەيمەن ، — دېدى .

— بۇ توغرىدا ساڭا ھېچنېمە دېمىدىمۇ ؟

— بۇنى جاھانبەگكە ئالغاچ بار ، دەپ ئوقيا بىلەن مۇشۇ بىر تال ئوقنىلا بەردى ، باشقا گەپ قىلمىدى .

«ئوقياسىنى ئەۋەتكەن قاناقا چوقۇم يېڭى يۇرت قۇرۇلۇشى ، قەبىلىچىلىك ، يۇرتۋازلىق توغرىسىدا مېنى قوللايدىغان مۇھىم گەپ ئېيتىپ بەردى . بۇ گەپلەرنى سالى ئاقساقالدەكلەرنىڭ ئاڭلاپ قالغىنى ياخشى» دەپ چوڭ ئۈمىد بىلەن ئاقساقاللارنى چاقىرتقان جاھانبەگنىڭ كۆڭلى باشقىچە بولۇپ قالدى . ئۈمىدنى تايۇققا باغلاپ ، ئۇنىڭدىن قاناقانىڭ مۇھىم گېپىنى ئاڭلايمەن دەپ ئويلىغان جاھانبەگ تايۇققا قاراپ :

— تايۇق ، بۇنىڭ قانداقلىقىنى سەن دەپ باقە ، — دېدى .

---

[1] كۆركۈتمە — كۆز ـ كۆز ، كوزا ـ كوزاڭ .
[2] گوي - ھەي .

— قاناقانىڭ ساڭا ئوقيا ئوقىدىن بىر تاللا ئەۋەتىشىنىڭ قانداقلىقى، نېمە مەنىسى بارلىقى ئۆزۈڭگە ئايان، بەگ. بىزنىڭ قاناقا ئۆزىنىڭ ئارزۇسىنى ساڭا كۆپ قېتىم ئېيتقان. ئۇنى بىزگە دېگۈزگۈچە، ئۆزۈڭ ئاقساقاللارغا ئوچۇق دەۋەرسەڭ بولىدۇغۇ، — تايۇق گېپىنى جاھانبەگكە قاراپ تۇرۇپ دەپ بولۇپ، كۈنچىققانبەگ بىلەن تۇلەك بوۋايغا قاراپ قويدى.

ئـۇماقمۇ، ئـاقساقاللارمۇ تـايۇقنىڭ گېپىنى چۈشىنەلمەي، قالاچ قاناقا بىلەن جاھانبەگ ئوتتۇرىسىدا بىرەر گەپ بولۇنغان ئوخشايدۇ، دەپ ئويلىشىپ قېلىپ، بىر تايۇققا، بىر جاھانبەگكە قاراشتى.

تايۇقنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ سالى ئاقساقالنىڭ چىرايى باشقىچىلا بوزىرىپ ئورنىدا ئولتۇرالماي قېلـىـپ، نەچچە قېتىم قىمىشىپ كەتتى.

— ئوقياسىنى ماڭا ئەۋەتىپ بەرگىنىگە قاراپ قاناقانىڭ تېنى ئاجىزلاپ قالغان ئوخشايدۇ، دەپ بىلدىم. بىزدە: «ئادەم ياغىسى[1] كېسەلدۇر، تەندە ئۇچۇن بىلىنمەس» دەيدىغان ماقال بارغۇ. نەچچە ۋاقىتتىن ئۆزىمۇ، بىزمۇ بىلمەي يۈرگەن بىلەن قاناقانىڭ قېرىلد- قىغا كېسەللىكى قوشۇلۇپ ھالسىزلاندۇرۇپ قويغان چېغى. ئۆزد- نىڭ ئورنىغا تايۇقنى ئەۋەتكىنىدىن بۇنى تېخىمۇ ئېنىق ھېس قىلدىم، شۇنداقمۇ تايۇق، — جاھانبەگ ئۆزىنىڭ ئويلىغانلىرىنى ئوچۇقلاشتۇرماقچى بولۇپ ئاخىرىدا تايۇقتىن سورىدى.

— ئوماقلار ماڭغاندا ھاسىغا تايىنىپ قالغان، ھازىر يېتىپ قالدى.

— مۇشۇ كېڭەشتىن كېيىن ئاقساقاللار ھەممىمىز قالاچ قاناقانى يوقلاپ كېلەيلى، — جاھانبەگ ئاقساقاللارغا بىر - بىرلەپ قاراپ قويغاندىن كېيىن، گېپىنى ئوقيا ئوقىغا يۆتكىدى، — قاناقانىڭ ماڭا ئوقيا ئوقىدىن بىر تاللا ئەۋەتىشى، «ئەمدى بىز ئوقيا ئوقىدەك بىر بولايلى» دېگىنىمـىكـىن، شۇنـداقـمـۇ ئاق-

---

[1] ياغى — دوشمەن.

ساقاللار ، — جاھانبەگ يەنە ئۇلارغا قاراش بىلەن سالى ئاقساقالغا قادىلىپراق قاراپ قويدى .
ئاقساقاللار ئارىسىدا ، بولۇپمۇ قاراقوشۇن ، ئابدال ئاقساقاللىرى ئىچىدە بەزىلەرنىڭ يۇرتۋازلىق ، قەبىلىۋازلىقى كۈچلۈك ئىدى . بۇلار ئۆزلىرىنىڭ كۆپ سانلىقلىقىنى پەش قىلىپ قالۇچىلار بىلەن جۇداخ ـ يانىلارنى چەتكە قاقاتتى . ئەگەر ھەرقايسى قەبىلە ـ قوۋملار ئەپ ئۆتىدىغان بولسا ، بەگلىك ھوقۇقى قالاچ قاناقاغا ئۆتۈپ كېتىدۇ ، دەپ قارايتتى ۋە شۇنداق بولۇپ كېتىشىدىن گۇمان قىلمايتتى ، قورقاتتى . چۈنكى پۈتۈن لوپ دالىسىدا جىمى ئادەم قاناقانى بىلەتتى ، ھىمايە قىلاتتى ، چوڭ بىلەتتى ، «ئۇ قالۇچىلارنىڭلا قاناقاسى ئەمەس ، ھەممىمىزنىڭ قاناقاسى» دەيتتى . ئەگەر يۇرت بېگىنى ئاقساقاللارنى سايلىغاندەك ئاۋام ـ پۇقرا سايلايدىغان بولسا ، ئۇلار قالاچ قاناقانى بەگ قىلىپ سايلايتتى . شۇڭا ھېلىقىدەك ئاقساقاللار مۇشۇ تەرەپتىن ئەنسىرەپ ، قالۇچىلار ، جۇداخ ـ يانلار بىلەن يېقىنلىشىشنى خالىمايتتى . ئۇلارنى يانغا ئىتتىرىپ ، ئۆزلىرىنى چەتكە ئالاتتى . بۇنداق قەبىلىچى ئاقساقاللارنىڭ بېشى ، ئەڭ جاھىلى ، قۇترانقۇچىسى سالى ئاقساقال ئىدى .
تاغلىق قوشۇنلار ئابدال زېمىنىغا باستۇرۇپ كەلگەندە كىشىلەردە ۋەھىمە ، قورقۇش پەيدا بولغانىدى ، ھەتتا : «بەگ ئۇلارنىڭ قىزىنى تۇتۇپ قالمىغان بولسا بۇ ئىشمۇ بولمايتتى» دەپ نارازى بولغانلارمۇ ، «ئەمدى قانداق قىلارمىز» دەپ ئۈمىدسىزلىككە چۈشكەنلەرمۇ ئاز ئەمەس ئىدى . قالاچ قاناقانىڭ ئەقىل ـ پاراستى بىلەن كۈچلۈك ياۋنىڭ نەچچە قېتىملىق ھۇجۇمى چېكىندۈرۈلۈپ ، ئاخىرىدا مەسىلە چىرايلىقچە ھەل بولغاندىن كېيىن ، قالاچ قاناقانىڭ كىشىلەر ئارىسىدىكى نامى ـ داڭقى تېخىمۇ تارىلىپ ، ئابرۇيى يۇقىرىلاپ كەتكەنىدى . بۇنىڭدىن ئەينى چاغدىكى بەزى قەبىلىۋاز ئاقساقاللار ۋەھىمىگە چۈشۈپ ، تىلىنى بىر قىلىپ قالۇچىلار ۋە قالاچ قاناقا ئۈستىدىن ھەر خىل جەمەلەرنى تارقاتقانىدى . قالاچ

قاناقا ئۆلارنىڭ ۋۇجۇدىدا قېتىپ كەتكەن بۇ مەرەز قاتمىنىڭ ئاسان
يۇمشىمايدىغانلىقىنى بىلگەچكە ، ئۆلارنى : «بىزدىن ، مەندىن ئەندى-
شە قىلماڭلار » دېگەندەك قىلىپ ، قارا قوشۇن كۆلى ئەتراپىدىكى
قەدىم ماكانىنى تاشلاپ يىراق - يىراقلارغا كۆچۈپ ، تارقىلىپ
كەتكەنىدى . قالاچ قاناقا جەمەتىدىكى بىرنەچچە ئائىلە سىڭگىر تې-
غىنى نىشانلاپ كېتىۋېتىپ ، كىشىلەر ئانچە بارمايدىغان ، ھەتتا
بىلمەيدىغان دەشت قۇملۇق ئوتتۇرىسىدىكى بۇلاقكۆل بويىنى ماكان
قىلىپ تۇرۇپ قالغانىدى .
جاھانبەگنىڭ سورىغىنىغا قارىتا ئاقساقاللارنىڭ ھېچبىرىدىن
زۇۋان چىقمىدى ، ئادەتتە ھېچكىمگە گەپ بەرمەيدىغان ۋاتىلداقلى-
رىمۇ تىلى تۇتۇلۇپ قالغاندەك ئۈنى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى .
— بۇ ئەپتىدىن بۇ ئاقساقاللاردىن بۈگۈن زۇۋان چىقمىغۇ-
دەك ، — كۈنچىققانبەگ ئاستىدىكى دۆشۈلگۈنى[1] ئالدىغىراق سۈر-
دى ، — ئاتا ، مەن ئاقساقاللار قاتارىدا بولمىساممۇ ئىككى ئېغىز
گەپ قىلاي . قالاچ قاناقانىڭ ئوقياسى بىلەن يا ئوقىدىن بىرنىلا
ئەۋەتكەنلىكىنىڭ مەنىسى سەن ئېيتقاندەك : «مەن ئاجىزلاپ قال-
دىم ، ئەمدى ئوقيانى ئىشلىتەلمەيدىغان بولدۇم ، سەن ئىشلەت »
دېگىنى . لېكىن ، قاناقادا ئاجىزلىغىنى پەقەت تەن ، ھەرگىز ئۇنىڭ
ئارزۇ - ئىستىكى ، ئارمانى ، روھى ئەمەس . قاناقانىڭ روھى
ھەرگىز ئاجىزلىمايدۇ . مۇشۇ ئوقيا ، مۇشۇ يا ئوقى ئۇنىڭ روھى ،
ئۇنىڭ ئارزۇسى . بىز ئۇنىڭ روھى بويىچە ئارزۇسىنى ئىشقا
ئاشۇرايلى . بىز يەنە قاچانغىچە «ئۇچى ، بۇچى» دېيىشىپ ، شامال
ئۇچۇرغان قۇمدەك چېچىلىپ ئۆتىمىز ، — كۈنچىققانبەگ ئورنىدىن
تۇرۇپ ئاقساقاللارغا قارىدى ، — ئاڭلاپ قويۇڭلار ، ئاقساقاللار ،
مەن ھازىردىن باشلاپ ئابدالمۇ ، قاراقوشۇنلۇقمۇ ئەمەس ، باشقا
بىرىمۇ ئەمەس ، تارىملىق ! لوپلۇق !
كۈنچىققانبەگ ئاتىسىغا ئىللىق بىر قاراپ قويدى - دە ، چى-

[1] دۆشۈلگۈ — پالاس ، تاغار توقۇغاندا ئاستىغا قويۇپ ئولتۇرىدىغان ئورۇندۇق ئورنىدىكى كۆتەك .

قىسىپ كەتمەكچى بولۇپ كەينىگە ئۆرۈلۈۋىدى ، ئۇنىڭ كەينىدە ئول-
تۇرغان تايۇق ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇنىڭغا قاراپ غۇلىچىنى كەڭ
ئاچتى . كۇنچىققانبەگمۇ ئىككى قولىنى كەڭ يايدى . ئىككىسى گويا
دۇنيانىڭ ئىككى چېتىدىن كەلگەن قېرىنداشلاردەك بىر - بىرىنى
باغرىغا بېقىشىپ چىڭ قۇچاقلاشتى . كۇنچىققانبەگنىڭ كۆزىدە
مەمنۇنلۇق شادلىقى قىزىلگۈل بەرگىدىكى تاڭ شەبنىمىدەك جىلۋى-
لەنسە ، تايۇقنىڭ كۆزىدە رازىمەنلىك خۇشلۇقى لىغىرلايتتى . بۇ
كۆرۈنۈشتىن ئوماقنىڭ ۋۇجۇدى ھاياجاندا لەرزىگە كەلدى ، ئۆزىنى
بېسىۋالالمىدى . ئۇمۇ غۇلىچىنى كەڭ كېرىپ يېرىم ھالقا بولۇپ
ئىككىسىنى چىڭ قۇچاقلىدى . جاھانبەگ بۇ مەنزىرىدىن شۇ قەدەر
سۆيۈنۈپ كەتتىكى ، بىر جۈپ يوغان كۆزلىرى مەمنۇنلۇق ، رازى-
مەنلىك ۋە ئىپتىخارلىقتىن نۇرلىنىپ چاقناپ كەتتى .

— باللىرىم ! — تۇلەك بوۋاي ئېغىز ئاچتى . ئۇنىڭ ئاۋازى
تىترەپ چىقىۋاتاتتى . ئېنىقكى ، بوۋايىمۇ قاتتىق ھاياجانلانغان-
دى ، — بىز ئاغزىمىزدىن چۈشۈرمەيدىغان ھېكايە — ئابدال خانى
بىلەن تاغلىق خان ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇش - جەڭدە پۈتۈن لوپ
قوشۇنلىرىغا باش ئاتامان بولغان كىم ؟ ! شۇ قەدەر كۆپ ، كۈچ-
لۈك ، ھەيۋىلىك تاغلىق قوشۇننى جەڭ ئۇستىلىقى بىلەن ئىلاج-
سىز قالدۇرغان كىم ؟ ! ئىسمىمىزدىن چىقىپ كەتتىمۇ ؟ ! ئاشۇ
قالاچ قاناقا ئەمەسمۇ ؟ ! بىز ئۇنىڭ بېشىنىڭ ئوندىن بىرىنى ياشى-
دۇقمۇ ؟ ئۇ نېمىشقا بۇنچە ئۇزاق ياشايدۇ ؟ ئۇنىڭغا بۇ ئۆمۈرنى
كىم بەردى ؟ ئۇ بىز ئۈچۈن بۈگۈنگىچە ياشاپ كەلدى . ئۇنىڭغا بۇ
ئۇزۇن ئۆمۈرنى بىز ئۈچۈن تەڭرى بەردى . بىز ئۆتمۈشنى ، قاناقا-
نىڭ بىزگە قىلغان زور ياخشىلىقىنى ئۇنتۇپ كەتتۇق . باللىرىم ،
سىلەرنىڭ قىلغىنىڭلار قاناقانىڭ ئارزۇسى ، ئۇنىڭ روھى . بىز
سىلەر ئارقىلىق ھەقىقىي بىر ئوق بولىدىغان بولدۇق ، —
دېدى .

جاھانبەگ ئوغلى كۇنچىققانبەگنىڭ ئالدىغا كەلدى .

— ئوغلۇم ، يارايسەن ، مۇشۇنداق بولسا قالاچ قاناقانىڭ ،

تارىمنىڭ ، پۈتۈن لوپنىڭ ئوقى بولغان بولىمىز . مە ، بۇ ئوقيانى سەن ئال ، سەن تۇت . ئويلىسام ساڭا مەنسۇپ ئىكەن ! — دېدى جاھانبەگ ئوقيا بىلەن يا ئوقىنى كۆنچىققانبەگكە سۇنۇپ تۇرۇپ .

— ئاتام لەۋزىگە نېمە دەي ، ئالاي ، — كۆنچىققانبەگ ئاتىسىنىڭ قولىدىن ئوقيا بىلەن يا ئوقىنى ئېلىپ ، بىرىنچى قېتىم كۆرۈۋاتقاندەك قاراپ ـ قاراپ سىلاپ كەتتى .

## 5

ئوماقلارنىڭ ئابدالغا كەلگىنىگە بىر ئاي بولدى . ئابدال ۋە قاراقوشۇنلۇقلارنىڭ ئادىتىدە يىراقتىن بىرەر ئەتىۋارلىق مېھمان كەلسە ، ئۇنىڭ ئىززىتى ئۈچۈن قوشاق ئېيتىشىش ئۇيۇشتۇرۇلىدۇ . ئەگەر بۇنداق قىلىنمىسا ، مېھماننى خالىمىغانلىق بولۇپ قالىدۇ . ئوماقلار ئادەتتىكى كىشىلەر بولۇپ ، بۇ يەردىكىلەرگە ئالاھىدە مېھمان ھېسابلانمىسىمۇ ، ئۇلارنىڭ قالاچ قاناقانىڭ ئالدىدىن كەلگەنلىكى ، بولۇپمۇ قاناقانىڭ ئوقياسىنى ئېلىپ كەلگەنلىكى جاھانبەگ بىلەن كۆنچىققانبەگ ۋە باشقىلار ئالدىدا ئۇلارنى ئالاھىدە مەرتىۋىلىك قىلىپ قويدى . ئاقساقاللار كېڭەشكەندىن كېيىنلا جاھانبەگ ئاقساقاللارنى باشلاپ قالاچ قاناقانى يوقلاپ ، كۆرۈپ كەلگىلى بۇلاقكۆل مەھەللىسىگە كەتكەنىدى . كۆنچىققانبەگمۇ تەلەپ قىلىپ ئۇلار بىلەن بىللە بارغانىدى .

جاھانبەگ قالاچ قاناقانىڭ ئالدىدىن كېلىپ ئوماقلار ئائىلىسىگە باشقىچە ئېتىبار بىلەن قارايدىغان بولدى . شۇنداق قىلىشنى ئاتا ـ بالا ئىككىسىگە قاناقا ئايرىم ئالاھىدە تاپىلىغانىدى .

— مېنىڭ تويغۇم توپۇپ تۇرىدۇ ، ئوماقلار ئائىلىسى بىز لوپلۇقلار ئىچىدە ئالاھىدە بىر ئائىلە بولۇپ قالىدۇ . بولۇپمۇ ئۇنىڭ بالىلىرى بۆلەكچە خاسىيەتلىك ئادەم بولىدۇ . ئۇلارنى ئاسىراڭلار ، ئېتىبار بېرىڭلار ، — دېگەنىدى قاناقا ئاتا ـ بالا ئىككىسىنى گېپىم بار ، دەپ ئايرىم ئېلىپ قېلىپ .

شۇڭا ئۇلارنىڭ ھۆرمىتىگە كەڭ دائىرىلىك قىلىپ قوشاق ئېيتىشىش چوڭ سورۇننى ئۇيۇشتۇرماقچى بولدى . ئۇلار بۆلاقكۆلگە بېرىپ كەلگۈچە ، بۇ يەردىكى يۇرت - مەھەللە قۇرۇلۇشىغا تولەك بوۋا مەسئۇل بولۇپ تۇردى .

— ھەربىر قەبىلە - ئۇرۇق ئايرىم بىر مەھەللە بولۇپ ئولتۇ- رىدىغان بۇنداق يۇرت قۇرۇلۇشىنى مەن تۇنجى كۆرۈۋاتىمەن ، — دەپ بوۋاي ئىلگىرىكى قارىشىدا چىڭ تۇرۇۋالدى .

ئاتا - بالا بەگلەر بىر - بىرىگە قاراپ كۈلۈمسىرەپ قويۇشتى . زېرەك بوۋاي : «بۇ ئىككىسىنىڭ قورسىقىدا نېمە جىن باردۇ» دەپ ئويلاپ قالدى . كۆنچىققانبەگ ئۇنىڭ قولىقىغا بىرنېمىلەرنى پىچىر- لىۋىدى ، بوۋاي بېشىنى ئىككى يانغا ئىرغىتىپ كۈلۈپ كەتتى . ئۇچىلىسى كۈلۈمسىرىگەندىن باشقا ھېچنېمە دېيىشمىدى .

لوپلۇقلار قوشاق دېسە جېنىنى ئاتىدۇ ، جېنىنى بېرىدۇ ، قوشاق ئاڭلىسا جېنى ياشىرىدۇ ، كېسەل بولۇپ ياتقانلىرىمۇ كۆڭ- لى كۆتۈرۈلۈپ ، روھى ئۆسۈپ قالىدۇ . قايسىبىر يەردە قوشاق ئېيتىشىش بولىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ قالسا ، نە - نەلەردىن ، يېقىن- دىكىلىرى پىيادە ، يىراقتىكىلىرى ئات ، ئېشەك ، كالىلارغا مىنى- شىپ بىر ئائىلىدىكى چوڭ - كىچىك ھەممىسى كېلىدۇ . قوشاق ئېيتىش ، ئېيتىشىش بۇ يەردىكىلەرنىڭ بىردىنبىر كۆڭۈل ئې- چىش ، كۆڭۈل ئاۋۇندۇرۇش پائالىيىتى . قوشاق ئېيتىشقاندا مۇ- زىكا تەڭكەش قىلىنمايدۇ ، تەڭكەش قىلىنىدىغان بىرەر چالغۇمۇ يوق . تەڭكەش بولىدىغىنى ئۆزلىرى ، يۈرىكى . ئۇلار پىيادە ، ئۇ- لاغلىق ، كېمىلىك يول ماڭغانلىرىدا يولنى قىسقارتىش ئۈچۈن ، قوي باققان چاغلىرىدا ، يالغۇزلۇقتىن زېرىككەنلىرىدە قوشاق ئېيې- تىدۇ ، قوشاقنى ئۆزلىرىگە ھەمراھ قىلىدۇ . بۇ مەھەللىدىن ئۇ مەھەللىگە ، بۇ چەتتىن ئۇ چەتكە توي تارتىپ ياكى تويغا ماڭسا ، يول بويى قوشاق ئېيتىشىپ بېرىپ ، قايتقاندىمۇ بوسۇغىسىغىچە قوشاق ئېيتىپ كېلىپ ئىشىك ئاچىدۇ . يىگىت ، قىزلارمۇ ئىشق - سۆيگۈسىنى قوشاق بىلەن ئىزھارلىشىدۇ . ئۇلارنىڭ قو-

شاقلىرىدا كۆندىلىك تۇرمۇشتىن تاپقان خۇشاللىقلىرىمۇ، ۋىسال
شادلىقىمۇ بار، لېكىن يەنىلا قوشاقلىرىنىڭ ھەربىر كۇپلېت،
ھەربىر مىسرا ھەتتا ھەربىر سۆزلىرىدىن ئۇ يىلدىن بۇ يىلغا،
ئەسىردىن ئەسىرگىچە ئۆزگەرمەي كېلىۋاتقان بىر خىل، تۇرغۇن،
سىدام ـ رەڭسىز تۇرمۇش زېرىكىشلىكى، ھارغىنلىق، غېرىباند-
لىك، قايغۇ ـ نادامەت، ھىجران ـ ھەسرىتى، مۇڭ ـ پىغان
تەپچىپ، تۆكۈلۈپ تۇرىدۇ. ئاھاڭلىرىچۇ تېخى، كىشىنىڭ
دىل ـ باغرىنى ئېزىدۇ. تاشتەك قاتتىق، مۇزدەك سوغۇق يۈرەك-
نىمۇ ئىللىتىپ ئېرىتىۋېتىدۇ. كىشى ۋۇجۇدىنىڭ ئۇگە ـ ئۇگى-
لىرىگە، ئىچ ـ ئىچىگە يىغا كەلتۈرىۋېتىدۇ. شۇ قەدەر مۇڭلۇق،
شۇ قەدەر پىغانلىق، ھەسرەتلىك.

قوشاق ئېيتىشىش بولىدىغانلىقى توغرۇلۇق ئۈچ كۈن بۇرۇنلا
ئەتراپقا ئادەم ماڭدۇرۇلغانىدى. ئۈچىنچى كۈنى چۈش بولغۇچى-
لىكلا كەڭ بىر تۈز ئادەملەر بىلەن تولدى. «مال تۇرى بىلەن،
ئادەم خىلى بىلەن» دەپ بىكار ئېيتىلماپتىكەن. كىشىلەرنىڭ
كېلىشى تەرەپ ـ تەرەپتىن بولسىمۇ، خۇددى بىر ـ بىرىنى يۇراپ
تېپىشقاندەك، كېلىپلا جەمەت، قوۋم ـ قەبىلىسىنى تېپىۋېلىپ
بىر غۇژمەك بولۇۋېلىشتى. كىشىلەر قوشاق ئېيتىششقا قاراقو-
شۇن ـ ئابداللىقلار تەرەپتىن تالىشقۇلنىڭ ئوتتۇرىغا چۈشىدىغانلى-
قىنى خەۋەرچىلەردىن بىلگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ بىلەن قوشاق ئېي-
تىشىدىغان ئادەمنىڭ كىملىكىنى بىلمىگەنىدى، ئۇنى ھەتتا تالىش-
قۇلغىمۇ ئېيتمىغانىدى. مۇشۇنداق قىلىشنى جاھانبەگكە تۆلەك
بوۋا مەسلىھەت قىلغان، بوۋاينىڭ مەسلىھەتىنى بەگ ئويلاپ كۆ-
رۈپ توغرا تاپقانىدى. ئەسلىدە بۇنداق بولمايتتى. كىمنىڭ كىم
بىلەن قوشاق ئېيتىشىدىغانلىقى ھەر ئىككى تەرەپكە ئايان بولاتتى.
لېكىن بۇ قېتىمقىسى ئۇنداق بولمىدى. كىشىلەر ئارىسىدىكى
كۇس ـ كۇس، پىچىر ـ پىچىرلارمۇ شۇ ئىدى. «تالىشقۇل بىلەن
ئېيتىشىدىغان كىمدۇ؟» بىر ـ بىرىدىن سورىشاتتى. قوشاق ئېي-
تىشىدىغان ئىككى تەرەپ بىر ـ بىرىنى بىلىشكەندە، قارشى تەرەپ-

نىڭ ھەممە تەرەپلىرىنى بىلىۋېلىپ قوشاقنى نەدىن ، قانداق باشلاپ ، قانداق داۋاملاشتۇرۇپ ، قانداق ئاخىرلاشتۇرۇشقىچە ، قارشى تەرەپنىڭ قايسى قەقەچ - يېغىرىنى قانداق ئېچىپ ، قانداق ئېچىنىشقىچە ئويلىشىۋالاتتى .

تالىشقۇل ئابدۇللىقلار ئارىسىدا تونۇق قوشاقچى بولۇپ ، كىشىلەرنىڭ يېغىرىنى ئېچىتىپ - سېسىتىپ تىللاشقا ئۇستا ئىدى . ئۇنىڭ بۇ ئەتراپتا «سايغاق[1] » دەپ نامى بار . ئۇ يەنە جاھىل ، ئەسەبىي قەبىلىۋاز بولۇپ ، باشقا قەبىلىنىڭ ئادىمى بىلەن قوشاق ئېيتىشىپ قېلىپ ، قارشى تەرەپنى يېڭەلمەي قالغۇدەك بولسا ، ئالدىدىكى ئادەمنى ئۇنىڭ قەبىلىسى بىلەن ، قەبىلىسىنىڭ ئۇنداق - بۇنداق تەرىپىنى تۇتۇۋېلىپ تىل سالاتتى .

ئوماقنىڭ ئاتىسى تۇراق يولۋاس ھەممە قەبىلە كىشىلىرى بىلىدىغان تونۇق قوشاقچى ئىدى . جاھانبەگ ، كۆنچىققانبەگ ، تۆلەك بوۋايلار : «ئاتىسى قوشاقچى بولغاندىكىن بالىسىمۇ چوقۇم قوشاقچى» دېگەن ئىشەنچ بىلەن تالىشقۇلغا ئوماقنى سېلىپ كۆرمەكچى بولدى . بۇنى ئوماققا ئەتىگەندە ئېيتىپ قويدىيۇ ، تالىشقۇلغا ئېيتمىدى .

قوشاق ئېيتىشىشتا ھېچقانداق بەلگىلىمە بولمىسىمۇ ، ھەممە كىشى ئېتىراپ قىلىدىغان ، ئەمەل قىلىدىغان ئەنئەنىۋى قائىدە شۇكى ، ئېيتىلىدىغان قوشاقلار نەق مەيداندا توقۇلغان بولۇشى ، ئۆزىنىڭ بولسۇن ، باشقىلارنىڭ بولسۇن ، ئىلگىرى ئېيتىلغان تەييار قوشاقنى تەكرارلىماسلىق كېرەك . ناۋادا ، كىمكى بىرەر كۇپلېت كونا قوشاقنى تەكرارلاپ قالغۇدەك بولسا ، مەيداندىكىلەر قىقاس - چۇقان سېلىشىپ ، ئۇنداق قوشاقچىنى مەسخىرە قىلىپ مەيداندىن چىقىرىۋېتىدۇ . بۇنداق سورۇندىكىلەر پۈتۈن كۆڭلىنى ، دىققىتىنى ، زوقىنى قوشاققىلا قارىتىدۇ ، قوشاقنىلا تونۇيدۇكى ، قوشاقچىنىڭ كىملىكى ، قايسى قەبىلىدىن ئىكەنلىكى بىلەن ھېسابلىشىپ يۈرمەيدۇ . قوشاق تارىملىق - لوپلۇقلار ئۇ-

[1] سايغاق — كۆكۈيۈن ، ئوقۇرۇق .

چوٰن دەخلىسىز ، موٰقەددەس ، بىردىنبىر مەنئوٰى ئوزوٰق .
كىشىلەر قوشاق ئېيتىشىشنىڭ باشلىنىشىنى بىتاقەت بولوٰپ كوٰتمەكتە ، شوٰنىڭ بىلەن يەنە «سايغاق» — تالىشقوٰل بىلەن كىم ئېيتىشىدىغاندوٰ ؟ دېيىشىپ ، بىلىشكە تەقەززا بولوٰپ بىر ـ بىردىن سوراشماقتا ، سوٰروٰشتوٰرمەكتە...
كىشىلەر تەقەززا بولوٰپ توٰرغان ۋاقىت ئاخىر توشتى ، جاھانبەگ ئېگىزرەك دوٰڭدە ئوٰرە توٰروٰپلا ئېلان قىلدى :
— قوشاق ئېيتىشىشنى باشلايمىز ، تالىشقوٰل بىلەن سوٰگەتبوٰلاقتىن كەلگەن چارلىق مېھمان ئوماق مەيدانغا چوٰشىدوٰ !
كىشىلەر : «ئوماق ، ئوماق» دېيىشىپ بوينىنى سوزوٰپ ئەتراپقا قاراشماقتا . ھەممىدىن بەك تالىشقوٰل بوينىنى قاقىرنىڭ بويىندەك سوزوٰپ ئەتراپقا سىنچىلاپ قاراپ ، كوٰنچىقانبەگ بىلەن توٰلەك بوٰۋاينىڭ ئوتتوٰرىسىدا ئولتوٰرغان يېگىدىياچە بىر ئادەمنى كوٰردى ـ دە :
— ئوماق دېگەن شوٰكەن ـ ھە ، — دېدى ئوٰ يېنىدا ئولتوٰرغان دوستىغا .
توٰت كوٰننىڭ ئالدىدا تالىشقوٰل شوٰ دوستى بىلەن ئوٰۋدىن قايتىپ كېلىۋاتقاندا ، مەھەللە سىرتىدا ئوٰنى توٰلەك بوٰۋاي بىلەن پاراڭلىشىپ توٰرغاندا كوٰرگەندى . مانا بوٰگوٰن شوٰنىڭ بىلەن قوشاق ئېيتىشىدىغان بوپتوٰ . «ئوٰ قوشاقتا قانداقراقتوٰ» دەپ ئويلىغان تالىشقوٰل پوٰتوٰن دىققىتىنى يىغىپ ئوماقنىڭ بوي ـ بەستىگە ، تەقى ـ توٰرقىغا ، چىرايىغا ،كوٰز ، قوٰلاقلىرىغا ئىنچىكىلەپ قاراشقا باشلىدى . ئوٰ ھازىر ئوماقنىڭ بىرەر ئەيىب ـ نوٰقسىنىنى بىلىۋېلىشنىڭ كويىدا ئىدى . شوٰنداق بولغاندا ، گەپنى دەل شوٰ يەردىن باشلاپ ئوماقنى ئوسال قىلىمەن ، دەپ ئويلايتتى . ئەمما ئوٰ ئادەتلەنگەن سىنچى كوٰزى بىلەن شوٰنچە قاراپموٰ ئوماقتىن ئېغىزغا ئالغوٰدەك قوٰسوٰر تاپالمىدى . ئوٰ گەپنى قانداق باشلىسام بولار ، دەپ ئويلاپ توٰرغاندا ، جاھانبەگ :
— قېنى ، ئوماق بىلەن تالىشقوٰل مەيدانغا چوٰشوٰڭلار ! —

دەپ توۋلىدى .

ئوماق ئورنىدىن تۇرۇپ بولۇپ كۆنچىققانبەگ بىلەن تولەك بوۋايغا قاراپ قويدى ، ئاندىن جانجىگىرى ، مەدەتكارى ، ئۆمۈرلۈك ھەمراھى ئايقۇتقا قارىدى . ئايقۇت تاتلىققىنا كۈلۈمسىرىشى بىلەن ئىبرىگە مەدەت بەردى ، ئىشەنچ ، يېڭىش تىلىدى . ئوماقمۇ بېشىنى لىڭشىتىپ قويۇپ سورۇنغا قاراپ ماڭدى . بۇ چاغدا تالىشقۇل سورۇننىڭ ئوتتۇرىسىغا كېلىپ بولغانىدى . بۇ ، ئۇنىڭ «قوشاقنى مەن باشلايمەن» دېگىنى ئىدى .

ئوماق سورۇنغا كىرىۋېتىپ تالىشقۇلغا ئادەتتىكىچە قاراپ قويدى . تالىشقۇل ياش قۇرامدا ئوماقتىن سەل چوڭ ، ئېڭىكى ئۇزۇنچاق ، شالاڭ سېرىق ساقال ، ئەمما كۆزى چوڭ ، ئېگىز بوي ئىدى .

ئوماق كۆرۈشكىلى تالىشقۇلغا قول ئۇزاتتى . تالىشقۇل سو- غۇقلا كۆرۈشۈپ قويدى . ئوماق قېنى باشلا ، دېگەن مەنىدە ئۇنىڭغا قاراپ باش ئىشارىتى قىلدى . تالىشقۇل ئوماققا باشتىن - بوي قارىتىۋېتىپ قوشىقىنى باشلىدى :

ئۆتمۈرۈنچۇ ئايتقىنا ،
قايدىن باشلاي پاراڭنى .
بىز سايانغا كەلدىڭمۇ ،
يۇقتۇرغالى قاراڭنى .
قارۇنانى تاڭساڭمۇ ،
ساقايتالماي ياراڭنى .

يىراقتىن كەلگەن يولچۇ[1] ،
ساڭا بار بىر سوراقىم .
قۇرۇق كۆلدە غايقاڭلاپ ،
تۇرۇپ قالدى قولۋاقىم .

1 يولچۇ — يولچى .

بۇ نەمەدۇ[1] بىلدىڭمۇ ،
جاۋاب بەرگىن ئوماقىم .

ئابدالغا كەلىپ قاپسەن ،
قالۇچىمۇ ، قارالىق[2] .
ئايتچۇ قەنى تەكتىڭنى ،
كۇزلەكتىنمۇ ، چارالىق .
ئەسكى پالاس ئوخشايدۇ ،
كەيگەن تونۇڭ - ئۇچالىق .

تالىشقۇلنىڭ قوشىقى قەبىلىۋازلىقتىن نېرى بولالمىغاننىڭ ئۇستىگە پەلىپەتىش ئىدى ، بىر - بىرىگە چەك باسمايۋاتاتتى . شۇ ھالىغا ئۇ زورۇقۇپ يەنە قوشاق ئېيتىشنى داۋاملاشتۇرماقچىدى ، ئوماق ئۇنىڭ كېيىنكى قوشىقىنى خالىغىنىچە ئويلىنىۋېلىشقا پۇر-سەت بەرمەسلىك ئۇچۇن ئۇنىڭغا ئۇلاپلا قوشاق باشلىدى :

گوي - گويەي ، تالىشقۇلەي ،
جۆيلۈپ كەتتىڭ نېمە دەپ .
قۇدۇق - كۆل دەپ ئاسماننى ،
بەتمەرەكنى[3] كېمە دەپ .
تەڭشەكلەشنى بىلمەيسەن ،
تۇرغانى شۇ لەپەڭلەپ .

مەنى كىم دەسەڭ شۇ مەن ،
مەيلى دەگىن قارالىق .
ئىچكەنى تارىم سۇيۇ[4] ،
كۇزلەكچىمۇ ، چارالىق .

---

1. نەمە — نېمە .
2. قارالىق — قارا قوشۇنلۇقنى دېمەكچى .
3. بەتمەرەك — لەگلەك .
4. سۇيۇ — سۇيى .

ئابدالمۇ ئوخشاش يۇرتۇم ،
قىلمايمەن يۈز قارالىق .

تالىشقۇل ئۆز مۇشتىنىڭ يېنىپ ئۆز خامىرىغا تېگىشىنى ئويلىمىغانىدى . ئۇ قوشاق ئېيتىشىشتا دەككىسىنى يېگەندە ئەلەمگە چىدىماي تىل سالاتتى . بۇ ئۇنىڭ ئادىتى ئىدى . هازىرمۇ شۇنداق قىلدى :

ئىنەڭ سەنى هارامدىن ،
تۇغۇپتۇكەن چاراغا .
ئىت يېمەپتۇ ئەشەڭنى[1] ،
تاشلاپ قويسا تالاغا .
كەت - كەت يىراق چاراڭغا ،
بىزنى قويما بالاغا .

ئوماق :

يېگەنمەدىڭ سونۇردا ،
قارۇنانى ناشتاڭغا .
يوقلۇقۇنۇ[2] يېمەكىڭ ،
دەسەڭ بولغاي قوشناڭغا .
بۇلغاپ قويما سورۇنۇ ،
چىقىپ كېتىپ ئىشتاڭغا .

قوشۇقچىدۇ دەپتىمەن ،
ئىكەنسەنغۇ تىللاقچى .
سەنچۇ بولساڭ بولغۇدەك ،

[1] ئەش — بالا ھەمراھى .
[2] يوقلۇقۇنۇ — يوقلۇقنى .

كۆلگە بارىپ قىلتاقچى .
ئەر دېگەن ئەردەك بولسا ،
سەن زادى كىم بولماقچى ؟

ئوماق قوشاق ئېيتىشتىن توختاپ تالىشقۇلغا قارىدى . بۇ ئوماقنىڭ : «قېنى ، نۆۋەت ساڭا كەلدى » دەپ يول قويۇپ تۇرغىنى ئىدى . تالىشقۇل تىلى تاڭلىيىغا چاپلىشىپ قالغاندەك زۇۋان سۈرەلمەي تۇرۇپ قالدى . قوشاق ئېيتىشنى داۋاملاشتۇرالماي تۇرۇپ قېلىش ، يېڭىلگەنلىكنى تەن ئالغانلىق ئىدى .

سورۇندىكىلەر ئوماققا ، ئۇنىڭ قوشىقىغا تەنتەنە قىلىپ ۋارقىراپ كېتىشتى . مۇشۇ ۋارقىراش ، قىقاس - چۇقان ئىچىدە تالىشقۇل سورۇندىن جىمىمىدە چىقىپ كېتىپ كۆزدىن غايىب بولدى .

ئالدى بىلەن كۇنچىققانبەگ يارامىلىق بىر بۇرۇل ئاتنى يېتىلەپ كېلىپ ئوماققا تارتۇق - مۇكاپات قىلىپ تۇتتى ، جاھانبەگمۇ بىر ئات تۇتتى . تۇلەك بوۋاي سىغىپ ئىچكلار ، دەپ يارامىلىق بىر ئىنەكنى موزىيى بىلەن تۇتتى . ئابداللىقلار ئارىسىدىن توقسان ياشتىن ئاشقان ، ھەممىگە تونۇق قوشاقچى ، تالىشقۇلنىڭ تاغىسى ئۆزى مىنىپ يۈرىدىغان ئېتىنى تۇتتى .

تۇلەك بوۋاي جاھانبەگنىڭ قۇلىقىغا بىرنېمىلەرنى پىچىرلىدى . جاھانبەگ كۈلۈپ كېتىپ سورۇننىڭ ئوتتۇرىسىغا كەلدى . كۆپچىلىككە قاراپ :

— بۈگۈنكى قوشۇق ئېيتىشىشتا يېڭىش ئوماقنىڭ بولدى . ئىككى ھەپتىدىن كېيىن مۇشۇ كۈندە ، مۇشۇ سورۇندا يەنە بىر قېتىم قوشۇق ئېيتىشىش بولىدۇ . بىر تەرەپ ئوماقنىڭ خوتۇنى ئايقۇت ! — دەپ ئايقۇتقا قارىدى .

ئايقۇت بۇ تۇيۇقسىز ئېلان قىلىشتىن ھەيرانلىق ۋە تاسادىپىيلىق ھېس قىلغان بولسىمۇ ، «مەن تەييار » دېگەننى قىلىپ ئورنىدىن تۇرۇپ كۆپچىلىككە تەزىم قىلىشى ھامان توپ ئارىسىدىن ئىككى چوكان ئورنىدىن تۇرۇشتى . بۇ ئۇلارنىڭ «قوشاق ئېيتى-

شىشقا مەن چۈشمەن» دېگىنى ئىدى. ئەمدى ئىككىسىدىن بىرنى تاللاشقا توغرا كەلدى. جاھانبەگ ئايقۇتقا قارىدى. ئىككى چوكان ئورنىدىن تۇرغاندىلا ئايقۇت بۇنىڭغا تەييارلىنىپ قويغانىدى، شۇڭا دەرھال:

ئاشنا تۇتسام ئابدالدىن،
بارىۋاپتۇ قاراغا[1].
ئىزدەپ بارسام ئۇندا يوق،
مۆكۈۋاپتۇ چاراغا[2].
تاپىپ بەردى قالۇچى،
چۇشۇپ يۇرۇپ ئاراغا.

دەپ قوشاق ئېيتتى. قاراقوشۇنلۇقلار ئارىسىدىن تۇرغان چوكان ئايقۇتنىڭ قوشىقىنىڭ قۇيرۇقىغا ئۇلاپلا بۇ قوشاقنى ئېيتتى:

سېنى[3] تۇتقان ئاشناڭنى،
مەنمۇ يار تۇتاي دەيمەن.
قارالىقمۇ، چارلىق،
چاي قىلىپ يۇتاي دەيمەن.
قالۇچى شۇ يىگىتنى[4]،
كۆڭلۇنۇ[5] ئۇتاي دەيمەن.

چوكان قوشىقىنى ئېيتىپ بولۇپ ئايقۇتنىڭ ئالدىغا كەلدى. ئىككىسى بىر - بىرىگە ئېگىلىپ تەزىم قىلىشتى. چوكان ئايقۇتنىڭ قولىدىن بالىنى ئېلىپ پېشانىسىگە سۆيۈپ قويدى. ئورنىدىن تۇرغان يەنە بىر چوكان بىر تىنىق كېچىكىپ قېلىپ قوشاق ئېيتىد-

---

[1] قاراغا  قاراقوشۇن كۆلىگە.
[2] چارا  بۇ سۆز بۇ يەردە ھەم يەر - جاي مەنىسىدە، ھەم كىر تەڭنىسى مەنىسىدە ئىشلىتىلگەن.
[3] سېنى  سېنىڭ دېگەن مەنىدە.
[4] يىگىتنى  يىگىتنىڭ.
[5] كۆڭلۇنۇ  كۆڭلىنى.

شىش پۈرستىدىن مەھرۇم قالغىنىغا ئەپسۇسلىنىپ بېشىنى ئىر-غىتىپ قويۇپ توپ ئىچىگە كىرىپ كەتتى .
قوشاق ئېيتىشىش ئاخىرلاشتى . ھەممىنىڭ ئاغزىدا ئوماقنىڭ تەرىپى ھەم كېيىنكى قېتىمقى ئېيتىشىشتا كىمنىڭ يېڭىدىغانلىقى ئىدى .

## 6

قوشاق ئېيتىشىش بولغانىنىڭ بەشىنچى كۈنى ، ئوماق تۆلەك بوۋاي بىلەن قالۇچىلار مەھەللىسىدىكى يېڭىدىن سېلىنىۋاتقان ئۆي-لەرنى ئارىلاپ يۈرەتتى ، كۈنچىققانبەگ ئۇلارنىڭ ئالدىدىن چىقىپ قالدى . ئوماقنىڭ جاھانبەگدىن بىلىۋالىدىغان بىرنەچچە ئىشلىرى بار ئىدى ، لېكىن قوشاق ئېيتىشىش بولۇپ ئەتىسىلا بەگ يەنە بىر تۈركۈم ئادەم تېپىپ كەلگىلى تىكەنلىك ، كۆزلەك تەرەپكە كەتكەن-لىكتىن سورىيالمىغانىدى . كۈنچىققانبەگ بىلەن قىزغىن ھال سو-رىشىپ بولغاندىن كېيىن ، ئاتىسىدىن سورىماقچى بولغانلىرىنى كۈنچىققانبەگدىن سوراپ باقماقچى بولدى :
— جاھانبەگ ئايقۇتنىڭ قوشاق ئېيتالايدىغانلىقىنى قانداق بىلىدىكىن ، نېمىشقا ئۇنىمۇ قوشاق ئېيتقۇزماق بولىدۇ ؟
كۈنچىققانبەگ مىيىقىدا كۈلۈمسىرەپ قويۇپ دېدى :
-- بۇ تۆلەك بوۋاينىڭ ئۆيىنى بولمامدۇ . تايۇق سىلەرنى تۆلەك بوۋايغا ئالاھىدە تەرىپلەپ بەرگەندىن باشقا ، ئايقۇتنىڭ جاھان-خانغا ئوخشاش ئالامەت قوشاقچى ئىكەنلىكىنىمۇ سۆزلەپ بەرگەن-كەن . ھېلىقى كۈنى بوۋاي بۇنى ئاتامنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلاپ قويۇۋىدى ، قوشاققا قىزىقىدىغان ئاتام خوتۇنۇڭنىڭمۇ قوشقىنى ئاڭلاپ باقماق بولۇپ ، ساڭىمۇ ، بوۋايغىمۇ مەسلىھەت سالمايلا دەۋەتتى .
— مەنمۇ ھەيران قالدىم ، — كۈنچىققانبەگنىڭ گېپىگە ئۇلاپ تۆلەك بوۋاي گەپ قىلدى ، — جاھانبەگنىڭ ئايقۇتنىمۇ قوشاققا

سالىدىغانلىقىنى بىلگەن بولسام، ئۇنىڭمۇ ئۇستا قوشاقچىلىقىنى
دېمەسكەنمەن.
بۇ ئىشتا تۆلەك بوۋاينىڭ ئوڭايسىزلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ
ئوماق مۇنداق دېدى:
— بىر ھېسابتا بۇمۇ ياخشى بولدى، قوشاق ئېيتىشىش باھا-
نىسى بىلەن ئايقۇت بۇ يەردىكى ئاياللار بىلەن تونۇشۇۋالىدىغان
بولدى، — ئوماق كۆنچىقىقانبەگكە قاراپ ئۇنىڭدىن سورىدى، —
ھېلىقى چوكاننىڭ ئىسمى نېمە؟
— ئۇجۇلخان.
— ۋاھ، ئۇجۇل چىققان ۋاقىتتا تۇغۇلۇپتىكەن-ھە؟
— ياق، ئۇجۇل يىغىدىغان ۋاقىتتا تۇغۇلغان.
— ئوبدان چاغدا تۇغۇلۇپتىكەن. قوشاقچىلىقتا قانداقراق؟ —
ئايقۇتنىڭ يېتىلگەن قوشاقچىلىقىدا گەپ يوق بولسىمۇ، ئوماق
قارشى تەرەپنى بىلىپ باقماقچى بولۇپ سورىدى.
ئۇنىڭ سوئالىغا كۆنچىقىقانبەگ ئەمەس، تۆلەك بوۋاي جاۋاب
بەردى:
— ئۇجۇلخان قوشاقچىلىقتا جىجەسى[1] جاھانخاندەك ئۇستا قو-
شاقچى. قاراقوشۇنلۇق، ئابداللىق ئاياللار ئىچىدە ئۇنىڭغا تەڭلە-
شىدىغىنى يوق. ئۇنىڭ بىر ياخشى تەرىپى، بەك ئەدەپلىك،
قائىدە-يوسۇنلۇق، ئۇ قوشاق ئېيتىشىش ئۇچۇنلا سورۇنغا چۈشى-
دۇ، ھەرگىز باشقىلارنىڭ كۆڭلىگە تېگىدىغان، ئازارلاپ دىلىنى
غەش قىلىدىغان قوشاقنى ئاغزىغا ئېلىپ قويمايدۇ.
ئوماق خوتۇنى ئايقۇتنى يۈرىكىدىن بەك ياخشى كۆرىدىغانلى-
قى، ھۆرمەتلەيدىغانلىقى، كۆڭلىنى ئاياىدىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇجۇل-
خان تالىشقۇلدەك قوشاقچى بولۇپ قالسا، ئۇنىڭ دىلى ئازار يەپ
قالارمۇ، دەپ خاۋاتىرلىنىپ قالغانىدى. بوۋاينىڭ گېپى بىلەن
ئوماقنىڭ كۆڭلى جايىغا چۈشتى. تۆلەك بوۋايمۇ ئۇ سوئال سورى-
غاندىلا ئۇنىڭ كۆڭلىگە كەچكىنىنى بىلىپ بولغانىدى، شۇڭا كۆن-

[1] جىجە — چوڭ ئانا، موما.

چىققانبەگ ئىغىز ئاچقۇچە بۇۋاي جاۋاب بەرگەنىدى .

— ئۇجۇلخاننىڭ جىجەسى بىلەن جاھانبەگنىڭ ئىسىملىرى ئەجەب ئوخشايدىكىنا؟ — ئوماق بۇ سوئالنى ئىككىسىگە مۇنداقلا قويۇپ قويدى .

ئۇنىڭ بۇ سوئالىغىمۇ تولەك بوۋاي جاۋاب بەردى :

— جاھانخانمۇ ، جاھانبەگمۇ مىرەن دەرياسى بويىدىكى جاھانسايدا تۇغۇلغان — ئانا يۇرتىنى ئۇنتۇپ قالمىسۇن دەپ ئۇلارغا تۇغۇلغان مەھەللىسىنىڭ ئىسمىنى قويغان . كۈنچىققانبەگ جاھانسايدا تارىم سۆيىدەك سوزۇك ، قۇتلۇق بىر كۈنى كۈن قۇملۇق ئارقىسىدىن ئەمدىلا باش كۆتۈرۈپ چىقىۋاتقاندا تۇغۇلغاچقا ، ئۇنىڭ تۇغۇلغان چېغىنى ئۇنتۇپ قالماي يادلاپ تۇرۇشى ، چىرايىنىڭ تۇغۇلغان چېغىدىكى كۈندەك ئوچۇق ، كۆڭۈل ئاسمىنىنىڭ دائىم سۈزۈك بولۇشىنى ئارزۇ قىلىپ شۇنداق ئىسىم قويۇلغان ، — دېدى بوۋاي كۈنچىققانبەگ ھەم ئۇنىڭ ئاتىسى جاھانبەگنىڭ ئىسمىغا مۇناسىۋەتلىك ئىشلاردىن ئوماقنى خەۋەردار قىلىپ .

قالاچ قاناقانىڭ تولەك بوۋايغا ئېيتىشىچە ، جاھانبەگلەرنىڭ ئانا يۇرتى جاھانساي ئەمەس . ئۇلارنىڭ يىراق ئەجدادلىرىدىن يىسسۇمقۇلۇ ، مەتتەيازلار كۈنچىققانبەگنىڭ بوۋىسى نۇرمەتبەگكىچە لوپ كۆلىنىڭ ئەتراپىدىكى كۆلشەھىرى دەپ ئاتىلىدىغان بىر خارابە ماكانىنىڭ بويىدىكى بىر يۇرتتا ياشاپ كەلگەن . ئۇ يەردە بىر قېتىم قاتتىق قۇرغاقچىلىق ، قۇم - بوران ئاپىتى بولغاندا ، نۇرمەتبەگ يۇرتداشلىرىنى باشلاپ كۈنپېتىش — تۆۋەن تەرەپكە سۈرۈلۈپ ، مىرەن دەرياسى بويىدىكى جاھانسايغا كېلىپ ئورۇنلىشىپ قالغانىدى .

جاھانبەگ ياش چېغىدىنلا جاھانخاننىڭ قوشىقىنى كۆپ ئاڭلىغاچقا ، ئۇنىڭ قوشىقىغا خۇمار بولۇپ قالغانىدى . ئۇ ئايال ئۆلۈپ كەتكەن بولسىمۇ ، نەۋرىسى ئۇجۇلخاننى ئون ئىككى ياش ۋاقتىدىن باشلاپ قوشاق يادلاتقۇزۇپ ، ئېيتقۇزۇپ ئۆگىتىپ ، ئۆزىگە ئوخشاش قوشاقچى بولۇشىنىڭ ئۇلىنى قۇرۇپ بەرگەنىدى . ئۇجۇلخان

مومىسىنىڭ ئىزىنى بېسىپ يىگىرمە بەش ياشقا بارغۇچە قارا قو-
شۇن ، ئابداللىقلار ئارىسىدا ئېيتىلىپ يۈرگەن قوشاقلارنىڭ ھەم-
مىسىنى تۈر - خىللىرى بويىچە يادلاپ ، شۇ بويىچە ئېيتىشنى
ئۆگىنىپ بولغانىدى . بىر باشلىشىدا ئون - يىگىرمە كۇپلېت
قوشاقنى مەزمۇنىدىن چەتنىمەي بىر - بىرىگە ئۇلاپ توقۇۋېتىش
ئۇنىڭغا ھېچ گەپ ئەمەس .
بۇ يىل كىرگەندىن بۇيان جاھانبەگ ئۇجۇلخاننىڭ سورۇندا
ئېيتقان قوشىقىنى ئاڭلاپ باقمىدى . قوشاق ئېيتقۇزاي دېسە ،
بىرەر باھانە - سەۋەب بولمىدى . ئوماقلارنىڭ كېلىشى ، ئايقۇتنىڭ
ئۇستا قوشاقچىلىقى ئۇنىڭ ئۇجۇلخاننى قوشاق ئېيتقۇزۇشىغا ئوب-
دان باھانە بولۇپ بەردى . ئۇ ئۆتكەن قېتىم ئوماقنىڭ قوشاقلىرى-
دىن ھۇزۇرلانغان بولسىمۇ ، يۇرتلۇقى تالىشقۇلنىڭ يىغلىپ قال-
غىنىدىن كۆڭۈل بىغىنىڭ بىرەر شاخ - بەرگىنى قۇرت غاجىلىۋەت-
كەندەك بىئاراملىنىپ قالغانىدى . جاھانبەگ ھەرقانچە : «مەن قە-
بىلچىلىك بىلەن چىقىشالمايمەن» دېگىنى بىلەن ، ئېغىزغا ، ۋۇجۇ-
دىغا سىڭىپ كەتكەن يۇرتچىلىق ، يۇرتداشلىقنىڭ قارا كۆلەڭگىسى
تېخى ئانچە پاكىز ئادالىنىپ بولمىغانىدى . شۇڭا ئۇ ھېچكىمگە
مەسلىھەت سالماي ، ئايقۇتنىڭ نېمە دەيدىغانلىقىنىمۇ قايرىپ قويۇپ
ئۇنى پوسۇقىدە قوشاق ئېيتىشىشقا چاقىرىپ قويدى . جاھانبەگ
كۆڭلىدە ئۇجۇلخاننىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىنى ئۈمىد قىلغانىدى . ئۇ
ئايقۇتنى يېڭىۋالسا ، يېرىم بولۇپ قالغان كۆڭلى پۈتۈنلىنىپ قالات-
تى . كۈتكىنىگە يارىشا سورۇنغا ئۇجۇلخان چۈشىدىغان بولدى…
ئالدىنقى قېتىمقى قوشاق ئېيتىشىشنىڭ ھۇزۇرىنىڭ داۋامى-
نى سۈرۈش تەقەززالىقى ئالدىراتقانلىقتىن كىشىلەر قەرەلدىكى
كۈنى تاڭ سەھەردىلا كېلىشكە باشلىغانىدى ، چۈشكىچە سورۇن
ئادەملەرگە تولدى . كەلگەنلەر ئالدىنقى قېتىمقىسىدىن كۆپ ئىدى .
تالىشقۇلنى يېڭىۋالغان قوشاقچىنىڭ قوشىقىنى ئۆز قۇلىقى بىلەن
ئاڭلىيالمىغانلار : «ئىسىت - ئىسىت» دېيىشىپ ، ئۇ قوشاقچىنىڭ
خوتۇنىنىڭ داڭلىق قوشاقچى ئۇجۇلخان بىلەن قانداق ئېيتىشىدى-

غانلىقىنى ئۆز قولىقى بىلەن ئاڭلاپ ، ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈش ئىشتىياقى بىلەن توپ - توپ بولۇپ كېلىشتى .

ئايقۇت بىلەن ئۇجۇلخان سورۇننىڭ ئىككى تەرىپىدە بىر - بىرىگە قارىشىپ روبىرو ئولتۇراتتى . بىر - بىرىگە تەبەسسۇم قىلىپ قارىشىدىن ھەر ئىككىلىسىدە قىلچە جىددىيچىلىك يوق ئىدى . بۇ ھالىتىدە گويا ئۇلارمۇ قوشاق ئاڭلاشقا كەلگەندەك ، خاتىرجەملىكى ، كۆڭۈل ئازادىلىكى كۆزلىرىدە نامايان بولۇپ تۇراتتى . «كىم بىگەر ، ئايقۇت دېگەن ئايال قانداقراقتۇ ، ئۇجۇلخان قوشاقچى...» دېگەندەك غۇلغۇلا ، پىچىرلاشلار ، كىشىلەرنىڭ ئۆز-ئارا قىلىشقان دەتالاشلىرى پۈتۈن دالىنى بىر ئالغانىدى . كىشىلەرنىڭ ئاغزى گەپتە بولغىنى بىلەن كۆزى جاھانبەگدە بولۇپ ، ئۇنى قاچان ئورنىدىن تۇرۇپ قوشاق ئېيتىشىنىڭ باشلانغانلىقىنى ئېلان قىلار ، دەپ تۆت كۆزى بىلەن كۈتۈپ ئولتۇرۇشماقتا ئىدى . ئاخىر كۆپچىلىك زارىققان ، بىتاقەت بولغان پەيت كەلدى . جاھانبەگ ئورنىدىن تۇردى . ئۇ بۈگۈنمۇ ئالدىنقى قېتىم قوشاق ئېيتىشىش بولغاندا ئولتۇرغان بىر دۆمبەل قۇملۇق ئۈستىدە ئولتۇرغانىدى . ئۇ ئورنىدىن تۇرۇۋاتقاندىلا قايناۋاتقان قازانغا بىر نوگاي سوغۇق سۇ قۇيۇلسا قايناشتىن توختاپ قالغاندەك ، پۈتۈن سورۇن شىپپىدە جىمىپ كەتتى .

جاھانبەگ ئورنىدىن تۇرۇپ ئالدى بىلەن كۆپچىلىككە ، ئاندىن ئايقۇت بىلەن ئۇجۇلخانغا قارىۋېتىپ :

— قوشاقچىلار مەيدانغا چۈشسۇن !— دېدى يۇقىرى ئاۋازدا .

پۈتۈن سورۇن تېخىمۇ تىمتاسلىقتا چۆمگەن بولۇپ ، كىشىلەرنىڭ كۆزى ھېلى ئۇجۇلخاندا بولسا ، يەنە شۇئان ئايقۇتقا ئاغدۇرۇلاتتى . قايسىسى سورۇنغا بالدۇر چىقىۋالاركىن دېيىشىپ تەلمۈرمەكتە ، ھېلى ئۇنىڭغا ، ھېلى بۇنىڭغا قاراشماقتا ، كۆز تىكمەكتە...

ئايقۇت ئوتتۇرغا چۈشۈش خىيالىدا يوقتەك قۇچىقىدىكى بالىسىنى ئەركىلەتكەن بولۇپ كولۇمسىرەپ ئولتۇراتتى . ئۇجۇلخانمۇ

ئۇ ئولتۇرۇشىدا ئورنىدىن تۇرىدىغاندەك ئەمەس، ئايقۇتقا قاراپ كۇلۇمسىرەپ: «قېنى، مەيدانغا چۈشۈڭ» دەۋاتقاندەك قىلاتتى. ئۇنىڭ كۆزى بىلەن شۇنداق دەۋاتقانلىقىنى ئايقۇت ئۆزىنىڭ تۇيغۇسىدا سېزىپ تۇردى، لېكىن ئۇمۇ ئۇجۇلخاننىڭ مەيدانغا ئۆزىدىن بۇرۇن چۈشۈشىنى كۇتۇپ ئولتۇراتتى. قوشاق ئېيتىشىشتا قوشاقنى ئالدىن باشلىۋېلىش ئۇچۇن ئالدىرىشى كېرەك ئىدىغۇ، ئەجەبا بۇ ئىككىسى… بۇ ھالەتكە كۆپچىلىكتىن كۆرە جاھانبەگ بەكرەك ھەيران ئىدى. يېڭىۋېلىشتىمۇ يا، ياق، قايسىبىرى يېڭىۋالسا ئوتتۇرىدا ئۇچۇق ئېيتىشى كېرەك. بۇ يېڭىلگەنگە ھېساب. لېكىن، ئۇلار بۇنداقمۇ قىلمىدى. كىشىلەر ئارىسىدا پىچىرلاشلار باشقىدىن باشلاندى. جاھانبەگ نېمە قىلىشىنى، نېمە دېيىشىنى بىلمەيلا قالدى. «نېمە بولۇپ كەتتى» دېگەندەك قىلىپ تولەك بوۋىغا قارىدى. تولەك بوۋا باياتىن ئايقۇت بىلەن ئۇجۇلخاننىڭ بىر ـ بىرىگە نۆۋەت ئۇتۇنۇشۇپ ئىللىق كۇلۇمسىرەپ ئولتۇرۇشىدىن خۇشاللىق لەرزە چوڭقۇر ھاياجانغا چۆكۈپ ئولتۇراتتى. بوۋاي كۆزى بىلەن ئايقۇتنى ئىمالاپ قويدى.

بوۋاينىڭ نېمە دېمەكچى بولغىنىنى جاھانبەگ چۈشەندى ـ دە:

— بوپتۇ، مېھمان قوشاقچى ئايقۇت مەيدانغا ئالدىدا چۈشسۇن! — دەپ جاكارلىدى.

تەقەززالىقتىن تەلمۇرۇپ كۆزى تۆت، قۇلىقى دىڭ بولۇشقان كىشىلەر شۇئان كۆزىنى ئايقۇتقا تىكتى.

ئايقۇت قۇچىقىدىكى بالىسىنى توختاققا تۇتقۇزۇپ قويۇپ ئورنىدىن تۇردى، ئۇجۇلخانغا قاراپ كۇلۇمسىرەپ قويۇپ مەيدان ئوتتۇرىسىغا كېلىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇجۇلخانمۇ كۇلۇمسىرىگىنىچە ئايقۇتنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى.

مەيداندىكى قېرى ـ ياش ئاياللارنىڭ دىققىتى ئەمدى ئايقۇتنىڭ چىرايىغا كۆچتى. ئۇنىڭ ھىلال ئايدەك ئىنچىكە، ئۇزۇن ئەگمە قېشى، كېيىك بالىسىنىڭكىدەك قاپقارا، ئويناق شەھلا كۆزى، تۆكۈلۈپ تۇرغان بوستان كىرپىكلىرى، ئېقىپ چۈشكەندەك بۇر-

نى ، ئويماقتەك ئاغزى ، كېلىشكەن بوي - بەستى ، تېقىمىدىن ئېشىپ ساڭگىلاپ تۇرغان توم ئىككى ئۆرۈمە چېچى ، بولۇپمۇ گۈزەل ھۆسن - جامالىغا تېخىمۇ كامالى ھۆسن بەخش ئېتىپ تۇرغان باھار ئاپتىپىدەك ئىللىقلىقى پۈتۈن خوتۇن - قىزلارنىڭ ھەۋىسىنى قوزغاپ ، زوقىنى كەلتۈرمەكتە ئىدى . ئايقۇتقا قارىغاندا ئۆجۈلخان دوغىلاق ، تەمبەل ، بوغداي ئۆڭ ، قاشلىرى توم ، ئىككى يەلكىسى ئەر كىشىنىڭكىدەك كەڭ ، قول ، پاقالچاقلىرى دىقماق ئىدى ، ئەمما چىرايى ئايقۇتنىڭكىدەك يېقىملىق ، ئىسسىق چىراي ئىدى .

ئىككىسى يېقىن قېرىنداشلار ياكى قەدىناس دوستلار دىدارلاشقان چاغدىكىدەك بىر - بىرىگە ئوتلۇق نەزەر بىلەن قىزغىن تەبەسسۇم قىلىشىپ سالام بېرىشتى . ئىككىسىدىكى قوشاق ئېيتىشىشتا كەمدىن - كەم ئۇچرايدىغان بۇ قىزغىنلىقتىن تۆلەك بوۋا ، ئوماق ، كۈنچىققانبەگ قاتارلىق كۆپچىلىك كىشىلەر سۆيۈنۈپ كېتىشتى .

ئۆجۈلخان :

— ئايقۇت ، قېنى باشلاڭ ،— دېدى يېنىك ، يېقىملىق ئاۋازدا .

يەنە تەكەللۇپ قىلىشىۋېرىشنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى . ئايقۇت قوشىقىنى باشلىدى :

كەلدۇق سۆگەتبۇلاقتىن ،
بىللە يۇرت قورايلى دەپ .
بىر ئاقىندىن[1] سۇ ئىچىپ ،
دوست ، تۇغقان بولايلى دەپ .
ئاپەت يا ياغى كەلسە ،
تەڭ تۇغرا تۇرايلى دەپ .

[1] ئاقىن — ئېقىن .

ئۇجۇلخان ئايقۇتنى بىر - بىرىگە ئۇلاپ بىرقانچە كۇپلېت قوشاق ئېيتسا ئاڭلىغۇالسام ، دېگەن ئۇمىدتە ئىدى ، لېكىن ئايقۇت قوشاق ئېيتىشتىن توختاپ ، «ئەمدى نۆۋەت سىزنىڭ» دېگەندەك ، ئۇجۇلخانغا قاراپ كۈلۈمسىرەپ باش لىڭشىتتى .

ئۇجۇلخان ئالدى بىلەن تۇلەك بوۋا ، ئوماق ، كۇنچىققانبەگكە قارىدى ، ئاندىن قەبىلە - جەمەت ، يۇرت - مەھەللىلەر بويىچە غۇژمەكلىشىپ ئولتۇرغان كىشىلەرگە كۆز يۈگۈرتۈۋېتىپ قوشىقىنى باشلىدى :

چوڭ بولسام ئىجەڭىزمەن[1] ،
كىچىك بولسام سىڭلىڭىز .
ئەمدى نەمە پوش - پوشلۇق ،
بىزگە ماقۇل كۆڭلۈڭىز .
خەقنىڭ كۆڭلۈ ئۆزۈدە ،
دوست بولايلى ئىككىمىز .

ئۇجۇلخان قوشاق ئېيتىشتىن توختاپ غۇلچىنى يېيىپ ئايىقۇتقا قاراپ كەلدى ، ئايقۇتمۇ باغرىنى ئېچىپ ئۇجۇلخانغا قاراپ ماڭدى . ئۇ كەلدى ، بۇ باردى ، ئىككىسى قۇچاقلاشتى . باغرىنى باغرىغا ، يۈرىكىنى يۈرىكىگە يېقىشتى . كۇنچىققانبەگ ئورنىدىن تۇرۇپ ئوماققا قاراپ غۇلچىنى يايدى . ئىككىسى ئىككىنچى قېتىم بىر - بىرىنى چىڭ - چىڭ قۇچاقلىدى . ئۇلارنى ئۇستىدىن تۇلەك بوۋا قۇچاقلىدى . مەيداندىكى كىشىلەردىن نۇرغۇن ئەر ، ئاياللار ئۆز توپىدىن چىقىپ باشقا توپتىكى يېقىنلىرى بىلەن قول سىقىشىپ كۆرۈشمەكتە ، ئۆزئارا قۇچاقلاشماقتا...

ئاھ ، بۇ قۇچاقلار بىر - بىرىگە ياتلىشىپ ، بىر - بىرىگە سوغۇقلىشىپ كەتكىنىگە قانچە ئۇزۇن ، نەچچە ئەسىر بولغان بولغىيدى ؟ ! هازىر نېمىدېگەن ئىللىق ، نېمىدېگەن ئىسسىق ،

---

[1] ئىجە — ئاچا («دىۋان» I - توم 117 - بەتتىمۇ شۇنداق) .

ئوتلۇق !

— ئىلگىرى نېمىشقا مۇشۇنداق قۇچاقلىشىپ ئۆتمىگەن بولغىيدۇق ، قۇچاقلىرىمىز نېمىدېگەن ئىللىق . ئىلگىرىمۇ مۇشۇنداق ئىللىق بولغىيدىمۇ ؟ !

— قۇچاقلىرىمىز ئەسلىدە بۇنىڭدىنمۇ ئىللىق ، يالقۇنلۇق ئىدى !

— نېمە سەۋەبتىن ياتلىشىپ ، سوغۇقلىشىپ كەتكەن ؟

— بولدىلا ، ئۇنى كوچىلىماي ، ئاران ئېرىشكەن ھازىرقى يېقىنلىقنى ، ئۆملۈكنى ئويلايلى ، بۇنىڭدىن كېيىن مۇشۇ ئۆملۈك دەرياسىنى بويلايلى .

## 7

ھاۋا زۇمرەتتەك سۈزۈك ، شۇنچە ئوچۇق ، خۇددى بۇيرۇتقاندەك . قۇياشنىڭ 9 ـ ئايدىكى چۇشلۇك نۇرىدا كەڭ ئاسمان بىلەن پايانسىز قۇملۇق يىراق ـ يىراقتا بىر ـ بىرىگە تەلپۈنۈپ تۇرغان ئاشىق ـ مەشۇقتەك ئۇپۇققىچە سوزۇلغان قۇچاقلىرىنى يېيىپ بىر ـ بىرىگە بېقىپ تۇرۇشماقتا . يېقىنلا بىر يەردىن تۇرلۇك سۇ قۇشلىرىنىڭ ھەر خىل غاق ـ غۇقلىرى ، قى ـ قۇلىرى ، تورغايلارنىڭ چۇ ـ چۇلىرى ئاڭلانماقتا .

تارىم دەرياسىنىڭ ئابدال مەھەللىسىدىن بىر چاقىرىمچە يىراقلىقتىكى كىچىك بىر تارمىقى بويىدا ، ئېگىزرەك بىر قۇم دۆۋىسى قاپتىلىدا ئۇپا ـ مامۇقتەك يۇمشاق ، ئىسسىق قۇم ئۈستىدە چوڭ ـ كىچىك ئوندەك ئادەم ھالقا بولۇپ ئولتۇرۇشاتتى . بۇلارنىڭ ئۈچى ئايال بولۇپ ، ياش قۇرامى چوڭ پەرقلىنىپ كەتمەيتتى . ئىككىسىنىڭ كېيىنىشى رەڭگىدىن تارتىپ رەختىنىڭ توقۇلۇشى ، تىكىلىشى ، شەكلىگىچە ئوخشىشىپ كېتەتتى . يەنە بىر ئايالنىڭ تامبىلى ئىككىسىنىڭكىگە ئوخشاشراق بولسىمۇ ، كۆڭلىكى ئالاھىدىرەك ئىدى . تورقا ئارىلاش يېشىل ، سۆسۈن ، قىزىل ، ئاق —

تۆت خىل رەڭدە يوللۇق قىلىپ توقۇلغان سىپتا رەختتە پەش ، يەڭلىرىگە سۆسۈن يۇلغۇن چېچىكى رەڭلىك زىغزىق چىقىرىپ ، بۆرەك ياقىلىق بەل پۇرمە كۆڭلەك كىيىۋالغانىدى . بۇنداق كۆڭلەكنى بۇ يەردىكىلەر ئىلگىرى كۆرۈپ باقمىغاچقا ، ھېلىقى ئىككى ئايال ئۆزئارا ئاشۇ كۆڭلەك توغرۇلۇق پاراڭ قىلىشىپ ئولتۇرماقتا . كۆڭلەكنىڭ رەختى ، توقۇلۇش شەكلىدىن كۆرە ياقىسى بىلەن بەل پۇرمىسى ئۇلارنى بەكرەك قىزىقتۇرغانىدى .

— كىم تىككەندۇ ، ئۆزى تىككەنمىدۇيا ؟

— بىر يەردە كۆرۈپ قالغان چېغى...

قالغانلارنىڭ تۆتى چوڭ ياشلىق ئەرلەر بولۇپ ، بىرى يۈز ياشتىن ئاشقان ، ئۈچى قىرىق ياش بىلەن ئەللىك ياش ئارىلىقىدا ئىدى . ئولتۇرغانلارنىڭ ئارقا تەرىپىدە چوڭ بىر قازان ، تۆت پۇتلۇق قازان قويغۇ (تۇۋرۇك) ، سەككىز - ئوندەك ياغاچ چۆچەك ، ياغاچ چۆمۈچ ، چوڭ بىر تەڭنە قاتارلىق نەرسىلەر تۇراتتى . نېرىدا بولسا بويلۇق ، سېمىز بىر ئېرىك قوي يۇلغۇن كۆتىچىكىگە باغلاپ قويۇلغانىدى . بۇ نەرسىلەرگە قاراپ ئولتۇرغانلارنىڭ دەريا بويىغا سەيلە - ئولتۇرۇشقا چىققانلىقىنى پەملىگىلى بولاتتى .

ئەرلەرنىڭ چوڭ ياشتىكىسى تۆلەك بوۋا ، قالغانلىرى كۆنچىقانبەگ ، ئوماق ، توختىكۆل ؛ ئاياللار : ئايقۇت ، ئۇجۇلخان ، يەنە بىرى بەل پۇرمىلىك كۆڭلەك كىيگەن ئاقئۇلام . ئاقئۇلام كۆنچىقانبەگنىڭ خوتۇنى ، توختىكۆل ئۇجۇلخاننىڭ ئېرى .

بۇ دالا مېھماندارچىلىقىنى كۆنچىققانبەگ قىلغانىدى .

— ئوماق ، ئايقۇتلار يۇرتىمىزغا كەلگىلى بىر ئاي بولۇپ قالدى . بىز ئىلگىرى زادى كۆرۈشۈپ باقمىغان ، تونۇشمىغان بولساق ، ئەمدى كۆرۈشتۇق ، تونۇشتۇق ، تۇغقانلاردەك بوپكەتتۇق تېخى . مەن بۇ مېھماندارچىلىقنى ئوماقنىڭ قوشاق ئېيتىششتا يەڭگەنلىكىگە ئەمەس ، باشقا بىر خۇشاللىقىمنى بىلدۈرۈش يۈزىسىدىن چاقىردىم ، — كۆنچىققانبەگ گېپىدىن توختاپ نەزىرىنى كۆككە ، يىراق ئۇپۇققا تىكىپ قارىۋېتىپ ، يەنە ئېتىنىڭ ئايقۇت ،

ئۆجۆلخانغا قاراپ ، — ئوماق ، ئايقۇت ، ئۆجۆلخان ، سىلەر قوشاق-
لىرىڭلار بىلەن لوپلۇقلار ۋۇجۇدىدىكى مەرەز كېسەل — يۇرت -
مەھەللىۋازلىق ، قەبىلىۋازلىقنى ئېچىتىپ سېسىتتىڭلار ھەم يەنە
ئۆم - ئىناق ئۆتۈشنىڭ ، بىرلىشىشنىڭ نەقەدەر ياخشى بولىدىغان-
لىقىنى كۆرسىتىپ قويدۇڭلار . يۇرتۋاز ، قەبىلىۋاز ئاقساقاللارغا
كېلىشتۈرۈپ دەككە بېرىپ قويدۇڭلار . مەن مۇشۇ خۇشاللىقىمدىن
سىلەرگە داستىخان سالاي دېدىم . داستىخاننى ئۆيۈمدە سالسامۇ
بولىتتى ، بىز قۇملۇق ئادەملىرى داستىخاننى قۇم ئۈستىگە يې-
يىپ ، تۇزدە كەڭ - كۇشادە تاماقلىنىشنى ياخشى كۆرىمىز . شۇڭا
سىلەرنى مۇشۇ دەريا بويى قۇملۇققا باشلىدىم . ئالدى بىلەن گۆشنى
قۇمغا كۆمۈپ قويۇپ ، كاۋاپ پىشقۇچە گەپلىرىمىزنى قىلىشىپ
تۇرساق ، قانداق بوۋا ؟ — دېدى كۇنچىققانبەگ ، گېپىنىڭ ئاخىرىدا
تۇلەك بوۋىغا قاراپ ، ئۇنىڭدىن ئىجازەت سورىغاندەك .

— سىلەر ئۇچۇڭلار ، بولۇپمۇ ئايقۇت ، ئۆجۆلخان ئىككىڭلار
سورۇندىلا ، جىمى يۇرتلۇقلار ئالدىدا تۇغقان بولۇشۇپ قۇچاقلى-
شىپ بەك خاسىيەتلىك ئىش قىلدىڭلار . سىلەرگە قاراپ خۇشال-
لىق ، ھاياجاندىن ئاللىقاچان نېمى قاچقان كۆزلىرىمگە ياش كەل-
دى . قارىسام كۇنچىققانبەگنىڭ كۆزىمۇ ياش ھېلىلا تېشىپ كېتى-
دىغاندەك لىغىرلاپ قاپتۇ . ھەرقايسىڭلارغا مۇشۇنداق بىر داستى-
خان سېلىشنى مەنمۇ كۆڭلۈمگە پۈككەنىدىم . كۇنچىققانبەگ ئۆزى-
نىڭ مۇشۇنداق ئويلىغىنىنى ئېيتىۋىدى ، ئۇنىڭدىنمۇ بەك خۇش
بولۇپ كەتتىم . ئۇنىڭ سالغان داستىخىنىنىڭ قىممىتى ئوخشىماي-
دۇ ، — تۇلەك بوۋا گېپىنىڭ ئاخىرىنىمۇ دېمەكچىدى ، توختىكۆل
گەپ قىستۇرۇپ :

— بەگ بالىسىنىڭ داستىخىنى بەگچە بولىدۇ - دە ، —
دېدى .

ھەممىسى كۇلۇشۇپ كەتتى . كۇلكە بېسىققاندىن كېيىن كۇن-
چىققانبەگ :

— گوي - گويەي ، گوي - گويەي ، سىنىڭ مۇشۇ قاڭسىق

تىلىگىزە ، ئۆجۈلخان ، ئۆزنىڭ ئاغزى ئۆيدىمۇ مۇشۇنداق تاتـ
لىقمۇ ؟ — دەپ چاقچاق قىلدى . ئۆجۈلخان :

— يېنىدا مەن بولمايدىغان بولسام ، ئۆچۈ ، كۆلنى سېستىـ
دىغان قارۆنانىڭ ئۆزى ، — دېدى .

ئولتۇرغانلار ئۆجۈلخاننىڭ چاقچىقىغا بايىقىدىنمۇ قاتتىق كۈـ
لۈشۈپ كەتتى . كۈلكىگە جور بولغاندەك يېقىنلا يەردىن تەكلىماكان
بۇلبۇلى — بىر توپ تورغايلارنىڭ چۇچۇلاشلىرى ئاڭلاندى .

باياتىن خىيال بېسىۋالغاندەك ئولتۇرغان ئاقئۆلاممۇ ئۆجۈلـ
خاننىڭ چاقچىقىنىڭ زوقىدىن ئىختىيارسىز كۈلۈپ كەتتى ۋە
ئۆجۈلخانغا قاراپ قويدى .

كۆنچىققانبەگ :

— ھە ، توختىكۆل ، سېنى قارۆناغا ئوخشىتىۋاتىدۇغۇ ، —
دېدى .

توختىكۆلنى نېمە دەركىن ، دېيىشىپ ھەممىسى ئۆنىڭغا
قارىدى .

— مەندەك قارۆنانى تاتلىق قىلغان ئۆجۈلغۇ شۇ ، — دېدى
توختىكۆل .

كۆنچىققانبەگنىڭ چاقچاقنى داۋاملاشتۇرغۇسى بار ئىدى ، لېـ
كىن توختىكۆلنىڭ ، بولۇپمۇ ئۆجۈلخاننىڭ چاقچىقى ئۆنىڭ ئاغزىدـ
نى تۇۋاقلاپ قويغاچقا ، ئۇ ياندۇرۇپ چاقچاق قىلماي ، تۇلەك
بوۋىغا قاراپ :

— بوۋا ، قوينى سەن بوغۇزلاپ بەر ، توختىكۆل سويسۇن ،
ئۆنىڭ قۇم كاۋىپىنى يېمىگىلىمۇ خېلى بوپتۇ ، ئۇ ئۆز قولى بىلەن
پىشۇرسا قانداق ، — دېدى .

توختىكۆل ئابدال مەھەللىسى بويىچە مەيلى كىيىك ، جەرەن
گۆشى بولسۇن ياكى قوي ، كالا گۆشى بولسۇن ، قۇم كاۋىپى
قىلىشتا ھەممىسىدىن ئۇستا . ئۆنىڭ قۇم كاۋىپىنىڭ تەمى ئادەمـ
نىڭ ئاغزىدا قالىدۇ . ئۆنىڭ ئېيتىشىچە ، قۇم كاۋىپىنىڭ ئوخشىـ
شى گۆشنىڭ قانداق تۇزلىنىشى بىلەن قۇم قىزىقلىقىنىڭ قانداق

بولۇشىغا باغلىق . گۆش مال تۆرىگە قاراپ تۇزلانسا ، قومنىڭ قىزىقلىقى مۇۋاپىق بولسىلا كاۋاپ ئوخشايدۇ . تەملىك ، يېيىشلىك بولىدۇ ، لېكىن بۇنى ئىگىلىمەك ، تەگشىمەك تەس .

قوم كاۋىپىنى توختىكۆل ئۆزى بىر قوللۇق پىشۇرىدىغان بولدى . ئالدى بىلەن ئەتراپتىن يۇلغۇن - قاقشال ئوتۇنلارنى تېرىپ كېلىپ قوم ئۈستىگە دۆۋىلەپ ئوت يېقىۋەتتى . قوينى كۆنچىققانبەگ پاخلاننى كۆتۈرگەندەك دەس كۆتۈرۈپ يەرگە بېسىپ پۇتىنى بوغۇچلاپ بەردى . تۆلەك بوۋا قولىغا پىچاقنى ئېلىپ : «بىسمىللا ، ئاللاھۇئەكبەر ، كاۋاپ بول ، تەملىك بول ، يەملىك[1] بول ، سوپ» دېدى - دە ، پىچاقنى قوينىڭ بوغۇزىغا سۇردى . توختىكۆل قوينى تۇلۇمچىلاپ سويۇپ ، گۆشنى ئۆز ئۇسۇلى بويىچە تۆت پۇتىنى ئايرىم ، قوۋۇرغا قىسمىنى ئىككى پارچە ، بويۇن قىسمىنى ئايرىم جەمئىي يەتتە پارچە ماشاپ ، گۆشى قېلىن جايلىرىنى تىلىپ ، تەگشەپ تەييارلاپ قويغان تۇز سۇيىنى سىرتىغا ، تىلغان يەرلەرگە چېچىپ بولۇپ ، تۇلۇم ئىچىگە تۇجۇپلەپ سېلىپ ، تۇلۇم ئاغزىنى چىڭ بوغۇۋەتتى . ئاندىن قىزىغان قومنى ئازراق بىر يانغا تارتىپ ، ئاستىدىكى قومغا قولىدا سۇ چېچىپ باقتى . قوم «ۋاز» قىلىپ هور پۇرقىراپ چىقتى . توختىكۆل سۇ سېپىلگەن جايدىكى قومغا ئالدىقىنىنى يېقىن ئاپىرىپ قومنىڭ قىزىقلىق تاۋىنى ئۆلچىدى .

— قوم بەك قىزىق ئىكەن ، ئازراق تۇرايلى ، — دېدى ئۇ .

بىرپەس تۇرغاندىن كېيىن توختىكۆل ئۆزى قومنى يەنە ئازراق تارتىپ ، گۆش قاچىلانغان تۇلۇمنى قويۇپ ، تارتىۋەتكەن قىزىق قومدا كۆمۈۋېتىپ ، ئۈستىگە چوغلارنى يېيىتىپ قويدى .

— قوم كاۋاپ پىشقۇچە ، — دېدى كۆنچىققانبەگ ، — قايسى كۈنى قالاچ قاناقانى يوقلاپ بارغىنىمىزدا ، قاناقا ئاتام بىلەن مېنى ئايرىم چاقىرىپ ··· — دەپ ، ئولتۇرغانلارغا تۆۋەندىكىلەرنى سۆزلەپ بەردى .

---

[1] يەملىك يېيىشلىك .

جاھانبەگكە قاناقانىڭ ئوقياسىنى تاپشۇرۇپ بېرىش - تاپشۇرۇۋېلىش يىغىنىدا تايۇقتىن قاناقانىڭ بىتاب بولۇپ يېتىپ قالغىنىنى ئاڭلىغان جاھانبەگ ئاقساقاللارنى باشلاپ قاناقانى يوقلاپ ھال سوراپ كەلگىلى ماڭدى. كۈنچىققانبەگمۇ تەلەپ قىلىپ بىللە بارغانىدى. بۇلار بارغاندا قالاچ قاناقا ھەقىقەتەن ئورۇن تۇتۇپ ياتقانىدى.

— قاناقا، سىنى ۋاقتىدا يوقلاپ كېلەلمىدۇق، بىتاب بولۇپ يېتىپ قالغىنىڭنى تايۇقتىن ئاڭلاپلا كەلدۇق، ئاغرىپ قالمىساڭ بولستتى، — جاھانبەگ گېپىنى دېگەچ كۈنچىققانبەگنىڭ قولىدىن ئاشلانغان كېيىك تېرىسىگە يۆگەكلىك چوڭ بىر بوغجۇمىنى ئېلىپ ئېچىپ، قاناقانىڭ ئالدىغا قويۇپ، — بۇنى يەپ تۇرغىن، — دېدى.

بوغجۇمىدىكى ئىچ - قارنى ئېلىپ تازىلىنىپ، قاسىراقلىرىمۇ قىرىۋېتىلگەن چوڭ - چوڭ توققۇز دانە خام بېلىق ھەم مۇشۇ بېلىقلارنىڭ پوستلاقلىرىدا ئېتىلگەن توققۇز دانە پوستلاق قۇيمىسى ئىدى. لوپلۇقلار يېڭى بېلىق شورپىسىنى، يېڭى بېلىق شورپىسىدا ئۆجۈل، جىگدە تالقىنى، تۇخۇم سېرىقىنى ئارىلاشتۇرۇپ ئېتىلگەن بۆلماقنى بەك ياخشى كۆرىدۇ. قاناقا بولسا، بوش ئوتتا ئاستا قاينىتىپ ھېچ نەرسە قوشماي پىشۇرغان يېڭى بېلىق شورپىسىغا غاز، ئۆردەك تۇخۇمىدىن بىرنى چېقىپ چېلىپ ئىچىشنى بەك ياخشى كۆرەتتى. شۇڭا جاھانبەگ بېلىقلارنى خام پېتىلا ئېلىپ كەلگەنىدى.

قاناقا ئۇلارنىڭ يوقلاپ كەلگىنىگە رەھمەت ئېيتتى. جاھانبەگدىن يۇرت ئەھۋالىنى، يېڭى ئابدال قۇرۇش ئىشىنىڭ قانداق بولۇۋاتقانلىقىنى سورىدى. كەچكە يېقىن تايۇق ئارقىلىق جاھانبەگ بىلەن كۈنچىققانبەگنى چاقىرتقۇزدى.

— ئىككىڭلارغا ئايرىم دەيدىغان گېپىم بار ئىدى، بىللە كەلگىنىڭلار كۆڭلۈمدىكىدەك ئوبدان بولدى. مەن مۇشۇ ياتقىنىمچە كېتىپ قالىدىغاندەكمۇ قىلىمەن. تەڭرىنىڭ ماڭا بۇنچە ئۇزۇن

ئۆمۈر بەرگىنىدىن قەبىلچىلىكىنىڭ تۈگەپ، لوپلۇقلارنىڭ بىر ئۆم بولغىنىنى كۆرىدىغان ئوخشايمەن، دەپ خۇشال بولغانىدىم. ئۇنى كۆرەلمەيدىغان ئوخشايمەن، ئاتاڭ نۇرمەتبەگ بۇ ئىشقا كۆڭۈلشىمىگەنىدى. سەن ياخشى يول تۇتتۇڭ. بىر دەريانىڭ سۈيىنى ئىچىۋاتقان بىر يۇرتنىڭ بىر تىللىق ئادەملىرى دىلىنى بىر قىلىشالماي تۆت تەرەپلىشىپ يۇرسە كىمگە پايدا، مىنىڭ يۈز نەچچە يىللىق ئۆمرۈم ئىككى ئارزۇ - ئارمان بىلەن ئۆتتى. بىرسى، بۆلۈنۈپ كەتكەن يۇرتداشلارنىڭ بىشىنى بىر يەرگە ئەكىلىپ، دىلداش قىلىش، يەنە بىر ئارزۇ - ئارمىنىمنى ئوماققا ئېيتتىم. چۈشۈمدە ئايان بولۇشچە، قالاچ بوۋىلىرىمىنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇنىڭ بالىلىرى خاسىيەتلىك ئادەملەردىن بولۇپ چىقىدىغان ئوخشايدۇ، — قاناقا ئىككى ئارزۇ - ئارمىنىنى ئېغىزغا ئالغىنىدا كۆزىگە ياش كەلگەنىدى، كۇنچىققانبەگنىڭ كۆزىگىمۇ ياش كەلدى، جاھانبەگمۇ ھاياجانلىنىپ كۆزىگە ياش ئالدى.

— خاتىرجەم بولۇڭ قاناقا، ئارمىنىڭىز يەردە قالمايدۇ، مەن قېرىپ قالغان بولسامۇ، بۇنى ئىشقا ئاشۇرىدىغان ئادەم چىقىدۇ. كۆزۈمنىڭ يورۇقىدا بەگلىكنى كۇنچىققانغا ئۆتكۈزۈپ بېرەي دەۋاتىمەن، — دېدى جاھانبەگ.

— ئالدىرىما، گېپىمنى چۈشىنىپ تۇرۇپ ئاڭلا. سەن ئۆزۈڭنىڭ بەگلىكى بىلەنلا قىلىۋاتىسەن. سەن: «ئوماقنىڭ بالىلىرى قانداق خىسلەتلىك بولىدۇ؟» دەپ سورىمىدىڭ، — قاناقا جاھانبەگنىڭ كۆزىگە قاراپ تۇرۇپ گېپىنى داۋاملاشتۇردى، — سەن ئاتاڭ نۇرمەتنىڭ قانداق ئۆتكەنلىكىنى، ئاگايىنىڭ نەدە ئىكەنلىكىنى بىلىدىغانسەن. لېكىن بوۋاڭنىڭ، چوڭ بوۋاڭنىڭ، تېخىمۇ چوڭ بوۋىلىرىڭنىڭ نەدە، قانداق ياشىغانلىقىنى، نەدە ياتقانلىقىنى بىلەمسەن؟ بىلمەيسەن، بىلىپ بېقىش خىيالىڭغىمۇ كەلمىدى، شۇنداقلا مەنمۇ بىلمەيمەن. بىلىپ باقسام دەيمەن، ئەمما قانداق بىلىشنى بىلمەيمەن. بۇنى ئەجدادلارنى ئۇنتۇش دەمدۇق، دېمەمدۇق! شۇنداق، سەن - بىز ئەجدادلىرىنى ئۇنتۇغان تۇزكور،

ئاسىي بەندىلەر ! بىلىپ قال ، ئوماقنىڭ باللىرى بىز ئۆتتۈپ كەتكەن ئاشۇ ئەجدادلارنىڭ ئىزىنى ، يولىنى تېپىشنىڭ كويىدا بولىدىغانلار . شۇڭا ئۇلارغا كۆڭۈل بۆلۈپ قوي ، ئاسرا ، قوغدا ، قىلىمەن دېگىنىڭگە يول قوي ، ئىختىيارىغا قويۇپ بەر . بۇ ساڭا دەيدىغىنىمنىڭ بىرى ، — قاناقا گېپىدىن توختاپ يېنىدىكى قاچىدىنى ئالماقچى بولۇۋىدى ، جاھانبەگ ئىتتىك قاچىنى ئېلىپ قاناقانىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ قويدى . قاناقا قاچىدىكى ئۇسسۇلىقتىن ئىككى ئوتلىۋالدى ، — ساڭا دەيدىغان يەنە بىر گېپىم ، — قاناقا جاھانبەگنىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ گېپىنى داۋاملاشتۇردى ، — قەبىلىلەرنى بىرلەشتۈرۈشتەك بۇنداق چوڭ ئىشنى كۆنچىققانلا ئىشقا ئاشۇرىدىغاندەك ، ئىگىمىز ساڭا مۇشۇ بىرلا بالىنى بەرگەندەكەن . ياخشى ئويلاپسەن . شۇنى بىلكى ، ھازىرقى بەزى يۇرت ئاقساقاللىرى بىلەن بىرلىشىشنى ئىشقا ئاشۇرماق تەس . سەن بەگلىكنى كۆنچىققانغا ئۆتكۈزۈپ بېرىشتىن ئىلگىرى ئۇ ئاقساقاللارنى ئالماشتۇرۇۋەت . كېيىن ئالماشتۇرۇلسا ، ئۇلارمۇ ، يۇرت ـ جامائەتمۇ ئوغلۇڭدىن كۆرۈپ قىلىپ ، ئىش قىيىنلىشىپ كېتىدۇ ، — دېدى .

گەپ ئوماق ۋە ئۇنىڭ باللىرى ئۈستىدە بولۇۋاتقاندا ، ئولتۇرغانلار ئوماق بىلەن ئايغۇتقا ھەم ئۇلارنىڭ باللىرى توختاق بىلەن تۆمۈرگە زوق ـ قىزىقىش ، ھەۋەس ۋە ئۇلاردىن نېمىدۇر بىرنېمىنى كۆرمەكچى بولغاندەك قاراپ قىلىشقانىدى . گەپ قەبىلە ، كۆنچىققانبەگ ئۈستىدە بولۇۋاتقاندا ، ئۇلار كۆنچىققانبەگكە قىزىقىش ھەم ئۈمىد بىلەن قاراشتى ، خۇش بولۇشتى . پەقەت كۆنچىققانبەگنىڭ خوتۇنى ئاقئۇلاملا بېشىنى تۆۋەن سېلىپ يەرگە قاراپ ئولتۇراتتى . ئۇنىڭ شۇ تاپتا قانداق ئەھۋالدا بولۇۋاتقانلىقىنى بىلگىلى بولمايتتى .

كۆنچىققانبەگ گېپىنىڭ ئاخىرىنى :

— ئاتام ئويلاپ ، قاناقانىڭ ئېيتقانلىرىنى توغرا تاپتى . مەن بۇنى كۆڭلۈم تارتىپ سىلەرگە دەپ بەردىم . ئاتام بەگلىكنى ئۆتكۈ-

زۈپ بەرگۈچە بۇ گەپ ئاغزىڭلاردىن چىقىپ كەتمىسۇن، — دەپ تۈگەتتى.

— قاناقانى يوقلاپ بارغىنىڭلار بەك ياخشى بوپتىكەن، ۋاقتىدا بوپتىكەن. ئالدىمىزدا چوڭ بىر ئۆزگىرىش بولىدىغان ئوخشايدۇ. ئىلاھىم، شۇنداق بولغاي. بەگ ئوغلى، يەنە بىر ياخشى گېپىڭنىمۇ دەۋەتكىن، قۇم كاۋاپ پىشىپمۇ قالدى، — دېدى تۆلەك بوۋا كۈنچىققانبەگكە قاراپ كۈلۈپ.

يەنە نېمە ياخشى گەپ باردۇ، دېيىشىپ ئولتۇرغانلار كۈنچىققانبەگكە قاراشتى.

— مېنىڭ سىلەرنى بۇ قۇملۇق داستىخىنىغا تەكلىپ قىلىشىم بايىقى گەپنى دېيىش ئۈچۈن ئەمەس. قايسى كۈندىكى قوشاق ئېيتىشتا ئايقۇت بىلەن ئۇجۇلخان ئىجە - سىڭىل[1] بولۇشتى. مەن شۇ چاغدىلا ئوماق بىلەن ئاكا - ئۇكا بولۇشنى كۆڭلۈمگە پۈككەندىم. بۇ ئويۇمنى تۆلەك بوۋىغا ئېيتسام: «باركاللا ئوغلۇم، دېگىنىڭ بولسۇن» دېدى. قالاچ قاناقانى يوقلىغىلى بارغاندا تايۇققا ئوماق بىلەن ئاكا - ئۇكا بولماقچىلىقىمنى ئېيتسام: «قالتىس ئىش قىلغۇدەكسەن، بەگ» دەپلا كېلىپ مېنى قۇچاقلىدى ۋە: «ئۈچىمىز ئاكا - ئۇكا بولۇشايلى» دېدى. شۇ يەردىلا مەن ئۇنىڭغا مۇشۇ جايدا مۇشۇنداق بىر داستىخان سالىدىغانلىقىمنى ئېيتسام، ئۆزىنىڭمۇ چوقۇم كېلىپ داخىل بولىدىغانلىقىنى ئېيتقان، لېكىن...

كۈنچىققانبەگ گېپىنىڭ ئاخىرىنى دېگۈچە ئېگىز قۇم دۆۋىسى يامرىلىدىن تايۇق ئات چاپتۇرۇپ چىقىپ كەلدى. ئۆيدەك قۇمدا ئات تۇيىقىنىڭ ئاۋازى چىقمىغاچقا، يېقىن كەلگۈچىمۇ ئولتۇرغانلار ئۇنىڭ كېلىۋاتقانلىق شەپىسىنى سېزەلمىگەندى. ھەممىسى مانا، مانا دېيىشىپ ئورنىدىن تۇرۇشتى. تايۇق ئاتتىن چۈشۈپ تىزگىنىنى توختاققا تۇتقۇزغاچ ئۇنىڭ بېشىنى سىلاپ قويۇپ، تۆلەك بوۋا، كۈنچىققانبەگ، ئوماقلار بىلەن بىر - بىرلەپ قۇچاقلىشىپ كۆ-

---

1 ئىجە - سىڭىل ئېگىچە - سىڭىل.

روشتى . ئاخىردا توختىكۆلگە كۆرۈشكىلى قولىنى ئۇزارتىۋىدى ، توختىكۆل غولىچىنى كېرىپ كېلىپ تايوقنى قوچاقلاپ تۇرۇپ :
— مەنمۇ سىلەر بىلەن ئاكا - ئۇكا بولۇشسام بولامدىكەن ! — دېدى .
— ۋاي بولامدىغان ، بولامدىغان ، ياخشى گەپ ، — دېدى تايوق ۋە ئۇنى چىڭ قۇچاقلىدى . كۇنچىققانبەگ ، ئوماقلار كەلگەننچە ئۇ ئىككىسىنى قۇچاقلىدى . تۆت گەۋدە — تۆت قۇچاق بىر - بىرى بىلەن شۇنداق كىرىشىپ كەتتىكى ، ئۇلار شۇ تاپتا يىمىرىلمەس بىر گەۋدىلىك يوغان بىر تۇپ توغراقنىڭ ئۆزىلا بولدى . ئۇلارغا قاراپ ئايقۇت بىلەن ئۇجۇلخان يەنە بىر قېتىم چىڭ قۇچاقلاشتى . ئاقئۇلام يالغۇز قالغىنىدىن ئوڭايسىزلىنىپ قالغان چېغى ، ئاستا كېلىپ ئۇ ئىككىسىنى مۇنداقچىلا قۇچاقلاپ قويدى .
ئۇجۇلخاننىڭ ئون تۆت ياشلىق ئوغلى تۇتۇپ تۇرغان تۇمۇر بۇ خۇشاللىقتىن ئۆزىنىڭ گۈلدەك ئەتىسىنى كۆرۈۋاتقاندەك ۋىلىقلاپ تاتلىق كۈلۈپ كەتتى .
— گوي - گوي ، بۈگۈن خاسىيەتلىك كۈن بولدى . تارىم - لوپ دالىسىدىكى تۆت قوۋم - قەبىلە بىر يەرگە كېلىدىغان بولدى . كۇنچىققانبەگ ، سەن مۇشۇ بىرلىكنىڭ تۇۋرۈكى بول ، ھەممىمىز سېنىڭ ئەتراپىڭغا ئولىشايلى ، — دېدى تۇلەك بوۋا ۋە يەنە دېدى ، — قوۋم كاۋاپىنىڭ تەمى كېتىپ قالمىسۇن ، قېنى توختىكۆل ، كاۋىپىڭنى ئال .
راست ، بۈگۈن ئىككىنچى قېتىملىق ئۇنتۇلماس ، خاسىيەتلىك كۈن بولدى . بىرىنچى قېتىم قالۇچىلار مەھەللىسىدە ئوماق بىلەن تايوق قۇدىلىشىشقا ۋەدىلىشىپ ، قاراقوشۇنلۇقلار بىلەن قالۇچىلارنى بىر - بىرىدىن ئايرىپ تۇرغان قېلىن مۇز تام ئېرىپ ئېقىپ چۈشۈشكە باشلىغان بولسا ، مانا بۈگۈن قاراقوشۇن ، قالۇچى ، ئابدال ، جۇداخ - يانلارنىڭ ھەرقايسىسىنىڭ ئارىلىرىدىكى مۇز تامنىڭ يېرىمى ئېرىپ كەتتى...
ياھ ، بۈگۈنكى قوۋم كاۋىپى نېمىدېگەن تېتىملىق ، مەززىلىك .

ئۇلار بۇنداق كاۋاپنى نۇرغۇن - نۇرغۇن يېگەن ، بەلكى ئاتا - بوۋىسىدىن تارتىپ يەپ كەلگەن ، ئەمما ھازىرقىسىدەك بۇنداق مەززىلىك ئەمەس ئىدى ، بۇنچىلىك ھوزۇر بېغىشلىمىغانىدى . ئايقۇت بىلەن ئۇجۇلخان بىرلىكتە بىلىق ، ئۇجۇل ، جىگدە تالقىنى سېلىپ ئەتكەن ئۇماچ - بولمىقىنىڭ تەمىچۇ تېخى...

## 8

ياز چىقىپ كېتەي دەپ قالدى . تامچىنىڭ كەملىكى سەۋەبىدىن يۇرت قۇرۇلۇشى ھېچ يۇرۇشمەيۋاتاتتى . سەكسەن نەچچە ئائىلىلىك ئىككى يۈز قىرىق نەچچە ئېغىز ئۆيگە يېتەرلىك كېسەك 5 - ئايدىن باشلاپ قۇيۇلۇپ تەق قىلىپ قويۇلدى . ئابدالدىكى ئوتتۇز نەچچە ئائىلىنىڭ تىكلىمە ياغاچلىق قورمال ئۆيلىرى چۇۋۇۋېتىلىپ لىم ، بادرا قىلىنىدىغان ياغاچلار تورى بويىچە ئېدىتىلىنىپ ، ئورنى - ئورنىغا دۆۋىلەپ قويۇلدى . ئائىلىلەر جان سانىغا قاراپ ۋاقىتلىق قومۇش كەپىلەرنى ياساپ ئولتۇرۇپ تۇرۇشتى . 10 - ئاينىڭ ئاخىرىغىچە يېڭى ئۆيلەرگە كۆچۈپ چىقىۋالمىغاندا ، ئانچىكىلا ياساپ قويغان قومۇش كەپىلەردە ئولتۇرغىلى بولمايتتى . 11 - ئايمۇ كىرىدۇ ، شامال باشلىنىدۇ . بۇ يەردە كەچ كۈزنىڭ شامىلى بوش چىقمايدۇ ، بىر چىقسا ئۈزۈلمەيدۇ . ئۇنداق ساتما ، كەپىنىڭ ئىچىنى قۇم بىلەن تولدۇرۇۋېتىدۇ . كىشىلەر تام ئۆيلەرنىڭ تېزرەك پۈتۈشىنى غەم بىلەن تەقەززالىنىپ كۈتمەكتە .

— ئۆيلىرىمىزنى بۇزدۇرۇپ قويۇپ تېخىچە ئۆينىڭ تايىنى يوق .

— يازمۇ چىقىپ بولدى .

— قىشنى ساتما ، كەپىدە چىقىرىدىغان ئوخشايمىز ، قانداق قىلارمىز .

ئىككى كىشى بىر يەردە بولسىلا دېيىشىدىغان گەپلىرى مانا شۇ گەپلەردىن نېرىغا بارمايتتى . ھەقىقەتەن كۈزنى قانداق چىقىر-

رىپ ، قىشقا قانداق كىرىش ئابدالدىكى ھەممە كىشىنىڭ بىر دىنبىر چوڭ غېمى بولۇپ قالدى . دېمىسىمۇ پۈتۈن بىر يۇرتنىڭ شۇنچىۋالا ئۆي قورۇلۇشى چارىدىن كەلتۈرۈلگەن بىر تامچىنىڭلا قولىغا قاراپ قالغانىدى .

«بۇلاقكۆللۈك تامچى» ياغاچچىلىقىنىلا ئۆگەنگەن ، تام قوپۇرۇشنى ئانچە - مۇنچىلا كۆرۈۋالغان . پەقەت تامنىڭ تۈت بۇلۇڭىنىڭ كېسەكىنى قانداق قويۇشنى تامچىلاردىن ئاڭلىۋالغان ، ئۇستامىلارنىڭ كۆرسىتىپ تۇرۇشىدا بىر - ئىككى قېتىم قويۇپ باققانىدى ، قول سېلىپ ئىشلەپ باقمىغاچقا ئاڭلىۋالغىنى ئەسقاتمىدى . قويغان كېسەكى يا تېشىغا چىقىپ كېتەتتى ياكى ئىچىگە كىرىپ كېتەتتى . بىر كۈنى ئۇ تولەك بوۋايغا :

— تام قوپۇرۇشنى قاملاشتۇرالمايدىكەنمەن ، ياغاچچىلىقنى قىلسام ، — دەپ ئۆز تەلىپىنى قويدى .

شۇنىڭ بىلەن ئۇ ياشلاردىن ئۈچ - تۆتنى شاگىرتلىققا ياندۇرۇلۇپ ، ياغاچچىلىق ئىشىنىلا ئۇستىگە ئالدى .

جاھانبەگ قالاچ قاناقانىڭ مەسلىھىتى بىلەن قاراقوشۇن ، ئابدالدارنىڭ ھەرقايسىسىدىن ئىككىدىن تۆت ئادەمنى باشلاپ كورلا ۋە خوتەن تەرەپلەرگە بېرىپ ئۇ يەردىكى كىشىلەرنىڭ ئۆيلىرىنى ، ئۆينى قانداق سالىدىغانلىقىنى كۆرۈپ كەلگەنىدى . ئۆيلەرنىڭ يورۇق ، ئازادىلىكى ، تەكچە ، ئويۇق - مەرەپلىرى ، ئىشىك ، دېرىزىلىرى ، پېشايۋان - ئايۋانلىرى ، بەزى ئۆيلەرنىڭ تورۇس - تاملىرىدىكى ئويما ، كۆپتۈرمە نەقىش - گۇللەر ئۇلارنى ھەيران قالدۇرغانىدى .

— بىزنىڭ ياتىدىغان ساتما ئۆيىمىزدىن ئۇلارنىڭ ئات ، ئېشەك سولايدىغان ئېغىل - قوتانلىرى يورۇق ، ياخشى ئىكەن ، — دېيىشتى ئۇلار كېلىۋېتىپ .

قايتىپ كېلىپلا جاھانبەگ قاراقوشۇن ، ئابدال ئاقساقاللىرى ۋە چوڭ ياشلىقلار سۆھبىتى ئېلىپ باردى . كورلا ، خوتەنلەردە كۆرگەن ، بىلگەنلىرى ئۈستىدە جاھانبەگ ئەمەس ، ئۇنىڭ بىلەن

بىللە بارغانلار تەسىراتلىرىنى ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي سۆزلەپ كېتىشتى. ئاتا ـ بوۋىلىرىدىن تارتىپ گەمە، گەمىلىك كەپە، قومۇش ساتما، تىكلىمە ياغاچ ئۆيدىلا ياشاپ كەلگەن بۇ كىشىلەر ئاڭلىغانلىرىغا ئىشىنىشنىمۇ، ئىشەنمەسلىكنىمۇ بىلمەي، ئۇلار-نىڭ ئاغزىغا قاراپلا قېلىشقانىدى. بارغانلاردىن بىرى ئەپسۇسلىنىپ تۇرۇپ:

— بىز نېمىشقا ئۆيىنى شۇنداق سېلىشنى بىلمەيدىغاندى-مىز؟ — دېۋىدى، تولەك بوۋا:

— قالاچ قاناقانىڭ ئېيتىشىچە، ئەجداد بوۋىلىرىمىز مۇشۇ زېمىندا، لوپ كۆلى بويلىرىدا ئۇنىڭدىنمۇ ئېسىل ئوردا ـ ساراي، قەسىرلەرنى سېلىپ ئولتۇرۇپتىكەن، — دېدى. ئابدال ئاقساقىلى سالىباي:

— ئۇ ئوردا ـ سارايلار ھازىر نەدىكەن، نەگە كېتىپتۇ، بىز نېمىشقا بىلمەيمىز؟ — دەپ تولەك بوۋىغا ئاچچىق قىلغاندەك سورىدى.

— ئوبدان سورىدىڭ، — تولەك بوۋا سالى ئاقساقالغا قاراپ تۇرۇپ گەپ باشلاپ، — ئادەملىرى ئاچچىكى ئىشلارنى دەپ بۆلۈ-نۈپ، ئۆزئارا قىرىشىپ ئۇرۇش ـ ماجىرا قىلمۇەرگەندىن كېيىن يۇرتتىن بەرىكەت قېچىپتۇ، «ئىككى قاغا پوق تالاشسا ئوۋچىغا پايدا» دېگەندەك بوپتۇ. ئادەملىرىنىڭ بۆلۈنۈپ كەتكەنلىكىدىن پىراقتىكى قارا نىيەتلەر باستۇرۇپ كېپتۇ. ئادەملەر ئەقلىنى تې-پىپ ئۆيۈشۈپ بولغۇچە، بولىدىغان ئىش بولۇپ بوپتۇ. ياغىلار يۇرتنى بۇلاپتۇ، تالاپتۇ، كېتەر چېغىدا يۇرتقا ئوت قويۇۋېتىپتۇ. يۇرتنىڭ ئادەملىرى يۇرتىمىزنى قايتىدىن قۇرايلى دېمەي، ھەممى-سى جانلىرىنى ئېلىپ تەرەپ ـ تەرەپلەرگە تارقاپ، بارغان يېرىدە كەپە، ساتمىلارنى ياساپ ئولتۇرۇپتۇ، كېيىنكى ئەۋلادلارغا ئۆتكەن-سېرى ئەجدادلىرىنىڭ ياشىغان يۇرتىنى، قانداق ياشىغانلىقىنى ئۇنتۇپلا كېتىپتۇ. سەن ـ بىز مانا شۇ ئەجدادلىرىنى ئۇنتۇپ كەتكەنلەر بولىمىز، — دېدى.

بوۋاينىڭ گېپىدىن كۆنچىققانبەگ سۆيۈنۈپ كەتتى .
ئاقساقاللار ۋە باشقىلار نېمە دېيىشنى بىلمەي يەرگە بېقىپ ئولتۇرۇپ كەتتى .
— توغرا ئېيتتىڭ ، بوۋا ، — دېدى كۆنچىققانبەگ ، — قالاچ قاناقانىڭ ھەسرىتى ھەممىمىزنىڭ ھەسرىتى ، ئارزۇ - ئارمىنى ھەممىمىزنىڭ ئارزۇ - ئارمىنىمىز . بىز قۇرماقچى بولغان يېڭى يۇرتتا كىشىلىرىمىز ئىلگىرىكىدەك قوموش ساتما ، قۇرمال ئۆيلەردە ئولتۇرمايدۇ ، تام ئۆيلەردە ئولتۇرىدۇ . مەن قارىسام ، بىر ئېغىز ئۆيىمىزگە ئىشلەتكەن ياغاچ بىلەن تام ئۆيدىن ئۈچ - تۆتىنى سالغىلى بولىدىكەن ، لېكىن ئۇلارنىڭ بىر ئىشى ماڭا ياقمىدى . ھەممىسىنىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىدا ئەتراپىنى ئېگىز تام بىلەن توسۇۋالغان ھويلىسى بولىدىكەن ، دەرۋازىدىن چىقمىغۇچە تالا - تۈزنى ، ھەتتا قوشنىلىرىنىڭ چىرايى تۈگۈل بېشىدىكى ئۆلپىقىنىمۇ كۆرەلمەيدىكەن . تارىم بويىدا ، تەكلىماكان كەڭلىكىدە ياشاپ كەلگەن ئادەملەر ئۆيىمىزدىن چىقىپلا كەڭ قۇملۇقىمىزنى ، دەريا - كۆللىرىمىزنى ، قوشنىلىرىمىزنى ، جاندارلىرىمىزنى كۆرۈپ تۇرمىساق بولمايدۇ . قانداق دېدىم ، — ئۇ گېپىنى توختىتىپ ئولتۇرغانلارغا قاراپ كۈلدى . سۆھبەتتىكىلەرمۇ بېگىنىڭ گېپىدىن سۆيۈنۈش ھېس قىلىپ بىر - بىرىگە قاراپ كۈلۈپ كېتىشتى .
شۇ قېتىمقى سۆھبەت بولۇپ ئۇزاق ئۆتمەي پۈتۈن ئاقساقاللارنىڭ كېڭىشى چاقىرىلدى . كېڭەشكە ھەربىر مەھەللىدىن چوڭ - كىچىكلىكىگە قاراپ بىردىن ئىككىگىچە يۈز - ئابرۇيلۇق قېرىلاردىنمۇ تەكلىپ قىلىندى . بۇلاقكۆل — قالۇچىلار مەھەللىسىدىن قالاچ قاناقا كەلدى . جاھانبەگ ئالدىنقى سۆھبەتتە دېگەنلىرى ئاساسىدا ئۆز پىكرىنى ، پىلاننى ئوتتۇرىغا قويدى . ھېلىقى تۆت كىشىمۇ كورلا ، خوتەنلەردە كۆرگەنلىرىنى ، تەسىراتىنى ھەم ئويلىغانلىرىنى ئېيتتى . جاھانبەگنىڭ پىكرىنى ، پىلاننى قوللاپ ، قالاچ قاناقا مۇنداق دېدى :
— ئاڭلىدىڭلار ، ئاقساقاللار ، دۇنيادا ياشاۋاتقانلار بىزلا ئە-

مەسكەنمىز . دۇنيانى مۇشۇ قۇملۇق شۇ ، دەپ ئۆتنۇەرمەيلى . يەـ
ـراقتىكىلەرنى دېمەي يېقىن ئەتراپىمىزدىكى قېرىنداشلىرىمىزنىڭ
قانداق ئۆيلەردە ئولتۇرۇپ ، قانداق ياشاۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدىڭلار .
ئەمدى «سەن ئـۇچى ، ئـۇ بۇچى» دېيىشىپ ، ئۆزئارا كەينىمىزنى
قىلىشىپ ، ئورمان ، چاتقاللىقلاردا كىچىك ـ كىچىك توپ ـ پادا
بولۇپ ئوتلىشىدىغان كىيىك ، جەرەنلەردەك ئۆتۈشمەي ، يۇرت ـ
جامائەت بولۇپ ياشايلى ، يۇرت قۇرۇش ئىشىغا مانا بىز تولۇق
قاتنىشىمىز ، — دېدى .
قاناقا ئاقساقاللارغا ئېنىقراق قىلىپ «بىز قالۇچىلار» دېمەكـ
چىدى . ئەمما قەبىلىۋاز ئاقساقاللار ئالدىدا قەبىلىسى نامىنى ئەتەي
ئاغزىغا ئالماي ، ئومۇملۇقنى ئىپادىلەيدىغان «بىز» ئىبارىسىنى
ئىشلەتتى .
قەبىلىۋازلىقى كۈچلۈك ئاقساقاللارنىڭ بىرەرسىمۇ جاھانبەگ
بىلەن قاناقانىڭ تۈپلىشىپ يۇرت بولۇپ ياشاش توغرىسىدىكى تەكـ
لىپىگە قارشى بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمىدى . گەپ قىلغۇسى بار
ئىدى ، ئەمما گەپ قىلالمىدى ، جاھانبەگلا بولغان بولسا ، ھەرنېمە
دەپ باقاتتى . چوڭ ياشلىقلار ، كۆپ يىلدىن بۇيان يۇرت ئاقساقىلى
بولۇپ كېلىۋاتقانلار بەگنى ئانچە مەنسىتمەي كەتمەيتتى . سەنلەپ
تۇرۇپ ئۆز مۇقامىنى يورغىلىتىپ تۇرۇۋېلىشاتتى ، بەگنى ئۆزلىدـ
ـرىگە يول قويۇشقا مەجبۇر قىلاتتى . بۇ قېتىم ئۇنداق بولمىدى .
كىشىلەر ئارىسىدا : «يۇرت بولۇپ ياشىغۇدەكمىزەو...» دېگەندەك
گەپلەر پەيدا بولغاندا ، «ھەممە ئادەم بىر يەرگە تۈپلىشۋالسا ،
بىلىق تۇتۇشنى قانداق قىلىمىز ، يۇرت بولدۇق دەپ بىر يەرگە
يىغىلىۋېلىشقا زادى بولمايدۇ» دەپ يۇرگەنلەرمۇ ئۇ گەپلىرىنى
ئاغزىدىن چىقىرىشقا پېتىنالمىدى . ئۇلار قالاچ قاناقادىن ئەيمىنەتـ
ـتى ھەم ئۇنى كۆپ ياشىغانلىقى ئۈچۈن ھۆرمەت قىلاتتى .
يېڭى يـۇرت قۇرۇش ، يـۇرت ـ جامائەت بولۇپ ئارىلىشىپ
ياشاش ئاقساقاللار كېڭىشىدە ماقۇللاندى . بۇ ئىشنى جاھانبەگ
ئۆزى تۇتىدىغان ، تۇلەك بوۋا بىلەن كۇنچىققانبەگ ياردەملىشىدىغان

بولۇپ بېكىتىلدى .

شۇ قېتىمقى ئاقساقاللار كېڭىشىگە ، يۇرت قۇرۇلۇشىغا تۇ-تۇش قىلىنغىنىغا مانا تۆت ئاي بولۇپ قالدى . ئارىلىقتا بەزىلەر-نىڭ : «ھەربىر قەبىلە ئايرىم مەھەللە بولۇپ ئولتۇرىمىز» دېگىنى-دىن زەردىسى قاينىغان تۇلەك بوۋا ، «قانداق قىلىشساڭ قىلىشى-ۋال» دەپ ئۆزىنى چەتكە ئېلىپ چىقىۋالغانمۇ بولدى . كېيىن كۈنچىققانبەگ ئۇنىڭ قولىقىغا بىرنېمىلەرنى پىچىرلىغاندىن كې-يىن ، بوۋاينىڭ كۆڭلى يورۇپ ئىشلار ئۆز يولىغا چۈشكەندى ، لېكىن تامچىلارنىڭ يوقلۇقىدىن تام قوپۇرۇش ئىشى توختاپلا قال-دى . ئادەملەرنى كۆچۈرۈپ ئورۇنلاشتۇرۇش ئىشىنى 10 ـ ئاينىڭ ئاخىرىغىچە تۈگەتمىگەندە ، قىشلىق ئوزۇق تەييارلىۋېلىشقا ، بولۇپ-مۇ پۈتۈن بىر قىشلىق ئوزۇقلۇق بېلىقنى تۇتۇپ گەدەرمە ياكى تالقان قىلىۋېلىشقا مۇمكىن بولماي قالاتتى . شۇڭا جاھانبەگ تىكەن-لىك ، چارا ۋە كۆنچىلەردىن قانچە تامچى بولسا ھەممىنى ئېلىپ كېلىشكە چاپار ماڭدۇرۇۋېتىپ ، ئۆزى چاقىلىق تەرەپكە كەتتى . ئۇ يەردە خوتەن تەرەپتىن ئۇۋغا كېلىپ تۇرۇپ قالغانلار ئارىسىدا ئۇستا تامچىلار بار ئىكەن ، دەپ ئاڭلىغانىدى . جاھانبەگ ماڭار چېغىدا تۇلەك بوۋا بىلەن كۈنچىققانبەگنى مەھەللە ـ يۇرت قۇرۇ-لۇش ئەھۋالىنى بىر قېتىم تەكشۈرۈپ چىقىشنى ، چاتاق ئىشلار كۆرۈلگەن بولسا قەتئىي تۈزىتىشنى قاتتىق تاپىلىغانىدى .

تۇلەك بوۋا بىلەن كۈنچىققانبەگ قاراقوشۇن ، ئابدال ئاقساقال-لىرى بىلەن ئوماق ، تايۇق ، توختىكۆللەرنى باشلاپ قۇرۇلۇۋاتقان ئۆي ـ مەھەللىلەرنى ئارىلىدى . «ئابدال مەھەللىسى» گە كەلگەن-دە ، يېقىن ئارىلىق تاشلاپ سېلىنغان ، ئۇستىگە لىم ، بادرىلار قويۇلۇپ ئۇستىنى ياپقۇدەك قىلىپ قويۇلغان ئىككى ئائىلىلىك ئۆي كۈنچىققانبەگ بىلەن تۇلەك بوۋىنىڭ دىققىتىنى تارتتى .

— بۇ ئۆيلەرگە نېمىشقا ئۇچتىن لىم قويدۇڭلار ؟ — كۈنچىق-قانبەگ مۇشۇ ئىشقا مەسئۇل كىشىدىن سورىدى .

ئۇ كىشى ئابدال ئاقساقىلىغا بىر قارىۋېتىپ يەرگە قارىۋالدى .

ئۇ گەدىگىنچە بەقەمدەك[1] قىزىرىپ كەتكەندى .

— بۇ ئۆيلەرگە ئۆزۈڭ ، يەنە بىر يېقىنىڭنىڭ ئورۇنلىشىشىنى كۆڭلۈڭگە پۈكۈپ مۇشۇنداق قىلغان ئوخشىمامسەن ؟ !— كۈنچىققانبەگ زەردە بىلەن سورىدى .

بۇ يەردە كىمكى ئۆزىنى ئەل - يۇرتتىن ئۈستۈن ، ئايرىمچە ، ئالاھىدە تۇتماقچى بولىدىكەن ، ئۇ كىشى يۇرت يوسۇنىدىن چىققان دېيىلىپ ، گۇناھلىق سانىلىدۇ . بۇنداق قىلمىش ئېغىر ئېلىنىپ ، ئۇ كىشى يۇرتنىڭ نەزىرىدىن قالىدۇ .

— سالى ئاقساقال شۇنداق قىل دېگەن ، — ھېلىقى كىشى بېشىنى كۆتۈرمەي جاۋاب بەردى .

ئەتراپتا تۇرغانلارنىڭ ھەممىسى ، ھەممىدىن بەك كۈنچىققانبەگ ئېتتىك سالى ئاقساقالغا ھەيران قېلىپ قارىدى . سالى ئاقساقال دەسلەپ قىزاردى ، ئارقىدىنلا تاتىرىپ كەتتى .

— سالى ئاقساقال ، بۇ قانداق ئىش ؟ ! — تولەك بوۋا ئاقساقالنىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە قاراپ تۇرۇپ سورىدى .

— ئۆينى پۇختىراق بولسۇن دەپ ئويلىغانىدىم .

سالى ئاقساقال جاۋاب بېرىۋاتقاندا كۈنچىققانبەگ تىكەنگە دەسسىۋالغاندەك تولغىنىپ كەتتى ، چىرايىمۇ ئاقساقالنىڭكىدىن ئۆتە تاتىرىپ كەتتى .

— گوي - گوي - گوي ، سېنىڭ ئۆيۈڭلا پۇختا بولۇپ ، باشقىلارنىڭ نېمە بولسا مەيلىما ، بۇ قانداق نىيەت ؟ ئۇچ ئۆيگە سېلىنىدىغان ياغاچنى بىر ئۆيگىلا سېلىۋالساڭ ، باشقا ئۆيلەرگە نېمە سالىمىز . قۇرۇق ياغاچلارنى نەدىن تاپىمىز ، ھۆلنى كېسىپ كېلىپلا سالامدۇق . كىمنىڭ قايسى مەھەللە ، قايسى ئۆيدە ئولتۇرىدىغانلىقى كېيىن بەلگىلىنىدىغان ئىشتىغۇ ؟ گوي - گويەي ، — تولەك بوۋا بۇ گەپلەرنى سالى ئاقساقالغا مىختەك تىكىلىپ تۇرۇپ دېدى .

سالى ئاقساقال يېشى سەكسەندىن ئاشقان ، تەمبەل ، بويلۇق ،

---

[1] بەقەم - ئۆزۈن يىللىق كونا يۇلغۇن يىلتىزىنىڭ كۆتىكى ، چاي كۆتىكىمۇ دېيىلىدۇ .

ئۆچكىنىڭكىدەك بىر تۇتاملا ساقاللىق بولۇپ، يىگىرمە نەچچە يىلدىن بۇيان يۇرت ئاقساقىلى بولۇپ كېلىۋاتاتتى. ئۇ ھەرقانچە قەبىلىۋاز بولسىمۇ، مۇشۇ چاغقىچە قەبىلىسى ئىچىدە يۇرت يوسۇنىدىن، ئەل ئىزىدىن چىقىپ باقمىغانىدى. «قېيناتام ئەجەب بىر ئىش قىپتا، قارۇنىنىڭ ئاغزىدىن چۈشۈپ قالغان بىلىقنى يەپ سالغانمۇيا، نىمە قىلغىنىدۇ بۇ، شەيتاننىڭ كەينىگە كىرىپتۇ» كۇنچىققانبەگ ئەپسۇسلىنىپ، ئىچىدە ئۆزىگە شۇنداق دېدى.

سالى ئاقساقال تۇلەك بوۋىنىڭ كېيىنكى سوئالىغا جاۋاب بەرمىدى، جاۋاب بەرمىكىمۇ تەس ئىدى. ئۇ كۆپچىلىك ئالدىدا ئوسال ئەھۋالدا قالدى. ئالدى بىلەن كۇنچىققانبەگكە، ئاندىن تۇلەك بوۋىغا لەپپىدە بىر قارىۋېتىپ، يوغان بەستى بىلەن گۇس - گۇس مېڭىپ كېتىپ قالدى. تۇلەك بوۋا:

— ھەرقانداق ئۆيگە بۇنداق يوغان ياغاچتىن ھەرگىز ئىككىنى سالماڭلار، بىرنىلا قويۇڭلار. ھەممە ئىش يۇرت بېگىنىڭ دېگىنىدەك بولسۇن، — دېدى - دە، ھەمراھلىرى بىلەن ئارىلاشنى داۋاملاشتۇرۇپ كېتىپ قالدى.

«يۇرت قۇرۇشقا قارىغاندا ئادەملەرنى مەھەللە، ئۆيلەرگە ئورۇنلاشتۇرۇشتا باش ئاغرىيدىغان ئوخشايدۇ» دېگەن خىيال كۇنچىققانبەگنىڭ كاللىسىغا كىرىپلىۋالدى. «ئالدى بىلەن ئۆيلەرنى سالايلى، ئۇنى ۋاقتى كەلگەندە كۆرەرمىز» دېدى ئىچىدە، خىيالىنىڭ ئاخىرىنى ئۈزۈپ...

## 9

يارا ئاخىر ئېغىز ئالدى.

ئاقئۇلام چۈشتىن كېيىن قومۇش رەتلەپ ئۆيىگە قايتىشىدا ئاتا - ئانىسىنى يوقلاپ ئۆتمەكچى بولدى. يولغۇن شاخشىلىق ئىشىكتىن ھويلىغا كىرگەندە، ئاتىسى سالى ئاقساقال سۇپىدا تامغا يۆلىنىپ خىيالغا چۆكۈپ ئولتۇراتتى. ئاقئۇلامنىڭ ئاتا - ئانىسىنىڭ ئۆيى يول ئۇستىدە بولسىمۇ، ئۇلارنى يوقلاپ كىرمىگىلى بىر

ھەپتە بولغانىدى . ئىشلىگەن يېرىدە ئاتىسىنى كۆندە كۆرۈپ تۇراتتى ، ئەمما بۇ ھەپتىدە زادى كۆرمىدى . شۇڭا ئۇ ئاتىسىنى بىتاب بولۇپ قالدىمىكىن دەپ كىرگەنىدى . ئۇۋغا كەتتىمىكىن دېسە ، تېخى ئالدىنقى ھەپتىلا ئۇۋغا چىقىپ جەرەندىن ئىككىنى تۇتۇپ كەلگەن ، يازدا قىلىنىۋالغان گەدەرمە بىلىقلار تېخى تۈگىمىدى . شۇڭا ئاتىسىنىڭ كۆرۈنمىگىنىدىن ئۇنى يېتىپ قالغان چېغى ، دەپ ئەنسىرىگەنىدى . ئاقئۇلام شاخشىنى ئېچىپ كىرگەندە ، ئاتىسى لەپپىدە بىر قاراپ قويۇپ ئىپادىسىز ئولتۇرىۋەردى ، «كەلدىڭمۇ» دەپمۇ قويمىدى . تۇرقىدىن ، ئولتۇرۇشىدىن ، چىرايىدىن بىتابلىقنىڭ ئالامىتى كۆرۈنمەيتتى . ئاتىسىنىڭ سوغۇق مۇئامىلىسى ئاقئۇلامنىڭ كۆڭلىگە تەگدى .

— نېمە بولدى ساڭا ، نېمەڭ يوق ، نېمە خىيالغا پېتىپ سوغۇق ئولتۇرۇپ كەتتىڭ ؟ — دېدى ئاقئۇلام ئاچچىق قىلىپ .

سالى ئاقساقال زۇۋان سۈرمىدى .

ئاقئۇلامنىڭ ئۇننى ئاڭلاپ ئۆيدىن ئانىسى چىقتى . ئاقئۇلام ئانىسىدىن بىرقۇر ئەھۋال سوراپ بولۇپ :

— دادامغا نېمە بولدى ، كىرسەم گەپمۇ قىلمايدۇ ، — دەپ ئانىسىدىن سورىدى .

— بىلمىدىم ، بىر ھەپتە بولدى ، يا ئۆيدىن چىقمايدۇ ، تۈزۈك گەپمۇ قىلمايدۇ ، تاماقنىمۇ ئازلا يەيدىغان بولۇپ قالدى . «ئۇھ - ئۇھ» دەپ قويىدۇ . نېمە بولغانلىقىنى سورىسام «گوي - گوي»لا دەيدۇ ، باشقا گەپنى قىلالماس بولۇپ قالغاندەك ، — دېدى ئاقئۇلامنىڭ ئانىسى .

— نېمە بولدى ساڭا ، توقسانىڭ قارىسىنى كۆرۈپمۇ ئانامغا باتتاپ . قورسىقىڭدىكىنى دېسەڭ بولمامدۇ ، تىلىڭ كېكەچلەندىمۇ يا ، — دېدى ئاقئۇلام ئۇننى قاتتىق قىلىپ .

قىزىنىڭ گېپى قاتتىق تەگكەن چېغى ، سالى ئاقساقال ئاقئۇلامنىڭ كۆزىگە قاراپ تۇرۇپ :

— سېنىڭ كۆنچىققىنىڭنىڭ ئىشى بولمامدۇ . ئۆيگە

سەككىز ـ ئون تال ياغاچنى ئارتۇق سالدۇرۇپ قويغىنىمغا دېمىگەنى قالمىدى ، كۆپچىلىكنىڭ ئالدىدا يۈزۈمنى تۆكتى ، — دېدى .
— قايسى ئۆيگە ، كىمنىڭ ئۆيىگە ؟ قانداق ياغاچ ئۇ ؟ ھېچنېمىنى بىلمەيلا قالدىمغۇ ، — دېدى ئاقئۇلامنىڭ ئانىسى .
ئاقئۇلامنىڭ يادىغا كىشىلەر ئاغزىدىكى بەزى گەپلەر كەلدى . ئىشلەۋاتقان يەردە بەزىلەر ئاقئۇلامنى ئاڭلىسۇن دېگەندەك : «سالى ئاقسال ئۆزى ئۇلتۇرماق بولغان ئۆيىنىڭلا غېمىدە قاپتۇ ، ئاشۇ ئىككى ئۆيدىن نېرى بولمايۋاتىدۇ» دېگەن گەپلەرنى ئاڭلىغىنىدا ، ئۇلار ئاتام كەينىدىن جەمە قىلىشىۋاتىدۇ ، دەپ ئانچە كۆڭلىگە ئېلىپ كەتمىگەنىدى . ئەمدى بولسا ، ئۇ گەپلەرنىڭ جەمە بولماي ، ئاتىسىنىڭ قىلغىنىنىڭ راستلىقىنى بىلگەندەك بولدى . لېكىن ، ئاتىسىغا ئېرىنىڭ يۈز ـ خاتىر قىلماي كۆپچىلىك ئالدىدا ئۇسال قىلغىنى ئاقئۇلامغا باشقىچە تۇيۇلدى ، ئېرىنىڭ ئاتىسىغا نېمىلەرنى دېگەنلىكىنى بىلگۈسى كەلدى . ئاقئۇلام ئاتىسىدىن سورىغۇچە ئانىسى سوراپ قالدى :
— كۇنچىققانبەگ نېمىلەرنى دېدى ؟
— ئۇ ئۆزى گەپ قىلماي ، ھەممە گېپىنى تۇلەككە دېگۈزدى . ئاڭلىسام كۇنچىققان شۇ كۇنىلا ياغاچلارنى ئالدۇرۇۋېتىپتۇ . مەن بىلەن نېمىشقا قېرىشىدۇ . ئۇ بەگ بولىدىغان بولسا ، بىز دەكلەر قانداق قىلارمىزكىن ، — دېدى سالى ئاقسال ئېغىر تىنىپ .
ئاقئۇلامنىڭ ئاتىسىغا ئىچى ئاغرىپ قالدى . ئاتىسى ئەمەسمۇ ، ئۇنىڭ ئۇستىگە قېرىپ قالدى . «كۇنچىققان نېمىشقا ئۇنىڭ ئازراق يۈزىنى قىلمىغاندۇ ؟»
ئاتىسىنىڭ كېيىنكى گېپى ، ئېرىنىڭ قۇملۇقتا چاقىرغان مېھماندارچىلىقتا بولۇنغان گەپلەرنى ئېسىگە كەلتۈرۈپ ئاقئۇلامنى ئويلاندۇرۇپ قويدى . كۇنچىققانبەگنىڭ ئۇزاققا قالماي يۇرتقا بەگ بولىدىغانلىقى ئۇنىڭ كۆڭلىنى كۆتۈرگەن بولسىمۇ ، ئاتىسىنىڭ ۋە ئاتىسىغا ئوخشاشلارنىڭ ئاقساقاللىقتىن قالدۇرۇلىدىغانلىقى توغرىسىدىكى گەپلەر ئۇنىڭ كۆڭلىنى غەش قىلىۋاتقاندەك بولدى .

ئاقئۇلام ئۆپكىسىنى بېسىۋالالماي شۇ كۈنى بولۇنغان گەپلەرنى ئانىسىغا سۆزلەپ بەردى .

— ماڭداق دېگىن ، ئۇلارزە ، مەندەك ئاقساقاللارنى ئۆرۈۋېتىش ئۇچۇن ئاكا - ئۇكا بولۇشتىمۇ ؟ بۇنىڭ بېشى تۇلەك ، قالاچمۇ بار تېخى . بوغۇزۇڭ كۆپ[1] . بۇ ئىشلارنى جاھانبەگكە دېدىڭمۇ ؟

— قانداق دەيمەن ، دېمىدىم .

— مەن ئۆزۈم دەيمەن ، ھازىرلا دەيمەن ، — سالى ئاقساقال شۇنداق دېدى - دە ، بىر ھەپتىدىن بۇيان تۇتۇپ باقمىغان شاخشا ئىشكىنى زەردە بىلەن ئېچىپ چىقىپ كەتتى .

ئاقئۇلام ئانىسىغا :

— دېمىسەم بوپتىكەن ، — دېدى .

سالى ئاقساقال دەپ كەلگەن بىر گەپكە جاھانبەگ ئانچە ھەيران قالمىدى . بەگلىكنى ئوغلىغا بالدۇرراق ئۆتكۈزۈپ بېرىش ئۇنىڭ ئارزۇسى ئىدى . ئۇ بۇ ئوي - خىيالىنى قاناقاغىمۇ ئېيتقان . تۇلەك بوۋا ، كۈنچىققانلارنىڭ تۇغقان بولۇشقىنى جاھانبەگكە باشقىچە تۇيۇلمىدى . بەلكى : «تارىملىقلارنىڭ ھەممىسى تۇغقان - قېرىنداشتەك بولۇپ كەتسە تېخىمۇ ياخشى ئىدى» دېگەنلەرنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدى . ئەمما كۈنچىققانبەگنىڭ : «يۇرت قۇرۇلۇشى تۈگەپ ، ئادەملەرنى ئورۇنلاشتۇرۇپ بولغان ھامان بەگلىكنى ئۆتكۈزۈۋالىمەن» دېگىنى جاھانبەگنىڭ كۆڭلىگە تەگدى . «ئۇ شۇنداق نىيەتكە كەلگەنمىدۇ ، ئۇ مۇشۇ ئىش ئۇچۇن ئۇلار بىلەن تۇغقان بولۇشقانمىدۇ ؟ ! بەگلىكنى بالدۇرراق ئۆتكۈزۈپ بېرىش ئويۇمنى ئۇنىڭ ئۆزىگىمۇ ئېيتقاندىمغۇ ، يەنە نېمىشقا بۇ ئىشقا بۇنچە ئالدىراپ كەتكەندۇ ، ئۇنىڭدا باشقىچە بىر ئوي بارمۇ قانداق ؟ » دېگەنلەر جاھانبەگنىڭ كۆڭلىگە كەچتى . ئويلىدى ، ئويلىغانسېرى بۇ ئىشلارنى ئەقلىگە سىغدۇرالمىدى ، زادى ئىشەنگۈسىمۇ كەلمىدى ، لېكىن ئىشەنمەي دېسە ، گەپنى كۆتۈرۈپ كەلگۈچى ئۆزىنىڭ قۇدىسى ، ئوغلىنىڭ قېيناتىسى ، گەپ يەتكۈزگۈچى كېلىنى ، ئوغلى-

[1] بوغۇزۇڭ كۆپ    ئەڭ قاتتىق قارغاش . بوغۇزۇڭ - گېلىڭغا ھوناق چىقسۇن ، دېگەنلىك .

نىڭ خوتۇنى . بۇنداق چوڭ ئىشتا قېيناتا كۈيئوغلىنى قارىلىماس ، خوتۇنى ئېرىگە بوھتان چاپلىماس . ئويلىغانسېرى ئۇنىڭ ئوي - خىيـالى چىگىشلىشىپ ، ئىشىنىپمۇ قېلىۋاتـاتتى . «زادى ئـۇ-نىڭ نىيىتى نېمىدۇ ؟ »

جاھانبەگ ئويلىغانسېرى ئوي - خىيال بېسىپ ، ئۈچ - تۆت كۈننى غەشلىكتە ئۆتكۈزدى . مۇشۇ ئۈچ - تۆت كۈن ئىچىدە ئابدال ، قاراقوشۇنلۇق ئاقساقاللار ۋە قېرىلاردىن بەزىسى بىردىن ، بەزىلىرى ئىككى - ئۈچتىن بولۇپ سەككىز - ئوندەك كىشى جاھانبەگ ئالدىغا ئايىغى ئۈزۈلمەي كىرىپ ، ھېلىقى مېھماندارچى-لىقتا بولۇنغان گەپلەر ئۈستىدە دادخاھلىق قىلىشتى . ئۇلارنىڭ بۇرۇنمۇ ئەمەس ، سالى ئاقساقال كىرىپ چىقىپ كەتكەندىن كې-يىن ، بىرىنىڭ كەينىدىن بىرىنىڭ كىرىشى جاھانبەگنى سەل ئويلاندۇرۇپ ، گۇماننى قوزغاپ قويىدى . «ئۇلارغا بۇ گەپلەرنى كىم تارقاتتى ؟ ئاقئۇلاممۇ ، سالى ئاقساقالمۇ ؟ ئاقئۇلامنىڭ گەپ تارقىتىپ يۈرمىكى مۇمكىن ئەمەس... » . جاھانبەگ ئويلىغانلىرى بىلەن ئالدىغا كىرگەنلەرنىڭ قۇدىسىغا ئوخشاش جاھىل قەبىلىۋاز-لار ئىكەنلىكىنى بىرلەشتۇرۇۋۇندى ، گۇمانى تېخىمۇ كۈچەيدى . كۈشكۈرتۈشنىڭ تېگىگە يەتكەندەك بولدى ، مۇشۇ ئاقساقال ، مۇشۇ قېرىلار گېپىنى بىر قىلىۋېلىپ ھەدېسىلا جاھانبەگنىڭ زىتىغا تېگىپ ، ئۇنى ئوسال ھالغا قوياتتى ، مانا ئەمدى دەل شۇلار ئوغلى ئۈستىدىن ئۇنىڭغا دادخاھلىق قىلىۋاتاتتى . شۇنداق بولسىمۇ ، بۇ ئىشنى ئۆزى ئېنىقلاپ كۆرمەكچى بولدى . كىمدىن ، قانداق ئېنىق-لاش كېرەك ؟ جاھانبەگ بۇ ئىشنى تۇلەك بوۋىدىن سوراپ باقماقچى بولدى . جاھانبەگنىڭ نەزىرىدە تۇلەك بوۋا راستچىل ، سەمىمىي ، قەبىلىۋازلىقى يوق ئادەم...

— كۈنچىققانبەگنى شۇنداق دەپتۇ ، دېدىما ؟

— ھەئە .

— بۇ گەپنى ئۇنىڭغا كىم دەپتۇ ؟ — تۇلەك بوۋا ئۆزىنىڭ سوئالىغا ئۆزى جاۋاب بەردى ، — ئاقئۇلام ئېيتتى ، دېگەندۇ .

— ھەئە .

— گوي ـ گوي ، بەگلىكنى كونچىققانغا ئۆتكوزوپ بەرمەك بولغىنىڭ ، بەزى ئاقساقاللارنى قالدۇرۇۋەتمەك بولغىنىڭ توغرىسىدىكى گەپلەر ، ئۆزۈڭ ئېيتقان گەپلەر . بۇلارنى دەپتۇ ، دېگەن بولسا كارايىتى چاغلىق . ئەمما ھېلىقى گەپنىمۇ ئاقئۇلام ئېيتتى دېگەنگە مەن ھەرگىز ئىشەنمەيمەن . چۈنكى ، بۇ گەپنى قورسىقىدا توقۇپ چىققان بولىدۇ . ئۇ ھەرگىز ئۇنداق قىلمايدۇ . ئاقئۇلام سالى ئاقساقالنىڭ قىزى بولسا ، سېنىڭ كېلىنىڭ . سالى ئاقساقال ئۆي ئاتىسى بولسا ، سەن يۇرت ئاتىسى . ئويلاپ باق ، بەگ ، بۇ گەپ نېمىشقا ھېلىقى ياغاچ مەسىلىسىدىن ئىلگىرى چىقـ-ماي ، شۇنىڭدىن كېيىن چىقىدۇ . ئەجەب بۇ گەپنى ھېلىقىلارلا ئاڭلاپ ، باشقىلار ئاڭلىماپتا ؟

— مەنمۇ مۇشۇ تەرەپلىرىنى ئويلاپ گۇمانلىنىپ قالدىم ، — دېدى جاھانبەگ .

— بۇ ئىشنى ئېنىقلاش نىيىتىگە كەلگەن بولساڭ ، ئۆزۈڭ ئىشەنگۈدەك ئېنىقلا .

— كىمدىن ، قانداق ئېنىقلايمەن ؟

— گوي ـ گوي ، كېلىنىڭدىن ھازىرلا سورا . پەقەت شۇ بىر گەپنىلا سورا .

دېمىسىمۇ گۇمان تۇۋۇقىنى ئېچىپ قازاندىكىنى ئاشكارا قىلىـ-دىغان بىردىنبىر كىشى كېلىنى ئىدى . جاھانبەگ ئوغلىنىڭ ھېلىـ-قىدەك گەپنى قىلمايدىغانلىقىغا ئىشەنسىمۇ ، ئاقئۇلامنىڭ ئاتىسىـ-نىڭ يۈزىنى دەپ تىل چايناپ يۇرۇشىدىن ئەندىشىمۇ قىلدى . قانداقلا بولمىسۇن تۈگۈننى يېشىشنىڭ ئۇنىڭدىن باشقا يولى يوق ئىدى . جاھانبەگ سىرتقا چىقىپ ئاقئۇلامنى چاقىرتىپ كېلىشكە ئادەم ماڭدۇردى .

— مەن ئۆيگە كىرىپ تۇراي ، سەن ھويلىدا گېپىڭنى سوراـ-ۋەر ، — دېدى تولەك بوۋا .

جاھانبەگ شاخشىدىن قاراپ ئاقئۇلامنىڭ كېلىۋاتقىنىنى كۆر-

دى . تۆلەك بوۋا ئۆيگە كىرىپ كەتتى .

— مېنى چاقىرىپسىز ، بىر ئىش بارمىدى ، ئاتا ، — ئاقئۆلام شاخشا ئىشىكتىن كىرىپ جاھانبەگكە ئېگىلىپ سالام قىلىپ بولۇپ سورىدى .

— كەل ، ئۆلام ، ئولتۇر ، سەندىن سورايدىغان بىر گەپ بار ، — جاھانبەگ گەپ قىلغاچ سۇپىنىڭ بىر تەرىپىگە كېلىپ ئولتۇردى . ئاقئۆلام سۇپىنىڭ يەنە بىر چەت لېۋىدە ئولتۇردى .

— ئۆتكەندە كۇنچىققان قۇملۇقتا چاقىرغان مېھماندارچىلىقتا «يۇرت قۇرۇلۇشى تۈگىگەن ھامان بەگلىكنى ئۆتكۈزۈۋالىمەن» دېگەن گەپ بولۇندىما ؟ — جاھانبەگ گەپنى ئۇدۇللا قىلىپ ، مەسىلىنىڭ ئۆزىنىلا سورىدى .

— نېمە ؟ نېمە دېدىڭىز ؟ ! شۇنداق گەپ بولۇنۇپتۇما ، ئۇنى كىم دەپتۇ ، ئەجەب مەن ئاڭلىماپتىمىنا . ياق ، ياق ! بۇنى بىر كىم توقۇپ چىقىپتۇ ، — ئاقئۆلام قېيناتىسىنىڭ سوئالىدىن شۇنچىلىك ھەيران قالدىكى ، دەمال جاھانبەگنىڭ ئاغزىغا قاراپ قالدى ، تېڭىرقىدى ، يۈرىكى ئېغىپ ، سىلىپ كەتتى . شۇڭا سوئال سورىغۇچىنىڭ ئۆزىنىڭ قېيناتىسى ، يۇرتنىڭ بېگى ئىكەنلىكىنىمۇ ئۇنتۇپ ، جاۋاب ئارىلاش بىرنەچچە سوئال سورىۋەتتى .

— قىزىم ، راست گەپ قىل ، ئۇنداق گەپ بولۇنمىغانما ؟

ئاقئۆلام ئېسىنى يىغىۋالدى ، لېكىن يەنىلا يۈرىكى ئېغىشتىن توختىماي ، تېز - تېز تىناتتى . ئۇ يالغان - ياۋىداق گەپ توقۇغۇچىنى غايىبانىسىگە : «بوغۇزۇڭ كۆپ» دەپ ئىچىدە قارغىدىيۇ ، ھەرقانچە ئويلاپمۇ ئۇ ئادەمنىڭ كىملىكىنى بىلەلمىدى . شۇ قېتىمقى مېھماندارچىلىقتا بولۇنغان گەپلەرنى ئاتىسىدىن باشقا ھېچكىمگە ئېيتمىغانىدى ، ئويلاپ - ئويلاپ ئاتىسىدىن گۇمانلىنىپ قالدى . ئاشۇ بىرنەچچە تال ياغاچ سەۋەبىدىن يۈزى چۈشكەن ئاتىسىنىڭ قورساق كۆپۈكىدە ئۆز كۈيئوغلى كەينىدىن ئۇنداق گەپ ئويدۇرۇپ چىقىشنى خىيالىغا كەلتۈرمىگەنىدى ، شۇڭا ئۇنى زادى ئەقلىگە سىغدۇرالمىدى .

— ئۇنداق گەپ بولۇنمىدى ، ماڭا ئىشەنمىسىڭىزمۇ ، كۈنچىق-
قانغا ، تۈلەك بوۋىغا ئىشىنەرسىز . تۈلەك بوۋىدىن سوراپ بېقىڭ ،
— دېدى ئاقئۇلام ، كۆزىگە لىققىدە ياش ئېلىپ .

— ساڭا ئىشىنىمەن قىزىم ، ئىشىنىمەن ، ماڭ ، ئىشىڭغا
بار ، — دېدى جاھانبەگ .

ئاقئۇلام ھويلىدىن كۆزى ياش چىقىپ كەتتى . ئۆيدىن تۈلەك
بوۋا چىقتى .

— قانداق ، كىمنىڭ توقۇپ چىققانلىقىغا ئەمدى ئىشەنگەن-
سەن ، — دېدى بوۋاي سۇپىدا ئولتۇرۇۋېتىپ .

— بۇمۇ بىر ھېسابتا ياخشى بولدى . «بەتنىيەتنىڭ يولى تار »
دېگەندەك ، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ يولىنى ئۆزلىرى تارايتىپلا قالماي ،
بەلكى توستى . بىر تەرەپتىن يۇرتنىمۇ قۇرۇپ ، يەنە بىر تەرەپتىن
ئۇنداقلارنى بىر يانغا چىقىرىپ قويۇپ تۇرساق بولغۇدەك . قالاچ
قاناقا توغرا دەپتىكەن ، — دېدى جاھانبەگ ۋە يەنە گېپىنى تولۇق-
لاپ مۇنداق دېدى ، — بۇ ئىشتا سەن ماڭا باش مەسلىھەتچى
بولمىساڭ بولمايدۇ ، بوۋا .

# بەشىنچى باب

# چوڭ ئۇيۇشۇش

*«ئۇيۇشقاق ئۇزار ،*
*ئۇۋۇلغان تۇزار» .*
*«يۇرت قوغدىساڭ ئۆسەرسەن ،*
*قوغدىمىساڭ ئۆچەرسەن» .*

— ئۇيغۇر خەلق ماقالىسى .

## 1

جاھانبەگ تەرەپ ـ تەرەپكە چېپىپ يۈرۈپ تامچى ، ياغاچچىلار ـ نى كۆپەيتكەندىن كېيىن ، مەھەللە ـ يۇرت قۇرۇلۇشى بۆلەكچە جانلىنىپ كەتتى . قالاچ قاناقانىڭ تاپىلىشى بىلەن تايۇق كورلىدىن مەدىل ئاسقال ئارقىلىق ئېلىپ كەلگەن بەش تامچى بىلەن ئىككى ياغاچچىنىڭ رولى چوڭ بولدى . جاھانبەگ كورلىدىن كەلگەن ئۇس ـ تاملارنىڭ كۆرستىشى بىلەن ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن بىرنى ئىش بېشى قىلىپ بەلگىلىدى . ئىش بېشى ئەرلەرنىڭ ئەللىك ياشتىن ، ئاياللارنىڭ قىرىق ياشتىن تۆۋەنلىرىنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇپ ، ئۇنىڭدىن چوڭلارنى قېرىغا چىقىرىۋېتىۋىدى ، دەسلەپ ئۇلار غو ـ دۇڭشىدىيۇ ، ئەمما ئىككى ـ ئۈچ كۈنگىچە جىم تۇرۇشتى . تۆتىن ـ چى كۈنىدىن باشلاپ جاھانبەگكە نارازىلىق بىلدۈرگۈچىلەر كۆپەيـ ـ گىلى تۇردى .

— بىز ئاتمىش ، يەتمىش ياشلىقلار قىرىمىغەنمىز ؟
— بىز ئىش قىلالمامدىكەنمىز ؟
— ئۇستام بىز خوتۇنلارنى نېمە كۆرۈۋاتىدۇ ؟
— ئۆزىمىز ئولتۇرىدىغان ئۆيگە ئىشلىمەي قاراپ تۇرىمىزمۇ ؟
— ...

جاھانبەگ ئۇلارغا نېمە دېيىشنى بىلەلمەي قالدى . بۇ قۇملۇق ئادەملىرىدىن يەتمىش ، سەكسەن ياشقا كىرگەنلەر قېرى ھېسابلانمايدۇ . توقسان ياش ھەتتا يۈز ياشقا كىرىپمۇ كېمە تاياپ ، بېلىق تۇتىدىغان ، خېلى يەرگىچە پىيادە بېرىپ ئوۋ ئوۋلايدىغانلار جىق .

جاھانبەگ ئىش بېشى ئۇستامغا :

— ئۇستام ، سىز قېرىغا چىقىرىۋەتكەن كىشىلەر : «بىز ئىشلىگەنلەرنىڭ قولىغا قاراپ تۇرامدۇق ، بىزمۇ ئىشلەيمىز» دەپ بېشىمنى ئاغرىتىۋاتىدۇ . كۆچىنىڭ يېتىشىچە ئىشلىمىسۇنمۇ ، — دېۋىدى ، ئىش بېشى :

— قېرى جېنىغا ئىچى ئاغرىمىسا ، مەيلى ئۆزلىرى خالىغان ئىشنى تېپىپ قىلسۇن ، — دېدى ۋە كېتىۋېتىپ ، — ئايىغانىنى بىلمەيدىغان نېمىلەركىنە ، — دەپ غودۇڭشىدى .

جاھانبەگ ئىچىدە : «بۇ ئادەملەرنى بىلمەيدىكەن ، بۇ ئۇستام» دېدى ـ دە ، بېشىنى ئىرغىتىپ كۈلۈپ قويدى .

شۇنىڭدىن باشلاپ ئىش مەيدانلىرى يەنە باشقىچە قىزىپ كەتتى . ئۇستاملارنىڭ ئۈنىگە ـ بۇنىڭغا ئىش بۇيرۇپ ئۈنلۈك ـ ئۈنلۈك گەپ قىلغان ئاۋازلىرى ، كىشىلەرنىڭ بىر ـ بىرىگە : «ئۇنداق قىل ، بۇنداق قىل ، ئۇنى قوي ، بۇنى ئەكەل ، ئۇيان تارت ، بۇيان···» دەپ گەپ قىلىشلىرى ، قېرىلارنىڭ بالىلارغا ئىش بۇيرۇشلىرى ، بالىلارنىڭ قىقاس ـ چۇقان ، كۈلكە ـ چاقچاقلىرى ھەم بولارغا ياغاچچىلارنىڭ تاق ـ تۇق ، تاك ـ تاكلىرى ، غارت ـ غۇرتلىرى قوشۇلۇپ ، بۇ قۇملۇق دالىنى ھەقىقەتەن ھاياتىي كۈچكە تولغان ئىش قاينىمىغا ئايلاندۇرۇۋەتكەنىدى . قىز ـ چوكان ، يىگىتلەرنىڭ زىل ، بوم ئاۋازلىق قوشاقلىرىنىڭ كىشى-

لەرنىڭ روھىنى كۆتۈرۈپ، غەيرىتىنى ئاشۇرۇشلىرىچۇ تېخى.
لاينى ئېتىپ، كېسەك قويۇشنى يېڭى باشلىغاندا، بۇ كىشى-
لەرنىڭ بەزىلىرى:
— ئۆينى مۇشۇنداق لايدا ياسايدىكەنمىزمۇ، لايدا قانداق ئۆي
بولىدۇ؟ — دېسە، بەزىلىرى:
— لاينى تۆت بۇرجەك قىلىپ ياسىغىنىمىز قانداق ئىش؟ —
دېسە، يەنە بەزىلەر:
— كېسەكنى تىزىپ قويغانغا تۇرامدۇ، ئاراشلىرىدىن شامال،
قۇم كىرىپ، ئىچىدە قانداق ياتقىلى بولىدۇ؟ — دېيىشىپ ئەجەب-
لەنگەنىدى.
ئۆينىڭ ئۇلى قوپۇرۇلۇپ، تام ئادەم بويى بولغاندا، بەزىلەر:
— تام ئۆي مۇشۇنداق بولىدىكەن - دە، كېسەكنىڭ ئارىسى-
غىمۇ لاي قويىدىكەن، — دېسە، بەزىلەر:
— كۆچسەك قانداق قىلىدىكەن - دە؟ — دېيىشىپ، غەممۇ
قىلىشقانىدى.
ئۆيلەرنىڭ ئۈستى يېپىلىپ، تاملىرى سۇۋىلىپ، ئىشىك -
دېرىزىلىرى قويۇلغاندىن كېيىن، ئۇلار ئىچىگە كىرىپ قاراپ
بېقىشىپ، تېخىمۇ ھەيران قېلىشتى، تام ئۆينى كارامەت
ئىكەن دەپ، بىر - بىرىگە تەرىپلەپ كېتىشتى. شۇنىڭ بىلەن
ئۇلار ئەمدى مەھەللە - يۇرت قۇرۇلۇشىنىڭ تېزرەك پۈتۈشىنى،
ئۆيلەرگە بالدۇرراق كۆچۈپ چىقىشنى تەقەززالىق بىلەن كۈتمەكتە
ئىدى. شۇڭا قېرى - ياش، ئەر - ئايال ھەممىسى شۇنچە قىزغىن،
شۇنچە غەيرەتلىك بولۇپ كېتىشكەنىدى.
تام ئۆيلەر، يېڭى مەھەللىلەر توغرىسىدا توقۇلغان قوشاقلارمۇ
يىراق - يىراقلارغا تارقىلىپ، كىشىلەرنىڭ كۆڭلىدىن ئورۇن
ئېلىپمۇ ئۈلگۈردى. يېڭى ئۆي، يېڭى مەھەللىلەرنىڭ تەرىپى كى-
شىلەرنىڭ زوقىنى قوزغىدى، مەيلىنى تارتتى. تەرەپ - تەرەپتىن
كۆچۈپ كېلىۋاتقانلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيتتى. ئۇلار يوك - تاقلى-
رىنى، ئۇلاغ - قارىلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپلا، جاھانبەگ

بىلەن ئىش بېشىنىڭ ئىشقا بۇيرۇشىغا قارىمايلا ئىش قايىنىمىغا كىرىپ، قىلالايدىغانلىكى ئىش بولسا، ئۆزىنى ئۇرۇپ قىلماقتا.

بۇ قايناقچىلىقتا «ئۇچى ـ بۇچى» دېيىشىدىغان يۇرتۋازلىق، قەبىلىۋازلىقنىڭ پۇرىقىمۇ يوق ئىدى. ئۆي قۇرۇلۇشىنىڭ قىزغىنچىلىقىدا، ئۇ كىشىلەرنىڭ ئېسىدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتكەنىدى.

كىملەرنى قايسى ئىشقا قويۇش، قايسى ئىشنى بۇرۇن، قايسىنى كېيىن قىلىش، قانداق قىلىش قاتارلىق ئىشلاردا پۈتۈنلەي ئۇستىلارنىڭ دېگىنى بويىچە ئېلىپ بېرىلدى. جاھانبەگ ئۇلارنىڭ ئىشلىرىغا ئارىلىشىۋالمىدى. ئارىلىشاي دېسىمۇ، قايسى ئىشقا قانداق ئارىلىشىشنى، يول كۆرسىتىشنى بىلمىگەچكە، ئۇستىلارنىڭ دېگىنىگە ماقۇل دەپ، قىلغىنىغا قاراپ تۇردى. كېيىنچە ئاستا ـ ئاستا ھەرقايسى ئىش تۈرلىرىنىڭ پەمىنى ئىگىلىۋېلىپ، تولەك بوۋا بىلەن بىللە ئۇستىلارغا ئارىلاپ: «ئۇنى ئۇنداق قىلساق، بۇنى بۇنداق قىلساق قانداق بولار» دەپ مەسلىھەت، تەكلىپلىرىنى بېرىپ تۇرىدىغان بولدى. ئۇستىلارمۇ ئۇنىڭ بەگلىكىدىن كۆرە ئەقىل ـ پاراسىتىگە، يۇرت ئىشىغا ئۆزىنى ئېتىپ تۇرۇشىغا قايىل بولۇپ، ئۇنىڭغا ھۆرمىتى ئاشتى. ئۇنىڭ بەزى تەكلىپ ـ مەسلىھەتلىرىمۇ ئورۇنلۇق ئىدى. چۈنكى ئۇمۇ قەشقەردەك چوڭ يۇرتنى، ئۇ يەردىكى ئۆيلەرنى كۆرگەنىدى.

تامچى ئۇستىلارنىڭ بۇ يەردىكىلەرنى ھەيران قالدۇرۇپ قىزىقتۇرغان بىر ئىشى، ئۇلارنىڭ تۆۋەندىن ئېتىپ بەرگەن كېسەكنى تام ئۈستىدە تۇرۇپ «شىپ ـ شىپ» تۇتۇپ، تارتىلغان يىپ بويلاپ جايى ـ جايىغا قويۇشلىرى ئىدى. ئۇستىلار ئۆزى قاۋۇل، بىلىكى توم ياشلاردىن ئونغا يېقىنىنى تاللاپ، ئۇلارغا بىر كۈن مەخسۇس كېسەك ئېتىش، كېسەك تۇتۇشنى ئۆگەتتى. كېسەك ئېتىش قارىماققا ئاساندەك تۇيۇلسىمۇ، ئەمەلىيەتتە پەم ـ ماھارەت تەلەپ قىلىدۇ. ئارىلىقنى توغرا مۆلچەرلەپ ئاتمىغاندا، ئاتقان كېسەك يا يەتمەي قالىدۇ، ياكى تامچىنىڭ بېشىدىن ئېشىپ كېتىدۇ. كېسەكنى قولدىن سىيرىپ چىقىرىپ ئاتمىغاندا، پىرقىرىۋې-

لىپ تۇتۇشقا ئەپسىز بولىدۇ . دەسلەپكى ئىككى - ئۈچ كۈندە خېلى ئاۋارىچىلىك ، ھەتتا پۇت ، باشلىرىغا كېسەك چۈشۈپ كېتىدىغان ئىشلارمۇ بولدى . ئۆگىنىۋالغاندىن كېيىن ، كېسەك ئېتىش كۈچ تەلەپ قىلىسىمۇ ، كۆڭۈللۈك ئىشلىقىنى ھېس قىلىشتى .

بىر كۈنى ئوماق بىلەن تايۇق جاھانبەگكە :

— بىزمۇ تامچىلىقنى ئۆگىنىۋالساق دەيمىز ، — دېگەن تەلەپنى قويدى .

تەلەپ ئورۇنلۇق ئىدى . كورلىدىن كەلگەن تامچىلارغۇ كېتىدۇ ، چاقىلىق ، تىكەنلىك ، چارىلاردىن كەلگەن تامچىلارمۇ ھامان كېتىپ قالىدۇ ، ئۆز ئىچىدىن تامچى بولمىسا بولمايدۇ . جاھانبەگ بۇ ئىشنى بالدۇرراق ئويلىمىغىنىغا ئەپسۇسلاندى . ئوماق بىلەن تايۇقنى بىر ئۇستامغا شاگىرتلىققا بەرمەكچى بولغىنىنى ئېيتقاندا ، تامچى ئۇستام :

— مۇشۇ يېشىدا تامچىلىقنى قاچان ئۆگىنىپ بولار ، — دەپ ئۇلارغا ئىشەنچسىز قاراشتا بولدى .

ئويلىمىغان يەردىن ئۇلار ئىككى ھەپتىگە قالمايلا تام قوپۇرۇش ماھارىتىنى ئىگىلەپ ، ئۆينىڭ ئۇلىغا قوزۇق قېقىپ تانا تارتىشتىن تارتىپ ، تام قوپۇرۇشنى مۇستەقىل قىلالايدىغان بولدى . ئۇلار شاگىرتلىققا كىرىشتىن ئىلگىرىلا تامچىلىققا مۇناسىۋەتلىك ئىشلارغا دىققەت قىلىپ يۈرۈپ كۆزىنى پىشۇرۇۋالغانىدى . ئىش بېشى ئۇستام ئۇ ئىككىسىنىڭ ئىشىدىن قوسۇر تاپالماي ، «دۇكان ئايرىپ» بېرىپ ، ئۇلارنىمۇ «ئۇستام»لار قاتارىدا سانايدىغان بولدى . شۇنىڭدىن كېيىن ئوماقنىڭ «قوشۇق» دېگەن نامىغا ، تايۇقنىڭ «پولگان» دېگەن نامىغا «ئۇستام» دېگەن نام قوشۇلۇپ ، «ئوماق ئۇستام» ، «تايۇق ئۇستام» دەپ ئاتىلىدىغان بولدى . بۇنداق ئاتىغاندا ئاتىغۇچىلارمۇ ، ئاتالغۇچىمۇ تەڭلا مىيىقىدا زوق بىلەن كۈلۈپ قويۇشاتتى .

سەكسەن ئائىلىلىك ئۆي تولۇق پۈتتى ، كىشىلەر كىرىپ ئولتۇرسىلا بولىدىغان بولدى ، ئوتتۇز ئائىلىلىك ئۆينىڭ ئۈستى

يېپىلىپ سۈۋۇقىلا قالدى ، قالغان ئون ئۆي يېپىلىپ سۈۋالسىلا ئىش تۈگەيتتى .
كىشىلەر پۈتكەن ئۆيلەرگە كىرىپ كۆرۈپ ، ئۆزلىرىنىڭ مۇشۇنداق ئۆيدە ئولتۇرىدىغىنىغا دەسلەپ ئىشەنمەي قېلىشتى . ئۆيلەرنىڭ ئىشىك ، دېرىزە ، تۈڭلۈكلىرى ، تەكچە ، مەرەپ ، قىرىملىرى ، تام سۈۋۇقىنىڭ چۈشىن قونسا تېيىلىپ كەتكۈدەك دەرىجىدە سىلىقلىقى ئۇلارنى ھەم ھەيران قالدۇردى ، ھەم زوقىنى ئاشۇرۇپ قەۋەت خۇش قىلىۋەتتى .
مەھەللە - يۇرت ئورنى ئوبدان تاللانغانىدى . كونا ئابدالدىن ئانچە يىراقتا ئەمەس ، يەر ئورنى ئېگىز ، بىرقەدەر تۈز ، ئارقا تەرىپىدە ئاتىما كۆلى بولۇپ ، كۆلنىڭ نېرىقى قاسنىقى كەڭ ، بۈك توغراقلىق . شامال تۆۋەن تەرەپتىن كېلىدىغان بولغاچقا ، توغراقلىق بىلەن كۆل يۇرتنى بوران ، قۇمدىن قوغداپ تۇرىدىغان تەبىئىي توساق . بىر يۈز يىگىرمە ئائىلە ئوتتۇزدىن تۆت مەھەللىگە ، ئوتتۇز ئائىلىلىك ئۆي ئون بەشتىن ئىككى قۇر سېلىنىپ ، ئۆيلەرنىڭ ئالدى - ئارقىسىنىڭ ئارىلىقى يۈز قەدەم ، يان ئارىلىقى بىر يۈز ئەللىك قەدەم بولۇپ ، ئائىلىلەرنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئېھتىياج ، ئىمكانىيىتى بويىچە ئۆيىنىڭ ئارقىسى ، ئىككى يېنىغا ھەر خىل ئۆي - ساتما سېلىۋېلىشىغا مۇۋاپىقلاشتۇرۇلغان . ئۈچ ئېغىز ئۆينىڭ بەزىسىگە مەرەپ ، بەزىسىگە ئويۇق - تەكچە چىقىرىلسا ، بەزىسىگە قىرىم چىقىرىلغانىدى . ئۆيلەرگە قاراپ ھەيران قېلىشقان كىشىلەر بىر - بىرىدىن :
— ھەممىمىز مۇشۇنداق ئۆيدە ئولتۇرىدىكەنمىزما ؟ — دەپ سورىشاتتى . بەزىلەر ئويۇق ، مەرەپنى كۆرسىتىپ :
— بۇ نېمىسىدۇ ؟ نېمە قويىدىغان يەردۇ ؟ — دەپ سورايتتى . يەنە بەزىلەر ئوچۇق تۇرغان روجەك ، تۈڭلۈكنى كۆرسىتىپ :
— شامالدا قۇم كىرىپ كەتسە قانداق قىلارمىز ؟ — دەپ ئەندىشىسىنى بىلدۈرەتتى .
جاھانبەگ روجەكلەرنى ئېتىشنىڭ غېمىنى قىلىپ ، خوتەنگە

ئادەم ماڭدۇرۇپ قەغەز ئەكەلدۇرۇپ تەق قىلىپ قويغانىدى .
سىلىنىپ بولغان ، سىلىنىۋاتقان ئۆيلەر بۇ يەردىكىلەر ئىلگە-ىرى كۆرۈپ باقمىغان ، ئاڭلىمىغان يېڭىلىق بولغاچقا ، بۇ يېڭىلىق-لارنىڭ تەرىپى قۇم دۆڭلىرى ئارىلىرىدا ، توغراقلىق ، دەريا ، كۆل ، شاخاپچىلار بويلىرىدا بىر جەمەت ھەتتا بىر ئائىلە «بىر مەھەللە» بولۇپ ، «دۇنيا مۇشۇ» دەپ ياشاپ كېلىۋاتقانلارغا شامال-دەك تارىلىپ ، ئۇلارنىڭمۇ كۆرۈپ بېقىش ئىستىكىنى ئاشۇردى ، كېلىدىغانلار كۆپىيىشكە باشلىدى . كۆرۈپ بېقىشقا كەلگەنلەرنىڭ كەتكۈسى كەلمىدى ، قايتىپ بىرپىلا كەتمەسكە كۆچۈپ كېلىشتى . كۆچۈپ كەلگەنلەرنىڭ ئالدىغا بىر ئاي ، كەينىگە بىر - ئىككى كۈن بولدى ، ئۇلار يەنە كېلىۋاتاتتى .
— ھازىر كۆچۈپ كەلگەنلەر ئاتمىش ئۆيلۈكتىن ئاشىدۇ . ئۇلار ساتمىدا ، گەمىلەردە ، بەزىلىرى تېخى توغىراق دالدى-سىدىلا يېتىپ - قوپۇۋاتىدۇ . قالغان قىرىق ئۆينىڭ پۈتۈشىنى ساقلىماي ، پۈتكەن ئۆيلەرگە ئورۇنلاشتۇرساقمىكىن ، — دېدى تولەك بوۋا ، جاھانبەگكە تەكلىپ بېرىپ .
— ئورۇنلاشتۇرساق مۇشۇ قېتىمدىلا مۇقىملىشۇەتسەك بولى-دۇ . تۆت مەھەللىگە قانداق ئورۇنلاشتۇرساق بولار ؟
— بۇ ، بەگنىڭ ئۆزىنىڭ ئىشى ، قاراقوشۇن ، ئابدال ئاقسا-قاللىرى بىلەن كېڭىشىپ باقمامسەن .
— شۇلار بىلەمدۇ ؟ ئۇلار باش ئاغرىتىدىغان ئادەملەر .
— گوي - گوي ، ئۇ يېرىنى بىلگەندىكىن ، ئۆزۈڭ بىلىپ بىر ياقلىق قىلمامسەن .
— كۆڭلۈمگە پۈككىنىم بار . كېڭەش قىلايلى ، — دېدى جاھانبەگ .
مۇشۇ سۆھبەت بولۇپ ئۈچ كۈندىن كېيىن ، قاراقوشۇن ، ئابدال ئاقساقاللىرىنى ئاساس قىلغان ھالدا ئون كىشىلىك كېڭەش ئۆتكۈزۈلدى . كېڭەشكە قاراقوشۇن ، ئابدالدىن تولەك بوۋا قاتارلىق تۆت قېرى ، قالۇچىلاردىن قاناقاغا ۋاكالىتەن تايۇق ، كۆچۈپ كەل-

گەنلەرگە ۋەكىل بولۇپ ئۇماق ، بۇلاردىن باشقا يەنە كۆنچىققانبەگ قاتناشتى .

— كىشىلەرنى ئارىلاش ئولتۇرغۇزساق ، ئاقساقاللار كىملەر-نىڭ ئاقساقىلى بولىدۇ ، جېدەل - ماجىرا چىقسا ئۇنى كىم سورايدۇ . ھەممىنى سەن ئۆزۈڭ سوراپ بولالامسەن ؟ — دېدى قاراقوشۇن ئاقساقىلى جاھانبەگكە قاراپ .

— مەنمۇ شۇنى دېمەكچىدىم ، قارىقويۇق ئارىلاشتۇرۇپ ئورۇنلاشتۇرساق جېدەل - ماجىرادىن قۇتۇلالمايمىز . تىنچ ياشايمىز دېسەك ، بىر مەھەللىگە بىر قەبىلە كىشىلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ ، مەھەللىلەرنى ئورۇنلاشقان قەبىلىنىڭ نامى بىلەن ئاتىغىنىمىز ياخشى ، — ئابدال ئاقساقىلى سالىباي ئولتۇرغانلارغا ئاداۋەت قىلغاندەك باشقا ياققا قاراپ تۇرۇپ دېدى .

— قېنى ئېيتە ، ئاقساقال ، جېدەل - ماجىرانى كىم قىلىدۇ ؟ — تۇلەك بوۋا سالى ئاقساقالغا ئۇدۇل قاراپ گېپىنى داۋاملاشتۇرۇپ دېدى ، — تىلىمىز بىر ، ئىچىدىغان سۇيىمىز ، ئاتا - بوۋىمىزدىن تارتىپ ياشاپ كېلىۋاتقان تۇپراق - زېمىنىمىز بىر تۇرۇپ ، نېمىنى تالىشىپ ، نېمىگە جېدەللىشىمىز ، نېمىشقا بىر دىل بولالمايمىز ! ؟

— مەن ئۆتكەنكى بىر قېتىملىق ئاقساقاللار كېڭىشىدە گېپىمنى دەپ بولغان . يەنە بىر دەي : مەن ھېچقانداق قەبىلە ئەمەس ، مەن تارىملىق ، لوپلۇق ، مېنى قايسى مەھەللىگە ئورۇنلاشتۇرسا ، لوپلۇقۇم ئارىسىدا ئولتۇردۇم ، دەپلا قارايمەن ، — دېدى كۆنچىققانبەگ .

تايۇق گەپ باشلىدى :

— قالاچ قاناقا ئۇزاقتىن بۇيان بىزگە : «قەبىلەم دەپ يۈرمەڭلار ، ھەرگىز بىر يەردە ئولتۇرمىز دېمەڭلار ، باشقىلار بىلەن ئارىلىشىپ ئولتۇرۇپ ، ئۇلار بىلەن تۇغقاندەك ئۆتۈڭلار» دەپ كېلىۋاتىدۇ . شۇڭا بىزنى تۆت مەھەللىگە قانداق ئورۇنلاشتۇرساڭلار قوشۇلىمىز ، ئولتۇرىۋېرىمىز .

قاراقوشۇنلۇق چوڭ ياشلىق بىر بوۋاي ئېغىز ئېچىپ :

— ئارىلاش ئۇلتۇرغانغا جېدەل چىقماس . ھەممىمىز يەيدىغىنىمىزنى دەريا ، كۆللەردىن ، ئوۋدىن تاپىمىز ، ھېچكىم ھېچكىمنىڭكىنى ئېلىۋالمايدۇ . قېنى ئۇلتۇرۇپ باقمايمىزمۇ . ھازىرمۇ قاراقوشۇنلۇقلار بىلەن ئابداللار يېقىن ئولتۇرۇۋاتىمىزغۇ . جېدەل چىققاندا بىر گەپ بولمامدۇ ؟ — دېدى .

— گوي ـ گوي ، يېشىڭغا يارىشا ئەجەب جايىدا ، ئوبدان گەپ قىلدىڭ . ھەممىمىزنىڭ يەيدىغىنى سۇ بىلەن جاڭگالدا . ھازىرغىچە ئۇنى كىم تالىشىپتۇ . ئارىلىشىپ ئولتۇرساق ئۆملۈكىمىز ئاشىدۇ دەپ قارايمەن ، — دېدى تۇلەك بوۋا يەنە .

— مەنمۇ ئارىلىشىپ ئولتۇرساق دەيمەن ، — دېدى ئوماق .

قالغان ئۈچ قېرىمۇ : «قېنى ئارىلىشىپ ئولتۇرۇپ باقايلى» دېيىشتى .

— ئارىلىشىپ ئولتۇرۇشقا سالى ئاقساقال بىلەن قاراقوشۇن ئاقساقىلىدىن باشقىلىرىمىز قوشۇلىدىكەنمىز . بۇ ئىش شۇنداق بولىدىغان بولدى . يەنە بىر ئىش ، — دېدى جاھانبەگ ئولتۇرغانلارغا قاراپ ، — تۆت مەھەللىنى تۆت قەبىلىنىڭ نامىدا ئاتىساق قانداق دەيسىلەر ؟

ئولتۇرغانلار ، بولۇپمۇ تۆت قېرى بىلەن سالى ئاقساقال ، قاراقوشۇن ئاقساقىلى جاھانبەگنىڭ تەكلىپىدىن ئەجەبلىنىش ھېس قىلىپ بىر ـ بىرىگە قاراشتى . تايۇق بىلەن ئوماق بەگنىڭ نېمىنى نەزەردە تۇتۇۋاتقىنىنى بىلەلمىدى . يەنىلا تۆت قەبىلىنىڭ نامىنى مەھەللە نامى قىلماقچى بولغىنىنى تېخىمۇ چۈشىنەلمىدى . ئۇلار ئەجەبلىنىپ بىر ـ بىرىگە ، ئاندىن : «بەگ نېمە دەۋاتىدۇ» دېگەندەك تۇلەك بوۋىغا قارىدى . جاھانبەگنىڭ تەكلىپىنىڭ نېمىلىكى تۇلەك بوۋىغا يېڭى ئەمەس ئىدى . ئىككى ئاينىڭ ئالدىدا تۇلەك بوۋا مەھەللە ـ ئۆي قۇرۇلۇشىغا مەسئۇل بولۇشنى ئۈستىگە ئېلىشقا ئۇنىمىغاندا ، كۈنچىققانبەگ ئۇنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلىغان گەپ مۇشۇ ئىدى . بۇ ئىشتا جاھانبەگ يىراق مەھەللە ـ يۇرتلاردى-

كى ئاقساقال ۋە باشقىلارنىڭ رايىنى نەزەرگە ئېلىپ مادار اچىلىقنى ئويلىغانىدى . بۇنىڭغا كۆپچىلىك قوشۇلدى ۋە شۇ يەردىلا ھەربىر مەھەللىگە نام بېرىلدى .

كېيىنكى يىلى ... باشقىلىرى خۇشال تارقاشتى . پەقەت ئىككى ئاقساقال ، بولۇپمۇ سالى ئاقساقال خاپا بولۇپلا قالماي ، چىرايىدىكى تاتىراڭغۇلۇق ئۇنىڭ ئىنتايىن ئارامسىزلىنىپ جىددىيچىلىككە چۈشۈپ قالغىنىدىنى ئىپادىلەپ تۇراتتى . ئۇ ئۆيىدە بىرئاز تۇرۇۋېلىپ ، باشقىلار ئۆي - ئۆيلىرىگە تاراپ كەتكەندىن كېيىن ، ئۆيىدىن چىقىپ تالىشقۇلنى ئىزدەپ كەتتى .

## 2

«قۇيرۇقنى كۆتۈرگەن كالا تېزەكلىمەي قالمايدۇ» . يېڭى يۇرت ، يېڭى مەھەللىدە ئۆزىنىڭ قايتا ئاقساقال سايلىنالىشىغا كۆزى يەتمىگەن سالىباي ئوتتۇرىغا يېڭى كوزىر چىقارماقچى بولدى . ئۇ ئىلگىرى تارقاتقان : «كۇنچىققانبەگ ئاتىسىدىن بەگلىكنى تارتىۋېلىش ئۈچۈن ئەتراپىغا ئادەم توپلاۋېتىپتۇ» دەپ تارقاتقان پىتنە ، ئۆسەك گەپكە كۇنلەرنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ كىشىلەر ئېرەنسىمەيدىغان بولۇپ قالدى . بەلكى بۇ گەپلەرنىڭ قايسى شۇم ئېغىزدىن چىققانلىقىنى بىلگەندىن كېيىن ، پىتنە - جەمەچىگە : «بوغۇزۇڭ كۆپ» ، «ئۆيۈڭ چۆل قال» دەپ ئەڭ يامان ئاقىۋەت تىلەپ قارغاشتى ، تېخى : «ئاتىسىدىن بالىسى كەڭ قورساق ، يۇرتۋازلىق قىلمايدۇ» دېيىشىپ ، كۇنچىققانبەگنىڭ ياخشى گېپىنى قىلىشتى . يۇرتداش ، قەبىلداشلىرىنىڭ ئۇنى ياقلىماق يوق ، قارغاشلىرى سالى ئاقساقالنىڭ جېنىغا تېگىپ ، مىجەزىنى تېخىمۇ قوداڭشىتىۋەتتى . ئۇ دەسلەپ ئۆزىگە ھەمدەملىككە قاراقوشۇن ئاقساقىلىنى تارتماقچى بولدى ، ئەمما ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىشقا كۆڭلى تارتمىدى . ئۇ جاھىل قەبىلىۋاز ھەممىدىن بەك ئابداللارغا ئۆچ ،

سالى ئاقساقالغا تېخىمۇ ئۆچ . بۇلارنىڭ سەۋەبچىسى يەنە شۇ سالى ئاقساقال ئىدى . بۇرۇن ئۇ ئابداللارنى : «بىزنىڭ يېزىمىزغا يېقىن كېلىۋالدى» دەپ قارايدىغانلاردىن بولسىمۇ ، يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇ گەپ ئۆزگۈپ كەتكەن پالاستەك ئۆز تۈسىنى يوقىتىپ ، كېيىنچە ئېغىزغا ئېلىنمايدىغان بولۇپ قالدى .

ئىككى قەبىلىنىڭ ئاقساقاللىرى ئۆزئارا بىر - بىرىگە يەر تېگىدىن قارىشىپ يۈرسىمۇ ، پۇقرا - قاراچىلار ئۇچرىشىپ قالغاندا ئەھۋاللىشاتتى ، ھاللىشاتتى ، ھەتتا ئۆتنە - يېرىم قىلىشىپ يېقىن ئۆتەتتى . باللار بولسا قۇملاردا پومداقلىشىپ ، بىرگە سۇغا چۆمۈلۈپ ئوينىشاتتى . شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە ، قاراقوشۇنلۇق بىرنەچچە ئوۋچى بەش جەرەننى ئاتلىرىغا غانجۇغىلاپ كېلىۋاتقاندا ، ئوۋدىن قۇرۇق قول قايتىپ كېلىۋاتقان سالى ئاقساقال قاتارلىق تۆت ئابدال ئوۋچىلىرى بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالدى .

— جەرەننى نەدە ئوۋلىدىڭلار ؟ — سالى ئاقساقال قاراقوشۇنلۇق ئوۋچىلاردىن سورىدى .

قاراقوشۇنلۇق ئوۋچىلاردىن بىرى ئوۋنى نەدە قىلغانلىقىنى دېدى .

— بىز ئوۋلايدىغان ماللارنى ئۈركۈتۈپ قاچۇرۇۋېتىپ ، شۇڭىزە ، بىزگە ھېچنېمە قالماپتىكەن - دە ، — دېدى سالى ئاقساقال .

سالى ئاقساقالنىڭ گېپىگە قاراقوشۇنلۇق ئوۋچىلار ھەيران قالدى . چۈنكى جەرەنلەرنى ئوۋلىغان جاي ئۇلار بۇرۇندىنلا ئوۋ قىلىپ كېلىۋاتقان يەر ئىدى . ئۇنىڭ ئۈستىگە ، ئۇلار بۇ قېتىم ئوقيالا ئېلىپ چىققانىدى . ئوقيانىڭ ئۇنى بولمىسا ، يىراقتىكى ئىلۋەسۇنلار قانداق ئۈركۈيدۇ .

— سالى ئاقساقال ، نېمى يوق گەپ[1] قىلماي ، تۈزۈك گەپ قىلمامسەن . بىز سېنىڭ قايسى مېلىڭنى نېمىمىز بىلەن قانداق

---

[1] نېمى يوق گەپ — قۇرۇق گەپ ، يوقۇشمايدىغان گەپ .

ئۆركۆتۆپتۆق، سىلەر نەدە ئوۋ قىلغانتىڭلار؟ — دېدى بابا گەپ قىلغان قاراقوشۇنلۇق ئوۋچى.

ئۇنىڭ گېپى سالى ئاقساقالغا خۇددى مۇزغا دەرەڭگە ئاتقاندەك قوپال، قاتتىق تەگدى.

— بىزنىڭ نەدە ئوۋ قىلىشىمىز بىلەن سىنىڭ نىمە چاتىقىڭ. بۇ دېگەن ئابدال بەگلىكىنىڭ تەۋەسى. نەدە ئوۋ قىلغۇمىز كەلسە شۇ يەردە ئوۋ قىلىمىز، جاڭگالدىكى ئىلۋەسۇنلارمۇ بىزگە تەۋە، — دېدى سالى ئاقساقال.

قاراقوشۇنلۇق ئوۋچىلار بۇ يولسىز ئاقساقال بىلەن گەپ تەگىشىپ يۈرگەندىن يولىمىزغا ماڭايلى، دەپ ئويلىشىپ، ئاتلىرىنى دېۋىتىپ مېڭىۋىدى، سالى ئاقساقال:

— توختاڭلار، ھېلى قىلغان گېپىمنى ئۇقمىدىڭلارما. ئاۋۇ جەرەندىن ئىككىنى تاشلاپ قويۇپ، بوپتۇ، ئۈچنى ئېلىپ كېتىڭلار، — دېدى.

قاراقوشۇنلۇق ئوۋچىلارنىڭ غۇززىدە ئاچچىقى كەلدى، چىرايى ئۆڭدى — ئاچچىقى كۆزىگە، يۈزىگە تېپىپ چىققاندى. قاراقوشۇنلۇق گەپ قىلغان ئوۋچى سالى ئاقساقالنىڭ: «بۇ دېگەن ئابدال بەگلىكىنىڭ تەۋەسى... جاڭگالدىكى ئىلۋەسۇنلارمۇ بىزگە تەۋە» دېگىنىنى ئويلىدى ـ دە، تاكاللىشىۋەرسە ماجىرا چىقىدىغانلىقىنى بىلدى. ئېتىنىڭ ئىككى تەرىپىگە غانجۇغىلىۋالغان ئىككى قالجاقنى[1] ئات ئۈستىدە تۈرۈپلا يېشىپ يەرگە تاشلىۋەتتى ـ دە، ھەمراھلىرىغا ماڭايلى دەپ ئىشارە قىلىپ يۈرۈپ كەتتى...

—... سالى ئاقساقال بەك ئوسال ئىش قىپتۇ. لوپ دالىسى ئابدالنىڭلا ئەمەس، پۈتۈن لوپلۇقنىڭ. جاڭگالدىكى ماڭارلىق ھايۋانلارمۇ بىرەر قەبىلىنىڭ ئەمەس. بۇ گېپىمۇ بولماپتۇ. قەبىلىلەر بۇنداق قارىشىپ يۈرسەك كىمگە پايدا. بۇ ئىشلار ئوختاسى[2] كەلگەندە ھەل بولىدۇ. سالى ئاقساقال ئورنىدا سىلەرگە مەن

---

1 قالجاق — جەرەننىڭ چىشىسى.
2 ئوختاسى — بىر ئىشنىڭ ھەل بولۇش ۋاقتى ـ سائىتى، پەيتى.

ناماقۇل بولاي. ئىككى قالجاقنىڭ ئورنىغا مەن ئىككى قوي بېرەي، — دېدى جاھانبەگ، قاراقوشۇن ئاقساقىلى ئەھۋالنى دەپ كەلگەندە.

— مەن ئىككى قالجاقنى تۆلۆچلەپ[1] بېرىڭلار، دەپ كەلمىدىم، سالىغا دەپ قوي، بەگ، ئۆزىنى غالىس[2] ساناپ، ئابدال ئاقساقاللىقىنى كۆركۆتمە قىلىپ بىزنىڭ ئادەملەرنى بوزەك قىلمىسۇن، — قاراقوشۇن ئاقساقىلى شۇنداق دەپلا ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىپ قالدى.

كېيىن پەيتىنى تېپىپ جاھانبەگ سالى ئاقساقالغا قاتتىق تەگكۈزۈپ گەپ قىلىپ قويدى. شۇنىڭدىن كېيىن قاراقوشۇن ئاقساقىلى بىلەن سالى ئاقساقالنىڭ تېخىمۇ بىر قازاندا ئۇمىچى پىشمايدىغان بولۇپ قالدى. سالى ئاقساقال ئىلاجسىز يەنە تالىشقۇلنى ئىزدەپ باردى.

— گەپلىرىمىز بىكارغا كەتتى، بەلكى قارغىش بولۇپ ئۆزىمىزگە ياندى. ئەمدى نېمە دەيمىز؟ — دېدى تالىشقۇل سالى ئاقساقالنىڭ گېپىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن.

— قۇلىقىڭنى يېقىن ئەكەل، شەيتان ئاڭلاپ قالمىسۇن، — دېدى سالى ئاقساقال، ئۆيدە ئىككىسىدىن باشقا ئادەم بولمىسىمۇ ئۆزىچە گۇمانسىراپ.

تالىشقۇل سوزۇلۇپ ئۇنىڭغا يېقىنلىدى.

— قانداق، بۇ گەپ بولىدىغاندۇ؟ — دېدى سالى ئاقساقال تالىشقۇلنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلاپ بولۇپ.

تالىشقۇل كۈلۈپ كېتىپ:

— بۇنى قانداق ئويلاپ تاپتىڭ ئاقساقال، مېنىڭ بىرنەچچە يەل تاپان يېقىنلىرىم بار، ئۇلارغا دەپلا قويىدىغان بولسام، لوپ دالىسىدا شامالدەك ئۇچۇپ يۈرۈپ ھەممە يەرگە تارقىتىۋېتىدۇ، — دېدى.

---

1 تۆلۆچ — تۆلەم، تۆلەش؛ قەرز.
2 غالىس — يۇقىرى، ئۈستۈن، قالتىس.

تالشقۇلنىڭ پىتنە تارقىتىشقا بۇنچە قىزغىنلىق بىلدۈرۈپ كېتىشىدە سەۋەب بار . ئۆتكەنكى قوشاق ئېيتىشىشتا ئۇماقنىڭ شۇنچە كۆپ ئادەم ئالدىدا ئۇنى ئىككىنچىلەپ قوشاققا ئېغىز ئاچماس قىلىپ رەسۋا قىلىۋەتكىنى بەك ئەلەم بولغانىدى . ئۇنىڭدىن ئۆچىنى ئېلىشنىڭ ھېچ ئېپىنى تاپالماي يۈرگەنىدى . سالى ئاقساقالنىڭ ئويدۇرۇپ چىققان گېپى ئۇنىڭ كۆڭلىدىكىنى تاپقاندەك بولغانىدى . «مۇشۇ گەپ بىلەنلا ئۇلارنىڭ يېڭى يۇرت قۇرۇش ، چوڭ كۆچۈرۈش ، ئۇيۇشۇش دېگەنلىرى سۇغا چىلىشار . ناۋادا ، سۈرۈشتە قىلىپ قالغۇدەك بولسا ، سالى ئاقساقال شۇنداق دېگەن ، دەپ قۇتۇلامدىمەن » دېگەنلەرنى كۆڭلىگە پۈكۈپ قويىدى ئۇ .

پىتنىچى ئاز بولسىمۇ ، «ئۇرۇق كالىنىڭ پوقى يوغان » دېگەندەك ، تارقاتقان ئىغۋاسىنىڭ تارقىلىشى تېز ، تەسىرى چوڭ بولدى . «بۇرۇن قەبىلىۋازلىق ، يۇرت ـ جەمەتۋازلىق قىلغانلارغا يېڭى يۇرتتا ئۆي بېرىلمەيدىكەن ، شۇنداقلاردىن كۆچۈپ بارغانلىرى بولسا ، كەلگەن جايىغا كەتكۈزۈۋېتىدىكەن » دېگەن گەپ بوراندا ئۇچقان قامغاق پوزمىنىدەك ھەممە يەردە يامراپ يۈردى . قار يومزىكى دومىلىغانسېرى يوغىنىغاندەك ، بۇ ئىغۋالارمۇ سەمرىپ ، چىغ كۆتىچىكىدەك شاخلاپ ، چوڭلا بىر نەرسە بولدى . بەزىلەر پىتنە ـ پاساتنى ئاڭلاپ ئۆز سايىسىدىن ئۈركۈپ ، گۇمانلىنىپ يوق بولۇپ كېتىشتى ، بەزىلىرى يېنىدىن قوشۇپ ، كىشىلەرنى ساراسىمىگە چۈشۈرۈپ قويىدى . يېڭى يۇرتقا كۆچۈپ بېرىشقا تەرەددۇتلىنىۋاتقانلار توختاپ قېلىشتى . كۆچۈپ كېلىۋاتقانلار ئارا يولدىنلا ئارقىسىغا قايتىشتى . يېڭى يۇرتقا كۆچۈپ كېلىۋاتقانلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلدى . كۆچۈپ كەلگەنلەردىن ئون نەچچە ئۆيلۈكى «ئۆزىنى سوراپ » بىر كېچىدىلا غىپپىدە كېتىشتى ، كەتمىگەنلىرىنىڭمۇ كۆڭلى جايىدا ئەمەس . كېتەيلى دېسە كۆڭلىنىڭ بىر يېرى يېڭى ، مۆجىزىدەك ئاجايىپ چىرايلىق ئۆيدە ، كەتمەي تۇرۇپ باقايلى دېسە ، گەپلەر ھېلىقىدەك...

تۆلەك بوۋىدەك زىرەك كىشىلەر بۇ پىتنە ـ پاساتنىڭ قايسى

شۇم ئېغىزدىن چىقىپ، كىملەر تەرىپىدىن تارقىتىلىۋاتقىنىنى بىلىپ بولدى. «يالغانىنىڭ ئايىغى قىرىق»، ئۇلار ئىغۋاچىنى بىلىپ بولغۇچە، ئۇلارمۇ بارىدىغان يېرىگە بېرىپ، چاچىدىغىنىنى چېچىپ بولدى.

— ئۆيلەرگە ئورۇنلاشتۇرۇشنى تېزلىتەيلى، — دېدى تۇلەك بوۋا جاھانبەگكە.

— ئالدى بىلەن يىراقتىن كەلگەنلەرنى ئورۇنلاشتۇرايلى، — تايۇق شۇنداق دەپ بولۇپ يەنە مۇنۇ گەپنى قوشۇپ قويدى، — بولاقكۆلدىن كەلگەنلەرنى كېيىنرەك ئورۇنلاشتۇرساقمۇ بولىدۇ.

— بىزدەك يۇرت قۇرۇش ئىشىغا ئارىلىشىپ يۈرگەنلەرنى كېيىنگە قالدۇرۇپ، ئالدى بىلەن قاراپچىلارنى ئورۇنلاشتۇرايلى، — دېدى ئۇماق.

جاھانبەگ يېڭى ئەھۋال ئالدىدا نېمە قىلىشنى بىلمەي گاڭگىراپ قېلىپ، بىرنەچچەيلەننى چاقىرىپ مەسلىھەت سورىغاندى. پىكىر قىلغۇچىلارنىڭ گەپلىرى ئەنە شۇنداق بىرلا مەزمۇندا بولۇپ، يىراقتىن كەلگەنلەرنى، تۆۋەن قاتلامدىكى پۇقرالارنى، كۆڭلىنى تىندۇرالماي دېلىغۇل بولۇپ يۈرگەنلەرنى ئالدىن، تېز ئورۇنلاشتۇرۇش، مۇشۇ يول بىلەن ئىغۋاچىلارنىڭ ئاغزىنى تۇۋاقلاشتىن ئىبارەت بولدى.

ئوقۇشماسلىق، تەكرارلىق بولۇپ قالماسلىق ئۈچۈن، بىر مەھەللىگە ئورۇنلاشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، يەنە بىر مەھەللىگە قەبىلە كىشىلىرىنىڭ ئاز - كۆپلۈكىگە قاراپ تەڭشەپ ئورۇنلاشتۇرۇلىدىغان بولۇپ، سۆھبەتتىن چىقىپلا تۈتۈش قىلىندى.

كىشىلەر ئۆزىنى تىڭشاپ خاراموشلانغاندەك بولۇپ قالغان دالا بىردىنلا جانلىنىپ كەتتى. كىشىلەرنىڭ چىرايىدا خۇشاللىق جىلۋىسى. بالىلاردىن چوڭلارغىچە شۇنچە تېتىكلەشكەن. چوڭلارنىڭ ئىش بۇيرۇشلىرى، بالىلارنىڭ چۇقۇلداشلىرى ئەتراپنى قاپلىغاندى. بىردىنلا كىشىلەرنىڭ خۇشاللىقىنى، جۇشقۇنلۇقىنى تېخىمۇ جانلاندۇرۇپ، كەيپىياتنى ئۇرغىتىدىغان زىل، جاراڭلىق ئاۋازدا

ئېيتىلغان قوشاق ھەممە كىشىنى ئۆزىگە تارتتى . سادانىڭ ياڭراق-لىقىدىنلا قوشاقنى كىمنىڭ ئېيتقانلىقىنى كىشىلەر بىلىپ بولدى . بۇ ئۇجۇلخاننىڭ ئاۋازى ئىدى :

تالىشقۇلنۇ سالىباي ،
بىر قويغا ساتىۋاپتۇ .
جەمە گەپ توشۇغالى ،
ئارۋاغا[1] قاتىۋاپتۇ .
جەمە گەپنى ئاغىرى[2] ،
تارتالماي ياتىۋاپتۇ .

ئامالى يوق سالىباي ،
يانداپ قوشۇپ ئۆزۈنۈ .
يۇرتتۇن يۇرتقا يەتكۈچە ،
يەرگە تۆكۈپ يۇزۇنۇ .
كىم ئاڭلايدۇ يۇزۇ يوق ،
جەمەچىنى سۆزۈنۈ .

لوپ دالىسىدا ھەممىدىن تېز ، ھەممىدىن كەڭ تارقايدىغىنى قوشاق . بولۇپمۇ يۇرتۋازلىق ، قەبىلىۋازلىقتىكى جاھىل ، ئەسەبىي-لىكى بىلەن داڭقى پۇر كەتكەن سالى ئاقسالدەك ، تىلى ئاچچىق ، سېسىق قوشاقلىرى بىلەن نام تاپقان تالىشقۇلدەك ئادەملەر توغرى-سىدىكى قوشاقلارنىڭ شامالدا تارقالغان پۇراقتەك بارمايدىغان يې-رى يوق . مانا ، ئۇجۇلخاننىڭ قوشىقى ئاغزىدىن چىقىپ بولۇشىغا شامالىلارنىڭ غۇر - غۇرىدا ، گۇرۇلدەشلىرىدە شۇ قوشاق ، ئاقئۇ-لامخان ، سۇقسۇر[3] ، غاز ، ئۆردەكتەك سۇ قۇشلىرىنىڭ غاق -

---

① ئارۋا — ھارۋا .
② ئاغىر — ئېغىر .
③ ئاقئۇلام ، سۇقسۇر — سۇ قۇشلىرى .

غاقلىرىدىمۇ ، قاغىلارنىڭ قاقىلداشلىرىدىمۇ ، سەھەر قۇشى تورغاي-
لارنىڭ چۇ - چۇلىرىدىمۇ ھەتتا سېسىق پۇراق قارۇنانىڭ جىر -
چارلىرىدىمۇ شۇ قوشاق...

سالى ئاقساقال بىلەن تالىشقۇل ئۆز ئۆيلىرىدە روجەك ، تۇڭ-
لۇكتىن ، تۆشۈك - يېرىقلاردىن كىرىۋاتقان قوشاقتىن قۇلىقى
گاراڭ ، كاللىسى ساراڭ بولۇپ ، چېكىسىنى تۇتۇپ ئولتۇرۇشات-
تى . «قاشقا سانىساڭ كۆزگە ، كىشىگە سانىساڭ ئۆزگە» دېگەن
دەل مۇشۇ .

— قۇداڭنىڭ ، كۈيئوغلۇڭنىڭ ، قىزىڭنىڭ يۈزىنى ئايىماي
جەمە تارقاتقاندىكىن خوپ بولدى ، ئۆزۈڭگە ئاز ، — دەپ تەئەددى
قىلاتتى سالى ئاقساقالنىڭ خوتۇنى .

— ئاقساقاللىقىدىن ئايرىپ بېرىدىغاندەك قىپ كەتتى . ئەمدى
كىشىلەرگە قايسى يۈزىمىز بىلەن قارايمىز ، — دەپ دادلايتتى
تالىشقۇلنىڭ خوتۇنى .

ئۇجۇلخاننىڭ قوشاقلىرىنى تولۇقلاپ ئۇندا كۆنچى ، چارا ،
چوڭكۆل ، كۇزلەكتىن ، بۇندا مىرەن ، ئارغاندىن قوشاقلار ئەتىياز-
دىكى غاز توپىدەك ئايىغى ئۈزۈلمەي قاتار - قاتار ، توپ - توپى
بىلەن ئۇچۇپ كېلىشكە باشلىدى . شۇ قوشاقلارنىڭ بىرىدە مۇنداق
دېيىلگەن :

سارغايپتۇ كۈز بولۇپ ،
سۇ بويۇنۇ[1] قىياقى .
چوڭ كەپ قاپتۇ سالىغا ،
ئاقساقاللىق تۇماقى .
سىياقىڭنى ياپالماس ،
قاش ، كۆزۈڭنۇ[2] بوياقى .

---

1. بويۇنۇ — بويىنىڭ (لوپنور دىئالېكتىدا) .
2. كۆزۈڭنۇ — كۆزۈڭنىڭ (لوپنور دىئالېكتىدا) .

تالىشقۇلەي ، تالىشقۇل ،
سالى باينى ياقىنى .
سۆرەيمەن دەپ سۇندۇرۇپ ،
ئارۋاسىنى چاقىنى .
ئەمدى نەدىن تاپۇرسەن ،
جەمە ئارۋا ساقىنى .

سالى ئاقساقال بىلەن تالىشقۇلغا كىرىپ كېتەي دېسە يەر قاتتىق ، چىقىپ كېتەي دېسە ئاسمان يىراق ، سۇغا كىرىۋالاي دېسە تۇنجۇقۇش . ئۇلار ئابدالدىن كېتىشنىمۇ ئويلاشتى ، ئەمما نەگە كېتىدۇ ؟ ماڭسا ـ ماڭسا لوپ دالىسىدىن چىقىپ كېتەلمەيدۇ ، چىقىپ كېتىشنىمۇ بىلمەيدۇ . ئۇلارنىڭ بىلىدىغىنى ، ئۇلارنىڭ دۇنياسى مۇشۇ قۇملۇق دالا ، تارىم ۋادىسى ، باشقا يەرنى تەسەۋۋۇرمۇ قىلالمايدۇ .

ئۇلارنى ئۆيىنىڭ تۆت تېمىمۇ ، تورۇسىمۇ چاقماقتا ، ئولتۇرغان يېرىدىن مىڭلاپ بىگىز ئۆرلەپ چىقىپ ئۇ جېنىدىن بۇ جېنىغا ئۆتكۈچە سانجىلماقتا . شۇ تاپتا ئۇلارغا ئۆزىنى قويارغا يەر قالمىغاندەك ئىدى . ئۇلار ئۆز گۆشىنى يېگۈدەك بولۇپ تۇرغاندا ، ئۆيلىرىنىڭ تۈڭلۈكىگە بىردىن تورغاي كېلىپ قونۇپ ، چۇ ـ چۇلاپ ۋىچىرلىغىلى تۇردى . تورغايلار نىمە دەپ ۋىچىرلىدى دېمەمسىلەر :

ۋىچىر ـ ۋىچ سالى بايەي ،
ۋىچىر ـ ۋىچ تالىشقۇلەي .
يېگەنىڭنى بىلەمسەن ،
دېگەنىڭنى بىلەمسەن .
ئۆيۈڭ چۆل قال[1] ، ئۆيۈڭ چۆل ،

---

[1] «ئۆيۈڭ چۆل قال» ـ لوپلۇقلارنىڭ ئەڭ قاتتىق قارغاشلىرىنىڭ بىرى .

چۆل ئۆيۈگدۈن چىقماي ئۆل .
ۋىچىر - ۋىچىر - ۋىچ ،
سېسىق لەشنىڭ جايى كۆل .

«ئۆلمەكنىڭ ئۇستىگە تەپمەك» قىلغان تورغايغا قەھرى تۇتقان سالىباي پۇتىدىكى كەشنى ئاتتى . ئۇنىڭغىچە تورغاي ئۇچۇپ كەتكەنىدى ، كەشى تۇگۈلۈكتىن چىقىپ كېتىپ ، قايتىپ ئۆگزىگە گۇپپىدە چۈشتى .

— كەشىمنى ئېپ چۈشۈپ بەرگىنە ، — دېدى سالىباي خوتۇنىغا .

— كەش كىمنىڭ بولسا ، كىم ئاتقان بولسا ، شۇ ئۆزى ئېپ چۈشسۇن ، — سالى ئاقساقالنىڭ خوتۇنى شۇنداق دەپلا ئۆيدىن چىقىپ كەتتى .

— مېنى سەنمۇ چاقىقلى تۇردۇڭمۇ ، — سالى ئاقساقال خوتۇنىنىڭ ئارقىسىدىن غۇدۇراپ قالدى .

## 3

ئاسماندا ئەگىپ يۈرگەن پارچە - پارچە بۇلۇتلار پايانسىز كۆك سەتھىگە سىڭىپ كەتكەندەك ياكى شامال بىر ياقلارغا سۈرۈپ ئېلىپ كەتكەندەك كۆزدىن غايىب بولدى . ئاسمان كۆلنىڭ زۇمرەت سۈيىدەك تىنىق ، سۈزۈك . قۇياش شۇ قەدەر پارلاق ، چاقناق ، ئۇنىڭ نۇرلىرى يېڭى يۇرتقا ، ئۇنىڭ كەڭ دالا - تۈزىگە ، قۇملۇقلىرىغا سېخىيلىق بىلەن تۆكۈلۈپ ، يۇرتنىڭ كۈز ھاۋاسىنى ئۆتكەن ھەرقانداق يىللاردىكىدىن ئىللىقلاشتۇرۇۋەتتى .

— بۇ يىل كۈز ئوبدان كەلدى .

— ئۇيۇشۇش ياراشتى .

— ئۇيۇشۇشنىڭ ياراشقانلىقىدا گەپ يوق ، ئەممازە…

— ھە ، نېمە ئەممازە ؟

— مۇشۇ… مەھەللىلەرگە قويغان نامنى دەيمەنا ، كۆڭلۈم تازا

تارتمايۋاتىدۇ .
— قاراقوشۇنلۇق تۇرۇپ «قالۇچى» مەھەللىسىدە ئولتۇرۇپ
قالغىنىڭغا شۇنداق دەۋاتامسەن .
— گوي - گوي ، نەدىكى گەپنى قىلىسەنكەن ، ئارىلىشىپ
ئولتۇرۇپ تۇغقاندەك ئۆتۈۋاتىمىز . شۇڭا ئاشۇ نامنى قوللانمىساق
بولمامدۇ ، دېمەكچىمەن .
— بەللى ، سەنمۇ مەندەك ئويلاۋېتىپسەن . ئاغا[1] - بەگلىرد-
مىز نېمىنى ئويلايدىكىنتاڭ ، ئۆزلىرى قەبىلچىلىك قىلىشمايلى
دەيدۇيۇ ، لېكىن ئۆزلىرى مەھەللىلەرگە قەبىلە نامىنى قويۇ-
ۋالىدۇ .
— ...
بولۇنۇۋاتقان گەپنىڭ ئۈستىگە كۈنچىققانبەگ بىلەن تۆلەك
بوۋا ، تايۇق ، ئوماقلار كېلىپ قالدى . بۇلار جاھانبەگنىڭ چاقىر-
تىشى بىلەن مۇھىم بىر ئىشنى مەسلىھەتلەشكىلى ئۇنىڭ ئالدىغا
كېتىۋاتقانىدى .
— ھە ، ئوبۇشقىلار[2] ، ئاغا - بەگلەر سىلەردەك ئويلى-
مايتۇ - ھە ؟ — دېدى كۈنچىققانبەگ ئۇلارغا قاراپ ئىللىق ،
سۆيۈنۈش بىلەن كۈلۈمسىرەپ .
— ئەمدى... دەيمىزا...
— بوۋا ، نېمىشقا شۇنداق ئاتىغانلىقىمىزنى بۇلارغا دەپ بەرگىنا .
— گوي - گوي ، ياخشىسى ئۆزۈڭ دېگىن بەگ
ئوغلى ، بەگنىڭ گېپى بەگچە بولىدۇ ، يۇرتقا تېز تارايدۇ ، — دېدى
تۆلەك بوۋا .
— چوڭنىڭ ئەقلى چوڭچە ، تۆلەك بوۋا دەل گەپنى قىلدى .
ئۆزۈڭنىڭ دېگىنى ياخشى ، بەگ ، — دېدى ئوماقمۇ .
ئۆزئارا پاراڭ قىلىشىۋاتقانلار قاراقوشۇن ۋە ئابدال قەبىلىسى-

① ئاغا — لوپلۇقلاردا يۇرت چوڭلىرى شۇنداق دەپ ئاتىلىدۇ .
② ئوبۇشقا — قېرىلار ، بوۋىلار .

دىكى ھازىر بىر مەھەللىدە ئولتۇرۇۋاتقان يۈز ـ ئابرۇيلۇق قېرى-لار ئىدى . كۆنچىققانبەگ ئۇلارنىڭ پاراڭلىرىدىن يېڭى تۆت مەھەل-لىگە تۆت قەبىلىنىڭ نامىنى قوللىنىشتا نېمىنى كۆزدە تۇتۇشقانلى-قىنى كۆپچىلىككە تەپسىلىيرەك ئېيتىپ قويۇشنىڭ لازىملىقىنى ھېس قىلىپ قالدى...

— لوپلۇقلار ئىچىدە قاراقوشۇنلار ئاساسىي ئاھالە بولۇپ ، سانى ھەممىدىن كۆپ ، لوپ دالىسىنىڭ ھەممە جايلىرىغا كەڭ تارقالغان . ئۇنىڭدىن قالسا ئابدال[①] ،قالۇچى ، جۇداخ — يانلار ،

① ئابدال تارىخىي ئاتالغۇ بولۇپ ، قەدىمكى بىر تۈركىي قوۋم ـ قەبىلىنىڭ نامى . ليۇ زىشياۋ «ئۇيغۇرلار» (1 ) دېگەن كىتابىدا : «... جوجان ئاقسۆڭەكلىرى ھاكىمىيىتىنىڭ كېيىنكى مەزگىللىرىدە (مىلادىيە 5 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا — ئا ) ئۇيغۇرلارنىڭ ئىچكى قىسمىدا توققۇز ئۇرۇقداش قوۋم شەكىللەندى . ئۇلار : ياغلاقار (ئۇيۇرغۇر ) ، قۇرتارغار ، دېرىمار ، بايىرسىق ، ئابدال...لاردىن ئىبارەت» دەيدۇ . (مىللەتلەر نەشرىياتى ، 1987 ـ يىلى 10 ـ ئاي 1 ـ نەشرى 37 ـ بەت ) . ۋاھىتجان غوپۇر ، ئەسقەر ھۇسەيىنلەرنىڭ «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تېزىسلىرى» دېگەن كىتابىنىڭ «ئۇيغۇرلارنىڭ تەركىبى» ماۋزۇلۇق بېتىدە (7 ـ بەت ) ئابدالنى ئىچكى توققۇز ئۇرۇقنىڭ بەشىنچىسى قىلىپ تەھقىقلەيدۇ (مىللەتلەر نەشرىياتى 1984 ـ يىلى 4 ـ ئاي 1 ـ نەشرى ) . ۋاڭ جىلەي «ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى» (1 ) دېگەن كىتابىدا «گرېتسىيە ۋە ئەرمىنىيە تارىخچىلىرى ئۇلارنى ئېفتالىت (ئابداللارنى — ئا ) ئاپتولىتىس ياكى ئېفتالاس دەپ ئاتىغان . پارس ۋە ئەرەب يازغۇچىلىرى ئابدال دەپ ئاتىغان ، بەزى غەرب يازغۇچىلىرى بولسا ئۇلارنى ئاق ھۇنلار دەپ ئاتىغان» دەيدۇ (شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1993 ـ يىلى 4 ـ ئاي 1 ـ نەشرى ، ئابلەت نۇردۇن ، ئېزىز يۈسۈپ تەرجىمىسى 276 ـ بەت ) . قەدىمكى بۇ ئۇيغۇر قەبىلىسى يۇقىرىقىلاردىن باشقا يەنە ئوخشىمىغان دەۋرلەردە ياۋچى ، توخار دەپمۇ ئاتالغان . «مەركىزىي ئاسىيا تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار — ئۇيغۇرلار ۋە غەربىي يۇرتتىكى باشقا تۈركىي خەلقلەرنىڭ قىسقىچە تارىخى» دا ‹ياۋچى› ، ئېتنونىمى تېكىستلەردە 4 ـ ئەسىردىن باشلاپ ‹توخار› دەپ تەرجىمە قىلىنىپ كەلدى» دېيىلىدۇ . (شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2000 ـ يىلى 3 ـ ئاي 1 ـ نەشرى . رۇسچىدىن ئۇيغۇر سايرانى تەرجىمىسى ، 45 ـ بەت ) . يۇقىرىقى كىتابنىڭ 50 ـ بېتىدە : «ھۇنلارنىڭ چوڭ دۆلىتى ياۋچىلار بىلەن قاتتىق ئېلىشىش جەريانىدا مەيدانغا كەلگەن» دېيىلگەن بولسا ، 52 ـ ، 53 ـ بەتتە : «تۇمەن تەڭرىقۇت چوڭ ئوغلى مەتەنى تەخت ۋارىسى قىلىشقا بولمايدۇ دەپ قاراپ ، ياۋچىلارغا تۇرغاقلىققا بېرىپ ، ياۋچىلارنىڭ ئۆزىگە بولغان ھوشيارلىقىنى بوشاتماقچى بولىدۇ» دېيىلگەن ؛ 48 ـ بېتىدە : «ياۋچىلار غەربىي يۇرتقا كۆچۈپ ئۇسۇن قەبىلىلىرى بىلەن قوشنا بولغانىدى . ھۇنلارنىڭ قىستاپ كېلىشى بىلەن ئۇلار غەرب تەرەپكە كۆچتى ، كېيىن ئوتتۇرا ئاسىياغا ئۆتۈپ ، ئۇ يەردىكى گرېك ـ باكترىيە پادىشاھلىقىنىڭ ئورنىغا ئۇلۇغ كوشانلار پادىشاھلىقىنى قۇردى... خەن سۇلالىسى دائىرىسىدە بولسا ، ئۇلارنىڭ بۇرۇنقى ئىسىملىرىغا ئاساسلىنىپ ‹ئۇلۇغ ياۋچىلار پادىشاھلىقى› دەپ ئاتالدى» دېيىلگەن . ۋاڭ جىلەيمۇ «ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى» (1 ) دېگەن كىتابىدا : «توخرى (ياۋچى ، ئابدال — ئا ) ئېلى ھۇنلارنىڭ غەربىي تەرىپىدىكى چوڭ دۆلەت بولۇپ ، خېشى كارىدورىغا جايلاشقانىدى» (144 ـ بەت ) . «توخرىلار ھۇنلار تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنغاندىن كېيىن ... غەربكە كۆچكەن بۇ بىر قىسىم توخرىلار تارىختا ئۇلۇغ (چوڭ ) توخرىلار دەپ ، يىراققا كۆچمەي ، جەنۇبىي تاغقا (كۇئېنلۇن تېغى بولۇشى مۇمكىن ) بېرىپ چاڭلار بىلەن ئارىلىشىپ ئولتۇراقلاشقان بىر قىسىم توخرىلار كىچىك توخرىلار دەپ ئاتالغان» دەپ كېلىپ ، «بۈيۈك تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە غەربىي يۇرتقا قىلىنغان ساياھەت خاتىرىسى» دىن «ئۇدۇن (خوتەن ) بىلەن چەرچەن ئارىلىقىدا توخرى دۆلىتى بار» دېگەن جۈملىنى نەقىل قىلىپ كۆرسەتكەن (147 ـ بەت ) .

لى يىنپىڭ «بۇددا ئېلى ئۇدۇن» دېگەن كىتابىدا ، غەربكە كۆچۈپ كوشان ھاكىمىيىتى قۇرغان چوڭ ياۋچىلارنى «ياۋچى» ، «توخار ـ توخرى» دېمەي توغرىدىن ـ توغرا «ئابدال» دەپ ئالغان . ئۇ مۇنداق دەيدۇ : «شۇنىڭ بىلەن ئۇدۇن يەنە ئابداللارنىڭ كونتروللۇقى ئاستىغا چۈشۈپ قالغان» (122 ـ بەت ) .

يۇقىرىقى تارىخىي ئاساسلاردىن شۇنى بىلىدۇقكى ، «ئابدال» قەدىمكى ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ بىرى بولۇپ ، ھەرقايسى دەۋردە ، ھەرقايسى تىللاردا ھەر خىل ئاتالغان . ھۇنلارنىڭ قىستىشى بىلەن چوڭ بىر تۈركۈمى غەربكە كۆچۈپ كەتكەن ، ئاز بىر قىسمى جەنۇبقا يەنى تارىم ۋادىسىغا كېلىپ ماكانلىشىپ قالغان .

بىر تۇركۇم قاراقوشۇنلۇقلار بىلەن ئابداللار قاراقوشۇن ، ئابدال مەھەللىلىرىدە ئايرىم توپ بولۇپ ئولتۇرغاندىن باشقا ، تۆت قەبىلە ئادەملىرى لوپ دالىسىنىڭ ھەممىلا يېرىگە تارىلىپ ، ئارىلىشىپ مەھەللە بولۇپ ئولتۇراقلاشقان . يەنە بىر قىسىملىرى سۇ ، ئوتلاق ، ئوزۇقلۇق قوغلىشىپ تېخىمۇ تارىلىپ ، بىر جەمەت ھەتتا بىر ئائىلە ئايرىم ئولتۇرۇپ ، يىللاپ - يىللاپ باردى - كەلدى قىلىشماي ، بىر - بىرىنىڭ ھالىنى بىلىپ تۇرۇش تۇگۇل باشقىلارنىڭ مەۋجۇتلۇقىدىن خەۋەرسىز ئۆتۈپ كېتىدىغانلارمۇ ئاز ئەمەس . بۇلار ئۆزلىرىدىن ھەم كۈندىلىك يېمەكلىكى ، تۇرمۇش لازىمەتلىكىدىن باشقىسىنى بىلمىسىمۇ ، ئۆزلىرىنىڭ قايسى قەبىلىدىن ئىكەنلىكىنى بالىلىرىغا ھېكايە قىلىپ بېرىپ ، ئۇلارنىڭ قۇلىقىغا قۇيۇۋېتىشنى ئۇنتۇمايدۇ . مەھەللىلىشىپ ئولتۇرغانلار ئائىلىلەر ئارا مۇناسىۋەتتە قەبىلىسىنى چىقىش قىلىسىمۇ ، مەھەللىلەر ئارا بولىدىغان تۈرلۈك مۇناسىۋەتلەردە مەھەللىسىنى تەكىتلىشىدۇ ، مەھەللىسىنىڭ نامى ، مەنپەئىتىدە چىڭ تۇرىدۇ . مەھەللە بولۇپ ، توپلىشىپ ئولتۇرغان لوپلۇقلاردا قەبىلىچىلىكتىن باشقا يەنە يۇرتۋازلىق ، مەھەللىۋازلىقمۇ خېلى يىلتىز تارتىپ كەتكەن . بۇ تەسىرنى بىر قېتىملىق نام قويۇش - قويماسلىق بىلەن ئۇلارنىڭ كۆڭلىدىن كۆتۈرۈۋەتكىلى بولمايدۇ . ئەگەر ئۇنداق قىلىنسا ، ھەممە قەبىلىدىن نارازى بولىدىغانلار چىقماي قالمايدۇ . بۇ چوڭ ئۇيۇشۇشقا پايدىسىز . يېڭى يۇرتتىكى تۆت مەھەللىنىڭ ئاتىلىشىغا كەلسەك ، ئۇ بىر قۇرۇق نام ، قەبىلىچىلىك بىلەن زادى ئالاقىسى يوق ، ئاقساقاللىرىنى مەھەللىدىكى يۇقىرالار ئۆزى سايلايدۇ . ناۋادا ، ئاقساقال ئۆز قەبىلىسىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ ، قەبىلىسىگە بولۇشتۇلۇق قىلىدىغان بولسا ، قالغان ئۈچ قەبىلە كىشىلىرى نارازى بولىدۇ ، ئۇنىڭ سۆزى ئۆتمەيدۇ ، كېيىنكى قېتىمقى ئاقساقال سايلاشتا خەلق قەبىلىچىلىك قىلمايدىغان بىرىنى تاللاپ سايلىۋالىدۇ . شۇڭا بەگلىكىمىزدە بۇنىڭدىن كېيىن قەبىلىچىلىكنىڭ رولى ئاجىزلاپ ، تەسىرى يوقىلىشقا باشلايدۇ . بۇ تەرىپىدىن خاتىرجەم

بولۇڭلار ، قانداق ؟

— بىلدۇق ، بىلدۇق ، بەگنىڭ ئوغلى بەگچە ئويلايدىكەن ، — دېيىشتى قىزلار .

ھېلىقى قىزلار قالدى . تۆتى جاھانبەگنىڭ ئۆيى تەرەپكە ماڭدى .

— كېلىڭلار ، كېلىڭلار ، — دېدى جاھانبەگ ئىگىز يۇلغۇن شاخلىرى بىلەن قاشالانغان ھويلىغا كىرىۋاتقانلارغا ، بەگ تېخى يېڭى ئۆيگە كۆچۈپ چىقمىغانىدى ، — سۇپىدا ئولتۇرۇپ پاراڭلىشايلى .

تۆلەك بوۋا جاھانبەگكە سەپسىلىپ قارىدى . ئۇنىڭ چىرايىدىن يا جىددىيلەشكەن ، ياكى ئاچچىقلانغاندەك بىرەر ئىپادىنى سېزەلمىدى ، «بىزنى چاقىرتقۇدەك قانداق بىر ئىش بولغىيدى» دەپ ئويلاپ قالدى .

كىرگەنلەردىن كۆنچىققانبەگدىن باشقىلىرى سۇپىغا چىقىپ جايلىشىپ ئولتۇرۇشتى . كۆنچىققانبەگ سۇپىنىڭ يەنە بىر تەرىپىدە لەپىلا ئاتىسىغا ئۇدۇل قاراپ ئولتۇردى . بەگنىڭ ئايىلى ئوتتۇرىغا چىگە ئارىلاش تورقا تالاسىدا توقۇلغان داستىخان سېلىپ ، دەملەپ تەييار قىلىپ قويغان قويۇق سۈتلۈك چاينى ياغاچ چۆچەكلەرگە قۇيۇپ ، ھەربىر قاچىغا تۆت تالدىن جىگدە تاشلاپ ، كىرگەنلەرنىڭ ئالدىغا قويۇپ ئۆيگە كىرىپ كەتتى .

— مەھەللە قۇرۇش ئىشىنى تۈگەتتۇق ، — جاھانبەگ مېھمانلارنى چايغا تەكلىپ قىلىپ ، ئۆزى چايدىن ئىككى سومۇرۇۋېلىپ گېپىنى باشلىدى ، — كەلگەنلەرنىڭ ھەممىسىنى مەھەللىلەرگە ئورۇنلاشتۇرۇپ بولدۇق . ھەربىر مەھەللىدە يەنە ئۈچ - تۆتتىن ئۆي بوش ، كەلگەنلەرنى ئۇدۇللۇق ئورۇنلاشتۇرساق بولىدۇ . ئەمدىكى مۇھىم ئىشىمىز ، ئاقساقاللار كېڭىشى چاقىرىپ كېيىنكى ئىشلارنى كېڭەشىۋالساقمىكىن دەيمەن . كېيىنكى مۇھىم ئىشىمىز جىمى ئاقساقاللارنى باشقىدىن سايلاپ چىقىش ، سىلەرچە قانداق ؟ — دېدى جاھانبەگ . ئاندىن تۆلەك بوۋىدىن باشلاپ ئولتۇر-

غانلارغا بىرمۇبىر قارىدى ، چىرايىدا كۈلكە جىلۋىلىنىپ تۇراتتى .

— سايلىنىدىغان ئاقساقاللارنىڭ شەرتى نېمە بولىدۇ ، كۆڭۈلۈڭگە پۈكۈپ قويغانسەن ؟ — تۇلەك بوۋا جاھانبەگدىن سورىدى .

— شەرت بىرلا : قەبىلىچىلىك قىلمايدىغان بولۇش .

— گوي - گوي ، گوي ، قالتىس شەرت بوپتۇ . كېڭەشنى قاچان ئاچماقچى ؟

— بۈگۈندىن باشقا ئون كۈندىن كېيىن ئاچساق ، كېڭەشتىكى گەپلەرنىڭ قاراچىلارغا تولۇق ، ئەينەن يەتمەي قالماسلىقى ئۈچۈن ، ھەر مەھەللىدىن ئىككىدىن ئادەم ئاقساقاللار بىلەن بىللە كەلسە ، ياندىشىپ كېلىدىغان ئادەملەرنى چاپارلارغا تاپىلاپ قويساق دەيمەن .

— ئۇنداقتا كونا - يېڭى ئون ئىككى مەھەللىدىن ئوتتۇز ئالتە ئادەم كېلىدىكەن . ھەرقايسى مەھەللىلەردىكى تۇتاملىق ئادەملەر ساڭا تونۇش . كېلىدىغان شۇ ئادەملەرنى چاپارلارغا ئۆزۈڭ تاپىلاپ قويغىنىڭ ياخشى ، — دېدى تۇلەك بوۋا .

مەسلىھەت پۈتتى . جاھانبەگ تۆت مەھەللىدىن ئالتە ئادەمنى چاقىرىپ ، جېكىلەيدىغانىنى جېكىلەپ قويدى . يىراققا بارىدىغانلىرى بەگنىڭ پەرمانىنى ئېلىپ شۇ كۈنىلا يۈرۈپ كېتىشتى .

ھەرقانچە ھىم دۈملەنگەن مانتىنىڭ ھورى ، ھىدى تارقالغاندەك ، كۆپ ئادەم چاقىرىپ كېڭەش ئۆتكۈزۈشنىڭ سەۋەبى شۇنچە مەخپىي تۇتۇلغان بولسىمۇ ، پۈتۈن لوپ دالىسىغا تارقىلىپ كەتكەنىدى . بەزى قەبىلىۋاز ئاقساقاللارنىڭ دىمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى ، ئەمما كۆپچىلىك پۇقرالار خۇشال ئىدى . بۇنچە كۆپ ئادەم چاقىرىپ كېڭەش قىلىش ئابدال بەگلىكى تارىخىدا تۇنجى قېتىملىق بولغاچقا ، بۇنىڭغا كۆپچىلىك كىشى قىزىقتى ، شۇنداقتىمۇ ئىنكاس ھەر خىل ئىدى .

— بۇ قېتىم قالتىس كېڭەش بولىدىغان ئوخشايدۇ .

— مۇشۇنىڭ بىلەن قەبىلىچىلىك تۈگىگەن بولسىغۇ…

— … كۆپ يىل ئاقساقال بولغان ، بۇ قېتىم…

………

كېلىشكە تېگىشلىكلەر كېلىپ بولدى . كەلگەنلىرى ئۇدۇللۇق يېڭى مەھەللە ، يېڭى ئۆيلەرنى ئالا قويماي بىرمۇبىر كۆرۈپ چىقـ-تى . ئۇلارنىڭ ئۆيلەرگە زوقى ، مەسلىكى كەلدى ، ئۆينى كۆزىگە سۈمۈرۈۋالىدىغاندەك ئۇزاق قاراپ كېتىشتى .

— بىزمۇ كەلسەك ئورۇنلاشتۇرامسىلەر ؟ — دېگەن سوئالغا :

— سىلەر قانداقلا بولمىسۇن مەھەللىلىشىپ ئولتۇرۇۋاتىسىـ-لەر . بۇ ئۆيلەرگە ئالدى بىلەن مەھەللىسى يوق ، تارقاق ئولتۇرۇ-ۋاتقانلار ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ ، — دېگەن جاۋابنى ئېلىشتى ، جاۋاب-تىن كۆڭلى يېرىم بولۇشقان بولسىمۇ ، مەھەللىلەرنىڭ قەبىلىچىـ-لىكتىن خالىيلىقى ئۇلاردا يېڭى بىر تۇيغۇنى قوزغىدى .

كېڭەشچىلەرنى جاھانبەگ يېڭى يۇرت ئارقىسىدىكى يۇلغۇنلۇق ئوتتۇرىسىدىكى قۇملۇققا باشلاپ كېلىپ ئولتۇرغۇزدى . كېڭەش ئالدىن پۈكۈلگەن مەقسەت ئاساسىدا ئېلىپ بېرىلدى ، دېيىلىدىغان گەپلەر دېيىلدى ، تاپىلايدىغان ئىشلار تاپىلاندى . بۇنىڭدىن بۇرۇن سايلىنىدىغان ئاقساقاللارغا ھېچقانداق شەرت قويۇلمايتتى ، كۆپچىـ-لىك سايلىسىلا بولاتتى . ئالدىنقى قېتىمقى ئاقساقاللار ئۆزىنىڭ تەسىرىدىن پايدىلىنىپ ھەم ھەر خىل ۋاستىلەرنى ئىشقا سېلىپ سايلىنىۋالاتتى . بۇ قېتىم ئۇنداق بولمايدىغان بولدى ، شەرت قو-يۇلدى . شەرت بويىچە بولغاندا ھازىرقى ئاقساقاللارنىڭ تولىسى سايلىنىشتىن قالىدۇ . بۇ ئۇلارنىڭ ئۆزىگە ئايان بولسىمۇ ، شەرتكە قارىتا ھېچنېمە دېمىدى . سالى ئاقساقالنىڭ سەتچىلىكىنى ئويلاپ ، سۇنىڭ ئېغىشى ، شامالنىڭ يۆرۈشى بويىچە ماڭماقچى بولدى .

جاھانبەگ كېڭەشچىلەرگە ئاتاپ قويدىن بەشنى سويۇپ ، ساغسا بولىدىغانلىكى ئىنەكلىرىنى ساغدۇرۇپ ، كېمىگە مەھەللىدىن يە-غىپ ، يېتەرلىك سۈتنى تەييارلاپ قويغانىدى . كېڭەشتىن كېيىن ھەممە كىشىگە قېنىق قىلىپ بىر تاۋاقتىن سۈتلۈك چاي تارتىلدى ، ئارقىدىنلا تۆت ئادەمگە بىر ياغاچ جاۋۇردا گۆش كەلتۈرۈلدى . گۆشتىن كېيىن ئارراقتىن سۇغىلا سېلىپ پىشۇرۇلغان بېلىق تارتىلدى ، ئارقىدىنلا يېرىم تاۋاقتىن بېلىق سۈيىگە چېلىپ سوۋۇ-

تۆپ قويۇلغان ئۈجۈل ئۈمچى كەلتۈرۈلدى. داستىخانغا كەلتۈرۈلگەن نېمەتلەرنىڭ ھەممىسى بەگنىڭ يېنىدىن چىقىرىلدى. بۇرۇنمۇ شۇنداق بولۇپ كەلگەن، ئەمما بۇ قېتىمقىسى بەكلا مول بولدى. جاھانبەگ ئاغزىدىن چىقارمىغىنى بىلەن، بۇ داستىخان ئۇنىڭ بۇ قېتىمدا سايلىنالماي قالدىغان ئاقساقاللارغا بەرگەن خوشلىشىش چېيى ئىدى. داستىخان يىغىلغاندىن كېيىن جاھانبەگ ئۈنلۈك قىلىپ:

— ئاڭلاپ قويۇڭلار، شۇنى جاكارلايمەنكى، ھەرقايسى ئاقساقاللارنىڭ ئاقساقاللىقى مۇشۇ ۋاقىتتىن باشلاپ توختايدۇ. يەنە مۇشۇ ۋاقىتتىن باشلاپ ئون كۈن ئىچىدە يېڭى ئاقساقال سايلاشنى تۈگىتىڭلار. بۇ ئىشقا ھەربىر مەھەللىدىن كېڭەشكە قاتناشقان ئۈچ كىشى مەسئۇل بولىدۇ، — دېدى.

ھېچ شەپىسىز، تۇيۇقسىز قىلىنغان بۇ جاكارغا تۆلەك بوۋا، كۈنچىققانبەگمۇ ھەيران قالدى، ئەمما خۇش بولدى. بولۇپمۇ كۈنچىققانبەگ ئاتىسىنىڭ ھالقىلىق پەيتتىكى بۇ قەدەر كەسكىن، قەتئىيلىكىدىن سۆيۈنۈپ كەتتى. «ھالقىلىق پەيتتە چوقۇم مۇشۇنداق كەسكىن بولۇش كېرەك» لىكىنى كۈنچىققانبەگ كۆڭۈل خاتىرىسىنىڭ ئەڭ چوڭقۇر يېرىگە مۆھۈرلىگەندەك ئورنىتىۋالدى.

— بۇنداق سورۇن ھازىرلاش ھەم ھېلىقى قارارىڭ توغرىسىدا بىزگە ئازراقمۇ شەپە بەرمىگەنىدىڭغۇ، بۇ ئەقىل كاللاڭغا قانداق كەلدى؟ — كېڭەشچىلەر تارقاپ ئۆزلىرى خالىي قالغاندا تۆلەك بوۋا جاھانبەگدىن سورىدى.

— بۇنداق ئەقىل مەندە بولامدىغان، بۇ، قالاچ قاناقانىڭ كۆرسەتكەن ئەقلى بولامدۇ، — دېدى جاھانبەگ.

— ھەي، شۇ قاناقا بىزدىن بۇرۇن كېتىپ قالمىسا بولمىتتى، بەگلىكىمىزنىڭ تۈۋرۈكى بولۇپ تۇرۇپ بەرگەن بولسا، — دېدى كۈنچىققانبەگ.

— گوي ـ گوي ـ گوي، ئۇنى بىر دېمە، ھە راست، قاناقانى كۆچۈرۈش ئىشىنى قانداق قىلىمىز. يەنە بەش ئائىلە قاناقامىزغا

قارايمىز ، دەپ بۇلاقكۆلدە تۇرۇۋاتىدۇ ، — دېدى تۇلەك بوۋا مۇ-
ھەم بىر ئىشنى جاھانبەگنىڭ ئېسىگە سېلىپ .

— بۇنى مەن ئويلاپ قويغان ، يېڭى ئاقساقاللار كېڭىشى بىلەن يۇرتنىڭ قۇرۇلۇش يىغىلىشىدىن بۇرۇن قاناقانى كۆچۈرۈپ ئەكې-لىۋېلىشنىڭ يولىنى قىلايلى . ئەتىلا بىرنەچچىمىز بۇلاقكۆلگە بې-رىپ ، قاناقانىڭ ئۆزى بىلەن مەسلىھەتلىشەيلى ، — دېدى جاھانبەگ .

ئەتىسى چاقچىغار بىلەن تەڭلا جاھانبەگ ، تۇلەك بوۋا ، ئو-ماق ، تايۇقلار قالاچ قاناقانىڭ ھۇزۇرىغا يۈرۈپ كەتتى . ئايقۇتنىڭ ئۇلار بىلەن بىللە بېرىپ قاناقاغا سالام بەرگۈسى بولسىمۇ ، سەل ساقسىز بولۇپ قالغانلىقىدىن ئىلاجسىز ئارمىنىنى ئىچىگە يۇتۇپ تۇرۇپ قالدى .

كۈنچىققانبەگنىڭمۇ مىڭ مەرتەم بارغۇسى بار ئىدى ، ئەمما ئۇنى ئاتىسى — جاھانبەگ توختىتىپ قويدى .

— يېڭى مەھەللىلەرنىڭ ئاقساقىلى يوق ، ئىگە بولىدىغان بىر ئادەم بولمىسا بولمايدۇ ، بۇ بىر ئىش ؛ يەنە بىر ئىش ، سالى ئاقساقال بىلەن تالىشقۇللار تېخىچە يېڭى ئۆيگە چىقمىدى . سەن ئاقئۇلام ئارقىلىق گەپ ئېلىپ باق . باشقىچە تەلەپى بولسا ، ئۆزۈڭ بىر تەرەپ قىلىۋېتەرسەن ، — دېدى جاھانبەگ ئوغلىغا .

جاھانبەگلەر ماڭغان كۈنىلا كۈنچىققانبەگ خوتۇنى ئارقىلىق گەپ ئالسا ، قېيناتىسى :

— يېڭى يۇرت ، مەھەللە قۇرۇشقا ئۆزۈم بولۇشچە قارىنىشىپ-تىمەن . يېڭى ئۆيدە قايسى يۇزۇم بىلەن ئولتۇرىمەن ، شۇ ئۆيدىن چىقىپ قايسى كۆزۈم بىلەن كىشىلەرگە قارايمەن ، — دەپتۇ .

كۈنچىققانبەگ قېيناتىسىنىڭ ئالدىغا ئۆزى كىردى ، ئەھۋال-لاشتى ، مۇڭداشتى . يېڭى ئۆيگە كۆچمىسە بولمايدىغانلىقىنى ، كۆچمىگەندە تېخىمۇ گەپكە قالىدىغانلىقىنى ، قالاچ قاناقانىڭ كېلى-شىدىن بۇرۇن خالىغان مەھەللىدىكى خالىغان بوش ئۆينى تاللاپ كۆچۈۋېلىشنى ئۆتۈنۈش قىلىپ چىقىپ كەتتى .

-- كۆيئوغلىمىز ئىشىكىمىزگە ئاياغ باسمىغىلى خېلى بول-
غان . بۇ يولنىمغۇ ئۆزۈڭ ئېتىۋەتكەن ، شۇنداق بولسىمۇ كىرىپ-
تۇ . ئۆزىمىزگە ئۆزىمىز قىلىۋالغاندىكىن ، گەپ قىلماي بەلگىلەپ
قويغان ئۆيگە كۆچۈۋالايلى ، — دېدى كونچىققانبەگ چىقىپ كەتكەن-
دىن كېيىن ، ئۇنىڭ قېينانىسى ئېرىگە .
سالىباي ئۇنداق ئويلاپ ، بۇنداق ئويلاپ ، كۆچمىسە ھېچبول-
مىغاندا بالىلارنىڭ قوشاق قىلىپ ئېيتىلغان ھاقارىتىدىن قۇتۇلال-
مايدىغانلىقىنى ھېس قىلدى - دە ، شۇ كۈنى كېچىدە ئائىلىنىڭ
يورۇقىدىن پايدىلىنىپ ، بەلگىلەپ بەرگەن ئۆيگە غىپپىدە
كۆچۈۋالدى .
تالىشقۇل ئەتىسى سالىباينىڭ جىم - جىملا كۆچۈۋالغىنىنى
ئاڭلاپ ، ئۇمۇ شۇ كۈنلا يەردىن ئۈستۈن قارىماي مېڭىپ يۈرۈپ
كۆچۈۋالدى .

## 4

ئائىلىرى بىرنەچچە ھەپتىدىن بۇيان مىنىلمەي تازا تاڭشۇرۇ-
لۇپ ، چېپىش سېغىنىپ ، تولا چاپچىپ تۇيىقى قىزىپ تۇرغاچقا ،
جاھانبەگلەر بۇلاقكۆل مەھەللىسىگە كۈننىڭ پېتىشىدىن ئىلگىرى
يېتىپ كەلدى . ئۇنىڭ ئۈستىگە ، ئۇلارنى تايۇق ئۆزىگە تونۇشلۇق
بولۇپ كەتكەن ئۇدۇل ، يېقىن يول بىلەن باشلاپ ماڭغانىدى . تايۇق
بۇلاقكۆل مەھەللىسىدىن كەتكەنگە بىر يېرىم ئاي بولۇپ قالدى .
ئادەتتە بولسىمۇ ئاتىسى سالغان ، ئۆزى تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان ،
ئۆي - ئوچاقلىق بولۇپ مورىسىدىن تۈتۈن چىقارغان ، ئىككى
بالىنى قاتارغا قوشقان سۆيۈملۈك ئانا بۆشۈك ئۆيىنى ، شۇنداقلا
مەھەللىسىنى سېغىنىپ قالغانىدى . بۇلارنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى بە-
رەرسى خەۋەر قىلىپ قويغان بولسا كېرەك ، بۇلار مەھەللىگە
كىرگەندە ، قالاچ قاناقا بىرنەچچە ئادەمنىڭ ھەمراھلىقىدا ئۆيىنىڭ
ئالدىدا ئىككى قولى بىلەن ھاسىغا تايىنىپ تۇراتتى . جاھانبەگلەر

يىراقتىنلا ئاتلىرىدىن چۈشۈپ قاناقانىڭ ئالدىغا كەلدى ، ھەممىسى ئېگىشىپ سالام بەردى .

— قاناقا ، تالاغا چىقىپسەنغۇ ، ياخشى بولۇپ قالدىڭمۇ نېمە ؟ — تايۇق كەلگىنىچە قاناقانى يۆلەۋېتىپ سورىدى .

— بەگ ئوغلى كەلسە ئالدىغا چىقمىسام بولامدۇ .

— مېنى ئۇنداق يات كۆرمە ، قاناقا ، مەنمۇ سېنىڭ بالاڭ .

— چاقچاق قىلدىم ، ھەممىڭلار مېنىڭ بالام . قېنى ئۆيگە كىرىڭلار ، — قالاچ قاناقا شۇنداق دەپ تايۇقنىڭ يۆلىشىدە ئۆيگە ئالدىن ئۆزى ماڭدى .

مەھەللىدىكىلەردىن ئىككى كىشى كەلگەنلەرنىڭ قولىدىن ئاتنىڭ چۇلۇۋۇرىنى ئېلىپ لاشىڭغا باغلاپ قويغىلى يېتىلەپ كەتتى .

ھەممەيلەن سۇپىدا ئولتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن جاھانبەگ :

— قاناقا ، ياخشى بولۇپ قاپسەن ، سەندىن بەك ئەنسىرىگەنىدۇق ، — دېدى .

— خېلى ياخشى بولۇپ قالدىم . قىلغان ئىشلىرىڭلاردىن كۆڭلۇم تىنىپ ، روھىم كۆتۈرۈلۈپ ، قېرى جېنىمنى چىرمىۋالغان كېسەل چىقىپ كەتكەندەك يەڭگىللەپ قېلىۋاتىمەن . يېڭى يۇرتنى كۆرۈش ماڭا بۇيرۇلمىغان ئوخشايدۇ دەپ كۆڭلۇم يېرىم ئىدى ، كۆرىدىغان ئوخشايمەن ، — دېدى قالاچ قاناقا .

قاناقانىڭ گېپىنىڭ ئاخىرى چۈشۈشىگە ، قاناقانىڭ كۇكۇنەۋرە كېلىنى ئالتۇن يوغان ياغاچ جاۋۇرغا ئۇسۇلۇپ سوۋۇتۇلغان ئۇجۇل بولمىقى ئېلىپ كىرىپ ئوتتۇرىغا قويدى ، ياغاچ چۆچەكلەرگە ئۇسۇپ ، تولەك بوۋىدىن باشلاپ بىر - بىرلەپ بەردى . كۇكۇنەۋرىسى بوللا كىچىك بىر ياغاچ قاچىدا بىلىق شورپىسى ئېلىپ كىرىپ قاناقانىڭ ئالدىغا كەلدى .

— ئۇجۇل تالقىنى سالدىڭلارمۇ ؟ — قاناقا بوللادىن سورىدى .

— شورپىنى ئۆز پېتى ئىچەرمىكىن دەپ تالقان سالمىدۇق .

— تالقاندىن ئىككى چىمدىم سېلىۋېتىڭلار ، ئىچىپ باقاي . ئالتۇن ئىتتىك كېلىپ بوللانىڭ قولىدىن قاچىنى ئېلىپ

بولۇپ قاناقادىن سورىدى :
— جىگدە تالقىنىدىنمۇ سالايمۇ ؟
— سال قىزىم ، ئۇنىڭدىنمۇ ئىككى چىمدىملا سال .
قاناقا ئادەتتە بىلىق شورپىسىنى ئۆز پېتىلا ئىچىشنى ياخشى كۆرەتتى . بۈگۈن ئۇنىڭ بىلىق شورپىسىغا ئۇجۇل تالقىنى بىلەن جىگدە تالقىنى سېلىنغىلار دېگىنىدىن بۇللامۇ ، ئالتۇنمۇ ھەيران قالدى . ئالتۇن قاچىنى كۆتۈرۈپ سىرتقا ماڭدى ، كەينىدىن بۇللا چىقىپ كەتتى .
— قاناقا ، سەن ئادەتتە شورپىنى شۇنداقلا ئىچەتتىڭغۇ ؟ — ئالتۇن بىلەن بۇللا چىقىپ كەتكەندىن كېيىن تايۇق قاناقادىن سورىدى .
— باشقا ئىش يوق ، سىلەر ئۇجۇل بولمىقى ئىچسەڭلار ، مېنىڭمۇ بىلىق شورپىسىغا چالغان ئۇجۇل ، جىگدە ئۇمىچى ئىچكۈم كەلدى . «كۆڭۈل كۆڭۈلنى تارتىدۇ »كەن ئەمەسمۇ ، — دېدى قالاچ قاناقا .
قاناقانىڭ گېپىدىن جاھانبەگلەر سۆيۈنۈپ كەتتى .
ئالتۇن ئۇجۇل ، جىگدە سالغان بىلىق شورپىسىنى ئېلىپ كىردى .
— قاناقا ، ھېلى سەن : «يېڭى يۇرتنى كۆرىدىغان ئوخشاي-مەن » دېدىڭ ، — قاناقا شورپا - ئۇجۇل ئۇمىچىنى ئىچىپ بولغان-دىن كېيىن ، جاھانبەگ ئۈزۈلۈپ قالغان بايىقى گەپىنى داۋاملاش-تۇرماقچى بولدى ، — بىز دەل مۇشۇ ئىش بىلەن كەلدۇق ، — جاھانبەگ بىر يېرىم ئايدىن بۇيان يېڭى يۇرت قۇرۇشتا قىلىنى-غان . قىلىنىۋاتقان ئىشلارنى بىرقۇر بايانلاپ بولۇپ ، — يۇرتنىڭ قۇرۇلغانلىق ، ئۇنىڭغا نام بېرىش يىغىنىمىزنىڭ تۆرىدە ئولتۇرۇپ بەرسىكەن . دەپ سېنى ئالغىلى كەلدۇق ، — دېدى .
بىز سېنى جىرغىغا سېلىپ بولسىمۇ ئەكېتەرمىز ، دېيىش-كەندۇق . بۇ تۇرقۇڭدا ئاتتا بىزدىن ياخشى ئولتۇرىدىغاندەك قىلى-سەن . سەن قوزغالمىساڭ ، قالغان ئادەملەرنىمۇ بۇ يەردىن قوزغى-

يالمايمىز ، — دېدى تايوق .
— كۆچەيلى ، كۆچەيلى…
كۆچۈشنىڭ گېپى چىقسىلا قاناقانىڭ خىيالغا چۆكۈپ كېتىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلىدىغان تۇلەك بوۋا بۇ قېتىممۇ ئۇنىڭغا سىنچى كۆزى بىلەن قارىدى . قاناقانىڭ كۆزىدىن ئىلگىرىكىدەك ئاچچىق خورسىنىش ، ئېچىنىش ئىپادىلىرىنى كۆرمىگەن بولسىمۇ ، يەنىلا خىيالغا چۆككەنىدى . ئۇ نېمىنى خىيال قىلىۋاتىدىكىن ؟
قاناقا يېقىندىلا بىر چۈش كۆردى . چۈشىدە تۇنجى قالاچ بوۋىسى سۆزلەپ بەرگەن ئۇلۇغ بوۋىلىرىنىڭ سەلتەنەتلىك دەۋرانلىرى ، جەڭ مەيدانلىرى ، ئۇچقۇر ئاتلىرىنىڭ تۇياقلىرىدىن ئوت چاقنىتىپ چېپىشلىرى ، تۇرلۇك ئاپەت ـ تالاپەتلەر ، يەنە قانداقتۇر سەۋەبلەر تۈپەيلى تىنىمسىز كۆچۈشلەر نامايان بولغانىدى . شۇ تاپتا ئۇنىڭ خىيال ئېكرانىدا شۇ كۆرۈنۈشلەر بىرمۇبىر كۆرۈنمەكتە ئىدى :
شىمالىي گوبى قۇملۇقى… ئۇتۇكەن ئېتەكلىرى ، سىلىنگا ، ئۇرقۇن ۋادىلىرى ، قۇنتاغ جىلغىلىرى ، ساي ـ جىرالىرى ، دالىلىرى… سەلتەنەتلىك ئوردا ـ سارا ي ، قەسىر ـ قورغانلار… قاغان ، تېگىنلەر توغرىسىدا تىكلەنگەن ئابىدىلەر… ياندىن قوپقان يېغىلىقلار ، تالاپەتلەر… تۆپلەپ ئۈزلۈكسىز كەلگەن تۈرلۈك ـ تۈمەن بالايىئاپەتلەر… ؛ قاچانلاردۇر بىر زامانلاردا ئايرىلىپ كەتكەن ، ئايرىلغىلى ئۇزاق بولغان قېرىنداش قوۋملىرى تەرەپكە كۆچۈشلەر ، تۇگىمەس ، بىپايان قۇملۇقلار ، كەڭرى ـ كەڭرى ئوتلاق ـ يايلاقلار… ؛ ئالتاي تاغلىرى بويلىرىدىكى تۇمۇر تاۋلاشلار ، سانسىز يۇلتۇزلاردەك تاۋلاش ئوچاقلىرىدا لاۋۇلداۋاتقان ئوتلار ، يالقۇنلار ، چاچراۋاتقان ئوتقاشلار ، ئۇچقۇنلار ؛ تەڭرىتاغنىڭ كۆنگەي ، تەسكەي ۋادىلىرىدىكى ھاياتىي پائالىيەتلەر… ؛ مانا ، ئوغۇز تۇغۇلدى ، قىرىق كۈندىلا يېتىلدى ، چوڭ ئادەم بولدى . ئۇ تەڭرى بالىسى ئىدى . ئۇنىڭ قىياپىتى غەلىتە بولۇپ ، كۆزى كۆك ، ئاغزىمۇ ، يۈزىمۇ قىزىل ، پۈتۈن بەدىنى تۈكلۈك ، پۇتى بۇقىنىڭكىدەك ، بېلى بۆرىنىڭكىدەك ، كۆكرىكى ئېيىقنىڭكىدەك

ئىدى. ئۇنىڭ تۇنجى قىلغان ئىشى، ئەلگە ئاپەت بولغان بىر مۈڭگۈزلۈك قىئاتنى ئۆلتۈردى. شۇنىڭدىن ئۇزاق ئۆتمەي ئۇ ئەل - دۆلەتكە خاقان بولدى. قۇياشنى تۇغ، ئاسماننى قورغان قىلىپ، كۈنچىقىش - كۈنپېتىش، يۇقىرى - تۆۋەن — تۆت تەرەپكە ئۇلۇغ، چوڭ يۈرۈشنى باشلىدى. بىر كۆك ياللىق كۆك بۆرە ئوغۇزخاننىڭ زور قوشۇنىغا يول باشلىغۇچى بولدى، ئېدىل (ۋولگا) بويىدا چوڭ دۈشمەننى يەڭدى. ئوغۇزخان بۆرىنى قوشۇننىڭ ئۇرانى[1] قىلدى…

ئوغۇزخان يۈرۈشلىرىدىن غەلىبە قۇچۇپ داغدۇغا بىلەن قايتتى، تارىم ۋادىسىغا كەلدى. چوڭ، ھەيۋەتلىك بىر شەھەر كۆرۈندى. ئوغۇزخان بۇ شەھەرنىڭ داڭقىنى ئاڭلىغانىدى. بۇ قېرىنداش بىر قوۋمنىڭ شەھىرى ئىدى. ئوغۇزخان شەھەرگە كىرمەي، شەھەردىن يىراقراق بىر تۈزدە قوشۇنلىرىنى ئارام ئالدۇرماقچى بولدى. قارىسا ئوڭ قول ئاتامانى كۆرۈنمىگۈدەك. ئۇ ئۇنى سۈرۈشتە قىلدى، ھېچكىم دەپ بېرەلمىدى، ئۇنىڭ خوتۇنىنى سۈرۈشتە قىلىۋىدى، خوتۇنىمۇ يوق بولۇپ چىقتى. بۇ ئاتامان جەڭگە ماھىر، داڭلىق ئىدى. ئوغۇزخان ئۇنى بىرنەچچە كۈن ساقلاپ باقماقچى بولدى… ئارىدىن ئون نەچچە كۈن ئۆتكەندە، ھېلىقى ئاتامان كەلدى. ئاتاماننىڭ زور قوشۇندىن ئايرىلىپ قېلىشىنىڭ سەۋەبى مۇنداق ئىدى: ئاتاماننىڭ خوتۇنى ئېغىر بوي ئىدى، ۋاقتى - كۈنى يېقىنلاپ قالغانىدى. تارىمنىڭ تۆۋەن ئېقىن بويىغا كەلگەندە، خوتۇنىنىڭ تولغىقى تۇتۇپ، تۇغۇتى قىستاپ قالدى. «تولغاق ئەگىشىپ كېتىپ قالسا، تۇغۇت مۈشكۈللىشىدۇ» دەيدىغان گەپ بار ئىدى. شۇڭا ئاتامان ھېچكىمگە بىلدۈرمەي خوتۇنى بىلەن قېلىپ قالدى، خوتۇنى يەڭگىدى. خوتۇنىنىڭ ئۇزۇقلۇقى ئۈچۈن ئوۋ قىلىپ يۈرۈپ بىرنەچچە كۈن تۇرۇپ قالدى. ئوغۇزخاننىڭ نېمىشقا قوشۇندىن ئايرىلىپ قالدىڭ دەپ سورىغىنىغا:

— … ئەھۋال شۇنداق بولۇپ، خوتۇنۇمنى باقىمەن، دەپ

---

① ئۇران (قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى) - شوئار، بەلگە.

قىلىپ قالدىم، — دېدى ئاتامان.
— ئۇنداق بولسا سەن مۇشۇ يەردە قال، ئاچ، — دېدى
ئوغۇزخان...
قالاچ قاناقانىڭ خىيال ئېكرانىدىن يەنە مۇنۇ كۆرۈنۈشلەر
ئۆتمەكتە:
تۇمارىس تۇران كەڭلىكلىرىدە ئات چاپتۇرۇپ، ئىران ئىشغا-
لىيەتچىلىرىدىن زېمىن - تۇپرىقىنى قوغداپ، قوشۇنلىرىنى جەڭگە
باشلاپ يۈرمەكتە. ئۇنىڭ پىداكار چەۋەندازلىرى نەيزە، قىلىچ،
ئوقيالىرىنى شىلتىگىنىچە ياۋلارغا ئوقتەك ئېتىلماقتا... ؛ ئۇچىر-
غانلىكى ھەرقانداق توساق - قارشىلىقلارنى بۆسۈپ - پۈكلەپ،
كاپكاز تاغلىرىدىن ئېشىپ، ئىران زېمىنلىرىنى بېسىپ، كەربالا
چۆللىرىنى كېزىپ، نىل ۋادىلىرىنى تەسەررۇپىغا ئېلىپ، شىد-
دەت بىلەن توختاۋسىز كەلكۈندەك باستۇرۇپ كېلىۋاتقان ماكادون-
لۇق ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىنىڭ ھەيۋەتلىك بىھېساب زور قوشۇنى،
تەڭرىتاغلىق تۇران قوشۇنىغا دۈچ كېلىپ، كېلىۋاتقان يېرىدە
شىپپىدە توختاپ قېلىشتى... «... بۇ تەڭرى قوشۇنلىرىغا تەڭ
كەلگىلى بولمىغۇدەك» دېيىشتى - دە، سۇنغان ئارزۇ - ئارمانلى-
رىنى ساڭگىلىتىپ، ئەلەم - ھەسرەت بىلەن قايتىپ
كېتىشتى... ؛ ئوغۇز، قالاچ، تۇمارىس ئەۋلادى ئاتىللا كافكاز ئې-
گىزلىكلىرىدىن ئېشىپ، ئېدىل (ۋولگا) دەرياسىدىن ئۆتۈپ، رىم
سەلتەنىتىنى تەۋرىتىپ، دۇناي ۋادىسىدا دەۋران سۈردى، لېكىن
زېمىن - تۇپرىقىدىن ئايرىلىپ، بەك يىراقلاپ كەتكەن بۇ تەڭرى
ئەركىسى ۋە ئۇنىڭ قوۋمى رەھىمسىز زامان ۋە تارىخنىڭ ئېقىمىغا
سىڭىپ كەتتى... ؛ مانا، يەنە تارىم ۋادىسى. گۈللەنگەن، سەلتەنەت-
لىك شەھەر - قورغان، قەلئەلەر، تەرەپ - تەرەپكە كەتكەن
ئاۋات، قايناق يوللار، رەستە - بازارلار، سودا - يەرمەنكە مەيدان-
لىرى، سارايلار... ئۆزئارا قىزغىنىشلار، تالىشىشلار، تىركى-
شىشلەر، چىشلىشىشلەر، بوغۇشۇشلار... تەڭرىنىڭ قەھرى -
غەزىپى... قۇرۇق قالغان دەريالار قىنى، سۇسىزلىق، چۆلدە-

رەشلەر… قۇم ـ بوران ، كېسەللىك ئاپەتلىرى ، جان تالىشىۋاتقان يېرىم جانلار ، ئۆلۈكلەر… تىرىكلەرنىڭ جان قايغۇسىدا قېچىش-لىرى ، كۆچۈشلەر… قۇم ئاستىدا قېلىۋاتقان شەھەر ـ قورغانلار ، يوللار ، ئېكىنزارلىقلار…

قۇم ئاستىدا قالغان شەھەرلەرنىڭ ھازىر بەزىلىرىنىڭ نامى ، ئورنى بار ، بەزىسىنىڭ نامىلا بار ، ئورنىنى ھېچكىم بىلمەيدۇ ، بەزىلىرىنىڭ نامىمۇ ، ئورنىمۇ يوق ، قۇم ئاستىغا غايىب بولۇپ كەتكەنچە ئۇنتۇلغان… شۇ ۋەيرانچىلىقتىن باشلانغان كۆچۈپ يۇ-رۇش مانا ھازىرغىچە داۋاملاشماقتا . تەڭرىتاغنىڭ ئىككى قاسنىقى-دىكى قېرىنداشلار قەبىلچىلىك ۋە كۆچۈپ يۈرۈشلەرگە ئاللىقاچان خاتىمە بېرىپ ، تۇراقلىق تۇرمۇشقا ئۆتكەن بولسىمۇ ، مۇشۇ لوپ دالىسىدىكىلەر ياشاش شارائىتىنى ئۆزلىرى يارىتىش يولىدا ئىز-دەنمەي ، نەدە تەبىئەتنىڭ تەييارلاپ تاشلاپ بەرگىنى باركەن دەپ ، ھازىرغىچە قەبىلە ، جەمەت ، ئائىلىلەر بويىچە «قاۋۇن[1] سۈيدۈك ، ئاشلىق بەدگۇپپا ، بالىق چۇلۇق[2] قورساق توق ، بۇز تارىمنى ياقى-لا » دېيىشىپ ، تىنىمسىز كۆچۈشلەردىن قۇتۇلالمايۋاتقانلىقىنى خورسىنىپ تۇرۇپ خىيالىدىن ئۆتكۈزمەكتە…

— كۆچەيلى ، — قانىقا خىيالغا چۆككەن بېشىنى كۆ-تۈردى ، — بۇ ئاخىرقى كۆچۈش بولۇپ قالار . ئەتىلا كۆ-چەيلى ، — ئۇلتۇرغانلارغا قاراپ ئەمدى ئېسىگە ئالغاندەك جاھاڭ-بەگدىن ، — كۈنچىققان كەلمەپتۇغۇ ؟ — دەپ سورىدى .

— قىلىدىغان ئازراق ئىشلار بار ئىدى . ئۇ شۇ ئىشلارنى بىر ياقلىق قىلغىلى قالدى ، — دەپ جاۋاب بەردى جاھانبەگ .

— ئوبدان قىپسەن ، ئۇ ئەمدى يۇرت ئىشىنى ئىشلەپ ئۆگە-نىپ تۇرسۇن .

ئۇنىڭ بايىقى خورسىنىش قاپلىغان چىرايىدىن مانا ئەمدى مەمنۇنلۇق ، خۇشاللىق تەپچىمەكتە ئىدى .

---

① قاۋۇن قوغۇن .
② چۇلۇق كۆپ ، مول ، نورغۇن .

لوپلۇقلار پات ـ پات كۆچۈپ ـ يۆتكىلىپ تۇرىدىغان بولغاچ-قا، كۇندىلىك لازىمەتلىكتىن باشقا ئارتۇق بىسات قىلمايدۇ، يىغ-مايدۇ. ھەرقايسى ئائىلىلەر بىر تۇركۇم نەرسىلىرىنى ئاخشام تېڭىپ سەرەمجانلاپ قويغانىدى، قالغان نەرسىلەرنى ئەتىگەنلىك چايدىن كېيىنلا ئىشەك، كالىلارغا ئارتىپ ـ تېڭىپ تەق بولۇشتى. تايۇق بىلەن ئوماق قاناقانىڭ بىساتلىرىنى بىر ئات، بىر كالىغا ئارتىپ تاڭدى، يول تەييارلىقى تەل بولدى. تايۇق قاناقانىڭ ئاق قاشقىلىق چىلان تورۇق ئېتىنى ئۇنىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىغا ئەكېلىپ تۇتۇپ تۇردى. قاناقا ئۆيدىن چىقىپ ئېتىنىڭ يېنىغا كەلدى. ئوماق قاناقانىڭ ئۆيىنىڭ ئىشىكىنى چىگە يېپىتا چىگىپ ئېتىپ قويماقچى بولۇۋىدى، قاناقا:

— ئەتمە، بىز قايتىپ يەنە كەلمىسەكمۇ، ئۆتمۈرۈنچۈلەر قونۇپ ئۆتسە ياخشىغۇ، دەپ قويۇڭلار، باشقا ئۆيلەرنىڭ ئىشىكىنى-مۇ چىگىپ قويمىسۇن، — دېدى.

تايۇق بىلەن ئوماق قاناقانى قولتۇقىدىن يۆلىدى، ئاتنىڭ بېشىنى جاھانبەگ تۇتۇپ تۇردى. قاناقا ئاتقا مىنىپ ئوبدان ئولتۇ-رۇۋالغاندىن كېيىن، ئۆزى يالغۇز مەھەللىنى ئارىلىدى. مەھەللى-نىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ياغاچ ئۆينىڭ تېمىدا ئەينەك ئەتىگەنلىك كۈن نۇرىدا ۋاللىداپ تۇراتتى. ئۇنى قاناقا ئۆز قولى بىلەن ئېسىپ قويغاچقا، ھېچكىم قول تەگكۈزمىگەنىدى. قاناقا ئاتنى تامغا يېقىن قىلىپ ئېڭىشىپ ئەينەكنى ئالدى، پېشىگە سۈرتۈۋېتىپ قارىدى، يۈزىدىكى بېلىق تورىدىنمۇ زىچ ئىز سالغان قورۇقلارنى كۆردى. «بۇ ئۆمرۈم بويى كۆچۈپ يۈرگەندە ماڭغان يوللىرىمنىڭ ئىزناسى-دۇر، ئۇنى ساناپمۇ سانىغىلى بولمىغۇدەك» دەپ ئويلىدى. قاناقا-نىڭ يۈزىدىكى ئۇزۇنسىغا ـ يېنىغا تارتىلغان قورۇقلار كۆپلۈكى، زىچلىقىدىن قارىغان كىشىگە مىسلى توپلاشتۇرۇلغان گۈزەل نە-قىشكە ئوخشايتتى. ئۇ ئەينەكنى ئوماققا: «ئايقۇت تۇتسۇن» دەپ بەردى ـ دە، «ماڭايلى» دېگەن ئىشارىنى قىلىپ قويۇپ يولغا ئاتلاندى. قاناقانىڭ ئېتى ئاجايىپ ئۆگىتىلگەن، قامچا كەتمەيدۇ،

تىزگىنىنى ئۇيان ـ بۇيان تارتىشمۇ ھاجەت ئەمەس ، ئۇزەڭگىنى بېسىپ ، ئاتنىڭ بېقىنىغا نىقتاپ قويسىلا كۇپايە ، قايسى تەرەپ نىقتالسا شۇ تەرەپكە ماڭىدۇ ، مىڭىشىنىڭ سىلىقلىقىنى بىر دې-مەڭ ، ئاستا ماڭسىمۇ ، يورغىلىسىمۇ ئولتۇرغان كىشى تەۋرى-نىپ قويمايدۇ .

ئۇلار ئانچە ئۇزاق ماڭماي ئېگىز ، دائىرىسى چوڭ بىر قۇم تۆپىلىككە كەلدى . قاناقا يېنىغا بۇرۇلۇپ ، تايۇقتا :

— يولىمىز ئاخشام دېيىشكەندەك بولسۇن ، — دېدى ـ دە ، ئېتىنى تۆپىلىكنىڭ ئوڭ تەرىپىگە بۇراپ كېتىۋەردى ، ئارقىسىدىن جاھانبەگ بىلەن تولەك بوۋا ماڭدى .

تايۇق بىلەن ئوماق قالغان ئادەملەرنى باشلاپ تۆپىلىكنىڭ سول تەرىپى بىلەن ئۇدۇل يېڭى ئابدال تەرەپكە يول ئالدى . ئاخشام قاناقا ئۆزىنىڭ ئويتوغراقتا بېرىپ «دىۋە ئادەم» بىلەن كۆرۈشۈپ ئۆتىدىغانلىقىنى ، جاھانبەگ بىلەن تولەك بوۋىنىڭ ئۆزىگە ھەمراھ بولۇپ ماڭىدىغانلىقىنى ، باشقىلارنى تايۇق بىلەن ئوماق باشلاپ ماڭىدىغانلىقىنى ئېيتقان . كۆچكۈچىلەر بۇلاقكۆلدىن چىقىپ باق-مىغاچقا ، ئۇلار كونا ئابدال قايسى تەرەپتە ، يېڭى ئابدال قايسى تەرەپتە ، زادى بىلمەيتتى . شۇڭا ئۇلارنى بىرەرسى باشلىمىسا بول-مايتتى .

جاھانبەگ بىلەن تولەك بوۋا قاناقانىڭ ئويتوغراقتا چۈشۈپ ئۆتۈشىنى ئۆزلىرىچە قىياس قىلىشاتتى . «بۇ قېتىمدا ئۇنى يېڭى يۇرتقا ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ كەتسە كېرەك» دەپ ئويلايتتى تولەك بوۋا . جاھانبەگنىڭ قىياسى ئۇنىڭ ئەكسىچە ئىدى . «… ئۇ ئورنىدىن قوزغالمايدۇ . ‹ئاتام ئاگايىنى تاشلىمايمەن ، بولمىسا ئاتام ئىزىنى ، ئەجدادلار ئىزىنى تاشلىۋەتكەن بولىمەن ، ئۆلۈكىگە ئۆلۈكۈم بىلەن ھەمراھ بولىمەن ، لا دەيدۇ » دەپ ئويلايت-تى جاھانبەگ ، بۇ ئىككىسىنىڭ كۆڭلىگە كەچۈرگەنلىرى بىلەن قاناقانىڭ كۆڭلىگە پۈككىنى ئوخشىمايتتى .

قاناقالار قۇملۇقتا ئاتلىرىنى مەيلىگە قويۇپ بېرىپ ، پاراڭلاش-

قاچ ئاستا ماڭدى ، ئىككى قېتىم ئارام ئېلىپ ، بىر قېتىم تاماقلاندى ، شۇڭا ئويتوغراقتا كەچئارىسى مەھەلدە يېتىپ كەلدى . ئۇلار ئۇدۇل قۇدۇق بېشىغا كەلدى . نېرىراقتا ئۈچ توپ بولۇپ كۆشەپ ياتقان قوي ، كېيىك ، جەرەنلەر ئاتلىقلاردىن خەۋپسىرىشىپ دۈپۈرلىشىپ ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىشتى . كېيىك بىلەن جەرەنلەر پاتاڭلىرىنى سوزۇپ سەگەكلىك بىلەن كەلگەنلەرنىڭ ھەربىر ئىشىغا ئېغىزىنى ئېچىپ قاراشماقتا . «دۈپۈر — دۈپۈر» نى ئاڭلىغان «دىۋە ئادەم» — چەپەر ساتىمدىن چىقتى . قانقاقا ، جاھانبەگ ، تۆلەك بوۋىنى كۆرۈپ ئىتتىك ئۇلارنىڭ ئالدىغا كەلدى .

— قوي ، ماللىرىڭ ئوبدان تۇرۇپتۇ ، — جاھانبەگ شۇنداق دېگەچ ئاتتىن چۈشۈپ ، قاناقانىڭ چۈشۈشىگە ياردەملەشتى . چەپەر ئىتتىك كېلىپ قاناقانىڭ قولتۇقىدىن يۆلىدى . چەپەر ئۇلارنى ساتىمىغا تەكلىپ قىلدى .

— ساتىمىغا كېيىن كىرىمىز ، قېنى ئېيتە ، قۇرۇپ قالاي دەپ قالغان چوڭ بىرەر تۈپ توغراق بارمۇ ؟ — قاناقا چەپەردىن سورىدى .

چەپەر نېمىگە ئىشلەتكىلى ، دەپمۇ سورىماي ، ئۇدۇللا جاۋاب بەردى :

— شۇنداق بىر تۈپ توغراق بار ئىدى ، كېسىپ كېمە چاپقۇدەك قىلىپ قويۇپتىمەن .

— ماڭە ، كۆرۈپ باقايلى ، — دېدى قاناقا .

تۆلەك بوۋا بىلەن جاھانبەگ پەقەت شۇ چاغدىلا قاناقانىڭ ئويتوغراققا چۈشۈپ ئۆتمەكچى بولغىنىنىڭ سىرىنى چۈشەندى : «ئۇ ئۆزىگە مەڭگۈلۈك تاۋۇت تەييارلىتىپ قويماقچى» .

— مانا مۇشۇ ، — چەپەر ئىككى بېشى تۈپتۈز كېسىپ قويۇلغان ، قوۋزاقلىرى سويۇۋېتىلگەن بىر توغراق كۆتىكىنى كۆرسەتتى .

كۆتەك ئىككى يېرىم غۇلاچچە ئۇزۇنلۇقتا بولۇپ ، چوقاتمىقى يوق ، قىرىپ ياساپ قويغاندەك تۈپتۈز ئىدى .

— ماڭا ئاتاپلا كېسىپ قويۇپسەن ، — قالاچ قاناقا چەپەرگە شۇنداق دەپ بولـۇپ ، تۆلـەك بوۋىـدىن سورىـدى ، — قانداق ، بولامدۇ ؟

لوپلۇق بەزى قېرىلارنىڭ مەھەللە ئەتراپىدىكى ئوت ـ چۆپلۈك قۇم دۆڭىنى ، ئىچى كاۋاكلىشىپ قالغان يوغان توغراقنى ئۆزىنىڭ يەرلىكى ئۈچۈن ئالدىن تاللاپ بەلگە سېلىپ قويىدىغان ، بۇرۇنقىلاردىن قالغان ساقىندى ئادىتىگە كىشىلەر ئانچە ھەيران قالمىسىمۇ ، قاناقانىڭ سوئالىغا تۆلەك بوۋا نېمە دېيىشىنى بىلمەي مەڭدەپ قالدى . ئۇنىڭ بۇنداق قىلىشى ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىگە يېقىنلىشىپ قالـغانلىقـتىن بېشارەتـمىكىن . تـۆلەك بوۋا نېمە دېيەلىسۇن .

— ياخشى كۆتەككەن ، — دېدى ئارانلا .

ساتىمغا قايتىۋېتىپ جاھانبەگ تۆلەك بوۋىغا پەس ئاۋازدا :

— ھېلىمۇ ياخشى ئىشلىرىمىزنى تېزلەتكىنىمىز ، — دېدى .

ئۇلار ئويتوغراقتا قونۇپ قالدى . قاناقا چەپەرگە كۆتەكنى قانداق تەرتىپتە تەييارلاشنى ، تېززەك پۈتكۈزۈشنى قاتتىق جېكىلىدى . جاھانبەگ بىلەن تۆلەك بوۋا جىممىدە يېتىشىدا ئۇخلىغاندەك ئىدى ، تۇرۇپ ـ تۇرۇپ ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ قويۇشلىرىدىن ئۇلارنىڭ ئۇخلىمىغانلىقىنى بىلگىلى بولاتتى…

## 5

قالاچ قاناقا كېلىۋېتىپتۇ… !

تايۇق بىلەن ئوماق باشلاپ ماڭغانلار يۇك ـ تاقلىق بولسىمۇ ، ئۇدۇل ماڭغاچقا ، يېڭى مەھەللىگە ئىككى كۈندە كېلىپ بولغانىدى . مەھەللىدىكىلەر قاناقانىڭ جاھانبەگلەر بىلەن كېلىۋاتقانلىقىنى شۇلاردىن ئاڭلاپ ، ئۇنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ تەلمۈرۈشۈپ تۇراتتى . چۈشتىن كېيىنكى مەھەل بىلەن كەچئارىسى مەھەلىنىڭ ئوتتۇرىسى بولغان چاغ ، يىراقتا ، ئېگىز بىر قـۇم دۆۋىسىنىڭ

ئۈستىدە ئىككى ئاتلىق ئادەمنىڭ قارىسى كۆرۈندى .
— ئۇلار كىم ؟
— جاھانبەگمۇ ئەمەس ، تولەك بوۋىمۇ ئەمەسقۇ .
كىشىلەر كۆرۈنگەن بۇ ئىككى ئاتلىقنىڭ كىملىكىنى پەرق ئېتەلمەي ، بىر - بىرىدىن : «ئۇلار كىملەردۇ ؟» دەپ سورىشىپ تۇرغاندا ، ئۇلار ئاتتا ئۆرە بولۇپ مەھەللە تەرەپكە قاراپ بىرنېمە-لەرنى ئىشارە قىلىپ قوللىرىنى پۇلاڭلاتتى . بۇ قول ئىشارىتىنى لوپلۇقلار چۈشىنەتتى .
— كېلىۋېتىپتۇ .
— كېپتۇ...
كىشىلەر شۇنداق دېيىشكەچ ئىختىيارسىز ئاتلىقلار كۆرۈنگەن تەرەپكە ماڭماقتا . ئاتلىقلار يەنە بىر قېتىم قول ئىشارىسى قىلىپ قويۇپ ، قۇم دۆۋىسىدىن چۈشۈپ بۇ تەرەپكە ئات سالدى .
— كەلدى ! كەلدى ، قاناقا كەلدى ! — ئاتلىقلار يىراقتىنلا كۆپچىلىككە قاراپ توۋلاپ كەلمەكتە ئىدى .
بۇ ئىككىسىنى تايۇق بىلەن ئوماق يىراقتىنلا تونۇدى . بىرى قالاچ قاناقانىڭ كۈكۈنەۋرىسى بولۇپ ، يەنە بىرى تولەك بوۋىنىڭ نەۋرىسى ھەكىم ئىدى . ئۇلار چۈشلۈك تامىقنى يەپ بولۇپلا تا-يۇق ، ئوماقلىمۇ دېمەي قاناقالارنىڭ ئالدىغا كەتكەنىدى . ھەكىم بوۋىسىدىن ، باشقىلاردىن قالاچ قاناقانىڭ شۇنچە كۆپ تەرىپىنى ئاڭلىغىنى بىلەن دىدارىنى كۆرۈپ باقمىغانىدى . تايۇق بىلەن ئو-ماق ، كۈنچىقانبەگلەر ماڭدۇرماي قالارمىكىن دەپ ، ھەكىم بولۇلا-غا يالۋۇرۇپ ھېچكىمگە بىلدۈرمەي قاناقالارنىڭ ئالدىغا كەتكەنىدى .
توپ ئىچىدىن تۆت يىگىت ئىككى ئاتلىق كىشى كەلگەن تەرەپ-كە ئاتلىرىنى چاپتۇرغىنىچە قويۇن - تۈتۈندەك يورۇپ كەتتى . بۇلار قاناقانىڭ نامىنى ، تەرىپىنى ئاڭلىغان ، ئەمما دىدارىنى كۆ-رۈپ باقمىغان ياشلار ئىدى . ئۇلارنىڭ ئىككىسى قاراقوشۇندىن ، قالغان ئىككىسى ئابدال ۋە يانلاردىن ئىدى . ئۇلار قاناقانى بىرىنچى

بولۇپ كۆرۈۋېلىش ئۈچۈن گېپىنى بىر قىلىۋېلىپ ، باشقىلارغا دېمەي يول ئېلىشقانىدى . بۇلار قومۇلۇقتا ئانچە ئۇزاقتا بارمايلا بايىقى قوم دۆۋىسى يامزىلىدا ئۈچ ئاتلىق كىشى كۆرۈندى .

— ئەنە كەلدى !

— كەلدى !

تۆت مەھەللىنىڭ چوڭ ـ كىچىك ئەر ـ ئاياللىرىنىڭ ھەممىسى گوررىدە شۇ تەرەپكە ئاقتى .

جاھانبەگ بىلەن تولەك بوۋا يولدا كېلىۋېتىپ قالاچ قاناقانى قانداق ئورۇنلاشتۇرۇشنى مەسلىھەتلىشىۋالغانىدى . قاناقانى جاھانبەگ ئۆزىنىڭ ئۆيىگە يېقىن ئۆيگە ئورۇنلاشتۇرۇپ ، ھالىدىن ئۆزى خەۋەر ئالماقچى بولدى .

ئالىمان خۇددى بىر قاينام بولدى ، قاناقا ، جاھانبەگ ، تولەك بوۋىلار ئالىمان قاينىمىنىڭ ئوتتۇرىسىدا قالدى ، پىيادىلەر ، بويى پاكارلار قاناقانى تولۇق كۆرۈۋېلىش ئۈچۈن ، كۆرەلىگۈدەك جاي ئىزدەپ ئايلىناتتى ، سەكرەيتتى .

— قاناقاغا يول بېرىڭلار ! — جاھانبەگ كىشىلەرگە گەپ قىلىۋېتىپ ئالدىغا ماڭدى .

كىشىلەر لەپپىدە ئىككىگە بۆلۈنۈپ يول بەردى . جاھانبەگنىڭ ئارقىسىدىن قالاچ قاناقا ، قاناقانىڭ كەينىدىن تولەك بوۋا ماڭدى . ئالىمان بەرگەن يولدىن ئۆتۈپ بولۇپ ، ئۈچى يەنە ئۇدۇل بىر قاتار بولۇپ ماڭدى . كىشىلەر ئىككى ياندا ، ئارقىدا ماڭدى . قاناقا پات ـ پات ئىككى ياندىكىلەرگە قاراپ قوياتتى . شۇ تاپتا قاناقانىڭ كۆزىدە ، يۈزىدە خۇشاللىقى بىلىنىپلا تۇراتتى . ئۇ بىر ئۆمۈر مۇشۇنداق جەم بولۇش ، مۇشۇنداق توپلىشىشنى ئارزۇلاپ كەلگەنىدى . بۇ توپتا ھازىر قەبىلە مەۋجۇت ئەمەس ئىدى ، تۆت قەبىلە ئادەملىرى ئىختىيارسىز ، تەبىئىيلا ئارىلىشىپ كەتكەنىدى . بۇنداق ئارىلىشىپ كېتىشكەنلىرىنى ئۆزلىرىمۇ بىلمەي قالدى . بىلسە نىمە ، كىشىلەر ھازىر بۇنىڭغا ئانچە پەرۋا قىلىپ كەتمەيدىغان بولدى...

قالاچ قاناقانىڭ يېڭى يۇرتقا كۆچۈپ كېلىشى، بۇ يەرگە يېڭى كەلگەنلەرنىڭ كۆڭلىنى تېخىمۇ خاتىرجەم قىلىپ قالماي، كېلىشكە تېخىچە كۆڭۈل توختىتالماي تۇرغانلارغا ئىشەنچ تۇرغۇزدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ قولى پۇتىنى، پۇتى قولىنى ئالدىراتقىلى تۇردى؛ يەنە بىر تەرەپتىن، ھەرقايسى يۇرت - مەھەللىلەرنىڭ سايلام ئىشلىرىنىمۇ ئىلگىرى سۈردى. يېڭى تۆت مەھەللىنىڭ ئاقساقال سايلاش ئىشى ھەممىدىن ئىلگىرى، ئوڭايلا تاماملاندى. «مەھەللە ئاقساقىلىغا كىمنى سايلايسىلەر؟» دەپ بولغۇچە، كىشىلەر بۇرۇنلا مەسلىھەتلىشىپ كېلىشىۋالغاندەك «×× نى سايلايمىز» دەپ، بىر ئېغىزدىن تەۋلاشقاندەك ئاۋاز قوشۇپ، يېڭى مەھەللە بولغاندىن كېيىنكى تۇنجى ئاقساقىلىنى ھېچقانداق تالاش - تارتىش قىلماي سايلاپ چىقتى.

قارا قوشۇن مەھەللىسىگە: بەردىقۇل (يانلار قەبىلىسىدىن)

ئابدال مەھەللىسىگە: تايۇق (قالۇچى قەبىلىسىدىن)

قالۇچى مەھەللىسىگە: توختىكۆل (ئابدال قەبىلىسىدىن)

يانلار مەھەللىسىگە: ئوماق (قارا قوشۇن قەبىلىسىدىن)

قالغان كونا سەككىز مەھەللىدىن يەتتە مەھەللىنىڭ سايلىمىنىڭ ئوخشۇشلۇق بولغانلىق خەۋىرى كېلىپ، ئارقىدىنلا يېڭىدىن سايلانغان ئاقساللار قالاچ قاناقا بىلەن جاھانبەگكە سالام بەرگىلى كەينى - كەينىدىن كېلىشكە باشلىدى. پەقەت ئاتمىشبۇلاق مەھەللىسىنىڭ سايلىمىدا ئىككى كىشىگە ئاۋاز تەڭ بولۇپ قېلىپ، ئامالسىز قالغانلىق خەۋىرى كەلدى.

— ئاتمىشبۇلاققا كۆنچىققاننى ئەۋەتەيمىكىن، — دېدى جاھانبەگ قالاچ قاناقا ۋە تۆلەك بوۋىلار بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇپ.

— ياخشى ئويلاپسەن، ئىشلارنى ئۆزى ئايرىم بىر تەرەپ قىلىپ يېشسۇن، — دېدى قاناقا.

تۆلەك بوۋا گەپ قىستۇرۇپ:

— ئاتمىشبۇلاقنىڭ ئادەملىرى مۇرەككەپرەك. بىرىپ چوڭلار بىلەن سۆزلىشىپ، ئۇلارنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ باقسۇن. كۆنچىق-

قانبەگكە مۇشۇنى ئۆزۈڭ جېكىلەپ قوي ، — دېدى .

ئاتمىشبۇلاقتا قاراقوشۇن ، ئابدال ، قالۇچى — ئۈچ قەبىلە- نىڭ ئادەملىرى بولۇپ ، قالۇچىلار بىرنەچچىلا ئائىلە ، قالغان ئىككى قەبىلىنىڭ ئون نەچچە ئائىلىدىن ئىدى . سايلامغا ئوغۇللار- دىن ئون بەش ياشقا كىرىپ ، توشقان ئوۋلىيالىغان ، كېمە تاياپ بىلىق تۇتالىغانلىرى قاتنىشاتتى ، ئاياللارنىڭ قاتنىشىشى تەلەپ قىلىنمايتتى ، خالىغانلىرى قاتناشسا بولىۋېرەتتى ، قىزلارنى تالا- لىق بولمىغان دەپ قاتناشتۇرمايتتى . قارا قوشۇن بىلەن ئابداللار ئۆزلىرى كۆرسەتكەن نامزاتقىلا ئاۋاز بېرىپتۇ . قالۇچىلار ئۇ ئىككى نامزاتنىڭ ھېچقايسىسىغا قوشۇلمايدىكەن ، ئەمما ئايرىم باشقا نام- زات كۆرسىتىشكە تەڭلىكتە قېلىپ ، ئۆيلىرىگە كىرىۋېلىپ ، ئاۋاز بەرگىلى ئۇنىماپتۇ .

كۇنچىققانبەگ كېلىپ ئۈچ قەبىلە كىشىلىرى ئىچىدىن ئاتىسى كۆرسىتىپ بەرگەن بىرنەچچە قېرىلار بىلەن ئەھۋاللاشتى ، ئىش- نىڭ تېگى - تەكتىنى بىرقۇر ئىگىلىدى .

قاراقوشۇنلۇق بىر بوۋاي :

— ئۇ ئىككى نامزاتنىڭ ھېچقايسىسى بولمايدۇ ، — دېدى .

— نېمىشقا ؟

— بىرى يۇرت قائىدىسىنى بىلمەيدىغان چاتاقچى ، يەنە بىرى ئۆز قەبىلىسى ئۈچۈنلا گەپ قىلىدۇ .

— سەن ئاۋاز بەردىڭمۇ ؟

— بەردىم .

— قايسىنىڭغا ؟

— چاتاقچىغا .

كۇنچىققانبەگ ھەيران قېلىپ بوۋايغا قارىدى .

— ھەي ، ئوبوشقا ، — دېدى كۇنچىققانبەگ چۈشىنىكسىز ئىپادىدە كۈلۈمسىرەپ ، — ئۆزۈڭ ئۇنى بولمايدۇ دەيسەن ، يەنە ئاۋاز بېرىپسەنغۇ ؟

بۇ بوۋاي كونا ئاقساقاللارنىڭ ئاخىرقى كېڭىشىگە بارغانلار-

نىڭ بىرى ئىدى.

— گوي، بەگ ئوغلى، گوي، بەگ ئوغلى، بۇ يەر بەگ مەھەللىسىدىن[1] بەك يىراق. ئۇ چاتاقچىنى كىم باشقۇرىدۇ؟ بۇرۇنقى ئاقساقالمۇ ئۇنىڭدىن قورقاتتى.

— بىزنىڭ ئىچىمىزدە يۇرتقا ئاقساقال بولسا بولىدىغان بىر ئادەم بار، ھېچكىم ئۇنىڭغا يەتمەيدۇ، — دېدى بىر ئايال.

كۈنچىققانبەگ ئىتتىك سورىدى:

— ئۇ كىم؟

ئايال جاۋاب بەرگۈچە ھېلىقى ئوبۇشقا جاۋاب بەردى:

— تۇرغان، مەھەللىدىكىلەر ئۇنى تۇرغان ئاتا دەيمىز.

كۈنچىققانبەگ بىرنەچچەيلەن بىلەن سۆزلىشىپ چاتاقنىڭ نەدىلىكىنى بىلدى.

ئىككى مەھەللىنىڭ كىشىلىرى ئۆز ئىچىدىكى بەزىلەرنىڭ «يول كۆرستىشى» بىلەن شۇنداق ئاۋاز بەرگەنىكەن. قالۇچىلىق تۇرغان ئاتا ياش چاغلىرىدا ئوۋدا بىرنەچچە قېتىم قالاچ قاناقا بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىپ، قاناقانىڭ يۈرەكنى لەرزىگە سالغۇدەك ئاجايىپ گەپلىرىنى ئاڭلىغان، تەسىرلەنگەن، ھېكمەتلىك سۆزلىرىنى كۆڭۈل قاتلىرىغا ئورنىتىۋالغانىدى. شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىكى قەبىلىچىلىكنىڭ ئىزنالىرى ئاستا-ئاستا ئۆچۈشكە باشلىغان. ئۇ ئوۋلاپ كەلگەن نەرسىلىرىدىن ئېھتىياجىدىن ئاشقانلىرىنىڭ ھەممىسىنى قايسى قەبىلىدىن بولۇشىغا قارىماي ئاجىز-ئورۇق، يېتىم-يېسىرلارغا بۆلۈپ بېرىدىغان بولدى. مەھەللىدىكىلەر ئۇنى ھۆرمەتلەپ، چوڭ بىلىپ تۇرغان ئاتا دەپ ئاتايدىغان بولدى. مەھەللىدە سايلام بولۇۋاتقاندا ئۇ قىشلىق ئوزۇقلۇق غەملەش ئۈچۈن بەش-ئالتە ئېشەكنى ھەيدەپ تاغقا ئوۋغا كەتكەنىدى.

— قاچان قايتىپ كېلەر؟ — كۈنچىققانبەگ قېرىلاردىن سورىدى.

— كېلىدىغان ۋاقتىمۇ بولۇپ قالدى، — قېرىلاردىن بىرى

[1] بەگ مەھەللىسى — ئابدال بەگ مەھەللىسىمۇ دېيىلىدۇ.

جاۋاب بېرىپ بولۇشىغا ، ئۆيگە قالۇچىلىق بىر يىگىت يۈگۈرۈپ كىرىپلا :

— تۇرغـان ئاتـا قايـتىپ كەلـدى ، جـىق نەرسە ئوۋلاپ كېپتۇ ، — دېدى .

كۈنچىققانبەگ بىلەن سۆھبەتكە قاتناشقان قېرىلار ئۆيدىن چىقىپ تۇرغان ئاتىنىڭ ئۆيى تەرەپكە ماڭدى . ئۇنىڭ ئۆيى مەھەللىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئىدى . كىشىلەر ئۇنىڭ ئوۋ ماللىرى ئارتىلغان ئېشەكلىرىنى ئورىۋېلىشقانىدى . سۆھبەتكە قاتناشقان ئەڭ چوڭ ياشلىق بىر بوۋاي :

— تۇرغان ، تۆت جېنىڭغا شۇنچىۋالا نەرسىنى ئوۋلاپ كېپسەن ، يەپ بولالامسەن ؟ — دەپ سورىدى .

بوۋاينىڭ ئەتەي شۇنداق سورىغانلىقىنى ، ئۇنى گەپكە سېلىپ شۇ ئارقىلىق ئۆزىنى تۇرغان ئاتا توغرۇلۇق بىۋاستە چۈشەنچىگە ئىگە قىلماقچى بولغىنىنى سەزگەن كۈنچىققانبەگ بوۋاينىڭ چېچەن ، گەپكە ئۇستىلىقىدىن كۆپ مەمنۇن بولدى .

— مەھەللىمىزدە ئاجىز - ئورۇقلار ئاز ئەمەس . بۇ قېتىمقى ئوۋغا شۇلار ئۈچۈنلا چىققۇيدىم ، ئۇلارنىڭ تەلىيى باركەن ، خۇدا بەردى ، — دەپ جاۋاب بەردى تۇرغان ئاتا .

ئۇنىڭ بۇ جاۋابىنى ئەتراپتا تۇرغان ئۈچ قەبىلە كىشىلىرىنىڭ ھەممىسى ئاڭلىدى ، ئاڭلىغىنى ياخشى بولدى .

كۈنچىققانبەگ تۇرغان ئاتىنىڭ ئالدىغا بېرىپ كۆرۈشتى . تۇرغان ئاتا : «سەن كىم» دېگەندەك ، ئۇنىڭغا سەپسېلىپ قارىدى . كۈنچىققانبەگ تۇرغان ئاتىغا يېقىن تونۇشلاردەك كۈلۈمسىرەپ قاراپ تۇراتتى .

— بۇ كۈنچىققانبەگ ، — بايا تۇرغان ئاتىغا گەپ قىلغان بوۋاي ئۇنىڭغا كۈنچىققانبەگنى تونۇشتۇردى .

تۇرغان ئاتا كۈنچىقـقانبەگـكە قولىـنى سوزۇپ قايتىدىن كۆرۈشتى .

— بىز تۇنجى قېتىم كۆرۈشتۇققۇ دەيمەن ، تايۇق سېنىڭ

گېپىڭنى كۆپ قىلىپ بەرگەن، بەگ ئوغلى، — دېدى تۇرغان ئاتا كۈنچىققانبەگنىڭ قولىنى قويۇۋېتىپ تۇرۇپ.

كۈنچىققانبەگ:

— بايىلا مەھەللىدىكى قېرىلاردىن بىرنەچچىسى ماڭا سېنىڭ كۆپ تەرىپىڭنى قىلىپ بەردى ... — دېدى ۋە باشقىلارنىڭ ئېشەكتىكى ئوۋلارنى چۈشۈرۈشىگە ياردەملەشتى.

ئەتىسى مەھەللىنىڭ سىرتىدىكى قۇملۇقتا سايلام ئېلىپ بېرىلدى. كۈنچىققانبەگنىڭ ئاتمىشبۇلاققا تۇنجى كېلىشى بولغاچقا، بەگ ئوغلىنى كۆرىمىز دەپ ئاجىز - ئاغرىقلاردىن باشقا ئەر - ئايال، چوڭ - كىچىكلەرنىڭ ھەممىسى يىغىلغانىدى. ئوغۇللاردىن شەرتكە تولمايدىغانلار بىلەن قىزلار نېرىراق تۇرۇشقا بۇيرۇلدى.

ئالدىنقى كۈنلىرى تالاش - تارتىش قىلىنغان ئىككى نامزات بىلەن تۇرغان ئاتىنى بىر قۇم دۆۋىسىگە چىقىرىپ ئولتۇرغۇزۇپ قويدى. كىشىلەر ئارىسىدا بىردىنلا پىچىر - پىچىر، گۇدۇڭ - گۇدۇڭلار ئەۋج ئېلىپ كەتتى. كۈنچىققانبەگ قۇم دۆۋىسىگە چىقىشى ھامان كىشىلەر جىم بولۇشتى.

—... بۇ قېتىم ئاقساقاللىققا سايلىنىدىغان ئادەمنىڭ بىرلا شەرتى: پەقەت قەبىلىچىلىك قىلمايدىغان، ھەممىگە ئوخشاش قارايدىغان، ئاجىز - ئورۇقلارنىڭ بېشىنى سىلايدىغان، ئوتتۇرىدا تارازا[1] تۇرىدىغان ئادەمنى سايلايسىلەر. ئالدىڭلاردا تۇرغان ماۋۇ ئۈچ ئادەمنىڭ قايسىسى شەرت بويىچە ئاقساقاللىققا يارايدىكەن، — دېدى كۈنچىققانبەگ كۆپچىلىككە قاراپ.

كۈنچىققانبەگ گېپىنى دەپ بولۇشىغا، ئۈچ نامزاتتىن بىرى:

— مەن ئاقساقال بولمايمەن، — دەپلا قۇم دۆۋىسىدىن چۈشۈپ كىشىلەرنى ئايلىنىپ، توپنىڭ كەينىگە ئۆتۈپ كەتتى. توپنىڭ ئىچىدىن بىرى ئۈنلۈك قىلىپ:

— مانا ماۋۇ ئۆزىنى سورىدى، — دېدى.

---

[1] تارازا — ئادىل، ھەققانىي.

كۆپچىلىك پاراقىدە كۈلۈشۈپ كەتتى . دېمىسىمۇ ئۇ دائىم قەبىلىچىلىك قىلىپ ، جېدەل ـ ماجىرا تۇغدۇرۇپلا يۈرىدىغان چاتاقچى ئىدى .

چاچلىرى ئۈچتەك ئاقارغان ، بىر ئۆمۈر تۇرمۇش يۈكىنى كۆتۈرۈپ بېلى مۈكچەيگەن بىر موماي توپ ئىچىدىن ھاسىغا تايىنىپ چىقىپ قوم دۆۋىسى يېنىغا كېلىپ :

— گوي ـ گوي ، سەن يەنە ئولتۇرسەنغۇ ، سەن ئۆزۈڭنى تۇرغان ئاتا بىلەن تەڭلەشتۇرمەكچىما ؟ ئۇ كىم ؟ ! سەن كىم ؟ چۈشە ! — دەپ ھاسىسىنى يەنە بىر نامزاتقا شىلتىدى .

— بۇ قۇتقا[1] كىم ؟ — كۈنچىققانبەگ يېنىدىكى بىر قېرى ئادەمدىن سورىدى .

قېرى كىشى جاۋاب بېرىپ :

— ئاۋۇ نامزاتنىڭ ئانىسى ، مەھەللىمىزدىكى تونۇق قوشاقچى ئىدى ، قېرىپ قالدى ، ئىسمى نۇرقۇت ، — دېدى .

ھېلىقى نامزات ئورنىدىن تۇردىيۇ ، ئۇنىڭغا شۇ تاپتا دۆڭدىن چۈشمەك ئاسمانغا چىقماقتەك تەس بىلىنىپ ، تېڭىرقاپ تۇرۇپ كەتتى .

— چۈشمەي تۇرسەنغۇ ، ماڭ ! — موماي شۇنداق دېدى ـ دە ، كەينىگە ئۆرۈلۈپ توپقا قاراپ ماڭدى . ھېلىقى كىشىمۇ قوم دۆۋىسىدىن چۈشۈپ ئانىسىنىڭ كەينىدىن مېڭىپ توپ ئىچىگە كىرىپ كەتتى .

كىشىلەر بايىقىدىنمۇ يۇقىرى ئاۋازدا كۈلۈشۈپ كەتتى . شۇنداق قىلىپ بىرلا نامزات قالدى . كۈنچىققانبەگ كۆپچىلىككە قاراپ :

— ئىككى نامزات ئۆزلىرى ئالدىڭلاردىلا قوم دۆۋىسىدىن چۈشۈپ كەتتى . ھازىر نامزات بولۇپ تۇرغان ئاتا قالدى . قېنى ، كۆپچىلىك ، تۇرغان ئاتا ئاقساقاللىققا بولامدۇ ؟ — دەپ سورىدى .

— بولىدۇ ! تۇرغان ئاتا بولىدۇ ! — دەپ توۋلاشتى

---

[1] قۇتقا — موما ، چوڭ ئانا .

كۆپچىلىك .

ئاتمىشبۇلاق مەھەللىسىدىكى ئاقساقال سايلاش ئىشى ئەنە شۇنداق ئوڭۇشلۇق بولدى . كۈنچىققانبەگنىڭ بۇ يەردە بىرنەچچە كۈن تۇرۇپ تۇرقۇتتەك ياشانغان كىشىلەر بىلەن كۆپرەك پاراڭلاشقۇسى بولسىمۇ ، يېڭى ئاقساقاللار كېڭىشىنىڭ ۋاقتى قىستاپ قالغانلىقتىن ، سايلام بولۇپ ئەتىسىلا يېڭى ئاقساقال — تۇرغان ئاتنى ئېلىپ يولغا چىقتى .

## 6

— قالاچ قاناقانى كۆردۈڭمۇ ؟

— ياق ، كۆرمىدىم ، سەن كۆردۈڭمۇ ؟

— ياق ، مەنمۇ كۆرمىدىم .

— قاناقانى «غايىب ئادەم»كەن دەپ ئاڭلىدىمغۇ .

— «غايىب ئادەم» ؟ ! بۇ نېمە دېگىنىڭ ، قانداق غايىب ئادەمكەن ؟

— «دىۋە ئادەم» شۇنداق دېگۈدەك .

— ئۇ نېمە دەپتۇ ؟

— قالاچ قاناقا ئادەتتىكى ئادەم ئەمەس ، ئۇ ئۆزىگە ئۆزى ئارۋاق[1] قىلىپ غايىب بولالايدۇ . كۈندۈزى ئۆيىدە بولغان بىلەن كېچىلىرى پۈتۈن لوپ دالىسىنى كېزىپ چىقىدۇ ، كىمنىڭ نېمە قىلىۋاتقىنىنى بىلىپ تۇرىدۇ ، دەپ يۈرگۈدەك...

يېڭى مەھەللە ، يېڭى ئۆيلەرنى كۆرۈپ بېقىشقا يىراق مەھەللىلەردىن كەلگەن ئىككى قېرى ئەنە شۇنداق پاراڭ قىلىشىپ كەتتى . كونا ئاقساقاللارنىڭ ئاخىرقى كېڭىشىگە كەلگەنلەر ئۆز جايلىرىغا قايتقاندا ، كۆرگەن ـ ئۇچرىغانلا كىشىلەرگە يېڭى ئابدالدا قۇرۇلۇۋاتقان مەھەللىلەرنىڭ رەتلىكلىكى ، ئۆيلەرنىڭ ئاجايىپلىقى ، تۈزۈلۈشلىرىنى ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي تەرىپلەپ بەرگەند.

---

[1] ئارۋاق ئەپسۇن .

دى . ئاڭلىغانلارغا يېڭى مەھەللە ، ئۆيلەرنى كۆرۈپ بېقىش ئوتى تۇتاشقانىدى . شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە : «بۇ يېڭى يۇرت ، يېڭى ئۆيلەرنىڭ پىلانچىسى قالاچ قاناقا ئىكەن ، ئۇنىڭدا بىر خاسىيەت بارمىش ، ئۇنىڭ ئالدىدا تۇرغان ھەرقانداق ئادەم ئۇنىڭغا تىكىلىپ قارىيالماسمىش ، سۆزىنى تېخىمۇ يىرالمىغۇدەك ، جاھانبەگنىڭ ئۇنىڭ سۆزىدىن چىقالماسلىقىمۇ شۇنىڭدىن ئىمىش . ئوماقنىڭ قاراقۇشۇنلۇق تۇرۇپ قالۇچىلار تەرىپىگە ئۆتۈپ كېتىشى شۇنىڭ-دىن ئوخشايدۇ... ئۇ ئۇۋغا چىقتىم دېگىنى بىلەن ، نەدە خارابى-لىك ، كونا ماقاتلىق ، ئەسكى ئۆيلۈك بولسا ، شۇ يەردە بىرنېمى-لەرنى ئىزدەپ يۈرگەنمىش... » دېگەندەك گەپلەرمۇ تارقىلىپ يۈر-دى . بۇ گەپلەر جاھانبەگ ، كۆنچىقـقانبەگ ۋە تۆلـەك بوۋىـلارغا يەتمەيمۇ قالمىدى .

--- جاھانبەگ ، ساڭا ھەم ئوماققا باغلاپ ئېيتىلغان گەپلەرنىڭ قانداق ئادەملەردىن چىققانلىقىنى بىلدىڭمۇ ؟ — دېدى تۆلەك بوۋا ، جاھانبەگنىڭ ئۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ ھەيران قالغانلىقىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن .

جاھانبەگ تۆلەك بوۋىنىڭ نېمە دېمەكچى بولغىنىنى ئاڭقىرال-ماي بوۋاينىڭ كۆزىگە قاراپ تۇرۇپ سورىدى :

— سەنچە ئۇ گەپلەرنى قانداق ئادەملەر دېگەندۇ ؟

— قانداق ئادەملەر بولماقچى ، سالىبايغا ئوخشاش قەبىلچى قاراقۇشۇنلۇق ۋە ئابداللىقلاردىن چىققان گەپ بولمامدۇ . تېخى بۇنىڭدىنمۇ چوڭ گەپلەرمۇ چىقار ، لېكىن بىز قاناقاغا بولغان ئىشەنچىمىزنى يوقاتمايلى ، ئىشەنچ ئېتىقاد ، بىزدە ھازىر كەم بولۇ-ۋاتقىنى ئېتىقاد . قاناقانىڭ ئارزۇ - ئارمىنى ئېتىقاد دېگەن شۇ . بۇ ئېتىقادنى ھەممە ئادەملىرىمىزنىڭ روھىغا سىڭدۈرەلىگەن بول-ساق ، — تۆلەك بوۋا گېپىنىڭ ئاخىرىنى دېيىـشـىـنىـڭ ئورنىغا ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ قويدى .

-- ھېلىـمۇ يـاخشى ئىچىـمىزدىن سېنىڭ چىـقىپ قالغى-نىڭ ، -- جاھانبەگ تۆلەك بوۋىغا مەيتۇنلۇق بىلەن قاراپ گېپىنى

داۋام قىلدى ، — ھەممە گەپنى قاناقاغا دەپ ئۇنىڭدىن سوراپ يۈرگىلى بولمايدىكەن . سەن ماڭا كۆپرەك مەسلىھەت بېرىپ تۇر . سېنىڭ مەسلىھىتىڭنى ئالىدىغان بىر ئىش ، يېڭى مەھەللە ، ئۆيـ لەرنى كۆرگىلى كەلگەنلەر : «قاناقانى بىر كۆرسەك» دەپ تەلەپ قىلىشۋاتىدۇ . قانداق قىلساق بولار ؟

تۇلەك بوۋا بىرئاز ئويلىنىۋېلىپ دېدى :

— ئاشۇ ئادەملەرنىڭ بەزىلىرى بۇرۇن قاناقانى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمەيتتى ، بۇلاقكۆلگە دەسسەپمۇ قويمايتتى ، ئەمدى بىر كۆ- رۈشنى ئارزۇلاپ قاپتۇمۇ . بوپتۇ ، كۆرگۈسى كەلگەن بولسا ، كۆر- سۇن . لېكىن ، قالاچ قاناقانىڭ ساقلىقى ياخشى ئەمەس ، باشقىلار- نىڭ كۆرۈۋېلىشىنى دەپ ئۇنى تالجىقتۇرۇپ قويمايلى . مېنىڭچە ھەممە ئادەمنىڭ كۆرۈشىگە قانداق بولاركىن ، توقسان ياشتىن ئاشقان قېرىلار ئۆيىگە كىرىپ كۆرۈشۈپ چىقسا بولارمۇ ؟

— توغرا دېدىڭ ، بوۋا ، شۇنداق قىلايلى ، — دېدى جاھان- بەگ .

قالاچ قاناقانىڭ ئابدالغا كۆچۈپ كېلىشى كىشىلەرنىڭ ئابدالغا كېلىش قىزغىنلىقىنى تېخىمۇ ئەۋج ئالدۇرۇۋەتتى . يىراقتىكىلەر- نىڭ ئابدالغا كېلىپ قالاچ قاناقانى ، يېڭى ئۆيلەرنى بىر كۆرۈش ئارزۇسى بولسىمۇ ، يول بىلمەيدىغانلىقى ، كەلگەن ھالەتتە نەگە چۈشۈپ ، نەدە يېتىشتا بېشى قېتىپ كېلەلمەيۋاتقانلار كۆپ ئىدى . بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان جاھانبەگ ئابدالغا كېلىپ قاناقانى ، يېڭى مەھەللىنى ، ئۆيلەرنى كۆرمەكچى بولغانلار قانچىلىك بولسا كېلى- ۋېرىشنى ، ياتىدىغان جايدىن غەم يېمەسلىكنى ، ئۇلارنى يېڭى ئاق- ساقاللارنىڭ باشلاپ كېلىشىنى ئۇقتۇرۇۋەتكەنىدى . مانا ئەمدى : «ئاغزىمدىن چىقتى ، ياقامغا ياماشتى» دېگەندەك ئىش بولدى .

مانا ، ئالدى ـ ئاخىرىغا بىر ھەپتە بولدى ، يېڭى مەھەللىلەر ئادەم ، ئات ـ ئۇلاغ قايىنمىغا ئايلاندى .ئادەملەر ئۇ مەھەللىدىن بۇ مەھەللىگە ، ئۇ ئۆيدىن بۇ ئۆيگە ئۆتۈشۈپ ، كىرىپ ـ چىقىپ يۈرۈشەتتى . بىرلىرى ئۆي ، مەھەللە توغرۇلۇق پاراڭ قىلسا ، يەنە

بىرلىرى قاناقا توغرۇلۇق ، مەھەللىلەرنىڭ نامى توغرۇلۇق پاراڭ قىلىشاتتى .

— تېمىدا بىرمۇ ياغاچ يوقكەن ، قانداق تۇرغۇزغاندۇ .

— تامنىڭ قېتىدا ئاشۇ نەرسىلەر ، — بەزىلەر چېچىلىپ تۇرغان كېسەك ۋە كېسەك پارچىلىرىنى كۆرسىتىپ دەيتتى ، — بارمىكىنە ، كېسەك دېگىنى مۇشۇ ئوخشىمامدۇ ؟

— بۇ ئۆيلەر راستلا ئاجايىپ ئىكەن .

— بىزنىڭ ياغاچ ئۆيلىرىمىزگە ، ۋەدىكلەرگە[1] ، سۆرۈ[2] ، قاتماچۇقلارغىمۇ[3] ئوخشىمايدىكەن…

— قاناقانى بەك ئېگىز ئادەم دەيدۇ .

— ساقىلىنى كىندىكىدىن ئاشىدىكەن دەيدۇ .

— بىر كۆرسەك بولىتتى .

— …

ھەممە يەردە ، كەلگەن كىشىلەر ئاغزىدا مۇشۇنداق گەپلەر ئىدى .

كىشىلەر خالىغان ئۆيگە ئىختىيارىچە كىرىپ كۆردى ، لېكىن قاناقانىڭ ئۆيىگە خالىغانچە كىرىشكە بولمايتتى . قاناقا بەك ياشىنىپ قالغان ، تېنى ئاجىز ، ئاغرىقچان ، ئۇنى چارچىتىۋەتمەسلىك ، ئاياش كېرەك . بۇنى جاھانبەگ ، كۇنچىققانبەگ ، تولەك بوۋىلار ئاقساقاللارغا كۆپ تەكىتلىدى . قېرىلاردىن قاناقانى يوقلاپ چىققانلار خېلى بار . بولۇپمۇ يېشى توقساندىن ئاشقانلار بۈگۈن ئەتىگەن قاناقانىڭ ئالدىغا كىرىپ چىقتى . ئۇلار كىرگەندە ، قاناقا سۇپىدا يىغىقلىق يوتقان - كۆرپىگە يۆلىنىپ ئولتۇراتتى ، يېنىدا ئۇنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالغۇچى كۇكۇنەۋرىسى ئالتۇن بار ئىدى .

— … بىز قېرىپ قالدۇق ، بىرىمىزنىڭ كەينىدىن بىرىمىز كېتىمىز . ھەممىڭلاردىن بۇرۇن مەن كېتىمەن . ۋاقتىم ئاز قالدى . مېنىڭ بىز قاچانغىچە قەبىلىچىلىك قىلىپ بۆلۈنۈپ - چېچى-

---

[1] ۋەدىك - قومۇش ، يۇلغۇن ئارىلاش لاي چاپلاق تام ئۆي .
[2] سۆرۈ — كەپە .
[3] قاتماچۇق قومۇش ساتما .

لىپ ئۆتەرمىز ، ئۇيۇشۇپ ئۆتسەك ، ئۇيۇشۇشتىن كۆچ تېپىپ
ئۆتكەن ئەجدادلار يولىدا ماڭساق بولىتتى ، دەيدىغان ئارزۇيۇم بار
ئىدى . جاھانبەگ ، كۈنچىققانبەگ ، تۇلەكلەر مېنىڭ ئارزۇيۇمدەك
قىلىپ ئابدالدا تۆت قەبىلىنىڭ بېشىنى بىر يەرگە ئەكېلىپ ئۇيۇش-
تۇرۇپ يېڭى مەھەللە قۇردى . ھەممىگە ، باللىرىڭلارغا ، جەمە-
تىڭلاردىكىلەرگە ئېيتىڭلار ، ئەمدى قەبىلىچىلىك قىلىپ يۈرمە-
سۇن . ئۇيۇشالماي ، ئۆملىشەلمەي كۆرگەن كۆرگۈلۈكلىرىمىز ،
تارتقان تارتقۇلۇقلىرىمىز بىز بىلەن كەتسۇن . قۇمغا قاراڭ-
لار ، ئۇلار بىر - بىرىگە يېپىشمايدىغانلىقتىن ، ئېگىز بىر دۆۋە
تۇرغىنى بىلەن ئازراقلا شامالنىڭ شەپىسى كەلسە ئۇچۇپ تىرىپى-
رەن بولۇپ نەلەرگە كېتىدۇ ، قۇم دۆڭدىن ئەسەر قالمايدۇ . بىز
ئاشۇ قۇمدەك بولمايلى ...— قاناقانىڭ دېمى قىسىلغاندەك بولۇپ
ھۆمۈدەپ قالدى . ئالتۇن مەخسۇس تەييارلانغان ئۇسالىق ئىچۈر-
دى . قاناقا سەل ياخشىلىنىپ گېپىنى داۋاملاشتۇردى ، — يېڭى
ئاقساقاللارنى قوللاڭلار . ناۋادا ، ئۇلاردىن بىرەرسى قەبىلىچىلىك
قىلغۇدەك بولسا ، يۇرت چوڭى ، يۇرت ئاغىسلىق ئورنۇڭلار بىلەن
ئۇلارنى توسۇڭلار ، نەسىھەت قىلىڭلار...

قاناقانىڭ يەنە نېمىلەرنىدۇر دېگۈسى بار ئىدى ، يەنە نەپەسى
سىقىلغاندەك بىئارامىلاندى .

— قاناقا چارچىدى ، — دېيىشتى قېرىلار .

ئۇلار قالاچ قاناقاغا ياخشى تىلەكلەرنى تىلىشىپ ، بىر -
بىرلەپ خوشلىشىپ چىقىپ كېتىشتى .

قېرىلار قاناقانى يوقلاپ چىققان كۈننىڭ ئەتىسى جاھانبەگنىڭ
يېڭى ئۆيىنىڭ غالدىراڭ قومۇش بىلەن قاشالانغان چوڭ ھويلىسىدا
ئاقساقاللار كېڭىشى ئۆتكۈزۈلدى . بۇ قېتىمقى كېڭەش قەبىلىچى-
لىكتىن خالىي يۇرت قۇرۇلغاندىن كېيىنكى تۇنجى كېڭەش بولغاچ-
قا ، جاھانبەگ سورۇننىڭ تۈزۈلۈشىگە ئالايىتەن ئەھمىيەت بەردى .
ھويلىدىكى سۇپىنى چوڭ ھەم ئادەتتىكىدىن ئېگىزرەك قىلىپ
ياساتتى . سۇپىغا بىر قەۋەت كونا پالاس سېلىنىپ ، ئۈستىگە تۆت

خىل رەڭلىك قىلىپ توقۇتقان يېڭى پالاس سالدى. رەڭلەر ئىچىدە قېنىق يېشىل رەڭلىك يىپلار قويۇق بولغاچقا، سۇپىدا يېشىللىق روشەن بەرق ئۇرۇپ تۇراتتى. سۇپىنىڭ ئۈستى سۇپىدىن بىر يېرىم ھەسسە چوڭلۇقتا يېپىلغانىدى. تۆرنىڭ ئوتتۇرىسىغا قالاچ قاناقا ئۈچۈن ئالاھىدە ئورۇن راسلانغان بولۇپ، پالاس ئۈستىگە ئۈچ كۆرپە سېلىنىپ، يۆلىنىپ ئولتۇرۇشى ئۈچۈن تامغا چوڭ ئىككى پەر ياستۇق يۆلەپ قويۇلغانىدى. ئاقساقاللار تولۇق كىرىپ بولغاندىن كېيىن، جاھانبەگ، تۈلەك بوۋا، كۈنچىققانبەگلەر قالاچ قاناقانى ئېلىپ كىرگىلى چىقىپ كەتتى.

قاناقا ھويلا ئىشىكىگە كېلىشىگە ئاقساقاللار سۇپىدىن چۈشۈپ قاناقانىڭ ئالدىغا كېلىپ سالام بېرىپ ئامانلىق سوراشتى، بىر-بىرلەپ قول بېرىپ كۆرۈشتى. قاناقا بۈگۈن تېتىكلىشىپ قالغاندەك، كەيپى چاغ كۆرۈنەتتى. كۈنچىققانبەگ بىلەن تايۇق قولتۇقىدىن يۆلىمەكچى بولۇۋىدى، بولدى، دەپ ئۇلارنىڭ قولىنى ئىتتىرىۋېتىپ ھاسىغا تايىنىپ، قەدىمىنى يېنىك-يېنىك ئېلىپ سۇپا تەرەپكە ماڭدى، سۇپىغا چىقىدىغاندا باشقىلار قولتۇقىدىن يۆلەپ قويدى. قاناقا راسلاپ قويۇلغان ئورنىغا ئولتۇرۇۋالغاندىن كېيىن، ئاقساقاللار ئۆزلىرىنىڭ يېشىغا قاراپ سۇپىدىن ئورۇن ئېلىشتى. قاناقانىڭ سول تەرىپىدە بىر كىشىلىك ئورۇن بوش قويۇپ قويۇلدى. بۇ ئۇنىڭ قارىغۇچىسى، كۈكۈنەۋرىسى بۇللاغا ئاتالغانىدى. بۇللا بىر كەمدە قاناقا ئۈچۈن مەخسۇس تەييارلانغان بىر قاچا ئۇسالىقنى كۆتۈرۈپ كىرىپ كەلدى. ئىككى تەرەپكە قاراپ ئاقساقاللار ئالدىدىن ئۆتۈشنى ئەپسىز كۆرۈپ تۇرۇپ قالدى.

— قاناقا ئۈچۈن بولغاچقا، ئاقساقاللار ئېغىر ئالمايدۇ، قېنى ئۆتۈۋەر، — دېدى كۈنچىققانبەگ بۇللاغا قاراپ.

بۇللا ئۇسالىقنى كۆتۈرۈپ مېڭىپ قالاچ قاناقانىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇردى. ئۇ ياشتا ئۆزىدىن چوڭ يۇرت ئاقساقاللىرىنىڭ ئالدىنى بېسىپ ئۆتكىنىگە يۈزى چىمىلداپ قىزىرىپ كەتكەنىدى.

تۈلەك بوۋا بىلەن كۈنچىققانبەگ جاھانبەگنىڭ تەكلىپى بىلەن

كىگەشنىڭ ئاگلىغۇچىسى بولۇپ قاتناشقانىدى ، شۇڭا ئۇلار ئاقسا-
قاللار قاتارىدا ئولتۇرماي ، پەستە دۆشۈلگە ئۈستىدە ئولتۇردى .
جاھانبەگ ئاقساقاللارنى ئەتىگەنلىك چايغا كېلىشنى ئېيتقان-
دى . ئالدى بىلەن ئۇلارغا سۈتى قويۇق قىلىپ دەملەنگەن بىر
چۆچەكتىن سۈتلۈك چاي تارتىلىپ ، ئارقىدىن بىر چۆچەكتىن
ئۇجۇل ، تۇخۇم سېرىقى ، بېلىق يېغى ئارىلاشتۇرۇپ ئېتىلگەن
بولماق كەلتۈرۈلدى . ئاقساقاللار يېرىم سوۋۇتۇلغان بولماق ئۇ-
سۇلغان چۆچەكنى بىر قولىدا ئوڭ - سولغا ئايلاندۇرۇپ تېخىمۇ
سوۋۇتۇپ سۈمۈرۈپ ئىچىشتى . قاچىلار يىغىلىپ بولغاندىن كېيىن
جاھانبەگ قالاچ قاناقاغا قارىدى . قاناقا «ئىچمۇەر» دېگەن مەنىدە
بېشىنى يېنىك لىڭشىتىپ قويدى . جاھانبەگ گەپ باشلاپ :
— بۇ قەبىلىچىلىك قىلىنمايدىغان يېڭى يۇرت قۇرغىنىمىز-
دىن كېيىنكى تۇنجى قېتىملىق ئاقساقاللار كېڭىشى . بۇ قېتىمدا
ئىككى ئىشنى كېڭىشىپ ماقۇللايمىز . ئۇنىڭ بىرى ، يۇرتقا نام
بېرىش ئىشى ؛ يەنە بىرى ، يېڭى يۇرتنىڭ قۇرۇلغانلىق خاتىرىسى
ئۈچۈن مەخسۇس قوشاق ئېيتىشىش ، كىمە چېپىش مۇسابىقىسى
ئېلىپ بېرىش ئىشى . قېنى ، ئاقساقاللار نېمە دەيسىلەر ؟ —
دېدى .
ئاقساقاللار ئىككىنچى ئىشقا تولۇق قوشۇلغاندىن سىرت ،
ھەرقايسى مەھەللىلەرمۇ ئۆز ئالدىغا ياكى يېقىن مەھەللىلەر بىرلە-
شىپ ئېلىپ بارسىمۇ بولىدۇ ، دەپ بېكىتىلىپ ماقۇللاندى . كىمە
چېپىش مۇسابىقىسىنى كېڭەش ئۆتكۈزۈلگەن كۈندىن يەتتە كۈن
ئۆتكەندە ئېلىپ بېرىش ، ھەربىر ئاقساقال ئۆز مەھەللىسىدىن
بىردىن كىمە چاپىدىغان ئادەم ئېلىپ كېلىش ، بۇلاردىن سىرت
ئويتوغراقتىكى «دېۋە ئادەم» — چەپەرمۇ كىمە چېپىش مۇسابىقى-
سىگە قاتنىشىش ، يېقىن ئەتراپتىكىلەردىن كېلىپ كۆرىدىغانلار
بولسا مەيلىگە قويۇش بەلگىلەندى . بىرىنچى ئىش ، يەنى يۇرتقا
نېمەدەپ نام بېرىش مەسىلىسىدە خېلى تالاش بولدى . بەزىلەر :
— يېڭى يۇرت ئابدال دائىرىسىدە بولغاندىكىن ، يېڭى ئابدال

دەپ ئاتايلى ، — دېسە ، بەزىلەر :
— ئادىتىمىز بويىچە «يۇرتچاپقان» دەپ ئاتايلى ، — دېدى .
بۇنىڭغا قارىتا بەزىلەر :
— «يۇرتچاپقان» دەپ ئاتىلىدىغان باشقا بىر جاي بار ، شۇڭا «يېڭى يۇرتچاپقان» دەپ ئاتىساق ، — دېدى .
ئاقساقاللار ئۇنى دەپ ، بۇنى دەپ ئاخىرى يېڭى يۇرتنى «يېڭى يۇرتچاپقان» دەپ ئاتاشنى ماقۇل تېپىشتى .
مۇشۇ چاغدا قالاچ قاناقا گېپى بارلىقىنى بىلدۇرۇپ جاھانبەگكە قارىدى .
جاھانبەگ :
— ئاقساقاللار ، قاناقانىڭ بىرگە دەيدىغان گېپى بار ئىكەن . قېنى ، قاناقامىزنىڭ گېپىنى ئاڭلايلى ، — دېدى .
شۇئان ئاقساقاللارنىڭ كۆزى قالاچ قاناقاغا تىكىلدى .
قالاچ قاناقا بۇللا بەرگەن ئۇسالىقتىن ئىككى ئوتلام ئىچمۇېلىپ گېپىنى باشلىدى :
— ئاقساقاللار ، مەن ئەسلىدە گەپ قىلماقچى ئەمەس ئىدىم . ئەمما ھازىر گەپ قىلىشىم زۆرۈر بولۇۋاتىدۇ . يېڭى يۇرتىمىزنى «يېڭى يۇرتچاپقان» دەپ ئاتىماق بولدۇق ، لېكىن «ئابدال» دېگەن ئىسمىنى تاشلىۋەتسەك بولمىغۇدەك . ئاخشاملا تۈنجى قالاچ بوۋام چۈشۈمگە كىرىپ قالدى . ئۇ باشقا گەپ قىلمايلا : «سىلەر يېڭى يۇرتۇڭلارغا نام بەرمەكچى بولۇۋاتىسىلەر . قانداق نام بەرسەڭلارمۇ بولىدۇ ، ئەمما ‹ئابدال› دېگەن نامنى تاشلىۋەتسەڭلار بولمايدۇ ، ئەجدادلار ئالدىدا گۇناھلىق بولۇپ قالىسىلەر···» دېدى . قالاچ چوڭ بوۋامنىڭ ئېيتىشىچە ، «ئابدال» بىزنىڭ قەدىمدە ئۆتكەن چوڭ بىر ئەجداد قوۋمىمىزنىڭ باشقا بىر خىل نامى ئىكەن . كېيىنكى زامانلارغا كەلگەندە ، بۇ نامنىڭ دائىرىسى كىچىكلەپ ، قىممىتى تۆۋەنلەپ ، ئازراقلا ، كىچىك بىر توپ ئۆزىنىڭ قەبىلە نامى قىلىۋاپتۇ . بىزگە كەلگەندە تېخىمۇ شۇنداق بوپتۇ . بىز يېڭى يۇرتىمىزنى ھېلىقىدەك ئاتىساقمۇ ، ئومۇمىي دائىرىمىزنى قەدىمكى

ئاشۇ چوڭ ئەجداد قوۋمىمىزنىڭ نامىدا ئاتاۋەرسەك دەيمەن ، — دېدى .

قالاچ قاناقانىڭ گېپىدىن كېيىن ، ئاقساقاللار «پىچىر - پىچىر »غا چۈشۈپ كەتتى .

— ماندافكەن - دە ، چوڭ بىر قوۋمنىڭ نامىنى قەبىلىچىلىك قىلىمىز دەپ كىچىكلىتىپ ، تاس قاپتۇق...

— گوي ، قەبىلىچىلىك ، گوي ، قەبىلىچىلىك ، راستىنلا تاس قاپتۇق ئەجدادلار ئالدىدا گۇناھلىق بولۇپ قالغىلى .

— قىلغان قەبىلىچىلىكىمىز گۇناھ ئەمەسما ، تازا گۇناھ ، ئەمدى ئۇ گۇناھنى يۇيىدىغان ۋاقتىمىز كەلدى .

— قاناقا باشقىلا بىر ئادەمكەن جۇمۇ ، — تۇلەك بوۋا يېنىدىكى كۇنچىققانبەگكە پەس ئاۋازدا گەپ قىلماقتا ئىدى ، — قەبىلىچىلىكنى يوقىتىمىز دەپ ، ئۆزىمىزنىڭ ئەجداد قوۋمىمىزنىڭ نامىنى يوقىتىۋەتمەك بوپتىمىز . مۇشۇنىڭ ئۆزىلا بىزنىڭ ئەجدادلار توغرىسىدا گاس ، كور ، مۇغال[1] ، مەسىۇغ[2] بولۇپ قالغانلىقىمىز ئەمەسمۇ - ھە !

— قاناقا بىز ئۇچۇنلا تۇرىلىپ قاپتىكەن ...— كۇنچىققانبەگمۇ تۇلەك بوۋىغا پىچىرلىدى ، — بولمىسا ، ئەجدادلارغا تۇزكورلۇق قىلىپ ، قارا يۈز ئەۋلاد بولۇپ قالاركەنمىز ، قاناقا بىز ئۈچۈن يەنە ئۇزاق تۇرۇپ بەرسە بولىتتى .

جاھانبەگ كېڭەشنى خۇلاسىلەپ مۇنداق دېدى :

— قالاچ قاناقا مۇھىم بىر ئىشنى بىزنى سەگىتىپ تۇرۇپ سەمىمىزگە سالدى . يېڭى يۇرتنىڭ ، پەقەت مۇشۇ تۆت مەھەللىلىك يۇرتنىڭلا نامى «يېڭى يۇرتچاپقان» بولسىمۇ ، بەگلىكىمىز دائىرىسىنى «ئابدال» دەيلى . بۇ ھەرگىز ئىلگىرى بىز دەپ كېلىۋاتقان ئابدال قەبىلىسىنىڭ نامى ئەمەس ، ئەمدى ئۇ قەبىلىنى يوق دەپ

---

[1] مۇغال -- ئەقلىدىن ئازغان .
[2] مەسىۇغ - مەجرۇھ ، پالەچ .

بىلسەك بولىدۇ .
— ئاقساقاللار ، بۇنىڭغا نىمە دەيسىلەر ؟
ئاقساقاللار :
— قالتىس گەپ بولدى ، قالتىس گەپ بولدى ، — دېيىشتى ۋە قىزغىن ئالقىشلار ياڭرىتىپ ئالقىش ياڭراتتى .

قالاچ قاناقا جاھانبەگكە قاراپ كۈلۈمسىرەپ : «بارىكاللا » دېگەن مەنىدە بېشىنى يۇقىرى - تۆۋەن لىڭشىتتى .

كۈنچىققانبەگ تۇلەك بوۋىغا ئاستا :
— ئاتام بۇگۈن ماڭا باشقىچىلا بىر ئادەم بولۇپ قالغاندەك بىلىنىۋاتىدۇ ، — دېدى .

تۇلەك بوۋا ئورنىدىن تۇردى . جاھانبەگدىن تارتىپ ئاقساقال-لارنىڭ ھەممىسى بۇ ھۆرمەتلىك بوۋايغا قارىدى ، قالاچ قاناقامۇ قارىدى . گېپى بولسا ئولتۇرۇپ دەۋەرسە بولىدۇغۇ ، بەگ كېڭەش-نىڭ تۈگىگەنلىكىنى جاكارلىماي تۇرۇپ ئۇنىڭ ئورنىدىن تۇرۇۋال-غىنى نېمىسى ؟ ھەممىسى مۇشۇنىڭغا ھەيران قالغانىدى .

— بايا قالاچ قاناقا بىزگە دېمەكچى بولغان گېپىنىڭ ھەممى-سىنى دېمىگەندەك تۇرىدۇ ، — تۇلەك بوۋا قاناقاغا قاراپ «تاپتىم-مۇ » دېگەندەك مەنىلىك تەبەسسۇم قىلدى ، — مېنىڭ تەلىپىم ، قاناقا شۇ گېپىنىمۇ دېسە ، بىز ئاڭلاپ قالساق دەيمەن ، — دېدى .

ئولتۇرغانلارنىڭ كۆزى يەنە قالاچ قاناقاغا تىكىلدى .

قاناقا بۇللانىڭ قولىدىكى قاچىغا قول ئۇزاتتى . بۇللا ئىتتىك قاچىنى قاناقاغا بەردى . قاناقا ئۇسالىقتىن ئىككى يۇتۇم ئوتلىۋېلىپ تۇلەك بوۋىغا قاراپ :

— ھەي تۇلەك ، ھەي تۇلەك ، سېنى «تۇلەك تاپقۇر » دېسەك بولغۇدەك . مەن قالاچ چوڭ بوۋام ئېيتقان گەپنىڭ ئابدالغا مۇناسى-ۋەتلىك يېرىنى دەپ ، قالغىنىنى دېمىگەنىدىم ، شۇنى دەۋاتىسەنغۇ . بۇ ئاقساقاللار مۇشۇ كەتسە قاچان كېلىدۇ ، بۇلار كەلگۈچە مەن كېتىپ قالارمەن . بوپتۇ ، دەپ بېرەي ، — دېدى ۋە جاھانبەگكە

قارىدى .

— دەپ بەرگىن قاناقا ، قانچە بالدۇر ئاڭلاپ قالساق شۇنچە ياخشى ئەمەسمۇ ، — دېدى جاھانبەگ قاناقادىن ئۆتۈنۈش قىلىپ .

— قالاچ چوڭ بوۋام چۇشۇمدە ماڭا ئابدال توغرىسىدىكى گېپىدىن باشقا ئىككى ئىشنى تاپىلاپ دېدى ، — قاناقا گېپىنى ئالدىرىماي قىلدى ، — بىرسى ، «بىزنىڭ دەۋرىمىزدە قوۋمىمىز بەك ئۇيۇشچان ئىدى . شۇ خاسىيەتتىن خانىمىز ئوغۇز كۆپ ئۇتۇق تاپقان ، ئاجايىپ شۆھرەتلەرنى قازانغانىدى . كېيىنكى ئەۋلادلارغا ئۆتكەنسېرى ئۇيۇشقاقلىقىمىز سۇسلىشىپ ، ئۇيان - بۇيانغا بۆلۈ-نۈپ ، قوۋمىمىز ئۇرۇشقاق خەققە ئايلىنىپ قالدى . ئاقىۋەتتە ئەۋلادلاردىن ئامەت كېتىپ ، پالاكەت باستى ، شۆھرەت ، سەلتەنەت-لەر ئۆچتى . ئوغۇزخان بىلەن بىز كەزگەن پايانسىز تۇران ، تەڭرى-تاغ - تارىم ۋادىسىدىكى شۇ ئازغىنە لوپلۇقلار ئارىسىدا يېڭىۋاش-تىن ئۇيۇشۇش بولۇۋاتىدۇ . بۇ سىلەرنىڭ دەۋرىڭلاردىكى مۇھىم خەيرلىك ئىش . ئۇنى قەدىرلەڭلار ، تېخىمۇ ئۇيۇڭلار » دېدى . چوڭ بوۋام ئېيتقان يەنە بىر ئىش ، — قاناقا كالپۇكىنى يالاپ قويدى ، بۇللا دەرھال ئۇسالىقنى بەردى ، قاناقا ئىككى ئوتلىۋالدى ، — بوۋام ماڭا : «ئەجدادلىرىڭلار مۇشۇ تارىم ۋادىسىنى ئاجايىپ گۈل-لەتكەن ، ھەربىر قەدەملىرىدە ئاجايىپ ئىزلارنى قالدۇرغانىدى . ئۇ ئىزلار قېنى ، ئۇلار ھازىر نەدە ، سەن بىلەمسەن ؟ بىلمەيسەن . كېيىنكى ئەۋلادلارغا ئۆتكەنسېرى ، ئۇلارغا قالغانسېرى ئۇ ئىزلار ئىسىڭلاردىن شۇنچە كۆتۈرۈلدى ، ئۇنتۇپلا كەتتىڭلار ، شۇ ئىزلى-رىمىزنى تاپساڭلار بولىتتى . روھىم ئۆزۈمگە شەپە بېرىپ ، ئۇ ئىزلار تېپىلىدۇ ، تاپىدىغانلار چىقىدۇ ، دەۋاتىدۇ» دېدى .

قالاچ قاناقا مۇشۇ گەپلەرنى دەۋېتىپ ئوماق بىلەن كۈنچىققان-بەگكە قاراپ قويدى . بۇ قاراشنىڭ مەنىسىنى ئۇ ئىككىسىدىن باشقا يەنە جاھانبەگ ، تولەك بوۋا ۋە تايۇقلار چۈشەندى...

يېڭى ئاقساقاللارنىڭ تۇنجى قېتىملىق كېڭىشى كۆڭۈللۈك

باشلىنىپ ، ئەنە شۇنداق خەيرلىك ئاخىرلاشتى .

## 7

يېڭى يۇرتچاپقاننىڭ قۇرۇلغانلىق مۇناسىۋىتى بىلەن قوشاق ئېيتىشىش بولىدىغانلىقىنى ئاڭلىغان كىشىلەر خۇددى قوشاقلارنى ئاڭلىغاندەك بولۇپ ، جانلىرى ياشىرىپ كەتتى . قارا قوشۇن ، چىۋىنلىق ، تاتىما كۆلى بويىدىكىلەر بىلەن جاھانساي ، چاقىلىق ، قورغان ، توققۇزئوتاق ، ئارغان ، يېڭىسۇ ، قارادايدىكى كىشىلەر-نىڭ ھەممىسى ئۆي بېسىپ دېگۈدەك ، كۇزلەك ، تىكەنلىك ، يېڭى-كۆل ، چارا ، تېيىزكۆل مەھەللىلىرىدىكى بىر قىسىم كىشىلەر ئات ، تۆگە ، ئېشەك ، كالىلارغا مىنىشىپ يېڭى يۇرتچاپقانغا قاراپ ئېقىشماقتا . بۇلارنىڭ بەزىلىرى ئالدىنقى قېتىمدىكى قوشاق ئېيتى-شىشقا قاتناشقانلار بولۇپ ، شۇلار ئارقىلىق ئوماق ، ئايقۇتلارنىڭ قوشاقچىلىقى ، ئوماقنىڭ داڭلىق قوشاقچى تالىشقۇلنى قانداق يەڭ-گەنلىكى ، ئايقۇت بىلەن ئۇجۇلخاننىڭ قوشاق ئېيتىشىش سورۇنىدا بىر كۆپلېتتىن قوشاق ئېيتىشىپلا ئاچا - سىڭىل بولۇپ قېلىشقان-لىقى تارقىلىپ ، كىشىلەرنىڭ ئۇلارنى بىر كۆرۈۋېلىش ، قوشىقى-نى ئاڭلاش قىزغىنلىقى ئېشىپ ، بۇ قېتىمقى پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ مېڭىشتى . كېلىۋېتىپ ھەممىسىنىڭ ئاغزىدا بۇ قېتىمقى قوشاق ئېيتىشىشنىڭ قانداق بولىدىغانلىقى ، داڭلىق قوشاقچىلار-دىن كىملەرنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىنى ئارزۇ قىلىدىغانلىقىدەك پا-راڭلار ئىدى .

— ئوماق دېگەن قوشاقچى بۇ قېتىممۇ ئوتتۇرىغا چىقارمۇ ؟

— تالىشقۇل تۇگىشىپتۇ ، ئۇ قوشاق ئېيتىشىشقا ھەرگىز چۈشمەيدۇ .

— ئوماقنىڭ تالىشقۇلنى ئۇنداق ئوڭاي يېڭىۋېلىشىدا بىر سىر بارمىكىن ، دەيمەن .

— قوشاقنى كۆپچىلىكنىڭ ئالدىدا ئېيتىدىغان تۇرسا ، ئۇنىڭ-

ـدا قانداق سىر بولماقچى؟
— مەن قـالاچ قاناقانى ئارۋاقـچى ئىكەن، دەپ ئاڭـلىدىم. تالـشقول قوشاق ئېيتىۋاتقاندا قاناقا ئۇنىڭ كۆزىگە قارىۋېلىپ، ئەقلىنى گاللاشتۇرۇپ قويغانمىكىن دەيمىنا.
— مۇشۇنداقمۇ بولامدىكەن؟
— ئاڭلىغان بىر ئىشنى ساڭا دەپ بېرەي، — پاراڭلىشىپ كېلىۋاتقانلارنىڭ بىرى ئارغانلىق ئوۋچى، يەنە بىرى يېڭىسولۇق ئوۋچى بولۇپ، ئىككىسى تونۇشاتتى. گەپ قىلىۋاتقان ئارغانلىق ئوۋچى ئىككى يېنىغا قاراپ قويدى. بۇلارنى پاراڭلىشىۋالسۇن دېگەندەك، ئاتلىرىمۇ ئىرىنچەكلىك بىلەن ئاستا قەدەم ئېلىشاتتى. «پالتىنى كۆتۈرگۈچە كۆتەك دەم ئالغان» دەك، ئاتلار ئاستا مېڭىپ هاردۇقىنى چىقىرىۋېلىشنىڭ كويىدا ئىدى. ئارغانلىق گېپىدىنى داۋاملاشتۇردى، — ئاتمىشبۇلاقلىق بىر ئوۋچىنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ ئاتمىشبۇلاق بىلەن ياىداڭبۇلاق ئارىلىقىدىكى قۇملۇقتا كېتىۋاتسا، يوق يەردىن پەيدا بولغاندەك، كىچىكلا بىر قۇم دۆۋىسى كەينىدىن لۆمىدە قالاچ قاناقا ئۆزى يالغۇز پەيدا بولۇپ قاپتۇ. هېلىقى ئوۋچى بىلەن قاناقا شۇ چاغقىچە بىر - بىرىنى زادى كۆرۈپ باقمىغانىكەن. لېكىن قاناقا ئۇنىڭدىن:
— هە، تېپىل تاغ، ئوۋغا چىقتىڭمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.
تېپىل تاغ قالاچ قاناقانى كۆرۈپلا تونۇۋاپتۇ، چۈنكى قاناقانىڭ قىياپەت - سىن تەرىپىنى كۆپ ئاڭلىغان بولغاچقا، بىر كۆرۈپلا كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ تونۇۋاپتۇ، ئەمما قاناقانىڭ ئۇنى قانداق بىلىۋالغىنىغا ئەقلى يەتمەي هەيران قاپتۇ.
— هە، ئوۋغا چىققانىدىم، — دەپتۇ تېپىل تاغ.
ئىككىسى ئانچە ئۇزۇن ماڭمايلا ئەتراپى چاتقاللىق بوك بىر توغراقلىققا بېرىپ قاپتۇ. تېپىل تاغ بۇرۇن بۇ تەرەپكە كېلىپ باقمىغان بولسىمۇ، بۇ قۇملۇق چۆل ئوتتۇرىسىدا بۇنداق يەرنىڭ بارلىقىنى پەقەت ئاڭلىمىغانىكەن. شۇڭا ئۇ بۇنىڭغا هەيران قاپتۇ. تېپىل تاغ شىندى تاغ ئېغىزىغا ئوۋغا ماڭغانىكەن.

تېپىل تاغ ، مۇشۇ توغراقلىقتا ئۇۋ قىلايلى ، بىرەر كې-
يىك ، جەرەن ئۇچراپ قالار ، — دەپتۇ قاناقا .

تېپىل تاغ «ياق» دېيەلمەپتۇ . ئىككىسى ئاتتىن چۈشۈپ ئىككى يەردە توغراقنى دالدا قىلىپ ئولتۇرۇپتۇ . بىر ۋاقىتتا تېپىل تاغنىڭ ئۇدۇلىدىن بىرنەچچە جەرەن چىقىپ كەپتۇ . تېپىل تاغ مىلتىقنى بەتلەپ بولۇپ قالاچ قاناقاغا قاراپ قويغۇسى كېلىپ قارىسا ، قاناقا تېپىل تاغ تەرەپكە قاراپ قولىنى شىلتىغاندەك قىلىپ ، ئاغزىنى مىدىرلىتىپ تۇرغىنىنى كۆرۈپ قاپتۇ . لېكىن ئۇنىڭ كۆڭلىگە ھېچنېمە كەچمەپتۇ . تېپىل تاغ بىر جەرەننى چېنەپ مىلتىقنىڭ تەپكىسىنى بېسىپتۇ . «تاس» قىپتۇيۇ ، مىلتىق ئېتىلماپتۇ . ئۇنىڭ مىلتىقى ئىشەنچلىك بولۇپ ، ئىلگىرى ھەرگىز بۇنداق پىستان چىقىپ باقمىغانىكەن . جەرەنلەر «تاس» قىلغان ئاۋازنى سېزىپ قېلىپ قاچتىمۇ ياكى··· ئۇدۇل قاناقا تەرەپكە قېچىپتۇ . تېپىل تاغنى تېخىمۇ ھەيران قالدۇرغان بىر ئىش ، شامالدەك چېپىپ قېچىپ كېتىۋاتقان جەرەنلەر دەل قاناقانىڭ ئۇدۇلىغا كېلىپ چىپپىدە توختاپ قاناقاغا قارىشىپ تۇرۇپتۇ . قاناقا ئوقياسىنى ئالدىرىماي چېنەپ ، ئوتتۇرىدا تۇرغان يوغان بىر جەرەننى ئېتىپ يىقىتىپتۇ . شۇنىڭدىمۇ قالغان جەرەنلەر قاچماي ، قاناقاغا قاراپلا تۇرغۇدەك . قاناقا جەرەندىن يەنە بىرنى ئېتىپتۇ . شۇنىڭدىمۇ قالغان جەرەنلەر يەنە قاچماپتۇ . قاناقا تېپىل تاغقا «سەنمۇ ئات» دەپ ئىشارەت قىپتۇ . تېپىل تاغ بىر جەرەننى قارىغا ئېلىپ تەپكىنى باسسا شۇئان ئېتىلىپتۇ ، ئوقتا بىر جەرەن يىقىلىپتۇ . شۇنىڭدىلا قالغان جەرەنلەر قېچىپ كېتىپتۇ . تېپىل تاغ يىقىلىپ تېپىرلاپ قالغان جەرەنلەرنىڭ يېنىغا بېرىپ قارىغۇدەك بولسا ، ئوقيا ئوقى ئىككى جەرەننىڭ شۇئانلا يىقىلغۇدەك يېرىگىمۇ تەگمەپتىكەن ، لېكىن جەرەنلەر تۇرغان يېرىگىلا يىقىلىپ يېتىپتۇ . تېپىل تاغ ھەيران قالغىنىچە ئويلاپتۇ ، ئويلاپتۇ . ئۇ قاناقانى «خاسىيەتلىك غايىب ئادەمكەن» دەپ ئاڭلىسىمۇ ئىشەنمەپتىكەن . قاناقا بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىش ھەم جەرەن مەسىلىسىنى ئويلاپ قاناقانى

«ئارۋاقچى» ئادەمكەن ، دەپ قالغانىكەن .

— گوي - گويەي ، راست شۇنداقمىدۇ ، دېدى يېڭىسۇلۇق ئۇۋچى ھەيران قالغىنىنى بىلدۇرۇپ ، قاناقازە ئارۋاق قىلىپ ، بىزنىڭ ئاتا - بالا ئىككى بېگىمىزنى ئۆزىگە قارىتىۋالغانىكەن - دە . قېنى ، بۇ قېتىمقى قوشاق ئېيتىشىشتا كىمگە ئارۋاق قىلىپ ، كىمنى غالىپ قىلىدىكىن ، كۆرۈپ باقايلى .

ئىككىسىنىڭ خىيالى ئەمدى بۇ قېتىم كىملەرنىڭ قانداق قوشاق ئوقۇشى ، كىملەرنىڭ يېڭىپ ، كىملەرنىڭ يېڭىلىشىدا بول-ماي ، قالاچ قاناقانىڭ كىملەرگە قانداق ئارۋاق قىلىشىدا قال-دى - دە ، مۇشۇ قىزىقىشتا ئاتلىرىغا قامچا سالدى .

دۇنيادىن ، ھەتتا تەبىئەتتىن تاشقىرىدەك مۇشۇ بىپايان ، ھالا-كەتلىك جەزىرە قۇملۇق ئارىلىرىغا بەند قىلىنىۋەتكەندەك ياشايدى-غان بۇ كىشىلەرگە قوشاق ئاڭلاش ، قوشاق ئېيتىشىش بىردىنبىر كۆڭۈل ئارامى ، كۆڭۈل خۇشى . ھاياتلىق كاپالىتى بولغان ئوزۇق-لۇق غەملەش بۇلارنىڭ ئاساسلىق مۇھىم پائالىيىتى . 6 - ئايدا دەريا ، كۆللەردە كېمىلىك ياكى سۇ كېچىپ يۈرۈپ ئۇجۇل يىغىپ ، قېقىپ - تاسقاپ قۇرۇتۇش ، ئۆردەك ، غاز تۇخۇملىرىنى يىغىپ پىشۇرۇپ ، سېرىقىنى ئايرىپ ئۇۋىتىپ ئۇجۇل تالقىنىغا ئارىلاشتۇ-رۇپ تەييار قىلىۋېلىش ، 8 - ئايدىن 10 - ئايغىچە بېلىق تۇتۇپ گەدەرمە قىلىپ قۇرۇتۇۋېلىش ياكى ئىچ - قارنىنى ئېلىۋېتىپ ھۆل پېتىلا قۇمغا چوڭقۇر كۆمۈۋېتىش ، مۇشۇ ئايلاردا جىگدە يىغىپ ، بىرەر كۈن سۇغا چىلاپ قويۇپ ، ئۇرۇقىدىن تىرىپىنى ئايرىۋېلىپ قۇرۇتۇپ ، بېلىق يېغى بىلەن قوشۇپ ئۇجۇل تالقىنىغا ئارىلاشتۇرۇۋېلىش ؛ گۆش ئوزۇقلۇقى ئۇچۇن پات - پات ئوۋغا چىقىپ تۇرۇش ؛ ئاياللار جىگە - تورقىدىن يىپ - تالا چىقى-رىش ، پالاس ، رەخت توقۇش ، گۆلمە توقۇش ، ئارغامچا ئېشىش ، كىيىم تىكىش... مانا بۇلار لوپلۇقلارنىڭ ئۇ يىلدىن - بۇ يىلغا ، ئەۋلادمۇئەۋلاد قىلىپ كەلگەن ، قىلىدىغان ئىش - ھەرىكىتى ، ئائىلە ئىگىلىكى . ئۇلار ئۆي ھايۋانلىرىنى قوتانغا سولاپ - ئايرىپ

باقمايدۇ، قويلىرى ئاز بولسا ئوتلاقتا قويۇپلا بېرىدۇ، نەدە ئوتلىشى بىلەن چاتىقى بولمايدۇ، قويلىرى كۆپلىرى كۈندە بىرەر قېتىم يوقلاپ قاراپ قويىدۇ، ئات، تۆگە، كالا، ئېشەك قاتارلىق چوڭ جاندارلىرىدىن كۈندىلىك ئىشلىتىدىغانلىرىدىن باشقىلىرىنى بىرەر ئارالغا ئۆتكۈزۈپ قويىدۇ ياكى چاتقاللىققا قويۇۋېتىدۇ. ئېھتىياجى بولمىسا يىل بويى ئىز - دېرەكلەپمۇ قويمايدۇ، بىرى يەنە بىرىنىڭ مەنپەئىتىگە قارا سانىمايدۇ. بىرەرسى مىنىشكە ياكى يۈك ئارتقىلى بىرەر ئات - ئۇلاغقا ئېھتىياجلىق بولۇپ قالغان بولسا، ئۆزىنىڭكىنى ئىزدەپ يۈرمەي ئۇچرىغان ئۇلاغدىن بىرنى تۇتۇپ ئىشلىتىپ بولۇپ يەنە ئورنىغا ئەكېلىپ قويىدۇ. بۇلاردا بىر نەرسە ساتىدىغان، سېتىۋالىدىغان ئىش يوق، كېرەك بولۇپ قالسا ئۆتنە - يېرىم قىلىشىدۇ، ئۆزئارا ئالماشتۇرىدۇ، باشقا يەرگە كەلمەيدىغانغا كۆچۈپ كەتسە، ئۆينىڭ ئىشىكىنى ئوچۇق قويىدۇ، يەنە قايتىپ كېلىدىغان بولسا ئىشىكىنى ئىلمەكتىن چىگىپلا قويىدۇ، قۇلۇپ سالمايدۇ. ئۇ ئۆيگە يىللاپ كەلمىسىمۇ، باشقىلار «ئىگىلىك ئۆي» دەپ كىرمەيدۇ. بىر كۈنلۈك، بىر ھەپتىلىك، ھەتتا ئايلاپ بىر يەرگە كەتسىمۇ ئىشىكىنى چىگىپ قويۇپ تاشلاپ كېتىۋېرىدۇ. ئايلىق، يىللىق يېمەكلىكىنى راسلىۋالسىلا، دۇنيادا بۇلاردىن بىكار، بۇلاردىن خاتىرجەم، بىغەم ئادەم يوق. دۇنيادا يەنە قانداق ئىشلارنىڭ بارلىقى ئۇلارنىڭ كاللىسىدا يوق. ئۇلار بوش ۋاقىتلىرىدا ئۆزئارا، ئائىلىلەر ئارا، مەھەللىلەر ئارا قوشاق ئېيتىشىدۇ. بۇنداق چاغدا ھەرقانداق ئىشى بولسىمۇ تاشلاپ قويۇشىدۇ. بۇلار يول يۈرۈۋېتىپمۇ، پالاس، رەخت، تور توقۇۋېتىپمۇ، يىپ، ئارغامچا ئېشىۋېتىپمۇ قوشاق ئېيتىشىدۇ.

... قوشاق ئېيتقاچ توقۇغىنە، زېرىكىپ قالدۇق.

— بۇ يول، بۇ قۇملۇقنىڭ تۈگىمىگىنى، قېنى، قوشاق باشلاڭلار، يول قىسقارسۇن.

...

بۇ، ئۇلار ئارىسىدا كۈندە بولۇپ تۇرىدىغان گەپلەر. قوشاق

بىلىدىغانلار زوق بىلەن ئېيتىدۇ، ئاڭلىغۇچىلارمۇ پۈتۈن ئىشتىياقى بىلەن ئاڭلايدۇ. بۇلاردا قوشاق ئېيتىش، قوشاق ئاڭلاشتىن باشقا ھېچقانداق مەنىۋى پائالىيەت يوق. بىرەر يەردە داڭلىق قوشاقچىلارنىڭ قوشاق ئېيتىشىشى بولىدىغانلىقىنى ئاڭلاپلا قالسا، ھېچنېمىسىنى سورۇشتۇرمەي، ھېچنېمىسىگە قارىماي شۇ ياققا ئېقىشىدۇ.

يېڭى يۇرتچاپقانغا قوشاق ئاڭلاشقا كېلىۋاتقانلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەي ئاقماقتا. قوشاق ئېيتىشىدىغان بۇنداق چوڭ سورۇنغا ئاتالغان قوشاقچىلار چۈشىدۇ. بۇ ناھايىتى ئاز كېلىدىغان پۇرسەت، قولدىن بېرىپ قويامدىغان! كەلگەن، كېلىۋاتقانلار ئارىسىدا ئىمكان بولسا ئوتتۇرىغا چۈشۈپ قوشاق ئېيتىشنى كۆڭلىگە پۈككەنلەرمۇ بار.

بۇ قېتىمقى قوشاق ئېيتىشمۇ ئالدىنقى قوشاق ئېيتىش بولغان قۇملۇقتا ئېلىپ بېرىلىدىغان بولدى. ئېيتىلغان قوشاقلارنى تولۇق ئاڭلاپ ئىسىگە ئېلىۋېلىش ئۈچۈن، كىشىلەر سەھەردىلا ئالدىرىشىپ كېلىپ، ئوتتۇرىدا مۇۋاپىق ئورۇن - دائىرە قالدۇرۇپ ئەر - ئاياللار ئارىلىشىپ ئولتۇرۇپ تەق بولۇپ تۇرۇشتى. بۇ كىشىلەرگە «ئۇيان تۇر، بۇيان ئۆت...» دەپ تۇرىدىغان ھەيدەكچى - باشقۇرغۇچى كەتمەيدۇ. بۇ كىشىلەر ئاتا - بوۋىسىدىن تارتىپ «ئۇنداق تۇرۇش، بۇنداق مېڭىش كېرەك، بۇنىڭغا ئۇنداق رىئايە قىلىش...» دېگەندەك پەند - نەسىھەتلىك مۇقىم تەربىيە كۆرمىگەن بولسىمۇ، ئىنتايىن قائىدە - يوسۇنلۇق، بولۇپمۇ قوشاقلارنى قانداق ئىپادە بىلەن ئاڭلاپ، ئۇنىڭ ھۆرمىتىنى، قەدرىنى كۆتۈرۈشنى بىلىدۇ.

بۈگۈن كۈن شۇنچە ئوچۇق، خۇددى خرۇستال ئەينەكتەك. كۆز پەسلى بولسىمۇ، ئاسماندا بۇلۇتنىڭ زەررىسىمۇ يوق. قۇياش كىشىلەرنىڭ خۇشاللىقى بالقىپ تۇرغان چىرايىنى تېخىمۇ نۇرلاندۇرۇپ، جەمئىيەت ئۇنتۇپ كەتكەن بۇ زېمىن ۋە بۇ كىشىلەرگە يېڭىچە كۈلۈپ باقماقتا. سورۇننىڭ بىر تەرىپىدىكى سەل ئېگىز-

رەك تۆپىلىكتە قالاچ قاناقانى ئوتتۇرغا ئېلىپ جاھانبەگ، كۈنچىققانبەگ، تۇلەك بوۋا ۋە ئون ئىككى ئاقساقال ئولتۇراتتى. ئۇلارنىڭ ئالدىدا ئايقۇت توختاقنى يېنىغا ئېلىپ، تۆمۈرنى قۇچىقىدا تۇتۇپ ئولتۇراتتى. ئۇلامخان بىلەن ئۈجۈلخانمۇ ئۇنىڭ يېنىدىلا ئىدى. شۇ تاپتا پۈتۈن سورۇن ئەھلى ئارىسىدا:

— بۇ قېتىمقى قوشاق ئېيتىشىشقا كىملەر چۈشىدىغاندۇ؟

— ئۆتكەندە تالىشقۇلنى يېڭىۋالغان ئوماق دېگەن قوشاقچى كۈنچىققانبەگنىڭ ئوڭ يېنىدا ئولتۇرغان كىشى شۇكەن.

— ئۇنىڭ خوتۇنى ئايقۇتنىمۇ ئاجايىپ قوشاقچىكەن دەيدۇ.

— بۇ قېتىم تالىشقۇل چۈشەرمۇ - چۈشمەسمۇ؟ ھەقىچان چۈشمەيدۇ… — دېگەندەك پاراڭلار ئېغىزدىن ئېغىزغا كۆچۈپ يۈرمەكتە ئىدى.

جاھانبەگ ئورنىدىن تۇرۇشىغا، باياتىن گۇدۇڭ - گۇدۇڭلار قاپلىغان قۇملۇق تۈز شىپپىدە جىمىدى. كىشىلەرنىڭ تەقەززالىقتا تولغان ھاياجانلىق تىنىقىلا ئاڭلىناتتى.

جاھانبەگ جايىدا تۇرۇپ:

— بىز يېڭى يۇرتىمىز — يېڭى يۇرتچاپقاننىڭ قۇرۇلغانلىق خاتىرىسىگە ئۆتكۈزۈلىدىغان قوشاق ئېيتىشىشنى باشلاشتىن ئىلگىرى، بىزگە مۇشۇ يولنى كۆرسەتكەن، بىزنى مۇشۇ يولغا باشلىغان قالاچ قاناقاغا ھۆرمىتىمىزنى بىلدۈرەيلى! — دېدى.

ئەر - ئايال، قېرى - ياش ھەممىسى سىلىق ھەرىكەت بىلەن ئورنىدىن تۇرۇشۇپ، قويۇق ئاپئاق ساقىلى مەيدىسىنى تولۇق يېپىپ كىندىكىگىچە چۈشۈپ تۇرغان خىزىر سۈپەت قاناقاغا يۈزلىنىپ، قوللىرىنى كۆكرىكىگە ئېلىپ تەزىم قىلدى. قاناقانى تايۇق بىلەن ئوماق يۆلەپ تۇرغۇزغانىدى. قاناقا ھاسىغا ئىككى قوللاپ تايىنىپ كۆپچىلىككە قاراپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ئۇزاق ياشاپ نەملىكى قۇرۇۋاتقان كۆزىگە قايتىدىن نەم يۈگۈرۈپ ياش پەيدا بولدى. بۇ، قاناقانىڭ ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى دەملىرىدە ئارزۇ - ئارمىنىنىڭ بىر قىسمىنىڭ بولسىمۇ ئىشقا ئېشىۋاتقانلىقىنى كۆرگەندىكى ھاياجان-

لىق ، مەمنۇنلۇق يېشى ئىدى .

— مۇشۇ قاناقا — مۇشۇ بوۋاينى ئارۋاقچى دېگەنگە ھېچ ئىشەنگۈم كەلمەيۋاتىدۇ ، — دېدى يېگىسۇلۇق ئوۋچى ، يېنىدىكى ئارغانلىق ئوۋچىغا ، بۇلار : «قاناقا كىمگە ئارۋاق قىلىدىكىن» دېيىشىپ ، قاناقادىن كۆزىنى ئۈزمەي قاراپ ئولتۇرغانىدى .

— بۇ قېتىمدا قوشاق ئېيتىشىش ئىختىيارىي بولىدۇ . كىم ئېيتىشنى خالىسا ، شۇ ئوتتۇرىغا چىقسا بولىدۇ . ئۇ قوشاق ئېيتىشىشقا كىمنى تاللاپ چاقىرسىمۇ ، ئۆزى يالغۇز ئېيتسىمۇ ، باشقا بىرسى ئۇنىڭ بىلەن ئېيتىشىمەن دەپ چىقسىمۇ مەيلى . قېنى دەسلەپ كىم چىقىدۇ ؟ — جاھانبەگ كىشىلەرنى قوشاق ئېيتىشقا ئۈندەپ قويۇپ جايىدا ئولتۇردى .

كىشىلەر : «جاھانبەگ قوشاق ئېيتىدىغانلارنى كۆڭلىگە پۈكۈپ قويىدى ھەقىچان ، شۇلارنى بىر - بىرلەپ ئوتتۇرىغا چىقىرىدۇ» دەپ ئويلاشقانىدى ، ئۇنداق بولمىدى . ئۇنداقتا دەسلەپ ئوتتۇرىغا كىم چىقىدۇ ؟ قوشاق ئېيتىش ئويىدا بولۇۋاتقانلار ئۆزلىرى كىم بىلەن ئېيتىدىغانلىقىنى بىلمەي خىيالدا ئولتۇرۇشاتتى ، ھېچكىم ئويلىمىغان ئىش بولدى ، تالىشقۇل ئوتتۇرىغا چىقتى . جاھانبەگدىن تارتىپ ھەممە ئادەم بۇنىڭغا ھەيران قېلىشتى ھەم شۇنىڭ بىلەن بىرگە : «ئۇ چوقۇم ئوماقنى چاقىرىدۇ» دەپ ئويلاشتى . جاھانبەگ ، تۆلەك بوۋىلار : «كونا ئادىتى قوزغىلىپ يەنە ئادەم تىللاپ ، قەبىلىلەرنى سۆكتۈلەپ[1] چۇشەرمۇ ؟» دەپ ئەندىشە قىلىشتى . بۇ ئەندىشە كۆپ كىشىدە بار ئىدى . ئۇنى مەيداندىن چۇشۇرۇۋەتكىلى بولمايتتى...

تالىشقۇل ئالدى بىلەن قالاچ قاناقا ئولتۇرغان تەرەپكە ، ئاندىن قالغان ئۈچ تەرەپكە بىر - بىرلەپ يۈزلىنىپ تەزىم قىلىپ بولۇپ قوشىقىنى باشلىدى :

يۇرتۇمىزنى نامى يېڭى يۇرتچاپقان ،

[1] سۆكتۈ — سۆكۈش ، ھاقارەتلەش («دىۋان» 1 - توم . 478 - بەت) .

كونا ئابدال قۇملۇقىدا گۈل ئاچقان .
بىلەمسىلەر مەن تالىشقۇل كىم ئىدىم ،
يۇرت قۇرۇشقا ساسىق جەمە گەپ چاچقان .

يۇرت ئالدىدا قارا قىلدىم يۈزۈمنۇ ،
ياخشى ئىشقا يۇمۇۋالىپ كۆزۈمنۇ .
شۇ تاپ مەنى يەرمۇ ئالماس قوينۇغا ،
يەر يوق ماڭا قوياي دېسەم ئۆزۈمنۇ .

خەقلەر بىلەن يىراقلاتتىم ئارامنى ،
قوشۇپ چايناپ قارۇنادەك هارامنى .
تۆۋەم بىلەن ساقايتارمەن قاچاندا ،
دىل ـ باغرىمغا ئۆزۈم سالغان يارامنى .

ئەجەب بۇرۇن ئۆتمەپتىمىز يېپىشىپ ،
«قەبىلەم» دەپ يۇرۇپتىمىز تېپىشىپ .
خىيال قىلسام مەندەكلەركەن سەۋەبچى ،
يۇرتنۇ بۇزۇپ ئارىغا گەپ چېچىشىپ .

تۆۋە قىلدىم مەنى ئەپۇ قىلىڭلار ،
مەنى يېڭى تالىشقۇل دەپ بىلىڭلار .
تۆۋە قىلدىم ، مەنى ئەپۇ ئەت ئۇماق ،
يەنە جەمە قىلسام تىلىم كېسىڭلار...

تالىشقۇل قوشىقىنى ئېيتىپ بولۇپ ، بايقىدەك ئالدى بىلەن قاناقا تەرەپتىن باشلاپ كىشىلەرگە يۈزلىنىپ تەزىم قىلدى ـ دە ، كەلگەن تەرىپى بىلەن مېڭىپ توپ ئىچىگە كىرىپ كەتتى .

پۇتۇن سورۇننى جىملىق قاپلىدى . بەگ ، ئاقساقاللارمۇ جىم . تۆۋەندىكىلەرمۇ جىم — ھەمــمە جىم . ھەمــمىسىنىڭ كــۆڭلىدىن

بايىقى ئەندىشە كۆتۈرۈلۈپ ، ئۇنىڭ ئورنىدا ۋۇجۇدىدا بىر خىل ئىسسىق ئېقىم ئاقماقتا ئىدى .

جاھانبەگ ئورنىدىن تۇرۇپ تالىشقۇل كەتكەن تەرەپكە كۆلۈمسىرەپ قاراپ قويدى . بەگنىڭ كۆزىدە مەمنۇنلۇق ، رازىمەنلىك ، خۇشاللىق ئىپادىلىنىپ تۇراتتى . جاھانبەگ نەزىرىنى كۆپچىلىككە قارىتىپ ئۇنلۇك قىلىپ :

— قېنى ، قوشاق ئېيتىدىغانلار بولسا سورۇنغا چۈشسۇن ! — دېدى .

قوشاقچىلار بىرىنىڭ ئارقىسىدىن بىرى ئوتتۇرىغا چىقىپ قوشاق ئېيتىشتى . بۇ قېتىمقى قوشاق ئېيتىشىشنىڭ ئالاھىدىلىكى شۇ بولدىكى ، ھېچبىر قوشاقچى ئۆزىگە رىقابەتچى چاقىرمىدى ، ئۆزىلا ئېيتىپ سورۇندىن چۈشۈپ كەتتى . كىشىلەر ئارزۇلىغان ئوماق ، ئايقۇتلار ، ئۇلامخان ، ئۇجۇلخان ، توختىكۆللەرمۇ ئاجايىپ ياخشى قوشاقلارنى ئېيتتى . بۇنداق سورۇندا يالغۇز قوشاق ئېيتىشنى تالىشقۇل باشلاپ بەردى . قوشاقلاردا چوڭ ئۇيۇشۇشقا ، يېڭى يۇرت ، يېڭى مەھەللىلەرگە ، قالاچ قاناقاغا مەدھىيىلەر ئوقۇلدى ، قەبىلىچىلىك ، يۇرتۋازلىق سۆكۈلدى ، كۆڭۈلگە ئازار ، دىلغا غەشلىك سالىدىغان بىر ئېغىز سۆزمۇ بولمىدى . قوشاق ئېيتىشىش ساق بىر كۈن داۋام قىلدى . قوشاقچىلار پۈخادىن چىقىپ ئېيتتى . ئاڭلىغۇچىلارمۇ يىراق - يىراقلاردىن كەلگىنىگە يارىشا پۈخادىن چىقىپ قانغۇدەك ، كۆڭلى ئېچىلىپ يايرىغۇدەك ئاڭلىدى ، خۇددى تازا چاڭقىغاندا ئۇسسۇزلۇقنى بولۇشچە ئىچىپ قېنىۋالغاندەك بولۇشتى .

## 8

كېمە چېپىش مۇسابىقىسى بولىدىكەن ، دېگەن خەۋەر گويا «ئوچۇق ئاسماندا ھاۋا گۈلدۈرلەپ ، چاقماق چېقىپتۇ» دېگەندەك ، پۈتۈن ئابدال بەگلىكى تەۋەسىدىكى ھەممە كىشىنى ھاڭ - تاڭ

قالدۇردى .

لوپلۇقلار تىرىكچىلىكتە بىلىقسىز ياشىيالمىغاندەك ، ئۇلارغا كېمە بولمىسا بولمايدۇ . كېمە ئۇلار ئۈچۈن مۇھىم قاتناش قورا-لى ، بېلىقچىلىقتا بىردىنبىر سايمىنى . كېمە ئۇلارنىڭ تىرىكچىلى-كىدە شۇ قەدەر مۇھىم بولسىمۇ ، لېكىن كېمە چاپقۇچىلار ھەممە ئائىلىدىن چىقىۋەرمەيدۇ . كېمە چېپىش لوپلۇقلاردا ئالاھىدە بىر ھۈنەر . كېمە چاپىدىغان دوغراقنى ئوبدان تاللىمىغاندا ، چوقاتماق ـ قادىقى بولۇپ قالسا ، قېلىن ـ نېپىزلىكىنى مۇۋاپىق تەڭشەپ چاپمىغاندا ، سۇ سىرغىپ كېمىگە سۇ كىرىپ كېتىدۇ . شۇڭا بىر مەھەللىدە كېمە چېپىشنى كەسىپ قىلغان ماھىردىن بىرنەچچىسىلا بولىدۇ . بۇرۇن بۇنداق مۇسابىقە بەگلىكتە بولۇپ باقمىغان ، بولغانلىقىنى كىشىلەر ئاڭلاپمۇ باقمىغان .

بەگلىك دائىرىسىدىكى چوڭ ـ چوڭ يۇرت ـ مەھەللىلەردىن بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلاردا بىر جەمەت ، بىرنەچچە ئائىلە ۋە بىر ئائىلە بىر «مەھەللە» بولۇپ ياشاۋاتقانلاردىكى تىرىكچىلىك پائالىيىتى ئۇ يىلدىن بۇ يىلغىچە ، ئاتىدىن بالىغىچە ، ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقىچە شۇ بىرنەچچە خىللا بولۇپ ، «كونىرىمايدۇ» ھەم يېڭىلانمايدۇ . ئۇلار بۇ ئادەتلەرگە كۆنۈپ كەتكەچكە زېرىكمەيدۇ ھەتتا زېرىكىش-لىك ھېسمۇ قىلمايدۇ . ناۋادا ، ئادەتلىرىدە بىرەر ئۆزگىرىش بو-لۇپ ، ئازراق يېڭىلىق ئارىلىشىپ قالغۇدەك بولسا ، بۇنىڭغا كۆر-گەنلىرىمۇ ، ئاڭلىغانلىرىمۇ ھەيران قېلىشىدۇ . كېمە چېپىش مۇ-سابىقىسى توغرىسىدىكى خەۋەر خۇددى كۈندۈزى ئاي كۆرۈنگەندەك چوڭ ـ كىچىك ھەممە كىشىنى ھەيران قالدۇردى ، غۇلغۇلىغا سالدى ، تۇرلۇك گەپلەرنى پەيدا قىلدى .

— ئات چاپتۇرۇش ، كالا چاپتۇرۇشقۇ بار ئىش . ئەمما...

— كېمىمۇ چاپتۇرىمىز .

— باللار ئېشەك چاپتۇرۇپمۇ ئوينايدۇ ، ئەمما...

— كېمە چېپىش مۇسابىقىسىنى كۆرۈپ باقماپتۇق .

— ئاڭلاپمۇ باقمىغان .

— ئۇ قانداق ئويۇندۇ؟
— بىزنىڭ بەگ باشقا بىر يەردە كۆرۈپ كەلگەن چېغى.
— مۇسابىقە دېگىنى زادى قانداق ئويۇندۇ - ھە؟
كىشىلەر مانا شۇنداق كېمە چېپىشقا قارىغاندا مۇسابىقىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىغا، ئۇنى كۆرۈپ بېقىشقا قىزىقىپ قالدى. كىشىلەرنى تېخىمۇ بەك قىزىقتۇرغان يەنە بىر ئىش، بۇ مۇسابىقىگە نامىنى، تەرىپىنى ئاڭلىغان، ئاڭلاپ قورققۇسى كەلگەن «دىۋە ئادەم» نىڭمۇ قاتنىشىدىغانلىقى ئىدى. كىشىلەر «دىۋە ئادەم» توغرىسىدا ئاجايىپ گەپلەرنى ئاڭلىغان ھەم ئاڭلىغانلىرىنى ئەجەبلىنىپ تۇرۇپ بىر - بىرىگە يەتكۈزۈشەتتى.
— «دىۋە ئادەم» نىڭ بېشى كالىنىڭ كاللىسىدىن يوغانمىش.
— قولىقىنى ئېشەكنىڭ قولىقىدەك ئۇزۇن كەن دەپ ئاڭلىدىم.
— تۆگىنى بىر قولىدا قورسىقىدىن تۇتۇپلا كۆتۈرۈۋېتىدىكەن.
— ئېتىلىپ كەلگەن يولۋاسنىڭ بېشىنى بىر قولىدا تۇتۇپلا مىجىۋېتىپتۇ.
— بىر ئولتۇرۇشىدا بىر قوينىڭ گۆشىنى پاك - پاكىز يەپ بولغۇدەك.
— قاراقوشۇنلۇقلار بىلىقنى ئاغزىنىڭ بۇ بۇرجىكىدە يەپ، ئۇ بۇرجىكىدىن قىلتىرىقلىرىنى پۈركۈپ چىقىرىۋېتىدىكەن، گۆشنىڭ ئۇستىخانلىرىنى چايناپ پۈركۈپ چىقىرىۋېتىدىكەن.
— ...

ئادەم نېمىلەرنى دېمەيدۇ، نېمە گەپلەرنى تاپمايدۇ. ھۆر - پەرىنى ھېچكىم كۆرمىگەن، لېكىن ئۇ گۈزەللىكنىڭ سىمۋولى، ئۇنى ھۆسن - جامالدا قانچىلىك سۈپەتلىسىمۇ، ھېچكىم: «ياق، ئۇنچىلىك گۈزەل ئەمەس» دېمەيدۇ. جىن - ئالۋاستىنى ھەرقانداق سەت ئىبارىلەر بىلەن خۇنۇكلەشتۇرسىمۇ، «ياق، ئۇ ئۇنچىۋالا سەت ئەمەس» دېگۈچى چىقمايدۇ. دىۋىنىمۇ ھېچكىم كۆرمىگەن. ئۇنى بەتبەشىرىلىكتە ھەرقانداق قىياپەتلىسە، تېخىمۇ

ئاشۇرۇپ دۇنيادا بارلىكى بەتبەشىرلىكنى دىۋىگە مۇجەسسەملەپ قىياپەتلەيدىغانلار باركى ، «ياق ، ئۇ ئۇنچىلىك ئەمەس» دەيدىغان ئادەم يوق . «دىۋە ئادەم» چەپەرنى كۆرگەنلەردىن كۆرمىگەنلەر جىق ، بەلكى بەك جىق . كۆرگەنلەر كۆرگىنى بويىچە گېپىنى قىلسا ، كۆرمىگەنلەر ئۇ «دىۋە» بولغاچقا ، ھەرنېمىگە ئوخشاتسا ، ئاڭلىغۇچى كۆرمىگەن بولسا ، قوشۇپ ، شاخلىتىپ ھەرنېمىلەرگە تەققاسلايدۇ . مانا شۇ «دىۋە ئادەم» نىڭ كېمە چېپىش مۇسابىقىسىگە قاتنىشىدىغانلىقىنى ئاڭلىغاندا ، كىشىلەر دەسلەپ قورقۇش تۇيغۇسىدا بولدى ، ئەجەبلەندى . گەپ تولا ئېيتىلىپ ، قۇلاقلىرى كۆنۈپ قالغاندىن كېيىن ، بىردىنلا ئۇنىڭغا قىزىقىپ قېلىشتى . كېمە چېپىش مۇسابىقىسىنى كۆرمەكچى بولغانلار ئاقساقاللارنىڭ مۆلچەرىدىكىدىن نەچچە ھەسسە كۆپ بولدى . كەلگەنلەر ئىككىنچى قېتىملىق قوشاق ئېيتىششقا كەلگەنلەردىن كۆپ دېگۈدەك ئىدىكى ، ھەرگىز ئۇنىڭدىن كەم ئەمەس ئىدى .

كېمە چېپىلىدىغان ئوخشاش چوڭلۇقتىكى توغراق بەگلىك تەرىپىدىن تاللىنىپ ، ئۇزۇن ـ قىسقىلىقى تەڭ قىلىپ كېسىلىپ تەييارلاپ قويۇلدى . كېمە چېپىشتا كېرەك بولىدىغان باگان[1] ، ئاتالغا[2] ۋە باشقا سايمانلارنى ماھىرلار ئۆزى ئېلىپ كېلىدىغان بولغانىدى . ھەربىر كېمە چېپىش ماھىرى بىر كۆتەكنىڭ يېنىدا تۇراتتى .

— «دىۋە ئادەم» ئاشۇمىكىنە ؟

— ياپىر ، بويى مېنىڭكىدەك ئىككى چىقىدىكەن .

— بېشىنى دېمەمسەن ، كالىنىڭ كاللىسىچىلىك بار ئىكەن .

— بالىلىرىمۇ ئۆزىدەك كېلەڭسىز چوڭمىدۇ ؟

— ...

كىشىلەرنىڭ پۈتۈن دىققەت ـ نەزىرى ، گەپ ـ پاراڭلىرى «دىۋە ئادەم» — چەپەرگىلا مەركەزلەشكەنىدى . ئۇ ياش چېغىدا

---

① باگان — بېگەن .
② ئاتالغا — تەڭنە ، ياغاچ جاۋۇرلارنىڭ ئىچىنى چاپىدىغان بىر خىل سايمان . توقسان گرادۇسلۇق ئەگرى ياغاچ بىلەن ساپلىنىدۇ ، بىسى سەل ياي شەكلىدە بولىدۇ .

چارىدىن چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، يارداڭلىق، ئويتوغراقتىلا يۈرۈپ، ئوتتۇز نەچچە يىلغىچە ئۇنى باشقىلار كۆرمىگەن، ئۆزىمۇ قېچىنىپ ئۆزىنى باشقىلارغا كۆرسەتمىگەنىدى. شۇ يىللار ئىچىدە ئۇنى تۇنجى كۆرگەنلەر قالاچ قاناقا، تايۇق، ئاندىن ئوماق، ئايقۇت-لار، ئۇنىڭدىن كېيىن جاھانبەگ، كۇنچىققانبەگ قاتارلىق ئازلا كىشى ئىدى. ئۇ ئۇچىسىغا كىپىنەك تون، يەنى يېڭى كىپىنەك قانىتى شەكلىدە كەڭ قىلىپ تىكىلگەن بوز پالاس چاپان، پالاس ئىشتان، پۇتىغا چورۇق، ئوشۇقىدىن تىزىغىچە كېيىك تېرىسىدىن تىكىلگەن تۇۋى يوق پايپاق كىيىۋالغانىدى. يۈزىنى قاپلىغان قويۇق ساقال، بۇرۇتى مەزگىلىدىن بۇرۇن چاپچالىشىپ كەتكەنىدى. مۇ-شۇ تۇرقىدا، ئۇنى بىلمەيدىغانلار ئەللىك نەچچە ياش ئەمەس، يەتمىش نەچچە ياشلىق دەپ ئويلاپ قالاتتى.

ئاقساقاللار ئارىسىدا ئولتۇرغان جاھانبەگ ئورنىدىن تۇرۇپ:

— كىمە چېپىشنى هازىر باشلايمىز، كىم قانداق چاپسا ئۆزى-نىڭ مەيلى. ئاخىرىدا چېپىلىپ تۈگىشىنىڭ بالدۇر ـ كېيىنلىكى-گە، قانداقلىقىغا قاراپ باهالاپ، ياخشى چاپقانلارغا مۇكاپات بېرى-لىدۇ. قېنى باشلاڭلار! — دەپ جاكارلىدى.

جاي ـ جايلاردىن هەم يېڭى تۈت مەهەللىدىن كەلگەن ئون ئىككى كېمە چاپقۇچى قوللىرىغا باگانلىرىنى ئېلىپ، كۆتەكنى يەردە تۇرغىنى بويىچە ئۇستىدىن يونۇپ چېپىشقا باشلىدى. ئۇلار-نىڭ باگان چېپىشى تېز، هەرىكەتلىرى ناهايىتى چاققانىدى. چەپەر بولسا تېخىچە بىر باگان چاپمىدى. كۆتەكنى ئۇيان ئۆرۈپ، بۇيان ئۆرۈپ، تۇتۇپ ـ سىلاپ، ئىنچىكىلەپ كۆرۈپ بولغاندىن كېيىن، كېمىنى ئۇستى تەرىپىدىن ئەمەس، تۈۋى تەرىپىدىن چې-پىپ، تۈۋىنى تەييارلىۋېلىش ئۈچۈن كۆتەكنىڭ ئاستى تەرىپىنى چېپىشقا باشلىدى. باشقىلار كۆتەكنىڭ يېرىمىنى چېپىپ كېمىنىڭ ئۇستىنى تەييارلاپ بولۇشىغا، چەپەر كۆتەكنىڭ ئىككى ئۇچىنى كېمىنىڭ باش ـ قۇيرۇق شەكلىگە كەلتۈرۈپ بولدى. ئاندىن قۇمنى ئۇيان ـ بۇيان تارتىپ كۆتەكنى يېرىمىغىچە قۇمغا كۆمۈش

ھەلەكچىلىكىدە بولدى . بۇ چاغدا باشقىلار كېمىنىڭ ئىچىنى چې-
پىشقا كىرىشىپ كەتكەندى . چەپەر كۆتەكنى قۇمغا كۆمۈپ مىدىر-
لىماس قىلىپ قويۇپ ، ئۇستىدىن ئىككى غېرىچتا بىر تۆت ئىلمەك
چوڭقۇرلۇقتا گەزلىۋېلىپ باگان چېپىشقا باشلىدى . كىشىلەر ئۇ-
نىڭ باگانغا قاراپلا قېلىشتى . چەپەرنىڭ باگانى كېمە چاپقۇچى
باشقا ئۇستىلارنىڭكىدىن بىر ھەسسە كەڭ بولۇپ ، ھەيۋەت كۆرۈ-
نەتتى . ئۇنىڭ قولىدا باگان كۆتەككە يېرىمىغىچە چېپىلاتتى . كۆ-
تەكنى گەزلەپ بولۇپ ، توغراقنىڭ ئۆسۈش يۆنىلىشى بويىچە توم
تەرىپىدىن ئىنچىكە تەرىپىگە قارىتىپ چېپىشقا باشلىدى . باشقىلار
چېپىندىلارنى ئىككى قولىدا ئوچۇملاپ ئېلىپ سىرتقا تاشلايتتى .
چېپىندىلارنى مۇشۇنداق قىلىپ پات - پات چىقىرىۋەتمىگەندە چاپ-
قىلى بولمايتتى . چەپەر باشقىلاردەك قىلمايتتى . ئۇنىڭ چېپىندى-
لارنى چىقىرىۋېتىش ئۇسۇلى ، ماھارىتى باشقىچىرەك ئىدى . چەپەر
كېمىنىڭ ئىچىگە كىرىپ تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ بولۇپ كېپىنەك
تونىنى سېلىۋەتتى . ئۇ يەنە قانداقتۇر بىر ھەرىكەتلەرنى قىلىۋىدى ،
جاھانبەگ ، كونچىققانبەگ ، ئوماق ، تايۇق ، ئايغۇتلار كولۇپ كې-
تىشتى . كۆپچىلىك ، ھەتتا جاھانبەگنىڭ ئەتراپىدىكى ئاقساقاللار-
مۇ ئۇلارنىڭ كۈلۈشلىرىگە ھەيران قېلىشتى : «ئۇلار نېمىگە
كۈلىدىكىنە ؟»

ئەمدى باگاننىڭ ۋەزىپىسى توگەپ ، ئاتالغىغا ئىش چىققان-
دى . ئۇن ئىككى كېمە چاپقۇچى چېپىپ چىقارغان چېپىندىلىرىنى
ئۇدۇللۇق ئوچۇملاپ سىرتقا تاشلاپ تۇراتتى . چەپەر بولسا چېپىن-
دىلارنى چاترىقى ئارىلىقىدىن ئارقا تەرىپىگە ئىتتىرىپ قويۇپ چې-
پىۋېرەتتى . چېپىندىلار بولسا پات - پات ئۇنىڭ كەينى تەرىپىدىن
قۇيۇندا ئۇچقان غازاڭدەك پۇرقۇلۇپ سىرتقا ئېتىلىپ تۇراتتى .
چېپىندىلار ھەربىر پۇرقۇلغاندا جاھانبەگ قاتارلىق ئاشۇ بىرنەچ-
چەيلەن قاقاقلاپ كولۇپ كېتىشەتتى . كۆپچىلىك بولسا چېپىندى-
لارنىڭ ئۇچۇپ چىقىشىنىڭ ، بەگ ۋە بەگ يېقىنلىرىنىڭ كولۇشلى-
رىنىڭ سىرىنى بىلىشەلمەي ھەيراندا ئىدى .

چەپەر كېمىنىڭ ئىچىدە تۇرۇپ يەنە قانداقتۇر بىر ھەرىكەتلەرنى قىلدى. بۇنىڭغىمۇ جاھانبەگ باشلىق ھېلىقىلار كۈلۈپ كېتىشتى. چەپەر كېمىنىڭ ئىچىنى چېپىش ئىشىنى تۈگەتتى. ئۇ كېمىدىن چىقىپ، كېمىنى پاتۇرۇپ قويغان قۇمدىن بىر قولىدىلا تارتىپ تۈزگە چىقىرىپ قويدى. كۆپچىلىكنىڭ ئالدىدا چىرايلىق بىر كېمە نامايان بولۇپ تۇراتتى. بۇ چاغدا قالغان ئون ئىككى كېمە چاپقۇچىنىڭ بەزىلىرى تېخىچە كېمىنىڭ ئىچى بىلەن ھەپىلىشىۋاتسا، بەزىلىرى كېمىنىڭ باش قىسمى بىلەن، يەنە بەزىلىرى كېمىنىڭ باش تەرىپىنى پۈتكۈزۈپ، قۇيرۇق قىسمىغا ئۆتكەنىدى... چەپەر كېپىنەك تونىنى كىيىپ، كېمىنىڭ يېنىدا قۇمدا پۇتىنى سوزۇپ ئولتۇرۇپ ئۆزى پاخلان تېرىسىدە قىلىۋالغان تۇلۇمدىكى سۇنى ئىچتى. ئۇ كېمە چېپىش ئىشىنى پۈتۈنلەي تۈگەتكەنىدى.

ئوماقنىڭ ئىشارىسى بىلەن توختاق سۇتلۇك چايغا جىگدە سېلىپ تەييارلانغان ئۇسسۇلۇق ئاپىرىپ بەردى. بۇنداق ئۇسسۇلۇق قىلىشقا ئايقۇت ئۇستا ئىدى. چەپەر ئۇسسۇلۇقتىن ئىككى ئوتلام ئىچىپلا ئۇنىڭ تەمىنىڭ ئۆزگىچە ئىكەنلىكىنى بىلدى. چەپەر توختاققا قاراپ:

— سەن ئوماقنىڭ بالىسى توختاققۇ. سىلەر ئويتوغراقتىكى ياتقۇچۇمدا[1] بىر ئاخشام قونۇپ ئۆتكەن. سەن ئويتوغراققا يەنە بىر بار. قاچانلا بارساڭ، ئاتاڭ بىلەن بارساڭمۇ بولىدۇ. مەن ساڭا بىر كېمە چېپىپ قوياي، — دېدى.

كېمە چېپىش داۋام قىلماقتا. ئۈچ كېمىنىڭ قۇيرۇق قىسمى بىلەن ئىككى كېمىنىڭ ئىچىنى تەكشىلەشلا قالغانىدى. چەپەر بىر كېمە چاپقۇچىنى كېمىدىن چىق دەپ ئىشارە قىلدى. ئۇ كىشى چەپەرنىڭ مەقسىتىنى چۈشەندىمۇ، چۈشەنمىدىمۇ، بۇ نامەلۇم، ئۇ چەپەرگە ھەيرانلىقتا قاراپ قويۇپ كېمىدىن چىقتى. چەپەر ئۆزىنىڭ ئاتالغۇسىنى ئېلىپ كېمىنىڭ ئىچىگە كىرىپ يۈكۈنۈپ ئول-

[1] ياتقۇچۇم — ياتىدىغان يەر، ياتىدىغان بىرەر ماكان.

تۇرۇپ كىمنى تەكشىلەپ چىپىشقا باشلىدى .

جاھانبەگ ئۇنى ئۆزىنىڭ بىر ياراق ئېتى بىلەن تارتۇقلىماقچى بولغانىدى ، ئەمما بەگ ھازىر ئويلىنىپ قالدى . «ئاتنى ئۇ نېمە قىلىدۇ ، مىنسە ئات ئۇنى كۆتۈرەلمەيدۇ ، بىر يوغان ئۇي بەرسەم ، ئاستا ماڭىدۇ ، دەپ مىنمەيدۇ . مىنگۇدەك بىر نەرسە بەرسەم بولىتتى» . بەگ ئۇنىڭ قىشمۇياز پىيادىلا ماڭىدىغانلىقىنى كۆز ئالدىغا كەلتۇرۇپ ، ئۇنىڭغا ئىچى ئاغرىدى ، كۆڭلى بۆلەكچە بولدى . «بىر بوغرا تۆگە بېرەي» . ئۇ شۇ خىيالغا كەلدى - دە ، بۇ خىيالىنى يېنىدا ئولتۇرغان تۆلەك بوۋىغا ئېيتتى .

— بۇ ئويۇڭ بەك ياخشى بوپتۇ . بىر مىلىڭ ئون بولغاي ، تەڭرىم دېگىنىڭنى بەرگەي ، — دېدى تۆلەك بوۋا ، سۆيۈنۈپ كەتكىنىنى تىلەك بىلەن بىلدۇرۇپ .

جاھانبەگ كىمە چىپىشنى كۆرگىلى كەلگەن بىر ئادىمىنى چاقىرىپ ئۇنىڭغا بىرنېمىلەرنى دېدى . ئۇ ئەتراپتا باغلاغلىق تۇرغان بىر ئاتنى يېشىپ مىنىپلا چىپىپ كەتتى .

كىمە چىپىش تۈگىدى . ئون ئىككى ئاقساقال ، جاھانبەگ ، كۇنچىققانبەگ ، تۆلەك بوۋىلار چىپىلغان كىمىلەرنى بىرمۇبىر كۆرۈپ چىقتى . چەۋەر ھەممە جەھەتتە بىرىنچىلىكنى ئالدى . ئۇ چاپقان كىمىنىڭ ئىچىنىڭ رەندىلىگەندەك سىلىقلىقى ، تەرەپلىرىنىڭ قېلىن - نېپىزلىكىنىڭ مۇۋاپىقلىقى ، تەكشىلىكى ، باش قىسمىنىڭ چىرايلىقلىقى باھالىغۇچىلارنى تولۇق قايىل قىلدى ھەم ھەيران قالدۇردى . ئۇلار ئۇنىڭ نامىنى ، ئاجايىپ - غارايىپ ، غەلىتە تەرىپلىرىنى ئاڭلىغان بولغاچقا ، ھازىر ھەممىسى ئۇنىڭغا باشقىدىن سەپسىلىپ قاراشتى . كېلەڭسىز يوغانلىقىنىلا دېمىسە ، ئۆزلىرىگە ئوخشاشلا بىر ئادەملىكىنى ھېس قىلدى ۋە مۇشۇ كېلەڭسىز كۆرۈنۈشى تۈپەيلىدىن كىشىلەردىن ئايرىلىپ قۇملۇق ئىچىدە يالغۇز ياشاۋاتقىنىدىن ئىچى سىيرىلدى ، «بىر ئۆمۈر مۇشۇنداق ئۆتۈپ كېتەرمۇ» دېيىشتى .

باشقىلارمۇ «دىۋە ئادەم»نى يېقىنىدىن كۆرۈپ باقماقچى بولۇپ

بىردىن ـ بىردىن كېلىپ ئۇنىڭ ئەتراپىغا ئولاشتى .
جاھانبەگ ماڭدۇرۇۋەتكەن كىشى يوغان ، سېمىز بىر بوغرا تۆگىنى يېتىلەپ كېلىپ ئوتتۇرىدا توختۇپ تۇردى . جاھانبەگ تۆگىنىڭ چۇلۋۇرىنى قولىغا ئېلىپ :
— چەپەر ، سېنىڭ كېمە چېپىشتىكى تېز ـ چاققانلىقىڭ ، ئۇستىلىقىڭغا مەن بۇ تۆگىنى ساڭا تارتۇق قىلدىم ، — دەپ ، تۆگىنىڭ چۇلۋۇرىنى چەپەرگە سۇندى .
چەپەر جاھانبەگكە شۇنداق بىر قارىدىكى ، ئۇنىڭ بۇ قارىشىدىكى مەنىنى ئىپادىلەپ بەرمەك ، تەسۋىرلىمەك قىيىن ئىدى . يالغۇزلۇقتا ، ئاتىسىنىڭ ئاگايى بېشىدا تولا يىغلاپ ، نەم دىدارى قالمىغان كۆزىدە لۈممىدە پەيدا بولغان ، لىغىرلاپ تۇرغان ئىككى تامچە ياش ئۇنىڭ پۈتۈن دەرد ـ ھەسرىتىنى ، جاھانبەگدەك ياخشى ئادەملەرگە بولغان رەھمەت ـ مىننەتدارلىقىنى بىلدۈرۈپ تۇراتتى . ئۇنىڭ كۆزىدىكى دەرد ـ ھەسرەت يېشىنى كۆرۈپ ئايقۇت ، ئۇجولخانلار ئۆزىنى بىسۋالالمىدى ، ئۆپكىسى ئۆرۈلگەندەك ھېقىقداپ يىغلاپ كەتتى . «يىغا ـ يىغىنى كەلتۇرىدۇ» دىگەندەك ، ئۇمۇ ، بۇمۇ كۆزىگە ياش ئالدى ، كۆزىگە ياش كەلگەنلەر جىق ئىدى .
چەپەرنىڭ كېمە چېپىش مۇسابىقىسىگە كېلىدىغانلىقىنى ئاڭلىغان ئايقۇت بىلەن ئۇجولخان مەسلىھەتلىشىپ ، ئۇنىڭغا ئەڭ ياخشى تورقا تالاسىدا توقۇلغان رەختتە بىر چامچا ، تورقا ـ چىگە تالاسى بىلەن يوڭ يىپتا توقۇلغان سىپتا چەكمەندە ئىشتان ، چەچكەن[1] ، پۇتىغا يوڭ پايپاق تىكىپ ـ ياساپ تەييارلاپ قويغانىدى . ئايقۇت چەچكەننى ، ئۇجولخان ئىشتان ، چامچا ، پايپاقنى : «بۇ بىزنىڭ ساڭا تارتۇقىمىز» دەپ بەردى . چەپەرنىڭ كۆزىگە يەنە بىر قېتىم ياش كەلدى .
چەپەرنى تارتۇقلاپ بولغاندىن كېيىن جاھانبەگ :
— كېمە چېپىش مۇسابىقىسىگە قاتناشقان ئۇستىلار قايسى مەھەللىدىن كەلگەن بولسا ، چاپقان كېمىسى شۇ مەھەللىگە تەۋە .

[1] چەچكەن — تېردىن ئاشمايدىغان يوڭ چاپان .

كېمىنى شۇ مەھەللىلەرنىڭ ئاقساقاللىرى مەسئۇل بولۇپ ئېلىپ كەتسۇن . چەپەر چاپقان كېمىنى قالاچ قاناقانىڭ كۇكۇنەۋرىسى بۇللاغا بەرسەك ، ئاقساقاللار ، نېمە دەيسىلەر ؟ — دەپ سورىدى .

— بولىدۇ ، بۇللاغا بېرەيلى ، — دېدى ئاقساقاللار .

كېمە چېپىش مۇسابىقىسى تۈگىدى .

جاھانبەگ چەپەرگە يېقىن كېلىپ :

— قالاچ قاناقانىڭ ساڭا دەيدىغان گېپى بار ئىكەن ، — دېدى .

جاھانبەگ بىلەن چەپەر قالاچ قاناقانىڭ ئۆيى تەرەپكە ماڭدى .

«ھەقىچان ھېلىقى توغراق كۆتىكىنى قانداق چېپىشنىڭ گېپى » دەپ ئويلاپ قالدى تۆلەك بوۋا .

كېمە چېپىش مۇسابىقىسىگە چەپەرنىڭ قاتناشقىنى بەك ياخشى بولدى . شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ كەينىدىن غايىۋانىسىگە توقۇلغان ھەممە ، ھەرقانداق جەمە گەپلەرنىڭ يىلتىزىغا باگان چېپىلدى ، ئۇنداق گەپلەر تىمتاس بېسىقىپ ، ئۇنىڭ ئورنىنى چەپەر توغرىسىدىكى يېڭى ياخشى تەرىپلەر ، ئالقىش ، مەدھىيىلەر ، ھېسداشلىقلار ئىگىلىدى ، ئۇ توغرۇلۇق ئاجايىپ ئېسىل قوشاقلار توقۇلۇپ ، تارىم سۈيىگە قوشۇلۇپ كەتتى .

## 9

تۆت مەھەللە كىشىلىرىنىڭ كۆپىنچىسى قىشچە يەيدىغانغا بېلىق تۇتقىلى ، بىر قىسمىلىرى گۆش ئوزۇقلۇقى ئۈچۈن ئوۋغا چىقىپ كېتىشتى . مەھەللىدە قېرى ـ چۆرىلەر ، ئاغرىق ـ ئاغرىقچانلار ، ئاياللار ، باللارلا قالدى . بېلىق تۇتقىلى كەتكەنلەر ئىچىدە تېخى ئاياللارمۇ بار ئىدى . ئۇلار تۇتۇلغان بېلىقلارنى ئۇدۇللۇق مايتۇچاق بىلەن ئۇرۇش ، ئىچ ـ قارنىنى تازىلاپ پوستىلىقىنى[1] ئايرىۋېلىش قاتارلىق ئىشلارنى قىلىدۇ . مەھەللىدە بېلىق تۇتۇشقا ، ئوۋغا يارايدىغان ئەرلەردىن بۇللالا قالغانىدى . ئۇ قاناقانى خوتۇنىغا

1 پوستلاق بېلىق كۆپتۈرگۈچى . بېلىق ئۆپكىسىمۇ دېيىلىدۇ .

تاشلاپ قويۇپ يىراققا كېتەلمەيتتى . ئۇلار قىشلىق بېلىق ، گۆش ئوزۇقلۇقىنى قانداق غەملەيدۇ ؟ مەھەللىدىكىلەر قىشلىق ئوزۇقلۇق غەملىگىلى چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ، ئوماق ، تايۇقلار ئۇ ئىش ئۇستىدە كۇنچىققانبەگ بىلەن مەسلىھەتلەشكەنىدى .

— ئۆزىمىزنىڭ بېلىق ، گۆشنى غەملىگەچ قاناقالارغىمۇ غەملەپ كېلەيلى ، — دېدى جاھانبەگ .

— بېلىق تۇتقىلى نەگە بارىمىز ، بىز بۇ تەرەپلەرنىڭ ئەھۋالىنى بىلمەيمىز ، — دېدى تايۇق .

تايۇقنىڭ گېپىنى تولۇقلاپ ئوماق دېدى :

— بەگدە كېمە بولغان بىلەن بىزدە كېمە يوق . ئۇچىمىز بىر كېمىگە چىقىۋېلىپ قانچىلىك بېلىق تۇتىمىز . بۇ چاغقا كىشىلەر كېمىلەرنى ئېلىپ كېتىپ بولدى .

— كېمىدىن غەم قىلمايلى ، چەپەر چېپىپ بۇللاغا بەرگەن كېمە بارغۇ ، شۇنى سۇغا سالىمىز ، — دېدى كۇنچىققانبەگ .

ئۇلار مەسلىھەتنى شۇنداق پىشۇردى . بۇللانىڭ كېمىسىنى بىر ئاتقا ، ئىككى گۆلمە ، بىرنەچچە تاغار ، سانجىغاقلارنى يەنە بىر ئاتقا ئارتىپ ، ئۆزلىرى بىردىن ئاتقا مىنىشىپ ، تارىم دەرياسىنىڭ قاراقوشۇن كۆلىگە قۇيۇلىدىغان ئېغىزىنى مەنزىللەپ مېڭىپ كەتتى . كۇنچىققانبەگنىڭ كېمىسى شۇ يەردىكى بىر غارغالتىغا باغلاقلىق ئىدى .

بۇلار كېلىپ كۆردىكى ، كۆل ئاغزىدا ، دەريانىڭ كۆلگە قۇيۇلۇش ئاغزىنىڭ يۇقىرىسىدا ۋە كۆل ئىچىدە بولۇپ ، يىگىرمىدەك كېمىدە كىشىلەر گۆلمە ياكى سانجىغاقلاردا بېلىق تۇتۇپ يۈرەتتى .

- بۇ يەردە بېلىق تۇتۇۋاتقانلار جىقكەن ، بىز قانداق قىلىمىز ، نەگە بېرىپ تۇتىمىز ؟— دەپ ئوماق كۇنچىققانبەگدىن سورىدى .

لوپلۇقلاردا ئايرىم بىر ئائىلە ، بىرنەچچە ئائىلە ياكى بىر جەمەت كىشىلىرى كىچىك - كىچىك كۆل بويلىرىنى ماكان تۇتۇپ ئولتۇرغان بولسا ، باشقىلار ئۇ كۆلگە بېلىق تۇتقىلى ، ئۇجۇل ،

قۇش تۇخۇملىرىنى يىغقىلى بارمايدۇ . چوڭ كۆل ، دەريالاردا ئۇنـ. داق ئەمەس . ئۇ بەگ ، بۇ ئاقساقال ، بۇ پۇقرا دەپ ئايرىلمايدۇ . ھەركىم ھەرقانداق يەردە تۇتىدىغىنىنى تۇتىدۇ ، يىغىدىغىنىنى يىـ. غىدۇ ، ھېچكىمگە ھېچكىم كاشىلا قىلمايدۇ ياكى : «ئۇ يەرگە ئۆت ، بۇ يەردە تۇت» دەپ مەجبۇر قىلالمايدۇ ، زورلىيالمايدۇ . ئەمما چوڭلارنى ھۆرمەتلەپ ، ئاجىز ، ئىلاجسىزلارغا يول قويۇپ ئورۇن ئۆتۈنۈپ بېرىدىغان ، بىللە تۇتۇشۇپ بېرىدىغان ، ھەتتا ئۆـ. زىنىڭ تۇتقان ، يىغقانلىرىدىن بېرىۋېتىدىغان ئىشلار بولۇپ تۇرىدۇ .

— بىز قاراقوشۇن كۆلى بىلەن چىۋىنلىق كۆل ئارىلىقىدىكى بولتاغا[1] بارايلى ، — دېدى كۇنچىققانبەگ .

ئۇلار ئاتلىرىنى كۆل بويىدىكى ئوتلاقتا قويۇپ بەردى . بۇللا. نىڭ كېمىسىنى سۇغا سىلىپ ، ئىچىگە نەرسە - كېرەكلەرنى تاشلىدى . كۇنچىققانبەگ كېمىسىنى يەشتى . ئۇنىڭ كېمىسى كىچىكرەك بولۇپ ، ئۇنى ئارانلا كۆتۈرەتتى . تايۇق بىلەن ئوماق بۇللانىڭ كېمىسىگە چىقتى . ئادەتتە كېمە كۆتەكنىڭ يۇمىلاق شەكلى بويىـ. چىلا چېپىلاتتى ، ئىچىدە ئەركىن ھەرىكەت قىلماق ئەپسىز بولۇپ ، ئوڭايلا غايقاڭلاپ كېتەتتى ، كۆمتۈرۈلۈپ كېتىدىغان ئىشلارمۇ كۆپ كۆرۈلەتتى . چەپەر كۆتەكنىڭ ئاستىنى ئۇچتىن بىرىگىچە تۈز ياپىلاقلىۋېلىپ ، ئىچىنىڭ تۈۋىنىمۇ تۈز قىلىپ چاپقانىدى .

— پاھ ! — دەۋەتتى ئوماق ، كېمىنى شۇرۇق بىلەن ئىككى قېتىملا تاياپ بېقىپ ، — ئەجەب ئىتتىك ماڭىدىكەن ، يورۇشىنىڭ سىلىقلىغىچۇ ، تەۋرىنىپمۇ قويمايدىكەن ، تايىغان ئادەمگىمۇ راھەت ئىكەن .

كېمىنىڭ تېگى تۈز قىلىپ چېپىلسا ، كېمىنىڭ سۇغا پېتىشى ئاز بولىدۇ . بۇنداق كېمىنى تاياشقا كۆپ كۈچەشمۇ كەتمەيدۇ ، مېڭىشىمۇ تېز بولىدۇ .

«چەپەر كېمىنى بۇنداق چېپىشنى قانداق ئويلاپ تاپتىكىنە»

[1] بولتا — ئىككى كۆلنى بىر - بىرىگە تۇتاشتۇرىدىغان ئېقىنچە ، بوغۇز .

ئوماق بىلەن تايوق شونداق دېيىشتى . ئاغزىدىن چىقارمىغىنى بىلەن ، چەپەرگە شونداق بىر كېمە چاپتۇرۇۋېلىشنىمۇ كۆڭلىگە پۈكۈشتى .

ئوماق بىلەن تايوق كېمىنى شۇرۇق بىلەن نۆۋەتلىشىپ تاياپ ، كونچىققانبەگدىن خېلىلا ئۇزاپ كەتتى . تايوق كېمە تاياشتىن توختاپ :

— بەگ ئوغلىنى ساقلىغاچ بېلىققا قاراپ باقايلى ، — دېدى .

ئىككىسى كېمىدە ئۆرە تۇرۇپ ئىككى تەرەپكە سىنچىلاپ قاراشقا باشلىدى .

— بېلىق ! بېلىق جىققەن ، — دېدى ئوماق ، يەنە قوشۇپ دېدى ، — گۆلمە تاشلايلىمۇ ؟

— سانجىغاقتا تۇتۇپ باقمايلىمۇ ، — تايوق سانجىغاقتا بېلىق تۇتۇشنى سېغىنىپ قالغانىدى ، شۇڭا ئوماققا مەسلىھەت سالدى .

ئوماقمۇ بۇلاقكۆلدە سانجىغاقتا بېلىق تۇتقاندىن بېرى سانجىغاق ئىشلەتمەي ، ئۆزىنى سانجىغاق ئىشلىتىشنى ئۇنتۇپ قالغاندەك ھېس قىلىدىغان بولغانىدى . شۇڭا تايوقنىڭ گېپى تۈگىمەيلا قولىغا سانجىغاقنى ئېلىپ بولدى . ئاڭغىچە كونچىققانبەگمۇ يېتىپ كەلدى . ئۈچى ئۈچ تەرەپتە بۇياقتىن قاچسا ئۇ ، ئۇياقتىن قاچسا بۇ سانجىپ يۈرۈپ ، بىر ئاش پىشىمغا يەتمىگەن ۋاقىتتا يىگىرمىدەك بېلىق تۇتتى .

— كۆل ئېغىزىدا ئادەم جىق بولغاچقا ، بېلىقلار قېچىپ مۇشۇ يەرگە كېلىۋالغان ئوخشايدۇ ، گۆلمە تاشلايلى ، — دېدى كونچىققانبەگ .

گۆلمىنى يېيىپ تاشلاشقا كونچىققانبەگ ئۇستا ئىدى . ئۇلار ئىككى كېمىنى ئۇزۇنتىغا قاتار توختىتىپ تۇرۇپ چوڭراق گۆلمىنى يېيىپ تۇرۇپ ، «ھە» بىلەن تەڭ تەكشى تاشلىدى . گۆلمىنىڭ بىر تەرىپى ئاستا ـ ئاستا سۇ ئاستىغا چۆكۈشكە باشلىدى . گۆلمە تېخى تولۇق چۆكۈپ بولمايلا خېلى قاتتىق سىلكىنىشكە باشلىدى . ئۇلار كېمىنى ئاستا ماڭدۇرۇپ ، گۆلمىنى يېرىم ھالقا شەكلىگە كەلتۈر-

دى ، گۆلمە ئېغىرلاشتى .
— تېز يىغايلى ، — دېدى كۆنچىققانبەگ .
گۆلمىنى يىغىپ ئىككى ئۆچىنى تۆتاشتۇردى ، تارتىپ كېمىگە
ئالماقچى بولۇۋىدى ، ئۆچىنىڭ كۆچى يەتمىدى . ئۇلارنىڭ مۆلچەرى-
دە گۆلمىگە چۈشكەن بېلىق جىق ئىدى . كۆنچىققانبەگ بىلەن
تايۇق بېلىقلارنىڭ سۆرەپ كەتمەسلىكى ئۆچۈن گۆلمىنىڭ ئىككى
ئۆچىنى كېمىگە قويۇپ بېسىپ ئولتۇردى . ئوماق بېلىقلارنى بىر-
دىن - بىردىن ئېلىپ مايتۆچاق بىلەن بېشىغا ئۇرۇپ هوشسىزلان-
دۇرۇپ كېمىگە تاشلاۋەردى . گۆلمە يەڭگىللىگەندىن كېيىن كېمى-
گە تارتىپ چىقاردى - دە ، ئۆچىلىسى تەڭلا :
— پاھ ! پاھ ! — دېيىشىپ كەتتى .
بېلىقلارنىڭ ئارىسىدا ئون بەش ياشلىق بالا چوڭلۇقىدا
بىر پاقا باش چار قاسىراقلىق بېلىق تۇراتتى . ئۇلار ئالدى بىلەن
چار بېلىقنى هوشسىزلاندۇرغاندىن كېيىن ، قالغان بېلىقلارنى
هوشسىزلاندۇردى . بۇ بېلىقلارنى تاغارغا قاچىلاپ قىرغاققا ئاچى-
قىپ قويۇپ تۇرمىسا بولمايتتى . بېلىقنى بۇللانىڭ كېمىسىگە سې-
لىپ ، كۆنچىققانبەگ بىلەن تايۇق بولتاغا يېقىنراق قىرغاق تەرەپكە
كەتتى . ئوماق كۆنچىققانبەگنىڭ كېمىسىدە بېلىق تۇتۇپ تۇرغىلى
قېلىپ قالدى . تايۇقلار قىرغاققا يېقىنلاشقۇچىلىك ئارىلىقتا ، ئو-
ماق يوتىدەك چوڭلۇقتىكى بېلىقتىن بەشنى سانجىپ تۇتۇپ بولدى .
بۇ ، كۆل ئاغزى تەرەپتە بېلىق تۇتقۇچىلارنىڭ جىقلىقىنىڭ پايدىسى
ئىدى . ئۇلاردىن ئۇركۇگەن بېلىقلار بۇ تەرەپكە كېلىۋالغانىدى .
ئوماق كۆنچىققانبەگلەرنى قىرغاققا يەتكەندۇ ، دەپ قاراپ ، بىر
كىشىنىڭ قىرغاقتا ئاتلىق تۇرغىنىنى كۆردى . ئۇ كىشى كۆنچىق-
قانبەگلەرگە قاراپ تۇراتتى ، ئەمما كېمە توختاپ قالغانىدى . كۆن-
چىققانبەگ بىلەن تايۇق كېمىنى هەرقانچە تاياپمۇ ئورنىدىن قوزغى-
يالمايۋاتاتتى .
«هەي ، كېمە بايىردا[1] تۇرۇپ قالغان ئوخشايدۇ» دەپ جەزە-

1 بايىر — كۆلنىڭ قىرغاق تەرەپ تېيىز يېرى .

لەشتۈردى ئوماق . راست ، كىمە بايىرغا بېرىپ توختاپ قالغاندى . بۇنداق چاغدا قانداق قىلىشنى بۇ يەردىكى ھەممە ئادەم بىلىدۇ . كۆنچىققانبەگ بىلەن ئوماق كىمىنىڭ قۇيرۇق تەرىپىدىكى بېلىق قاچىلانغان ئىككى تاغارنى باش تەرىپىگە ئاپاردى . كىمىنىڭ قۇيرۇق تەرىپى سەل كۆتۈرۈلدى ، ئاندىن ئىككىسى كىمە بېشىنىڭ ئىككى تەرىپىدىن شۇرۇقنى سۇ تېگىگە تىركەپ تەڭ كۈچىۋدى ، كىمە كۆلنىڭ ئىچى تەرەپكە قوزغىلىپ بايىردىن چىقتى . ئۇلار كىمىنى ئۇدۇل بولتا تەرەپكە تاياپ كەتتى . قىرغاقتىكى ئاتلىق كىشىمۇ بولتا تەرەپكە ماڭدى . ئارىلىق خېلى يىراق بولغاچقا ، ئوماق ئۇ كىشىنى تونۇيالمىدى . «كىمدۇ ، بىر مۇھىم ئىش بىلەن كۆنچىققانبەگنى ئىزدىگەن ئوخشايدۇ» دەپ ئويلىدى ئۇ .

كۆنچىققانبەگلەر بولتا ئاغزىغا بېرىپ قىرغاققا چىقىشىغا ، ھېلىقى كىشى ئىككىسىگە بىرنېمىلەرنى دېگەندەك قىلدى . بۇنى ئوماق كۆرۈپ تۇردى . كۆنچىققانبەگ بىلەن تايۇق ئوماق تەرەپكە قاراپ : «بۇياققا كەل» دېگەن ئىشارىنى قىلدى . «ئۇ كىشى مېنى ئىزدەپ كەلگەن ئوخشىمامدۇ . نېمە ئىش بولغاندۇ ، ئۆيدە يا مەھەللىدە بىر ئىش بولدىمۇ نېمە ؟» ئوماق شۇلارنى ئويلاپ سەل جىددىيلەشكەندەك بولدى ـ دە ، كىمە تاياشتىكى ماھارىتى بىلەن تېزلا يېرىم ئارىلىققا كېلىپ بولدى . ئوماق كەلگەن كىشىنى تونۇدى . ئۇ بۇللا ئىدى . ئوماقنىڭ يۈرىكى «جىغ» قىلىپ قالدى ، بەدىنى مۇزلىغاندەك بولدى . «قاناقا··· » ئوماق ئۆيىنىڭ ئاخىرىنى خىيالىغا كەلتۈرەلمىدى . كىمىنى قۇيۇندەك تاياپ قىرغاققا يېقىنلاپ ، كۆنچىققانبەگ بىلەن تايۇقنىڭ چىرايىغا قارىدى . ئۇلاردا بىرەر جىددىيلەشكەنلىكنىڭ ئالامىتىنى كۆرمىدى . بۇللاغا قارىدى . ئۇمۇ خاتىرجەم ، بەلكى جىلمىيىپ تۇرغاندەك كۆرۈندى .

— چەپەر كەپتۇ ، ئۇ ساڭا سەككىز دەك قوي ، بىرنەچچىدىن كېيىك ، جەرەن ئەكېپتۇ ، — دېدى كۆنچىققانبەگ ، ئوماق قىرغاققا چىقىشىغا .

ئوماق بەگ ئوغلىنىڭ گېپىگە قوشۇمچە قىلدى :

— كۆڭلۈڭدىكىنى تېپىپتۇ ، ساڭا بىر كىمە چىپىپ ئالغاچ كېپتۇ .

ئوماق ھەيران قېلىپ دېدى :

— چەپەر ماڭا… قوي ، كېيىك ، جەرەن ، يەنە كىمە ئەكېپتىما ؟ !…

— مەھەللىدىكى چوڭلار : «ئوماق ئۆزى كېلىپ تاپشۇرۇۋالسۇن» دەپ ، چاقىرغىلى مېنى ئەۋەتتى ، — دېدى بۇللا .

ئۇنىڭ چوڭلار دېگىنى قالاچ قاناقا ، تولەك بوۋا ، جاھانبەگلەر ئىدى .

ئوماق بۇللادىن سورىدى :

— قاناقا قانداقراق تۇرىدۇ ؟

— كۇندىكىدەك ، خېلى ياخشى .

— ئوماق ، — دېدى كۇنچىققانبەگ ، — سەن ھازىرلا ماڭ ، قاناقالارغا ، ئۆيۈڭگە بېلىقتىن بىر تاغار ئالغاچ كەت ، ئۇلار يېڭى بېلىق يېمىگىلى خېلى بولۇپ قالدى . ماۋۇ چوڭ بېلىقنى چەپەرگە ئالغاچ بار . ئۇنىڭ بېلىق تۇتۇپ كېلىدىغان يېرى بەك يىراقكەن ، شۇ بىچارە يېسۇن .

بۇ ئوماقنىڭ كۆڭلىدىكى گەپ ئىدى .

چوڭ بېلىق بىلەن بىر تاغار بېلىقنى كۇنچىققانبەگنىڭ كىمىسىگە بېسىپ ، ئوماق بىلەن تايۇق كىمىنى تاياپ كۆل ئاغزى تەرەپكە يۈرۈپ كەتتى ، بۇللا كۆل ياقىلاپ ماڭدى .

ئۇلار بىر تاغار بېلىق بىلەن چوڭ بېلىقنى بىر ئاتقا ئارتىپ يۈختىلاپ تاڭدى . ئوماق بىلەن بۇللا ئاتلىرىغا مىنىۋاتقاندا ، تايۇق :

— كېلەلمىگۇدەك بولساڭ ئاتنى بۇياقتا كېلىدىغانلاردىن ماڭدۇرۇۋەتەرسەن ، — دەپ كىمە تەرەپكە ماڭدى . ئوماقلار مەھەللە تەرەپكە يۈرۈپ كەتتى .

بۇ چاغدا كۇننىڭ ئۇۋۇسىغا يانپاشلايدىغانغا كۆپ ۋاقىت قالمىغانىدى . ھېلىمۇ ياخشى يول بىلمەس بۇ ئىككى يېڭى كەلدىۋايغا ئابدالدا تۇغۇلۇپ ، ئابدال بىلەن قاراقوشۇن ، چىۋىنلىق ، تاتىما ۋە

لوپ كۆللىرى ئارىلىقىدا چوڭ بولغان بىر كىشى ھەمراھلىقىدا كەينىدىن يېتىشىپ كەلدى .

ئۇلار مەھەللىگە تاڭ ئاتارغا ئاز قالغاندا يېتىپ كەلدى . ھازىر چەپەرنىڭ قايسى ئۆيدە ئىكەنلىكىنى بىلمىگەچكە ، ئۇنىڭ بىلەن ئەتىگەنلىككە كۆرۈشمەكچى بولۇشتى ، بېلىقنى ئەتىگەنلىككە بىر ياق قىلايلى دېيىشىپ ، ھەرقايسىسى ئۆز ئۆيى تەرەپكە ماڭدى . بېلىق ئارتىلغان ئاتنى ئوماق يېتىلىۋالدى .

چەپەرنى جاھانبەگ ئاخشام ئۆيىگە ئېلىپ كەتكەنىدى ، ئەتىگەندە ئۇنى باشلاپ قاناقانىڭكىگە كەلدى ، ئارقىدىنلا تۇلەك بوۋا بىلەن ئوماق كىرىپ كەلدى . ئوماق قالاچ قاناقا ، جاھانبەگ ، چەپەرلەردىن بىرقۇر ئەھۋال سوراپ بولۇپ ، ئۇلاپلا چەپەردىن :

— ماڭا كېمە چېپىپ ئەكەلگىنىڭغۇ مەيلى بوپتۇ ، قوي ، جەرەن ، كېيىكلىرىڭدىنمۇ ئەكېلىپسەن . بۇ نېمە قىلغىنىڭ ، ئۇلار سېنىڭ جېنىڭ ئىدىغۇ ؟ — دەپ سورىدى .

ئوماق گەپ قىلىۋېتىپ چەپەرگە سەپسېلىپ قارىدى . ئۇ بۇلار بىرىنچى قېتىم كۆرۈشكەندىكىدىن روشەن جۇدەپ قالغانىدى . ئۈچ ھەپتىنىڭ ئالدىدىكى كېمە چېپىش مۇسابىقىسىگە قاتناشقان چېغىدىكىدىنمۇ ئورۇقلىغاندەك كۆرۈندى . «ئاغرىقچان بولۇپ قالدىمۇ نېمە» دېگەن خىيال ئۇنىڭ كۆڭلىگە كەچتى .

— ئۇ ماللارنى راست مەن جېنىمدەك ياخشى كۆرىمەن ، لېكىن ھازىر ئۇلارغا بىر خىل كېسەل يېپىشىۋاتىدۇ ، بىرنەچچىسى ئۆلدى . يېڭى ئاقساقاللارنىڭ دەسلەپكى كېڭىشىدە جاھانبەگ ئاتمىشبۇلاق ئاقساقىلى تۇرغان ئاغىغا ماڭا ياندىش بولغىلى ئۈچ ئۆيلۈك ئادەمنى ئەكېلىپ ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇشنى تاپىلاپتىكەن . تۇرغان ئاغا شۇنداق قىلغانىدى . ئۇلارنىڭ قويلىرىدىن بىر - ئىككىسى ئۆلۈۋىدى ، ئۇلار قورقتى ، كەتمەك بولۇۋاتىدۇ . مەن ئۆز جېنىم بىلەن قالغاندا ماللارغا قاراپ بولالمىغۇدەكمەن ، — دېدى چەپەر ، ئادەمنىڭ ئىچى ئاغرىغۇدەك كۆڭۈل يېرىمچىلىقى بىلەن .

بىر نەرسىنى قولدىن چىقىرىپ قويۇشقا كۆز قىيماسلىق ،

چىلىق يېپىشقىلىش ياخشى كۆرگەنلىكنىڭ مۇكەممەل ئىپادىسى ئەمەس . مۇرىتى كەلگەندە سەن ئۇنىڭ مەۋجۇتلۇقى ، بەخت - سائادىتى ئۈچۈن ئۇنىڭدىن ۋاز كېچەلىسەڭ ، قۇربان بېرەلىسەڭ ، مانا شۇنداق قىلالىساڭ ، سەن ئۇنى ھەقىقىي ياخشى كۆرگەن بولىسەن ، بولمىسا ئۇنى نابۇت قىلىسەن ، بۇ خۇددى ئېگىز كۆتۈرمەن دەپ ئاۋايلىماي سۇندۇرۇۋەتكەندەكلا بىر ئىش .

چەپەر ھازىر مانا شۇنداق قىلىۋاتاتتى . ماللىرىنىڭ ساقلىقى ، ھايات قېلىشى ئۈچۈن ئۇلارنى ئۆز ئىختىيارى ، ئۆز قولى بىلەن باشقىلارغا بېرىۋەتكىلى ئەكەلگەنىدى .

بۇللا پىشۇرۇلغان چوڭ - چوڭ يېغى بېلىقتىن تۆتنى يوغان تەڭنىگە سېلىۋېلىپ ئوتتۇرىغا قويۇۋېتىپ :

— تونۇگۇن ئۇۇماق ئاغاملار تۇتقان يېغى بېلىق ، — دەپ قويدى .

ئوماق قاراقوشۇنلۇقلار ئۇسۇلى بويىچە بېلىقلارنى بىر - بىرلەپ قويرۇقىدىن تۇتۇپ ئاستا كۆتۈرۈپ سىلكىپ ، ئومۇرتقا ، قىلتىرىقىدىن گۆشىنى ئايرىپ قويدى . بىر قاچىغا بېلىق گۆشىدىن ئېلىپ قاناقاغا بەرگەندىن كېيىن ، بۇللا قوشۇلۇپ بەشى تەڭنىنى چۆرىدەپ ئولتۇرۇپ ، بېلىق گۆشىنى ئوشلاپ ئېلىپ يېيىشكە باشلىدى . گۆش ئارىسىدا قېلىپ قالغان ئۇششاق قىلتىرىقلار ئۇلارنىڭ جاۋغىيىدىن تېرە داستىخانغا چۈشۈپ تۇراتتى ، ئۆزلۈكىدىن چۈشمەي جاۋغىيىدا تۇرۇۋالغان «جاھىللىرىنى» ئۇدۇللۇق پۈرقۈپ تۇرۇشاتتى . بېلىقنى بۇنداق يېيىشتە ، بۇلار ئىچىدە ئوماققا يېتىدىغىنى يوق ئىدى . بېلىق گۆشىنى يەپ بولۇشىغا ئالتۇن يېغى بېلىق شورپىسىغا سۇيۇقراق چېلىپ ئېتىپ سوۋۇتۇلغان ئۇجۇل ئۇمىچىدىن بىر قاچىدا ئەكىرىپ قاناقاغا بەردى ، ئاندىن تەڭنىگە ئۇسۇپ سوۋۇتۇلغان ئۇجۇل - جىگدە تالقان بۇلمىقىنى ئەكىرىپ قاچىلارغا ئۇسۇپ ئولتۇرغانلارغا بېرىپ بولۇپ چىقىپ كەتتى . بولماق ئىچىلىپ بولغاندىن كېيىن چەپەر :

— مەن قايتاي ، خىيالىم ماللىرىمدا قالدى ، — دەپ ئورنى-

دىن تۆردى . يېڭى تام ئۆيدىمۇ ئۇنىڭ بېشى تورۇسقا تاقىشىپ قېلىپ ، ئېگىشىپ قالغاندى .

ئوماق بۇللانى بىر يانغا تارتىپ ، قولىقىغا بىرنېمىلەرنى دېدى . بۇللا ئۆيدىن چىقىپ كېتىپ بىرپەستىن كېيىن ئاخشامقى چوڭ بېلىقنى سۆرەپ كىردى . بېلىقنى كۆرۈپ ھەممىسى بۇللاغا قارىدى . بۇللا ئوماققا قارىدى . ئوماق :

— تۈنۈگۈن گۆلمە تاشلاپ تۇتۇۋالدۇق . كۈنچىققانبەگ بۇ بېلىقنى چەپەرگە بېرىشىمنى ئېيتتى ، — دېدى .

ئوماقنىڭ گېپى تۈگىشىگە تۆپىسى قوي تېرىسىدە ، قولاق ـ ياپقۇچلىرى تۈلكە تېرىسىدە تىكىلگەن بىر چاپۇشنى[1] كۆتۈرۈپ ئايقۇت كىرىپ كەلدى . ئالدى بىلەن قاناقاغا ئېگىشىپ سالام بېرىپ ئەھۋال سورىدى ، ئاندىن باشقىلارغا سالام بېرىپ ئەھۋاللىشىپ بولۇپ ، چەپەرنىڭ ئالدىغا كەلدى .

— چەپەر ئاغا ، سىنىڭ كىمە چېپىشقا كېلىدىغىنىڭنى ئاڭلاپ ، ساڭا بىر چاپۇش تىكىپ قويماقچى بولۇپ ئۆلگۈرتەلمىگەندىم . ھېلىمۇ ياخشى تىكىپ قويۇپتىمەن ، كىيىپ باق ، — دەپ ئايقۇت چاپۇشنى چەپەرگە سۇندى .

— كەي ، چەپەر ، كەي . ئايقۇت ساڭىلا ئاتاپ تىكىپتۇ ، — دېدى قاناقا .

چاپۇش چەپەرگە ئاجايىپ ياراشتى ، ئۇنى ھەيۋەت ، سۆلەتلىك قىلىپ قويغانىدى .

چەپەر كېتىشكە ئالدىرىغانلىقتىن ئوماق بىلەن بۇللا بېلىقنى چەپەرنىڭ تۆگىسىگە ئورۇنلاشتۇرۇپ تېڭىپ بەردى . چەپەر تۆگىگە مىنىپ بولغاندىن كېيىن ، ھەممىسى بۇ باغرى يۇمشاق ، ئاق كۆڭۈل ، دېۋە قامەت ، ئەمما بىچارە چەپەرگە ئاقىۋل تىلەپ خوشلاشتى . قالاچ قاناقامۇ ئۆيدىن چىقىپ ئۇنىڭ بىلەن بوسۇغىدا خوشلاشتى .

---

[1] چاپۇش -- ئالدى سىدام ، ئىككى يېنى ، ئارقىسىدا ياپقۇچى بار قولاقچا .

# ئالتىنچى باب

# توي ۋە مۇسىبەت

*بۇ ئالەمنىڭ ئەجەب سىرلىق خىسلىتى بار ،*
*بەزىدە ئوڭ ، بەزى تەتۈر قىسمىتى بار .*
*كۆز ئاچقۇزسا بۇگۈن بىرنى بۇ دۇنياغا ،*
*ئەتە بىرنى ئۈزىتىدۇ ئۇ دۇنياغا .*

— «ئاق بىكەش بىلەن بوز باتۇر» داستانىدىن .

## 1

قىش ئۆتتى ، يازمۇ ئۆتتى ، بۇنداق ياز ، قىشتىن تۆتى ئۆتتى . بۇ تۆت يىلدا ئېغىزغا ، قەلەمگە ئالغۇدەك بىرەر ئۆزگىرىش يېڭىلىق بولمىدى ، بەلكى رېزىنكە سوزۇلغانسېرى ئىنچىكىلەپ ئاخىر ئۈزۈلۈپ كەتكەندەك ، يېڭى يۇرت ، يېڭى مەھەللىلەرنىڭ داغدۇغىسى ، مەپتۇنلۇقى ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن سۇسلاپ قالدى ، خۇددى خېمىر بولغان شامالدا قېلىپ پېتىرىغا يېنىپ كەتكەندەك . قاراقوشۇن ، ئابدال ئەتراپىدىكى كىشىلەرنىڭ تىرىكچىلىكىدە بېلىق ، ئاندىن ئىلۋەسۇن ، يېگىلى بولىدىغان ھەر خىل قۇش ۋە توشقان گۆشى بىلەن ئۈجۈل ، جىگدە ئاساسلىق ئوزۇقلۇقى . كۆل يېڭى يۇرتقا يىراق بولمىسىمۇ ، ئەتراپى بۇك قومۇشلۇق ھەم سازلىق بولۇپ ، بېلىق تۇتقىلى بولغان بىلەن قۇش تۇخۇملىرىنى ، ئۈجۈلنى يىغقىلى بولمايدۇ . كېمە كىرەلمەيدۇ ، ئۇلاغلىق ، پىيادە

كىرسە پىتىپ قالىدۇ . يېڭى يۇرت بويىدا تارىمنىڭ پەقەت بىر كىچىك بالىچۇق ئېقىنىلا بار . شۇڭا بۇ كىشىلەر تىرىكچىلىك غېمــىــدە ئاتا ـ بوۋىسىدىن تارتىپ ياشاپ كېلىۋاتقان ياشاش ئەندىزىسىنى ئەۋزەل كۆرۈپ قالدى . يېڭى يۇرتقا كۆچۈپ كەلمەگەنلەر كەلمىگىنىچە قالدى ، كەلگەنلەردىن بەزىلىرى تېخى كەپە ، ساتمىلىرىغا قايتىپ كەتتى . بۇلار دەريا ، كۆل بويلىرىدا ، قۇم دۆۋىلىرى ئارىلىرىدا شۇنچە تارقاق ئۆتسىمۇ ، تەنھالىق ھېس قىلىمايدۇ ، زېرىكمەيدۇ ، شۇ قەدەر كۆنۈپ كەتكەن . تىرىكچىلىككە كېرەكلىك نەرسىلەرنى تەق قىلىۋالسىلا ، دۇنيادا بۇلاردىن باي ، خاتىرجەم ، كۆڭلى توق ، بۇلاردىن غەمسىز ئادەم يوق . ئادەتتىكى چاغلاردا ئائىلىۋى ھۈنەرۋەنچىلىك بىلەن ، كۆڭلى تارتىپ قالسا قوشاق ئېيتىشىپ يۈرۈۋېرىدۇ .

ئۆتكەن تۆت يىل ئىچىدە ئۆزگىرىش بولدى دېيىلسە ، بەزىلەر كۆز يۇمۇپ بۇ دۇنيادىن كېتىپ قالدى ، كۆز ئېچىپ بۇ دۇنياغا يېڭىدىن كەلگەنلەر بولدى . بالىلار چوڭ بولدى ، ئوغۇللارنىڭ ئۈستۈنكى يۇمران لېۋى بىلەن بۇرنى ئارىلىقى قارىداپ قالدى ، ئۇلار ئەمدى ئەتراپقا ، بولۇپمۇ قىزلارغا ئۇلاردىن بىرنېمە ئىزدىگەندەك سىنچىلاپ قارايدىغان بولدى ؛ قىزلار ئەركە ـ نايناقلىقى بىلەن خوشلىشىپ ، ئېغىر ـ بېسىق ، تارتىنچاق ، ئوڭايلا ۋىللىدە قىزىرىپ كېتىدىغان بولۇپ قالدى . يېڭى ئۆي بۇللا بىلەن ئالتۇن ، ھەكىم بىلەن گۆھەرلەرگە بەك ياراشقان چېغى ، ئۇلار يەنە بىردىن بالا يۈزى كۆردى ، بۇلار شۇنچە خۇشال . ئوماق بىلەن ئايقۇتنىڭ خۇشاللىقى ئۇلارنىڭكىدىن ئېشىپ چۈشىدۇ . چۈنكى ، ئۇلار قالاچ قاناقا ئالدىن ئېيتقان خاسىيەتلىك يەنە بىر بالىسىنىڭ يۈزىنى كۆرۈش ھارپىسىدا تەقەززالىق بىلەن ۋاقتى ـ سائىتىنى كۈتۈپ تۇرىدۇ .

كىشىلەر يېڭى يۇرت ، يېڭى ئۆيلەردە ، يەنىلا ئەنئەنىۋى تۇرمۇش چەمبىرى ئىچىدە قىمىرلاپ ياشاپ كەلمەكتە .

ئايسۇلۇ پاكار يۇلغۇنلار بىلەن قاشالانغان ھويلىدا شايى چەك-

مەن توقۇپ ئولتۇراتتى . ئاتىسى تايۇق قىشلىق گەدەرمە قىلىۋالـ-
دىغانغا بىلىق تۇتۇپ كەلگىلى ئويمانكۆل تەرەپكە كەتكەن ، ئانىسى
بىر ئىش بىلەن ئۇجۇلخانىنىڭ ئۆيىگە چىقىپ كەتكەنىدى . ئۆي
ئىشلىرىنى تۈگىتىپ بولغان ئايسۇلۇ ئۆيدە يالغۇز ئولتۇرۇپ ئىچى
پۇشتى ، زېرىكىشلىكنى بېسىش ، ۋاقىت ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن بایاتىن
ئانىسى توقۇۋاتقان شايى چەكمەننى توقۇماقچى بولدى . ئانىسى
ھويلىدىن چىقىپ كېتىۋېتىپ :

— شايى چەكمەننى ئۆزۈم توقۇيمەن ، سەن بۇزۇپ قويىسەن ،
يۇڭنى ساۋاپ تۇر ، — دەپ جېكىلىگەنىدى . لېكىن ، ئايسۇلۇ
ئىچىدە : «شايى چەكمەننى مەنمۇ توقىغانغۇ ، بۇنى نېمىشقا توقۇغىد-
لى قويمايدىكىنە» دەپ غودۇڭشىغاندەك قىلىپ ، دۇشۇلگىنى دەس-
تىگاھنىڭ ئالدىغا ئىتتىرىپ ئەكېلـىـپ ئولـتـۇردى . موكىنى
تۆت - بەش قېتىم ئۆتكۈزگەندىن كېيىن ، ئۆرۈش[1] ئوتتۇرىسىغا
قىلىچنى[2] كىرگۈزۈپ ئارقاقلارنى[3] چىڭداۋېتىپ قوشاق ئېيتىشقا
باشلىدى :

تورقا ، چىگە تالاسى ،
رەخت بولۇدۇ يىپ ئەشسە .

ئايسۇلۇ قوشاقنىڭ ئىككى مىسراسىنى ئېيتىپ بولۇپ ، قولـ-
دىكى قىلىچنى يەرگە قويۇپ تۇرۇشىغا ، سىرتتا ئۇنىڭغا مۇشائىرد-
لىك قىلىپ ئېيتىلغان قوشاق ئاڭلاندى :

كىشى كۆڭلۈگۈل ئاچار ،
يارى بىلەن بىرلەشسە .

ئايسۇلۇ ئىتتىك ئورنىدىن تۇرۇشىغا شاخشا ئىشىك ئېچىلىپ

---

[1] ئۆرۈش — ئۇزۇنىغا تارتىلغان يىپ .
[2] قىلىچ — توقۇش سايمانلىرىنىڭ بىرى .
[3] ئارقاق — موكا ئارقىلىق توغرىسىغا ئۆتكۈزگەن يىپ .

ھويلىغا يۇلتۇز كىرىپ كەلدى .
يۇلتۇز ئايسۇلۇلار بۇ يەرگە كۆچۈپ كەلگەندىن كېيىن تونۇش-قان ئۇنىڭ ئابداللىق ئەڭ يېقىن دوستى .
— يالغۇزمىدىڭ ؟
— ھەئە ، يالغۇز ئولتۇرۇپ زېرىكىپ ، ئانام توقۇۋاتقان رەختنى توقۇغاچ تۇراي دېگەن .
— ئۆزۈم ئۈچۈن دېگىنە .
— نېمە دەۋاتىسەن ، — ئايسۇلۇ شۇنداق دەۋېتىپ دوستى يۇلتۇزغا خۇمارلىق قاراپ خۇلق چىقىرىپ كۈلدى . كۆلكىسىدە ئۇ : «شۇنداق بولسا نېمە بوپتۇ» دېمەكچىدەك قىلاتتى .
ئوچاق بېشىدىكى تاختىدا تۇرغان ، چوغدەك قىپقىزىل جۇلال-نىپ تۇرغان بىر دەستە يۇلغۇن چېچىكىگە يۇلتۇزنىڭ كۆزى چۈ-شۈپ قالدى .
— مۇشۇ چاغدا ئېچىلغان قانداق يۇلغۇن ئۇ ، — يۇلتۇز يۇلغۇن چېچىكىنى قولىغا ئېلىپ بۇرنىغا يېقىن تۇتۇپ ، — ھەي ، بۇنىڭدىن قىزىلگۈلنىڭ پۇرىقى كېلىۋاتىدۇغۇ ، — ئۇ ئەجەبلەندى ، چېچەكنىڭ سۇغا چىلاپ قويۇلغانلىقىنى كۆرۈپ يەنە ، — بۇنى سۇغا چىلاپ قويغىنىڭغا بىر ھەپتە بوپتۇغۇ ، قارىغىنا ، سۇيى كۆپۈكلە-شىپ كۆكىرىشكە باشلاپتۇ ، — دېدى .
— ۋيەي ، — ئايسۇلۇ شۇنداق دېدى - دە ، پۇرۇچتىكى سۇنى ھويلىدىكى قۇمغا تۆكۈۋېتىپ ، يېڭىلاپ سۇ قۇيۇپ قويدى .
راست ، يۇلغۇن چېچىكىنىڭ سۇغا چىلاپ قويۇلغىنىغا بىر ھەپتە بولغانىدى . ئۇ كۈنى ئايسۇلۇ ئەتىگەنلىك تامىقىنى يەپ بولۇپ ھويلا سىرتىدا تورقىدىن تالا چىقىرىپ ئولتۇراتتى . لوپ خوتۇن - قىزلىرى كۆپىنچە مۇشۇنداق تورقا - چىگىدىن يىپ - تالا چىقىرىۋېتىپ ، پالاس ، تۇرلۇك رەخت توقۇۋېتىپ ياكى ئارغام-چا ئېشىۋېتىپ ، تاغار ئاغزىنى كۆزۈكدەۋېتىپ[1] قوشاق ئېيتىشى-دۇ . ئايسۇلۇ باشقىلاردىن ئاڭلاپ ئېسىگە ئېلىۋالغان قوشاقلاردىن

[1] كۆزۈكدەش - تاغار ئاغزىنى پۇرۇش ، يىغىش .

بىرنەچچە كۆپلىت ئېيتىپ كۆڭلىدىكى ئادىمىگە غايىۋانىسىگە كۆڭ-
لىنى ئىزھارلىماق بولدى :

شامال چىقسا ئىرغانادۇ كامپاشى ،
يارىم كەلسە ئاتىلادۇ ئوڭ قاشى .
مەنى پات ـ پات يوقلاپ تۇرغىن تورغايىم ،
سەندىن بۆلەك يوقتۇر كۆڭلۈم قاياشى .

تورغاي بايىم ياراشىدۇ خىلىمدا ،
سەن يارنى دەپ ئوت كۆيەدۇ دىلىمدا .
كۆيۈك دەردى ئازابلاركەن ئادەمنى ،
كۈندە كېلىپ بىردەم تۇرغىن يېنىمدا .

توختاق دەل مۇشۇ ۋاقىتتا ئاتىسىنىڭ مۇھىم بىر گېپىنى
تۆلەك بوۋىغا دەپ قويغىلى كېتىۋاتقانىدى . ئۇنىڭ ماڭار يولى
ئەسلى ئۇدۇل ئىدى ، ئەمما كۆڭۈل رىشتىسى مۇشۇ تەرەپكە تار-
تىپ ، ئىختىيارسىز يولدىن ئەگىپ ئايسۇلۇنىڭ ئۆيىنىڭ ئارقىسىغا
كېلىپ قالدى . دەل مۇشۇ پەيتتە قۇلىقىغا ئايسۇلۇنىڭ قوشىقى
ئاڭلاندى . قايتۇرۇپ شاخلىتىپ[1] قوشاق ئېيتقۇسى كەلدىيۇ ،
ئاتا ـ ئانىسى ئۆيدە بولۇپ قالسا سەت بولىدۇ دەپ ، ئىچىدە توقۇپ
بولغان قوشىقىنى تىلىنىڭ ئۇچىدىلا توختىتىۋالدى .
توختاق بىلەن ئايسۇلۇ ئۆزلىرىنىڭ تۆت يىل بۇرۇنلا بىر ـ
بىرىگە مۇرۇۋۋەللوغلاپ قويۇلغانلىقىنى ئابدالغا كۆچۈپ كېلىپ ئىككى
يىلدىن كېيىن بىلىشكەنىدى . بۇ ئىش دەسلەپ ئۇلارغا تاسادىپىي
ھەم غەلىتە تۇيۇلغان بولسىمۇ ، يەنە بىر تەرەپتىن زادى شۇنداق
بولۇشى كېرەكتەك ، ئۇلارنى ئىچ ـ ئىچىدىن خۇشال قىلىۋەتكەنىد-
ى . شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار يوشۇرۇن ئىچ كۆيۈكى تارتىپ يۈرۈ-
شىدىغان بولۇپ قالدى . ھاۋا ئۆتۈشمىگەنلىكتىن لاۋۇلدىيالماي

[1] شاخ بىرۋۇنىڭ قوشىقىغا مۇشائىرە قىلىپ ئېيتىلغان قوشاق شاخ دېيىلىدۇ .

بىقسىپ بۇرۇقتۇرمىلىقتا تۇرغان ئوت شامال تېگىش ھامان گۈپپىدە ئوت ئالغاندەك ، توختاق بىلەن ئايسۇلۇنىڭ ئىچ كۆيۈكى يۇلتۇزدەك قىزلارنىڭ پىلتىلىق چاقچاقلىرى بىلەن تېشىغا ئۆرلەپ چىقتى . ئۇچرىشىپ قالغانلىرىدا ، بولۇپمۇ ئايسۇلۇ قولاقلىرىغىچە ۋىللىدە قىزىرىپ كېتىدىغان بولدى ، لېكىن ئاز ئۆتمەي قىزىرىپ كېتىش ئورنىغا كۆزلىرىنى خۇمارلاشتۇرۇپ ئىللىق تەبەسسۇم قىلىشىدىغان ، كۆزلىرى بىلەن كېلىشىۋېلىپ پىنھانلاردا مۇڭدىشىدىغان بولۇشتى . ئۇلارنىڭ پىنھانلاردىكى ئۇچرىشىشلىرى چوڭلارنىڭ سىنچى كۆزلىرىگە چېلىقمايمۇ قالمىدى...

توختاق نېرىدا ، پەس بىر قۇم دۆۋىسىنىڭ يېنىدىكى بۇككىدە باغجانلىغان بىر توپ يۇلغۇننىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بىر شاخنىڭ ئۇچىدا خۇددى بىر دەستە قىلىپ چىگىپ قويغاندەك ئېچىلىپ تۇرغان يۇلغۇن چېچىكىنى كۆرۈپ قالدى . «توۋا ، — دېدى توختاق ئەجەبلىنىپ ، — بۇ كەمدە يۇلغۇن چېچىكى نېمىش قىلىدۇ ، يەنە ئاز كۈندىن كېيىن يوپۇرماقلىرى تۆكۈلۈپ شاخلىرى يالىڭاچلىنىدىغان تۇرسا» . بۇ راست ئىدى ، يۇلغۇن 6 - ئاينىڭ ئاخىرلىرى چېچەكلەپ 8 - ئاينىڭ ئاخىرىغىچىلا تۇرىدۇ . بۇ كۈز ئوتتۇرىسىغۇ ؟ ! توختاق قانچە ئەجەبلەنسىمۇ ، كەچ كۈزدە ئېچىلغان ، يەنە كېلىپ بىردەستە گۈلدەك بولۇپ ئېچىلغان بۇ يۇلغۇن چېچىكى : «مەن سىلەرنىڭ پاك مۇھەببىتىڭلارنىڭ نامايەندىسى ، تېز بول ، مېنى ئېلىپ ئامرىقىڭغا سوۋغا قىلىپ تۇت ! » دەۋاتقاندەك قىلاتتى . توختاق يۇلغۇن تۈۋىگە بېرىپ ئاتتىن چۈشتى - دە ، چېچەك ئاچقان شاخنى ئاۋايلاپ ئوشتۇدى . «توۋا ، — دېدى ئۇ يەنە ، — يۇلغۇن چېچىكىدىن يۇلغۇن پۇرىقى چىقىدىغان ، بۇنىڭدىن باشقىلا بىر خىل ئۆتكۈر ھىد كېلىدىغۇ ! »

توختاق ئاتنى يېتىلەپ ئۆينىڭ ئالدى تەرىپىگە ئۆتتى . ئايسۇلۇ تورقىلارنى ئۇ تەرەپكە قاراپ ئولتۇرۇپ ئوشتۇپ تالا چىقىرىۋاتقان بولغاچقا ، توختاقنىڭ كەلگىنىنى سەزمەي قالدى . توختاق يۇلغۇن چېچىكىنى ئايسۇلۇنىڭ قولىقىنىڭ تۈۋىگە ئەكېلىشىگە ، بۇرنىغا

گۈپپىدە پۇرىغان پۇراق بىلەن تەڭ ئايسۇلۇ ئۇيقۇدىن چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتكەندەك ئىتتىك كەينىگە قاراپ توختاقنى كۆردى - دە :

— ۋىيەي ، ئەجەب چۆچۈتۈۋەتتىڭىز ، — دېدى قېيىدىغاندەك قىلىپ ، ئەمما تەبەسسۇملۇق قاراپ ، — ۋاھ ، بۇ يۇلغۇن چېچىكىنى نەدە ، قانداق ساقلاپ يۈرگەنتىڭىز ، ئۆز پېتى تۇرۇپتۇغۇ ، — دەپ سورىدى كۆزدە كۆرگەن يۇلغۇن چېچىكىگە ھەيران قېلىپ .

توختاققا جايىدا گەپ قىلىۋېلىش پۇرسىتى كېلىپ قالدى :

— يۈرىكىمنىڭ قېتىدا ساقلىغان .

— ھە ، شۇنداقتۇ ، بۇ چاغقا ساقلىغۇچە بېرىدىغان ، راست گەپنى قىلىڭا ، نەدە ساقلىدىڭىز ؟

— راست گەپنى قىلايمۇ ، ساقلىغان ئەمەس ، ئۆيىڭىزنىڭ ئارقىسىدا ئېچىلىپ تۇرۇپتىكەن ، سىزگە سوۋغا قىلغىلى ئەكەلدىم ، — دېدى - دە ، توختاق چېچەكنى ئايسۇلۇغا بەردى .

ئايسۇلۇ چېچەكنى قولىغا ئېلىپ پۇراپ ، توختاقتىن سورىدى :

— بۇنىڭدىن چىقىۋاتقان نېمىنىڭ ھىدى ؟

— مەنمۇ بىلمىدىم . مەن ھازىر تۇلەك بوۋىنىڭ يېنىغا مۇھىم بىر ئىش بىلەن ماڭغانىدىم ، ئەتە كۆرۈشەيلى . سىزگە دەيدىغان بىر گەپ بار ، قۇلىقىڭىزغا دەيمەن ، — دېدى توختاق ، ئايسۇلۇغا يېقىن كېلىپ .

ئايسۇلۇ بېشىنى يېنىچە قىلىپ قۇلىقىنى يېقىن ئەكېلىشىگە توختاق ئۇنىڭ مەڭزىگە «چوككىدە» بىرنى سۆيۈۋېلىپ : «مۇشۇ گەپ ئىدى» دەپلا ئېتىغا مىنىدى - دە ، ئارقىسىغا قاراپ كۈلۈپ قويۇپ ، ئېتنى يورغىلىتىپ يۈرۈپ كەتتى . ئايسۇلۇ مەڭزىنى سىلىغىنىچە بىر ئىللىق سېزىمگە غەرق بولۇپ ، توختاق كەتكەن تەرەپكە تاكى ئۇنىڭ قارىسى يىتكۈچە قاراپ تۇرۇپ كەتتى . ئەمما بۇ ئىشلارنىڭ يىراقتا تۇرغان بىر بوۋاينىڭ كۆزىگە چېلىقىپ

قالغىنى ئۇ ئىككىسىنىڭ خىيالىغىمۇ كىرمىدى...

— مانداق دېگىن ، سېنىڭ تەلىيىڭ بار ئىكەن . توختىنىڭ ئۆزىمۇ ياخشى يىگىت ، ئاتا - ئانىسى تېخىمۇ ئېسىل ئادەملەر ئىكەن . ئۆيۈڭلەرگە گەپ كىرگۈزمىدىمۇ ؟ — دەپ يۇلتۇز سورىدى ، ئايسۇلۇغا ھەۋىسى كېلىپ .

— ياق ، نېمىگە ئالدىرايتتۇق ، — ئايسۇلۇ ئاغزىدا شۇنداق دېسىمۇ ، كۆڭلىدە ئۆيىگە گەپ كىرگۈزۈلۈپ ، چانچىق تاشلىنىشىنى ، ئىككىسىنىڭ ئىشىنىڭ كىشىلەرگە ئايان بولۇپ كېتىشىنى خالايتتى . يېڭى يۇرتقا كۆچۈپ كەلگەنلەر ئىچىدە ئاجايىپ ئۆز ، ھۆسن - جامالى تولۇن ئايدەك گۈزەل قىزلار خېلى جىق ئىدى . بۇنداق لېۋەن قىزلارغا قايسى يىگىتنىڭ كۆزى چۈشمەيدۇ ، توختاقتەك نۇقسانسىز ياخشى يىگىتكە قايسى قىزنىڭ كۆزى چۈشمەيدۇ . «قىزلارنىڭ ھەممىسى ئىككىمىزنىڭ مۇرۇللۇغلىنىپ بولغىنىمىزنى بىلىپ كەتكەن بولسا بولىتتى» دەپ ئويلايتتى ئايسۇلۇ . ئۇ كۆڭلىدىكىنى يوشۇرۇش ئۈچۈن گەپنى يۇلغۇن چېچىكىگە بۇرىدى .

— ئېيتىقىنا يۇلتۇز ، بۇ يۇلغۇن چېچىكىدىكى نېمىنىڭ ھىدى ؟

— ھە ، راست ، دەيمەن دەپ ئۇنتۇپ قاپتىمەن . ئالدىنقى يىلى ئاتا - ئانام بىلەن چارىغا تۇغقان يوقلىغىلى بارغاندا ، شۇ يەردىكىلەردىن قىزىلگۈل دەپ ئاتىلىدىغان بىر گۈل ھەققىدە بىر داستان[1] ئاڭلاپ قالغانىدىم . ئۇ گۈلنى قىز - يىگىتلەر سۆيگۈسىنىڭ بەلگىسى دېيىشىدىكەن . شۇ قىزىلگۈل توغرۇلۇق مۇنداق قوشاق بار ئىكەن :

ئالەمدە ئۆزى بىرلا ،
رەڭگى چوغدەك قىزىلگۈل .

---

[1] لوپنۇردا ھەممە كىشى بىلىدىغان . داڭلىق «قىزىلگۈل» داستانى كۆزدە تۇتۇلىدۇ .

قارلىق جۇدۇن ، قىشتىمۇ ،
سولمايدىغان ئېسىل گۈل .
يامان قولغا نەشتەرلىك ،
شاخ ، بەرگلىرى يېشىل گۈل .

بىرەلمەيدۇ ھېچ بىر گۈل ،
ئۇنىڭداقى پۇراقنى .
پۇراپ قويسا بىر بالا ،
مەست قىلادۇ دىماغنى .
گۈپۈلدەپ بىر ئالادۇ ،
ھىدى يېقىن - يىراقنى .

يۇلتۇز «قىزىلگۈل» داستانىدىكى قوشاقنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن يەنە :

— يۇلغۇن چېچىكىدىن تاراۋاتقان ئېسىل ئۆتكۈر پۇراقنى ئاشۇ قىزىلگۈلنىڭ ھىدىمىكىن دەيمەن . بۇ چېچەكتە چوقۇم بىر خاسىيەت بار . ئۇنداق بولمىسا 10 - ئاينىڭ ئاخىرىدا يۇلغۇن چېچەكلىگەننى كىم كۆرگەن ، يۇلغۇن چېچىكىدىن بۇنداق پۇراق چىققاننى كىم ئاڭلىغان . يەنە تېخى بۇ چېچەكنىڭ ئۆيۈڭلارنىڭ ئارقىسىدا ئېچىلىپ ، ھېچكىمگە ئۇچرىماي توختىغا ئۇچرىغىنى بىر خاسىيەتتىن بولماي نېمە ! — دېدى .

ئايسۇلۇ ئويلىسا راست ، بۇ مۆجىزىدەك بىر ئىش ئىدى . ئەجەب بۇنى ئۇنىڭ ئۆزى ئويلاپ باقماپتا . يۇلغۇن چېچىكىنى ئانىسىغا ماڭا توختى بەردى دېمەي ، ئۆينىڭ ئارقىسىدا ئېچىلىپ قاپتىكەن ، ئەكىردىم دېگىنىدە ، ئانىسىنىڭ :

— بۇ خاسىيەتلىك چېچەكتەك قىلىدۇ ، سولىشىپ قالمىسۇن ، سۇغا چىلاپ قوي ، — دېگىنىنىمۇ ئەسلىدى . ئۇ : «ئانامنىڭ گېپى بىلەن يۇلتۇزنىڭ گېپى بىر يەردىن چىقىۋاتىدۇ . چېچەكتە چوقۇم بىر خاسىيەت بار . ئۇ توختى بىلەن ئىككىمىزنىڭ

مۇھەببىتىنىڭ بەلگىسى» دېگەنلەرنى خىيالىدىن كەچۈردى ھەم «ئۆيگە تېزرەك گەپ كىرگۈزسە بولىتتى» دېدى ئىچىدە .

## 2

جاھانبەگ ناشتا قىلىپ بولۇپ سىرتقا چىقىشقا تەمشىلىپ تۇرغاندا ، ئۆيگە تۇلەك بوۋا كىرىپ كەلدى . بوۋاينىڭ بۇنچە ئەتىگەندە كېلىشىدە چوقۇم ماڭا دەيدىغان بىر گېپى بار ، دەپ ئويلىغان جاھانبەگ ، بوۋاينىڭ ئالدىغا چاي قۇيۇپ بولۇپ سورىدى :

— مۇھىم بىر ئىش بىلەن كەلگەندەك قىلىسەن ، قېنى ، بوۋا ، نېمە ئىش ؟

— مۇھىم دېگۈدەكقۇ ئىش ئەمەس ، ئەمما كۆڭۈل بۆلۈپ قويمىساق بولمايدىغان بىر ئىش باردەك قىلىدۇ ، — دېدى تۇلەك بوۋا .

— بىز كۆڭۈل بۆلمىسەك بولمايدىغان قانداق ئىشكەن ئۇ ؟

— ئوماقنىڭ ئوغلى توختاق بىلەن تايۇقنىڭ قىزى ئايسۇلۇ توغرىسىدىكى گەپلەرنى ئاڭلىدىڭمىكىن ؟

— بەزى مىش - مىش گەپلەرنى ئاڭلىغاندەك قىلىمەن .

— بۇ مىش - مىش گەپ ئەمەس ، راست گەپ . ئۇلار گۈلزامان[1] بىلەن ئىسكەندەردەك[2] بىر - بىرىگە كۆيۈپ - پىشىپ يۈرىدۇ . قاناقانىڭ مىجەزىنىڭ ياخشى بولۇپ قالغان مۇشۇ ۋاقىتتا ئۇ ئىككىسىنىڭ تويىنى قىلىۋەتسەكمىكىن دەپ ئويلاپ ، ئالدى بىلەن سەن بىلەن مەسلىھەتلەشكىلى كىردىم .

— ياخشى گەپ ئىكەن ، بۇنى قاناقاغا دەپ باقايلىمۇ ، — جاھانبەگ بىر ئىش ئېسىگە كەلگەندەك بوۋايغا قاراپ دېدى ، — ھە ، راست ، ئايقۇت خېلى ئېغىرلىشىپ قالغاندەك قىلىدۇغۇ ؟

— بۇ تەرىپىنى مەنمۇ ئويلاپ سۈرۈشتە قىلدىم . ئۇنىڭ ئاز-

---

[1] [2] گۈلزامان ، ئىسكەندەر — «قىزىلگۈل» داستانىدىكى ئاساسلىق پېرسوناژلار .

راق ۋاقتى بار ئىكەن . تۇي ئىشىنى چىڭ تۇتۇپ ئالدىدا قىلىۋەتسەكلا بولىدۇ ، — دېدى بوۋاي .

— ئۇنداق بولسا ھازىرلا قاناقانىڭ ئالدىغا كىرىپ ئۇنىڭ مەسلىھىتىنى ئالايلى ، — دېدى جاھانبەگ ، ئورنىدىن تۇرۇپ .

ئىككىسى ئۆيدىن چىقىپ ئۇدۇل قاناقانىڭ ئۆيى تەرەپكە ماڭدى . ئارا يولدا ئۇلارغا ئوماق يولۇقتى .

— بىر ئىش بىلەن قاناقانىڭ يېنىغا ماڭدۇق . ئۆزۈڭ نەگە ماڭدىڭ ؟ — دەپ سورىدى جاھانبەگ ، ئوماق بىلەن ئۆزئارا ئەھۋاللىشىپ بولۇپ .

— تايۇق بىلەن ئوۋغا چىقىشنىڭ مەسلىھىتىنى قىلىشقىلى كېتىۋاتىمەن ، — دېدى ئوماق .

— ئۆيۈڭدە گۆش ئۆكسۈپ قالغانىمىدى ؟ — جاھانبەگ سورىدى .

— ئۆكسۈپقۇ قالمىدى . ئايقۇت سەڭدەپ قالسا ، ئوۋغا چىقالماي قالىمەن . شۇڭا مۇشۇ كۈندە ئوۋغا چىقىپ كېلەيمىكىن دەيمەن .

— ئوبدان ئويلاپسەن ، قېنى تايۇق بىلەن مەسلىھەتلىشىپ باق ، — جاھانبەگ شۇنداق دېدى - دە ، تۆلەك بوۋا بىلەن قاناقانىڭ ئۆيىگە قاراپ ماڭدى .

جاھانبەگ بىلەن تۆلەك بوۋا كىرگەندە ، قاناقا ياستۇق - تەكىيىگە يۆلىنىپ ئولتۇراتتى . ئىككىسىگە قاناقا كەيپى چاغ كۆرۈندى . ئۇلار سۇپىدا ئولتۇرۇپ بولۇپ بىر - بىرىگە قاراشتى . سەزگۈر قاناقا :

— گېپىڭلار بولسا بىر - بىرىڭلارغا قارىشىپ يۈرمەي دەۋەرمەمسىلەر ، قېنى تۆلەك ، نېمە گەپ ؟ — دېدى .

تۆلەك بوۋا ئوماقلار بىلەن تايۇقلارنىڭ بولاقكۆلدىكى چېغىدىلا باللىرىنى بىر - بىرىگە مۇرۇۋۇللۇغلاپ قويغىنىنى ، يېڭى يۇرتقا كۆچۈپ كەلگەندىن كېيىن ئۇلارنىڭ ئىشىنىڭ كۆپچىلىككە ئايان بولۇپ بولغىنىنى ، ئوغۇل - قىزنىڭ ھازىر پىنھانلاردا ئۇچرىشىپ

تۇرۇۋاتقانلىقىنى دەپ كېلىپ :
— ئىككىسىنىڭ تويىنى قىلىپ قويساق قانداق بولىدىكىن ، دەپ مەسلىھەت سوراپ كىردۇق ، — دېدى .
— مەنمۇ بۇ ئىشقا كىم ئېغىز ئاچاركىن ، دەپ يۈرگەنىدىم . تايۇق ئېغىز ئاچمايدۇ . ئۇماق بولسا يېقىلا كۆچۈپ كەلدۇق ، بىر - ئىككى يىل تۇرۇۋالايلى ، دەپ ئويلايدىغاندۇ . يۇرت چوڭلىرىنىڭ ئېغىز ئاچقىنى ياخشى بولدى ، — قاناقا يېقىنىدىن بۇيان ئاغزىم سەل قۇرۇيدىغان بولۇپ قالدى دەپ ، جىگدە سېلىپ مەخسۇس تەييارلاپ بەرگەن ئۇسسالىقتىن ئىككى يۇتۇم ئوتلىۋېلىپ گېپىنى داۋاملاشتۇردى ، — چوڭ ئىشلارنى قىلىۋالغاندىن كېيىن ، شۇ ئىشلىرىمىزغا يارىشا بىرەر توي ئوينىساق بولىتتى ، دەيدىغان ئارزۇيۇممۇ بار ئىدى . توختاق بىلەن ئايسۇلۇنىڭ تويىنى ئوينىغان بولساق ، گۈلى گۈلىگە كەلگەن بولىتتى . مۇشۇلارنىڭ تويىنى كۆرۈۋالسام ، ئاندىن ، — قاناقانىڭ دېمى قىسىلغاندەك بولۇپ ، گېپىدىن توختاپ چوڭ بىر تىنىۋالدى ، ئۇسسالىقتىن يەنە بىر يۇتۇم ئوتلىدى . كۆكۈكېلىنى ئالتۇن كىرىپ قاراپ قويۇپ چىقىپ كەتتى ، — ئاندىن ئايقۇتنىڭ كېيىنكى بالىسىنى كۆرسەم دەيمەن . ئايقۇت قاچانراق سەگدىگۇدەك ؟
— بىرئاز ۋاقىتتى بار ئوخشايدۇ ، — دەپ جاھانبەگ جاۋاب بەردى .
— ئۇنداق بولسا ياخشى ، ئوماققا دەڭلار ، كۆزۈمنىڭ يورۇقىدا ئىككىسىنىڭ تويىنى كۆرەي ، — دېدى قالاچ قاناقا .
توختاق بىلەن ئايسۇلۇنىڭ تويىنى كۆرۈۋېلىش قاناقانىڭ يەنە بىر ئارزۇسى ئىكەن . يۇرت قۇرۇش ، ئادەم كۆچۈرۈش ، چوڭ ئۇيۇشۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا قارىغاندا بۇ قانچىلىك ئىشتى ، توي ئوينايدىغان ئىشقۇ شۇ . جاھانبەگ بىلەن تولەك بوۋا شۇنداق ئويلىشىپ ، قاناقانىڭ ئالدىدىن چىقىپلا ئوماقنىڭ ئۆيىگە كىرمەكچى بولدى . ئۇلار ئورنىدىن تۇرۇشقا تەرەددۇتلىنىۋىدى ، قاناقا :
— توختاپ تۇرۇڭلار ، ناۋادا تايۇقلار كەينىگە تارتقۇدەك بول-

سا ، ئۇلارنىڭ بېشىدىن ئۆتكەن بىر ئىشنى ئېسىگە سېلىپ قويۇڭ-لار ، — دەپ تايۇق بىلەن ئۇلامخاننىڭ بېشىدىن ئۆتكەن ، ھېكايىگە ئوخشاپ قالىدىغان بىر ئىشنى ئېيتىپ بەردى...

تايۇق بىلەن ئۇلامخان بىر - بىرىنى قەۋەت ياخشى كۆرۈپ قېلىشتى . بىر مەھەللىدە بىر - بىرىنى كۈندە نەچچە قېتىم كۆرۈپ تۇرۇشسىمۇ ، يەنە شۇنىڭغا كۆڭلى قېنىشماي ، خالىيلاردا مۇڭدى-شىپ يۈرۈشتى . ئۇلامخاننىڭ ئاتا - ئانىسى قىزىنى زادى تۇسالمى-دى . بۇ قۇملۇقتا خالىي ، پىنھان جايلار ئازمۇ . ئۇلامخاننىڭ ئاتا - ئانىسى قىزىدىن سەل ئەنسىرەپ قالدى . تايۇقنىڭ ئاتا - ئانىسى بولسا ئىككىسىنىڭ بىر - بىرىگە شۇ قەدەر ئامراقلىقىنى بىلسىمۇ ، بىلمەسكە سېلىپ جىم تۇرۇۋېلىشتى . تايۇقنىڭ ئاتا - ئانىسى ئۇلامخانلارنىڭ ئائىلىسىنى بىزگە لايىق كەلمەيدۇ ، دەپ قارايتتى . چۈنكى ، تايۇقلارنىڭ ئۆي ھال - كۈنى ياخشىلاردىن ئىدى ، ئۇلامخانلارنىڭ بولسا قولى قىسقىلار قاتارىدا ئىدى . بۇنىڭ-دىن ئۇلامخاننىڭ ئاتا - ئانىسىنىڭ كۆڭلى بەك يېرىم بولدى ، دىلى ئازارلاندى .

— ... گەپ مۇشۇنداق قىزىم ، ئۇلار ئۆزلىرىگە بىزنى ، ئوغلىغا سېنى تەڭ كۆرمەيدىكەن ، — دېدى بىر كۈنى ئۇلامخاننىڭ ئانىسى .

ئۇلامخان ئۆز كۆڭلىنىڭ ئىختىيارىنى باشقىلارنىڭ مەيلىگە تاشلاپ بەرگۈسى يوق ، يەنە بىر جەھەتتىن ئاتا - ئانىسىنىڭ دىلىنى ئازار يېگۈزگۈسىمۇ يوق ، ئىككى تاغ ئارىلىقىدا قىسىلىپ نېمە قىلارىنى ، نېمە دېيىشىنى بىلمەي ئازابلىنىپ ئۆزىنى تىڭشاپ قال-دى . شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە تايۇق ئۇلامخانلارنىڭ ئۆيىگە كى-رىپ قالدى . بۇنىڭغا ئۇلامخانمۇ ، ئۇنىڭ ئاتا - ئانىسىمۇ ھەيران قالدى . ئۇلامخان : «نېمىشقا كىردىڭىز ؟» دېگەندەك تايۇققا ھودۇ-قۇش ئارىلاش قارىدى .

تايۇق ئۇلامخاننىڭ ئاتا - ئانىسىغا قاراپ :

— ئاتا - ئانام بىزنىڭ تويلىشىشىمىزغا قوشۇلمايدىغان ئوخ-

شايدۇ ، لايىق كۆرسەڭلار مەن سىلەرگە ئوغۇل بولسام ، — دېدى .
بۇ گەپ تايۇقنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ قۇلىقىغا يەتمەي قالمىدى .
«ئوغلىمىزنى قولدىن چىقىرىپ قويساق يۇرت ـ مەھەللىدە يـۈزىمىزگە سەت بـولغۇدەك» دەپ ئويلاشتى ـ دە ، تـايۇقنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ئاخىر ئۇلارنىڭ تويىنى قىلىپ بەردى...
قاناقا گېپىنى ئىزاھلىغاندەك ئاخىرىدا مۇنداق دېدى :
— مېنىڭ بۇلارنى دەپ بېرىشىم ، بۇ ئىككى ئائىلىنى ئۇ ئىككى ئائىلىگە ، بولۇپمۇ تايۇقنىڭ ئاتا ـ ئانىسىغا ئوخشاتقىنىم ئەمەس ، ھەرگىز ئوخشىمايدۇ . دېمەكچى بولغىنىم ، بالىلارنىڭ كۆڭۈل ـ مەيلىنى ئويلايلى ، — قاناقانىڭ يەنە نەپسى سىقىلغاندەك بولدى . يۈزىنى يۇقىرىغا قارىتىپ ئاغزىنى يوغان ئېچىپ ھاۋا سۈمۈرگەندەك قىلىپ چوڭ ـ چوڭ نەپەس ئالدى ، تىنىقى جايىغا چۈشكەندىن كېيىن ، جاھانبەگ چۆچەكنى قولىغا ئېلىپ ئۇسالىقـ تىن ئىككى ئوتلام ئىچۈردى . قاناقا ئۈزۈلۈپ قالغان گېپىنى داۋاملاشتۇرۇپ مۇنداق دېدى ، — ئوماقىقا دەڭلار ، تويىنى كەينىگە تارتمىسۇن . بىلىپ تۇرۇۋاتىمەن ، ۋاقتىم جىق قالمىدى ، ئۇ ئىكـ كىسىنىڭ تويىنى ، يەنـە ئوماقـنىڭ كېيىنـكى بالىسـىنىڭ يۈـ زىنى كۆرۈۋالاي ، — قاناقا گېپىنى دەپ بولۇپ ئارقىسىغا يۆلىنىپ كۆزىنى يۇمۇپ جىممىدە ئولتۇردى .
جاھانبەگ بۆللا بىلەن ئالتۇننى چاقىرىپ ، قاناقانىڭ يېنىدىن نېرى بولـماسلىقنى ، بىرەر ئەھۋال كۆرۈلگەن ھامان دەرھال خەۋەر قىلىشنى ئېيتىپ ، تولەك بوۋا بىلەن چىقىپ كەتتى . ئۇلار ئۇدۇل ئوماقنىڭ ئۆيىگە ماڭدى .
بۆللا ئون تۆت ياش ، ئالـتۇن ئـون ياش چېغىدا ئۇلارنـىڭ ئاتا ـ ئانىلىرى بىر خىل يـۇقۇملۇق كېسەلگە گىرىپتار بـولۇپ ، كەينى ـ كەينىدىن كېتىپ قېلىپ ، ئۇ ئىككىسى يېتىم قالدى . بېقىمسىز بۇ ئىككى بالىنى قاناقا ئۆز تەربىيىسىگە ئېلىپ ، ئۆز بالىسىدەك بېقىپ چوڭ قىلدى . بۆللا ئون توققۇز ياشقا ، ئالتۇن ئون يەتتە ياشقا كىرگەندە ، قاناقا يۇرتقا توي تارتىپ ئۇلارنىڭ

بېشىنى قوشۇپ قويدى . شۇنىڭدىن بۇيان ئۇلار قاناقانىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ ، خىزمىتىنى قىلىپ كەلمەكتە . نېمە ئۈچۈندۇر ئۇلار توي قىلىپ سەككىز يىلغىچە بالا يۈزى كۆرمىدى ، بۇنىڭغا ئۇ ئىككىسىدىن كۆرە قالاچ قاناقانىڭ كۆڭلى بەك يېرىم ئىدى ، دائىم ئۇ ئىككىسىگە بالا تىلەيتتى . تەڭرىنىڭ ئىلتىپاتى بىلەن بولتۇر — ئۇلار توي قىلىپ توققۇزىنچى يىلى تولۇن ئايدەك بىر ئوغۇل كۆردى . قىزىق ئىش ، ئالتۇن يەڭگىپ توققۇز كۈندىن كېيىن تۇلەك بوۋىنىڭ نەۋرە كېلىنى گۆھەرمۇ تولۇن ئايدەك بىر قىز تۇغدى . مۆجىزىدەك تېخىمۇ قىزىق ئىش شۇكى ، بۇللانىڭ بوۋىقىنىڭ ئوڭ مەڭزىدە ، ھەكىمنىڭ بوۋىقىنىڭ سول مەڭزىدە بىردىن مەڭ بولۇپ ، بۇ مەڭلەر خۇددى بىر مەڭنى ئوتتۇرىدىن كېسىپ ، بىرنى ئوغۇلنىڭ ئوڭ مەڭزىگە ، يەنە بىر يېرىمىنى قىزنىڭ سول مەڭزىگە بىر ـ بىرىگە قارىتىپ چاپلاپ قويغاندەك ئىدى . بۇ ئىككى بالىنى قاناقاغا كۆرسەتكەندە ، ئۇ :

— تۇلەك ، بۇ بىر كارامەتلىك ئىش ئىكەن . تەڭرىنىڭ بېـ كىتكەن بېشارىتى بولسا كېرەك . مەن توختاق بىلەن ئايسۇلۇنىڭ توينى ئۆز قولۇم بىلەن قىلىپ بەرسەم ، تەڭرىم يەنە بىر مۆجىزە قىلىپ ماڭا ئاززاق ئۆمۈر بەرسە ، سېنىڭ چەۋرەڭ بىلەن مېنىڭ كۇكۇچەۋرەمنىڭ توينى كۆرسەم دەيمەن ، — دېدى .

قاناقا كۇكۇچەۋرىسىگە كۈنمەڭ دەپ ئىسىم قويۇپ بەرگەنىدـ دى . تۇلەك بوۋىنىڭ تەلىپى بىلەن ئۇنىڭ چەۋرىسىگە ئايمەڭ دەپ ئىسىم قويۇپ بەردى .

جاھانبەگ قاناقانىڭ ئۆيىدىن چىقىپ ئانچە ئۇزىماي :

— توي ئىشىنى تېزلەتمىسەك بولمىغۇدەك ، — دېدى .

تۇلەك بوۋا جاھانبەگكە قاراپ قويۇپ :

— ئۇنداقمۇ بولماس . قاناقانىڭ بۇ ئىككىسىنىڭ توينى ، ئوماق ـ ئايقۇتنىڭ كېيىنكى خاسىيەتلىك بالىسىنى كۆرگەندىن باشقا يەنە كۈنمەڭ بىلەن ئايمەڭلەرنىڭ توينى كۆرسەم دەيدىغان ئاززۇسىمۇ بار تېخى ، — دېدى .

— كۆنمەك بىلەن ئايمەخنىڭ كۆنلىرى شۇنداق بولارمۇ؟ — جاھانبەگ سورىدى.

— بۇنى قاناقا ئايمەخنىڭ ئىسمىنى قويۇپ بولۇپلا ئاغزىدىن چىقىرىۋەتكەن. ئۇلارنى چوقۇم شۇنداق قىلىمىز، ئۇنىڭغىچە مەن كېتىپ قالغۇدەك بولسام، بۇلىلا، ھەكىمىلەر قەتئىي شۇنداق قىلىدۇ.

— بۇ ياخشى گەپ بولىدى. بۇنى مەن جاھانبەگكە تاپىلاپ قويىمەن. بۇ ئىشقا كېيىن شۇ ئىگە بولسۇن.

تۆلەك بوۋىنىڭ كۆنمەك، ئايمەك توغرىسىدىكى گېپى تېخى تۈگىمىگەندى، ئۇلار ئوماقنىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىغىلا كېلىپ قالدى. ئۇلار ئۆي تەرەپكە قايرىلىشىغا ئۆيدىن ئايسۇلۇ چىقتى. ئۇ بۇلارنى كۆرۈپ ۋىللىدە قىزىرىپ، بىرقۇر سالام بېرىپ قويۇپلا كېتىپ قالدى. جاھانبەگ بىلەن تۆلەك بوۋا بىر - بىرىگە قارىشىپ قويدى.

ئۇلار ئۆيگە كىرگەندە، ئايقۇت سۇپىدا پۇتىنى ساڭگىلىتىپ ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ قورسىقى ئوبدانلا دومبىيىپلا قالغانىدى. تۆمۈر سۇپىدا توختاق ياساپ بەرگەن «موللاقچى چاقان» نى ئويناپ ئولتۇراتتى.

— كېلىڭلار، كېلىڭلار، — ئايقۇت شۇنداق دېگەچ ئورنىدىن تۇردى.

جاھانبەگ بىلەن تۆلەك بوۋا تۇزۇت قىلىپ تۇرمايلا سۇپىغا چىقىپ ئولتۇردى.

— بايا ئوماق تايۇقنىڭكىگە ماڭدىم، دەپ كېتىۋاتقان، تېخى كەلمىگەن ئوخشىمامدۇ، — تۆلەك بوۋا سورىدى.

— كەلگەن، كېلىپلا تايۇق بىلەن ئۇۋغا كەتتى.

جاھانبەگ ئىتتىك تۆلەك بوۋىغا قارىدى. تۆلەك بوۋا: «قانداق قىلىمىز» دېگەندەك جاھانبەگكە قارىۋېتىپ:

— بايا تېخى بىرگە ئۇۋغا چىقىشنى تايۇق بىلەن مەسلىھەتلىشىدىغان گەپنى قىلغانىدى. مەسلىھەتنى پىشۇرۇشۇپ مېڭىپ بول-

دىما؟ — دەپ سورىدى.
— ئىككى كۈننىڭ ئالدىدىلا ئۇۋغا بارىدىغان بولۇشۇپتىكەن، لېكىن قاچان مېڭىشنى دېيىشمەپتىكەن. بۈگۈن ئەتىگەنلا: «زادى بۈگۈن ماڭمىساق بولمايدىغان ئوخشايدۇ» دەپ چىقىپ كەتتى، — دېدى ئايقۇت.
جاھانبەگ ئالدىراپ سورىدى:
— نېمىشقا بۈگۈن ماڭمىساق بولمىغۇدەك، دەيدۇ؟
تۇلەك بوۋا ئىتتىك جاھانبەگكە: «بۇنى سوراش ھاجەت ئەمەستىغۇ» دېگەندەك قىلىپ قاراپ قويدى.
ئايقۇت جاۋاب بېرىش ئورنىغا ۋىلىلدە قىزىرىپ كەتتى. مۇشۇ چاغدىلا جاھانبەگ ئۆزىنىڭ پەمسىزلىك قىلغىنىنى، ئايقۇتنى قىزارتىپ قويىدىغان سوئالنى سوراپ قويغىنىنى بىلدى ۋە ئايقۇتتەك ئوڭايسىزلاندى.
تۇلەك بوۋا ئەسلى گەپكە ئېغىز ئاچماي يانداپ سورىدى:
— ئايسۇلۇ ئەتىگەندە نېمىگە كىرىپتۇ؟
— يۇيىدىغان كىر ـ قاتلىرى بولسا ئېلىپ چىق دەپ ئۇلامخان كىرگۈزۈپتىكەن.
— بىر ئىشنى سىلەر بىلەن مەسلىھەت قىلغىلى كىرىۋىدۇق، ئوماق ئۇۋغا كېتىپتۇ ئەمەسمۇ، ئۇۋدىن قاچان كېلەر؟ — تۇلەك بوۋا سورىدى.
ئايقۇت يەرگە قاراپ تۇرۇپ:
— بىر نەرسە ئوۋلىسۇن، ئوۋلىيالمىسۇن، ئۇزاق تۇرمايدۇ. كۆپ بولسا ئۈچ كۈن ئىچىدە كېلىپ بولىدۇ، — دېدى.
تۇلەك بوۋىنىڭ پەرەز قىلىشىچە، ئايقۇتنىڭ يەڭگىيدىغان ۋاقتى قىستاپ قالغاندەك ئىدى. تۈنۈگۈن، يا كېچىدىن بىرەر ئالامەتنى كۆرۈلۈپ ئوماق جىددىيلىشىپ قالغان ئوخشايدۇ، دەپ ئويلىدى ۋە ئىچىدە: «ماڭمىسا بوپتىكەن» دەپ قالدى.
جاھانبەگ بىلەن تۇلەك بوۋا ئۆيدىن چىقىشىغا، ئۇلارغا ئۇلامخان بىلەن ئۇجۇلخان ئۇچرىدى. تۇلەك بوۋا ئۇلاردىن:

— نەگە ماڭدىڭلار ؟ — دەپ سورىدى . ئۇجۇلخان :

— ئۇماق يوق ، ئايىقۇت بىلەن پاراڭلىشىپ چىقايلى دەيمىز ، — دەپ جاۋاب بەردى .

جاھانبەگ جاۋابنى شۇ بويىچىلا چۈشەندى . ئەمما تۇلەك بوۋا سەل جىددىيلىشىپ قالدى ، جاھانبەگكە قاراپ :

— ئۇماق كەتكەندىن كېيىن ئايقۇتتا ئۆزگىرىش بولۇپ قالغان ئوخشايدۇ ، ئۇ ئىككىسى ئايقۇت بىلەن پاراڭلاشقىلى ئەمەس ، جىد-دىي بىر ئىش بىلەن ماڭغاندەك قىلىدۇ ، — دېدى .

جاھانبەگ تۇلەك بوۋىنىڭ گېپىدىن بىر نەرسىنى ئاڭقىرغان-دەك بولدى ـ دە :

— توغرا ، تـوغرا ، مەن ئايىقۇتنىڭ بۇ تـەرىپىنى خىيالىمغا كەلتۈرمەپتىمەن . قانداق قىلىمىز ، ئۇماقنى چاقىرىپ كېلىشكە ئادەم ئەۋەتەيلىمۇ ، — دېدى .

— ئۇماق كەلسىمۇ نېمە قىلالايدۇ . بۇ ئاياللارنىڭ ئىشى . بىز ئەسلىدە ئۇنىڭ ئالدىغا كىرمەيدىغان ئىشكەن ، بىلمەپتۇق ئە-مەسمۇ .

— قانداق دەيسەن ، بوۋا .

— ھەي بەگ ، ھەي بەگ ، خوتۇنۇڭ تۇغۇپ باقمىغاندەك ، تۇغسىمۇ تولغاق تۇتماي تۇغقاندەك گەپ قىلىسەنغۇ ، ھېلىمۇ ياخشى بىز ئۇنىڭ تولغىقىدىن خەۋەرسىز كىردۇق ، شۇنداق بولسىمۇ بۇنىڭ بىر شەرتىنى قىلىپ قويايلى ، ناۋادا تولغىقى ئەگىشىپ كەتكەن بولسا...

تۇلەك بوۋىنىڭ گېپى ئاغزىدا قـالدى ، ئارقىسىدىن ئاتنىڭ تۇياق ئاۋازى ئاڭلاندى . ئىككىلىسى تەڭلا ئارقىسىغا قاراپ ئاتلىق كېلىۋاتقان ئۇجۇلخاننى كۆردى .

ئۇجۇلخان يېقىنلاپ كەلگەندە ، تۇلەك بوۋا ئۇنىڭدىن :

— نەگە ماڭدىڭ ؟ — دەپ سورىدى .

ئۇجۇلخان يوشۇرۇپ تۇرماي ئۇدۇللا جاۋاب بەردى :

— ئوغۇلخان قۇتقىنىڭكىگە .

تۆلەك بوۋا ئارتۇق گەپ قىلماي :

— كېتىۋەر ، — دېدى .

ئىش ئايان بولدى : ئايغۇتنى تولغاق تۇتقانىدى . ئۇجۇلخان ئۇستا سەگدەچى[1] ، تۆلەك بوۋىنىڭ ئاڭلىشىچە ئۇلامخانىمۇ تانۇق سەگدەچى ئىدى . شۇنداق تۇرۇقلۇق ئەجەب ئۇجۇلخان ئۆزى تولۇنخان قۇتقىنى ئىزدەپ مېڭىپتۇغۇ . تۆلەك بوۋىنىڭ كاللىسىنى تۇتۇن قاپلىغاندەك بولدى .

— چاتاق !

— نېمە چاتاق ؟ — جاھانبەگ تۆلەك بوۋىغا قارىغىنىچە سورىدى .

تۆلەك بوۋا ئۇ سۆزنىڭ ئاغزىدىن چىقىپ كەتكىنىنى ئۇقماي قالغانىدى .

جاھانبەگنىڭ سوئالىدىن تۆلەك بوۋا ئېسىنى يىغىۋېلىپ :

— ئوماققا دەرھال ئادەم ماڭدۇرايلى ، — دېدى .

يەنە ئەزۋەيلەپ سوراۋېرىشنىڭ ئورنى يوقلۇقىنى ھېس قىلغان جاھانبەگ :

— مەن ھازىرلا ئادەم ماڭدۇرسام بولغۇدەك ، — دېدى .

— توختاقنى بىللە ماڭدۇرساق قانداق ، بەگ ، — دېدى تۆلەك بوۋا .

جاھانبەگ تۆلەك بوۋىنىڭ نېمىنى كۆزدە تۇتۇۋاتقىنىنى بىلدى . توختاق بىللە بارسا ، ئوماق ئىشنى بەك يامان تەرەپتىن ئويلىمايتتى ، بەلكى كۆڭلى خاتىرجەم بولاتتى .

## 3

ئوماقلارنىڭ ئۆۋ قىلىدىغان يېرى كونا ئابدال بىلەن جاھانساي ئارىلىقىدىكى تارىمنىڭ كىچىك بىر تارماق ئېقىنىنىڭ ئەتراپى ئىدى . ئېقىنىنىڭ بىر تەرىپى ئۇزۇنغا سوزۇلغان

---

[1] سەگدەچى — تۇغۇت ئانىسى .

بۆك ، قەدىمي توغراقلىق بولۇپ ، يەنە بىر تەرىپىدە ئانچىمۇ چوڭ بولمىغان بىر چاتقاللىق بار . چاتقاللىقنىڭ يۇقىرى تەرىپى خېلى كەڭ قېلىن جىگدىلىك . بۇ ئېقىن بويى تۆلەك بوۋا ياش چېغىدىن تارتىپلا ئوۋ قىلىپ كېلىۋاتقان جاي بولغاچقا ، كىشىلەر بۇ يەرنى «تۆلەكنىڭ ئېقىنى» دەپ ئاتايتتى . ئوتتۇز يىلنىڭ ئالدىدا تۆلەك بوۋا بىر خالتا نان جىگدە ، ياۋا جىگدىنىڭ ئۇرۇقىنى ئەكېلىپ چاتقاللىقنىڭ يۇقىرى تەرىپىدىكى قۇمچاقلىققا چېچىۋەتتى . شۇ يىلى كۈزدە ئېقىن سۈيى ئۆرلەپ ، ئىككى قاسناقتىكى يەرلەر ئوبدانلا نەمسەللەشتى . كېيىنكى يىلى ئەتىيازدا ئۇرۇقلار ئۈنۈپ چىقىپ بۈككىدە جىگدىلىك ھاسىل بولدى . شۇنىڭدىن كېيىن بۇ يەر «تۆلەكنىڭ جىگدىلىك چاتقىلى» دەپمۇ ئاتىلىدىغان بولدى . تۆلەك بوۋا قېرىپ ، ئوۋغا چىقماس بولغاندىن كېيىن ، بۇ يەرگە نەۋرىسى ھەكىملا ئوۋغا كېلىپ تۇردى . ئوماق كۆچۈپ كەلگەندىن كېيىن ، ئۇنىڭ مۇشۇ يەردە ئوۋ ئوۋلىسا بولىدىغانلىقىنى تۆلەك بوۋا ئۇنىڭغا ئۆزى ئېيتقانىدى . بۇنى ھەممە كىشى بىلەتتى .

جاھانبەگ ئوماقنى چاقىرىپ كېلىشكە ئۇنى دەپ - بۇنى دەپ ئاخىرى تالىشقۇلنى توغرا تاپتى . چۈنكى ، ئۇ ئوماققا ئىخلاس قىلىدىغان بولۇپ قالغانىدى . جاھانبەگ ئۇنىڭغا ئەھۋالنى بىرقۇر ئېيتقاندىن كېيىن :

— قېنى ئېيتە ، بارغاندا ئوماققا نېمە دەيسەن ؟ — دەپ سورىدى .

تالىشقۇل بىرئاز ئويلىنىۋېلىپ :

—... ئوغۇلخان قۇتقىنى ئەكېلىپ تەكشۈرتكۈزسە ئايقۇتنىڭ ئاغرىقى تولغاق ئەمەسكەن ، قورسىقىنىڭ ئاغرىقىكەن . تاۋۇق[1] تاشلىقىنىڭ تالقىنىنى ئىچۈرۈپتىكەن ، ئاغرىق قويۇپ بېرىپتۇ . شۇنداق بولسىمۇ ئوماقنى چاقىرىپ كېلىڭلار ، دەپ بىزنى ئەۋەتتى دەيمەن ، — دەپ تالىشقۇل كۈلدى .

— يارايسەن ، ماڭ ، تېز بېرىپ ، تېز چاقىرىپ كېلىڭ-

---

[1] تاۋۇق — توخۇ .

لار، — دېدى جاھانبەگ.

ئوماقلار ئېقىن بويىغا كۈن چۈشتىن كېيىنكە قايرىلغان چاغدىلا كېلىپ بولدى، ئۇلار ئىتتىك بېرىپ، ئىتتىك يانىمىز دەپ تېز ماڭغانىدى، بولمىسا تولۇق بىر كۈنلۈك يول ئىدى. ئەتىگەن ئۆيدە تاماق يېگەنچە بولغاچقا، تاماقلىنىۋالماقچى بولدى. تاماق يەۋېتىپ ئوماق:

— ساڭا دېمىدىم، يول بويى سول قاپىقىم تارتىپ كەلگەن، باياتىن تېخىمۇ تارتىپ كېتىۋاتىدۇ، ئايقۇتتىن ئەنسىرەپ قېلىۋاتىمەن، — دېدى.

— ئايقۇتنىڭ ئۇن كۈندەك ۋاقتى بار دېگەنىدىڭغۇ، — دېدى تايۇق. ئۇ ئۇنىڭدىن ئارتۇق ئۇزۇپ بىر نەرسە دېيەلمەيتتى. تۇغۇتتا قىياستىكىدىن بالدۇر يا كېيىن تۇغۇپ قالىدىغان ئەھۋال بولۇپ تۇرىدۇغۇ. ئۇلامخانىمۇ ئايسۇلۇنى ئۆزىنىڭ مۆلچەرىدىن سەككىز كۈن بۇرۇن تۇغقان. ئۇ شۇنداق دەپ يۈرگەچكە، تايۇق بېلىق تۇتقىلى كەتكەن. ئۇ قايتىپ كەلگەندە بولسا ئۇنى يېڭى بىر مېھمان يىغلاپ قارشى ئالغان. قارشى ئالغىنىمۇ ياكى ئاچچىقلانغىنىمۇ، ئىشقىلىپ ئىككىسىنىڭ بىرىدۇر، بەلكى كېيىنكىسىدۇر.

ئۇلار تاماق يەپ ئولتۇراتتى، يىراقتىكى بىر تۆپىلىكتە مۇشۇ ياققا قاراپ كېلىۋاتقان ئىككى ئاتلىق ئادەم كۆرۈندى. ئوماق ئىتتىك ئورنىدىن تۇرۇپ شۇ تەرەپكە تىكىلىپ قالدى، ئەمما ئىلغا قىلالمىدى. شۇ تاپتا تايۇقنىڭ خىيالىغا باشقا بىر ئىشمۇ كېچىپ قالدى، خىيالىدىن ئۆزى شۈركۈنۈپ كەتتى.

— قاناقا ئۆزگىرىپ قالمىغاندۇ - ھە؟!

بۇنىمۇ نەزەردىن ساقىت قىلغىلى بولمايتتى.

— مەن بۇ تەرەپنى ئويلىماپتىمەن، — ئوماق تايۇققا قاراپ دېدى، — ئالدىغا بارايلى.

ئۇلار نەرسە-كېرەكلىرىنى ئاتلىرىغا ئارتىپ، كېلىۋاتقانلارغا قاراپ ئات سالدى. ئۇلار بۇياققا، بۇلار ئۇياققا قاراپ تېز ماڭغاچقا، ئارىلىق كۆپ قىسقاردى.

— تالىشقۇل بىلەن توختاقكەنغۇ ، — دېدى تايۇق ، ئۇلارنى يىراقتىن تونۇپ .

— قاناقا ئۆزگىرىپ قالمىغاندۇ ؟ — ئۇلار كۆرۈشكەندىن كېيىن ، تايۇق ئىتتىك توختاقتىن سورىدى .

— ياق ، ئۆزگىرىپ قالمىدى ، ئوبدان تۇرىدۇ ، — جاۋاب بەردى توختاق .

— ئەمىسە ، سىلەر نېمىگە كەلدىڭلار ، ئاناڭ ئوبدان تۇرغاندۇ ؟

— ئانامغۇ ئوبدان…

توختاقنىڭ ئاغزىدىكى گەپنى تالىشقۇل تارتىۋېلىپ ، جاھان-بەگكە دەپ باققان گېپىنى ئەينەن تەكرارلاپ ئېيتقاندىن باشقا يەنە : «جاھانبەگ ئوماق گۆشتىن غەم قىلىپ ئوۋ قىلىمەن دەپ بۇنداق چاغدا خوتۇننى تاشلاپ قويسا بولمايدۇ ، تېز قايتىپ كەلسۇن ، دەپ بىزنى ئەۋەتتى» دېگەن گەپنى قوشۇپ قويدى .

ئوماق بۇ گەپنى ئاڭلاپ كۆڭلى بىرئاز تىنىغاندەك قىلسىمۇ ، ئىچىدە يەنە بىر خىل گۇدرەت ئۇنى ئارامسىزلاندۇرۇپ تۇراتتى . «قورسىقى ئاغرىپ قالغانغىلا مېنى چاقىرىشقا ئادەم ماڭ-دۇرماس… » ئۇ شۇنداق ئويلايتتى .

— قايتايلى ، — دېدى ئوماق .

تايۇق بۇ قېتىم پەقەت ئوماققا ياردەملەشكىلىلا ئوۋغا چىققاندى . ھەممىسى شۇئان قايتىپ يولغا چۈشتى .

ئاي بېشى بولغاچقىمىكىن ، كېچە ئانچە يورۇق ئەمەس ئىدى . سانسىز يۇلتۇزلار ياغسىراپ قالغان جىنچىراغدەك نۇرسىز جىمىر-لايتتى . ھىلال ئاي يۇلتۇزلار ئارىسىدا ئورغاقتەك نازۇك سىيماسى بىلەن كېچە ئاسمىنىغا ئالاھىدە ھۆسن قوشقانىدى . «ئايغۇتنىڭ قېشى ئاشۇ يېڭى ئايدەك ، ئۇنىڭ ئانىسى يېڭى ئايغىلا قاراپ يۇر-گەندىمىكىن» ئوماق ئۆزىنىڭ يولنى يورۇتۇپ تۇرغاندەك ، ئالدى تەرەپ يىراق ئۇپۇق ئۇستىدە كۈمۈش رەڭ شولا چېچىپ جۇلالىنىپ تۇرغان ئايغا قاراپ شۇلارنى ، ئايغۇتنى ، دۇنياغا كۆز ئېچىش ئالدى-

دا تۇرغان بالىسىنى ئويلايتتى . شۇ تاپتا يولنى ئوماق مېڭىۋاتامدۇ ياكى يول ئوماقنى مېڭىۋاتامدۇ ، ئاتلىق مېڭىۋاتامدۇ ، پىيادىمۇ ؟ ئوماقنىڭ كاللىسىنى بىر جىددىيچىلىك قاپلىۋالغان بولۇپ ، «ئاي-قۇت ، بالا...» دىن باشقا نەرسە ئۇنىڭ كاللىسىغا كىرمەيتتى . «قالاچ قاناقا تۆمۈرۈمدىن بۆلەك يەنە بىر بالامنىڭ تۇغۇلىدىغانلى-قىنى ، ئۇنىڭ ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئىزىنى تاپىدىغان خاسىيەتلىك ئادەم بولىدىغانلىقىنى ئالدىن ئېيتقان ؛ ئۇنى ئوبدان تەربىيىلە ، دەپ تاپىلىغان ، مېنى ئاگاھلاندۇرغان . ئەگەر بۇ بالام...» ئۇ خىيالىنىڭ ئاخىرىنى داۋاملاشتۇرۇشقا جۈرئەت قىلالمايتتى ، ئويلاشتىن قورقاتتى...

ئوماق ئۆيى ئالدىغا كەلگەندە تاڭ قاراڭغۇسى بولۇپ قالغان-دى . ئات ئۆزلىرىنىڭ كەلگەنلىكىنى مەلۇم قىلغاندەك قاتتىق پۇشقۇرتۇۋەتتى . خوتەن قەغىزى بىلەن چاپلىۋېتىلگەن دېرىزىدىن جىنچىراغنىڭ يورۇقى غۇۋا كۆرۈنۈپ تۇراتتى . ئاتنىڭ پۇشقۇرتقى-نىنى ئاڭلاپ ئۆيدىن ياش بىر ئايال چىقتى . بۇ ، قاناقانىڭ كوكو-كېلىنى ئالتۇن ئىدى . ئۇنىڭ كەينىدىلا ئۇلامخان چىقتى .

— ئايقۇت قانداقراق ؟ !— ئوماق ئۇلامخاننى كۆرۈپلا ئالدى-راپ سورىدى .

شۇ ئارىدا ئوماقنىڭ قوشنىسى ، قۇملۇقنىڭ ئىچكىرىسىدىن كۆچۈپ كەلگەن ھابىل توشقان دېگەن كىشى ئۇلارنىڭ يېنىغا كەلدى .

— بىزنىڭ ئۆيگە كىرىپ پاراڭلىشىڭلار ، مېڭىڭلار ، — دېدى ئۇ .

— مەن ئايقۇتنىڭ قېشىغا كىرىپ چىقاي ، — دېدى ئوماق .

— بولىدۇ ، كىرىڭ ، ئايقۇتنىڭ تولغىقى سىزگە تارتىشىپ پىشمايۋاتقان بولسا ، كىرگىنىڭىزنىڭ پايدىسى بولىدۇ ، ئايقۇتنىڭ-مۇ كۆڭلى توق تۇرىدۇ ، ئەمما ئايقۇتنىڭ يېنىدا ئۇزاق تۇرماڭ ، «تولغاق تولغايدۇ» دېگەن گەپ بار ، تولغاق ئاستا - ئاستا تۇتماي بىر قېتىمدىلا قاتتىق تۇتۇپ كەتسە ، بۇ ، ئانىغىمۇ ، بالىغىمۇ

ئوبدان بولمايدۇ . قورساقتىكى بالا ئورنىدىن قوزغىلىپ كېتىپ تۇغۇت قىيىنلىشىپ كېتىدۇ . كىرىڭ ، ئۇزۇن تۇرماي يېنىپ چىقىڭ ، — دېدى ئۇلامخان ئوماققا قايتا - قايتا تاپىلاپ .

ئوماق ئۆيگە كىردى . ئايقۇت سۇپىدا قات - قات كۆرپە ، ياستۇققا يۆلىنىپ پۈتىنى ساڭگىلىتىپ ئولتۇراتتى . ئۇنىڭ ئەترا- پىدا جاھانبەگنىڭ خوتۇنى كۇندەم ، كۇنچىققانبەگنىڭ خوتۇنى ئاق- ئۇلام ، ئۇجۇلخان ، ئوغۇلخان ، گۆھەر قاتارلىق سەككىز ئايال ئايقۇتقا قاراپ تۇرۇشاتتى . ئۇلار ئوماققا يول بەردى . ئايقۇت ئوماق- نى كۆرۈپ كۈلۈمسىرىدى . ئوماق ئايقۇتنىڭ پېشانىسىنى تۇتقاچ :

— ئەھۋالىڭ قانداق ؟ مەن كېتىپ قاپتىكەنمەن ، مانا قايتىپ كەلدىم ، يېنىڭدىن نېرى كەتمەيمەن . چىداشلىق بەر ، تەڭرىم ئاسانلىق بېرەر ، — دېدى .

ئۇنىڭ خوتۇنىغا تېخىمۇ جىق گەپ قىلىپ بەرگۈسى ، مەدەت بەرگۈسى بار ئىدى . لېكىن ، يېنىدىلا تۇرغان ئۇلامخان ئۇنىڭ پېشىنى تارتىپ قويغاچقا ، ئۇنىڭ بايىقى تاپىلىقى ئېسىگە كېلىپ : «مەن تاشقىرىقى ئۆيدە تۇرىمەن» دەپ قويۇپ ئۆيدىن يېنىپ چىق- تى . بۇ چاغدا تاڭمۇ خېلى سۈزۈلۈپ قالدى .

— مېڭ ، ھابىلبابىنىڭ ئۆيىگە كىرىپ پاراڭلىشايلى ، — دېدى ئۇلامخان .

ئۇلار ئۆيگە كىرىپ تۇرۇشىغا ئارقىسىدىنلا ئايسۇلۇ بىر ياغاچ جاۋۇردا پىشۇرۇلغان بېلىق ، يەنە بىر قاچىدا بېلىق شورپىسىغا چالغان ئۇجۇل بولمىقى كۆتۈرۈپ كىردى - دە :

— ئاتام سىزنى تۇنۇگۈن ئەتىگەن بىر نەرسە يېگەنچە ھېچنېمە يېمىدى دەيدۇ ، يەۋېلىڭ ، — دەپ قاچىلارنى سۇپىغا قويدى .

— سىز يەۋېرىڭ ، — دېدى ئۇلامخان ، — مەن ئەھۋالنى دەپ بېرەي .

ئوماقنىڭ قورسىقى ھەقىقەتەن ئاچ ئىدى ، لېكىن گېلىدىن بىر نەرسە ئۆتىدىغاندەك ئەمەس . ئايسۇلۇنىڭ كۆڭلىنى دەپ بېلىق- تىن بىر كېسىم قولىغا ئالدى . ئۇلامخان ئۇنىڭ كۆڭلىنى تىندۇ-

روش ئۈچۈن گەپ قىلىپ بەرمەكتە.

ئوماق ئوۋغا مېڭىپ ئانچە ۋاقىت ئۆتمەي ئايقۇتنىڭ قورسىقى ئاغرىپ كەتتى. ئايقۇت توختاق ئارقىلىق ئۇلامخاننى چاقىرتقۇزدى. ئۇلامخان بۇنىڭغا بىرنېمە دېيەلمەي ئۇجۇلخاننى چاقىرتىپ كەلدى. ئۇمۇ بۇنىڭ تولغاقلىقى ياكى قورساق ئاغرىقى ئىكەنلىكىگە ھۆكۈم قىلالمىدى. ئايقۇتنىڭ قورساق كۆتۈرۈشىگە، تاللىغان تامىقىغا، مىجەزىدىكى ئۆزگىرىشكە قاراپ، ئۇلار ئايقۇتنىڭ ئوغۇل تۇغىدىغانلىقىنى توغرا مۆلچەرلىگەن بولسىمۇ، لېكىن تۇغۇش ۋاقتىنى بىلەلمىگەنىدى. ئايقۇتنىڭ دەپ بەرگەنلىرىگە قاراپلا، ئۇنىڭ ئون نەچچە كۈنلۈك ۋاقتى بار ئىكەن دەپ قارىدى. شۇڭا بۇنى قورساق ئاغرىقى ئىكەن دېيىشىپ، ئايقۇتقا تاۋۇق تاشلىقى تالقىنىدىن جىقراق ئىچۈرۈۋەتتى، ئىچۈرۈپ بولۇپ ئۇلار گۇمانلىنىپ قالدى. «تۇغۇش ۋاقتىنى ئايقۇت ئۆزى بىلەلمەي قالغان بولسىچۇ» دېيىشىپ قىلغانلىرىدىن ئەنسىرەشتى. ئىلاج بولماي ئۇجۇلخان ئۆزى بېرىپ ئوغۇلخان قۇتقىنى چاقىرىپ كەلدى. ئوغۇلخان قۇتقا يۈز ياشتىن ئاشقان، ئۇستا تۇغۇت ئانىسى بولۇپ، ئابدال بويىچە ئۇنىڭ ئالدىغا ئۆتىدىغىنى يوق ئىدى.

ئوغۇلخان قۇتقا ئايقۇتنىڭ قورسىقىنى قايتا - قايتا سىلاپ، ئۇنىڭ ئۆزىدىن ئۇنى - بۇنى سوراپ بولۇپ:

— بالا ئوغۇلكەن، مۇشۇ دەل ۋاقتى ئىكەن. بۇ چاغقا تولغىقى پىششا بولىتتى، تولغىقى تولغىشىپ قالغاندەك قىلىدۇ، — ئوغۇلخان قۇتقا شۇنداق دەپ بولۇپ ئايقۇتنىڭ تىلىنى كۆرۈپ، — بىرەر دورا ئىچكەنمىدىڭ؟ — دەپ سورىدى.

ئۇلامخان راست گەپ قىلمىغاندا يامان ئاقىۋەتنىڭ يۈز بېرىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ:

— بىز قورساق ئاغرىقىمىكىن دەپ تاۋۇق تاشلىقىنىڭ تالقىنىدىن ئىچۈرگەنىدۇق، — دېدى.

— گوي - گوي، شۇنىڭ ئىشى، بولمىسا بۇكەمگە تۇغۇپ بولامدۇ، ئەتە مۇشۇ ۋاقىتتا تۇغىدۇ، — دېدى ئوغۇلخان قۇتقا.

ئۇلامخان بىلەن ئۇجۇلخان چوڭ بىر بالا ـ قازادىن قۇتۇلغاذـ
دەك بولدى ۋە ئۆزئارا : «قالاچ قاناقاغا نىمىدەپ جاۋاب بىرەر
ئىدۇق » دىيىشىپ كەتتى...

ئۇلامخاننىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ ئوماقنىڭ ئەندىشىسى تۇگىدـ
دى ، خاتىرجەم بولدى . ئۆيدىن تالاغا چىقىۋىدى ، ئوتقاشتەك قىپـ
قىزىل شەپەق ئىچىدىن ئۆرلەپ چىقىۋاتقان قۇياش ئۇنىڭغا ئادەتتىدـ
كىدىن باشقىچە كۆلۈپ باقماقتا ئىدى . ئۇ بىرنەچچە ئاينىڭ ئالدىـ
دا : «بالا ئوغۇل بولسا ، ئۇنىڭغا بۇرۇنقىسىنى بىلمىگەندىكىن ،
ئەجدادلارنى ئۇنتۇپ قالماسلىق ئۇچۇن ئوسمان بوۋامنىڭ ئىسمىنى
قويايمى » دەپ كۆڭلىگە پۈكۈپ قويغانىدى . ئۇ شۇ ئارزۇ ـ خىياللىدـ
رىنى قايتىدىن ئويلىغاچ بىر دەسسەپ ـ ئىككى دەسسەپ مەھەللە
ئىچىگە يېڭىدىن چىپىلغان ئىلەكنىڭ[1] يېنىغا كېلىپ ، ئۆينىڭ دەل
ئۇدۇلىدا ئۆزۈپ يۈرگەن بىر جۈپ ئۆردەكنى كۆرۈپ ھەيران
قالدى . «بۇ ئاي ، بۇ كۆنلەردە غاز ، ئۆردەكلەر چوڭ كۆل تەرەپكە
كېتىپ بولاتتىغۇ ، بۇ بىر جۈپ ئۆردەك نىمىشقا كەتمەي تۇرۇپ
قالدى ، بۇ يېڭى ئىلەكتە قانداق پەيدا بولۇپ قالدى ؟ » دېگەنلەرنى
خىيالىدىن ئۆتكۈزۈپ ، بۇ بىر جۈپ ئۆردەككە قىزىقىپ ئىلەكنىڭ
قىرىغا كەلدى . ئۆردەكلەر ئۇنىڭدىن ئۈركۈيدىغاندەك ئەمەس ، ئوـ
ماق پەسكە چۈشۈپ سۇ لېۋىگىچە كەلدى . ئۆردەكلەر ئۇنىڭدىن
قېچىش تۇگۇل ئاجايىپ قىلىقلارنى چىقىرىپ بىر ـ بىرى بىلەن
ئوينىشىپ كەتتى . ئوماق ئۆردەكلەرنىڭ بىر ـ بىرىنى قوغلىشىشـ
لىرىغا ، قاناتلىرىنى قېقىپ بىر ـ بىرىگە سۇ چېچىشلىرىغا مەستـ
لىكى كېلىپ ، ئۇلارغا قارىغاچ قولىنى يۇماقچى بولۇپ ئېڭىشىۋدـ
دى ، ئۆردەكلەر غاقىلدىشىپ ، قاناتلىرىنى سۇغا ئۇرۇپ ئوماققا
سۇ چېچىپ ئويناشقىلى تۇردى . ئوماق تېخىمۇ ھەيران بولۇپ :
«بۇ بىر جۈپ ئۆردەكتە چوقۇم بىر خاسىيەت بار . ئوغلۇمغا ئىككى
ئىسىم قويسام بولغۇدەك » دەپ ئويلاپ تۇرۇشىغا :
— سەڭدىدى ، ئوغۇل ! بۆرە ! — دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى .

---

[1] ئىلەك باش ـ ئاخىرى يوق زەيلىك ئېقىن .

ئوماق شۇئان ئىلەكتىن قىرغاققا چىقتى . ئىشىكتە ئالتۇن تۇراتتى . ئۇ بۇ قېتىم تۆمۈر تۇغۇلغان چاغدىدىكىدەك «سۆيۈنچە» دېمىدى ، پەقەت ئىللىق كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى . ئوماق لاشىڭغا باغلاپ قاڭتۇرۇپ قويغان ئېتىنى يەشتى - دە ، يېتىلەپ كېلىپ تىزگىن چۇلۋۇرىنى ئالتۇنغا سۇندى .

— ياق ، ئۇ قېتىمدا ئاتنى ئالدىم ، بۇ قېتىمدا يەنە ئات ئالسام… ياق ، ياق !— ئالتۇن قولىنى كۆتۈرۈپمۇ قويماي تۇرىۋەرگەندى ، ئوماق تىزگىن چۇلۋۇرىنى ئالتۇننىڭ بوينىغا ئارتىپ قويۇپلا ئۆيگە ئېتىلىپ كىرىپ كەتتى .

ئوماق هايالىشماي ئىچىدىن يۇمشاق رەخت بىلەن ، سىرتىدىن ئاشلانغان كېيىك تېرىسى بىلەن زاكىلانغان بوۋاقنى كۆتۈرۈپ چىقتى ، ئاڭغىچە ئۆي ئالدىغا بىرقانچە ئەر - ئاياللار يىغىلغانىدى .

ئوماق بوۋاقنى بېشىدىن ئېگىز كۆتۈرۈپ تۇرۇپ ئۈنلۈك ئاۋازدا :

— ئەجداد بوۋىسىنى ئۇنتۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن ، بۇ بۆرەمنىڭ بىر ئىسمى ئوسمان ، يەنە بىر ئىسمى…— ئوماق گېپىدىن توختاپ قالدى . ئۇ «يەنە بىر ئىسمى» دېيىشىگە ، هېلىقى بىر جۈپ ئۆردەك ئىلەكتىن غاقىلدىغىنىچە قاناتلىرىنى قېقىپ چىقىپ ، ئوماقنىڭ ئالدىدا بىر - بىرىنى ئايلىنىپ ئويناقلىغىلى تۇردى . بۇ بىر جۈپ ئۆردەكنىڭ ئاجايىپ هەرىكەت - قىلىقلىرىنى كۆرگەن كىشىلەر هەيرانلا قېلىشتى . ئوماق گېپىنى داۋاملاشتۇرماقچى بولۇپ كۆپچىلىككە قاراپ ، — بۇ بوۋىقىمنىڭ يەنە بىر ئىسمى ئۆردەك ! ئۆمرى غاز - ئۆردەكتەك ئاسماندا ئۇچۇپ ، دەريا - كۆللەردە ئۈزۈپ ئۆتكەي ! — دېدى .

ئۆردەكلەر ئۆز ئىسمىنىڭ ئادەم بالىسىغا ئىسىم قىلىپ قويۇلغىنىغا تەنتەنە قىلىشقاندەك ، بايىقىدىنمۇ بەك قانات قېقىپ غاقىلدىشىپ ئوماقنى ئۈچ قېتىم ئايلىنىپ ، يەنە شۇنداق غاقىلداپ ئويناشقىنىچە ئىلەككە چۈشۈپ كەتتى .

كىشىلەر بىردىنلا :

— ئالقا[1] بولسۇن ! ئالقا بولسۇن ! ئوسمان ! ئۆردەك ـ ئۆردەك ! — دېيىشىپ كەتتى .

ئوماق بوۋاقنى ئۇلامخانغا تۇتقۇزۇپ قويۇپ نېرىسىغا ماڭدى .

تايوق : «بۇ ئوماقنىڭ نېمە قىلغىنى» دېگەندەك قىلىپ :

— ئوماق ، نەگە ماڭدىڭ ؟ !— دەپ قاتتىق ئاۋازدا سورىدى .

— قالاچ قاناقانىڭكىگە ، — ئوماق كېتىۋېتىپ جاۋاب بەردى .

ئوماق كىرگەندە قالاچ قاناقا جاھانبەگ بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇراتتى .

— هە ، ئايقۇت سەگدىدىمۇ ؟ — جاھانبەگ سورىدى .

— سەگدىدى ، بۆرە .

— يەنە بۆرىمۇ ، قالتىس ـ قالتىس ، ئالقا بولسۇن .

جاھانبەگنىڭ گېپىگە ئۇلاپ قاناقا :

— ئوماقنىڭ يەنە بىر بۆرە كۆرىدىغانلىقى تۆت يىلنىڭ ئالدىدىلا چۈشۈمدە ئايان بولغان . تۇنجى قالاچ بوۋام بۇنىڭدىن ماڭا بېشارەت بەرگەن . بۇنىڭ بۇ بالىسى بىزنىڭ ئارىمىزدىن چىققان كارامەت بىر ئادەم بولىدۇ . ئون ئىككى ئېدەرى ئۆتكەندە بالاڭنى مەن بىر كۆرەي . بۇ بۆرەڭنىڭ ئىسمى نېمە بولدى ؟ — دېدى .

ئوماق بالىسىنىڭ ئىسمىغا مۇناسىۋەتلىك ئىشلارنى سۆزلەپ بەردى .

— ئوغلۇڭ كۆز ئاچىدىغان پەيتتە ، دەل ئۆيۈڭنىڭ ئالدىدا ئۆردەك پەيدا بولۇپ ساڭا ئويناپ بېرىشلىرى تاسادىپىي ئىش ئەمەستۇ . ئۇلار سىرلىق ئۆردەكلەردەك قىلىدۇ . ئۇ ئۆردەكلەرنىمۇ بالاڭدەك كۆرۈپ ئوبدان خەۋەر ئېلىپ قوي ، ھېچكىم زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزۈپ قويمىسۇن ، — دېدى قاناقا .

ئوماق ئايقۇتتىن ئەھۋال سوراش ، ئۆردەكلەرنىڭ قانداق قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈشكە ئالدىراپ قاناقانىڭ ئالدىدىن چىقتى . كېلىپ ئىلەككە قارىسا ئۆردەكلەر يوق . كىشىلەردىن سورىۋىدى ،

[1] ئالقا (قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى) مۇبارەك ، ئالقىش ؛ ماختاش ، مەدھىيە .

«بايلا بار ئىدى ، نەگە كەتكەنلىكىنى بىلمەيمىز» دېيىشتى . بىر جۈپ ئۆردەكنىڭ دەل ئايقۇت يەڭگىيدىغان چاغدا پەيدا بولۇپ ، يەڭگىپ بولغاندىن كېيىن تۇيۇقسىز غايىب بولۇشى ، ئوماقنى تىلسىملىق دۇنياغا كىرىپ قالغاندەك هەيران قالدۇردى . ئۇ بۇ سىرلىق ئىشنى ئايقۇتقا سۆزلەپ بېرىش ئۈچۈن ئۆيىگە ماڭدى .

## 4

ئايقۇتنىڭ ئون ئىككى ئېدەرى چىقىپ ئۈچىنچى كۈنى ، ئوماقلارنىڭ ئۆيىگە ئەتىگەندە جاهانبەگ بىلەن تۇلەك بوۋا كىرىپ كەلدى . بۇلارنىڭ بۇنچە ئەتىگەن كىرىشى ئوماق بىلەن ئايقۇتنى هەيران قالدۇردى . جاهانبەگلەر ئايقۇتتىن ئەھۋال سورىدى ، بوۋاقنىڭ يېنىغا كېلىپ پېشانىسىگە سۆيۈپ قويدى .

— ئەمدى ئون بەش كۈن بولغان تۇرۇقلۇق ، بۇ بۆرەك ئىككى ئايلىق بالىدىنمۇ چوڭ كۆرۈنىدۇغۇ ، — دېدى تۇلەك بوۋا بوۋاققا قاراپ ئەجەبلىنىپ .

— مېنىڭ كۆزۈمگىمۇ ئۇنىڭدىنمۇ چوڭ كۆرۈنۈۋاتىدۇ ، — دېدى جاهانبەگ .

— ئالدىنقى كۈنى قالاچ قاناقاغا كۆرسەتكىلى ئالدىغا ئېلىپ كىرگەنىدىم ، — دېدى ئوماق ، شۇ كۈنكى قاناقانىڭ گېپىنى بۇلارغا دەپ بېرىپ ، — قاناقا ، بالاڭنىڭ كۆزىدىن چىقىپلا تۇرىدۇ ، چوڭ بولسا قالتىس كارامەت ئادەم بولىدۇ . بالاڭنىڭ كۆزىگە قارا ، بىر نەرسە ئىزدەۋاتقاندەك ئۆينىڭ هەممە يېرىگە قاراۋاتىدۇ . پۇت - قولىدىن قارىغاندا بۇ بالاڭ تېز چوڭ بولغۇدەك ، يېشىغا تولار - تولماي ئىككى - ئۈچ ياشلىق بالىدەك بوي تارتىدىغاندەك قىلىدۇ . بوپتۇ ، تېز چوڭ بولسۇن ...— دېدى .

— قاناقانىڭ دېگىنى بولغاي ، — دېدى جاهانبەگ .

ئوماق بۇلارغا داستىخان سېلىشقا تەرەددۇتلىنىۋىدى ، تۇلەك بوۋا :

— داستىخاننى كېيىن سالارسەن ، ئولتۇر ، سىلەر بىلەن بىر ئىشنى مەسلىھەتلەشكىلى كىردۇق ، — دېدى .

«مەسلىھەتلىشىدىغان نېمە ئىش ؟ » دېگەندەك ئوماق جاھانبەگكە قارىدى .

— ئالدىراپ قالدۇق ، دەپ ئاتا - ئانىسىنىڭ ، قىزنىڭ قىممىتىنى ، ھۆرمىتىنى قىلمىساق بولماس ، — دېدى ئوماق ، جاھانبەگ بىلەن تۇلەك بوۋا قاناقانىڭ ئۈمىد - ئارزۇسى ۋە ئەھۋالىنى ئېيتقاندىن كېيىن .

— ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇپ بۈگۈنلا قىز تەرەپكە گەپ سالدۇرايلى[1] ، باشقا تەييارلىقلارغىمۇ تەڭ تۇتۇش قىلايلى . تويغا كېتىدىغان گۆش ۋە بېلىقنى مەن تەييار قىلاي ، باشقا كەم نەرسىلەرنىمۇ تەييار قىلىمىز ، — دېدى جاھانبەگ .

ئوماق : «ئايقۇتنىڭ قىرىقى توشسۇن» دېمەكچىدى ، ئەھۋالدىن قارىغاندا ھەرقانداق باھانە - سەۋەبكە ئورۇن يوقتەك ئىدى .

تايۇقنىڭ ئۆيگە گەپ ئېلىپ كىرىشكە ئوماقنىڭ ئۆزىدىن باشقا تۇلەك بوۋا ، توختىكۆللەر كىرىدىغان ، گەپ سالدۇرۇپ بولغاندىن كېيىنلا چانچىق تۇگۇشكە[2] كوندەم ، ئاقئۇلام ، ئۇجۇلخانلار كىرىدىغان بولدى .

مەسلىھەت پىشقۇچىلىك ئارىلىقتا ئايقۇت بىلەن ئوماق يەتتە بېلىقنى پىشۇرۇپ كاللىسىنى كېسىۋېلىپ ، قالغان قىسمىنى ئوتتۇرىغا قويدى . جاھانبەگ خوتۇنىنى ، ئاقئۇلام ، ئۇجۇلخانلارنى چاقىرىپ كېلىشكە ئادەم ماڭدۇرۇۋەتتى . ئاياللار كەلگۈچە ، جاھانبەگلەر بېلىق يېگەچ تويغا كېرەكلىك تەييارلىقلار ئۈستىدە پاراڭلىشىپ ئولتۇردى .

كوندەم ، ئاقئۇلام ، ئۇجۇلخانلار كىرىپ ئۆيدىكىلەر بىلەن ھال - ئەھۋال سورىشىپ بولغاندىن كېيىن ئولتۇرۇپ بولۇپ ،

---

[1] گەپ سالدۇرۇش — ئەلچى كىرگۈزۈش .
[2] چانچىق تۇگۇش — داستىخان تاشلاش .

بۇنچە تېز كېلىشكە چاقىرتىشىنىڭ سەۋەبى نېمىكىن ، دېگەندەك ئۇجۇلخان تۇلەك بوۋا بىلەن جاھانبەگكە قارىدى .

— بىز بايىلا قالاچ قاناقانىڭ ئالدىدىن چىقتۇق ، — تۇلەك بوۋا ئاياللارغا قالاچ قاناقانىڭ ئۈممىدىنى ئېيتقاندىن كېيىن ، مەقسەتنىڭ ئۆزىگە ئۆتۈپ ، — بىز ھازىر تايۇقلارنىڭ ئۆيىگە كىرىدمىز ، بىز قايتىپ چىققاندىن كېيىن ، سىلەر چانچىق تۈگۈش بىلەن قولتۇقلۇقنىمۇ[1] مۇشۇ قېتىمدىلا تۈگىتىسىلەر ، — دېدى .

— شۇ ئىككى ئىشنى بۈگۈن بىر قەدەمدىلا تۈگىتىمىزما ؟ — ئۇجۇلخان سورىدى .

— ھەممە تەييارلىقلارنى بىرنەچچە كۈن ئىچىدە پۈتكۈزۈپ ، كېيىنكى ھەپتىنىڭ مۇشۇ كۈنىدە توينى ئۆتكۈزىمىز . يېڭى يۇرت قۇرۇپ ، چوڭ ئۇيۇشقاندىن كېيىنكى تۇنجى توينى دەبدەگەي ئۆتكۈزمىسەك بولمايدۇ . ئەرلەر قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلارغا تۇلەك بوۋا بىلەن مەن مەسئۇل ، ئاياللارنىڭ ئىشىغا ئۇجۇلخان بىلەن ئاقئۇلام مەسئۇل . نېمىلەرنى تەييارلاشنى ئايقۇت بىلەن ئۇلامخاندىن سوراڭلار ، — دېدى جاھانبەگ .

ئىشنىڭ بۇ قەدەر تۇيۇقسىزلىقىغا ، ئالدىراشلىقىغا قاراپ ئۇجۇلخانمۇ ئۆزىدە بىر خىل جىددىيچىلىك ھېس قىلدى ھەم يەنە : «يۇرت قۇرۇش ئالدىراشلىقىدا توي ئوينىمىغىلى خېلى بوپتىكەن ، تويدا يۇخادىن چىققۇدەك قوشاق ئېيتمايدىغان بولسام» دېگەنلەرنىمۇ كۆڭلىگە پۈكتى . ئۇ تۇلەك بوۋىغا :

— سىلەر چىقىۋېرىڭلار ، بىز تەييارلىقىمىزنى قىلىپ تۇرايلى ، — دېدى .

جاھانبەگ ، تۇلەك بوۋا ، ئوماق ، توختىكۆللەر ئىشىكتىن كىرىپ كەلگەندىلا ، تايۇق بىلەن ئۇلامخاننىڭ كۆڭلى بىر ئىشنى تۈيغاندەك بولدى . ئۇلار ئالدىن ھېچقانداق شەپە بېرىپ قويمىغاچقا ، ئىككىسى بەك جىددىيلىشىپ تەمتىرەپ كەتتى .

— بىز قالاچ قاناقانىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن سۆز ئېلىپ كىر-

---

① قولتۇقلۇق — توي ئالدىدىكى چوڭ چاي .

دۇق ، — سۇيغا چىقىپ ئولتۇرۇپ بولۇشقاندىن كېيىن ، تولەك بوۋا گەپنى قاپ بەلدىنلا باشلىدى ، — قاناقاننىڭ توختاق بىلەن ئايسۇلۇنىڭ توينى ئۆيىنىغۇسى ، نىكاھىنى ئۆزى قىلىپ بەرگۇسى بار ئىكەن . بۇ ، قاناقاننىڭ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدىكى بىر ئارمىنى ئىكەن . شۇڭا ئۇ ئىككىسىنىڭ توينى كېيىنكى ھەپتە مۇشۇ كۈندە ئۆتكۈزۈۋېتەيلى دېيىشتۇق ، — دېدى .

قاناقاننىڭ بىتابلىق ئەھۋالىنى تەپسىلىي دەپ يۈرۈشنىڭ ئورنى يوق ئىدى . تايۇق بىلەن ئۆلامخان كۈندە نەچچە قېتىم كىرىپ قاناقاننىڭ ئەھۋالىنى كۆرۈپ تۇراتتى . بۇلارمۇ قاناقاننىڭ قىشنى چىقىرىپ ، ھېچبولمىغاندا ئەتىيازغىچە تۇرۇپ بېرىشىنى تىلەيتتى . قاناقا ئايسۇلۇغا بەك ئامراق ئىدى .

ئۇلارنىڭ توي ئىشى بىلەن كىرىشى ، بۇلارنىڭ كۆتكىنىدەك ئىش بولسىمۇ ، ھېچقانداق تەييارلىقنىڭ يوقلۇقى بۇلارنى خىجىل-لىققا سېلىپ ئويلاندۇرۇپ قويدى . بۇلارنىڭ قانداق ئويدا بولۇۋات-قىنىنى تۇيغان جاھانبەگ :

— ئوماقلارنىڭمۇ ھېچقانداق تەييارلىقى يوق . پۈتۈن لازىملىق-نى يېڭى يۈرتلۇقلار قولمۇقول تۇتۇش قىلىپ ئۈچ - تۆت كۈننىڭ ئىچىدە تەييار قىلىپ بولىمىز . سىلەر تەييارلاشقا تېگىشلىك نەر-سىلەرنى دەپ بەرسەڭلىلا بولىدۇ ، — دېدى .

سۆز سالغۇچىلار ئىشىككە چىقىپ بولۇپ ، جاھانبەگ :

— چانچىقلار ھېلى كىرىدۇ ، — دەپ قويدى .

— ئىتتىك بولمىقىڭنى پىشۇرۇپ تۇر ، — دېدى تايۇق ئۆلام-خانغا .

ئۆلامخان قازانغا ئوت يېقىپ ، ئوجۇل تالقىنى بىلەن بېلىق يېغى ، قايماقلارنى تەڭشەپ بولغۇچە چانچىقچىلار ئىشىككە كېلىپ بولدى . چانچىق تۇگۇچنى ئوجۇلخان كۆتۈرۈۋالغانىدى .

— سىلەر ئالدىرىمىغان بىلەن توي ئويناشقا بىز ئالدىراپ كېتىۋاتىمىز ، تويدا قوشاق ئېيتىشقا ئاغزىم ئالدىراپ ، قىچىشىپ كېتىۋاتىدۇ ، — ئوجۇلخان گەپ قىلغاچ چانچىقنى ئاچتى . چانچىق-

تا يەتتە تال پىشۇرۇلغان بىلىق بىشى ، تايۇق بىلەن ئۇلامخانغا ئاتاپ بىر كىيىملىك چىگە تالاسى ئارىلاش توقۇلغان بوز رەڭ تورقا چەكمەن ، بىر كىيىملىك ئاق - يېشىل - قىزىل يوللۇق شايى چەكمەن ، قىزغا ئاتالغان يەنە شۇنداق ئۈچ خىل رەڭدە ، ئەمما قىزىلى توق ، كەڭ يوللۇق ساپ شايى چەكمەن ، بىر چۆچەكتە تۇز تۇراتتى . بىلىق كاللىسى بىلەن تۇز چانچىق تۇگۈچكە ھىساب ، تورقا چەكمەن ، شايىلار بولسا قولتۇقلۇق ئۈچۈن ئىدى .

— تويلۇققا كىرەكلىك بىلىقلار بىلەن گۆش ماللىرىنى ئۈچ كۈن ئىچىدە تەييار قىلىپ ئەكىرىپ بېرىمىز ، — دېدى جاھانبەگ-نىڭ خوتۇنى كۈندەم .

بۇ يەردە توي قىزنىڭ ئۆيىدىلا بولىدۇ . قىز تەرەپ تۇغقانلىرى ئەھۋالغا قاراپ بۇس ئېلىپ كېلىدۇ . باشقا مېھمانلار بۇسلۇق كۆتۈرۈپ يۈرمەيدۇ . ئوغۇل تەرەپ قىز تەرەپكە بېرىدىغىنىنى بەر-سىلا بولدى ، ئايرىم مېھمان چاقىرمايدۇ ، قىزنى ئېلىپ كەتسىلا بولىدۇ .

— ئۇنچىۋالا جۇۋىپ كەتمەڭلار ، تەييارلىقىمىز قانچىلىك بول-سا ، كۆپ ئورنىدا كۆرۈپ تويىنى ئۆتكۈزىۋېرىمىز ، — دېدى ئۇلامخان .

— يوقسۇ ، يوقسۇ . بۇ يېڭى يۇرتىمىزدىكى تۇنجى توي . ھەممىمىز توي سىغىنىپ قالدۇق . دەبدەگەيلەپ چوڭ ئۆتكۈزىمىز . سىلەر ئولتۇرۇپ بەرسەڭلارلا بولىدۇ . ئىشلارنى بىز قىلىمىز . بۇ بېگىمىزنىڭ پەرمانى ، شۇنداققۇ كۈندەم ، — دېدى ئۇجۇلخان . ھەممىسى كۈلۈپ كېتىشتى...

كۈندەم ، ئاقئۇلام ، ئۇجۇلخانلارنىڭ باشچىلىقىدا ئايالللار ئۆي - ئۆيدىن يىغىلغان يۇڭ يىپلار بىلەن سېلىنجا ئۈچۈن پالاس توقۇماقتا . كەملەيدىغىنىغا يەنە بىرنەچچە ئايال يۇڭلارنى ساۋاپ - ئېتىپ ، ئېشىپ ، يىپ ئېگىرمەكتە ، بىرلىرى ھەر خىل رەڭدە بوياپ ، قۇرۇتۇش ئۈچۈن تانىلارغا ئارتىپ يايماقتا . بىر تۈركۈم ئەرلەر بىلىق تۇتۇپ كېلىش ۋە كېيىك ، جەرەن ئوۋلاشقا

تەرەپ - تەرەپكە ماڭدۇرۇلغانىدى . ھەممە نەرسە بەش كۈندىلا تەل بولدى . تويغا يەتكۈدەك يۈز نەچچە بېلىق بىلەن سەككىز - ئون كېپىك ، جەرەن گۆشى ، ئىككى خالتا ئۇجۇل تالقىنى تايۇقلار ئۆيىگە ئەكىرىپ بېرىلدى . بۇنى ئۇيۇشۇشتىن ئىلگىرىكى قەبىلىلەر ئىچىدە تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايتتى .

قولتۇقلۇق ئەكىرىلگەننىڭ ئەتىسىلا يۇرتداشلار تويغا ئېيتىلىپ بولۇنغانىدى . بۇ يەردە توي ياكى باشقا ھەرقانداق يىغىنلىقتا چاقىرىش ئۆز شارائىتى بويىچە بولىدۇ . باغاق يېزىش بۇ يەردە ئەزەلدىن بولۇپ باقمىغان . باغاق يازالايدىغانلارمۇ ، باغاقنى ئوقۇيالايدىغانلارمۇ يوق . ئۆيمۇئۆي يۈرۈپ چاقىرىشمۇ ھاجەت ئەمەس . تۆت ئادەم تۆت دۆڭگە ياكى تۆت ئۆگزىگە چىقىپ تۆت تەرەپكە قاراپ قايسى مەھەللە ، كىمنىڭ ئۆيىدە نېمە يىغىلىق بولىدىغانلىقىنى توۋلاپ خەۋەر قىلىدۇ . ئۇنى ئاڭلىغان قوشنا مەھەللىدىكىلەردىن بىرى ياكى تۆتى ئېگىز دۆڭگە چىقىپ تۆت تەرەپكە قاراپ ئاڭلىغىنى بويىچە خەۋەر تارقىتىدۇ . ئۇنى ئاڭلىغان يەنە بىرى... شۇ تەرزدە قۇلاقتىن قۇلاققا يەتكۈزۈلۈپ ، ئەڭ چەت ، ئەڭ ئىچكىرىدىكى كىشىلەرمۇ خەۋەر تاپىدۇ . بۇ خۇددى كۈچ ئۇلاپ يۈگۈرۈشكىمۇ ، بىر تۇر ئۈستىگە ئوت يېقىپ ، شۇ بويىچە تۇردىن تۇر ئارقىلىق يىراق - يىراقلارغا خەۋەر يەتكۈزگەنگىمۇ ئوخشايدۇ .

توي ئۆز قەرەلىدە ئۆتكۈزۈلدى . بۇنداق داغدۇغىلىق توي بۇ قۇملۇق مەھەللىلىرى تارىخىدا بولۇپ باقمىغانىدى . ئادەمنىڭ جىقلىقىغا قارىماي بېلىق ، گۆشلەر ، بېلىق يېغى قوشقان ئۇجۇل - جىگدە تالقىنى ئۇمىچى كىشىلەر ئالدىدىن ئېشىپ - تېشىپ تۇردى . جاھانبەگ گۆش ئازلىق قىلىپ قالسا... دەپ ئۆز قويىدىن سەككىزنى سويدۇرۇپ ھەممىنى قازانغا باسقانىدى . يەپ - ئىچىش چۈشتىن قايرىلىپ خېلىغىچە داۋاملاشتى . قىزنى كۆچۈرۈش ۋاقتى بولدى . تايۇق بىلەن ئۇلامخانىنىڭ تەلىپى بويىچە قىزنى قاناقاننىڭ ئالدىغا ئېلىپ بېرىپ ، شۇ يەردىن كۆچۈرمەكچى

بولغانىدى . ئەمما قاناقا مەن باراي ، دەپ تۇرۇۋالغاچقا ، قاناقانى جىرغىغا ئولتۇرغۇزۇپ ، تايۇقنىڭ ئۆيى ئالدىغا ئېلىپ كەلدى . ئۆيدىن ئايسۇلۇنى بېشىغا شايى رەخت ئارتىپ ئېلىپ چىقتى . توختاقنى يىگىت قولدىشى قولتۇقلاپ ئېلىپ كېلىپ ، قىزنىڭ ئوڭ تەرىپىدە تۇرۇشتى . پۈتۈن كىشىلەر قاناقانى چۆرىدەپ سۈكۈت- كە چۆمگەندەك جىممىدە تۇرۇشاتتى . قاناقا ئىككى قولىدا توختاق بىلەن ئايسۇلۇنىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ :

— بۈگۈن تويۇڭلار بولدى ، تويۇڭلارنى كۆردۈم . مەندەك ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈڭلار ، قۇتلۇق بولۇڭلار ، ئەجدادىڭلارنى ، ئاتا - بوۋاڭلارنى ئۇنتۇماڭلار ، بىزدەك بولۇپ قالماڭلار ! — دەپ توختى ، ئايسۇلۇلارنىڭ بېشىنى سىلاپ قويۇپ ، «كۆچۈرۈپ مېڭىڭلار» دېگەن مەندە قولىنى شىلتىدى .

ئايقۇت ئايسۇلۇنىڭ بېشىدىكى ياغلىقنى يېرىم قايرىپ تۇرۇپ پېشانىسىگە سۆيۈپ قويۇپ ، ئۈستىلەپ يەنە بىر ياغلىق ئارتىپ قويدى . ئۇجۇلخانمۇ كېلىپ بىر شايى ياغلىق ئارتىپ قويدى ، ئاندىن ئايقۇت ئايسۇلۇنىڭ قولىدىن يېتىلەپ ماڭدى . بىر توپ قىز - يىگىتلەر ئارقىسىدىن ماڭدى . شۇ ئەسنادا قىزنى ئۇزىتىپ تۇرغان كىشىلەرنىڭ بەزىلىرى رىتىمغا كەلتۈرۈپ چاۋاك ئۇرسا ، بەزىلىرى ياغاچ لېگەن ، ياغاچ جاۋۇرلارنى ئۇرۇپ قىز ئۇزىتىش قوشىقىنى باشلىدى :

داڭىتقۇيەي ، دۇڭىتقۇ[1] ،
ياخەستەنەي ، ياخۇستەن[2] .
ئالىپ چىقۇ ، ياپىپ چىق ،
تاياپ چىقۇ ، ئاچىپ چىق .
قىز كەتتىيەي ، بىز قالدۇق ،

①② بۇ سۆزلەرنىڭ مەنىسى يوق . «لايلىلاي - لاي ، لايلىلاي» غا ئوخشاش رىتىمغا كەلتۈرۈپ ئېيتىلغان ئىملىق سۆز .

قىز كەتتى ھەي ، بىز قالدۇق .
ئېجىل - ئىناق ئۆتۈڭلار ،
توغراق يېشى كۆرۈڭلار .
......

قىزنى ئۆز ھۇجرىسىغا ئەكىرىشتىن ئىلگىرى ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىغا قويۇلغان يوغان كۆتەككە ئولتۇرغۇزدى . بۇ : «كېلىنىمىز ئۆيىمىزگە مۇشۇ كۆتەكتەك ئورناپ ، بېكىپ كەتسۇن» دېگەنلىك ، ئاندىن قىز ھۇجرىسىنىڭ پالتۇكى (بوسۇغا) ئالدىغا يېقىلغان ئوتتىن ئاتلاپ ئۆتۈپ بولۇپ ، قولدىشىنىڭ قولىدىن ئىچىدە ياغ بار ياغاچ چۆمۈچنى ئېلىپ ئوتقا تاشلىدى . ئوت گۇپپىدە لاۋۇلداپ كەتتى . قىزنى ھۇجرىسىغا ئەكىرىپ ، سۇپىنىڭ تۆرىدىكى يەتتە قات پالاس ئۈستىدە ئولتۇرغۇزدى . تولەك بوۋىنىڭ نەۋرە كېلىنى ئوغۇل تەرەپكە ۋاكالىتەن كېلىپ :

ئاتالەرەي ، ئانالار ،
ئاغاچىلار ، ئاغالار ؛
قىز يۈزۈنۇ ئاچالى ،
ئۈنجۈ - مارجان چاچالى .
قىز ياراشقاي ئۆيۈگە ،
باغىر باسقاي كۆيۈگە .

دەپ قوشاق ئېيتقاچ ، كېلىننىڭ بېشىدىكى ئۈچ قات ياغلىقنى بىر - بىرلەپ ئېلىۋېتىپ «يۈز ئاچقۇ» قىلدى . يۈزى ئېچىۋېتىلگەن كېلىن ئالدى بىلەن قېيناتا - قېينانىسىغا ، ئاندىن مېھمانلارغا سالام قىلدى . يىگىتلەر بولسا :
— كېلىنچەك سالام قىلمىغان بىر كىشى قالدى ، سالام قىلسۇن ، — دەپ توختاقنى ئايسۇلۇنىڭ ئالدىغا ئەكەلدى . ئايسۇلۇ ئىككى قولىنى كۆكسىگە ئېلىپ بېشىنى ئېگىپ سالام قىلدى .

مېھمانلار :

— ئالقا ـ ئالقا ! گۈل گۈلگە ئالقا ، گۈلگە گۈل ئالقا ! — دەپ توۋلىشىپ ، كۈلكە ـ چاقچاق قىلىشىپ چىقىپ كېتىشتى .

مېھمانلار تارقىدى ، توي تۈگىدى ، لېكىن توي توغرىسىدىكى گەپلەر تۈگىمىدى ، بەلكى ئاۋۇدى . بۇ قۇملۇق كىشىلىرى توي ـ تۆكۈنگە يېڭىلىق ، ئىچكىلىك ئەمەس ، تويدا قوشاق ئاڭلاپ ئېچىرقىغان مەنىۋىيىتىنى ئاۋۇندۇرغىلى ، ئىچ ـ قارنىنى ، كۆڭلىنى ئېچىۋېلىش ئۈچۈن كېلىدۇ . ئۇلار مۇشۇنىڭ ئۈچۈن ئۇزۇن قۇملۇقلارنى بېسىپ ، قانچە ـ قانچە قۇم داۋانلىرىدىن ئېشىپ ، نەچچە دەريا ، كۆللەردىن ئۆتۈپ كېلىدۇ . قايتىشىدا تويدا يېگەن ـ ئىچكىنىنىڭ ئەمەس ، ئاڭلىغان قوشاقلىرىنىڭ ، كىمنىڭ قانداق قوشاق ئېيتقانلىقىنىڭلا گېپىنى قىلىپ مېڭىشىدۇ . كىم قانچىلىك ئەسكە ئېلىۋالغان بولسا ، شۇ يولدا ئېيتىپ ماڭىدۇ . ئۇ ئۇنچىلىك ، بۇ بۇنچىلىك ئېيتىپ ، ئۆيلىرىگە يېتىپ بارغۇچە تويدا ئېيتىلغان قوشاقلارنىڭ ھەممىسىنى كۆڭۈل خاتىرىسىگە تولۇق ئورنىتىۋالىدۇ . قايتىپ بارغاندىن كېيىن ، مەھەللە ـ ئوتاقلىرىدا ئېيتىپ باشقىلارنىمۇ بەھرىمەن قىلىدۇ . تويغا يېمەك ـ ئىچمىكىنىڭ ئاز ـ كۆپلۈكىگە قاراپ ئەمەس ، ئېيتىلغان قوشاقلارنىڭ ئاز ـ كۆپلۈكىگە ، قانداقلىقىغا قاراپ باھا بېرىشىدۇ .

— تويغا كەلگەندەكمۇ بولمىدى كىشى .

— گوي ـ گوي ، توي تويدەك بولمىدى…

توي مۇلازىمىتى بىلەن بولۇپ كېتىپ قوشاق ئېيتالمىغىنىدىن ئۇجۇلخان ۋە باشقا قوشاقچىلارنىڭمۇ كۆڭلى يېرىم ئىدى . توي بولۇپ ئەتىسىلا يېڭى مەھەللىلەرنى ئۇجۇلخاننىڭ قوشىقى قاپلاپ كەتتى .

گۈل ئۈستىگە گۈل قوندى ،
يېڭى يۇرتتا توي بولۇپ .

يۇرتداشلىقنى يەتكۈزدۇق ،
كىيىك ، جەرەن ، قوي سويۇپ .
مالى يوقلار بۇرۇندا ،
ئۆتۈپتۇكەن بوي بولۇپ .

ئۆتكەنكەنمىز بىز بۇرۇن ،
قۇرۇق قۇمدەك چىچىلغاق .
ئىشلارىمىز ئوڭاركەن ،
بولساق ئۇيۇل ، يىپىشقاق .
بىزلەرگە ئۇلگە بولدۇ ،
قاراڭلار تايۇق ، ئوماق…

يەنە كىمنىڭدۇر بىرىنىڭ توقۇغان قوشىقى ھەممە كىشىنىڭ دىققىتىنى تارتتى :

تويداغۇ قورساق تويدى ،
كۆڭۈل يىرىم ، قالدى ئاچ .
بۇنداق تويغا كەلگۈچە ،
نىرى - نىرى ، نىرى قاچ .
قوشاقى يوق تويدۇن ياخشى ،
ئۆيدە ئىچكەن سۇ ئۇماچ .

يۇقىرىقىدەك گەپ ، قوشاقلار چوڭلارنىڭ قۇلىقىغا يەتمەي قالمىدى ، ئۇلارنىڭ دىققىتىنى تارتتى .

— بىز قاناقانىڭ مىجەزىنى نەزەرگە ئېلىپ ، توينىڭ ئۇزىراپ كەتمەسلىكىنىلا ئويلاپتۇق ، — دىدى جاھانبەگ كىشىلەرنىڭ تويىدىن كىيىنكى كەيپىياتى ئۇستىدە تولەك بوۋا ۋە كۇنچىققانبەگ بىلەن پاراڭلىشىپ .

مۇشۇ يېڭى مەھەللىلەر ئارا بولسىمۇ قوشاق ئېيتىشىش قىلىپ بەرمىسەك، ئەتە ـ ئۆگۈن سەن ـ بىزنىمۇ قېتىپ ـ قوشۇپ تىللىغۇدەك، — دېدى تۇلەك بوۋا.
ئۇلار كېيىنكە سۈرىمەي، مۇۋاپىق بىر پەيتتە يېڭى مەھەل-لىلەر ئارا قوشاق ئېيتىشىش ئۇيۇشتۇرۇپ بېرىشنى مەسلىھەت قىلىشتى.

## 5

يېقىندىن بۇيان «دىۋە ئادەم» — چەپەر توغرۇلۇق ئادەمنى تەئەججۈپكە سالىدىغان ئاجايىپ ـ غارايىپ گەپلەر پەيدا بولۇپ قالدى.
«دىۋە ئادەم ئاتىسىنىڭ ئاگايىنى يوقلايمەن دەپ بېرىپ، يەر ئاستىدىكى سىرلىق بىر ئوردىغا كىرىپ قاپتۇ».
«ئۇ بۇرۇن ياردائىبۇلاق تۆپىلىكىدە كۆرگەن، يەردىن چوقچى-يىپ چىقىپ تۇرغان شۇنچە نۇرغۇن كۆتەكلەر، ياغاچلار غايىب بولۇپ كېتىپتۇ...».
«دىۋە ئادەم ياردائىبۇلاقتا كېچىسى كۈلگەن، يىغلىغان، ھەر خىل ۋارقىرىغان ئاۋازلارنى ئاڭلاپتۇ. ئاخشىمى بىر ياردائ تۈۋىدە ئۇخلىغىنىنى بىلمىدىكەن، ئەتىسى ئويغىنىپ قارىسا، ئاتىسىنىڭ ئاگايىنىڭ يېنىدا ياتقۇدەك، ئۆزىگە قارىسا دىۋە قىياپىتى يوق، ئەسلىي ھالىتىگە كېلىپ قاپتۇ...».
يوقىرىقىلاردىن باشقا يەنە ئۇنىڭ قاتتىق ئاغرىپ قالغانلىقى، ئىككى قوشنىسى كېتىپ قېلىپ ئۇنىڭ ئېغىر كۈنگە قالغانلىقىدەك گەپلەرمۇ پەيدا بولدى.
ئوماق ئالدىنقى گەپلەرنى ئاڭلىغاندا، دەسلەپ ھەيران قالدى ھەم ئىشىنىشنىمۇ، ئىشەنمەسلىكنىمۇ بىلمىدى. تۇرۇپلا خىيالىغا بىر ئىشلار كەچكەن چېغى، ئۇنىڭغا ئىشىنىپ قالدى. ئۇنىڭ ئېسىگە قالاچ قاناقانىڭ: «بىز دەسسەپ تۇرغان بۇ زېمىن بىر

سىرلىق ماكان ، بۆرۆنقىلار ئۆزلىرى قۇرغان ئوردا ـ ساراي ، قورغان ، قەسىرلىرى بىلەن قوۋم ئاستىغا غايىب بولۇپ كەتكەنىكەن» دېگەنلىرى ئېسىگە كېلىپ ، «چەپەر شۇ ئوردا ـ سارايغا كىرىپ قالغان ئوخشايدۇ ، ئاڭلانغان ئاۋازلار غايىب بولغان ئادەملەرنىڭ ئاۋازىدۇ ، ئۇ ئادەملىكتىن دېۋىدەك بوي تارتىپ قالغان پەردە ، ئەسلىگە قايتىسمۇ قايتقاندۇ . مېنىڭچە ، ئۇنىڭ ئۆزىلا سىرلىق ، خاسىيەتلىك ئادەم» دېگەنلەرنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدى . ئۇنىڭ ئەندىشە قىلغىنى چەپەرنىڭ ئاغرىپ قالغانلىقى ، يالغۇز قالغانلىقى ئىدى . ئوماق بۇ ئىشتا تۇلەك بوۋىدىن مەسلىھەت سوراش ئۈچۈن بوۋاينىڭ ئۆيىگە كىردى .

— كەل ، كەل ، — دېدى بوۋاي ، ئوماق ئىشىكتىن كىرىشىگە ، — بىز سېنىڭ گېپىڭنى قىلىشىپ ئولتۇرغانىدۇق .

ئۆيدە كۈنچىققانبەگمۇ بار ئىدى . ئوماق ئۇنىڭ قېشىغا كېلىپ ئولتۇردى .

— چەپەرنى ئاغرىپ يېتىپ قاپتۇ دەپ ئاڭلىدىم ، بىچارە يالغۇز قانداق قىلىۋاتىدىكىن ، يوقلاپ كەلسەكمىكىن ، دەپ بوۋا ، سەندىن مەسلىھەت سوراپ كىرگەنىدىم ، — دېدى ئوماق .

— بىزمۇ مۇشۇ ئىش ئۈستىدە پاراڭلىشىۋاتقانتۇق ، — دېدى جاھانبەگ .

— ئۇنداق بولسا بېرىپ كېلىمىزمۇ ؟

— چەپەرنى قاناقا بەك ياخشى كۆرىدۇ . قاناقانى خەۋەرلەندۈرۈپ قويماي كەتسەكمۇ بولماس ، — تۇلەك بوۋا كۈنچىققانبەگكە قارىۋېتىپ مۇنداق دېدى ، — ئالدى بىلەن جاھانبەگ بىلەن مەسلىھەتلىشىپ ، ئاندىن قاناقانىڭ ئالدىغا كىرەيلى .

جاھانبەگ كۈنچىققانبەگ ، تۇلەك بوۋا ۋە ئوماقنى باشلاپ ئەتىگەندە قالاچ قاناقانى يوقلاپ كىردى . ئادەتتىكى چاغلاردا جاھانبەگ تۇلەك بوۋا بىلەنلا كىرەتتى . بۈگۈن كۈنچىققانبەگ بىلەن ئوماقنى بىللە ئېلىپ كىرگىنىدىن ، ئۇنىڭ مۇھىم ، جىددىيرەك

بىر ئىش بىلەن كىرگەنلىكىنى قاناقا پەملىدى ، ئەمما ئۇنىڭ ئۆزد-
نىڭ ئىغىز ئىچىشىنى كۈتۈپ جاھانبەگدىن گەپ سورىمىدى .
— چەپەرنىڭ ئاغرىپ قالغانلىقى توغرۇلۇق سىرتىق ئاڭلى-
دۇق ، يالغۇز قىينىلىۋاتقان ئوخشايدۇ ، — دېدى جاھانبەگ قاناقا-
دىن ئەھۋال سوراپ بولۇپ .
— كۆچۈرۈپ كەلگەن ئادەملەر ئۇنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالماپ-
تۇمۇ ؟
— ئۇلار كەتكەن ئوخشايدۇ .
— نېمىشقا ؟
— ئىككى خىل گەپ بار . بەزىلەر : «بۇ يەردە بىلىق گۆشى
يېيەلمەيدىكەنمىز ، كۆنەلمىدۇق ، دەپ كېتىپتۇ» دەيدۇ ؛ بەزىلەر
«دىۋە ئادەم» ئۇلارنى قوغلىۋېتىپتۇ ، دەيدۇ .
قالاچ قاناقانىڭ قوشۇمىسى تۈرۈلۈپ ، كۆزى يۇمۇلغاندەك
بولدى . ئۇ بىر ئىشنى جەزملەشتۈرەلمەي قالغاندا شۇنداق قىلاتتى .
— كېيىنكى گەپ راست ، — دېدى قاناقا كۆزىنى
ئېچىپ ، — ئۇلارنى چەپەرنىڭ قوغلىۋەتكىنىنىڭ چوقۇم بىر سەۋە-
بى بار . ئۇنىڭ يالغۇز قالغىنى يامان بوپتۇ . تېخى ئۇ ئۆزى يالغۇز
ئەمەس . ئۇنىڭ ئوتتۇز - قىرىق كېيىك - جەرەن ، يىگىرمىدەك
قويى بار . ئۇ ئاغرىپ قالسا ، ئۇ تىلسىزلارغىمۇ تەس بولىدۇ .
قانداق قىلايلى دەۋاتىسىلەر ؟
— بىرنەچچىمىز بېرىپ يوقلاپ كېلەيلىمىكىن دەۋاتىمىز .
— شۇنداق قىلساڭلارغۇ ئوبدان بولاركەن . بولسا ، ئوبدان
ئادەملەردىن ئىككى ئۆيلۈكنى كۆچۈرۈپ قويغان بولساڭلار ، —
دېدى قاناقا .
جاھانبەگ : «شۇنداق قىلىمىز» دەپ جاۋاب بېرىپ ، باشقىلار-
نى ئېلىپ قاناقانىڭ ئۆيىدىن چىقىپ :
— مەن ئويتوغراقتا بارالمايمەن ، كۆنچىققان ، ئوماق ئىككىڭ-
لار بېرىپ كېلىڭلار ، — دېدى .
— مەنمۇ باراي ، — تولەك بوۋا كۆنچىققانبەگكە ئەجەبلەنگەن-

دەك قاراپ قويدى ، — بۇ قېتىم ئويتوغراقنى ، ئەتراپنى ئوبدانراق كۆرۈۋالاي . ئابدالدىن بۇزۇن[1] جايلارنى كۆرمىگىلى ئۇزاق بوپتۇ .

— بوپتۇ ، بارساڭ بار ، بوۋا ، — جاھانبەگ كۇنچىققانبەگكە قاراپ ، — ئۇ يەرگە نەدىن ، كىمنى كۆچۈرۈپ قويۇشنى ئۆزۈڭلار بىر ياق قىلىڭلار ، — دېدى .

تۇلەك بوۋىنىڭ جاھانبەگكە ئەجەبلىنىپ قېلىشىنىڭ سەۋەبى بار ئىدى ، ئۇ يېڭىسۇ تەرەپكە ئوۋغا چىقىشقا تەييارلىق قىلىپ قويغانىدى . ئوۋغا ئامراق بەگ ئۇ تاماشىدىن كۆڭلىنى ئۈزەلمىگەنىدى .

كۇنچىققانبەگ ، تۇلەك بوۋا ، ئوماقلار شۇ كۈنىلا قۇرۇتۇلغان گەدەرمە بېلىق ، بېلىق گۆشى تالقىنى ، بېلىق يېغى ، توخۇ ، ئۆردەك ، غاز توخۇملىرىنىڭ سېرىقى ئارىلاشتۇرۇلغان ئۇجۇل ، جىگدە تالقىنى قاتارلىق ئاسلىق يېمەكلىكلەر بىلەن ئىككى قوينىڭ گۆشىنى تەييار قىلىپ ئەتىسى ئەتىگەندە يۇرۇپ كەتتى .

— ئۇنىڭ يىگىرمە نەچچە قويى تۇرسا ، يەنە گۆش ئېلىۋالغىنىمىز قانداق ئىش ؟ — كۇنچىققانبەگ كېتىۋېتىپ تۇلەك بوۋىدىن سورىدى .

— كېيىك ، جەرەنلەرنى يېيىشكە كۆزى قىيمىغان يەردە ، پاقلان چېغىدىن تارتىپ بېقىپ چوڭ قىلغان قويلىرىنى ئۆلتۈرۈشكە كۆڭلى چىدامدۇ . ئۇ باغرى بەك يۇمشاق ئادەم . ئۇنىڭ ئاغرىپ قېلىشى ، مېنىڭچە ئاجىزلاپ كەتكەنلىكتىن ، — دېدى تۇلەك بوۋا .

ئۇلار ئويتوغراقتا تايۇقنىڭ گېپى بىلەن چىكە سوقۇپ ئۇدۇل ماڭدى . يېڭى يۇرتچاپقان بىلەن ئويتوغراق ئارىلىقىدىكى قاقاس قۇملۇقتا تاغدەك ئېگىز قۇم دۆۋىلىرى بولغاندىن باشقا ، شامال ئېغىزى بىر يەر بار . ئانچىكى شامال چىقسىلا قۇملار سۇدەك ئاقىدۇ . قۇمنىڭ شىرىلدىغان ئاۋازلىرى بىر - بىرىگە قوشۇلۇپ قۇملۇق شامال خورىغا ئايلىنىدۇ . ئۇچقان قۇملار كۆزنى ئاچۇرماي-

[1] بۇزۇن — چەت ، يىراق جاي ؛ يۇرت ، ئەل . («دىۋان» 1 - توم ، 65 - بەت ، 609 - بەت ) .

دۇ . ئەگەر بوران چىقمىغان بولسا ، جانغا زامىن بولىدۇ . شۇڭا بۇ ئارىلىقتا ماڭغان كىشىلەر يىراق دېمەي ئايلىنىپ ماڭاتتى . ھاۋا ئەھۋالىنى كۆزىتىشتە قاناقانىڭ تەلىمىنى ئالغان تايۇق بۈگۈن ھاۋانىڭ ئوچۇق بولىدىغانلىقى ، شامال چىقمايدىغانلىقىنى ئېيتقاندى . راست شۇنداق بولدى . ئوماق تايۇقنىڭ بۇ جەھەتتىكى تەجرىبە - بىلىمىگە يەنە بىر قېتىم قايىل بولدى .

تۆلەك بوۋىلار ئاتلىرىنى تۈنۈگۈن ئەتىگەندىن باشلاپلا ئوبدان بېقىپ تاڭشۇرۇپ قويغاچقا ، شۇنچە كۆپ دۆڭ ، داۋانلارنى جېدەللەپ ئاشتى ، ئارام ئالماي ماڭدى ، چىدىدى . بۈگۈنكى مېڭىش قاتتىق بولدى . ئادەتتە ، بىر يېرىم كۈنلۈك يولنى يوكلۇك ئات بىلەن بىر كۈندە بېسىپ بولدى . ئۇلار ئويتوغراقتا كۈننىڭ پېتىشى بىلەن تەڭ يېتىپ كەلدى . ئۇلار كېلىپ كۆردىكى ، كېپەك ، جەرەن ، قويلار ئۆز تۈرى بويىچە چەپەرنىڭ ساتمىسىنى چۆرىدەپ يېتىشاتتى . ئادەملەرنى كۆرۈپ ئۇلار دۈپۈرلىشىپ ياتقان يېرىدىن تۇرۇپ كېتىشتى ، ئەمما ئۈركۈمىدى ، قارىغىنىچە تۇرىۋېرىشتى . بۇ مېھمانلار ئىچىدە ئوماق مۇشۇ بىرنەچچە يىلدىن بۇيان بىرنەچچە قېتىم كەلگەن بولغاچقا ، ئۇنى تونۇۋالغانىدى . سەزگۈر كېپەكلەر «مېھمان كەلدى» دەپ خوجايىنىغا خەۋەر بەرگەندەك قاتتىق - قاتتىق بوزلاپ كېتىشتى . جانىۋارلارنىڭ قورساقلىرىنىڭ ئىچىگە تارتىشىپ كەتكىنىدىن ، بۇلار بۈگۈن ئاغزىغا بىرەر تال گىياھ ، بىر ئوتلام سۇ ئالغاندەك ئەمەس .

كۈنچىققانبەگ بىلەن ئوماق ئاتتىن گۆش - يېمەكلىكلەرنى چۈشۈرۈپ بولغاندىن كېيىن ، ئۆچى ساتمىغا كىردى . چەپەر قېلىن غازاڭ ئۈستىگە سېلىنغان يىڭى پالاس چۈشەكتە يوتقان ، تەكىيىگە يۆلەنگەندەك ياتاتتى .

— ماللىرىمغا ئاخشام سۇ بەرگەنىدىم ، بۈگۈن سۇ بېرەلمىدىم ، سۇ بېرىپ قويساڭلار ، — دېدى چەپەر زەئىپ ، بوش ئاۋازدا . ئۇنىڭ كۈنچىققانبەگلەرنى كۆرۈپ قىلغان بىرىنچى گېپى شۇ بولدى .

چەپەرنىڭ تۆك باسقان ئىككى قوۋۇزى ئىچىگە كىرگەن، كۆزلىرى گۇنىسىز بولۇپ، نەچچە ئاي كېسەل تارتقان ئادەمدەك جۇدەڭگۇ ئىدى.

كۈنچىققانبەگ بىلەن ئوماق چىقىپ قۇدۇقتىن سۇ تارتىپ ئۇلاقفا تۆكۈشكە باشلىدى. بىچارە جانىۋارلار ئۇلاقنىڭ ئىككى تەرىپىگە يېپىلىپ، بىر - بىرىنى ئىتتىرىشىپ - تالىشىپ سۇ ئىچىشكە باشلىدى.

ئوماق سويۇپ كەلگەن قوي گۆشىدىن كەينى بىر پۇتنى چوڭ - چوڭ ئۇچكە ماشاپ قازانغا سالدى. گۆش پىشقۇچە ئۇلار چەپەر بىلەن ئەھۋاللاشتى.

— بىلىق تۇتقىلى كەتسەم، ئۇلار كېيىكتىن بىرنى تۇتۇپ ئۆلتۇرۇپ، يېرىمىنى يەپ، يېرىمىنى تىقىپ قويۇپتۇ، بىلىپ قالدىم. بۇنداق بولسا ماللىرىمنى يەپ تۈگەتكۈدەك، شۇڭا قوغلىۋەتتىم، — دېدى چەپەر.

چەپەر قوغلىۋەتكەن ئۇ ئىككى ئۆيلۈكنى ئاتمىشبۇلاق ئاقسا- لى تۇرغان ئاتا ئوبدان گەپلەرنى قىلىپ ماڭدۇرغانىدى. ئۇلارمۇ بۇ يەرنىڭ شارائىتىنى بىلىپ تۇرۇپ ئۆز ئىختىيارى بىلەن كەلگە- نىدى. ئۇلار كېلىپ چەپەرنىڭ ئەپت - قىياپىتىنى كۆرۈپ قورق- تى، سۇر باستى. ئاز كۈن ئۆتمەي ئۇنىڭ كەچۈرمىشلىرىنى ئاڭلا- پ ھېسداشلىقى تۇتتى. ئۇنىڭ كۆڭلى يۇمشاق، ئاق كۆڭۈللۈكى ئۇلارنى ئۆزىگە مايىل قىلدى، ئوبدان ئۆگىنىپ قالدى، ئەمما بۇ يەرنىڭ دەريا، كۆللەردىن بەك يىراقلىقى ئۇلارنىڭ يېمەكلىكىدە چوڭ مەسىلە بولۇپ قالدى. كۈندە بىرەر قېتىممۇ بېلىق يېيەلمە- گەن كۈنلىرى كۆپ بولدى. ئۇجۇل، جىگدە يىغىۋېلىش ئۇچۇنمۇ كەم بولغاندا بىر كۈن يول ماڭمىسا بولمايتتى، بىر خالتا ئۇجۇل يىغىش ئۇچۇن ئۈچ كۈن ۋاقىت كېتەتتى. ئۇلار چەپەرنى دېسە ئۇنى تاشلاپ كەتكۈسى يوق، لېكىن قورساق غېمى يامان ئىدى. ئۇلار بۇ ئىشتا قانداق قىلىش كېرەكلىكى ئۇستىدە كۆپ باش قاتۇرۇشتى.

— ئۇ ئۇۋغا كەتكەن چاغدا كېتىۋالايلى .
— ياق ، ئاقساقال نېمىشقا ئۇنى تاشلاپ قايتىپ كەلدىڭلار ، دەپ بىزگە خاپا بولىدۇ .
— ئەمىسە قانداق قىلىمىز ؟
— مەن ئويلاپ قويدۇم . ئۇنىڭ كېيىكىدىن بىرنى ئۆلتۈرۈپ يېرىمىنى يەيلى ، يېرىمىنى چەپەر تېپىۋالغۇدەك يەرگە تىقىپ قويايلى . ئۇ گۆشنى تېپىۋېلىپ ، خاپىلىقىدا بىزنى كېتىڭلار دەيدۇ . شۇنىڭ بىلەن بىز ئۆزىمىز كەتمىگەن ، ئۇ قوغلىۋەتكەن بولىمىز .
— خەقلەر بىزنى باشقىلارنىڭ مېلىنى ئۆلتۈرۈپ يەۋېلىپتۇ دېسە ، بىز نېمە دەيمىز ، ئاتمىشبۇلاققا قانداق بارىمىز ؟
— يۇرتىمىزغا قايتالمىساق ، تېمەنپۇ تەرەپكە كېتەيلى...
ئۇلار شۇنداق قىلدى ، چەپەر كېتىڭلار دېگەندىن كېيىن ، ئاتمىشبۇلاققا «ئوغرى» يۈزى بىلەن بېرىشنى كۆڭلى كۆتۈرمەي ، ئۆزلىرىنى ئۆزلىرى پالاپ ، ئۆمرىدە بېرىپ باقمىغان تەرەپكە باش ئېلىپ كېتىشكەندى .
— ماۋۇ يېڭى پالاسنى بىرنېمىگە تېگىشتىڭما ؟ — ئوماق چەپەردىن سورىدى .
— ئۇلاردىن بىردىنىڭ ماڭا ئىچى ئاغرىدى چېغى ، مۇشۇ پالىسىنى بېرىپ كەتتى .
گۆش پىشتى . ئوماق گۆشنى ياغاچ لېگەنگە ئېلىپ ئەكىرىپ چەپەرنىڭ ئالدىغا قويدى . لوپ گۆشىگە تۇز سەپمىسىمۇ ، تۇز سەپكەندەك تەملىك .
— چەپەر ، بىزگە قارىماي يەۋە ، مۇشۇ ماللىرىڭ ئۈچۈن بولسىمۇ ساق تۇرمىساڭ بولمايدۇ . بىز شورپىغا چالغان ئۇجۇل ئۈمىچى ئىچىمىز ، — دېدى تولەك بوۋا .
چەپەر گۆشنى ئۆزى يالغۇز يېيىشكە كۆڭلى بارماي ، لېگەنگە قول سالماي تۇرۇۋالدى . ئۈچى ئۇنىڭ كۆڭلى ئۈچۈن قولاقتەك ئۈچ پارچە كېسىۋېلىپ ئاغزىغا سالغاندىن كېيىنلا ، چەپەر گۆشكە

قول ئۈزاتتى .
ئۇلار ئۇنى دەپ ـ بۇنى دەپ گۆشنىڭ ھەممىسىنى چەپەرگە يېگۈزدى . بۇنداق دىۋىدەك ئادەمگە بىر پۈت گۆش نېمە بولىدۇ ، قورسىقىنىڭ بىر بۇرجىكىگە كەلگەندۇ . «ھازىرچە مۇشۇنچىلىك يېسۇن ، كەيىندىنلا ئۇجۇل ئۇمچى ئىچىدۇ» دېيىشتى ئۇلار .
چەپەر ئۆزى ئۇچۇنلا بىلىق يىغى ئارىلاشتۇرۇپ چالغان ئۇجۇل ئۇمچىدىن چوڭ بىر قاچا ئىچىپ تەرلىدى ، چىرايىغا قان يۈگۈ-رۈشكەندەك بولدى .
بەدەنلىرىگە ماغدۇر تارىغاندەك بولغان چەپەر سەل يۆلىنىپ ئولتۇرماقچى بولدى . كۇنچىققانبەگ بىلەن ئوماق ئۇنى يوغان بىر كۆتەكنى قوزغىماقچى بولغاندەك كۈچەپ يۆلەپ قويدى ، ئاندىن كۇنچىققانبەگ ئۇنىڭدىن :
— قانداق بولۇپ ئاغرىپ قالدىڭ ، قانچە كۈن بولدى ؟— دەپ سورىدى .
چەپەر ئون بەش كۈننىڭ ئالدىدا بېشىدىن ئۆتكەن ئاجايىپ ۋەقەلەرنى سۆزلەپ بەردى .
ھېلىقىلار كۆچۈپ كېتىشتىن بەش كۈن بۇرۇن ، چەپەر كې-چىدە بىر چۈش كۆردى . چۈشىدە ئۇنىڭغا ئاتىسى ئايان بولۇپ : «چەپەر ، سەن مېنى ئۇنتۇپ كېتەي دەپ قالدىڭ . مېنى يوقلاپ بارمىغىلى قانچىلىك بولدى ، بىلەمسەن . ئاگايىم ئۈستىدىكى قۇم ـ توپىلارنى شاماللار ئۇچۇرۇپ بولدى ، كېيىن تاپالماي قال-ماي دېسەڭ بىرەر بەلگە قىلىپ قوي . ئاۋۇ ياردائلىق ئۈستىدىكى تۇزدە چوقچىيىپ تۇرغان ياغاچلارنى كۆردۈڭمۇ ، مېنىڭ ئاگايىمە-غىمۇ شۇنداق بىر نەرسە تىكلەپ قوي . مەن مۇشۇ يەردە يېتىپ تۇرۇپ نۇرغۇن نەرسىلەرنى بىلىۋالدىم . سەن بىلەن بىز دۇنيا مۇشۇ ، ياشاش مۇشۇ ، دەپلا ھېچ نەرسىنى بىلمەي ئۆتكەن بىلەن ، ئەجداد بوۋىلىرىمىز بىزدەك ياشىماپتىكەن ، دەۋر سۈرۈپ ، كارا-مەت ئىشلارنى قىلىپ ياشاپتىكەن . ئۆلگەندىمۇ جىم ـ جىملا كەت-مەپتۇ ، بەزىلىرى ئۆزى ئۆزىگە ، بەزىلىرىگە بالىلىرى ، نەۋرە ـ

چەۋرىلىرى، يېقىنلىرى ئەبەدىيلىك ئابىدە تىكلەپ قويۇپتۇ. بۇ ئابىدىلەرگە ئۇلار قانداق ياشىغان، نېمىلەرنى قىلغان مانا بۇلار يېزىپ قويۇلۇپتۇ. «تونيۇقۇق مەڭگۈتېشى»، «بىلگە قاغان مەڭگۈتېشى»، «كۆلتېگىن مەڭگۈتېشى»، «بايانچۇر (مويۇنچۇر) مەڭگۈتېشى»، «توققۇز ئۇيغۇر ئاي تەڭرىدە قۇت بولمىش ئالىپ بىلگە قاغان (بۆگۈخان) مەڭگۈتېشى» دېگەنلەرنى سەن ـ بىز ئاڭلىمىغان. بۇلارنى بىزدىن يىراقتا، بەك بۇرۇندا ئۆتۈپتىكەنمۇ دەيلى، يېقىندىكى قوشنىلىرىمىز ئارىسىدىن چىققان ئالىمىمىز مەھمۇد كاشغەرىنى، ئۇنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» دېگەن كىتابىنى، يۈسۈپ خاس ھاجىپنى، ئۇنىڭ «بەخت كەلتۈرگۈچى بىلىم» دېگەن قامۇسىنى بىلدۇقمۇ؟! شۇ زاماندا دەۋر سۈرگەن سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننى بىلىمىزمۇ؟! شۇنىڭدىنمۇ بېرىسىدىكى يۈسۈپ سەككاكىنى، يەنە بىر سەككاكىنى، ئەلىشىر نەۋائىنى، سەئىدخاننى، ئامانىساخاننى، بابارەھىم مەشرەپنى، نۆبىتىنى، موللا مۇسا سايرامىنى، بىلىمىزمۇ؟! بۇلارنىڭ بەزىلىرى خان ـ سۇلتانلار، بەزىلىرى ئالىم ـ ئەللامە، بەزىلىرى تونۇق شائىر، شائىرەلەر ئىكەن. ھەتتا ئەتراپىمىزدىلا جاھالەتتىن جار سېلىپ، بىر مەھەل ئالەمنى بېشىغا كىيگەن باللاخور ئاپاق خوجىنى بىلدۇقمۇ؟ بىلمىدۇق. سەن، بىز ياشىغان مۇشۇ تارىم ۋادىسىدا كروران، پىشامشان، شەھىرى كىتىك، شەھىرى مەردەك، شەھىرى بۇجۇم، توپشەھەر، چاقىمپەلەك دېگەندەك شەھەرلەر بوپتىكەن. بۇلارنى بىلىمىزمۇ؟ بىلمەيمىز. مەن بۇ يەردە قالاچ قاناقاغىلا ئوخشايدىغان بىر ئادەمنى ئۇچراتتىم. مۇشۇ ئادەم يۇقىرىقىلارنى ماڭا دەپ بەرگەندىن باشقا، مەندىن تۆلەك بوۋىنى، كۈنچىققانبەگنى، ئوماقنى، ئۇنىڭ باللىرىنى ھەم سېنى سورىدى. چەپەر، بىز گاس، قارىغۇدەكلا ياشاپتۇق، قاناقانىڭ ئېچىنغىنى، ئاھ ئۇرغىنى بىكاردىن ئەمەس ئىكەن. مېنىڭ ئاگايىمغا بىرەر ياغاچنى بولسىمۇ بەلگە قىلىپ قوي. مېنى بولسىمۇ ئۇنتۇپ قالماي يوقلاپ تۇر»، دېدى ـ دە، ئاستا ـ ئاستا يىراقلاپ چەپەرنىڭ كۆزىدىن غايىب

بولدى . چەپەر : «ئاتا !» دەپ توۋلاپ ئويغىنىپ كەتتى .

چەپەر شۇ كۈنلا يوتىسىدەك تومۇلۇقتىكى تۈز بىر توغراق شېخىنى كېسىپ ، تۆگىگە سۆرىتىپ ئاتىسىنىڭ ئاگايىنىڭ بېشىغا باردى . ئاتىسى چەپەرگە چۈشىدە دېگەن ئاگايىنىڭ قۇم - توپىلىرى ئۇچۇپ ئىزى ئۆچەيلا دەپ قالغانىدى . چەپەر قۇمنى چوڭقۇر كولاپ ياغاچنى بەلگە قىلىپ كۆمۈپ قويدى ، ئەمدى قاچانلا كەلسە ئاتىسى-نىڭ ئاگايىنى تاپالايدۇ .

چەپەر بۇ ئىشنى تۈگىتىپ بولۇپ ياردائىلىق ئۇستىگە چىقىپ ، ئەتراپقا قاراپلا ھەيران قالدى . ئۇ ئاتىسى بىلەن ، كېيىن ئۆزىمۇ بىرنەچچە قېتىم كۆرگەن ، يەردىن چوقچىيىپ چىقىپ تۇرغان شۇنچە نۇرغۇن ياغاچلارمۇ ، ئۇ يەر - بۇ يەردە ئېچىلىپ قالغان ، چاپما كېمىدەك ئويۇپ ياسىلىپ ، ئۇستى قېلىن شال بىلەن مىخلاپ ئېتىۋېتىلگەن تاۋۇتقا ئوخشاش نەرسىلەرنىڭ بىرسىمۇ يوق . ئۇلار غايىب بولۇپ كەتتىمۇ ؟ چەپەر بۇنىڭغا ئەقلىنى يەتكۈزەلمەي ، يار-دائىلىقتىن چۈشۈپ كەتمەكچى بولدى . ئىككى قەدەم ماڭمايلا «گۈ-لۈپ »لا قىلىپ بىر يەرگە چۈشۈپ كەتتى . كۆزىنى ئېچىپ ، ئۆزى-نى تىزغىچە قۇم ئىچىدە كۆردى ، تۆت تەرىپى ساپساق تام . ئۇ ئۆينىڭ ئىچىگە چۈشۈپ كەتكەنىدى ، قۇمـدىن چىـقـىـپ تامنى تۇتۇپ - سىلاپ باقتى . تام ئاجايىپ سىلىق ئىدى ، تىرنىقىدا جىجىپ باقتى ، ئىز چىقمىدى . ئۇ ئارتىلىپ يۇرۇپ سىرتقا چىقال-ۋالدى . قايتىپ كېلەي دېسە كۈن كەچكە تارتىپ قالغانىدى . بىر ئاخشام ئاتىسىنىڭ ئاگايىغا ھەمراھ بولۇپ قونماقچى بولدى . ئاڭ-لىغان ، كۆرگەنلىرىنى ئويلاپ يېرىم كېچىگىچە ئۇيقۇسى كەلمى-دى . چەپەر خىيال بىلەن يېتىۋىدى ، يىراقتىن كېلىۋاتقاندەك ھەر خىل ئاۋازلار ئاڭلىنىپ ، بارغانسېرى كۈچىيىشكە ، ئاخىر يېنىدىلا بولۇۋاتقاندەك ئاڭلىنىشقا باشلىدى . ئاۋازلار ئارىسىدا ۋارقىرىغان ، چىرقىرىغان ، يىغلىغان ئاۋازلارمۇ ، يولۋاستەك ھۆركىرىگەن ، خا-رىلدىغان ، بۆرىدەك ھوۋلىغان ئاۋازلارمۇ ، ھەر خىل قۇشلارنىڭ ئاۋازىمۇ بار ئىدى . بۇنىڭدىن چەپەرنىڭ جېنى چىقمىدى ، ئۇنىڭ

بىرسى بولدى . ئاۋازلار تاغقا يېقىن جىمىدى ، ئۇ شۇئان تۆگىگە مىندى - دە ، ئويتوغراققا قايتتى .

چەپەر ئۇ كۈنى زادى ئۇخلىيالمىدى ، تەرلەپلا تۇردى ، جاۋى- غايلىرىنى قوقاق بېسىپ كەتتى . ئون كۈن ئىلەڭ - سىلەڭ يۈرۈپ ، ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغىلى ئۈچ كۈن بولغانىدى .

چەپەر گەپ قىلىپ بىرىۋاتقاندا تولەك بوۋا ، كۈنچىققانبەگ ، ئوماقلار ئۇنىڭ ئاغزىغا قاراپ قالغانىدى ، گېپى تۈگىگەندى ، ئاڭلى- غانلىرىغا ھەيران قالدى . ئوماقنىڭ ئاشۇ سىرلىق ياردىغىنى بىر كۆرۈپ باققۇسى كەلدى . كۈنچىققانبەگ ئۇنىڭغا :

— ئۇ ياردىغىنى مەن بىلمەن ، ئاتامغا بوۋىسىنىڭ ئېيتى- شىچە ، كۆنچى دەرياسى ياردىغىنى ياقىلاپ ئاقاتتىكەن . سېنى كېيىن باشلاپ ئاپىراي . ھازىر چەپەرنىڭ ئىشى مۇھىم ، — دېدى .

كۈنچىققانبەگنىڭ گېپىنىڭ ئاخىرىغا ئۇلىنىپلا سىرتتا دۈپۈر- لىگەن ئاۋاز ئاڭلاندى . كۈنچىققانبەگ بىلەن ئوماق ئىتتىك سىرتقا چىقىشتى ، كېيىك ، جەرەن ، قوتىلارنىڭ ھەممىسى ساتما ئالدىغا يىغىلىشقانىدى . كېيىك ، جەرەنلەر بىر تەرەپكىلا پاتىشىنى سو- زۇپ ئەنسىز قارايتتى . ئۇ ئىككىسى ساتمىنىڭ كەينىگە ئۆتۈپ سەل يىراقتا بىرى مىلتىق ، يەنە بىرى ئوقيا تۇتۇۋالغان ئاتلىق ئىككى ئادەمنى كۆردى . كۈنچىققانبەگ بىلەن ئوماق ئۇلارنىڭ ئالدىغا باردى . كۈنچىققانبەگ ئۇلاردىن :

— سىلەر كىملەر ، قايسى مەھەللىنىڭ ئادىمى ، نېمىشقا بۇ كېيىك ، جەرەنلەرنى ئوۋلىماق بولدۇڭلار ؟ — دەپ سورىدى .

ئىككى ئوۋچى بىر - بىرىگە قاراشتى . يېشى چوڭراق بىرى :

— بۇ ئويتۇغ[1] بىلەن كېيىك ، جەرەنلەر سىلەرنىڭمۇ ؟ — دەپ سورىدى .

— زادى سىلەر كىم بولىسىلەر ، نەدىن كەلدىڭلار ؟ — دەپ كۈنچىققانبەگ بايىقى سوئالىنى تەكرارلىدى .

يېشى چوڭراق كىشى :

---

[1] ئويتوغ – ئوتاق ، قونالغۇ ، پاناھلىق ماكان .

— مېنىڭ ئىسمىم ئىگەمبەردى ، بۇنىڭ ئىسمى تېپىلدى . بىز تېمەنپۇ ئەتراپىدىكى بىر كىچىك ئېقىن بويىدىن يېڭى يۇرتچاپقانغا كۆچۈپ كېتىۋاتقان . مۇشۇ توغراقلىققا كەلگەندە بىر توپ كېيىك ، جەرەن بىزنى كۆرۈپ توغراقلىق ئىچىگە قاچتى ، كەينىدىن قوغلاپ كېلىۋىدۇق ، — دېدى .

— سىلەر بىر ئۆيلۈكمۇ ياكى...

— ئىككىمىز ئاكا ـ ئۇكا . ئىككى ئۆيلۈك ، يەتتە جان ، ھە ، ئەمدى دەڭلار ، ئۆزۈڭلار كىم؟

كۈنچىققانبەگ جاۋاب بېرىشكە تەمشىلىۋىدى ، ئوماق كۈلۈمسىرەپ :

— مېنىڭ ئىسمىم ئوماق ، بۇ كىشىنىڭ ئىسمى كۈنچىققانبەگ ، — دەپ جاۋاب بەردى .

— ۋاي ، كۈنچىققانبەگ سىزمۇ؟! ئىگىمىزنىڭ بىزنى بۇ يەردە ئۇچراشتۇرۇپ قويغىنىنى ، — دېدى ۋە كېلىپ كۈنچىققانبەگ ، ئوماقلار بىلەن كۆرۈشتى .

— قالغان ئادەملىرىڭلار بىلەن يوك ـ تاقلىرىڭلارنى ئېلىپ كېلىڭلار ، بىللە تاماقلىنايلى . بۇ كېچە مۇشۇ يەردە قونۇڭلار ، — دېدى ئوماق .

ئىگەمبەردى بىلەن تېپىلدى ئادەملىرىنى باشلاپ كەلگىلى كەتتى .

— «يېتىمنىڭ ئىشىنى تەڭرى تۈزەيدۇ» دېگەن مۇشۇ . ئەھۋالنى ئېيتىپ ئۇلارنى بۇ يىلچە چەپەرگە ھەمراھ بولۇپ تۇرۇشقا ماقۇل دېگۈزەيلى ، — دېدى تۇلەك بوۋا ، ئىككىسى كىرىپ ئەھۋالنى ئېيتقاندىن كېيىن .

ئىش ئوڭۇشلۇق بولدى . تۇلەك بوۋا چەپەرنىڭ كەچمىشلىرىنى ھېكايە قىلغاندەك سۆزلەپ بېرىۋىدى ، ئۇلارنىڭ چەپەرگە ئىچى ئاغرىدى ، ھېسداشلىقى تۇتتى . ئۇنىڭغا قالاچ قاناقانىڭ ئامراقلىقىنى ئاڭلاپ تېخىمۇ قىزىقىپ قالدى .

كۈنچىققانبەگلەر ئىگەمبەردى ، تېپىلدىلارغا تاپىلايدىغاننى تا-

پىلاپ ، قىلىدىغان ئىشلىرىنى كۆرسىتىپ بېرىپ ، ئۈچىنچى كۈنى سەھەردە جاھانساي ئارقىلىق قايتماقچى بولۇپ يۇرۇپ كېتىشتى .

## 6

بۇ يىلقى كۈزنىڭ كېلىشى جاھانبەگكە ياراشمىغاندەك ، ئۇنىڭغا بىتابلىقنى بىللىلا ئېلىپ كەلدى . ئۇ ئۆزىنىڭ ھالسىزلىقىنى : «ئۇۋدا بەك تالجىقىپ كەتكەنلىكىمدىن» دەپ يۇرگەندى . ئۇ كۈندە يېڭى بىلىق گۆشى يېدى ، بېلىق شورپىسى ئىچتى ، يېقىن - يىراققا بارمىدى ، ئۆيدىن چىقمىدى دىسىمۇ بولىدۇ ، لېكىن مانا ئىككى ئاي بولۇپ قالاي دېدىيۇ ، بەگنىڭ ھاردۇقى چىقىدىغاندەك ئەمەس ، بەلكى يېقىندىن بۇيان يېنى يەر تارتىپ ياتقۇسىلا كېلىدىغان بولۇپ قالدى . بەگ ئۆزىدىن ئەنسىرەپ تالىشقۇلىنىڭ ئانىسى تولۇنخان قۇتقىنى چاقىرتقۇزۇپ كەلدى .

تولۇنخان قۇتقا بوسۇغىدىن ھاسىغا تايىنىپ يۇرۇپ تەستە ئۆتتى . ئۇنىڭغا بۇ يىل قىرىلىق يەتكەندەك بېلى سەل مۈكچىيىپ قالدى ، پۇتىنىڭ ماغدۇرى قالمىغاندەك قەدەم ئېلىشى ئېغىرلىشىپ قېلىپ ، يېقىندىن بۇيان ھاسىغا چۇشۇپ قالغانىدى .

— بەگ ، پالتۇكنى نېمانداق ئېگىز قىلىۋالدىڭ ؟ ئەتە - ئۆگۈن مېنىڭدەك مۈكچىيىپ قالغىنىڭدا قانداق ئۆتۈشۈڭنى ئويلىمىدىڭمۇ ، ئۆيۈڭگە كىچىك نەۋرىلىرىڭ كەلمەمدۇ ؟ — دېدى تولۇنخان قۇتقا جاھانبەگنىڭ يېنىغا كېلىۋېتىپ .

جاھانبەگ قۇتقىدىن ئەھۋال سوراپ بولۇپ :

— ئۆي پۈتكۈچىلىك مەن كېلىپ باقمىغانىدىم ، ئىشىكنى ياسىغانلار شۇنداق ئېگىز قىلىپ قويۇپتۇ ، — دېدى ئوڭايسىزلانغاندەك .

— گوي - گوي ، بەگنىڭ پالتۇكى بەگچە بولسۇن دېگەندۇ . ھە ، تالىشتىن ئاڭلىسام تاۋۇڭ يوق ئوخشايدۇ ، شۇ ئىش بىلەن چاقىرتقانسەن .

— شۇنداق قۇتقا، ئىككى ئاي بولدى، يا ئاغرىغىنىمنى بىلمەيمەن ياكى ساقلىقىمنى، يېنىم يەر تارتىپلا تۇرىدۇ.

— ئەل ياغىسى كېسەلدۇر، تەندە ئۇچۇن بىلىنمەس، دېگەن گەپنى ئاڭلىمىغانمۇ، — تولۇنخان قۇتقا گەپ قىلىۋېتىپ جاھانبەگنىڭ چىرايىغا، كۆزىگە قاراپ، — تىلىڭنى چىقارغىنا، — دېدى.

جاھانبەگ تىلىنى چىقاردى، قۇتقا بەگنىڭ تىلىغا سىنچىلاپ قاراپ:

— كۆزۈڭ بىلەن تىلىڭدىن بىرەر كېسەل ئالامىتىنى بىلەلمىدىم. كۈندە يېڭى بېلىق شورپىسى ئىچىپ تۇرۇپمۇ چىرايىڭ قانسىزدەك كۆرۈنىدۇغۇ، — دېدى.

— تومۇرۇمنى تۇتۇپ باققىنا، قۇتقا.

— مەن تومۇر تۇتۇپ كېسەل تېپىشنى بىلمەيمەن. خوتۇنۇڭ قورساق كۆتۈرۈپ قالسىغۇ بىر نەرسە دېسەم، سېنىڭ ئىچىڭدىكىنى قانداق تاپىمەن. بۇرۇنغۇ ئابدالدا بىر ئوتاچى[1] بولىدىغان، سەن ئوبدانراق كۆرۈنەي دېسەڭ، تۇرپانغا بار، — دېدى تولۇنخان قۇتقا.

ئۇ شۇنداق دەپ بولۇپ ھاسىسىغا تايىنىپ مېڭىپ چىقىپ كەتتى، بوسۇغىدىن ئۆتكۈچە بىرنېمىلەرنى دەپ غودۇڭشىدى. ئۇنىڭ نېمە دېگەنلىكىنى جاھانبەگ ئاڭلىمىدى. بەگ شۇ تاپتا ئۆز خىيالى بىلەن قالغانىدى. قۇتقانىڭ: «چىرايىڭ قانسىز»، «ئىچىڭدىكىنى قانداق تاپىمەن»، «... تۇرپانغا بار»، «ئەل ياغىسى كېسەلدۇر، تەندە ئۇچۇن بىلىنمەس» دېگەنلىرى بەگنى قورقۇنچقا سېلىپ قويدى، ئۆزىنى ئېغىر كېسەلدەك ھېس قىلىپ قالدى. ئۇ ئون كۈننىڭ ئالدىدا تولەك بوۋىنىڭ ئۇنى يوقلاپ كىرگەندە: «ئۆزۈڭ بۇنداق تۇرسەن. مۇشۇنچىلىك چېغىڭدا زىممەڭدىكى چوڭ يۈكنى ئېلىۋەتسەڭ بوپتىكەن» دېگەن گەپلىرىنىمۇ يادىغا ئالدى. «ئۇ مېنىڭ قانداق كېسەللىكىمنى بىلمىسە ئۇنداق دەمدۇ،

1 ئوتاچى — تېۋىپ، ئەمچى.

بۇلار ماڭا دېمىگىنى بىلەن، نېمە كېسەللىكىمنى بىلىشىدىكەن»
دېگەن يەرگە كېلىپ، ئۆزىدىن ئەنسىرەپ قالدى. مۇشۇنچىلىك
چېغىمدا ھېلىقى ئىشنى بىر ياقلىق قىلىۋەتكىنىم ياخشى ئوخشاي-
دۇ، ئۇمۇ يۇرت ئىشىنىڭ ئېپىنى بىلىپ قالدى... ئۇ ئىشنى
قاناقاغا ئېيتىشتىن بۇرۇن تولەك بوۋىغا مەسلىھەت سېلىش-
سالماسلىق ئۈستىدە خېلى ئويلاندى، ئاخىر قاناقانىڭ ئۆزىدىنلا
سوراي دېگەن قارارغا كەلدى، ئەتىسى ناشتىسىنى قىلىپ بولۇپلا
قاناقانىڭ يېنىغا كىردى.
— ئۆزۈڭ يالغۇز كىرىپسەنغۇ، بۇنچە ئەتىگەندە، — دېدى
قالاچ قاناقا. ئۇ ئادەتتىكىدەك ئۈستى-ئۈستىگە قويۇلغان پەر
ياستۇقلارغا يۆلىنىپ ئولتۇراتتى.
— قاناقا، سەندىن ئايرىم سورايدىغان بىر مەسلىھىتىم بار
ئىدى، — دېدى جاھانبەگ قاناقادىن ئەھۋال سوراپ بولۇپ.
— قېنى ئېيتە، مەندىن سورايدىغان نېمە ئىشتى، بەگ.
— ھايات چېغىمدا، — ئەسلىدە «سېنىڭ ھايات چېغىڭدىمۇ»
دېمەكچىدى، ئۇنداق دېيىشكە تىلى بارمىدى، — بەگلىكنى كۆن-
چىققانغا ئۆتكۈزۈپ بېرەيمىكىن دەيمەن، — دېدى جاھانبەگ.
— ۋوي، ئەجەب بۇ خىيالغا كېلىپ قاپسەنغۇ بەگ. ئۆزۈڭ
ياخشى تۇرىسەنغۇ.
— ياق، بۇنداق تۇرغىنىم بىلەن مەندە كېسەل خېلى بار.
قاناقا تىكلىنىپ ئولتۇرماقچى بولۇۋىدى، جاھانبەگ ئىتتىك
بېرىپ ئارقىسىدىكى ياستۇق، تەكىيلەرنى ئالدىغا سۈرۈپ قويدى.
— كۆنچىققان قانچە ياشقا كىردى؟
— ئەللىك ئالتە ياشتىن ئاشتى.
— تازا ئەقلىگە تولۇۋاتقان چېغى ئىكەن. ئاقساقاللارنى ئال-
ماشتۇرغىنىڭدا ئاۋارىچىلىك چىقىپ قالارمىكىن، دەپ ئەنسىرىۋە-
دىم، سالى بىلەن تالىشىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىپ ئۆزىنى سەتلەشتۇ-
رۇۋېلىشى ياخشى بوپتىكەن. ئۇ ئىشتىن باشقا ئاقساقاللار ئۆزلىرى-
نى چاملاپ قالدى، شۇڭا ئۇن چىقارمىدى. بەگلىكنى قانداق

ئۆتكۈزۈپ بەرمەك بولۇۋاتىسەن ؟

جاھانبەگ بەگلىكنى ئوغلىغا قايسى تەرزدە ، قانداق دائىرىدە ئۆتكۈزۈپ بېرىدىغانلىقى ، ئۆتكۈزۈپ بەرگەندىن كېيىن ، ئاتا ـ بالا ئىككىسىنىڭ مۇناسىۋىتىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى كۆڭلىگە پۈككىنى بويىچە دېدى .

— ئوبدانغۇ ئويلاپسەن ، بۇ ئىشنى قاچان قىلماقچىسەن ؟

— كېيىنكى ئاينىڭ مۇشۇ كۈنىدە .

— كۈنىنىمۇ بەلگىلەپ بوپسەنغۇ ، كۈنچىققان بىلەن ئوبدان پاراڭلىشىۋال ، ئۇ نېمە دەيدۇ تېخى .

— بۇگۈنلا پاراڭلىشىمەن .

جاھانبەگ قاناقادىن بەزى ئىشلار توغرىسىدا سورىماقچىدى ، كۆپ گەپكە سېلىپ چارچىتىپ قويماي دەپ ، ساق ـ ئېسەنلىك تىلەپ ھەم بۇللا بىلەن ئالتۇنغا قاناقانىڭ يېنىدىن نېرى بولماي ھالىدىن ئوبدان خەۋەر ئېلىشنى تاپىلاپ چىقىپ كەتتى .

جاھانبەگ كىرگەندە كۈنچىققانبەگ ئۆيدە ئىدى . ئاتىسىنىڭ ئەتىگەندىلا كىرىشىدىن ئۇ ھەيران قالدى .

— سەن ساق تۇرساڭ ، مۇشۇ تۇرقۇڭدا بەگلىكنى ماڭا ئۆتكۈ-زۈپ بەرسەڭ خەق نېمە دەيدۇ . تالىشقۇلىدىن چىققان جەمەلەر يەنە چىقمامدۇ ، يېشىم ئەللىك ئالتىدىن ئاشقان بىلەن ، يۇرت سورىغۇ-دەك بولمىدىمغۇ .

— چىقىدىغان جەمەلەر چىقىپ بولدى . شۇنداق گەپ تاپىدى-غانلارنىڭ ئاغزىنى سالى بىلەن تالىش ئېتىۋەتتى . ئۇ جەمەلەرنىڭ شۇ چاغدا چىققىنىمۇ ياخشى بوپتىكەن ، ئەمدى چىقمايدۇ . سەن ئەللىك ئالتە ياشتىن ئەمدىلا ئاشتىم دەيسەن . كۆلشەھىرىنىڭ ئاخىرقى بېگى بولغان بوۋىمىز بەگلىكنى قىرىق بەش ياشلىق نەۋرىسىگە ئۆتكۈزۈپ بەرگەنىكەن . مەن بەگلىكنى ساڭا ئۆتكۈزۈپ بەرگەندىن كېيىن ، كۆڭلۈمگە پۈككەن ئىشلىرىم بىلەن بولىمەن . سېنىڭمۇ كۆڭلۈڭگە پۈككەنلىرىڭ باردۇ . ئۇ چاغدا مېنىڭ كۆزۈمە-گە قاراپ يۈرمەيسەن . قاناقانىڭ ھايات چېغىدا بۇ ئىشنى قىلىۋالاي

دەيمەن . ئۆزۈڭ بىلىسەن ، قاناقانىڭ ئەھۋالى كۆزىدە بىر خىل ئۆزگىرىپ تۇرۇۋاتىدۇ ، دېدى جاھانبەگ .

ئاتىسى قالاچ قاناقانى شىپىي كەلتۈرۈۋالغاچقا ، كۆنچىققانبەگنىڭ سەۋەب كۆرسىتىپ كەينىگە تارتىشىنىڭ ئورنى قالمىغانىدى .

جاھانبەگ ئوغلى بىلەن سۆزلىشىپ بولغاندىن كېيىن ، شۇ كۈنى كەچتە تۇلەك بوۋا بىلەن باش مەھەللىدىكى تۆت ئاقسالنى ئۆيىگە چاقىرىپ ، ئۆزىنىڭ كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ قالغىنىنى ، ساقىيىشقا كۆزى يەتمەيدىغانلىقىنى ، بەگلىكنى كۆنچىققانبەگكە ئۆتكۈزۈپ بەرمەكچى بولۇۋاتقىنىنى ، بۇ توغرۇلۇق قاناقا ۋە ئوغلى بىلەن قىلىشقان پاراڭلىرىنى قىلىپ بېرىپ ، بۇ ئىشقا ئۇلارنىڭ قانداق قارايدىغانلىقىنى سورىدى .

سورۇندىكىلەر جىم ئولتۇرۇپ كېتىشتى . بىركەمدە تۇلەك بوۋا :

— بۇ ، ئاتا ـ بالا ئىككىڭلار ئوتتۇرىسىدىكى ئىش بولسىمۇ ، بۇنى سەن يۇرت ئىشى ، دەپ قاراپ بىزگە مەسلىھەت سېلىۋاتىسەن . قاناقامىز ماقۇل ـ توغرا كۆرگەن بولسا ، بىز نېمە دەيتتۇق ، بۇ ئىش ھازىر بالدۇر بولۇۋاتقاندەك تۇيۇلسىمۇ ، ھامان بىر كۈنى مۇشۇنداق بولىدۇ . كۆنچىققانبەگ كۆز ئالدىڭدا يۇرت ئىشىنى قىلىپ پىشسا ، بۇمۇ بولىدىغان ئىش ، — دېدى .

باشقىلارمۇ بوۋايدەك ئىپادە بىلدۈرۈشتى .

ھەربىر مەھەللىدىن كونا ـ يېڭى ئاقساقال ، يۇرت ئاتىسى ھېسابلىنىدىغان چوڭلاردىن بىرى بولۇپ ئۈچتىن ئادەم كېلىدىغانغا كېلىشتى ، كېڭەش قىلىنىدىغان كۈننى بېكىتتى ، ئاندىن جايلارغا ماڭدۇرىدىغان چاپارمەنلەرنى بەلگىلىۋالدى . ئەتىسى ئەتىگەندە جاھانبەگ چاپارمەنلەرگە تاپىلايدىغاننى تاپىلاپ ماڭدۇردى···

كېڭەش قالاچ قاناقانىڭ ھويلىسىدا ئۆتكۈزۈلدى . سۇپىنىڭ تۆرىگە قاناقا ئولتۇرغۇزۇلۇپ ، ئارقىسىغا بىرنەچچە پەر تەكىيە ، ياستۇقلار قويۇپ قويۇلدى . جاھانبەگ ئوۋچىلارغا ئوۋلىتىپ ئەكەلگەن ئۈچ جەرەن ، ئىككى كېيىكنىڭ گۆشى پىشۇرۇپ تەييار

قىلىپ قويۇلغانىدى . قاتناشقۇچىلار كېلىپ بولغاندىن كېيىن ، ئالدى بىلەن ئۇلارغا ياغاچ لېگەنلەردە گۆش تارتىلدى ، ئارقىدىن گەدەرمە بېلىق كاۋپى بىلەن شورپا كەلتۈرۈلدى .

قاتناشقۇچىلار : «كېڭەشتىن مۇھىم ئىش بار ئىكەن» دەپلا چاقىرتىلغاچقا ، نېمىنى كېڭەشمەكچى ئىكەنلىكىدىن خەۋىرى يوق ئىدى . گۆش ، بېلىق يەۋېتىپ بىر - بىرىدىن كۇسۇرلىشىپ سوراشتى ، لېكىن ھېچكىم ھېچكىمگە بىرنېمە دەپ بېرەلمىدى ، ھەيران بولۇشتى .

داستىخان يىغىشتۇرۇلدى . جاھانبەگ قاناقاغا قارىۋېتىپ گەپ-كە ئېغىز ئېچىپ مۇنداق دېدى :

— بەزىلىرىڭلار ئۈزۈن يىل يۇرت ئاقساقىلى بولغان ، بەزىلە-رىڭلار يېڭىدىن ئاقساقال بولدۇڭلار ، يەنە بەزىلىرىڭلار يۇرت ئاتى-لىرى . ھەرقايسىڭلارنى چاقىرتىشتا ، سىلەر بىلەن كېڭەشمىدىغان ئىشىمۇ يوق ، پەقەت سىلەر ئارقىلىق پۈتۈن يۇرتقا بىلدۈرۈپ قويى-دىغان بىرلا ئىش بار ، — كېڭەشتىن ئۆتكۈزمەي جاكارلايدىغان نېمە ئىشتۇ ، كېڭەشچىلەر جاھانبەگنىڭ ئاغزىغا قاراپلا قالدى . پەقەت سالىباىغا ئوخشاش ئاز بىر قىسىم كونا ئاقساقاللار بۇنىڭ قانداق ئىشلىقىنى پەملەپ بولدى ، — مەن بۇ يىل سەكسەن ئالتە ياشقا يېقىنلاشتىم . قارىماققا ساقمەن ، ئەمما كېسەل ئىچىمدە ، ئۆزۈم بىلىمەن ، تىلدىن ، قولاقتىن ، كۆز قۇۋۋىتىمدىن كەتمەس-تە ، بەگلىكنى باغرىمغا بېسىپ يېتىۋەرمەي ، مۇشۇنچىلىك چې-غىمدا ، قالاچ قاناقانىڭ گۇۋاھلىقىدا بەگلىك ھوقۇقۇمنى ھازىردىن باشلاپ ئوغلۇم كۈنچىققانبەگكە ئۆتكۈزۈپ بەرمەكچىمەن !

سالىباىغا ئوخشاش ئاز ساندىكى كونا ئاقساقاللار جاھانبەگنىڭ يەنە سەككىز - ئون يىل بولسىمۇ بەگ بولۇپ تۇرۇشىنى ئۈمىد قىلاتتى . چۈنكى ، ئۇلار كۈنچىققانبەگنى قالۇچىلارنىڭلا گېپىنى قىلىدۇ ، قالاچىنىڭ سىزىقىدىن چىقالمايدۇ ، دەپ قارايتتى . بىر نەرسە دەپ باقايلى دېسە ، جاھانبەگ : «كېڭەشمىدىغان ئىش يوق ، دەپ قويىدىغان بىرلا ئىش بار» دەپ گەپنى ئۈزۈۋەتتى . سالىباي ،

تالىشقۇللار دەپ قويغان ئىغۋالىرىغا توۋا قىلىپ بولالمايۋاتىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇ قاناقانىڭ كۆز ئالدىدا، ئۇنىڭ گۇۋاھلىقىدا بولۇۋاتسا.

— گوي - گوي - گوي، بۇ ئوبدان ئىش، ئوبدان ئىش. ئالقا بولسۇن، ساڭا كۇنچىققانبەگ! — دېدى بىرىنچى بولۇپ ئېغىز ئېچىپ تۇلەك بوۋا.

— ئالقا بولسۇن! ئالقا بولسۇن! — دېيىشتى باشقىلارمۇ.

شۇ ئەسنادا سىرتتىن بىر ئادەم كىرىپ جاھانبەگنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— ئاتمىشبۇلاق تەرىپىدىن ئىس - تۈتەك كۆتۈرۈلۈپتۇ. تۇرپان تەرەپتىن سېلىق يىغقىلى ئادەم كەلگەن ئوخشايدۇ، — دەپ خەۋەر يەتكۈزدى.

جاھانبەگ كۇنچىققانبەگكە قاراپ، «بۇنىڭغا ئەمدى سەن گەپ قىل» دېگەن مەنىدە بېشى بىلەن ئىشارە قىلدى.

— قانچىلىك نەرسە تەلەپ قىلىدىكەن؟ — كۇنچىققانبەگ كەسكىنلا سورىدى.

— ئىككى يۈز پارچە ھەر خىل تېرە، ئون تېغىق يۇڭ تەلەپ قىلىدىكەن، — دېدى خەۋەر ئېلىپ كىرگەن كىشى.

كۇنچىققانبەگ يەنە ئىككىلەنمەيلا كەسكىنلىك بىلەن:

— تەق قىلىپ قويىدۇق، كېلىپ ئېلىۋالسۇن دەيدۇ دەڭلار، — دېدى.

ھېلىقى كىشى چىقىپ كەتمەكچى بولۇۋىدى، كۇنچىققانبەگ:

— تۇرپانلىقلار ۋاڭىغا دەپ قويسۇن، بۇ بىزنىڭ ئۇلارغا تاپشۇرغان ئاخىرقى سېلىقىمىز، ئەمدى سېلىق دەپ ئادەم كېلىپ يۈرمىسۇن، دەپ قويۇڭلار، — دېدى.

خەۋەرچى چىقىپ كەتتى. قاناقا، تۇلەك بوۋا ۋە باشقىلار كۇنچىققانبەگنىڭ بەگلىكنى تاپشۇرۇۋالغان تۇنجى كۈنىدىكى تۇنجى ئىش بېجىرىشتىكى قەتئىيلىكىگە، دادىل - كەسكىنلىكىگە، خەلق سۆيەرلىكىگە ھەيران قالدى ھەم قايىل بولدى. مۇشۇ چاغقىچە قۇمۇل ۋاڭلىقىدىن بولامدۇ، تۇرپان ۋاڭلىقىدىن بولامدۇ، يىلدا

بىر قېتىم سېلىق ئالغىلى كەلگەنلەر ئاتمىشبوۋلاقتا تورۇپلا ئېگىز
بىر جايدا ئوت يېقىپ ئىس - تۈتەك چىقىرىپ بەلگە بېرەتتى. يۇرت
ئاقساقاللىرى ئۇلارنىڭ تەلەپ قىلغانلىرىنى يۇرتتىن يىغىپ ئالدىغا
ئاپىرىپ بېرەتتى. كۆنچىققانبەگ ئۇلارنى ئۆزى كېلىپ ئېلىۋال-
سۇن، دېدى. يەنە تېخى: «ئەمدى سېلىق دەپ كەلمىسۇن!»
دېدى. «تەق قىلىپ قويدۇق» دېگەندە، نەچچە ۋاقىتتىن يۇرتلار-
دىن يىغىلغان يۇڭ - تېرە بىلەن ئاتىسىنىڭ قولىدىكى يۇڭ -
تېرىلەرنى نەزەردە تۇتقانىدى.

كۆنچىققانبەگ ئاتىسىغا، قالاچ قاناقاغا ۋە تۇلەك بوۋىغا قارى-
ۋېتىپ، ئاندىن كۆپچىلىككە قاراپ:

— ئاقساقاللار، ئاغا - ئاكىلار، يۇرت ئاتىلىرى، بۇ كېڭەش-
نى ئاتام چاقىرغان، شۇڭا مېنىڭ باشقا گېپىم يوق، گەپ بولسا
كېيىن قىلىشىۋالىمىز. دەپ قويىدىغان بىرلا گېپىم: مەن يۇرت-
نىڭ خىزمىتىنى قىلىمەن، ماڭا يار - يۆلەك بولۇشۇڭلارنى ئۈمىد
قىلىمەن. چۈشتە ھەرقايسىڭلارغا بېرىدىغان بىر داستىخانلىق چې-
يىم بار. بۇ مېنىڭ سىلەرگە بەرمەكچى بولغان تۇنجى چېيىم،
ھەممىڭلار داخىل بولۇپ بېرىڭلار، كېڭەش تۈگىدى! — دېدى.

بەگلىكنى ئۆتكۈزۈپ بېرىش - ئۆتكۈزۈۋېلىش ئەنە شۇنداق
ئاددىي ئۆتتى. بۇ 1868 - يىلىدىكى ئىش. جاھانبەگنىڭ بوۋىلى-
رىدىن ئاڭلىغانلىرىچە ھەم قالاچ قاناقانىڭ ئېيتىشىچە، بۇ
ئىككى - ئۈچ يۈز يىلدىن بېرىسىدە ئابدال بەگلىكىدە بەگلىك تاج،
بەگلىك تون بولۇپ باقمىغان. ئەل نېمە كىيسە شۇنى كىيىپ،
باشقىلارغا ئوخشاش بېلىق تۇتۇپ، ئوۋ ئوۋلاپ، ئەل يېگەننى يەپ،
ئەل قاتارى تۇرمۇش كەچۈرۈپ كەلگەن. ئىش بېجىرىدىغان بەگلىك
ئىشخانىسىمۇ بولمىغان.

7

كۆنچىققانبەگ بەگ بولۇپ ئۈچىنچى كۈنى ئەتىگەندە ئاتىسى
بىلەن بىللە قالاچ قاناقانى گەدەرمە قىلىنغان ئوندەك قاق بېلىق،

بىر خالتا بېلىق گۆشى تالقىنى ھەم بېلىق يېغى بىلەن توخۇ ، ئۆردەك ، غاز تۇخۇملىرىنىڭ پىشۇرۇلغان سېرىقى ، جىگدە تىرىپى ئارىلاشتۇرۇپ تەييارلانغان ئۇجۇل تالقىنىدىن بىر جاۋۇر ، يەنە ئىچىگە بېلىق يېغى بىلەن ئارىلاشتۇرۇلغان ئۇجۇل تالقىنى سىلىپ پىشۇرغان پوستلاقتىن بەشنى ئېلىپ يوقلاپ كىردى .

ئۆزئارا ئەھۋاللىشىپ بولغاندىن كېيىن ، قالاچ قاناقا :

— ھەپتىدە بىردىن يېسەم ، ئۆمرۈم يەتسە بىر ئايدىن ئارتۇق يېگۈدەكمەن ، — دېدى پوستلاقتىن بىرنى قولىغا ئېلىپ تۇرۇپ .

بېلىق يېغى بىلەن ئۇجۇل تالقىنى سىلىپ پىشۇرغان پوستلاق لوپلۇقلارنىڭ ئەتىۋارلىق تامىقى . ئۇ ھەم قۇۋۋەتلىك ، ھەم مەززىلىك . ئۇنى پىشۇرۇپ ساقلاپ قويۇپ ، ئۆيگە ئەزىز مېھمان كەلگەندە ئالدىغا قويىدۇ .

— ھە ، كۆنچىققانبەگ ، بەگلىك زىممەڭگە يۈكلەندى . ئەمدى بەگلىكنى قايسى ئىشتىن باشلاي دەۋاتىسەن ؟ — قاناقا سورىدى .

كۆنچىقـقانبەگ جـاۋاب بەرگـۈچە ، ئـاتىسى جاھانبەگ گەپ باشلىدى :

- لوپلۇقلار قوشاق ئېيتسا ، قوشاق ئاڭلىسا كۆڭلى يايراپ ، جېنى ياشىرىپ كېتىدىغان خەق . بەگلىك نامىدىن كەڭ دائىرىدە قوشاق ئېيتىشىش قىلىپ بەرسەڭ ، ئۇلار سەندىن باشقىچە خۇش بولۇپ كېتىدۇ دېسەم ، پۈتۈن يۇرتنى ئارىلاپ چىقاي ، جايلار بىلەن ، كىشىلەر بىلەن ئاز - تولا تونۇشۇپ قوياي ، دەۋاتىدۇ ، — دېدى .

— راست شۇنـداق قـىلاي دەمـسـەن ؟ — دەپ سورىدى قاناقا ، — ئاندىن ئالتۇن كېسىپ ئەكىرگەن پوستلاقتىن بىر كېسىم ئاغزىغا سالدى .

كۆنچىققانبەگ كۆڭلىگە پۈككەنلىرىنى دەپ باقماقچى بولدى .

— كونا ئابدال ، قاراقوشۇن ، جاھانساي ، ئويتوغراق ، بۇلاقكۆل ھەم مۇشۇلار ئارىلىقىدىكى بىرنەچچە ئوتاقتىن باشقا جاينى بىلمەيدىكەنمەن . مۇشۇ قېتىمدا كورلا بىلەن يېرشىقلىنىدىغان[1]

---

[1] يېرشىق پاسىل ، چېگرا .

قاراقۇمغىچە ئارىلاپ كېلەيمىكىن دەيمەن، — كۇنچىققانبەگ گېپىدىنى دەپ بولۇپ قاناقاغا قارىدى.

قالاچ قاناقا ئۇسالىقتىن بىر ئۇتلىۋېلىپ:

— بەگ يۇرت ئارىلامدۇ ياكى باشقا ئىشلارنى قىلامدۇ، بۇ بەگ بولغان ئادەم ئۆزى بەلگىلەيدىغان ئىش. مېنىڭ بىر نەرسە دېيىشىمنىڭ ئورنى يوق، ماڭا مەسلىھەت سېلىپ كىرىپسىلەر، شۇڭا مەنمۇ كۆڭلۈمنى بىلدۈرۈپ باقاي، ئەمما قانداق قىلىشنى بەلگىلەش ئۆزۈڭنىڭ ئىشى، — قاناقا ئۇسالىقتىن يەنە بىر ئۇتلىۋېلىپ گېپىنى داۋاملاشتۇردى، — جايلارنى ئارىلاپ كېلەي دەپ توغرا ئويلاپسەن. يۇرت بېگى بولغان ئادەم ئۆز يۇرتىنى بىلمىسە بولامدۇ؟ خەلقنىڭ كۆڭلى قوشاقتا ئېچىلىدۇ، دەپ قوشاقلا ئېيتىپ، قوشاق ئاڭلاپلا ئۆتسەڭ بولماس. جايلارنى كۆرسەڭ، نېمە قىلىش كېرەكلىكىنى كۆڭلۈڭگە پۈكەلەيسەن، قىلىدىغان ئىش چىقىدۇ، — دېدى.

جاھانبەگ قاناقانىڭ گېپىنىڭ ئورۇنلۇقلۇقىنى ھەم ئوغلىنىڭ يۇرت بېگى بولۇپ تۇنجى قىلماقچى بولغان ئىشىغا كۆندىلەڭ[1] تورۇۋالسا بولمايدىغانلىقىنى بىلىپ يېتىپ، قايتا بىر نەرسە دېمىدى.

جاھانبەگ جىم تۇرغاچقا، قاناقا يەنە گەپ سوراپ:

— يۇرت ئارىلاشقا ئۆزۈڭگە كىملەرنى يانداپ ئېلىۋالماق بولۇۋاتىسەن، — دېدى.

كۇنچىققانبەگ بۇلارنىمۇ كۆڭلىگە پۈكۈپ قويغانىدى.

— باش مەھەللىدىن ئۇماق، توختىكۆلنى، يولدا ئارغان، تىكەنلىك ئاقساقاللىرىنىمۇ ئېلىۋالاي دەيمەن.

— توختاقىنىمۇ ئېلىۋالساڭ قانداق؟ كۆزىنى پىشۇرۇۋالسۇن.

كۇنچىققانبەگ قالاچ قاناقانىڭ نېمىنى كۆزدە تۇتۇۋاتقىنىنى چۈشەندى. ئاتا - بالا قاناقاغا ئېسەنلىك تىلەپ ئۇنىڭ ئالدىدىن چىقتى.

— مۇشۇ بىر قېتىمدىلا شۇنچە كۆپ جاينى ئايلىنىمەن دېمە.

---

1. كۆندىلەڭ — توغرىسىغا، ئۇدۇل توسۇپ.

ئۇ جايلارنى كۆرۈپ بولۇشقا قانچىلىك ۋاقىت كېتىدۇ بىلەمسەن ، لوپ دالىسىنىڭ قانچىلىك چوڭلۇقىنى بىلەمسەن؟ يىگىرمە بەش يىل بەگ بوپتىمەن ، تۆت يىلدا بىر ئايلاندىم ، يەنە كۆرمىگەن جايلار خېلى بار ، بۇ قېتىمدا چوڭ ـ چوڭ بىرنەچچە يۇرت ـ مەھەللىلەرنىلا ئارىلا . قاناقا مۇنداق تۇرغان بىلەن بوشاپ كەتتى . كۆزى سىلەردە بولۇپ قالمىسۇن ، — دېدى جاھانبەگ ئۆيىنىڭ ئالدىدا كۇنچىققانبەگ بىلەن خوشلىشىۋېتىپ .

ئۇنىڭ كۇنچىققانبەگنى يۇرت ئارىلايمەن دېمەي قوشاق ئېيتىدشىش ئېلىپ بېرىشقا دەۋەت قىلىشىدا ، بىرى ، كۇنچىققانبەگنىڭ قاناقانىڭ ئەتراپىدىن بەك يىراقلاپ كەتمەسلىكىنى كۆزدە تۇتقان بولسا ، يەنە بىرى ، ئۆزىنىڭ قوشاقخۇمارلىقىنىمۇ ئويلىغانىدى . ئۇ تالىشقۇلىنىڭكىدەك كىشىلەرنىڭ يىغىرىنى ئاچىدىغان ، سۇندۇرۇپ چېقىۋالىدىغان ، تىلى زەھەردەك ئاچچىق قوشاقلارغا ئامراق ئىدى . بۇنداق قوشاقلارنى ئاڭلىسا ئىچ ـ ئىچىدىن سۆيۈنۈپ ، گۇلقەقەلىرى ئېچىلىپ كۇلۇپ كېتەتتى . جاھانبەگنىڭ بۇ خۇماردىنى كۇنچىققانبەگ ئوبدان بىلەتتى ، بىلىپ تۇرۇپ باشقا يول تۇتماقچى بولۇۋاتاتتى . ئۇ ئوغلى بىلەن قاناقانىڭ ئالدىغا كىرگەندە ئوغلىغا بەرگەن تەكلىپىنى تەكىتلەپ كېتىشىدە ، قاناقانى خەلقىنىڭ كۆڭۈل مەيلىنى ھەم ئۆزىنىڭ ئەھۋالىنى نەزەردە تۇتۇپ ، مېنىڭ تەكلىپىمنى ياقلايدۇ ، دەپ ئويلىغانىدى . كۇتمىگەن يەردىن قاناقا كۇنچىققانبەگنىڭكىنى توغرا تاپتى .

كۇنچىققانبەگ ئابدالدىكى ئىشلارنى ئاتىسى بىلەن تۇلەك بوۋا ، تايۇقلارغا ھاۋالە قىلىپ قويۇپ ، ۋاقىتنى كەينىگە تارتماي بىر كۇنلا تەييارلىق قىلىپ ، ئىككىنچى كۇنلا يولغا چىقىپ كەتتى . بۇلارنى كۆرگەن كىشى ھەرگىز ئابدال بېگى يۇرتلارنى كۆزدىن كەچۈرگىلى مېڭىپتۇ دېمەيتتى . تۆگە مىنگەن كۇنچىققانبەگكە ، ئۇنىڭ ھەم ھەمراھلىرىنىڭ ئېلىۋالغان مىلتىق ، نەيزە ، ئوقيالدىرى ۋە يۇك ـ تاقلىرىغا قاراپ ، ئۇلارنى ئوۋچىمۇ ياكى يىراق بىر يەرگە ۋاقىتلىق تۇرۇپ كەلگىلى كېتىۋاتقان كىشىلەرگىمۇ

ئوخشتىپ قالاتتى . كونچىققانبەگنى بۇ بەستى بىلەن تۆگە ياكى كالا كۆتۈرۈپ ماڭمىسا ، بۇنداق يىراق يولغا ئات چىداشلىق بېرەل-مەيتتى . كالىنىڭ سۈرئىتى ئاستا ، ئۇنىڭ قۇمدا ماڭمىقىمۇ بەك ئەپسىز ، شۇڭا كونچىققانبەگلا تۆگە مىنىپ ، ئوماق ، توختاق ، توختىكۆل ئات مىنگەندى .

— بىز نەگە كېتىۋاتىمىز ؟ — ئوماق كونچىققانبەگدىن سورىدى .

كونچىققانبەگ تۆگىنىڭ مېڭىشىغا تەڭكەش قىلىۋاتقاندەك يۇ-قىرى - تۆۋەن ئىرغاڭلاپ ئولتۇرۇپ :

— دادام نۇرمەتبەگ بىلەن بوۋىلىرىم ياشىغان كونا ئابدالنى كۆرۈپ باققۇم بار ، — دېدى .

كونا ئابدال تاشلىنىپ قالغاندىن بۇيان ئۇ تەرەپكە ئادەم بېرىپ باقمىغاندەك ئىدى . ئۇلار ھېلى بىر قۇم دۆۋىسىدىن ھالقىپ ئۆت-سە ، يەنە بىر قۇم دۆۋىسىنى ئايلىنىپ ماڭاتتى . يولدا ئۇلارغا بىرەر ئۇچارلىق ياكى ماڭارلىق ئۇچرىمىدى . ئارىلاپ قامغاق ، سايغان قومۇش ، يۇلغۇن ئۇچراپ قالاتتى . ناگان - ناگاندا ئۇچراپ قالىدىغان ئاشۇ بىرنەچچە توپ ئوت - خەس ، چاتقالنى ھېسابقا ئالمىغاندا ، ئۇلار چەكسىز غىلتاڭ ، ئۆلۈم پۇراپ تۇرىدىغان قۇم-لۇقتا كېتىۋاتاتتى . بۇ كۈز ئېيى بولغاچقا ، ئۇلار كۈننىڭ ئىس-سىپ كېتىشىدىن ۋەھىمىلەنمەيتتى ، قورقىدىغىنى شامال ، بوران ئىدى . توختىكۆل ئەندىشىسىنى ئېيتتى :

— شامال چىقىپ قالماس - ھە ؟

توختىكۆل دەريا ، كۆلدە ئۆزۈشكە ماھىر بولغىنى بىلەن ، بۇنداق قۇملۇق چۆلدە چارىسىز ئىدى . ئۇلارنىڭ تەلىيىگە ، ئۇ كۈنى شامال چىقمىدى ، ئەمما چۆلنىڭ جىملىقىدىن تۆختىـ-كۆلنىڭ تەن - بويىنى سۈر بېسىپ ، ئەتراپىغا ئالاڭلاپ قاراپ - قاراپ قويۇيتتى . كۈن پاتاي دەپ قالدى . ئۇلار ساق بىر كۈن يول ماڭغانىدى . كىمنىڭ قورسىقىنى ئەستەرلىۋالغۇسى كەلسە ، ئېلىـ-ۋالغان بولماق قاتمىسىدىن بىر كېسىمدىن يەپ ، سۇدىن ئىككى

ئوتلام ئېچىۋېلىپ مېڭىۋەردى .

— كونا ئابدال نەدە ؟

— كۆنۈك كۆلدىلا ئۆتۈپ ، چۆلنى كۆرۈپ باقمىغانمىدىڭ ، — ئوماق توختىكۆلنىڭ گېپىگە چاقچاق بىلەن جاۋاب بەردى .

كۈن پېتىپ ئاي چىقتى . يەنە بىر پەستىن كېيىن بىرنىڭ كەينىدىن بىرى ، جىمىرلىشىپ سۈزۈك ئاسماننى يۇلتۇزلار قاپلىدى .

— كېچىگە قالدۇق ، سەئاقىپ قالماسمىز - ھە .

— سىنى ئېلىۋالغىنىمىز ياخشى بوپتىكەن ، مۇشۇنداق ئاڭدۇل[1] گەپلىرىڭ بىلەن بىزنى خەۋەداش[2] قىلىپ تۇرىدىغان بولدۇڭ ، — دېدى كۈنچىققانبەگ ، — سەئاقىپ قالمايمىز . ئاينىڭ تۆۋەنىدىكى ئاۋۇ پارقىراق چوڭ يۇلتۇز بىلەن ئەتراپىدىكى تۆت كىچىك يۇلتۇزنى كۆردۇڭمۇ ؟ يىگىرمە يىلنىڭ ئالدىدا مەن ئاتام بىلەن كونا ئابدالغا ماڭغاندىمۇ مۇشۇنداق كېچىگە قالغان . ئاتام ئاشۇ يۇلتۇزلارنى كۆرسىتىپ : «ئاشۇ يۇلتۇزلارغا قاراپ ئۇدۇل مېڭىۋەرسەك ، كونا ئابدالغا بارىمىز» دېگەن . دېگەندەك ، يۇلتۇزلار چىقىپ ئۇزاق ئۆتمەي كونا ئابدالغا كەلگەندۇق...

— كونا ئابدالغا كېپتۇق ، ئاۋۇ ئۆيلەر... — كۈنچىققانبەگنىڭ گېپىگە ئۇلاپ ئوماق شۇنداق دەپ ئېتىنى دېۋەتتى .

— كېپتۇق ، — دېدى كۈنچىققانبەگمۇ .

ئۇلار ئات ، تۆگىلىرىنى دېۋىتىپ مېڭىشنى تېزلەتتى .

مانا ، كۈنچىققانبەگلەرنىڭ كۆز ئالدىدا بەگلەرنىڭ ئانا ماكانى كونا ئابدال . سۈتتەك ئايدىڭ يورۇقتا ھەممە نەرسە مانا مەن ، دەپ كۆرۈنۈپ تۇرماقتا . چېچىلىپ ياتقان كېسەك پاخشىلىرىدەك قومۇش ساتما ، قومۇش ، يۇلغۇن ، توغراق شاخلىرى ئارىلاش ياسالغان كەپە ، بىرنەچچە تىكلىمە ياغاچلىق قورما ئۆي بولۇپ ، يىگىرمە

---

① ئاڭدۇل — سەگەك ؛ ئەنسىرەش ، بىتاقەت بولۇش .
② خەۋەداش — ئاگاھ بولۇش ، پەخەس بولۇش .

نەچچە ئۆي ئۇ يەر ـ بۇ يەردە رەتسىز چوقچىيىپ تۇراتتى . ھەممە- سى يېرىمىغىچە قۇمدا ئىدى . نەچچە ئەۋلاد ئابدال بەگلىرىنىڭ ئانا يۇرتى ، بەگلىكنىڭ باش مەھەللىسى بولغان ئابدال مەھەللىسى مۇشۇ ئىدى . ئەينى چاغدا ، نۇرمەتبەگ بۇ يەرنىڭ زەيلىشىپ كەت- كىنىدىن قېچىپ ، يۇرتداشلىرىنى باشلاپ جاھانسايغا كەتكەنىدى . مانا ئەمدى بۇ يەر قۇم ئاستىدا قېلىپ ، قۇرغاقچىلىقنىڭ تەھدىتى ئىچىدە تۇراتتى .

كۇنچىققانبەگ تىكلىمە ياغاچلىق ئۈچ ئېغىزلىق چوڭراق بىر قۇرما ئۆينى بوۋىسى نۇرمەتبەگنىڭ ئۆيىمىكىن ، دەپ قىياس قىلدى . كىملەر تەرىپىدىندۇر چوڭ ئۆينىڭ ئۇستى ئېچىۋېتىلگەن‌دى . ياغاچ تاملارنىڭ ئىچى خېلى سىلىق سۇۋالغان بولۇپ ، سۇ- ۋاقلىرىنىڭ بەزى يېرى چۇشۇپ كەتكەنىدى . ئۆي ئىچى يېرىمىغىچە قۇم بىلەن تىنىپ كەتكەنىدى . ئۇلار شۇ ئۆيگە چۇشتى . بۇ يەردە تۆگە ، ئاتلارغا بەرگۇدەك ھېچنېمە يوق ئىدى . ئېھتىيات قىلىپ ئېلىۋالغان بوغۇزدىن ئات ، تۆگىگە ئازراقتىن بەردى . ئۆزلىرىمۇ ئاي ، يۇلتۇزلارنىڭ شولىسىدا تاماقلاندى .

— بۇ ئادەمسىز تاشلاندۇق يەردە ياتقاندىن يولنى بىلسەك ماڭغىنىمىز ياخشىمىكىن ، — دېدى ئوماق .

بۇ مەسلىھەتنى كۇنچىققانبەگمۇ لايىق كۆردى . چۇنكى ، يە- گىرمە يىلنىڭ ئالدىدا كەلگىنىدە ، ئۇ بۇ يەردە ئۆزىگە تەسىر قىلغۇدەك بىرەر ئالاھىدىلىكنى كۆرمىگەنىدى . بۇ يەرنىڭ قۇملۇق ئىچىدىكى ئادەتتىكى مەھەللىلەردىن ھېچقانداق پەرقى يوق ئىدى ، لېكىن توختىكۆلنىڭ كېچىسى ماڭغۇسى كەلمىدى ، ئادەمسىز چۆل- دە كېچىسى مېڭىشتىن قورقتى .

— ماڭغۇڭ كەلمىسە ، قونۇپ ، ئەتە كەينىمىزدىن بار ، — كۇنچىققانبەگ گەپنى قىلىۋېتىپ ئوماققا قاراپ كۆزىنى قىسىپ قويدى ، — ئارغاندا تېپىشايلى .

— ياق ـ ياق ، سىلەر بىلەن ماڭىمەن .

كۇنچىققانبەگ بىلەن ئوماق كۇلۇشۇپ كەتتى . ئۇلار ماڭماقچى

بولۇپ نەرسىلەرنى سىرتقا ئېلىپ چىقىپ تۇرۇشىغا ، شامالنىڭ شەپىسى كەلدى .

— ماڭالمايدىغان بولدۇق ، — دېدى كۈنچىققانبەگ ، — بۇ يەرنىڭ شامىلى بەك قاتتىق بولىدىكەن .

ئۇلار نەرسىلەرنى ئۆيگە ئەكىرىپ تۇرۇشىغا ، شامال قويۇنغا ئايلانغاندەك كۆچىيىپ كەتتى . بايىلا پارىلداپ تۇرغان ئاي ، جىمىرلاپ تۇرغان يۇلتۇزلارنىڭ كۆزىگە قۇم تىقىلدى ، ئاسمان يۈزىنى قۇم باستى . شامال بىلەن بىللە كەلگەندەك ھەر خىل ئاۋازلار ئاڭلىنىۋاتتا ئىدى .

— ئات ، تۆگىنىڭ غېمىنى قىلايلى ، — دېدى ئوماق .

يول ئۈستىدىكى قۇملۇق ئادەملىرىگە ئايانكى ، بۇنداق چاغدا ئات - ئۇلاغ ھەممىدىن مۇھىم . ئۇچى تەڭلا سىرتقا چىقىپ تۆگە ، ئاتلارنى ئەستە تېپىپ ئۆينىڭ دالدىسىغا ئەكېلىپ ، پۇتلىرىنى چۇشەپ ، بىر - بىرىگە چېتىپ قويدى . ئۇلار كېچىنى ئۆيدە ئۆرە تۇرۇپ ، شامالنىڭ توختىشىنى كۈتۈپ ئۆتكۈزدى . شامال بىر كېچە ئالەمنى مالەم قىلىۋەتكەندىن كېيىن ، ئەتىسى ئاستا - ئاستا پەسىيىپ ، چۈشكە يېقىن بېسىقتى . قۇملۇق شۇ قەدەر جىمجىتلىشىپ كەتتىكى ، كېچىدىن ھېچنېمە بولمىغاندەك ، جاھان جىمجىتلىقتا غەرق بولغاندەك ئىدى .

ئۇلار ئۆيدىن چىقىپ جايىدا تۇرۇپلا قالدى . تۆگىنىڭ يېنىدا تۆت ياۋا تۆگە تۇراتتى . سەزگۈر ياۋا تۆگىلەر ئادەم ھىدىنى سېزىپ قالدى چېغى ، بۇلار تەرەپكە بېشىنى بۇراپ بىر قارىدى - دە ، لوپ - لوپ يۈگۈرگىنىچە بىر قۇم دۆۋىسى يامىرىلىدىن ئۆتۈپلا كۆزدىن غايىب بولدى . ئوماق تۆگىلەر كەتكەن تەرەپكە قاراپ تۇرۇپ :

— بۇ يەردە ياۋا تۆگە بولغىنىغا قارىغاندا ، يېقىن ئەتراپتا ئوتلاق ، سۇ بولسا كېرەك ، — دېدى .

— سۇ بولامدۇ ، ئوتلاق بولامدۇ ، بىزگە نېمە ، نەرسىلىرىمىزنى يىغىشتۇرۇپ ۋاقتىدا كېتىۋالايلى ، — دېدى توختىكۆل .

ئوماقنىڭ بۇ ئابدال بەگلىكىنىڭ كونا مەھەللىسىنى ئارىلىغۇ-
سى بار ئىدى ، لېكىن ھازىر ئۇنىڭ كۆڭلى سوۋۇپ قالدى . بۇنىڭ
سەۋەبىنى ئۆزىمۇ بىلمەيتتى . ئۇ شۇ تاپتا : «ئارغانغا بارساق ، ئۇ
يەردىن كۇنچىقىشقا قاراپ ماڭساق...» دەپلا ئويلايتتى . يۇرت
ئارىلاش ئۇنىڭ مەيلىنى ئانچە تارتمىدى ، ئۇنىڭ ئەس - يادى
يارداڭلىقتا ، چەپەر چۇشۇپ كەتكەن ئۆي ۋە غايىب بولۇپ كەتكەن
ياغاچلاردا ئىدى .

— توختاق ، قورقتۇڭمۇ ؟ — كۇنچىققانبەگ تۆگىگە بەزى
نەرسىلەرنى ئارتىپ تېڭىۋاتقان توختاقنى ئەمدى كۆرۈۋاتقاندەك
سورىدى .

توختاقنىڭ ئورنىغا ئوماق جاۋاب بەردى :

— توختاق ئون تۆت يېشىدىلا بۇنىڭدىن كەڭ قۇملۇقتا
نەچچە كېچە - كۇندۇز مېڭىپ ، كېچىدىكىدىنمۇ قاتتىق قارا بوران-
نى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن . ئۇ كۆلگە ئاجىز بولغىنى بىلەن چۆلگە
پىششىق ، — دېدى...

كونا ئابدال قالدى . كۇنچىققانبەگلەر سەپىرىنى داۋاملاشتۇر-
ماقتا . كۇن ئالدىقاچان يانغا سىيرىلغانىدى . مۇشۇ مېڭىشىدا ئۇلار
ئارغانغا ئەتە كەچكە يېقىن يېتەلىشى مۇمكىن . چۆلدىكى سەپەردە
ئادەمگە بىرەر نەرسە — چوڭى بولمىسىمۇ كىچىكلىرى ، توشقان
بولمىسىمۇ سالما ، كەسلەنچۈك ؛ چوڭ دەرەخ بولمىسىمۇ يۇلغۇن ،
تىكەن ، ئۇمۇ بولمىسا قامغاق چاغلىق نەرسە ئۇچراپ تۇرسا ، شۇ
چاغدا چەكسىز چۆلدىمۇ ئادەمگە ھاياتلىق ھەمراھ بولۇۋاتقاندەك
تۇيۇلىدۇ . غىلتاڭ قۇمدىن ، قۇم دۆۋىلىرىدىن باشقا ھېچنېمە
بولمىسا ، بۇنداق سەپەر زېرىكىشلىك سەپەر ، «گۆر ئازابى» دېگۇ-
چىلىكى بار ئازابلىق سەپەر . كۇنچىققانبەگلەر مانا شۇنداق تۆت
تەرىپىنىڭ چېكى يوق ، قارىسا كۆزنى تالدۇرۇپ ، كۆڭۈلنى غەش
قىلىدىغان بىر خىللا كۆرۈنۈشلۈك قۇملۇق دەشتتە سەپىرىنى دا-
ۋاملاشتۇرماقتا . ئۇلار ئېگىز بىر قۇم دۆۋىسى ئۈستىگە چىقىپلا :
«ۋاھ - ۋاھ» دېيىشىپ كەتتى . چەكسىز قۇملۇق ئىچىدە كىچىكلا

بىر يېشىللىق ئۆلارنىڭ كۆزىگە كەڭرى بوستانلىقتەك قۇچاق يې-يىپ تۇراتتى . يېشىللىقنى كۆرۈپ كۆڭۈللىرى ۋاللىدە ئېچىلىپ گۈلزارلىشىپ كەتتى . ئۇلار يېشىللىققا بېرىشقا ئالدىرىدى ، مې-ڭىشنى تېزلەتتى .

ئۇلار كېلىپ ھەيران قالدى . ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدا ئەتراپى چاتقاللىق ، قىرغىقى بوك قومۇش ـ يېكەنلىك بىر كىچىك كۆل خۇددى چەكسىز چۆل قۇملۇققا چۈشۈپ كەتكەن ئاسمان پارچىسى-دەك كۆككە قاراپ يېيىلىپ تۇراتتى . چاتقاللىقنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئىككىسى يېقىن ـ يېقىن تۆت ساتما بولۇپ ، چوڭ ـ كىچىك ، ئەر ـ ئايال ئوندەك ئادەم بىر ساتما ئالدىغا توپلىشىپ ، كەلگەنلەر-دىن قېچىنغان ھالەتتە قاراپ تۇرۇشاتتى . كۇنچىققانبەگلەر ئۇلاغ-لىرىدىن چۈشۈپ ئۇلارنىڭ قېشىغا باردى . ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ئۈچ كىچىك بالا بۇلاردىن قورقۇپ چوڭلارنىڭ كەينىگە ئۆتۈۋالدى . تۇرغانلاردىن ياشلار ، باللارنىڭ ھەممىسى يالاڭ ئاياغ ، باللار ئىشتانسىز ئىدى . كىيگەن كىيىملىرى قوپال توقۇلغان ، يۇڭى ئاز ، چىگىسى تولا پالاس ، چوڭ ياشلىق ئەرلەر قوي تېرىسىدىن چاپۇش ، ئاياللار توشقان تېرىسىدە ئۆرە تۆپىلىك تۇماق كىيىۋالغا-نىدى .

ئوماق ئۇلارغا يېقىنلاپ بېرىپ :

— بىز يېڭى ئابىدالدىن كەلدۇق ، ئارغانغا كېتىۋېتىپ بۇ يەرگە كېلىپ قالدۇق . ئارغانغا بارىدىغان ئەڭ يېقىن يولنى بىلەم-سىلەر ؟ — دەپ سورىدى .

كۇنچىققانبەگ ئوماقنىڭ گەپ سوراشتىكى ئۇستىلىقىغا قايىل بولۇپ ئىچىدە كۈلۈپ قويدى .

توپ ئارىسىدىكى چوڭ ياشلىق بىر كىشى ئالدىغا چىقىپ :

— يېڭى ئابدالدىن كەلدىڭلارمۇ ، سىلەر كىم بولىسىلەر ؟ — دەپ سورىدى .

ئوماق ھەمراھلىرىنى تونۇشتۇردى :

— بۇ كىشى ، — كۇنچىققانبەگنى كۆرسىتىپ ، — ئابدالنىڭ

ئىلگىرىكى بېگى جاھانبەگنىڭ ئوغلى، ئابدالنىڭ ھازىرقى بېگى كۆنچىققانبەگ، بۇ كىشى يېڭى ئابدالدىكى بىر مەھەللىنىڭ ئاقساقىلى توختىكۆل، بۇ ياش مېنىڭ ئوغلۇم توختاق، مەن ئەسلىي چارلىق، ھازىر يېڭى ئابدالدا، ئىسمىم ئوماق، — دېدى.

— گوي - گويەي، ئويتۇغىمىزغا ئابدال بېگى كەپقاپتۇغۇ. مېنىڭ ئىسمىم كېيىكباي، ئالتە يىلنىڭ ئالدىدا ئارغاندىن قاراقوشۇن كۆلگە كېتىۋاتقان بىرنەچچە كىشى سەتاقىپ قېلىپ كېلىپ ئۆتكەندى. شۇنىڭدىن بۇيان بۇ يەرگە ئادەم كېلىپ باقمىدى. مەن باشقا يەرگە بېرىپ باقمىغىلى ئون يىل بولدى. بۇلارنىڭ تولىسى بۇ ئويتۇغدىن چىقىپ باقمىغان. مېڭىڭلار، ساتمىغا كىرەيلى، — دېدى ئۆزىنى كېيىكباي دەپ تونۇشتۇرغان كىشى.

كۆنچىققانبەگ بىلەن ئوماق قوشنا - قولۇمىسىز، شۇنچە يىللاردىن باشقىلار بىلەن باردى - كەلدى قىلىشماي ياشاپ كېلىۋاتقان بۇ كىشىلەرگە قىزىقىپ قالدى. بۇلار كېيىكباي كۆرسەتكەن ساتمىغا قاراپ قەدەم ئېلىشىغا، بايا بۇلار چىقىپ كەلگەن ئېگىز قۇم دۆۋىسى ئۈستىدە ئىككى ئاتلىق كىشى پەيدا بولۇپ، مۇشۇلار تەرەپنى كۆرستىپ قولىنى كۆتۈرگىنىچە ئاتلىرىنى چاپتۇرۇپ يېتىپ كەلدى. ئۇلارنىڭ بىرى بەردىقۇل سىنچى، يەنە بىرى ھەكىم ئىدى.

— بىزنى جاھانبەگ بىلەن تولەك بوۋا ئەۋەتتى. سىلەرنىڭ ئالدى بىلەن كونا ئابدالغا، ئۇ يەردىن ئارغانغا بارىدىغانلىقىڭلارنى بىلىپ كونا ئابدالغا كەلسەك مېڭىپ كېتىپسىلەر، ئىزىڭلارغا قاراپ ئۇدۇل مۇشۇ يەرگە كەلدۇق، — بەردىقۇل گەپ قىلغۇچە دېمى كېسىلگەندەك ھۆمۈدەپ كەتتى. ئاتلىرىنىڭ بۇرۇن پەررەكلىرىنىڭ بىر كېرىلىپ، بىر يىغىلىپ تۇرغىنىدىن، بۇلارنىڭ ناھايىتى تېز ماڭغانلىقى بىلىنىپلا تۇراتتى.

— نېمە بولدى، كەينىمىزدىن بۇنچە تېز كەلگۈدەك؟ — كۆنچىققانبەگ سورىدى.

بەردىقۇل يەنىلا ئىتتىك - ئىتتىك تىنىپ تۇرۇپ:

— قاناقاننىڭ بەگكە دەيدىغان يېڭى ۋەسىيىتى بار ئىكەن ، جاھانبەگ بىلەن تۇلەك بوۋا سىلەرنى نەدە بولسا ، دەرھال كەينىگە يانسۇن ، دەيدۇ ، — دېدى .

كۈنچىققانبەگ ، ئوماق ، توختىكۆللەر گەپنىڭ تېگىگە يەتتى .

— قاناقا دېگىنىڭلار ھېلىقى قالاچ قاناقا شۇمۇ ؟

كېيىكبايىنىڭ بۇ سوئالى ھېچكىمنىڭ قۇلىقىغا كىرمىدى . ھەممىسى ئۇلاغلىرىغا مىندى ـ دە ، كەلگەن يولى بىلەن يېڭى ئابدالغا قاراپ ئاتلاندى . ھەممىسىنىڭ كاللىسىدا دەھشەتلىك بىر خىيال : «بىز بارغۇچە تۈرۈپ بەرسە بولىتتى ، ئۆلگۈرۈپ بارساق بولىتتى… »

## 8

قالاچ قاناقاننىڭ مىجەزى بىر ھەپتىنىڭ ئالدىدىلا ئۆزگىرىپ قېلىشقا باشلىغانىدى . يۇرتنىڭ چوڭ ئىشى كەينىگە سۈرۈلۈپ كەتمىسۇن دەپ بىلىندۈرمەي يۈرگەن . بۇللا بىلەن ئالتۇننىڭ باشقىلارغا دەپ قويماسلىقىنىمۇ قاتتىق تاپىلىغانىدى . كۈنچىققانبەگلەر يۇرت ئارىلىغىلى ماڭغان كۈنلا مىجەزى يامانلىشىپ ناھايىتى ئاز تاماق يېدى ، قىسقا ، ئىتتىك ـ ئىتتىك تىنىدىغان بولۇپ قالدى ، پۇتىنىڭ بارماقلىرى سوۋۇغاندەك بولۇپ ، تىرناقلىرى بىلىنەرلىك كۆكىرىشكە باشلىدى . بۇللا بىلەن ئالتۇن مەسلىھەتلىشىپ قاناقاننىڭ ئەھۋالىنى جاھانبەگ ، تۇلەك بوۋا ، تايۇقلارغا مەلۇم قىلدى . ئۇلار ئاڭلىغان ھامان قىلىۋاتقان ئىشلىرىنى تاشلاپ يۈگۈرۈشتى ، كىرىپ قاراپلا قاناقاننىڭ ئەھۋالىنىڭ كۆڭۈلسىز تەرەپكە يۈزلىنىپ قالغانلىقىنى بىلدى . شۇئانلا تۆت ئادەمنى ئىككى يول بويىچە مېڭىپ كۈنچىققانبەگلەرگە يېتىشىپ ، ئۇلارنى تاپقان ھامان قايتۇرۇپ كېلىشكە يولغا سالدى . بەردىقۇل سىنچى بىلەن ھەكىمنى كونا ئابدال بىلەن ئارغانغا بېرىشنى ، يەنە بىر ـ ئىككى ئادەمنى ئۇدۇل قورغانغا ، ئاندىن ئارغانغا بېرىشنى جېكىلىدى .

جاھانبەگ ، تۇلەك بوۋا ، تايۇقلار قاناقانىڭ بېشىدا پايپېتەك بولۇشۇپ ، بىرى بېشىنى تۇتسا ، بىرى پۇتىنى تۇتاتتى . تۇلەك بوۋا قايناق سۇ بىلەن سۇتنى ئارىلاشتۇرۇپ جىگدە سېلىپ تەييارلانغان ئۇسسۇزلۇقنى قولىغا ئېلىۋېلىپ پات - پات قاناقانىڭ ئاغزىغا قوشۇقتا تېمىتىپ تۇراتتى . قاناقانىڭ ئەھۋالى يۇرتقا يېيىلىپ كەتمىسۇن ، بولمىسا ھەممە ئادەم يىغىلىۋېلىپ ئۇستۇن - تۆۋەن بولۇپ كېتىدۇ ، دېيىلگەن بولسىمۇ ، بۇ ئويلار بىر كۇنلۇكلا بول-دى . ئەتىسى سەھەردىن باشلاپ پۇتكۇل يېڭى يۇرتچاپقاننى بىر ۋەھىمىلىك خەۋەر كەزمەكتە ئىدى . ئاقىۋىتىنى تەسەۋۋۇر قىلماق تەس بولغان بۇ شۇم خەۋەرنىڭ دەھشىتىدىن كىشىلەر تىنىقى توختاپ قالغاندەك ئىچىگە تىنىپ قېلىشتى . پۇتلىرى مېڭىشتىن ، قوللىرى ئىشتىن ، تىلى سۆزلەشتىن قالدى ! گويا تارىم ، كۆنچى دەرياسى ئېقىشتىن ، كۆللەر چايقىلىشتىن ، ئوت - چۆپ ، يېكەن ، قومۇشلار شىلدىرلاشتىن ، قۇملار شىرىلداشتىن توختاپ قالغاندەك ئىدى ، گويا تەبىئەت قېتىپ قالغاندەك . توغراقلىقلار جىمىپ ، يوپۇرماقلىرى ساڭگىلىپ قالغاندەك ئىدى .

— قالاچ قاناقا بولالماي قاپتۇ !

قۇلاققا بۇك ئورمانلىقتا ئاققان بوران شاۋقۇنىدەك قاتتىق كەلگەن سادا لەرزىدىن ۋۇجۇدى سىلكىنىپ ، قاتقان نىرۋىسى يې-شىلگەن كىشىلەر مۇدۇرۇپ - چوقۇرۇپ قاناقانىڭ ئۆيى تەرەپكە ئاقماقتا . ئۇلارنىڭ يۇرىكى ، قاناقاغا بولغان ھۆرمىتى ، ئۇمىدى ، ئىشەنچ - ئېتىقادى ، ئىخلاسى يىغلىماقتا ، ئىچىدىكى يىغىسى كۆز-دىن ياش بولۇپ ئاقماقتا .

قاناقانىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىدا مىغ - مىغ ئادەم ! ئەر - ئايال ، قېرى - ياش ھەممىسى جەم . توپ ئىچىدە بىر ئايال دىلنى ئېزىپ نىدا قىلماقتا :

— جان ئالغۇر ، كەلمە ، ئالدىغانغا ساڭا باشقا جان يوقمۇ ؟ مېنىڭ جانىمنى ئال ، قاناقامنى قوي ! مېنىڭ جانىمنى ئال ، قانا-قامنى قوي ! جاھانبەگ ، قاناقامنىڭ جانىنى تۇتۇۋال ، بەرمە !

قاناقانىڭ تىنىقى ئاجىزلاۋاتقان بولسىمۇ ، كۆزى ئوچۇق ئىدى ، ئەتراپىدىكىلەرنى تونۇپ ياتقاندەك قىلاتتى . قاناقا كالپۇكىنى مىدىرلىتىپ ، كىلىڭلار ، دېگەندەك قولىدا ئىشارە قىلدى . ھەممىسى يېقىن كېلىپ ئېڭىشتى . قاناقا پات - پات ئىشىككە كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا قارايتتى . ئۇ كۇنچىققانبەگ ، ئوماقلارغا تارتىشىۋاتاتتى . جاھانبەگ ، تۆلەك بوۋا ، تايۇقلارنىڭمۇ بىر كۆزى قاناقادا بولسا ، بىر كۆزى ئىشىكتە ئىدى . «نەدە سىلەر ، تېز كېلىڭلار ، قاناقا يولۇڭلارغا قاراۋاتىدۇ» دەيتتى ئىچىدە ئۇلار . كۆزلەر تېشىلگۈدەك بولغان بىركەمدە ئىشىكتىن ئېتىلغىنىچە كۇنچىققانبەگ ، ئوماق كىردى . ھەممىسى ئۇلارغا يول بەردى . ئۇلار قاناقانىڭ بېشىغا كېلىپ ئېڭىشتى .

— قاناقا ، قاناقا ، بىز كەلدۇق...

قاناقانىڭ چىرايىدا تەبەسسۇم جىلۋىلەنگەندەك بولدى ، يەنە لېۋىنى مىدىرلىتىپ ، ئوڭ قولىنىڭ بارماقلىرىنى تەستە ھەرىكەتلەندۇرۇپ ئىچىگە قارىتىپ مىدىرلاتتى . ھەممىسى يەنە قاناقانىڭ بېشىغا يېقىن كېلىپ ئېڭىشتى . قاناقا ئۇلارنىڭ قوللىرىنى توگۇلگەن مۇشتتەك بىر قىلىپ جەملەپ ، ئىككى قولى بىلەن چىڭ سىقتى .

— خاتىرجەم بول قاناقا ، جەم بولدۇق ، ئەمدى ھەرگىز بۆلۈنمەيمىز ، — دېدى جاھانبەگ ، قاناقانىڭ نېمە دېمەكچى ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ .

قاناقا كۇنچىققانبەگكە قاراپ قولىدا «يېقىن كەل» دېگەندەك ئىشارە قىلدى . كۇنچىققانبەگ بىرەر گېپى بارمىكىن دەپ ئېڭىشتى . قاناقانىڭ كالپۇكى مىدىرلىدى ، ئەمما زۇۋانى چىقمىدى ، بەگنىڭ قولىنى ئاران سىقىپ قويغاندەك قىلدى . بۇنى جاھانبەگمۇ ، تۆلەك بوۋىمۇ ، ئەتراپتا تۇرغانمۇ كۆردى ، چۈشەندى .

تالادا يەنىلا بايىقى نىدا :

—... جان ئالغۇر ، مېنىڭ جانمىنى ئال ، قاناقامنى قوي !... جاھانبەگ ، قاناقامنىڭ جانىنى بەرمە ، چىڭ تۇر ، چىڭ تۇتۇۋال !...

نىدا قىلغان ئۇجۇلخاننىڭ ئاۋازى ئىدى .
جاھانبەگ نەچچە ۋاقىتتىن بىر ئىشنى قاناقادىن سورىۋالماقچى بولۇپ سورىيالمىغانىدى . ھازىر سورىسا جاۋاب بېرەلمەيتتى ، سو- رىۋالمىغىنىغا پۇشايمان قىلدى ، ئىلاجسىز تۇلەك بوۋىدىن سورىدى :
— قاناقادىن سورىۋالماپتۇق ، نەگە قويىمىز ، قانداق قو- يىمىز ؟
— نەگە قويۇش ، قانداق قويۇشنى ماڭا ئېيتقان...
تۇلەك بوۋىنىڭ ئۈنىنى بېسىپ ، ئىشىك ئالدى ، دېرىزە ئەترا- پىدا كىشىلەر نىدا قىلماقتا ، ئەمدى ئۇنىڭغا خىتاب ، قارشىلىقمۇ ئارىلىشىپ كەتكەنىدى .
— بىزنىڭ جانىمىزنى ئال ، قاناقامىزنى قوي ! جاھانبەگ ، قاناقانىڭ جانىنى بەرمە ! چىلگ تۇرۇۋال ! ئەي نجىس جان ئالغۇر ، قاناقامىزنى قوي ! كەت ! كەت ! كەت ! !...
ئەگەر ئەڭ تۇرغىلى بولامدىغان ، بۇ چاغدا قالاچ قاناقا ئۇخ- لاۋاتقاندەك ياكى كۆزىنى يۇمۇپ تىنچقىنا خىيال سۈرۈۋاتقاندەك ياتاتتى . شۇ تاپتا ئۇ باشقىدىن ياشىرىپ كەتكەندەك قورۇقمۇ يوق ، چىرايى سۇزۇلۇپ پارقىراپ كەتكەنىدى . مەيدىسىنى پۇتۇن يېپىپ ، يېيىلىپ توزغاپ تۇرغان پارقىراق ئاپئاق ساقىلى ئۇنى خىزىرغا ئايلاندۇرۇپ قويغانىدى . ھەقىقەتەن يەتتە قات پالاس ئۈستىگە سې- لىنغان چۇشەكتە خۇددى خىزىر ياتاتتى !
قاناقانىڭ ئۈستىگە ئەڭ سۇپەتلىك تورقا تالالىرىدا سىپتا تو- قۇلغان بوز شايى يېپىپ قويۇلدى .
جاھانبەگ ، كۈنچىققانبەگ ، تۇلەك بوۋا ، ئۇماق ۋە باشقىلار ئۆيدىن چىقتى . ئۇلارنىڭ كۆزلىرى لىققىدە ياشقا تولغانىدى . كىشىلەر بىردىنلا ھېقىقلاپ ، دەمدەردەك بۇقۇلداپ ـ بوزلاپ يىغ- لاشقا باشلىدى . ئاۋازىنى قويۇپ بېرىپ ، بىر ـ بىرىگە ئېسىلى- شىپ يىغلىغۇسى بار ئىدى ، ئەمما ئۇنداق قىلمىدى ، قاتتىقراق ئۈن سېلىپمۇ يىغلىيالمىدى . قاناقا بىر ئاينىڭ ئالدىدا ھەممىگە :

«مەن كەتكەندە ئۇن سىلىپ ، ئىسىلىشىپ يىغلاشماڭلار ، بولمىسا روھىم سىلەردىن رەنجىپ قالىدۇ» دېگەنىدى . قالاچ قاناقانىڭ ھەربىر سۆزى بۇ يەردىكىلەر ئۈچۈن ئىشەنچ ـ كاپالەتكە ، ئېتىقادقا ئايلىنىپ كەتكەنىدى . ئۇن سىلىپ ، ئىسىلىشىپ يىغلاشمىغىنى بىلەن يۈرىكى ، پۈتۈن ۋۇجۇدى ھېقىقلاپ يىغلىماقتا ئىدى !

شۇ تاپتا گويا جانلىق ـ جانسىز جىمىكى مەۋجۇدات ماتەمىلىك سۈكۈتكە چۆمگەنىدى . تارىم ، كۆنچى دەرياسى ئېقىشتىن ، كۆللەر چايقىلىشتىن توختىغانىدى . تىنماي ۋىچىرلايدىغان تورغايلارنىڭ ئۈنى قېنى ؟ ! ئۆردەك ، غازلارمۇ غاقىلدىمايدۇ ؛ ئاتلارنىڭ كىشنەشلىرىمۇ ، كالىلارنىڭ مۆرىشىمۇ ، قوي ـ قوزىلارنىڭ مەرەشلىرىمۇ ئاڭلانمايدۇ ، گىلىمغا بىر نەرسە كەپلىشىپ قالغاندەك ؛ ئاسماندا پەرۋاز قىلىدىغان قۇشلارمۇ كۆرۈنمەيدۇ ، قاناتلىرى قايرىلىپ كەتكەندەك . شۇنداق ، ئادەملەرمۇ ، ھايۋانات ، ئۇچار قۇشلارمۇ ، خەس ـ گىياھ ، دەل ـ دەرەخ ، دەريا ـ كۆللەرمۇ ، قۇملۇق چۆللەرمۇ ئۆزىنى تىڭشاپ ، ئىچىگە تىنىۋاتقاندەك ئېغىر قايغۇلۇق سۈكۈتكە چۆككەنىدى .

قاناقانىڭ ۋەسىيىتى بويىچە ، مېيىتنى مەھەللىنىڭ ئۈستۈن تەرىپىدىكى تۆت ئەتراپى بۇك يۇلغۇنلار بىلەن ئورىلىپ تۇرغان ئېگىز قۇم دۆۋىسى ئۈستىگە يەرلىك كولاپ قويماقچى بولدى . يەرلىك تىك كولىنىپ ، قۇملار ئۆرۈپ كەتمەسلىك ئۈچۈن تۆت تەرىپىگە كېسەك تىزىلدى .

مېيىت سۇغا ئېلىپ بولۇندى . مېيىتنى سۇغا ئېلىشنى ، پاتلىق ، تۇتۇلمىغان يېڭى رەخت بىلەن كېپەنلەشنى بۇ يەردىكىلەر مۇنداق چۈشىنىدۇ : ئادەم ئەزەلدە توپا ـ تۇپراقتىن يارالغان ، ئۆلگەندە يەرگە كۆمۈلۈپ ئەسلىگە قايتىشى كېرەك ؛ تۇغۇلغاندا پاك تۇغۇلىدۇ ، ئەمما كېيىن بىلىپ ـ بىلمەي ئۆزىگە ناپاك توزان ـ چاڭلارنى يۇقتۇرۇۋالىدۇ . شۇڭا كىيىملىرى سالدۇرۇۋېتىلىپ ، تەن ـ بويى يۇيۇلۇپ ـ تازىلىنىپ ، چاڭ ـ توزانسىز يېڭى رەخت بىلەن ئورىلىشى كېرەك دەپ ، پاكىلىقنى ئەڭ يۇكسەك ئورۇنغا

قويدۇ .

مېيىت كېپەنلىنىپ باش تەرىپى ئېتىلىدىغان چاغدا ، تۆلەك بوۋا كورلا ، خوتەنلىك تامچىلاردىن ئۆگىنىۋالغان ئانچە - مۇنچە ئايەتلەرگە ئۆزلىرىنىڭ ئىلگىرىكى مېيىت ئۇزاتقاندا ئوقۇيدىغان قوشاقلىرىنى ئارىلاشتۇرۇپ خەتمە - قوشاق ئوقۇدى :

ئە ئۇزۇ بىسمىللاھى ،
يا ئەلھەمدۇ لىللاھى .
قۇلاقىڭغا بەردىم سالاتى قامەت ،
بۇرنۇڭغا بەردىم نۇشئى تاھارەت .
ئاغزىڭغا بەردىم كەلىمە شاھادەت .
بىزنى تاشلاپ كەتىپ قالدىڭ ،
بىزنى باستى نادامەت .
بىزمۇ كەينىڭدىن بارۇرمىز ،
بىز بارغۇچە خۇداغا ئامانەت !

بۇرۇن «خۇداغا ئامانەت» دەپ بولۇپ ، «ئاغام - دۇغام» دەپ ئىككى قېتىم تەكرارلاپ ، مېيىتنىڭ ئوڭ قۇلىقىنى سوزۇپ قوياتتى ، قالاچ قاناقانىڭ مېيىتىگە ئۇنداق قىلمىدى . «ئاغام قاناقا ، ئاغام قاناقا» دەپ ئوڭ قۇلىقىنى ئىككى قېتىم سىلاپ قويدى .

مېيىتنى جىرغىغا سېلىپ كۆتۈرۈپ ماڭدى . كىشىلەر ھېقىقلاپ يىغلىشىپ جىرغىنىڭ كەينىدىن ئەگەشتى . مېيىتنى يەرلىككە قويىدىغان چاغدا «دىۋە ئادەم» — چەپەر تۆت غۇلاچچە ئۇزۇنلۇقتىكى يوغان توغراق كۆتىكىنى تۆت ئات ، ئىككى كالىغا سۆرىتىپ يېتىپ كەلدى . ئۇ كېلىپلا جىرغىغا ئۆزىنى ئاتماقچى بولۇۋىدى ، جاھانبەگ توسۇۋالدى .

قاناقانىڭ چەپەرگە ئېيتقان كېيىنكى گېپىدىن جاھانبەگنىڭ خەۋىرى بولمىغاچ :

— بۇ قاناقا تاللىغان كۆتەك ئەمەسقۇ ؟ — دېدى .

— ئەمەس ، قاناقانى كۆتەك بىلەن بىللە يەرگە كۆمۈۋەتسەك قانداق بولىدۇ ، دەپ ئويلاپ ، مۇشۇ كۆتەكنى تاللىدىم . يۇقىرى قىسمىغا قاناقانى قويىمىز ، تۆۋەن قىسمىنى يەرگە كۆمىمىز . شۇنداق بولغاندا قاناقامىز بىزنى ، پۈتۈن يۇرتنى كۆرۈپ تۇرىدۇ ، بىزمۇ قاناقامىزنى كۆرۈپ تۇرىمىز ، — دېدى چەپەر .

لوپلۇقلاردا ئىلگىرى بەزىلەر ئۆزى ئۇچۇن تۈز ئۆسكەن يوغان توغراقنى تاللاپ بەلگە قىلىپ قويۇپ ، ئۇ كىشى ۋاپات بولغاندا توغراقنىڭ ئىچىنى ئويۇپ ئېلىۋېتىپ جەسىتىنى ئۇنىڭغا كىيىمى بىلەن ئۆرە تۇرغۇزۇپ دەپنە قىلىدىغان ئادەت بار ئىدى . قاناقا ئۆتكەندە كۆتەكنى جەسىتىنى ئۇنىڭ ئىچىگە ئۆرە تۇرغۇزۇپ دەپنە قىلىشقا ئەمەس ، كۆتەكنىڭ ئىچىگە قويۇپ يەرگە كۆمۈش ئۇچۇن تاللىغانىدى ، كېيىن ئىسلامدىكى ئادەت بويىچە كېپەنلەپ يەرلىككە قويۇشنى تۇلەك بوۋىغا ئايرىم ۋەسىيەت قىلغانىدى .

جەسەت يەرلىككە قويۇلۇۋاتقاندا ، كىشىلەر قاناقاسىدىن ئايرى‐لىپ قېلىۋاتقىنىغا كۆڭلى چىدىماي باشقىدىن بۇقۇلداپ يىغلاپ كېتىشتى ، يەرلىكنىڭ ئۈستى قېلىن شاللار بىلەن يېپىلىپ ، شال ئۈستىگە يېكەن قويۇلدى . جاھانبەگ يەتتە كەتمەن توپا تاشلىغاندىن كېيىن ، تۇلەك بوۋا ئورنىدىن تۇرۇپ :

ئەئۇزۇ بىسمىللاھى ،
ئەلھەمدۇ ياللاھى .
سەن خۇدانىڭ بەندىسى ،
خىزىرىمنىڭ نەۋرىسى .

بىزنى تاشلاپ كېتىپ قالدىڭ ،
ئىچىمىزدە نادامەت .
بىزمۇ كەينىڭدىن بارۇرمىز ،
بىز بارغۇچە خۇداغا ئامانەت !

دەپ خەتمە ـ قوشاق ئوقۇغاندىن كېيىن ، يەرلىك ئۇستىگە نۆۋەت بىلەن توپا ـ قۇم تاشلاشتى . يەرلىكنىڭ باش تەرىپىگە چەپەر ئېلىپ كەلگەن كۆتەكنىڭ تۆۋى قىسمىنى كۆمدى . ئىچى ئويۇۋې- تىلگەن قىسمىغا قاناقانىڭ كىيىم ـ كېچەكلىرىنى سېلىپ ، كاۋاك ئاغزىنى شالدا مىخلاپ ئېتىۋەتتى .

ئۆزى ئۇزۇن ئۆمۈر بەرگەن قالاچ قاناقانى ئاخىر تەگرى ئۆزى ئېلىپ كەتتى .

«خەير خوش ! بىز سېنى ئاشۇ تىكلەكلىك ئۇچ غۇلاچ ئېگىز- لىكتىكى توغراق كۆتىكىدە تىكلەنگەن ئابىدەڭ ئارقىلىق كۆرۈپ تۇرىمىز ، شۇ ئابىدەڭ ئارقىلىق سەنمۇ بىزنى كۆرۈپ تۇرسەن ! خاتىرجەم يات ، خەير خوش ! » كىشىلەر ئىچىدە شۇنداق دېيىشىپ ، كۆزى ، كۆڭلى قىيمىغان ھالەتتە كەينىگە قاراپ ـ قاراپ قويۇشۇپ تارقاشتى .

پەقەت كۈنچىققانبەگ ، ئوماق ، تايۇقلا تۇپراق بېشىدا قالدى . ئۇلار قاچانغىچە تۇرۇپ ، قاچان قايتتىكىن !

## 9

قالاچ قاناقا يەرلىكىدە يېتىپ يەتتىنچى كۈنى نەزىرى ئۆتكۈ- زۈلدى .

قاناقانىڭ كۆز يۇمغانلىق خەۋىرى پۈتكۈل لوپ دالىسىغا تا- راپ ، ئاڭلىغانلىكى كىشىنىڭ ۋۇجۇدىنى قاتتىق قايغۇ لەرزىگە سالدى . بىر ـ بىرىگە نېمىدەپ ، قانداق خەۋەر قىلىشنى بىلمەي تىللىرى لال بولۇپ : «... قالاچ قاناقا... بىزنىڭ قاناقا... » لا دەيتتى ، گېپىنىڭ ئاخىرىنى ئاغزىدىن چىقىرالمايتتى . ئەمما كۆز ئاسمىنىدىن يامغۇردەك قۇيۇلۇۋاتقان ماتەملىك ياشلىرى ھەممىنى ئايانلاپ تۇراتتى . ئاڭلايتتيۇ ، شۇئان يېڭى يۇرتچاپقانغا قاراپ ئېقىشاتتى . نەزىر بولغۇچە قاناقانىڭ ئاگايى بېشىدىن كېچە ـ كۈندۈز ئادەم ئۈزۈلمىدى . كىشىلەر ئۇدۇل قاناقا قويۇلغان ئېگىز

قۇم دۆۋى يامرىلىغا كېلىپ چۆرىدەپ ئولتۇرۇپ قاناقانى ياد ئېتىد-
شەتتى ، بىلگەن ، بىلىۋالغان ئايەتلىرى بويىچە ، دۇئا ـ تەكبىر
ئوقۇشاتتى . ھايات چېغىدا دىدارىنى كۆرگەنلىرى كۆرگىنى بويىچە
ياد ئېتىشەتتى ، كۆرەلمىگەنلىرى ئاڭلىغان تەرىپى بويىچە ئارمىنىد-
نى يەپ نادامەت ئىچىدە ياد ئېتىشەتتى . ئەتە نەزىر دېگەن كۈنى
قاناقا ياتقان قۇم دۆۋى ئەتراپى ئادەم دېڭىزىغا ئايلاندى . ئادەم
شۇنچە كۆپ ، لېكىن ھېقىقلىغان ، مىشىلدىغاندىن باشقا گەپ قىد-
لىشقان بىرەر ئاۋاز ئاڭلانمايتتى . قالاچ قاناقانىڭ مەڭگۈلۈك ئابد-
دىسى بولۇپ قەد تىكلەپ تۇرغان ئۈچ غولاچ ئېگىزلىكتىكى يوغان
موما ياغاچ ماتەم بىلدۈرگۈچىلەرگە قاناقانىڭ سېيماسىدەك كۆرۈ-
نۈپ ، ئۇنىڭغا ياشقا تولغان قايغۇلۇق كۆزلـىـرى بىلـەن ئۇزۇن-
دىن ـ ئۇزۇنغا قارىشاتتى . سېيما كۆتەكنىڭ ئىككى يېنىدا ئىككى
ئادەم كۆزەتتە تۇرغاندەك ، ئەمما بېشىنى تۆۋەن سېلىپ تۇراتتى .
ئۇنىڭ بىرى قاناقانىڭ ئالدىدا چوڭ بولۇپ ، ئۇنىڭ بالىسىدەك
بولۇپ كەتكەن تايۇق ، يەنە بىرى ئوماق بولۇپ ، قۇم ـ بوراندا
قېلىپ ئاداشقان چېغىدا بىر ئائىلە ئادەمگە باشپاناھ بولغان ، ئاڭلىد-
مىغاننى ئاڭلاتقان ، بىلمىگەننى بىلدۈرۈپ دىلىنى يورۇتقان ، ئو-
چۇق قارىغۇ كۆزىنى ئاچقان قاناقاغا گويا پۈتۈن ئۆمۈر بويى مۇشۇن-
داق تۇرۇپ ھەمراھ بولىدىغاندەك ئىدى .
دەل مۇشۇ ۋاقىتتا بىرقانچە ئادەم قاناقانىڭ ئۆيىدە ئەتىكى
نەزىرنى قانداق ئۆتكۈزۈش توغرىسىدا پاراڭلاشماقتا ئىدى .
— ئۇلار كىچىچە مۇشۇ يەردە تۈننى ئۆتكۈزىدۇ ، كەتمەيدۇ ،
بىر ۋاخ تاماق بەرسەك بولارمىكىن ، — دېدى كۈنچىققانبەگ .
— مەن قارىسام ھەممىسى يەيدىغان ، ئىچىدىغىنىنى ئالغاچ
كەلگەندەك قىلىدۇ ، ئەمما بىر نەرسە يېيىشكە كۆڭلى تارتماي
تۇرىدۇ ، — دېدى تولەك بوۋا .
جاھانبەگ كۈنچىققانبەگكە قاراپ :
— ھە ، بەگ ، نەزىرگە ئاتىغانلىرىڭ يەتمەيدىغاندەك قىلىدۇ .
تاڭ ئاتقۇچە ، ئەتمۇ يەنە كېلىدۇ ھەرقـاچان ، قانـداق قىـلاي

دەيسەن ؟ — دېدى .
كۆنچىققانبەگ ئاتىسىغا جاۋابەن :
— قانداق قىلاتتىم ، كۆڭلۈڭدىكىدەك قىلىپ ئۆزىتىمەن ، قانچىلىك كەتسە شۇنچىلىك قىلىمەن ، يۈرتتىن يىغمايمەن ، — دېدى .
كۆنچىققانبەگ ئەتىگەن تۇلەك بوۋا بىلەن كېڭىشىپ ، نەزىرگە مىڭ ئادەم كەلسە ، ئون بەش ئادەمگە بىردىن قوي توغرىلاپ ئاتمىش ئالتە قوي كەتكۇدەك ، دەپ ھېسابلاپ ، يەتمىش قوي ئەكەلدۇرۇپ قويغانىدى ، يەنە ئەللىك قوي ھەيدەپ كېلىشكە ئادەم ماڭدۇرۇۋەتتى .
نەزىرگە كەلگەن ئادەم مۆلچەرلىگەندەك ئەتىگەندىلا ئىككى مىڭغا يېقىنلاپ قالدى . بۇ يەردە داش قازان بولمىغاچقا ، يۈز قوينىڭ گۆشى يۈز قازانغا سېلىندى ، دامجۇق ۋاقتى بىلەن گۆش ياغاچ لېگەنلەرگە ئۇسۇلدى . ئادەملەر قۇم دۆۋىسىنى چۆرىدەپ ئولتۇرۇشتى . گۆش تارتىلدى . ھېچكىم گۆشكە قول ئۇزىتىدىغاندەك ئەمەس . ھەممە ئادەم ئۆزىنى تىڭشاپ قالغاندەك يەردىن ئۇستۇن قارىماي سۈكۈتتە ئولتۇرۇشاتتى . جاھانبەگ ، كۆنچىققانبەگلەر : «ئېلىڭلار ، يەڭلار !» دەپ تەكرار - تەكرار ئېيتىپ باقتى . كىشىلەر يەنىلا سۈكۈتتە . تۇلەك بوۋا قۇم دۆڭى ئۈستىگە چىقتى ، قاناقاغا ئابىدە قىلىپ تىكلىگەن ياغاچنىڭ يېنىدا تۇرۇپ :
— ماڭا قاراڭلار ! — دېدى ئۈنلۈك قىلىپ ، ھەممە كىشى سۈكۈتتىن بېشىنى كۆتۈرۈپ تۇلەك بوۋىغا قارىدى ، — ماۋۇ قۇم دۆڭىدە بىزنىڭ قالاچ قاناقامىز ياتىدۇ . ماۋۇ ياغاچ ئۇنىڭ سىيماسى ، ئۇ بىزنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتىدۇ . ئالدىڭلارغا قويۇلغان گۆش قاناقامىزنىڭ روھىغا قىلىنغان خۇدايى نەزىر ، بىز بۇ يەرگە قاناقامىزنىڭ روھى خۇش بولسۇن دەپ كەلدۇق . ئۇنىڭ روھىغا ئاتالغان نەزىر گۆشنى يېمىسەك ، روھى بىزدىن خۇش بولامدۇ ؟ قاناقانىڭ روھى خۇش بولسۇن دېسەك ، قېنى ، گۆش يەيلى ! — تۇلەك بوۋا شۇنداق دېدى - دە ، قولىغا ئېلىنۋالغان يوغان بىر پارچە گۆشنى

يېپىشكە باشلىدى .
كىم قاناقانىڭ روھىنى خۇش بولسۇن دېمەيدۇ ، شۇنىڭ ئۇ-چۇن كەلگەن تۇرسا . ئۇ يېدى ، بۇمۇ يېدى ، بىر - بىرىنىڭ يېگىنىگە قاراپ ھەممىسى يېدى . «روھى بىزدىن خۇش بولىدىغان ، رازى بولىدىغانلا بولسا...» دەپ قولىغا چىققان گۆشنى چالا قويماي پاكىز يېيىشتى .
داستىخان يىغىشتۇرۇلدى . تۆلەك بوۋا يەنە قۇم دۆۋىسى ئۇس-تىگە چىقتى . ھەممە كىشى ئۇنىڭغا قاراشتى . ئۇ چالا - بۇلا ئۆگىنىۋالغان قۇرئانى سۆزلەر بىلەن ئۆزلىرىنىڭ سۆزلىرىنى قو-شۇپ ئارىلاشتۇرۇپ قوشاق شەكلىگە كىرگۈزۈپ «خەتمە - قو-شاق» ئوقۇشقا باشلىدى :

ئەئۇزۇ بىسمىللاھى ،
ئەلھەمدۇيەي لىللاھى .
شاھادىتىڭ ئىسلامدۇر ،
رەببىلئالەم رەھماندۇر .
نەزىرىمنى قوبۇل ئەت ،
خۇدايىمغا ئامانەت .
ئاللا ئەكبەر ، ئاللاھۇ ،
يادوس ئاللا ، ئاللاھۇ .

تۆلەك بوۋا دۇئاغا كۆتۈرگەن قولىنى يۈزىگە سۈركىدى ، ھەممەيلەن ئۇنىڭغا ئەگىشىپ قوللىرىنى يۈزىگە ئېلىپ باردى . تۆلەك بوۋا قاناقانىڭ سىيماسى بولغان يوغان ياغاچنى سىلىدى ، ئاندىن توپىدىن قوش ئوشلاپ ئېلىپ قاناقانىڭ تۆپرىقى ئۈستىگە ئۈچ قېتىم تۆكۈپ قويدى . يەنە بىر قېتىم يۈزىنى ئىككى قولى بىلەن سىلاپ قويۇپ قۇم دۆۋىسىدىن چۈشۈشىگە ، قۇم دۆۋىسىگە قاناقانىڭ كۆكۈكېلىنى ئالتۇن چىقتى . كىشىلەر ھەيران قېلىپ ئۇنىڭ نېمە قىلىدىغانلىقىغا قاراپ تۇرۇشتى . ئالتۇن ئابىدە ياغاچ-

نى سىلاپ تۇرۇپ لوپ قوشاقلىرى ئىچىدىكى ئەڭ مۇڭلۇق سۇتۇق ئاھاڭدا قوشاق ئېيتىشقا باشلىدى :

مېنى ئالتۇن دەيتتىڭ سەن ،
مېھرى يالقۇن دەيتتىڭ سەن .
ئۆزۈڭ ئاغرىق ياتىپمۇ ،
يۇرت غەمىنى يەيتتىڭ سەن .
بىزنى قويۇپ ھەسرەتتە ،
كەلمەس بولۇپ كەتتىڭ سەن .
......

ئالتۇننىڭ قوشىقى باشلىنىش بىلەنلا كىشىلەر ئۆزىنى بېسىۋالماي مۇسىبەت كۇنىدىكىدەك بۇقۇلداپ يىغلاشقا باشلىدى . ئالتۇننىڭ قوشىقى ئاخىرلىششى ھامان چاچلىرى ئۇچتەك ئاقارغان ، ھاسا تايىنىۋالغان بىر ئۇبۇشقا — قاراقوشۇنلۇقلارنىڭ كونا ئاقساقىلىنىڭ ئانىسى ، بىر يۈز ئوتتۇز نەچچە ياشلىق ئايتۇران موماي ئۆمىلىگەندەك مېڭىپ تۇپراق بېشىغا چىقتى . ئايتۇران ئۇبۇشقا قاراقوشۇن ، ئابداللىقلار ئارىسىدا تونۇلۇق قوشاقچى ئىدى . كىشىلەر ئۇنىڭ قوشىقىنى ئاڭلىمىغىلى قىرىق يىلدەك بولغانىدى . ئايتۇراننىڭ قاناقانىڭ تۇپرىقى بېشىغا چىقىشى كىشىلەرنى تېخىمۇ ھەيران قالدۇردى . ياشلانغان كۆزلىرى بىلەن قولاقلىرىنى دىڭ قىلىپ ئۇنىڭغا قاراپ تۇرۇشتى . ئايتۇرانمۇ دەسلەپ قاناقانىڭ ئابىدىسىنى بىر سىلىۋېتىپ قوشاققا ئېغىز ئاچتى . ئۇنىڭ قوشىقى يەنە بىر خىل ئىنتايىن مۇڭلۇق ، كىشىلەرگە قايغۇ ـ مۇسىبەتلىك چاغلارنى ئەسلىتىدىغان ئاھاڭدا ئېيتىلغانىدى .

ئۆمرۈڭ ئۆتتى يۇرت ، خەلقنى غەم قىلىپ ،
غەمىڭ ئەلنى قاۋۇشتۇرماق[1] جەم قىلىپ .

① قاۋۇشتۇرماق — ئۇيۇشتۇرماق ، بىر يەرگە ئەكەلمەك .

ئولتۇرۇمىز ئەتراپىڭنى چۆرۈدەپ ،
يەتتە ئىقلىم ئادەملىرى تەق كىلىپ .
بىزنى ئەپۇ ئەت قاناقا ، رازى بول ،
ئۆز ۋاقتىدا بەرمەپتىمىز ساڭا قول .
قەدرىڭ بىزگە ئۆتۈلمەكتە ھەلتىن ،
ئۇيۇشتۇقمۇ ، ھارام بىزگە باشقا يول .
......

كىشىلەر كۆزلىرى ياش ، ئۆپكىدەپ يىغلىغىنىچە قاناقا ياتقان ئاگايدىن كۆڭلى قىيمىغان ھالدا خوشلىشىپ بىر - بىرلەپ قايتىشتى . تۇپراق بېشىدا جاھانبەگ ، كۈنچىققانبەگ ، تۈلەك بوۋا ۋە باشقا تۆت مەھەللىنىڭ ئاقساقاللىرى — ئوماق ، تايۇق ، توختىكۆل ، بەردىقۇللار قالدى . ئۇلار قالاچ قاناقانىڭ تۇپرىقى بىلەن بۈگۈنچە خوشلىشىپ تۇرۇش ئۈچۈن قېلىپ قېلىشقانىدى . ئۇلار ئۆزئارا ھېچنېمە دېيىشمىدى . پەقەت دۆڭ يامزىلىدىن ئېلىپ چىققان يۇلغۇن شاخلىرىنى قاناقانىڭ تۇپرىقى ئەتراپىغا ئاۋايلاپ سانجىپ قويۇشتى ، ئاندىن قوش قوللاپ قۇم توپا ئېلىپ قاناقانىڭ ئاگايىنىڭ ئۈستىگە ئاستا تۆكۈپ قويۇشتى . ئابىدىنى بىر - بىرلەپ سىلاپ قويۇپ قۇم دۆۋىسىدىن چۈشەيلى ، دەپ تۇرغاندا ، يىراقتا تۆگە مىنىپ كېلىۋاتقان چەپەر كۆرۈندى .

نەزىر ئۆتكۈزۈلىدىغان كۈن بېكىتىلىپ ئەتىسىلا ئوماق چەپەرنى خەۋەرلەندۈرۈپ قويۇشقا توختاقنى ماڭدۇرۇۋەتكەنىدى . ئۇنىڭ تۈنۈگۈنمۇ ، بۈگۈنمۇ كەلمىگىنىدىن بەگلەر ، ئاقساقاللار ئاغزىدىن چىقىرالمىغىنى بىلەن ئۇنى ئاغرىپ قالدىمىكىن ، دەپ بەك ئەندىشىدە قالغانىدى . ئۇنىڭ نەزىر ئۆزاپ بولغاندا كەلگىنى نېمىسى ؟

ئۇلار ئويلىغاننى چەپەر ئويلىمىدى ، چەپەر ئويلىغاننى بولسا ئۇلار خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەنىدى . ئۇ ئۆزىنى مۇشۇ يەردىكى بىرنەچچە ئادەملەردىن باشقا ھەممە ئادەملەرنىڭ «دىۋە» ، «دىۋە

ئادەم» دەيدىغانلىقىنى بىلىدۇ. ئۆزى توغرۇلۇق كېيىنكى كۈنلەردە ئاجايىپ - غارايىپ گەپلەرنىڭ تارقىلىپ يۈرگەنلىكىنىمۇ بىلىدۇ.

— ۋوي، بىز سىنى «دىۋە» دەپ ئاڭلىغۇدۇق، بىزگە ئوخشاش ئادەم ئىكەنسەنغۇ، — دېگەنىدى ئاتمىشبولاقتىن كەلگەن كىشى.

تېمەنپۇدىن ئابدالغا كېتىۋېتىپ يولدىن ئېزىپ ئويتوغراققا كېلىپ قالغان، كۈنچىققانبەگلەر چەپەرگە ھەمراھلىققا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغانلارنىڭ دېگەنلىرى تېخىمۇ قىزىق ئىدى.

— مەن سىنى ئابدالنىڭ يىراق ئۇستىيانىدىكى قۇملۇقنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر توغراقلىق باركەن، شۇ توغراقلىقتا ئادەم قىياپىتىگە كىرىۋالغان بىر دىۋە باركەن. كېيىك، جەرەنلەرگە ئىككى تاقلاپ يېتىشىۋېلىپ، ئىككى قولىدا ئىككى كېيىك ياكى ئىككى جەرەننى تۇتۇۋېلىپ بىر - بىرىگە ئۇرۇپلا ئۆلتۈرۈپ، شۇ بويىلا ئوتقا قاقلاپ پىشۇرۇپ يەيدىكەن، دەپ ئاڭلىغان، — دېدى بىرى.

— مەن قارادايى تەرەپتە باشقىچە بىر گەپ ئاڭلىغان، — دېدى يەنە بىرى، — بىر بوۋاي سەن توغرۇلۇق ماڭا: «ئۇ ئەسلىدە ئادەم ئىكەندۇق، ئۇۋدا بىر كېيىكنى ئوقيا بىلەن ئېتىپ كۆتۈرۈپ مېڭىشىغا بىر نەرسە ئۇنى گەجگىسىدىن تۇتۇپلا كېيىك بىلەن قوشۇپ كۆتۈرۈپ ئۇچۇپتۇ - ئۇچۇپتۇ، بىر قېلىن توغراقلىققا چۈشۈپتۇ. قارىسا ھېلىقى نەرسە ئالۋاستى ئىكەن.

سەن مېنىڭ بالامنى ياردار قىلدىڭ. مەن سىنى جازالاپ شۇنداق بىر نەرسىگە ئايلاندۇرۇپ قويايكى، يا ئادەمگە، يا دىۋىگە ئوخشىمايدىغان بىر نەرسە بول، ئۆمرۈڭ مۇشۇ توغراقلىقتىن چىقماي ئۆتسۇن، دەپ بىر سىقىم قۇمغا ئارۋاق ئوقۇپ، ھېلىقى ئادەمگە چېچىپتىكەن، ھېلىقى ئادەم ئادەم دېسە ئادەمدىن يوغان، دىۋە دېسە دىۋىدىن كىچىك غەلىتىلا بىر مەخلۇققا ئايلىنىپ قاپتۇ. ئادەمدەك سۆزلىسىمۇ، ھەرقانداق نەرسىنى خاملا يەۋېرىدىكەن، ئەگەر قورسىقى ئاچ ۋاقىتىدا توغراقلىققا ئادەم بېرىپ قالغۇدەك

بولسا تۇتۇۋېلىپ يەۋېتىدىكەن» دەپ سۆزلەپ بەرگەن...

«بۆلار بۇنى ئاڭلاپتۇ ، باشقىلار يەنە نېمىلەرنى ئاڭلىدى ، مەن توغرۇلۇق قانداق گەپلەر توقۇلدى ، كىم بىلىدۇ . مېنىڭ ئەپتىم مۇشۇ تۇرسا» چەپەر ئەنە شۇنداق ئويلايتتى . قاناقانىڭ نەزىرىگە كېلىشنى ئويلىدى ، لېكىن يەنە شۇئان ئۆزى توغرۇلۇق توقۇلغان گەپلەرنى ئېسىگە ئالدى ، نەزىرگە كېلىدىغان كىشىلەرنى كۆز ئالدىغا كەلتۇردى . «مەن بارسام ،— دەپ ئويلىدى ئۇ ،— كىشىلەر مېنى كۆرۈپ دىققەت ـ نەزىرى مەندە بولۇپ قېلىپ ، قاناقانىڭ نەزىرىدىكى كەيپىياتقا تەسىرىم يېتىپ قالىدۇ» . چەپەر ئەنە شۇ ئويلار بىلەن كىشىلەر نەزىردىن تارقاپ بولغاندىن كېيىن بېرىشنى توغرا تاپتى . ئابدال ئەتراپىغا ئۇ چۇشتىن قايرىلىشىغىلا كېلىپ بولغانىدى . يىراقتا ، ئېگىز بىر قۇم دۆۋىسىنىڭ يامزىلىغا تۆگىسىنى چۆكتۇرۇپ قويۇپ بۇ تەرەپكە قاراپ باقتى . ئۇ چاغدا كىشىلەرنىڭ ئالدى نەزىردىن تارقاشقا باشلىغانىدى . خېلى ساقلىغاندىن كېيىن تارقايدىغانلار تارقاپ بولدى . تۇپراق بېشىدا بىرنەچچىلا ئادەم قالدى . چەپەر بۆلارنى تونۇيالمىغان بىلەن ، كىملەر ئىكەنلىكىنى قىياس قىلدى .

ۋاقتىدا كېلەلمىگەن بولسىمۇ ، چەپەرنىڭ كەلگىنىدىن ئۇلارنىڭ كۆڭلى خاتىرجەم بولۇشتى ، خۇش بولدى . جاھانبەگ ئۇنىڭدىن كېچىكىپ كېلىشىنىڭ سەۋەبىنى سوراي دەپ تۇرغاندا ، ئۇلار ئالدىدا توختاق بىلەن بۇللا پەيدا بولدى . يېڭى ئاگاي بېشىدىن چوڭلار ئايرىلماي تۇرۇپ ، تېخى بالىلىق بولمىغانلارنىڭ ، ياشلارنىڭ ئاگاي بېشىدا چوڭلار قاتارىدا تۇرۇشى بۆلارنىڭ ئادىتىدە يوق ئىدى . تۇلەك بوۋا بىلەن ئوماق ، تايۇقلار تەئەججۇپلىنىپ توختاققا قارىدى .

— ئايسۇلۇ بىلەن ئىككىمىز كېڭەشتۇق ، بىز مۇشۇ قۇم دۆۋىسى يامزىلىدا ئۆي تۇتۇپ ئولتۇرىدىغان بولدۇق ، — دېدى توختاق ۋە ئالدى بىلەن ئاتىسىغا ، ئاندىن باشقىلارغا قارىدى .

— مەنمۇ ئالتۇن بىلەن كېڭەشتىم . قاناقامىزنىڭ ئاگايىنى

بېقىپ - قارىغاچ ، مۇشۇ يەردە ئۆي تۇتۇپ ئولتۇرماق بولدۇق ، — دېدى بۇللا ، كۆنچىققانبەگكە قاراپ .
ئوماق ئوغلى توختاقىنىڭ يېنىغا كەلدى . شۇ تاپتا ئۇنىڭ كۆزىدىن نۇر يېغىپ ، قايغۇ قاپلىغان چېھرىنىڭ ئىچكىرى قېتىدا ھازىرلا پەيدا بولغان خۇشاللىق ، رازىمەنلىك جىلۋىسى شولا تاشلاپ تۇراتتى .
— ئوغلۇم ، — ئوماق توختاقىنىڭ مۇرىسىگە يېنىك - يېنىك ئۈچ قېتىم شاپىلاقلاپ قويۇپ ، — مەن ئويلىغاننى ئويلاپسەن ، — دېدى .
كۆنچىققانبەگ ئاتىسى ۋە تۇلەك بوۋا بىلەن پىچىرلىشىۋېلىپ :
— بۇ ئىشنى چوڭلار كېڭىشىپ ئاندىن بىرنېمە دەيلى ، — دېدى .
ئۇلار قوم دۆۋىسىدىن چۈشۈۋاتقاندا ، چەپەر :
— نەزىرگە ۋاقتىدا كېلەلمىسەممۇ ، قاناقانىڭ ئاگايى يېنىدىن سىلەر كەتمىگەندە ئۇلگۇرۇپ كەپتىمەن . سىلەر كېتىۋېرىڭلار . مەن قاناقامنىڭ ئاگايىغا بىرھازا ھەمراھ بولۇپ ئاندىن قايتىپ كېتەي ، — دېدى .
— قونۇپ ئەتىلەردە كەتمەمسەن ، — دېدى كۆنچىققانبەگ .
— قايتاي ، قايتقىنىم ياخشى .
ئوماق چەپەرگە قاراپ :
— كېيىك ، جەرەنلىرىڭنى كۆرگۈك كەلمىدىمۇ ؟ — دېدى .
— سورىماپتىمەن ، ئۇ جانىۋارلىرىم قانداق تۇرۇۋاتىدۇ ؟
— قانداق تۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆرسەڭ بىلمەمسەن ، — ئوماق گەپ قىستۇردى .
چەپەرنىڭ ئوماققا بىرنۇەتكەن كېيىك ، جەرەنلىرىنى ھەقىقەتەن كۆرگۈسى كەلگەنىدى ، ئۇ جانىۋارلىرىنىڭ قانداق تۇرۇۋاتقىنىنى تېخىمۇ بىلگۈسى بار ئىدى . ئۇنىڭ ھازىرلا قايتىپ كېتىش خىيالى بولسىمۇ ، ئەمما جانىۋارلىرىغا چۈشۈپ قالغان مېھرى ، قەدىمىنى ئىختىيارسىز ئوماقنىڭ ئۆيى تەرەپكە تارتىپ ئېلىپ

كەتتى...

قالاچ قاناقانىڭ ئاگايىنىڭ ئەتراپىدا ئۆي تۇتۇپ ئولتۇرۇش ئىشىنى چوڭلار كەيىنگە تارتماي بىرنەچچە كۈن ئىچىدىلا كېڭەشتى . توختاقلارنىڭ تەلىپىگە قوشۇلۇپ ، بۇللا بىلەن ئالتۇننىڭ قاناقانىڭ چىرىغىنى ئۆچۈرمەي ، ئۆيىگە توپا قوندۇرماي شۇ ئۆيدە ئولتۇرۇشىنى قارار قىلدى . بۇنى بۇللا بىلەن ئالتۇن رەت قىلالمىدى . قاناقامۇ هايات چېغىدا بۇ گەپنى بىرنەچچە قېتىم ئېيتقانىدى .

شۇ كېڭەشتە كۈتمىگەن يەردىن جاهانبەگ بىر گەپنى ئوتتۇرىغا قويدى :

— مەن باشتىلا قاناقانىڭ يولىنى تۇتماپتىمەن . كېچىكىپ بولسىمۇ ئۇنىڭ تەلىمىدە ئەقلىمنى تاپتىم ، لېكىن جىق ئىش قىلالمىدىم ، پەقەت ئۇنىڭ ئارزۇسىنىڭ بەزىسىنى ئىشقا ئاشۇرۇپتىمەن . بەگلىكنى كۈنچىققانبەگكە ئۆتكۈزۈپ بەردىم ، يەلكەمدە يۈكۈم يوق . مەنمۇ ئاخىرقى ئۆمرۈمنى قاناقامىزنىڭ ئاگايىغا هەمراھ بولۇپ ئۆتكۈزمەكچىمەن .

جاهانبەگ گېپىنىڭ ئۇرانىدىن مەسلىهەت سورىغاندەك ئەمەس ، قەتئىي نىيەتكە كەلگەنىدى . ئۇنىڭغا هېچكىم هېچنېمە دېيەلمىدى .

ئون كۈنگە قالمىغان ۋاقىت ئىچىدە قىشتىن ئۆتۈۋېلىش ئۈچۈن جاهانبەگكە ئىككى ئېغىزلىق تىكلىمە ياغاچلىق قۇرما ئۆي ، توختاققا ئاستى گەمە ، ئۈستى قومۇش ساتمىلىق چوڭراق بىر ئېغىز ئۆي تەييار قىلىپ بېرىلدى .

كېيىنكى يىلى 6 ـ ئايغىچە قالاچ قاناقانىڭ ئاگايىنىڭ ئەتراپى ئوتتۇز نەچچە ئائىلىلىك قويۇق مەهەللىگە ئايلاندى . كۆچۈپ كەلگەنلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئىلگىرى قەبىلىچىلىك تۇپەيلىدىن چەتكە قېقىلىپ يىراق ، چەتلەردە ئايرىم ، يالغۇز ياشاپ كېلىۋاتقانلار ئىدى .

## يەتتىنچى باب

# بىزمۇ يەر تېرىيلى

*تۈگكەن ـ تەرگىنىنىڭ ، ياسىغان ، ياراتقىنىنىڭ تايىنى يوق ، ئۈياق ـ بۇياققا يۆتكىلىپلا يۈرىدىغان تۇرمۇشتىن ، تۇراقلىق تېرىمچىلىق تۇرمۇشىغا ئۆتۈش — مەدەنىيەتتىكى بىر زور بۇرۇلۇش . ئالدىنقىسىدا ، ئەتىگەنلىكى سەن تامىقىڭنى يەپ بولۇپلا كېتىپ قالىسەن ، ياققان ئوتۇڭ ئۆچىدۇ . تېرىمچىلىقتا بولسا ئەتىگەندىكى ئوتۇڭ ئۆچكۈچە چۈشتە ، چۈشتىكىسى ئۆچكۈچە كەچتە ئۇستىلەپ ئوت ياقىسەن . ئەدناسى ياققان ئوتۇڭمۇ ئۆچمەيدۇ .*

— خاتىرەمدىن . ئا .

*ھەربىر ئائىلىنىڭ گۈللەپ ياشنىشى ئۈچۈن بىرىنچى بولۇپ ھەرىكەت قىلغۇچى كىشى ئاتىدۇر .*

— مۇستەفا ھامىيپاشىشا

«ئەدەپ بوستانى ، ئەخلاق گۈلىستانى» دىن .

# 1

ئون يىل ئۆتتى. بالىلار چوڭ بولدى، چوڭلار قېرىدى. ساقالسىز يىگىتلەر ساقاللىق بولدى. قارا چاچ، قارا ساقاللارغا ئاق ئارىلىدى، ئاقاردى. جاھانبەگ قاتارلىق قېرىلاردىن كەتكىنى كېتىپ قاتارى شالاڭلىدى. بېلىق بېشىنىڭ تېرىسىدەك سىلىق چىرايلارغا يىللار ئىز سېلىپ، توردەك گىرەلىشىپ كەتكەن ئېرىقچىلار پەيدا بولدى. بۇلار كىشىلەرنىڭ ھايات مۇساپىسىدىكى ئون يىل ئىچىدە بولغان ئۆزگىرىشلەر ئىدى. ئۆزگىرىش ئەنە شۇنداق چوڭ ئىدى. لېكىن، ئۇ ئون يىل ئىچىدە، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىدا، مۇھىتىدا ھېچقانداق ئۆزگىرىش بولمىدى، گويا ۋاقىت ئۆز ئىزىدا توختاپ قالغاندەك. كىشىلەرنىڭ يېيىش، كىيىنىشلىرى بۇرۇن قانداق بولسا شۇ ھالىتىدە ئىدى. چوڭلىرىغىمۇ ئەسلى، كىچىك ئېقىنلارنىڭ بىرەرسىگىمۇ ئۇ قات - بۇ قاتقا ئۆتۈش ئۈچۈن بىرەر كۆۋرۈكمۇ سېلىنمىدى، ئۆتىدىغان كېمىمىز، ئات - ئۇلىغىمىز بار دەپ، يېقىن مەھەللىلەر ئارىسىدا بىرەر يولمۇ ياسالمىدى، نەدىلا ماڭساق ئوخشاش، مەنزىلگە يېتىپ بارساقلا بولدى دەپ، يەنە تېخى، نېمە قىلىمىز سۇ ئىچكىلى ماڭغان كېيىك، جەرەنلەردەك ھەممىمىز بىر يولغا قاتارلىشىۋېلىپ، زېمىن شۇنچە كەڭ تۇرسا، دېيىشتى. بۇ كىشىلەرنىڭ كۆپچىلىكىنىڭ ئوي - پىكىر، تىلەك - ئىستەك ئەندىزىسى باش - ئاخىرى يوق چەمبەردەك بولۇپ، ئوي - خىياللىرى، بىلىدىغانلىرى ئاشۇ چەمبەر دائىرىسى ئىچىدىلا ئىدى. ئۆتكەن شۇ ئون يىل ئىچىدە قوشنا يۇرتلاردىن كۇچا، كورلىدا بولۇپ ئۆتكەن خېلى چوڭ ئىشلارنىڭ خەۋەر - سىرتىقلىرى بۇ قۇملۇق ئىچىگە يېتىپ كەلمىدى. يېتىپ كەلسىمۇ كەلگەندۇ، لېكىن ئۆز ھەلەكچىلىكىدىن باشقىنى ئويلاپ كەتمەيدىغان بۇ بىغەم كىشىلەر ئۇنداق ئىشلارغا ئانچە كۆڭۈل بېرىپ يۈرمەيتتى.

بۇ كىشىلەر ئىچىدە بىرلا كىشىنىڭ پىكىر - خىيالى ئۇ

ئەندىزىدىن تېشىپ ، سىرتقا ئېتىلىپ تۇراتتى ، ئۆزى كەم سۆز بولۇپ خىيالچان يۈرەتتى .
— مۇشۇ كۈنلەردە ئوماق بەكلا خىيالچان بولۇپ قالدى ، كىشىلەرگە ئانچە گەپمۇ قىلمايدۇ ، — دېدى بىر كۈنى كۈنچىققان بەگ تۆلەك بوۋىغا .
تۆلەك بوۋا مۇشۇ ئون يىل ئىچىدە بەكلا قېرىپ ، هايات بوستانى ئۆزىنىڭ بەرق ئۇرۇپ تۇرىدىغان يېشىللىقىدىن سارغىيىشقا باشلىغانىدى . جىسمانىيىتى نېمىلىكىنى ئۆزىمۇ بىلمەيدىغان غايىۋى بىر ئىچ پۇشۇقى ، خىيالپەرەسلىكىنىڭ ئېغىر تېشىنىڭ بېسىمىدا مۈكچىيىپ «د» هەرپىدەك بولۇپ قالدى . قېرىغانسېرى ساقىلى ئۆسۈپ هەم قويۇقلىشىپ ، ئاقلىقى بىلەنمۇ قالاچ قاناقانىڭ ساقىلىغا ئوخشاپ قېلىۋاتاتتى . ئۆزى قېرىپ ، مۈكچىيىپ قالسىمۇ ، ئەمما قۇلىقى سازلىقىدىن ، كۆزى روشەنلىكىدىن قالمىدى ، سەزگۈلىرىمۇ ئىلگىرىكىدەك تۈيغۇن ئىدى .
تۆلەك بوۋا كۈنچىققانبەگنىڭ گېپىنى تولۇقلاپ قويماقچى بولدى .
— گوي - گوي ، ئۇنىڭ بۇنداق خىيالغا پېتىپ ، جىمىغۇرلىشىپ كېتىشى يېقىنقى ياكى بىر - ئىككى يىلدىن بېرىقى ئىش ئەمەس ، بۇنىڭغا ئالتە - يەتتە يىل بولۇپ قالدى . سەن بىلەن ئىككىنچى قېتىملىق سەپەرگە چىقىپ تىكەنلىك ، چارىلارنى ئايلىنىپ كەلگەندىن كېيىنلا ، مۇشۇنداق خىيالچان بولۇپ قالدى . ۋاقىت ئۆتكەنسېرى خۇددى قار پومزىكى دومىلىغانسېرى يوغىنىغاندەك ، ئۇنىڭ خىياللىرىمۇ ئۇلغىيىپ ، ئېغىرلىشىپ ئۇنى تېخىمۇ جىمىغۇرلاشتۇرۇپ قويدى . ئۇنىڭ چوقۇم سەن - بىزگە دېيەلمەيۋاتقان بىر گېپى باردەك . دېيىشكە يۈزى چىمىلداپ ، دېمەي دېسە ئىچى تىتىلداپ يۈرۈۋاتامدىكىن دەيمەن ، — دېدى تۆلەك بوۋا .
ئوماقنى خىيالچان قىلىپ قويۇۋاتقان ئىككى نەرسە ئىدى . بىرى ، قالاچ قاناقا دائىم دەيدىغان ئەجدادلار ئىزى ئىدى . ئۇ

قانداق ئىز ، نەدە ، قانداق تاپقىلى بولىدۇ ، تاپقاندىن كېيىن ئۇنى قانداق قىلىدۇ؟ مانا بۇلارنى ھەرقانچە ئويلاپمۇ تېگىگە يېتەلمىدى ، خىيالىنى ئاخىرىغىمۇ ئېلىپ چىقالمىدى ، چاملىيالمىدى . قاناقا ئېيتقان ئۇ ئىزلار دۇنياسى ئۇنىڭغا ئاي - يۇلتۇزسىز ، بۇلۇتلۇق كېچىدەك قاراڭغۇ ئىدى ؛ يەنە بىر ئىش ، ئۇنىڭ قولىدىن كېلىدى- غان ، قىلىپ كېتەلەيدىغان ئىش ئىدى ، لېكىن ئاغزىدىن چىقىرال- مايۋاتاتتى . چۈنكى ، ئۇنىڭ ئائىلىسى چوڭ قۇملۇق ئىچىدە بوراندا قېلىپ ئېزىققاندا ، قالاچ قاناقا ۋە تايۇقلار ئۇلارنى ئىسسىق باغرىغا ئېلىپ باشپاناھ بولدى ، ئايقۇتنى سالامەت يەڭگىتىپ ، ئۇلارنى تۇنجى پەرزەنتنى كۆرۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى . ئابدالغا كەلگەندە جاھانبەگ ، كۈنچىققانبەگ ۋە تۇلەك بوۋىلارمۇ ئاتا ، ئاكا بولۇپ ، بىر قورساقتىن چىققان قېرىنداشلىرىدىن چارە كۆردى ، ھەرگىز ياتسىراتمىدى ، ھەتتا ئوغلىنىڭ تويىنى ئۆز قوللىرى بىلەن ئۆتكۈزۈپ بەردى . شۇڭا ئوماق كۆڭلىگە پۈككىنىنى قىلىش ئۈچۈن بۇ يەردىن كېتىشنى ئاغزىدىن چىقىرىشقا يۈزى چىدىمايۋاتات- تى . ئوماق بۇ يەردىن كېتىشنىڭلا گېپىنى قىلسا ، ئايقۇت :

— ئۇلار شۇنچىلىك ئاتىدارچىلىق قىلغان تۇرسا ، تۇزىنى يەپ تۇزكورلۇق قىلساق ، «بوغۇزۇڭ كۆپ» ، «ئۆيۈڭ چۆل قال» دەپ قارغىۋەتسە قانداق قىلىمىز . بۇلار قانداق ئۆتسە ، بىزمۇ شۇنداق ئۆتمەيمىزمۇ ، — دەيتتى .

توختاق ئاتىسىنى قوللاپ چىقاتتى .

— ئاتام بىلەن نەچچە قېتىم سىڭگىر ، شىندى تاغلىرىغا ئوۋغا بېرىپ ياناشىمىزدا چارا ، ئويمانكۆل ، تېيىزكۆل ، تىكەنلىك ، كۆزلەكلەرنى ئارىلىدۇق ، كۆردۇق ، — ئۇ شۇ چاغلاردا قاند- داق ھېسسىياتتا بولغىنىنى ئانىسىغا تولۇق بىلدۈرۈشكە تىرىشات- تى ، — ئۇلار نېمىشقا ئۇنداق ياشايدۇ ، بىز نېمىشقا بۇنداق ياشاي- مىز . بىزمۇ شۇلاردەك قىلساق بولمامدۇ ، شۇلاردەك يەپ ، شۇلار- دەك كىيسەك بولمامدۇ ، دېيىشتۇق ، — دەيتتى ئۇ .

ئوماققا قاتتىق تېگىپ ، ھار كەلگەن بىر ئىش ، ئون يىلنىڭ

ئالدىدا يېڭى مەھەللە قۇرۇلۇشى بولۇۋاتقاندا ، كورلىدىن كەلگەن تامچى ئۇستامنىڭ ئۇنىڭغا :

— سىلەرنى ياۋايىمىكىن دېسە ، ئۇنداق ئەمەسكەنسىلەر ، لېكىن ياۋايىدەك ياشايدىكەنسىلەر . بېلىق بىلەن گۆشلا يەيدىكەنسىلەر . يەر تېرىشنىغۇ بىلمەيدىكەنسىلەر ، ئۇن ، نان دېگەننىمۇ بىلمەيدىكەنسىلەر ئەمەسمۇ ، — دېگەنىدى .

ئوماق ئالدىنقى يىلى چارىدىن قايتىۋېتىپ داشكۆل بىلەن سېيىتكۆل ئارىلىقىدىكى بىر تۈزنى كۆرۈپ قالدى . ئۇ يەر تارىم دەرياسىنىڭ كىچىك بىر تارماق ئېقىنىنىڭ بويىدا بولۇپ ، ساپلا خوخا ، ئاقتىكەنلىك ئىدى . بىر تۈپ ئاقتىكەننى يۇلۇپ كۆرۈۋىدى ، يەرنىڭ توپا قاتلىمى چارىنىڭكىدىن قېلىن ھەم قارا تۇپراقلىق ئىدى . بۇ يەرگە ئوماقنىڭ كۆزى چۈشۈپ قالدى . ئوماق دېھقانچىلىق قىلمىغىنى بىلەن ئۇنىڭدىن ئاز ـ تولا خەۋەردار ئىدى . يىگىرمە نەچچە يىلنىڭ ئالدىدا ، چارىدىكى چېغىدا يەر تېرىيدىغانلار بىلەن ئارىلىشىپ ئولتۇرغاچقا ، بەزى ئىشلارغا كۆزى پىشىپ قالغانىدى .

كۈنچىققانبەگ تۆلەك بوۋا بىلەن پاراڭلىشىپ ئارىدىن بىر ھەپتىدەك ئۆتكەن بىر كۈنى ، ئوماققا :

— بىزگە دېيەلمەيۋاتقان گەپلىرىڭ باردەك قىلىدۇ . سەن ـ بىز ئاكا ـ ئۇكا بولۇشقان ، قېنى ، زادى نېمە گېپىڭ بار ، دەپ باقە ، ئاڭلاپ باقاي ، — دېدى .

ئوماق نائىلاج ئېغىز ئاچتى .

— سەن بەگ بولۇپ بىرنەچچە يىلدىن كېيىن ، تۆت ـ بەشىمىز سەن بىلەن بىللە جايلارنى ئارىلىدۇق . شۇ چاغدىمۇ ، كېيىنمۇ ئۆزۈڭمۇ كۆردۈڭ ، ئۇ يەردىكىلەر يىل بويى بىزدەك بېلىق ، گۆش يەپلا ئۆتمەي ، ئاشلىق تامىقىمۇ يەيدىكەن . ئاشلىقنىڭ بىر قىسمىنى كۆنچىدىن ئەكېلىدىكەن ، يەنە كورلىلىق سېتىقچىلار ئەكەلگەن ئۇن ، گۈرۈچنى نەرسىلەرگە تېگىشىپ ئېلىپ يەيدىكەن ، بىر قىسمىنى ئۆزلىرى تېرىپ تاپىدىكەن . بىزمۇ نېمىشقا شۇلاردەك يەر

تېرنمايمىز ، يەرمۇ ، سۇمۇ ئېشىپ - تېشىپ تۇرسا ، دەپ ئويلايدى-
غان بولۇپ قالدىم . ئەمما سىلەرنى قانداق ئويلاپ قالار دەپ ئاغ-
زىمدىن چىقىرىشقا پېتىنالماي يۈردۈم .

كۆنچىققانبەگ بېشىنى لىڭشىتىپ كۈلۈپ كەتتى .

— كۈلىسەنغۇ بەگ ؟

— دېگەنلىرىڭنى ئاڭلاپ ، ئوي - خىياللىرىمىزنىڭ ئوخشاپ قېلىشۋاتقىنىدىن قالاچ قاناقانىڭ بىر گېپى ئېسىمگە كېلىپ ، خۇ-شال بولۇپ كۈلۈپ كېتىۋاتىمەن .

— قاناقانىڭ قايسى گېپى ئۇ ؟

— بۇنى مەن ساڭا جەريانى بىلەن دەپ بېرەي ، — كۈنچىق-قانبەگ ئايغۇت ئېلىپ كەلگەن جىگدە سېلىپ تەييارلانغان سوغۇق سۇتلۇك چايدىن قوۋۇزنى تولدۇرۇپ ئىككى ئوتلىۋېلىپ گەپنى باشلىدى .

يىگىرمە يىلنىڭ ئالدىدا جاھانبەگ كۈنچىققانبەگنى ، تالىش-قۇلنى ، يەنە ئابدال ، قاراقوشۇنلۇق تۆت ئادەمنى ئېلىپ ئاتمىشبۇ-لاق ئارقىلىق شىڭدى تېغىغا ئوۋغا باردى . ئوۋدا ئۇلارنىڭ ئامىتى كېلىپ ، ئوۋلىغان ماللىرىنى ئىككى تۆگە ، تۆت ئاتقا ئارتىپ ، ھېلىقى تۆت ئادەم ئارقىلىق ئابدالغا ماڭدۇرۇۋەتتى . ئۆزلىرى چارا ، تىكەنلىك ، كۆزلەكلەرنى كۆزدىن كەچۈرۈپ ، ئاندىن تېمەنپۇ ئارقىلىق بۇلاقكۆلگە بېرىپ قالاچ قاناقا بىلەن كۆرۈشۈپ قايتماقچى بولدى . بۇ سەپەردىن كۈنچىققانبەگ ئىنتايىن خۇشال ئىدى . چۈن-كى ، ئۇ قالاچ قاناقانىڭ تەرىپىنى ئاڭلىغان بولسىمۇ ، شۇ چاغقىچە دىدارىنى كۆرۈپ باقمىغانىدى . جاھانبەگنىڭ مەيلىچە بولسا ، بۇ تەرەپ بىلەن ماڭماي ، تىكەنلىكتىن ئۇدۇل قارادايغا بېرىپ ، يېڭى-سۇ ، ئارغان ئارقىلىق قايتماقچىدى . پەقەت تۈلەك بوۋىنىڭ : «بەگ ، قايتىشىڭدا قالاچ قاناقانى كۆرۈپ - يوقلىغاچ كەل ، ئۇ سېنىڭ چوڭ بوۋاڭ يىسۇمقۇلۇنىمۇ كۆرگەن ئادەم جۇمۇ !» دەپ قاتتىق ئېيتقانلىقى ھەم كۈنچىققانبەگنىڭ تەلىپى ئۇچۇنلا شۇنداق قىلماقچى بولغانىدى . تۈلەك بوۋا جاھانبەگنىڭ ئاتىسى نۇرمەتبەگ

بىلەن ئېمىلداش ئىدى . شۇڭا ئابدال ، قاراقوشۇنلۇقلار ئارىسىدا ئۇنىڭ يۈز - ئابرۇيى چوڭ ئىدى .

كۈنچىققانبەگ چارا ، تىكەنلىكلەرگە تۈنجى كەلگەچكە ، بۇ يەر- دىكى بىر تۈركۈم كىشىلەرنىڭ كىيىم - كېچىكى ، يېمەكلىكلىرى ۋە يەرگە چاچقان بىر تال دېنىنىڭ مىڭ تال بولۇشى ئۇنى بەك قىزىقتۇردى . تونۇردا پىشقان ، چوغقا كۆمۈپ ، قوتۇرماچ قىلىپ پىشۇرغان نانلارنى سۈتلۈك چايغا چىلاپ يەپ بېقىپ قالتىس لەز- زەتلەندى . «بىزنىڭ ئۇ يەردىكى ئادەملەر نېمىشقا يەر تېرىشنى ، مۇشۇنداق نەرسىلەرنى يېيىشنى بىلمەيدۇ ؟ » دېگەن ئوي - خىيال ئۇنىڭ كاللىسىغا سوئال بولۇپ ئورناپ قالغانىدى .

تالىشقۇلنىڭ :

— دەريا ، كۆللەردە بېلىق ، جاڭگالدا گۆش دېگەن تەييار تۇرسا ، بولدىغۇ شۇ ، — دېگەنلىرىمۇ ، ئاتىسىنىڭ :

— ئاتا - بوۋىمىزدىن تارتىپ يەر تېرىماي ، نان يېمەي بىر ئوبدان ياشاپ كېلىۋاتىمىزغۇ ، — دېگەن گېپىمۇ ئۇنىڭ كاللىسىغا كىرىۋالغان ھېلىقى سوئال بەلگىسىنى ئۆچۈرۈۋېتىش تۈگۈل ئاز- راقمۇ سۇسلاشتۇرالمىدى ، بەلكى قېنىقلىشىپ بارماقتا ئىدى . كۈنچىققانبەگنىڭ كاللىسىدىكى يەنە بىر نەرسە ، قالاچ قاناقانى تېزرەك كۆرسەم ، دېگەن ئىستەك ئىدى . ئۇ شۇ ئىستەك بىلەن ماڭاتتى ، خىيالىدا ئون قەدەمنى بىر ئالسام دەيتتى ، لېكىن ئۇ بىر قەدەم ماڭسا ، قۇملۇق نېرىسىغا ئون قەدەم سوزۇلۇپ كېتىۋات- قاندەك تۇيۇلاتتى . مومىسىدىن ئاڭلىغان چۆچەكلەردىكى ئۇچار گىلەمنى ، ئۇچار ئاتنى خىيال قىلدى ، ئۈچ كۈنلۈك يولنى ئۈچ تىنىقتا بېسىپ بولىدىغان سۇمۇرغ قۇشنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى ، «قىزىلگۈل» داستانىدىكى سېھىرلەنگەن ئىسكەندەرنىڭ ئۈزۈكىنىد- مۇ ئويلىدى ، «شۇنداق بىر ئۈزۈكۈم بولسا ، قول سالامغا سالسام ، بۇلۇتتەك ئۇچۇپ قاناقا بار يەرگە يەتسەم» دەپ ئارزۇ قىلاتتى . «يەتكىلى بولمايدىغان مەنزىل يوق» دېگەندەك ، ئۇلار تېمەنپۇدىن چىقىپ ئۈچىنچى كۈنى چۈشتە بۇلاقكۆل مەھەللىسىگە يېتىپ كەل-

دى . جاھانبەگلەرنى قالاچ قاناقا ، تايۇق قاتارلىق بەش ـ ئالتىدەك ئەر ، ئۈچ ئايال ئالدىغا چىقىپ كۈتۈۋالدى .

— بۇ مېنىڭ ئوغلۇم كۈنچىققانبەگ ، — ئۆزئارا ھال ـ ئەھۋاللىشىپ بولغاندىن كېيىن ، جاھانبەگ يېنىدىكىلەرنى تونۇشتۇردى ، — بۇ تالىشقۇل .

— كۈنچىققان ، كۈنچىققان ، ئوبدان ئىسمىكەن ، بىر كۈنلۈك كۈننىڭ تۇغۇلۇشى بىلەن تەڭ تۇغۇلغان ئوخشىمامدۇ ، — قالاچ قاناقا كۈنچىققانبەگكە قارىدى ، — شۇ بىر كۈننىڭ قانداق بولۇشى كۈننىڭ ئوچۇق ـ تۇتۇقلۇقىغا ، تىنچ ياكى بوران ، شاماللىقلىقىغا قاراپ بولىدۇ . كۆزۈڭدىن ئوچۇق كۈننىڭ شولىسىنى كۆرۈۋاتىمەن ، تەڭرىم سېنى بىر ئۆمۈر شۇنداق قىلار .

قاناقانىڭ گېپىدىن كۈنچىققانبەگ تەسىرلىنىپ ، پۈتۈن بەدىنى شۇررىدە ئېرىپ كېتىۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ كەتتى .

چۇشلۇك تاماق يەۋېتىپ جاھانبەگ بارغان جايلىرىدا كۆرگەن ، بىلگەن ، ئاڭلىغانلىرىنى سۆزلىدى ، بۇنىڭدىن كېيىن قانداق قىلىدىغانلىقىدىن سۆز ئاچىدى . ئۇنىڭ نەزىرىدە بۇنىڭدىن كېيىنكى كۈنلەرمۇ ھەركىم ئۆز غېمىنى ئۆزى قىلىپ ، كۆچكۈدەك بولسا كۆچۈپ… ئۆتىۋېرىدۇ ، دەپ ئويلايتتى .

كۈنچىققانبەگ ئۇ تەرەپلەردە كۆرگەن يېڭىلىقلىرىنى دەپ كېلىپ :

— ئابدال تەرەپلەردىمۇ شۇنداق قىلساق بولمامدۇ ، دەپ ئويلاپ قالدىم ، — دېدى .

قالاچ قاناقا گەپكە ئېغىز ئاچقۇچە ، جاھانبەگ :

— ئۇ ، قىلساق ، دەپلا قىلىدىغان ئىش ئەمەس ، ئابداللار ، قاراقوشۇنلۇقلار ئاتا ـ بوۋىسىدىن تارتىپ ھازىرقىدەك ياشاپ كەلگەن ، — دېدى .

تالىشقۇل بېگىنىڭ گېپىنى قۇۋۋەتلەپ :

— بىز ئۇنداق ياشاشقا كۆنەلمەيمىز ، — دېدى .

قالاچ قاناقانىڭ چىرايى تۇتۇلغاندەك بولۇپ قالدى ، كۈنچىق-

قانبەگكە قاراپ :

— «خىلى - خىلىنى تاپىدۇ ، كۆڭۈل كۆڭۈلنى » دېگەن گەپ بار ، ئوغلۇم ، كۆڭلۈڭدىكىدەك گەپلەرنىمۇ ئاڭلاپ قالارسەن ، — دېدى .

— شۇ يىگىرمە يىلدىن بۇيان كۆڭلۈڭدىكىدەك گەپنى قىلغان مەن بىرلا ئادەممۇ ؟ — ئوماق كۆنچىققانبەگنىڭ ئەسلىمىسىنى ئاڭلاپ بولۇپ ئۈنىڭدىن سورىدى .

— تۇلەك بوۋىمۇ دېگەن ، ئەمما سەندەك بۇنداق قەتئىي قىلىپ دېمىگەن . سەن مەن ئويلاپ يۈرگەن ، ئەمما ئاغزىمدىن چىقارمىغان ، كۆڭلۈمدىكى گەپنى قىلدىڭ ، — دېدى كۆنچىققانبەگ .

— يۇرت بېگى بولغاندىن كېيىنمۇ بۇنداق گەپنى دەپ باقمىدىڭىزمۇ ؟

كۆنچىققانبەگ بۇ «ئاتاق ئۈكىسى » غا ئەھۋالنى تەپسىلىيرەك دەپ قويمىسا بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ قالدى .

— ئويلاپ باقە ، چوڭ كۆچۈش قىلىپ كىشىلەرنى كېيىنكى كونا ئابدال ، قاراقوشۇن كۆلى ۋە باشقا جايلاردىن يۆتكەپ كەلدۇق . كۆرۈپ تۇرۇپسەن ، بۇ يەر پۈتۈنلەي قۇملۇق ، بىرقەدەر تۈز ، كۆلدىن يىراقراق ھەم كۆل بويىدىن ئېگىزرەك ، تارىمنىڭ كىچىك بىر تارامى بۇ يەردىن ئۆتىدىغانلىقى ئۈچۈنلا ، كۆلنىڭ سۈيى كۆتۈرۈلسىمۇ زەيلەپ كەتمەيدۇ دەپ ، ئاتام ھەم ئابدال ، قاراقوشۇن ئاقساقاللىرى مۇشۇ يەرنى تاللىغان ، ئەسلىدە يۇرتنى بۇ يەرگە قۇرۇپ خاتا قىلغانىكەنمىز . قالاچ قاناقا ئاتامغا تىكەنلىك ياكى يىڭىسۇ تەرەپكە كۆچۈشنى ئېيتقانىكەن ، ئەمما ئاتام : «ئابدال ئاتا - بوۋىلىرىم بەگ بولۇپ يۇرت سورىغان جاي ، بۇ يەردىن كەتسەم بولمايدۇ » دەپ ، قاناقانىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلماپتىكەن . قاناقامۇ ئابدال ، قاراقوشۇنلۇقلاردىكى قەبىلىچىلىكنىڭ كۈچلۈكلۈكىنى ئويلاپ ، ئاتامغا ئۇ ھەقتە قايتا بىرنېمە دېمەپتىكەن . ئىلاجىنىڭ يوقىدىن قاناقا ئۇيۇشۇشنى ئەلا بىلىپ بۇلاقكۆلدىكى قالۇچىلارنى باشلاپ كۆچۈپ كەلدى . كۆچۈپ كەلگەنلەرنىڭ

ئالدىغا ئون يىل ، كەينىگە بىر يىلمۇ بولمىدى . يەنە ئۆي سېلىۋاتىمىز ، يېڭىدىن كۆچۈپ كېلىۋاتىدۇ . بۇنداق ئەھۋالدا : «بىزمۇ يەر تېرىيلى» دەپ يەنە كۆچۈشكە دەۋەت قىلساق ، كىشىلەر نېمە دەيدۇ . بىرەر ئاپەت بولسا ، دەريالار يۆتكىلىپ ، كۆللەر قۇرۇپ كەتسىغۇ ئىلاجسىز جان بېقىشنى دەپ كۆچىدۇ ، ئەمما ھېچنېمىدىن ھېچنېمە يوق كۆچەيلى دېمەك تەس . سېنىڭ ئىشىڭ باشقا گەپ . سەن يەر تېرىماق بولۇپ كۆچۈپ كېتىشنى نىيەت قىلغان بولساڭ ، خالىغان يېرىڭنى ئېيت ، مەن كۆچۈرۈپ ئاپىرىپ قويىمەن . توختاق بىلەن ئايسۇلۇنى قانداق قىلىسەن؟ — دېدى .

— ئۇلار بىز بىلەن كەتسىمۇ ، تۇرۇپ قالىمىز دېسىمۇ مەيلى . مەن قاناقانىڭ ئاگايىنى يىلدا بىر - ئىككى قېتىم كېلىپ يوقلاپ تۇرىمەن . ھازىرچە چارىغا بارىمىز . ئۇ يەردىكىلەردىن يەر تېرىش ئىشلىرىنى ئوبدان ئۆگىنىۋېلىپ ، ئاندىن تېرىقچىلىق قىلىدىغان بىر يەرنى تېپىپ ماكانلىشىمىز .

— توختاق بىلەن مەن سۆزلىشەيمۇ ، ئۆزۈڭ سۆزلىشەمسەن ؟

— ئۆزۈم سۆزلىشىمەن .

## 2

— قاناقانىڭ دېگىنىدەك قىلساققۇ ، بىزمۇ ئۇلار بىلەن بىللە كېتىپ يەر تېرىساق ، تۇرمۇشىمىزنى ئۆزگەرتىپ باقساق بولىتتى . قاناقانىڭ ئاگايىنى بىزمۇ قويۇپ كەتسەك بولماس . سىلەر بېرىپ تۇرۇڭلار . كېيىنچە كەينىڭلاردىن بېرىپ قالارمىز ياكى باشقا بىر يولى بولۇپ قالار ، — دېدى تايۇق قىزى ئايسۇلۇ بىلەن توختاققا .

بۇگۇن ئەتىگەن ئوماق توختاق بىلەن ئايسۇلۇنى چاقىرتىپ ، ئۇلارغا بۇ يەردىن كەتمەكچى بولۇۋاتقىنىنى ، ئويلىغانلىرىنى ھەم ئۆزلىرىنىڭ كېتىشىگە كۆنچىققانبەگنىڭ قوشۇلغانلىقىنى ئېيتىپ :

— بىز بىلەن كېتىش - كەتمەسلىكنى ئۆزۈڭلار بىرنېمە

دەڭلار ، — دېدى .

ئون يىلنىڭ ئالدىدا بولغان بولسا ، ئۇلار ھەرگىز قاناقانىڭ تۇپرىقىنى يالغۇز تاشلاپ قويۇپ كېتەلمەيتتى . ھازىر قاناقانىڭ تۇپرىقى ئەتراپى جاھانبەگنىڭ ئائىلىسى بولۇپ ئوتتۇز نەچچە ئائىلىلىك قويۇق بىر مەھەللە بولۇپ قالدى . كەتسىمۇ خالىغان چاغدا كېلىپ يوقلاپ تۇرسا بولىدۇ . ئايسۇلۇچۇ ؟ ئۇ نېمە دەيدۇ ، ئۇ بىرلا قىز ، بىرلا بالا ، لوپلۇقلاردىغۇ ئەر نەدە بولسا ئايالمۇ شۇ يەردە بولىدۇ . ئاتا ـ ئانا بالىغا ، بالا ئاتا ـ ئانىغا چىداشماي تارتىشىپ ئاجرىشىپ كېتىدىغان ئىش يوق . بۇنداق قىلغاننى بەك ئېغىر ئالىدۇ . توختاق شۇنداق ئويلىغانىدى ، لېكىن قېيناتىسى تارتىشمايلا ھېلىقىدەك جاۋاب بەردى . پەقەت : «ماقۇل كۆرسەڭلار ئابلاقنى قويۇپ كەتسەڭلار ، بىز قاتارغا قوشۇپ بېرەيلى» دېدى شۇ . بۇ تەلەپكە ئوماق ، ئايقۇتمۇ ھەم توختاق بىلەن ئايسۇلۇمۇ قوشۇلدى . ئوماق بىلەن تايۇق ئاكا ـ ئۇكا ، ئايقۇت بىلەن ئۇلامخان ئاچا ـ سىڭىل بولۇشقان تۇرسا ، بىر ـ بىرىنىڭ گېپىنى يېرىشاتتىمۇ . ئابلاق توختاق بىلەن ئايسۇلۇنىڭلا ئەمەس ، ئىككى چوڭ ئائىلىنىڭ بالىسى . ئۇ ھازىر تۆت ياشقا كىرىپ قالدى ، قولدىن چىقتى ، جاپاسى تۈگىدى .

ئوماق بىر تەرەپ قىلىنىشى تەس بولمايدىغان بىر ئىش قالدى . بۇ ئىشتا ئالدى بىلەن تايۇق بىلەن سۆزلىشىپ ، ئۇ ماقۇل كۆرسە ، ئاندىن تۇلەك بوۋا ، ھەكىملەر بىلەن كۆرۈشمەكچى بولدى .

— مەن بۇ جانىۋارلارنى قانداق قىلار ، چارىغا ئەكېتەرمۇ ، قانداق ئەكېتەر ، دەپ ئويلاپ يۈرۈپتىمەن . مۇنداق دېگىن ، بەك ئوبدان بولىدىغان بولدى . ئۇ ماللارغا چەپەر ، سەن قارىغاندەك قارايمەن ، خاتىرجەم بول . بۇ ئىشنى تۇلەك بوۋىغا ئېيتتىڭمۇ ؟

— سەن بىلەن سۆزلىشىپ بولۇپ ، ئاندىن ئۇ ئىككىسى بىلەن سۆزلىشەي دېگەنىدىم .

— ئۇنداق بولسا ، ئۇلار بىلەن ھازىرلا سۆزلىشىپ بۇ ئىشنى مۇقىملىۋېتەيلى .

ئوماق بىلەن تايۇق تۇلەك بوۋىنىڭ ئۆيىگە ماڭدى .

ئوماق ئۆيىنىڭ بىر تەرىپىگە چەپەر بەرگەن كېپىك ، جەرەنلەرگە قومۇش ، يۇلغۇنلار بىلەن قاشالاپ قوتان ياسىغانىدى . بۇ قۇملۇقتا ئۇ ماللارنى بېقىش ئوماققا خېلى تەس كەلگەن بولسىمۇ ، ئاسمىنى كەڭ جاڭگال ، چاتقاللىقتا خالىغىنىچە يايلاپ ، ئەركىن - ئازادە ئوتلاپ ئۆگىنىپ قالغان بولغاچقا ، ئۇلارنىڭ قوتانغا كۆنمىكى بىر مەسىلە بولۇپ قالدى . ئىككى - ئۈچ كۈنگىچە ھېچنېمە يېمەي ، سۇمۇ ئىچمىدى . دەسلەپكى كۈنى ئۆزلىرىنى شاخشىغا ئۇرۇپ ، بۆسۈپ چىقىپ كېتىشكە ئۇرۇنۇپ باقتى . ئوت يېمەي ، سۇ ئىچمەي ئاجىزلاپ قالغان بولغاچ ، ئىككىنچى كۈندىن باشلاپ ، پۇت - قولى باغلانغان تۇتقۇندەك ، ئىچىگە تىنىپ ، ئەلەم - ھەسرەت ۋە قەھر - غەزەپ بىلەن قارىغاندەك ، لۆم - لۆم قاراپ جىممىدە يېتىشى ئوماقنى بەك ئازابلىدى . ئۇ بۇ ماللارنىڭ بىچارە ھالىغا ئىچى ئاغرىپ قالدى . يېمەي ، ئىچمەي يېتىۋېرىپ ئاجىزلاپ كەتكەن بىچارە ماللار تۆتىنچى كۈندىن باشلاپ تاشلاپ بەرگەن ئوت - چۆپنى خالىمىغاندەك ، ئاغزىنىڭ ئۇچىدا چايناپ يېيىشكە باشلىدى . بۇنداق كېتىۋەرسە ، ماللار كۈندىن - كۈنگە ئاجىزلاپ تۈگىشىپ كېتەتتى . ناۋادا ، بىرەر كۆڭۈلسىز ئاقىۋەت بولۇپ قالىدىغان بولسا ، چەپەرگە جاۋابىنى بەرمەك تەس ئىدى . شۇڭا بۇنىڭ بىر ئامالىنى قىلمىسا بولمايتتى .

— توغرا ئويلاپسەن ، ئۇلارنىڭ ياشاپ كەلگەن يېرى كەڭ يايلاق ، كەڭ دالا ، چۆل بولسىمۇ ئۇلارغا ئەركىن يايراش ئەلا . ھەكىم بىلەن بىللە ئاپىرىپ ئارالغا چىقىرىپ قويۇڭلار ، — دېدى تۇلەك بوۋا ، ئوماق كېيىك ، جەرەنلەرنىڭ ئوت يېمەي ، سۇ ئىچمەي ئاجىزلاپ كەتكىنىنى ، ئۇلارنى تۇلەك بوۋىنىڭ ئېقىنىغا ئاپىرىپ قويۇشنى ئويلىغىنىنى ، بۇنىڭغا ئۇنىڭ قانداق قارايدىغانلىقىنى ئېيتقىنىدا .

تۇلەك بوۋا بىلەن سۆزلەشكەن كۈنىنىڭ ئەتىسىلا ئوماق ھەكىم يەنە مەھەللىدىكى بىرنەچچە كىشى بىلەن كېيىك ، جەرەنلەرنى تۇ-

لەك بوۋىنىڭ ئىقىنىغا ئىلىپ بېرىپ كىمىگە سېلىپ بىر چوڭراق ئارالغا ئۆتكۈزۈپ قويدى . شۇ كۈنىلا تۇلەك بوۋا باشقا ئۈچ مەھەل-لىنىڭ ئاقساقاللىرىغا ھېچكىمنىڭ ئىقىنىدىكى ئارالدا ئوۋ ئوۋلى-ماسلىقىنى ، بولۇپمۇ كېيىك ، جەرەنلەرگە زىيان يەتكۈزمەسلىكىنى تاپىلاپ قويۇشنى ئالاھىدە جېكىلەپ قويدى . شۇنداق بولسىمۇ ئو-ماق ئىككى - ئۈچ كۈندە بىر بېرىپ ، ئۆزى بارالمىسا توختاقىنى ئەۋەتىپ يوقلاپ تۇردى . مانا ئەمدى ئۆزى ، توختاقمۇ چارىغا كەت-مەكچى بولۇۋاتىدۇ . ئۇ ماللارنىمۇ بىللە ئېلىپ كېتىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى . شۇڭا ئۇلارنى تايۇق ، ھەكىملەرگە تاپشۇرۇپ كەت-مەكچى بولغانىدى ، بۇ ئىش كۆڭلىدىكىدەك ھەل بولدى .

سۆزلىشىدىغاننى سۆزلىشىپ ، ھەل قىلىدىغاننى ھەل قىلىپ بولۇپ ، بىر كۈنى ئەتىگەندىلا يولغا چىقىشنىڭ تەرەددۇتىغا تۇتۇش قىلدى . بۇ خەۋەر شۇ مەھەلدىلا تۆت مەھەللىدىكى ھەممە كىشىگە يېتىپ بولدى . ئۇلار ئاڭلاپ ئەجەبلىنىشتى ، ھەيران قېلىشتى . ئوماقلار بىلەن خوشلاشقىلى كېلىۋاتقانلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيتتى . ئوماقلار بىر ياقتىن يۈك - تاقلىرىنى تېڭىپ - ئارتىش ، بىر ياقدىن كىشىلەر بىلەن خوشلىشىپ ، بىرنېمىلەر دېيىش بىلەن بەند ئىدى .

— چارىغا ، يەر تېرىغىلى ، بىزمۇ يەر تېرىيلى ، — دەپ جاۋاب بېرەتتى ، — نەگە بارىسىلەر ، نېمىش قىلىسىلەر ؟ — دەپ سورىغۇچىلارغا ئوماق .

كۈنچىققانبەگ ، تۇلەك بوۋا ، تايۇق ، توختىكۆللەرنىڭ ئوماق-لاردىن زادى ئايرىلغۇسى يوق ئىدى . بولۇپمۇ «يانلار مەھەللىسى» دىكىلەرنىڭ ئۆز ئاقساقىلىدىن زادى ئايرىلىپ قالغۇسى يوق ئىدى . ئۇلار ئىلگىرى ھەرقايسى مەھەللىلەردە ھەر - ھەر ئاقساقاللارنى كۆرگەن ، لېكىن تارازىدەك ئادىل ، ئەل - يۇرتنىڭ غېمىنى يەپ ، سۆيىدە ئاقىدىغان ئاقساقالنى كۆرمىگەنىدى ، كۆرسىمۇ ناھايىتى ئاز كۆرگەن . خۇددى شۇنچە سانسىز يۇلتۇزلار ئىچىدە چولپان يۇلتۇز بىرلا بولغاندەك ، بۇ يۇلتۇز يەنىلا ئوماق ئىدى . قەبىلىچى

ئاقساقاللارنىڭ يەكلىشى، چەتكە قېقىشى، بېسىمىغا كۆپ ئۇچ-
راپ، كۆپتىن ئايرىلىپ قوملۇق ئىچىدىكى پارچە - پارچە پىنھان-
لاردا ياشاشقا مەجبۇر بولغان بەزىلەر چىدىماي لېۋىنى چىشلىشەت-
تى. ئايئاق ساقاللىق، ياشانغان بىر بوۋاي ئوماقنىڭ ئالدىغا
ھاسىغا تايىنىپ كېلىپ:
— ئوغلۇم، بىزنى تاشلاپ كېتىدىغان بولدۇڭمۇ؟! —
دېدى. بوۋاينىڭ ئاۋازى يىغلامسىرىغاندەك چىقتى. بوۋاي ھەققە-
تەن ئىچىدە ئۆكسۈپ يىغلىغانىدى.
بوۋاينىڭ ھالىتىگە قاراپ ئوماقنىڭ باغرى ئېزىلدى. ئۇلار-
نىڭ قەبىلىچىلىكنىڭ كاساپىتىدىن غېرىبانە ئۆتكەن جاپالىق ئۆم-
رىگە ئىچ ئاغرىتتى، ئېچىندى. ئەمما بۇنىڭلىق بىلەن، كېيىنلىك-
نى ئويلاپ كۆڭلىگە پۈككەن نىيەت، مەقسىتىدىن يانالمايتتى.
— كۆڭلۈڭنى توق تۇت، بوۋا، ئەتىراپىڭدا يۇرت
بېگى — كۇنچىققانبەگ، يەنە تولەك بوۋا، تايۇقلار بار، — دېدى
ئوماق، بوۋايغا تەسەللى بېرىپ.
ئوماق، ئايقۇتلارغا كۇنچىققانبەگ، تولەك بوۋا ۋە تايۇق -
ئۇلامخان، توختىكۆل، ئۇجۇلخانلار بىلەن خوشلاشماق بەكلا ئېغىر
كەلدى. ئۇلامخان بىلەن ئۇجۇلخان ئايقۇتقا ئېسىلىپ ھازا ئاچقان-
دەك يىغلىشىپ بىرنېمىلەر دېيىشەتتى.
نېرىدا بىر ئادەم كىشىلەرنىڭ ئوماق بىلەن خوشلىشىشىغا
كۆزىگە ياش ئالغىنىچە قاراپ تۇراتتى. ئۇ شۇ تاپتا ئوماقلارنىڭ
كەلگەنلىكىگە قارىتا ئۇيۇشتۇرۇلغان قوشاق ئېيتىشىشتا ئۇنىڭغا
قارىتىپ ئېيتقان قوشىقىنى ئويلاپ ئىچ - ئىچىدىن ئازابلانماقتا
ئىدى. شۇ ئازابتىن ئۇنىڭ يۈرىكى، ياق، پۈتۈن ۋۇجۇدى يىغلاۋا-
تاتتى. ئۇ نېرىدىن قاراپ تۇرۇۋېرىشكە چىدىمىدى، بىر قەدەم -
بىر قەدەمدىن مېڭىپ ئوماقنىڭ ئالدىغا كەلدى. ئوماق ئۇنىڭ
لىققىدە ياشقا تولغان كۆزىگە قارىدى. ئوماقنىڭ كۆزىدىمۇ ياش
لىغىرلاپ قالدى. ئىككىسى قۇچاقلىرىنى كېرىپ بىر - بىرىگە
قاراپ مېڭىشتى. بۇ، ئەسىرلەردىن بېرىقى يەكلىشىش، چەتكە

قېقىشىش — چەتكە قېقىلىشىنىڭ ئاچچىق نادامىتى ، ھەسرىتى ۋە
پۇشايمىنىدىن تۇغۇلغان تۇغقانلارچە يېقىنلىشىش ، قۇچاقلىشىش
ئىدى !

تالىشقۇلنىڭ كۆزىدىن تاراملاپ تۆكۈلۈۋاتقان ياش ئۇنىڭ مە-
ڭىز ئېتەكلىرىدىن تېشىپ ئۇماقىنىڭ مۇرىسىگە قۇيۇلاتتى . ئۇ
ئىچ - ئىچىدىن يىغلاپ ، ئۇمچىيىپ بىرنېمىلەرنى دەيتتى . ئۇنىڭ
نېمە دەۋاتقىنىنى بەلكى ئۇماق ئاران ئىلغا قىلالىغاندۇ . ئاخىر
ئۇماق تالىشقۇلنىڭ قۇچىقىدىن ئاجراپ ، ئۇنىڭ ئىككى مۇرىسىدىن
تۇتۇپ تۇرۇپ :

— ئۆتكەن ئىشنى ئۆلگەنگە ، يوققا چىقىرايلى . بىز ھازىر
تۇغقانلاردەك بولۇپ قالدۇق . كەتكىنىمىز بىلەن يەنە كېلىپ تۇرد-
مىز ، سىلەرنى سېغىنىمىز ، — دېدى .

تالىشقۇل گەپ قىلماي كەينىگە بۇرۇلۇپ ، ئۇماقلار بىلەن
خوشلىشىشقا كەلگەنلەر توپىنى يېرىپ ئۆتۈپ ، خوتۇنى تۇتۇپ تۇر-
غان ئاتنى يېتىلەپ ئۇماقنىڭ ئالدىغا كەلدى . سىزىپ قويغاندەك
يۇپيۇمىلاق ئاق قاشقىلىق ، كۆكرىكى كەڭ ، پاچاقلىرى دىقماق ،
قۇلىقى كىچىك ، يالى بويۇن - پاتىڭىنى يېپىپ يېيىلىپ تۇرىد-
غان ، قويۇق قۇيرۇقى يەرگە تېگىپ تۇرىدىغان بۇ بوز بۇرۇل ئات
كۇنچىققانبەگنىڭ جەدىسىدىن قالسىلا ، سۇباتلىقتىمۇ ، ياش ۋە يۇ-
گۇرۇشتىمۇ داڭلىق ئىدى . بۇ ئاتنىڭ ئالدىدىن ھەرقانداق كېيىك ،
جەرەن قېچىپ قۇتۇلالمايتتى ، يېتىشىۋالاتتى ، ئىگىسىنى ئوۋغا
ئىگە قىلاتتى .

— تالىشقۇل ، بۇ نېمە قىلغىنىڭ . ھەرقايسىڭلار مېنى خېلى
ئات ، كالا ، قويلۇق قىلىپ قويدۇڭلار ، مەن بۇلارنى قاچان قايتۇ-
رۇپ بولىمەن . سەن يەنە… — دېدى ئۇماق .

تالىشقۇل ئاتنىڭ تىزگىنىنى ئۇماققا سۇنۇپ تۇرۇپ :

— ئۇلار سېنىڭ قوشاق ئېيتىشىشتا يېڭىپ چىققىنىڭغا يۇرت-
نىڭ سېنى ئالقاداپ[1] بەرگىنى . بۇ مېنىڭ يوللۇقۇم ، — دېدى ،

---

[1] ئالقاداپ — ئالقىشلاپ ؛ مۇبارەكلەپ ، تەبرىكلەپ ؛ ماختاپ ، مەدھىيىلەپ .

تىلىنىڭ ئۇچىغا كېلىپ قالغان : «بۇ مېنىڭ ناماقۇللۇق مېلىم» دېگەن گەپنى ئاغزىدىن چىقىرالمىدى . چىقىرىپلا قويسا ئوماقنىڭ يوللۇقنى قوبۇل قىلىشى ناتايىن ئىدى . چۈنكى ، ئۇ گەپنى ئوماق : «تالىشقۇل مېنى تار قورساق ، ئاداۋەتچى ئادەم دەپ ئويلايدىكەن» دەپ چۈشىنىپ قالاتتى . تالىشقۇلنىڭ ئۇ گەپنى ئاغزىدىن چىقارمىغىنى ياخشى بولدى . ناۋادا ، ئوماق يوللۇقنى قوبۇل قىلمىسا ، تېخىچە قورسىقىدا تالىشقۇلغا غوم ساقلاۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ قالاتتى . ئوماق ئىلاجسىز ئاتنى قوبۇل قىلدى .

تۇرىۋەرسە خوشلىشىش ئاخىرلىشىدىغاندەك ئەمەس . كۆنچىققانبەگ ئادەملىرىگە يۈك - تاقلارنى كالىلارغا ئارتىشنى بۇيرۇدى . ئۇلارغا ئىش تەگسۇنمۇ ، تايۇق ، توختىكۆل ، ھەكىم ، تالىشقۇل ۋە باشقىلار ئارتىدىغاننى ئارتىپ تەييار قىلىپ قويدى . ئوماق ، توختاقلارنىڭ ئۆيۋاقلىرى بەش كالىغا ، ئون ئىككى قوي ئاسما كاداڭ سېۋەتلەرگە سېلىنىپ ئالتە كالىغا ئارتىلدى .

ئون بىر ياشلىق ئۆردەك كۆنچىققانبەگ شۇنىڭغىلا بەرگەن قېچىردەك يوغان ، قاۋۇل چامبۇل ئېشەككە مىندى ، قالغانلىرى بىردىن بەش ئاتقا مىندى . ئۇلارنى چارىغا ئاپىرىپ قويۇپ قايتىدىغان ئۈچ كىشى بولۇپ سەككىز ئاتلىق ، بىر ئېشەكلىك ئادەم بىر كارۋانلىق توپ بولۇپ يولغا چىقتى . ئۇلار قوزغىلىپ تېخى ئون قەدەم ماڭمايلا ، توپ ئىچىدىن ئەڭ مۇڭلۇق ئاھاڭدا يىغا ئارىلاش ئېيتىلغان قوشاق ئاڭلاندى . بۇ ئۇلامخاننىڭ ئۈنى ئىدى :

ئېگىز - ئېگىز قۇم دۆڭلىرى پەسلەرمۇ ،
تۇغقانلارىم بىزنى يادلاپ ئەسلەرمۇ .
سۇلۇ قىزىم ، خۇدايىمغا ئامانەت ،
ئاسان بولغاي يول يىراقى ، تەسلەرمۇ .

قالار بولدۇق بىز سىلەرنى ئارمانلاپ ،
قالدىڭلارمۇ سىلەر بىزدىن يامانلاپ .

ئۆگۈمىزدا ، چۈشۈمىزدە يادلايمىز ،
تەڭرىم بەرگەي ئىشىڭلارنى ئاسانلاپ...

ئۇلامخاننىڭ قوشىقىنىڭ ئىككى كۇپلېتى ئاخىرلىشىشىغا ، ئۇجۇلخان ئۇلاپلا ئۇلامخان ئېيتقان ئاھاڭدا تۆۋەندىكى قوشاقنى ئېيتتى :

چارا دېگەن تىكەنلىكنى[1] ئۇياقى ،
بارغانلارغۇ ياخشى دەيدۇ ئوتلاقى .
ئۆچمەسۇن دەپ خۇدايىمدىن تىلەيمەن ،
دىللاردىكى تۇغقانچىلىق چىراقى .

خۇدا بەرسۇن يولۇڭلارغا ئاقلىقنى ،
ئاياماسۇن تەنىڭلارغا ساقلىقنى .
سېنى ھەرگىز ئۇنتۇمايمەن ئايقۇتۇم ،
ئۇنتۇماغىن سەنمۇ ئۇجۇل ئاتلىقنى .

ئۇجۇلخاننىڭ قوشىقىنىڭ ئاخىرى چۈشمەيلا بىر ئەر كىشىنىڭ قوشىقى ئاڭلاندى :

دوستلۇق ماڭا ئەمدى قۇچاق ئاچقاندا ،
قېرىنداشتىن چارى بىر دوست تاپقاندا ؛
ماڭا بەرگەن جازاسىمۇ خۇدانىڭ ،
ئارىلدىمغۇ قېلىپ ئاچچىق ئارماندا .

قالار بولدۇم ئارمانىڭنى يەپ ئوماق ،
ئەجەب ئېسىل ئادەم ئىدى دەپ ئوماق .
......

---

[1] تىكەنلىكنى — لوپنۇر دىئالېكتىدا شۇنداق ، ئەسلىدە تىكەنلىكنىڭ بولۇشى كېرەك .

بۇ قوشاقنى ئېيتقان كىشىنىڭ كىملىكى بۇ يەردىكى ھەممە كىشىگە ئايان ئىدى .

ئوماق ، ئايقۇتلار خېلى يەرگىچە ئۇزاپ بولغانىدى . ئايقۇتمۇ ئېيتىشىش قىلىپ تۆۋەندىكى قوشاقنى ئېيتتى :

كەتەر بولدۇق تارىمنى باش بويۇغا ،
ئاتالارىم ، ئانالارىم يۇرتۇغا .
خەۋەر بەرسەڭ بارارسىلەر تۇغقانلار ،
تۆمۈرۈمنۇ ، ئۆردەكىمنى تويۇغا...

ئايقۇت قوشىقنى داۋاملاشتۇرۇپ ئېيتتىمۇ ، ئېيتمىدىمۇ ، ئۇنى ئاستا ـ ئاستا پەسلەپ ئاڭلانماي قالدى . ئەمما يېڭى يۇرتلۇق-لار ئايرىلىشقا كۆزى قىيماي ، يۈرىكى چىدىماي ، ئۇلارنىڭ قارىسى يىتكۈچە كۆزلىرى ياش ھالدا قول پۇلاڭلىتىپ تۇرۇشتى .

كۆچۈپ كېلىش ، كۆچۈپ كېتىش — پات ـ پات كۆچۈپ تۇرۇش بۇ يەردىكىلەرگە ئادەتتىكى ئىش . پالانى كۆچۈپ كېپتۇ دېسىمۇ ياكى پۇستانى كۆچۈپ كېتىپتۇ دېسىمۇ ئانچە قىلىپ كەت-مەيدۇ . ھەتتا قوشكېزەك قېرىنداشلاردىن بىرى يىراق يەرگە كەت-مەكچى بولسىمۇ «كېتەمسىنا» دەپ قويىدۇ ، ئانچە پەرۋا قىلماي-دۇ . بۈگۈنكىدەك ئايرىلىشقا قىيالماي كۆز ياش قىلىدىغان ئەھۋال بەك ئاز بولىدۇ . ئەجەبا بۈگۈن نېمىشقا ئوماقلارغا بۇنچە قىلىپ كېتىدۇ ؟ بۇ ، ئوماقنىڭ چوڭ ئۆملىشىشتە سىڭدۈرگەن بىر كىشى-لىك ئەقىدىلىك ئەجرىنىڭ خاسىيىتى ئىدى .

ئوماق سۆگەتبۇلاقتىن بۇ يەرگە كېلىشتە : «ئەمدى زادى كۆچمەسمەن» دېگەن ئۈمىد ، ئىرادە بىلەن كەلگەنىدى ، لېكىن يەنە كۆچىدىغان بولۇپ قالدى ، مانا كۆچۈپ ماڭدى . ئۇنىڭ بۇ كۆچۈشى ئادەتتىكى كۆچۈشلەرگە ئوخشىمايتتى . بۇ ، ئۆزىنىڭمۇ ، باشقىلار-نىڭمۇ كۆچۈپ يۈرمەسلىكى يولىدا ئىزدىنىپ بولۇۋاتقان كۆچۈش ئىدى . بىز ئۇنىڭغا خەيرلىك تىلەيمىز .

## 3

— ئابداللىق تالىش قوشۇقنى يېگىۋالغان ئوماق قوشۇق چارىغا كۆچۈپ كېلىۋېتىپتۇ .

— يېڭى ئابدال مەھەللىسىنىڭ ئاقساقىلى ئوماقما ؟

— ھەئە ، شۇ ئوماق .

— ئۇ ئەسلىي مۇشۇ چارىلىقكەندۇقۇ ؟

— ھەئە ، ئۇ ھەلەقى تۇراق يولۋاسىنىڭ بالىسى .

— گوي - گوي - گوي ، بۇلاقكۆلدە ئوقيا بىلەن جەرەننىڭ ئىككى پۇتىنى بىر قىلىپ قويغان ئوماق شۇ دېگىنە...

ئوماقلارنىڭ چارىغا كۆچۈپ كېلىۋاتقانلىق توغرىسىدىكى خەۋەرنى چارىدىن ئىكەنلىككە بېرىپ كەلگەن بىر كىشى بۈگۈن چۈشتە ئېلىپ كەلگەندى . تىپتىنچ تۇرغان كۆلگە چۈشكەن كىچىككىنە تاشمۇ سۇنى داۋالغۇتقاندەك ، ئوماقنىڭ كۆچۈپ كېلىۋاتقانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەر چارىدا ئەنە شۇنداق قىزغىن پاراڭلارنى قوزغىدى . بۇ خەۋەر چارا ئاقساقىلى ئالىبايغا ئاڭلانغاندا ، ئۇ ھەم ئەجەبلەندى ، ھەم خۇش بولدى . «بىر مەھەللىنىڭ ئاقساقىلى تۇرۇپ ، مەھەللىنى تاشلاپ بۇ يەرگە نېمىگە كېلەر» دەپ ئەجەبلەندى ، يەنە تۇرۇپ ئۇنىڭ ياش چېغىدىنلا چىقىشقاق ، كىشىلەرگە مۇلايىم مۇئامىلە قىلىدىغان مىجەزىنى بىلگەچكە ، چارىغا كۆچۈپ كېلىۋاتقىنىدىن خۇش بولدى .

ئالىباي جۇداخ - يانلار قەبىلىسىدىن بولۇپ ، ئەسلىدە كونا ئابدال ئەتراپىدىكى كىچىك بىر كۆل بويىدا تۇغۇلغان . بىرنەچچە ئۆيلۈك جۇداخ - يانلار شۇ كۆل بويىدا ياشايتتى . كۆلدە بېلىق جىق ئىدى ، كۆل ياقىسىنىڭ بىر تەرىپى بۈك قومۇشلۇق ، يەنە بىر تەرىپى قويۇق يېكەنلىك ئىدى . كۆلنىڭ ئەتراپى خېلى كەڭ چاتقاللىق بولۇپ ، بەزىدە كېيىك ، جەرەنلەر ئوتلىغىلى ، سۇ ئىچكىلى كېلىپ قالاتتى . چاتقاللىقنىڭ بىر چېتىدە ياۋا جىگدىلىك بار ئىدى . بىرنەچچە ئۆيلۈكنىڭ ئاساسىي يېمەكلىكى بولغان بې-

لىق ، ئۆجۈل ، جىگدە مۇشۇ يەردىلا بار ئىدى . ئابدال ئاقساقاللى-
رى كۆلنى ئىگىلەش غەرىزىدە ئۇلارغا پات - پات ئاۋارىچىلىك
سېلىپ ، ھەدېسلا توپ - توپ ئادەمنى باشلاپ كېلىپ كۆلدە بېلىق
تۇتىمىز دەپ بىرنەچچە كۈن تۇرۇپ كېتىشەتتى . دەل ئۆجۈل ،
جىگدە يىغىدىغان چاغدىمۇ بىر تۈركۈم كىشىنى ئەۋەتىپ ، ئۇلارنىڭ
رىزقىنى تالىغاندەك ئېلىپ كېتىشەتتى . ھەر جەھەتتىن قىسىلىشتا
قالغان بىرنەچچە ئۆيلۈك ئىلاجسىز ھەر تەرەپكە كۆچۈپ كەتكەن ،
ئالىبايىنىڭ ئاتا - ئانىسى چارىغا كۆچۈپ كەلگەنىدى . ئۇ چاغدا
ئالىباي بەش ياشتا ئىدى . مانا ھازىر ئاتمىش سەككىز ياشقا كىرىپ
قالدى . ئوماقنىڭ ئاتا - ئانىسى سۆگەتبۇلاققا كۆچۈپ كەتكەندە
ئوماق يىگىرمە ئىككى ياشتا ، ئالىباي ئوتتۇز بەش ياشتا ئىدى .
ئالىباي يېشى چوڭايغانسېرى ئەجدادلىرىنى تارتىپ ئۇستى-
خانلىق ، ئېگىز بوي ئادەم بولدى .

ئوماقنىڭ ئانىسى تۇراق ئاتىنىڭ چارىدىكى چېغىدا بېلىققا
سانجىيدىغان ئاددىي سانجىغاق بىلەن يولۋاس ئۆلتۈرگىنىگە ئالىباي
ھەۋەس قىلىپ يۈرەتتى . ئوماقنىڭ ئوقيا ئوقىنى خۇددى زىخقا
گۆش ئۆتكۈزگەندەك جەرەننىڭ ئىككى پۇتىدىن ئۆتكۈزۈپ قويغى-
نىنى ئاڭلاپ ، ئۇنىڭ مەرگەنلىكتىكى قالتىس ماھارىتىگىمۇ ھە-
ۋەس قىلىپ يۈرەتتى . ئۇنىڭ قالاچ قاناقانىڭ تەربىيە - تەسىرىدە
باشقىچە ئادەم بولۇپ ، ئابدالدا يېڭى يۇرت قۇرۇش ، تارقاق كىشى-
لەرنى كۆچۈرۈپ يېڭى مەھەللىلەرگە ئورۇنلاشتۇرۇش ، چوڭ ئۇ-
يۇشۇشتا ئوينىغان رولى ، كىشىلەر ئارىسىدىكى ئورنى ، ھۆرمىتى ،
يۈز - ئابرۇيى توغرىسىدىكى تەرىپلەرنى كۆپ ئاڭلىغانىدى . مانا
شۇ ئوماق ئائىلىسىنى باشلاپ چارىغا كۆچۈپ كېلىۋېتىپتۇ .

ئالىباي ئاقساقال ئەزىمباقى قاتارلىق ئۈچ كىشىنى ئوماقلار-
نىڭ ئالدىغا ئاتلىق ئەۋەتتى . ئوماقلار كەلسە نەگە چۈشەر ، دەپ
ئەندىشە - غەم قىلىشنىڭ ئورنى يوق ئىدى . ئۇلار كۆچۈپ كەتكەن
ئوتتۇز ئۈچ يىلدىن بۇيان مەھەللە ئوتتۇرىسىدىكى ئىككى ئېغىزلىق
تام ئۆي بىلەن چوڭ بىر ئېغىزلىق قومۇش ساتما ئۆي شۇ پېتى

بوش ئىدى . ئالىباي ئۆزىگە تۆت ئادەمنى يانداپ بىرىپ ، ئۆيلەرنىڭ ئوڭلايدىغان يەرلىرىنى ئوڭلاپ ، چىقىرىۋېتىدىغان نەرسىلەر بولسا چىقىرىۋېتىپ ، سۈپۈرۈپ - تازىلاپ تەييار قىلىپ قويدى .

ئوماقلار يېڭى يۇرتچاپقاندىن چىقىپ ئالتىنچى كۈنى كەچتە چارىغا يېتىپ كەلدى . ئۇلارنى تونۇيدىغان ، تونۇمايدىغان بولۇپ بىر توپ ئادەم مەھەللىگە كىرىش دوقمۇشىدا ئالدىغا چىقىپ كۈتۈۋالدى .

ئەتىسى ئەتىگەندە ئالىباي ئاقساقال ئوماقلارنىڭ ھەممىسىنى ئەتىگەنلىك تاماققا تەكلىپ قىلدى . ئۇلارنىڭ ئالدىغا سەگەز - ماتادا قىلىنغان داستىخان سېلىپ ، داستىخانغا ياغۇنچاقتا تارتىلغان ئۇندا قىلىن ، توم يېقىلغان بۇغداي ناندىن بەشنى قويۇپ ، سۈتى قويۇق قايماقلىق چاي كەلتۈردى . ناننى ئوماق ، ئايقۇتلار كۆرگەن ھەم يېگەن ، توختاق كىچىك چېغىدا يېگەن بولسىمۇ ئۇنتۇپ كەتكەنىدى . ئايسۇلۇ ، تۆمۈر ، ئۆردەكلەر ناننىڭ نېمىلىكىنى بىلمىگەچكە ، قاراپ ئولتۇرۇشتى .

— بۇنى بۇغداي نان دەيمىز ، چايغا مۇشۇنداق سېلىپ ئىچىمىز ، — دېدى ئوماق ، ئالىباي ئاقساقال ناننى ئوشتۇپ قويۇپ چايغا تەكلىپ قىلغاندىن كېيىن ، ناننى چىنىسىگە ئۇششاق ئوشتۇپ سېلىۋېتىپ .

چارىغا كېلىپ تۇنجى ناشتىسىدا كۆرگەن ، يېگەن ناندىن باشقا رەخت داستىخانمۇ ئايسۇلۇنى قىزىقتۇردى . ئۇ شۇ يېشىغىچە كېيىك ، جەرەنلەرنىڭ ئاشلانغان تېرىسىنى داستىخان قىلىپ ئىشلىتىپ كەلگەنىدى .

چاي ئىچىلىپ ، دۇئا قىلىنىپ بولغاندىن كېيىن ، ئالىباي ئاقساقال ئوماقتىن :

— ھە ، ئاقساقال ، مەن ساڭا نېمە قىلىپ بەرسەم بولىدۇ ، — دەپ سورىدى .

— مەن ھازىر ئاقساقال ئەمەس ، سىزنىڭ قاراچىڭ ، يەر تېرىي دەيمەن . ماڭا يەر تېرىشنى ئۆگىتىپ قويساڭلا بولىدۇ ، — دېدى

ئوماق .

— بۇ يەردە بۇغداي ، قوناق ، تېرىق تېرىيمىز . سەن قايسىنى تېرىماقچى ؟

— بۇغداي بىلەن قوناق تېرىپ باقايمىكىن .

— هازىر دەل بۇغداي تېرىيدىغان ۋاقىت . مەن ساڭا يەر كۆرسىتىپ بېرەي .

چارىلىقلارنىڭ تېرىقچىلىق قىلىۋاتقىنىنىڭ ئالدىغا يۈز يىل ، كېيىنكە ئاتمىش - يەتمىش يىل بولغان بولسىمۇ ، تېرىقچىلىق قىلىش ، دان ئايرىش ، داننى پىششىقلاش ئۇسۇللىرى بەك ئاددىي ئىدى . بەش - ئالتە ئائىلە يەرنى ساپان - سوقا بىلەن ئاغدۇراتتى . چارىنىڭ يەرلىرى لوپ دالىسىنىڭ باشقا جايلىرىغا ئوخشاش قومساڭغۇ ، يۇمشاق - بوش بولغاچقا ، قالغان يىگىرمە - ئوتتۇز ئائىلە يەرگە ئۇرۇق چېچىپ بولۇپ ، قوڭاچاق بىلەن تاتىلاشتۇرۇپ ، ئارقىدىن سۆرەم سېلىپ قوياتتى . ئورۇلغان باشاقلارنى يوغان پالاس ئۈستىگە ئاز - ئازدىن ئېلىپ ئۇدۇللۇق توقماقلايتتى ، ھەممە داننى ئايرىپ چەش قىلىپ بولۇپ ئاندىن سورۇيتتى . ئۇلارنىڭ قوناقنى دان قىلمىقى بۇغداينى دان قىلىشتىن ئاسان ئىدى . بۇ يەردە شۇ چاغقىچە تۈلۈك يوق ئىدى . بۇغداي ، قوناقنى پىششىقلاپ ئۇن قىلىشى بىر مەسىلە ئىدى . بۇ يەردە تۈگمەن يوق . تاغ بەك يىراق بولمىسىمۇ ، تاشنى چوقۇپ - يونۇپ تۈگمەن تېشى ياساشنى بىلىدىغانلار يوق ئىدى . كۆپ ساندىكى چارىلىقلار تۈگمەن ، تۈگمەن تېشى دېگەن سۆزلەرنى ئاڭلىغان بولسىمۇ ، ئۆزىنى كۆرۈپ باقمىغانىدى . كۆنچى ، كورلىدا كۆرگەنلەرنىڭ ئاغزىدىن ئۇنىڭ قانداق نەرسە ئىكەنلىكىنى قىياس قىلىشاتتى . شىڭدى تېغىغا كېلىپ قالغان تۇرپانلىقلار ياسىغان ياغۇنچاقنى پالاس ، ھەر خىل تېرىلەرگە تېگىشىپ ، بۇغداي ، قوناقنى شۇنىڭدا ئېزىپ يارما قىلىپ يەيتتى .

ئالباي ئاقساقال ئوماقنى مەھەللىدىن ئانچە يىراق ئەمەس بىر تۆزگە باشلاپ باردى . ئوماق توختاقنى ئېلىۋالغانىدى . تۆمۈر بىلەن

ئۆردەكمۇ ئەگىشىپ بىللە كەلدى. بۇ بىر پارچە يەرنىڭ ئۈچ تەرىپىنى قۇم دۆڭلىرى ئوراپ تۇرغان بولۇپ، بىر تەرىپى تارىم دەرياسىنىڭ كەڭ قاپتىلى بىلەن تۇتىشىپ تۇراتتى. قاپتال پارچە - پارچە ئېتىزلىق بولۇپ، چارىلىقلارنىڭ يېرى ئىدى. ئېتىزلىقنىڭ ئوتتۇرىسىدىن چوڭ ئېرىق ئېلىنغان بولۇپ، ئېرىقنىڭ ئاخىرى ئوماققا كۆرسەتكەن تۇزگىچە كېلەتتى. ئەسلىدە ئېرىق بۇ تۇزگىچە كەلمەيتتى، ئالىباي ئاقساقال كۇزدە قوناق بېرىش شەرتى بىلەن كىشىلەرگە ئېرىقنىڭ ئاخىرىنى چاپتۇرۇپ كۇز ئوسىسى قىلىپ قويۇپ، بۇلتۇر ئەتىيازدا يەنە بىر ئوسا قىلىپ تۇنجى قېتىم بۇغداي تېرىغانىدى. چارا شارائىتىدا ھوسۇل قەدىر ئەھۋال ئېلىندى. چارىنىڭ كۆپ يەرلىرى قۇمساڭغۇ، كۇچ-سىز بولۇپ، سۇنىمۇ، ئوغۇتنىمۇ كۆپ تەلەپ قىلاتتى. سۇدا گەپ يوق، قانچىلىك ئاچسا سۇ بار، ئەمما ئوغۇت چوڭ مەسىلە ئىدى. لوپلۇقلار مال - چارۋىنى قوتانغا سولاپ باقمايدىغان بولغاچقا، ئوغۇت تاپماق تەس ئىدى.

— مانا مۇشۇ يەر، بۇلتۇر دەسلەپ قىلىپ تېرىپ باقتىم، بىر يۇز ئەللىك جىڭ ئەتراپىدا ئۇرۇق چېچىلىدۇ، — دېدى ئالىباي ئاقساقال ئېتىزنى ئوماققا كۆرسىتىپ بولۇپ.

ئۇلار قايتقاندا بەزىلەر يەرلىرىگە ئۇرۇق چېچىۋاتاتتى. بەزىلىرى ئۇرۇق چېچىپ بولۇپ، باغجانلاپ ئۆسكەن بەش - ئالتە تۇپ قوڭاچاقنى بىر قىلىپ باغلاپ ئۇستىگە يوغان كۆتەك قويۇپ كالىغا سۆرىتىپ يەرنى تاتىلاشتۇرۇۋاتاتتى. يەنە بەزىلىرى تاتىلاشتۇرۇپ بولغان يەرگە سۆرەم سېلىۋاتاتتى. بۇ ھەرىكەتلەر توختاق، تۆمۈر، ئۆردەكلەرگە يېڭىلىق بولۇپ، ئابدالدا زادى كۆرۈپ باقمىغانىدى. توختاق بۇ يېڭىلىقلارغا قاراپلا قالغانىدى. لېكىن، ئۆردەك كۆر-گىنىگە قانائەت قىلماي ئاتىسىدىن ئۇنى - بۇنى سوراپ ماڭماقتا ئىدى.

— بۇغداينى مۇشۇنداق چېچىپ تېرىمدا؟

— ھەئە.

— نېمىشقا قوڭاچاق سۆرىتىدۇ؟

— قۇچاچاق سۈرتىپ يەرنى تاتىلاشتۇرمىسا، ئۇرۇق توپا ئاستىغا كىرمەيدۇ.
— توپا ئاستىغا كىرمىسە نېمە بولىدۇ؟
— بۇغداي ئۈنمەيدۇ.
— شالنى نېمىشقا سۈرتىدۇ؟
— ئۇنى سۈرەم دەيدۇ. يەرگە سۈرەم سالغاندا ئۇرۇق بۇغداي يەرگە تولۇق كۆمۈلىدۇ.
— بۇغداي قاچان ئۈنۈپ چىقىدۇ؟
— ئون كۈن ئەتراپىدا ئۈنۈپ بولىدۇ.
......

ئەمدىلا ئون بىر ياشقا كىرگەن ئۆردەك ئۆزىگە پۈتۈنلەي يېڭىلىق بولغان تېرىقچىلىقنىڭ ھەممە باسقۇچ - يوللىرىنى ھازىرلا بىلىپ بولىدىغاندەك ئاتىسىدىن ئەنە شۇنداق سوراپ ماڭاتتى، بۇغ-داي مايسىسىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى كۆرۈشكە ئالدىراۋاتقان-دەك ئىدى. ئوماق ئاتىسى بىلەن تېرىقچىلىق قىلغاندا بىلىۋالغان-لىرى بويىچە بىر - بىرلەپ جاۋاب بەردى.

«مۇشۇنداق سوئال سورىشىدىن قارىغاندا بۇ چوقۇم باشقىچە بىر ئادەم بولىدىغان ئوخشايدۇ. ئىككى ئاكىسى سوئال سوراشنى بىلمەيدىغاندەك كۆرۈپلا بولدى قىلىۋاتىدۇ. ‹ئادەمنىڭ ئادەم بول-مىقى كىچىكىدىن› دېگەن راست گەپ ئوخشايدۇ» دەپ ئويلاپ قال-دى ئوماق.

بۇ يىلقى تېرىقچىلىق ئۈچۈن ئوماق پەقەت ئۇرۇقلۇق بۇغداي-غىلا ئېھتىياجلىق ئىدى. ئالىباي ئاقساقال يۈز جىڭ بۇغداي بې-رىپ تۇردى. ئەزىمباقى دېگەن كىشى ئەللىك جىڭ بۇغداي بېرىپ تۇردى.

ئەزىمباقى ئوماق بىلەن دېمەتلىك بولۇپ، ئاتىسى ئوماقنىڭ ئاتىسى تۇراق ئاتا بىلەن يېقىن دوست ئىدى. ئۇلار ئۇۋغا دائىم بىللە چىقاتتى، بىر - بىرىدىن بىر نەرسىلىرىنى ئاياشمايتتى. بۇ ئىشلاردىن ئۇنىڭ خەۋىرى بار ئىدى. ئاتىسى ئۆلۈش ئالدىدا: «تۇراق ئاتىنىڭ بالىلىرى چارىغا كېلىپ قالسا يېقىن ئۆتۈڭلار»

دەپ نەسىھەت قىلغانىدى . ئالىباي ئاقساقال ئوماقلارنىڭ ئالدىغا چىقىدىغان ئادەملەرنى بەلگىلەۋاتقاندا ، ئەزىمباقى : «مەن باراي» دەپ ئۆزلۈكىدىن ئاتلىنىپ ماڭغانىدى .

بۇغداينى ئوماق ئۆزى چاچتى . ئاتىسىدىن ئۆگىنىۋالغىنى بويىچە ئالدى بىلەن يەرنى بىرنەچچىگە بۆلۈپ سىزىۋالدى ، ئاندىن بىر يۈز ئەللىك جىڭ بۇغداينى شۇنچىگە تەڭ بۆلۈپ چېچىۋىدى ، بۇغداي كەملەپمۇ قالماي ، ئېشىپمۇ قالماي توپتوغرا چېچىلدى . توختاق چېپىپ كەلگەن قۇشاچاقلارنى ئىككىگە بۆلۈپ باغلاپ ، ئۈستىگە بىردىن كۆتەك قويۇپ يەرنى ئىككى قېتىم ئالا تاشلىماي تاتىلاشتۇرۇپ بولۇپ ، ئۈستىگە كۆتەك قويۇلغان شال بىلەن سۆرەم سالدى . شۇنىڭ بىلەن ئوماقنىڭ بۇ يىلقى تۇنجى تېرىقچىلىقى بىر يېرىم كۈن ئىچىدە تۈگىدى .

— ئەمدى نېمە ئىش قىلىمىز ؟ — ئۆردەك كەچلىك تاماق يەۋېتىپ سورىدى .

«راست ، نېمىش قىلىمىز ؟ بۇغداينىڭ ئۈنۈشىگە كەم بولغاندا ئون كۈن بار ، ئۇ ئۆزى ئۈنىۋېرىدۇ . بۇ ئون كۈن ئىچىدە نېمىش قىلىمىز ، بۇغداي ئۈنگەندىن كېيىنچۇ ؟» ئوماق ئوغلىنىڭ سوئالىغا جاۋاب بېرىش ئورنىغا ، ئىچىدە ئۆزىدىن ئۆزى شۇنداق دەپ سورىدى .

ئوماق ئارىلىقتىكى بوش ۋاقىتتا توختاقنى بىللە ئېلىپ بىر ئىش بىلەن كورلىغا بېرىپ كېلىشنى كۆڭلىگە پۈكتى . ئالدى بىلەن ئۆيىنىڭ گۆش مەسىلىسىنى ھەل قىلىپ بېرىش ئۈچۈن ، ئۈچ كۈنلۈك بولسىمۇ ئوۋغا چىقىپ كەلمەكچى بولدى . سۆگەتبۇلاق تەرەپكە باراي دېسە يىراقراق ، نەگە بېرىشنى ئالىباي ئاقساقالدىن سورىماقچى بولۇپ ئۇنىڭ ئالدىغا باردى .

— چارا ئەتراپىدىكى ئوۋ قىلغۇدەك يەرنىڭ ھەممىسى ئىگىلەكلىك . ھازىرچە مەن ئوۋلايدىغان دەريانىڭ ئۇ قات تەرىپىدىكى تانىۋالدى دېگەن يەرنىڭ نېرىسىدىكى جاڭگاللىقتا ئوۋلاپ تۇر ، — دېدى ئالىباي ئاقساقال ، ئوماقنىڭ : «ھازىرچە نەگە بارسام بولار» دەپ سورىغىنىغا جاۋابەن .

ئوماق ئالىباي ئاقساقالنىڭ ئۆيىدىن چىقىپ ئۆي ئالدىغا كېلىشىگە ، كونچىققانبەگ بىلەن تايوقلار كېلىپ قالدى . بولارنىڭ ئايرىلغىنىغا يېرىم ئاي بولمىغان بولسىمو ، كۆرۈشمىگىنىگە بىر نەچچە يىل بولغان ئامراق قېرىنداشلار دىدارلاشقاندەك قوچاقلىشىپ كۆرۈشتى ، هال - ئەھۋاللاشتى .

— هە ، چارىغا كەلگەندىن كېيىن نېمە ئىش قىلدىڭ ؟ — كونچىققانبەگ سورىدى .

— يەر تېرىدىم .

— هە ! يەر تېرىدىم ، بىرنەچچە كون ئىچىدە ؟ !

— ئالىباي ئاقساقال ئۆزىنىڭ ئېتىزىدىن تەييار يەرنى ئاجرىتىپ بەردى ، يەنە ئۇرۇقلۇق ئوچون يوز جىڭ بوغداي بەردى ، ئەزىمباقى ئەللىك جىڭ بوغداي بەردى . ئات ، كالا ئۆزۈمدە تولۇق بولغاچقا ، ئالدىنقى كونلا تېرىپ بولدۇق .

— ئايقوت ، ئايسۇلۇ ، تىلەشلەر ئوبدان تۇرامدۇ ؟ — تايوق سورىدى .

ئوماق تايوقنىڭ سوئالىغا جاۋاب بېرىپ بولۇپ تۆلەك بوۋا ۋە باشقىلارنىڭ ئەھۋالىنى ئالاھىدە سورىدى . تايوق جاۋاب بېرىپ :

— تۆلەك بوۋا ناھايىتى ساغلام ، تامىقىمۇ ئوبدان ، — دېدى .

ئوماق ئۇلارغا :

— يۇرۇڭلار ، ئۆيگە بارايلى . ئازراق ئوسالىق ئىچىۋېلىپ تېرىغان يېرىمنى كۆرۈپ كېلەيلى ، — دېدى .

ئۇلار ئۆيگە كىرگەندە ئايقوت بىلەن ئايسۇلۇ تورقا تالالىرىنى ئېشىپ ئولتۇراتتى .

— بەگ كېپتۇغۇ ! — ئايقوت قولىدىكى ئېشىۋاتقان يىپنى سۇپىغا قويۇپ ، ئۇلارنىڭ ئالدىغا ماڭغاچ سورىدى ، — ئاقئۇلام ، ئۇجۇلخانلار ئوبدان تۇرامدۇ ؟

— ئاتا ! — ئايسۇلۇ بىرىپلا ئاتىسىغا ئېسىلدى ، — ئانام ياخشىمۇ ، ئابلاقچۇ ؟

— ياخشى ، ياخشى . سېنى بەك سېغىندۇق ، توختاق كۆرۈنمەيدۇغۇ ؟

— توختاق بار ، قېيناتام بىلەن ئۇۋغا چىقماقچىدى ، شۇنىڭ تەييارلىقى بىلەن چىقىپ كەتكەن ، ھازىر كىرىدۇ .

— نېمە؟ ئۇۋغا چىقماقچىمىدىڭلار؟ بىز تاغ ئۇۋى سېغىنىپ ، سېنىمۇ بىللە ئېلىپ بېرىشنى ئويلاپ كېلىۋىدۇق ، بەك ئوبدان بولدى ، بىللە بارايلى ، — دېدى كۈنچىققانبەگ .

— قايسى تاغقا بارىمىز؟

— سىڭگىر تېغىغا .

— سۆگەتتاغ ئېغىزىدا ئون نەچچە يىل تۇرغان بىلەن شۇ تەرەپكە بىرىپ باقماپتىكەنمەن ، كۆرۈۋالغۇدەكمەن ، بارايلى ، — دېدى ئوماق .

سىڭگىر تېغىنىڭ يۇقىرى تەرىپى تۇرپان ۋادىلىقى بىلەن ، كۈنچىقىش تەرىپى قۇمۇل ۋادىلىقى بىلەن يىرىشقداش ئىدى . بۇ ئىككى ۋادىلىقنىڭ ئىلگىرى ئابدال بەگلىكىگە كېلىدىغان سېلىق يىغقۇچىلىرى مۇشۇ تاغدىن ئۆتەتتى .

توختاق ئۆيگە كىرىپ كۈنچىققانبەگ بىلەن قېيناتىسىنى كۆ-رۈپ تۇرۇپلا قالدى .

— ھە ، توختاق ، ئوبدان تۇرۇپسىلەر ، — دېدى تايۇق ۋە بىرىپ توختاقنىڭ يېنىدا تۇرغان نەۋرىسى تىلەشنى كۆتۈرۈپ پېشا-نىسىگە بىرنەچچىنى سۆيدى .

— چوڭ ئانام كەنى؟

— گوي - گوي ، چوڭ ئاناڭ بار ، چوڭ ئاناڭنى كۆرگۈڭ كەپتۇ - ھە ، ئاكاڭنى كۆرگۈڭ كەلمىدىمۇ؟

— ئاكام كەنى؟...

ئۇلار ئايقۇت بەرگەن قاچىدىكى ئۇسالىقنى ئىچىشىپ ، ئوماق-نىڭ تېرىغان يېرىنى كۆرمەكچى بولۇپ ئۆيدىن چىقىپ ، ئىشىك ئالدىدا تۇرۇشقان بىر توپ ئادەمنى كۆردى . بۇلار يېڭى بېگىمىزنى كۆرىمىز دەپ كېلىشكەنىدى . توپ ئىچىدە ئالىباي ئاقساقال كۆ-رۈنمەيتتى . كۈنچىققانبەگ ، تايۇقلار تۇرغانلار بىلەن بىر - بىرلەپ كۆرۈشۈپ ئەھۋاللاشتى .

— ئالىباي ئاقساقال كۆرۈنمەيدۇغۇ؟ — كۈنچىققانبەگ كۆپ-

چىلىككە قاراپ تۇرۇپ سورىدى .
توپ ئىچىدە تۇرغان ئەزىمباقى جاۋاب بەردى :
— بىرنەچچە ئۆيىنىڭ قاق بىلىقى تۈگەپ قاپتىكەن ، ئالىباي ئاقساقال سىلەرنىڭ كېلىشىڭلاردىن خەۋىرى بولمىغاچ تېخى بايىلا تۆت - بەش ئادەمنى ئېلىپ ئايدىڭكۆل تەرەپكە بىلىق تۇتقىلى كەتتى .
— ياخشى قىپتۇ ، — كۈنچىقانبەگ شۇنداق دەپ بولۇپ تايۇقنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ كۆپچىلىككە ، — بۇ ، قالاچ قاناقانىڭ ئوغلىدەك بوپ كەتكەن يېقىن ئادىمى ، يېڭى يۇرتچاپقاندىكى ئابدال مەھەللىسىنىڭ ئاقساقىلى تايۇق ، — دەپ تونۇشتۇردى .
«قاناقانىڭ يېقىن ئادىمى» دېگەن گەپنى ئاڭلاپ تۇرغانلار تايۇق بىلەن باشقىدىن قىزغىن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى ، گويا قاناقانىڭ قولىنى تۇتقاندەك ھېسسىياتتا تايۇقنىڭ قولىنى سىلاپ كېتىشتى .
كۈنچىققانبەگلەر ئاتلىرىغا مىنىپ ئوماقنىڭ ئېتىزىنى كۆرۈپ كېلىشكە ماڭدى . قۇمساڭغۇ ئېتىزلار قىرلىرىنى ھېسابقا ئالمىغان-دا سېغىز رەڭ قۇملۇق تۈزدىن پەرقى يوق ، كۆرگۈچىلىكمۇ يوقتەك تۇراتتى ، شۇڭا بىرقۇر ئايلىنىپلا قايتىپ كېلىشتى .
ئۇلار بىر ھەپتىگە يەتكۈدەك يېمەكلىك تەييارلىۋېلىپ ، قازان - قاچا ۋە باشقا كېرەكلىك نەرسىلەرنى ئايرىم ئاتقا ئارتىپ ، ئەتىسى ئەتىگەندە توختاقنىمۇ ئېلىپ شىڭدى تېغىغا قاراپ يۈرۈپ كەتتى . سىڭگىر تېغىغا بېرىش ئۈچۈن شىڭدى ، موخى تاغلىرىنى يانداپ ياكى تاغ ئىچى بىلەن مېڭىشقا توغرا كېلەتتى .

## 4

كۈنچىققانبەگلەر چارىدىن چىقىپ ئانچە ئۇزاققا بارماي بىر سازلىققا دۈچ كەلدى . ئوماق ئاتىسى بىلەن سۆگەتتاغقا كۆچۈپ ماڭغىنىدا مۇشۇ يەردە ماڭغاندەك قىلغان ، ئۇنىڭغا ئوتتۇز يىلدەك بولۇپ قالغان بولسىمۇ ، بەزى يەرلەر شۇ چاغدىكىگە ئوخشاپ تۇرات-

تى ، لېكىن ئۇ چاغدا بۇنداق سازلىق يوق ئىدى . سازلىقنىڭ چۆرىسى يېكەنلىك ، ئوتتۇرىسى قومۇشلۇق بولۇپ ، خېلىلا چوڭ ئىدى . تايۇق بۇ تەرەپتىكى تاغلارغا كېلىپ باقمىغان ، كۆنچىققان-بەگ سىڭگىر تېغىغا كەلگەن بولسىمۇ ، سۆگەتتاغ ، شىڭدى تە-رەپكە كەلمىگەن . شۇڭا ئۇلار ئوماقنىڭ باشلاپ مېڭىشىغا تايىناتتى .

— ئاتام بىلەن ماڭغاندا چارىدىن ئۇدۇل دىلپارغا بېرىپ ، ئۇ يەردىن سۆگەتتاغ ئېغىزىغا بارغاندۇق . دىلپارنىڭ نېرىسىدا كۆز-چى دەرياسىنىڭ قۇرۇق ئىزى بار ، ئەمما بۇ يەردە سازلىق يوق ئىدى ، — دېدى ئوماق ئەتراپقا قاراپ ، ئىلاجسىز قالغاندەك بىر هالەتتە .

— مېڭىپ باقمايلىمۇ ، — دېدى تايۇق .

ئوماق ئىتتىك :

— ياق ، بولمايدۇ . بۇ يەرنىڭ قۇملىرى سېغىزدەك ، سازلىق-نىڭ تېگى لايلا . كىرسەك پېتىپ قالارمىزمىكىن ، — دېدى .

— مەن كىرىپ باقاي ، — دېدى كۆنچىققانبەگنىڭ چاكار ئورنىدىكى ئادىمى .

ئۇنىڭ ئىسمى تېپىق بولۇپ ، ئاتىسى جاهانبەگنىڭ ئوۋچىسى ئىدى . ئۇمۇ ئاتىسىدىن ئوۋچىلىقنى ئۆگەنگەنىدى . ئاتىسى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن ، ياش تۇرۇپلا جاهانبەگنىڭ ئوۋچىسى بولغان . جاهانبەگ ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن ، كۆنچىققانبەگنىڭ يېنىدا قال-غانىدى . كۆنچىققانبەگ بۇ قېتىم ئۇنى ئۆزى بىللە ئېلىپ ماڭغانىدى .

تېپىق ئېتىنى سازلىققا سىلىشقا دېۋىتىپ تۇرغاندا ، يېقىنلا يەردىن :

— كىرمە ! بولمايدۇ ! — دېگەن قاتتىق بىر ئاۋاز ئاڭلاندى .

هەممىسى شۇ تەرەپكە قارىدى . سازلىقنىڭ قىرىدىكى ئېگىز بىر قۇم دۆۋىسىنىڭ يېنىدا ئىككى ئاتلىق كىشى بۇ تەرەپكە قاراپ كېلىۋاتاتتى . بۇ ئىككى ئاتلىقنىڭ بىرى ئەللىك ياش ئەتراپىدا ،

يەنە بىرى ياش يىگىت ئىدى .

— ۋوي ، بىزنىڭ بەگكەنغۇ ، نەگە ماڭغانىدىڭلار ؟ — چوڭ ياشتىكىسى گەپ قىلغاچ ئاتتىن چۈشۈپ ، كۈنچىققانبەگ ، ئۇماق ، تايۇقلار بىلەن كۆرۈشۈپ بولۇپ ئۆزىنى ، يېنىدىكى يىگىتنى تونۇشتۇردى .

— ۋوي - ۋوي ، سەن يېڭىسۇلۇق ھەلىقى تەلەي كېيىك ئوخشىمامسەن ، بىز سىڭگىر تېغىغا ئوۋغا ماڭغان ، بۇ سازلىققا دۇچ كېلىپ قالدۇق ، — دېدى كۈنچىققانبەگ ھەم ھەمراھلىرىنى تونۇشتۇردى .

تەلەي كېيىك بۇ يەرنىڭ ئەھۋالىنى تونۇشتۇردى :

— ئەسلىدە دىلپارنىڭ ئۇدۇلىدا سازلىق بولۇپ ، بۇ يەردە يوق ئىدى . يىگىرمە نەچچە يىل بولدى ، بۇ سازلىق پەيدا بولۇپ قالدى ، سازلىق ئانچە تېرەن بولمىسىمۇ ، تېگى بەك بوش ، كىرگەنلا نەرسە پېتىپ قېلىپ چىقالمايدۇ . سازلىقنى ئايلىنىپ تۆۋەنگە مېڭىپ تىمەنيۇدىن ئۆتۈپ تاغقا قاراپ ماڭساڭلار بولىدۇ ، بىز شۇ تەرەپتىن كەلدۇق ، — دېدى .

كۈنچىققانبەگلەر تۆۋەنلەپ مېڭىپ تىمەنيۇ بىلەن دىلپار ئارد-لىقىدا كۆنچى دەرياسىنىڭ بۇرۇنقى قىنى — قۇمدەريادىن ئۆتتى . دەريادا سۇ بار چاغدا ئىككى قاسناق كۆكۆلمەيدان ئىدى ، مەھەللە ، ئوتلاقلار ، چاتقاللىقلار كۆپ ئىدى . دەريا ئېقىش يولىنى ئۆزگەر-تىپ يۇقىرى تەرەپتە ئاقىدىغان بولغاندىن كېيىن ، بۇ تەرەپلەر چۆلدەرەپ قالدى ، كىشىلەر كۆچۈپ كېتىپ مەھەللىلەر ئادەمسىز قالدى . ئۇلار يېڭى دەرياغا بارغۇچە ئۇزۇن - ئۇزۇن چاتقاللىقتىن باشقا بىرەر ئوتلاق ، توغراقلىق كۆرمىدى . ئاندا - ساندا شىۋاق ، قامغاق ، يۇلغۇن ، سايغان قومۇش ئۇچرىدى . ئارىلاپ قۇم دۆۋىلد-رى ئارىلىرىدا ئىككى - ئۈچ ئۈيلۈك ئوتاقلار كۆرۈنسىمۇ ، ئادەم يوق ئىدى . ئۇلار چۈشتىن قايرىلغاندا كۆنچى دەرياسىنىڭ يېڭى ئېقىنىدىن ئۆتتى . دەريا سۆگەتتاغ ئېغىزىغا ئۇدۇل بىر يەردە ئۈچ - تۆت تارامغا بۆلۈنۈپ كەتكەچكە ، ئېقىنىدا سۇ ئاز ئىدى ،

ئاران ئاتنىڭ تىزىغا كېلەتتى. كونا ـ يېڭى بولۇپ بەش ئېقىندىن ئۆتۈپ يۇقىرىلاپ مېڭىپ شىڭدى تاغ ئېغىزىغا كەلگەندە كۈن پاتتى. بۇ يەردە مەخسۇس چارۋىچىلىق قىلىپ، قوشۇمچە ئوۋچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئوندەك ئۆيلۈك كىشى تاغ ئارىلىرىدا تارقاق ياشايتتى. ئارىلاپ كۆنچى دەرياسى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى كۆللەردىن بېلىق تۇتۇپ يەيتتى. بۇ يەردىكى كىشىلەر كۇنچىققانبەگ بىلەن تايۇقنى كۆرۈپ باقمىغانىدى. ئوماق سۆگەتتاغ ئېغىزىدىكى سۆگەتبۇلاقتىكى چېغىدا بۇ تەرەپكە ئوۋغا كېلىپ يۈرۈپ بەزىلەر بىلەن تونۇشۇپ قالغانىدى. ئۇلارغا شۇلار ئىچىدىكى تاھىرتاغ دېگەن كىشى ئۇچرىشىپ قالدى. «تاغ» ئۇنىڭغا ئاتىسىدىن مىراس قالغان لەقەم. ئۇنىڭ ئاتىسى شىڭدى، موخى، سىڭگىر تاغلىرى ئارىلىرىدا ئاساسەن ئوۋچىلىق بىلەن ئۆتكەن ئادەم ئىدى. تاھىر ئاتىسىنىڭ يولىنى تۇتۇپ ئوۋچىلىقنى قولدىن بەرمىگەن بولسىمۇ، قوشۇمچە چارۋا ـ مال قىلىۋالدى. ماللىرىنى بىر جىراغا سولاپ قويۇپ يىللاپ يوقلاپ قويمايتتى. ئوماقنىڭ نەزىرىدە بۇ تاغ رايونىدا ئۇ بىلمەيدىغان، تاپىنى تەگمىگەن جاي يوق ئىدى. ئوماق ئۇنىڭغا كۇنچىققانبەگ بىلەن تايۇقنى تونۇشتۇردى.

— ئۇمارەك، ئۇمارەك[1]، ئاڭلىدىغان، كۆرۈشمەپتىكەنمىز، — تاھىرتاغ كۇنچىققانبەگنىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ ئەھۋال سوراپ بولۇپ تايۇققا قاراپ، — ئەسلي قالۇچىلار مەھەللىسىدىنغۇ دەيمەن، — دېدى.

كۇنچىققانبەگ تاھىر تاغدىن سورىدى:

— بىلىدىكەنسەن؟

— ئوتتۇز يىلنىڭ ئالدىدا يولۇمدىن ئېزىپ قېلىپ بۇلاقكۆلگە بېرىپ قالغىنىمدا، قالاچ قاناقا بىلەن مۇشۇ تايۇق ماڭا يار ـ يۆلەك بولغان، چىرايى ئېسىمدە قاپتىكەن، — تاھىر تاغ ئۇلارنى ئۆيىگە تەكلىپ قىلدى، — كەچ كىرەي دەپ قالدى، يۈرۈڭلار، بىزنىڭ ئۆيگە بارايلى.

---

① ئۇمارەك — مۇبارەك.

كۆنچىققانبەگلەر تۇزۇت قىلماي ئۇنىڭ ئۆيىگە ماڭدى . ئۇلار بىر دۆمبەلدىن ئۆتۈپ بوك قارىياغاچلىق بىر جىرانىڭ ئاغزىغا كېلىپ قالدى . تاغ يامزىلىدا تاش ، كېسەك ئارىلاش ياسالغان پاكار بىر ئۆي كۆرۈندى . تاھىرتاغنىڭ ئۆيى شۇ ئىدى . پەستە شىرىلداپ ئازراق سۇ ئېقىپ تۇراتتى .

تاھىرتاغ ئايىلى بىلەن ئىككىلا جان بولۇپ ، بالىسى يوق ئىدى . ئۇ مېھمانلارنى تاغ تېكىسىنىڭ گۆشى بىلەن مېھمان قىلـ ـدى . گۆشنىڭ سۈيىگە ئۇجۇل ، جىگدە تالقىنى چېلىپ ئىچىشتى . تاماقتىن كېيىن تاھىرتاغ مېھمانلارغا تاغنىڭ ئەھۋالىنى ، ئوۋغا قايسى تاغقا بارسا بولىدىغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى . كۆنچىققانبەگـ ـلەر بىر كۈن ئېگىز ـ پەس بولۇپ يول ماڭغاچقا بەكلا چارچىغانـ ـدى ، تاغ تېكىسى گۆشىنىڭ شورپىسى ئۇلارنى ئەزدى چېغى ، يېتىپ ئانچە ئۆتمەي ئۇ ئۇنداق ، بۇ بۇنداق خورەككە چۈشۈپ كەتتى .

ئەتىسى ئەتىگەنلىك چايدىن كېيىن ئۇلار تالاغا چىقىپ ، تاغـ ـنىڭ سەھەر مەنزىرىسىنى زوق بىلەن تاماشا قىلدى . مۇشۇ مەزـ ـگىلدە ئابدالنىڭ ئەتىگەنلىك ھاۋاسى خېلى ئىللىق بولۇپ كىشىگە خۇشياقىدۇ ، لېكىن تاغ ھاۋاسىدا ئۇلار سالقىندىغىلى تۇردى . شۇنداقتىمۇ ئۇلارغا خۇشىېقىۋاتقاندەك تۇيۇلماقتا .

كۆنچىققانبەگ بوك قارىياغاچلىق تار بىر جىرانى كۆرسىتىپ تاھىرتاغدىن :

— ئاۋۇ جىرا بىلەن ماڭساق نەگە چىقىمىز ، جىلغىدا ئوۋلىـ ـغۇدەك ئىلۇەسۇنلار بارمۇ ؟ — دەپ سورىدى .

تاھىرتاغ جىراغا بىر خىل ئەيمەنگەندەك ھالەتتە قاراپ قويۇپ جاۋاب بەردى :

— بۇ جىرانىڭ ئىسمى ئۆڭكۈرتوقاي . مەن كىرىپ باقمىدىم . ئاتامنىڭ ئېيتىشىچە ، ئىچى چوڭ ، بەك قورقۇنچلۇق ئوخشايدۇ . كېچە ـ كۈندۈز ھەر خىل ھۇۋلىغان ، ھۆركىرىگەن ، ۋارقىرىغان ، چىرقىرىغان ، يەنە بوم ـ ئىنچىكە ئىسقىرتقاندەك ئاۋازلار ئاڭلىـ

نىپ تۇرىدىكەن . ئاتام بىر كۈنى جىراغا كىرىپ قويۇپ ، قورقۇپ كېتىپ ئاران يېنىپ چىقىۋالغانىكەن . بۇۋىلارنىڭ ئېيتىشىچە ، ئۆڭكۈرتوقاي جىن ـ ئالۋاستىلارنىڭ ئۇۋىسىمىش . توقايغا كىرىپ قالغان ئادەمگە جىن ـ ئالۋاستىلار كېيىك ، جەرەن ، توشقان ، ھەتتا بۆرە ، يولۋاس شەكلىدە كۆرۈنەرمىش ، ئۇلارنى ئاتقان ئادەمنىڭ ئوق ئۈزگەن قولى تۇتماس ، چېنىگەندە قىسقان كۆزى شۇ قىسىلغانچە ئېچىلماس بولۇپ قالارمىش…

كۈنچىققانبەگ جىرانىڭ بۇك قارىياغاچلىق ئاغزىغا قورققان تەرزدە قاراپ :

— راست شۇنداق تىلسىملىق جىرامىكەن ؟ — دەپ سورىدى .

ئۇزايىدىن بەگ جىرانىڭ تىلسىملىق جىرالىقىغا ئىشەنگەندى .

ئوماق :

— ياپىر ، ئادەمنىڭ قورققۇسى كەلگۈدەك ئىكەن ، ئەجەب بىر سىرلىق جىراكىنە بۇ ، — دېدى .

گېپىدىن قارىغاندا ئوماقمۇ ئۆڭكۈرتوقاينىڭ سىرلىق ، تىلسىملىقىغا ئىشىنىپ قالغانىدى .

گەپلىرىدىن ئايانكى ، كۈنچىققانبەگمۇ ، ئوماقمۇ ئۆڭكۈرتوقاينىڭ تىلسىملىقىغا ، جىن ـ ئالۋاستىلار ئۇۋىسىلىقىغا ئىشىنىپ قالغانىدى ، ئەمما تايۇق ئىشەنمىدى .

— بىر چاغلاردا ، — دېدى تايۇق گەپنى يىراقتىن باشلاپ ، — قالاچ قاناقا بىرنەچچەيلەن مۇشۇنىڭغا ئوخشايدىغان بۇك قارىياغاچلىق بىر جىلغىغا كىرىپ قالغىنىنى ، جىلغىدا تۈرلۈك ھايۋانىنىڭكىگە ئوخشاش ئاۋازلارنىڭ ئاڭلىنىپ تۇرىدىغانلىقىنى ، ئۇنىڭ سەۋەبىنى ، تاغنىڭ تىك ، سىلىق جايلىرىدا ھەر خىل سىزىق ، ئادەم ، ھايۋانغا ئوخشايدىغان رەسىملەرنى كۆرگەنلىكىنى دەپ بەرگەن .

— ھەر خىل ئاۋازلار نېمىنىڭ ئاۋازىكەن ، — كۈنچىققانبەگ تايۇقنىڭ گېپىگە ئىشەنمىگەندەك سورىدى ، — قالاچ قاناقا ئۇ

توغرىدا ئېنىق بىرنېمە دېمىدىمۇ ؟
— دېدى ، ئۇ ئاۋازلارنىڭ قانداق ئاۋازلىقى توغرىسىدا ئېنىق چۈشەندۈرگەن ، — تايۇق قەتئىي نىيەتكە كېلىپ يەنە مۇنداق دېدى ، — كىرىپ كۆرۈپ باقايلى .
تايۇق سۆزلەپ بەرگەن قالاچ قاناقانىڭ قارىياغاچلىق جىرا توغرىسىدىكى گېپىنى ئاڭلاپ ، ئوماق ئۆڭكۈرتوقايغا ، ئۇنىڭ سىر-رىغا قىزىقىپ قالدى . بولۇپمۇ ھەر خىل سىرلىق ، رەسىملەرنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ : «قاناقا دائىم دەيدىغان ئەجدادلار ئىزى بۇ يەردىمۇ بار ئوخشىمامدۇ» دېگەن خىيال ئۇنىڭ كاللىسىدا زىل قوڭغۇراق-تەك نازۇك ، ئەمما جاراڭلىق ئەكس سادا بەردى .
— قالاچ قاناقا ئۇنداق دېگەن بولسا ، نېمىلا بولسۇن كىرىپ كۆرۈپ باقايلى ، — دېدى ئۇ ، كۈنچىققانبەگكە .
كۈنچىققانبەگ يەنىلا دېلىغۇللۇقتا ئىدى . «جىلغىدا جىن - ئالۋاستىلار بولمىسا ، ئۇنداق ھەر خىل ئاۋازلار نەدىن كېلىدۇ» دەپ ئويلايتتى . ئۇ : «ئوماق بىلەن تايۇق جىلغىغا كىرەيلى ، دەپ تۇرغان يەردە ، مەن قورقۇپ كىرمەيلى دېسەم ، بۇ ئىككىسى ئېغىز ئاچمىسىمۇ ، تالىشقول بىلەن ئۇجۇلخاندەكلەر مېنى قورقۇنچاق… ئۇنداق ، بۇنداق دەپ بىرنېمىلەرگە ئوخشىتىشىدۇ . بوپ بىرىمەن ئۇلارغا ، مېنى يۇرت بېگى دەپ قاراپ تۇرامدا… » كۈنچىققانبەگ ئىچىدە شۇلارنى ئويلاپ ، مىيىقىدا كۈلۈپ :
— بوپتۇ كىرسەك كىرەيلى ، — دېدى ، ئىچىدە يەنە : «بۇلار نېمە كۆرسە مەنمۇ شۇنى كۆرمەمدىمەن» دېدى .
ئۇلار ئاتلىرىغا مىنىپ جىراغا قاراپ يول ئېلىشتى . ھەممى-نىڭ ئالدىدا تايۇق ، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئوماق ، كۈنچىققانبەگ ، تېپىق ، ئەڭ كەينىدىن تاھىرتاغ ماڭدى . توقايلىقتىكى قارىياغاچلار بۈككىدە بولۇپ ، شاخلىرى بىر - بىرىگە كىرىشىپ كەتكەنىدى . پەس شاخلار ئاتلىق مېڭىشقا بەك كاشىلا قىلدى ، ئاتتىن چۈشۈپ پىيادە ماڭماي بولمىدى . چاتقاللىقنىڭ زىچلىقىدىن پىيادە مېڭىشمۇ ئاسان بولمىدى .

— تاھىرباي ، — تايۇق كېتىۋېتىپ ئۇنىنى قويۇپ بېرىپ گەپ قىلدى ، — سەن مۇشۇ تاغدا بىرەر ئۇۋچىنىڭ قولى تۇتماس ، كۆزى ئېچىلماس بولۇپ قالغىنىنى كۆردۈڭمۇ ؟

— ياق ، كۆرمىدىم .

— پالانى يەردىكى پۇستانى شۇنداق بولۇپ قاپتۇ ، دەپ ئاڭلىغانسەن ؟

— بۇنداق ئېنىق گەپنى ئاڭلىمىدىم .

— جىن - ئالۋاستى بار ، دەپ بۇ جىلغىغا ھېچكىم كىرمىسە ، يەنە كىم نېمە بولماقچى ؟ ! ھەممىسى مىش - مىش گەپ دەپ قاناقا راست دەپتىكەن .

تايۇق بۇ گەپنى ئۆزىگە ئۆزى سۆزلىگەندەك پەس ئۇندە ئېيتقانىدى ، ئوماق بىلەن كۇنچىققانبەگ ئاران ئاڭلىدى .

ئۇلار جىلغىغا ئىچكىرىلەپ خېلى ماڭغاندىن كېيىن ، جىلغا كېڭىيىپ ، بىر تەرىپى يانتۇ ، يەنە بىر تەرىپى تىك تاغ بىر يەرگە چىقىپ قالدى . تاغنىڭ تىك تەرىپىدىكى چوڭ - كىچىكلىكى ئوخشىمايدىغان سانسىز كامارلار جىن - ئالۋاستىلارنىڭ ئاغزىدەك سۈرلۈك كۆرۈنەتتى . بەزى كامارلار ئادەم بېشى پاتقۇچىلىك بولسا ، بەزىلىرى قوي پاتقۇدەك ، يەنە بەزىلىرى ئات ، كالا پاتقۇدەك چوڭلۇقتا ئىدى ، ئىچى قاپقارا كۆرۈنەتتى . كۇنچىققانبەگ ، تېپىق ، تاھىرتاغلارغا ئاشۇ قارا كامارلاردىن ھېلىلا جىن - ئالۋاستىلار سۈرەن سېلىپ چىقىدىغاندەك تۇيۇلۇپ ، يۈرەكلىرى تېز - تېز سوقۇپ ، كامارلاردىن كۆزىنى ئۈزمەي ماڭماقتا ئىدى .

— قاناقانىڭ ئېيتىشىچە ، — تىك قىيالىقتىكى كامارلارنى كۆرۈپ قاناقانىڭ شۇ ھەقتىكى ئېيتقانلىرى تايۇقنىڭ ئېسىگە كەچكەن چېغى ، كامار توغرىسىدا گەپ قىلىپ ماڭدى ، — تاغدىكى كامارلار شامال ، بورانىنىڭ يالىشىدىن پەيدا بولغانىكەن . قاراڭلار ، ئاۋۇ يانتۇ تەرەپتە نېمىشقا كامار يوق ، نېمىشقا كامارلارنىڭ ھەممىسى ماۋۇ تىك تەرەپتە ؟ شامال يانتۇ تەرەپكە قاتتىق ئۇرۇلماي ، سىيپاپ ئۆتۈپ كېتىدۇ ، ماۋۇ تىك تەرەپكە بولسا ئادەتتىكى شامال-

مۇ بوراندەك قاتتىق تېگىدۇ . شامالنىڭ بوش ، قاتتىقلىقىغا قاراپ كامارلاردىن ھەر خىل ئاۋازلار چىقىدىكەن . بۇ ئاۋازلار بوراننىڭ توقايلىقتىكى شار - شۇرىغا قوشۇلۇپ تېخىمۇ سۈرلۈكلىشىپ كېتىدىكەن . بۇ جىلغىدا ئىلۋەسۇنلاردىن باشقا ھېچقانداق يىرتقۇ ھايۋان يوق ئىكەن...

جىلغىغا ئىچكىرىلىگەنسېرى كۆرۈنۈشلەرنىڭ قاناقانىڭ ئېيىتىپ بەرگەنلىرىگە ئوخشاپ قېلىۋاتقىنىغا قاراپ ، تايۇق : «قاناقا ئېيتقان جىلغا مۇشۇ ئىكەن» دەپ جەزملەشتۈرگەنىدى .

مۇشۇنداق پىيادە بىر قەدەم - بىر قەدەمدىن ماڭسا جىلغىنىڭ ئۇ بېشىغا قاچان چىقىپ بولىدۇ ، جىلغىنىڭ ئۇ بېشى نەدە ؟ ئۇلار مەسلىھەتلىشىپ يانتۇ تاغ تەرەپ بىلەن ماڭماقچى بولدى . ئازراق مېڭىۋىدى ، چوڭ دەرەخلەر شالاڭلاپ ، چاتقاللىق بوگلۇككە ھەم بىر چىغىر يولغا چىقىپ قالدى . ئوماق يولغا قاراپلا :

— ئىلۋەسۇنلارنىڭ يولى ئىكەن ، باش تەرەپتە بولاق بار ئوخشايدۇ ، — دېدى .

— بىرەر ئىلۋەسۇنمۇ كۆرۈنمەيدۇغۇ ؟ — كۆنچىققانبەگ كېتىۋېتىپ سورىدى . كۆنچىققانبەگنىڭ گېپىگە ئوماق جاۋاب بەردى :

تاغ ئىلۋەسۇنلىرى بەك سەگەك كېلىدۇ . بەش - ئالتە ئادەمنىڭ ئاتلىق پاراڭلىشىپ كېتىۋاتقىنىنى سەزمەي قالامدۇ . بەلكى بىز جىلغىغا كىرگەندىلا بىر - بىرىگە شەپە بېرىشىپ ، ئۆزلىرىنى دالدىغا ئېلىپ بولغاندۇ .

ئۇلار گەپ بىلەن بولۇپ يانتۇ تاغنىڭ بىردىنلا تىكلەشكەن يېرىگە كېلىپ قالدى . چىغىر يول يارنىڭ تۈۋىنى ياقىلاپ ئۆتەتتى . ئۇلار يار ئاستىغا كەلگەندە تاغنىڭ كەسكەندەك تەكشى ، سىلىقلىقىغا كۆزى چۈشۈپ قالدى .

— قاراڭلار ! ئاۋۇ نېمە سىزىقلار ؟ — تايۇق يارغا بېشىنى كۆتۈرۈپ قارىغىنىچە ھەمراھلىرىدىن سورىدى .

تىك يارنىڭ ئوتتۇرىدا — ئۈچ ئادەم بويىي ئېگىزلىكتە گاھى

يېرى ئېنىق، گاھى يېرى تۇتۇق ھەر خىل شەكىلدىكى سىزىقلار تۇراتتى. ئۇلار ئاتتا ئۆرە تۇرۇپ قاراپ باقماقچى بولۇشتى. ئاتلار مۇدۇرۇپ جىم تۇرۇپ بەرمىگەچكە، تاھىرتاغ بىلەن توختاق ئۇچ ئاتنىڭ بېشىنى يېقىن قىلىپ تىزگىنلىرىنى جاۋغىيىنىڭ يېنىدىن تۇتۇپ تۇردى. كۇنچىققانبەگ، ئوماق، تايۇقلار ئاتتا ئۆرە بولۇپ بىر - بىرىنىڭ مۈرىسىنى تۇتۇپ تۇرۇپ، يار تاشتىكى سىزىقلارغا قارىدى. ئۇلار زەن سېلىپ قارىغانسېرى سىزىقلار مەلۇم شەكىلدە خېلى ئېنىق كۆرۈنۈشكە باشلىدى. ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدا قانداقتۇر بىر خىل ھايۋانلار قېچىپ كېتىۋاتقان، ئارقىسىدىن يەنە بىرنەچچە ھايۋان قوغلاۋاتقاندەك؛ تاغ تېكىسىگە ئوخشايدىغان ئۇزۇن، ئەگرى مۈگگۈزلۈك ھايۋانلار ئۇسۇشۇۋاتقان، بىر - بىرىگە چېتىلغان تۈگىلەرنى ئېشەك مىنگەن ئادەم يېتىلەپ كېتىۋاتقاندەك، يەنە ئابداللىقلارنىڭ ئوقى ئۇزۇن، چاقى ئېگىز، چاقىنىڭ ئۇلتىڭى[1] ئىنچىكە ھارۋىسىغا ئوخشايدىغان كۆرۈنۈشلەر نامايان بولۇپ، ئۇ-لارنى ھەيران قالدۇردى. كۇنچىققانبەگ بىلەن تايۇق ئاتتىن چۈ-شۈپ كەتتى. ئوماقنىڭ كاللىسىغا بىر خىيال كەچتى چېغى، توختاققا:

— سەنمۇ ئوبدان كۆرۈۋال، — دېدى.

توختاقنىڭ ئېتىنى تېپىق تۇتۇپ تۇردى. ئوماق توختاق بىلەن كۆرۈنۈشلەرگە قايتىدىن سىنچىلاپ قارىدى. ھەر خىل شەكىل، كۆرۈنۈشلۈك سىزىقلارنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئون ئىككى غۇلاچ، كەڭلىكى تۆت غۇلاچچە كېلىدىغان دائىرىدە ئىدى. ئوماق سىنچى كۆزى بىلەن تېخىمۇ ئىنچىكىلەپ قاراپ، سىزىقلارنىڭ تۇتاش بولماي، چېكىتتەك ئۇزۇك - ئۇزۇك ئىكەنلىكىنى، بىر نەرسىدە چېكىپ ئىز چىقارغانلىقىنى پەرق ئەتتى.

خېلى كۆپ شەكىللەرنىڭ نېمىنىڭ كۆرۈنۈشى ئىكەنلىكىنى ھېچقايسىسى بىلەلمىدى.

— قىزىق ئىش، — دېدى كۇنچىققانبەگ تىك يار بويىدىن

[1] ئۇلتاڭ — ھارۋا چاقىنىڭ چەمبەر كۆتىكى.

يىراقلاپ كېتىۋېتىپ ، — ئادەمزات ياشىمىغان جىلغىدىكى بۇ كۆ-رۈنۈشلەر قانداق پەيدا بولۇپ قالىدۇ . تاھىرتاغنىڭ ئاتىسى ئېيتقان-دەك ، بۇ تىلسىم جىلغا ئوخشايدۇ .

كۈنچىققانبەگنىڭ گېپىنى تەستىقلىغاندەك بىردىنلا شامال چىقىپ ، ئىسقىرتقانغىمۇ ، بۆرىنىڭ هۇۋلىشىغىمۇ ، قانداقتۇر بىر-نېمىلەرنىڭ چىرقىرىغىنىغىمۇ ئوخشاپ كېتىدىغان ھەر خىل ئاۋاز-لار دەرەخ شاخلىرىنىڭ شار - شۇرى بىلەن قوشۇلۇپ جىلغا ئىچىنى سۈرلۈكلەشتۈرۈۋەتتى .

— قانداق قىلىمىز ؟ چاتاق بولىدىغان بولدى ، — دېدى تاھىر تاغ .

— تايۇقنىڭ بايىقى گېپىنى ئاڭلىمىدىڭمۇ ، قالاچ قاناقا بۇ ئاۋازلارنىڭ سىرىنى بۇرۇنلا بىلىپ بوپتىكەن . بولمىسا نېمىشقا شامال چىقماستا بۇ ئاۋازلار يوق ؟ — ئوماق ئۇنىنى سەل قاتتىق چىقىرىپ يەنە مۇنداق دېدى ، — مەن سۆگەتتاغ ئەتراپىدىمۇ مۇشۇن-داق كامارلار بارلىكى جايدا ھەر خىل ئاۋازلارنى كۆپ ئاڭلىغان . تاغلىقلارغا بۇ ھېچقانداق سىر ئەمەس .

ئوماقنىڭ گېپىدىن كۈنچىققانبەگ خىجىل بولدى بولغاي :

— بۇ ئاۋازلار ئاشۇ كامارلاردىن چىقىۋاتامدۇ ؟ — دەپ سورىدى .

— كىچىك چاغلىرىمىزدا لايدا ياساپ پۇۋلەپ ئوينايدىغان بالىمانىنى ئويلايلى ، تۆشۈكى كىچىك بولسا ئاۋاز ئىنچىكە ، تۆشۈ-كى يوغان بولسا ئاۋاز بوم چىقىدۇ ، — دېدى ئوماق . تايۇق ئوماقنىڭ گېپىنى قۇۋۋەتلەپ :

— ئوماق دەل كەلتۈرۈپ ئېيتتى . بالىمانىڭ تېگىدىنمۇ تۆشۈك ئاچساق ، پۇۋلىگەندىكى يەل ئۇ تۆشۈكتىن چىقىپ كېتىپ قانچە پۇۋلىسىمۇ ئاۋاز چىقمايدۇ . ماۋۇ كامارلارمۇ شۇنىڭغا ئوخ-شاش . ئۇنىڭ ئۇ تەرىپىدە يەنە بىر ئاغزى بولسا ، ئۇرۇلغان شامال شۇ ئاغزىدىن چىقىپ كېتىپ ، كامارىدىن هۇۋلىغاندەك بىر خىللا ئاۋاز چىقىدىكەن ، بۇنى ماڭا قالاچ قاناقا دەپ بەرگەن ، — دېدى .

«قالاچ قاناقانىڭ يېنىدا تۇرۇپ تەربىيىسىنى كۆپ ئالغان ماۋۇ ئىككىسىنىڭ بىلىدىغانلىرى مېنىڭكىدىن كۆپ ئىكەن . قاناقا ھېچبولمىسا بىر ـ ئىككى يىل تۇرۇپ بەرگەن بولسا ، جىق نەرسىنى ئۆگىنىۋالاركەنمەن » دەپ كۆنچىققانبەگ ئىچىدە ئەپسۇسلاندى ، قاناقانى ئەسلەپ ، ئارمىنىنى يېدى .

شۇ تاپتا قالاچ قاناقانىڭ ئەجدادلار ، ئەجدادلار ئىزى ، ئۇ ئىزلارنى ئوغۇللىرىنىڭ تاپىدىغانلىقى توغرىسىدىكى گەپلىرى ئوماقنىڭ قۇلىقى تۈۋىدە يەنە جاراڭلاپ ئەكس سادا بەرمەكتە ئىدى . ئوماق قىيا تاشتىكى ھەر خىل كۆرۈنۈشلۈك سىزىق ئىزلىرىنىڭ كېيىنكى كۈنلەردە قاناقادىن باشقا ھېچكىمگە ئۇچرىماي ئۆزلىرىگە ئۇچرىشىنىمۇ ، قاناقانىڭ روھى بېشارەت قىلغان خاسىيەتلىك ئىشمىكىن ، دەپ ئويلىدى . ئويلىغانچە شۇنداق بولۇپ قالىدىغانلىقىغا ئىشىنىشكە باشلىدى . توختاقنى ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ كەلگىنىدىن بەك خۇش ئىدى . ئوماق ئوغلىغا قاراپ :

— توختاق ، ماۋۇ سىزىقچىلار بار قىيالىقنى ، جىلغىنى ، ئەتراپنى ، جىلغىنىڭ كىرىش ـ چىقىش ئېغىزىنى ئوبدان كۆرۈۋال . كېيىنكى كۈنلەردە ئۆكىلىرىڭنى باشلاپ كېلىپمۇ قارىسەن ، — دېدى .

بۇ جىلغىدا ھېچقانداق بىر مال ئوۋلىيالمىغان بولسىمۇ ، قىيا تاشتىكى كۆرۈنۈشلەرنى ئۇچرىتىپ قېلىشنىڭ ئۆزىلا ئوماق ئۈچۈن ئەڭ زور ، ئەھمىيەتلىك ئوۋلۇق غەنىيمەت ئىدى . ئۇ قايتىپ بېرىپلا بۇ يەردە كۆرگەنلىرىنى تۇمۇر بىلەن ئۆردەككە سۆزلەپ بەرمەكچى بولدى . «قالاچ قاناقا ئېيتقاندەك ئۆردىكىم ھەقىقەتەن خىسلەتلىكتەك قىلىدۇ . ئۇنىڭدىكى ئەقىل ، پەم ـ پاراسەت چوڭ ئادەملەردىمۇ يوق» دەپ ئويلايتتى ئۇ .

كۆنچىققانبەگلەر ئەسلىدىكى مەنزىلىنى كۆزلەپ جىلغىدىن چىقىپلا سىڭگىر تېغىغا يۇرۇپ كېتىشتى . ئوماق كېتىۋاتاتتىيۇ ، خىيالى ئۆڭكۈر توقايدىكى ھېلىقى قىيالىقتا ئىدى .

## 5

— تۆمۈر ، ئۇ كاڭ قېنى ؟

— كېمە ئۆزۈشۈپ ئويناپمىز دەپ باللار بىلەن دەريا تەرەپكە كەتتى .

— نېمە دەيسەن ، ئۇ تېخى كېمىدە ئولتۇرۇشنىمۇ بىلمىسە ؟ ! — تۆمۈرنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ ئايقۇتنىڭ بېشىدىن تۈتۈن چىققاندەك بولدى .

يېڭى يۈرتچاپقان كېمە ئۈزگۈدەك دەريا ، كۆللەردىن يىراق بولغاچقا ، ئۆردەك ھازىرغىچە كېمىدە ئولتۇرۇپ سۇغا كىرىپ باقمىغانىدى . «باللارنى دوراپ سۇغا كىرىپ قالسا...» ئايقۇت خىيالىنىڭ ئاخىرىنى ئويلاشتىن قورقتى ، يۈرىكى ئاغدى ، يېپى تەڭشەلمىگەن لەگلەكتەك . بايىلا تۆمۈر بىلەن ئېتىزلىقتىن كېلىپ لاشىڭغا باغلاپ قويغان ئاتنى مىندى ـ دە ، ئاتقا قامچا ئۇرۇپ دەريا تەرەپكە قۇيۇندەك چېپىپ كەتتى . ئانىسىنىڭ جىددىيلىشىپ كەتكىنىدىن تۆمۈرمۇ تۇرالماي قالدى . ئۇمۇ ئېتىنى يېشىپ مىندى ـ دە ، قامچىنى كۆتۈرۈشكە ئۈلگۈرمەي ئايسۇلۇ چىقتى .

— نەگە بارىسەن ، ئانام قېنى ؟

— دەريا تەرەپكە... ئۆردەك ...— تۆمۈرنىڭ دېگىنى شۇ بولدى ، باشقا گەپ قىلماي ئاتقا قامچا ئۇردى ـ دە ، دەريا تەرەپكە ئات چاپتۇرۇپ كەتتى .

ئايسۇلۇ نېمە بولغانلىقىنى بىلەلمەي تېڭىرقاپلا قالدى . «دەريا... ئۆردەك...» دېگەن سۆزنى ئېسىگە ئالدى ـ دە ، ئۇنىمۇ جىددىيلىك باستى . ئۇلارنىڭ كەينىدىن باراي دېسە ئات يوق ئىدى . بۇ يەردىكىلەر : «جىددىي لازىم بولۇپ قالسا» دەپ گاھىدا بىر ئاتنى ئېگەرلەپ ـ توقۇپ ئۆيى ئالدىدىكى لاشىڭغا باغلاپ قوياتتى . ئايسۇلۇ قوشنىسىنىڭ باغلاقلىق تۇرغان ئېتىنى يېشىپ ئۈزەڭگىگە پۇتىنى ئالدى ـ دە ، ئاتنى قاتتىق دېۋىتىپ تۆمۈرنىڭ كەينىدىن

ئۆچقاندەك چاپتۇرۇپ كەتتى .
ئايقۇت دەريا بويىغا كەلگەندە بالىلار دەريانىڭ بىقىنىدىكى تار ، سوزۇق كۆلدە كېمە تايىشىپ ئويناپ يۈرەتتى . لوپلۇقلار بالىلىرىنىڭ كىچىكىدىن باشلاپ كېمە تاياشنى ئۆگىنىشىگە بەك كۆڭۈل بۆلىدۇ . بالىلىرىغا بىر يېرىم غۇلاچچە ئۇزۇنلۇقتا كېمە چېپىپ بېرىپ ، كۆل ياقىلىرىدا تايىتىپ ئۆگىتىدۇ . ئون نەچچە بالا كۆلدە بىر - بىرىنى قوغلىشىپ ئويناپ يۈرەتتى ، ئەمما ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئۆردەك كۆرۈنمەيتتى . ئايقۇت ۋارقىراپ بىر بالىنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ تۇرۇپ سورىدى :
— ئوسمان ، ئۆردەكنى كۆردۈڭمۇ ؟
ئوسمان ئاتلىق بالا پالاق تاياشتىن توختاپ ، كېمىدە ئۆرە تۇرۇپ قولى بىلەن كۆلنىڭ نېرىقى قېشىنى كۆرسىتىپ بىرنېمىلەر دېدى . ئايقۇت بالىلارنىڭ ۋارقىراشلىرى ئىچىدىن ئۇنىڭ : «… چىقىپ كەتتى» دېگىنىنىلا ئىلغا قىلالىدى . شۇ ئارىلىقتا تۆمۈر ، تۆمۈرنىڭ كەينىدىنلا ئايسۇلۇ يېتىپ كەلدى . ئايسۇلۇ ئاتتىن ئۆزىنى ئاتقاندەك چۈشۈپلا :
— ئۆردەك قېنىكەن ؟ ! — دەپ سورىدى .
— كۆلنىڭ ئۇ قېتىغا ئۆتۈپ كەتكەن ئوخشايدۇ ، — ئايقۇت جىددىيلەشكىنىدىن ئاۋازى بوغۇلۇپ - بوغۇلۇپ چىقتى .
ئايسۇلۇ قىرغاقتا يېقىنراقتىكى بىر بالىنى چاقىرىپ ئەكېلىپ ئۇنى كېمىدىن چۈشۈرۈپ ئۆزى چىقتى - دە ، پالاق ئۇرۇپ كۆلنى توغرىسىغا كېسىپ ئۈزۈپ كەتتى . ئايقۇت ئايسۇلۇنىڭ كېمە تاياش ماھارىتىنى بىلەتتى . ئۇ بولاقىكۆلدىكى چېغىدىلا كېمە تاياشتا خېلى - خېلى بالىلارنى يېڭىپ قوياتتى . ئايسۇلۇ يېكەنلىكنى يېرىپ كىرىپ كېتىپ بىركەمدە كېملىك ئۈچ بالىنى ئالدىغا سېلىپ چىقىپ كەلدى . ئالدىدا كېلىۋاتقىنى ئۆردەك ئىدى . ئون بىر ياشلىق ئۆردەك كېمىدە ئۆرە تۇرۇۋېلىپ پالاقنى ھېلى ئوڭ يان ، ھېلى سول يان تەرىپىگە يۆتكەپ ئۈزۈپ كەلمەكتە ئىدى . قالغان ئىككى بالا ئۇنىڭ ئىككى يېنىدا بەسلەشكەندەك پالاق ئۇراتتى .

تى . ئۇلار ئۆردەكتىن بىرنەچچە ياش چوڭ باللار ئىدى . شۇنداق
تۇرۇپ ، ئۇلار ھەرقانچە كۈچەپمۇ ئۆردەككە يېتەلمەيۋاتاتتى . ئاي-
قۇت باللارنىڭ كېمىلىرى سوقۇلۇپ كېتىپ بىرەر ئىش چىقىپ
قالارمۇ ، دېگەن ئەنسىرەشتە يۈرىكى سۇ تۇراتتى . ئەنسىرىگەندەك
ئىش بولدى . سول ياندىكى بالىنىڭ كېمىسى ئۆردەكنىڭ كېمىسى-
گە ئۇرۇلۇپ كەتتى . بالا ئۆزىنى دەڭسىۋالغۇچە كېمە غايقاڭلاپ
كېتىپ يېنىچە بولۇپ قالدى . بالا ئۆزىنى توختىتىۋالالماي سۇغا
چۈشۈپ كېتىپ كېمىنىڭ ئاستىدا قالدى . ئايسۇلۇ دەرھال يېتىپ
كېلىپ ، كېمىسىنى دۈم بولۇپ قالغان كېمىنىڭ يېنىدا توختى-
تىپ ، ھېلىقى كېمىنى ئوڭدا قىلماقچى بولدى . كېمىدە تۇرۇپ
ئۇنداق قىلىش تەس ئىدى . يەنە بىر بالا سۇغا چۈشتى ، ئۆردەكمۇ
چۈشتى . سۇ ئۆردەكنىڭ ئېڭىكىگە كەلدى . ئىككىسى كېمىنى
ئوڭدا قىلماقچى بولۇۋاتقاندا ، ھېلىقى بالا ئايسۇلۇنىڭ كېمىسىنىڭ
يېنىدىن بېشىنى سۇدىن چىقىرىپ ئۆرە بولدى . ئايسۇلۇ ئۇ بالىنى
كېمىگە چىقىرىۋالدى . يەنە بىر بالا بىلەن ئۆردەك كېمىنى ئوڭدا
قىلىپ قويۇپ ھېلىقى بالىنىڭ كېمىسىگە چىقىپ ، ھېچنېمە بول-
مىغاندەك ئىككىسى ئىككى ياندىن پالاق ئۇرۇپ ئايسۇلۇ بىلەن
مۇسابىقىگە چۈشكەندەك ئۈزۈشۈپ بېرىقى قىرغاققا چىقىشتى .

ئىككى كېمە بىر - بىرىگە سوقۇلۇپ كەتكەندە ، ئايقۇت يۈرى-
كى يېرىلىپ كەتكۈدەك قورقۇپ كەتكەنىدى . چوڭ بالىنىڭ سۇغا
چۈشۈپ كېتىپ ، ئۆردەكنىڭ كېمىدە سالماق ئولتۇرغىنىغا ، يەنە
تېخى ئۆزىدىن چوڭ بالىنى قۇتقۇلدۇرغىلى سۇغا چۈشكىنىگە قاراپ
ھەيران قالدى . «ئۇ كېمە تايىاشنى قاچان ئۆگىنىۋالغان بول-
غىيدى؟» ئايقۇت ئۆزىدىن ئۆزى سورىدى .

ئۈچ بالىنىڭ كىيىملىرىدىن شۇرقىراپ سۇ ئېقىپ تۇراتتى .
بۇ تېخى سۇغا چۈشىدىغان چاغ ئەمەس ئىدى . باللار تىترەپ ،
كالپۇكلىرى كۆكىرىپ ، چىشلىرى كاسىلدىغىلى تۇردى . بۇنداق
تۇرىۋەرسە باللارنىڭ ئۆپكىسىگە سوغۇق ئۆتۈپ كېتەتتى . ئۇلار-
نىڭ چاپانلىرىنى سالدۇرۇپ ، ئايقۇت ، ئايسۇلۇ ، تۆمۈرلەر چا-

پانلىرنى ئۈلارغا كىيدۈردى ، ئارقىسىغا مىنگەشتۈرۈپ مەھەللىگە ئېلىپ ماڭدى .

— سەن كېمە تاياشنى قاچان ئۆگىنىۋالغان ؟ — ئايقۇت ئۆردەكنىڭ كىيىملىرىنى يەڭگۈشلەپ ، يوتقان - كۆرپىگە چۈمكەپ بولۇپ سورىدى .

— چارىغا كەلگەندىن كېيىن .

— مۇشۇ بىر ھەپتىنىڭ ئىچىدە ؟ !

ئۆردەك جاۋاب ئورنىدا بېشىنى مىدىرلىتىپ قويدى .

ئايسۇلۇ ئىسسىقراق قىلىپ سۈتلۈك چاي ئېلىپ كەلدى . ئۆردەك يېرىم ئۆرە بولۇپ ئولتۇرۇپ چاينى ئىچىپ بولۇپ يەنە يۆركىلىپ ياتتى .

— سەن راستىنلا ئۆردەككەنسەن ، — دېدى ئايسۇلۇ كۈلۈپ .

— راستلا ئۆردەككەن بۇ . قارىمامدىغان جېنىغا باقماي ئادەم قۇتقۇزىمەن دەپ سۇغا سەكرەپ چۈشكىنىنى ، — ئايقۇت ئۆردەكنىڭ پېشانىسىنى سىلاپ قويۇپ يەنە دېدى ، — ھېلىمۇ كۆل تېيىز كەن ، چوڭقۇر بولغان بولسا قانداق قىلاتتىڭ ؟

ئۆردەك بىرنېمە دېگۈچە ئايسۇلۇ سۇدىن سۈزۈۋالغان بالىنىڭ ئانىسى ئۆيگە كىرگىنىچە :

— ۋاي ئۆرگىلەي ، ۋاي ئۆرگىلەي ، ئۆردەكتەك جېنى بىلەن مېنىڭ تۆگەمنى سۇدىن قۇتۇلدۇرماق بوپتۇ ئەمەسمۇ ، بۇ ئالتۇن بالا ، — دەپ سۆزلەپلا كەتتى .

— ئالتۇن دەيسىزغۇ ، مېنىڭ بۇ ئۆردىكىمنى ؟ — ئايقۇت ئايالغا چاقچاق قىلدى .

كىرگەن ئايال ئوماقلار چارىغا كەلگەن كۈنى ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىققان ئەزىمباقى دېگەن كىشىنىڭ خوتۇنى تۇلەمخان ئىدى .

— قولى ئالتۇن ئىكەن بۇ بالىڭىزنىڭ . ھەممە چوڭ ئادەمنىڭ قولىدىن كېلىۋەرمەيدىغان ئىش بۇنىڭ قولىدىن كېلىدىكەن ئەمەسمۇ ، — تۇلەمخان ئۆردەكنىڭ بېشىغا كېلىپ گېپىنى داۋاملاشتۇردى ، — ھازىر مەھەللىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى سىزنىڭ بۇ ئۆردىكە-

ڭىزنى ئالتۇن بالا ، ئۆردەك ئالتۇن ، دەيدىغان بولدى .
ئايقۇت تولەمخاننىڭ ئاغزىغا قاراپلا قالدى ، گېپى توختىغاندىن كېيىن ، ئۇنىڭدىن :
— ئۇنىڭ قايسى ئىشىنى دەيسىز ؟ — دەپ سورىدى .
— سىلەرگە دەپ كىرمىدىما ، — تولەمخان ئۆردەككە قاراپ ، — ھەي ئۆردەك ، قىلغان ئىشىڭنى ئاتا - ئاناڭغا غاقىلداپمۇ قويماپسەن - ھە ، بۇپتۇ مەن دەپ بېرەي ، — ئۇ ئۆردەكنىڭ ئاياغ تەرىپىگە كېلىپ سۇپىدا ئولتۇرۇپ گەپنى باشلىدى . ئىش مۇنداق بولغانىدى .
ئوماقلار يۆتكىلىپ كەلگەن كۈنىنىڭ ئەتىسى ئۆردەك مەھەللىدىكى بىرنەچچە بالا بىلەن ئويناۋېتىپ ئەزىمباقىنىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىغا بېرىپ قالدى . ئەزىمباقى ئۆيى ئالدىدا بىر ئەسكى پالاس ئۈستىدە يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ ئېگەر چېپىۋاتاتتى . باللار ئولىشىپ كېلىپ ئۇنىڭ ئېگەر چاپقىنىغا قاراپ تۇرۇشتى . ئۆردەك يېڭى يۇرتچاپقاندا تولەك بوۋىنىڭ نەۋرىسى ھەكىمدىن ھەر خىل ياغاچ قاچا - قۇچا ، تەڭنە ، شۇ قاتاردا ئېگەر چېپىشنى ئانچە - مۇنچە ئۆگىنىۋالغانىدى . ئەزىمباقى ئېگەرنىڭ چېپىلىپ بولغان بىر يېرىنى سىلىقلاۋاتقاندا ، ئاتالغا تېيىلىپ كېتىپ تىزىنى كېسىۋەتتى . ئاتالغا خېلى قاتتىق تەگكەن چېغى ، ئەزىمباقى تىزىنى قاماللاپ چىڭ تۇتقىنىچە ئاقساپ ئۆيىگە كىرىپ كەتتى . ئۆردەك پالاستا تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ ئاتالغا بىلەن ئېگەرنىڭ چېپىقسىز قالغان جايلىرىنى چېپىپ ، سىلىقلايدىغان جايى بولسا سىلىقلاپ بولۇپ ، ئاتالغىنى قويۇپ تۇرۇشىغا ئەزىمباقى ئۆيدىن چىقتى . قارىسا ئېگەرنىڭ چالا قالغان يېرى چېپىلىپ پەردازلىنىپ بولۇنغان . ئۇ باللاردىن ئېگەرنى كىم چاپقانلىقىنى سورىدى . باللار :
— ماۋۇ ، ماۋۇ يېڭى كەلدى ئۆردەك چاپتى ، — دەپ چۇرقىراشتى .
ئۆردەك ئىچىدە : «بىر يېرىنى بۇزۇپ قويغان ئوخشايمەن» دەپ قورقۇپ تۇراتتى ، ئەزىمباقى كېلىپ ئۇنىڭ بېشىنى سىلاپ

تۇرۇپ :
— ئۆزۈڭ كىچىك بولغىنىڭ بىلەن چوڭ ئادەمنىڭ ئىشىنى قىلىدىكەنسەن ، سەن ھەلىقى يېڭى كەلگەن ئوماقنىڭ بالىسىغۇ ـ ھە ، — دېدى .
ئۇ ئېگەرنى ئالىباي ئاقساقال بۇيرۇتقانىدى . ئاقساقال ئېگەرنى كۆرۈپ :
— ۋوي ، ئەزىمباقى ، سەن ئېگەرنى بۇنداق سىپتا چاپمايتىنىڭ ، بۇ ئېگەرنى قالتىس چىرايلىق چېپىۋېتىپسەن ، — دېدى .
ئەزىمباقى بولغان ئىشنى سۆزلەپ بېرىپ ، ئاخىرىدا :
— مەھەللىمىزگە ئۆزى ئالتۇن ، قولى گۈل بىر بالا كېپتۇ ئەمەسمۇ ، — دېدى .
ئالىباي ئاقساقال قولىدىكى ئېگەرنى باشقىدىن ئۇيان ـ بۇيان ئايلاندۇرۇپ قاراپ كېتىپ :
— ۋوي ، ئوماقنىڭ ئون بىر ياشلىق بالىسى ئاشۇ ئۆردەكما ؟ ! راستىنلا قولى گۈل ، ئالتۇندەك بالا ئىكەنغۇ ، — دېدى .
بۇ گەپ بولۇنغاندا ، ئۇلارنىڭ يېنىدا يەتتە ـ سەككىز كىشى بار ئىدى . ئۇلار ئۆيلىرىدە ئۆردەكنىڭ تەرىپىنى قىلىپ كېتىشتى . ئۆردەكنىڭ : «قولى گۈل ، ئالتۇندەك بالا» ئىكەنلىكى توغرىسىدىكى تەرىپلەر شۇ كۈنىلا ئۆيدىن سىرتقا تاراپ ، پۈتۈن مەھەللىگە ئاڭلىنىپ بولغانىدى ، ئەمما بۇ گەپ تېخى ئۆردەكنىڭ ئۆيىدىكىلەرنىڭ قۇلىقىغا يەتمىگەنىدى .
تولەمخاننىڭ گېپىنى ئاڭلاپ ، ئايقۇت بىلەن ئايسۇلۇ ھەيران قالغىنىچە بىر ـ بىرىگە قاراشتى ، ئاندىن تەڭلا يوتقانغا چۈمكىلىپ ياتقان ئۆردەككە قارىدى . ئۆردەك ھېچنېمە ئاڭلىمىغاندەك ، ھېچنېمە بىلمەيدىغاندەك ئۆز ھالى بىلەن قالغان قىياپەتتە جىممىدە ياتاتتى .
تولەمخان بالىسىنى سۆزدىن قۇتۇلدۇرۇپ قالغىنىغا ئايقۇت ، ئايسۇلۇ ۋە ئۆردەكلەرگە رەھمىتىنى ئېيتىپ :
— خوش ، ئۆردەك ئالتۇن ، — دەپ ئارقىسىغا ئۆرۈلۈشىگە ،

ئىشىكتىن سەككىز ـ توققۇز ياشلاردىكى بىر قىز كىردى .
— دۆلەت ، كەينىمدىنلا كىرىپسەنغۇ ، — دېدى تۇلەمخان ئۆيگە كىرگەن قىزچاققا قاراپ .
— ئاكام ماۋۇ ناننى ئانام ئۈنتۈپ قاپتۇ ، ماڭ ، ئۆردەكلەرنىڭ ئۆيىگە ئەكىرىپ بەر دېدى ، — دېدى قىز چاقماقتەك سۆزلەپ ، چۈچۈك تىلى بىلەن .
— ۋاي خۇدايىمەي ـ ۋاي خۇدايىمەي ، قۇرۇق كاپىلداشقا ئالدىراپ ناننى ئۇنتۇپ قالغىنىمنى ، — تۇلەمخان ئىتتىك بېرىپ قىزنىڭ قولىدىكى ياغلىققا ئوراقلىق ناننى ئېلىپ سۇپىدا قويۇپ ئېچىپ ، — بايا بۇ ناننى سىلەرگىلا ئاتاپ ، سۇت بىلەنلا يۇغۇرۇپ قومغا كۆمۈپ پىشۇرغانىدىم ، تېتىپ بېقىڭلار ، — دېدى .
نان يېمەي قاراپ ئولتۇرغۇدەك دەرىجىدە ئوخشىتىپ ، چىراي-لىق پىشۇرۇلغانىدى .
تۇلەمـخان نانـنى ئۆزى ئوشتۇپ بىر پـارچىنى ئۆردەككە تەڭلەپ :
— مە ، ئۆردەك ، يە ، — دېدى .
ئۆردەك تۇلەمخاننىڭ قولىدىن ناننى ئېلىپ ئاغزىغا ئېلىپ باردى .
— مەن چىقاي ، — تۇلەمخان قىزنى يېتىلەپ ئىشىك تەرەپكە مېڭىۋېتىپ ، — بالىغا چاينى ئىسسىق ـ ئىسسىق ئىچۈرۈپ بېرىڭ-لار ، — دەپ قويدى .
ئايقۇت ، ئايسۇلۇلار تۇلەمخاننى ئۇزىتىپ قويۇپ قايتىپ كىر-دى . ئايسۇلۇ :
— ئەجەب چىرايلىق ، ئوماق قىزكەنە ، — دېدى .
— مېنىڭ كۆزۈمگىمۇ ئىللىق ، يېقىشلىق كۆرۈنۈپ كەتتى . ئۇقۇشۇپ باقايلى ، — دەپ كۈلدى ئايقۇت .
ئايسۇلۇ ئۆردەككە قاراپ قويۇپ :
— مېنى مۇشۇ قىزچاق يېشىدىكى چېغىمدا قوشتۇلۇق قىلىپ

قويغانتىڭلار ، بۇ دۆلەتخان قىزغىمۇ كۆزىڭىز چۈشۈۋاتىدۇ ـ ھە ، كىشىنىڭ كۆزى چۈشكۈدەك قىزكەن . ئۆزۈم سۈرۈشتۈرۈپ كۆرەي ، — دېدى .

ئايقۇت ئۆردەككە قارىدى ، ئۇ ئۇخلاپ قالغانىدى ، قولىدا تولەمخان تۇتقۇزۇپ قويغان نانىنىڭ كىچىك بىر پارچىسى چىڭ سىقىملاغلىق تۇراتتى .

ئايقۇت ئوغلىغا پەخىرلىنىش نەزىرى بىلەن سىنچىلاپ قاراپ كەتتى . ھازىرغىچە بۇ ئوغلىغا مۇناسىۋەتلىك بولغان بەزى ئىشلار ئايقۇتنىڭ كۆز ئالدىدا قايتا نامايان بولغاندەك بولدى . ئۆردەك تۇغۇلۇپ ئۈچىنچى كۈنى ئوماق ئۇنى قالاچ قاناقاغا كۆرسەتكىلى ئەكىرگەندە ، قاناقا بالىغا قاراپلا : «مەن دېمىگەنمۇ ، سېنىڭ بۇ بالاڭ ئەقىللىق ھەم خىسلەتلىك ئادەم بولىدۇ ، دەپ ، قارىغىنا ، كۆزلىرىنىڭ نۇرلۇق ، پېشانىسىنىڭ كەڭ ، قۇلىقىنىڭ چوڭلۇقىغا . بىز لوپلۇقلاردا ‹كىچىك قۇلاق ئات يۈگۈرۈشلۈك ، چوڭ قۇلاق ئادەم تۈيغۇن كېلىدۇ › دەيدىغان گەپ بار . ئوماق ، ئوغلۇڭنى ئوبدان تەربىيىلە ، تەلەپلىرىنى تەل قىلىپ بەر » دەپتىكەن . ئۆردەك يەتتە ياشقا تولغان چېغىدا ئوماق بىلەن ئايقۇتنىڭ توسقىنىغا ئۇنىماي ئاكىسى تۆمۈر بىلەن ئاتىسىنىڭ كېمىسىدە ئولتۇرۇپ ئۈجۈل يىغقىلى كۆلگە كىردى . ئوماق ئۈجۈل سېيرىش بىلەن بولۇۋاتقاندا ، تۆمۈرمۇ ئۈجۈل سېيرىغىلى كېمىدە ئۆرە تۇرماقچى بولغاندا ئۆزىنى ئوڭشاپ تۇرالماي كېمە غايقاڭلاپ كېتىپ ، تۆمۈرمۇ ، ئۆردەكمۇ سۇغا چۈشۈپ كەتتى . ئون ياشلىق تۆمۈر سۇدا بۇرۇقتۇرما بولۇپ پالاقلاپ قالغاندا ، ئۆردەك دەسلەپ پالاقلىغاندەك قىلىپ ، بىردىنلا مەيدىسىنى سۇدىن سەل كۆتۈرۈپ ، سۇنى ئازراقمۇ شالاپلاتماي پاقىچىلاپ ئۈزۈپ يۈرۈپ ئايقۇتنىڭ كېمىسىگە چىقىۋالدى . تۆمۈرنى ئوماق سۇزۇۋالغانىدى… چارىغا كۆچۈپ مېڭىش تەييارلىقىنى قىلىۋاتقاندا ، كۈنچىققانبەگ ئۆردەككە ئات بويلۇق يوغان قېچىردىن بىرنى ئېگەرلىك پېتى بەردى . ئۆردەك ئۇنى

مىنىپ باقماقچى بولدى . توختاق ئۆردەكنى مىندۈرۈپ قويماقچى
بولغاندا ، «ئۆزۈم مىنىمەن» دەپ ، قىچىرنىڭ چۇلۇۋۇرىنى قولىغا
ئالدى . قىچىر ئۇنى يات كۆردىمۇ ياكى كىچىك چاغلىدىمۇ ، چاپ-
چىپ ئۆزىگە يىقىن كەلتۈرمىدى . «ئىشەكنىڭ يۈگۈرۈشى ساماز-
لىقلىچە» دىگەندەك ، بىكار يىتىپ يەپ سەمرىپ بىقسىپ كەتكەن ،
يا ئاتقا ، يا ئىشەككە تەۋە ئەمەس ‹قىچىر› ناملىق بۇ جانىۋارنىڭ
تاكراڭلاپ شىلتىڭ ئىتىشى بىردەملىك بولدى . ئۆردەك بىر ئامال-
لاپ قىچىرنىڭ نوختىسىنى تۇۋىدىن تۇتۇۋىلىپ ، قىچىر بىشىنى
شۇنچە سىلكىسىمۇ نوختىنى قويۇپ بەرمەي ، پۇتىنى يەردىن ئىلىپ
ئىسلىپ تۇرۇۋالدى . قىچىر ئاخىرى ھىرىپ ھورىغا چۈشتى ،
بوشىدى . ئۆردەك سول قولىدا قىچىرنىڭ يالىنى ، ئوڭ قولىدا
ئىگەرنىڭ بىشىنى تۇتۇپ تىرمىشىپ ئۇزەڭگىگە پۇتىنى ئىلى-
ۋالدى ـ دە ، قىچىرنىڭ ئۇستىگە قونۇپ زۇرماندەك ئولتۇرۇۋال-
دى . ئۇزاقتىن دۈمبىسىگە يۈك چىقماي خىمىغا يىنىپ توسۇنلى-
شىپ كەتكەن قىچىر يەنە تاكراڭ ئىتىپ خىلى چىچاڭلىدى . ئۇنىڭ
ئورنىدا چوڭ ئادەم بولسىمۇ ئۆزىنى يەردە كۆرەتتى ، ئەمما ئۆردەك
ئىگەرگە چاپلاپ قويغاندەك مىختا ئولتۇرىۋەردى . قاراپ تۇرغانلار
دەسلەپ قورققانىدى ، كىيىن يۈرەكلىرى جايىغا چۈشۈپ ھەيران
قىلىشتى .
ئوماق ئۆردەكنى قىچىردىن كۆتۈرۈپ چۈشۈرۈپ پىشانىسىگە
سۆيۈپ تۇرۇپ :
— يارايسەن ئۆردىكىم ! — دىدى .
ئايقۇت شۇلارنى كۆز ئالدىدىن ئۆتكۈزۈپ ، ئوغلىنىڭ يىنىغا
كەلدى . ئۇنىڭغا زوقلىنىپ قاراپ كەتتى . پىشانىسىگە يىنىك سۆ-
يۈپ قويۇپ :
— يىشىم كىر[1] ، خۇدايىم ئۆمرۈڭنى بەرسۇن ، ئۆردەك
ئالتۇنۇم ! — دىدى .

---

[1] يىشىم كىر - مىنىڭ يىشىمنىمۇ ياشا ، ئۆمرۈڭ ئۇزۇن بولسۇن ، دىگەن مەنىدە .

## 6

كۈنچىققانبەگلەر ئۆڭكۈرتوقايدىن چىقىپ بولماي تۇرۇپلا كۈن پاتتى. تاغ ئىچىدە كۈننىڭ پاتقىنى كەچ كىرگىنى. ئۇلار كۈن پېتىۋاتىدۇ، دېگۈچىلا كېچىنىڭ پەردىسى يېپىلىپ بولدى. ناتونۇش تاغنىڭ توقايلىقىدا قاراڭغۇدا مېڭىش بەك خەتەرلىك. تاھىر ئۇۋچىنىڭ «تاغ» دەپ لەقىمى بولغان بىلەن، تاغدا كېچىسى مېڭىشتىن ئۆلگۈدەك قورقىدۇ. ئۆيىدىن كېچىسى سىرتقا چىقىش زۆرۈرىيىتى بولۇپ قالغاندا، خوتۇنىنى بىللە ئېلىپ چىقىپ ئۆزى كەينىدە ماڭىدۇ. ئۇ ياش چېغىدا ئۇۋدىن كەچ قېلىپ ئاتىسى بىلەن تاغ ئىچىدە كېلىۋاتقاندا ئېتى نېمىدۇر بىرنېمىدىن ئۈركۈپ ئۆزىنى پارتتىمدە ئېلىپ قاچقاندا، تۇيۇقسىز ئۇلتۇرغان تاھىر ئاتتىن يىقىلىپ كەتكەنىدى. ئۇ يىقىلىپ چۈشكەن جىغان يېنىدىن بىر نەرسە «شۇر» قىلىپ قاچقاندەك بولدى. بۇنىڭدىن تاھىرنىڭ يۈرىكى قېپىدىن چىقىپ كەتكۈدەك قورقۇپ كەتكەنىدى. «يىلاندىن قورقۇپ كەتكەن ئادەم ئارغامچىدىنمۇ قورقىدۇ» دېگەندەك، ئۇ شۇنىڭدىن كېيىن كېچىسى مېڭىشتىن قورقىدىغان بولۇپ قالغانىدى. شۇڭا كۈنچىققانبەگلەرگە ئۆزلىرىگە تايىنىشقا توغرا كەلدى.

— قانداق قىلىمىز؟ — دېدى كۈنچىققانبەگ ئۇ يەر ـ بۇ يەردە سوس جىمىرلاپ تۇرغان تۇمانلىق ئاسمانغا قاراپ، — بۇ جىلغىدىن قاچان چىقىپ كېتەلىشىمىزنى بىلمىسەك.

— ئاۋۇ يەردە بىر ئۆڭكۈر بار ئىكەن، — ئوماق تاغنىڭ ئايرىم بىر چوقچىيىپ تۇرغان بۆلىكىنى كۆرسەتتى، قالغانلار شۇ ياققا قارىدى، — بۈگۈن بۇ كېچىنى مۇشۇ ئۆڭكۈردە ئۆتكۈزەيلى، ئەتە قانداق قىلىشنى تاڭ ئاتقاندا بىرنېمە دېيىشەيلى، — دېدى.

تاھىرتاغ ئەسقاتمىدى، ئوماقنىڭ دېگىنىدەك قىلماي بولمايدىغاندەك ئىدى. ئۇلار شۇ تەرەپكە ماڭدى. ئۆڭكۈر ئانچە ئېگىز ئەمەس ئىدى. ئۇلار ئاتلارنى چۈشەپ قويۇپ، ئۆڭكۈرگە قاراپ

ئۆرلىدى . كۈنچىققانبەگ ، تايۇق ، تېيىقلار خېلى ھەرەج تارتتى .
بىر قېتىم دەسسىگەن تاش قوزغىلىپ كېتىپ كۈنچىققانبەگ يوغان
گەۋدىسى بىلەن يىقىلىپمۇ چۈشتى . ئۇلار ئاخىرى ئۆڭكۈر ئاغزىغا
كەلدى . ئۆڭكۈر ئىچى گۆردەك قاپقاراڭغۇ ئىدى . تېيىق چىگە
تالاسىدا ئېشىپ ، ئېرىتىلگەن بېلىق يېغىغا چىلاپ تەييارلىۋالغان
پىلىك بىلەن چىراغنى كىچىك تېرە خالتىسىدىن چىقاردى ، تاھىر
تاغ دائىم بەلۋېغىدىن ئايرىمايدىغان چاقمىقىنى چېقىپ قارا ياغاچ
يىلىمگە مىلەپ قۇرۇتۇۋالغان چىگە پاختىسىغا ئوت تۇتاشتۇردى ،
ئۇنى ئاندىن چىراغدىكى پىلىككە تۇتاشتۇردى . ئوماق چىراغنى
كۆتۈرۈپ ئالدىدا ماڭدى . ئۆڭكۈر ئىچى چوڭمۇ ، كىچىكمۇ ، غۇۋا
چىراغ يورۇقىدا بىلگىلى بولمىدى .

كۈنچىققانبەگنىڭ پۈتۈن بىر كۈن ماڭغىنى بىر تەڭ ، ئۆڭ-
كۈرگە چىققۇچىلىك ماڭغىنى بىر تەڭ بولۇپ بەك ھېرىپ كېتىپ ،
ماڭغۇدەك ، گەۋدىسىنى كۆتۈرۈپ تۇرغۇدەك ھالى قالمىغانىدى .
ئەپلىك بىر يەردە موككىدە ئولتۇردى ـ دە :

— مەيلى نېمە بولسا بولسۇن ، مۇشۇ يەردە ئۇخلايلى ، —
دېدى .

بەگنىڭ گېپى ھەممىسىنىڭ ھارغان يېرىگە باردى . ھەرقاي-
سىسى ئۆزى خالىغان يەرنى تېپىپ يانپاشلىدى . تېيىقمۇ چىراغنى
بىر يەرگە ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپ ئۇمۇ يانپاشلىدى . ئۇلار ئۆزلە-
رىنى ئۆڭكۈردە دەپ سېزىۋاتامدۇ ، ئۆيىمىزدە دەپمۇ ، بۇنى ھەر-
كىم ئۆزى بىلىدۇ ، يانپاشلىنىپلا ئۇيقۇغا كېتىشتى . پەقەت ئوماقلا
ئۆزىنىڭ قاچان ئۇخلاپ قالغىنىنى بىلمەيتتى...

ئۇلارنى تاغ قۇشلىرىنىڭ تاڭ سەھەردىكى ۋىچىر - ۋىچىرلە-
رى ، چۇڭقۇلداشلىرى ، يېقىملىق سايراشلىرى ئويغىتىۋەتتى . ئۆڭ-
كۈر ئىچى خېلى يورۇپ قالغانىدى .

— ماۋۇ نېمە ؟ ! — تايۇق يېنىدىكى بىر نەرسىنى كۆرسەتتى .

تۆتى ئۇيقۇلۇق كۆزى بىلەن تايۇق كۆرسەتكەن تەرەپكە قاراپ-
لا : «ۋوي ، بۇ نېمىدۇ ؟» دېيىشىپ كەتتى . ئۇ نەرسە ئۆڭكۈر

ئاغزىغا ئۇدۇل يەردە سۇپا شەكلىدە تۈزلەنگەن بىر تاش ئۈستىدە تۇراتتى. ئۇ ئادەمنىڭ بېلىنىڭ يۇقىرى قىسمىغىلا ئوخشايتتى. باش تەرىپى تولۇقراق بولۇپ، كۆز، قاش، بۇرۇن، ئېغىز، ئېڭەك، قۇلاقلىرى ئېنىق بىلىنىپ تۇراتتى. ئوماق مۇشۇنىڭغا ئوخشايدىغان نەرسىنى سۈگەتتاغنىڭ ئىچكىرىسىدىكى بەزى ئۆڭكۈرلەردىمۇ كۆرگەنىدى. ئاتىسىنىڭ ئۇنى «تاش ھەيكەل» دېگىنىنى ئاڭلىغان. بۇ ھەيكەلنىڭ ھېلىلا چانقىدىن ئېتىلىپ چىقىپ كېتىدىغاندەك بۈرتۈپ تۇرغان كۆزىلا سۇرلۇك بولۇپ، باشقا يەرلىرى ئادەتتىكىچە ئىدى. ئوماق ھەيكەلنى تۇتۇپ باقماقچى بولۇپ قولىنى سۇنۇۋىدى، تاھىرتاغ:

— تۇتما، بالاغا قالىمىز، — دېدى، چۆچۈپ كەتكەندەك ئۆندەرەپ.

— نېمىشقا؟

— بۇ جىن - ئالۋاستىمۇ تېخى، كىم بىلىدۇ، قول تەگكۈزمەيلى.

ئوماق كۈلدى. ئۇ ئىلگىرى بۇنداق نەرسىنى تۇتۇپ كۆرگەنىدى.

— بۇ دېگەن تاش، — دېدى ئوماق، — ئادەملەر شۇنداق شەكىلدە ياساپ ئۆڭكۈرگە قويۇپ قويغان، بۇنى تاش ھەيكەل دەيمىز.

ئوماق گېپىنىڭ ئاخىرىغا ئۇلاپ ھەيكەلنى تۇتۇپ كۆردى، سىلىدى. كۇنچىققانبەگ، تايۇق، توختاقلار بۇنداق نەرسىنى تۇنجى كۆرگەن، «ھەيكەل» دەپمۇ تۇنجى قېتىم ئاڭلىغان بولغاچقا، تاھىرتاغنىڭ «جىن - ئالۋاستى» دېگىنىنى ئاڭلاپ دېلىغۇل بولغانىدى. ئوماقنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، تۇتقىنىغا قاراپ كۆڭۈللىرى جايىغا چۈشۈپ، كېلىپ تۇتۇپ باقتى، سىلىدى، تاشلىقىغا ئىشەندى. ئەمدى ئۇلارنىڭ كاللىسىغا: «بۇ مۇشۇنداق يارىلىپ قالغان نەرسىمۇ ياكى بىرەر ئادەم ياساپ ئۆڭكۈرگە ئەكىرىپ قويغانمۇ، ياسىغان بولسا نېمىشقا ياسىدى؟» دېگەن خىياللار كىرىۋالدى.

ئۇنداق دەپ بېقىپ ، بۇنداق دەپ بېقىپ : «بۇ بىر تىلسىم بىلەن ئۆڭكۈرگە كىرىپ قالغان» دېگەن گەپتە توختاشتى ، ئەمما بۇنداق دېيىشكە ئۇماق قوشۇلمىدى . ئۇنىڭ قولىقى تۈۋىدە قالاچ قاناقانىڭ گەپلىرى جاراڭلاپ سادا بەرمەكتە ئىدى . ئۇ ئالدىدىكىلەرگە قاراپ :

— بۇ ھەيكەل جىن - ئالۋاستىمۇ ياكى بىرەر تىلسىممۇ ئەمەس . قاناقا ئېيتقاندەك بىزدىن ئۇزاقتا قالغان ئەجدادلىرىمىز قالدۇرغان ئىز . ھەيكەلگە ئوبدان قاراپ بېقىڭلار ، قارىساڭلار ئۇنىڭ ياسالغانلىقىنى بىلگىلى بولىدۇ . مۇشۇ تاغلىقلار ۋە چارا ، تىكەنلىكتىكىلەر ئىشلىتىدىغان ياغۇنچاقتىكى ئىز بىلەن بۇنىڭدىكى ئىز ئوخشاش ، لېكىن ھەيكەلدىكى ئىزلار بەك كىچىك . مېنىڭچە بۇنىمۇ ياغۇنچاقنى ياسىغاندەك چوقۇپ - يونۇپ ياسىغاندەك تۇرىدۇ . ياغۇنچاق ياسىغاننى مەن سۆگەتتاغدىكى چاغدا كۆرگەن ، — دېدى .

كۇنچىققانبەگ ، تايۇق ، توختاقلار : «بۇنى قاناقا ئەجدادلار ئىزى دېگەن بولسا ، بەلكى شۇنداقتۇ ، ئەجدادلارنىڭ قىلغان ئىشىدۇ» دەپ ئويلاشتىيۇ ، ئۇنىڭ قايسى چاغدىكى قايسى ئەجدادلارنىڭ نېمە ئىزى ئىكەنلىكىنى ئويلاش ئۇلارنىڭ خىيالىغا كەلمىدى…

ئۇلار ئۆڭكۈردىن چىقىشىغا ، يۇقىرىغا ئۆرلەپ كېتىۋاتقان بىر توپ تاغ ئۆچكىسى بىلەن ھەيۋەت يوغان مۈڭگۈزلۈك بىر تېكە جىلغا ئاغزىنىڭ بېرىسىدە ئۇلارغا ئۇدۇل كېلىپ قالدى . ئارىلىق ئاتمىش قەدەمچە كېلەتتى . بۇ ئۇلار تاغقا چىققاندىن بۇيان بىرىنچى قېتىم ئۇچرىغان ئېسىل ئوۋلۇق مال ئىدى . كۇنچىققانبەگ مىلتىقنى ئۇماققا سۇندى . ئۇماق ئوقيا ئېتىشتا ئۇستا بولغان بىلەن مىلتىق ئېتىشتا كۇنچىققانبەگكە يەتمەيتتى . بۇ ئۆزىگە ئايان ئىدى . شۇڭا «ئۆزۈڭ ئات» دېگەن ئىشارىنى قىلدى . ئوۋغا يېقىنلاشقاندا ھېچقانداق شەپە چىقارماسلىق كېرەك ، بۇ ئۇلارنىڭ ئادىتى ، بولمىسا ئوۋچى ئوۋدىن قۇرۇق قالىدۇ . كۇنچىققانبەگ ئولتۇرۇپ تۇرۇپ مىلتىقنى پۇتىنى چىقىرىپ بىر تاشنىڭ ئۇستىگە قويدى ،

ئانچىمۇ قارىلاپ كەتمەي تەپكىنى باستى. «گۇم» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭلا تىكە جايىغىلا يىقىلدى. ئۇنىڭدىن سەل نېرىدا بىر ئۆچكە تىپىرلاپ قىلىپ، ئۇمۇ يىقىلدى. تىكىمۇ ئوقتا يىقىلدى، ئۆچكە نېمىشقا يىقىلدى؟ بۇنىڭغا ئوماقتىن باشقىلىرى ھەيران ئىدى. «ئۆچكىگە نېمە بولدى؟» تاھىرتاغ بىلەن تېپىق ئىلۋەسۇنلار يىقىلغان يەرگە قاراپ يۈگۈرۈپ كەتتى. ئۇلارنىڭ كەينىدىن قالغانلار ماڭدى... بېرىپ كۆرسە، ئوق تىكىنىڭ ئارقا ئىككىلا پۇتىنى چېقىۋېتىپتۇ، ئۆچكە بولسا ئوقيا ئوقىدا يىقىلىپتۇ. ئوقيادىن ئوق ئۈزگەن كىم؟ ئۇلار بىر - بىرىگە قاراشتى. تايۇق ئۆچكىنىڭ ئۆپكىسىگە سانجىلغان يا ئوقىنى سۇغۇرۇۋېلىپ زەن سېلىپ قارىدى - دە، ئوماققا قاراپ:

— ئوقيايىڭنى بەتلەپ تۇرغانمىدىڭ؟ — دېدى.

كۈنچىققانبەگ مىلتىقنىڭ پۇتىنى چىقىرىۋاتقاندا، ئوماق بۇك بىر جىغاننىڭ نېرىسىغا ئۆتۈپ، ئۆچكىلەرنىڭ مىلتىق ئاۋازى بىلەن تەڭ ئالدى تەرەپكە - يۇقىرىغا قاچىدىغانلىقىنى پەم قىلىپ، ئوقيانى بەتلەپ تۇرغانىدى. ئۇ مىلتىق ئاۋازىدىن كۆزىنى يۇمۇپ - ئاچقۇچىلىك ئارىلىقتا گاڭگىراپ قالغان بىر ئۆچكىگە قارىتىپ ئوق ئۈزدى.

— يارايسەن، قالتىس ئوقياچىكەنسەن! — دېدى كۈنچىققانبەگ.

بىر ئۆمۈر ئوۋچىلىق قىلىپ مىلتىقنىڭ ئېتىلىشى بىلەن تەڭ ئوقيا ئېتىپ بىرەر مالغا تەگكۈزگەنلىكىنى كۆرۈپمۇ، ئاڭلاپمۇ باقمىغان تاھىرتاغ ئوماقنىڭ مەرگەن ئوقياچىلىقىغا ھەيران قالدى.

تاھىرتاغ تىكىنى، تېپىق ئۆچكىنى بوغۇزلىدى، سويدى. ئەتىياز چېغى بولغاچقا گۆش سېمىز چىقمىدى. سۇ بار يەردە پىشۇرۇپ يەۋالايلى دېيىشىپ، ئۇلار شۇ يەردىلا تىكىنىڭ گۆشىنىڭ يېرىمىنى قازانغا سالدى. گۆشنى يەپ، شورپىسىغا جىگدە - ئۇجۇل تالقىنى چېلىپ ئىچىشتى.

كۆنچىققانبەگ بۇ قېتىم ئوۋ ئوۋلىغاچ بەگلىك دائىرىسىدىكى تاغ ، قومۇلۇقلارنى ، يۇرتلارنى ئارىلاشنى مەقسەت قىلغانىدى . ئۇلار ئۆڭكۈر توقايدا ئويلاپ باقمىغان نەرسىلەرنى كۆردى . بۇنداق نەر- سىلەرنىڭ باشقا جايدىمۇ بولۇپ قېلىشىنى پەرەز قىلىپ ، هازىرچە مۇشۇ يەردىن قايتىشنى ، ئوبدان تەييارلىق قىلىپ باشقا بىر چاغدا كېلىشنى مەسلىھەت قىلىشتى .

ئۆچكە گۆشىنى تاھىرتاغقا بەردى ، ئۇ ئۆزى بىلىدىغان تاغ باغرىدىكى يول بىلەن قايتىدىغان ، ئوماق بىلەن توختاق ئوردۇل تۆۋەنلەپ مېڭىپ تېمەنپۇغا بېرىپ ، ئۇ يەردىن كۆنپېتىشقا ئوردۇل مېڭىپ چارىغا قايتىدىغان ، كۆنچىققانبەگ بىلەن تايۇق تاھىرتاغنىڭ دەپ بەرگەنلىرى بويىچە كۆنچىقىشقا قىيپاش تۆۋەنلەپ مېڭىپ قومدەرياغا بېرىپ ، ئۇ يەردىن يېڭى يۇرتچاپقانغا قايتىدىغان بولۇپ خوشلىشىپ يولغا چۇشۇشتى . تېكىنىڭ قالغان يېرىم گۆشىنى يولدا يېيىش ئۇچۇن يېرىمدىن قىلىپ كۆنچىققانبەگ بىلەن ئوماقلار بۆلۈۋېلىشتى .

ئوماقلار تېزرەك ماڭغاچقا ، تېمەنپۇغا چۇشتىن قايرىلىپ سەللا ئۆتكەندە يېتىپ كەلدى . تاغقا بېرىشتا كۆنچى دەرياسىنىڭ ئۇچ سۈيى بار ، بەش قۇرۇق ئېقىنىدىن ئۆتكەنىدى ، تېمەنپۇغا كېلىشتە چوڭ - كىچىك ئالتە سۈيى بار ئېقىنىدىن ، تۆت قۇرۇق ئېقىنىدىن ئۆتتى . بەزى قۇرۇق ئېقىنىنىڭ قىنىنى قوم بېسىپ ئىزناسىلا قالغانىدى .

— تېمەنپۇ دېگىنى مۇشۇ يەر ئوخشىمامدۇ ؟ — توختاق يىراق- تىكى ئۇزۇن سوزۇلغان بىر دۆڭنى كۆرسىتىپ ئاتىسىدىن سورىدى .

ئوماق گەپ قىلماي دۆڭ تەرەپكە مېڭىۋەردى ، ئارقىسىدىن توختاقمۇ ماڭدى . دۆڭلۈك تۇتاش تۆت چاسا بولۇپ ، ئوتتۇرىسى ئاساسەن تۈز ئىدى . ئۇ يەر - بۇ يەردە كىچىك - كىچىك دۆڭ - دۇمبەللەر ، يىلدا بىرەر قېتىم يېغىپ قالىدىغان يامغۇر سۈيى يىغىلىپ قالىدىغان ئويمانلاردا ئۇنۇپ قالغان يۇلغۇنلار ،

شىۋاق ، چاكاندا ، سايغان قومۇشلار قاغجىراپ تۇراتتى . تاھىرتاغ تېمەنپۇ دەپ سۇرەتلەپ بەرگەن جاينىڭ مۇشۇ يەر ئىكەنلىكىنى ئوماق جەزملەشتۇردى . يۇلغۇن ياغىچى بىلەن دۆڭنى كولاپ باقتى . ئۇستىدىكى توپا پوزماندەك بولۇپ كەتكەن بولسىمۇ ، ئاستى ئىنتايىن قاتتىق ئىدى . ئاتا - بالا ئىككىسى چوڭراق يۇلغۇننى ئۇچلاپ بىر يەرنى ئىككى مېتىرچە چوڭقۇرلاپ كولاپ بېقىپ ، ئوماق كۆزىگە ئىشەنمەي قالدى . ئۇنىڭ كۆرگىنى بىر - بىرى بىلەن بىرىكىپ داڭگالغا ئايلىنىپ كېتەي دەپ قالغان كېسەك ئىدى . كېسەكلەرنىڭ كەڭلىكى ، قېلىنلىقى قالاچ قاناقا سۆزلەپ بەرگەن ، تەكلىماكاننىڭ ئىچكىرىسىدە قۇملۇقتا ئېچىلىپ قالغان تام پارچىسىنىڭ كېسىكى بىلەن ئوخشاشتەك ئىدى . ئوماق ئاتقا مىنىپ تۇرۇپ ئەتراپقا سەپسالدى . تۆت چاسا دۆڭلۈكنىڭ كۈنچىقىش تەرىپى بىلەن كۈنپېتىش تەرىپىدە بىر - بىرىگە ئۇدۇل ئىككى ئۇزۇكلۇك بارلىقىنى بىلدى . بېرىپ قاراپ ئۇنىڭ يا ئېقىن ئورنى ياكى باشقا نېمىنىڭ ئورنى ئىكەنلىكىنى بىلەلمىدى . دۆڭ ئۇستىدە ئاتلىق مېڭىپ كۆرۈپ تۆت تەرەپنىڭ ئۇزۇن - قىسقىلىقىنىڭ ئوخشاشلىقىنى قىياس قىلدى ، ئەجەبلەندى :

— توختاق ، — دېدى ئوماق بالىسىغا قاراپ ، — تۆت تەرەپنى ، ئۇستۇن تەرەپتىكى تاغنى ، تاغ بىلەن بۇ جاينىڭ ئارىلىقىنى تەخمىنلەپ بولسىمۇ ئېسىڭگە ئېلىۋال . بۇ تۆت چاسا دۆڭلۈك بەك بۇرۇنقى جاي ئوخشايدۇ .

ئوماق بالىسىغا گەپ قىلىۋېتىپ تاغ تەرەپتىكى بىر تۆپىلىكتە پوتەيدەك بىرنېمىنى ، ئۇنىڭ ئەتراپىدا چوقچىيىپ تۇرغان نۇرغۇن ياغاچلارنى كۆردى .

— ماڭ ، — دەپلا ئوماق شۇ تەرەپكە ماڭدى ، كەينىدىن توختاق ئەگەشتى . ئۇلار ئېگىز - پەس ئېدىرلىقلاردىن ئۆتۈپ ، كۆرۈنگەن تۆپىلىككە كەلدى . ئوماقنىڭ ئالدى بىلەن دىققەت قىلغىنى تاھىرتاغ تۇر ، قىم دەپ تەرىپلەپ بەرگەن يۇپيۇمىلاق ئېگىز بىر دۆڭ ئىدى . ئوماق ئۇنى تۇتۇپ ، تىرنىقىدا جىجىپ ، تاتىلاپ

باقتى ، قامچىنىڭ جەرەن مۈڭگۈزى دەستىسى بىلەنمۇ جىجاپ باقـ
تى . ئارا ـ ئارىسىدىكى قاتلام ـ قاتلام يۇلغۇن ياغاچلىرىغا ،
توپىنىڭ قاتتىقلىقىغا قاراپ ، دۆڭنىڭ قەۋەت ـ قەۋەت توپا چىڭـ
داپ ، ھەر قەۋەتكە بىر قات يۇلغۇن ياغىچى قويۇپ ياسالغانلىقىنى
جەزملىدى . دۆڭنىڭ بىر تەرىپىدە ئادەم پاتقۇدەك چوڭلۇقتا كامار
بار ئىدى . ئوماق كامار ئىچىگە كىردى . تۈرنىڭ ئىچى تۆت ئادەم
ياتسا ئازادە پاتقۇدەك بوش بولۇپ ، گەمە ئۆي شەكلىدە يۇمىلاق
ئىدى . تورۇسىغا ئادەم بىلىدەك چوڭلۇقتا ئالتە تال ياغاچ قويۇـ
لۇپ ، ئۇنىڭ ئۈستىگە يۇلغۇن ياغاچلىرى زىچ ، قىلىن سىلىنىپ
يېپىلغان ، ئاندىن ھېلىقىدەك قەۋەتمۇقەۋەت يۇلغۇن ۋە توپا قويۇپ
چىڭدالغان . نېرىدا ، ئۈستى تۈز تۆپىلىكتە تۇرغۇن ياغاچلار يەردىن
چىقىپ ئېگىز ـ پەس چوقچىيىپ تۇراتتى . ئوماق ئۇ يەرگىمۇ
باردى . ئوخشىمىغان ئېگىز ـ پەسلىكتە چوقچىيىپ تۇرغان ھەم
قالايمىقان چېچىلىپ ياتقان ياغاچلارنىڭ كۆپلۈكىدىن ئوماق ھەيران
قالدى . ئادەمسىز ھەم ئاندا ـ ساندا كۆرۈنۈپ قالىدىغان يۇلغۇن ،
چاكاندا ، شىۋاقتىن بۆلەك بىرەر تۈپ دەرەخ كۆرۈنمەيدىغان بۇ
كەڭ چۆلگە نەدىن كېلىپ كۆمۈلۈپ قالغان ياغاچلار بۇ . بەزى
ياغاچلار چاسىلانغان ، بەزىلىرىنىڭ ئىككى يېنىلا ياپسالىنىپ ، قالـ
غان ئىككى يېنى ئۆز پېتى قالدۇرۇلغان . بەزى ياغاچلارغا تۆت
بۇلۇڭلۇق ، بەزىلىرىگە يۇمىلاق تۆشۈك ئېچىلغان بولۇپ ، چېتىقىـ
دىن ئاجراپ كەتكەنلىكى بىلىنىپلا تۇرىدۇ . ياغاچلارنىڭ ئاقىرىپ ،
قېرى سۆگەتنىڭ قوۋزىقىدەك مىڭ يەردىن چاك بولۇپ يېرىلىپ
كەتكىنىگە قاراپ ، بۇ ياغاچلارنىڭ بەك ئۇزاق زامانلاردىن بۇيان
مۇشۇنداق تۇرغانلىقىنى ئوماق قىياس قىلدى .

— ئاتا ، ماۋۇنىڭغا قارىغىنا !

ئوماق خىيالىنى توختىتىپ ، توختاق تۇرغان يەرگە كەلدى .
چوقچىيىپ تۇرغان بەزى ياغاچلارنىڭ يېنىدىكى توپىنى شامال ئۇـ
چۇرۇپ كېتىپ قومۇش بورا ، يېكەن توقۇلمىلار ئېچىلىپ قالغان .
شامالدا قايرىلىپ ياكى چۇۋۇلۇپ كېتىپ ئېچىلىپ قالغان يەرگە

قاراپ ، ئۇنىڭ گۆر ئىكەنلىكىنى بىلدى . پۈتۈن ياكى يېرىم ئېچىد-
لىپ قالغان گۆر ئاز ئەمەس ئىدى . ئايرىم يەرلەرگە چەمبەر
شەكلىدە ئايلاندۇرۇپ بەزىسىگە يەتتە قۇر ، بەزىسىگە توققۇز قۇر
قىلىپ ئوخشاش توملۇقتىكى يۇلغۇن ياغىچىدا قوزۇق قېقىلغان .
بۇنىڭ نېمىنىڭ بەلگىسى ئىكەنلىكىنى ئوماق خىيالىغىمۇ كەلتۈ-
رەلمىدى . ئوماقنى ھەممىدىن بەك ئويلاندۇرغىنى ، ئادەمزاتسىز
چۆلدىكى بۇ قەبرىستانلىقتا ياتقان قايسى زاماندىكى نەدىن كېلىپ
قالغان ئۆلۈكلەر ؟ قاناقا ئېيتقاندەك ، قەدىمكى ئەجدادلار ياشىغان
يەرلەر ، ئۇلارنىڭ ئىزلىرى غايىب بولۇپ كەتكەنمۇ ؟

ئوماق ئۆزىدىن ئاشۇنداق نۇرغۇن سوئاللارنى سورىغۇسى بار ،
لېكىن سوئالىغا جاۋاب تاپالمايدىغانلىقىنىمۇ ئۆزى بىلىدۇ . ئۇنداق
بولسا ، ئۇ سوئاللارغا كىم جاۋاب بېرىدۇ ؟ ئەگەر لوپلۇقلار ئىچىدە
جاۋاب بېرەلەيدىغانلار بولسا ، ئۇ ھەقتە بۇ چاغقا ئېغىز ئاچقان
بولاتتى . ئوماق ھەرقانچە ئويلاپمۇ ئويىنى بىر باشقا ئېلىپ چىقال-
مىدى ، شۇنداق بولسىمۇ بىرنېمىلەرنى ئويلاۋاتاتتى . توختاقنىڭ
گېپى ئوماقنىڭ خىيالىنى ئۈزۈپ قويدى :

— ئاتا ، بۈگۈن مۇشۇ يەردە قونىمىزمۇ ؟

كۈن كەچكە قايرىلىپ قالغانىدى ، ئەمدى قايتمىسا بولمايتتى .
ئىچكۈدەك ئۇسسۇلۇق بولغان بىلەن تاماق ئېتىپ يېگۈدەك سۇ
يوق . ئادەمسىز ، سۇسىز چۆلدە قونۇشقا بولمايتتى . ئۇلار چارىنى
نىشانلاپ يولغا چىقتى . ئوماق كېتىۋاتىدۇيۇ ، خىيالى تېمەنپۇدا ،
ئۆڭكۈرتوقايدا كۆرگەنلىرىدە ئىدى . ئۇ بۇ نەرسىلەرنى بىر -
بىرىگە باغلاپ ئويلايتتى . ئوماق ئاخىرى چىقماس ئويلار بىلەن بەند
ئىدى . ئۇنى بۇ بەندتىن يەنە توختاق بوشاتتى .

— ئاتا ، بۇ قايسى دەريانىڭ ئىزى ؟

ئۇلار كەڭ بىر قۇرۇق دەرياغا توغرا كېلىپ قالغانىدى . بۇ ،
كۆنچى دەرياسىنىڭ بۇرۇنقى ئىزى بولۇپ ، دەريا مۇشۇ ئىزىدا
ئېقىپ لوپ كۆلىگە قۇيۇلاتتى . قايسىكى بىر زاماندا دەريانىڭ
ئېقىش يولى تۆۋەنگە ئۆزگىرىپ كېتىپ ، لوپ كۆلىگە قۇيۇلىدىغان

سۇ تاتىما ۋە قاراقوشۇن كۆلىگە قۇيۇلىدىغان بولغانىدى .
ئۇماق ئۆزىچە دەريانىڭ كۆچۈشى بىلەن چۆلدەرىگەن قەبرىستانلىق ۋە ئۇنىڭ نىرىسىدىكى تۆت چاسا دۆڭلۈكنى بىرلەشتۈرۈپ ، چىتىپ ئويلاپ باقتى . بۇ ئويىمۇ چەك باسمىدى . قەبرىستاندىكى ياغاچلارنىڭ سىرتى پۇزماندەك بولۇپ قالغانىدى . بوۋىلىرىدىن ئاڭلىشىچە ، توغراق قۇرۇپ قېلىپ مىڭ يىلدىمۇ پۇزمانغا ئايلانماي شۇ پېتى تۇرىدىكەن . كۆنچى دەرياسىنىڭ بۇرۇنقى ئىزىنىڭ قۇرۇق قالغىنىغا كۆپ بولسا ئەللىك يىل بولغاندۇ .
ئۇماق خىيال دېڭىزىغا غەرق بولۇپ ، ئېتىنى مېڭىشىغا قويۇپ بەرگەنىدى . ئاغزىغا بىر كۆن گىياھ سالماي ماڭغان ئات ھېرىپ ھالسىزلىنىپ قەدىمى ئاستىلاپ قالدى . ئاتنىڭ قانداق مېڭىۋاتقىنى ئۇماقنىڭ خىيالىغىمۇ كىرىپ قويمايتتى . ئۇنىڭ خىيالى يەنىلا شۇ تۈنۈگۈن ، بۈگۈن كۆرگەن نەرسىلىرىدە ، قالاچ قاناقانىڭ كىشىنى ئويغا سالىدىغان تېپىشماقتەك گەپلىرىدە ئىدى .
— ئاتا ، ئاۋۇ كۆزلەكمۇ ؟
توختاقنىڭ گېپى بىلەن ئۇماق تېگى ، باش - ئاخىرى يوق خىيالدىن يىغىلدى .
كۆرۈنگەن مەھەللە كۆزلەك ئىدى . كەچنىڭ گۈگۈم پەردىسى يېيىلىپ كېلىۋاتقان غۇۋالىق ئىچىدىن ئۇماق كۆزلەك مەھەللىسىنى تونۇۋالدى . مەھەللىنىڭ سىرتىدىكى قويۇق ، كەڭ جىگدىلىك ئۇماقنىڭ خاتىرىسىدە كۆزلەكنىڭ بەلگىسى بولۇپ ساقلىنىپ قالغانىدى .
— بەك كەچكە قالماي ياتىدىغان يەرگە يېرىۋالىدىغان بولدۇق ، — ئۇماق شۇنداق دەپلا ئېتىنى دېۋىتىپ مېڭىشنى تېزلەتتى .

## 7

بۇغداي مايسىلىرى تۈنجى سۇيىدىن كېيىن لەپپىدە كۆتۈرۈلۈپ قىر ياپقۇدەك بولدى . «بۇغداينىڭ بولۇشى كۆكىدىن» . بىر

سۇ ئىچىپلا ، مايسىلار سۇس يېشىللىقتىن قارامتۇللىشىپ بۆلەكچە تۇسلىنىپ قالدى ، لەرزان شامالدىكى چايقىلىشلىرى تىنىق كۆل سۇيىنىڭ يېنىك دولقۇنىغا ئوخشايتتى . ئوماق ئۆز قولى بىلەن تۇنجى قېتىم تېرىغان ئېتىزىغا قارىغانسېرى قارىغۇسى كېلىپ ، كۆڭلى تېخىمۇ ئېچىلىپ كېتىۋاتاتتى .

— مۇشۇ بىز تېرىغان بۇغداي مايسىلىرى ـ ھە ! — دېدى ئايقۇت ئالدىنقى كۈنى پۈتۈن بىر ئائىلە كىشىلىرى بۇغدايلىقنى كۆرگىلى كەلگەندە ، ئىچ ـ ئىچىدىن زوقلىنىپ .

— بۇنىڭ نەرىدىن دان چىقىدۇ ؟ — دەپ سورىدى ئايسۇلۇ .

راست ، ئۇنىڭ بۇغداي مايسىسىنى تۇنجى قېتىم كۆرۈشى . ئۇنىڭ قانداق باش چىقىرىدىغانلىقىنى ، بۇغداي باشقىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئىشلارنى ئۇ زادى بىلمەيـ ـدۇ ، كۆرۈپمۇ ، ئاڭلاپمۇ باقمىغان . شۇڭا ئۇنىڭ مايسىلارنىڭ قانداق باش چىقىرىدىغانلىقىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ تۇرغۇسى بار ئىدى .

مانا ، مايسىلار بۇنچىلىك بولدى ، ئەتە ـ ئۆگۈن باش چىقىرىـ ـدۇ ، دان تۇتىدۇ ، پىشىدۇ ، ئورۇيدۇ ، تېپىدۇ ، سورۇيدۇ ، بۇغـ ـداينى ياغۇنچاقتا ئېزىپ ئۇن قىلىدۇ ، ئۇننى نان قىلىدۇ ، ھەر خىل ئاش قىلىپ يەيدۇ ، تۇنجى تېرىقچىلىقنىڭ ئېشىغا يۇرت چوڭلىرىنىڭ ئاغزىنى تەگكۈزىدۇ ، كۈنچىققانبەگ ، تۇلەك بوۋا ، تايۇقلارغا ئاپىرىپ بېرىدۇ . ھەي ، قالاچ قاناقا بولغان بولسا ، قانچىلىك خۇش بولار ئىدى ، نېمىلەرنى دەپ كېتەر ئىدى...

ئوماق ئېتىزلىقىدىن يېنىپ ئۆيىگە كەلگۈچە ، ئەنە شۇلارنى ئويلىدى .

— مايسىلار قانداق ؟ — ئوماق ئۆيگە كىرىشىگە ئايقۇت ئۇنىڭـ ـدىن سورىدى .

— مۇشۇنداق ئۆسىدىغان بولسا ، يەنە ئون كۈندە سەن ـ بىزنى چۆكتۈرۈۋېتەمدىكىن دەيمەن...

ئوماق گېپىنى داۋاملاشتۇرماقچىدى ، ئۆيگە تۆمۈر كىرىپ :

— ئاتا ، كورلىدىن بىر سېتىقچى كېپتۇ ، مەھەللىنىڭ ئوتتۇرىسىغا يايما قىلىپ جىگدە ، قاق ، چىلان ، چاي سېتىۋاتىدۇ ، — دېدى .

ئوماق كورلىغا بېرىپ كېلىشنى ئويلاپ يۈرگەچكە ، سېتىقچىدىن تايۇق گېپىنى قىلىپ تەرپىلەپ بەرگەن مەدىل ئاسقال توغرۇلۇق سوراپ باقماق بولدى .

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام ، كېلىڭلى مېھمان ، كېلىڭلى ، پۇل بولسا پۇلغا ساتىمەن ، پۇل بولمىسا نېمە بولسا بولىدۇ ، تەڭگە تەڭ تېگىشىمەن ، — دېدى سېتىقچى ، ئوماق ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ سالام بەرگەندىن كېيىن .

چۈشلۈك تاماق ۋاقتى بولغاچقا ، سېتىقچىنىڭ ئالدىدا بىرنەچچە بالىلاردىن باشقا چوڭ ئادەم يوق ئىدى .

سېتىقچى چاچ - ساقىلىغا ئاق ئارىلىغان ، كۆتمەك بۇرۇت ، سول تەرەپ جاۋغىيى بىلەن سول چېكىسىدە تاتۇقى بار ، بۇرنى ئوڭ تەرەپكە سەل قىيسايغان ، ئوڭ قۇلىقىنىڭ گۆشلۈكىنىڭ يېرىمى كېسىۋېتىلگەندەك كەمتۈك بولۇپ ، چىرايى كىشىگە يېقىمسىز كۆرۈنەتتى ، كۆزىمۇ چۈشىنىكسىز ئەلەڭلەپ قارايتتى . ئەمما ئۇنى چىرايىدىن ئېيتمىغان بىلەن زۇۋاندىن ئېيتىپتىكەن ، ئاۋازى ساز ، جاراڭلىق بولۇش بىلەن ، گەپ - سۆزى سىلىق - سىپايە ئىدى . ئوماق تايۇقتىن ئاڭلىۋالغىنى بويىچە سېتىقچىنى «سىز » لەپ گەپ قىلدى .

— ئىسمىڭىز نېمە ؟

— ئىسمىم قاسىم . كۆنچىدىكىلەر مېنى «قاسىم قاق» دەيدۇ ، كورلا بازار ئىچىدە قاسىم قارى دېسە ھەممە كىشى بىلىدۇ .

— مەدىل ئاسقال دېگەن كىشىنى بىلەمسىز ؟

— سىز ئۇ ئادەمنى تونۇمسىز ؟

— مەن ئۇ كىشىنى كۆرمىگەن ، ئىسمىنى ئاڭلىغان .

— ئىسمى شەرىپىنى ئاڭلىغۇچىلىكى بار ياخشى ئادەم . ئۇ مېنىڭ تاغام بولىدۇ ، ھازىر بەك قېرىپ كەتتى .

— مەن كورلىغا بېرىپ ئۇ كىشى بىلەن بىر كۆرۈشۈپ كېلەي دېگەن .

— مەدىل تاغامدا بىرەر ئىشىڭىز بارمىدى ؟

— ئىشىمىغۇ يوق . مەن بۇ يىل بىرىنچى قېتىم يەر تېرىپ باقتىم . يەرنى زادى قانداق تېرىپ ، قانداق يىغىدۇ ، تېرىقچىلىقتا قانداق - قانداق سايمانلار كېتىدۇ ، بىلمەيمەن . كورلىغا بېرىپ مەدىل ئاسقالدىن مەسلىھەت ئالغاچ ، كېرەكلىك نەرسىلەرنى سېتىۋېلىپ كېلەيمىكىن دەيمەن .

— بۇ يەردىكىلەرنىڭ دېھقانچىلىق قىلمىقى بەك ئاددىي ئىدىكەن . كورلىغا نېمە ئېلىپ بارماقچى ؟ — قاسىم قاق ئىتتىك سورىدى .

— يۇڭ ، تېرە ، يەنە ئات ، كالا ، قوي ئاپىرىمەن ، — دېدى ئوماق .

قاسىم قارىنىڭ چىرايى بۆلەكچە ئېچىلىپ ، كۆزلىرى ئويناپ كەتتى .

— مەن بۈگۈن ئاخشاملا مېڭىپ كېتىمەن ، بىللە ماڭايلى . سىزنى تاغامنىڭ ئۆيىگىچە ئاپىرىپ قوياي .

— ئېلىپ بارىدىغان مال - چارۋىلار جاڭگالدا ، ئەكەلمىسەك بولمايدۇ . بۈگۈن بىزنىڭ ئۆيدە قونۇڭ ، ئەتە سەھەردە بىللە ماڭايلى .

— سىز كورلىغا بېرىپ باقماپسىز ، ئېزىپ قالارسىز ، بوپتۇ . سىزنى دەپ ئەتە ماڭساممۇ ماڭاي ، — دېدى قاسىم قارى .

ئوماق مەدىل ئاسقالنىڭ ئۆيىگىچە ئاپىرىپ قويىدىغان ، تېخى ئۇنىڭ تۇغقىنى بىلەن تونۇشۇپ قالغىنىدىن قەۋەت خۇشال ئىدى . قاسىم قارىغا ئۆيىنى كۆرسىتىپ :

— ئاۋۇ يېنىدا قومۇش ساتمىسى بار ئۆي بىزنىڭ . سېتىقچىلىقىڭىز تۈگىگەندە ئۆيگە كىرىڭ ، — دەپ تەكلىپ قىلىپ قويۇپ كەتتى .

قاسىم قاق ساتىدىغانلىرىنى سېتىپ ، تېگىشكەن يۇڭ ، تېرە ،

پالاس قاتارلىق نەرسىلەرنى ئۈچ ئېشەككە ئارتىپ ، كونا پاتارغا يېقىن ئوماقلارنىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىدا پەيدا بولدى . توختاق ، تۆمۈر-لەر ئۇنىڭ نەرسىلىرىنى چۈشۈرۈپ قويۇپ ، ئېشەكلىرىنى مەھەل-لىنىڭ سىرتىدىكى ئوتلاققا چۈشەپ قويۇپ بەردى . ئۇنىڭ ئۆزىنى ئوماق ئۆيگە باشلىدى . ئوماقلار ئۇنى لوپلۇقلارنىڭ ئەزىز مېھمان-لارغا قويىدىغان ئەڭ ياخشى تاماق بىلەن كۈتۈۋالدى . ئايقۇت ئۆلامخاندىن ئۆگىنىۋالغان قالۇچىلارنىڭ ئۇسۇلى بويىچە ئىچىگە ئۇجۇل تالقىنى ، بېلىق يېغى ، قايماق ، جىگدە تىرىپى سېلىپ پىشۇرغان بېلىق پوستلىقى بىلەن مېھمان قىلدى . پوستلاقنىڭ مەززىلىك تەمى ئۇنىڭ ئاغزىدا قالدى ، «يەنە بارمۇ» دېگۈسى كەل-دىيۇ ، ئاغزى يېگەچ يۇزى ئۇيىلىپ ، تىلىنىڭ ئۇچىدىكى گېپىنى چىقىرالمىدى . «بېلىقجاندىن نەپسىنى يىغقان چوڭ بېلىق يەيدۇ» دېگەن ماقالنى يادىغا كەلتۈرۈپ جىم بولدى . داستىخان يىغىشتۇ-رۇلۇش ئالدىدا ، باداشقان قۇرۇپ ئولتۇرغان ھالىتىنى ئۆزگەرتىپ تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ ، ئىككى قولىنى تىزىنىڭ ئۇستىگە قويدى . ئوماق ، ئايقۇت ھەم ئۇلارنىڭ بالىلىرى ئۇنىڭ ھەرىكىتىگە ھەيران قېلىپ تۇرۇۋىدى ، قاسىم قاق گېلىنى بىر قىرىپ قويۇپ قىرائەت-كە چۈشتى . چۈشىنىكسىز بىر تىلدا گاھى سوزۇپ ، گاھى ئۈزۈپ گاھى يۇقىرى كۆتۈرۈپ ، گاھى پەسلىتىپ ، لوپ قوشاقلىرىنىڭكى-دىنمۇ مۇڭلۇق ، تىترەڭگۈ ئاھاڭدا ئوقۇلغان قىرائەت ئوماقلارغا ئاجايىپ تەسىر قىلىپ كەتتى بولغاي ، ئۆزىنى تىڭشاپ قالغاندەك بېشىنى تۆۋەن سېلىپ جىممىدە ئولتۇرۇپ كېتىشتى . يېڭى يۇرت قۇرۇلۇشى ۋاقتىدا كورلا ، خوتەندىن كەلگەن تامچىلارنىڭ ناماز ۋاقىتلىرىدا ئوقۇغان قىرائىتىنى ئاڭلىغان ، لېكىن بۇ قارى زۇۋاندار ئىدى . ئۇنىڭ دىلنى ئەزگۈچى مۇڭلۇق ، مەپتۇنكار قىرائىتى ، ئۇلارنى سېھرىي سۆزى بىلەن بەزلەردىن ئاڭلاپ قالىدىغان باشقا بىر غايىۋانە دۇنياغا ئەكىرىپ كېتىۋاتقاندەك تۇيغۇغا بەند قىلىپ قويغانىدى . ناۋادا ، قاسىم قارى قىرائىتى ئۇچۇن ئوماقتىن بىساتى-دا بار ئات چاغلىق نەرسىنى سوراپ قالغۇدەك بولسا ، بىرنۇيتىشكە

تەييار ئىدى...

ئۇماق توختاقنى ئۆيگە ئىگە بولۇپ تۇرۇشقا قالدۇرۇپ قو-يۇپ ، تۆمۈر بىلەن ئۆردەكنى شەھەر - يۇرت كۆرسۇن ، كۆزى ئېچىلسۇن دەپ ، كورلىغا ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ بارماقچى بولدى . ئەسلىدە يۇك ، تېرىلەرنى ئىككى كالىغا ياكى بىر ئات ، بىر كالىغا يۈكلىسىلا بولاتتى ، ئۆردەكنىڭ : «ئارتۇقلۇق قىلماس ، سېتىپ كېرەكلىك نەرسە ئالارمىز» دېگەن مەسلىھەتى بىلەن يۇك ، تېرە ، تۆت قويدىن باشقا بىر ئات ، بىر كالىنى ئارتۇق ئېلىۋالدى .

شۇنداق قىلىپ ، ئۇماق تۆت قوينى ، يۇك ، تېرە ، پالاس ئارتىلغان بىر ئات ، بىر كالىنى ئالدىغا سېلىپ قاسىم قارىنىڭ ھەمراھلىقىدا ئىككى ئوغلىنى ئىككى يېنىغا ئېلىپ سەھەردە كور-لىغا قاراپ يولغا چىقتى . قاسىم قارىمۇ سېتىقچىلىق قىلىپ تاپقان يۇك ، تېرە ، پالاس ۋە باشقا نەرسىلەرنى تۆت ئېشەككە ئارتتى ، ئۆزى بىر ئېشەككە مىندى . ئۇن ، گۇرۇچكە تېگىشكەن ئالتە قوينى ئالدىغا سېلىپ قوزغالدى ۋە ئاۋازلىق قىلىپ : «ئەستەۋدىئۇكۇمۇل لاھەللەزى لاتەزىئۇ ۋە دائىئۇھ» دەپ دۇئا قىلىپ ، ئىككى قولى بىلەن يۈزىنى سىيپاپ بولۇپ :

— مۇسۇلمان ئادەم سەپەرگە ئاتلانغاندا مۇشۇ دۇئانى ئوقۇسا ، سەپىرى خەيرلىك بولىدۇ ، ئاللا زىيان - زەخمەتتىن ، خەۋپ - خەتەردىن ساقلايدۇ ، — دېدى .

«ھېلىمۇ بىزگە مۇشۇ موللا قارىنى يەتكۈزۈپ بېرىپتۇ» دەپ ئۇماق ئىچىدە خۇداغا مىڭ قەترە شۈكۈر - رەھمەت ئېيتتى .

بىر خىل مېڭىشتا ماڭسا ، چارىدىن كۆنچى مەھەللىسىگە چۈشتىن قايرىلىپ ئانچە ئۆتمەي يېتىپ كەلگىلى بولاتتى . ئەمما قاسىم قارى : «قويلىرىمنى ئوتلىتىمەن» دەپ ئۇ يەردە ، بۇ يەردە توختىۋېلىپ ، كەچئارىسى مەھەلدە ئاران يېتىپ كەلدى .

— كۆنچى بىلەن كورلىنىڭ ئارىلىقى ئاتلىق ئادەمگە ساق يېرىم كۈنلۈك يول . بۈگۈن كۆنچىدە قونۇپ ، ئەتە ئالدىرىماي يولغا چىقساقمۇ كورلىغا بالدۇر بېرىۋالىمىز . بۇ يەردە بىر تونۇشۇم بار ،

شۇنىڭكىگە چۈشەيلى ، — دېدى قاسىم قارى .

ئۇلار قومۇش ، يۇلغۇن ، توغراق شاخلىرىنى ئارىلاشتۇرۇپ قاشالىغان چوڭ بىر هويلا ئالدىغا كېلىپ توختاشتى .

— ئاۋۇتئاخۇن ! — قاسىم قارى ئېشىكىدىن چۈشۈپ شاخشا ئىشىك يېنىغا كېلىپ توۋلىدى .

ئۆيدىن ئوتتۇرا بوي ، كەكە ساقال ، چەكمەن كەمزۇلى ئۇس- تىدىن بېلىگە بەلۋاغ باغلىۋالغان ئەللىك ياشلار ئەتراپىدىكى ئادەم چىقىپ :

— هە ، ئوقتىنىڭ قانداقراق ، هەمراهلىرىڭ خېلى بارمۇ - نېمە ؟ — دەپ سورىدى .

— ئوقەت شۇ بۇرۇنقىدەك ، بۇلار مەن بىلەن كورلىغا ماڭغان- لار . كېمەڭگە يۈك ئالغاچ كەلدىم ، — دېدى قاسىم قارى بىر كۆزىنى قىسىپ قويۇپ .

— يارايسەن ، مۇشۇ يەردە قونىدىغانسىلەر ؟

— هەئە ...

ئوماق سەهەر يولغا چىقىپ ، بولسا شۇ كۈنلا ئىشنى تۈگە- تىپ ئەتىسى قايتىشنى ئويلىغانىدى . شۇنچە ئەتىگەن تۇرۇشقىنىغا ئۇنى قىلىپ ، بۇنى قىلىپ كۈن نەيزە بويى ئۆرلىدى ، قاسىم قارى كىشىلەردە ئېلىشىم بار ئىدى ، ئېلىۋالاي ، دەپ كېتىپ دامجۇق ۋاقىت بولغاندا ئاران كەلدى ، ئاندىن مېڭىشنىڭ تەرەددۇتىغا كىرىشتى .

ئاۋۇتئاخۇننىڭ ئۆيىنىڭ ئارقىسى كۆنچى دەرياسى بولۇپ ، دەريانىڭ ئىككى قېشى ئېگىز يار ئىدى . سۇ غول ، دەريا چوڭقۇر بولۇپ ، كۆۋرۈك يوق ئىدى . ئۇيان - بۇيان ئۆتىدىغان پىيادىلەر كىچىك چاپما كېمىلەردە ، ئات - ئۇلاغ ، يۈك - تاقلار چوڭ چاتما كېمىلەردە ئۆتەتتى . بۇ كېمىلەرنىڭ ئىگىلىرى مەخسۇس مۇشۇ ئوقەت بىلەن مەشغۇل ئىدى . ئاۋۇتئاخۇنمۇ شۇ ئوقەتچىلەرنىڭ بىرى ئىدى . ئۇنىڭ ئوتتۇرا هال چوڭلۇقتا بىر كېمىسى ، ئىككى كېمىنى چېتىپ ياسىغان يەنە بىر چاتما كېمىسى بار ئىدى .

ئالدى بىلەن قاسىم قارىنىڭ ماللىرىنى ئۆتكۆزمەكچى بولۇپ ئىككى كېمىگە ئورۇنلاشتۇردى .
— بىر قويىڭىز قالدىغۇ ، — دېدى ئوماق .
قاسىم قارى كېمىگە چىقىۋېتىپ :
— ھە ، ئۇنى كېمىچىنىڭ ھەققىگە قالدۇردۇم ، — دېدى .
— بىز نېمە بەرسەك بولار ؟
— مۇشۇ بىر قوي ھەممىگە ھېساب .
قاسىم قارى بەش قوينىڭ پۇتلىرىنى بوغۇپ ئايرىم بىر كېمىگە سالدى ، ئېشەكلىرى بىلەن يۈك - تاقلىرىنى چاتما كېمىگە سالدى . ئېشەكلەر كېمىگە كۆنۈك بولسا كېرەك ، ئۆرە تۇرغۇزۇپلا بىر - بىرىگە چېتىپ قويدى . چاتما كېمىنى ئاۋۇتئاخۇن تايىدى ، كىچىك كېمىنى ئاۋۇتئاخۇننىڭ ئوغلى بولسا كېرەك ، ياش بىر يىگىت تايىدى . ئۇلار دەريانىڭ ئوتتۇرىغا بارغاندا ، تۇمۇر ئاتىسىنىڭ يېنىغا كېلىپ :
— ئاخشام ئۇلار پاراڭلىشىۋېتىپ ، قاسىم قارى : «بۇلار كورلىغا بېرىپ باقماپتىكەن» دېسە ، ئاۋۇت كېمىچى : «بۇ قېتىم ئوقىتىڭ چوڭ بولغۇدەك» دېگەندەك گەپنى قىلىشتى ، ئاڭلاپ قالدىم ، — دېدى ئەنسىرىگەن ئاۋازدا .
— بۇ گەپنىڭ نېمە يامىنى بار ، ئوقەتچى دېگەن ئوقەتنىڭ گېپىنى قىلمامدۇ ، موللا - قارى ئادەمدىن قالايمىقان گۇمان قىلما . يامان بولىدۇ ، — دېدى ئوماق ، ئۆزىنىڭ قاسىم قارىغا بولغان ئىشەنچ ، ئىخلاسى بىلەن .
قاسىم قارى ، ئاۋۇت كېمىچىلەر ئۇ قاتقا يەتتى ، نەرسىلەرنى قاشقا چىقىرىپ بولدى . ئۇلار خېلى پاراڭلاشقاندەك ئىما - ئىشارەتلەرنى قىلىشتى . ئاندىن قاسىم قارى نەرسە - كېرەكلىرىگە قاراپ قالدى . ئاۋۇت كېمىچى بىلەن ياش يىگىت كېمىلەرنى تاياپ بۇ قاتقا يېنىپ كەلدى .
— ئاتلارنى چاتما كېمىگە سالايلى ، باشقا نەرسىلەرنى كىچىك كېمىگە سېلىپ باقايلى ، ئېغىر كەلگۈدەك بولسا ئىككى قېتىمدا

ئۆتكۈزسەكمۇ بولىدۇ ، — دېدى ئاۋۇت كېمىچى . ئۇماق ئۇنىڭغا مەسلىھەت سېلىپ :

— ئىككى ئاتنى بىر ، تۆت قوي بىلەن يۇك تېرىلەرنى بىر ئۆتكۈزۈپ ، يەنە بىر قېتىمدا قالغان ئىككى ئات بىلەن بىر كالىنى ئۆتكۈزەيلى ، — دېدى .

ئۇماقلار دائىم مىنىدىغان ئۈچ ئات بىلەن كالا كېمىگە كۆنۈك بولسىمۇ ، يەنە بىر ئات كېمىگە چىقىپ كۆنمىگەنىدى . بۇ ئاتنى كېمىگە سالماق بىر گەپ ئىدى . ئاۋۇت كېمىچى بۇنىڭدىن بېشى قاتتى ، لېكىن بۇنداق ئىشقا ئۇماق ماھىر ئىدى . ئۇ نورغۇن ئات ، كالا ، ئېشەكلەرنى كېمىگە كۆندۈرۈپ ئۇستا بولۇپ كەتكەنىدى . ئالدى بىلەن كۆنۈك ئىككى ئات بىلەن يۇكلارنى چاتما كېمىگە ، قويلار بىلەن تېرىنى كىچىك كېمىگە سالدى . چاتما كېمىنى ئۇماق تايىماقچى بولدى ، تۆمۈرمۇ شۇ كېمىگە چىقتى ، كىچىك كېمىنى ئاۋۇت كېمىچى ئۆزى تايىدى .

ئۇماق پالاق بىلەن كېمە تاياۋېتىپ ئاۋۇت كېمىچىدىن سورىدى :

— سىلەر شۇرۇق ئىشلەتمەمسىلەر ؟

— سۇ بەك تېز ، خادا بىلەن كۈچىگىلى بولمايدۇ .

ئاۋۇت كېمىچى ئۇماقنىڭ پالاق تايىشىغا ھەيران قالدى . ئۇ يىگىرمە نەچچە يېشىدىن باشلاپ ئوتتۇز يىلدەك كېمە تاياپتۇ ، ئۇماقتەك پالاقنى چەبدەس ، تېز ئۇرۇپ ، ئېغىر يوكلۇك ، يەنە كېلىپ جانلىق مال بېسىلغان كېمىنى تەۋرەتمەي ھەيدەيدىغان بۇنداق كېمىچىنى كۆرۈپ باقمىغانىدى .

دەريانىڭ ئۇ قاسنىقى بىلەن بۇ قاسنىقىنىڭ پەرقى چوڭ ئىدى . ئۇ تەرەپ چارادىكىگە ئوخشاش توغراقلىق قۇملۇق بولۇپ ، قۇم دۆڭلىرىمۇ خېلى بار ئىدى . كېسەك ، ياغاچ تاملىق ئۆيلەر ئاندا ـ ساندا كۆرۈنۈپ تۇراتتى . بۇ تەرەپمۇ قۇملۇق بولسىمۇ ، قۇم دۆڭلىرى جىق ئەمەس ئىدى . توغراقلارنى كىشىلەر ئۆي سالىمىز دەپ كېسىپ شالاڭلىتىپ قويغانىدى . ئۆيلەر ئېگىز ـ

پەس ، قىڭغىر - قىيسىق بولسىمۇ ، بىر بويغىلا سىپلىنغاچقا ، رەتلىكتەك كۆرۈنەتتى .

ئۇلار كېمىدىكى ئات ۋە نەرسىلەرنى قىرغاققا چىقىرىپ قويـ‌دى ، تۆمۈر قاسىم قارى بىلەن ئات ، قوي ، نەرسىلەرگە قاراپ قالدى .

ئۇماق ئالدى بىلەن كېمىگە كۆنۈكسىز ئاتنىڭ كۆزىنى ئېتىپ يېتىلەپ دەريا لېۋىگە چۈشۈردى ، ئاندىن قىرغاق بىلەن كېمىنى تۇتاشتۇرغان شال ئارقىلىق كېمىگە چىقاردى . ھەي قارىغۇلۇق ، ھەي قارىغۇلۇق ، ئەگەر بۇ ئاتنىڭ كۆزى ئېتىلمىگەن بولسا ، ئۇنى كېمىگە بېسىش بەلكى بەك قىيىن ئىدى ، لېكىن ھازىر ئۇ شۇ قەدەر رايىش ، ئۇ ئۆزىنى يېتىلەپ نەگە ئەكېتىۋاتقىنىنى بىلمەيدۇ . ئۇنىڭ كەينىدىن يەنە بىر ئاتنى يېتىلىۋىدى ، ئالدىدىكى ئىككىسىگە ئوخشاش ئۆزىلا ماڭدى . بىر ئات كۆزى ئېتىك بولغاچقا ، يېتىلىسە نەگە كېتىۋاتقىنىنى بىلمەي مېڭىۋەردى ، يەنە بىر ئات كۆزى ئېتىك بولمىسىمۇ ، ئادەملەر ئۇنى ئۆز قىنىقىغا ئۆگىتىۋالغان بولغاچقا ، بىلىپ تۇرۇپ ئۆز رايى بىلەن مېڭىۋەردى . قارىغاندا ئۆگىتىۋېلىش بىلەن كۆزىنى ئېتىپ قويۇشنىڭ شەكلى ئوخشىمىغان بىلەن ، ماھىيىتى بىردەكتەك قىلىدۇ...

يۈك - تاقلار بۇ قاتقا ئۆتكۈزۈپ بولۇندى . ئۇماق ، قاسىم قارىلار يۈكلىرىنى ئۇلاغلىرىغا ئىلگىرىكىدەك تېڭىشىپ يولغا چىـ‌قىدىغاندا ، ئاۋۇت كېمىچى :

— قاسىم قارى ، ئاخشام دېيىشكەندەك ، باقىرغا ئالىدىغىنىنى ئېلىشىپ بېرىپ ۋاقتىدا ماڭدۇرۇۋەتسەڭ ، — دېدى .

— بولىدۇ ، — قاسىم قارى ئاۋۇت كېمىچىگە جاۋاب بېرىپ بولۇپ ، تۈنۈگۈن ئوقۇغان دۇئانى يەنە ئۈنلۈك ئوقۇدى ، ئاندىن ئاغزىنى بىرھازا مىتىلدىتىپ ، قولىنى يۈزىگە ئېلىپ باردى . ئۇـ‌ماقمۇ ئۇنى دوراپ ئىككى ئالىقىنى بىلەن يۈزىنى سىيپىدى .

— باقىر ئاۋۇت كېمىچىنىڭ ئۆگەي بالىسى ، — دېدى قاسىم قارى ، ئۇلار يولغا چۈشۈپ بىرئاز ماڭغاندىن كېيىن .

يول قۇم ئارىلاش تۇپىلىق ئىدى . كالا ، قويلارنىڭ ئايىغى ئاستىدىن پۇرقىرىغان تۇپىلار ئەتراپنى كۆرگۈسىز قىلىۋەتتى . ئۇلاردىن باشقا ھارۋىلىق ، ئات ، ئېشەكلىك كىشىلەر ماڭغانلار-مۇ ئاندا - مۇندا بولۇپ قالاتتى . گويا ھاۋا قېتىپ قالغاندەك ئازراق شامالدىن ئەسەر يوق . ئىككى ياندىكى توغراقلارنىڭ يوپۇرماقلىرى مىدىرلاپمۇ قويمايتتى . بۇنداق چاغدا توزۇغان توپا يول ئۈستىدە لەيلەپ تۇرۇۋېلىپ ، كىشىنى توپىغا كۆمۈۋېتىدۇ ، ئالدىدىمۇ توپا ، كەينىدىمۇ توپا . كىم - كىمدىن رەنجىيدۇ ، ئاتا - بوۋىلىرىدىن تارتىپ مۇشۇنداق توپا - چاڭ ئىچىدە يول يۈرۈپ كەلگەن تۇرسا . ئۇلار كۆنچىدىن بىر ئاش پىشىم ماڭغاندىن كېيىن ، ئوڭ تەرىپىدە تاغ كۆرۈندى . تاغنىڭ بىرىسى يولغىچە ئادەم بوي ئېگىز قومۇش-لۇق بولۇپ ، دۆڭ ، يوتىلار ئۈستىدە قومۇشتىن باشقا يۇلغۇنلارمۇ بار ئىدى . بەزى يۇلغۇنلار يوغىناپ قاقشالغا ئايلىنىپ كەتكەنىدى . يولنىڭ سول قاسنىقى توغراقلىق بولۇپ ، نېرىقى چېكىگە كۆز يەتمەيتتى . يەنە ئازراق ماڭغاندىن كېيىن توغراقلار ئۈزۈلۈپ ، يۇلغۇن ، قومۇشلۇق باشلاندى . يەنە بىرمەھەلدىن كېيىن يۇلغۇن ، قومۇشلۇق ئورنىنى قۇم ، شېخىللىق ساي ئىگىلىدى . ئوڭ تەرەپ قاسناق يەنىلا تاغقىچە يۇلغۇن ، قومۇشلۇق بولۇپ ، بەزى جايلار يەرنىڭ تاز - چاقىسىدەك ئاپئاق شورلۇق ئىدى . كۈن ئىسسىشقا باشلىدى .

ئوماق ئىككى يېنى ، ئالدىغا قاراپ ئۆي دىدارى كۆرۈنمىگەنلىد-كىن ، قاسىم قارىدىن :

— چۈش بولۇپ قالدى ، بىرەر يۇرت ، مەھەللىنىڭ قارىسى كۆرۈنمەيدۇغۇ ؟ — دەپ سورىدى .

— يۆكلۈك كالا بولمىغان بولسا بۇ كەمگە كورلىغا بىرىپ بولاتتۇق ، كەچرەك بارىدىغان ئوخشايمىز ، — دېدى قاسىم قارى ئېرەنشىمىگەن قىياپەتتە .

كۆڭلى تۈز ، ساددا ئوماق نېرى - بېرى ئويلىماي : «كەچ قالساقمۇ قاسىم قارى بولغاندىكىن...» دېدى ئىچىدە .

يولنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى تاغ يېقىنلاشقانسېرى يۇلغۇن ، قو-
مۇشلار شالاڭلىششقا باشلىدى .
— بۇنىڭ نېرىسى غىلاڭ ساي ، شېغىللىق ، جاندارلارنى ئاز-
راق ئوتلىتىۋالايلى ، — دېدى قاسىم قارى ، ئېشىكنى يولنىڭ
چېتىگە چىقارغاچ .
شۇنداق قىلماي بولمايتتى . ئالدىدا ماڭغان قوي ، كالا ، ئې-
شەكلەرغۇ يول ياقىلىرىدىكى ئوت ، قومۇش ، يۇلغۇن ئۇچلىرىدىن
ئاز - ئازدىن بولسىمۇ يالماپ ماڭدى . مىنىلگەن ئات ، ئېشەكلەر
ئەتىگەندىن بۇيان ئاغزىغا بىر تال گىياھ سالمىغانىدى ھەم ئۇسسى-
غانىدى . ئۇلار كۆك ئوتتىن ئازراق يەۋالسا ، قورسىقىمۇ تويايتتى ،
ئۇسسۇزلۇقىمۇ ئازراق قاناتتى . ئۇلار ئېشەك ، كالىلارنى يۈكى
بىلەنلا ئوتقا قويۇپ بەردى . ئاتلارنىڭ ئېغىزدۇرۇقىنى چىقىرىۋې-
تىپ ، ئالدى پۇتىنى كەڭرەك قىلىپ چۇشەپ قويۇپ بەردى .
كۈن ئولتۇرۇشقا قىيسىيىپ قىزىرىشقا باشلىدى . قاسىم قا-
رى ماڭايلى ، دەيدىغاندەك ئەمەس . ئۇ ماڭمىسا ئوماقلارمۇ ماڭال-
مايتتى . چۈشكىچە بىرىپ بولىمىز ، دېگەن كورلىغا ساق بىر كۈن
مېڭىپمۇ يېتىپ كېلەلمىدى ، بەلكى يۇرتنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمەي-
دۇ . قاسىم قارى غېمىدە يوق يول ياقىسىدا باقىر بىلەن پۇتىنى
سۇنۇشۇپ ئولتۇرۇپ بىرنېمە چېكىشىۋاتاتتى . ئوماقنىڭ بۇرنىغا
بىر خىل قاڭسىق سېسىق ھىد تاردى . قاسىم قارى چېكىۋاتقان
نەرسىنى يەنە راسا شوراپ يۇزىنى ئاسمانغا قىلىپ ئاغزىنى ئېچىپ
تۇرۇۋىدى ، ئاغزىدىن كۆكۈچ - يېشىل ئىس تۇرۇم - تۇرۇم بولۇپ
چىقىپ ، ئاستا - ئاستا ھاۋاغا تاراپ ، سىڭىپ يوقالدى . ئەمما
ئوماقنىڭ بۇرنىغا تەگكەن سېسىق پۇراق ئۇنىڭ دىمىغىنى سىقىۋال-
غاندەك قىلىپ قويدى . كورلىدىن كەلگەن تامچىلارنىڭ تاماكا دەپ
بىرنېمە چەككىنىنى كۆرگەن . ئۇ بۇنىڭدەك پۇرىمايتتى ھەم بۇنداق
سېسىق ئەمەس ئىدى ، تۆمۈر بىلەن ئۆردەك سېسىق پۇراق پۇرىغاند-
دىلا بۇرنىنى تۇتۇشۇپ نېرىغا كەتتى .
— چەككىنىڭىز نېمە ئۇ ؟ — ئوماق قاسىم قارىدىن سورىدى .

— نەشە چەكتىم . بۇنى خۇدانىڭ ئاشىقلىرى چېكىدۇ ، — دېدى قاسىم قارى يېقىمسىز ، غەلىتە ھىجىيىپ ، ئۇنىڭ كۆزلىرى غىلىيىپ قالغانىدى . ئۇ ئورنىدىن تۇرۇۋېتىپ غودۇڭشىغاندەك دېدى ، — ئەمدى ماڭايلى .

ئۇلار قاراڭغۇ چۈشكەندە بىر كۆۋرۈككە كەلدى . قاسىم قارى :

— بۇنى قاراسۇ ئۆستىڭى دەيمىز ، بېشى تاغسارىخاندا . مەدىل تاغامنىڭ ئۆيىگە بارغۇچە يېرىم كېچە بولۇپ قالىدۇ . ئەل ياتقۇدىن كېيىن بازار ئىچىدە مېڭىپ يۈرسەك بەدۆلەتنىڭ پاشاپلىرى تۇتۇپ سولاپ قويىدۇ ، نەرسە - كېرەك ، جاندارلىرىمىزنى تارتىۋالىدۇ . شۇڭا ئۆستەڭنىڭ نېرىسىدىكى كۆدەيلىك بويىدا يېتىپ ، ئاسقالىڭكىگە ئەتىگەنلىككە بارايلى ، — دېدى . ئوماق بەدۆلەت دەپ ئاڭلىغان ، لېكىن «پاشاپ ، تۇتۇۋېلىش ، سولاش» دېگەنلەرنىڭ نېمىلىكىنى دەل چۈشەنمىسىمۇ ، ياخشىلىققا جورىمايدىغىنىنى قىياس قىلدى . بىر يۇكلۇكنى تېپىپ ئوماقنىڭ يۇكلىرىنى چۈشۈرۈشتى ، ئەمما قاسىم قارى : «ئېشەكلەر يولنى بىلىدۇ ، سالتاڭ بولسا قېچىپ كېتىدۇ ، يۈك بىلەن تۇرسۇن» دەپ ئۆزىنىڭ يۇكلىرىنى چۈشۈرمىدى . ئۇنىڭ مەسلىھەتى بىلەن جاندارلارنى تۇرى بويىچە بىر - بىرىگە چاتتى . ئات ، ئېشەكلەرنى چۈشىدى . نۆۋەت بىلەن قارايدىغان بولۇپ ئۇتقا قويۇپ بەردى .

— نەشە مېنى سەل ئېزىپ قويدى ، بالدۇر ئۇخلاي . ھازىر بالىلار بىلەن باقىر قارىسۇن ، كەينىدىن سەن قارا ، ئاندىن مەن قاراي ، — دېدى قاسىم قارى . ئۇنىڭ تىلى سەمرىپ قالغاندەك ئېكىشىپ قولاشمايۋاتاتتى . ئوماق ھەيران قالدى . ئۇنىڭغا قاراپ :

— بۇنداق قىلىپ يۈرگۈچە قويۇپ بەرسەكلا بولمامدۇ ، — دېدى .

— بۇ لوپ ئەمەس . قويۇپ بەرسەك زىرائەتكە كىرىپ قا… قېچىپ… ئوغرى… ئالىدۇ .

ئۇ تىلى ئاغزىغا پاتماي قالغاندەك ئاران - ئاران گەپ قىلىۋا-

تاتتى ، سوغۇق سۇدىن راسا بىر ئىچىۋېلىپ ياتقاندىن كېيىن ، ئوڭشىلىپ قالغان چېغى ، بايىقى گېپىنى ئۇلاپ :

—··· باقمىساق بولمايدۇ ، پۇختا بولغىنىمىز ياخشى ، — دەپ بولۇپ ، — ياتقان چاغدا : «ياتتۇق يائاللاھ ، قوپتۇق ئىنشائاللاھ ، قوپساق قوپتۇق ، قوپالمىساق يائىلاھە ئىللەللاھ ، مەھەممەدەن رو-سۇلىللاھ » دەپ ئىمان كەلتۈرۈپ ياتىمىز ، — دېدى .

ئۇماق ئۇنىڭ دېگەنلىرىدىن ئېسىگە ئېلىۋالغانلىرىنى ئىچىدە ئوقۇپ ياتتى···

## 8

— تۇمۇر ، ئۆردەك ! تېز تۇرۇڭلار ، تۇرۇڭلار ، تېز بولۇڭ-لار ! — ئۇماق شۇنداق دېگەچ ئوغۇللىرىنى تۇرتۇپ ئويغاتتى . ئاۋازىدىن ، ھەرىكىتىدىن ئۇنىڭ جىددىيچىلىكتە قالغانلىقى بىلى-نىپ تۇراتتى .

لوپ قۇملۇقىنىڭ ئىچكىرىلىرىدە ياشايدىغان كىشىلەرگە ھەم-مە تالاپەت تەبىئەت دۇنياسىدىنلا كېلىدىغان بولغاچقا ، ئۇلار كىچى-كىدىن دالا ـ تۈزگە چىققۇدەك بولغان چېغىدىن باشلاپلا چوڭلار-نىڭ ئەسكەرتىپ ـ جېكىلەپ تۇرۇشى ، ئۆزلىرىنىڭمۇ كەچۈرمىش ، تەجرىبە ـ ساۋاقلىرى بويىچە تەبىئەتنى ئىنچىكە كۆزىتىش ئادىتىنى يېتىلدۈرگەن . شامالنىڭ شەپىسى ، بۇلۇتلارنىڭ قارامتۇل ياكى ئاق ـ ئاقۇشلۇقى ، زىچ ـ شالاڭلىقى ، قانداق تەرزدە لەيلەپ ، قايسى تەرەپكە ئېقىشى ؛ قۇشلارنىڭ ئۇچۇشلىرىنىڭ يۇقىرى ـ تۆۋەنلىكى ، تېز ـ ئاستىلىقى ، ئۇچۇش يۆنىلىشى ، ھەتتا بېلىقلار-نىڭمۇ سۇ يۈزىگە ئۆرلەپ چىقىشى ، سۇ ئاستىغا چۆكۈشى ، سۇنىڭ يۇقىرىسىغا ياكى تۆۋىنىگە ئۈزۈشىگە قاراپ ، تەبىئەتتە قانداق ئۆز-گىرىش ، ھادىسە بولىدىغانلىقىغا ھۆكۈم قىلالايدۇ . ئادەملىرى تۈز ، ئاق كۆڭۈل ، ساددا ، بىر ـ بىرىگە ئورا كولاش تۈگۈل ، بىر ـ بىرىنىڭ نەرسىلىرىنى ئېلىۋېلىپ زىيان سالىدىغان ئىشلار

يوق بولغاچقا ، ئۆزئارا بىر - بىرىنىڭ ھەممە ھەرىكەتلىرىگە ئانچە
ئىنچىكىلەپ كۆزىتىپ كەتمەيدۇ . پەقەت ئېسىدە ساقلىنىۋېلىشى ئۇ-
چۇنلا تاشقى قىياپىتى — كىيىم - كېچىكىگە ، گەپ - سۆزىگە ،
ئاۋازىغا ، چىراي - تۇرقىغىلا دىققەت قىلىپ قويىدۇ . تۆمۈر بىلەن
ئۆردەكنىڭ ئۆزلىرىدە يۇقىرىقىدەك ئادەت ۋە ئىقتىدارنى يېتىلدۈ-
رۈۋاتقان چاغلىرى ئىدى . ئۇلار چارىدىن چىقىپلا يول ياقىلىرىدىكى
دەرەخلەرگە ، ئوتلاقلارغا ، قۇملۇق ۋە شورلۇقلارغا زەن سېلىپ
ماڭغانىدى . چارا بىلەن كۆنچىنىڭ ئارىلىقى ئۇلاغلىق كۆپ بولسا
يېرىم كۈنلۈك يول بولسىمۇ ، قاسىم قارىنىڭ ھەدېسىلا ئەتەي
قورسىقى توق جاندارلارنى ئوتلىتىمىز دەپ كەچ قويغىنىغا ھەيران
بولۇشقانىدى . بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئېشەك ئۈستىدە تۇرۇپ خۇرجۇنىغا
قولىنى تىقىپ ناننى بىر چىشلەمدىن ئېلىپ يېيىشى ، بۇ ئىككى
بالىنى ئەجەبلەندۈرۈپ قويغانىدى . سەپەرداشلار بىر - بىرىدىن
قىزغىنىپ ، تىقىپ يۇرۇپ ئوغرىلىقچە بىر نەرسە يېيىش لوپ-
لۇقلاردا ئەقىلغا سىغمايدىغان ئوسال ئادەت بولغاچقا ، ئۇلار قارى-
نىڭ قىلىقىدىن بەك ئەجەبلىنىپ قالدى . ئەمما ئوماق ئالۋۇندەك
بىردەملىك پەيدا بولغان قاسىم قارىنىڭ «چوڭقۇر موللا» لىقىغا
بولغان ئېتىقاد - ئىشەنچى تۈپەيلى ئۇنىڭ ھەرىكەتلىرىگە دىققەت
قىلمىغانىدى . تۆمۈر «قارى موللا» بىلەن ئاۋۇت كېمىچىنىڭ
گەپلىرىنى ئېيتقاندىمۇ : «موللا ئادەم كەينىدىن جەمە قىلىش گۇ-
ناھ بولىدۇ» دېگەندى ساددا ، تۈزلۈكى بويىچە . ئاتىسىنىڭ ئەك-
سىچە ئۆردەك چېغىدا ئاكىسىنىڭ ئېيتقىنىغا ، ئۆزىنىڭمۇ چىلىق-
تۇرغىنىغا قاراپ : «بۇ ئادەم ماڭمۇ غەلىتە تۇيۇلۇۋاتىدۇ» دېگەن
ۋە شۇنىڭدىن كېيىن ئىككىسى «قارى موللا» غا دىققەت قىلىدىغان
بولغان...

تۆمۈر بىلەن ئۆردەكنى ھەرقانچە سەزگۈر دېگەندىمۇ ، ئۇ يەنىلا
بالىلارچە سەزگۈرلۈك . ئۇلار بىر كۈن يول يۇرۇپ بەك چارچاپ
كەتكەچكە ، قاتتىق ئۇخلاپ قالغانىدى ، ئاتىسىنىڭ تۈرتۈشى بىلەن
كۆزلىرىنى ئاران ئېچىشتى .

— قوپۇڭلار ، ئىككى ئات بىلەن قويلار يوق ، قاسىم قارى بىلەن باقىرمۇ يوق تۇرىدۇ .

ئۇماق چۈش كۆردى . ئۇ ئاتلىق بىر يەرگە كېتىۋاتاتتى . نىمىدىندۇر ئۈركۈگەن ئات پارتىدە ئۆزىنى يانغا ئېلىپ قېچىۋىدى ، تۇيۇقسىز ئولتۇرغان ئۇماق ئاتتىن يىقىلىپ چۈشتى . ئۇ شۇ كەمگىچە ئاتتىن يىقىلىپ باقمىغانىدى . ئاتتىن يىقىلدىيۇ ، ئويغىنىپ كەتتى . لوپلۇقلار ئاتتىن يىقىلىپ چۈش كۆرۈشتىن بەك قورقاتتى . ئۇنداق چۈش ئادەمگە پالاكەت ئېلىپ كېلىدۇ ، دەپ قارايتتى . ئۇماق ئالاقزادە بولۇپ يېنىغا قارىدى . ئىككى ئوغلى ئۇخلاۋېتىپتۇ . قاسىم قارى كۆرۈنمەيتتى . «قارىم ، قارىم !» دەپ نەچچە قېتىم چاقىردى ، زۇۋان يوق ، قارىنىڭ يېنىدا ياتقان باقىرمۇ يوق ئىدى . قارىسا ئۆزىنىڭ ئېتى باغلاقلىق . ئۇنىڭ يېنىدا تۆمۈرنىڭ ئېتى ، كالا ، قويلار تۇرىدۇ . قاسىم قارىنىڭ ئېشەكلىرى بىلەن قويلىرى ھەم يوك ـ تاقلىرى يوق . ئۇماق : «قارىم !» دەپ ئۈنلۈك توۋلاپ باقتى ، ھېچ زۇۋان بولمىغاندىن كېيىن ئوغۇللىرىنى ئويغاتتى .

— ئىككى ئات يوقما ؟ قاسىم موللىمۇ يوقما ؟ ئۇ ئادەمنىڭ بەزى قىلىقلىرىدىن كۆڭلۈمگە شەك چۈشۈپ قالغان . كۆنچىدە ھېلىقى ئاۋۇت كېمىچى بىلەن قىلىشقان گېپىدىن تېخىمۇ گۇمانلىنىپ قالغانىدىم ، — دېدى تۆمۈر .

ئۇماق ئوغلىنىڭ گېپىگە قوشۇلۇشنىمۇ ، «ئۇنداق ئەمەستۇ» دېيىشنىمۇ بىلمەي قالدى . كۈنچىقىش تەرەپ سۇزۇلۇپ ئاقىرىشقا باشلىغان چاغ ئىدى . ئۇماق ئۆزىنىڭ ئىزچىلىق تەجرىبىسى بويىچە يەرگە ئېڭىشىپ قاراشقا باشلىدى . ئادەتتىكى كىشىلەر بۇنداق چاغدا ھەرقانچە قارىسىمۇ ھېچنېمىنى ئىلغا قىلالمايدۇ . ئۇماق پەرق قىلدى . ئات ، ئېشەك ، قويلارنىڭ چوڭ يول تەرەپكە ماڭغىنىنى بىلىپ قالدى .

— قارىم ئات ، قويلارنى يول تەرەپكە ھەيدەپ كېتىپتۇ ، يۈكلەرنى ئارتىلى ، — دېدى ئۇماق .

ئاتا ـ باللار تېز ھەرىكەت قىلىپ يۆگنى كالىغا ئارتتى ، تېرىنىڭ يېرىمىنى بىر ئاتقا ، يېرىمىنى يەنە بىر ئاتقا غانجۇغىلاپ ئارتتى . تۆمۈر بىلەن ئۆردەك تېرە ئازراق ئارتىلغان ئوماقنىڭ ئېتىغا مىندى . ئوماق يەنە بىر ئاتنى يېتىلەپ يولغا چىقىپ كورلا تەرەپكە قاراپ ماڭدى . كۈن خۇددى ئاسمانغا ئاستا كۆتۈرۈلۈۋاتقان ئوت شارىدەك تاغسارىخان تېغىنىڭ ئارقىسىدىن ئۆرلەپ چىقىپ ، تاغ باغرىغا ، ئۈستۈن ، ئوتتۇرا چاچلارغا قىزىل شەلپەرىنى يېيىشقا باشلىدى . ئۇلارنىڭ ئالدىدىن يىگىرمە ياش ئەتراپىدىكى بىر يىگىت بىر توپ قوينى ھەيدەپ چىقىپ كەلدى .

ئوماق قويچى يىگىتتىن :

— كورلىغا مۇشۇ يول بىلەن بارامدۇ ؟ — دەپ سورىدى .

— ئۇدۇل ماڭساڭلار كورلا بازىرىغا بارىسىلەر .

— مەدىل ئاسقالنىڭ ئۆيى نەدىدۇ ؟

— سىلەر...

— بىز لوپ چارىدىن كەلىدۇق . ئۇ ئادەمنىڭ ئۆيىگە بارماقچىدۇق .

— ئاپلا ، مەدىل ئاسقال مېنىڭ بوۋام بولىدۇ . مەن باشلاپ باراي دېسەم ، قويلارنى بۇ يەرگە قويۇپ كەتكىلى بولمايدۇ . مۇشۇ يەردىن بەش يۈز قەدەمدەك ماڭساڭلار ، ئوڭ تەرەپكە بۇرۇلغان بىر كوچا بار . ئۇنى ئېگىز ئېرىق دەيمىز . شۇ كوچىغا كىرىپ ھەرقانداق ئادەمدىن سورىساڭلار بوۋامنىڭ ئۆيىنى كۆرسىتىپ قويىدۇ ، — دېدى قويچى يىگىت .

ئوماقلار بىرئاز مېڭىشىدى ، دېگەندەك ئوڭ تەرەپكە قايرىلغان كوچا دوقمۇشىغا كەلدى . كوچىنىڭ ئىككى تەرىپىدە قاتار ئۆيلەر بولۇپ ، ھەممە ئۆينىڭ ئالدىدا بىرنەچچە تۈپ ئۈجمە باراقسانلاپ يولغا سايە تاشلاپ تۇراتتى . يول شۇنچە پاكىز ، سۇ سېپىلگەن ، يولنىڭ بىر تەرىپىدىكى ئېرىقتا سۇ شىرىلداپ ئېقىپ تۇراتتى . يولدا توپا دېدارى يوق ئىدى . ئۈچىلىسى چوڭ ـ چوڭ دەرۋازىلىق ئۆي ـ ھويلىلارغا ، كۆرۈپ باقمىغان دەرەخلەرگە ۋە سۈپۈرۈپ سۇ

سىپىلگەن يوللارغا ھەيران قالغىنىچە قاراپ كەلمەكتە ئىدى .
بۇ ھويلىدىن تۆمۈر دېمەتلىك بىر ئوغۇل بالا چىقتى . بالا ئوماقلارنىڭ كىيىم - كېچەكلىرىگە قارىدى - دە ، ئارقىسىغا يېنىپ :
— دادا ! دادا ! — دەپ تووۋلىغىنىچە ھويلىغا كىرىپ كەتتى .
شۇ ئارىدا نېرىقى بىر ھويلىدىن ئوتتۇرا ياشلىق بىر ئادەم چىقتى . بۇ ئادەم بايىقى بالىدەك قىلمىسىمۇ ، ئوماقلارغا قىزىقىسىنغاندەك سەپسېلىپ قارىدى .
— مەدىل ئاسقالنىڭ ئۆيى قايسى ؟ — ئوماق ئۇ ئادەمنىڭ ئۆزلىرىگە قادىلىپ قالغىنىدىن ئەجەبلىنىپ تۇرۇپ سورىدى .
— ھە ، ئاسقالنىڭ ئۆيىگە بارماقچىمىدىڭلار ، يۇرۇڭلار ، مەن ئاپىرىپ قوياي ، لوپتىن كەلدىڭلارما ؟ — ھېلىقى كىشى شۇنداق دەپ ئوماقلارنى باشلاپ ماڭدى .
— مانا مۇشۇ ئۆي ، — ھېلىقى كىشى خېلى ھەشەمەتلىك ياسالغان يوغان دەرۋازىنىڭ ئالدىغا كېلىپ ، — قاسىم قارى ، ئۆيگە مېھمان كەلدى ، — دەپ تووۋلاپ قويۇپ ، — مەن كېتەي ، ئىشىم بار ئىدى ، — دېدى - دە ، ئۆيى تەرەپكە يېنىپ كەتتى .
«قاسىم قارى» دېگەننى ئاڭلاپ ئاتا - بالىلار ھەيران بولغىنىچە بىر - بىرىگە قاراشتى . دەرۋازا ئېچىلىپ بېشىغا ئاق شاپاق دوپپا ، ئۇچىسىغا ئاق چۇچۇنچىدىن كەمزۇل ، قارامتۇل چەكمەن ئىشتان ، پۇتىغا مەسە - كالاچ كىيگەن قىرىق ياشلار ئەتراپىدىكى قويۇق قارا ساقاللىق بىر كىشى چىقتى .
— لوپتىن كەلدىڭلارمۇ ؟
— ھەئە ، لوپ چارىدىن كەلدۇق .
— كىمنى ئىزدەيسىلەر ؟
— مەدىل ئاسقالنى ئىزدىمەكچىدۇق .
— ھە ، ھويلىغا كىرىڭلار ، — ھېلىقى كىشى دەرۋازىنىڭ بىر قانىتىنى تولۇق ئېچىپ ئۇلارنى ھويلىغا باشلىدى . ئوماقلار يۇك - تاقلىرىنى چۇشۇرۇشكە تەمشىلىۋىدى ، ئاڭغىچە ئۆيدىن

يىگىرمە ـ يىگىرمە ئىككى ياشلار ئەتراپىدىكى ئىككى يىگىت چىقـ
تى . ھېلىقى كىشى ئۇلارغا يوكىنى سۇپىغا قويۇپ ، ئاتنى ئېغىلغا ،
كالىنى ئېغىل يېنىغا باغلاپ جايلاشتۇرۇپ قويۇشنى جېكىلەپ ،
ئوماقلارنى ئۆيگە باشلىدى .

ئۆي چوڭ بولۇپ ، يېرىمىدىن كۆپرەك يېرى سۇپا قىلىنىپ ،
سۇپىغا گىلەم ، كىگىز ، لوپ پالىسى سېلىنغانىدى . يورغا تام
ئارقىسىدا چاچ ـ ساقاللىرى ئاقارغان ، يۈزلىرىنى قالاچ قاناقانىڭـ
كىدەك بولمىسىمۇ ، تىلىم ـ تىلىم قورۇقلار قاپلىغان ئاق سۆزۆك
بىر بوۋاي قېلىن كۆرپە ئۈستىدە تەكىيە ، ياستۇقلارغا يۆلىنىپ
ئولتۇراتتى . ئوماق كورلىدىن بارغان تامچىلاردىن ئۆگىنىۋالغىنى
بويىچە ، بوۋايغا : «ئەسسالامۇئەلەيكۇم» دەپ سالام قىلىپ ، كۆـ
رۈشكىلى ئىككى قولىنى سوزۇپ ماڭدى . بوۋايمۇ :

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام ، — دەپ سالام قايتۇرغاچ ، ئوماققا
ئىككى قولىنى چىقاردى .

— ئولتۇرۇڭلار ، — دېدى بوۋاي ، كۆرۈشۈپ بولۇپ .

ئوماق سۇپىنىڭ لېۋىدە پۇتىنى ساڭگىلىتىپ ئولتۇردى . تۆـ
مۇر بىلەن ئۆردەكمۇ ئاتىسىنىڭ يېنىدا تام تەرەپتە ئولتۇردى .
«مەدىل ئاسقال دېگەن كىشى مۇشۇ بولسا كېرەك» دەپ قىياس
قىلدى ئوماق .

بىر ئايال كىرىپ سۇپىنىڭ تۆرىگە كۆرپە سالدى .

— قېنى ، كۆرپىدە ئولتۇرۇڭلار ، — دېدى بوۋاي .

بوۋاينىڭ قايتا ـ قايتا تەكلىپ قىلىشى بىلەن ئوماقلار كۆرپىـ
گە چىقىپ ئولتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن بوۋاي : «ئامىن ئاللاھۇـ
ئەكبەر» دەپ دۇئا قىلدى . ئوماق پۇتىغا ئۆزى تىكىۋالغان ئاق
كۆن ئۆتۈك ، ئىككى ئوغلى كالا شىرىسىدە ئەتكەن چورۇق كىيگەـ
نىدى . ھېلىقى ئايال داستىخان سېلىۋېتىپ ، ئۇلارنىڭ پۇتىغا ،
ئاندىن پالاستا تىكىپ كىيىۋالغان چاپان ، ئىشتىنىغا ، ئىشتان
پۇچقىقىدىكى چۇچىلىرىغا ، ئوماقنىڭ بېشىدىكى تۆپىلىكى سەل
ئېگىز نېپىز كىگىز قالپاققا ، تۆمۈر بىلەن ئۆردەكنىڭ قىرقىۋې-

تىلگەن ئوغلاق تېرىسىدە تىكىلىگەن تۇمىقىغا قاراپ قويدى .
ئوماق تۇمۇرنىڭ قولىقىغا بىرنېمىلەر دېيۇدى ، ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ ئۆيدىن چىقىپ كەتتى . ئانچە ئۆتمەي يېپيېڭى بىر پالاسنى كۆتۈرۈپ كىرىپ ئاتىسىغا بەردى . ئوماق پالاسنى داستىخانغا قويۇپ :
— كېلىشىمىز تۇيۇقسىز بولۇپ قېلىپ ، ئۆيدە بارنىلا ئېلىپ كەلدۇق ، — دېدى .
— بۇنداق قىلمىساڭلار بولىتتى ، رەھمەت ، — دېدى بوۋاي .
بايىقى ئايال ئالدىدا سىنچاي ، ئارقىدىن قايماقلىق چاي كەلتۈردى . بوۋاي :
— قېنى ، «ئالدىن تائام ، ئاندىن كالام» ، ناشتا قىلىۋېلىپ ئاندىن پاراڭلىشايلى ، چاي ئىچىڭلار ، — دېدى .
دەرۋازىغا — ئوماقلارنىڭ ئالدىغا چىققان كىشى بىر چىنە قايماقلىق چايغا توقاچتىن سېلىپ بوۋايغا ئاپىرىپ بەردى ، ئاندىن ئۆزىنىڭ چىنىسىگە نان سالدى . ئوماقلارمۇ ئۇلارنىڭ قىلغىنى بويىچە چىنىلىرىگە نان سالدى . ئۇلارنىڭ قورسىقى ئاچ بولسىمۇ گېلىدىن بىر نەرسە ئۆتىدىغاندەك ئەمەس ، بولۇپمۇ ئوماقنىڭ… ئۇ خىيال بېسىۋالغاندەك ئويچان ئولتۇراتتى . چاي ئىچىلىپ بولۇندى ، دۇئامۇ قىلىندى . بوۋاي ئوماقتىن :
— قېنى ئۆزىڭىز توغرۇلۇق گەپ قىلىپ بېرىڭ ، — دېدى .
ئوماق ئۆزىنىڭ لوپنىڭ نەرىدىن ئىكەنلىكىنى ، ئىسمىنى ، يېنىدىكى باللىرىنىڭ ئىسىملىرىنى ئېيتىپلا جىم بولدى .
— مەن قارىسام يولدا بىرەر ئاۋارىچىلىككە يولۇققاندەك قىلىدىسىلەر ، — دېدى بوۋاي ئوماققا قاراپ ، — ھە ، ئوماق ، شۇنداقمۇ ـ ئەمەس ، چىرايىڭىزدىن خىيال ، جىددىيچىلىكتە قالغىنىڭىز چىقىپلا تۇرىدۇ ، قېنى نېمە ئىش بولدى ، دەڭە .
ئوماق دەيمۇ ، دېمەيمۇ دېگەندەك ھەمدەم خىيالدا بولۇپ ، ئاخىر ئۆزىنىڭ سېتىقچى قاسىم قارى بىلەن تونۇشۇپ قېلىپ ،

ئۇنىڭ بىلەن كـورلىغا بىللە مـاڭغانلىقى، قـاراسۇغا كېلىپ ئۇخلاپ، ئويغىنىپ قارىسا ئىككى ئېتى، قويلىرى ھەم قاسىم قارىنىڭ، باقىرنىڭ، ئېشەك، قويلىرى، يۈكلىرىنىڭمۇ يوق تۇر- غانلىقىنى بىرقۇر سۆزلەپ بەردى. يەنىلا قاسىم قارىنى ئېتىمنى ئېلىپ كېتىپتۇ، دېگۈسى كەلـمىدى. بوۋاي ئوماقـتىن ئـۇنىڭ تەقى - تۇرقى، چىراي - شەكلىنى سورىدى. ئوماق لوپلۇقلارنىڭ ئادەم ۋە نەرسىلەرنىڭ كۆرۈنۈشى، بەلگە - ئالامەتلىرىگە ئىنچىكە سەپسېلىۋالىدىغان ئادىتى بويىچە ئۇنى سۈرەتلەپ بەردى.

— ۋوي، ماۋۇ قۇلاق كەستى قىمارۋاز ئوغرىنىڭ گېپىنى. ئۇزە ئۆزىنى قاسىم قارى، مىنى تاغام دەۋالىدىما. مـاۋۇ ئول- تۇرغان، — بوۋاي دەرۋازا ئېچىپ ئوماقلارنىڭ ئالدىغا چىققان كىشىنى كۆرسىتىپ، — مېنىڭ ئوغلۇم، ئىسمى قاسىم قارى. ئۇ قۇلاق كەستىنى كورلا بازار ئىچىدىن سەھرالارغىچە: «قاسىم قۇلاق كەستى»، «قاسىم بەڭگى»، «قاسىم ئوغرى» دېسە بىلمەي- دىغان كىشى يوق. يادقا ئېلىۋالغان ئىككى - ئۈچ ئايەت بىلەن قىزىل كۆزلۈك قىلىپ، ئىمان سېتىپ، سىلەرگە ئوخشاش ساد- دا، ئاق كۆڭۈل ئادەملەرنى ئالدايدۇ، — دېدى.

بوۋاي ئوماقنىڭ گېپىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، قارىغاندا قا- سىم ئوغرىنىڭ ئۆزىنى قارى دەۋالغاندىن باشقا، بوۋاينى تاغام دەۋالغىنىغا بەك ئاچچىقى كەلگەندەك ئىدى.

بوۋاي ئوغلى — قاسىم قارى ئارقىلىق تۆت كىشىنى چاقىر- غۇزۇپ ئۇلارغا ئىش تاپشۇردى. ئىككى مۇھتەسىپنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ، ئۇلارنى بىللە ئېلىپ ئىككىگە بۆلۈنۈپ قاسىم ئوغرىنى نەلەرگە بېرىپ ئىزدەشنى، ئىككى ئاتنى، قوينى ئىز قوغلاپ چوقۇم تېپىپ، ئوغرىنى سازايى قىلىپ ئېلىپ كېلىشنى قاتتىق تاپىلاپ يولغا سالدى. ئۇلار چىقىپ كەتكەندىن كېيىن مەدىل بوۋاي:

— ئوتتۇز نەچچە يىلنىڭ ئالدىدا قالاچ بوۋاي تايۇق دېگەن بىر يىگىت بىلەن يەنە ئىككى كىشىنى باشلاپ كېپتىكەن. ئۇ

بوۋاينى سىلەر قاناقا دەيدىكەنسىلەر . قاناقا بوۋاي خىزىردەك ئېپ-
سىل ئادەمكەن . بىلىدىغانلىرىمۇ ، بىلمەكچى بولغانلىرىمۇ شۇنچە
كۆپ ئىكەن . ئۇ بوۋاي گەپ قىلىۋىدى ، كورلىدا گەپتە ھەممىنى
ئۆزىگە قارىتىدىغان مەن مەدىلمۇ ئاغزىغا قاراپلا قالدىم . قاناقا
بوۋاينىڭ ئالدىدا مەن زۇۋاندىن قالغان ئادەمگە ئايلىنىپ قالدىم .
نېمە ؟ ! تۇگەپ كەتكىنىگە شۇنچە يىل بولدىما . «ئىننالىللاھى
ۋەئىننا ئىلەيھى راجىئۇن . ھەسبۇناللاھۇ ۋە نىغمەلۋەكىل» ، —
بوۋاي دۇئا قىلدى ، — ئۆلمەيدىغان كىم بار ، ھەممىمىز ئاللانىڭ
دەرگاھىغا بارىمىز ، لېكىن بەزىلەر ئاللانىڭ ئالدىغا بارمايدىغاندەك
گۇناھلىق يولغا ماڭىدۇ ، — مەدىل بوۋاي گېپىنىڭ ئاخىرىدا
ئۇماقنىڭ كورلىغا زادى نېمە ئۈچۈن كەلگەنلىكىنى سورىدى .
— ھە ، دېھقانچىلىق قىلاي دېگەنمۇ ، ساۋابلىق ئىش . دېھقانغا
ئاخىرەتتە سوراق يوق ، دەيدىغان گەپ بار . چۈنكى ، دېھقان يەرگە
جان بېرىپ دان ئالىدۇ ، ئاندىن شۇ دانلىرى بىلەن بىزدەك كۇر-
مىڭلارنى باقىدۇ . چارا ، تىكەنلىك تەرەپلەردە دېھقانچىلىقنى بەك
ئاددىي قىلىدىغان ئوخشايسىلەر . يەرگە پەقەت قىغ - ئوغۇت تۆك-
مەي ئۇرۇق سالىدىكەنسىلەر ، يەرگە قۇۋۋەت بەرمىسەڭلار قانداق
ھوسۇل بېرىدۇ…
ئۇلار ئۇ يەر - بۇ يەردىن پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇشتى . دامجۇق
ۋاقتىدىن سەل ئۆتكەندە ، ھويلىدا ئويۇر - تويۇر بولۇپ ، گەپ
قىلىشقان ئاۋازلار ئاڭلاندى .
— كەلدى ، — بوۋاي يورغا تامغا يۆلەكلىك ھاسىسىنى ئېلىپ
مۇكچىيىپرەك ئىشىك تەرەپكە مېڭىپ دېدى ، — ھويلىغا چىقايلى .
مەدىل بوۋاينىڭ ئارقىسىدىن ئۇماقلار ھويلىغا چىقىشتى .
ئۇماق كۆزىگە ئىشەنمەي قالدى . تۆمۈر بىلەن ئۆردەك كۆرۈپمۇ ،
ئاڭلاپمۇ باقمىغان ئاجايىپ قىزىق ئويۇن كۆرۈپ ، بىر - بىرىنى
بېقىندىشىپ پىخىلدىشىپ كۈلۈشمەكتە . ھويلىدىمۇ ، دەرۋازا ئال-
دىدىمۇ زىچ ئادەم . چوڭلارغا قارىغاندا كىچىكلەر ، ياشلار كۆپ
ئىدى . ئۇلارمۇ كۈلۈشمەكتە .

ئوماقلارنىڭ ، كۆپچىلىكنىڭ ئالدىدا ئۆزىنى : «قارى ، موللا» دەۋالغان قاسىم قولاق كەستى ئوغرى يۈزىگە قارا سۈرتۈلگەن ، ئېشەككە تەتۈر مىندۈرۈلگەن هالەتتە رەسۋايى - سازايى بولۇپ تۇرماقتا . ئۇ تۇتۇلغان يېرىدىلا يۈزىگە قازاننىڭ كۈيىسى سۈرتۈلۈپ ، ئېشەككە تەتۈر مىندۈرۈلۈپ ، پۈتۈن بازار ئىچىدىنى سازايى - رەسۋا قىلىپ ئايلاندۇرۇلۇپ ، بۇ يەرگە ئېلىپ كېلىنگەنىدى .

— ئات ، قوي ئوغرىلىغاننىڭ سازايى ! تۈزىنى يەپ ، تۇزلۇقىنى ئوغرىلىغاننىڭ سازايى ! ئوغرى قىمارۋاز تۇرۇپ «قارى» بولىۋالغاننىڭ سازايى ! — قاسىم ئوغرى ئېشەككە تەتۈر مىنگىنىچە ئۆزىنى ئۆزى سازايى - رەسۋا قىلىپ هويلىنى ئايلانماقتا .

ئېشەكنى قاسىم ئوغرىنىڭ ئون بەش ياشلىق بالىسى يېتىلەگەنىدى . بالىمۇ ئارىلاپ :

— ئوغرى بولغاننىڭ سازايى ! قىمار ئوينىغاننىڭ سازايى ! يۈزى قارىلىقنىڭ سازايى ! - دەپ توۋلاۋېتىپ ئېشىنى كەينىگە بۇراپ ئاتىسىغا ئارقىسىدىن كۆزىنى نەشتەردەك قاداپ قاراپ قوياتتى . بالا بىر تەرەپتىن ئاتىسىنىڭ ئوغرى بولۇپ قالغىنىغا غەزەپلەنسە ، يەنە ئۆزىنىڭ ئوغرىنىڭ بالىسى بولۇپ قالغىنىدىن نومۇس قىلماقتا ئىدى . هارام يولغا ماڭغان ناكەس ئاتىنىڭ يۈز قارىلىقى سەۋەبى ، بىغۇبار ، مەسۇم بالىنىڭ پاك قەلبىنى نومۇس ئارىلاش غەزەپتىن نەپرەت زەربىسىدە چايقاپ دولغۇلاتماقتا ئىدى .

— يۈسۈپ مۇھتەسىپ ، بۇ بەتبەختنى شەرئىگە ئېلىپ بېرىڭلار ، قازى ئۆزى بىر تەرەپ قىلسۇن ، بالىسىنى كەتكۈزۈۋېتىڭلار ، — دېدى مەدىل بوۋاي .

يۈسۈپ مۇھتەسىپ دېيىلگەن كىشى بالىنىڭ قولىدىن ئېشەكنى ئېلىپ يېتىلەپ هويلىدىن چىقىپ كەتتى . باشقىلارمۇ ئارقىسىدىن ئەگىشىپ تالاغا ماڭدى .

# 9

قاسىم ئوغرى چارىدىن كۆنچىگە كىلىۋىتىپ جاندارلارنى ئوتـ. لاتقان چاغدا ، پەيتىنى تىپىپ ئاتلارنىڭ چۇلۇۋۇرىنى تۇتۇپ باقماقـ. چى بولدى . ئوماقنىڭ ئىتى ئۇنى ئۆزىگە يىقىن يولاتمىدى . ئۇ شۇنداق ئۆگىتىلگەنىدى . ئوماق ئاتنىڭ تىزگىن ، چۇلۇۋۇرىنى تۇ. تۇپ بىشىنى سىلاپ تۇرغاندىلا ، ئات ئاندىن باشقىلارنى يىقىن كەلتۈرەتتى ، مىندۈرەتتى . تۆمۈرنىڭ ئىتى ئاتىسىنىڭ ئىتىغا ئىـ. جىل بولۇپ ، ئىككىسى بىر يەردىكى چاغدا ، ئائىلىسىدىكىلەردىن بىرەرسى يىتىلىمىگۈچە ئۇ ئاتنىڭ يىنىدىن نىرى بولمايتتى ، باشـ. قىلار ھەرقانچە تارتىسىمۇ كەينىگە تىرەجەپ تۇرۇۋالاتتى . قاسىم ئوغرى ئۆردەك مىنگەن ئات بىلەن يوك ئارتقان ئاتنى ، قويلارنىلا ئوغرىلىغىلى بولىدىغانلىقىنى كۆڭلىگە پۈكتى ، كالىنى بولسا يالـ. غۇز بولغاچقا ئۇيان ـ بۇيان قىچىۋالىدۇ ، ئىتتىك ماڭمايدۇ ، دەپ ئويلىدى .

ئوماقنىڭ كۆزى ئۇيقۇغا ئىلىنىشى ھامان جاندارلارغا قاراپ كىلىش قىياپىتىدە ئۇنىڭغا ـ بۇنىڭغا قارىغان بولۇپ ، ئوماقلارنىڭ كۆزلەپ قويغان ئىككى ئىتىنى ، ئۆزىنىڭ ئىشەك ، قويلىرىنى چوڭ يول بويلاپ بولۇشىچە ھەيدەپ يۈرۈپ كەتتى .

— ئىزىمىزدىن تىپىۋالارمۇ ؟ — دىدى باقىر .

— ھەرقانداق ئىزچى لوپلۇقمۇ بۇنداق تاڭ قاراڭغۇسىدا ئىزنى بىلەلمەيدۇ ، خاتىرجەم بول ، — دىدى قاسىم ئوغرى تولۇق ئىشەنچ بىلەن .

ئۇلار تۆۋەن دەرۋازىغا كەلگەندە كۈنچىقىش تەرەپ ئەمدىلا سۈزۈلۈشكە باشلىغان بولۇپ ، قورغان دەرۋازىسىنىڭ ئىچىلىشىغا تىخى خىلى ۋاقىت بار ئىدى . قاسىم ئوغرى دەرۋازىنىڭ ئىچىلىـ. شىنى ساقلاپ تۇرۇشقا ئۆزىچە خۇدۇكسىرەپ قالدى . «ئوغرىنىڭ يۈرىكى پوك ـ پوك » دىگەن شۇ . قورغان ياقىلاپ مىڭىپ چىلانباغـ.

ـدىكى جەزكەش ھاشىم قاسماقنىڭكىگە باردى . ئۆزىنىڭ ئېشەك ، قوي ، نەرسە ـ كېرەكلىرىنى ئۇنىڭكىگە قويۇپ قويدى . باقىرغا ئوغرىلىغان قويدىن ئىككىنى بېرىپ ، ئۇنى شۇ يەردىلا بارىدىغان يېرىگە يولغا سېلىۋېتىپ ، ئۆزى قاراباغدىكى يېڭى تونۇشى ھەسەن بايتالنىڭكىگە يول ئالدى .

ھەسەن بايتال ئات ئوغرىسى ئىدى . بىر قېتىم ئات ئوغرىلاپ تۇتۇلۇپ قالدى . شۇ قېتىم ئاي قاراڭغۇسىدا ئوغرىلىغان ئاتلارنىڭ ھەممىسى بايتال چىقىپ قېلىپ ، ئىلگىرىكى «قەقەش» دېگەن لەقىمى «بايتال» غا ئۆزگىرىپ ، «ھەسەن قەقەش»تىن بىردىنلا «ھەسەن بايتال» بولۇپ قالغانىدى .

قاسىم ئوغرى شېرىن خىياللارنى سۈرۈپ كەلمەكتە . «كۈن چىقمىغۇچە ئۇماق قايسى تەرەپكە مېڭىشنى بىلمەيدۇ . ئۇ چاغقىچە قوي ، كالا پادىلىرى ئىزنى دەسسەپ يوقىتىپ بولىدۇ . مەدىل ئاسقالنى تېپىپ ئەھۋالنى ئېيتىپ بولغۇچە خېلى بىر كەم بولىدۇ . مېنىڭ ھەسەن بايتالنىڭكىگە كېلىدىغىنىمنى خىيالىغىمۇ كەلتۈ- رۈشمەيدۇ . ھەسەننىڭكىدە قورساقنى ئەستەرلىۋېلىپ تىمغا راۋان بولىمەن ـ دە ، ئاتنى شۇ يەردە پۇل قىلىپ تاۋكاغا تاشلايمەن . ئامىتىم كېلىپ قالسا ئۇن قاتلايمەن » .

— بەللى ، بەلـلى ، يالـىدىن قاردىغاندا لوپ ئېـتى ئوخشى- مامدۇ ؟ — قاسىم ئوغرى ھويلىغا كىرىپ كەلگەندە ، ھەسەن بايتال ئاتلارغا قاراپلا ئۇنىڭدىن سورىدى .

— ئۇزۇن گەپنى قويۇپ ، ھازىر قورساقنى ئەستەرلەيلى ، ئاندىن بىر قاپاق تارتىشىۋېلىپ تىمغا ماڭايلى .

— قوينىمۇ تىمغا ئېلىپ بارىمىزما ؟

— ياق ، قوي قالىدۇ ، بىرى سېنىڭ ، بىرى مېنىڭ .

— ما گېپىڭ جايىدا .

ئۇلار قاراچايغا زاغرىنى خالىمىغاندەك چىلاپ ئىچىپ قورسى- قىنى تويغۇزۇشتى ، ئاندىن ھەسەن بايتال تەييارلاپ قويغان قاپاق چىلىمغا نەشىدىن يەنە ئازراق يىمىرىپ سېلىپ ، ياغقا چىلانغان

پەلكۆچكە ئوت تۇتاشتۇرۇپ ئۇنى چىلىم ئاغزىغا قويۇپ نۆۋەت بىلەن شوراشتى . ھەر قېتىم ئىچىگە كۆچەپ شورىغاندا قاپاق چىلىم ئىچىدىكى سۇ قايناپ كەتكەندەك : «كورۇك ـ كورۇك» قىلاتتى . پىنەك جىگمۇ ، يا جىق سىلىنىپ كەتتىمۇ ياكى قاتتىق شورىۋەتكەندىنمۇ ، ئىشقىلىپ بىردەمدىلا ئۇلارنىڭ كۆزلىرى غىلدـ يىپ ، كۆز قارىچۇقلىرى بىر نۇقتىدا تۇرالماي ئوينايدىغان بولۇپ قالدى . «نەشىكەش نەشە چېكىۋالسا يەپ تويمايدۇ» دېيىلگەندەك ، قاسىم ئوغرى بىلەن ھەسەن بايتال بابا ياراتماي تولۇق تېزەكنى تاشلىغاندەك تاشلاپ قويغان زاغرىلارنى تۆگۈرگەندەك قىلىپ قوـ رۇق غىدىرغا سۇركەپ يېيىشكە باشلىدى . بىر چىشلەم زاغرىنىڭ ئازلا قىسمى ئاغزىدا بولسا ، كۆپ قىسمى ئۇۋۇلۇپ كىگىزگە چۇـ شەتتى . ئۇزنىڭ ئات ئوغرىلاپ كەلگىنى قاسىم ئوغرىنىڭ ئېسىدـ دىن كۆتۈرۈلدى ، كۆڭلى ئەرشى مۇئەللەقتە پالاس قاقماقتا ئىدى . ئۇ ئۆيگە يوپۇرۇلۇپ كىرگەن مۇھتەسىپ ، قاسىم قارى ، يەنە ئىككى پاشاپنى ئىلغا قىلالماي قالدى ، قولى كەينىگە باغلانغاندىلا كەيپىلىكى تارقىغاندەك بولۇپ :

— مېنى نېمە قىلىسىلەر ؟ — دېدى كېكەچلەپ .

دەل مۇشۇ چاغدا ئۇنىڭ بالىسى ئۆيگە كىرىپ كەلدى . ئۇنىڭغا باقمىر ، ئاتاڭ ھەسەن بايتالنىڭكىگە كەتتى ، لوپتىن ئوبدان نەرسە ئېلىپ كەلدى ، دەپ خەۋەر يەتكۈزۈپ قويغانىدى .

پاشاپلار شۇ يەردىلا ئۇنىڭ يۈزىگە قازان كۈيىسى سۈردى ، پەقەت ئىككى كۆزىلا مۆلۈلدەپ قالدى . شۇ تۇرقىدا ئۇنىڭ كىملىدـ كىنى ھېچكىم بىلمەيتتى . ئۇنى ھەسەن بايتالنىڭ بىقىمسىز قېـ لىپ بىر تېرە ، بىر ئۇستىخان بولۇپ قالغان ئېشىكىگە يايداق تەتۈر مىندۈرۈپ ، ئىككى پۇتىنى ئېشەكنىڭ قورسىقى ئاستىدىن چېتىپ باغلىۋەتتى ، قولىنى بوشىتىپ ، ياغاچ كۈيىسى سۇـ رۇپ ئالا ـ بۇلىماچ قىلىۋەتكەن يوغان قاپاقنى ئۇزۇن ياغاچقا ئېلىپ تۇتقۇزۇپ قويدى . ئېشەكنى ھەسەن بايتالغا يېتىلىتىپ ساي يولى بىلەن دەريا بويلاپ مېڭىپ رەستىگە ئېلىپ چىقتى . رەستىدـ

نىڭ ئۇ بېشىدىن بۇ بېشىغىچە قاسىم ئوغرىنىڭ ئۆز سازايىسىغا ئۇلاپلا ، ھەسەن بايتال : «ئوغرىغا شېرىك بولغانىنىڭ سازايى !» ، «ئوغرىغا يانتاياق بولغانىنىڭ سازايى !» دەپ توۋلايتتى . بۇنداق سازايىلار پات - پات بولۇپ تۇرغاچقىمىكىن ، كىشىلەر كونا ئىشتەك ئانچە ئېرەنشىپ كەتمەيتتى . پەقەت ئۇششاق بالىلارغا ئويۇن كۆرگەندەك تۇيۇلۇپ ، ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن : «قاسىم ئوغرى !» ، «ھەسەن بايتال !» دەپ توۋلىشىپ ئەگىشەتتى . ئۇلارغا ئۆزىنى سازايى قىلىش ھار كەلمەي ، بالىلارنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ : «ئوغرى» ، «بايتال» دەپ ۋارقىراشلىرى بەك ئېغىر كېلەتتى . ھەسەن بايتال ئىچىدە : «خەپ ، شۇمتەكلەر» دەيتتى . قاسىم ئوغرى بولسا : «ھەي مۇشۇ ئىسمىم ، ئىسمىم بولمىغان ياكى ئىسمىنى ئاتىمايدىغان ئىش بولسا ، بۇ قارا بوياق يۈزۈمدىن مېنى كىم تونۇيتتى» دەپ ئويلايتتى .

ئىككىسىنى ئۆزىنى ئۆزىگە سازايى قىلدۇرۇپ قورغاننىڭ تۆۋەنكى دەرۋازىسىغا كەلگەندە ، مۇھتەسىپ ھەسەن بايتالنى قازىخانىغا ماڭدۇرۇۋېتىپ ، ئېشەكنى قاسىم ئوغرىنىڭ بالىسىغا يېتىلەتكۈزۈپ ، ئېگىز ئېرىققا كەلگۈچە ئۆزىنى ئۆزىگە سازايى قىلدۇرۇپ ماڭدى...

— ئوغرى ئەجەب ئوڭاي تۇتۇلۇپتا ؟ — ئوماق مەدىل بوۋايدىن سورىدى .

— كورلا تۇماقچىلىك يەر . كىمنىڭ قانداقلىقى ، نېمە ھەردەكەتلەر بىلەن مەشغۇل بولىدىغانلىقى ، بولۇپمۇ قاسىم ئوغرىدەك «قاشقىلىق» ئادەمنىڭ باردى - كەلدىلىرى ، نەلەرگە بارىدىغانلىقى بۇ يەردىكى پاششاپلارغا ئايانلا ئىش . ئۇ بۇ يەردە بولمىسا ، ئۇ يەردە بولىدۇ . بۇنداق ئادەملەرگە ھەممە كىشى دىققەت قىلىدۇ . بىرى كۆرمىسە ، بىرى كۆرۈپ قالىدۇ . شۇڭا ھورى چىقىپ بولغۇچە تۇتۇلۇپ قالىدۇ ، — دېدى مەدىل ئاسقال .

مۇڭ ئارىلاش تىترەڭگۈ ئاھاڭدا ئوقۇغان قىرائىتىنىڭ سېھرىي تەسىرى دىلىنى رام قىلغان قارىنىڭ ئوغرى بولۇپ چىقىشى-

دىن كۆڭلى غەش بولغان ئوماق هازىر باشقا بىر تەسىراتتا ئىدى . ئۇ باشقا ئىشلارنى ئويلىماي ، مەدىل ئاسقالدىن :

— كالا ، يۇڭ ، تېرە بىلەن ئاتلارنى قانداق ساتساق بولىدىكىن ، — دەپ سورىدى ، ئىشنى تۈگىتىپ كېتىۋېلىشنى ئويلاپ .

ئوماقنىڭ گېپىگە بوۋاي ئالدىرىماي ، ئۆيگە كىرىپ ئولتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن جاۋاب بەردى :

— هازىر يۇرت ئەنسىز ، يۇڭ - تېرىنى كىم ئېلىپ نەدە قويىدۇ ، نەگە ئاپىرىدۇ ، هەممە ئادەمنىڭ كۆڭلى دەككە - دۈككىدە . ئون بىر يىلنىڭ ئالدىدا 1282 - يىلى[1] ئەتىيازدا مۇپتى ئاخۇن ، خاتىپ ئاخۇن ، قازى ئاخۇن ، داۋۇت خەلىپە كورلاۋى ، ئىسلام خەلىپەتلەر كۇچادىكى راشىدىن خوجا قوزغىلىڭىنىڭ تۈرتكىسىدە ، خەلقنى قوزغاپ مانجۇ چېرىكلىرىنى قارا شەھەرنىڭ نېرىسىغىچە قوغلىۋېتىپ ، يۇرتنىڭ يەلكىسىدىن يوغان بىر تۈگمەن تېشىنى ئېلىۋەتكەنىدى . ئارىدىن ئىككى يىلمۇ ئۆتمەي تەييارغا خوجا بولۇپ قەشقەر تەرەپتىن بەدۆلەت دەپ ئاتىلىدىغان ياقۇپبەگ ئەنجانلىق كەلدى . ئۇ چەۋەنداز ، سەرۋازلىرىدىن[2] نەچچە هەسسە كۆپ سوپى ، قەلەندەرلىرىنى بىللە ئېلىپ كېلىپ كورلىغا تۆكۈۋەتتى . نەگە قارىسا شۇ سوپى ، شۇ قەلەندەرلەر . تىلەيدۇ ، نەرسە - كېرەك بەرسە كۆز قىرىنىمۇ سالمايدۇ ، پۇل بەرمىگۈچە رودۇپايدەك يېپىشىۋېلىپ كەتمەيدۇ . خەقتە نەدە پۇل . پۇل يوق دېسە ، هۆرۈ - پۆرۈنىڭ چوڭلۇقى . سوپى ، قەلەندەر دېگەنلەر يۇرتقا ئاپەت بولدى . بۇ ئاز كەلگەندەك ، ئەنجانلىق مازار سالىمىز ، قورغان - سېپىل سوقىمىز دەپ ئاز ئالۋان سالمىدى . بۇ خۇددى قاراقچىدىن قۇتۇلۇپ بۆلاكچىغا تۇتۇلغاندەك ئىش بولدى ، — مەدىل ئاسقال گېپىنى توختىتىپ كالپۇكىنى يالاپ قويدى . قاسىم قارى ئىتتىك چىقىپ كېتىپ يەنە قايتىپ كىردى .

---

[1] 1282 - يىلى - - هىجرىيە يىلى . مىلادىيە 1865 1866 - يىللىرى .

[2] چەۋەنداز ، سەرۋازلار — ياقۇپبەگ ئاتلىق ئەسكەرلىرىنى چەۋەنداز ، پىيادىلەرنى سەرۋاز دەيتتى .

هايالشىماي بىر ئايال بىر چىنە چەينەك بىلەن بىرنەچچە پىيالە
كۆتۈرۈپ كىرىپ پىيالىلەرگە چاي قۇيدى . قاسىم قارى ئايالنىڭ
قولىدىن پىيالىنى ئېلىپ دەسلەپكىسىنى ئاتىسىغا بېرىپ ، ئار-
قىدىن باشقىلارغا بىر - بىرلەپ سۇندى . مەدىل ئاسقال چاينى
پۇۋلەپ سەل سوۋۇتقاندىن كېيىن ، ئىككى - ئۈچ ئوتلىۋېلىپ
گېپىنى داۋاملاشتۇردى . ئوماق ۋە ئۇنىڭ بالىلىرى ئۆز ئادىتى
بويىچە چاي سوۋۇغاندىن كېيىن ئىچىش ئۈچۈن چىنىلەرنى داستى-
خانغا قويۇپ قويدى .

— ئاڭلاشلارغا قارىغاندا ، مانجۇلار يەنە كېلىۋاتقان ئوخشاي-
دۇ . ياقۇپبەگنىڭ ئادەملىرى تېپىرلاپ قالغاندەك قىلىدۇ . ھازىر
يۇرت خەلقى بەك پاراكەندىچىلىكتە قالدى . كورلىنىڭ ھاكىمبېگى
نىياز مۇھەممەت توقسابىي خەلق بېشىغا بىر ئالۋاننى ئون قىلىپ
كۆپەيتىپ سالىدىغان بولدى ، چەۋەنداز ، سەرۋازلىرىمۇ ھەددىدىن
ئېشىپ كەتتى . مەن بولۇۋاتقان ئىشلارغا چىدىماي ئاغرىق بولۇپ
يېتىۋالدىم . يۇك بىلەن تېرە بىزنىڭكىدە تۇرۇپ تۇرسۇن ، كالا
بىلەن قويۇڭلارنى سېتىپ بېرەيلى ، ئاتنى ئېلىپ كېتىڭلار .

— نېمىشقا ؟ — ئوماق ئەجەبلىنىپ سورىدى .

— ھە ، گەپنى ئۇچۇق دېمەيتىمەن - ھە . بۇنداق ياخشى ئاتنى
ھاكىمبەگنىڭ ئادەملىرى ياكى ئەنجانلىقنىڭ چەۋەندازلىرى كۆرۈپ
قالىدىغان بولسا تارتىۋېلىپلا قالماي ، «ئاتنى نەدىن ئوغرىلىدىڭ»
دەپ دۇمباغا باسىدۇ . دېھقانچىلىقتا ئىشلەيدىغان ئەسۋاب - سايما-
لارنى مەن تەييارلاتقۇزۇپ بېرەي . ئەتە چۈشتىن كېيىنلا يولغا
چىقىپ كېتىڭلار . ئىككى ئادەم سىلەرنى قاراسۇ ئۆستىڭىدىن ئۆت-
كۈزۈپ قويسۇن . بۈگۈن - ئەتە دېھقانچىلىقنىڭ بەزى ئىشلىرىنى
كۆرۈۋېلىڭلار ، بولسا ئازراق بولسىمۇ ئۈگىنىۋېلىڭلار ، — دېدى
مەدىل ئاسقال .

ئوماق «ياقۇپبەگ» ، «بەدۆلەت» ، «ئەنجانلىق» ، «چەۋەن-
داز» ، «سەرۋاز» ، «سوپى» ، «مانجۇ» ، «چېرىك» دېگەندەك سۆز-
لەرنى ئابدالدىكى يېڭى يۇرت قۇرۇلۇشىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا

كورلا ، خوتەن تەرەپتىن بارغان تامچى ئۇستىلار ئاغزىدىن ئاڭلاپ قالغان ، ئەمما بۇ سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى سوراپ بېقىشنى ئويلاپمۇ قويمىغانىدى . مانا يەنە مەدىل ئاسقال ئاغزىدىن ئاڭلاپ ، بۇ سۆز-لەرنىڭ نېمىنى بىلدۈرىدىغانلىقىنى ئانچە - مۇنچە ئىلغا قىلغاندەك بولدىيۇ ، لېكىن يەنىلا تېگىگە يېتەلمىدى . ئۇنىڭغا هازىر يەرنى قانداق تېرىش ، تېرىغاننى قانداق يىغىۋېلىپ ، قانداق دان قىلىش ، ئۇنى قانداق ئاش قىلىشنى ئۆگىنىۋېلىش مۇهىم ئىدى .

تۆمۈر بىلەن ئۆردەك هېلىقىدەك سۆزلەرنى تۇنجى قېتىم ئاڭلاۋاتقان بولغاچقا ، «بىر سۆزنىمۇ ئاڭلىيالماي قالماي» دېگەندەك مەدىل ئاسقالنىڭ ئاغزىغىلا قاراپ قالغانىدى . بولۇپمۇ ئۆردەك پۈتۈن زېهنىنى يىغىپ دىققەت بىلەن ئاڭلىدى .

بىلىكىگە لۆڭگە ئېسىپ ، سول قولىدا ياغاچ جاۋۇر ، ئوڭ قولىدا ساپال ئىۋرىق كۆتۈرگەن بىر يىگىت كىرىپ كەلدى .

— قول چايقايلى ، — دېدى مەدىل ئاسقال قولى بىلەن ئوماقنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ .

هېلىقى يىگىت ئىۋرىقنى كۆتۈرۈپ بوۋاينىڭ ئالدىغا باردى . بوۋاي بارماقلىرىنى بارماقلىرى ئارىلىرىغا كىرىشتۈرۈپ قولىنى ئۈچ قېتىم تۇجۇپلەپ يۇدى ، يىگىتنىڭ بىلىكىدىن لۆڭگىنى ئېلىپ قولىنى ئوبدان سۈرتۈپ ، لۆڭگىنى يەنە يىگىتنىڭ بىلىكىگە ئارتىپ قويدى . بوۋاي بۇ هەرىكەتلەرنى ئوماقلارنىڭ دىققىتىنى تارتقۇدەك ، بەلكى ئۇلارنىڭ نەزىرىدە ئىلمان تۇيۇلىدىغان دەرىجىدە ئالدىرىماي ، ئەستايىدىل قىلدى .

يىگىت ئوماقنىڭ ، ئاندىن تۆمۈر ، ئۆردەكنىڭ ئالدىغا باردى . ئۇلار بوۋاينى دورىغاندەك هەرىكەتلەرنى قىلىپ قوللىرىنى يۇدى ، لۆڭگىگە سۈرتتى . يىگىت ئاخىرىدا قاسىم قارىنىڭ ئالدىغا باردى . قوللار يۇيۇلۇپ بولغاندىن كېيىن ، ئوتتۇرىغا داستىخان سېلىنىپ ، ئىككى مىس لېگەندە سېمىز قوۋۇرغا گۆش بېسىلغان پولۇ كەلتۈ-رۈلدى . قاسىم قارى ئالدى بىلەن ئوماقلارنىڭ ئالدىدىكى لېگەندە-كى گۆشنى نان ئۈستىگە قويۇپ توغراپ ئاشنىڭ ئۈستىگە قويدى ،

ئاندىن ئۆزلىرىنىڭ ئالدىدىكى گۆشنى توغرىدى .

مەدىل ئاسقال ئوماق ھەم ئۇنىڭ بالىلىرىغا قاراپ :

— قېنى مېھمانلار ، ئاشقا قول سۇنىلى ، — دېدى .

ئوماقلار ھور بىلەن بىللە گۇپۇلدەپ خۇش پۇراق چىقىپ تۇرغان ئاشقا قاراپ ئولتۇراتتى ، قاسىم قارى :

— قېنى ، دادا ، چوڭ بولغاندىكىن قول سېلىپ بېرىڭ ، — دېدى .

بوۋاي گۆشتىن بىر توغرام چۇشۇرۇپ ، ئاشتىن بىر كاپام ئالدى . قاسىم قارى ئوماقلارنى ئاشتىن ئېلىشقا تەكلىپ قىلدى . ئوماق بوۋاي قىلغاندەك گۆشتىن بىر پارچە چۇشۇرۇپ ئاشتىن ئالماقچى بولۇۋىدى ، ئاش قولىغا چىقماي داستىخانغا چېچىلىپ كەتتى . بوۋاينىڭ ئېسىگە بىر ئىش كېچىپ قالدى ، بېشىنى ئىرغىتىپ :

— ئاپلا ، بىر ئىشنى ئۇنتۇپلا قاپتىمەن ، قالاچ قاناقا لوپلۇقلارنىڭ تاماقنى قىزىق چېغىدا يېمەي ، سەل تۇرغۇزۇپ ، سوۋۇغاندىن كېيىن يەيدىغانلىقىنى ئېيتقان ، پەقەت ئۇنتۇپ كېتىپتىمەن . قاسىم قارى ، ھېلىقى ياغاچ لېگەن بىلەن قوشۇقتىن ئۇچنى ئەكىرىپ بەرسۇن ، — دېدى .

قاسىم قارى تاشقىرىقى ئۆيگە چىقىپ كېتىپ بىر ياغاچ لېگەن ، ئۇچ ياغاچ قوشۇق كۆتۈرۈپ كىردى ۋە بوۋاينىڭ ئېيتقىنىدەك قىلىپ ، پولۇ ئۇستىدىكى گۆشلەرنى بىر نانغا چۇشۇرۇۋېلىپ ، ئاشنى ياغاچ لېگەنگە تۆكتى ، ئاندىن نانىنى ئاش ئۇستىگە دۇم كۆمتۇرۇپ گۆشنى تۆكتى ، بىر توغرام گۆش پەسكە چۇشمىدى ، بۇ ھەرىكەت پەم بىلەن ئېلىپ بېرىلدى ، ئوماق ئوبدان كۆرۈۋالدى .

— بۇ لېگەننى ، — مەدىل بوۋاي ياغاچ لېگەننى كۆرسىتىپ ، — ئۇتتۇز يىلنىڭ ئالدىدا قالاچ قاناقا كەلگەندە ، قولۇڭلاردىكىدەك ئۇن قوشۇق بىلەن ئالغاچ كەلگەنىكەن ، ئەتىۋارلاپ ئىشلىتىمىز ، قېنى . ئاشمۇ سوۋۇغاندۇ ، يەڭلار ، — دېدى .

ئاش يېيىلىپ بولۇندى . قوللار سۇرتۇلۇپ ، لېگەن ئېلىپ
چىقىپ كېتىلگەندىن كېيىن ، بوۋاينىڭ ئىشارىسى بىلەن قاسىم
قارى ئىخلاس سۇرىسىنى قىرائەت قىلدى . قىرائەت ئۈچ قېتىم
تەكرارلانغان بولسىمۇ ، قارىنىڭ زۇۋانىدارلىقىدىن ھەر قېتىملىق
قىرائەت باشقا بىر زۇۋاندا ئېيتىلغاندەك تېخىمۇ يېقىملىق ، مۇڭ-
لۇق ، ئاجايىپ تەسىرلىك ئاڭلاندى . ئوماق شۇ تاپتا قاسىم قارى-
نىڭ قىرائىتى تومۇر - تومۇرلىرىغا ئېقىپ كىرىپ ، پۈتۈن ۋۇجۇ-
دى ئېرىپ كېتىۋاتقاندەك سېزىمدە ئىدى . قىرائەتتىن كېيىن يەنە
قولغا سۇ تارتىلدى . بۇ قېتىمقى قولغا سۇ ئېلىش مەدىل ئاسقالدىن
ئەمەس ، ئوماقتىن باشلاندى .

مەدىل ئاسقالنىڭ ئارقا ھويلىسىدا دېھقانچىلىق سايمانلىرىنىڭ
ھەممىسى تەل ئىدى . قاسىم قارى ھەربىر سايماننىڭ نېمىدەپ
ئاتىلىدىغانلىقى ، قانداق ئىشلىتىلىدىغانلىقى ھەم قانداق ياسىلىدى-
غانلىقىنى ئوماقلارغا تەپسىلىي سۆزلەپ بەردى .

— بۇلار ئىچىدە قول تۇتۇپ ئۆگىنىۋالمىسا بولمايدىغىنى
سوقا تۇتۇش ، — قاسىم قارى سوقىنى تۇتۇپ تۇرۇپ چۈشەندۈر-
دى ، — سوقىنى تۇتۇشنى بىلمىگەندە ، سوقا تاپتىن چىقىپ كې-
تىپ ، يەر ئالا قالىدۇ ، ئەڭ يامىنى سوقىغا قاتقان كالىنىڭ پۇتىنى
كېسىپ قويىدۇ . ئەتىگىچە سوقا تۇتۇشنى ئۆگىنىۋېلىڭلار . قالغى-
نىنى قانداق ئىشلىتىلىدىغانلىقىنى ئېتىزلاردا تۇتۇۋالساڭلارلا بو-
لىدۇ ، — دېدى .

ئۇلار ھەممە نەرسىنى ئوبدان كۆرۈۋالدى ، بولۇپمۇ ئۆردەك
بەزى نەرسىنى ئۆرۈپ - چۆرۈپ ئىنچىكىلەپ كۆرۈۋالدى ،
ئۇزۇن - قىسقىلىقىنى غېرىچلاپمۇ ۋالدى . بۇ سايمانلاردىن پەقەت
بىرىنىلا ئۇلار ياسىيالمايتتى . ئۆردەك ئاتىسىغا :

— بىر سوقا بىلەن سوقا چىشىدىن بىرنەچچىنى سېتىۋالساق ،
قالغانلىرى ياغاچتىن بولىدىكەن ، ئۆزىمىزمۇ ياسىۋالالىغۇ-
دەكمىز ، — دېدى .

— ۋوي ، ماۋۇ بالىڭىزنىڭ ئەقلى باركەن جۇمۇ ، — دېدى

قاسىم قارى ئۆردەكنىڭ بېشىنى سىلاپ تۇرۇپ .

ئوماقلارنىڭ تەلپى بويىچە ئەتىسى ئۇلار سوقا چىشىدىن ئۇچىنى ، سوقىدىن بىرنى ، تاش چوقۇيدىغان پولات ئىسكىنىدىن بەشنى تەييارلاپ قويدى . بۇ نەرسىلەرنى مەدىل ئاسقال : «سىلەرگە مېنىڭ يوللۇق سوۋغام بولسۇن» دەپ بەردى . يۇڭ ، تېرە بىلەن كالا ، قويلىرىنى مۆرىتىنى تېپىپ پۇل قىلىپ قويىدىغانلىقىنى ئېيتتى . ئوماقلار ئۇچ ئاتقا مىنىپ ، بىر ئاتقا نەرسىلەرنى ئارتىپ ـ تېڭىپ يولغا چىقتى . قاسىم قارى بىلەن بالىسى ئۇلارنى قاراسۇدىنمۇ ئۆتكۈزۈپ ، شىنىغىچە ئاپىرىپ يولغا سېلىپ قويدى .

# سەككىزىنچى باب

# ئوماقنىڭ تاختىسى

*بۇ يەردە ھەربىر مەھەللە ، ھەربىر كەپىنىڭ ، ھەر-*
*بىر ئېقىن ، ھەربىر قۇم دۆۋىسى ۋە ئۇزاق ياشاپ قۇرۇ-*
*غان ھەربىر توغراقنىڭمۇ ئاجايىپ كەچمىشى ، رىۋايىتى*
*بار .*

— خاتىرەمدىن . ئا .

## 1

باش كۈز . ئوماقلار ئائىلىسى چارىغا كۆچۈپ كەلگەندىن كې-
يىنكى بىرىنچى قېتىملىق دېھقانچىلىقنىڭ تۇنجى ھوسۇلىنى تەل-
تۆكۈس يىغىپ ، ئۇنىڭ ھوزۇرىنى سۈرمەكتە . گويا سۇسىز
دەشت - جەزىرىدە ئۇزۇن يول يۈرۈپ چاڭقاقلىقتىن ھالى ۋاي
بولغاندا ، زۇمرەت بۇلاققا ئۇلاشقان ئادەمدە بولىدىغان خۇشاللىق-
تەك ، ھاياتنىڭ يېڭىچە ياشاش لەززىتىدە ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدى ياش-
ناپ ، كۆڭۈللىرى شادلانماقتا . قىرقىپ قويغاندەك تەكشى بوي
سوزغان ياپيېشىل مايسىلارنىڭ لەرزان ئەسكەن شامالدا يېنىك
چايقىلىشلىرىنى كۆرۈپ ، ئۇلار چەكسىز خۇشاللىق ۋە ئىپتىخار-
لىققا چۆمۈلگەنىدى . ئالتۇن باشاقلارنىڭ لىپىنۇر قوشاقلىرىنىڭ
رىتىمىدەك يەڭگىل دولقۇنى ئۇلارنىڭ قانلىرىنى ئۇرغۇتۇپ ، ئۆز-
لىرىنى شادلىق ئالىمىدە پەرۋاز قىلدۇردى .

تولۇق دانلىق باشاقلار ئورغاق كۆتۈپ تۇرغان كۈنلەردە، ئۆردەك باشاقلارنى ئاتىسىغا كۆرسىتىپ تۇرۇپ:

— بۇغداي دانلىرى مۇشۇنىڭ ئىچىدىما؟ — دەپ سورىدى.

ئوماق ئۆردەككە جاۋاب بېرىپ بولغۇچە، تۇمۇر:

— بۇغدايىنىڭمۇ ئۆچكىنىڭكىدەك ساقىلى بولىدىكەن ـ ھە، — دېدى.

ئۆردەك ئاكىسىنىڭ گېپىگە قىزىقچىلىق قىلىپ:

— ئۆچكىنىڭ ساقىلى يەرگە قاراپ چىقسا، بۇغداينىڭ ساقىلى ئاسمانغا قاراپ ئۆسىدىكەن، — دېدى.

بۇ گەپكە ھەممىسى كۈلۈپ كېتىشكەندى.

بۇغدايلار پىشىپ ئورۇيدىغان ۋاقىت بولۇپ قالدى. ئورما بۇلارغا يېڭىلىق ئەمەس. بۇلار يىلدا ئىككى قېتىم — 7 ـ ئايدا بىر، 10 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا بىر ئورما ئورۇيدۇ، لېكىن بۇغداي ئورمىسى بىلەن ئوت ئورمىسى ئوخشىمايتتى، ئوتنى باسىق[1] قىلىپ قويسىلا بولىدۇ. ئوماقلار بۇغداي ئورمىسىغا چۈشىدىغان كۈنلىرى ئالىباي ئاقساقال بىلەن ئەزىمباقىلار كېلىپ يېرىم كۈن ئورۇشۇپ بەردى. ئوماق بۇرۇن بۇغداي ئورۇپ باققاچقا، تېزلا ئۆگىنىۋالدى. توختاقمۇ بىر كۈن ھەپىلىشىپ بۇغداي ئورۇشنى ئۆگەندى. ئايقۇت، ئايسۇلۇ، تۇمۇرلەر چېچىلغان باشاقلارنى تەرگەچ باغ باغلىدى، ئۆردەك ئۇچىگە باغلىق تەييارلاپ، باغلىق قويۇپ بەردى. ھەممىسىنىڭ بېلى ئاغرىدى، بولۇپمۇ ئوماق بىلەن توختاق بەزى كۈنلىرى بېلىنى ئالالمايلا قالدى... بۇنداق چاغدا ئورمىلىقنى چاڭ كەلتۈرۈپ ياغرىغان ئايقۇت بىلەن ئايسۇلۇنىڭ قوشىقى، ئۇلارنىڭ بەل ئاغرىقىنى ساقايتىپ، روھىنى كۆتۈرۈۋېتەتتى...

مانا، ئۇلار ھازىر شۇ تۇنجى قېتىملىق جاپالىق ئەمگەكنىڭ شېرىن لەززىتىنى تېتىپ ھۇزۇرلانماقتا. ئايقۇت، ئايسۇلۇلارنىڭ يارغۇنچاقتا تەييارلىغان بۇغداي، قوناق يارمىسىدا ئەتكەن قازان

---

[1] باسىق ئوت ـ چۆپلەرنى ئورۇپ ياتقۇزۇپلا قويۇش.

قوتۇرمىچى ، قۇم كۆمەچ ، چوغ كۆمەچ نانلارنى پىشۇرۇپ يېگەنلىكىدىن ئۇلار ئىنتايىن خۇشال ئىدى . ئوماق بىلەن ئايقۇت بۇنداق نانلارنى كۆپ يىللار ئىلگىرى چارىدىن كۆچۈپ كەتمەستە يېگەن بولسىمۇ ، شۇنىڭدىن كېيىن ئۆز قولىدا پىشۇرۇپ يەپ باقمىغانىدى .

نەچچە ئاينىڭ ئالدىدا ، ئوماق كورلىدىن ئېلىپ كەلگەن گۈرۈچنى تاماق قىلىپ يېگەن چاغدىكى بىر قىزىق ئىش ئۇلارنىڭ ئېسىدىن زادى چىقمايدۇ . ئايقۇتنىڭ گۈرۈچ تامىقى تۇگۇل گۈرۈچنىمۇ تۇنجى كۆرۈشى ئىدى . ئۇلار گۈرۈچ تامىقى ئېتىپ يەيمىز دەپ ئالايىتەن بىر قوي سويۇشتى . ئوماق مەدىل ئاسقالدىن ئاڭلىۋالغىنى بويىچە : «ئالدى بىلەن گۈرۈچنى پاكىز يۇيۇپ سۇغا چىلاپ قويىسىلەر ، گۆشنى چوڭ - چوڭ ماشاپ ياغدا قورۇيسىلەر ، ئاندىن گۈرۈچنى سېلىپ ئوبدان قاينىتىۋېتىپ ھورى چىقمىغۇدەك قىلىپ چىڭ دۈملەيسىلەر . ئالدىڭلاردىن قىرىق تۆگە ئۆتكەنچىلىك ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن ، ئاشنى ئۇسساڭلار بولىدۇ» دەپ گۈرۈچ تامىقىنى قانداق ئېتىشنى ئۆگىتىپ قويىدى . چوڭ - كىچىك ئالتە ئادەمگە قانچىلىك گۈرۈچ سالسا بولىدىغانلىقىدىن تارتىپ دەپ بەردى . ئايقۇت بىلەن ئايسۇلۇ بىر تالاي گۆش بىلەن ئۈچ چۆچەك گۈرۈچنىڭ چۆكۈپ قاينىشىغا خېلى ياغ كېتىدىغانلىقىنى پەرەز قىلىپ ، بىر قوينىڭ قۇيرۇقى بىلەن ئىچ يېغىنىڭ ھەممىسىنى توغراپ كۆيدۈرۈپ ، يېرىم قازان ياغقا ئالدىدا گۆشنى سېلىپ قورۇدى ، كەينىدىن گۈرۈچنى سېلىپ بىرنەچچە قايناتقاندىن كېيىن دۈملىۋەتتى ، ئاندىن ئايسۇلۇ ئايقۇتنىڭ ئالدىدىن تۆگە ماڭدىمىدا مېڭىپ ئۇيانغا بىر ، بۇيانغا بىر مېڭىشقا باشلىدى . بۇنى ئايقۇت ساناپ تۇردى . «تۆگە» قىرىق قېتىم ئەمەس ، يىگىرمە قېتىممۇ ئۆتمەي تۇرۇپ قازاندىن غەلىتە پۇراق چىقىشقا باشلىدى . بۇنىڭ نېمە پۇراقلىقىنى ئايقۇتمۇ ، ئايسۇلۇمۇ ئۇقالمىدى . قازاننى ئېچىپ كۆرەيلى دېسە ، تېخى قىرىق «تۆگە» ئۆتۈپ بولمىدى . ئۇلار نېمە قىلارىنى بىلمەي تۇرغاندا ، ئوماق ئۈچ بالىسىنى باشلاپ

تاماققا كەلدى. ئۇلارنىڭ بۇرنىغىمۇ گۇپپىدە بىر خىل پۇراق
ئۇرۇلدى. ئۇچاقتا گۇرۇلدەپ ئوت كۆيۈۋاتاتتى.

— ۋوي، ئوتنى ئۆچۈرۈۋەتمىدىڭلارما؟

— ئوتنى ئۆچۈرەمتۇق، سىز ئۇنداق دېمىگەنغۇ؟ — ئايسۇلۇ
بىرىپلا ئوتنىڭ ھەممىسىنى تارتىۋېتىپ، ئۈستىگە بىر كاسا سۇ
تۆكۈۋەتتى. «پاخ» قىلىپ چوغ بىلەن قوغدىن كۈل توزۇدى،
گۇپپىدە كۈل ھىدى تارقىدى.

دەل مۇشۇ ۋاقىتتا، ھويلىغا ئالىباي ئاقساقال كىرىپ
كەلدى.

— ۋوي، نېمە پۇراق بۇ؟ — ئالىباي ئاقساقال ئېغىز-
بۇرنىنى ئېتىۋالدى.

— ماۋۇلىنى گۇرۇچ تامىقى ئېتىڭلار دەپ قويۇپ چىقىپ
كەتسەم، ئوتنى تارتىۋەتمەي گۆش بىلەن گۇرۇچنى كۆيدۈرۈپ
قويغان ئوخشايدۇ، — دېدى ئوماق.

ئايقۇت قازاننى ئاچتى. گۆش ئۆز يېغىدا قورۇلۇۋېرىپ جى-
گىردەك رەڭگىگە كىرىپ قالغان، جىگىردەكلەر بولسا كۆيۈپ
قاپقارا بولۇپ قالغانىدى. گۇرۇچمۇ ياغدا قايناۋېرىپ رەڭگىدىن
كېتىپ، جىگىردەك رەڭگىدىن ئۆتە قارامتۇل رەڭگە كىرىپ قالغا-
نىدى. ئالىباي ئاقساقال ئاشتىن بىر قوشۇق ئېلىپ چايناپ بېقىپ
كۈلۈپ كەتتى. گۇرۇچ ياغدا قايناۋېرىپ چىش ئۆتمەيدىغانلا بىر
نەرسە بولۇپ قالغانىدى.

ئالىباي ئاقساقال ئايقۇتقا قاراپ:

— سىلەر گۇرۇچ تامىقى ئەمەس، گۇرۇچ كاۋىپى قىپسىلەر.
سۇ قۇيماي ياغدىلا پىشۇردۇڭلارما؟ — دەپ سورىدى.

— سۇ قۇيامتۇق؟! — ئوماق مەدىل ئاسقالنىڭ: «قورۇپ
بولۇپ سۇ قۇيۇپ قاينىتىپ، ئاندىن گۇرۇچنى سېلىپ يەنە قاين-
تىسىلەر...» دېگەندەك قىلغىنىنى ئېسىگە كەلتۈردى. ئەمما ئۆز-
نىڭ ئۇنداق دېمەي، تاماق ئەتتۇق دەپ جاھاندا يوق، يېگىلىمۇ
بولمايدىغان ئەمەسلا بىر نەرسە ئەتكەنلىكىدىن ئۇمۇ، باشقىلارمۇ

ئاجايىپ بىر قىزىقچىلىق كۆرگەندەك كۈلۈپ كېتىشتى ، كۈلگەندە- مۇ ئاۋازلىرىنى قويۇپ بېرىشىپ بىرھازا كۈلۈشتى . ئۇلارنىڭ كۈلكىسى شۇ ھامان پۈتۈن چارىغا تاراپ ھەممە ئۆيلەردە ئەكس سادا بېرىپ كۈلكە قوزغىدى ، ئاڭلىغانلىكى كىشى كۈلدى . يېڭى قوشاقىا يېڭى باھانە ئىزدەپ يۈرۈيدىغانلار تېخى شۇ ھامان ئۇ ھەقتە قوشاقمۇ توقۇپ چىقتى :

ئايغۇت تاماق ئېتىپتۇ ،
سۇ ئورنىغا ياغ قۇيۇپ .
گۆشنى بوپتۇ جىگىردەك ،
گۈرۈچ كۆيۈپ قورۇلۇپ...
بىر چىشلەم گۆش يېمەپتۇ ،
شۇنچە يوغان قوي سويۇپ .

ئوماقلار مەسلىھەتلىشىپ ئۆزلىرىنىڭ تۇنجى دېھقانچىلىقىنىڭ مېۋىسى بولغان بۇغداي ، قوناق يارمىسىدا بىرنەچچە قازان قوتۇر- مىچى ، قوم كۆمەچ ، چوغ كۆمەچ پىشۇرۇپ تەييارلىدى . بىر خالتىدىن بۇغداي ، قوناق يارمىسى ، بۇغداي ، قوناقنىڭ ئۆزىدىن بىر خالتىدىن ئېلىپ تايۇق ، ئۇلاغخانلارنى ، نەۋرىسىنى يوقلاپ كەلمەكچى بولۇشتى . ئەتە يولغا چىقىمىز دەپ ئاتلىرىنى ئوتلاقتىن ئەكېلىپ تاقشۇرۇپ قويدى . كەچكە يېقىن ئالىباي ئاقساقال ، مەھەللىنىڭ قېرىلىرىدىن بولۇپ بەش - ئالتە كىشى پاراڭلىشىپ ئولتۇراتتى ، بىر بالا كىرىپ :

— ئوماق ئاغا ، سىزنى كورلىدىن كەلگەن بىر كىشى ئىزدەي- دىكەن ، — دېدى .

ئوماق سىرتقا چىقتى . ھويلىنىڭ شاخشا ئىشىكى ئالدىدا ئات- نىڭ تىزگىنىنى تۇتۇپ قاسىم قارى تۇراتتى . يېنىدا يۈكلۈك بەش ئېشەكمۇ بار ئىدى . ئوماق ئىتتىك قاسىم قارىنىڭ ئالدىغا باردى . ئىككىسى قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى .

— تۆمۈر ! — ئۇماق ئۆيگە قاراپ توۋلىدى .
ئۆيدىن تۆمۈر بىلەن ئۆردەك چىقتى .
— ۋوي ، قاسىم قارى ئاغام كېتىپتۇغۇ ! — ئۇ ئىككىسىمۇ كېلىپ قاسىم قارى بىلەن كۆرۈشتى .
ئۇماق ئىككى ئوغلىغا تاپىلاپ :
— ئاتنى لاشىڭغا باغلاپ قويۇپ ، ئېشەكتىكى يۈكلەرنى چۈشۈرۈپ ھويلىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇڭلار ، — دەپ قويۇپ ، قاسىم قارىنى باشلاپ ئۆيگە ئەكىرىپ كەتتى .
ئۇلار ئۆيگە كىرگەندە ، ئۆيدىكىلەر ئورنىدىن تۇرۇشۇپ مېھمانغا ھۆرمەت بىلدۈرۈشتى ۋە ئالىباي ئاقساقال بىلەن يەنە بىر چوڭ ياشلىق كىشىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن ئورۇن بىكارلاپ قاسىم قارىنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى .
قاسىم قارى ئىسمى - جىسمىغا ، خېلى - خېلى تۆرگە تەكلىپ قىلىشقا لايىق سالاپەتلىك بولۇپ ، بېشىغا قارا مەخمەلدە تاشلىغان ئوتتۇرا ھال گىرۋەكلىك كەمچەت تۇماق ، ئۇچىسىغا گۆش رەڭگە مايىل قارامتۇل چەكمەن پەشمەت كىيىپ ، ئۇستىدىن تۇم قارا چەكمەن بەلۋاغ باغلاپ ، قارا چەكمەن ئىشتان ، پۇتىغا مەسە - كالاچ كىيگەنىدى . قاسىم قارى كالاچنى سېلىۋېتىپ ، مەسىسىنى يەرگە بىرنەچچىنى قاتتىق تېپىپ توپىنى قېقىۋېتىپ سۇپىغا چىقىپ ، ئۆزئارا تەكەللۇپ قىلىشقاندىن كېيىن بوش ئورۇنغا كېلىپ ئولتۇردى . مەسىسىنى بوگۇن ئەتىگەن يا ئاخشام قارىگۇل بىلەن پەردازلىغانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى . چىرايلىق ياسىتىلغان ساقال - بۇرۇتى قاسىم قارىغا باشقىچە ئىسكەت كىرگۈزۈپ تۇراتتى . قاسىم قارى تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ بولۇپ ، ئىككى پېشىنى ئىككى تىزى ئۇستىدىن قايرىپ بېسىپ قويدى . ئىككى ئالقىنىنى تىزلىرى ئۇستىگە قويۇپ تۇرۇپ گېلىنى بوشقىنا قىرىپ قويغاندىن كېيىن قىرائەتكە ئېغىز ئاچتى . «بىسمىللا··· » دىن كېيىن ، «پاتىھە» سۈرىسىنى ئوقۇدى ، ئارقىدىن ئۇلاپ «ئىخلاس» سۈرىسىنى ئۈچ قېتىم تەكرارلاپ ئوقۇپ خەتمىقۇرئاننى ئاخىرلاش-

تۆرۈپ «خوش» دەپ ئىككى يانغا قاراپ قويۇپ ئولتۇرۇۋەردى.
ئالىباي ئاقساقالمۇ، باشقىلارمۇ بىر مېھمانغا، يەنە «قانداق ئىش بۇ؟» دېگەندەك بىر - بىرىگە قارىشىپ ئولتۇرۇپ كېتىشتى.
ئوماق دەرھال ئەقلىنى تاپتى - دە:
— قېنى ئاقساقال، چوڭ بولغاندىكىن دۇئاغا قول كۆتۈرۈپ بەر، — دېدى.
ئوماق قىرائەت قىلغان ئادەم دۇئا باشلىماي، ئولتۇرغانلار ئىچىدە ياشتا ھەم ھۆرمەتتە چوڭراق ئادەمنىڭ دۇئا باشلاپ بېرىدىغانلىقىنى مەدىل ئاسقالنىڭ ئۆيىدە ھەم ئۇلارنىڭ قوشنىلىرىنىڭ چاقىرىقىدا كۆرۈپ: «ھە، ئەسلىدە مۇنداق قىلىدىغان ئىشكەن» دەپ ئويلىغانىدى. ئۇنىڭ ئالدىدا كورلىدىن كەلگەن سېتىقچى، ئوقەتچىلەر بىرەرسىنىڭ ئۆيىگە كىرىپ قالغاندا قىرائەت قىلىپ قالسا، ئۆزلىرىلا: «ئامىن» دەپ دۇئا باشلاپ كەتكەنىدى. ئۆزىنى «قارى» دەۋالغان قاسىم ئوغرىمۇ ئوماقنىڭ ئۆيىدە شۇنداق قىلغانىدى.
ئالىباي ئاقساقال ئوماقنىڭ گېپى بىلەن مەگدەپ قالغاندەك بولۇپ، يېنىدىكىلەرگىمۇ تەكەللۇپ قىلىپ قويماي دۇئا باشلاپ قول كۆتۈردى. باشقىلار: «ئامىن» دەپ ئەگىشىپ قول كۆتۈردى. دۇئا تۈگىگەندىن كېيىن، ئوماق قاسىم قارىنى ئولتۇرغانلارغا تونۇشتۇردى.
ئالىباي ئاقساقال ئوماققا قاراپ:
— سىلەر قالاچ قاناقانىڭ ۋاستىسى بىلەن تونۇشۇپتىكەنسىلەر، ھە، بىز مانا مۇشۇ ياشقىچە كۆنچىنىڭ نېرىسىغا ئۆتۈپ باقمىدۇق، — دېدى.
قاسىم قارى ئوچۇق، چىقىشقاق بولغاچقا، ئۆيدىكىلەر قىزغىن پاراڭ قىلىشىپ، تونۇشقىلى ئۈزۈن بولغان ئۇلپەتلەردەك ئۆزلىشىپلا كەتتى. ئالىباي ئاقساقال قاسىم قارىدىن:
— ئاڭلىساق كورلىدا ھازىر ئېگىز - پەسچىلىك دەيدۇ. بۇ گەپلەر راستمۇ؟ — دەپ سورىدى.

بۇنداق گەپنى كورلىدىن كەلگەن ئوقەتچىلەر كۆتۈرۈپ كېلەتتى .

— ئانچىمۇ ئەمەس ، يۇرت بولغانكىن ئۆرتتۆپىلىك بولۇپ تۇرىدىغان ئىشكەن ، — دەپلا ئارتۇقچە گەپ قىلمىدى .

بېشىدىن جىق ئىسسىق ـ سوغۇقنى ، چايقىلىش ، چېقىلىشلارنى ئۆتكۈزگەن مەدىل ئاسقال قاسىم قارىغا گەپ ـ سۆزدە ئېھتىياتچان بولۇشنى كۆپ تاپىلىغانىدى .

— ئاتام بىتاب بولۇپ قېلىپ ، كۈندىن ـ كۈنگە ئاجىزلاپ كېتىۋاتىدۇ . «كۆزۈمنىڭ يورۇقىدا كىشىنىڭ ئامانىتىنى قولىغا تەگكۈزۈۋېتەيلى» دەپ يۈك ـ تىرىلەرنى بىر ئامالاپ قولدىن چىقاردۇق ، قوي ، كالىلارنى ساتتۇق . پۇلنى پۇل پېتى ئەكېلەيلى دېسەك ، زامان تۇراقلىق بولمايۋاتىدۇ . ئۇ ھۆكۈمەتنىڭ پۇلى بۇ ھۆكۈمەتتە ئۆتمەيدۇ . شۇڭا پۇلنىڭ بىر قىسمىغا ياراق قېچىردىن بىرنى سېتىۋالدۇق ، يەنە بىر قىسىم پۇلغا ھەر خىل رەخت ھەم ئۇن ، گۈرۈچ ۋە قۇرۇق مېۋە - قاق ، چىلان ئېلىپ كەلدىم ، — دېدى قاسىم قارى . مېھمانلار چىقىپ كەتكەندىن كېيىن .

ئوماق كورلىغا بارغان چېغىدا ئايقۇت بىلەن ئايسۇلۇغا بىردىن ئەتلەس كۆڭلەك ئالغاچ كەلگەنىدى . ئايقۇت بىلەن ئايسۇلۇ كۆڭلەكنى كىيىپ چىقىۋىدى ، چارىلىق ئايالالار كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ قاراپ قالغانىدى . بىرى «ۋىيەي» دەپ بۇ يېرىنى تۇتسا ، يەنە بىرى كېلىپ ئۇ يېرىنى تۇتاتتى . ئەتلەس كۆڭلەكنى كىيىپ ئايقۇت بىلەن ئايسۇلۇ گويا ئەتلەسكە ئورالغان ئاينىڭ ئۆزى بولغانىدى .

قاسىم قارى ئوماقنىڭ پۇلغا بەش كىيىملىك ئەتلەس ، يەنە بىر تالاي چەكمەن ، شايى ، شاتىۋار ، سەرگەز ئېلىپ كەلگەنىدى . بۇ ماللارنىڭ ناھايىتى ياخشى ۋاقىتتا كەلگىنىدىن ئايقۇت بىلەن ئايسۇلۇ قەۋەت خوش بولۇپ كەتتى .

قاسىم قارىنىڭ قىرائىتى ئالىباي ئاقساقال ھەم سورۇندىكى

قىرىلارغا بۆلەكچە تەسىر قىلىپ كەتكەندى . قىرائەتتىكى سۆز-لەرنىڭ مەنىسىنى بىلمىسىمۇ ، قىرائەتنىڭ ئۆزىلا خۇددى بىر تىل-سىم ئىقىندەك ئۇلارنىڭ تومۇر - تومۇرلىرىغا ئىقىپ كىرىپ ، تەن - تېنىگە شۇررىدە سىڭىپ كەتكەن . ئۇلار كىشى دىلىنى ئېرىتىدىغان بۇنداق زۇۋانلىق قىرائەتنى ئاڭلاپ باقمىغانىدى .

ئالىباي ئاقساقال باشلىق قىرىلار ئۆيدىن چىقىپ كېتىۋاتقاندا بىرەيلەن :

— قالتىس موللا قارىكەن ، ئەتە بىزنىڭ ئۆيگە چاقىر-ساق ، — دېدى .

ئالدى بىلەن مەن چاقىراي ، ئەتە چۈش مەھەلدە قاسىم قارىنى بىزنىڭ ئۆيگە باشلاپ چىق ، ئاقساقال قىرىلارغا قاراپ ، — سىلەرمۇ كىرىڭلار ، — دېدى .

ئوماق ئالىباي ئاقساقالغا :

— بۇ تەكلىپىڭنى ئۆز ئاغزىڭ بىلەن قاسىم قارىنىڭ ئۆزىگە دە ، بۇ بىر قائىدە ئىكەن ، — دېدى .

— مانداق دېگىن ، بۇنداق ئىنچىكە تەرەپنى بىلمەيدى-كەنمىز ، — ئالىباي ئاقساقال قورداشلىرىغا قاراپ دېدى ، — سىلەر مېڭىپ تۇرۇڭلار ، مەن كىرىپ تەكلىپ قىلىپ قويۇپ چىقاي .

— چۈشكە تۇرالمايمەن ، ئالدىرايمەن ، ئاتامنىڭ ھالى بەك بوش . ئاتام : «قالاچ قاناقانىڭ تۇپرىقىغا چىقىپ خەتمقۇرئان قى-لىپ قوي » دېگەن ، يىراق ئىكەن ، ئۇ يەرگىمۇ بارالمىغۇدەكمەن . ئوماقلارنىڭ ئامانىتىنى ئۆز قولىغا تاپشۇرۇۋېتىشنى دېمىسەم ، ئاتامنىڭ ھازىرقى ھالىدىن ھەرگىز بۇ يەرگە كېلەلمەيتتىم . ئەپۇ قىلىڭلار ، مەن ئەتە سەھەر يولغا چىقىپ كەتمىسەم بولماي-دۇ ، — دەپ ، قاسىم قارى ئەتە ئەتىگەندىلا كېتىشتە چىڭ تۇرۇۋالدى .

— ئۇنداق بولسا ، — دېدى ئوماق ، — قاسىم قارى بىزنىڭ ئۆيدە تۇزۇك بىر ۋاخ تاماق يېمىدى . مەن ھازىرلا مەھەللىدىكى قىرىلارغا خەۋەر قىلاي ، بىزنىڭكىدە بولايلى .

— چاقىرىدىغان ئادەملىرىڭگە ئۆزۈڭ خەۋەر قىلىۋەت ، مەن

ئۆيگە چىقىپ كىرەي ، — ئالىباي ئاقساقال شۇنداق دەپلا ئىتتىك كېتىپ قالدى .

ئوماق چاقىرىدىغان ئادەملەرنى تۆمۈرگە تاپىلاپ قويۇپ ، توختاقنى چوڭ قويدىن بىرنى تۇتۇپ كېلىشكە ماڭدۇردى .

توختاق ئاتنىڭ ئالدىغا قويدىن بىرنى ئارتىپ ئۆينىڭ ئالدىغا كېلىشىگە ، ئالىباي ئاقساقالمۇ ئۆزى بىر ئاتقا مىنىپ ، بىر ئېشەككە بىر تاغار بىرنىمىنى ئارتىپ كەلدى - دە ، ئوماققا :

— يېڭى بېلىق ، مانجاغا چۈشۈپ قاپتىكەن . ھەممىنى ئەكەلدىم ... يېيىشىمىزچە يەيلى ، قالغىنىنى قاسىم قارى ئالغاچ كەتسۇن ، — دېدى .

## 2

قاسىم قارى كىشىلەرنىڭ يېرىم كۈن بولسىمۇ تۇرغان بولسىڭىز دەپ شۇنچە تۇتقىنىغا قارىماي ئاتىسىغا تارتىشىپ ، دېگەن قەرەلىدە — بامدات نامازنى ئوقۇپ بولۇپلا يولغا تەرەددۇتلاندى . ئالىباي ئاقساقال ئاخشاملا يېرىم تاغار بېلىقنىڭ ئىچ - قارنىنى ئېلىپ تازىلىتىپ ، بىرقۇر تۇزلاپ تەييار قىلغۇزۇپ قويغانىدى ، ئەتىگەندە ئۆزى كېلىپ بۇ بېلىقلارنى قارىغا يوللۇق تۇتتى . ئوماقمۇ ئاخشام بىر قوينى ئۆلتۈرۈپ قويغانىدى ، ئۇ ئۇنى يوللۇق تۇتتى . قاسىم قارى بۇ نەرسىلەرنى ئالغىلى ئۇنىماي بەك تەستە قوبۇل قىلدى . توختاق بىلەن تۆمۈر قاسىم قارىنى تېيىز كۆلدىن ئۆتكۈزۈۋېتىپ كېلىش ئۈچۈن بىللە ماڭدى .

«يوقىنىڭ غېمىنى خۇدا قىلىدۇ» دېگەندەك ، ئايقۇت بىلەن ئايسۇلۇ ئەتلەس كۆڭلەكلىرىنى ئابدالغا كىيىپ بېرىش ، كىيىپ بارماسلىقتا ئىككى خىيال بولۇپ قالغانىدى . «ئالغاچ بېرىپ كىيسەك ئۈجۈلخان ، ئۆلامخان ، زۇمرەتلەر ئەجەب بىزگىمۇ ئېلىپ كەلمەپتۇ ، دەپ قالارمۇ» دەپ ئويلايتتى ، كىيىپ بارماسلىققىمۇ كۆڭلى ئۇنىمايتتى . «بىزگە ئالغاندىكىن ، ئۇلارغىمۇ ئالغان بول-

سىچۇ ، ھە » دېيىشىپ كەتكەنىدى . مۇشۇنداق خىجالەتچىلىكتە
تۇرغاندا قاسىم قارىنىڭ بەش كۆڭلەكلىك ئەتلەس ئالغاچ كەلگەنلى-
كىنى كۆرۈپ ، ئايقۇت بىلەن ئايسۇلۇنىڭ گۇلقەقەلىرى ئېچىلىپ
كەتتى . تەق قىلىپ قويغان سوۋغا - سالامىلىرىنىڭ ئۇستىگە قاسىم
قارى ئېلىپ كەلگەن ئۇن ، گۇرۇچتىن بىر خالتىدىن ، بەش كۆڭ-
لەكلىك ئەتلەس ، يەنە باشقا سوۋغاتلىقلارنى ئېلىپ يولغا چىقىش-
تى . مال - چارۋىلارنى قوشنىلىرىغا قاراپ قويارسىلەر دەپ قو-
يۇپ ، ئۆيىنىڭ ئىشىكىنى كەندىر تالاسى بىلەن چىگىپ قويدى .
بۇ ئۇلارنىڭ ئۆيىگە قۇلۇپ سالغىنى .

ئوماق ، ئايقۇت ، توختاق ، ئايسۇلۇلار ئاتقا ، تۆمۈر قاسىم
قارى ئېلىپ كەلگەن قېچىرغا ، ئۆردەك كۇنچىقىقانبەگ بەرگەن
قېچىر بويلۇق ئېشەككە مىندى . سوۋغا - سالامىلىق نەرسىلەرنى
قوشنىلاردىن ئارىيەت ئالغان ئىككى ئاتقا ئارتتى ، يولنى تېزرەك
مېڭىشنى مەقسەت قىلىپ بۇ سەپىرىدە كالا ئالمىدى . ئىتتىك
ماڭسا چارىدىن ئابدالغا ئاتلىق ئۇچ كۇن ، ئادەتتىكىدەك ماڭسا
تولۇق تۆت كۇن كېتەتتى . گاھىدا دەريا ياقىلاپ ياكى ئوتلاق
ئىچى ، توغراقلىقلار بىلەن مېڭىلسا ، گاھىدا قۇملۇق ئىچىدە مې-
ڭىشقا توغرا كېلەتتى .

ئوماقلار كۇزلەك ، تىكەنلىكتىن ئۆتتى . تىكەنلىكنىڭ يېرى
مۇنبەت ، ئوتلىقى كەڭ بولۇپ ، دەريا يۇزىدىن ئېگىزرەك بولغاچقا
زەيلىشىش ، تاشقىن سۇ بېسىش خەۋپى ئاز ئىدى . ئەتراپىدىكى
مەھەللىلەردە ئۆيلەر خېلى قويۇق ، ئادەملەر ئاۋۇنراق ئىدى . تى-
كەنلىكتىن ئۆتۈپ يېڭىسۇغا يېقىنلاشقاندا ئارغان دەرياسىنى
ياقىلاپ مېڭىشقا توغرا كەلدى . ئات - ئۇلاغلارنى سوۋۇتۇپ ،
ھاردۇقىنى چىقارغاچ ئازراق ئوتلىتىۋالماقچى بولۇپ ، بىر شاخاپچە
بويىغا كېلىپ توختىدى . يۇك - تاقلارنى چۇشۇرۇپ ، ئېغىزدۇ-
رۇقنى چىقىرىۋېتىپ ، ھەممە ئات - ئۇلاغنى چۇشەپ قويۇپ بەر-
دى . ئايقۇت بىلەن ئايسۇلۇ ئابدۇشنى ئېسىپ سۇ قايناتتى . قايناق
سۇغا بەش قوشۇقتەك ئۇجۇل تالقىنى سېلىپ چەلگىتىپ بولغاذ-

ـدىن كېيىن ، بېلىق يېغىدىن ئازراق سېلىپ ، بوش بىر قاينىتىۋېـ
تىپ ، ئابدۇشنى ئوتتىن ئېلىپ باشقا يەرگە قويۇپ قويدى . ئۇجۇل ئۇمىچى سەل سوۋۇغاندىن كېيىن چۆچەكلىرىگە ئۇسۇپ ئىچىشكە تەمشىلىپ تۇرغاندا ، دەريانىڭ يۇقىرى تەرىپىدىن قىرغاق بويلاپ كىچىك بىر چاپما كېمە تاياپ بىر قېرى ئادەم كېلىپ قالدى . ئۇ ئادەم نېمىشقىدۇر پالاقنى سول قولىدىلا تايايتتى ، ئوڭ قولى ساڭگىلاپ تۇراتتى . ئوماقلارنىڭ ئۇدۇلىغا كەلگەندە كېمىنى شاخاپچىگە ئەكىرىپ توختىتىپ تۇرۇپ :

— نەدىن كېلىۋاتىسىلەر ، نەگە بارىسىلەر ؟ — دەپ سورىدى .

ئوماق قولىدا چۆچەكنى تۇتقىنىچە ئۆرە تۇرۇپ :

— چارىدىن ئابدالدىكى يېڭى يۇرتچاپقانغا كېتىۋاتىمىز ، — دېدى .

ھېلىقى كىشى قويۇق چار ساقاللىق بولۇپ ، چىرايىدىكى قورۇقلار ئۇنىڭ سەكسەن ياشتىن كەم ئەمەسلىكىگە گۇۋاھ بېرىپ تۇراتتى .

— ئارغان دەرياسىنىڭ يېڭىسۇدىكى ئوتتۇرا قىسمى توسۇلۇپ قېلىپ سۇ تېشىپ ، ئەتراپنى سۇ بېسىپ كەتتى . شۇڭا ئارغانغا كىرمەي ، تارىم دەرياسىدىن ئۆتۈپ ، يېكەنكۆلنىڭ يۇقىرى تەرىپىدىن ئەگىپ ئۆتۈپ ، قۇملۇقنى توغرا كېسىپ ماڭساڭلار بولىدۇ ، — دېدى بوۋاي .

— بىز ئۇ يولدا مېڭىپ باقمىغان ، ئېزىپ قالارمىزمۇ ؟

— ئۇنداق بولسا ، بۈگۈن بىزنىڭ ئۆيدە قونۇڭلار . ئەتە مەن سىلەرنى يېكەنكۆلدىن ئۆتكۈزۈپ قوياي .

شۇنداق قىلماي بولمايدىغاندەك ئىدى . كۈن ئاللىقاچان كەچكە يۈزلىنىپ قالغانىدى .

بوۋاي ئوماقنىڭ جاۋابىنى كۈتمەيلا قولىدىكى پالاقنى كېمىگە قويۇپ ، كېمىنىڭ تۇمشۇقىغا چىقىپ قويغان ئارغامچىنى كېمىدىن ئېلىپ قىرغاققا تاشلىدى . بوۋاي بۇ ئىشلارنى سول قولىدىلا قىلدى ، ئوڭ قولى ساڭگىلاپلا تۇراتتى . ئوماق ئويلاپ قالدى : «ئوڭ

قولى ئىشلىمەمدۇيا» . توختاق ئارغامچىنى ئېلىپ كېمىنى تارت-
تى ، ئۇنىڭغا ئۆردەكمۇ ياردەملەشتى . كېمىنىڭ بېشى قىرغاققا
چىقتى . بوۋاي كېمىدىن چۈشتى . ئوماق كۆرۈشكىلى بوۋاينىڭ
ئالدىغا باردى . شۇ چاغدا ئايان بولدىكى ، بوۋاينىڭ ئوڭ قولىنىڭ
جەينىكىدىن تۆۋەن قىسمى پولاتتىن تۇراتتى .

ئۇچۇل ئۇمچى خېلى سوۋۇغاندى . ئۇنى مۇشۇنچىلىك بول-
غاندا ئىچىۋەتمىسە ، يەنە ئازراقلا تۇرسا قويۇقلىشىپ كېتىدۇ .

ئوماق قولىدىكى چۆچەكنى بوۋايغا سۇنۇپ :

— ھازىر ئۇسقان ، تېخى ئىچمىدىم ، — دېدى .

بوۋاي تۇزۇت قىلىپ تۇرماي ئوماقنىڭ قولىدىن قاچىنى
ئېلىپ :

— گوي - گوي ، ئۇچۇل ئۇمچىكەن - ھە ، بىر ھەپتە
بولغان ئۇچۇل ئۇمچى ئىچمىگىلى ، سېغىنىپ قاپتىكەنمەن ، —
دېدى - دە ، شاپىلدىتىپ ئىچىپ كەتتى .

ئۆردەك قولىدىكى قاچىنى ئاتىسىغا بەردى ، ئۇمۇ تېخى ئىچ-
مىگەنىدى...

ئۇماچ ئىچىپ بولۇنغاندىن كېيىن ، بوۋاي ئوماقتىن :

— سىلەر چاردا كىمنىڭ جەمەتىدىن بولىسىلەر ؟ — دەپ
سورىدى .

— مەن ئوماق ، ئاتام چاردىلىق تۇراق يولۋاس دېگەن
ئادەم ، — ئوماق ئالدىن بوۋايغا ئايقۇتنى ، بالىلىرىنى ، كېلىنى
ئايسۇلۇنى تونۇشتۇردى .

— گوي - گوي ، ھەلىقى سانجىغاق بىلەن يولۋاس ئۆلتۈرگەن
قاراقوشۇنلۇق تۇراقمۇ ؟ ! مەن ئەسلى يېڭىسۇلۇق ، مەھەممەتقۇلى
مەرگەن دېسە ، بۇ ئەتراپتا مېنى ھەممە كىشى بىلىدۇ . ئۆيۈم
دەريانىڭ باش تەرىپىدە ، ئۆيگە بارايلى ، — دېدى مەھەممەت
مەرگەن .

ئۇلار كېمىنى شاخاپچە بويىدىكى يۇلغۇنغا باغلاپ قويدى . بىر
ئاتتىكى يۈكنى باشقا ئاتلارغا يانداپ ئارتىپ ، بوشىغان ئاتقا بوۋاي

مىندى . بوۋاينى ئوماق ياردەملىشىپ مىندۈرۈپ قويماقچىدى ، ئەمما بوۋاي سول قولىدا ئاتنىڭ يالىنى تۇتتى ـ دە ، خۇددى بىر نەرسە تاپىنىدىن قاڭقىتقاندەك لىككىدە سەكرەپ ئاتقا مىندى .

بوۋاينىڭ ئۆيى ئارغان دەرياسىنىڭ تارىمدىن بۆلۈنگەن دوقمۇ ـ شىدا بولۇپ ، قومۇشلۇق شاخاپچىلەر كۆپ ئىدى . دەريا ، شاخاپچى ـ لەر ياقىسىدىكى تارغىنا سوزۇق چاتقاللىقتىن باشقا يەرلەر ئېگىز ـ پەس كەڭ قۇملۇق بولۇپ ، بوۋاينىڭ ئىككى ئېغىزلىق قومۇش ساتما ئۆيى ئېگىز بىر قۇم دۆۋىسىنىڭ يامرىلىدا يالغۇزلا چوقچىيىپ تۇراتتى . ئۆيدە مەھەممەتقۇلى مەرگەن مومىيى بىلەن ئىككىسىلا تۇراتتى . بۇلارنىڭ بىساتىمۇ قۇملۇق ئىچكىرىسىدىكى لوپلۇقلارنىڭ بىساتىدا بولىدىغان نەرسىلەر — قازاندىن باشقىلىرى ـ نىڭ ھەممىسى ياغاچتا ياسالغان نەرسىلەر ، سېغىپ ئىچىدىغان بىر كالا ، مىنىدىغان بىر ئېتىلا بار ئىدى . موماي مانجا توقۇشنىڭ ئۇستىسى . مەھەممەتقۇلى مەرگەن ھەربىر شاخاپچە ئاغزىغا بىردىن مانجا ئورنىتىپ قويۇپ ، ئۆزى چاپما كېمىسىگە چىقىۋېلىپ قوشاق ئېيتقاچ قولىدىكى شۇرۇقنى سۇغا پالاقلىتىپ ئۇرۇپ ، بېلىقلارنى شاخاپچىلەرگە قوغلاپ مانجالىرىغا سولىۋالاتتى . 9 ـ ، 10 ـ ئايلاردا گەدەرمە قىلىۋالغان بېلىقنى بىر قىش كەڭ ـ كۇشادە يەپ چىقاتتى . مەھەممەتقۇلى مەرگەن بىلەن موماي ئوماقلارنى يېڭى بېلىق گۆشى بىلەن مېھمان قىلدى . بېلىق شورپىسىغا ئوماقلار يولدا يېيىشكە ئېلىۋالغان ئۇجۇل تالقىنىدىن چېلىپ ئۇماچ قىلىپ ئىچىشتى . ئەتىگەنلىككە ئۇجۇل قاتمىسى يېيىش ئۇچۇن تۆت بېلىق شورپىسىغا ئادەتتىكىدىن بىر ھەسسە ئارتۇق ئۇجۇل ـ جىگدە تالقىنى سېلىپ بىرئاز قايناتىپلا قاچا ـ قاچىلارغا ئۇسۇپ قويدى . موماي يېشىنىڭ سەكسەندىن ئېشىپ قالغىنىغا قارىماي شۇنچە ساغلام ، تېتىك بولۇپ ، ھەرىكەتلىرى ئايقۇتىنىڭكىدىن قالمىغۇدەك چاققان ، يېنىك ئىدى .

ئوماق ئېيىنى تېپىپ مەھەممەتقۇلى مەرگەندىن :

— مەھەممەت ئاغا ، قولۇڭ قانداق بولۇپ بۇنداق بولۇپ

قالغان؟ — دەپ سورىدى.
— قولۇمنىڭ بوغداق بولۇپ قېلىشىنىڭ سەۋەبىنى ھەممىڭ-
لارنىڭ بىلگۈسى كېلىپ تۇرغانلىقىنى بىلىمەن، بۇنى سورىماسلىڭ-
لارمۇ دەپ بەرمەكچىدىم، — بوۋاي سول قولى بىلەن ئوڭ قول-
نىڭ جەينىكىدىنىڭ تۆۋىنىنى تۇتۇپ قويۇپ گېپىنى داۋاملاش-
تۇردى، — بۇ ئۇزۇنقى بىر ئىش...
مەھەممەتقۇلى ئوتتۇز نەچچە يىلنىڭ ئالدىدا — ئەللىك نەچچە
ياش چاغلىرىدا يېگىسۇدا تونۇق مەرگەنلەردىن ئىدى. كۆز يېتىم
يەردىكى ھەرقانداق نەرسىنى ياسىدىن بىر ئوق ئۇزۇپلا يىقىتاتتى،
پالانى يېرىگە ئاتىمەن دەپ چېنەپ دەل تەگكۈزەتتى. ئۇ بىر كۈنى
دەريا بويىدا غاز، ئۆردەك ئېتىشىنىڭ تەييارلىقىنى قىلىپ تۇراتتى،
ئالدىدىكى قومۇم دۆۋىسى يېنىدىن بىر چىشى يولۋاس چىقىپ قالدى.
ئۇ شۇ چاغقىچە بىرەر يولۋاس ئېتىپ باقمىغانىدى. شۇ چاغدا
چارلىق تۇراق مەرگەننىڭ بىلىقتا سانجىپىدىغان ئادەتتىكى سانجى-
غاق بىلەن يولۋاس ئۆلتۈرگەن باتۇرلۇقى توغرىسىدىكى گەپلەر
يادىغا كېچىپ قالدى. ئۇنىڭمۇ يولۋاس ئېتىپ باققۇسى كەلدى.
ئوقياسىنى يولۋاسنىڭ يۈرىكىگە توغرىلاپ ئوق ئۈزدى. يولۋاس
جايىدا تۆت - بەش سەكرەپلا يىقىلىپ تىركاشلاپ قالدى. مەھەم-
مەتقۇلى مەرگەن ئوقياسىنى قويۇپ يولۋاس يىقىلغان يەرگە ماڭاي
دەپ تۇرۇشىغا، يېنىدىكى قومۇشلۇق ئارىسىدىن بىر يولۋاس ھۆر-
كىرىگىنىچە ئېتىلىپ كەلدى. مەھەممەتقۇلى مەرگەن ئۆزىنى دەر-
ياغا ئاتتى، لېكىن يولۋاس ئۇنىڭ ئوڭ قولىنىڭ جەينىكىنى چاينى-
ۋېتىشكە ئۈلگۈرگەنىدى، جەينەك ئۇستىخىنىنى چۇل - چۇل،
گۆشىنى لەختە - لەختە قىلىۋەتكەنىدى.
مەھەممەتقۇلى مەرگەن سول قولى بىلەن چايناڭغان ئوڭ جەي-
نىكىنى چىڭ سىقىپ تۇتۇپ، ئۆزىنىڭ سۇ ئۈزۈش ماھارىتى بىلەن
سۇنىڭ تېگىدە پاقىچىلاپ ئۈزۈپ ئۇ قاتقا چىقىۋالغانىدى. ھېلىقى
يولۋاس تېخىچە سۇغا قاراپ تۇراتتى. يولۋاس قاراپ - قاراپ
تۇرۇپ بېقىپ، ئاستا ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ ئۆلگەن يولۋاسنىڭ يېنى-

غا كەتتى . مەھەممەتقۇلى مەرگەن شاخاپچىدىن دىلپار[1] يوپۇرماقلىرىنى ئۈزۈپ چىقىپ چاينالغان جەينىكىگە ئۇستى ـ ئۇستىلەپ چاپلاپ ، كۆڭلىكىنى يىرتىپ يوپۇرماق ئۈستىدىن قولىغا يۆگەپ ، دىلپار غولىدا چىڭ سىقىپ تېڭىۋەتتى . شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ قولى جەينىكىدىن مېيىپ بولۇپ قالدى ، پەقەت تىرىسىلا تۇتۇپ قالغانىدى .

ئۆردەك بىر ئىشقا ھەيران قېلىپ ، ئۇنى بوۋايدىن سورىغۇسى كەلدى .

— ئىككى قولنى پالاقشىتمايمۇ سۇ تېگىدە ئۈزگىلى بولامدا ؟

مەھەممەتقۇلى مەرگەن ئۆردەككە كۈلۈمسىرەپ قاراپ :

— ئۈزۈلۈش كىچىك بولغىنىڭ بىلەن سۇ ئۈزۈشكە قىزىقىدىكەنسەن ـ ھە ، — دېيىشىگە ، تۆمۈر ئۇنىڭ گېپىگە ئۇلاپلا :

— شۇڭا ئۇنىڭ ئىسمى ئۆردەك ، — دەپ چاقچاق قىلدى .

تۆمۈرنىڭ چاقچىقىغا ھەممىسى كۈلۈپ كېتىشتى . بوۋاي كۈلكىدىن توختاپ :

— مانداق دېگىن ، ئىسمىم ئۆردەك دە . پاقىچىلاپ ئۈزۈشتە ئىككى پۇتقا كۈچ كېلىدۇ . ئۆگىنەيلا دېسەڭ ، ئۆگىنىۋالالايسەن ، — دېدى .

مەھەممەت مەرگەننىڭ قومۇش ساتمىسىنىڭ يېنىدىكى قۇم دۆڭى ئۇماقنىڭ كۆزىگە باشقىچىلا كۆرۈندى . بۇ قۇم دۆڭى ئالاھىدىرەك بولۇپ ، ئېگىز چوققىسىدا غولىغا بەش ئادەمنىڭ غۇلىچى يەتمىگۈدەك يوغان ، تېخى ياش توغراقلاردەك باغجانلاپ تۇرغان بىر تۈپ توغراق تۇراتتى . قۇم دۆڭىنىڭ قاپ بەلدىن تۆۋەن تەرىپىدە قۇم دۆۋىسىنى ئايلىنىپ خۇددى بىراۋلار تەرىپىدىن تېرىپ ياكى تىكىپ قويغاندەك رەتلىك يۇلغۇنلار ئوراپ تۇراتتى . ئۇماق مەھەممەت مەرگەندىن :

— مەھەممەت ئاغا ، ماۋۇ قۇم دۆۋىسى ئەجەب بىركىنا ؟ — دەپ سورىدى .

---

[1] دىلپار — نىلوپەر .

— بۇ قۇم دۆۋىسىنىڭ نىمىدەپ ئاتىلىدىغانلىقىنى بىلمەيدى-كەنسەن - ھە؟

— ئاڭلىماپتىكەن، نىمىدەپ ئاتىلىدۇ؟

— دەريا بويلاپ تۆۋەنگە ماڭساڭلار، — ھەممەتقۇلى مەرگەن قۇم دۆڭى توغرىسىدىكى گېپىنى باشلىدى، — تىكەنلىك بىلەن يېڭىسۇ يىرشىقىدا پەسرەك بىر قۇم دۆۋىسى بار، ئۈستىدە چوڭلۇ-قى مۇشۇ توغراقچە بار، ئەمما قۇرۇپ تۈپ كۆتىكى قالغان بىر تېرەك بار. ئۇنى «گويتېرەك»، بۇ قۇم دۆڭىنى «قاراساچ ئايىم دۆڭى» دەيمىز. «گويتېرەك» نىڭ كەچمىشى بىلەن بۇ قۇم دۆڭى-نىڭ كەچمىشى بىر - بىرىگە باغلىنىشلىق. بۇ، بىزنىڭ بەزى ئەجدادلىرىمىزنىڭ كەچمىشى. مەن نىمىشقا ئادەمسىز بۇ دالىدا مومىيىم بىلەن ياپيالغۇز ماكان تۇتۇپ ئولتۇرىمەن؟ ئۆتكەن - كەچكەن ئۆتمۈرۈنچۇلەرگە مۇشۇ دۆڭ، ئاشۇ «گويتېرەك» ھېكايى-سىنى سۆزلەپ بېرىمەن دەپ بولامدۇ. بۇ ھېكايىنى بىلىدىغانلار جىق قالمىدى. مەن ئۆلسەم بۇ ھېكايىنى سۆزلەپ بېرىدىغانلار يا چىقار ياكى چىقماس. شۇنىڭ بىلەن ئەجدادلىرىمىز توغرىسىدىكى بۇ بىر بۆلەك كەچمىش ئۇنتۇلۇپ كېتەر، — مەھەممەتقۇلى مەر-گەن گېپىدىن توختاپ خىيالغا چۆككەندەك جىمىپ كەتتى.

«خۇدايا تۇۋا، بۇ بوۋاينىڭ گەپلىرىمۇ قالاچ قاناقا بىلەن تۇلەك بوۋىنىڭ گەپلىرى بىلەن ئوخشاۋاتىدۇ. قالاچ قاناقا: ‹ئەج-دادلىرىنى، ئەجدادلىرى توغرىسىدىكى كەچمىشلەرنى ئۇنتۇغان ھەرقانداق قوۋمنىڭ ئۆمرى كۆتە، ئەتىسى قاراڭغۇ بولىدۇ› دەيدى-غان. بۇ بوۋايمۇ ‹ئەتىمىز قاراڭغۇ بولۇپ قالمىسىكەن› دەيدىكەن ئەمەسمۇ. قېرىلار ئەجەب ئەجدادلارنىڭلا گېپىنى قىلىپ قالماي، ئەتىمىزنىڭمۇ غېمىنى يەيدىكەن، بىزدەك ياشتىكىلەر، ياشلار ئۇ توغرۇلۇق ئانچە باش قاتۇرۇپ كەتمەيدىكەنمىز. ‹ئەتىكى قۇيرۇق-تىن بۈگۈنكى ئۆپكە ياخشى› دەپ قارايدىكەنمىز. بۇمۇ قالاچ قاناقا ئېيتقاندەك ئۇنتۇش، ئاينىش كېسىلىمۇ - قانداق؟» ئۇماق ئويى-لىغانسېرى «گويتېرەك» بىلەن «قاراساچ ئايىم دۆڭى» نىڭ كەچ-

مىشىگە قىزىقىپ قالدى .
— ئۇ ھېكايىنى سۆزلەپ بەر دەمسەن ، ئەلۋەتتە سۆزلەپ بېرىمەن . بۇ يەردە چوڭلاردىن باشقا بالىلىرىڭنىڭمۇ بولغىنى بەك ياخشى بولدى . بۇلارمۇ ئاڭلاپ قالسۇن ، — مەھەممەتقۇلى مەرگەن ھېكايىنى باشلىدى . بۇ ئارغان ، يېڭىسۇ ، تىكەنلىك ، كۆزلەكتىكى قېرىلار بىلىدىغان باتۇرلۇق ، مەردلىك ، چىن دوستلۇق ، چىن مۇھەببەت ، ۋاپادارلىق ، مېھرىبانلىقتا مەدھىيە ئوقۇلۇپ ، ساختىپەزلىك ، نامەردلىك ، ۋەھشىيلىك ، ياۋۇزلۇقتا نەپرەت ، قارغىش ياغدۇرۇلىدىغان «بوز كۆرپەش ، قاراساچ ئايىم» دەپ ئاتىلىدىغان ھەم تەسىرلىك ، ھەم ئېچىنىشلىق داستان . نامەرد ، ياۋۇز باياغىلىنىڭ مەرد ، ۋاپادار ، كەڭ قورساق ، باتۇر بوز كۆرپەشكە ۋەھشىيلەرچە زىيانكەشلىك قىلغانلىقى سۆزلەنگەندە ، ئۆردەكنىڭ كۆزى بىر نۇقتىغا تىكىلىپ قالغاندەك غەزەپتىن قېتىپ قالدى . شۇ تاپتا ئۇنىڭ نامەردلىككە ، ساتقىنلىققا ، رەزىللىك ۋە ۋەھشىيلىككە قاتچىلىك ئۆچلۈكى ، غەزەپ - نەپرىتى تۇتقانلىقىنى ئاشۇ چەكچىيىپ قالغان كۆزى ئىپادىلەپ تۇراتتى . ئۆزىنىڭ ھازىرلا چوڭ بولۇپ ، خۇددى بوز كۆرپەشتەك ۋەھشىيلىك ، رەزىللىكلەر بىلەن ئېلىشقۇسى كېلىپ كەتتى . قاراساچ ئايىمنىڭ ۋەھشىي ئاتىسىغا ، ياۋۇز ، رەزىل ، ھەسەتخور ئاكىسىغا ، يامانلارغا كەڭ ، ياخشىلارغا تار ئالەمگە نەپرەتلىنىپ ، بۇ ئالەمدە قوشمىغان خۇدايىم ئۇ ئالەمدە قوشۇپ قويار دەپ ، خەنجەرنى كۆكسىگە ئۇرۇپ ساپ مۇھەببىتى ئۈچۈن جان بېرىپ ، ئىككى ئالەملىك ئاشىقى بوز كۆرپەشنىڭ يېنىدا ياتقانلىقى ۋە كىشىلەر تەرىپىدىن ئۇ ئىككىسىنىڭ مۇشۇ قۇم دۆڭگە قويۇلغانلىقى بايان قىلىنغاندا ، ئايقۇت بىلەن ئايسۇلۇ ئۆزلىرىنى تۇتۇۋالالماي دەمدەردەك بۇقۇلداپ ، مەجرۇھلانغان تورغايدەك بوزلاپ ، ئۆپكىسى بوغۇزىغا تىقىلىپ قېلىۋاتقاندەك ھېقىقلاپ يىغلاپ كەتتى . بۇ ھېكايىنى بىر ئۆمۈر ئاڭلاپ كېلىۋاتقىنىغا قارىماي مومايمۇ ئايقۇت ، ئايسۇلۇلار بىلەن تەڭ كۆز يېشى قىلدى . مەھەممەتقۇلى مەرگەننىڭ ھېكايىسى تۈگىشى ھامان ئۆردەك

ئورنىدىن تۇردى ـ دە ، قۇم دۆۋىسى تەرەپكە يۈگۈرۈپ كەتتى . ئايسۇلۇمۇ ئۇنىڭ كەينىدىنلا تېز ـ تېز مېڭىپ كەتتى . بوۋاي ، مومايدىن باشقىلار ئەمدى ئېسىنى يىغقاندەك ئورنىدىن تۇرۇشۇپ ، قۇم دۆۋىسىگە قاراپ ماڭدى .

ئۇلار قۇم دۆۋىسى ئۈستىگە چىقىپ ، ۋاپادار ئاشىق ـ مەشۇقلار — بوز كۆرپەش بىلەن قاراساچ ئايىمغا ماتەمدە تۇرغاندەك توغراقنى چۆرىدەپ جىممىدە تۇرۇپ كېتىشتى . باياتىن غۇر ـ غۇر شامالدا يىنىك شىلدىرلىشىپ تۇرغان يوپۇرماقلار سوكۇتكە چۆمگەندەك شۈكلەپ ، سالپىيىپ قېلىشتى .

— ئاتا ، ئەتە «گويتېرەك» كە بېرىپ ، بوز كۆرپەش باتۇرنىڭ گۆشىنى پارچىلاپ ئېسىپ قويغان تېرەكنى كۆرۈپ ئۆتەيلى ، — دېدى ئايسۇلۇ ، توغراقنىڭ غولىنى سىلاپ تۇرۇپ .

ئوماقمۇ ئايسۇلۇنىڭ بېشىنى سىلاپ تۇرۇپ :

— كۆرىمىز بالام ، كۆرىمىز . ئۇنداق باتۇر ، ۋاپادار ئەجدادلار ئىزىنى يوقلىماي تاشلىۋەتسەك ، ئۇنتۇپ كەتسەك بولمايدۇ قىزىم . ئەمما بۇ قېتىم كۆرەلمەيدىغان ئوخشايمىز ، يولنى سۇ بېسىپ كېتىپتۇ ئەمەسمۇ ، كېيىن كېلىپ چوقۇم كۆرىمىز ، — دېدى .

ئەتىسى ئۇلار يولغا چىقىشتىن ئىلگىرى ، ھېلىقى قۇم دۆۋىسى ئۈستىدىكى توغراققا يانداش قىلىپ يوغان بىر ئورا كولىدى ، ئاندىن پەستىكى بىر تۈپ ياش يۇلغۇننى ئۇششاق چاچما يىلتىزلىرىغا ئازراقمۇ زەخىم يەتكۈزمەي قومۇرۇۋېلىپ ، قۇم دۆۋىسىدىكى ئورىغا كۆچۈرۈپ تىكتى ، ئاندىن ھەربىرى بىر سوغىدىن سۇ ئەكېلىپ قۇيدى .

— نىيىتىڭلارنىڭ خالىسلىقى ، ئەجدادلارغا بولغان ئېتىقادىڭلار ئۈچۈن بولسىمۇ بۇ يۇلغۇن چوقۇم ئۈنىدۇ . مۇشۇنداق قىلىشنى مەن ئويلاپمۇ قويماپتىكەنمەن . مەن ئۇ يۇلغۇنغا پات ـ پات سۇ قۇيۇپ تۇرىمەن . ئەمدى بۇ دۆڭگە يېڭى بىر ھېكايە قوشۇلدى . كەلگەنلەرگە بۇنىمۇ قوشۇپ سۆزلەپ بېرىمەن ، — دېدى مەھەممەتقۇلى مەرگەن .

ئوماقلار ئات ـ ئۇلاغلىرىغا مىنىپ بولۇپ ، قوم دۆۋىسىگە ئۇزاق قاراپ تۇرۇپ كېتىپ :

— خەير ، بىز كېيىن چوقۇم يوقلاپ كېلىمىز ، — دېيىشتى ـ دە ، يولغا چىقتى . مەھەممەتقۇلى مەرگەن ئۇلارنى يېكەنكۆلگىچە ئاپىرىپ قويۇش ئۈچۈن بىللە مېڭىپ كەتتى .

## 3

كۈن بۈگۈنمۇ ئابدالدا ئادەتتىكىدەك باشلاندى . كىشىلەر شاۋقۇن ـ سۈرەنسىز جىمجىتلىق ئىچىدە ئۆزگەرمەس ، يېڭىلانمايدىغان تەرزدە خۇددى هارۋا چاقى ئۆز ئوقىدا ئايلانغاندەك ، تىرىكچىلىك غېمىدىن ئىبارەت هاياتلىق ئوقىنى چۆرىدەپ قىمىرلاشقا باشلىدى . ئۆي ـ ئۆيلەردىن بىرلىرى ئوقيا ، مىلتىقىنى ئېسىپ ، بىرلىرى گۆلمىلىرىنى ، يەنە بىرلىرى سانجىغاق بىلەن مانجالىرىنى كۆتۈرۈپ ئات ، ئېشەك ، كالىلارغا مىنىشىپ قاراقوشۇن ، چىۋىنلىق ، ئابدال كۆلى ۋە تاتىما كۆلىگە ھەم تارىم ، كۆنچى دەريالىرىنىڭ ئايىغىدىكى ھەرقايسى تارماقلىرىغا قاراپ يول ئېلىشتى .

پۇتۇن بىر كېچىنى سوكۇتكە چۆمگەندەك ئىمتاسلىقتا ئۆتكۈزگەن بىپايان دالىنى تەرەپ ـ تەرەپتە ياڭرىغان قوشاقلار جانلاندۇرۇۋەتكەندى .

يولغا چىققانلار ئارىسىدا كۈنچىققانبەگمۇ بار بولۇپ ، ئوغۇللىرى توختى بىلەن جانقۇلۇنى ئېلىپ ئابدال كۆلى تەرەپكە ئاتلاندى .

ئابدال بەگلىرى ئاتا ـ بوۋىسىدىن تارتىپ ئۆز تەۋەسىدىكى خەلقنىڭ مۇلازىمەتچىسى بولۇپ كەلگەن ، ھەرگىز سوراقچىسى بولۇپ باقمىغان . بۇ يەردىكىلەر ئوغرى ، بۇلاڭچىلىق ، قاتىل ، قاراقچىلىق توگۇل ئۇنىڭ قانداق ئىشلىقىنىمۇ بىلمەيدۇ ، ھەتتا ئادەتتىكى ئۇرۇش ـ جېدەل ، ئائىلە ماجىراسى ، مال ـ مۈلۈك ،

مىراس دەۋاسى دەيدىغان ئىشمۇ يوق . بۇلار مېنىڭ دەيدىغانغا
يەر ـ زېمىن ئىگىلىمەيدۇ ، «مەندىن بالامغا قالار» دەپ بىسات
توپلىمايدۇ . كۆچكەندە بەزى نەرسىلەر ئېلىپ مېڭىشقا ئەپسىز
كەلسە ياكى ئېغىرلىق قىلسا باشقىلارغا بېرىۋېتىپ ياكى تاشلىۋې-
تىپ ، يەنە كېرەك بولسا بارغان يېرىدە ئۆزلىرى هازىرلىۋالىدۇ .
شۇڭا بەگنىڭ دائىملىق مۇهىم ئىشلىرىنىڭ بىرى ئاجىز ـ ئورۇق-
لارنىڭ ، يېتىم ، پاناهسىزلارنىڭ تۇرمۇشىنى غەملەش ، هەر يىلى
مۇشۇ مەزگىلدە قىشلىق بېلىق ، گۆشنىڭ غېمىدە بولۇش .

بەگ ئۆز تەۋەسىدىكى مەهەللە ـ يۇرت بولۇپ ئولتۇرغان
ئائىلىلەرنى ئۈچ خىلغا ئايرىيدۇ . بىرىنچى خىلى ، ئۆز غېمىنى
ئۆزلىرى قىلغاندىن سىرت ، باشقىلارغىمۇ يار ـ يۆلەكتە بولالايدى-
غان قولى ئوزۇنلار ؛ يەنە بىر خىلى ، ئۆزىنىڭلا غېمىنى قىلالايدى-
غان ، باشقىلارغا ئېشىنالمايدىغانلار ؛ ئۈچىنچى خىلدىكىسى ،
يېتىم ـ يېسىر ، ئاجىز ـ ئورۇق — قارامچىسى يوقلار .

ئۈچ كۈننىڭ ئالدىدا كۈنچىققانبەگ مۇشۇ هەقتە تۆلەك بوۋىغا
مەسلىهەت سالغاندا ، تۆلەك بوۋا :

— ئىككىنچى خىلدىكى ئائىلە كىشىلىرى قانداق ئوسۇلدا ،
نەگە بېرىپ بېلىق تۇتسا ، ئوۋلىسا ، ئىختىيارىغا قويۇپ ، بىرىنچى
خىلدىكىلەرنى ئۆزۈڭ ئورۇنلاشتۇرساڭ قانداق بولىدىكىن ، —
دېگەن مەسلىهەتنى بەرگەنىدى .

كۈنچىققانبەگ تۆلەك بوۋىنىڭ مەسلىهەتىنى قوبۇل قىلدى .
بىرىنچى خىلدىكى كىشىلەرنى بېلىقچىلار ، ئوۋچىلار دەپ ئىككى
گۇرۇپپىغا ئايرىدى . ئۆزى بېلىقچىلىق گۇرۇپپىسىنى باشلاپ قارا
قوشۇن كۆلىگە بارىدىغان بولدى . تايۇق ئوۋچىلار گۇرۇپپىسىغا
مەسئۇل بولدى . بۇ قېتىمدا تۇتۇلغان هەرقانداق نەرسىنىڭ هەممى-
سىنى ئۈچىنچى خىلدىكى كىشىلەرگە تەقسىم قىلىپ بەرمەك-
چى بولدى .

كۈنچىققانبەگ بىلەن تايۇق ئۆز گۇرۇپپىسىدىكىلەرنىڭ قانداق
قىلىشىنى تاپىلاپ يولغا سېلىۋېتىپ ، ئۆزلىرى تېخى كەم ـ كۈتى-

سى پۈتمەي يولغا چىقالمايۋاتقانلار بارمۇ ـ يوق بىلىپ بېقىش ئۈچۈن مەھەللىنى ئارىلاپ يۈرۈۋېدى، ئۇماقنىڭ پۈتۈن ئائىلىسىدىكىلەرنى باشلاپ كېلىۋاتقانلىقى، يېقىن كېلىپ قالغانلىقىنىڭ خەۋىرى كېلىپ قالدى، خەۋەر ئىشەنچلىك ئىدى. كۈنچىققانبەگ ئۆز ئورنىغا كىچىك ئوغلى جانقۇلۇنى بەلگىلىدى، تايۇقنىڭ ئورنىغا توختىكۆلنى بەلگىلىۋېدى. ئۇ ئۇماقلارنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ قېلىپ بېرىشقا زادى ئۇنىمىدى.

— مېنىڭمۇ ئۇنى بەك كۆرگۈم كەلدى. بېرىپ يوقلاپ كەلمەك يوق، ئۇلار بىزنى يوقلاپ كېلىۋاتسا كەينىمنى قىلىپ كېتەلمەيمەن، — دەپ چىڭ تۇرۇۋالدى.

تايۇق توختىكۆلنىڭ ئۇماققا قانچىلىك ئامراقلىقىنى، ئۇنى قانچىلىك چوڭ بىلىدىغانلىقىنى ياخشى بىلگەچكە، ئۇنىڭ رايىنى ياندۇرۇشقا كۆڭلى بارمىدى. كۈنچىققانبەگ بەردىقۇل ئاقساقالنى تايۇقنىڭ ئورنىغا مەسئۇل قىلىپ يولغا سالدى.

ئۇماق، ئايقۇتلارنىڭ كېلىۋاتقانلىق خەۋىرىنى ئاڭلاپ ئۇلامخان بىلەن ئۇجۇلخاننىڭ گۇلقەقەلىرى ئېچىلىپ كەتتى. خۇددى ئايقۇتنى قۇچاقلىغاندەك بىر ـ بىرىنى قۇچاقلىشىپ: «ئايقۇت كەلگۈدەك!»، «ئايسۇلۇ كەلگۈدەك!» دېيىشىپ كەتتى. ئۇجۇلخان بىرنېمىدىن ئەندىككەندەك:

— ۋىيەي، ئۆيى تېخى شۇ پېتى، سۈپۈرۈپ ـ تازىلاپ ئادەم ئولتۇرغۇدەك قىلىپ تۇراي، — دېدى ـ دە، ئىشىك تەرەپكە ماڭدى، پۈتى بوسۇغىدىن چىقماي تۇرۇپ قوشىقى باشلاندى:

ئايقۇتۇمنۇ يولۇنۇ،
سۈپۈرەي ساچىم بىلەن.
سۇ سېپەي خۇشلۇقۇمدۇن،
تاشقىنداق ياشىم بىلەن.
خىزمەتىدە بولاي مەن،
پۈتۈن تەن، جانىم بىلەن.

ئوماق ، توختاقلار كۆچۇپ كەتكەندىن كېيىن ، ئۇلارنىڭ ئۆيىگە ھېچكىم ئورۇنلاشتۇرۇلماي ھازىرغىچە بوش پېتى ئىدى . كۇنچىققانبەگ تايۇق ، تۇلەك بوۋىلار بىلەن مەسلىھەتلىشىپ ئۇلارنىڭ ئۆيىنى ئادەم باردىكىدەك سەرەمجانلىتىپ تەق قىلىپ قويدى . ئۇلار كەلگەن ھامان سويىدىغان قوينى ، ئالدى بىلەن ئالدىغا ئېلىپ چىقىدىغان پوستلاق قۇيمىسىنى ھەممە خورۇچىنى تولۇق قىلىپ پىشۇرۇپ تەييار قىلىپ ، كۇنچىققانبەگ ، تۇلەك بوۋا ، توختىكۆل ، ئاقئۇلام ، ئۇجۇلخان ، زۇمرەتلەر تايۇقنىڭ ئۆيىدە ئوماقلارنىڭ كېلىشىنى تەقەززالىق بىلەن كۇتۇپ ئولتۇرۇشتى . ئۇلامخان بىلەن ئۇجۇلخان كۇتۇپ كۆزى تۆت بولۇپ سىرتقا چىقاتتى ، ئۆيگە كىرەتتى . تەقەززالىقتىن تىت - تىت بولۇپ ، ئورۇنسىزلا ئۇنى بۇ يەرگە ، بۇنى ئۇ يەرگە يۆتكەپ قوياتتى .

كۇن چۇشكە ئاز قالدى . ئوماقلارنىڭ كەلگەنلىك خەۋىرى يوق ئىدى . يىراقتىن ھەممىگە ئورتاق ئاھاڭدا ئېيتىلغان قوشاق ئاڭلاندى . قوشاق بارغانسېرى يېقىنلاپ ئېنىق ئاڭلىنىشقا باشلىدى .

ئۇچۇپ كەتكەن ئۇقارىم[1] ،
كەلدى قاتار توپ بولۇپ .
باشىم يەتتى ئاسمانغا ،
ئىچىمگە خۇشلۇق تولۇپ .
ئاكام كەلدى دەپ بىلدىم ،
ماڭا شۇنداق تۇيۇلۇپ .

— ۋوي ، بۇ تالىشقۇلنىڭ ئۇنىغۇ ؟ ! — ئۇجۇلخان شۇنداق دېگىنىچە ئۇلار سىرتقا قاراپ ماڭدى .

— ئۇلار كېپتۇ ! — ئۇلامخانمۇ سىرتقا ماڭدى .

كۇنچىققانبەگمۇ تالاغا چىقىپ كېتىۋېتىپ :

— ماۋۇ تالىشقۇلنىڭ نېمە قىلغىنى ، بىلىق تۇتقىلى بارماي

[1] بۇ يەردە ئوماقلار ئۇقارغا ئوخشىتىلغان .

ئوماقلارنىڭ ئالدىغا كېتىپتىكەن ـ دە ، — دېدى غودۇڭشىغاندەك .
راست شۇنداق بولغانىدى . كىم ئېلىپ كەلگەنلىكىنى ھېچكىم بىلمەيدۇ ، كىشىلەر ئارىسىدا : «ئوماقلار كېلىۋېتىپتۇ» دېگەن گەپ تارقالدى . بۇ گەپ تالىشقۇلىنىڭمۇ قۇلىقىغا يېتىپ قالدى ـ دە ، ئېتىنىڭ تىزگىنىنى كەينىگە بۇراپ ، ئۆز تۇيغۇسى بويىچە ئوماقلارنى ماڭىدۇ دەپ ئويلىغان تەرەپكە ئات سېلىپ يۈرۈپ كەتتى . خېلى مېڭىپ ئېگىز بىر قۇم دۆڭىگە چىقىپ قاراپ يىراقتىن ئابدال تەرەپكە كېلىۋاتقان ئات ـ ئۇلاغلىق ئائىلە ئادەمنى كۆردى ـ دە ، قۇم دۆڭىدىن ئېتى بىلەن دومىلىغاندەك چۈشۈپ ئوقتەك چېپىپ كەتتى .
ئۆيدىكىلەر سىرتقا چىققاندا ئۇلامخان بىلەن ئۇچۇلخان ئۆگزىگە چىقىپ بولغانىدى . يىراقتا بىر توپ ئادەمنىڭ قارىسى كۆرۈنۈۋىدى ، شۇ ھامان ئۇلامخاننىڭ قوشىقى باشلاندى :

جىگەر ، باغرىم ، گۈل قىزىم ،
جان ئايسۇلۇم كەلدىڭمۇ !
ئىشلارىمدا يۆلەكىم ،
قانات ـ قولۇم كەلدىڭمۇ .
يالغۇزلۇقتا مۇڭداشىم ،
ئوڭ ۋە سولۇم كەلدىڭمۇ .

ئايقۇت قۇدام سەن بىلەن ،
بوپ كەتكەنتىم بەك ئېجىل .
ئارادا ئۆتكەن بەش ئاي ،
ماڭا بىلىندى بەش يىل .
سەنى يوقلاپ بارالماي ،
ئالدىڭدا مەن كۆپ خىجىل .

كېلىۋاتقانلارنى ئېنىق ئىلغا قىلغىلى بولدى . ئالدىدا ئوماق

بىلەن تالىشقۇل يانمۇيان كەلمەكتە ئىدى. ئۇلامخان بىلەن ئۇجۇلخان ئۆگزىدىن چۈشۈپلا ئۇلارنىڭ ئالدىغا يۈگۈردى. ئاقئۇلام بىلەن زۇمرەتمۇ ئۇ ئىككىسىنىڭ كەينىدىن يۈگۈردى. ئەمدى ئۇ تەرەپتىن ئايقۇتنىڭ قوشىقى ئاڭلاندى:

.........

كېلىپ يوقلاي دېسەمما،
ئۇچار قاناتىم يەتمەي.
يادلاپ تۇردۇم سىلەرنى،
ئەسىمدىن نېرى ئەتمەي.
شۇنچە ئايلار ئۆتۈپتۇ،
دوستلارنى بىر كۆرسەتمەي.

.........

دوستلار نەچچە ئون يىل كۆرۈشمىگەن يېقىن تۇغقانلار دىدارلاشقاندىكىدەك كۆرۈشتى، قۇچاقلىشىشتى، باغرىنى باغرىغا، مەڭزىنى مەڭزىگە يېقىشتى، ئايالار خۇشاللىقىدىن كۆز يېشى قىلىشتى.

ئۇلامخان بىلەن ئۇجۇلخان تاماققا تۇتۇنغانىدى. ئوماق:

— بىزنىڭ سۈت ئىچكۈمىز كېپكەتتى، تاماقنى كەچتە يەيلى، ھازىر سۈتلۈك چاي ئىچسەك، — دەپ ئايقۇتقا قارىدى. ئايقۇت:

— راست، بىزنىڭ بەك سۈتلۈك چاي ئىچكۈمىز كەلدى، يول ماڭغان تۆت كۈندىن بۇيان سۈتلۈك چاي ئىچمىدۇق، — دېدى.

ئوماقلارنىڭ تەلىپى بويىچە ئۇلامخان سۈتلۈك چاي تەييارلىدى. چاي قۇيۇلۇپ بولغاندىن كېيىن، ئايقۇت بوغجۇمىسىنى يېشىپ بىرنەچچە قازان قوتۇرمىچى بىلەن تاۋدا پىشۇرغان تۆت ناننى ئوتتۇرىغا قويدى. ئوماق قازان قوتۇرمىچىنى ئۇشتۇپ، تاۋا نېنىنى پىچاقتا نېپىز - قېلىنلىقىنى تەكشى قىلىپ كېسىپ قويدى.

— بۇلار بىزنىڭ ئۆز قولىمىز بىلەن قىلغان تېرىقچىلىقىمىز-

نىڭ نېنى . سىلەرنى يەپ باقسۇن ، دەپ ئالغاچ كەلدۇق ، قېنى ، يەيلى ، — دېدى .

ئولتۇرغانلاردىن تولەك بوۋا ، كۇنچىققانبەگ ، تالىشقۇل ، ئاقئۇلاملار تىكەنلىك تەرەپكە بارغاندا بۇغداي يارمىسى قوتۇرمىچى يەپ باققان بولسىمۇ ، تاۋا نېنىنى كۆرۈپ باقمىغانىدى ، باشقىلىرى قازان قوتۇرمىچىنىمۇ يەپ كۆرمىگەنىدى . ئوماق بىلەن ئايقۇت «مانداق يەيمىز» دېگەندەك ، «قېنى يەيلى» دەپ قويۇپ ، ئالدى بىلەن ئۆزلىرى تاۋا نېنىدىن بىر كېسىمدىن ئېلىپ سۇتلۇك چايغا چىلىۋېلىپ ئاغزىغا سالدى . باشقىلارمۇ بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى ناندىن بىر كېسىمدىن ئالدى . خېمىرى ۋايىغا يەتكۈزۈپ بولدۇرۇلۇپ ، تاۋىدا ھەرە كۆنەلگۈسىدەك كاۋاكلىشىپ كۆپۈپ پىشقان نان سۇتلۇك چايغا چىلىنىپ «ۋىژژىدە» يۇمشىدى . ئۇلار ناننى بىر چايناپ شۇنداق ھۇزۇرلاندىكى ، لەززىتى ئاغزىدا قالدى ، سۆيۈنۈپ جانلىرى يايراپ كەتتى...

چاي ئىچىلىپ دۇئا قىلىنغاندىن كېيىن ، ئوماق ئالغاچ كەلگەن ئۈن ، گۈرۈچ ھەم بۇغداي ، قوناق يارمىسى بىلەن بۇغداي ، قوناقلارنى ئوتتۇرىدا قويۇپ :

— ئۈن ، گۈرۈچ كورلىدىن كەلگەن ، بۇغداي ، قوناق بىلەن يارمىلار ئۆزىمىزنىڭ تېرىقچىلىقىنىڭ ، سىلەرنى يەپ باقسۇن دېدۇق . ماۋۇ بۇغداي ، قوناقلارنى ئابدالدا تېرىغىلى بولامدۇ ، قانداق ، دەپ ئالغاچ كەلدۇق . بۇلارنى بەگ ئۆزى بىر تەرەپ قىلسۇن ، — دېدى .

ئولتۇرغانلار بۇنىڭغا بىرنېمە دېگۈچە ، ئايقۇت ئېلىپ كەلگەن سوۋغا - سالاملىقلىرىنى ئاتىغانلىرى بويىچە ئولتۇرغانلارنىڭ ئالدىغا قويدى . قىزىل ، يېشىل ، سۇس سېرىق ۋە ئىنچىكە ئاق يوللۇق بىر كىيىملىك ئەتلەس ئۇلامخان بىلەن ئۇجۇلخان قاتارىدا كۇنچىققانبەگنىڭ خوتۇنى ئاقئۇلامنىڭ ئالدىغا قويۇلغاندا ، ئاقئۇلام ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي ئىچ - ئىچىدىن بۇقۇلداپ يىغلاپ كەتتى . ئەتلەسنى قولىغا ئېلىپ ئورنىدىن تۇردى - دە :

— ئىجە ![1]— دېگىنىچە ئېتىلىپ بېرىپ ئەتلەسنى ئايقۇتنىڭ بوينىغا ئارتىپ قويۇپ ، يەنە ، — ئىجە ! — دەپ ئايقۇتنى چىڭ قۇچاقلىدى . تىترىگەندەك سىلكىنىشتىن توختىمىغان يەلكىسى ئۇ-نىڭ ئىچىدە ئۈنسىز يىغلاۋاتقانلىقىنى بىلدۈرۈپ تۇراتتى . بۇ ئۇنىڭ ھەقىقىي ، سەمىمىي خىجىللىقىنى ، ناماقۇللۇقىنى بىلدۈرگەنلىكى ئىدى .

ئوماق ، ئايقۇتلار يېڭى كەلگەندە ، كۆنچىققانبەگ ئۇلارغا قوم-لۇق زىياپىتى بەرگەنلىكى ئېسىمىزدە . زىياپەتتە ئاقئۇلام بەل يۈرمىلىك كۆڭلىكىنى ئايقۇت بىلەن ئۇجۇلخانلارغا كۆز - كۆز قىلغىنىنى كېيىن ئۇنىڭ ئۆزىنى قاتتىق پۇشايمانغا قويغانىدى . ھا-زىرغىچە ئۇلارغا قانداق ناماقۇل بولۇشىنىڭ پۇرسىتىنى تاپالماي يۈرگەنىدى . ئەمدى يەنە تۆپىلەپ ئايقۇت ئۇنىڭ ئالدىغا بىر كىيىم-لىك ئەتلەس قويۇپ ، ئۇنى قالتىس تەسىرلەندۈرۈۋەتتى . ئايقۇتنىڭ قىلغىنى قاراقوشۇنلۇقلارنىڭ قايسى بىر قوشىقىدا :

قورساقى كەڭ كىشىنىڭ ،
قۇسۇرى يوق ئىشىنىڭ .

دېگىنىدەك بولغانىدى .

— مانا بۇ قالاچ قاناقانىڭ ئۆچمەس ھەم ئۆلمەس روھىيەت ئۇرۇقىنىڭ مەھسۇلى ، — دېدى تۇلەك بوۋا .

— راست ، بىز باشقا ئۆيلەرنى پەتلەشتىن بۇرۇن ، ئالدى بىلەن قالاچ قاناقانىڭ ئاگايىنى يوقلاپ كېلەيلى ، — دېدى ئوماق .

ئۆيدىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئوماقلار بىلەن بىللە قالاچ قاناقانىڭ تۇپرىقى — توغراق ئابىدىلىك ئېگىز قوم دۆڭگە چىقتى ، تۇپراقنى چۆرىدەپ يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇشتى . تۇلەك بوۋا كورلا ، خوتەنلىك تامچىلاردىن ئۆگىنىۋالغان ئايەتلەردىن ئېسىدە قالغانلىرى بىلەن ئۆزلىرىنىڭ تۇپراق بېشىدا دەيدىغان ئەنئەنىۋى سۆزلىرىنى

[1] ئىجە - ئاچا ( «دىۋان» ، 1 - توم ، 117 - بەت ) .

ئاربلاشتۇرۇپ خەتمىقۇرئان قىلدى ، ئاندىن قۇم دۆڭنىڭ يامىرىلى-
غا قويۇلغان جاھانبەگنىڭ تۇپرىقىنى يوقلاشتى . ئوماق كۆنچىققاند-
ىبەگكە :

— بىز بىرئاز تۇرۇپ قايتساق ، — دېدى .

باشقىلار قايتىپ كېتىشتى . ئوماقلار يەنە قالاچ قاناقانىڭ
تۇپرىقى بېشىغا چىقتى .

— ئۆردەك ، — دېدى ئوماق ئوغلىغا قاراپ ، — بۇ كىمنىڭ
ئاگايى ئىكەنلىكىنى بىلىدىغانسەن ؟

— قالاچ قاناقانىڭ ئاگايىغۇ .

— قالاچ قاناقانىڭ قانداق ئادەملىكىنى بىلەمسەن ؟

ئۆردەك ئاتىسىنىڭ ، ئاندىن ئانىسىنىڭ كۆزىگە تەلمۈرگەندەك
قاربىدى .

ئوماق تۆمۈر بىلەن ئۆردەككە ئۆزلىرىنىڭ ئون تۆت يىلنىڭ
ئالدىدا شىڭدى تېغىدىكى سۆگەتتاغ ئېغىزىدىن ئابدالغا كېلىۋې-
تىپ ، ئادەمسىز ، سۇسىز ، ئوت - گىياھمۇ يوق چەكسىز قۇملۇق-
تا تۆت كۈن مېڭىپ بوراندا ئېزىپ قالغانلىقىنى ، جانلىرى ئاز
قالغاندا قالاچ قاناقانىڭ مەھەللىسىگە كېلىپ قېلىپ ئامان قالغان-
لىقىنى ، تۆمۈرنىڭ شۇ يەردە تۇغۇلغانلىقىنى ، بۇلاقكۆل مەھەللى-
سىدىن ئابدالغا كەلگۈچە ئاربلىقتىكى قۇملۇقتا كىچىككىنە بىر
توغراقلىققا كېلىپ قېلىپ ئۇ يەردە بىر «دىۋە ئادەم»نى ئۇچراتقان-
لىقىنى ، ئۇنىڭ قانداق ئادەملىكىدىن تارتىپ ، ئابدالدىكى يۇرت
قۇرۇلۇشىغىچە ، ئۆردەككە نېمىشقا شۇنداق ئىسىم قويغانغىچە بول-
غان ئائىلە شەجەرىسىنى ، قالاچ قاناقانىڭ قانداق ئادەملىكى-
نى ، ئارزۇ - ئارمانلىرىنى ، تۆمۈر ، ئۆردەكلەردىن كۈتكەن
ئۈمىدلىرىنى قىسقىچە سۆزلەپ بەردى .

ئۆردەك ئاتىسىدىن :

— ھېلىقى بىر جۈپ ئۆردەك كېيىن قانداق بولدى ؟ — دەپ
سورىدى .

— مەن ئۇ ئۆردەكلەرنى بېقىۋالاي ، سىبنىڭ بىلەن بىللە

ئۆتسۈن دەپ كۆڭلۈمگە پۈكۈپ ئۆيدىن چىقسام ، بىر جۈپ ئۆردەك ھېچنەدە يوق . كىشىلەردىن سۈرۈشتۈردۈم ، نەگە كەتكەنلىكىنى ھېچكىم بىلمەيدىكەن ، ئۇ بىر جۈپ ئۆردەك ھازىرغىچە ھەممىمىزگە بىر سىر بولۇپ قالدى ، — دېدى ئوماق .

ئۇلار ئابىدە توغراقنى قايتا ـ قايتا سىلاپ ، ئايرىلىشقا كۆزى قىيماي قۇم دۆۋىسىدىن چۈشتى ۋە خېلى يەرگىچە كەينىگە قاراپ ـ قاراپ قويۇپ ماڭدى .

تۆمۈر ، ئۆردەكلەر ھەرقايسىسى ئۆز ئىچىدە : «مەنمۇ قاناقادەك ئادەم بولىمەن ، ئۇنىڭ كۆتكىنىدەك ئىش قىلىمەن» دەپ ، شۇنداق ئارزۇ ، شۇنداق ئىرادىسىنى كۆڭلىگە پۈكۈپ كەلمەكتە ئىدى .

كىمىكى يېڭىدىن سالسا ئىمارەت ،
ئۇ كېتىپ باشقىسى كۆرىدۇ راھەت .
ۋە لېكىن باشقىدا يەنە شۇ ھەۋەس ،
ھېچكىم بۇ بىنانى پۈتتۈرگەن ئەمەس .

— شەيخ سەئدى

## 4

مەھەللىدىكى ئەرلەردىن بارالايدىغانلىرىنىڭ ھەممىسى بېلىق تۇتقىلى ، ئوۋ ئوۋلىغىلى كەتتى . كۈنچىققانبەگ بىلەن تايۇق ئوماقنىڭ تەلىپى بىلەن قاراقوشۇن كۆلى بىلەن لوپ كۆلىگە بېرىپ كەلمەكچى بولۇشتى . مەسلىھەت بويىچە ، توختاق بىلەن ئۆردەك ئۆيدە قالىدىغان ، ئوماق ئۆزى بىلەن تۆمۈرنى ، كۈنچىققانبەگ چوڭ ئوغلى توختاخۇننى ئېلىپ ماڭىدىغان بولدى . ئايقۇت بىلەن ئۇلامخان ئۇلارغا بىرنەچچە قازان قوتۇرمىچى پىشۇرۇپ بەردى . لوپ كۆلگە كۈنچىققانبەگ كىچىك چېغىدا ئاتىسى بىلەن بىر قېتىملا

بارغانچە كېيىن بېرىپ باقمىغان . تۆلەك بوۋا بىرنەچچە قېتىم بارغان بولسىمۇ ، هازىر قېرىپ قالدى ، ئۇ يەرگە بارغۇدەك ماغدۇرى يوق . لوپ كۆلىگە قانداق بېرىشنى توختىكۆل ئوبدان بىلەتتى ، ئەمما ئۇ تايۇقنىڭ ئورنىدا ئوۋچىلارنى باشلاپ كەتتى . بۇلار قارا قوشۇن كۆلىگە بېلىق تۇتقىلى بارغانلاردىن لوپ كۆلىگە بېرىپ باققانلار بولسا بىللە ئېلىۋېلىشنى ، بولمىسا ئۆزلىرىگە تايىنىشنى مەسلىهەت قىلىشتى . تۆلەك بوۋا ئۇلارغا ماڭار يولىنى تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دېدى :

— هازىر سۇنىڭ سەل سوغۇلغان[1] ۋاقتى . شۇنداق بولسىمۇ كۆلنىڭ بايىرى بىلەن مېڭىڭلار ، لېكىن ساغانلىققا[2] كىرىپ قالماڭلار ، ئاۋارىچىلىكى كۆپ . قاراقوشۇن كۆلىدىن كۇنچىقىشقا مېڭىۋەرسەڭلار كۆل بارغانچە تارلىشىدۇ ، ئاخىرىدا بولتاغا بارىسىلەر . بولتادىن ئۆتسەڭلار تاتىما كۆلىگە بارىسىلەر . بۇ كۆل ئانچە چوڭ ئەمەس ، ئەمما تېرەن . تاتىما كۆلىدىنمۇ كۇنچىقىشقا قاراپ مېڭىۋەرسەڭلار ، كۆل يۇقىرى تەرەپكە سوزۇلغانچە تارىيىدۇ . بۇ تارچۇق ئاخىر بولتاغا ئايلىنىدۇ . بولتادىن ئۆتكىنىڭلار لوپ كۆلىگە كىرگىنىڭلار . قانداق قايتىشنى ئويلاۋاتىسىلەر ؟

كۇنچىققانبەگ جاۋاب بېرىپ :

— تالىشقۇل ، توختاخۇن ، تۆمۈرلەر بىزنى يانداپ كۆل ياقىلاپ مېڭىۋەرسە ، قايتىشتا كۆلشەهىرى خارابىسىنى كۆرگەچ كېلەيلىمىكىن ، — دېدى .

— ئۇ تەرەپكە قايتا ئۆتمەكمۇ تەس ، كۆلشەهىرىگە بارغاندىكىن ، ئۇ يەردىن سەللا يۇقىرىلاپ مېڭىپ ئاتمىشبۇلاقنىمۇ كۆرگەچ كەلمەمسىلەر ، — دېدى تۆلەك بوۋا .

ئۇماق قالاچ قاناقادىن سىرلىق كۆلشەهىرى ۋە ئاتمىشبۇلاق توغرۇلۇق ئاجايىپ سىرلىق ، قىزىقارلىق هېكايىلەرنى ئاڭلىغاندى . شۇڭا بۇ قېتىمقى سەپەردىن ئۇنىڭ خۇشاللىقتىن روهى

---

[1] سوغۇلدى — پەسەيدى ، ئازلىدى («دىۋان» 2 ـ توم ، 173 ـ بەت) .
[2] ساغانلىق — بوك قومۇشلۇق .

بۆلەكچە كۆتۈرۈلۈپ جانلىنىپ كەتتى .
تايوق تۆمۈرگە ياراق ئاتتىن بىرنى تەييارلاپ بەردى ، تالىشـقول ئۆزىنىڭ ئالا پاچاق ئوچقۇر ئىتىغا مىندى ، كونچىققانبەگ ئۆزىنىڭ مىنىشىگىلا بېقىلىۋاتقان ، سېمىزلىكىدىن دومبىسىدە تۇخۇم توختايدىغان ئاق قاشقىلىق جەدىسىگە مىندى ، ئالماشتۇرۇپ مىنىدىغانغا سېمىزلىكى ئوخشاش يەنە بىر ئىتنى تالىشقولغا تاپشۇردى . ئومـاق ، توخـتاخۇن ، تـايوقلار ئۆزلـىرىنىڭ ئىتىغا مىنىشتى .
لوپ كۆلى ، كۆلشەھىرى ، ئاتمىشبۇلاقنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ توختاق بىلەن ئۆردەكنىڭ ئۇلار بىلەن شۇنچە بارغۇسى كېلىپ كەتتى ، ئەمما ئىستىكىنى ئاغزىدىن چىقىرالمىدى . بولۇپمۇ ئۆردەك بۇ قېتىمقى سەپەرگە يارىماي قالغانلىقىنى پەقەت ئۆزىنىڭ كىچىكلىكىدىن كۆردى . مۇشۇ تاپتىلا ھېچبولمىغاندا كىچىك ئاكىسى تۆمۈرچىلىك چوڭ بولۇپ كەتكۇسى كەلدى . ئۇ ئۇلارنىڭ قارىسى يىتكوچە ئىگىز بىر قۇم دۆۋىسىگە چىقىپ قاراپ تۇردى .
— ئاتاملار كەلگوچە بىز ئۆيدىلا ئولتۇرامدۇق ؟ — ئۆردەك ئۆيگە كىرىپ سۇپىدا ئولتۇرۇۋېتىپ كۆڭۈل يىرىمچىلىقىنى ئىپادىلەپ دومسىيىپ تۇرۇپ سورىدى .
ئايقۇت كۈلۈمسىرەپ قويۇپ :
— سىنىڭزە ، ھەممىنى بىلىۋالغۇڭ كېلىدىغان مۇشۇ مىجەزىڭ سىنى جىم تۇرغۇزمايدۇ ـ ھە . كۆڭلۈڭنى يېرىم قىلما ، ئۇلار ئۇ يەرنى كۆرۈپ كەلسە ، بىزمۇ بىر يەرنى كۆرۈپ كېلىمىز ، — دېدى .
— نەگە بارىمىز ؟ ! — ئۆردەك تەقەززالىق بىلەن سورىدى .
— بارغاندا بىلىپ قالىسەن .
— مەن بىلىپ بولدۇم ، «دىۋە ئادەم» نى كۆرۈپ كېلىمىز ھەقىچان ، — دېدى توختاق كۈلۈپ تۇرۇپ ۋە ئاخىرىدا قوشۇپ قويدى ، — تاپتىم ھە .
— ئەجەب ئىغىز ئىتتىكلىك قىلدىڭىز ، ئۆردەكنى ھەيران

قالدۇرايلى دېيدۇق ، — دېدى ئايسۇلۇ توختاقنى جىمىلەپ .
ئۆردەك خۇشاللىقىدىن ئۆي ئىچىدە ئۇيان ـ بۇيان سەكرەپ ئويناقلاپ :
— ۋاھ ، «دىۋە ئادەم»نى كۆرىدىكەنمىز ، «دىۋە ئادەم»نى كۆرگۇدەكمەن ! — دېدى .
بېلىق تۇتقىلى ماڭغانلار تارىم دەرياسىنى بويلاپ ماڭغانىدى . ئۇلار ئات ـ ئۇلاغلىرىنى دەريا بويلىرىدىكى ئوتلاققا قويۇۋېتىپ ، غارغالتىلارغا باغلاپ قويغان كېمىلەرنى ئالدۇ . بەزىلىرى بېلىقنى دەريادىنلا تۇتىدۇ ، كۆپىنچىسى كۆلگە كىرىپ تۇتىدۇ . كۇنچىققاندىن بەگلەر قارا قوشۇن كۆلگە قاراپ ئۇدۇل مېڭىشتى . مەھەللىدىن چىقىپ خېلى كەمگىچە قاقاس قۇملۇقتا ماڭغاندىن كېيىن ، ئۇزۇندىن ـ ئۇزۇنغا سوزۇلغان بوك توغراقلىققا كەلدى . بۇ توغراقلىق كونا ئابدالنى نەچچە يۈز يىللار قۇم ـ بوراندىن ساقلاپ كەلگەن تەبىئىي يېشىل قورغان ئىدى . توغراقلىقتىن ئۆتسىلا كۆل ئانچە يىراق ئەمەس ئىدى . ئۇلار ئاتلىرىنى بۆرە يۇگۇرۇشىگە قويۇپ بەرگەچكە ، كۆل ئاغزىغا چۈشتىن قايرىلغاندا كېلىپ بولدى . كۆل ياقىسىنىڭ بەزى جايلىرى بوك غالدىراڭ قومۇشلۇق ، بەزى جايلىرى قويۇق يېكەنلىك ئىدى . تارىم دەرياسىنىڭ كۆلگە قۇيۇلىدىغان ھاۋزىسىنىڭ بۇ تەرىپىدە كۆلدىن ئايرىلىپ تۇرغان شاخاپچىلەردە چوڭ ـ كىچىك ، ئۇزۇن ـ قىسقا ئون نەچچە كېمە تۇراتتى . كۇنچىققانبەگ ، ئوماق ، تايۇقلار ئاتلىرىنى توختاخۇن ، تالىشقۇل ، تۆمۈرلەرگە تۇتقۇزدى .
ئوماق ئوغلىغا :
— تۆمۈر ، بىز لوپ كۆلگە كېمىدە بارىمىز ، سىلەر ئاتتا بارىسىلەر . بۇ سېنىڭ بۇ يولدا تۇنجى مېڭىشىڭ . ماڭغان يولۇڭغا ، ئەتراپقا ، ئۇچرىغان ـ كۆرگەن نەرسىلىرىڭگە ئوبدان سەپسېلىۋال . يەنە بىر بېرىشلىق بولۇپ قالسا ئازمايسەن ، تالىشقۇل ، توختاخۇن ئاغىلىرىڭدىن ھەرگىز ئايرىلما ، — دەپ تاپىلاپ قويدى .
تالىشقۇللار تۆت ئاتنى ئالدىغا سېلىپ لوپ كۆلىنى نىشانلاپ

يۇرۇپ كەتتى .

كۇنچىققانبەگلەر لوپ كۆلىگە باشلاپ بارىدىغان ئادەم چىقىپ
قالارمىكىن دەپ ئەتراپقا قارىدى . كۆلدە ئادەم كۆرۈنمەيتتى . بې-
لىق تۇتقۇچىلارنىڭ تېخى كۆلگە كەلمىگەنلىكىنى ، ئۇلارنىڭ تېخى-
چە دەريادا ئۈزۈپ يۈرگەنلىكىنى قىياس قىلدى . بېلىقچىلار كېمى-
دە دەريانىڭ ئېقىشى بويىچە ماڭىدىغان بولغاچقا ، ئۇيانغا ئەگىلىپ ،
بۇيانغا قېيىپ مېڭىپ ، كۈن پاتارغا يېقىن يېتىپ كېلىشى مۇمكىن
ئىدى . شۇڭا ئۇلار ئادەملەرنىڭ كېلىشىنى ساقلىماي ، تولەك بوۋ-
نىڭ دەپ بەرگىنى بويىچە كۈنچىقىش تەرەپنى قارا چېنەپ ماڭماق-
چى بولدى .

ئۇلار كەڭ ، ئۇزۇنراق كېمىدىن بىردىن تاللاپ ، شاشقاق ،
ئوقيالىرىنى كېمىگە قويدى . كۈنچىققانبەگ مىلتىق بىلەن ئوقيا
ئېلىۋالغانىدى . ئۇلار بوك قومۇشلۇقتىن كۆلنىڭ ئوچۇق يۈزىگە
چىققۇچە خېلى ئاۋارە بولدى . كۆل قاسىنىقى بوك غالدىراڭ قومۇش-
لۇق بولغاچقا ، كۆل شۇ قەدەر جىم ئىدىكى ، خۇددى سېھىرلەپ
قاتۇرۇپ قويغاندەك تىپتىنچ ئىدى . كۆل يۈزىدە بىرەمۇ چايقىلىش
يوق ئىدى . كۆلنىڭ ئوچۇق يۈزىگە چىققاندىن كېيىن ، ئوماق كېمە
تاياشتىكى كارامىتىنى كۆرسەتتى . كۆل بەك چوڭقۇر ئەمەس ئى-
دى . ئۇ كېمىنىڭ قۇيرۇق تەرىپىدە ئۆرە تۇرۇۋېلىپ ، شۇرۇقنى
كۆل تېگىگە تىركەپ ھەربىر تايىغاندا ، كېمىنىڭ باش قىسمى
سۇدىن سەل كۆتۈرۈلۈپ غۇيۇلداپ بىرپەستىلا خېلى يەرگە بېرىپ
بولدى ، كۈنچىققانبەگ بەكلا ئارقىدا قالدى . تايۇق ئوماقنىڭ كەي-
نىدىن تاياپ كېتىۋېتىپ :

— بەگ قورقۇپ قېلىۋاتىدۇ ، ئاستىراق تايىلى ! — دەپ
توۋلىدى .

ئوماق كېمە تاياشتىن توختاپ ، شاشقاقنى قولىغا ئالدى .
سۇغا قاراپ تۇرۇۋېتىپ ، شاشقاقنى بىر نەرسىگە قارىتىپ شىلتى-
دى . ئاڭغىچە تايۇق يېتىشىپ كەلدى . ئوماق بەش ـ ئالتە ياشلىق
بالا چوڭلۇقىدىكى بىر بېلىقنى تارتىپ چىقتى . بۇ ئارىلىقتا كۈن-

چىققانبەگمۇ يېتىپ كەلدى .

— يۇرت سوراشقا بولغان بىلەن ، كېمە تاياشقا بولمايدىكەنسەن بەگ ، — دەپ ئۇماق كۆنچىققانبەگكە چاقچاق قىلدى . كۆنچىققانبەگ :

— سېنىڭ كېمە تاياشقىلا ئۇستا بولماي ، بېلىق تۇتۇشقىمۇ ئۇستا ئىكەنلىكىڭنى تايۇق ماڭا ئېيتقان . ھەر ئىككىسىگە راستلا ئۇستا ئىكەنسەن . قاراقوشۇنلۇقلارنىڭ بۇ تەرىپىگە قول قويدۇم . تۆت تەرىپىمگە قارىسام كۆپكۆك سۇلا ، ئالدىدا ئىككىڭلار غويۇلداپ كېتىۋاتىسىلەر ، سەل قورقتۇم ، — دېدى .

ئۇلار بېلىقنى بىرپەس تەرىپلەشتى . كۆنچىققانبەگ :

— بۇ يەر كۆل ئاغزىغا يېقىن بولغاچقا ، چوڭ بېلىق بولغان بىلەن بۇنىڭدەك چوڭ بېلىق يوق ، — دېدى .

— نېمىشقا ؟ — تايۇق سورىدى .

كۆنچىققانبەگ جاۋاب بېرىپ :

— لوپ كۆلىگە يېقىنلىغانسېرى سۇ بەك تۇزلۇقلىشىدۇ . تارىمنىڭ كۆلگە قۇيۇلىدىغان يېرىدىكى سۇ تاتلىقراق . شۇڭا بېلىقلار شۇ تەرەپكە بېرىۋالىدۇ . بېلىق تۇتقۇچىلارمۇ شۇ يەرگە يىغىلىۋالىدۇ ، — دېدى .

ئۇماق بىلەن تايۇق كۆنچىققانبەگنى ئوتتۇرىغا ئېلىپ ، ئۆزلىرى ئىككى ياندا تۇرۇپ مېڭىشتى . كۆنچىققانبەگ شۇرۇقنى قانداق تاياشنى ئۇماق بىلەن تايۇقنىڭ تايىشىغا قاراپ ئوبدانلا ئۆگىنىۋالدى ، كۆزىمۇ كۆندى ، يۈرىكىمۇ توختىدى .

كۆنچىققانبەگ ياش چاغلىرىدا كېمە تاياشقا بەك قىزىقاتتى . ھەدېسىلا دەريا ، كۆللەردە كېمە تاياپ ئويناپتتى . ئۇ بىر كۈنى ئاتىسىنىڭ بېلىقچىلىرى بىلەن بىللە ئۆزى ئايرىم بىر كېمىنى تاياپ ، تارىم دەرياسىنىڭ ئېقىشى بويىچە مېڭىپ قاراقوشۇن كۆلىگە كىردى . شۇ چاغدىمۇ سۇ بۇگۈنكىدەك تىپتىنچ ئىدى . ئۇ كېمىنى پالاق بىلەن تاياشنى ياخشى كۆرەتتى . پالاقتا ئولتۇرۇپ تاپايدىغان بولغاچقا ، ئادەم سۇغا يىقىلىپ كەتمەيدۇ دەپ قارايتتى .

كۇنچىققانبەگ تىنچ كۆلدە خاتىرجەم كېمە تاياپ يۈرەتتى ، بىردىنلا
قاتتىق شامال چىقىپ . كۆل دولقۇنى ئۇنى سۈرۈپ ئاپىرىپ بىر
شاخاپچىنىڭ ئىچىگە كىرگۈزۈۋەتتى . بۇ ، ئۇنىڭ ئامىتى بولۇپ
قالدى . بولمىسا كېمىسى ئالىقاچان دولقۇن زەربىسىدە دۈم كۆم-
تۈرۈلۈپ كېتىپ ، كېمىسى بىر يەردە ، ئۆزى بىر يەردە قالاتتى .
شۇنىڭدىن كېيىن كۇنچىققانبەگ كېمە تاياپ كۆلگە كىرىشتىن
قورقىدىغان ، بارغانسېرى كېمە تاياشقىمۇ ئانچە قىزىقمايدىغان بو-
لۇپ قالدى ، زۆرۈر بولغان چاغدىلا ، كېمىگە چىقىدىغان
بولغاندى .

ئۇلار كېمىلەرنى بىر خىل سۈرئەتتە تاياپ ، قاراقوشۇن كۆلى
بىلەن تاتىما كۆلىنى تۇتاشتۇرىدىغان بولتاغا ئاز قالغاندا ، بويىدا
پاختەكنىڭكىدەك ئىنچىكە قارىسى بار ، باشقا يېرى خەسىدەك ئاپ-
ئاق ، غازدىن كىچىكرەك ، بېلىقئالغۇچىلىك چوڭلۇقتىكى يى-
گىرمە نەچچە قۇشنىڭ ئۈزۈپ يۈرگەنلىكىنى كۆردى . تايۇق قۇش-
تىن بىرەرنى ئاتماقچى بولۇپ ئوقياسىنى قولىغا ئېلىۋىدى ، كۇن-
چىققانبەگ :

— ئاتما ، ئاتساڭ ئۇلامخېنىڭنى ئاتقان بولىسەن ، — دېدى .

تايۇق ھەيران بولۇپ سورىدى :

— بۇ نېمە دېگىنىڭ ؟

— «ئاقئۇلام» دېيىلىدىغان ئەتىۋارلىق قۇش مۇشۇ . مەن
يىگىرمە نەچچە يىلدىن بۇيان بۇ قۇشنى مانا بۈگۈن كۆردۈم . بۇ
قۇش كۆپىنچە لوپ كۆلىدىلا يۈرىدىكەن ، باشقا كۆللەرگە ئاندا -
ساندا كېلىپ قالىدىكەن . بۇ بەك ئاز قۇش ، ئېتىشقا بولمايدۇ .
ئابدال ئەتراپىدا ھېچكىم بۇ «ئاقئۇلام»لارغا زىيان - زەخمەت
يەتكۈزمەيدۇ ، قوغلىمايدۇ ، ئۈركۈتمەيدۇ . شۇڭا بۇلار ئادەملەردىن
ئانچە ئۈركۈمەيدۇ ، — دېدى كۇنچىققانبەگ .

ئوماقمۇ كۇنچىققانبەگنىڭ گېپىگە ھەيران قېلىپ ، ئۇنىڭدىن
گەپ سورىماقچى بولغاندى ، ئاڭغىچە ئاقئۇلاملارغا يېقىن كېلىپ
قالدى . دېگەندەك ، ئۇلار كۆل يۈزىدە بەخىرامان ئۈزۈپ يۈرمەكتە ،

بىر ـ بىرىنى قوغلىشىپ ئويناشماقتا ئىدى ، ئادەمدىن ئۈركۈيدى-
غاندەك قىلمايتتى ، كېمىنىڭ ئىككى تەرىپىدە ئۈزۈپ يۈرەتتى .
كۆنچىققانبەگلەرمۇ ئاقئۇلاملارنى ئوبدانراق كۆرۈۋېلىش ئۈچۈن
شۇرۇقلىرىنى كېمىگە قويۇپ تۇرۇشتى . ئاقئۇلامىنىڭ تۇمشۇقى
قىسقا ، كىشمىش ئۆرۈك مېغىزىچىلىك چوڭلۇقتا ، قىپقىزىل بو-
لۇپ ، كۆزى قارىقاتتەك قاپقارا ، بويىندىكى قارا سىزىقچىنى دېمى-
گەندە بېشىدىن قۇيرۇقىغىچە پاختىدەك تۇم ئاق ئىدى ، ھەتتا
پاچىقىمۇ ئاق پايپاق كىيدۇرۇپ قويغاندەك قىسقا ئاق پەرلىك
ئىدى . چىرايلىقلىقىدىن ئوماق بىلەن تايۇق قۇشتىن كۆز ئۈزەل-
مەي قالدى ، مۇمكىن بولسا بىر جۈپتىن تۇتۇۋېلىپ ئەتىۋارلاپ
باققۇسى كەلدى . لېكىن ، بۇلار ئاتا ـ ئانىلىرىدىن ئاڭلىغان نەسى-
ھەتلەردىن شۇنى بىلگەنكى ، مەيلى سۇ ، كۆل قۇشى ، مەيلى قۇ-
رۇقلۇق ، چۆل قۇشى بولسۇن ، ئۆز ماكانىدىن ئايرىلسا ياشىيالماي-
دۇ . شۇڭا لوپلۇقلار باقتۇق دەپ قۇشلارنى قەپەسلەرگە سولى-
ۋالمايدۇ .

كۆنچىققانبەگلەر ئاقئۇلاملاردىن ئايرىلغۇسى كەلمىگەندەك ،
كۆز ئۈزمەي قارىغىنىچە ئاستا ئۆزاپ كېتىشتى . ئاقئۇلاملارمۇ
ئۇلارغا : «خەير خوش» دېگەندەك زىل ئاۋازلىرى بىلەن يېقىملىق
«قىق ـ قۇق ، قىق ـ قۇق»لىشىپ قېلىشتى .

— بۇ قۇشنىڭ ئىسمىغىمۇ ، سىياقىغىمۇ ھەيران قېلىۋاتىد-
مەن ، ئىككىڭلارنىڭ خوتۇنلىرىڭلارنىڭ ئىسمى مۇشۇ قۇشنىڭ
نامىدىن ئېلىنغانىكەن ـ ھە ، — دېدى ئوماق .

كۆنچىققانبەگ كېمىسىنى يانغا توغرا قىلىپ توختىتىپ ، يى-
راقتا قالغان ئاقئۇلاملارغا ئۆزاق قارىۋەتكەندىن كېيىن ، كېمىنى
يەنە يۈرۈش يۆنىلىشىگە سېلىپ ئاستا تاياپ ماڭدى . بەگنىڭ خىيال-
غا پېتىپ قالغىنىدىن ئۇنىڭ ئاشۇ ئاقئۇلاملار توغرىسىدا ئېغىز
ئاچىدىغانلىقىنى قىياس قىلىشقان ئوماق بىلەن تايۇق ئۇنىڭ ئىككى
يېنىغا ئۆتۈپ ، كېمىلىرىنى كېمىسىگە يېقىن ئەكېلىپ ئۇنىڭ
بىلەن تەڭ تاياپ ماڭدى .

ئۇلار ئويلىغاندەك كۆنچىققانبەگ ئېغىز ئاچتى .

— بۇ قۇشنىڭ قىسمىتى توغرىسىدىكى گەپنى ئاڭلىساڭلار تېخىمۇ ھەيران قالىسىلەر ، قۇشقا ئىچىڭلار ئاغرىيدۇ ، ئېچىنىسىلەر . دادامنىڭ ئېيتىپ بېرىشىچە ، ئۇ قۇش ئەسلىدە بىر پەرىزات ئىكەندۇق ، — دەپ كۆنچىققانبەگ بىر ھېكايىنى باشلىدى .

— قايسى چاغلىقى نامەلۇم بىر زاماندا ، تەكلىماكان قۇملۇقىدا ، لوپ كۆلىگە يېقىنمۇ ئەمەس ، يىراقمۇ ئەمەس بىر جايدا بىر بەگ ئۆتكەنىكەن . بەگنىڭ خوتۇنى — بەگچەنىڭ خىزمىتىنى قىلىدىغان ئۇن نەچچە چۆرە قىز بار ئىكەن . بۇ چۆرىلەر ئارىسىدا ئۇلامخان ئىسىملىك بىر قىز بولۇپ ، سۈت بىلەن يۇغۇرغاندەك ئاپئاق ئىكەن ، ئاغزى ئويماقتەك كىچىك ، كالپۇكلىرى بوياپ قويغاندەك قىپقىزىل ، كۆزى قاپقارا ، بويى زىلۋا ، خۇش پىچىم ئىكەن . تېگىدىن ئاقسۇزۇك چىرايى قىزىل كالپۇكى بىلەن قارا كۆزىگە سىلىشتۇرما بولۇپ تېخىمۇ ئاق ، تېخىمۇ چىرايلىق بولۇپ كۆرۈنىدىكەن . بەگنىڭ ئۆيىدىكى چوڭ - كىچىك ئەر - ئايال ھەممىسى ئۇنى «ئاقئۇلامخان» دەپ ئاتىشىدىكەن . ئۇ چۆرە قىزلار بىلەن چېقىشىپ : «مېنى سىلەر شۇنداق دېگەندىكىن ، ئاپئاقلا بولۇپ كېتەي» دەپ ئاق كىيىم ، ئاق پايپاق كىيىپ ، بېشىغا ئاق رومال ئارتىپ يۈرىدىغان بوپتۇ . بۇنىڭ بىلەن ئۇلامخان ئاق پەرىزاتنىڭ سىياقىغا كىرىپ ئالامەت چىرايلىقلىشىپ كېتىپتۇ . ئۇلامخان قىزغا بەگنىڭ كۆزى چۈشۈپتۇ . كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇ قىزغا بەگنىڭ كۆڭلى بەند بولۇپ قالغاندەك ئارامى بۇزۇلۇپتۇ ، كۈندە نەچچە كۆرمىسە چىدىيالمايدىغان دەرىجىگە يېتىپتۇ . قىزغا ئۆزى ئېغىز ئاچاي دېسە ئەسلى ، گەپ سالدۇراي دېسە ، ئارىغا چۈشكەنلەر يۇرتقا يېيىۋەتسە ، ئۆزى ئۈستىدە قوشاقلار توقۇلۇپ ، ئەل - يۇرتتا يۈزى قالماسلىقىدىن قورقۇپتۇ .

بەگنىڭ خوتۇنى ياشتا بەگدىن بىر - ئىككى ياش چوڭ بولۇش بىلەن بىر قېتىم تاغقا چىققاندا ئاتتىن يىقىلىپ چۈشۈپ ، ئوڭ يانپېشى سۇنۇپ كېتىپ ، ئەيىبناق بولۇپ قالغانىكەن . بەگ ئىلاج-

سىز خوتۇننى ئىشقا سالماقچى بوپتۇ .
— ئۇلامخان قىزنى ماڭا ماقۇلغا كەلتۈرۈپ بەرسەڭ ، يۇرتتا ئورنۇڭنى كۆتۈرۈپ ، ھۆرمىتىڭنى چوڭ ، يۈزلۈك قىلىمەن . ئۇنداق قىلمىساڭ ، ئۆزۈڭ بىل ! — دەپ ، بەگ خوتۇنىغا قورقاق ساپتۇ .
ئېرىنىڭ قارامتۇر[1] مىجەزىنى بىلگەن خوتۇنى لېۋىنى چىشلەپ ، دەردىنى ، خورلۇقىنى ئىچىگە يۇتۇپ ، قىزنى ھۇجرىسىغا چاقىرتىپ خىزمەت ئىشلەپتۇ . ئۇلامخان ماقۇل تاپماپتۇ . «مەرتەم - مەرتەم ئۇچ مەرتەم» دەپ بەگنىڭ خوتۇنى ئۇلامخان بىلەن ئۇچ قېتىم سۆزلىشىپتۇ ، چىرايلىق گەپ قىلىپ بېقىپتۇ ، ئالداپ بېقىپتۇ ، قورقۇتۇپ بېقىپتۇ . قىز : «گەپلىك يىگىتىم بار» ، «مەن مۇرۇللۇغلىنىپ بولغان قوشتۇلۇق» دەپ چىڭ تۇرۇۋاپتۇ . بەگنىڭ خوتۇنى بۇ ئىشنى لايىقىدا ھەل قىلالمىسا ئۆزىنىڭ تاشلىنىپ خارلىقتا قالىدىغان ئاقىۋىتىدىن قورقۇپ ، ئۆزىنىڭ يېقىن ئىككى ئادىمى ئارقىلىق ئۇلامخانغا بېسىم قىلماقچى بوپتۇ . «بېگى بەر دېگۈچە ، دوغىسى تالاپتۇ» دېگەندەك ، بەگنىڭ خوتۇنى : «مۇنداقلا بىر قورقۇتۇپ بېقىڭلار» دېسە ، يالاقچىلىرى قىزنى : «ئېسىپ ئۆلتۈرىمىز» دەپ قورقۇتۇپ ، قارا قىلدا ئېشىلگەن ئارغامچىنى ئۇلامخاننىڭ بويىنىغا سېلىشى ھامان ئاسمان «گۈلدۈر - قاراس» قىلىپ قورقۇنچلۇق گۈلدۈرلەپتۇ . گۈلدۈرلەشنىڭ زەربىسىدىن ئۆيلەرنىڭ ياغاچلىرى چېتىقلىرىدىن ئاجراپتۇ ، تامنىڭ سۇۋاقلىرى تۆكۈلۈپتۇ ، چاقماق تېخىمۇ ھەيۋەتلىك چېقىلىپتۇ . بەگنىڭ خوتۇنى بىلەن ھېلىقى ئىككى يالاقچى قورقۇپ تۇرغاندا ، ئۇلامخان لىڭشىدە كۆتۈرۈلۈپ لەگلەك ئۇچقاندەك ئۆرلەپ ئاسمانغا چىقىپ كېتىپتۇ . بەگ ئوردىسىدىكى كىشىلەر ئاسمانغا قارىغىنىچە ئاغزىنى ئېچىپلا قاپتۇ .
شۇ ئىش بولۇپ ئۇزاق ئۆتمەي تارىم دەرياسى بىلەن لوپ كۆلىدە مۇشۇ قۇش پەيدا بولۇپ قاپتۇ . كىشىلەر : «بۇ قۇش ئاشۇ

---

[1] قارامتۇر - قارا نىيەت ، كۆڭلى قارا .

ئاقئۇلام قىزنىڭ ئۆزى شۇ ، ئۇ ئاسماندىن قۇش بولۇپ چۈشۈپتۇ . قۇشنىڭ بويىندىكى قارا بەلدەم ئۇلامخاننىڭ بويىنغا سېلىنغان سىرتماق شۇ » دېيىشىدۇ...

ھېكايە ئوماق بىلەن تايۇقنىڭ يۈرەك تارىلىرىنى چەكتى چېغى ، كېمىلىرنى توختىتىپ ئاقئۇلام قۇشلار قالغان تەرەپكە قاراپ تۇرۇپ كەتتى . ئارىلىق يىراق بولغاچقا ، ئاقئۇلاملار بۇلارغا كەڭ كۆل يۈزىدە ئاتنىڭ ئاق قاشقىسىدەك كىچىككىنە كۆرۈنەتتى . «بەلكى شۇنداقتۇر ، بۇ سىرنى كىم بىلىپتۇ» دېيىشتى ئۇلار ئىچىدە...

تاتىما كۆلى بارغانسېرى تارىيىپ ئاخىر بولتاغا ئايلاندى . بولتا خېلى ئۇزۇن بولۇپ ، ئىككى ۋادىسى كەڭ چاتقاللىق ئىدى . يىراقتا چاتقاللىق بىلەن بولتانى ئورىغان قورغاندەك ياپيېشىل توغراقلىق ئۇزۇندىن ـ ئۇزۇنغا ئۇيۇق بىلەن گىرەلىشىپ تۇراتتى . كۆنچىققانبەگلەرگە ئالدىدا زەڭگەر ئاسمان بىلەن يۇزلىنىپ تۇرغان ، خۇددى زېمىنغا يېيىپ قويغان ئەينەكتەك لوپ كۆلى يىراق ئۇيۇقتا قۇچاق ئېچىپ تۇراتتى ، ئۇلار تاياشنى كۈچەپ تېزلەتتى .

## 5

ئېھ ، لوپ كۆلى ! ئانا زېمىن — تەكلىماكاننىڭ كەھرىۋا كۆزى ، زۇمرەت كۆلى !

تەڭرىتاغ ، پامىر ، قاراقۇرۇم تاغلىرىنىڭ ئاپئاق چاچلىرى ئارىسىدىن تامچىلاپ ئېقىپ ، ئېقىپ ـ ئېقىپ ئېرىق بولۇپ ، ئېرىقلار قوشۇلۇپ دەريا بولۇپ ، چەكسىز يېشىل يايلاقلارنى ، ئېتىز ـ داللارنى ، باغ ـ ئورمانلارنى سۇغىرىپ ، تەشناسىنى قاندۇرۇپ ، ئۇلاردىن ئاشقىنى يىغىلىپ تارىم ، كۆنچى دەرياسى بولۇپ ، ساڭا قۇيۇلغان ، سەن — لوپ كۆلىنى ھاسىل قىلغان . سەن تەكلىماكاننىڭ كىندىكىسەن ھەم يۈرىكىسەن !

تاتىما كۆلىنى لوپ كۆلىگە تۇتاشتۇرىدىغان ئۆزۈن بەلۋاغ — بولتا ئاخىرلىشىپ ، يىراق ياقىسى تىنىق كۆك ئاسماننىڭ ئۇپۇقى بىلەن گىرەلىشىپ تۇرغان كەڭ لوپ كۆلى كۆنچىققانبەگلەرگە قۇچاق ئېچىپ يېقىنلىماقتا . ئېھ ، لوپ كۆلى ، بىز كەلدۇق ، قۇچىقىڭنى ئاچقىنا ، بىزنى باغرىڭغا ئالغىنا ! ئۇلار تەلمۈرمەكتە ، تەلپۈنمەكتە ، خۇددى بالا ئانىسىنىڭ قوينىغا تەلپۈنگەندەك !

ئوماق بىلەن تايۇقنىڭ لوپ كۆلىگە تۇنجى قېتىم كېلىشى . ئۇلار تارىم ، كۆنچى دەريالىرىنىڭ شۇنچە پايانسىز دەشت ، قۇم باياۋىنىنى بېسىپ ئۆتۈپ مۇشۇ كۆلگە قويۇلىدىغانلىقىنى ئاڭلىغان . شۇنچىۋالا سۇنى باغرىغا ئۇنسىز سىغدۇرۇپ كېلىۋاتقان بۇ كۆلنىڭ قانچىلىك تېرەن ، قانچىلىك كەڭلىكىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرەلمەي ھەيران ئىدى . مانا شۇ كۆل كۆز ئالدىدا قۇچاق ئېچىپ تۇرماقتا . كۆلنىڭ كۆنپېتىش مەزگىلىدىكى مەنزىرىسى ئۇلارغا شۇ قەدەر گۈزەل كۆرۈنۈپ كەتتىكى ، ئۇلار مۇشۇ يېشىغىچە بۇنداق چىرايلىق كۆرۈنۈشنى كۆرۈپ باقمىغانىدى . زۇمرەتتەك سۈزۈك ئاسمان بىلەن قوشكېزەك ئاكا - ئۇكا ياكى قوشكېزەك ئاچا - سىڭىلدەك ، كۆككە قۇچاق يېيىپ تۇرغان ، كەڭ كەتكەن كۆل ، ئاسمانمۇ كۆك ، كۆلمۇ كۆك ، گويا كۆك تەڭرىسىنىڭ بىر بوياق كۈپىدىن چىققاندەك . قىزىللىقى ئاستا - ئاستا قىزىللاشقاچ كېڭىيىۋاتقان كەچئارىسى ئالدىدىكى شەپەق ، كۆل قۇچىقىدا ئاجايىپ بىر خىل مەنزىرە ھاسىل قىلىپ جىمىرلىماقتا . كۆك ئاسمانمۇ جىم ، كۆلمۇ جىم ، گويا جاھان جىملىققا چۆككەندەك . ئۆلۈكتەك جىملىقمۇ سۈرلۈك بولىدۇ . كۆل شۇ تاپتا جىملىقى بىلەن شۇنچە سۈرلۈك ، سىرلىق بىلىنمەكتە .

ئاتا - بوۋىلىرىدىن لوپ كۆلىنىڭ ئاجايىپ - غارايىپ سىرلىرى توغرىسىدا ئاڭلىغانلىرى ئېسىگە كېلىپ ، ئۇلارنى سۈر باسقىلى تۇردى . بىر پاراڭدا ، مانا ھازىرلا كۆل ۋاراقلاپ قاينايدىغاندەك ، ئاسمان پەلەك ئۆرلەپ ، ئاندىن يېيىلىپ يامراپ پۈتكۈل دالىنى باسىدىغاندەك . قورقۇدالغان تىلسىم كۆلدىكى كۆھقاپتىن

بىساناق يەجوجى - مەجوجىلەر چىقىپ ، زىمىن يۈزىدىكى جىنى بارلىكى نەرسىلەرنى يالماپ تۈگىتىدىغانلىقى سۆزلەنسە ، يەنە بىر پاراگىدا ، كۈنپېتىش بىلەن تەڭ ئالدىن يېنىك شامال چىقىپ ، كۆل يۈزى چايقىلىدىغانلىقى ، سۇنىڭ ئاۋازىغا تەگكەش ھەر خىل يىقىملىق ئاۋازلار ، كۈلكىلەر ، شوخ ئاھاڭدا ئېيتىلغان تۈرلۈك قوشاقلار ئاڭلىنىپ ، ئارقىدىنلا ئۇقار ، ئاقئۇلامخان ، سۇقسۇرغا ئوخشاش قۇشلار سۇدىن قانات قېقىپ ئۆرلەپ ، ئاسماندا پەرۋاز قىلىپ ئوينايدىغانلىقى ، ئۆز تىللىرىدا سايراپ كەڭ دالىنى چاڭ كەلتۈرۈۋېتىدىغانلىقى سۆزلىنەتتى . يەنە بىر پاراگىدا ، ئاسمان دەھشەتلىك گۈلدۈرلەپ ، چاقماقلار چېقىلىپ ، قاتتىق بوران چىقىپ ، كۆل سۈيى خۇددى قارا قۇيۇندا پىرقىراپ ئاسمانغا چىقىپ كېتىۋاتقان قۇمدەك ئۆرلەپ ، سۇ تۈۋرۈكلىرىدىن چاچراپ چىققان بېلىقلار قۇرۇق كۆلگە قايتىپ چۈشۈپ پىلتىڭلاپ قېلىۋاتقانلىقى ، سۈيىدىن ئايرىلىپ ئىمجانلىشىپ قالغان بېلىقلارنى يەجوجى - مەجوجىلەرنىڭ بىر باشتىن سۈپۈرگەندەك سۈمۈرۈپ يەپ كېتىۋاتقانلىقى ، بېلىقلارنىڭ نادامەتلىك نالە - زارىدىن تولغانغاندەك تاغ بەستلىك بىر باتۇر ئەزىمەت پەيدا بولۇپ ، تۈگىنىڭكىدەك تاپىنىدا ھەر قېتىمدا ئون يەجوجىنى دەسسەپ يەنجىسە ، ھەر ئالقىنىدا يۈزلەپ مەجوجىنى مىجىپ ، ئۇلارنىڭ ئاللا - توۋسىنى چىقىرىپ ، يەجوجى - مەجوجى دېگەنلەرنى كۆزدىن يوقاتقانلىقى ، تاغ بەستلىك باتۇرنىڭمۇ كەينىگە يانغان سۇ تۈۋرۈكى بىلەن بىللە كۆلگە كىرىپ غايىب بولۇپ كەتكەنلىكى بايان قىلىناتتى .

كۈنچىققانبەگلەرگە شۇ ئىشلارنىڭ بىرەرسى ھازىرلا كۆرۈلۈپ قالىدىغاندەك تۇيۇلماقتا ئىدى .

كۈنچىققانبەگ كېمىدە كېتىۋېتىپ ، ئۆزىگە ئۆزى سۆزلىگەندەك :

— كۈن پاتقۇچە تالىشقۇلارنى تېپىۋالساق بولىتتى ، — دېدى .

ئۇماق ، تايۇقلارمۇ شۇ خىيالدا ئىدى . تايۇق :

— كۆل ياقىسى قومۇشلۇق ئىكەن . بىز قىرغاقتا يېقىنلىشى-ۋالايلى ، — دېدى .

شۇنداق قىلماي بولمايتتى . ئۇلار قويۇق قومۇش ئارىلىرىدىن كۈچەپ تاياپ يۈرۈپ كېمىلىرىنى قىرغاققا يېقىنلاشتۇرۇۋالدى . تايۇق كېمىدىن سەكرەپ قىرغاققا چىقتى . كۇنچىقانبەگ بىلەن ئوماق كېمىنىڭ بېشىغا چىگىلگەن ئارغامچىنى تايۇققا تاشلاپ بەر-دى . تايۇق كېمىلەرنى تارتىپ قىرغاققا يېنىچە قىلىپ قومۇشلارغا باغلاپ قويدى . شۇ چاغدا يېقىنلا يەردىن تالىشقۇلىنىڭ قوشىقى ئاڭلاندى . ئېنىقكى ، ئۇلار قومۇشلۇقلارنىڭ شاراق - شۇرۇق قىلغىنىنى ئاڭلاپ ، كېلىشىۋالغان بويىچە ئۆزلىرىنىڭ نەدىلىكىنى بىلدۈرگەنلىكى ئىدى . ئەتراپ بۈك غالدىراڭ قومۇشلۇق بولغاچقا ، قوشاق ئېيتىش ئۇلارنىڭ بىر-بىرىنى تېپىشىش ئۇسۇلى ئىدى . ئوماقمۇ : «بىز بۇ يەردە» دەپ خەۋەر بېرىپ قوشاق ئېيتتى .

مەن كېمەمنى سالدىم بۇگۈن تارىمغا ،
يېتەرمەن دەپ لوپ كۆلدەكى يارىمغا .
خۇدا ئىگەم قىلغىن مەنى ئامانىم[1] ،
بىر يەتكۈزگىن كۆڭلۈمدەكى يارىمغا[2] .

كۈنېپتىپ ، ئەتراپنى گۇگۇم قاراڭغۇلۇقى قاپساپ كەلمەكتە . جىمى ياق بۈككىدە قومۇشلۇق . بۇلارنىڭ قومۇشلۇقنى بۆسۈپ ماڭغاندىكى شاراق - شۇرۇقلىرىغا يېقىنلا بىر جايدىن يەنە شۇنداق ئاۋازلار كېلىپ قوشۇلماقتا .

— بۇ نېمە شاراق - شۇرۇق ؟

— تالىشقۇللار بىر ئەرەپكە كېلىۋاتامدىكىن .

قاراڭغۇ چۈشكۈچە تېپىشىۋالساق بولىتتى ، — يېپىلىپ كېلىۋاتقان گۇگۇم پەردىسىنى بۈك قومۇشلۇق تېخىمۇ سۈرلۈك-

---

[1] مەنى — مېنى ، ئامانىم — ئامانلىقىم .
[2] بۇ سۆزدە كۆڭلۈمدىكى بارلىق ئارزۇ - ئارمانىمغا دېمەكچى .

لەشتۈرۈپ ، كۈنچىققانبەگنىڭ كۆڭۈل ئاسمىنىغا قارا سايە تاشلىماقتا ئىدى .

بۇلار خېلى ماڭغاندىن كېيىن ، غالدىراڭ قومۇشلۇقتىن يۇلغۇن ئارىلاش پاكار قومۇشلۇققا چىقتى . ئەمدى ئۇلارنىڭ ئالدىدا كەڭ بىر تۈز ، گىرىمسەنلىك پەردىسى ئىچىدە غۇۋا كۆرۈنۈپ تۇراتتى . ھەرھالدا ئەتراپىنى كۆرگىلى بولدى .

بۇلارغا ئانچە يىراق بولمىغان يەردە ئېگەر - توقۇمى بىلەن يەتتە ئات ئوتلاپ يۈرەتتى . كۈنچىققانبەگلەر تونۇدى ، ئۇ مۇشۇلارنىڭ ئېتى ئىدى .

— ۋوي ، ئاتلار تۇرىدۇ ، تالىشقۇللار قېنىدۇ ؟ — كۈنچىققانبەگ سورىدى .

— بايا : «بىز بۇ يەردە» دەپ مەلۇملاپ قويۇپ مېڭىپ كەتتۇق ئەمەسمۇ ، تالىشقۇللار بىزنى ئىزدەپ شۇ يەرگە كەتكەندۇ ، — تايۇق بۇ گەپنى نارازىلىقىنى بىلدۈرگەندەك تەلەپپۇزدا ئېيتتى .

بۇ ئۇنىڭ كۈنچىققانبەگكە قىلغان تەئەددىسى ئىدى . ئۇلار بەلگە بەرگەندىكىن ئورنىدىلا تۇرۇشلىرى كېرەك ئىدى ، ئەمما كۈنچىققانبەگنىڭ قاراڭغۇ چۈشكۈچە قومۇشلۇقتىن چىقىۋالايلى ، دېگەن گېپى بىلەن مېڭىپ كېتىشكەنىدى .

ئوچۇق زەڭگەر ئاسماندا يۇلتۇزلار بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى چىمىلدىقلىرىدىن باش چىقىرىپ جىمىرلىشىپ ، بايىقى گۇگۇم گىرىمسەنلىكى سۇزۇلۇشقا باشلىدى . كۈنچىققانبەگلەرنى : «قېنى ، كۆل ۋادىسىنىڭ كېچىلىك مەنزىرىسىنى كۆرۈۋېلىڭلار» دېگەندەك ، پۈتۈن بىر كۈن ئۆزىگە سىڭدۈرۈۋالغان قۇياش نۇرىدىن قايتۇرۇپ شولا چېچىپ ئاي چىقتى . ئاي كېنىزەكلەر ئارىغا ئېلىپ تۇرغان خانىشتەك بىساناق يۇلتۇزلار ئارىسىدا شۇنچە گۈزەل ، شۇنچە يارقىن ئىدى . كەڭ ۋادا بىردىنلا ئالتۇن شولىغا چۆمۈلدى .

كۈنچىققانبەگ ئوغلى توختىدىن ، ئوماق تۆمۈردىن ئەنسىرىدى . توختى ياۋاش ، جىمغۇر بولۇپ ، ئەتراپىدىكى نەرسىلەرگىمۇ دىققەت قىلمايتتى ، يول ماڭسا دەسسەيمۇ ، دەسسىمەيمۇ دېگەندەك

ئايغىنى يەڭگىل ئېلىپ، يەردىن ئۆستۈن قارىماي ماڭاتتى. كور-لا، خوتەندىن كەلگەن ئۇستىلار ئۇنى: «مېڭىشى، مىجەزى رايىش موللىغىلا ئوخشايدۇ، كېيىن چوقۇم موللا بولىدۇ» دېيىشەتتى ۋە ئۇنى «توختاخۇن» دەپ ئاتايتتى، بارا - بارا بۇنداق ئاتاش ئۇنىڭغا سىڭىپ قالدى. كۆنچىققانبەگ دەسلەپ چاقچاق ئورنىدا شۇنداق ئاتاپ يۈرۈپ، ۋاقىت ئۆتكەنچە شۇنىڭغا ئادەتلىنىپ قالغانىدى. تالىشقۇلدىن ھېچكىم ئەنسىرىمەيتتى. ئۇ قاراقوشۇنلۇق، ئابدال-لىقلار ئارىسىدا تونۇق ئىزچى.

كۆنچىققانبەگلەر كەلگەن قومۇشلۇق تەرەپتىن سۇقسۇرنىڭ «قۇق - قۇق» دەپ ئىنچىكە، سوزۇپ سايرىغان ئاۋازى كەلدى. ئاۋازنى كۆنچىققانبەگ تونۇۋالدى. ئۇ تالىشقۇلنىڭ ئاۋازى ئىدى. تالىشقۇل قۇشلارنى دوراپ سايراشقا ئۇستا ئىدى. «سۇقسۇرنىڭ سايرىشى» دىن كېيىن، ئىسقىرتقان ئاۋاز ئاڭلاندى، بۇمۇ تالىش-قۇلنىڭ ئاۋازى ئىدى. ئۇنىڭغا جاۋابەن ئوماق ئىسقىرتتى.

— ئەمدى ماڭماي جايىمىزدا جىم تۇرايلى، — دېدى تايۇق.

ئوماق كۈلۈپ كەتتى. كۆنچىققانبەگمۇ كۈلكە بىلىنىپ تۇر-غان ئاۋازدا:

— مەن ئەمدى بۇ يەردە بەگلىك قىلمايمەن، ئۇچۇڭلارنىڭ ئاغزىغا قارايمەن، — دېدى.

ئوماق بىلەن تايۇق: «بەللى بەگ، بەللى بەگ» دېيىشىپ كۈلۈپ كېتىشتى.

— ھە، نېمىگە كۈلۈۋاتىسىلەر؟ — دەپ تالىشقۇل توختى بىلەن تۆمۈرنى ئەگەشتۈرۈپ يېتىپ كەلدى. ئوماق نېمىگە كۈلۈش-كىنىنى دەپ بېرىۋىدى، تالىشقۇل:

— دېمىسىمۇ بۇ كۆل بويىدا، مۇشۇ بىرنەچچىمىز ئارىسىدا بەگ نېمىش قىلىدۇ، — دەپ كۈلدى.

ئۇلار ئاتلارنىڭ قېشىغا كەلدى، بۇ يەردە يۇلغۇن، قاقشال، سۆكسۆكلەر جىق ئىدى. ئۇلارنىڭ قورساقلىرى ئېچىپ ئىچىگە كىرىپ كەتكەنىدى، شۇڭا شۇ يەردىلا تاماق ئېتىپ يېمەكچى بول-

دى. تالىشقول قازان ئېسىپ، تۇلۇمدىكى سۇدىن قۇيۇپ قايناتىشقا تۇتۇندى، تايۇق ئوماق تۇتقان بېلىقنى ئىككى سىرتلاپ بولۇپ، ئاندىن ئالتە پارچە قىلىپ يۇلغۇن زىخلارغا ئۆتكۈزۈپ ئوتقا قاقلاپ يەرگە سانجىپ قويدى. غولۇتمان ئەتراپقا پاراسلىتىپ ئۇچقۇن چاچرىتىپ لاۋۇلداپ كۆيمەكتە، قۇرۇپ كەتكەن قاقشال، سۆكسۆك كۆتەكلىرىگە يېقىلغان غولۇتماننىڭ ئۆتكۈر يالقۇنى بايىقى شولىلارنى سۈمۈرۈۋالغاندەك ئەتراپنى يەنە قاراڭغۇلۇق قاپلىدى. پەقەت ئاي بىلەن يۇلتۇزلارلا سۇس چاقناپ كۆرۈنەتتى. بۇ، كېچىسى كۈچلۈك ئوت يېنىدا تۇرغان كىشىلەرلا كۆرىدىغان مەنزىرە ئىدى. ئۇلار كاۋاپ بولغان بېلىق گۆشىنى زىخ بىلەن تۇتۇپ يەۋاتقاندا، يىراق بىر يەرلەردىن سوزۇپ - سوزۇپ ھۇۋلىغان سۈرلۈك ئاۋازلار ئاڭلىنىشقا باشلىدى. بۇ سۈرلۈك ئاۋازلار بۆرىنىڭ ھۇۋلىشى ئىدى. بۇ سەزگۈر - تۇيغۇن مەخلۇق يىراقتىنلا ئوت شولىسىنى سېزىۋالغانىدى. بۆرىنىڭ ھۇۋلىشى، ئۇلارنىڭ بىرەر ئىشتىن بىر - بىرىگە خەۋەر بەرگەنلىكى ئىدى.

— قارۇشقۇ![1] — كۇنچىققانبەگ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى، — بولمىدى، بىز كېچىچە ئوت قالاپلا چىقمايمىز. ئۆزىمىز ئوت يېنىدا تۇرۇۋالغىنىمىز بىلەن ئاتلارغا چاتاق بولىدۇ. تېزرەك ئاتلارنىڭ غېمىنى قىلايلى.

ئاۋازنىڭ ئاڭلىنىشىدىن بۆرىلەر يىراقتا ئىدى، ئەمما ھايالشىماي كېلىپ قېلىشى مۇمكىن. ھەممىسى جىددىيلىشىپ قالدى. بولۇپمۇ كۇنچىققانبەگ جىددىيچىلىكتە تۇرالماي قالدى. يىگىرمە يىلنىڭ ئالدىدىكى «بۆرە ساۋىقى» ئۇنىڭ ئېسىدە ئىدى.

كۇنچىققانبەگ يىگىرمە نەچچە يىلنىڭ ئالدىدا كىشىلەر ئاغزىدىن نامىنى تولا ئاڭلايدىغان «كۆلشەھىرى» نى كۆرۈپ باقماق بولۇپ، ئاتىسىنىڭ ئۈچ - تۆت ئوۋچىلىرى بىلەن ئۇ يەرگە كەلگەنىدى. ئۇ چاغدىمۇ بۈگۈنكىدەك كەچرەك كېلىپ قالغانىدى. ئاتلىرىنى سايغان قومۇشلۇققا چۇشەپ قويۇپ بېرىپ، ئۆزلىرى بىر

[1] قارۇشقۇ — بۆرە.

ياراڭلىق ئاستىغا ئوت يېقىپ تاماق يەۋاتقاندا ، خۇددى ھازىرقىدەك بىرقانچە بۆرە ھۇۋلاشقان . ئۇلار بۆرىنى يىراقتا ئىكەن دەپ تامىقىنى بەخىرامان يەپ بولۇپ ، ياراڭلىق ئۈستىدىن ئەپلىك بىر يەرنى تېپىپ ئۇخلىغان . ئەتىسى ئەتىگەندە قارىسا ، بىر ئاتنى بۆرىلەر يەپ ئۈستىخىنىنىلا قويغان ، يەنە بىر ئاتنى چالا يەپ تاشلىۋەتكەن...

— كۆل ئېغىزىغا يېقىن يەردە بىر ئارالچاق بولىدىغان ، — تالىشقۇل قولىدىكى بىلىق كاۋىپىنى تۈتقىنىچە مېڭىۋېتىپ گېپىنى داۋاملاشتۇردى ، — مەن كېمىلىك قاراپ كېلەي ، سىلەر ئوتنى بىرنەچچە يەرگە كۆچۈرۈپ ، ئۈستىگە چوڭ - چوڭ كۆتەكلەرنى تاشلاپ قويۇپ ، ئاتلارنى قومۇشلۇق ئىچىگە ئەكىرىپ كېتىڭلار .

ئوماق بىلەن تايۇق ، ئۇلارغا ئەگىشىپ قالغانلىرى تېز - تېز ھەرىكەت قىلىپ ، ئوتنى دائىرە ھاسىل قىلىپ ئالتە يەرگە كۆچۈرۈپ ، ئۈستىگە قۇرۇق سۆكسۆكلەرنى تاشلاپ قويىدى ، ئاندىن ئاتلارنى جەملەپ قومۇشلۇق ئىچىگە ھەيدەپ تۇرۇشىغا ، كۆل ئاغزى تەرەپتىكى قومۇشلۇق ئىچىدىن كۈچلۈك ئىسقىرتقان ئاۋاز ئاڭلاندى . كۇنچىققانبەگلەر ھەرقايسىسى ئۆزىنىڭ ئېتىغا مىنىپ ، تالىشقۇلنىڭ ئېتى بىلەن بەگنىڭ زاپاس ئېتىنى ئالدىغا سېلىپ قومۇشلۇق ئىچىگە كىرىپ كەتتى . ئاتلار سۇنى شالاپلىتىپ كېچىپ كېتىۋاتاتتى ، تالىشقۇل غازنى دوراپ بىرنەچچىنى غاقىلىدى . كۇنچىققانبەگلەر شۇ تەرەپكە ماڭدى . تالىشقۇل ئەتراپى يېكەنلىك كىچىك بىر ئارالچاقنىڭ يېنىدا كېمىدە ئۆرە تۇراتتى . ئۇلار ئاتلارنى ئارالچاققا چىقىرىپ قويدى .

— ئەمدى بىز كېمىلىرىمىز بار يەرگە بېرىپ قارۇشقۇ ئويۇنى ئوينىمىدۇق ، — دېدى تالىشقۇل مەنىلىك قىلىپ .

ئۇنىڭ «قارۇشقۇ ئويۇنى» دېگەن گېپىنى تۈمۈردىن تارتىپ ھەممىسى چۈشەندى . ئۇلار تالىشقۇل تاپاپ كەلگەن كېمىگە ئولتۇرۇپ كېمىلىرى بار يەرگە كەلدى . ئۇلار كېمىلەرنى ئوچۇقچىلىق ئاغزىغا ئەكېلىپ باغلاپ قويغانىدى . قارىسا ئون نەچچە بۆرە غولۇت-

مانلارنىڭ ئەتراپىدا تۇراتتى . بەزىلىرى زوڭزىيىپ ئولتۇرسا ، بە-
زىلىرى ئۆرە تۇراتتى . تۇرقىدىن ئۇلار ئوتنىڭ ئۆچۈشىنى كۈتمەك-
تە ئىدى .

گەپنى يەنە تالىشقۇل قىلدى :

— قارۇشقۇ كۈچلۈك ئوتقا قاراپ تۇرغاندا كۆزى چاڭقىيىپ ،
يېنىدىكى نەرسىنىمۇ ئېنىق كۆرەلمەيدۇ . ئولجىنى جىقراق قىلايلى
دېسەك ، ئوقيا بىلەن ئاتايلى ، — دېدى ئۇ ، كۈنچىققانبەگنىڭ
مىلتىققا قول ئۇزىتىۋاتقىنىنى كۆرۈپ .

تالىشقۇل توغرا ئېيتقانىدى . مىلتىقتا بىرنىلا ئاتقىلى بولىد-
دۇ ، قالغان بۆرىلەر مىلتىقنىڭ ئۈنىدىن قورقۇپ قېچىپ كېتىدۇ .
بىر بۆرىنىڭ قاتاردىن قېلىشى باشقىلىرىغا ھېچقانچە چىقىم ئە-
مەس . ئۇلار قاچسىمۇ يىراققا كەتمەي ماراپ تۇرۇشىدۇ ، كېچىچە ،
يەنە ئەتىمۇ ئاۋارىچىلىك سالىدۇ .

تۆتى تۆت غولۇتمان ئەتراپىدىكى بۆرىنى ئاتماقچى بولۇپ ،
بىردىن بەلگىلىۋېلىشتى . غولۇتمانلار بىر - بىرىگە ئانچىمۇ يېقىن
ئەمەس ئىدى . ئۇ يەردە يىقىلغان بۆرىنى باشقا يەردىكى بۆرىلەر
بىلمەي قالاتتى . ھەرقايسىسى چەتتىرەك تۇرغان بۆرىنى چېنەپ
ئوقيالىرىدىن ئوق ئۈزۈشتى . ئۈزۈلگەن ئوقلار زايە كەتمىدى .
تۆت بۆرە يىقىلدى ، بۇنى باشقا بۆرىلەر سەزمەي قالدى . ئىككىنچى
قېتىملىق ئوقتا يېنىدىكى بۆرىنىڭ پالاقشىپ يىقىلغىنىنى كۆرگەن
باشقا بۆرىلەر ئۆزلىرىگە خەۋپ كەلگەنلىكىنى تۇيۇپ سەگەكلەشتى-
يۇ ، خەۋپنىڭ ھېچبىر شەپىسى بولمىغاچقا ، جېنىنى قايسى تەرەپكە
ئېلىپ قېچىشنى بىلەلمەي تېڭىرقاپ قېلىشتى - دە ، يەنە شۇ ئانلا
ھەرقايسىسى ھەر تەرەپكە قېچىشتى . كۈنچىققانبەگلەر بۆرىلەر قې-
چىپ كېتىۋاتقان تەرەپكە قارىدى . ئۇلار دەسلەپ ھەر تەرەپكە
پىتىراپ قاچقان بولسىمۇ ، قېچىپ كېتىۋېتىپ بىر - بىرىنىڭ
ھىدىنى ئېلىشىپ ، ئاستا - ئاستا بىر - بىرىگە يېقىنلىشىپ ،
ئاخىر توپ بولۇۋالدى . بۇلۇتسىز كېچىنىڭ يورۇقىدا بۆرىلەرنىڭ
ئېگىز بىر تۆپىلىكتە غولۇتمان يالقۇنجاپ تۇرغان تەرەپكە قاراپ

تۇرۇشقىنى ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇراتتى .
— قاراڭلار ، — تالىشقۇل بۆرە توپىنى كۆرسەتتى ، — ئوتتۇرىدا تۇرغىنى مۇشۇ بىر توپ قارۇشقۇلارنىڭ قاشقىسى ئوخشايدۇ . ئۇنىڭ شۇ تاپتا نېمىگە قاراۋاتقانلىقىنى بىلەمسىلەر ؟
ئوماق تالىشقۇلغا قاراپ كۈلۈپ قويۇپ دېدى :
— بۇنى بىلمىگەن لوپلۇق قانداق ئوۋچى بولىدۇ . قارۇشقۇ قىساس ئېلىشنى ئۆلگۈچە ئۇنتۇمايدىغان ، بىرى ئۈچۈن يەنە بىرى ، بەلكى بىرنەچچىسى جان ئېتىپ تۇرىدىغان ئاجايىپ قىساسچى هايۋان . بىر تورۇشەن① ئۈچۈن نەچچە يۈزلۈك بىر قوتان قوينى بوغۇپ تاشلىۋېتىپمۇ يەنە قىساس خۇمارىدىن چىقمايدۇ . شۇ تاپتا ئۇ ئۆز توپىنىڭ ياغىسىنى بىلىۋالماقچى بولۇپ قاراپ تۇرىدۇ . بىلىۋالسىلا ئۇنىڭ پېيىگە چۈشىدۇ .
— بىزگە ياخشى تەرىپى ، بۇ قارۇشقۇلار بىزنىمۇ ، ئاتلىرىمىزنىمۇ كۆرمىدى ، شۇڭا بىزنىڭ ئىزىمىزغا چۈشەلمەيدۇ ، — دېدى تايۇق .
كۈنچىققانبەگ ئوماق بىلەن تايۇققا قاراپ :
— مېنى گېپىدە تۇرماي بەگلىك قىلىۋاتىدۇ ، دېسەڭلارمۇ مەيلى ، مەسلىھەتىمنى بېرىپ باقاي ، بۈگۈن بۇ كېچىنى كېمىدە ياكى ئاتنى ئۆتكۈزۈپ قويغان ئارالچاقتا ئۆتكۈزەيلى . قارۇشقۇ بىزنى بىلمەيلا قالسۇن ، — دېدى . تالىشقۇل كۈلۈپ :
— بۇنى بەگلىك قىلدى دېمەيمىز ، مەسلىھەت بەردى دەيمىز . كېچىنىغۇ كېمىدە ياكى ئارالدا ئۆتكۈزەرمىز . ئەتىچۇ ؟ ئەتىمۇ كېمىدە ياكى ئارالدىلا تۇرىۋېرىمىزما ؟ قارۇشقۇلار مۇشۇ ئولتۇرۇشىدا تاڭ ئاتقۇچە ئولتۇرىدۇ . شۇڭا...
تالىشقۇل گېپىنىڭ ئاخىرىنى دېگۈچە كۈنچىققانبەگ : «بىلدىم» دېدى ـ دە ، قولىغا مىلتىقىنى ئالدى ، ئوماقمۇ ئوقيانى ئالدى . ئىككىسى مەسلىھەتلىشىۋالغاندەك ، كۈنچىققانبەگ توختىغا ، ئوماق تۆمۈرگە ئېتىمنى ئەكېلىپ بەر ، دېدى .

① تورۇشەن — توڭگۇز بالىسى .

— نەگە بارىسلەر ، بۆرە ئاتقىلى ؟ — تايۇق سورىدى .

— شۇنچىلىك ئاتقىنىمىزمۇ بولار . قىساس ئۈتىغا ياغ چاچمايدىلى . ئۇركۇتۇپ يىراققا كەتكۈزۈۋېتەيلى دەيمىز ، — دېدى كۇنچىققانبەگ .

ئات كەلدى . ئۇلار ئاتلىرىغا مىنىپ يان تەرەپ بىلەن كېتىشتى .

ئانچە ئۇزاق ئۆتمەي مىلتىق ئاۋازى ئاڭلاندى . جىمجىت كېچە بوشلۇقىدا بۇ ئاۋاز تەرەپ - تەرەپتە ئەكس سادا بېرىپ ، كەينى - كەينىدىن مىلتىق ئېتىلغاندەك بىلىنىپ كەتتى ، ۋەھىمىسى قاتتىق بولدى . ۋەھىمە سۈرىدىن قورقۇپ ، بۆرىلەر يىراقلارغا كەتكەن چېغى ، پۈتۈن بىر كېچە ھۇۋلىغىنى ئاڭلانمىدى ، ئەتىسى قارىسىمۇ كۆرۈنمىدى .

كۇنچىققانبەگ ، ئوماق ، تايۇقلار كۆلنى ئايلىنىپ كۆرمەكچى بولۇۋىدى ، تالىشقۇل :

— كۆلنىڭ ئىچى سۇ ، چۆرىسى مانا مۇشۇنداق قومۇشلۇق ، بەزى يېرى يېكەنلىك ، يەنە تېخى بەزى جايلىرى سازلىق ، ئادەم ، ئات - ئۇلاغ دەسسەپلا قالسا چىقالمايدۇ ، چۆكۈپ كېتىدۇ ، قانچە كۆرسە شۇ سۇ ، شۇ كۆل ، — دېدى .

كۇنچىققانبەگ بىلەن تالىشقۇلنىڭ مەسلىھەتى بويىچە ئەتىگەنكى كۆرۈش بىلەن بولدى قىلدى . ئۇلار كۆلشەھرىنى كۆرىدىغان بولغاچقا ، ئاتقان سەككىز بۆرىنى سويۇپ تېرىلىرىنى كېمىلەرگە بېسىپ ، تۇزلاپ قويدى . قايتقاندا توختى يا تۆمۈرگە ئادەم قوشۇپ ئەۋەتىپ ئالدۇرماقچى بولدى . كۇنچىققانبەگ ، ئوماق ، تايۇقلار كۆلنىڭ كۈنپېتىش تەرىپىنى ئاتلىق يېرىم كۈن كۆردى . كۆلدىن يىراقلاشقانسېرى قويۇق يۇلغۇن ، سۆكسۆكلەر شالاڭلاپ ، چاكاندا ، قامغاق ، سايغان قومۇشلار ئۇلارغا بىر مەھەل ھەمراھ بولۇپ ، كېيىن ئۇمۇ يوقاپ ، باشقا بىر مەنزىرە — قۇم بارخانلىق چەكسىز جەزىرە كۆرۈندى . ئوماق : «نېمانداق ئوخشاش قۇملۇق بۇ ، كۆلشەھرى مۇشۇ قۇملۇقنىڭ ئىچىدە بولسا كېرەك» دەپ ئويلاپ كەلمەكتە .

## 6

كۆز ئالدىدىكى مەنزىرىگە قاراپ ئۇماق ھەيران - ھەس ئىدى ، كۆرۈنۈشلەرنى تولۇق كۆرۈۋېلىشقا ئىككى كۆزى يېتىشمەي قال- دى . ئۇ ئەنە شۇنداق بىتاقەت بولۇپ ، پۈتۈن دىققىتىنى جەم قىلىپ قاراپ كەلمەكتە ئىدى . يېنىدىلا كېتىۋاتقان ئوغلىنىڭ : «ئاتا ، بۇ قانداق جاي ؟» دېگەن سوئالىمۇ قۇلىقىغا يىراقتا ئېيتىلغاندەك بوش ئاڭلاندى . «راست ، بۇ يەر قانداق جاي ؟» تۆمۈرنىڭ سوئا- لىدىن ئېسىنى يىغىۋالدى . ئالدىدا كېتىۋاتقان تالىشقۇلدىن سورىدى :

— تالىشقۇل ، بۇ قانداق جاي ؟

تالىشقۇل ئېرەنسىز جاۋاب بەردى :

— ھە ، بۇ بورانلىق دېگەن جاي . بۇ يەردىن ئۆتسەك كۆلشە- ھىرىگە بارىمىز .

— نېمە ! بورانلىق دېدىڭما ؟ — كۈنچىققانبەگنى قورقاق باستى بولغاي ، چۆچۈگەندەك گەپ قىلىپ كەتتى ، — كۆرۈنۈشىدى- دىنلا بوران ئۇۋىسىدەك قىلىدۇ ، بوران چىقىپ قالمىسۇن ، ئىت- تىك كېتىۋالايلى .

ئۇماق بۇ ھەر خىل ، غەلىتە ، غارايىپ كۆرۈنۈشلەرنى تولۇق كۆرۈۋېلىش ، بىلىۋېلىش ئويىدا ، كۈنچىققانبەگ ، تالىشقۇللار تېز كېتىۋېلىشنىڭ كويىدا .

كېيىپ - يونۇغاندەك يەككە ۋە تۈتاش تىك قىيالىق ياردالى- لىقلار ، غەلىتە ، ئېگىز قۇم دۆۋىلىرى ، قۇم دۆۋىلىرى ئارىلىرىدى- كى ئەگرى - بۈگرى ، كەڭ - تار جىلغىلار ، ئارىلاپ - ئارىلاپ قىرىپ تەكشىلەپ قويغاندەك تۈز كەتكەن قۇملۇقلار كىشىدە ئايىغى ئۈزۈلمەس ، تېگى كۆرۈنمەس چەكسىز ، چوڭقۇر خىيال پەيدا قى- لاتتى . باشقا جايدىكى قۇم دۆۋىلىرى بېلىق قاسىراقلىرى شەكلىدە كۆرۈنسە ، بۇ يەردىكىلىرى بەيگىگە چۈشكەن داۋانلارغا ، بىر قارىسا

ئۆملەپ كېتىۋاتقان غايەت زور مەخلۇققا ئوخشايتتى . بەزى قۇم دۆڭلىرى ئۇزاق زامانلاردىن بېرى شامال - بوران يالاپ سىلىقلىشىپ كەتكەن . بەزىلىرىنىڭ شەكلى گۇل تەشتىكىگە ئوخشىسا ، بەزىلىرى ئاستى كىچىك ، ئۇستى چوڭ ناغرىغا ، يەنە بەزىلىرى ئوتتۇرىسى بوغماق قاپاققا ئوخشايتتى . بۇ غەلىتە ، ئاجايىپ - غارايىپ كۆرۈنۈشلەر لوپ كۆلى رايونىنىڭ سىرلىق ، تىلسىملىق جايلىقىنى بىلدۈرۈپ تۇراتتى . ئوماق يېنىدا كېتىۋاتقان ئوغلىغا تاپىلاپ كەلمەكتە :

— تۆمۈر ، ئوبدان كۆرۈۋال ، بۇ كۆرۈنۈشلەرنىڭ تېگىدە چوقۇم سىر بار ، پات - پات كېلىپ كۆرۈپ تۇرساق بولغۇدەك . قارىغىنا ، ئاۋۇ قىيالىق بىلەن ماۋۇ تىك دۆڭگە ، بۇ ، مەن ئاكاڭ توختاق بىلەن تېمەنپۇدا كۆرگەن مۇنار دۆڭگە ئوخشايدىكەن ، — ئوماق ئوغلىغا ھەربىر كۆرۈنۈشلەرگە ئوبدان زەن سېلىپ كۆرۈۋېلىشنى ئەنە شۇنداق تاپىلاپ تۇراتتى . تۆمۈرنىڭمۇ بالىلىق قىزىقىشى ، تەسەۋۋۇرى شۇ تاپتا قاناتلىنىپ ، يىراق - يىراقلاردا پەرۋاز قىلماقتا ئىدى...

ئوماق ئويلىماقتا ، ئۆزى ئالدىغا قاراپ مېڭىۋاتسىمۇ ، كۆزى ئارقىسىدا ، ھېلىقى غەلىتە ياردائىلىقتا قالغانىدى . «ئەجەب ئىش ، تالىشقۇل بىرنەچچە قېتىم كېپتىكەن ، لېكىن بۇ يەردە ھېچنېمە كۆرمىگەندەك ، ئۇ توغرۇلۇق بىر ئېغىزمۇ تىنىپ قويمايدۇ . كۆنچىققانبەگچۇ ؟ يىراق بوۋىلىرى لوپ كۆلى ئەتراپىدىكى بىر يۇرتتا بەگ بولغانىكەن . شۇنىڭدىن تارتىپ ئۇلار بەگلىكنى ئاتىدىن بالا ، بالىدىن بالا مىراس ئېلىپ بۈگۈنگىچە بەگ بولۇپ كېلىۋېتىپتۇ ، لېكىن بوۋىلىرى توغرىسىدا ھېچنېمە بىلمەمدىغاندۇ . قالاچ قاناقانىڭ خورسىنىدىغىنى ، ئېچىنىدىغىنى مۇشۇنداق ئىشلاركەن - دە...» ئوماق ئويلايتتى ، ئويلىغانسېرى ئۇنى ئوي باساتتى .

كۆنچىققانبەگلەر كۆن پاتقان مەھەلدە بىر تۆپىلىككە كېلىپ قالدى . تۆپىلىك تۈز بولۇپ ، لوپ كۆلى ئەتراپىدا كۆرگەن شەكلى ناغرىغا ، بوغماق قاپاققا ئوخشايدىغان كۆرۈنۈشلەر بۇ يەردىمۇ بار

ئىدى. ئۇ يەردىكىسى ئۇزۇندىن ـ ئۇزۇنغا سوزۇلغان بولسا، بۇ يەردىكىسى كەڭ بىر دائىرىدە ئىدى. يەنە بىر چوڭ پەرق، بۇ يەردە يەردىن ئېگىز ـ پەس چوقچىيىپ چىقىپ تۇرغان، قالايمىقان چېچىلىپ ياتقان ياغاچلار جىق ئىدى. بەزى ياغاچلارنىڭ ئىككى يېنى يونۇلغان، تۆشۈك ئېچىلغان؛ بەزى ياغاچلار بىر ـ بىرىگە چېتىلغان ھالەتتە. ياغاچلارنىڭ ئاقىرىپ ۋە چاك ـ چاك يېرىلىپ كەتكىنىگە قارىغاندا، بۇ ياغاچلارنىڭ ناھايىتى ئۇزاق زاماندىن بېرى ئاپتاپ چىقىپ، شامال يالاپ مۇشۇ ھالغا كېلىپ قالغانلىقىنى بىلمەك تەس ئەمەس. بۇنى لوپلۇقلار ياغاچقا قاراپلا بىلەلەيدۇ.

— بۇ قەيەر، كۆلشەھىرى دېگەن يەر مۇشۇمۇيا؟ — ئوماق ئەتراپقا قارىغاچ سورىدى. ئوماق بۇ سوئالنى بىرەرسىگىلا ئېيتمىغان بولسىمۇ، سوئالغا پەقەت تالىشقۇللا جاۋاب بېرەلەيتتى.

— ھە، كۆلشەھىرى دېگەن يەر مۇشۇ، — خۇددى قونداقتىكى قارچىغا ئولجا ئىزدەپ ئۇيان ـ بۇيان قارىغاندەك، تالىشقۇل ئات ئۈستىدە ئەتراپقا ئېڭىكىنى كۆتۈرۈپ قاراۋېتىپ جاۋاب بەردى.

— ئۇنداق بولسا، — دېدى كۇنچىققانبەگ، — بىر يەرنى تېپىپ چۈشكۈن قىلايلى.

— مەن شۇڭا ئوبدان بىر يەرنى تاللاۋاتىمەن، — تالىشقۇل جاۋاب بېرىپ بولۇپ، — تۇرۇپ تۇرۇڭلار، — دەپ قويۇپ ئېتىنى سوكۇلدىتىپ نېرىدىكى بىر دۆڭلۈككە قاراپ كېتىپ قالدى.

ئوماق، تايۇق، تۆمۈرلەر ئەتراپقا خۇددى بىر نەرسە ئىزدەۋاتقاندەك قىزىقىپ قاراۋاتاتتى. كۇنچىققانبەگنىڭ بۇ يەرنىڭ مەنزىرىسىگە راستتىنلا قىزىقىۋاتقانلىقىنى ياكى مۇنداقچىلا قاراپ قويۇۋاتقانلىقىنى بىلگىلى بولمايتتى. توختى بولسا ئەتراپقا پەرۋا قىلمىغاندەك كەيپىياتتا ئىدى.

— تالىشقۇل كېلىڭلار دەۋاتىدۇ، — دېدى كۇنچىققانبەگ.

تالىشقۇل دۆڭدە تۇرۇپ كېلىڭلار، دېگەن قول ئىشارىسى قىلىۋاتاتتى. ھەممىسى شۇ تەرەپكە ماڭدى. تالىشقۇل تۇرغان دۆڭ-

نىڭ ئاستى كۆڭۈلدىكىدەك دالدا يەر ئىكەن. ئۇلار شۇ يەرگە چۈشتى. ئاتلارغا تۇلۇمدىكى سۇدىن ئازراقتىن بېرىپ، چۇشەپ قويۇپ بەردى. ئۆزلىرى تەييار ئۇجۇل بولمىقى قاتمىسى بىلەن تاۋا ناندىن ئىككى كېسىمدىن يەپ، سۇ قاچىلىرىدىكى مەخسۇس قىلىنغان ئۇسسۇزلۇقىدىن ئىچىشتى.

— بۇ يەرنى نېمىشقا كۆلشەھىرى دەيدۇ، ئەسلى ئىسمى شۇنداقمۇيا؟ — تاماقلىنىپ بولغاندىن كېيىن، ئوماق تالىشقۇلدىن سورىدى.

— قېرىلار بۇ ۋەيرانىلىكنى كۆلشەھىرى دېيىشىدىكەن، قانداق شەھەر، قاچانقى شەھەرلىكى، قانداقسىگە بۇنداق بولۇپ قالغانلىقىنى، ھەركىم ھەر خىل دېيىشىدۇ، — تالىشقۇل كۇنچىققانبەگكە قاراپ قويۇپ يەنە دېدى، — بەزىلەر بۇرۇن ئابدال بەگلىكى مۇشۇ يەردە تۇرۇپ يۇرت سوراپتىكەن دېيىشىدۇ.

— بۇگۇن بەك تالجىقىپ كەتتۇق، — كۇنچىققانبەگ ئۆزىگە ياتىدىغان جاي راسلاۋېتىپ دېدى، — ئوبدان ئۇخلاپ، قالغان گەپنى ئەتە قىلىشايلى.

دېمىسىمۇ بۇلار لوپ كۆلىدىن بۇ يەرگە كەلگۈچە قۇملۇقتا ھېلى يۇقىرى چىقىپ، ھېلى پەسكە چۈشۈپ ماڭغاچقا بەكلا چارچىغانىدى. كۇنچىققانبەگ، تالىشقۇل، توختى، تۆمۈرلەر يېتىپلا ئۇيقۇغا كەتتى. ئوماق بىلەن تايۇق خىيال ئالىمىنى كەزمەكتە ئىدى.

ئوماق لوپ كۆلى ئەتراپى — بورانلىقتىكى كۆرۈنۈشلەر بىلەن بۇ يەردىكى كۆرۈنۈشلەرنى سېلىشتۇراتتى. «بۇ كۆلشەھىرى قاچاندىكى يۇرت بولغىيدى، قالاچ قاناقا ئېيتقان ئەجدادلار ئىزلىرى مۇشۇنداق ئىزمىدۇ؟ ئەگەر شۇنداق بولسا، ئۇلار قايسى ئەجداد، بۇ شەھەر قاچان، قانداقسىگە ۋەيران بولغان؟ بۇ ئىزلاردىن بىزگە نېمە چىقىدۇ؟ بۇنى قاناقا نېمىشقا ئوچۇق دەپ بەرمەيدۇ» دەپ ئويلايتتى. تايۇق بولسا يۇرت بېگىنىڭ بەگلىكنى قوشنا بەگلىكلەرگە كۆز - كۆز قىلىمەن دەپ، ئاقىۋەتتە پۈتۈن يۇرتنىڭ خاراب

بولۇشىغا سەۋەب بولغىنىنى، بۇ ئىشلارنى كۆنچىققانبەگنىڭ بىلىدىغان - بىلمەيدىغانلىقىنى ئويلايتتى. ئۇ ئىشلارنى تايۇقتا قالاچ قاناقا: «ئاغزىڭدىن چىقىپ كەتمىسۇن» دەپ شەرت قويۇپ تۇرۇپ ئېيتىپ بەرگەنىدى. كۆلشەھىرىنىڭ گېپى چىقسىلا، كۆنچىققانبەگنىڭ بىر بولسا ئاڭلىمىغانغا سالىدىغانلىقىنى، بىر بولسا، گەپنى باشقا تەرەپكە تارتىپ كېتىدىغانلىقىنى ئويلاپ، «بىلىدىغان بولسا كېرەك، بوۋىلىرىنىڭ يۇرتنى مۇشۇ ھالغا چۈشۈرۈپ قويغىنىدىن نومۇس قىلىدىغان ئوخشايدۇ» دەپمۇ قالاتتى.

ئوماق بىلەن تايۇق ئۆز خىياللىرىنىڭ چىگىشىنى ئۆزلىرى يېشىپ باقماق بولۇشاتتى، بىر - بىرىنىڭ ئۇخلىمىغىنىنى بىلىشىمۇ، گەپ قىلىشماي ئوچۇق ئاسمانغا قاراپ ياتاتتى، ئويلاپ - ئويلاپ ئىككىسىنىڭ خىياللىرى بىر نۇقتىغا كېلىپ توختاپ قالدى. «يۇلتۇزلار شۇنچە جىق، نېمىشقا ئاي بىرلا، نېمىشقا كۈن كۈندۈزىلا چىقىپ، ئاي، يۇلتۇزلار كېچىسىلا چىقىدۇ؟ كېچىسى كۈن نەدە تۇرىدىغاندۇ، كۈندۈزدە ئاي، يۇلتۇزلار نەدە تۇرىدىغاندۇ؟ بىزنىڭ تارىم كۈندۈزىمۇ، كېچىسىمۇ، ئوچۇق كۈنىمۇ، تۇتۇق، تۇمانلىق كۈنىمۇ ئوخشاشلا ئاقىدۇ، يىل بويى توختىمايدۇ. ئاقىدۇ، ئاقىدۇ، كىرىدۇ - كىرىدۇ، ئەمما لوپ كۆلى ھەرگىز تېشىپ كەتمەيدۇ، بۇ قانداق ئىشتۇ، قانداق سىردۇ؟» ئۇلارنىڭ خىياللىرى ئەنە شۇنداق كېڭىيىپ ۋە چوڭقۇرلاپ يەردىن ئاسمانغا چىقىپ، ئاسماندىن يەرگە چۈشەتتى، تەرەپ - تەرەپكە پېلەك تارتاتتى، شاخلايتتى. ئۇلار ئويلاپ - ئويلاپ كۆزلىرى ئىلىنغاندەك بولۇۋىدى، قايسى تەرەپتىندۇر، چۈشىدىكىدەك غىلىتىلا ئاۋازلار كېلىۋاتقاندەك بىلىندى.

— ئىبلىس قۇيۇن، تۇرۇڭلار!

ئوماق بىلەن تايۇق ئۇيقۇلۇق كۆزىنى ئېچىپ قارىدى.

— تۇرۇڭلار! تېز بولۇڭلار! — تالىشقۇل ھەدەپ توۋلايتتى.

توختى، تۆمۈرمۇ: «نېمە بولدى؟» دېيىشىپ ياتقان يېرىدە ئولتۇردى. لېكىن سېمىز كۆنچىققانبەگ ئولتۇرغىنى بىلەن كۆزد-

نى ئاچالمايۋاتاتتى ، تالىشقۇل يېنىغا كېلىپ :
— بەگ ، قويۇن كېلىۋاتىدۇ ، قويۇن ! — دەپ ۋارقىرىدى .
كۆنچىققانبەگ كۆزىنى ئېچىپ بولغۇچە قويۇن شۇنداق شىد-
دەت بىلەن كەلدىكى ، ئالەمنى مالەم قىلدى ، دېگەن مۇشۇمىكىن ،
ئاسماندا نە ئاي ، نە يۇلتۇز قالمىدى ، ھەممىنى يۇتۇپ كەتتى .
ئۇلارنىڭ تاللىغان دالدىلىقى ھېچنېمىگە دال بولمىدى . تالىشقۇل
بۇنداق قويۇنغا بىرنەچچە قېتىم ئۇچرىغاچقا ، بۇ قېتىم شەپىسىنى
بىلگەن ھامان باشقىلارنى ئاگاھلاندۇرۇپ ئويغاتتى ، ئاخىرىدا چالا
ئۇيقۇلۇقتىكى بەگنىڭ قۇلىقىغا توۋلاپ قويۇپلا ياندىكى بىر دالدى-
لىقتا يەردىن چىقىپ تۇرغان يوغان بىر كۆتەكنى قۇچاقلاپ يېتى-
ۋالغانىدى . كۆنچىققانبەگلەر ئورنىدىن تۇرۇپ بولغۇچە قارا قويۇن
پىرقىرىتىپ ئۇنى ئۇيانغا ، بۇنى بۇيانغا تاشلىۋەتتى . ئىبلىس قو-
يۇننىڭ كېلىشى قانچىلىك تېز بولغان بولسا ، كېتىشىمۇ شۇنداق
تېز بولدى . باياتىن ئالەم مالەم بولۇپ كەتكەن جاھان ھېچ ئىش
بولمىغاندەك جىمجىتلىقتا ئىدى . كېچە ئاسمىنى ئەينەكتەك سۈ-
زۈك ، ئاي پارقىراپ ، يۇلتۇزلار ئوخشاشلا جىمىرلاپ تۇراتتى .
تالىشقۇل ئۇستۈپىشىدىكى قۇم - توپىلارنى سىلكىنىپ چۈشۈرۈۋې-
تىپ ئورنىدىن تۇرۇپ ئەتراپىغا قارىدى ، ئۆزىدىن باشقا ھېچكىم
كۆرۈنمەيتتى .
— قېنى سىلەر ؟ ! — ئۇ ئاۋازىنىڭ بارىچە ۋارقىرىدى .
كۆنچىققانبەگ بىر ئازغالدىن ، ئوماق بىر دۆڭنىڭ كەينىدىن ،
تايۇق شەكلى ناغرىغا ئوخشايدىغان ئىككى دۆڭنىڭ قىسىلچىقىدىن
چىقىپ كەلدى . بىر - بىرىنىڭ توپا - چاڭ باسقان ئەمەسلا بىر
قىياپىتىگە قارىشىپ كۈلۈپ كېتىشتى . شۇئان ئوماقنىڭ ئېسىگە
تۆمۈر كېلىپ ئەتراپقا قارىدى ، ئۇ كۆرۈنمەيتتى .
— تۆمۈر ! تۆمۈر ! — ئوماق بىرنەچچە قېتىم چاقىردى .
ياندىكى بىر ئازغالدىن تۆمۈر ئەمەس ، توختى چىقىپ كەلدى .
مۇشۇ چاغدىلا كۆنچىققانبەگ ئوغلىنى ئېسىگە ئالدى .
— ۋوي ، تۆمۈر قېنى ، ئىككىڭلار بىر يەردە ياتقانغۇ ؟

— بىلمەيمەن ، مېنى قويۇن دومىلىتىپ بىر يەرگە تاشلىۋەتتى . قوپسام ئەنە ئاشۇ ئورەكتە يېتىپتىمەنغۇ .

تېخىچە تۆمۈردىن شەپە بولمىغاندىن كېيىن ، ئوماقمۇ ، باشقىلىرىمۇ جىددىيلىشىپ قالدى . تۆتى تۆت تەرەپكە قاراپ : «تۆمۈر ! ، تۆمۈر !» دەپ ئۈزمەي توۋلاشتى ، يەنىلا تۆمۈردىن شەپە بولمىدى . ئوماق تېخىمۇ جىددىيلىشىپ : «تۆمۈر ! تۆمۈر !» دەپ ۋارقىرىغىنىچە سەۋدايىلاردەك ئۇياق - بۇياققا چاپقىلى تۇردى .

— قارا قويۇن ئۇنى دومىلىتىپ بىرەر ئورىغا تاشلىۋەتتىمىكىن ، — دېدى تالىشقۇل .

ئۇنىڭ گېپى بىلەن توختى قوشۇلۇپ بەشى بىر ياندىن : «تۆمۈر ! تۆمۈر !» دەپ نەدە ئورا - ئازگال بولسا قاراشقا باشلىدى . ئۇلار تۆمۈرنى ئىزدىگەچ ئاجايىپ بىر مەنزىرىنى كۆردى : ئاخشام كۆرگەن شۇنچە نۇرغۇن ياغاچلارنىڭ ئورنىدا زومچەك - زومچەك قۇم دۆۋىلىرى تۇراتتى . ئادەم بويى ئېگىزلىكتە چوقچىيىپ تۇرغان موما ياغاچلارنىڭ ئۇچىلا كۆرۈنەتتى . ئاخشام بىر تالمۇ ياغاچ يوق باشقا بىر تۆپىلىكتە نۇرغۇن ياغاچلار چىچىلىپ تۇراتتى ، مومىدەك چوقچىيىپ چىقىپ قالغان ياغاچلارمۇ ئاز ئەمەس ئىدى . ئېنىقكى ، قارا قويۇن بىر يەردىكى ياغاچلارنى قۇمغا كۆمۈۋەتكەن بولسا ، يەنە بىر يەردىكى قۇمغا كۆمۈلۈپ ياتقانلىرىنى ئېچىۋەتكەنىدى .

«ئۇنى قويۇن دومىلىتىپ بىرەر ئازگالغا چۈشۈرۈۋەتكەن بولسا قۇمدا كۆمۈلۈپ قالدىمۇيا...» كاللىسىغا غىل - پال كېلىپ قالغان بۇ خىيالدىن ئوماقنىڭ ۋۇجۇدى شۈركۈنۈپ كەتتى ، پېشانىسىدىن سوغۇق تەر چىقتى . بۇنداق مۇدھىش خىيال باشقىلارنىڭ كاللىسىغىمۇ كەچكەن ، ئەمما ئاغزىدىن چىقىرالمىغانىدى . ئۇلار ئاشۇ قورقۇنچلۇق خىيالنى تەرك ئېتەلمەي تۇرغاندا ، تالىشقۇلنىڭ :

— ماۋۇ بالىغا قاراڭلار ، بىز نېمە غەمدە ، بۇ نېمە غەمدە ؟ — دېگىنى ئاڭلاندى .

ئوماقلار ئىتتىك شۇ تەرەپكە قاراپ ھەيران قېلىشتى . شەكلى قايماق ئالىدىغان ياغاچ پۇرۇچقىلا ئوخشايدىغان يوغان ، ئېگىز بىر

دۆڭنىڭ ئادەم پاتقۇدەك ئاغزى ئالدىدا تالىشقۇل بىلەن تۆمۈر تۇراتتى . تۆمۈرنىڭ قولىدا كىچىك بىر تاختاي بار ئىدى .

ئالدى بىلەن ئوماق ، ئۇنىڭ كەينىدىن تايۇق بىلەن كۈنچىققانبەگ ئىتتىك شۇ تەرەپكە ماڭدى . ئوماق يېقىن بارغاندا :

— جېنىمنى ئېلىپ جاڭگالدا قويدىڭغا ، بۇنداقمۇ ئەنسىردىتىپ ، — دېدى .

... تالىشقۇلنىڭ ئاگاھلاندۇرۇشى بىلەن تۆمۈر كۆزىنى ئېچىپ بولغۇچە كۈچلۈك قۇيۇن ئۇنى دومىلاتقىنىچە ئېلىپ كەتتى . تۆمۈر ئۆزىنىڭ قۇم قاينىمى ئىچىدە ئۇيقۇنغا چۈشۈپ قالغان غازاڭدەك پىرقىراپ - دومىلاپ كېتىۋاتقىنىدىن باشقا ھېچنېمىنى بىلمەي قالدى . تۇرۇپلا جاھان تىنجىپ قالدى . قۇيۇنمۇ يوق ، قۇممۇ يوق . تۆمۈر ئۇيقۇدىن چۆچۈپ ئويغانغاندەك كۆزىنى ئېچىپ ئەلەڭلەپ قارىدى . قارىدىيۇ ھەيران قالدى . ئۇ ئۆزىنى پاكار ، يۇملاق ئۆيدەك بىرنېمىنىڭ ئىچىدە تۇرغاندەك ھېس قىلدى . «ئۆي» نىڭ ئىچى غۇۋا ئىدى . يوغان كامارغىمۇ ، كېشەكسىز ئىشىككىمۇ ئوخشايدىغان بىر يەردىن يورۇق كىرىپ تۇراتتى . تۆمۈرنىڭ كۆزى «ئۆي» ئىچىدىكى غۇۋالىققا ئاستا - ئاستا كۆندى . ئۇ يەر - بۇ يەرنى ئىلغا قىلالىدى . «ئۆي» نىڭ ئىچىدە ھېچنېمە يوق ، قۇرۇق ئۆڭكۈردەك ئىدى . ئۇ «ئۆي» تېمىدىكى ئويۇقتەك كىچىك بىر كاماردا تاختايدەك بىر نەرسىنى كۆردى - دە ، بېرىپ قولىغا ئالدى . ئۇ تۆت بۇرجەك ، بىرلىك قېلىنلىقتا ، بىر غېرىچچە كەڭلىكتە ، ئىككى غېرىچچە ئۇزۇنلۇقتىكى تاختاي ئىدى . كاماردا مۇشۇ تاختايدىن باشقا ھېچ نەرسە يوق ئىدى .

— ئۆيىنىڭ ئىچىدە مۇشۇ تاختايدىن باشقا ھېچنېمە يوقمىكەن ؟ — ئوماق تۆمۈرنىڭ قولىدىن تاختاينى ئېلىۋېتىپ سورىدى .

تۆمۈر جاۋاب بەرگۈچە ، تالىشقۇل :

— مەن ئون يىلنىڭ ئالدىدا بىر كەلگىنىمدە ئاشۇ گۆر ئۆيدە بىر ئاخشام ياتقان . ئۇ چاغدا كامارغا بەزى نەرسىلىرىمنى قويۇپ

قويغان ، ئەمما كاماردا بۇنداق تاختاي تۇگۇل ، بارمىقىمچىلىك ياغاچمۇ يوق ئىدى . بۇ كېيىن كەلگەنلەردىن بىرەرسىنىڭ «هارام ئوت» چىقىرىش ئۈچۈن ئالغاچ كەلگەن تاختىسى بولسا كېرەك ، كاماردا قويۇپ ئۇنتۇپ قالغان ئوخشايدۇ ، — دېدى .

كۇنچىققانبەگ ، تايۇق ، توختىلار تاختاينى نۆۋەت بىلەن قولىغا ئېلىپ قاراشتى .

ئاخىرىدا ئوماق تاختاينى يەنە قولىغا ئېلىپ ئىككى يۈزىنى يېقى بىلەن سۈرتۈۋېتىپ قارىدى ، ئالدىنىدا سىلاپ كۆرۈۋىدى ، قولىغا يىرىك بىلىندى . ئىنچىكىلەپ قاراپ ، تاختاي يۈزىدە ئىمىر - چىمىر ئويۇلغان سىزىقتەك بىر نەرسىنىڭ بارلىقىنى بىلدى .

ئوماقنىڭ تاختايغا ئۈنچىۋالا قىلىپ كەتكىنىگە كۇنچىققانبەگىنىڭ ئىچى پۇشقاندەك بولدى .

— تالىشقۇلىنىڭ دېگىنى راست ، بۇ ئوۋچىلارنىڭ «هارام ئوت» چىقىرىش ئۈچۈن ئالغاچ كېلىپ قويۇپ قويغان تاختىيى ئوخشايدۇ .

بۇ گەپ ئۇلارنىڭ نەزىرىدە ئەقىلغا مۇۋاپىق ئىدى ، بولمىسا تاختاي بۇ يەردە قانداق پەيدا بولۇپ قالىدۇ . ئۇلار ئۆيگە كىرىپ قاراپ باقتى . سىرتىدىن پۇرۇچقا ئوخشايدىغان «ئۆي» نىڭ ئىچى خېلى چوڭ بولۇپ ، كېشەكسىز ئىشىكتىن باشقا يا دېرىزە ياكى تۈڭلۈك يوق ئىدى ، تورۇسى پاكار ، ئۈچ لىملىق ئىدى . لىم ئۈستىگە يۆلغۇن شاخلىرى قېلىن سېلىنغاندەك قىلاتتى . بۇ «ئۆي» نىڭ ياسىلىشىمۇ ئوماق ئوغلى توختاق بىلەن تېمەنپۇدا كۆرگەن «ئۆي»نىڭ تۈزۈلۈشىگە ئوخشايتتى . بۇنىڭدىن ئوماق هەيران قالدى . ئوماق تاختاينى كامارغا قويۇپ قويدى .

ئەمدى ئاتلارنى تېپىۋالايلى ، — دېدى تايۇق .

باياتىن هەممىسى تۆمۈرنىڭ غېمىدە بولۇپ كېتىپ ، ئاتلارنى ئېسىدىن چىقىرىپ قويغانىدى . ئات بولمىسا قايتىپ كېتەلمەيتتى . هېچبولمىغاندا ، پىيادە ئىككى كۈن مېڭىپ لوپ كۆلىگە بېرىپ

كېمە بىلەن قايتىماي بولمايتتى. ئۇلار ئاتلارنى ئىزدەشكە كىرىشتى.

كۈنچىققانبەگ بىلەن توختى كۈنچىقىش تەرەپكە، ئوماق بىلەن تايۇق تۆۋەن تەرەپكە مېڭىۋىدى، تالىشقۇل:

— ئاتلار ئۇ تەرەپتە ئەمەس، ئىبلىس قۇيۇن كۆل تەرەپتىن كەلدى. ئاتلار بولسا كۈنپېتىش تەرەپتە بولىدۇ، — دېدى.

قۇيۇننىڭ ئەلپازى شۇنچە شىددەتلىك بولسىمۇ، كېلىپ-كېتىشى تېز بولغاچقا، تەلىيىگە ئاتلار يىراققا كەتمەپتۇ، تۆمۈر كىرىپ قالغان توپا ئۆيىنىڭ نېرىسىدىكى بىر يارداڭلىق ئاستىغا كىرىپ قاپتۇ. كۈنچىققانبەگلەرنىڭ كۆڭلى جايىغا چۈشۈپ تاماقلىنىشقا ئولتۇرۇشتى. كۈنچىققانبەگ بىلەن توختى تاماق يەۋاتقىنى بىلەن كۆزلىرى ئاسماننىڭ يىراق ئۇپۇقىدا ئىدى.

توختى ئاتىسىدىن سورىدى:

— يەنە قۇيۇن چىقىپ قالارمۇ؟

— مەنمۇ شۇنىڭدىن قورقۇۋاتىمەن.

تالىشقۇل بەگ بىلەن ئوغلى ئوتتۇرىسىدىكى پاراڭنى ئاڭلاپ قالدى، ئۇنىڭمۇ خۇدا ئۇرغان بۇ ئەسكىلىكتىن تېزرەك كېتىۋېلىش ئويى بار ئىدى. ئوماقلار بۇ يەرنى كۆرۈشنىڭ گېپىنى قىلغاندىلا، ئۇ ئىچىدە: «ئەسكى ياغاچلاردىن باشقا ھېچنېمە يوق ئۇ ئېگىز-پەس يارداڭلىقنىڭ نېمىسىگە قىزىقىدىغاندۇ» دەپ ئويلىغانىدى. تالىشقۇل بەگنىڭ قورقىقىنى تېرە قېقىپ تېخىمۇ ئاشۇرماقچى بولدى.

— كۆلشەھىرىدە، — تالىشقۇل تامىقىنى يەپ بولۇپلا گەپ باشلىدى، — ئادەتتىكى چاغلاردا بوران چىقسىمۇ، قۇيۇن چىقمايدىكەنتۇق. كىشىلەر كۆرىمىز دەپ تولا كېلىۋالغاندىن كېيىن بۇ يەردىكى جىن-ئالۋاستىلارنىڭ قەھرى قۇتراپ، ئادەم كەلسىلا بايىقىدەك قۇيۇن چىقىدىغان بولۇپ قاپتۇ. كەلگەن ئادەملەر كەتكەنگە قەدەر پات-پاتلا چىقىدىكەن. يەنە تېخى بىرى بىرىدىن قاتتىق ھەم ئۇزۇنراق بولىدىكەن. ئۇنىڭ يامانلىقىدىن كىشىلەر

ئۇنى : «ئىبلىس قۇيۇنى» دەپ ئاتايدىغان بوپتۇ...

تالىشقۇل ھېكايىسىنى تۈگىتىپ كۆزچىققانبەگكە قاراپ قويدى .

— ئادەم كەلسىلا قۇيۇن چىقىدىغان ئىش بولسا ، بولدى ھازىرلا كېتەيلى ، — دېدى كۆزچىققانبەگ .

توختىمۇ ، تالىشقۇلمۇ بەگ تەرەپتە تۇرۇپ : «ھازىرلا كېتەيلى» دەپ تۇرۇۋالدى .

ئەتراپىدا ئاندا ـ ساندا چاكاندا ، قامغاق ، سايغان قومۇش ، قوڭاچاق ۋە يۇلغۇندىن باشقا ھېچنېمە يوق ۋەيرانچىلىق بولسىمۇ ، ئۇماق بىلەن تايۇقنىڭ ئەتراپنى ئايلىنىپ كۆرۈپ باققۇسى بار ئىدى . ئېگىز بىر يارداڭلىقنىڭ ئۈستىگە چىقىپ ، ئەتراپقا ، يىراق ـ يىراقلارغا قارىدى . ۋەيرانچىلىق ئارىسىدىن قانداقتۇر بىر گىگانت مەخلۇق چىقىپ : «ھە ، بىزنى كۆرمەكچىمىدىڭلار... !» دەيدىغاندەكلا تۇيۇلۇپ كەتتى .

ئۇماق يېنىدا كېتىۋاتقان تۆمۈرگە :

— ماڭغان يولۇڭغا ، ئەتراپقا ئوبدان سەپسىلىۋال ، — دەپ پات ـ پات تاپىلاپ قوياتتى .

## 7

— خېلى تۇرۇپ قالدىڭلارغۇ ؟

— جىق ئەمەس ، يىگىرمە كۈندەك تۇردۇق .

— يېڭى يۇرتچاپقاندىلا تۇردۇڭلارمۇيا... ؟

— مەن تۆمۈرنى ئېلىپ يەنە بىرنەچچىمىز لوپ كۆلى بىلەن كۆلشەھرىنى كۆرۈپ كەلدۇق ، ئايقۇت ، ئۇجۇلخانلار ئۆردەكنى ئېلىپ توختاق بىلەن ئويتوغراققا بېرىپ «دېۋە ئادەم» نى يوقلاپ كەلدى .

— مەن مانا مۇشۇ يېشىمغىچە لوپ كۆلىگە بارغىنىم بىلەن كۆلشەھرىگە بېرىپ باقمىدىم . بارغانلار ئۇ يەرنى بەك سىرلىقكەن

دېيىشىدۇغۇ .

— ئۇ «شەھەر» نىڭ ئادەملەردىن بەك كۆڭلى قالغان چېغى ، ئادەملەر بارسىلا قوغلايدىكەن . مۇشۇ قىلىقىلا بىر سىر ئىكەن .

— ئاڭلىشىمچە ، قۇيۇنى ھەرقانچە قاتتىق بولسىمۇ ، ھازىر-غىچە بىرەر ئادەمنىڭ بېشىغا چىقماپتۇ ، بۇ راستمىكەن ؟

— مېنى ئۇيغا سالغان بىر ئىش ، قۇيۇن ئالەمنى مالەم قىلىپ شۇ قەدەر دەھشەتلىك چىقسىمۇ ، بىرەرسىمىز قۇمغا كۆمۈلۈپ ئۆلۈپ قالمىدۇق . تۆمۈرنى دومىلىتىپ ئاپىرىپ بىر توپا ئۆينىڭ ئىچىگە ئەكىرىپ قويۇپتۇ . يەنە بىر غەلىتە ئىش ، ئاتلارنى ئېگىز بىر يارداڭلىقنىڭ ئاستىدىكى دالدىلىققا ئاپىرىپ قويۇپتۇ .

— راستما ؟ ھەقىقەتەن سىرلىق ئىكەن . مەن ھەيران قېلىۋا-تىمەن . كېيىن مېنى بىر باشلاپ بار ، ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرۈپ كېلەي .

— ئۆزۈممۇ ئۈچ بالامنى ئېلىپ يەنە بىر بېرىپ ئەتراپنى ئايلىنىپ ، تولۇق كۆرۈپ كەلمەكچىمەن . شۇ چاغدا بىللە بارايلى .

يۇقىرىقىلار ئۇماق يېڭى يۇرتچاپقاندىن قايتىپ كېلىپ بىر ھەپتىدىن كېيىن ، كەچتە ئۇلاردىن ھال سوراپ كىرگەن ئالىباي ئاقساقال بىلەن ئۇماق ئوتتۇرىسىدا بولۇنغان پاراڭلار .

ئۇماقلار چارىغا قايتىپ كەلگەندە ئاقساقال مەھەللىدە يوق ئىدى . ئۇ شۇ كۈنى تاغقا ئوۋغا كەتكەنىدى ، ئوۋدىن بايا قايتىپ كېلىپلا ئۇماقنىڭ يېنىغا كىرگەنىدى .

توختاق بىلەن ئۆردەك كۆلشەھىرى توغرىسىدىكى گەپنى يولدا كېلىۋېتىپ ئاتىسىدىن ئاڭلاپ ھەيران قالغان ۋە ئۇ «شەھەر»نى بىر كۆرۈش ئىشتىياق ئوتى ۋۇجۇدىغا تۇتاشقانىدى . بۇ قېتىممۇ ، بولۇپمۇ ئۆردەك بىرىنچى قېتىم ئاڭلاۋاتقاندەك پۈتۈن زېھنىنى قويۇپ ئاڭلىدى ۋە ئۇنىڭغا چوشكەن كۆلشەھىرىنىڭ ئىشتىياق ئۇچقۇنى ئوت ئېلىپ لاۋۇلداپ كۆيۈشكە باشلىدى . ئۇ يەرگە بې-رىش ، ئۇنىڭ سىرىنىڭ قانداقلىقىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈش

ئىستىكى كۆڭۈل خاتىرىسىنىڭ چوڭقۇر يېرىگە ئۇستىلەپ يەنە بىر ئورناپ قالدى .

ئوماق «دېۋە ئادەم» چەپەر توغرىسىدا ئايقۇت ، ئايسۇلۇلاردىن ئاڭلاپ كۆڭلى خاتىرجەم بولدى . ئۇلارنىڭ ئېيتىشىچە ، چەپەر يارىدەملىشىۋاتقان قوشنىلىرى بىلەن ئوبدان ئۆتۈۋېتىپتۇ . چەپەرنىڭ ئېيتىشىچە ، ئاتىسىنىڭ قەبرىسىنى يوقلىغىلى بېرىپ قايتىشىدا ئىلگىرى كۆرۈپ باقمىغان بىر قۇم دۆۋىلىرى ئارىسىغا كىرىپ قاپتۇ . چىش كوچىلىغۇدەك بىرەر تال ياغاچ يا بىرەر تۈپ ئوت - خەسمۇ يوق قاقاس قۇملۇق ئوتتۇرىسىدا ، يەردىن ئەڭ ئېگىزى يېرىم غۇلاچ ، ئەڭ پاكىرى بىر غېرىچچە چىقىپ تۇرغان نۇرغۇن ياغاچلارنى كۆرۈپتۇ ، ھەيران قاپتۇ . ئۇنىڭ ئېيتىشىچە ، ئۇ ئىلگىرى ئۇ قۇملۇقتا ماڭغانىكەن ، لېكىن ئۇ چاغدا بۇنداق ياغاچلارنى زادىلا كۆرمەپتىكەن ، قۇم دۆۋىلىرىمۇ ھازىرقىدىن كۆپ ئېگىز ئىكەندۇق . چەپەر ياغاچلارنىڭ پەيدا بولۇپ قالغىنىغا ھەيران قېلىپ ، ئېگىزرەك بىر ياغاچنىڭ تۈۋىنى كولاپ بېقىپتۇ . قۇمنى ئانچە - مۇنچە تارتىشىغا ، يېكەندە توقۇغان بورا كۆرۈنۈپتۇ . يېكەن بورىنى تارتىپ بېقىپتىكەن ، بورا تىتىلىپ كېتىپتۇ . يېكەنمۇ تۇتسىلا توزۇپ كېتىدىغان پوزمانغا ئايلىنىپ كەتكەنىكەن . چەپەر يېكەن بورىنىڭ كۆمۈلگىنىگە ئۇزاق بولغىنىنى پەھىم قىپتۇ . يېكەن پوزمىنىنى ئۇيان - بۇيان قىپتىكەن ، ئۇستىنى شال بىلەن ئەتكەن ، ئىككى غۇلاچچە ئۇزۇنلۇقتا چاپما كېمىدەك بىر نەرسە تۇرغۇدەك ، تېخىمۇ قىزىقىپ شالنى ئېلىپ قارىسا ، ئوڭدىسىغا ياتقۇزۇلغان ، تېرىسى بىلەن سۆڭىكى بىر بولۇپ قۇرۇپ كەتكەن ، ئۇزۇن قوڭۇر چاچلىرى باش تېرىسىدە ئۆز رەڭگى بىلەن تۇرغان بىر جەسەت ياتقان . ئۇنىڭ يۈرىكى «جىغ» قىپتۇ - دە ، قاتتىق سۈر بېسىپتۇ ، قورقۇپتۇ . شۇئان شالنى ئۆز جايىغا قويۇپ ، ئۇستىگە قۇمنى قېلىن دۆۋىلەپ قويۇپتۇ . باشقا ھېچنېمىگە چېقىلماي ، ئېتىنى يېتىلىگەنچە بىر كۈن يول يۈرۈپ ئويتوغراققا يېنىپ كېپتۇ ، كۆرگەنلىرىنى قوشنىلىرىغا سۆزلەپ بېرىپتۇ .

— كولمىساڭ بوپتىكەن، بۇرۇن قۇم بېسىپ ياتقاچقا، ساڭا كۆرۈنمىگەن بولسا، ئەمدى قاتتىق بوران، قۇيۇندا ئېچىلىپ قېلىپ ساڭا كۆرۈنگەن ئوخشايدۇ. كۆمۈپ قويۇپ ئوبدان قىپسەن، — دەپتۇ قوشنىلىرى.

چەپەر بىر ئىشنى ئايقۇتلارغا ئېيتمىغانىدى. بۇ، ئۇنىڭ چۈشىدە كۆرگەنلىرى ئىدى.

چەپەر شۇ كۈنى ئۇزۇنغىچە ئۇخلىيالمىدى، ئۇخلاپ قالسام ئىدىم، دەيتتىيۇ، لېكىن ئۇيقۇسى كەلمىدى. غايىبتىن پەيدا بولۇپ قالغاندەك ياكى جىن-شاياتۇنلار قاداپ قويغاندەك تىكلىنىپ قالغان ئېگىز-پەس ياغاچلار، سۆڭەكلىرى بىلەن تېرىسى بىرىكىپ كەتكەن قۇرۇق جەسەت، قاپقارا كاماردەك كۆرۈنىدىغان بىر جۈپ كۆز چانىقى، دەھشەتلىك ئېچىلىپ، قورقۇنچلۇق ھىڭگىيىپ تۇرغان قاتار چىشلار… كۆزىگە كۆرۈنۈۋېلىپ، ئۇنىڭ ئۇيقۇسىنى نەلەرگە قاچۇرۇۋەتكەنىدى. چەپەر ئۇخلىيالماي ئۇزاق ياتتى، ھېلىقى نەرسىلەرنى ئويلىماي دېسىمۇ كۆزىگە كۆرۈنۈۋالاتتى. ئۇ كۆزىنى چىڭ يۇمۇۋېلىپمۇ ئۇنىڭدىن قۇتۇلالمىدى. جەسەت ئۇنىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە كىرىۋالغاندەكلا ئىدى. ئۇ ياتتى، ياتتى، ئۇخلىيالماسلىقنىڭ ئازابىنى ئاشۇ كۈنى تېتىدى، شۇ كۈنكى كېچە ئۇنىڭغا شۇنداق ئۇزۇن تۇيۇلۇپ كەتتىكى، تەڭرىم ئىنسان بالىسىغا بۇنداق كېچىنى كۆرسەتمىسىكەن، دەپمۇ ئويلاپ كەتتى. ئۇ ياتتى، ياتتى، كۆزىمۇ تالدى، ئاخىر كۆزى يۇمۇلدى. كۆزى ئۇيقۇغا ئىلىنىشى ھامان ھېلىقى قۇرۇق جەسەت چۈشىدە ئايان بولۇپ، ئاستا-ئاستا بېلىنىڭ يۇقىرى قىسمى ئۆرە بولۇپ ئولتۇردى. ئالدى بىلەن يۈز-چىرايىغا، ئاندىن قوللىرىغا، بەدىنىگە گۆش پەيدا بولدى، كۆزى مۆلۆلدىدى، بەدىنىدە ئەڭ ئېسىل تورقا تالاسىدا توقۇلغان شايى تون پەيدا بولدى. بىر قارىسا قوي كۆزىدەك، يەنە بىر قارىماققا بوتا كۆزىدەك كۆرۈنىدىغان ئويناق، نۇر چاقناپ تۇرىدىغان بىر جۈپ كۆزى بىلەن ئېقىپ چۈشكەندەك قاڭشارلىق بۇرنى، نېپىز لەۋلىك ئويماقتەك ئاغزى

ئايالنى شۇ قەدەر لاتاپەتلىك ، گۈزەل جامال قىلىپ كۆرسىتىپ
تۇراتتى . چەپەر ئۇ ئايالنى قىرىق بىلەن ئەللىك ياش ئارىلىقىدا
دەپ پەرەز قىلدى . ئۇ ئايالغا قارىدى ، قارىغانسېرى قارىغۇسى
كەلدى ، قارىغانچە ئايال ئۇنىڭغا تونۇشتەك ، قايەردىدۇر بىر يەردە ،
يېقىنىلا يەردە ھەم يېقىندىلا كۆرگەندەك تۇيۇلدى ، لېكىن قاچان ،
نەدە كۆرگەنلىكىنى زادى ئەسلىيەلمىدى .

— مېنى تونۇيالمايۋاتامسەن ؟ ! بىلىپ قوي ، مەن سېنىڭ
ئۇرۇغ ـ جەمەت ئاناڭنىڭ ئانىسى — موماڭ بولىمەن . مەن
ياشىغاندا بۇ ماكان ئاۋات ، باغۇبوستانلىق ئىدى ، دەريا ، ئۆستەڭ-
لەردە سۇلار چايقىلىپ ئېقىپ تۇراتتى . قارىغىش تەگكۈر بەزى
ئەۋلادلىرىمنىڭ نىيىتى بۇزۇلۇپ ، روھى چېچىلدى ، قۇرۇدى ،
تۇزۇدى . ئۆزىگە ئۆزى قىلدى ، ئىلگىرىكى ئاۋاتلىق ، بوستانلىق-
تىن ئەسەر قالمىدى . ئۆزلىرى جېنىنى جان ئەتكىلى نەلەرگىدۇر
كەتتى . مېنى ، مەندەك ئەجدادلىرىنى تاشلىدى ، ئېسىدىن چىقار-
دى ، پۈتۈنلەي ئۇنتۇشتى . بۇ كەم بولغاندا ، سەن كېلىپ مېنى
ئېچىپ خاتىرجەملىكىمنى بۇزدۇڭ . ئاچقىنىڭغا يارىشا مېنىڭ
كىملىكىمنى ، سېنىڭ ئەجداد ئاناڭ ئىكەنلىكىمنى بىلسەڭ كاش-
كى . مېنىڭ كىملىكىمنى : «ھەي ، سەن كىم بولىسەن ؟ » دەپ
سوراپ قويۇش تۈگۈل ، مەندىن جېنىڭ چىقىپ كەتكۈدەك قورق-
تۇڭ . سېنىڭ بۇ جېنىڭ مانا شۇنداق جان ، سېنى تىرىك كۆرسە-
تىپ تۇرسىلا بولدى ! ھەي ، روھىيىتى قۇرۇغان ئەۋلادىم !

ئايال شۇنداق دېدى ـ دە ، ئاستا ـ ئاستا ئەسلىدىكى ھالىتىگە
قايتىپ قۇرۇق جەسەتكە ئايلىنىپلا كۆزدىن غايىب بولدى . چەپەر :
«ئانا ! » دەپ جۆيلۈپ ئويغىنىپ ، ئۆزىنى ئاستى گېرەم ، ئۈستى
توغراق شاخلىرى ، يۇلغۇن ئارىلاش ياسالغان قاراڭغۇ ساتمىدا كۆر-
دى . پۈتۈن بەدىنىنى قارا تەر بېسىپ كەتكەنىدى .

چەپەر چۈشىدە ئايان بولغان بۇ ئىشلارنى ھېچكىمگە تىنمىدى .
«سۆزلەپ قويۇپ بىرەر بالاغا قالارمەنمىكىن » دەپ قورقتى...

ئالىباي ئاقساقال ئۇماقتىن :

— بۇ يىلقى تېرىقچىلىقنىڭ ناھايىتى ياخشى بولدى . ھە ، بۇنىڭدىن كېيىن ، يەنى كېلەر يىل قانداق قىلاي دەيسەن ، ئېتىزنى كېڭەيتەمسەنيا ؟ — دەپ سورىدى .

— مەن مۇشۇ ئىش توغرۇلۇق سەن بىلەن مەسلىھەتلەشمەكچىدىم ، — ئوماق ئاقساقالغا قارىدى ، — كۆڭلۈمگە بىر ئوي كېچىۋاتىدۇ .

— گوي - گوي ، ياخشىغۇ ، قېنى كۆڭلۈڭدىكىنى دەپ باقە .

— مەن چارىدىن باشقا يەرگە بېرىپ تېرىقچىلىق قىلايمىكىن دەيمەن .

— گوي - گوي ، نېمە ، چارىدىن كەتمەكچىما ، نېمىشقا ، نەگە بارماقچى ؟ — ئالىباي ئاقساقال ئوماقنىڭ باشقا يەرگە كەتمەكچى بولغىنىنى ئاڭلاپ چۆچۈگەندەك ھەيران قالدى ، ئوماقنىڭ بۇنداق دەپ قېلىشى ئۇ ئويلىمىغان ئىش ئىدى .

— چارىنىڭ يېرى زەيكەشرەك ، دەريا سۈيى ئاۋۇپ قالسا...

— بۇ دېگىنىڭغۇ راست ، نەگە بارماقچى بولۇۋاتىسەن ؟

— داشكۆل بىلەن سېيىتكۆل ئارىلىقىدا كەڭ بىر قۇڭاچاقلىقنى كۆردۈم . شۇ يەرنى ئاچايمىكىن دەيمەن .

— ئۇ يەردە ئادەم يوققۇ ؟

— يەر ياخشى بولسا ، ئادەم ھامان بارىدۇ .

بىر سۆزلۈك ئاتىسىنى تارتقان ئوماقنىڭ قىلىمەن دېگەن ئىشىنى قىلماي قويمايدىغانلىقىنى ئوبدان بىلىدىغان ئالىباي ئاقساقال ئارتۇق گەپ قىلمىدى . بەلكى : «يەر ھەقىقەتەن ياخشى ، ئەجەب ئۇ يەرگە بېرىش ئىلگىرى مېنىڭ خىيالىمغا كەلمەپتىكىنە» دېگەنلەرنى ئويلىدى ئۇ .

ئالىباي ئاقساقال ئۇ يەرگە كېيىك ، جەرەن ، توشقان ئوۋلىغىلى كۆپ بارغان ، تېخى يېقىندىمۇ بېرىپ كەلگەنىدى . «سېيىتنىڭ تاختىسى» دەپ ئاتىلىدىغان ئۇ يەر توشقانىنىڭ كانى ئىدى .

مانا شۇ سۆھبەت بولۇپ ئارىدىن ھەش - پەش دېگۈچە قىش چىقتى . بۇ يەردىكى كىشىلەر قىشنى ئاساسەن ئوۋچىلىق ، توشقان

تۇتۇش ، قوغاندا[1] بىلىق تۇتۇش بىلەن ياكى ئائىلىلەر ئارا قوشاق ئېيتىشىش بىلەن ئۆتكۈزىدۇ . ئەمما ئوماقلار : «سىپىتىنىڭ تاختىدىسى» دىكى تېرىقچىلىقنىڭ تەييارلىقى بىلەن بولدى . تېرىقچىلىققا لازىم بولىدىغان نەرسىلەردىن ياسايدىغانلىرىنى ياسىدى ، تاپىدىغاندلىرىنى تاپتى . تۆمۈر بىلەن ئۆردەك ياسىغان ساپاننى كۆرۈپ چارىلىقلار ھەيران قالدى . بۇ ئاكا - ئۇكىلار ئاتىسى بىلەن كورلىدىكى مەدىل ئاسقالىنىڭ ئۆيىگە بارغاندا ، ساپاننىڭ تۇزۇلۇشىنى ئوبدان كۆرۈۋالغانىدى . ياغاچتا بولىدىغان ھەرقانداق نەرسىنى ئىندچىكىلەپ كۆرۈۋالسىلا ياسىيالايدىغان ئۆردەك ، مۇشۇ ئىشتا قولىنىڭ گۈللۈكىنى ھەممىگە نامايان قىلدى . قاراپ تۇرغانلار دەسلەپ ئۇنىڭ نېمە ياساۋاتقىنىنى بىلەلمەي قېلىشتى . ئاكىسى تۆمۈر ئۇنىڭ شاگىرتىدەك ئۇ نېمىنى قىل دېسە ، قانداق قىل دېسە شۇنى قىلىپ ياردەملەشتى . ئاساسلىق ئىشنى ئۆردەك ئۆزى قىلدى . ئۆردەكنى سەل قىيىنغىنى ساپاننىڭ چويۇن چىشىنى سالىدىغان يېرى بولدى . ئۇنىڭ قانداقلىقى كۆڭۈل ئەينىكىدە غۇۋا بولسىمۇ كۆرۈنۈپ تۇراتتى ، ئەمما ئۇنى ياسىماق ئانچە ئاسان بولمىدى . ئۇنى ياسىماق ئېگەر چېپىشتىن ئوڭاي بىلىنگەنىدى . دەسلەپ ياسىغىنى تىكرەك بولۇپ قېلىپ ، يەرگە قارىۋالىدىغان بولۇپ قالدى . ئىككىنچى قېتىم ياسىغىنى يەرگە پاتماي ، يەرنى ئۈستىددىنلا سىيپاپ ماڭىدىغان چىقىپ قالدى . تاس - تاماس قالدى تېخى ، كالىنىڭ پاچىقىنى نابۇت قىلغىلى . «ئىككى ساۋاق — بىر نەتىجە» دېگەنلىك «مەرتەم - مەرتەم ئۈچ مەرتەم» دېگەن گەپنىڭ ئەمەلىي ، كونكرېتراق ئېيتىلغىنى بولسا كېرەك ، ئۈچىنچى قېتىم ياسىغىنى كۆڭۈلدىكى شەكىلدەك بولدى ، چىشىنى سېلىۋىدى ، بۇيرۇتقاندەك دەل چۈشتى .

«ئوماقنىڭ بالىلىرى يەر ھەيدەپ كۆرسىتىدىكەن» دېگەن گەپ تارقىلىۋىدى ، كىشىلەر ئەتىگەنلىك چېيىنى ئىچىشىپلا ئالدباي ئاقساقالنىڭ مەھەللە سىرتىدىكى ئېتىزلىقىغا كېلىشتى . ئو-

[1] قوغان - قىشلىقى مۇز ئۈستىدە سۇلاق ئېچىپ قويۇپ بىلىق تۇتۇش .

ماقىنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر ئىككى كالىنىڭ بوينىغا سېلىنغان ئاغۇق-
قا[1] سوقىنى ئارتىپ قويۇپ ، كالىنى ئالدىغا سېلىپ كەلدى . توخ-
تاق سوقىنى ئاغۇقتىن چۇشۇرۇپ ، چىشى تەرەپنى يەرگە قويۇپ ،
سوقىنىڭ ئۇزۇن ياغىچىنى ئاغۇقنىڭ ئوتتۇرىسىغا بېكىتتى . ئىش-
لار تەل بولغاندىن كېيىن ، قوشنى توختاق تۇتتى ، كالىنى تۆمۈر
يېتىلەپ ئېتىز بېشىغا ئەكىردى . ئوماق قوشنىڭ چىشىنى يەرگە
ئوبدان تىركىۋېلىپ ، سول قولىدىكى قامچىنى ئېگىز كۆتۈرۈش
بىلەن تەڭلا : «ھۆش» دېۋىدى ، بىرنەچچە كۈندىن بېرى مۇشۇنداق
ھەيدەشكە كۆندۈرۈۋېلىنغان كالىلار كونا قوش كالىسىدەك ئۆز
يولىنى تېپىپ مېڭىپ كەتتى . سوقا يەرنىڭ باغرىنى تىلىپ ،
توپىنى ئىككى يانغا ئايرىپ كىچىك ئېرىقچە چىقىرىپ مېڭىۋىدى ،
كىشىلەر : «گوي - گوي ، گوي - گوي» دېيىشىپ سوقىنىڭ
كەينىدىن ئەگىشىپ مېڭىشتى . ئېتىزنىڭ ئۇ بېشىغا چىققاندىن
كېيىن ، ئوماق كالىلارنى بۇ تەرەپكە قايدۇرۇپ قوشنى سالدى .
قوشنىڭ بايىقىدەك يەرنى بۆسۈپ ، تىلغاپ ، بوشىغان توپىنى ئىك-
كى يانغا ئايرىپ كېتىۋاتقىنىغا ، سوقىغا كىشىلەر ئاغزىنى ئېچىپلا
قالدى .

— گوي - گوي ، بۇلارنىڭ ياسىغىنى قالتىس نەرسى-
كەنغۇ .

— ھېلىتىن بۇنى ياسىسا ، كېيىن ھەرنېمىنى ياسىغۇدەك
بۇلار !

— راستىنىلا قولى گۈل ، ئالتۇن بالىلار ئىكەن بۇلار !

كىشىلەر ئون ئىككى ياشلىق ئۆردەك بىلەن ئۇنىڭ ئاكىلىرى-
نى ئەنە شۇنداق ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي ماختىشاتتى . ئۆردەك
ئون ياش چېغىدىن باشلاپلا چارا ، ياغاچ لېگەن ، كاسا ، ياغاچ
چۆچەك ، ياغاچ چۆمۈچ ، قوشۇق قاتارلىق نەرسىلەرنى ياساپ مە-
ھەللىدىكى تۇل خوتۇن ، ئاجىزلارغا بېرىۋېتەتتى . شۇڭا ئۇلار ئۆر-
دەكنى ، «ئالتۇن بالا» ، «ئۆردەك ئالتۇن» دېيىشەتتى . ئۇ ماھا-

[1] ئاغۇق — قوشقا قاتقان ئىككى كالىنىڭ بوينىغا سالىدىغان بويۇنتۇرۇق .

رەت تەلەپ قىلىدىغان ئېگەر چېپىش ، پۇرۇش قىرىشتەك ھۈنەرنى-
مۇ ئوبدان ئۆگىنىۋالدى . «ئۆردەك ئالتۇن» دېگەن نام چارىدا
ئومۇملىشىپ ، شۇنداقلا ئۇ نەگە بارسا ئىسمى - ئاتىقى ئۇنىڭدىن
بۇرۇن بېرىپ ، ئاستا - ئاستا ئۇنىڭغا سىڭىپلا كەتتى .

كەچ كۈزنىڭ بىر كۈنى سەھەردە ، ئوماق ئائىلىسىنىڭ ياخ-
شىلىقىنى كۆرگەنلەر ھەم باشقىلار ئۇلار بىلەن كۆزى قىيمىغان
ھالدا خوشلاشتى .

— سىلەر بېرىپ تۇرۇڭلار ، بىرنەچچە كۈندىن كېيىن سىلەر-
نى كۆرگىلى بارىمەن ، — دېدى ئالىباي ئاقساقال ئوماق بىلەن
خوشلىشىۋېتىپ ، ئاندىن ئۆردەكنىڭ بېشىنى سىلاپ تۇرۇپ قو-
شۇپ قويدى ، — قېنى ، قېچىرىڭغا مىنە ، ئالتۇن بالا !

ئوماقلار قوزغىلىشىغا مۇڭ بىلەن ئېيتىلغان قوشاق
ئاڭلاندى :

تۇراق يولۋاس ئاتاڭنى ،
تاشلاپ ئوماق كېتەمسەن ؟
ئەل - يۇرتۇڭ قالار بولدۇق ،
بىزلەرنى ياد ئېتەمسەن .
بالام ئۆردەك ئالتۇنۇم ،
مەنى يوقلاپ كېلەمسەن ؟
.................

قوشاق ئېيتقان يېشى توقساندىن ئاشقان ، ئوماقنىڭ ئانىسى
بىلەن قۇرداش ، ئۆردەك كىچىكرەك بىر چارا ، بىر چۆمۈچ ياساپ
بەرگەن ئاغرىقچان قۇتقا ئىدى .

ئاتىسىنى ، ئانىسىنى ھەم ئۇلارنىڭ قەبرىسىنى كۆز ئالدىغا
كەلتۈرۈپ ئوماقنىڭ كۆڭلى بۇزۇلغاندەك بولدى . ئۇ بۇنىڭلىق
بىلەن يولدىن قايتماقچى ئەمەس . ئۇ تۇنۇگۈن ئائىلىسىدىكىلەرنى
باشلاپ بېرىپ ئاتا - ئانىسىنىڭ قەبرىسىنى يوقلاپ كەلگەن ، كۈن-

لەرنىڭ بىر كۈنلىرى ئاتا ـ ئانىسىنىڭ كەينىدىن كەتكۈدەك بول-
سا، لوپنىڭ قەيىرىدە بولسۇن ئەكىلىپ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ يېنىغا
قويۇشنى ئوغۇللىرىغا تاپىلىغان ھەم ئاتا ـ ئانىسىنىڭ قەبرىسىگە
باشقىلارنىڭكىگە ئوخشىمايدىغان بەلگە قىلىپ قويغانىدى.

ئوماق مومايغا قولىنى پۇلاڭلىتىپ قويۇپ يولىغا چۈشتى.
ئايقۇت قۇتقىنىڭ قوشىقىغا جاۋابەن قوشاق ئېيتىشقا تەمشىلىۋىدى،
يېنىدا كېتىۋاتقان كېلىنى ئايسۇلۇ قوشاق باشلىدى:

ئەل ـ يۇرتنۇ ئۇنۇتقاننى،
قارا تۇپراق ـ يەر يۇتەر.
يەر يۇتكۇچە تىكەندەك،
يالغۇز قالىپ خار ئۆتەر.
ياغ قۇيغالى ئادەم يوق،
ئۆمۇر چىراغى ئۆچەر.

بارار جايىمىز داشى —
سېيىتكۆلنۇ ئاراسى.
دۆڭگە چىقسا كۆرۈنۇر،
توغراقلارنى قاراسى.
بىز مۇرۇللۇغ چاراغا،
ئۇزۇلمەيدۇ تاناسى.
.........

ئايسۇلۇ قوشىقىنى ئېيتىپ بولغۇچە، ئۇلار ئۆزلىرى خېلى
يەرگىچە ئۇزاپ بولدى. ئايقۇت ئاخىرقى قېتىم خوش دېمەكچى
بولۇپ كەينىگە قارىۋىدى، ئەزىمباقىنىڭ ئايلى توپىنىڭ ئالدىغا
چىقىپ قولىنى پۇلاڭلىتىپ تۇرۇپتۇ، يېنىدا قىزى دۆلەتخانمۇ بار
ئىدى. ئايقۇتمۇ قولىنى پۇلاڭلىتىۋېتىپ: «تۆمۇرگە كۆڭلىمىزدى-
كىدەك قولۇشتۇلۇق تېپىۋالغان كۈنىنىڭ ئەتىسىلا دۆلەتخاننى ئۆر-

دەككە مۆرۆللۆغلاپ قويىمىز» دەپ ئويلىدى ھەم يەنە : «خوش قىلىڭ ، قىزىم» دەپ قويدى .

ئۆزاتقۇچىلار قول پۇلاڭلىتىپ قىلىشتى . ئوماقلار ئائىلىسى يېڭى ئارزۇ ، يېڭى ئىستەك ۋە يېڭى ئىرادە بىلەن تارىم بويلاپ سېيىتكۆل تەرەپتىكى قۇشاچاقلىقىنى مەنزىل قىلىپ ئۆزاپ كەتتى .

## 8

ئوماق سېيىتكۆل ئەتراپىدىكى كۆزلىگەن مەنزىلىگە كەلگەن كۈننىڭ ئەتىسىلا ئوغۇللىرىنى ئەگەشتۈرۈپ ئاتلىق يەر كۆردى ، ئايلاندى . توختاق بىلەن تۆمۈر بىر ياز تېرىقچىلىق قىلىپ يۈرۈپ ھەم باشقىلارنىڭ ئۇ ھەقتە دېگەنلىرىنى ئاڭلاپ بۇ ئىشنىڭ ئېپىنى خېلى ئېلىپ قالغانىدى . ئۇلار بەزى يەرگە كەلگەندە ئاتلىرىدىن چۈشۈپ يەرنى قوللىرىدا تاتىلاشتۇرۇپ ياكى تىزغىچە كولاپ ئەت تويىنىڭ قېلىن - نېپىزلىكىنى بىلىپ باقتى ، تېرىقچىلىقتا ئەت قارا توپا قانچە قېلىن بولسا شۇنچە ياخشى بولىدىغانلىقىنى بىلىپ قالغانىدى ، لېكىن چۈشتىن ئۆتكۈچىمۇ مۇۋاپىق بىر يەرنى تاللىيالمىدى . بىر يەرنىڭ تۇپرىقى ياخشى بولسا ، سۇيى ئەپسىز بول-دى ، سۇغا يېقىن يەرنىڭ تۇپرىقى ياخشى بولمىدى . توختاق بۆك سايغان قومۇشلۇق بىر دۆڭگە چىقىپ كەتكەندى ، ئۇ دۆڭدە تۇرۇپلا :

— ماۋۇ يەرگە كېلىپ كۆرۈپ بېقىڭلار ، كەڭ بىر تۈز يەر تۇرىدۇ ، — دەپ توۋلاپ قويۇپلا دۆڭنىڭ ئۇ تەرىپىگە چۈشۈپ كەتتى .

ئوماقلار يۇپۇرۇلۇپ دۆڭگە چىققاندا ، توختاق كەتمەن بىلەن بىر يەرنى كولاۋاتقانىدى .

— پاھ ، قالتىس تۈز يەركەنغۇ ، — دېدى ئوماق ۋە توختاق-تىن ، — توپىسى قانداقكەن ؟ — دەپ سورىدى .

توختاق دۆڭ تەرەپكە قاراپ :
— كېلىپ قاراپ بېقىڭلار ! — دېدى ئۈنلۈك قىلىپ .
— پاھ ، توپىسى قالتىسكەنغۇ ، سۈيى قانداقتۇ ؟ — دېدى ئوماق ئاتتىن چۈشۈپ توپىدىن بىر سىقىم قولىغا ئېلىپ كۆرۈپ .
تۆمۈر ، ئۆردەكمۇ ئاكىسى كولاپ چىقارغان توپىنىڭ يېنىدا زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ توپىنى قولىغا ئېلىپ قارىدى . توپا قارامتۇل ئىدى .
ئوماق ئورنىدىن تۇرۇپ ئەتراپقا قارىغاچ :
— توپىسىنىڭ قۇمى ئازكەن . گەپ سۈيىدە ، ئەتراپقا قاراپ باقايلى ، — دېدى .
ئوماقنىڭ كۆرسىتىشى بىلەن توختاق بىر تەرەپكە ، تۆمۈر بىلەن ئۆردەك بىر تەرەپكە ، ئۆزى بىر تەرەپكە قاراپ باقىدىغان بولدى .
— ماۋۇ تەرەپتىن سۇ ئەكەلگىلى بولىدىكەن ، — دەپ توۋلىدى تۆمۈر تارىم دەرياسى تەرەپنى كۆرسىتىپ .
ئوماق ، توختاقلار كېلىپ كۆرۈپ پەقەت شۇ تەرەپتىنلا سۇ ئەكەلگىلى بولىدىغانلىقىنى جەزملىدى . تۈزنىڭ قالغان ئۈچ تەرىپى ئېگىز ئىدى ، پەس تەرىپىگە تارىم دەرياسى يېقىن ئىدى . بىر كۈنگە يېقىن ئايلانغىنىغا يارىشا تۈپراق قەۋەتى قېلىن ، تۈز ، سۈيىمۇ ئەپلىك ، كەڭ ، مۇشۇ قۇڭاچاقلىقنى تاللىدى . تاللىغان يەردىن ئانچە يىراق بولمىغان بىر دۆڭنىڭ يامرىلىغا قىشتىن چىقىۋېلىش ئۈچۈن ئۈچ ئېغىز گەمە ئۆي ياساپ تۇرۇشماقچى بولدى .
ئوماق ، توختاق ، تۆمۈرلەر ئادەمنىڭ بېشى تاقاشمىغۇدەك چوڭقۇرلۇقتا گەمە كولاشقا كىرىشتى . گەمە كولاشقا كورلىدىن ئېلىپ كەلگەن كەتمەنلەر قالتىس ئەسقاتتى . ئايقۇت ، ئايسۇلۇ ، ئۆردەكلەر ئات ، كالىدا قومۇش ، يۇلغۇن توشۇدى ، توغراقلىقتىن قۇرۇق توغراق شاخلىرىنى كېسىپ كەلدى . گەمە ئەتىسى چۈشكە يېقىن پۈتتى . ئۆي - ياتاق قىلىدىغان ئۈچ گەمىنى پۈتكۈزۈپ

سەرەمجانلاپ بولغاندىن كېيىن ، ئاشخانا قىلىدىغانغا يەنە بىر گەمد-
نى پۈتكۈزۈپ بولدى .

ئوماقلار ئىشتىن بالدۇر بىكار بولۇپ ، كەچلىك تاماقنا تەرەد-
دۇت قىلماقچى بولۇپ تۇرغاندا ، ئۆردەك :

— ئاۋۇ كىم ؟ بىز تەرەپكە ئات چاپتۇرۇپ كېلىۋاتىدۇ ! —
دېدى .

ھەممىسى شۇ تەرەپكە قارىدى . بىر ئادەم نەيزىنى پۇلاڭلاتقىد-
نىچە ئات چاپتۇرۇپ كەلمەكتە ئىدى . يېقىنلا يەردە قۇشقاچاقلار
شىرىقشىغاندەك قىلدى . ئۆردەك قاراپ ، بىر كېيىك بالىسىنىڭ
ئۆزىگە يېقىنلا يەردىكى قېلىن قۇشقاچاق ئارىسىدا دىر - دىر تىترەپ
ئالدى ئىككى پۇتلاپ ئولتۇرۇپ قالغىنىنى كۆردى . ئۇنىڭ بىر
پۇتى زەخىملەنگەندەك ئىدى . كېيىك بالىسى ئۆردەككە گويا : «ئەي
بالا ، مېنى قۇتقۇزۇۋال ، مەنمۇ ساڭا ئوخشاش بالا » دەپ يېلىنىۋاتد-
قاندەك قىلاتتى . كېيىك بالىسىنىڭ كۆزى نەقەدەر ئوماق ، نەقەدەر
چىرايلىق ، ئەمما ھازىر بۇ ئوماق ، چىرايلىق كۆز ياش بىلەن
تولغانىدى . قارا توپىلىق قۇشقاچاقلىقتا ئاتنىڭ دۈپۈرلىگەن تۇياق
ئاۋازى يەر تېگىدىن بارغانسېرى يېقىنلىماقتا ، ئات تۇيىقىنىڭ
ئاۋازى يېقىنلىغانسېرى كېيىك بالىسى شۇنچە تىترەپ ، شۇنچە ياش
تۆكمەكتە ، ئۇنىسىز يىغلىماقتا . ئۆردەككە شۇ تاپتا ئاتنىڭ تۇيىقى
يەرگە ئەمەس ، ئۇنىڭ يۈرىكىگە پېتىۋاتقاندەك ئازابلانماقتا ئىدى .
ئۆردەك يەنە لەپپىدە كېيىك بالىسىغا قارىدى . ئەمدى ئۇنىڭ كۆزد-
دىكى ياش يامغۇردەك تاراملاپ تۆكۈلۈپ ، مەڭزىنى ھۆللەپ ئېقىپ
يەرگە تۆكۈلمەكتە . دۈپۈر - دۈپۈر… ئات تۇيىقىنىڭ ئاۋازى ،
يېقىنلا يەردە . «قانداق قۇتۇلدۇرارمەن ، يېقىن بارسام مەندىن
قېچىپ ئوۋچىغا تۇتۇلۇپ قالىدۇ… ھە ، بۇ تورقىدا ئۇ ماڭالمايد-
غاندەك قىلىدۇ » دەپ ئويلىدى ئۇ ۋە شۇئان ئەپلىك بىر چارە
ئويلاپ تاپتى - دە ، كېيىك بالىسىغا قاراپ بىر قەدەم - بىر
قەدەمدىن ماڭدى . ئات تۇيىقىنىڭ ئاۋازىمۇ يېقىنلاپلا كەلدى . كې-

يىك بالىسى قاچمىدى ، تىترىگىنىچە تۇرىۋەردى . ئۆردەك كېلىپ كېپىك بالىسىنىڭ دۈمبىسىنى ، بېشىنى سىلىدى . كېپىك بالىسى بېشىنى ئۆردەككە سۈركىدى . ئەمدى ئۇنىڭ كۆزىدىكى بىچارىلىك ، ئۆلۈم ئالدىدىكى ئۈمىدسىزلىك ئورنىنى ئۈمىد ، خۇشاللىق ، ياشاش زوقى ئىگىلىگەندەك ئىدى . ئۇ ئۆردەكتىن نىجادلىق تاپقانلىقىغا ئىشەندى . ھېلىلا ئۇنىڭ كۆزىدىكى ھاياتىنىڭ ئۆلۈمگە يۈزلىنىپ قالغىنىغا ئېچىنىپ تاراملىغان ياش مانا شۇ تاپتا خۇشاللىق يېشىغا ئايلانغانىدى .

ئوۋچى كېپىك بالىسىنىڭ ئۈستىگىلا كېلىپ قالدى .
ئۆردەك ئوۋچىغا ، ئوۋچى ئۆردەككە قاراپلا قالدى .
ئۆردەك كېپىك بالىسىنى چىڭ قۇچاقلىۋالغانىدى .

— گوي - گوي ، سەن تۇراق يولىۋاسنىڭ نەۋرىسىغۇ سەن ...— ئوۋچى گېپىنىڭ ئاخىرىنى دېگۈچە ، ئۆردەك كېپىك بالىسىنى قۇچاقلاپ تۇرۇپ :

— ۋوي ، ئەسسالامۇئەلەيكۇم ، مەھەممەتقۇلى مەرگەن ئاغامكەنسىزغۇ ، — دېدى .

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام ، بۇ يەردە نېمىش قىلىسەن ؟
— ئاتام بىلەن بىز بۇ يەرگە...

ئۆردەك گېپىنىڭ ئاخىرىنى چۈشۈرۈشكە ئۈلگۈرمىدى . ئاستى گەمىلىك ساتما ئۆينىڭ كەينىدە بىرنېمە ـــ لەرنى قىلىۋاتقان تۆمۈر :

— ئاتا ، چارا تەرەپتىن بىر توپ ئادەم كېلىۋاتىدۇ ، — دەپ توۋلىدى .

بۇ چاغدا ئوماق بىلەن توختى گەمىلىك ساتمىنىڭ ئىچىنى تۈزەشتۈرۈۋاتقانىدى . ئوماق گەمىلىك ساتمىدىن چىقىپلا چارا تەرەپكە قارىدى ، لېكىن كىملىكىنى بىلەلمەي بويۇنداپ قارىدى ، يەنىلا ئۇلارنىڭ كىملىكىنى ئىلغا قىلالماي تۇرغاندا ، قۇلىقىغا :

— گوي - گويەي ، چارىنىڭ ئاقساقىلى ئالىباي بىر توپ ئادەم بىلەن كېلىۋاتىدۇ ، — دېگەن تونۇش بىر ئاۋاز كەلدى .

ئوماق ئاۋاز كەلگەن تەرەپكە قاراپ ، ئادەم بويى قوڭاچاقلىقتا نەيزە تۇتۇپ تۇرغان ، ئاتلىق مەھەممەت مەرگەننى كۆرۈپ ھەيران قالدى .

— ۋوي ، مەھەممەت مەرگەن ئاغا ، سەن بۇ يەردە نېمىش قىلىسەن؟ — ئوماق گەپ قىلغاچ مەھەممەت مەرگەننىڭ يېنىغا كەلدى ، كەلدىيۇ ، بۇگلۇكتە كېيىك بالىسىنى قۇچاقلاپ سىلاپ ئولتۇرغان ئۆردەكنى كۆرۈپ ھەيران قالدى ، ھەتتا نېمىنى كۆرۈ-ۋاتقىنىغا ، كۆزىگە ئىشەنمەيلا قالدى .

— ھە ، قاراپ قالدىڭغۇ ، مەن كېيىك بالىسىنى قوغلاپ سېنىڭ ئۆردىكىڭنىڭ قۇچىقىغا تاشلاپ بېرىپتىمەن ئەمەسمۇ ، بول-دى ، ئۇ ئۆردەكنىڭ بولسۇن ، — دېدى مەھەممەت مەرگەن ، نەيزە ئۇنىڭ ئوڭ قولتۇقىغا قىستىقلىق بولۇپ ، جەينىكىنىڭ تۆۋىنى ساڭگىلاپ تۇراتتى .

ئۇ نەيزىنى قولتۇقىدىن سول قولىدا تارتىۋېلىپ ئوماققا تاش-لاپ بېرىپ ، ئۆزى ئېگەرنىڭ بېشىنى تۇتۇپ تۇرۇپ ئاتتىن ئەپچىل-لىك بىلەن چۈشتى .

ئوماق بوۋاينى گەمىلىك ساتمىغا تەكلىپ قىلدى . بوۋاي گە-مىگە كىرىپلا :

— گوي - گوي ، يېڭى كەپىلەر - ھە ، ھەقچان سىلەردە گەدەرمە بېلىق بار ، يېڭى بېلىق يوق . ئۆيۈمدە تېخى تۇنۇگۇن تور چۆۋۈپ[1] تۇتقان يېڭى بېلىق بار . بالاڭدىن بىرنى قوشۇپ بەر ، ئەكېلەيلى . چارلىقلار بىلەن بىرگە تاماق يېمىگىلى ئۆزاق بوپتى-كەن ، بۇگۇن بىللە بېلىق يەيلى ، — دېدى .

— گەدەرمە قىلىۋېلىپ قىشچە يەيدىغان بولغىيدىڭ؟

— گوي - گوي ، شۇ قىشنىڭ غېمىمۇ ، تارىمنىڭ سۈيى تۈگىمىسىلا ، بېلىقمۇ تۈگىمەيدۇ .

باشقا گەپكە ئورۇن قالمىغانىدى . ئوماق بوۋايغا توختاقنى قوشۇپ قويدى .

---

[1] تور چۆۋۈپ    تور يېيىپ .

تۆمۈر ئۈكىسىنىڭ تەلىپى بويىچە كېيىك بالىسىنى كۆتۈرۈپ
ئۆزلىرى ياتىدىغان گەمىگە ئەكىرىپ بەردى . كېيىك بالىسىنىڭ
ئالدى سول پۇتىنىڭ تىزى زەخىملەنگەنىدى . قارىغاندا بىچارە كې-
يىكچاق ئۆلۈمدىن قاچىمەن دەپ تىزىنى بىر نەرسىگە قاتتىق
ئۇرۇۋالغاندەك ئىدى ، تىزى كۆپتەك ئىششىپ كەتكەنىدى . تۆمۈر
چىقىپ كېتىپ ئايسۇلۇنى چاقىرىپ قويدى . ئايسۇلۇ كېيىك بالى-
سىنى ئۆز بالىسىنى باغرىغا باسقاندەك قۇچاقلىدى ، بېشىنى ،
دۈمبىلىرىنى سىلىغاچ :

— بىچارە ئومىقىم ، قورقما ، بىز بار ، — دېدى ، ئاڭغىچە
ئايقۇتمۇ كىردى :

— ۋوي ، بۇنى قانداق تۇتۇۋالدىڭلار ، ۋاي بىچارەم ، ۋاي
بىچارەم ، — ئايقۇت ئايسۇلۇنىڭ يېنىغا كېلىپ كېيىك بالىسىنىڭ
باش - بويلىرىنى سىلاپ ، ئولتۇرۇشقا تەمشىلىپ تۇرۇۋىدى ،
سىرتتا تۆمۈرنىڭ :

— ئون ئادەمكەن ، — دېگەن ئۈنى ئاڭلاندى .

ئوماق تۆمۈرنى دۆڭگە چىقىپ قاراپ ، چارا تەرەپتىن كېلىۋات-
قانلارنىڭ قانچە ئادەملىكىنى بىلىپ بېقىشقا بۇيرۇغانىدى . بۇنىڭ-
دىن ئايقۇتنىڭ خەۋىرى بار ئىدى .

ئايقۇت ئايسۇلۇغا قاراپ :

— سىزنىڭ كۆزىڭىز مۇشۇ كېيىك بالىسىنىڭ كۆزىگىلا
ئوخشايدۇ ، قاراڭ ئۇنىڭ كۆزىـنىڭ چىرايلىقـلىقـىنى ، — دېدى
ۋە ، — كەينىمدىن چىقارسىز ، ئۇلارغا تاماق تەييارلايلى ، — دەپ
قويۇپ گەمىدىن چىقىپ كەتتى .

ئايسۇلۇ قېينانىسىنىڭ كەينىدىن چىرايلىق كۆزىدىن مەمنۇن-
لۇق ياغدۇرۇپ سۆيۈنۈشلۈك قاراپ كەتتى .

ئايسۇلۇ قوي ، ئۆچكە ۋە باشقا هايۋانلارنىڭ پۇتى زەخىملىنىپ
ئىششىپ كەتكەندە ، ئاتىسىنىڭ قانداق ئامال قىلغانلىقىنى بىرنەچ-
چە قېتىم كۆرۈۋالغانىدى . شۇ بويىچە ھەممە لوپلۇقلار ئائىلىسىدە
زاپاس ساقلايدىغان بېلىق ئومۇرتقىسىنىڭ كۈلىنى نەمدەپ كېيىك

بالىسىنىڭ تىزىغا چاپتى، ئۇستىدىن لاتا بىلەن تېڭىپ بولۇپ، ئۆردەككە:

— بىچارە قاچىمەن دەپ بار جېنى بىلەن يۈگۈرۈپ سۇساپ[1] كەتكەندۇ، سۇ ئەكىرىپ بەر، ئاندىن ئوت بەر، — دەپ قويۇپ گەمىدىن چىقىپ كەتتى.

—… ئۇنداق بولسا، ئۇجۇل ئۇمىچىدىن ئون سەككىز كىشىلىك ئېتىڭلار، — دېدى ئوماق. ئايقۇت:

— بىز ئالتە، ئۇلار ئونكەن، بوۋاي بىلەن ئون يەتتە بولمامدۇق، — دېدى.

— بوۋاينىڭ مومىيىنى ئۇنتۇپ قالماڭلار، ئۇنى يالغۇز تاشلاپ قويۇپ كېلەمدا.

ئايقۇت خۇرسەنلىك بىلەن كۈلۈمسىرەپ قويدى.

چارىلىقلار كەلدى، ئاتلىرىدىن چۈشتى.

— گوي - گوي، بىز سىلەرگە ئۆي سېلىپ بېرەيلى دەپ كەلسەك، گەمە ئۆي قىلىپ بوپسىلەرغۇ، — دېدى ئالىباي ئاقساقال.

بىز گەمىدىمۇ ئوخشاش ئۆتىۋېرىمىز. بىزگە ھازىر كېرەكى يەرنى تەييار قىلىپ، ئېرىق چېپىپ سۇ باشلاپ، يەرنى سۇغا قاندۇرۇۋېلىش. بۇلارنى قىلىۋالماي ئۆي سالىمىز دېسەك، كېلەر يىل ئەتىيازدا قايسى يەرنى تېرىيمىز.

— يەرنى تاللاپ قويدۇڭلارمۇ؟

— تاللاپ قويدۇق.

— ئۇنداق بولسا، ئەتە بىر قىسمىمىز يەرنى قىرلايلى، بىر قىسمىمىز ئېرىق چاپايلى. ئېرىق ئالىدىغان يەرنى كۆرۈپ قويدۇڭمۇ؟

— كۆرۈپ قويدۇم.

ئۇلار ئەتە قىلىدىغان ئىشلار توغرۇلۇق قىزىق سۆزلىشىپ تۇرغاندا، بوۋاي مومىيىنى ئېلىپ، توختاق بىلەن قايتىپ كەلدى.

---

① سۇساپ ئۇسساپ.

ئۇ چارلىقلار بىلەن قىزغىن كۆرۈشۈپ چىقتى .
— كونا تونۇشلاردىن ئىكەنسىلەر ، — دېدى ئۇماق ھەم ئۆت-كەن ئايدا ئابدالغا ماڭغاندا ، مەھەممەتقۇلى مەرگەن بىلەن دەريا بويىدا كۆرۈشۈپ قالغانلىقىنى ، ئۇنىڭ ئۆزلىرىنى سۇدىن ئۆتكۈ-زۇپ ، خېلى يەرگىچە يول باشلاپ ماڭغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى .
— بۇ قېرىنى كۆنچىدىن تارتىپ يېڭىسۇغىچە بولغان ئۇن نەچچە يۇرت - مەھەللىدە «چولاق مەرگەن» دېسە بىلمەيدىغان ئادەم يوق ، ئەممازە ، ياۋايى . مومىيى بىلەن جاڭگال ، قۇملۇقتىن كەل-مەيدۇ . بىرەر دەريا ، كۆل بويىغا كەپە قىلىۋېلىپ بېلىق ، توشقان تۇتۇپ يەپ ئۆتنۈۋېرىدۇ ، يەــل بويى مەھەلــلىلەرگە بېــرىپ قوي-مايدۇ ، — دېدى ئالىباي ئاقساقال .
— ئۆگىنىپ قاپتىمەن . مەھەللىگە ، ئادەم جىق يەرگە بارسام سىقىلغاندەك ، نەپىسىم قىسىلغاندەك بولۇپ قالدىكەنمەن . ئاسمى-نى كەڭ يەردە يايراپ ئۆتۈشنى ياخشى كۆرىدىكەنمەن .
— ئازادە ، ئەركىن ياشاشنى كىم ياخشى كۆرمەيدۇ ، بىللە ئۆتسەك دەيمىز شۇ .
— بۇ لوپ دالىسىدا مەھەممەت چولاق مەرگەندەك يالغۇز ياشايدىغانلار ئازمۇ . بولدى ، بۇ گەپنى قويۇپ تامىقىمىزنى يەپ ، ئەتە قىلىدىغان ئىشنىڭ گېپىنى قىلايلى ، — دېدى ئالىباي ئاقسا-قال .
بۇلار پاراڭ ۋە باشقا ئىشلار بىلەن بولۇۋاتقاندا ئايقۇت بىلەن ئايسۇلۇ تاماققا تۇتۇش قىلغانىدى . بېلىقلارنى سوزۇپ ئېلىۋېتىپ شورپىسىغا قاراقوشۇنلۇقچە قىلىنغان ئۇجۇل تالقىنى سېلىپ تەي-يارلاپ قويدى . بېلىقلار ئون سەككىز كىشىگە كەڭ - كۇشادە يەتتى ، يەمسەن ، ياق بولدى . ئۇجۇل ئۇمىچىنى يېرىم قاچىدىنلا ئىچىشتى ، يېرىم قازان ئۇماچ ئېشىپ قالدى . ئۇنى ئۇجۇل قاتمى-سى قىلىپ قويۇش ئۈچۈن يەنە ئىككى قوشۇق ئۇجۇل قوشۇپ قاينىتىپ لېگەن ، قاچىلارغا ئۇسۇپ ئېلىپ قويدى .
ئۇلار گەمگە پاتمايدىغان بولغاچقا ، ئوۋچىلارغا ئوخشاش ئاي-دالىغا غولۇتمان يېقىپ قويۇپ يېرىم كېچىگىچە پاراڭلىشىپ ئول-

تۇرۇشتى . ئايقۇت ، ئايسۇلۇ ، تۇمۇر ، ئۆردەكلەرنىڭ ئۇيقۇسى كەلمىدى . ئۇلارمۇ چىقىپ غولۇتمان ئەتراپىدا جايىنى تىپىپ چۆ- رىدەپ ئولتۇرۇشتى .

—… ئوڭ قولۇمنىڭ جەينەكتىن تۆۋىنىنىڭ مۇشۇنداق بوپ قېلىشىنىڭ سەۋەبى ئەنە شۇ . كىشىنىڭ يولۋاس ئۆلتۈرگىنىنى دورايمەن دەپ بۇ پالاكەتچىلىكنى تاپتىم . ئوۋچى بولغان ئادەم بەك سەزگۈر ، تۇيغۇن بولۇشى ، ئەتراپقا ئىنچىكە كۆز سېلىشى كېرەك ئىكەن . مەن ئۇنداق بولمىغاچقا ، مانا هازىر بېلىق تۇتۇش ، توشقان ئوۋلاشتىن باشقىغا يارىمايمەن . بۈگۈن بىر كېيىك بالىسىنىمۇ ئوۋلىيالماي ئوماقنىڭ ئۆردىكىگە ئوۋلىتىپ قويدۇم ، — دېدى مەھەممەت مەرگەن يېنىدا ئولتۇرغان ئۆردەكنىڭ بېشىنى سىلاپ تۇرۇپ .

ئولتۇرغانلارنىڭ ھەممىسى ئۆردەككە قارىدى . ئالىباي ئاقسا- قال ئۆردەكتىن :

— كېيىك بالىسىنى سەن قانداق ئوۋلىۋالدىڭ ؟ — دەپ سورىدى .

ئۆردەك پۈتۈن جەرياننى ھېكايە ئېيتقاندەك سۆزلەپ بەردى .

— بۇ ئاجايىپ خاسىيەتلىك ئىش بوپتۇ . چوڭ ياشلىق لوپ- لۇقلار بىلىدىغان «ئائئۇلامخان» دەيدىغان بىر داستاندا ، مۇشۇنىڭ- غا ئوخشايدىغان بىر كېيىك توغرىسىدا سۆزلىنىدۇ . ئۇ كېيىك نېمە سەۋەبتىندۇر ئادەمدىن كېيىككە ئۆزگىرىپ قالغانىكەن . كې- يىن ئۇ كېيىك بىر ئادەم بالىسىنى بوۋاق چېغىدىن باشلاپ بېقىپ چوڭ قىلىدۇ . بۇ كېيىك بالىسى شۇ كېيىك جەمەتىدىنمۇ تېخى ، كىم بىلىدۇ بۇ بىر خىسلەتلىك كېيىكمۇ ، ئۇنى سەن قانداق قىلماقچى ؟ — ئالىباي ئاقساقال قىزىقىپ ئۆردەكتىن سورىدى .

— باقىمەن .

— گوي - گوي ، يارايسەن ، باق ، كىم بىلىدۇ ، كېيىن ئۇنىڭ خاسىيىتىنى كۆرۈپ قالامسەن !

— ۋوي ، بۇ كېيىكلىچە مەن تاس قاپتىمەن - دە ، كېيىك ئوۋلىدىم دەپ چوڭ بالا - قازالىق ئىش قىلىپ قويغىلى . مەن

ئالدىڭلاردا ۋەدە بېرىمەنكى، بۇنىڭدىن كېيىن كېيىك ئەۋلادىنى ئۆلتۈرمايمەن. يىقىلغىنىنى كۆرسەم يۆلەپ قويىمەن، ئاچ قالغانغا ئوت تاشلاپ بېرىمەن، ئۇسسىغانىنى كۆرسەم سۇ ئەكېلىپ بېرىمەن، — دېدى مەھەممەت مەرگەن.

— گوي - گوي، بۇگۈنكى بۇ ئۇچرىشىش بەك ئوبدان بولدى. بۇنىڭ ھەممىسى ئۆردەك ئالتۇننىڭ خىسلىتىدىن، — دېدى ئالىباي ئاقساقال.

— گوي، «ئۆردەك ئالتۇن» دەيسەنغۇ، بۇ نېمە دېگىنىڭ؟

— ئۇنى پۈتۈن چارىلىقلار: «قولى گۈل ئالتۇن بالا» دېگەن مەنىدە چوڭ بىلىپ: «ئۆردەك ئالتۇن» دەپ ئاتايمىز.

— گوي - گوي، بەك جايىدا ئاتاش بوپتۇ. راستىنلا ئالتۇندەك بالا ئىكەن، بۇ كېيىن چوقۇم خىسلەتلىك ئادەم بولىدۇ، — دېدى مەھەممەت مەرگەن.

— گوي - گوي، يىرىم كېچىدىن ئۆتۈپ ئايمۇ پاتتى. بىز تېخىچە ئولتۇرۇۋاتىمىز، ئەتە قىلىدىغان ئىش ئاز ئەمەس، ئۇخلايلى، — دېدى ئالىباي ئاقساقال.

مەھەممەت مەرگەننىڭ مومىيىنى ئايقۇت بىلەن ئايسۇلۇ گەمىگە باشلاپ ئەكىرىپ كەتتى. تۆمۈر بىلەن ئۆردەك كېيىكچاقنىڭ قېشىغا كىرىپ ياتتى، قالغانلار غولۇتمان ئەتراپىدا يانپاشلىغىنىچە ئۇيقۇغا كېتىشتى.

## 9

تاڭ ئەلچىسى، دالا كۆيچىسى تورغايلارنىڭ تەرەپ - تەرەپتە بەسلەشكەندەك چۇچۇلاشلىرى ئالىباي ئاقساقال، ئۇماقلارنى تاڭ سەھەردىلا ئويغىتىۋەتتى. ھاۋا مۇشۇ كىشىلەرنىڭ كۆڭلىدەك سۈزۈك، ئوچۇق ئىدى.

كېيىك بالىسىنىڭ قېچىپ بۇ تەرەپكە كېلىشى، مەھەممەت مەرگەننىڭ ئۇنى ئارقىسىدىن قوغلاپ مۇشۇ يەرگىچە قوغلاپ كېلىشىنىڭ ئۆزىلا بىر خىسلەتلىك ئىش بولغانىكەن. ئىشلار ئۇماقنىڭ

ئويلىغىنىدىنمۇ ياخشى بولماقتا . مەرگەن بوۋاينىڭ مەسلىھەتى بىلەن ، بەش ئادەم ئېرىق چىقىرىدىغان ، ئاقساقال باشچىلىقىدا بەش ئادەم يەرنى دائىرىگە ئېلىپ قىرلايدىغان ، ئوماق ، توختاق ، تۆمۈر-لەر تەييار قىلىنغان يەرنى ئۇدۇللۇق ھەيدەيدىغان ، ئايالىلار بىلەن ئۆردەك يىلتىزى توپىدىن چىقىمىغان قوغاچاق ، سايغان قومۇشلارنى يەنە كۆكلىۋالماسلىق ئۈچۈن توپىدىن چىقىرىپ قويىدىغان بولدى . سۆيۈنۈپ ، بېرىلىپ تۇرۇپ قىلىنغان ئىش ھەم كۆڭۈللۈك ، ھەم بەرىكەتلىك بولىدۇ . بىرىنچى كۈنىلا ئۈچ كۈنگە پىلانلانغان ئىشـ-نىڭ يېرىمىدىن كۆپى تۈگىدى . ئىش قىلىۋېتىپ ئېيتىلغان قو-شاقلار كىشىنىڭ كۆڭلىنى ئېچىپ ، روھىنى كۆتۈرۈپ ، غەيرىتىنى ئاشۇرىدۇ ، ۋاقىتنىڭ قانداق ئۆتكىنىنى بىلىندۇرمەيدۇ . بۇ يەردى-كى كىشىلەر بىرەر ئىشقا قولىنى ئاپىرىش ھامان ئاغزىدىن قوشاق تۆكۈلىدۇ ، قوشاق ئېيتمىسا ، قوشاق ئاڭلاپ تۇرمىسا ئىچى پۇ-شۇپ ، زېرىكىپ قالىدۇ . بىرىنچى كۈندىكى ئەمگەك ئاشۇنداق كۆڭۈللۈك ، ئاينىشلىق بولدى .

ئەتىسى ئىش باشلىنىش بىلەنلا ئالىباي ئاقساقال :

— قېنى ، قوشىقىڭلارنى باشلىمامسىلەر . تۈنۈگۈن ساپلا ئەرلـەرنىڭ قوشىقىـنى ئاڭـلىدۇق ، بۈگۈن ئايـاللارنىڭكىنى ئاڭلارمىز ، — دېدى .

قىز چىقارغۇچىلاردىن بىرى ئايقۇتنىڭ قوشىقىنى ئاڭلىغۇسى كەلگەن چېغى ، ئۇنىڭ تىلىنى تاتـىلاپ تۆۋەنـدىـكـى قوشاقنى ئېيتتى :

كېلىپ يىراق چارادىن ،
توپا يۆلەپ قىر ئەتتۇق .
مەلەدە بولسا بۇ ئىش ،
بىزگە نەمە ، ياق ، دەيتتۇق .
مېۋە ئالسا ئۆزۈگە ،
كۆمەچىنى بىز يەمتۇق .

قوشاق ئېيتىلىپ بولۇش ھامان قىر ئېتىۋاتقان، نېرىدا ئېرىق چىقىرىۋاتقانلار قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىشتى.

ئوماق مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى. ئۇ ئايقۇتنىڭ قوشاققا كېلىشتۈرۈپ جاۋاب بېرىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى. ئايقۇت قوشاققا ئېغىز ئاچاي دەپ تۇرغاندا، ئايسۇلۇ چاقچاق قىلىپ قوشاق ئېيتتى:

چىللاپ كەلگەن مېھماندىن،
ئۆزۈ كەلگەنى ئەلا.
ئىش بىزنى بولغان بىلەن،
دىل بېرىپ قىلدىم دەلا.
خۇدايىم بۇيرۇپ قالار،
نان، كۆمەچىنىمۇ يەلا.

بوي بەرمەيدۇ ئېشەكىڭ،
باشقۇرماساڭ نوختىلاپ.
بۇغداي، قوناق تېرىيمىز،
يەرنى قىرلاپ، تاختىلاپ.
سۇ كەتمەسۇن ئاستىڭدىن،
قىرنى ئەتكىن پۇختىلاپ.
.........

قىر چىقىرىۋاتقانلارمۇ، ئېرىق چېپىۋاتقانلارمۇ: «قوشاق دېگەن مانا! ...» دېيىشىپ، باياقىدىنمۇ بەك قاقاقلاپ كۈلۈشۈپ كەڭ تۈزنى كۆتۈرۈۋەتتى. ئوماق قوشنى توختىتىپ، ئىككى تېقىمىغا شاپىلاقلاپ كۈلۈپ كەتتى. توختاققا:

— توختاق، ئاڭلىدىڭمۇ، ئايسۇلۇڭ قوشاقتا ئاناڭنى بېسىپ چۈشكۈدەك جۇمۇ، — دېدى زوقلىنىپ.

توختاق ئانىسىنىڭ ئورنىدا خوتۇنىنىڭ كېلىشتۈرۈپ، جايىغا كەلتۈرۈپ ئېيتقان قوشىقىدىن مەمنۇن بولۇپ ئايسۇلۇغا قاراپ

بېشىنى لىڭشىتىپ مەپتۇنلۇق بىلەن كۈلۈپ قويدى .
— قالتىس كەلتۈرۈپ ئېيتتىڭ ، ئۇ ئەمدى بۇنىڭدىن كېيىن سەن بار يەردە قوشاق ئېيتمايدىغان بولدىغۇ دەيمەن ، — دېدى مەھەممەت مەرگەننىڭ مومىيى ئايسۇلۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ ۋە يەنە مۇنداق دېدى :
— كۆڭلۈم ئېچىلىپ قالدى ، خۇدايىم ئۆمرۈڭنى بەرسۇن !
ئىش ، قوشاق بىلەن ئۇ كۈننىڭ قانداق ئۆتكىنى بىلىنمەيلا قالدى . كەچكى تاماقتىن كېيىن ، ئالدىنقى كۈندىكىدەك بىر غىلىتاڭ يەرگە چوڭ غولۇتمان يېقىپ چۆرىدەپ ئولتۇرۇپ پاراڭغا چۈشۈشتى . ئۇ ئۇنى دەيتتى ، بۇ بۇنى دەيتتى . ساپلا ئۇششاق پاراڭلار ئىدى ، ئالىباي ئاقساقال گەپنى بىر نۇقتىغا بۇرىماق بولۇپ :
— مەھەممەت ئاغا ، بىز ئىرىققا ئېچىق ئالماق بولغان ئېقىنىنىڭ باش تەرىپىدىكى كۆلنىڭ «سېيىتكۆل» دەپ ئاتىلىپ قېلىشىنىڭ سەۋەبىنى سەن تولۇق بىلىدىكەنسەن . شۇنى دەپ بەرسەڭ قانداق ، — دېدى .
ئولتۇرغانلارنىڭ ھەممىسى :
— ئېيىتىپ بەرگىنە ئاغا ، نېمىشقا شۇنداق ئاتىلىپ قالغان ؟ — دېيىشتى .
ئالىباي ئاقساقال بۇ قېتىم مەھەممەت مەرگەن بوۋاينى «مەھەممەتقۇل» ، «چولاق مەرگەن» دېمەي ، بوۋاينى چوڭ بىلىپ ، ھۆرمەتلەپ «ئاغا» دەپ ئاتىدى .
— ئاقساقال ، — دېدى مەھەممەت بوۋاي ئالىباي ئاقساقالغا قاراپ ، ھەممىسى بوۋايغا قارىدى ، غولۇتماننىڭ كۈچلۈك شولىسىدا ئۇنىڭ كۆزىدە تەرىپلەپ بولمايدىغان بىر خىل چەكسىز خۇشاللىق ، ئىپتىخارلىقتىن تۇغۇلغان چوڭقۇر ھاياجانلىق نۇرى چاقناپ تۇراتتى ، — مەن سەن «ئاغا» دېگۈدەك ئادەم ئەمەسمەن . پەقەت ياشتا سەندىن چوڭلۇقۇملا بار . ئەمما سەن مېنى ھۆرمەتلەپ ، چوڭ بىلىپ «ئاغا» دەۋاتىسەن ، مېنى شۇنداق ئاتىغىنىڭغا رەھمەت .

دېگىنىڭدەك ئۇ كۆلنىڭ «سېپىتكۆل» دەپ ئاتىلىپ قېلىشىنىڭ سەۋەبى بار. ئۇمۇ بىزنىڭ كۆلىمىز ئەمەسمۇ، ئۆتمۇشنى بىلىپ قويغان ياخشى. بوپتۇ، سۆزلەپ بېرەي، — دەپ مەھەممەت مەرگەن ئاغا ھېكايىگە ئىبغىز ئاچتى.

ئۇ ھازىر خۇشال ئىدى. ئۇ مۇشۇ يېشىغا «مەھەممەتقولى»، «چولاق مەرگەن»، «چولاق سالتاڭ» دېگەندەك نام بىلەن ئۇلاشقان، ھېچكىم ئۇنى «ئاغا» دەپ باقمىغان، ئۆزىنى «ئاغا» دەپ چاقىرغاننى ئوماق ۋە ئۇنىڭ بالىلىرى ئاغزىدىن ئۆتكەن ئايدا ئاڭلىغانىدى. مانا بۈگۈن چوڭ بىر يۇرتنىڭ ئاقساقىلى ئۇنى: «ئاغا» دەۋاتىدۇ. لوپلۇقلار يېشى چوڭلارنىڭ ھەممىسىنى قارىغۇيۇق «ئاغا» دەۋەرمەيدۇ. يېشىمۇ چوڭ بولۇشى، يۇرتتا يۈز ـ ئابرۇيى، ھۆرمىتىمۇ چوڭ بولۇشى كېرەك.

مەھەممەت مەرگەننىڭ ئون بەش ياش چاغلىرى، ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسى بىرى بىرىنى تارتقاندەك بىر يىل ئىچىدە ئارقا ـ ئارقىدىن ئۆلۈپ كەتتى. ئۇلارنىڭ تۇغقانلىرى يىراق يۇرتلارغا كۆچۈپ كەتكەن بولغاچقا، مەھەممەت تىكەنلىكتە تىكەندەك يالغۇز قالدى. ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسى قولى قىسقىلاردىن ئىدى. ئۇ تەس كۈنگە قالدى، ئىلاجىنىڭ يوقىدىن تىكەنلىكنىڭ ئاقساقىلى سېيىت تۆگىگە يالاندى. سېيىت ئاقساقال بوي ـ بەستى يوغان، تەنتۈر ئۇستىخان كالانپاي ئادەم بولۇپ، كۆپتەك باداڭ قورسىقىنى تەستە كۆتۈرۈپ، پۇشۇلداپ تىنىپ، ئالچاڭلاپ ئاران ماڭاتتى. «لوپ ـ لوپ» مېڭىشى بەئەينى تۆگىنىڭ ئۆزى ئىدى. ئاۋازىمۇ كېلەڭسىز بەستىدەك غاراڭ ـ غۇرۇڭ ئىدى، يېقىمسىز ئاڭلىناتتى، مىجەزى قوپال، باغرى قاتتىق، باشقىلارغا سايە كۆرسەتمەيدىغان ناكەس ئادەم ئىدى. ئۇنىڭدىن يېتىم ـ يېسىر، ئاجىزلارنىڭ كۆڭلى سۇ ئىچمەي ئازار يەيتتى. ئۇنى كىشىلەر رەسمىيەت ئۈچۈنلا يۈزىدە «ئاقساقال» دەپ قويغان بىلەن، كەينىدە «سېيىت تۆگە» دەيتتى. مەھەممەت ئەنە شۇ «تۆگە»گە پەسىللىك چاكارلىققا يالانغان بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ قۇلىغا ئايلىنىپ قالدى. مەھەم-

مەتتە ھېچقانداق ھوقۇق ، ئەركىنلىك يوق ئىدى . ھەتتا ئۆزىنىڭ تېگىشلىك ھەققىنىمۇ تەلەپ قىلالمايتتى ، بەرگىنىنى ئالاتتى ، ئۇ ئىجازەت قىلمىسا ، ئۆزىنىڭ ئۆيىگىمۇ بارالمايتتى . قاچان تاماق يېيىش ، قاچان ئىشنى توختىتىش ، نېمە كىيىش ، نەگە بېرىپ ، نەدە تۇرۇشقىچە «تۆگە»نىڭ ئىجازىتىنى ئالمىسا بولمايتتى .

ئۇنىڭ جانمۇھەممەت دەيدىغان يەلجۇش[1] ، ئالا بوياق[2] ، لەقۋا ، ساراڭ بىلەن ساقىنىڭ ئارىلىقىدا قالغان بىر ئوغلى بار ئىدى . سېيىت تۆگە ئىككىسىنى پەرقلەندۈرۈپ ئاتىماقچى بولۇپ مەھەممەتنى بىر قېتىم : «مەھەممەتقۇل» دەپ چاقىرىۋىدى ، ئۇنى دوراپ ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى شۇنداق ئاتايدىغان بولدى .

— مەھەممەتقۇل ، ماڭا بىر بېلىقنى كاۋاپ قىلىپ بەرگىنە .

— مەھەممەتقۇل ، ئاشخانىنىڭ ئوتۇنى تۈگەپتۇ .

— مەھەممەتقۇل ، تېزرەك بىر سوغا سۇ ئەكېلىۋەت .

— مەھەممەتقۇل ، جاڭگالدىن ئېتىمنى ئەكېلىپ بەر…

شۇنداق قىلىپ ئۇنىڭ ئىسمى مەھەممەتقۇل بولۇپ قالدى .

كۆلنىڭ ئەسلىي ئىسمى يېكەنكۆل . كۆلنىڭ ھەممە تەرىپى يېكەنلىك بولۇپ ، كۆلنىڭ سۇ كىرىش ئاغزى بىلەن سۇ چىقىش ئاغزى ، بولۇپمۇ سۇ چىقىش ئاغزى ئىنتايىن بۈك يېكەنلىك ئىدى . كۆلگە كىرگەن بېلىقلارنىڭ ئۇششاقلىرى يېكەننى ئارىلاپ چىقىپ كېتەلىسىمۇ ، چوڭلىرى چىقىپ كېتەلمەيتتى . شۇڭا كۆلدە بېلىق كۆپ ئىدى . كۈزلەك ، تىكەنلىك ھەتتا يېڭىسۇدىكىلەر قىشلىق گەدەرمە قىلىۋالىدىغان بېلىقلارنى ئاشۇ كۆلدىن تۇتاتتى . 6 ـ ئاي كەلگەندە ئۇجۇل يىغقىلى كەلگەنلەر كۆلگە تولۇپ كېتەتتى . ئۈچ مەھەللىدىكىلەرنىڭ بىر قىشلىق بېلىقى بىلەن بىر يىللىق ئۇجۇلى ئاشۇ كۆلدىن چىقاتتى . كۆلدىكى بايلىقتىن كۆزى قىزىرىپ ، نىيەتى يامانلاشقان سېيىت تۆگە كۆلنى ئىگىلىۋالدى . كۆل بويىغا

---

[1] يەلجۇش — قارنى يامان ، يەپ تويماس .
[2] ئالا بوياق — تۇراقسىز ، شالاق .

ئىككى ئۆيلۈك قورما ئۆي ياستىپ ، بىرىگە مىجەزى غالجىر ئىتتەك ئوغلى جانمۇھەممەتنى ، يەنە بىرىگە بىرنەچچە تەلۋە غالچىسىنى ئەكىلىپ قويۇپ ، كۆلگە ھېچكىمنى كەلتۈرمىدى . شۇنىڭدىن كېيىن كىشىلەر بۇ كۆلنى «سېيىتكۆل» دەپ ئاتايدىغان بولدى .

سېيىت تۆگىنىڭ ئويقان نەپسى ئۇنىڭ بىلەنمۇ تويمىدى ، نەپسى تېخىمۇ يوغىناپ ، نىيەت ـ پەيلى تېخىمۇ بۇزۇلدى ، مۇشۇ قۇشاچاقلىق تۈزگە كۆزى چۈشۈپ بۇ يەرنىمۇ ئىگىلىۋالماقچى بولدى . بىز ھازىر ئوماقتا ئېچىپ بېرىدىغان بۇ تۈزنى چوڭ ـ چوڭ ئۈچ تاختا ئېتىز قىلىپ ئېچىپ ، بۇغداي ، قوناق ، تېرىق تېرىدى . ئازغىنە تېرىقچىلىقنى باھانە قىلىپ بۇ ئەتراپقا ھېچكىمنى ، ھېچكىمنىڭ ماللىرىنى يېقىن كەلتۈرمىدى . كېيىنچە كىشىلەر بۇ يەرنى «سېيىتنىڭ تاختىسى» دەپ ئاتىدى .

— ئاڭلىساق سېيىت تۆگە كۆيۈپ ئۆلۈپتىكەن ، راستمۇ ؟ — ئالىباي ئاقساقال سورىدى .

— شۇنداق ، كۆيۈپ ئۆلدى . ئۆلگەندىمۇ ، ئۆلۈكى جاڭگالدا كۆل بولۇپ تۇزۇپ تۈگىدى .

— كۆل بولۇپ تۇزۇپ تۈگىدى دەمسەن ، — ئالىباي ئاقساقال ئەجەبلەندى ، — مەن ئاتمىشبۇلاقتىن چارىغا كېيىن كەلگەچكە ، ئۇ ئىشنى تولۇق ئاڭلىماپتىكەنمەن ، قانداق بولغانلىقىنى سۆزلەپ بەرگىنە ، ئاغا .

توختاق بىلەن تۆمۈر نېرىدىكى قوم دۆڭلىرىدىن يۆلغۇن ، قاقشال كۆتەكلىرىنى ئەكېلىپ چوغلىنىپ قالغان ئوت ئۈستىگە تاشلىدى . ئوت قۇرۇق ئوتۇنغا تۇتىشىپ لاۋۇلداپ كۆيۈشكە باشلىدى . ئوماقتىن تارتىپ ئۆردەككىچە ھەممىسى مەھەممەت ئاغىنىڭ ئاغزىغا تەلمۈرۈپ ئولتۇراتتى . ئۇنداق باغرى تاشلىقنى ئاڭلاپ باقمىغان ئايسۇلۇ سېيىت تۆگىنىڭ ئۇنداق رەھىمسىزلىكىنى ، مەھەممەت ئاغىنىڭ قۇللۇقتا ئۆتكەن كۈنلىرىنى ھېچ ئەقلىگە سىغدۇرالمايۋاتاتتى . قالۇچىلار مەھەللىسىدىكى ھەممە ئادەم باراۋەر

ئىدى . سىنىڭ ، مېنىڭ دېيىشمەي ، بارنى تەڭ كۆرۈپ ، يوقنىڭ غېمىنى تەڭ يېيىشىپ ئۆتەتتى . قالاچ قاناقا ئۇلارنى شۇنداق ئۆگەتكەندى .

— «يېتىمنىڭ كۆزىدىن ياش ئاقسا ، زېمىننىڭ يۈزى تىترەيدۇ» دەپ لوپلۇقلار بىكار ئېيتمىغان ، — مەھەممەت مەرگەن ئاغا سېيىت تۆگىنىڭ قانداق ئۆلگەنلىكى توغرىسىدىكى گېپىنى باشلىدى ، — سېيىت تۆگە قاقشاتمىغان ئادەم قالمىدى . ماڭا ئوخشاش يېتىملارنى ئەزدى ، ئانىي تاپتى . كىشىلەرنىڭ كۆڭلىنى ئازارلىدى ، زار - زار يىغلىتىپ ، كۆزىدىن قان ئاققۇزدى ، — مەھەممەت مەرگەن ئاغا گېپىدىن توختاپ ئوتنى توخشۇغۇچ[1] بىلەن كوچىلاپ جىم تۇرۇپ قالدى . قارىغاندا قاباھەت ئىچىدە ئۆتكەن ئازابلىق كۈنلىرىنى ئەسلەپ ھازىرقى خۇشال ، سۈزۈك كۆڭلىنى غەش قىلغۇسى يوقتەك قىلاتتى . مومىيى بولسا ئېرىگە قاراپ قوياتتى . موماي بۇ قارىشىدا : «دېگەندىكىن ‹تۆگە› نىڭ قانداق ئۆلگىنىنىلا - دە ، باشقىسىنى دېمە» دەۋاتقاندەكمۇ قىلاتتى .

مەھەممەت ئازاب - ئوقۇبەتنى يەتكۈچە تارتتى ، بولالماي دەردىنى قوشاق قىلىپ ئېيتىپ ، يۈرىكىدىكى مۇڭىنى تۆكتى :

قوي باقىمەن جاڭگالدا ،
ئۆيگە كەلمەي يىل بويۇ .
ئازابلايدۇ ئاچ قويۇپ ،
ئاقساپ قالسا بىر قويۇ .
مەنى قۇل قىلىپ ئالغان ،
سېيىت باينى مال ، پۇلۇ .

ئون بەش يىل بولدۇ ماڭا ،
تۈگۈمەيدىغان قەرزمۇ ؟
ئاڭلانماغان ئوخشايدۇ ،

---

① توخشۇغۇچ - ئوت كوچىلىغۇچ .

چوڭ بەگكە ئايتقان ئەرزمۇ .
مەنى بايغا قۇل قىلغان ،
خۇدايىم پۈتكەن پەرزمۇ ؟ !

يەلجۇش نەپسىڭ ، نىيەتىڭ ،
ئاخىر چىقار باشىڭغا .
كۆزدۈن ئاققان ياشلارىم ،
ئاغۇ[1] بولغاي ئاشىڭغا .
.........

سېيىت تۆگىنىڭ ئاقىۋىتى پاجىئەلىك بولدى . ئۇنى مەھەممەتتەكلەرنىڭ «چاقماق ياغىل» دېگەندەك قارغىشلىرى تۇتتى . بىر قىش كۈنى سېيىت تۆگە بىرنەچچە چاپارمەنلىرى بىلەن كېيىك ئوۋلىغىلى چىقتى ، چۈشتىن قايرىلغۇچە ھېچنېمە ئوۋلىيالماي ، بۆلۈنۈپ ئوۋلىماقچى بولۇشتى . سېيىت تۆگە ئۆزى يالغۇز بىر جاڭگاللىققا كىرىپ كەتتى . كەچكە يېقىن قوغلاپ يۈرۈپ ئاران بىر قېرى جەرەننى ئوۋلىدى ، ئەمما ئېتى بىر كۆتەككە پۇتلىشىپ يىقىلىپ ، ئالدى ئىككىلا پۇتى تىزىدىن سۇنۇپ قوپالمىدى . سېيىت تۆگىنىڭ ئۆزىمۇ يارىلاندى . قايتاي دېسە ئات ئۇنداق ، مېڭىپ كېتەي دېسە ئارا يىراق . كەچ كىردى ، قورسىقى ئاچتى . ئۇ جەرەن گۆشىدىن كاۋاپ قىلىپ يېمەكچى بولۇپ ئوت قالىدى ، قورسىقىنى تويغۇزۇپ ، چاكارلىرىنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ ئولتۇردى ، ئولتۇردى . ئۇنىڭ ئالدى ئىسسىسا كەينى توڭلاپ ، ئولتۇرۇۋېرىپ ئۇگدەك باستى ، ئوتنىڭ يېنىغىلا يانپاشلاپ ئۇيقۇغا كەتتى . دەل ئۇنىڭ ئالدى تەرىپىدىن شامال چىقتى . ئۇ ئۇقمىدى . ئوت ئۇلغايدى ، ئۇنىمۇ ئۇقمىدى . ئوت چاچراندىلىرى ئەتراپىتىكى قۇرۇق ئوت – چۆپ ، شاخ – شۇمبىلارنىڭ ئۈستىگە چۈشۈپ ، سېيىت تۆگە ئوتنىڭ ئىچىدە قالدى . ئۇ كۆيۈك ئاچچىقىدا ئويغانغان بولسىمۇ ، نېمە بولغىنىنى بىلەلمىدى ، بىلىشكىمۇ ئۈلگۈرمىدى . چاپار-

---

[1] ئاغۇ — ئوغا ، زەھەر .

مەنلىرى خوجىسىنىڭ ئوت ئىچىدە قالغىنىنى جەزملەشتۈردىيۇ ، قۇتقۇزالمىدى . ئۇنى ئوت يۇتىۋىتىپ كەتتى . بۇ ، خەلقنىڭ ، يېتىم - يېسىر ، ئاجىزلارنىڭ قارغىشى - نەپرەت ئوتى ئىدى .
— گوي - گوي ، كۆلنىڭ ، بۇ يەرنىڭ ئىشى قانداق بولدى ؟
— سېيىت تۆگىنىڭ كۆيۈپ تۈگىشى بىلەن ھەممە ئىش ئۆز ئەسلىگە كەلدى . مەنمۇ قۇللۇقتىن قۇتۇلۇپ ئۆز يولۇمدا ماڭدىم . ئارىدىن بەش يىل ئۆتۈپ — ئوتتۇز ياشتا مۇشۇ موماي بىلەن توي قىلدىم ، بۇمۇ سېيىت تۆگىنىڭ چاكىرى ئىدى . مەن ئەركىنلىككە بەك تەشنا بولۇپ كەتكەچكىمۇ ، تويدىن كېيىنلا ئاسمىنى كەڭ دالىغا چىقىپ كەتكەنچە ، ھازىرغىچە ئۆز بەگ ، ئۆز خان بولۇپ ياشاپ كېلىۋاتىمەن ، — دەپ ، مەھەممەت مەرگەن گېپىنى توختاتتى .
— «ئەل ياغىسى — يۇرت ياغىسى» دېگەن شۇ ، جاجىسىنى خۇدا بېرىپتۇ ، — ئالباي ئاقساقال مەھەممەت مەرگەنگە قاراپ ، — ھە ، ئاغا ، سېيىت تۆگىنىڭ نامىنى ئۆچۈرۈش ئۈچۈن بۇ يەرنى «ئوماقنىڭ تاختىسى» دەپ ئاتمايلىمۇ .
تەكلىپ - مەسلىھەت ھەممىگە ياقتى . شۇنداق قىلىپ بۇ قۇشچاقلىقنىڭ نامى : «ئوماقنىڭ تاختىسى» بولدى...
قىر سىلىنىپ بولدى ، يەرمۇ ھەيدىلىپ ئۆلگۈردى . ئېرىق مەھەممەت مەرگەن ئاغىنىڭ تەكلىپى بىلەن باشقا جايدىن ئېلىندى . ئېچىق جايىدا ئېلىنغانىكەن ، تولۇق ئېچىلىپ بولمايلا سۇ خۇددى ئۆز يولىنى تاپقاندەك لۆمۈلدەپ - تۈرۈلۈپ ئېقىپ كەتتى . مەھەممەت مەرگەن ئاغىنىڭ تەكلىپى بىلەن ئېچىق بېشىغا ، تۆۋەنگە — ئىككى جايغا مانجا باغلاپ قويۇلۇۋىدى ، ئوماق ئائىلىسى بىلەن مەھەممەت مەرگەنلەرگە بىر قىش يەپ تۈگەتكۈسىز گەدەرمىلىك بېلىق تۇتۇلدى .

## توققۇزىنچى باب

# ئۆز يۇرتۇڭنىڭ ھەممە يېرىنى بىلىپ قوي

*ئۆز يۇرتۇڭنىڭ ھەممە يېرىنى كۆرۈپ بولالمىساڭمۇ ، ئاڭلاپ قوي ، بىلىپ قوي . بولمىسا ، باشقىلاردىن سوراپ يۇرسەڭ نومۇس ، سورىغانلارغا «بىلمەيمەن» دېيىش تېخىمۇ نومۇس .*

— خاتىرەمدىن . ئا .

## 1

ئۇماق ، مەھەممەت مەرگەنلەر قىشنى ئوبدان چىقىرىشتى .

ئالىباي ئاقساقاللار قايتىپ كەتكەن كۈنى ، ئۇماق مەھەممەت مەرگەن بىلەن مومىيىغا مۇشۇ يەرگە كۆچۈپ كېلىشنى ، ئۆزلىرى بىلەن بىللە تۇرۇشنى مەسلىھەت سېلىشىدى ، بوۋاي ئۆزىنى تىڭشىغاندەك بولۇپ تۇرۇپ قالدى .

بوۋاينىڭ مومىيى ئاينۇران :

— ئادەم ئىتتىپ مۇشۇنداق دېگىلىمۇ ئادەم لازىم . كۆچۈپ كېلەيلى ، كاجلىق قىلما قېرى ، — دېدى .

— ۋوي ، ئەمدى ساڭا نېمە بولدى ، — دېدى مەھەممەت مەرگەن مومىيىغا ئەجەبلىنىپ قاراپ .

ئاينۇران مومايمۇ بوۋىيىغا ئۇدۇل قاراپ تۇرۇپ :

— سەن بىلىق تۇتىمەن ، ئۇنى - بۇنى ئوۋلايمەن دەپ چىقىپ كەتسەڭ ، كۆنۈڭ دەريا ، كۆلدە كېمە تاياش ، ئات چېپىش بىلەن بىلىنمەي ئۆتىدۇ . مەنچۇ؟ مەن ئۆي ئالدىدىكى لاشىڭدەك كەچكىچە يالغۇز قالىمەن . بۇرۇنغۇ يالغۇزلۇققا كۆنۈپ قاپتىكەنمەن ، كۆنلىرىم بىلىنمەي ئۆتۈپتىكەن ، قېرىغانسېرى يالغۇزلۇق بىلىنىدىغان ، ئېغىر كېلىدىغان بولدى . ئۇ تەرەپكە قارىسام ئوتلاق ، جاڭگاللىق ، بۇ تەرەپكە قارىسام غىلتاڭ قۇملۇق . ئەتراپقا قارىسام مېنى سۇر باسىدىغان بولۇپ قالدى . بۇلارنى خۇدايىم مەن ئۈچۈنلا يەتكۈزۈپتۇ ، كۆچۈپ كېلەيلى ، — دېدى .

مەھەممەت مەرگەن مومىيىنىڭ ئاغزىغا قاراپلا قالدى . ئۇ ئاينۇرانىڭ بىر قېتىمدىلا بۇنداق يىلىك باستۇرۇپ جىق گەپ قىلغىنىنى ئاڭلىمىغانىغا ئۇزۇن يىللار بولغانىدى . بىرىنچى قېتىمدا ، ئۇلار توي قىلىدىغاندا مەرگەن يىگىتىگە مۇڭ تۆكۈپ ۋە كۆڭلىنى ئىزھارلاپ خېلى جىق گەپ قىلغانىدى ، تويدىن كېيىن كىشىلەردىن ئايرىلىپ يالغۇز ياشاشقا ئۆتكەن چاغدىن باشلاپلا ئاينۇران ئىچىگە تىنىپ ، ئۇنىنى ئىچىگە سىڭىرىپ ئاز سۆزلۈك بولۇپ قالدى . بۈگۈن ئۇنىڭ تورغايدەك چۇڭۇلداپ كېتىشىدىن دەسلەپ مەھەممەت مەرگەن ئەجەبلەنگەن بولسا ، ئەمدى مومىيىغا ئىچ ئاغرىتىپ قالدى . «بىچارە يالغۇزچىلىق دەردىنى مېنىڭ كۆڭلۈمنى دەپلا ئىچىدىن چىقىرالماي كەپتىكەن . مەن ئەجەب ئۇنىڭ كۆڭلىنى بىلمەپتىمەن» ، ئۇ شۇنداق ئويلاش بىلەن ئىچىدە ئۆزىگىمۇ كايىدى . كۆچۈپ كەلمەك ئوڭاي ، لېكىن بىر نەرسىگە كۆڭلى تارتىشىپ تۇراتتى :

-- «قاراساچ ئايىم دۆڭى»نى يالغۇز تاشلاپ قويامدۇق؟

— سېنىڭ «قارا ساچ ئايىم دۆڭى» گە تارتىشىدىغىنىڭنى بىلەتتىم ، -- ئوماق مەھەممەت مەرگەنگە قاراپ كۈلۈپ تۇرۇپ دېدى ، — خاتىرجەم بول ، ھەرگىز تاشلىۋەتمەيمىز ، بىللە بېرىپ يوقلاپ تۇرىمىز .

— ئۇنداق بولسا ، — دېدى مەھەممەت مەرگەن ، — بولىدۇ ،

كۆچۈپ كېلەيلى .
مەھەممەت مەرگەننىڭ جاۋابىدىن ئوماق ، ئايقۇتلار بەك خۇش بولدى . ھەممىدىن تۆمۈر بىلەن ئۆردەك خۇشاللىقىدىن : «مەرگەن ئاغامىلار كۆچۈپ كېلىدىغان بولدى» دەپ چاۋاك ئۇرۇپ كېتىشتى . ئاينۇران مومايىنىڭ خۇشاللىقىنى بىر دېمەڭ ، ئىككى كۈندىن بۇيان خىيالچان بولۇپ مۇڭلىنىپ قالغانىدى ، شۇ تاپتا چىرايى دىلپار گۈلدەك ئېچىلىپ كەتتى .
كېيىكچاق ئۆردەك بىلەن تۆمۈرنىڭ ئوتتۇرىسىدا ھېلى ئۇنىڭ-غا ، ھېلى بۇنىڭغا ئەركىلەپ سوركىلىپ تۇراتتى . ئۇ قىشتىن بېرى ئوبدان كۆنۈلۈپ ، ئوماق ئائىلىسىنىڭ بىر ئەزاسىدەك بولۇپ كەتتى . قايسىبىرى «كېيىكچاق» دەپ چاقىرسىلا كىچىك بالىدەك ئويناقلاپ كېلىپ سوركىلىپ كېتىدۇ . ئۇلارمۇ ئۇنى ئەركىلىتىدۇ ، سىلايدۇ . توختاقنىڭ بىر يېرىم ياشلىق بالىسى تىلەش يېنىغا كەلسە ، شۇنىڭغىمۇ ئەركىلەپ سوركىلىدۇ ، گاھىدا تىلەش يىقىلىپ كېتىپ يىغلىسا ، كېيىكچاق ھەيران بولغاندەك چىرايلىق كۆزى بىلەن قاراپلا قالىدۇ ، چوڭلار كۈلۈشۈپ كېتىدۇ .
— ئوماق ، سىنىڭ مۇشۇ ئالتۇن بالىلىرىڭغا بەك زوقۇم كېلىدۇ... ھەي ... — مەھەممەت مەرگەن گېپىنىڭ ئاخىرىنى ئاغ-زىدىن چىقىرالماي ھەسرەتلىك تىنىپ قويدى . موماي ۋىللىدە قىزىرىپ ئىتتىك يەرگە قارىۋالدى ، مەرگەننىڭ گېپى بىلەن تەڭلا ئۇنىڭ كۆزىدە ياش لىغىرلاپ قالغانىدى . بۇنى ئايقۇت سېزىپ قالدى . ئۇ ئاينۇران مومايىنىڭ كۆڭلىنى ياساپ :
— بالىلىق بولۇش - بولماسلىقمۇ خۇدانىڭ بۇيرۇغىنىدۇ . خالىساڭلار ئۆردەك ، تۆمۈر بىلەن تىلەش ئۈچىنىڭ بىرىنى بالا قىلىۋېلىڭلار ، — دېدى .
ئاينۇران موماي ئىتتىك بېشىنى كۆتۈرۈپ ئايقۇتقا ، ئاندىن ئوماققا قارىدى . مومايىنىڭ كۆزى نۇرلىنىپ كەتكەنىدى . ئوماق ئايقۇتنىڭ گېپىدىن تاسادىپىيلىق ھېس قىلىپ لەپپىدە ئايالىغا قارىدى . ئايقۇت ، «ئەنسىرىمە ، سەن ئەندىشە قىلغاندەك بولمايدۇ»

دىگەندەك كۆلۈمسىرەپ قويدى .

— سىلەرنىڭ بۇ بالىلىرىڭلاردا بىر خىسلەت باردەكلا بىلىندۇ . كىم بىلىدۇ ، سىلەرگە ئارىلىشىپ ئۆتسەك خۇدانىڭ رەھمى كېلىپ ...— مەھەممەت مەرگەن گېپىنى داۋاملاشتۇرۇشتىن خىجىل بولدى بولغاي ، گېپىنى توختىتىۋالدى .

ئاينۇران موماي يەردىن بېشىنى كۆتۈرمەي تۇرۇپ :

— ئالجىغان قېرى ، — دېدى .

ئاينۇران مومايىنىڭ گېپىدىن ھەممىسى كۈلۈشۈپ كەتتى .

مانا شۇ پاراڭ بولغان كۈنىنىڭ ئەتىسىلا ئۇماقلار قولمۇقول تۇتۇش قىلىپ مەھەممەت مەرگەنلەرنى كۆچۈرۈپ يېنىغا ئەكېلىۋالدى .

بىر كۈنى ئىككى ئائىلە كىشىلىرى پاراڭلىشىپ ئولتۇراتتى . تۆمۈر بىلەن ئۆردەك ئۆزلىرى تۇتۇۋالغان بىر توشقاننى مەھەممەت مەرگەنگە بېرىۋېتىپ :

— مەھەممەت ئاغا ، بۇ توشقاننى بايا تۇتۇۋالدۇق ، سىلەر يەڭلار ، — دېدى تۆمۈر .

— ئۇماق ، — مەھەممەت مەرگەن بىر قولىدا توشقاننى ، يەنە بىر قولىدا ئۆردەكنىڭ بېشىنى تۇتۇپ تۇرۇپ ، — سېنىڭ بۇ بالىلىرىڭ مەتەك پولگاندەكلا ئادەم بولىدۇ ، — دېدى .

ئۆردەك شۇئانلا سورىدى :

— مەتەك پولگان دېگەن كىم ئۇ ؟

— مەن «مەتەك پولگان» دەپ ئاتىلىدىغان ئۇزۇن بىر قوشاقنى[1] ئاڭلىغان ، لېكىن مەتەك پولگاننىڭ زادى قانداق ئادەم ئىكەنلىكىنى بىلمەيدىكەنمەن ، — دېدى ئۇماقمۇ .

مەھەممەت مەرگەن مەتەك پولگان توغرىسىدىكى ھېكايىگە ئېغىز ئاچاي دەپ تۇرغاندا ، توختاق :

— ئاتا ، مارال ! — دەپ توۋلاپ ، قولىنى ئىشارە قىلىپ بىر تەرەپنى كۆرسەتتى .

---

① لوپنۇردا كەڭ تارقالغان «مەتەك پولگان» ناملىق نەزمىي داستان كۆزدە تۇتۇلىدۇ .

شۇ يەردىكىلەرنىڭ ھەممىسى شۇ تەرەپكە قارىدى . يۈز قەدەمچە ئارىلىقتىكى پەسرەك بىر قاغدانلىق قۇم دۆڭ ئۈستىدە بىر مارال بىر نەرسىنى ئىزدەۋاتقاندەك ئەتراپقا قاراپ ـ قاراپ تۇراتتى . ئۆردەككە سۈركىلىپ تۇرغان كېيىكچاق بىرەر پۇراقنى ھىدلاپ قالغاندەك بويىنىنى سوزۇپ ، بېشىنى ئېگىز قىلىپ ، بۇرنىنىڭ كۆمۈرچىكىنى كېرىپ ئۈچ تەرەپكە تېز ـ تېز قاراشقا باشلىدى . بىركەمدە كېيىكچاق مارالنى كۆرۈپ قالدى ـ دە ، خۇددى كىچىك بالا ئانىسىغا تەلپۈنگەندەك مارالغا تەلپۈنۈپ قاراپ قالدى ، ئاندىن ئۆردەككە ، باشقىلارغا بىرمۇبىر قاراپ قويۇپ ، يەنە مارالدىن كۆز ئۈزمەي قاراپ قالدى .

— گوي ـ گوي ، كېيىكچاقنىڭ ئانىسىدەك قىلىدۇ ، بالىسىنىڭ ھىدىنى ئېلىپ كېلىپ قالغان ئوخشايدۇ ، — مەھەممەت مەرگەن كېيىكچاققا قاراپ قويۇپ ، — بۇمۇ ئانىسىنىڭ ھىدىنى ئېلىپ قالغاندەك ، ئانىسىنىڭ قېشىغا باراي دېسە ، ئۆردەك نېمىدەپ قالار ، دەپ ئەيمىنىشلىقتا تۇرۇپ قېلىۋاتقاندەك قىلىدۇ ، — دېدى .

ئۆردەك بوۋاينىڭ گېپىنى ئاڭلاپلا كېيىكچاقنىڭ بېشىنى ، دۈمبىسىنى سىلاپ تۇرۇپ : «ماڭ ، ئاناڭ يېنىڭغا بار» دەپ ئۇنىڭ سۆڭگىچىدىن ئىتتىردى . ئۆردەكنىڭ مۇشۇنداق قىلىشىنى كۈتۈپ تۇرغاندەك ، كېيىكچاق ئۆردەككە قاپقارا چىرايلىق كۆزى بىلەن مەمنۇنلۇقىنى ئىپادىلەپ بىر قارىدى ـ دە ، ئويناقلاپ يۈگۈرگىنىچە مارال تەرەپكە كەتتى .

قاراڭ ، مارال كېيىكچاقنىڭ ئانىسى ، كېيىكچاق ئۇنىڭ بالىسىكەن ئەمەسمۇ ! كېيىكچاققۇ ئۆزىگە نىجاتلىق بەرگەن ، ئانىسىدەك مېھرىبان ئادەملەر ئارىسىدا ئانىسىزلىقنى بىلىنمەي كۈنلىرىنى خاتىرجەم ئۆتكۈزدى ، بەلكى خاتىرجەملىك ئىچىدە كىچىكلىكتە ئانىسىنى ئېسىدىن چىقىرىپمۇ قويغاندۇ . لېكىن ، ئانا كېيىك بالىسىدىن ئايرىلىپ قېلىپ ، بالا ھىجرانىدا يۈرىكى ئۆرتىنىپ پۈتۈن بىر قىشنى ئازابتا ئۆتكۈزگەندۇ . بالا دەردىدە ئۇنىڭ يېگىنى

يېگەن ، ئىچكىنى ئىچكەن بولماي ، كۆزىگە ئۇيقۇ كەلمەي ، ئۇنسىز يىغلاپ ، ئىچىدە بوزلاپ ، بىر تېرە ، بىر ئۇستىخان بولۇپ قالغىنىغا قاراڭ !

ئاھ ، بالا رىشتى ! ئاھ ، ئانا ! باغرىنى يېرىپ چىققان بالىسىنى ، يۈرەك پارىسىنى تېپىۋالغىنىدىن ئالەمچە شادلىققا چۆمگەن ئانا كېيىك كۆزلىرىدىن خۇشاللىق ياشلىرىنى ئېقىتىپ تۇرۇپ بالىسىنىڭ يۈز - كۆزىنى ، بېشىنى ، دۇمبە ، بېقىنلىرىنى ، پۇت - پاچاقلىرىنى ، بالىسىنىڭ پۈتۈن تەن - بويلىرىنى ، ھەممە يېرىنى پۇرىماقتا ، يالىماقتا ، بالىسىنىڭ تەن - بويلىرىدىن دىمىغىغا غەيرىي بىر ھىد كەلگەندەك بولۇپ ، بالىسىغا ، ئەتراپىقا قارىماقتا . كېيىكچاقمۇ ئانىسىنىڭ تۆت پۇتى ئارىسىغا كىرىۋېلىپ قورسىقىنى ، چاترىقىنى يالىماقتا ، ئۆزىگە ئوغۇز سۈت بەرگەن ، كۈچ ، ماغدۇر بەخش ئېتىپ ئاياغقا تۇرغۇزغان ئەمچەك تۇپچىلىرىنى يەنە ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ قالىدىغاندەك تەقەززالىق بىلەن تۇمشۇقىنى ئۇرۇپ تۇرۇپ شورىماقتا . ئاھ ، ئورۇقلۇقتىن ئاران ئۆرە تۇرۇۋاتقان ئۇ تەندە ، ئۇ ئەمچەكتە سۈت بولسۇنمۇ ؟ ! كېيىكچاق ئانا سۈتىنىڭ نېمىلىكىنى ئۇنتۇغان بولسىمۇ ، ئانىسىنى كۆرۈپلا ئۇنىڭدىكى تەبىئىي تەلپۈنۈش ، سېزىم ، تەبىئىي سېغىنىش ئەسلىگە كېلىپ ئۇنى ئەممەكتە ، كۈچەپ شورىماقتا . ئانا كېيىك ۋۇجۇدىدا سۈتتىن ئەسەر قالمىغىنىنى بىلىپ تۇرسىمۇ ، «شورا ، شورىۋال» دېگەندەك ، بالىسىنى يالاپ جىمىدە تۇرۇپ بەرمەكتە . ئاھ ئانا ! ئاھ ، ئانا - بالىلىق رىشتى !

كېيىكچاق نىجاتكارى ئۆردەكنى ، مېھرىبان غەمخورچىلىرىنى يادىغا ئالدى ، «ئېمىش»تىن توختاپ ، ئىتتىك ئۆردەكلەر بار تەرەپكە قارىدى . ئوماقلار ئورنىدىن تۇرۇپ ئانا - بالا كېيىكنىڭ ھەرىكىتىگە قاراپ تۇرۇۋاتاتتى . كېيىكچاق ئانىسىنىڭ ئېغىز - بۇرنىنى بىر يالىۋېتىپ ، ئانىسىغا قانداقتۇر بىر ھەرىكەت - ئىمانى قىلىپ ئۆردەكلەر تەرەپكە تۆت قەدەم مېڭىپ توختاپ كەينىگە قارىدى . ئانىسىنىڭ ئورنىدىن قوزغالمىغىنىنى كۆرگەن كېيىكچاق

بايىقى ئىما ـ ئىشارەتلىك ھەرىكەتنى تەكرارلاپ ئالدىغا قاراپ ماڭدى . ئانا كېيىك بالىسىنىڭ كەينىدىن ئىككى قەدەم مېڭىپلا بىر نەرسىدىن خەۋپسىرىگەندەك جايىدا چىپپىدە توختاپ ، بېشىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ئەلەڭلەپ قاراپلا قالدى . ئۇنىڭ بۇ قارىشىدا خەۋپ-سىرەپ قورقۇشمۇ ، ھەيران قېلىپ ئەجەبلىنىشمۇ ، غەزەپ ـ نەپ-رەتمۇ ئوچۇق ئىپادىلىنىپ تۇراتتى .

— ئۇ مېنى تونۇپ قالغاندەك قىلىدۇ ، — دېدى مەھەممەت مەرگەن .

ئۇنىڭ گېپىگە تۇرغانلاردىن ھېچكىم ئىنكاس قايتۇرمىدى . ئۆردەك ئانىسىغا قاراپ قويۇپ بىر دەسسەپ ـ ئىككى دەسسەپ ئانا ـ بالا كېيىك تەرەپكە ماڭدى . كېيىكچاق نىجاتچىسىنىڭ ئۆزىگە قاراپ كېلىۋاتقىنىنى كۆرۈپ ئۇمۇ ئۆردەككە قاراپ ماڭدى . كې-يىكچاق ئۆردەككە سۈيۈنۈپ ئەركىلىدى ، ئىككىسى ئېگەكلىرىنى يېقىشىپ تۇرۇپ ئانا كېيىككە تەڭ قارىدى . كېيىكچاق نىجاتچىسى-نى ئانىسىغا تونۇشتۇرماقچىدەك ، ئۆردەككە يەنە بىر سۈركىلىپ قويۇپ ئانىسى تەرەپكە ماڭدى . ئۆردەكمۇ ئىككىلەنمەي ئۇنىڭ ئار-قىسىدىن ماڭدى . كېيىكچاق ئاجايىپ قىلىقلارنى چىقىرىپ سەك-رەپ ـ قىيغىتىپ ، قىن ـ قىنىغا سىغمايۋاتقان خۇشاللىقىنى ئىپادىلىمەكتە . بالىسىنىڭ شوخ ، ئويناق قىلىقلىرىدىن بىر مەنى-نى چۈشەنگەن ئانا كېيىكتە بايىقى خەۋپسىرەش يوقاپ ، كۆزلىرىدە خۇشاللىق ، مەمنۇنلۇق نۇرى چاقناقتا . كېيىكچاق ئانىسىنىڭ يېنىغا كېلىپ ئۆردەككە قاراپ تۇرۇپ بېشىنى لىڭشىتىپ ئىمالاپ كەينى ـ كەينىدىن ئۈچنى بوزلاپ قويدى . ئانا كېيىكمۇ ئۆردەككە قاراپ بېشىنى لىڭشىتىپ ئۈچ قېتىم پۇرقۇدى ، بۇ ئۇنىڭ بوزلىغى-نى ئىدى . ئۆردەك ئاستا ئانا كېيىكنىڭ يېنىغا كەلدى . ئانا كېيىك ئۆردەكتىن بالىسىنىڭ ھىدىنى ئالغان چېغى ، ئۇنىڭ يۈز-لىرىنى ، بوي ـ بېشىنى پۇرىدى . ئۆردەك ئانا ـ بالا ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرۇپ ئىككىلىسىنىڭ بېشىنى سىلىدى ۋە ئاكىسىغا كەل ، دەپ ئىشارە قىلدى . تۆمۈر ئېتىلغاندەك يۈگۈرۈپ ئانا ـ

بالا كېيىك بىلەن ئۆكسىنىڭ يېنىغا كەلدى . كېيىكچاق بېشىنى لىڭشىتىپ ئانىسىغا تۇمۇرنى كۆرسىتىپ ئىمالىدى . ئانا كېيىكمۇ تۇمۇرگە قاراپ بېشىنى لىڭشىتقاچ ، ئالدى پۇتىدا يەرنى تېپچەك-لەپ قويدى . ئۇنىڭ بۇ ھەرىكىتىنى تۇمۇرمۇ ، ئۆردەكمۇ چۈشەن-دى . بۇ ھەرىكەتنىڭ : «سەن ، بىز مۇشۇ زېمىنىنىڭ مەخلۇقلىرى» دېگەن مەنىدە ئىكەنلىكىنى كېيىكچاق بىلەن يېرىم يىلدەك بىللە ئۆتۈش جەريانىدا بىلىۋالغانىدى . ئانا كېيىكنىڭ ھەرىكىتىنى كۆ-رۈپ تۇرغان ئايقۇت ، ئايسۇلۇ ۋە ئاينۇران موماي ھەم ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن ئۇماق بىلەن توختاقلارمۇ شۇ تەرەپكە ماڭدى . مەھەم-مەت مەرگەنىڭمۇ ئۇلار بىلەن بىللە مارالنىڭ ئالدىغا بارغۇسى بار ئىدى ، ئەمما بىرىشقا جۇرئەت قىلالماي يالغۇز تۇرۇپ قالدى . ئۇ بېرىشقا جۇرئەت قىلالمىغاندىن باشقا ، مارالنىڭ ئۇنى كۆرۈپ قې-چىپ كېتىپ قېلىشىدىن ئەنسىرىدى .

ئانا كېيىك كەلگەنلەرنى بايىقى ھەرىكىتى بىلەن كۈتۈۋالدى . ئۇلار كەلگىنىچە ئانا كېيىكنى ئارىغا ئېلىپ سىلىدى . ئانا كېيىك دەسلەپ بۇنچە كۆپ ئادەمدىن خەۋپسىرىدى ، تىترىگەندەك قىلدى ، بىردەمدىن كېيىن ئۇلاردىنمۇ بالىسىنىڭ ھىدىنى ئالدى بولغاي ، كۆڭلى جايىغا چۈشۈپ ، تىترەكتىن توختىدى . ھەرقايسىسىغا قا-راپ پۇرقۇپ بالىسى ئۇچۇن رەھمەت ئېيتتى ھەم بايىقى ھەرىكىتى-نى يەنە تەكرارلاپ بېشىنى لىڭشىتقاچ ، ئالدى پۇتى بىلەن يەرنى تېپىپ قويدى .

مەھەممەت ئاغا قولتۇقىدا بىر باغلام ئوت ، سول قولىدا بىر قاچا سۇ كۆتۈرۈپ كېلىپ دۆڭنىڭ يامزىلىدا توختاپ قالدى . ھەممەيلەن ئانا كېيىكنىڭ ئالدىنى ئېچىپ ئىككى يانغا ئۆتۈپ تۇرۇشتى . ئانا كېيىك مەرگەننى كۆردى ـ دە ، كۆزلىرى غەزەپ-لىك چەكچىيىپ ، بەدەنلىرى تىترەپ كەتتى . بۇ ئانا كېيىكنىڭ ئوۋچىغا بولغان ئاداۋىتى ، ئۆچلۈكى ، نەپرىتىنىڭ ئىپادىلىنىشى ئىدى .

مارال تۇغۇپ يىگىرمە كۈندىن سەل ئاشقان كۈنلەر ئىدى .

ئۇ بالىسىغا كەڭ دالىنى كۆرسەتكەچ ئوتلاتقىلى تونجى قېتىم ئوچۇقچىلىققا ئېلىپ چىققانىدى . «تۇرالغۇسى» دىن ئانچە يىراقلىمايلا بۇرنىغا ئادەم ھىدى پۇرىدى ، مارال خەۋپسىرەپ ئەتراپقا ئەلەڭلەپ قارىدى . يەتمىش - سەكسەن قەدەمچە يىراقلىقتا ، بوك قاغدانلىق ئوتتۇرىسىدىكى بىر قۇم دۆۋىسى ئۈستىدە ئوۋ ئىزدەپ ئەتراپقا بۈركۈتتەك قاراۋاتقان بىر ئاتلىق ئادەمنى كۆردى . «ئوۋچى !» ئانا كېيىكنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدىنى دەھشەتلىك ، مۇدھىش ۋەھىمە قاپلىدى . ئۇ شۇ تاپتا ئۆزىنى ئەمەس ، دۇنياغا يېڭى كۆز ئاچقان ، خەۋپ - خەتەرنىڭ نېمىلىكىنىمۇ بىلمەيدىغان ، پۇت - پاچاق سۆڭەكلىرى تولۇق قاتمىغان بالىسىدىن ئەنسىرىدى . ھېلىمۇ ياخشى ئوۋچى ئۇلارنى كۆرمىگەنىدى . مۇشۇ پۇرسەتتە قېچىۋېلىش كېرەك . ئانا كېيىك ئۆز تىلىدا بالىسىغا : «خەۋپ بار ، كەينىمدىن قاچ» دېگەن مەنىدە قاتتىق بىر پۇشقۇرۇپ قويۇپ ، «پارت» تىدە ئۆزىنى بوك قاغدانلىق ئىچىگە ئاتتى . سەزگۈر ئوۋچى «شىرىق» قىلغان تەرەپكە قاراپ بىر مارالنىڭ قېچىپ كېتىۋاتقىنىنى كۆردى - دە ، شۇ تەرەپكە ئات سالدى . بىرنەچچە قېتىم ئوۋچى ئالدىدىن قېچىپ قۇتۇلۇپ تەجرىبىلىك بولۇپ قالغان ئانا كېيىك ھېلى ئۇ يەردە ، ھېلى بۇ يەردە «شىرىق» قىلىپ شەپە بېرىپ ئوۋچىنى ئۆزىگە قارىتىۋېلىپ خېلى يەرگە ئۇزاپ كېتىۋالدى ۋە ئاخىر ئوۋچىنىڭ كۆزىدىن غايىب بولدى . «قوۋ» كېيىكنى قاچۇرۇپ قويغىنىدىن ئىچى تىت - تىت بولغان ئوۋچى بىر دۆڭگە چىقىپ قاراپ شالاڭ ، پاكار سايغان قومۇشلۇقتا ئاران - ئاران قېچىپ كېتىۋاتقان كېيىك بالىسىنى كۆرۈپ قالدى . «بۈگۈن مەززىلىك پاقلان گۆشى يېگۈدەكمىز» دېدى ئىچىدە ، ئوۋچىنىڭ ئاغزى سېرىق سۇغا تولدى ، چىرايىدا كۈلكە جىلۋىلەندى . مەززىلىك كېيىك گۆشى كاۋىپىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرگىنىچە ، كېيىك بالىسىنى نىشانلاپ ئات سالدى...

ئانا كېيىك كۆز ۋە پۈتۈن قىشنى كەڭ دالىنى ئالا قويماي قېزىپ چىقتى ، بالىسىنى ئۇچراتمىدى ، بىچارە بالىسىنىڭ ئوۋچىغا

يەم بولۇپ كەتكىنىگە گۇمانى قالمىغانىدى . ئۇ بويى بويىغا تەڭ ، ئەمما ئۆزىنىڭ ئىككى ـ ئۈچ ھەسسىسىگە توغرا كېلىدىغان ، ئاتقا مىنىۋالىدىغان ئادەم ئاتلىق بۇ مەخلۇقنىڭ ۋەھشىيلىكى ، رەھىمـ سىزلىكىگە شۇ قەدەر نەپرەتلىك بولۇپ كەتكەنىدىكى… شۇ ئۇۋچىـ مۇ ، ئۇنىڭغا يەم بولۇپ كەتتى دەپ ئويلىغان بالىسىمۇ مانا شۇ تاپتا كۆز ئالدىدا تۇراتتى . تۇيغۇن كېيىكچاق ئىتتىك دۈگدىن چۇشۇپ مەھەممەت مەرگەنىنىڭ يېنىغا كېلىپ ئۇنىڭغا سۇركەلدى . ئۇنىڭ قاچىسىدىكى سۇدىن بىر ئوتلام ئىچتى ، ئوتتىن ئاغزىغا بىر تۇتام ئېلىپ يېگەچ بوۋايغا قاراپ ئويناقلاپ قويۇپ ئانىسىنىڭ قېشىغا قايتىپ كەلدى . مەھەممەت مەرگەن كېيىكچاقنىڭ ئارقىـ سىدىن بېشىنى ساڭگىلاتقىنىچە دۆڭگە چىقىپ جاۋۇردىكى سۇنى كېيىككە تەڭلىدى .

— ئىچكىنە ئانا كېيىك ، بۇ مەھەممەت ئاغامنىڭ ساڭا تۇتقان ناماقۇللۇق چېيى ، — دېدى ئۆردەك سەبىي ، ساپ كۆڭلى بىلەن ، خۇددى ئانا كېيىك ئۇنىڭ تىلىنى چۈشىنىدىغاندەك .

ئانا كېيىك بىر دەسسەپ ـ ئىككى دەسسەپ مەھەممەت مەرـ گەنگە يېقىنلىشىپ ، جاۋۇرغا تۇمشۇقىنى يېقىن ئەكېلىپ بۇرنىنى بىرنەچچە قېتىم ئىچىگە تارتىپ سۇنى پۇرىدى . سۇدىن ئۇنىڭغا تونۇشتەك ، تونۇشمۇ ئەمەستەك ئارىلاش بىر خىل ھىد دىمىغىغا گۇپپىدە تەگدى . جاۋۇرغا تۇمشۇقىنى يەنە يېقىن ئەكېلىپ سۇنى پۇرىدى ، بۇ قېتىمدا پۇراقنى پەرق قىلدى . ئۇ بالىسىنىڭ ھەم ئۆردەك ، تۇمۇرنىڭكىگە ئوخشاش ھىد ئىدى . ئۇ سۇنى ئىچتى ، ئىچكەنسېرى ئىچكۇسى كەلدى ، ئوتنىمۇ يېدى .

— بىز كېتىپ تۇرايلى . ئانا ـ بالا بىر ـ بىرىگە قېنىشىۋالـ سۇن ، ئىككىسى بىللە كەتسىمۇ مەيلى . كەڭ دالا بۇلارنىڭ ئەركىن ياپرايدىغان ئەڭ ياخشى ماكانى ، — ئوماق مەھەممەت مەرگەنگە قارىدى ، — قانداق دېدىم ، ئاغا .

ھەممىسى ئۇنىڭ تەكلىپىنى ماقۇل تېپىپ دۆگدىن چۇشۇپ تۇرالغۇ تەرەپكە مېڭىشتى . ئۆردەك ئانا ـ بالا كېيىكنى سىلاپ ،

بوش شاپىلاقلاپ قويۇپ ، ئۇلاردىن ئايرىلىشقا كۆزى قىيمىغان هالدا كەينىگە قاراپ - قاراپ قويۇپ كۆپچىلىكنىڭ ئارقىسىدىن كەتتى . ئانا - بالا كېيىك بىرھازا ئۇلارغا قاراپ تۇردى ، ئاندىن ئانا كېيىك بېشى بىلەن بالىسىغا بىر خىل ئىمالارنى قىلىپ دۆڭ-دىن چۈشۈپ كەتتى . كېيىكچاق ئۆردەك كەتكەن تەرەپكە — قىشنى ئىسسىق ئۆتكۈزگەن تۇرالغۇغا ، مېھرىبان غەمخورچىلىرى ئۆر-دەك ، تۆمۈرلەرگە چىدىماي ئۇزاق قاراپ تۇرۇپ كەتتى . ئانىسى «بول ، كەل» دېگەندەك قاتتىق پۇشقۇرۇپ بالىسىنى چاقىردى . كېيىكچاق ئۆردەكلەرگە يەنە بىر قاراپ قويۇپ ، دۆڭدىن ئاستا - ئاستا پەسلەپ چۈشۈپ كەتتى…

## 2

كېيىكچاق ئانىسىغا ئەگىشىپ كەتكىنىگە بىر ھەپتە بولدى . شۇنىڭدىن بۇيان تۆمۈر بىلەن ئۆردەك كۆڭلى سۇنۇق يېتىم بالى-دەك جىمغۇرلىشىپ ، شۇكلەپلا كەتتى . بولۇپمۇ ، ئۆردەكنىڭ شوخلۇقى ، توختىماي چۈڭقۇلداپ سۆزلەشلىرى ، قىن - قىنىغا پاتماي قىيغىتىپ ئويناشلىرى ، كۆزى كۆرگەن ، قۇلىقى ئاڭلىغان يېڭى ، غەلىتە تۇيۇلغانلىكى نەرسىلەرنى ئۇجۇر - بۇجۇرىغىچە بىلى-ۋېلىشقا قىزىقىپ ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي سوراپ تۇرۇۋېلىشلىرى خۇددى باشلىمى ئېتىۋېتىلگەن ئېرىق سۈيىدەك شىپپىدە توختاپ ، ئۆزىنى تىڭشاپلا يۈرىدىغان «يەر باقتى» بولۇپ قالدى . ئۆردەكنىڭ بۇ نورمالسىز ھالىتى ئۇماق بىلەن ئايقۇتنى ، بولۇپمۇ ئايقۇتنى قاتتىق ئەندىشىگە سېلىپ قويدى . بالىنىڭ خۇشاللىقى ئانىنىڭ خۇشاللىقى ، بالىنىڭ دەردى ، قايغۇسى ئانىنىڭمۇ دەردى ، قايغۇسى . بۇ — ئانىلىق كۆڭۈل ، ئانىلىق مېھىر ، ئانا گويا بالا ئۈچۈنلا ياشايدۇ ، بالا ئۈچۈن ھەرقانداق دەردى - بالالارغا پىسەنت قىلمايدۇ ، بەرداشلىق بېرەلەيدۇ ، چىدايدۇ ، لېكىن بالىسى چېكى-ۋاتقان ئانچىكى دەردكە چىدىيالمايدۇ .

ئۆردەكنىڭ جىمغۇر، «يەر باقتى» بولۇپ قېلىشىنى مەھەممەت مەرگەن مېنىڭ سەۋەبىمدىن دەپ قاراپ ئۇمۇ جىمىپ خىيالچان بولۇپ قالدى.

ئوماق مەھەممەت مەرگەندىن سورىدى:

— ئۆردەككۇ كېيىكچاقتىن ئايرىلىپ قالغىنىغا چىدىماي شوكلەپ قالدى، ئەمدى ساڭا نېمە بولدى، ئاغا؟

مەھەممەت مەرگەن ئىچىگە چوڭ بىر تىنىۋېتىپ:

— ھەممىسى مېنىڭ كاساپىتىمدىن بولدى. ئانا كېيىك مېنى مۇشۇ ئەتراپتىكى كېيىكلەرنىڭ قانخورى بىلىپ قالدى. ھېچبولمىغاندا مېنى: «بىز ئانا - بالىنى بىر - بىرىمىزدىن ئايرىۋەتكەن قارامتۇر» دەپ قارايدۇ. ئۇ دەسلەپ سىلەردىن قاچمىدى، بەلكى سىلەرگە ئەركىلىدى، سىلەردىن مەمنۇن بولغانىدى. ئەمما ئاراڭلاردا مېنىڭ تۇرغىنىمنى كۆرۈپلا ئەرۋايى ئۇچتى، جۇدۇنى ئۆرلىدى، پەقەت بالىسىنىڭ كۆڭلى ئۇچۇنلا ماڭا يېقىنچىلىق قىلىپ قويدى. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىكى ماڭا بولغان ئۆچمەنلىكى، ئاداۋىتى ئۆچمەيدۇ. مېنىڭ تۈپەيلىمدىن بەلكى سىلەردىنمۇ گۇمانلىنىپ قالغاندۇ. بالىسى سىلەرنى كۆرگۈسى كېلىپ، سېغىنىپ بۇ تەرەپكە كەلمەك بولسىمۇ، ئانا كېيىك: «ئەخمەق، ئۇ ئوۋچىدەك ئادەملەردىن سەن - بىزگە ياخشىلىق كەلمەيدۇ. بەلكى بىزنى گۆشخور نەپسىگە كاۋاپ قىلىشنىڭلا كويىدا بولىدۇ» دەپ بالىسىنىڭ ئالدىنى توسۇپ تۇرغاندۇ، — دېدى.

ئوماق كېيىك بالىسىنىڭ كەلمىگەنلىكىنى مەھەممەت مەرگەن ئۆزىدىن كۆرۈپ ۋىجدانى ئازاب چېكىۋاتقىنىنى چۈشەندى. مەرگەننىڭ دېگەنلىرىنىڭ توغرا تەرىپى بولسىمۇ، ئۇنىڭ كۆڭلىنى ياساپ روھى ئازابىنى يېنىكلەتمەكچى بولدى.

— ئۇنداق ئۆزۈڭگە ئېلىپ كەتمە، ئاغا، ئۇ دېگەن ھايۋان، ھامان ھايۋانلىقىنى قىلىدۇ. ئۇنىڭ ياشايدىغان جايى كەڭ ئورمان، جاڭگال، بىزمۇ ئۇنى كەتسە مەيلى دېدۇققۇ. مېنىڭ كۆڭلۈم تويۇپ تۇرىدۇ، كېيىكچاق ئانىسى بىلەن كېلىپ قالىدىغاندەكلا...

ئوماقنىڭ گېپىنى مەھەممەت مەرگەن ئۈزۈپ قويدى :

— كۆڭلۈمنى ياسىما ، ئۆردەك بىلەن كېپىنەكچاق بىر - بىرىگە بەك ئۆگىنىپ ئىجىل بولۇپ كېتىشكەنىدى . مەن مارالغا ئۆزۈمنى كۆرسەتمەي تۇرسام بوپتىكەن . ئىجىلىدىن ئايرىلغان ئۆردەكنىڭ جىمىپ كەتكىنىنى كۆرسەملا ، ئىچىمنى ھەرە چاقىقاندەك بولۇپ كېتىمەن .

توساتتىن مەھەممەت مەرگەن گېپىدىن توختاپ :

— ئوماق ، قارا ! كۆزۈمگە ئىشەنمەيۋاتىمەن ، — دەپ ھىلىقى قۇم دۆۋىسى تەرەپنى كۆرسەتتى . ئوماق قاراپلا :

— تۆمۈر ، ئۆردەك ، قاراڭلار ، كېپىنەكلار كەلدى ! — دەپ توۋلىدى .

گەمىلەردىن ھەممىسى چىقىشتى . تۆمۈر بىلەن ئۆردەك ئانا - بالا كېپىنەكنى كۆردى - دە ، ئۇلارغا قاراپ ئۇچتى . ئايقۇت ، ئايسۇلۇ ، ئاينۇرانلارنىڭ چىرايلىرى جۇلالىنىپ ، ئېچىلغان باھار چېچەكلىرىدەك كۈلۈپ كەتتى . توختاق قوش كاللىرىنى ئەكەلگەن- لى جاڭگالغا كەتكەنىدى ، شۇڭا بۇ خۇشاللىقتا جور بولالماي قالدى .

كېپىنەكچاق ئۆردەكلەرنىڭ ئالدىغا كېلىشكە نەچچە - نەچچە ئۇمىدلىنىپ باقتىيۇ ، ئانىسى بۇ تەرەپكە قاراپ ئورنىدا تۇرىۋەر- گەچكە ، ئانىسىنى تاشلاپ كېتىپ قالغۇسى كەلمىدى . ئۇ مۇشۇ بىر ھەپتە ئانىسى بىلەن بىللە بولۇپ ، زارىققان ئانا مېھرىنىڭ ئىللىقلىقىنى ، بۇ رىشتىنىڭ نازۇك ، ئەمما ئۈزۈلمەسلىكىنى تو- لۇق بىلگەنىدى ، شۇڭا بىر دەقىقە بولسىمۇ ئانىسىدىن نېرى بولغۇ- سى كەلمىدى .

تۆمۈر بىلەن ئۆردەك بارغىنىچە بىرى كېپىنەكچاقنىڭ بويىنىدىن قۇچاقلىسا ، بىرى بېشىنى ، دۈمبە - سۆڭگەكلىرىنى سىلىدى . ئانا كېپىنەك بولسا بۇ ئىككى ئادەم بالىسىغا ئىشەنمەسلىك ، گۇمانىي نەزەردە سەگەكلىك بىلەن كۆز ئۈزمەي تىكىلىپ تۇراتتى . كېپىنەك- چاق تۆمۈر بىلەن ئۆردەككە سۈركىلەتتى ، قوللىرىنى ، پۇتلىرىنى پۇرايتتى ، يالايتتى ، بىر ھەپتىدىن بۇيان ئۇنىڭمۇ نىجاتچىسى ،

غەمخورچىلىرىنى كۆرگۈسى كەلگەنىدى ، سېغىنغانىدى .
ئادەملەردىن قورقۇپ يۈرىكى سۇ بولۇپ كەتكەن ئانا كېپىنەك ئىككى بالىغا تىكىلىپ تۇرغاندەك قىلغان بىلەن دەم - دەم بېشىنى كۆتۈرۈپ ، بويىنىنى سوزۇپ ئەتراپقا قاراپ قوياتتى . ئانا كېپىنەك بىر نەرسىدىن چۆچۈگەندەك ، ئەندىككەندەك ، بىر تەرەپكە بويىنىنى سوزۇپ ئالاقزادىلىك بىلەن تىكىلىپ قاراپ كېتىپ قاتتىق بىرنى پۇرقۇپ ، كېپىنەكچاقىنىڭ بېقىنىغا تۇمشۇقى بىلەن نوقۇپ قويۇپ ئىككى تاقلاپلا دۆڭنىڭ ئۇ تەرىپىگە چۈشۈپ كەتتى . كېپىنەكچاق ئانىسىنىڭ بوزلاپ تۇرۇپ پۇرقۇغىنىدىن ئۆزلىرىگە خەۋپ كېلىۋاتقىنىنى بىلدى - دە ، تۇمۇر بىلەن ئۆردەككە خوشلىشىش مەنىسىدە بېشىنى ئىرغىتىپ پۇرقۇپ قويۇپ ، ئانىسىنىڭ ئارقىسىدىن دۆڭدىن چۈشۈپ بۇك ، ئېگىز ئوتلاق ئىچىگە كىرىپ كېتىپ كۆزدىن غايىب بولدى .
ئوماق مارالنىڭ ئالاقزادىلىككە چۈشكىنىدىن ئەجەبلىنىپ ، ھېلىقى قۇم دۆۋىسىگە چىقىپ ئەتراپقا كۆز يۈگۈرتۈپ :
— مەھەممەت ئاغا ، يۇقىرى تەرەپتىن بىز ياققا قاراپ بەش ئاتلىق ئادەم كېلىۋاتىدۇ ، — دېدى .
مەھەممەت مەرگەن :
— نېمە ئادەملەردۇ بۇ ، ئەجەب بىر چاغدا… كېپىنەك مۇشۇلاردىن قورقۇپ قاچقان ئوخشىمامدۇ ، — دېدى غودۇراپ .
— كېپىنەكچاق ئاران بىر كەلگەندە قاچۇرۇۋەتتا بۇ نېمىلەر ، — ئۆردەك نارازىلىقىنى ئېيتتى .
كېلىۋاتقانلار كىملەر ، نېمە ئىش بىلەن كېلىۋاتىدۇ ، ھېچكىم بۇ تەرىپىنى ئويلاشماي ھەممىسى ئانا - بالا كېپىنەكنىڭ قېچىپ كەتكىنىنى ئاشۇ كېلىۋاتقانلاردىن كۆرۈپ ئۆزئارا غودۇرىشىپ تۇراتتى ، ئاتلىقلار ئۇلارنىڭ ئالدىغىلا كېلىپ ئاتلىرىدىن چۈشتى .
كەلگەنلەردىن چوڭ ياشلىق بىرى مەھەممەت مەرگەنگە قاراپ :
— ۋوي ، مەمەتقۇلى مەرگەن ، سەن بۇ يەردە تۇرىسەنغۇ ، — دېدى ، ئاندىن ئوماققا قاراپ ئۇنىڭدىن سورىدى :

— سەن تۇراق يولۋاسنىڭ ئوغلى ئوماققۇ دەيمەن .
مەھەممەت مەرگەن ئۆزىگە گەپ قىلغان ئادەمدىن سورىدى :
— ھە ، تۇردۇش خاپان ، بۇياققا كېلىپ قاپسىلەرغۇ . ئۇۋغا چىقتىمىكىن دېسەم ، قولۇڭلاردا قامچىدىن بۆلەك يا ئوقيا ، يا نەيزە ياكى مىلتىق يوق .
تۇردۇش مەھەممەت مەرگەندىن ئون نەچچە ياش كىچىك ، ئەمما بويلۇق ، يوغان باش ئادەم ، «خاپان» ئۇنىڭغا بالا چېغىدىلا سىڭىپ قالغان لەقەم ئىدى .
— شۇنداق ، ئۇۋغا چىقمىدۇق ، بىر ئىشنى ئوماق بىلەن مەسلىھەتلەشكىلى كەلدۇق . ئېيتقىنا ، مەرگەن ، ئۆزۈڭ بۇ يەردە نېمىش قىلىسەن ؟
تۇردۇش مەھەممەت ئاغىنىسىنىڭ گېپىگە جاۋاب قايتۇرۇپ بولۇپ سوئالىنى يەنە تەكرارلاپ سورىدى .
— مەن ھازىر ئوماقلار بىلەن بىللە تۇرۇۋاتىمەن . ئۇلار كۆزدە مېنى كۆچۈرۈپ يېنىغا ئەكېلىۋالدى .
— يېڭىلىق ، يېڭىلىق ، ئايىنۇرانىڭ چېچىكى ئېچىلىپ كەتكەندۇ .
— ئۇنى بىر دېمە ، ھازىر ئۇنىڭ كۆڭلى ئېچىلىپ ، ئاغزى يۇمۇلماسلا بولدى ، گەپ شۇنىڭ ، — مەھەممەت مەرگەن تۇردۇشقا جاۋاب بېرىپ بولۇپ ئەمدى ئۇنىڭدىن سورىدى ، — ئېيتە تۇر-دۇش ، ئوماق بىلەن مەسلىھەتلەشمەكچى بولغان نېمە ئىش ئىدى ؟
— مەسلىھەتلىشىدىغان ئىش بولسا ، يۇرۇڭلار ، قاتماچۇققا بېرىپ تاماق يېگەچ پاراڭلىشايلى ، — دېدى ئوماق ، كەلگەنلەرنى تەكلىپ قىلىپ .
تۇردۇش بىللە كەلگەن ھەمراھلىرىغا قارىۋېتىپ :
— قاتماچۇقىمۇ بارمايلى ، تاماقنى كېيىن بىللە يەۋالارمىز . مۇنداق ئىش : بىز بەش ئائىلە مەسلىھەتلىشىپ «سېيىتنىڭ تاختى-سى»دا ئوماق بىلەن بىرگە تېرىقچىلىق قىلساق ، دېگەن يەرگە كەلدۇق . مۇشۇنى ئوماق بىلەن مەسلىھەتلەشمەك بولۇپ

كېلىۋېدۇق .
مەھەممەت مەرگەن تۇردۇشتىن سورىدى :
— ئوماقنىڭ بۇ يەردە ئىكەنلىكىنى قانداق بىلدىڭ ؟
— قىشتا چارىغا بارغانىدىم ، شۇ يەردە ئاڭلىدىم .
— بىلىپ قويۇڭلار ، بۇ يەر ئەمدى سىپىتنىڭ تاختىسى ئەمەس ، ئوماقنىڭ تاختىسى ، — دېدى مەھەممەت مەرگەن .
— «ئوماقنىڭ تاختىسى !» ياخشى گەپ ، ياخشى گەپ ، بۇ نام قالتىس جايىدا قويۇلۇپتۇ ، — تۇردۇش ھەمراھلىرىغا قاراپ تەكرارلىدى ، — «ئوماقنىڭ تاختىسى» ، بەك ياخشى بوپتۇ . بۇ يەر ئەمدى ئىگىسىنى تېپىپتۇ...
— ئۇنداق دېمەڭلار ، ھەرگىز ئۇنداق دېمەڭلار ، — ئوماق ئىتتىك تۇردۇشنىڭ گېپىنى ئارىلىدى ، — بۇ يەر مېنىڭ يېرىم ئەمەس ، ھەممە لوپلۇقنىڭ يېرى . كىم كېلىپ تېرىقچىلىق قىلسا بولىۋېرىدۇ . مەن بىلەن مەسلىھەتلىشىش كەتمەيدۇ ، مەنمۇ چارىدىن كېلىپ تېرىقچىلىق قىلماق بولۇۋاتىمەنغۇ .
— ئۇغۇ شۇنداق ، — دېدى تۇردۇش ، — لېكىن سېنىڭ تېرىقچىلىقتا ئېپىڭ بار ئىكەن . بۇلتۇر چارىدىكى تونجى قېتىملىق تېرىقچىلىقنى ناھايىتى ياخشى قىپسەن ، ئالىباي ئاقساقال ھەم باشقىلاردىن ئاڭلىدۇق . بىزگە تېرىقچىلىقنىڭ يولىنى ئۆگىتىپ قويارمىكىن دەيمىز .
— مېنىڭ تېرىقچىلىقتا بىلىدىغانلىرىم چارىدىكىلەرنىڭكى بىلەن ئوخشاش ، بەزى ئىشلارنى كورلىدىكىلەردىن ئۆگەندۇق . كېلىڭلار ، تېرىقچىلىقنى ھە ـ ھۇ دېيىشىپ بىللە قىلايلى . تېرىقچىلىق قىلىدىغانلار قانچە كۆپ بولسا ، شۇنچە ياخشى بولىدىكەن .
تۇردۇش ئوماققا ئەجەبسىنىپ قارىدى .
— تېرىقچىلىق قىلىدىغانلار قانچە كۆپ بولسا ، قانداقسىگە شۇنچە ياخشى بولىدىكەن ؟ — تۇردۇش ئوماقتىن سورىدى .
— مېنىڭ دېمەكچى بولغىنىم ، ئۇ يەر ـ بۇ يەردە بېلىق تۇتۇپ ، ئوۋچىلىق قىلىپ تارقاق ياشىغاندىن ، مەھەللە بولۇشۇپ

تېرىقچىلىق قىلىپ ئۆتسەك ياخشى ئەمەسمۇ دېمەكچىمەن.

— گېپىڭغۇ توغرا، ئالىباي ئاقساقالمۇ يەر تېرىيدىغانلار كۆپ بولسا ياخشىكەن دەيدۇ، — تۇردۇش گېپىنى توختىتىپ سەل تۇرۇۋالدى، — لېكىن يەر تېرىيمىز دەپ بېلىق يېمەيمىزمۇ، گۆش يېمەيمىزمۇ؟

— بېلىق، گۆش يېمەيمىزمۇ دەۋاتامسەن، خاپان باش، — مەھەممەت مەرگەن گەپ ئارىلىدى، — تېرىقچىلىق دېگەننى بىر يىلنىڭ ھەممە ۋاقتىدا قىلىدىغان نەرسە ئەمەس. قىشتا ئوخشاشلا ئوۋچىلىق قىلىمىز، ياز، كۈزدىكى بوش ۋاقىتلاردا بېلىقىمىزنى تۇتۇۋېرىمىز.

— شۇنداق، — دېدى ئوماق، — مەھەممەت ئاغا ئېيتقاندەك كۈندىلا بېلىق تۇتۇپ، ئوۋ ئوۋلاپ يۈرمەيمىزغۇ. كىم بىكار، بىز بىكار. بىر كۈن بېلىق تۇتساق، ئون - يىگىرمە كۈن لاغايلاپلا يۈرىمىز. شۇنىڭ ئورنىغا تېرىقچىلىق قىلساق بولمامدۇ. ئاڭلىسام سىلەر تەرەپتە تېرىقچىلىق قىلسا بولغۇدەك يەر يوق ئىكەن، ساپلا قۇملۇق ئوخشايدۇ. بۇ يەرگە قاراڭلار، بۇ يەرنىڭ تۇپىسى ياخشى ئىكەن، سۇيىمۇ يېقىن، قولايلىق. قۇملۇقتىن بۇ يەرگە كېلىپ تېرىقچىلىق قىلىشنى خالايدىغانلار بولسا كېلىۋەرسۇن، يەر دېگەن جىق.

— ئالىباي ئاقساقالنىڭ سېنى ئالتۇندەك ئادەم دەپ ماختىغىنى بىكار ئەمەسكەن. سەن بىز ئويلىمىغاننى ئويلايدىكەنسەن. بىزدەكلەر ئۆز ئۆيىمىزنىڭلا غېمىدە يۈرىدىكەنمىز. سەن بىزدەك سايغان قومۇشتەك تارقاق ياشاپ كەلگەنلەرنى بىر توپ بولۇپ ئۆتسە دەيدىكەنسەن ئەمەسمۇ. راستىنلا ئالتۇندەك ئادەمكەنسەن. بولدى، گېپىمىز گەپ، قايتىپ بېرىپ بىز بىلەن كېلىشنى خالايدىغانلار بولسا ئېلىپ يېنىڭغا كېلىمىز، — دېدى تۇردۇش ۋە ھەمراھلىرىغا قاراپ، — قانداق، گېپىمىز گەپ ھە، — دېدى.

ھەمراھلىرى ئۇنىڭ گېپىگە باش لىڭشىتىپ ئاۋاز قوشۇپ: «گېپىمىز گەپ!» دېيىشىپ كۈلۈپ كېتىشتى. ئوماق گەپ قىل-

ماقچىدى ، مەھەممەت مەرگەن ئېغىز ئېچىپ :

— ھەي تۇردۇش ، سەن يالغۇز ئۇماقنىلا ئالتۇن ئادەم دەپ قالما ، ئۇنىڭ ئۆيىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئالتۇندەك ئېسىل ئادەملەر . ئاۋۇ كىچىك بالىسى ، — ئۆردەكنى كۆرسىتىپ دېدى ، — ئۆردەك قىلغان ئىشلارنى سەن ـ بىز قىلالمايمىز ، گەپكە سالىدىغان بولساڭ ، ئاغزىغا قاراپلا قالىسەن...

— بولدى ، بولدى ، مەھەممەت ئاغا ، بىزنى ئۇنداق ئۇچۇرۇۋەتمە ، — ئۇماق مەھەممەت مەرگەننىڭ ئاغزىدىن گەپنى تارتىۋېلىپ تۇردۇش ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرىغا قاراپ ، — گېپىمىز گەپ بولسا ، تىرىقچىلىق قىلىش ، سۇغا مانجانى باغلاپ قويۇپ خالىغان ۋاقىتتا بېرىپ بېلىق سۇزۇۋالغاندەك ئىش ئەمەس . قارالى[1] قاتتىق ئىش . تىرىقچىلىقا ئازلا كۈن قالدى . ئەمما تەييارلىۋالىدىغان نەرسىلەر جىق ، مۇھىمى ئۇرۇقلۇق بۇغداي ، قانچە تېز كەلسەڭلار شۇنچە ياخشى ، — دېدى .

مەھەممەت مەرگەن تۇردۇشقا قاراپ گەپنى كېسىپ كەسكىن قىلدى :

— ئۇماق گەپنى تۈگەتتى . ئۇتاققا بارمىغاندىكىن بۇ يەردە تۇرۇۋەرمەي قايتىپ كېتىپ تېز كېلىدىغاننىڭ تەييارلىقىنى قىلىڭلار .

ئۇ شۇ تاپتا ، بۇلار كەتسە ئانا ـ بالا كېيىك قۇم دۆۋىگە ئارقىسىدىن پەيدا بولۇپ قالارمىكىن ، دېگەن ئۈمىدتە ئىدى . ئۇ تۇردۇش ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرىنى تازىمۇ بىر ۋاقىتتا كېلىپ قېلىپ ، ئانا ـ بالا كېيىكنىڭ كېتىپ قېلىشىغا سەۋەبچى بولغانلار ، دەپ قارايتتى .

تۇردۇش ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى ئۇماق ، مەھەممەت مەرگەنلەر بىلەن قول ئېلىشىپ خوشلىشىپ ئاتلىرىغا مىنىشتى ـ دە ، كەلگەن تەرىپىگە ئات سېلىشى ھامان ، مەھەممەت مەرگەن قۇم دۆۋىسى ئۈستىگە چىقىپ ، ئانا ـ بالا كېيىكنى يىراققا كەتمەي تۇرامدى-

---

[1] قارالى — قەرەلى ، ۋاقتى .

كىن ، دەپ ئويلاپ ئەتراپقا قاراشقا باشلىدى . ئۇ تۆۋەن تەرەپكە خېلى قارىغاندىن كېيىن ، ئۇنلۇك قىلىپ :

— ئوماق ، قارىغىنا ، ھېلىلا بەش ئادەمنى بۇياققا يولغا سالساق ، ئۇياقتىن بىز تەرەپكە قاراپ بىرنەچچە ئاتلىق ئادەم كېلىۋاتىدۇ ، — دېدى .

«بۇلار نېمىگە كېلىۋاتقان ، نېمە ئادەملەردۇ ؟» ئوماق ئىچىدە شۇنداق دېگەچ قۇم دۆۋىسىگە چىقىپ مەھەممەت مەرگەن كۆرسەتكەن تەرەپكە قارىدى . كۆز نۇرى ئاران يەتكۇدەك يەردە ، قېلىن يۇلغۇن ، قاغدان[1] ۋە ئېگىز چاتقاللار ئارىسىدا ، تارىم دەرياسىنى ياقىلاپ بەش ـ ئالتىدەك ئاتلىق ئادەم مۇشۇ تەرەپكە كېلىۋاتاتتى . ئوماق ئوڭ قول ئالىقىنىنى كۆزىگە سايىۋەن قىلىپ تۇرۇپ ھەرقانچە قاراپمۇ كېلىۋاتقانلارنىڭ نېمە ئادەملىكىنى ، ھەتتا ئەر ـ ئاياللىقىنىمۇ ئىلغا قىلالمىدى .

— بىز تەرەپكە كېلىۋاتقانلارمۇ ياكى باشقا ياققا بارىدىغانلارمۇ ، بىلگىلى بولمايدىكەن . گەمىمىزگە بېرىپ تامىقىمىزنى يەيلى . تەلىيىمىز بولسا تامىقىمىزغا ئېغىز تېگىدۇ ، — دېدى ئوماق .

ئىككىسى كېلىۋاتقانلارغا يەنە بىر قاراپ قويۇپ دۆڭدىن چۈشۈپ گەمە تەرەپكە ماڭدى . مەھەممەت مەرگەننىڭ خىيالى يەنىلا ئانا ـ بالا كېيىكتە ئىدى . «مۇشۇ قېتىمدا ئانا كېيىككە ناماقۇللۇق كۆڭلۈمنى ئوبدانراق بىلدۈرۈۋالارمەن دېسەم ، ئۇلار نەدىنمۇ كەلدى ئىشنى بۇزۇپ . قوڭدىن ئىتتىرگەندەك ئۇ خاپانلارنى ئاران يولغا سالساق ، ‹پاتى ياتار ، زورا قوپار › دېگەندەك ، بۇ كېلىۋاتقانلار كىملەردۇ ئەمدى» دەيتتى ئىچىدە بوۋاي .

## 3

تاماق تەييار بولغۇچە ئوماق ، مەھەممەت مەرگەنلەر تېرىقچىلىق تەييارلىقىغا دائىر ئۇنى ـ بۇنى قىلىشقاچ پاراڭ قىلىشىپ

---

[1] قاغدان — قۇمساڭغۇ شورلۇق يەردە ئادەم بويى ئېگىزلىكتە ئۆسىدىغان قومۇش .

ئولتۇردى . ئۆردەكنىڭ پىكىر ـ خىيالى كېپىكچاقتا ئىدى .

— كېپىكچاق يەنە كېلەرمۇ ؟ ئاران بىر كەلگەندە...

ئوماق بالىسىنىڭ كۆڭلىنىڭ قانچىلىك يېرىملىقىنى بىلەتتى . شۇ تاپتا ئۇنىڭ كۆڭلىنى كۆتۈرۈپ قويۇش بەك زۆرۈر ئىدى ، لېكىن يالغان گەپ قىلسا بولمايتتى . ئۆردەكمۇ يالغان ، ياسالما گەپلەرنى ياقتۇرمايتتى . ئوماق بالىسىغا كۆڭلىدىكى گەپنى قىلدى :

— كېپىكچېقىڭ چوقۇم يەنە كېلىدۇ . ئۇنى سېنىڭلا ئەمەس ، ھەممىمىزنىڭ كۆرگۈسى كەلگەن ، سېغىنغاندۇق . ئۇمۇ بىزنى ، بولۇپمۇ سېنى سېغىنىپ كۆرگىلى كەلگەنىكەن . ھېلىقىلار كېلىپ قېلىپ ، قورقۇپ كېتىپ قالدى . كۆڭلۈڭنى يېرىم قىلما ، كېپىكچاق چوقۇم ئانىسىنى باشلاپ كېلىدۇ .

— ئىشنى بۇزۇپ نەدىنمۇ كەلدى ... — دېدى مەھەممەت مەرگەن غۇدۇراپ . ئۇ يەنىلا تۇردۇشلارنىڭ كەلگىنىدىن خاپا ئىدى .

— ئۇلاردا گۇناھ يوق ، بۇ ئىشنى ئۇلار نېمە بىلىدۇ . ئانا ـ بالا كېيىك بىلەن ئۇلارنىڭ كېلىشى بىر ۋاقىتتا بولۇپ قالدى شۇ . كېلىشى ياخشى نىيەتلىك ئىكەنغۇ ، ئۇلاردىن كۆرسەك بولمايدۇ ، — دېدى ئوماق .

ئۇلار كېپىكچاقنى چۆرىدەپ خېلى پاراڭلاشتى . قىلىدىغان گەپ قالمىغاندەك ئارىغا بىردەملىك جىملىق چۈشۈۋىدى ، تۆمۈر :

— مەھەممەت ئاغا ، مەتەك پولگان توغرىسىدىكى ھېكايىنى ئېيتىپ بەرگىنە ، — دېدى .

— ئۇنتۇپ قالماپسەن ھە ، — دېدى مەھەممەت مەرگەن ، — بوپتۇ ، ئېيتىپ بېرەي... لېكىن بۇ ھېكايە ـ داستاننىڭ ئېيتىلىشىغا بۇ كۇنلەردە پۇرسەت چىقمىسا كېرەك .

مەھەممەت مەرگەن ھېكايىنى باشلاشقا تەمشىلىۋىدى ، قوم دۆۋىلىرىنىڭ نېرىسىدىن ئېيتىلغان قوشاق ئاڭلىنىپ قالدى . ئوماقلار شامالغا دالدا بولسۇن دەپ گەملىرىنى تۇتاش قوم دۆۋىلىرى-

نىڭ باغرىغا ياسىغانىدى . قۇم دۆۋىلىرىنىڭ يامزىلى قاغدان قو-
مۇشلۇق ، ئۇستى بوككىدە يۇلغۇنلۇق ئىدى . قوشاق مانا شۇ قۇم
دۆۋىلىرىنىڭ نېرىقى يامزىلىدىن ئاڭلاندى .

بىلىۋالدىم كۆرۈپلا ،
دالدا قىلغان دۆڭلۈكنى .
قۇرۇۋاپسەن ئاڭلاسام ،
يەر ساتما قىپ ئۆيلۈكنى .
كەلدىم مانا كۆرگەلى ،
سىلەرنى ھەم گۈلۈمنى .

— ئۇلامخان ! — ئايقۇت شۇنداق دېگىنىچە ئورنىدىن تۇرۇپ
قۇم دۆۋىسى تەرەپكە يۈگۈرگەندەك ماڭدى .
— ئانام ! — ئايسۇلۇ قىلىۋاتقان ئىشىنى تاشلاپلا بىر يېرىم
ياشلىق بالىسى تىلەشنى قولتۇقىغا قىسقىنىچە ئايقۇتنىڭ ئارقىسى-
دىن يۈگۈردى .
كەلگەن ئاۋاز ھەقىقەتەن ئۇلامخاننىڭ ئاۋازى ئىدى . ئوماق
مەھەممەت مەرگەن بىلەن ئاينۇران مومايغا قاراپ :
— ئۇلار ، — ئوماق كەلگەنلەرنىڭ كىملەر ، قانچە ئادەملىكى-
نى بىلمىسىمۇ ، ئۇلامخاننىڭ يالغۇز كەلمەيدىغانلىقىنى ئېنىق
ئىدى ، — بىزنى يوقلاپ كېپتۇ ، — دەپ تۆمۈر بىلەن ئۆردەكنى
ئەگەشتۈرۈپ ماڭماقچى بولغاندا ، ئالتە كالىنى ئالدىغا سېلىپ
توختاق كەلدى . ئوماق ئۇنىڭغا :
— توختاق ، قېيناناڭلار كېپتۇ ، — دەپ قويۇپلا تۆمۈر بىلەن
ئۆردەكنى كەينىگە سېلىپ كېتىۋەردى .
توختاق ئانىسى بىلەن خوتۇنىنىڭ پايپاسلاپ قۇم دۆۋىسىگە
چىقىپ كېتىۋاتقىنىنى كۆرۈپ ئەجەبلىنىپ قالغانىدى . ئاتىسىنىڭ
گېپىنى ئاڭلاپ ئاتتىن ئېتىلغاندەك چۈشۈپ ئاتىسىنىڭ ئارقىسى-
دىن يۈگۈردى . كېتىۋېتىپ : «مەھەممەت ئاغا ، كالىلار كېتىپ

قالمىسۇن» دەپ قويدى .
شۇ تاپتا مەھەممەت ئاغىنىڭ ، مومىيى ئاينۇرانىڭ كۆڭلى بۆلەكچە بولۇپ قالدى . ئۇلارنى مۇشۇ چاغقىچە بىرەر كىم ئالاھىدە يوقلاپ كېلىپ باقمىدى . ئۇلارنىڭ يېقىن تۇغقانلىرى يوق ، يىراق ـ شىرەم تۇغقانلىرىنىڭ بارلىقىنى بىلسىمۇ ، لېكىن ئۇلار-نىڭ لوپ دالىسىنىڭ قەيېرىدە ئىكەنلىكىنى بىلمەيدۇ . ئۇلارمۇ بۇلارنىڭ نەدە ئىكەنلىكىنى بىلمەيدىغاندۇ . بۇ بوۋاي ـ موماي ئەللىك نەچچە يىلدىن بۇيان ، يازدا دەرياغا يېقىن يەرگە ياسىۋالغان ساتمىدا ، قىشتا بۇك توغراقلىق ئىچىدىكى ساتمىدا ياپيالغۇز ياشاپ كەلدى . بوۋاينىڭ ئىشى بېلىق تۇتۇش ، ئوۋ ئوۋلاش . مومايىنىڭ ئىشى بولسا ئەتراپتىن ياۋا كەندىر يىغىپ كېلىپ سوقۇپ تالا چىقىرىش ، ئۇنى ئېشىپ يىپ قىلىپ مانجاغا باغلىغىلى خالتا تور توقۇش ، قوي يۇڭى بىلەن كەندىر تالاسىنى ئارىلاشتۇرۇپ يىپ ئېشىپ رەخت ، پالاس توقۇش ، كىيىم تىكىش ، تاماق ئېتىش ، بۇلارنىڭ بىردىنبىر بايلىقى ، بىر ئات بىلەن ئالتە قوي ، بىر كېمە ، ئۇلار قوينى گۆشىنى دەپ ئەمەس ، يۇڭىنى دەپ باققان . بۇ ئىككىسىنى ناگان ـ ناگاندا كېلىپ قالىدىغان ئوۋچىلار ياكى ئاندا ـ مۇندا ئۆتۈپ قالىدىغان كۆچمەنلەر كۆرۈپ قالمىسا ، ئادەتتە يىللاپ ـ يىللاپ ھېچكىم كۆرمەيدۇ ، بۇلارمۇ ھېچكىمنى كۆرمەي-دۇ . ھېچكىمنىڭ نەزىرىدە بۇلار يوق ، شۇنداقلا بۇلارنىڭ خىيالى-دىمۇ ھېچكىم يوق . بۇلار بىلىدىغان دۇنيا مۇشۇ دەريا ، مۇشۇ بىر كەڭ دالا ، قۇملۇق ، ئەتراپتىكى بىرنەچچە كۆل . بۇلاردا ياشاشنىڭ نە ئېغىر غېمى ، نە ئارزۇ ـ ئىستىكى ؛ يەيدىغىنى دەريا ، كۆل بىلەن كەڭ دالىدا ؛ دەريا ، كۆلدىن تۇتۇپ ـ سۇزۇپ يەيدۇ ، دالىدىن ئىلۋەسۇن ۋە توشقانلارنى ئوۋلاپ يەيدۇ ، كىيىدىغىنى قوينىڭ دۇمبىسى بىلەن يەنە شۇ دالىدا... شۇ تاپتا ئۇلارنىڭ يالغۇزچىلىق ئىچىدە ئۆتكەن ئەللىك نەچچە يىللىق غېرىبلىق ھاياتى كۆز ئالدىغا كەلگەندەك بولدى ، ئاندىن ئوماقلار بىلەن بىللە ئۆتكەن تۆت ئايلىق كۆڭۈللۈك ھاياتى نامايان بولدى . ئوماقلارنى قۇدىسى-

نىڭ شۇنچە يىراقتىن يوقلاپ كەلگەنلىكىنىڭ ، بۇلارنىڭ شۇ قەدەر
خۇشال بولۇشۇپ ئۇلارنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ كېتىشلىرىنىڭ تېگى-
گە ، قەدىر - قىممىتىگە يەتكەندەك بولدى...

توختاق قۇم دۆۋىسىنىڭ يامزىلىغا كەلگەندە ، ئايقۇت بىلەن
ئايسۇلۇ قۇم دۆۋىسى ئۈستىگە چىقىپ بولغانىدى .

— ئاتامىۇ ، ئۇجۇلخان ئېجەممۇ ھەم ھەكىم بىلەن زۇمرەتمۇ
كېپتۇ ، — ئايسۇلۇ شۇنداق دەپ بولۇپ ، — ئاتا ! ئانا ! — دەپ
توۋلىغانچە ئۆزىنى ئاتقاندەك قۇم دۆۋىسىدىن چۈشۈپ ئۇلارنىڭ
ئالدىغا يۈگۈرۈپ كەتتى ، كەينىدىنلا ئايقۇتمۇ ماڭدى . ئاڭغىچە
قالغانلار ، توختاقمۇ ئۇلگۈرۈپ قۇم دۆۋىسى ئۈستىگە چىقتى .

مەھەممەت مەرگەن بىلەن ئۇنىڭ مومىيىمۇ كاللىلارنى جايلاش-
تۇرۇپ قويۇپ ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن قۇم دۆۋىسىگە چىقتى . بۇن-
چىلىك ئېگىزلىك ئۇلارغا ھېچقانچە ئەمەس ئىدى . ئايقۇت ، ئايسۇ-
لۇلار يېقىن بارغۇچە تايۇق ، ئۇلامخانلار ئاتلىرىدىن چۈشۈپ پىيادە
مېڭىشتى . ئايقۇت يىراقتىنلا قۇچاق ئېچىپ يۈگۈردى . ئۇلامخان
بىلەن ئۇجۇلخانمۇ : «ئايقۇت !» دەپ توۋلاپ ، ئېتىنىڭ چۇلۋۇرىنى
تاشلاپلا يۈگۈردى . گويا ئېقىن ئېقىنغا ، ياغ ياغقا قوشۇلدى . ئۇلار
ئۇ مەڭزىنى بۇ مەڭزىگە ، بۇ مەڭزىنى ئۇ مەڭزىگە يېقىشىپ قۇچاق-
لىشىپ كۆرۈشۈپ كېتىشتى . ئوماق ، تۆمۈر ، ئۆردەكلەرمۇ دۆڭ-
دىن چۈشۈپ ئۇلارنىڭ ئالدىغا كەتتى . قۇم دۆۋىسى ئۈستىدە مە-
ھەممەت مەرگەن بىلەن ئۇنىڭ مومىيى ئىككىسىلا قالدى . ئوماقلار
بىلەن تايۇقلارنىڭ قىزغىن كۆرۈشۈشلىرىنى كۆرۈپ ، بوۋاي مو-
مايغا چاقچاق قىلدى :

— ھەي ئاينۇران ، سەن ئۆمرۈڭدە مەندىن باشقا بىرەر تۇغقى-
نىڭنى ئاشۇنداق قۇچاقلاپ باققانمۇ ؟

— ۋاي قوۋۇرغام ، — موماي ئېرىدىن ئېشىپ چۈشۈپ ،
ئۇنىڭ ئاغزىنى تۇۋاقلاپلا قويدى ، — ئېيتقىنا قېنى ، سەن ئۆم-
رۈڭدە ئېتىڭنىڭ بوينىدىن باشقا بىرەر كىمنى قۇچاقلاپ باققانمۇ ،
ياۋايى قېرى .

— ئەجەب تىلىڭ چىقىپ قالدا سېنىڭ ، — بوۋاي كۈلدى ، مومايمۇ كۈلۈپ كەتتى .

توختاق قېيناتىسى تايۇقنىڭ ئېتىنى ، ئايسۇلۇ ئانىسىنىڭ ئېتىنى يېتىلىدى . ئۇلار قىزغىن پاراڭلار بىلەن ئوتاق ئالدىغا كېلىشتى . ئوماق تايۇقلارغا مەھەممەت مەرگەن بىلەن ئاينۇراننى تونۇشتۇردى :

— مەھەممەت مەرگەن ئاغام مېنىڭ بۇ يەردىكى يۆلەنچۈكۈم ، يۇرچۇم[1] .

— بولدى ، بولدى ، ئوماق ، ئۇنداق دەپ مېنى خىجىل قىلما . ئاران ئۆزىنىڭلا جېنى بىلەن يۇرگەن مەندەك ياۋايى ئادەم قانداقسىگە باشقىلارغا يۆلەنچۈك بولالىسۇن . مېنىڭ يۆلەنچۈكۈم ، يۇرچۇم دەل ئۆزۈڭ ، — دېدى مەھەممەت مەرگەن ئىچ - قارنىدىكىنى دەپ ئوماقلارغا رەھمىتىنى بىلدۈرگەندەك قىلىپ .

ئۇلار گەپ بىلەن بولۇۋاتقاندا ، ئۇلامخان كىچىك نەۋرىسى تىلەشنى ، توختاق بىلەن ئايسۇلۇ چوڭ ئوغلى ئابلاقنى ئەركىلىتىپ ئولتۇرۇشتى .

— يۇرتچاپقاندىكىلەرنىڭ سىلەرنى بەك كۆرگۈسى كەلدى ، — تايۇق پاراڭنىڭ يۇرۇشىنى يىغدى ، — كۆپلىرى بىز بىلەن كەلمەك بولغانىدى ، تۇلەك بوۋا ، نۆۋەت بىلەن بېرىڭلار ، دەپ توسۇپ قويدى .

— بىزنىڭ بۇ يەردىلىكىمىزنى قانداق بىلدىڭلار ؟ — ئوماق تايۇقتىن سورىدى .

— ئالىباي ئاقساقال كۈزدە ئاقساقاللار كېڭىشىگە بارغاندا ، ئۇنىڭدىن سىلەرنىڭ مۇشۇ يەرگە كۆچۈپ كەلگىنىڭلارنى ئاڭلىغاندۇق ، كېيىن باشقىلاردىن بۇ يەرگە : «ئوماقنىڭ تاختىسى» دەپ نام قويۇلغانلىقىنى ئاڭلىدۇق . قالتىس نام بوپتۇ .

— بۇلىلا ، ئالىتۇنلار قانىاقانىڭ چىرىغىنى ياندۇرۇپ ئۆتۈۋاتامدۇ ؟

---

[1] يۇرچى - يول يۇرگۈچى ، كارۋان بېشى ، يول باشلىغۇچى .

— ئۇلارنىڭ بەك كەلگۈسى بار ئىدى ، ئۇلارنىمۇ تولەك بوۋا توختىتىپ قويدى .

بۇلار مۇشۇنداق گەپ بىلەن بولۇۋاتقاندا ، ئاياللارمۇ گەمە ئالدىدا قىزغىن پاراڭغا چۈشۈپ كېتىشكەنىدى . ئاينۇران موماي بىر نەرسىنى ئېسىگە ئېلىپ ئورنىدىن تۇرۇپ :

— ھەي قېرى ، گەپ تىڭشاپ ئولتۇرغۇچە ، مانجاغا بېلىق چۈشكەن بولسا ئېلىپ كەلسەڭ بولمامدۇ ، — دېدى .

— گوي - گوي ، قېرىغان ئېسىم ، — مەھەممەت مەرگەن ئورنىدىن تۇرۇۋېتىپ دېدى ، — گەپ تىڭشايمەن دەپ ئۇنتۇپلا كېتىپتىمەن . توختاق ، يۈر ، ئىككىمىز مانجانى كۆرۈپ كېلەيلى .

مەھەممەت مەرگەن كۆلگە باغلاپ قويغان مانجاغا بېلىق چۈشكەن بولسا ئېلىپ كەلگىلى توختاق بىلەن ئاتلىق يۈرۈپ كەتتى .

— ئوماق ، — تايۇق رەسمىي گەپكە كۆچتى ، — بىز ئىككى ئىش بىلەن كەلدۇق ، بىرى سىلەرنى سېغىندۇق ، كۆرگۈمىز كەلدى ، سىلەرنى يوقلىغاچ يېڭى يەرگە كۆنەلىدىمۇ بىلىپ باقايلى دېدۇق ؛ يەنە بىر مۇھىم ئىش ، كۈنچىققانبەگ ، تولەك بوۋىلار نەچچە - نەچچە مەسلىھەتلىشىپ ئاخىر بىزمۇ تېرىقچىلىق قىلايلى ، دېگەن قارارغا كەلدۇق . ئۇ يەردىكىلەرنىڭ ھېچقايسىمىز تېرىقچىلىق قىلىپ باقمىغان ، شۇڭا بۇ ئىشتا سەندىن ياردەم سوراپ كەلدۇق ، — تايۇق سەل تۇرۇپ قالدى . ئوزايىدىن بىر گەپنى دەيمۇ - دېمەيمۇ دېگەن خىيالدا قالغاندەك قىلاتتى ، يەنىلا دېيىشنى توغرا تاپتى چېغى ، — ئوماق ، ھەممىمىز سىلەرنىڭ يېڭى يۇرتچاپ قانغا قايتىپ بېرىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمىز ، — دېدى .

بۇ پۈتۈن يېڭى ئابدال ، يۇرتچاپقانلىقلارنىڭ ئۈمىدى ئىدى . شۇڭا بۇنىڭغا ئويلاپ ، ئەستايىدىل جاۋاب بەرمىسە بولمايتتى . ئوماق يېڭى يۇرتچاپقاندىن بىرەرسىدىن كۆڭلى رەنجىپ قېلىپ چىقىپ كەتكەن ئەمەس ، پەقەت ئابدالنىڭ ئەتراپىي تېرىقچىلىققا باب كەلمەيدىغانلىقى ئۈچۈنلا ئۆز ئارزۇسى بويىچە چىققان .

— تايۇق ، — ئوماق گەپكە ئېغىز ئېچىش بىلەن تەڭلا چىرا-

يىدا يېقىملىق ۋە ئىللىق تەبەسسۇم جىلۋىلەندى ، — قالاچ قاناقا ماڭا دېگەننى ساڭىمۇ دېگەن بولغىيدى . مۇشۇ تەكلىماكان ، ئانا دەريا — تارىم بويىدىكى مۇشۇ كەڭ زېمىن بىزنىڭ ئۆز يۇرتىمىز . پەقەت بەزى يەردە تۇغۇلغانلىقىمىز ، بەزى يەرگە ئەجىر ـ تەرىمىز كۆپرەك سىڭگەنلىكى ئۈچۈنلا ، باشقا جايغا قارىغاندا ئۇ جايغا مېھ-رىمىز چۈشۈپ قېلىپ بەكرەك ياخشى كۆرۈپ قالىمىز . چارا مېنىڭ كىندىك قېنىم تۆكۈلگەن ئانا يۇرتۇم ، شۇنداقلا يېگى ئاب-دالنىڭ قۇرۇلۇشىدا بىر كىشىلىك ئەجىر ـ تەرىم سىڭگەنلىكى ئۈچۈن ئۇمۇ مېنىڭ ئىككىنچى ئانا يۇرتۇم . بۇ يەر ئەمدى مېنىڭ ئۈچىنچى يۇرتۇم بولۇپ قالىدىغان ئوخشايدۇ .

— بۇ يەردە يالغۇز بىر ـ ئىككى ئائىلە قانداق قىلارسىلەر ؟

— تېخى ئالدىڭلاردىلا كۆزلەكنىڭ نېرىسىدىكى قۇملۇق ئارد-لىرىدا ياشايدىغان بەش ئۆيلۈك كۆچۈپ كېلىپ بىز بىلەن بىللە تېرىقچىلىق قىلىشنى مەسلىھەتلىشىپ كېتىشتى . بۇ يەر كېيىن چوقۇم قويۇق ، چوڭ بىر مەھەللە بولۇپ قالىدۇ .

ئوماقىنىڭ بۇ يەردىن كەتمەيدىغانلىقىنى تايۇق جەزملەپ بول-دى . بۇ ھەقتە يەنە گەپ قىلىشنىڭ ئورنى قالمىغاندى . شۇڭا يەنە بىر مۇھىم ئىشتىن گەپ ئاچتى :

— ئۇنداقتا بىزنىڭ تېرىقچىلىق ئىشىمىزغا ياردەم بېرىش ئىشىنى قانداق قىلىسەن ؟

— بىز بۇ يەردە تۇنجى قېتىم تېرىقچىلىق قىلىدىغان بولغاچ-قا ، مەن كەتسەم بولمايدۇ . مېنىڭ ئورنۇمدا توختاق بىلەن ئايسۇلۇ بارسا قانداق ، ئىككىلىسى تېرىقچىلىقنىڭ ھەممە ئېپىنى ئېلىپ بولدى .

بۇ گەپتىن تايۇقمۇ ، ئۇلامخانىمۇ قەۋەت خۇش بولدى ، ئايسۇلۇ ئۇلارنىڭ قىزى ، توختاق كۈيئوغلى ئەمەسمۇ . بۇلار گەپنى شۇنداق قىلىشىپ تۇرغاندا ، مەھەممەت مەرگەن بىلەن توختاق يېرىم تاغار-دىن بېلىقنى غانجۇغىلاپ قايتىپ كېلىشتى .

— «ياخشى نىيەتلىك ئادەمنىڭ ئالدى ئوچۇق» دېگەن مۇشۇ .

مەن ئۆمرۈمدە بىر مانجاغا بۇنچىلىك جىق بېلىق چۈشكىنىنى كۆرمىگەنىدىم. سىلەرنىڭ قەدىمىڭلار يارىشىپتۇ. مانا لىق بىر تاغار بېلىق، — دېدى مەھەممەت مەرگەن ۋە ئۇمۇ، توختاقمۇ ئاتتىن چۈشكەچ بېلىق قاچىلاپ غانجۇغىلىغان تاغارنى سىيرىپ يەرگە تاشلىدى.

ئۇلار چوڭ - چوڭ بېلىقتىن بىر ئادەمگە بىردىن توغرىلاپ تاللىدى. بۇ بېلىقلارنى ئاياللار شۇئان تازىلاپ پۈتۈن پېتى قورۇق سۇغا سېلىپ پىشۇرۇشقا كىرىشتى. ئەرلەر قالغان بېلىقنىڭ ئىچ - قارنىنى تازىلىدى، پوستلىقىنى ئاۋايلاپ ئېلىپ بىر تەڭنىگە سالدى. تازىلانغان بېلىقلارنى كېرىپ قورۇق تۇز سېپىپ ئوت - چۆپسىز تاقىر بىر قوملۇق ئۈستىگە گەدەرمە قىلىپ يېيىۋەتتى.

— بېلىق پوستلىقىنى قويۇشقا قايسىڭلار ئۇستا؟ — ئوماق ئاياللاردىن سورىدى.

ئاياللار «قايسىمىز ئۇستا» دېگەندەك بىر - بىرىگە قاراشتى.

— ئۇنى قويۇشقىمۇ ئاينۇران خېلى ئۇستا بولىدىغان. لېكىن ئابدال، قاراقوشۇن تەرەپلەردە قانداق قويىدىغانلىقىنى بىلمەيمىز، ئۇنىڭ ئۈستىگە موماي قېرىپ قالدى، — دېدى مەھەممەت مەرگەن.

— ئۇنداق بولسا، — دېدى تايۇق، — ئاينۇران موماي بىلەن ئۇچۇلخان كۈزلەك، تىكەنلىك بىلەن ئابدال، قاراقوشۇن پەدىسىنى ئارىلاشتۇرۇپ قويسا قانداق؟

ھەممىسى تايۇقنىڭ تەكلىپىنى توغرا تاپتى.

ئۇلار بىردىن بېلىق يەپ، بېلىق شورپىسىغا چىلىپ ئەتكەن ئۇچۇل ئۇمىچى ئىچىشتى. تاماق يېيىلىپ بولغاندىن كېيىن تايۇق:

— ئوماق، يۈز كۆرۈشتۇق، ئوبدان تونۇشىلەر. بىز ئەسلىدە ئىككى - ئۈچ كۈن تۇرۇپ قايتارمىز، دەپ ئويلىغاندۇق. كېلىۋېتىپ كىشىلەردىن بىلىشىمىزچە، بۇغداي تېرىقچىلىقى كېچىككەندە ئون بەش - يىگىرمە كۈن ئىچىدە تۈگەپ بولۇشى كېرەك

ئىكەن . بىزنىڭ ھېچقانداق تەييارلىقىمىز يوق . ئىشنى بۇ يەردىن قايتقاندىن كېيىن باشلىماقچىدۇق . ئالدىراپ قالغۇدەكمىز . شۇڭا ئەتە سەھەردە يولغا چىقىپ كەتسەكمىكىن دەيمەن ، — دېدى .
ئوماق بىرئاز ئويلىنىۋېلىپ :
— باشقا ئىش بولسا بەش - ئون كۈن تۇرۇۋىلار دەيتتىم ، ئەمما تېرىقچىلىق قارالى قاتتىق ئىشكەن . بۇ ئىشقا تۇنجى قېتىم تۇتۇش قىلىۋاتقىنىڭلار ئۈچۈن تەييارلىقنى ۋاقتىدا ، پۇختا قىلمىساڭلار بولمىغۇدەك . بوپتۇ ، كۆزگىچە يا سىلەر كېلەرسىلەر ، ياكى بىز بارارمىز . يەنە بىر گەپ ، ئۆتكەندە بىز لوپ كۆلى ، كۆلشەھىرىگە بارغاندا تۆمۈرنى ئالغاچ بارغاندۇق ، ئۇ خېلى جىق جايلارنى كۆرۈۋالدى . ئۆردەك مۇشۇ ئەتراپتىكى بىرنەچچە جايدىن باشقا ھېچ يەرنى بىلمەيدۇ . قالاچ قاناقانىڭ تەلىمى بويىچە ئېيتقاندا ، ھەممە ئادەم ئۆز يۇرتىنى بۇلۇڭ - پۇچقىقىغىچە بىلىپ قويۇشى كېرەك . ئۆردەك ئون ئىككى ياشقا كىرەي دەپ قالدى . ئون ئىككى ياش — بىز قومۇلۇق ئادەملىرىگە كىچىكلىك قىلمايدۇ . ئۇمۇ ئاكىسى بىلەن بىللە بارسۇن . سەپەر جەريانىدا ئانا زېمىنىنىڭ جايلىرىنى كۆرسۇن ، بەزى جايلارنىڭ نامىنى بولسىمۇ ئاڭلاپ بىلىپ قالسۇن ، دەيمەن . بۇ يەردىكى ئىشلارغا تۆمۈر بىلەن ئىككىمىز يېتىشىمىز ، — دېدى .
— بۇ ئوبدان گەپ بولدى . قومۇلۇق باللىرى كىچىكىدىنلا جايلار بىلەن تونۇشۇپ ، كۆزىنى پىشۇرۇپ ماڭمىسا بولمايدۇ ، — دېدى تايۇق .
ئۆردەك بىر تەرەپتىن خۇش بولدى ، لېكىن يەنە ئاتا - ئانىسىغا تارتىشقاندەك بولدى . كېيىكچاق ئېسىگە كېلىپ ، كۆڭلى باشقىچە يېرىم بولدى .
— ئەتە سەھەر يولغا چىقىمىز ، — دېدى تايۇق ، — شۇڭا بالدۇر يېتىپ ئۇخلايلى .
بايىلا دىدارلاشقانلىق خۇشاللىقى ، ئەتىگەنلىككىلا ئايرىلىدىغانلىق يېرىمچىلىقىدا كىمنىڭ كۆزىگە ئۇيقۇ كەلسۇن . ئەرلەر بۇ

ياندا ، ئاياللار ئۇ ياندا ، بالىلار يەنە بىر ياندا مۇڭدىشىپ ئولتۇرۇشاتتى . ئايرىلىش ئالدىدا بىر - بىرىنىڭ چىرايلىرىغا قېنىشىۋالسۇن دېگەندەك ، تولۇن ئاي سۈزۈك كۈمۈش شولىسىنى ئايىماي تۆكۈپ كەڭ دالىنى ئاپئاق يورۇتۇۋەتكەنىدى . ئۆردەك ئاياللارنىڭ قىزغىن هال - مۇڭىنى ئۈزۈپ :

— مەھەممەت ئاغا ، ئۇيقۇم كەلمەيۋاتىدۇ . ھېلىقى مەتەك پولگان ھەققىدىكى ھېكايىنى ئېيتىپ بەرگىنە ، ئاڭلىۋالاي ، — دېدى .

مەھەممەت مەرگەن ئۆردەك كۈتمىگەن بىر تەلەپنى قويۇپ قالدى :

— ئۇنى قاچان بولمىسۇن ئاڭلىۋالىسەن . ئاينۇران موماي بىلەن مەن ئەللىك نەچچە يىلدىن بۇيان ئۆزىمىز بىلىدىغان قوشاقلارنى غىڭشىپ قويغاندىن بۆلەك باشقىلار ئېيتقان قوشاقنى ئاڭلاپ باقمىدۇق . بۇ جەھەتتە كۆڭلىمىز بەك يېرىم ، ئۆمرىمىز قۇپقۇرۇق ئۆتكەندەكلا . توختاقنىڭ ئېيتىشىچە ئوماق ، ئايقۇت ، ئۇلامخان ، ئوجۇلخان ھەم ئايسۇلۇلار ئالامەت قوشاقچىلاركەن . ھېچبولمىسا ، كېتىدىغان چېغىدا بولسىمۇ ئۇلامخان بىلەن ئوجۇلخان قوشاق ئېيتىپ بەرسە .

مەھەممەت مەرگەن گېپىنى تۈگىتىپ بولۇشىغا ئاينۇران موماي ئورنىدىن تۇرۇپ ئىككى قولىنى كۆكسىگە ئېلىپ ئۆتۈنۈش قىلدى :

— شۇنداق قىلىڭلار ، ئىككى ئېغىزدىن بولسىمۇ قوشاق ئېيتىپ بەرسەڭلار .

بۇ ئىككى قېرىنىڭ ئەللىك نەچچە يىلنى قوشاقسىز قانداق ئۆتكۈزگەنلىكىنى ئوماق ، تايۇقلار تەسەۋۋۇر قىلالمىدى . بۇلارنىڭ شۇنچە كۆپ يىلنى قۇرغاق ئۆتكۈزگىنىگە ئىچى ئاغرىدى . بۇلارنىڭ تەلىپىنى يىرىشقا بولمايتتى . ئالدى بىلەن ئوجۇلخان بەش كۇپلېت قوشاق ئېيتتى ، ئارقىدىن ئۇلامخان باشقا بىر سۇتۇقتا[1] ئورۇغ -

① سۇتۇق - كۈي - ئاھاڭ ؛ قىسىم ، بۆلەك ؛ تۈر .

تۆغقان ، دوست ـ يېقىنلىق ، مېھىر ـ مۇھەببەت مەزمۇن قىلىنـ
غان ئالتە كۇپلېت قوشاق ئېيتتى . ئۇلامخان قوشاقنىڭ ئىككىنچى
كۇپلېتىنى باشلىشى بىلەنلا ئاينۇران مومىنىڭ كۆزىدىن ياش قۇيۇ ـ
لۇشقا باشلىغانىدى ، تاكى ئۇلامخان قوشاقتىن توختاپ خېلىغىچە
مومىنىڭ كۆزىدىن ياش تۆكۈلۈپ تۇردى ...
ئايقۇت يېنىدا ئولتۇرغان ئاينۇران مومايغا تەسەللى ئورنىدا
پەس ئاۋازدا :
— كۆڭلۈڭنى يېرىم قىلما موما ، بىز بۇنىڭدىن كېيىن ساڭا
كۇندە قوشاق ئېيتىپ بېرىمىز ، سەن بىزگە ئېيتىپ بېرىسەن .
بـۇ قـاغدان ، قـۇڭاچـاقلىقتا قـوشاق ئېيتمىساق كـۇنىمىز
قانداق ...— ئايقۇتنىڭ گېپى ئۈزۈلۈپ قالدى . ھېچكىم ئويلىمىـ
غان ، ھېچكىم كۇتمىگەن بىر ئىش بولدى : زىل ، جاراڭلىق ئاۋازدا
ئېيتىلغان قوشاق ئاڭلاندى :

كۆڭلۈڭنۇ يېرىم قىلما ،
تۆكمە موما ياشىڭنى .
بىز ھەممەمىز بالاڭغۇ ،
غەملىك قىلما باشىڭنى .
......

قوشاق ئېيتقان تۆمۈر ئىدى . قوشاق تۇگىگۈچە تاقەت قىلالـ
مىغان ئاينۇران موماي بېرىپلا تۆمۈرنى باغرىغا باستى : «ئالتۇن
بالام » دېسە ، «ئالـتۇن بـالام » دەپ بېشىنى سىـلاپ پېشانىسىگە ،
مەڭزىگە سۆيۈپ كەتتى .
بۇ تۆمۈرنىڭ تۇنجى قېتىم ئۆزى توقۇپ ، ئۆزى ئېيتقان
قوشىقى بولۇپ ، ئۇنىڭ بالىلىق بىلەن خوشلىشىپ ، ياشلىق ـ
قىرانلىق قەسرىنىڭ ئالتۇن بوسۇغىسىغا قەدەم قويۇۋاتقانلىقىنىڭ
بېشارىتى ئىدى ...
ئەتىگىنى ئاينۇران موماي بىلەن ئۇجۇلخان بىرلىكتە قورۇلـ

غان ئۇجۇل تالقىنىغا جىگدە تېرىپى، ئۆردەك، غاز تۇخۇملىرىنىڭ پىشۇرۇپ قۇرۇتۇپ قويۇلغان سېرىقى ھەم قايماق بىلەن بىلىق يېغى ئارىلاشتۇرۇپ قۇيغان بېلىق پوستلىقىنى ئىشتەي بىلەن ماخ-تىنىشىپ تۇرۇپ يېيىشتى. بۇ تاماق ھەممىسىنىڭ تىلىغا تېتىپ، ئاغزىدا قالدى. ئوماق، ئايقۇت يۇرتچاپقاندىكىلەرگە سوۋغاتلىق دەپ پوستلاق قۇيمىسىدىن ئون نەچچىنى تايۇق، ئۇجۇلخانلارغا يوللۇق تۇتتى.

## 4

كەلمەكچى بولغان بەش ئائىلە يەتتە ئائىلە بولۇپ كەلدى.

— گېپىڭلىدە تۇرۇپسىلەر، ھە، خاپان.

— بىزنى لەۋزى كۆتە ئادەملەر كۆرۈپ قالغانمىدىڭ مەھەممەت ئاغا، ئوماققا بەرگەن ۋەدىمىزدە تۇرمىساق بولامدۇ.

— ماۋۇ گېپىڭ جايىدا، ئوماقنىڭ قانداق ئادەملىكىنى بىلەم-سەن؟ — تۇردۇش گەپ قىلماقچى بولـۇۋىدى، مەھەممەت مەرگەن، — توختاپ تۇر، مەن ساڭا دېسەم، ئوماق ئۇنداق - بۇنداق ئادەم ئەمەسكەن. كۆنچىققانبەگ بۇلاردىن ھال سورىتىپ ئادەم ئەۋەتىپتۇ. ئۇلار تونۇگۇن كەلگەن، بۇگۈن ئەتىگەندە قايتىپ كېتىشتى. ئۇلارمۇ ئابدالدا تېرىقچىلىق قىلماقچىكەن. ئۇلار ئو-ماقلاردىن ھال سورىغاچ، بىزگە تېرىقچىلىقنى ئۆگىتىپ قويارمى-كىن دەپ ئېلىپ كەتكىلى كەپتىكەن.

— ئوماق ئابدالغا كېتىدىغان بولدۇما؟

— گېپىمنى ئاڭلىماسەن، خاپان، ئوماق ئۇلارغا: «چارا بىرىنچى يۇرتۇم، ئابدال — يېڭى يۇرتچاپقان ئىككىنچى يۇرتۇم، بۇ يەر مېنىڭ ئۈچىنچى يۇرتۇم بولۇپ قالدۇ» دېدى. ئابدالغا ئۆزىنىڭ ئورنىدا چوڭ ئوغلى توختاق بىلەن كېلىنىنى ئەۋەتتى.

— كەلسۇن دەپ ئابدال بېگى ئادەم ئەۋەتسىمۇ بارمىدىما؟

— بىلىشىمچە، ئوماقنى كۆنچىققانبەگ بەك چوڭ بىلىدىكەن،

تېخى ئىككىسى ئاكا ـ ئۇكا بولۇشقانىكەن .

— ئوماق قېنى ، كۆرۈنمەيدۇغۇ ؟ — تۇردۇشنىڭ ئوماققا باشقىدىن ھۆرمىتى ئېشىپ بېرىۋاتاتتى . ئوماقنىڭ ئىككى قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ ئۇنىڭغا رەھمەت ـ تەشەككۈر ئېيتقۇسى بار ئىدى . ئەتراپقا شۇنچە كۆز يۈگۈرتۈپ ئوماقنى چېلىقتۇرمىغاندىن كېيىن مەھەممەت مەرگەندىن سورىدى .

— يىراقتىن كەلگەن ئەزىز مېھمانلارنى گەمىمىز ئالدىدىلا يولغا سېلىپ قويساق قانداق بولىدۇ دەپ ، خوتۇنى ئايقۇت بىلەن ئۇلارنى ئۇزىتىپ قويغىلى كەتتى . ھە ، ئۇلارمۇ كەلدى ، — مەھەممەت مەرگەن ئېگىز قۇم دۆۋىسى يامرىلىدىن چىقىپ كېلىۋاتـ. قان ئوماق ، ئايقۇتنى تۇردۇشلارغا كۆرسەتتى .

ئوماق ئاتتىن چۈشۈشىگە تۇردۇش كېلىپ ئۇنىڭ ئىككى قولىنى چىڭ قىسىپ تۇرۇپ تەكرار ـ تەكرار رەھمەت ، تەشەككۈر ئېيتتى .

— ئەجەب تېزلا كېپسىلەرغۇ ، كۆچۈپ كەلگىلى يەنە بىر بارامسىلەر ؟ — ئوماق تۇردۇشتىن سورىدى .

— بىزدەك قۇملۇق ئىچىدە ياشايدىغانلارنىڭ قانچىلىك بىرنېـ. مىسى بولىدۇ ، كۆچۈپلا كەلدۇق ، قۇرۇق قاتماچۇقلىرىمىز قالدى شۇ .

— نەچچە ئۆيلۈك كەلدىڭلار ؟

— يەتتە ئۆيلۈك كەلدۇق . سىلەر بىلەن بىز قوشۇلۇپ توققۇز ئۆيلۈك بولدۇق . بىز ئەمدى بەردى ئاتىنىڭ توققۇز ئوتىقىغا ئوخـ. شايدىغان بولدۇق .

مەھەممەت مەرگەن تۇردۇشقا قاراپ چەكچىيىپ قاراپ قويۇپ :

— ھەي خاپان ، بىز قانداقسىگە توققۇز ئوتاق بولىمىز ؟ ئۇلار دېگەن ئۆز ئالدىمىزغا ئات چاپىمىز دېيىشىپ ، ئېتى قىردىن ئاشالـ. ماي توختاپ قېلىشقان ، بىز بولساق «ئوماقنىڭ تاختىسىدا» بىر ئوتاق بولۇپ ئىشلەيمىز ، — دېدى .

— ۋوي ، مەھەممەت ئاغا ، خاپا بولمىغىنا ، مەن ئۇنداق دېمەكچى ئەمەس ، بىرگە ئىشلىسەك دەپ كەلدۇققۇ . — دېدى تۇردۇش .

— مانداق دېگىن ، — مەھەممەت مەرگەننىڭ تۇتۇلغان چىرايى ئېچىلىپ كۈلۈمسىرىدى ، — جۇدۇنۇم نەدىنمۇ تۇتقان ، تاس قاپتىمەن ، نەدىن كەلگەن بولساڭ شۇ يەرگە كېتىش دېگىلى .

مەھەممەت مەرگەن گېپىنى دەپ بولۇپ كۈلدى ، باشقىلارمۇ كۈلدى . ئايقۇت :

— مەھەممەت ئاغا ، «بەردى ئاتىنىڭ توققۇز ئۇتىقى» دېگەن قانداق گەپ ئۇ ؟ — دەپ سورىدى .

— ئاڭلىشىمچە ، بۇ ئانچە ئۇزۇن بولمىغان ئىش ئىكەن ، — مەھەممەت مەرگەن گېپىنى رىۋايەت ئېيتقاندەك باشلىدى ، — قىيقى دەرياسى بويىدا بەردى ئاتا دەپ ئاتىلىدىغان ياشانغان بىر يۇرت ئاتىسى بولغانىكەن . بىر كۈنلىرى ئۇنىڭ كاللىسىدا : «بىزنىڭ بۇ ئادەملىرىمىز بىلىقچىلىق بىلەنلا ھەپىلىشىپ ئۆتكۈچە ، تېرىقچىلىقمۇ قىلىپ باقسا بولمامدىغاندۇ» دېگەن خىيال تۇغۇلۇپتۇ . نەدىن تاپقان ، بىر يەردىن بىر تاغار بۇغداي تېپىپتۇ . بۇغداينى يۇدۇگىنىچە قىيقى دەرياسىنى يۇقىرىسىغا ياقىلاپ تېرىقچىلىق قىلغىلى بولىدىغان يەر ئىزدەپ مېڭىپتۇ ، مېڭىپتۇ ، يەرمۇ تېپىلىپتۇ . بەردى ئاتا شۇ ئەتراپتىن توققۇز ئۆي باشلىقنى تېپىپ يەرنى كۆرسىتىپ ، بىر تاغار بۇغداينى بېرىپ ، «مۇشۇ يەرگە تېرىڭلار ، تېرىقچىلىق قىلىڭلار» دەپتۇ . توققۇز ئۆيلۈك كىشى توققۇز قىرلىق يەر ئېچىپتۇ ، ھەربىر ئۆيلۈك بىر ئوتاق بولۇپ ، ھەرقايسىسى ئۆز ئېتىزىغا قارىتىپ بىردىن جەمئىي توققۇز ئېرىق چېپىپتۇ ، تاغاردىكى بۇغداينى چاملاپ توققۇزغا بۆلۈپ ، ئۆز ئۈلۈشلىرىنى ئېتىزلىرىغا چېچىپتۇ ، ئاندىن سۇ ئېچىپتۇ ، ئېرىقلار قول سالاملىرىدەك يېقىن - يېقىن ئېلىنغاچ ھەم يەر قۇمساڭغۇ بولغاچ ، ئۇنىڭ سۈيى بۇنىڭغا ، بۇنىڭ سۈيى ئۇنىڭغا ئۆتۈشۈپ ، قىرلىرىنى بۆسۈشۈپ ، ئازغىنە سۇ ئېتىزغا كىرىپتۇ . قالغان سۇلار بوش

يەرگە ئېقىپ كېتىپتۇ . قايتىدىن ئېرىق چېپىپ سۇ ئەكېلىپ بولغۇچە تېرىقچىلىقنىڭ ۋاقتى ئۆتۈپ كېتىپتۇ . بىر تاغار بۇغداي چېچىلغىنىچە تۇگەپتۇ ، ئەمما ئۇ يەرنىڭ هازىرغىچە «توققۇز ئو-تاق» دېگەن قۇرۇق نامىلا قاپتۇ .

— ماڭا جۇدۇنۇڭ ئۆرلىگىنى شۇنىڭدىنكەن ـ هە ، قېرى .

تۇردۇشنىڭ گېپىگە قارىتا مەھەممەت مەرگەن گەپ قىلماقچى بولۇۋىدى ، ئوماق ئېغىز ئېچىپ :

— بولدى ، بولدى ، بىزمۇ قۇرۇق گەپ بىلەن ۋاقىتنى ئۆتكۈ-زۈۋەتمەيلى ، قىلىدىغان ئىشىمىز جىق ، ۋاقىت ئاز ، — دېدى .

— مانا ماۋۇ نەق گەپ . ئوماق سەن دېگىن ، قانداق قىلىمىز ؟ — تۇردۇش خۇددى ئوماقنىڭ كۆڭلىدىكى گەپنى ئۆزۈپلا قىلدى .

— مېنىڭ مەسلىھىتىم ، — دېدى ئوماق مەھەممەت مەرگەنگە قاراپ ، — ئاياللار يەتتە ئۆيلۈك قاتماچۇق ياساش ئىشىنى قىلسا ، بۇنىڭغا مەھەممەت ئاغا مەسئۇل بولسا ، — ئوماق ئۇنىڭ ياشىنىپ قالغىنىنى نەزەرگە ئېلىپ ئۇنى ئايىدى ، — قالغان ئەرلەرنىڭ ھەممىمىز تەييار قىلىنغان يەرنى تېرىش ، يەنە يېڭىدىن يەر ئېچىش ئىشىنى قىلساق ، قانداق دەيسىلەر .

— ئوماق ، مېنى قېرى دەپ خوتۇنلار ئارىسىغا تاشلاپ قويما . مېنىڭمۇ تېرىقچىلىقتىن ئاز ـ تولا خەۋىرىم بار ، پايدام تېگىپ قالىدۇ .

مەھەممەت مەرگەننىڭ گېپىگە ئوماقمۇ ، باشقىلارمۇ كۈلۈپ كېتىشتى .

— ئۇنداق بولسا ، ئۆزۈڭ قايسى ئىشنى خالىساڭ شۇنى قىل ئاغا ، ئاياللارغا ئايقۇت بىلەن تۇردۇشنىڭ خوتۇنى تىللاخان ئىككى-سى ھە ـ ھۇ دېيىشسە قانداق . ئىشنى چۈشلۈك تاماقنى يەپ بولۇپلا باشلىۋەتسەك .

ئوماقنىڭ مەسلىھىتىنى ھەممىسى توغرا تاپتى .

قاتماچۇق ياساش لوپ ئاياللىرىغا ناتونۇش ئىش ئەمەس ، ئې-

غىر ئىشمۇ ئەمەس . كېرەكلىك ياغاچ ، غالدىراق ، قاغدان قو-
مۇش ، يېكەن يېقىن ئەتراپتىلا بار . يېڭى كەلگەنلەر ئۆزلىرىگە
قاتماچۇق ياسايدىغان يەرنى تاللاپ بەرسىلا ئىشلار يۈرۈشۈپ كېتىد-
دۇ . ئاياللار ئايقۇت ، تىللاخانلارنىڭ ئۇيۇشتۇرۇشى ، ئاينۇران
مومايىنىڭ ئارىلاپ مەسلىھەت بېرىپ تۇرۇشى بىلەن ئىشلىرىغا
قىزغىن كىرىشىپ كەتتى .

ئوماقلار كۆزدە تەييارلىغان يەرنى كۆز ئوتتۇرىسىدا قىر چۆك-
كۈچە سۇغا باستۇرۇپ قاندۇرۇۋەتكەچكە ، يەرنىڭ نەملىكى ئوبدان
ئىدى . ئەگەر يەرنى ئاغدۇرۇپ ئاندىن ئۇرۇق چاچمىز دېسە ،
يېڭىدىن تەييارلىنىدىغان يەر تېرىشقا ئۈلگۈرمەيتتى . شۇڭا يەرنىڭ
قۇمساڭغۇ - يۇمشاقلىقىغا ئاساسەن ئالدىن ئۇرۇق چېچىپ ، ئاندىن
تىرمىلاپ ، سۆرەم سېلىپ ئۇرۇقنى توپىغا چۆكتۈرۈۋەتمەك بو-
لۇشتى . ئۇرۇقنى ئوماق ئېتىزلار بويىچە ئۆزى چاچتى . ئۇرۇقلار-
نىڭ يەرگە تولۇق چۆكۈشى ئۈچۈن مەھەممەت مەرگەننىڭ تەكلىپى
بويىچە يەرنى ئۇزۇنىغا بىر تىرمىلاپ ، توغرىسىغا يەنە بىر تىرمى-
لاپ ، ئاندىن سۆرەم سالدى . ئەمدىكى ئىش يېڭى يەرنى تاللاش ،
قىر سېلىش ، ئېرىق ئېلىپ سۇغىرىش ، تېرىشتا قالدى . ۋاقىت
چىڭ تۇتۇلمىسا ئۈلگۈرمەيتتى . بۇنىڭدىمۇ مەھەممەت مەرگەن بەر-
گەن تەكلىپنىڭ رولى چوڭ بولدى .

— ۋوي ، ۋوي ، مەھەممەت ئاغا ، سەن ئۆمرۈڭ بويى ئالمقانچە
يەر تېرىپ باقماي بىلىقچىلىق ، ئوۋچىلىق بىلەنلا ئۆتكەن تۇرساڭ ،
تېرىقچىلىقنىڭ بۇنداق يوللىرىنى سەن نەدە يۈرۈپ بۇنداق ئۆگىنىد-
ۋالغان ، — دېدى تۇردۇش مەھەممەت مەرگەنگە ھەيران قېلىپ .
مەھەممەت مەرگەن كەلتۈرۈپ جاۋاب بەردى :

— ھەي تۇردۇش ، سەن خاپان بولۇشتىن كۆپ بۇرۇن ،
ئاناڭنىڭ ئەمچىكىنى شوراپ يۈرگەن چاغلىرىڭدا ، مەن تىكەن-
لىك - كۆزلەكنىڭ ئاقساقىلى سېيىت تۆگىنىڭ يېرىنى تېرىيت-
تىم . ئوۋچىلىق ، مەن ئۇنىڭدىن قۇتۇلغاندىن كېيىنكى ئىشىم .
مۇشۇ پاراڭدىن كېيىن ئوماق ھەم تۇردۇش ۋە ئۇنىڭ ھەم-

ـراھلىرى مەھەممەت مەرگەننىڭ تىرىقچىلىقىقا دائىر ھەرقانداق تەكـ
لىپ، مەسلىھەتلىرىگە ئەستايىدىل قارايدىغان بولدى.
بۇغداي تېرىيدىغان يەر دەرھال تەييار قىلىنمىسا بولمايتتى.
ئوماق بىلەن مەھەممەت مەرگەن ئەتراپنى ئاتلىق ئايلاندى، كۆرـ
دى، ئاخىر پەسرەك بىر سوزۇق يەرنى تاللىدى. بۇ يەرنىڭ توپا
قەۋىتى ياخشى بولۇپ، يۇلغۇن، چىگە، قۇشقاچاق، قاغدان، سايغان
قومۇش، چاكاندىلار ئۆسكەن بولسىمۇ، يىل بويى سۇ كۆرمىگەچكە
ئاينىيالمىغانىدى. ئەگەر بىرەر قېتىم سۇ كىرىدىغان بولسا، بۇ
چاتقال، ئوتلارنىڭ باراقسانلاپ كېتىشىدە گەپ يوق. ئەمدىكى گەپ
سۇنى قانداق ئەكېلىشتە قالدى. ئۇلار تاللىغان يەر بىلەن ئېقىن
ئارىلىقىنى، ئېگىز ـ پەسلىكىنى ئوبدان تەكشۈرۈپ، سۇنى باشلاپ
كېلىشنىڭ ئانچە كۆپ كەتمەيدىغان ئەپلىك يولىنى تېپىۋالدى.
تاللىغان سوزۇق يەرنىڭ بىر تەرىپىدىكى دۆڭلۈكنىڭ ئارقىسىدا
بىر ئېقىن ئىزىنى بايقىدى. ھەقىقەتەن بۇ بىر تارراق ئېقىن ئىزى
بولۇپ، تىنىپ كەتكەنلىكى بىلىنىپلا تۇراتتى. ئېلىنغان ئېچىق
بېشىمۇ ناھايىتى توغرا ئىدى. بۇلارغا قاراپ ئوماق خىيالغا چۆكۈپ
قالدى: «بۇ قايسى چاغلاردىكى ئېقىن بولغىيدى؟ بۇرۇنقىلار بىزگە
ئوخشاش بىلىق يەپلا ئۆتمەي، يەرمۇ تېرىغان چېغى. قايسى بوۋىلىدـ
ـرىمىز تىرىقچىلىقنى تاشلاپ بېلىقچىلىقىقا ئۆتۈۋالغانكىن، نېمىشـ
قا؟ بۇلارمۇ قالاچ قاناقا ئېيتقان ئەجدادلار ئىزىمىدۇ؟»
ئېقىن ئېچىدىكى تىندۇرما توپا ـ قۇملارنى بىرقۇر تارتىۋېـ
تىپ، دۆڭدىن ئېقىن يولى ئاچسىلا ئىش پۈتەتتى. بۇلارنىڭ تەلـ
يىگە دۆڭ ئېگىزمۇ ئەمەس، كەڭمۇ ئەمەس ئىدى، ئېرىق ئېچىشقا
ئانچە كۆپ كەتمەيتتى. بۇلاردا ھازىر كۆپ يېتەرلىك ئىدى. بۇ
ئىشلارمۇ بىر كۈندە تۈگىدى. بىر نەرسە ھەممىنى ھەيران قالدۇرـ
دى. باش ئېچىق ئېچىلىۋاتقاندا، قۇم ـ توپا ئاستىدىن سۇنۇق
دەستىسى قارىداپ، چىرىپ كەتكەن بىر كەتمەن چىقىپ قالدى.
كەتمەن تۆت بۇرجەك بولۇپ، كەتمەننىڭ ئۆزىمۇ، جولدىسىمۇ
ئوماقلارنىڭكىدىن چوڭ ئىدى. كەتمەننىڭ ئىككى يۈزى داتلىشىپ

كەتكەن بولۇپ، داتنىڭ قىلىنلىقىغا قاراپ كەتمەننىڭ كۆمۈلۈپ ياتقىنىغا ئۇزاق بولغانلىقىنى بىلگىلى بولاتتى. ئۇلار كەتمەننى قولدىن قولغا ئېلىپ قاراشتى، ھەيران قېلىشتى، لېكىن ئۇلاردا كەتمەنگە بولغان ھەيران قېلىشتىن باشقا ئۇنىڭ تېپىلىشىغا، ئۆتمۈشى - كەچۈرمىشىگە قارىتا ھېچقانداق قىزىقىش ئالامىتى كۆرۈلمەيتتى. ئۇلارنىڭ نەزىرىدە ئۇ بىر ئەسكى كەتمەن ئىدى. پەقەت ئوماق بىلەن تۆمۈر باشقىچە ئويدا ئىدى. «بۇرۇن بۇ يەردە ئادەملەر ياشىغان، تىرىكچىلىق قىلغان، لېكىن نېمە سەۋەبتىندۇر كۆچۈپ كەتكەنمۇ، نېمە بولغان، بۇ يەر ئادەمسىز قالغان. ئۇلاردىن يالداما بولۇپ مۇشۇ كەتمەن بىلەن تىنىپ كەتكەن ئىرىق - ئېقىن ئىزىلا قالغان» ئوماق شۇنداق ئويلاپ يەنە تېمەنپۇدىكى قەبرىستانلىقنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى. ئوماق يېنىدىكىلەرگە قاراپ دېدى:

— بۇ كەتمەننى مەن ساقلاپ قوياي. بۇ يەردىكى تىرىكچىلىق تۈگىگەندە يېڭى يۇرتچاپقانغا بارىمەن، شۇ چاغدا بۇنى ئالغاچ بېرىپ كۆنچىقىقانبەگ ۋە باشقىلارغا كۆرسىتەي.

تۆمۈرمۇ كەتمەنگە ئاتىسىغا ئوخشاش بەكلا قىزىقىپ قالدى، ئۇنى ئاتىسىنىڭ قولىدىن ئېلىپ نەچچە ئۆرۈپ ئالدى - كەينىگە قارىدى. جۇلدىسىدا تۇرۇپ قالغان دەستە قالدۇقىدىكى قۇم - توپىنى قېقىپ چۈشۈرۈۋەتكەندى، قېقىلغان شىنا ئورنى بولسا كېرەك، چىمچىلاق چوڭلۇقىدا تۆشۈك كۆرۈندى. تۆمۈر بىرنەچچە تۇپ قۇرۇق چىگىنى ئوشتۇپ تالا چىقىرىپ ئېشىپ، كەتمەن جۇلدىسىدىكى تۆشۈكتىن ئۆتكۈزۈپ مۇرىسىگە ئېسىۋالدى. ئوغلىنىڭ بۇ ئەستايىدىللىقىغا قاراپ، ئوماق ئىچىدە: «يارايسەن، مەن دائىم دەپ كېلىۋاتقان قاناقانىڭ گەپلىرى ئېسىڭدە ئىكەن» دېدى. تۆمۈر كەتمەننى كەچتە ئاتا - ئانىسىنىڭ گەمىسىگە ئەكىرىپ ئاۋايلاپ ئېسىپ قويدى.

ئەتىسى چۈشكىچە يەر «بۇرنى - قولىقىغىچە» سۇغا قاندۇرۇۋېتىلدى، ئۆتۈپ كەتسە يەنە تۆت كۈندىن كېيىن ھەيدەپ تېرىشقا بولاتتى. تۆت كۈن بىكار تۇرماسلىق كېرەك. قوناق تېرىيدىغان

يەرنى تاللاش ، تەييارلاش كېرەك . ئاياللار ساتمىلارغا كېرەكلىك قومۇش ، يېكەنلەرنى تەق قىلىپ قويدى . ئۇنى تىكلەشكە بىر كۈن بولسىلا كۇپايە . ۋاقىت كەڭرەك بولغاچقا ، بۇ ئىشتا ئوماق بىلەن مەھەممەت مەرگەن تۇردۇش ، تۆمۈرلەرنىمۇ ئېلىپ تۆتى بىرلىكتە ئاتلىق خېلى يەرلەرنى ئارىلىدى ، يەرنى كولاپ توپا قاتلىمىنى كۆردى ، سېلىشتۇردى . مەھەممەت مەرگەن بىر نەرسىنى ئويلاپ قالغاندەك بىر تەرەپكە قاراپ تۇرۇپ كېتىپ ، تارىم دەرياسىنىڭ تۆۋەن تەرىپىنى[1] كۆرسىتىپ :

— ئوماق ، ئاۋۇ تۆپىلىكنىڭ ئۇ تەرىپىدە بىر تۈزلەڭ بار ، تۈز بولغاندىمۇ تۈزلەپ قويغاندەكلا ، ئارىلاپ تېخى ئېتىز قىرىدەك ئىزمۇ بار . بېرىپ كۆرۈپ باقايلىمۇ ، — دېدى .

بوۋاينىڭ گېپى ئوماقنى بەكلا قىزىقتۇردى . ئۇ : «ماقۇل» دەپلا شۇ تەرەپكە ئات سالدى . قالغانلارمۇ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئات چاپتى . ئوماق تۆپىلىككە چىقىپ ئالدىغا قاراپ ھەيران قالدى ۋە خۇشاللىقىدىن : «ۋاھ !» دەۋەتتى . ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا كەڭ كەت-كەن بىر تۈز ، تارىم سۈيىدەك سۈزۈك كۆك ئاسمان بىلەن يۈزلە-نىپ يېيىلىپ ياتاتتى . ئوماقنىڭ تۇيغۇسىدا تۈز قۇچاق ئېچىپ ئۇنى كەل دەپ چاقىرىۋاتقاندەك ئىدى . ئوماق شۇ تاپتا گويا بىنا-قەتلىك ئېتىغا مىنىپ تۇرغاندەك ئىدى . ئۇ ئېتىنى قاتتىق دېۋە-تىپ ، ئۆزىنى ئاشۇ قۇچاققا ئاتقاندەك چاپتى ، ئاتتىن چۈشۈپ ، توپىدىن قولىغا بىر ئوچۇم ئېلىپ قاراپ : «پاھ !» دېدى . يەر يىلدا نەچچە قېتىم ئوغۇتلاپ تۇرغاندەك قارا توپىلىق ئىدى . ئوماق قەدەملەپ كۆردى . مەھەممەت مەرگەن ئېيتقاندەك ، ھەر ئەللىك قەدەم ئەتراپىدا بىر قىر ئىزى بار ئىدى . ئۆزى ئۇزۇنىغا قەدەملى-دى ، تۇردۇش بىلەن تۆمۈرنى توغرىسىغا قەدەملەپ قىر ئىزىنى ساناپ بېقىشقا تاپشۇردى . قىـرلاندىغان تۈز ئۇزۇنىغا ئون بىر قىر — بەش يۈز قەدەم بولۇپ ، توغرىسىغا بەزى قىرلارنىڭ ئۇزۇن-

[1] بۇ يەردە ئېيتىلغان تۆۋەن تەرەپ ، تارىمنىڭ ئومۇمىي مۇساپىسىدىن ئېيتقاندا ئوتتۇرا ئېقىن .

لۇقى ئىككى يۈز قەدەم ، ئەڭ قىسقا قىر سەكسەن قەدەم چىقتى . دېمەك ، يەر ئەمەلىي شارائىتقا قاراپ قىرغا ئېلىنغانىدى . يەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر ئېرىق ئىزى بار بولۇپ ، ئوماق مۇشۇ ئېرىقتىن سۇ ئىككى يانغا ئېچىلىپ ئېتىزلارنىڭ سۇغىرىلغانلىقىنى قىياس قىلدى . سەپسېلىپ ئايلىنىۋىدى ، كەڭ بىر ئېرىق ئورنىنىڭ ئىزى بايقالدى . بۇ ئىز ئۇزۇن بولۇپ ، بېشى تارىم دەرياسىنىڭ بىر تارماق قۇرۇق ئېقىن ئىزىغا تاقاشتى ، ئاخىرى بولسا قىرلانغان يەردىن ئۆتۈپ نېرىسىغا سوزۇلغاندەك ئىدى . ئەمدى ئوماقلار دۆڭ كەلگەن بىر ئىش غول ئېرىققا نەدىن سۇ باشلاش ياكى باشقا يەردىن ئېرىق ئېلىش ئىدى . ئوماقنىڭ تازا بېشى قاتتى . قانداق قىلىشنى بىلەلمەي قالدى . يەر شۇنداق ياخشى ، لېكىن سۇ مەسىلىسى چوڭ ئىش بولۇپ قالدى .

— مەن قارىسام ، — دېدى مەھەممەت مەرگەن سېيىتكۆل تەرەپنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ ، — بۇ تۈز سېيىتكۆلدىن پەستەك قىلىدۇ . باشلىمىنى كۆلدىن ئېلىپ ، يۇقىرى تەرەپتىن بىر ئېرىق چېپىپ ئەكېلىپ ، ئۇنى كونا ئېرىق ئىزىغا چۈشۈرۈۋەتسەك بولىدىغاندەك قىلىدۇ ، لېكىنزە ، بەك ئىشلەپ كەتكۈدەكمىز .

ئوماقنىڭ كۆڭلى پاللىدە ئېچىلىپ كەتتى . يەر شارائىتىنى ياخشى بىلىشنىڭ قانچىلىك مۇھىملىقىنى ئوماق تېخىمۇ چوڭقۇر تونۇپ يەتتى . «ئۇنى ئاياللار قاتارىغا قوشۇپ قويۇپ ، تاس قاپتىمەن بۇ ئەقىلدىن مەھرۇم قالغىلى» دېدى ئۆزىگە ئىچىدە .

— باركاللا ، بوۋا ، قالتىس مەسلىھەت بەردىڭ ، ئۇنچىلىك ئىش قانچىلىك ئىش . «ئاتقا مىنگەشمە ، مىنگەشسەڭ قاقشىما» دېگەن گەپ بار . بىز بۇ ئىشنى ئۆزىمىز خالاپ قىلىۋاتقاندىكىن ، كۆڭۈللۈك بىلىنىدۇ ، — دېدى ئوماق .

بۇغدايلار ئۆز قەرەلىدە تېرىلدى . ساتمىلارمۇ ياسىلىپ بولدى . قوناقلىق يەرمۇ كۆڭۈلدىكىدەك تەييار قىلىنىپ ، تېرىپ قولدىن چىقىرىلدى . ئەمدى تۇرالغۇ ئۆي سېلىۋېلىشقا قول بوشىدى .

# 5

5 ـ ئاي . هاۋا خېلىلا ئىسسىپ قالدى . بۇغداي مايسىلىرى كۆرپە قىياق بولۇپ قىر ياپتى . قىرقىپ قويغاندەك تەپتەكشى بۇغدايزار يېشىل دالا ، كۆل سۇيىدەك چايقىلىپ كىشىنىڭ زوقىنى كەلتۈرەتتى .

— كۆردۇڭمۇ ، خاپان ، — بىر كۈنى مەھەممەت مەرگەن بۇغدايلىقنى ئاتلىق ئايلىنىپ كېتىۋېتىپ يېنىدىكى تۇردۇشقا زوق بىلەن سۆزلىمەكتە ئىدى ، — مەنغۇ ياش چېغىمدا كىشىگە ئىشلە-سەممۇ بۇغداي تېرىپ ، خامان تېپىپ ، ئاش ئېلىپ باققان . سەن بېلىق تۇتۇش ، توشقان سوقۇش[1] ، ئوۋ ئوۋلاشتىن باشقىنى بىلـ-مەيتتىڭغۇ دەيمەن . مـانا يـەر ئېچىپ بـۇغداي ، قوناق تېرىدۇق ، ئەته ـ ئۆگۈن بۇغداي ئورۇيمىز ، خامان تېپىمىز ، قوناق ئۈزۈپ ، قوناق سوقىمىز ، ئاندىن نېمە قىلىمىز دېمەمسەن ، ئاندىن بۇغداي ، قوناقنى يارغۇنچاقتا ئېزىپ ئۇن قىلىمىز ، ئـۇنـدا ھەر خىل تاماقلارنى پىشۇرۇپ يەيمىز .

تۇردۇش مەھەممەت مەرگەن دەۋاتقان ئۇ ئىش ، ئۇ نەرسىلەر-نىڭ بەزىلىرىنى ئاڭلىغان بولسىمۇ ، كۆپلىرىنى كۆرۈش تۇگۇل ئاڭلاپمۇ باقمىغانىدى . شۇڭا مەھەممەت ئاغىنىڭ ئاغزىغا قاراپلا قالدى . ئۇمۇ ئۆزلىرى تېرىغان بۇغداي ، قوناقلارنىڭ بۇنداق تەك-شى ، بولۇق ئۆسۈپ دولقۇنلىنىشلىرىغا قاراپ ئىچ ـ ئىچىدىن زوقلىنىپ كېتىۋاتاتتى . مەھەممەت مەرگەننىڭ گەپلىرى ئۇنىڭ زوقىنى پىلتا بولۇپ ئوت ئالدۇرۇۋەتتى . ئۇ بۇغداي ئورۇپ ، خامان تېپىدىغان ، قوناق ئۈزۈپ ، قوناق سوقىدىغان چاغنىڭ تېز-رەك كېلىشىنى تەقەززاسى تاق بولۇپ كۈتۈپ بىتاقەتلىنىدىغان بىر خىل ھېسسىياتقا كېلىپ قالدى . ئۇلار بۇغداي ، قوناقلىقنى ئايلـ-نىپ كەلگەن كۈنى كەچتە ، ئوماق ئۇلارغا مەسلىھەت سېلىپ

---

[1] توشقان سوقۇش — مەخسۇس ياسالغان قىسقا كالتەك بىلەن توشقاننى ئۇرۇپ تۇتۇش .

مۇنداق دېدى :

ئەمدى ئۆي سېلىش ئىشىغا تۇتۇش قىلمىساق ، كېيىن ئالدىراپ قالىمىز . بۇغداي ئورمىسىغا بىر يېرىم ئايدەك ۋاقىت بار . مۇشۇ بوش ۋاقىتتا كېرەكلىك كېسەكلەرنى قۇيۇپ ، بولسا ئىشىك ، دېرىزىلەرنىمۇ ياسىۋالساقمىكىن دەيمەن . سىلەرچە قانداق ؟

— بىزنىچۇ ، ئوماق ، سۆرۈ ، قاتماچۇق ياسا دېسەڭ ، دېگەنىڭدىنمۇ چىرايلىق ياسىۋېتىمىز ، — تۇردۇش مەھەممەت مەرگەنگە قاراپ ، — شۇنداققۇ ئاغا ، — دەپ قويدى ، — لېكىنزە ، سەن دېگەن ئۇ ئىشلارنى بىز زادى بىلمەيمىز . سەن نېمە دېسەڭ ، قانداق قىل دېسەڭ ، بىز شۇنى قىلايلى . بۇ ئىشتا بىزگە مەسلىھەت سېلىپ يۈرمەي بۇيرۇۋەر .

مەھەممەت مەرگەنمۇ :

— خاپان راست گەپنى قىلدى . بۇ ئىشقا ئۆزۈڭ ئىگە بول ، — دېدى .

ئوماق يۇرتچاپقاندىن چارىغا كېلىدىغاندا ئېلىۋالغان ئىككى كېسەك قېلىپىنى بۇ يەرگىمۇ ئالغاچ كەلگەنىدى .

— بىزدە ھازىر كېسەك قېلىپىدىن ئىككىسىلا بار . مەن چارىغا بېرىپ كېسەك قېلىپىدىن تۆت - بەشنى تېپىپ كەلگەچ ، ئالىباي ئاقساقالدىن بىرقانچە ياغاچچى سوراپ كېلەي . مەن كەلگۈچە ئىككى ئادەم كېسەك قۇيسا ، قالغانلار قورۇق توغراقتىن كېسىپ تۇرسا ، قانداق ؟ ئىزدەپ بېقىڭلار ، داغا[1] بولسا تېخىمۇ ياخشى ، — دېدى .

— بىز دېدۇققۇ ، — دېدى مەھەممەت مەرگەن ، — ئىش سەندىن ، قىلىش بىزدىن دەپ . سەن خاتىرجەم بېرىۋەر ، كېسەكنى سەن كۆرسىتىپ - ئۆگىتىپ قويغاندەك قۇيۇپ تۇرىمىز .

بىر ھەپتىنىڭ ئالدىدا ئوماق ، مەھەممەت مەرگەن ، تۇردۇش قاتارلىق بىرقانچەيلەن ئۆي سالىدىغانغا يەر تاللىغىلى چىقىشقاند-

---

[1] داغا توغراقنىڭ قورۇپ ئاقىرىپ كەتكىنى داغا دېيىلىدۇ .

دى . ئۇلار تېرىقچىلىقتا يېڭىلا قەدەم قويدى ، يەنىلا بېلىقتىن ئايرىلسا بولمايتتى ھەم ئايرىلالمايتتى . كۆپ ئارىلاپ ، كۆپ يەرنى كۆرۈپ ، ئاخىر دەريا ، كۆلگىمۇ يېقىن ، تېرىقچىلىق قىلىدىغان يەرگىمۇ يىراق ئەمەس ، «قاراساچ ئايىم دۆڭى» تەرەپتىكى بىر ئېگىزرەك يەرنى مەھەللە قىلىشقا تاللىدى .

ھەر يىلى 7 ـ ، 8 ـ ئايلاردا كېلىدىغان چوڭ كەلكۈن ھەممە يەرگە يامراپ ، پەسرەك جاي بولسىلا ئالا قويماي بېسىپ ، بۇ قۇملۇق ئادەملىرىگە ئاراملىق بەرمەي يۈرىكىنى سۇ قىلىۋەتكەنىدى . بىر زامانلاردا بۇلارنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرى دېھقانچىلىقمۇ قىلغان ، لېكىن دېھقانچىلىقنىڭ تازا ھوسۇلىنى ئالىدىغان چاغدا كەلكۈن كېلىپ ، ئۇلار بىر ياز قىلغان ئەجىر ـ ئەمگەكنىڭ مېۋىلىرىنى سۇ بېسىپ ـ ئېقىتىپ ئەكېتىۋەرگەچكە ، «قاۋۇن سۇدۇك[1] ، ئاشلىق بەدگۇيا[2] ، بوز تارىمنى ياقىلا . بالىق چۇلۇق ، قورساق توق» دېيىشىپ ، تېرىقچىلىقتىن پۈتۈنلەي قول ئۈزۈپ ، ھاياتلىق ئۈمىدىنى بېلىقچىلىقتا ، قوشۇمچە ئوۋچىلىقتا باغلاپ ، دەريا ، كۆل ياقىلاپ ئولتۇرىدىغان بولۇپ قالغان .

كېسەك قۇيىدىغان يەر ئۆي سالىدىغان جايدىن يىراق بولسا بولمايتتى ، يەنە تېخى شورسىز ، سېغىز توپىلىق بولۇش كېرەك . تەلىيىگە بۇنداق يەرمۇ چىقىپ قالدى . ئوماق شۇ كۈنىلا ساتما ـ كەپە ۋە گەمە ياساشتىن باشقىنى بىلمەيدىغان بۇ كىشىلەرگە كېسەكنى قانداق قۇيىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ قويماقچى بولدى . ئۆزى لاي ئەتتى ، لاينى ئۇرىدىن چىقىرىپ كەتمەننىڭ كەينى بىلەن سىيرىپ ، سىلىقلاپ قويۇپ : «بۇ ، لاينىڭ تېز قېتىۋالماسلىقى ئۈچۈن» دېدى ، ئاندىن لايدىن ئون نەچچە كېسەكلىك كومىلاچلاپ قويۇپ ، ئالدىن راسلاپ قويۇلغان مەيدانغا بىردىن كۆتۈرۈپ ئاپىرىپ قېلىپقا قۇيۇپ بېسىپ ، تۆت بۇرجىكىنى تولۇق چىقىرىپ قېلىپنى كۆتۈرۈۋېلىپ يەنە يېنىغا قويۇپ ، پومىلما لايدىن يەنە

---

[1] قاۋۇن سۇدۇك — قوغۇن سۇيدۇك .
[2] بەدگۇيا — ۋاپاسىز .

كۆتۈرۈپ كەلدى . قاراپ تۇرغانلارغا قېلىپقا كىرگەن لاينىڭ تۆت بۇرجەك بولۇپ قېلىشى ئاجايىپ قىزىقارلىق كۆرۈنۈپ كۆلۈپ كېتىشتى . مەھەممەت مەرگەن ئۆينى كۆرگەن بولسىمۇ ، كېسەك قۇيغاننى كۆرۈپ باقمىغاچقا ، ئوخشاشلا ئۇنىڭغىمۇ قىزىق تۇيۇلدى ، لېكىن كۆرۈشكە قىزىق بولغىنى بىلەن قىلماق بەك تەسكە توختىدى . ئۇزگەن كۆمىلچى بىردە قېلىپقا پاتمىسا ، بىردە قېلىپ يېرىم قالدى . ئاران توغرا كەلگۈدەك ئۇزسە ، كۆتۈرۈپ ئاپارغۇچە يېرىمى ئارا يولدا ئۈزۈلۈپ چۈشۈپ قالدى . نېمىلا بولمىسۇن ، كۆلۈشۈپ يۈرۈپ كېسەك قۇيۇشنى ئۆگىنىۋېلىشتى .

ئوماق چارىدىن تۆت كۈندە كەلدى ، قۇيۇلغان كېسەكلەرگە قاراپ ھەيران قالدى . كېسەك ئۇنىڭ مۆلچەرىدىكىدىن بىر ھەسسە كۆپ قۇيۇلغانىدى . مەھەممەت مەرگەن ئوماقنىڭ سورىغىنىغا جاۋاب بېرىپ :

— بۇ سېنىڭ ئالتۇن بالاڭنىڭ ئەقىل كۆرسىتىشىدىن بولدى ، — دېدى .

كېسەك قۇيۇلۇشقا باشلىغان تۇنجى كۈنى ، تۆمۈر كېسەك قۇيۇۋاتقان يەرگە كېلىپ بىرئاز قاراپ تۇردى . ئۇ ھېسابلاپ - چاملاپ باقتى . لاي بىلەن قېلىپ ئارىلىقى ئوتتۇز قەدەمچە بولۇپ ، بىر كېسەك قۇيۇش ئۈچۈن ئاتمىش قەدەم مېڭىشقا توغرا كېلىدىكەن ، مۇشۇ ئارىلىقتا قېلىپ بوش تۇرۇپ قالىدىكەن . تۆمۈرنىڭ كاللىسىغا بىر ئەقىل كەلدى ، ئويلىغانلىرىنى مەھەممەت مەرگەنگە ئېيتتى .

— بولىدىغاندەك قىلىدۇغۇ ، شۇنداق قىلىپ باقايلى ، — دېدى مەھەممەت مەرگەن .

ئىككى قېلىپتا كېسەك قۇيۇۋاتقان ئىككى ئادەم بىر قېلىپتا قۇيۇپ باقىدىغان بولدى . بىرى كۆمىلاچ لاينى قېلىپقا بېسىپ ، قېلىپنى تارتىۋېلىپ يېنىغا قويۇپ قايتىپ ئارا يولغا كېلىشىگە ، يەنە بىرى كۆمىلاچنى كۆتۈرۈپ كېلىپ قېلىپقا باستى ...

— بولىدىكەن ، قېلىپ بوش قالمايدىكەن ، قېلىپنىڭ ئازلىقى-

مۇ بىلىنمەيدىكەن ، ئىش ئاينىيدىكەن ، — دېيىشتى مەھەممەت مەرگەن بىلەن تۇردۇش .

بۇ ئىككىسى ھەم تۆمۈر ئۇچى مەسلىھەتلىشىپ ھازىرچە ئىككى قېلىپقا تۆت ئادەم ئورۇنلاشتۇرۇپ تۇرىدىغان بولدى . بىرىنچى ، ئىككىنچى كۈنلىرى كېسەك قۇيغۇچىلار بىلىنى ئالالماي قالدى ، قۇيغان كېسەكلەرمۇ ئاينىمىدى . ئۈچىنچى كۈنىدىن باشلاپ بېلىنىڭ ئاغرىقى قويۇپ بېرىپ ئۆگىنىپ قالدى ، كۆنۈپ كەتتى . يېڭى ئىشنىڭ قىزىقچىلىقىدا كېسەك قۇيۇشقا كىرىشىپلا كەتتى . كېسەك قۇيۇلۇۋاتقان مەيدان تالاي يىللاردىن بۇيان سۇ كۆرمەي تېگى - تېگىدىن قۇرۇپ كەتكەچكە ، ئەتىگەن قۇيغان كېسەكلەر چۈشكىچىلا نېمى يەرگە سۈمۈرۈلۈپ كېتىپ يېرىم قۇرۇپ قالاتتى .

ئوماق چارىدىن ئۇستا - شاگىرت بولۇپ ئالتە ياغاچچى ، يەنە ئالىباي ئاقساقال ياردەمگە قوشۇپ بەرگەن تۆت ئادەم بولۇپ جەمئىي ئون ئادەم بىلەن ئۈچ كېسەك قېلىپى ئېلىپ كەلگەنىدى . ئۇ ، مەھەممەت مەرگەن ، تۇردۇش ئۈچى مەسلىھەتلىشىپ ئىشلارنى باشقىدىن ئورۇنلاشتۇردى . ياغاچ كېسىش ، راسلاشقىلا چوڭ - كىچىك ئون ئادەم ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ ، قالغان ئادەملەرنىڭ ھەممىسى كېسەك قۇيۇشقا ئورۇنلاشتۇرۇلدى . بۇلاردىن ئون ئادەم بەش قېلىپتا كېسەك قۇيىدىغان ، ئۈچ ئادەم لاي ئېتىدىغان ، قالغانلار كېسەكلەرنى تىكلەپ يۆلەيدىغان ، تىزىدىغانغا بەلگىلەندى .

مۇشۇ كۈنلەردە ئاينۇران موماي مەھەممەت مەرگەنگە ئوخشاش كۆڭلى ئېچىلىپ ، روھى كۆتۈرۈلۈپ بەكلا تېتىكلىشىپ كەتتى . ئايقۇتقا ھەمدەم بولۇپ ھېلى ئۇ ئايالنى بىر ئىشقا جورۇسا ، ھېلى بۇ بىرنەچچە ئايالنى ئۇ ئىشقا بۇيرۇيتتى . ئايقۇت يېڭى ئابدال - يۇرتچاپقاندىكى مەھەللە قۇرۇلۇشىدا ئاياللار بىلەن ئىشلەپ يۇرۇپ خېلى تەجرىبىلىك بولۇپ قالدى . لېكىن ، بۇرۇندىن تونۇشمايدىغان ، مىجەز - خاراكتېرىنى بىلىشمەيدىغان ، ھەر خىل ياشتىكى ئاياللارغا ئىش بۇيرۇپ باشلامچىلىق قىلىشتا ئايقۇت سەل ئوڭاي-

سىزلىنىپ قالغانىدى . بۇ ئىشتا ئايىنۇران موماي ئۇنىڭغا تازا ئەسقاتتى .

— خانلىرىم ، — دېدى تۇنجى كۈنى قومۇش ئورۇشقا مېڭىش ئالدىدا ئايىنۇران موماي ئاياللارغا ، — بىز قاتماچۇقتا تۇغۇلۇپ ، قاتماچۇقتا چوڭ بولدۇق ، تويىمىزمۇ قاتماچۇقتا بولدى . هازىرغىچە قاتماچۇقتا يېتىپ - قوپۇپ كېلىۋاتىمىز . قاتماچۇقنىڭ قانداق ياسىلىدىغانلىقىنى ھەممىمىز ياخشى بىلىمىز . ئەرلىرىمىز تېرىيدىغان يەرنى ھازىرلاپ ، تېرىش بىلەن بولىدىكەن . قاتماچۇق ياسايدىغانغا كېرەك بولىدىغان قومۇش ، يېكەنلەرنى تەييار قىلىش بىزگە قالدى . ھەربىر ئايال ئۆزۈڭلار ئۈچۈن ياسايدىغان قاتماچۇققا ئىش قىلالايدىغان بالىلىرىڭلارنى ئېلىپ بېرىپ ، يىغقان قومۇش ، يېكەنلەرنى بىر يەرگە توپلاڭلار .

ئاينۇران مومىنىڭ قىسقا - قىسقا ، لېكىن قىزىقارلىق گەپلىرىنىلا ئاڭلىغان ئايقۇت ، مومىنىڭ ھازىرقى گېپىنى ئاڭلاپ ھەيران قالدى . «مۇشۇ يېشىغىچە بوۋىيى بىلەن ئىككىسىلا دالا - تۈزدە يالغۇز ياشاپ ھېلىمۇ گەپلىرىنى ئۇنتۇپ قالماپتۇ دەپ ھەيران بوپتىمەن . گەپ قىلماي يۈرگىنى بىلەن ، ئەسلى گەپ قورسىقىدا ئىكەن ئەمەسمۇ . قارىمامدىغان قاملاشتۇرۇپ قىلغان گەپلىرىنى» دەپ ئويلىدى ئايقۇت ئىچىدە . بۇ يەردىكى ئاياللار ئىچىدە ئاينۇراننىڭ يېشى ھەممىسىدىن چوڭ بولۇپ ، ئۇلارنىڭ ئانىسى قۇرامىدا بولغاچقا ، شۇ كۈندىن باشلاپ ھەممە ئايال ئۇنى ئاينۇران موما دەپ ئاتايدىغان بولدى ، ھېچكىم ئۇنىڭ گېپىنى يىرمىدى .

ئايقۇت بىلەن ئاينۇران موماي ئاياللارنى باشلاپ يېكەنكۆل تەرەپكە ماڭدى . كۆپىنچە ئاياللار كالا مىنىپ ، بالىلىرىنى ئېشەككە مىندۈرۈۋالغانىدى . ئاينۇران مومايغا ئايقۇت ئۆزلىرىنىڭ ياۋاش بىر ئېتىنى مىنىپ تۇرۇشقا بېرىپ تۇردى . ئايقۇتمۇ كالىغا مىنگەنىدى . تۇنجى قېتىملىق قومۇش ئورۇشقا مېڭىش توي تارتىپ ماڭغاندىكىدەك كۆلكە - چاقچاق ، قىقاس - چۇقان بىلەن ناھايىتى

قىزغىن بولدىكى، ھېچكىم ـ ھېچكىمدىن ياتسىراپ يۈرمىدى.
— ئورۇغان قومۇش، يېكەنلەرنى بىر يەرگىلا توپلايمىزمىكىن دېسەم، ھەرقايسى ئۆيلۈك ئايرىم توپلايدۇ دېدىڭا موما، — دېدى ئايقۇت توپتىن ئارقىدا كېلىۋېتىپ ئاينۇران موماي‌غا.
— بۇ خوتۇن، بۇ بالىلارنىڭ قايسىسى قانداق، بىلىمىزمۇ؟ بىلمەيمىز. شۇڭا ئۆزۈڭنىڭكىنى ئۆزۈڭ تەييارلا دېسەك، ئۆزىنىڭ غېمىنى ئۆزى ئوبدان قىلامدىكىن دەيمىنا.
مومىينىڭ گېپىگە ئايقۇت قايىل بولدى. تۇردۇشىنىڭ خوتۇنى تىللاخان بۇلارنى ساقلاپ تۇرغانىدى. تىللاخان ئەللىك ياشقا يېقىنلىشىپ قالغان بولسىمۇ، ئەمدى قىرىققا بارغاندەك كۆرۈنەتتى. بۇغداي ئۆڭ، قارا كۆز، چاچلىق ئايال بولۇپ، بىلەكتەك ئىككى ئۆرۈم چېچى تېقىمىدىن ئېشىپ تۇراتتى. مەھەللىسىدە كىشىلەر ئۇنى: «تىللاساچ» دەيتتى، ئېرىنىڭ ئەكسىچە كەم سۆز ئىدى. بىراق، بىرەرسى ئۇنىڭ چىشىغا تېگىپ قويغۇدەك بولسا، ۋاي ـ ۋاي، شۇ چاغدا ئاڭلايدىغان بولسىڭىز، ھەربىر گېپى توقماقتەك تېگەتتى، ۋەزنى تۇگمەن تېشىدىن ئېغىر ئىدى. بۇلار يېتىپ بېرىشىغا، تىللاخان ئايقۇتتىن:
— ھەر ئائىلە ئۆزىنىڭكىنى ئۆزى يىغسا، بەزىلەرنىڭ ئۇلاغ ـ قارىسى ئاز، توشۇيدىغاندا قانداق قىلىدۇ؟ — دەپ سورىدى.
ئايقۇت ئاينۇران موماي‌غا قارىدى، موماي: «ئۆزۈڭ بىرنېمە دە» دېگەن مەندە باش ئىشارىسى قىلدى. ئايقۇت:
— قومۇشلارنى توشۇيدىغان چاغدا ئەرلەر مەسلىھەتلىشەر، — دەپ جاۋاب بەردى.
ئاياللار ئەرلەرگە ئوخشاش ئۆز ئىشىغا كىرىشىپلا كەتتى. مەھەممەت مەرگەن بىلەن ئاينۇران مومىينىڭ بولغىنى ئوماق بىلەن ئايقۇتنىڭ يۈكىنى كۆپ يەڭگىللەتتى.
كېسەك تىزىدىغاندا ئەر ـ ئاياللار ئارىلاش ئىشلىگەچكە، كۆلـكە ـ چاقچاقلار پات ـ پات ئەۋجىگە كۆتۈرۈلۈپ تۇراتتى. بولۇپمۇ

كېسەك تىزىشىۋاتقان شوخ ، تىلى ئىتتىك ياش ئاياللار لاي ئېـ.
تىش ، كېسەك قۇيۇش بىلەنلا بولۇپ ، كۆلكە ـ چاقچاقتا ھەپسىلـ.
سى يېتىشمەيۋاتقان ئەرلەرگە «تاش ئېتىپ» ئېيتقان قوشاقلىرى
قىزىق ئىدى .

بىر كېسەككنى قۇيغۇچە ،
تالىش قاپتۇ مۇكچەيىپ .
تىلى لايدا قالغانمۇ ،
قاپتۇ جىمىپ ، شۇمشەيىپ .
ئېجەم كەلسە قاشىغا ،
دادلار چېغى ئۇمچەيىپ .

قومۇش ، يېكەن ئورۇۋاتقان ئاياللار ئارىسىدىمۇ قوشاق ئۇ.
زۇلمىدى . ئاياللارنىڭ روھىنى كۆتۈرۈش ، ئۇلارنىڭ بىلمەيدىغان
باشقا بىر يەرگە كېلىپ قالغاندا بولىدىغان ياتسىنىش كەيپىياتىنى
يوقىتىش ئۈچۈن ، تۇنجى كۇنىلا بىرىنچى قوشاقنى ئايقۇت باشلاپ
بەرگەنىدى :

شامال كەلسە ئىرغانادۇ كامپاشى[1] ،
يارىم كەلسە ئېتىلادۇ ئوڭ قاشى .
بولما يارىم ماڭا ئالا كۆڭۈلدە ،
سەندىن بۆلەك يوقتۇر كۆڭلۈم قاياشى .

تىللاخاننى بەك قوشۇقچى دەيدۇلا ،
چىرايىغا قاراسام مەن غەم تولا .
بىلەلمىدۇق تۇردۇش بەگىم باقمادۇ ،
دەردى بولسا مانا بىزگە ئېيتسۇنلا .

---

[1] كامپاشى - قومۇش پۆپۈكى .

ئايقۇت قوشاقنىڭ بىرىنچى كۇپلېتىدا گەپنى ئۆزگە قارىتىپ كۈلكە كۆتۈرمەكچى بولغان بولسا، ئىككىنچى كۇپلېتىدا ئەتەي تىللاخاننىڭ تىلىنى غىدىقلاپ، ئۇنى گەپكە، قوشاققا ئىغىز ئاچتۇرماق بولغانىدى، ئۇنۇمى ئايقۇتنىڭ ئويلىغىنىدىنمۇ ياخشى بولدى. شۇنىڭدىن كېيىن، ئاياللار تاڭ سەھەردە بىر - بىرى بىلەن بەسلەشكەن تورغايلاردەك بىرىنىڭ قوشىقىغا بىرى ئۇلاپ ئېيتىپ كەڭ تۈزنى چاڭ كەلتۈرۈۋەتتى. بۇلاردىكى قىزغىنلىقنىڭ يالقۇن تەپتى ئەرلەرگە يېتىپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ ئىشتىياقىنى ئوت ئالدۇرۇۋەتتى. روھى بۆلەكچە ئۇرغۇپ، هارغان، بوشىغان پۇت - قول ئۇگىلىرىنى جانلاندۇرۇۋەتتى.

چۈشتىن كېيىنكى چاغ. ھەممەيلەن قىزغىن ئىشلەۋاتاتتى.

— كېپىك - كېپىك! ئانا - بالا كېپىك! — كېسەك تىزىۋاتقان ئاياللاردىن بىرى گويا ئاجايىپ بىر نەرسىنى كۆرۈپ قالغاندەك ئۈنلۈك توۋلىۋەتتى.

كىشىلەر قىلىۋاتقان ئىشىدىن توختاپ ئايال كۆرسەتكەن تەرەپكە قاراشتى. يېقىن يەردىكى بىر دۆڭدە ئانا - بالا كېپىك مۇشۇلار تەرەپكە قاراپ تۇراتتى.

— ئاپلا، ئوقيا بولغان بولسا...

— ئات بولغان بولسىمۇ سالما تاشلاپ يۇرۇپ...

— جۆيلۈشمە! ئاستا گەپ قىلىش! ئۇ تۆمۈر بىلەن ئۆردەكنىڭ كېپىكى، بىزنىڭ كېپىكىمىز! — مەھەممەت مەرگەن قەھرى بىلەن دېدى.

ئوماق بىلەن مەھەممەت مەرگەن تۆمۈرنى نەدىكىن دەپ ئەتراپقا قارىدى. بۇ چاغدا تۆمۈر ئاللىقاچان دۆڭنىڭ يامزىلىغا بېرىپ بولغانىدى. ئانا - بالا كېپىكنىڭ كەچمىشىدىن خەۋىرى يوق ئەر - ئاياللارنىڭ كۆزى تۆمۈر بىلەن بىللە دۆڭگە ئۆرلىمەكتە ئىدى. ئۇلار هېكايە - چۆچەكلەردە ئېيتىلىدىغان ئاجايىباتلىق ۋەقەنى ئوڭىدا كۆرۈۋاتاتتى. تۆمۈر دۆڭگە چىقتى، كېپىكچاق ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى. تۆمۈر كېپىكچاقنىڭ باش - بويۇنلىرىنى

سىلىدى ، كېپىكچاقمۇ تۆمۈرگە سۈۋاشتى ، قوللىرىنى پۇرىدى . تۆمۈر ئانا كېپىككە قاراپ ماڭدى . ئانا كېپىك كەينىگە ئىككى قەدەم داجىپ توختىدى ، تۆمۈرنىڭ قولىنى قايتا ـ قايتا پۇرىدى . تۆمۈر ئۇنىڭمۇ بېشىنى ، دۈمبىسىنى سىلىدى . ئانا كېپىك ھېچبىر ئىپادىسىز جىملا تۇرىۋەردى ، ئەمما بېشىنى سەل كۆتۈرۈپ ، كې-سەكلىكتە تۇرغان بىر توپ ئادەمگە كۆز ئۇزمەي قاراپ ، سەگەك تۇراتتى . تۆمۈر ئانا ـ بالا كېپىكنىڭ ئوتتۇرىسىدا قولىنى ئۇلار-نىڭ دۈمبىسىگە قويۇپ تۇراتتى .

— مەھەمەمەت ئاغا ، — تۇردۇش پەس ئاۋازدا گەپ قىلدى ، — بىزنىڭ كېپىك دەيسىنا ، بۇ قانداق گەپ ؟ !

— گەپ قىلما ! — مەھەممەت مەرگەن تۇردۇشقا شۇنداق دەپ ئۇماققا قارىدى ، — ھەي ، ئۆردەك يوق ـ دە . كېپىكچاق شۇنى دەپ كەلگەن ئەمەسمۇ . يەنە كېتىپ قالارمۇ ؟

— كېتىدۇ . بۇنچىۋالا ئادەمنى كۆرگەن ئانا كېپىك بالىسىنى ئەگەشتۈرۈپ كەتمەمدۇ ، كېتىدۇ .

«ئۇ توغرا ئېيتتى» دېگەندەك ، ئوماق گېپىنى تۈگىتىشىگە ئانا كېپىك ئادەملەر تۇرغان تەرەپكە تازا بىر قارىۋېتىپ ، قاتتىق بىرنى پۇشقۇردى ـ دە ، بالىسىنىڭ بېقىنىغا تۇمشۇقىدا نوقۇپ قويۇپ دۆڭنىڭ نېرىقى تەرىپىگە چۇشۇپ كەتتى . كېپىكچاق ئوماق-لار تۇرغان تەرەپكە يەنە بىر قارىۋېتىپ ، تۆمۈرنى يەنە بىر پۇراپ قويۇپ ئويناقلىغىنىچە ئانىسىنىڭ كەينىدىن كەتتى . تۆمۈر دۆڭدە كېپىكچاق كەتكەن تەرەپكە قارىغىنىچە ئۇزاق تۇردى . بەلكى ئۇ ئانا ـ بالا كېپىكنىڭ قارىسى كۆزىدىن يىتكەندىن كېيىنمۇ يەنە كۆرۈنۈپ قالار دېگەن ئۈمىدتە قارىغاندۇ .

بۇ كۈندىكى مەھەممەت مەرگەننىڭ ھەسرىتىنى دېمەڭ . كې-يىك بالىسىنىڭ بېشىنى سىلىۋالمىغىنىغا ، ئانا كېپىككە بىر جا-ۋۇر سۇ ، بىر باغلام ئوت بېرەلمىگىنىگە ئارمان يەپ ، ھەسرەت چەكمەكتە ئىدى .

بۇ كۈنى كىشىلەر ئالدىن كېلىشىۋالغاندەك ، تاماقلىرىنى كۆ-

تۇرۇپ ئوماقنىڭ گەمىسىنىڭ ئالدىغا ئەكېلىپ يېپىشكە باشلىدى. «بۇلارغا بۇگۈن نېمە بوپتۇ» دېگەندەك ئوماق بىلەن ئايقۇت بىر ـ بىرىگە قاراشتى. تۇردۇش تاماق قاچىسىنى تۇتقىنىچە ئۆرە تۇرۇپ:

— ئوماق، بايىقى ئانا ـ بالا كېيىكنىڭ ئىشى قانداق ئىش، بىزنىڭ ھېچ ئەقلىمىز يەتمەيۋاتىدۇ. سۆزلەپ بەرسەڭ، — دېدى.

— ھە، مۇنداق گەپمىدى، بۇنى ئەڭ ياخشىسى مەھەممەت ئاغا ئۆزى دەپ بەرسۇن، — دەپ مەھەممەت مەرگەنگە قارىدى.

مەھەممەت مەرگەن بىر ئۇھسىنىۋېتىپ، ئانا ـ بالا كېيىك بىلەن ئۆزى ئوتتۇرىسىدا ۋە كېيىك بالىسى بىلەن ئۆردەك ھەم ئۆردەكنىڭ ئۆيىدىكىلەر ئوتتۇرىسىدا بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنى ھېكايە قىلىپ ئېيتىشقا باشلىدى...

## 6

تايۇق ئوماقلارنىڭ يېنىدىن قايتىپ كەلگەن كۈنىنىڭ ئەتىسىلا كۈنچىققانبەگنىڭ قېشىغا كىرگەندە، بەگ تۇلەك بوۋا بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇراتتى.

— ئەجەب تۇرمايلا قايتىپ كەپسەنغۇ؟ — ئۆزئارا سالاملىشىپ بولغاندىن كېيىن، كۈنچىققانبەگ تايۇقتىن سورىدى.

— باش تېرىلغۇغا ئاران ئىككى ھەپتىدەك ۋاقىت قاپتۇ. بىز تېرىيدىغان يەر نەدە، ئىشلىتىدىغان قورال ـ سايمان قېنى؟ شۇڭا بىر كۈن تۇرۇپلا قايتتىم. ئۇلار ئوبدان تۇرۇپتۇ، يالغۇزمۇ ئەمەسكەن، — دېدى تايۇق ئاندىن ئوماق، ئايقۇتلارنىڭ سالىمىنى يەتكۈزدى.

— ياخشى ئادەم نەگىلا بارسا يالغۇزچىلىق تارتمايدۇ، — تۇلەك بوۋا تايۇققا قاراپ ئۇنىڭدىن سورىدى، — قېنى ئېيتە، كىمنى ئېلىپ كەلدىڭ؟

— توختاق بىلەن ئايسۇلۇ بىز بىلەن كەلدى. توختاق تېرىلغۇ

ئىشلىرىغا خېلى پىشىپ قالغان ئوخشايدۇ .

— ۋاقىت بەك قىسكەن ، — كۇنچىققانبەگ تايۇقتىن سورىدى ، — قېنى دېگىنە ، بىزگە ھازىر دەرھال كېرەكلىك نېمىلەر ئىكەن ؟

— بىرىنچى قىلىدىغان ئىشىمىز تېرىيدىغان يەر تېپىش ، ئاندىن بىر يانىدىن يەرنى قىرلاپ ، بىر يانىدىن سۇ باشلايدىغان ئېرىق - ئۆستەڭ چېپىش ؛ ئاندىن يەرنى سۇغىرىپ قاندۇرۇش ، يەر ئوسىسى تاۋلاشقاندىن كېيىن ، ھەيدەپ ، ئاغدۇرۇپ ، تېرىش ئىكەن . بۇ ئىشلارنىڭ ھەممە يولىنى توختاق بىلىدىكەن ، — دېدى تايۇق ، قىلىدىغان ئىشلارنى بىلىۋالغىنى بويىچە چۈشەندۈرۈپ .

— يەرنى نېمە بىلەن ھەيدەيدىكەن ؟

— ئەسلىدىغۇ يەرنى قوش - سوقا بىلەن ھەيدەيدىكەن . ئۇنىڭ چىشى چويۇندا ، باشقا يېرى ياغاچتا ياسىلىدىكەن .قوش چىشى بولسىلا قالغىنىنى توختاق ياسىيالايدىكەن . ئوماقتا تۆتلا چىش بار ئىكەن ، ئەمما قۇملۇق ئىچىدىن بەش - ئالتە ئۆيلۈك كېلىپ ئوماقلار بىلەن بىللە يەر تېرىماق بولۇۋېتىپتۇ . ئەگەر يەرنى كېڭەيتىپ قالسا ، ئۇلارغا قوش چىشى جىددىي لازىم بولىدۇ . مېنىڭچە ، دەماللىققا تىكەنلىكتىن بىرنەچچە چىش تاپقۇزۇپ كەلسەكمىكىن . تىكەنلىك ، كۆزلەكلەر چوڭ يۇرت . بىرنەچچە چىش چىقىپ قالار دەيمەن ، پەقەت بولمىغاندا تىرنا - تارماق دەپ بىر نەرسە بولىدىكەن ، ئۇنى ياغاچتا ياساشنى توختاق بىلىدىكەن . يەرنى شۇنىڭ بىلەن تاتىلاپ بوشىتىپ تېرىسىمۇ بولىدىكەن ، — دېدى تايۇق ۋە بۇغداي پىشقاندىن كېيىن يەنە نېمىلەرنىڭ لازىم بولىدىغانلىقىنىمۇ قوشۇپ قويدى .

— ۋاقىت قىسكەن ، — كۇنچىققانبەگ گېپىنى باشلاپلا ئۆرە تۇرغىنىچە دېدى ، — بىزدە ھازىر ، بىزمۇ يەر تېرىپ باقساق ، دېگەندىن بۆلەك ھېچقانداق تەييارلىق يوق ، قوش چىشى ، كەتمەن تېپىپ كېلىشكە تىكەنلىككە ھازىرلا ئادەم ماڭدۇراي . تېرىيدىغان يەرنى تاللاشقا كەلسەك ، بۇ يەردىكىلەرنىڭ ھېچقايسىمىز قانداق

يەرنى تېرىسا بولىدىغان ـ بولمايدىغانلىقىنى بىلمەيمىز . بۇنىڭدا توختاقنىڭ دېگىنى ھېساب بولسۇن ، ھەممىمىز شۇنىڭ ئاغزىغا قارايلى ، تـۇلـەك بـوۋا ، — كۈنچىقـقانـبەگ تۇلەك بوۋىغا قاردى ، — سەن توختاقنا توختىكۆل ، تالىشقۇل قـاتارلىق ئـادەملەردىن بەش ـ ئالتىنى قوشۇپ بەر . تېرىيدىغان ، ئېرىق ـ ئۆستەڭ ئالىدىغان يەرنى تاللاپ ، قىلىدىغان ئىشلارنى قىلىپ تۇرۇڭلار . مەن قويدىن ئوتتۇزنى ، ئادەمدىن ئۈچنى ئېلىپ تايۇق بىلەن كورلىغا ماڭاي . تېرىقچىلىققا ، ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئىشلارغا كېرەكلىك نەرسىلەرنى ئېلىپ كېلەيلى .

تۇلەك بوۋىمۇ ئورنىدىن تۇرۇپ :

— گوي ـ گوي ـ گوي ، ھەممە تەرەپتىن تۇتۇش قىلمىساق بولمىغۇدەك . بۇ يەردىكى ئىشلارنى ماڭا قويۇپ بەر . ئىشلارنى توختاقنىڭ دېگىنى بويىچە ئىشلەيمىز . ھازىر چىقىپ توختاق ، ئايسۇلۇ بىلەن كۆرۈشۈپ قويايلى ، ئاندىن ھەرقايسىمىز ئۆز ئىشىمىزغا ماڭايلى ، — دېدى .

ئۇلار كۈنچىققانبەگنىڭ ئۆيىدىن چىقىپ تايۇقنىڭ ئۆيىگە كەلدى . توختاق ، ئايسۇلۇلار بىلەن كۆرۈشتى ، ئوماق ، ئايقۇتلارنىڭ ئەھۋالىنى سورىدى .

— ۋوي ، ماۋۇ تىلەشقۇ ، — دېدى كۈنچىققانبەگ كىرگەنلەردىن ئەيمىنىپ ئايسۇلۇغا چىڭ يېپىشىۋالغان تىلـەشـنـى كۆرسىتىپ ، — تۇغۇلۇپلا قالسا چوڭ بولىدۇ ، ھە .

ئۇلامخان ئوماق ، ئايقۇتلار ئەۋەتكەن ئالاھىدە يوللۇق سوۋغىسى پوستلاق قۇيمىسىدىن ئۇن نەچچە تالنى ئوتتۇرىغا قويدى . تايۇق ئۇنىڭدىن بىرنى ئوتتۇرىدىن كېسىپ ئىككى قىلىپ كۈنچىققانبەگ بىلەن تۇلەك بوۋىغا بىر پارچىدىن بەردى .

— گوي ـ گوي ـ گوي ، بۇ پوستلاق قۇيمىسىنى كىم ئەتتى ، تەمى بۆلەكچىلىغۇ ! — دېدى تۇلەك بوۋا پوستلاق قۇيمىسىدىن بىر چىشلەم يەپلا . ئۇلامخان :

— بۇ ، ئايقۇت بىلەن ئاينۇران موماي قاراقوشۇن ـ ئاينۇران

ئۇسۇلىنى بىرلەشتۇرۇپ قويغان پوستلاق . مەن ئۇنى قانداق قويە-
دىغانلىقىنى ئۆگىنىۋالدىم ، — دېدى ۋە مەھەممەت مەرگەن بىلەن
ئاينۇران توغرۇلۇق قىسقىچە سۆزلەپ بەردى .

كۈنچىققانبەگ پوستلاق قويمىسىنى بىزمۇ مۇشۇنداق قويايلى ،
بۇ پوستلاقتىن تايۇق بىلەن ئىككىمىز ئىككى تالدىن ئېلىۋالايلى .
مەن تىكەنلىككە بارىدىغان ، قوينى ھەيدەپ كېلىدىغان ئادەم ماڭدۇ-
رۇۋېتەي ، ئەمىسە بۇ يەردىكى ئىش سەن بىلەن توختاقتا قالدى ،
دەپ قويۇپ ، پوستلاق قويمىسىدىن ئىككىنى ئېلىپ چىقىپ
كەتتى ...

كۈنچىققانبەگلەر شۇ كۈنى چۈشنىڭ قايرىلىشىغا مېڭىپ
6 ـ كۈنى دەل يەنە شۇ ۋاقىتتا ، كورلىنىڭ قارىسۇ بويىغا يېتىپ
كېلىشتى . ئەگەر ئۇلار قوي ھەيدەپ ماڭمىغان ھەم كۈنچىققانبەگ
بولمىسا تۆت كۈندە كېلەتتى . كۈنچىققانبەگنىڭ بۇ يوغان كۆتەك-
تەك بەستىنى كۆتۈرۈپ ئىتتىك مېڭىشقا ھەرقانچە ئالماشتۇرۇپ
مىنىسىمۇ ئات چىدىمايتتى ، ئاستا ماڭماي ئامال يوق .

— سىلەر جاندارلارنى ئوتلاتقاچ ئۆستەڭ بويىدا ئارام ئېلىپ
تۇرۇڭلار ، مەن مەدىل ئاسقالىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ ئۇقۇشۇپ
كېلەي ، — دېدى تايۇق ئاتتىن چۈشۈپ ، غانجۇغىلىۋالغان نەرسى-
لەرنى يەرگە قويۇپ بولۇپ . كۈنچىققانبەگ :

— مېنىڭ كورلىغا بىرىنچى قېتىم كېلىشىم . بۇ يەرنىڭ
ئادەملىرىنىمۇ ، ھېچنېمىنى بىلمەيمەن . سەن بېرىپ ئۇقۇشۇپ
كەل ، ئۇزۇن تۇرۇپ قالما ، بىز تۇرۇپ تۇرايلى ، — دېدى ۋە
يەنە تەكىتلەپ ، — تېز قايتىپ كەل ، — دەپ قويدى .

كۈنچىققانبەگ ئاتىسى جاھانبەگ بىلەن بىر قېتىم قەشقەرگە
بارغاندىن باشقا ھېچ يەرگە بېرىپ باقمىدى . قەشقەرلىكلەرنىڭ
كىيىم ـ كېچىكى ، گەپ ـ سۆزلىرى ، يۈرۈش ـ تۇرۇشتىكى
تۈزۈت ـ سۇلكەتلىرى ، ئاجايىپ ـ غارايىپ تاماقلىرى ، ئۆيلىرى
ئۇنى قىزىقتۇرغان بولسىمۇ ، مىغ ـ مىغ ئادەملەر ئارىسىدا ئۆزى
قىسىلىپ ، دېمى سىقىلغاندەك بولۇپ ، يەنە قۇۋۋەتلىك ئۇجۇل

تالقىنى ئۇمىچىنى ، بۇلمىقىنى ، ئۇچۇسىنى[1] ، بېلىقىنى ، كەڭ
دالىسىنى سېغىنىپ ، يۇرتىغا قايتىپ كەلگۈچە كۆزى تۆت ، تاقىتى
تاق بولۇپ كەتكەنىدى ، شۇنىڭدىن كېيىن لوپ دالىسىدىن چىقىپ
باقمىدى . بۇ قېتىم ئۇ نىيەت قىلغان تىرىكچىلىق ئىشى بىلەن
كورلىغا كېلىش ئىرادىسىگە كەلگەن . بۇ نىيەتنىڭ ئۇرۇقىنى
ئۇنىڭ كۆڭۈل ئېتىزىغا قالاچ قاناقا سالغان ، كېيىن ئۇنى تولەك
بوۋا ئاغزىدىن چۈشۈرمەي تولا دەپ كۆچلەندۈرۈپ ، بىخ سۈرگۈزۈپ
مۇشۇ دەرىجىگە كەلتۈرگەنىدى .

قارىسۇ ئۆستىڭى بىلەن مەدىل ئاسقالنىڭ ئۆيىنىڭ ئارىلىقى-
نىڭ قانچىلىكلىكى تايۇققا ناتونۇش ئەمەس . ئۇ يىگىرمە بەش
يىلنىڭ ئالدىدا قالاچ قاناقا بىللە كېلىپ ، ئۇنى - بۇنى
ئۆگىنىۋېلىش ئۈچۈن ئاسقالنىڭ ئۆيىدە ئون نەچچە كۈن تۇرغان-
دى . يېقىندا ئۇماق ئۇنىڭغا ئۆزىنى «قارى» ئاتىۋالغان قاسىم
ئوغرى توغرۇلۇق سۆزلەپ بەرگەنىدى . ئۇ «قارى» ئوغرى ھېكايى-
سىنى ئويلاپ بولۇپ ، مەدىل ئاسقال ، ئۇنىڭ ئوغلى قاسىم قارى
توغرۇلۇق ئويلىدى . ئۇ قېتىمدا ئۇلار ئۇنىڭدا ياخشى تەسىر قال-
دۇرغانىدى . «مەدىل ئاسقال قانداقراق تۇردىكىن ، قاسىم قارى
ئۆيدە بولغان بولسا ياخشى بولاتتى» دېگەنلەرنى ئويلىدى .

تايۇق ئىگىز ئىرىق مەھەللىسىگە كىردى . كىردىيۇ ، ئەجەب-
لىنىپ ھەيران قالدى . ئۆتكەندە كەلگىنىدە كوچىدا ئادەملەر ئۇياند-
دىن - بۇيانغا ئۆتۈشۈپ تۇراتتى . كوچىدا ھەر خىل ئويۇنلارنى
ئويناۋاتقان باللار جىق ئىدى . ئۇلارنىڭ ۋاراڭ - چۇرۇڭلىرى ،
كۈلكە - چاقچاق ، قىقاس - چۇقانلىرى مەھەللىنى بىر ئالاتتى .
ئەمما بۈگۈن مەھەللە شۇنچىلىك جىمجىتكى ، گويا جىمى جاھان
سۈكۈتكە چۆمگەندەك ، مەھەللىنى گۆرىستان جىملىقى باسقانىدى .
كوچىدا ئادەم تۈگۈل ئىت ، مۈشۈكمۇ كۆرۈنمەيتتى . دائىم ئوچۇق
تۇرىدىغان ئىشىك - دەرۋازىلار ھىم ئېتىك . بىرەر ھويلىدىن ئادەم
بارلىقىنى بىلدۈرىدىغان ھېچقانداق شەپە سېزىلمەيتتى . تىنچسىز-

---

[1] ئۇچو - لوپنۇرلۇقلارنىڭ ئەنئەنىۋى تاماقلىرىنىڭ بىر خىلى .

لىق خاتىرجەملىكنى بۇزۇپ ، كىشىلەرنى ساراسىمىگە ، پاراكەندى-
چىلىككە سالىدۇ ؛ ھەددىدىن زىيادە جىمجىتلىق ئەتراپنى ، ھەممى-
نى سۇرلۇكلەشتۇرۇپ ، كىشىلەر كۆڭلىنى ئەندىشىگە ، ۋەھىمىگە ،
قورقۇنچقا سالىدۇ . ھەتتا ئادەمنىڭ ئۆز ئايىغى ئاستىدىن چىققان
«شىرىق » قىلغان ئاۋازمۇ يۈرەكنى «جىغ » قىلدۇرۇۋېتىدۇ . ئې-
گىز ئېرىق مەھەللىسىنىڭ بۈگۈنكى جىمجىتلىقى ئەنە شۇنداق
سۇرلۇك ، ۋەھىملىك ئىدى . تايۇق شۇ ھەيرانلىقتا ئاستا مېڭىپ
مەدىل ئاسقالىنىڭ يوغان دەۋازىسى ئالدىغا كەلدى . ئەتىگەندىن كەچ-
كىچە ئوچۇقلا تۇرىدىغان ئىككى قاناتلىق بۇ دەرۋازىمۇ ئېتىك
ئىدى . ئاتتىن چۈشۈپ يېقىن كېلىپ قاراپ ، دەرۋازىنىڭ ئىچىدىن
ئېتىپ قويۇلغانلىقىنى بىلدى . «نېمە ئىش بولغاندۇ ، قانداق
قىلاي ؟ » دەرۋازىنى قاقماقچى بولغان تايۇق ئويلىنىپ تۇرۇپ قال-
دى . نەگە بېرىپ ، كىمنى ئىزدەيدۇ ؟ «بىلمەيدىغان يەرنىڭ ئوي
- دوڭغۇلى تولا » دېگەن گەپ بار . قارىسىغا ماڭسا قايسى ئويپۇرغا
چۈشۈپ كېتىدۇ ، قايسى دوڭغۇلغا ئۇسۇپ قالىدۇ . تايۇق ئۇنداق
ئويلاپ ، بۇنداق ئويلاپ ، ئاخىر دەرۋازىنى قېقىپ بېقىش نىيى-
تىگە كەلدى - دە ، دەرۋازىنى ئېھتىيات بىلەن ئاستا بىرنەچچىنى
قاقتى . جىم . ئىككىنچى قېتىم سەل قاتتىق قاقتى . «غد ··· چ »
قىلىپ ئۆينىڭ ئىشىكى ئېچىلغاندەك بولۇپ ، ئادەمنىڭ «شىپ ···
شىپ » ئاۋاز چىقىرىپ دەرۋازىغا كېلىۋاتقانلىقى بىلىندى . سۇرلۇك
جىمجىتلىق ئىچىدە ئاڭلىنىۋاتقان بۇ «شىپ - شىپ » تايۇققا
شۇنچىلىك ۋەھىملىك تۇيۇلۇپ كەتتىكى ، دەرۋازىنى قېقىپ قوي-
غىنىغا پۇشايمان قىلىپ قالدى . دەرۋازىنىڭ تاقىقى ئېلىنغاندىكى
«تاراق » قىلغان ئاۋاز خۇددى تايۇقنىڭ يۈرىكىگە تەگكەندەك بىلى-
نىپ كەتتى . دەرۋازىنىڭ بىر قانىتى يېرىم ئېچىلدى .

تايۇقنىڭ ۋەھىمىدە تېز - تېز سوقۇپ كېتىۋاتقان يۈرىكى
ئىزىغا چۈشتى . ئۇ ئۆزى سەزمىگەن ھالدا : «ئۇھ » دەۋەتتى .

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم ···

تايۇقنىڭ كۆز ئالدىدا تەئەججۇپ ئارىلاش جىلمىيىپ قاسىم

قارى تۇراتتى . تايۇق ئۇنى بىر قاراپلا تونۇۋالدى . ئەمما قاسىم قارى ئالدىدا تۇرغان ئادەمنىڭ سالىمىغا جاۋابەن سالام قايتۇرغان بولسىمۇ ، كىملىكىنى بىلەلمەي ، «سىز كىم بولىسىز ، كىمنى ئىزدەيسىز» دەپ سورىماقچى بولدىيۇ ، لېكىن شۇئانلا : «تايۇقمۇسىز ، قاچان كەلدىڭىز ؟» دەپ سورىدى ۋە ئۇنى ئۆيگە تەكلىپ قىلدى .

تايۇق ئېتىنى يېتىلەپ هويلىغا كىردى ـ دە ، يۈرىكى «جىغ» قىلىپ مېڭىشتىن توختاپ قالدى .

مەدىل ئاسقالنىڭ ئۆيىنىڭ ئىشىكىنىڭ ئىككى تەرىپىدە سارغۇچ بولغارىدىن كالتە چاپان كىيگەن ، يېنىغا ئېسقلىق قىلىچىنىڭ دەستىسىنى چىڭ سىقىملاپ تۇرغان ئىككى سەرۋاز تۇراتتى . ئۇلار دەسلەپ تايۇقنىڭ تەقى ـ تۇرقىغا هەيران قالغاندەك قاراپ قېلىشتى ، ئاندىن ئاق قاشقىلىق ، قويۇق ، ئۇزۇن يالىلىق ، ئارا خىل سېمىز چىلان تورۇق ئاتقا قاراپلا قالدى . ئۇلارنىڭ بىرى ئاتقا يېقىنلاپ كېلىۋىدى ، چېچەن ئات يات تىنىقتىن سەسكەنگەندەك قۇلىقىنى دىك قىلىپ قاتتىق بىر پۇشقۇرۇۋىدى ، شالى سەرۋازنىڭ بولغارى چاپىنىغا چاچراپ كەتتى . تايۇق تىزگىنىنى قاتتىق سىلكىپ ، ئاتنى جىمىلىدى . قاسىم قارى :

— لوپ ئېتى مۇشۇنداق شاش ، ياۋىراق كېلىدۇ . بۇ ئات يېڭىلا كۆندۈرۈلگەندەك قىلىدۇ . سەرۋاز ، خاپا بولمىسىلا ، چاپانلىرىنى تازىلاتقۇزۇۋېتەي ، — دېدى سەرۋازغا ئۆزرىخاهلىق ئېيتىپ ۋە بىر بالىنى چاقىرىپ هۆل لۆڭگە بىلەن سەرۋازنىڭ چاپىنىنى پاكىز تازىلاتقۇزۇپ بەردى .

دەرۋازا تەرەپتىكى ئېغىل ئالدىدا ساغرىسىدىن قورساق قىسمىغىچە يېپىپ تۇرغان ئۇزۇن سېرىق يىپەك چۇچىلىق مەخمەل يوپۇق ئۈستىدىن كۈمۈش قۇش باشلىق ياسىداق ئېگەر توقۇلغان ، يۈگەن ـ نوختا ۋە كۆكرەكلىك تاسمىلىرى كۆپتۈرمە نەقىشلىك كۈمۈش بىلەن بېزەلگەن ، تۇخۇمدەك سېمىز بىر بۇرۇل ئات قاڭتۇرۇقلۇق تۇراتتى . قۇلىقىنىڭ كەينىگە سەل سالپىيىپ ، تۆۋەن

كالپۇكىنىڭ ساڭگىلاپ قالغىنىدىن ئاتنىڭ قېرىپ قالغىنىنى بىلـ-
گىلى بولاتتى . ئېگىرىنىڭ ئېلىنماي قاڭتۇرۇپ قويۇلغىنىدىن ئاتنىڭ يىراقتىن كەلمىگىنىنى ھەم يەنە پاتلا مىنىلىدىغانلىقىنىمۇ قىياس قىلغىلى بولاتتى . تايۇق ئېتىنى ئېغىل ئۆگزىسىنىڭ ئۇزۇن چىقىپ تۇرغان بادرىسىغا باغلاپ قويدى . ئات يېرىم ـ يارتا كونا پالاس يوپۇق ئۇستىدىن ئاددىي ـ سىدام ياغاچ ئېگەر بىلەن جابدۇلغان بولسىمۇ ، ئىككى ئاتنى كۆرگەن ھەرقانداق كىشى چەلان تورۇق ئاتنىڭ خانغا يارىغۇدەك ئېسىل ئاتلىقىنى پەرق قىلىۋالاتتى .

قاسىم قارى تايۇقنى ياندىكى ئۆزىنىڭ ئۆيىگە باشلاپ ئەكىرىپ كەتتى . ئۇ تايۇقتىن كىملەر بىلەن نېمىشقا كەلگەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن :

— بىئەپ ۋاقتا كېلىپ قاپسىلەر . بوپتۇ ، بىر ئامالىنى قىلىمىز . ئۆيدە ئىككى مېھمان بار . بىرى ، كورلىنىڭ ھاكىمبەگ دادخاھى ، يەنە بىرى ، خەلپەت . ھاكىمبەگ دادخاھ بىر ئىشنى ئاتامغا ئۆز ئاغزى بىلەن ئېيتىپ قويغىلى كەپتىكەن . خەلپەتنىڭ ئۆيى يېقىن بولغاچ ، ئاتام ئۇنى تاماققا داخىل بولسۇن ، دەپ چاقىرتىپ كەلدى . ئۇلار ھازىر ئاش يەۋاتىدۇ . ناۋادا ، ھاكىمبەگ دادخاھ سىزدىن گەپ سوراپ قالسا ، ئادەملىرىڭىز ، قويلىرىڭىز توغرۇلۇق ھېچنېمە دېمەڭ ، ئۆزۈم يالغۇز كەلدىم دەڭ . ئېتىڭىزغا كۆزى چۈشۈپ ئېغىز ئېچىپ قالغۇدەك بولسا ، مېنىڭ ئاغزىمغا قاراپ گەپ قىلىڭ . ئۇ بىر قۇترىغان ۋەھشىي بۆرە ، يالماۋۇز ، — دېدى .

تايۇق «خەلپەت» دېگەن سۆزنى ئانچە ـ مۇنچە چۈشەنسىمۇ ، «دادخاھ» دېگەن سۆزنى تۇنجى قېتىم ئاڭلىشى ئىدى . شۇنداق بولسىمۇ قاسىم قارىنىڭ ئاگاھلاندۇرۇشلىرىدىن ، ئۇنىڭ ياخشىلىقتىن ئەمەسلىكىنى پەرەز قىلىپ بولدى .

— ماۋۇ ئاتنىڭ ئىگىسى قېنى ؟ ! — ھويلىدىن سۇرلۇك ، قوپال ئاۋاز ئاڭلاندى .

قاسىم قارى تايوقنى ئۆيگە ئەكىرىپ كېتىشىگە، سەرۋازنىڭ بىرى ئۆيگە كىرىپ ھاكىمبەگ دادخاھنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلاپ ھويلىغا ئۆزى كىرىپ قالغان چىلان تورۇقنى تەرىپلەپ خەۋەر بەرگەندى. قېرى ئېتى ئورنىغا يەڭگۈشلىگۈدەك ئات تاپالماي يۈرگەن ھاكىمبەگ دادخاھ يەۋاتقان ئېشىنى قويۇپ، خەلپەمگىمۇ قارىماي ئالدىراپ چالا - بۇلا دۇئا قىلىپ ھويلىغا چىقتى، چىلان تورۇقنى كۆرۈپلا توۋلىدى.

قاسىم قارى تايوقنى باشلاپ ئۆيدىن چىقتى. ھاكىمبەگ دادخاھ تايوقنىڭ ئۈستۈبېشىغا قاراپ قويۇپ:

— بۇ ئات سېنىڭمۇ؟ — دەپ سورىدى. تايوق جاۋابقا ئېغىز ئاچقۇچە، قاسىم قارى:

— بۇ كىشى لوپ قۇملۇقىنىڭ ئىچكىرىسىدىن ئاتنى سېتىپ قوش چىشى، كەتمەن، ئورغاق، ئارا - گۈرجەك سېتىۋالغىلى كەپتۇ، — دېدى.

— مە، ماۋۇ پۇلغا لازىملىقىڭنى ئېلىۋال، — ھاكىمبەگ دادخاھ يانچۇقىدىن بىرنەچچە تەڭگىنى چىقىرىپ ئۇنىڭدىن بەشنى ئايرىپ تايوقنىڭ ئالدىغا تاشلىدى، — توقسابىي دادخاھ بەرگەن پۇل دېسەڭلا، كىم بولمىسۇن دېگەن نەرسەڭنى بېرىدۇ.

تايوق گەپ قىلماي: «بولىدۇ» دېگەن مەنىدە بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى.

— بۇ ئادەم گەپ قىلمايدىغۇ، گاچىمۇ، ياۋايىمۇ؟

— بۇ ئادەمنىڭ تىلى كەمتۈك، ئۆزلىرىگە كېكەچلەپ گەپ قىلىشتىن ئوڭايسىزلىنىپ، زۇۋان چىقارماي تۇرغىنىنى شۇنىڭدىن، — دېدى قاسىم قارى.

تايوق كۈلۈۋەتكىلى تاس قالدى، ئۆزىنى تەستە تۇختىتىۋېلىپ ئىچىدە كۈلدى.

ھاكىمبەگ دادخاھ بېشىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، كېرىلىپ قويدى. بىر سەرۋاز چىلان تورۇقنى يەشمەكچى بولۇۋىدى، چاپچىپ، پۇشقۇرۇپ يېقىن كەلتۈرمىدى.

قاسىم قارى :

— يېڭىلا كۆندۈرۈلگەنىكەن ، ئۆگىنىۋالغىلى بولىدۇ ، — دەپ قويدى .

تايىۇق ئاتنى باغلاقتىن يېشىپ تىزگىنىنى قاتتىق سىلكىپ قويۇپ ، پېشانىسىنى ، ساغرا ، سۆڭگىچىنى قايتا ـ قايتا سىلىدى ، ئاندىن تىزگىن چۇلۋۇرىنى سەرۋازنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ قويدى . سەرۋاز ئاتنى ئالدىغا تارتتى ، لېكىن ئات كەينىگە چىڭ داجىپ تۇرۇۋالدى ، كۆزى تايىۇقتا ئىدى ، تايىۇق چىلان تورۇقنىڭ ساغرىسىنى يەنە بىر قېتىم سىلاپ ، شاپىلاقلاپ قويۇپ ، ئاندىن «ماڭ» دېگەننى قىلىپ سۆڭگىچىدىن ئىتتىردى .

ھاكىمبەگ دادخاھ مەدىل ئاسقال ، خەلپەملەر بىلەن خوشلىشىپ ئېتىغا مىندى . يەنە بىر سەرۋاز كەمىرىگە ئېسىۋالغان تۇچ لېگەنگە ئوخشاش بىر نەرسىنى يېشىپ تۇتقۇچىدىن تۇتۇپ دەۋازىدىن چىقىپلا : «توقسابىي دادخاھ كېلىۋاتىدۇ !» دەپ ئارقا ـ ئارقىدىن ئىككى قېتىم توۋلاپ بولۇپ ، لېگەننى ئۇرۇپ جاراڭشىتقىنچە ئالدىدا مېڭىپ كەتتى . ھاكىمبەگ دادخاھنىڭ كەينىدىن يەنە بىر سەرۋاز چىلان تورۇقنى يېتىلەپ دەرۋازىدىن چىقتى . مەدىل ئاسقال ، قاسىم قارى ، خەلپەم ، تايىۇقلار «مېھمان»لارنى ئۇزىتىپ يولنىڭ ئوتتۇرىسىغىچە باردى . سەرۋازنىڭ سالغان جارى بىلەن «جاڭ ـ جۇڭى» بارغانسېرى يىراقلاشتى . «مېھمان»لار دوقمۇشتىن قايرىلىشىغا ، خەلپەم :

— مەنمۇ ئۇزاي ، — دەپ خوشلىشىپ ماڭدى .

مەدىل ئاسقال : «پاراڭلىشىپ ماڭسىلا بولىتتى» دەپلا قويدى ، چىڭ تۇتمىدى .

خەلپەم ئۇزاپ تېخى ئوتتۇز قەدەمچىمۇ يىراقلاشمايلا مەدىل ئاسقال ، قاسىم قارى — ئاتا ـ بالا تەڭلا «ئۇھ» دەپ ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىۋەتتى . ئۇلار مەدىل ئاسقالنىڭ ئۆيىنىڭ ئىشىك ئالدىغا كېلىشىگە كوچىدىن بالىلارنىڭ ۋاراڭ ـ چۇرۇڭلىرى ، قىقاس ـ چۇقان ، كۈلكە ئاۋازلىرى ئاڭلاندى . ئاسقال :

— بىچارە بالىلار ، زوۋان چىقىرالماي بۇرۇقتۇرما بولۇپ كەتتى ، — دېدى .

## 7

ھاكىمبەگ دادخاھنىڭ ئىسمى ـ فامىلىسى نىياز مۇھەممەت توقسابى . كورلىغا ھاكىمبەگ بولغان ھاجىبېك 1870 ـ يىلى كۆزدە كورلىنى تۇڭگانلارغا تارتقۇزۇپ قويغاندىن كېيىن ، ياقۇپبەگ ئۇنىڭ ئورنىغا 1871 ـ يىلى[1] نىياز مۇھەممەت توقسابىينى كورلىغا ھاكىمبەگ دادخاھ قىلىپ بەلگىلىگەنىدى . ياقۇپبەگ كورلىدىكى چاغدا ، ئۇ خوجايىنىنىڭ ئەڭ تۆۋەن مالىيى ، ئايىغىدا پايپېتەك ئىدى ؛ خوجايىنى كورلىدا ئەمەس چاغدا بولسا ، كورلىنىڭ ئەڭ چوڭ ھۆكۈمرانى ، خالىغىنىنى قىلىدىغان رەھىمسىز زوراۋان . باسقان قەدىمىدىن ئاپەت ئۈنىدىغان بالاخور .

توقسابى دادخاھ قىرىق بەش ياش ئەتراپىدا ، ئورۇق بىلەن سېمىز ئارىلىقىدىكى ئېگىز بوي ، تۇم قارا ساقال ، چاشقان بۇرۇتلۇق بولۇپ ، ساقال ـ بۇرۇتىنى چىرايلىق ياستىتىپ ـ قىردۇرۇپ يۈرۈيتتى ، بۇلغارى ـ خۇرۇم پەشمەت كىيىپ ، بېلىگە كۈمۈش ھالقىلىق نەقىش ئورنىتىلغان تۆتلۈك كەڭلىكتە كەمەر باغلاپ ، كۈمۈش بىلەن بېزەلگەن غىلاپلىق خەنجىرىنى يېنىدىن ئايرىمايتتى . كۆزىگە بىرلا قارىغان كىشى ، ئۇنىڭ قان ئىچەر قاراقچىلىقىنى بىلىۋالاتتى . ئەتراپقا ئەنسىز ، گۇمانسىراپ ئەلەڭلاپلا قارىشى ، كۆزىنىڭ ھېلىلا قان تامىدىغاندەك بوزىرىپ ـ قىزىرىپلا تۇرۇشى كىشىدە تەبىئىيلا شۈنداق تۇيغۇ پەيدا قىلاتتى . ئۇ مەدىلى ئاسقالغا مۇھىم بىر خەۋەر يەتكۈزگەن بولۇپ چوڭ نەپ ئۇندۇرۇۋېلىش غەرىزىدە كەلگەنىدى ، نەپ نېسى قالغان بولسىمۇ ، تاپالماي يۈرگەن ئېسىل ئولجىغا ئېرىشتى ، شۇڭا نىرى ـ بېرى گەپنى قويۇپ يولىغا راۋان بولدى .

---

[1] ھىجرىيە 1288 ـ يىلى .

خەلپەنىڭ ئىسمىزاتى ئەمەت. بىشى ئەللىكتىن ئاشقان، ۋىجىكرەك، شالاڭ ساقاللىق، دائىم بەقەسەم تون ـ يەكتەك كىيىپ، بېشىدىن ئىككى ھەسسە ئېگىزلىكتىكى يوغان سەللىنى ئورىۋېلىپ، بېشىنى ساڭگىلىتىپ، ئىككى قولىنى قوۋۇشتۇرۇپلا يۈرۈيدىغان ئادەم. ياقۇپبەگ بۈزرۈك خوجىنى تاۋاپى ھەجگە ماڭدۇرغانلىق نامدا قوغلىۋېتىپ ئۆزى خان بولۇۋالغان كۈنلەردە، جۈمە نامىزىدىكى ئەمرىمەرۇپ ئورنىدا ياقۇپبەگكە مەدھىيە ئوقۇپ، ئوقۇغاندىمۇ بىگىنىڭ كۆڭلىدىكىنى، ئاغزىدىن چىقىرالمايۋاتقان گەپىنى تېپىپ قاملاشتۇرۇپ ۋەز ئېيتىپ، ئۇنىڭ يېقىن ئەئيانلىرىنىڭ بىرى بولۇپ قالغانىدى. كېيىن ياقۇپبەگ كورلا ئالدىنقى جەڭگاھ ئىككىنچى دارۇلسەلتەنەتى بولۇپ قالغاندا، كورلىغا كېلىدىغاندا، ئۇنى ھەر جۈمە نامىزىدا ئۆزىگە خۇتبە ئوقۇپ ئەمرىمەرۇپ قىلدۇرۇش ئۈچۈن قەشقەردىن ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ كەلدى. ئېگىز ئېرىق بىلەن بازار ئارىلىقىدىن ئۇنىڭغا سۈيۈرغاللىق ئورنىدا بىر بۆلەك يەر كېسىپ بېرىپ، مەخسۇس ئېرىق چاپتۇرۇپ بەردى. بۇ ئېرىق ئەمەت خەلپەم نامىدا «خەلپەم ئېرىقى» دەپ ئاتالدى. كېيىن بۇ ئېرىق ياقىلىرىغا ئۇنىڭ چوقۇنغۇچىلىرى ۋە باشقىلار بىر ـ بىرلەپ كېلىپ ئورۇنلىشىپ مەھەللە شەكىللەندى. مەھەللە «خەلپېرىقى مەھەللىسى» دېگەن نامدا ئاتىلىدىغان بولدى.

ياقۇپبەگ ئەمەت خەلپەمنىڭ ئىناۋەت ـ ئورنىنى تىكلەش، شۇ ئارقىلىق يۇرت خەلقى ئارىسىدا ئۆزىنىڭ ئىناۋەت ـ ئورنىنى يۇقىرى قىلىش ئۈچۈن، دەريانىڭ تۆۋەن قاسنىقىغا بىر خانىقا، يۇقىرى قاسنىقىغا بىر مازار سالدۇرۇپ بەردى. مازارنىڭ نامى بولۇشى كېرەك ـ دە، ياقۇپبەگ ئالتە شەھەر خەلقى ئارىسىدا خوجىلارغا خۇراپىي، ئەسەبىيلەرچە چوقۇنۇشنىڭ كۈچلۈكلۈكىدىن پايدىلىنىپ، خەلقنىڭ كۆڭلىنى ئۆزىگە رام قىلدۇرۇشنىڭ يەنە بىر ۋاستىسى سۈپىتىدە، ئاق يەرگە سالدۇرغان بۇ «مازار»غا «ئاپاق خوجا مازىرى» دەپ نام بەردى. ئەمەت خەلپەمنىڭ كۈنلىرى «مازار» بىلەن خانىقادا، جۈمە كۈنلىرى خۇتبىدا، بۇ ئۈچىنىڭ ئوتتۇ-

رىسىدا پايپاسلاپ ئالدىراش ئۆتىدىغان بولدى ...

— ھېلىمۇ ياخشى ئېتىڭ ياخشى بولغاچ ئۇ چىلبۆرە شۇنىڭ بىلەن قانائەت تاپتى. كېكەچ بولىۇۋېلىش خىيالىڭغا قانىداق كەلدى؟ — ئۇلار ئۆيگە كىرگەندىن كېيىن، ئاسقال تايۇقتىن سورىدى. تايۇق كۈلۈۋېتىپ دېدى:

— بۇ قاسىم قارىنىڭ ئويلاپ تاپقان ئۇستىلىقى بولامدۇ. تاس قالدىم، ھەيران قىلىپ كۈلۈۋېتىپ، چاندۇرۇپ قويغىلى. كۈلكىدىن ئۆزۈمنى ئاران توختىتىۋالدىم.

— ئاتا، بۇ گەپلەرنى كېيىن قىلىشايلى، — قاسىم قارى تايۇقنىڭ بىللە كەلگەن ھەمراھلىرى، قويلار، ئۇلارنىڭ قارىسۇ بويىدا قالغانلىقىنى ئېيتتى. مەدىل ئاسقال:

— كۈنچىققانبەگمۇ كەلگەنمىدى، ئۇ ھەقتە قالاچ بوۋاي ماڭا گەپ قىلىپ بەرگەن. ھەي، ئاشۇ مەرەز كېلىپ قالمىغان بولسا ... ئۇلار ئات، قويلىرى بىلەن گۇلدۇرلىشىپ كېلىدىغان بولسا، بۇ ئىش شۇئان دادخاھغا يېتىدۇ. بۇ مەھەللىدىمۇ ئۇنىڭ قۇلاقلىرى بار. قاسىم سەن چاكاردىن ئىككىنى ئېلىپ بار، ئۇلارنىڭ ئات - قويلىرىنى چوڭكۆلگە[1] ئاپىرىپ قويسۇن. تېز بار، ئىشلارنى ئورۇنلاشتۇرۇۋېتىپ، ئادەملەرنى باشلاپ كەل، — دېدى.

قاسىم قارى چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، مەدىل ئاسقال ئۆيدىكىلەرنى چاي ئەكىرىشكە بۇيرۇپ قويۇپ گېپىنى داۋاملاشتۇردى:

— سەن قالاچ بوۋا بىلەن كەلگىنىڭدە ياشلا يىگىت ئىدىڭ. مانا، ئەللىكتىن ئېشىپ ئاتمىشقا بېرىپ قاپسەن. قالاچ بوۋايدىن كېيىن جاھانبەگمۇ تۈگەپتۇ، بۇنى ئۆتكەندە تايۇقتىن ئۇقتۇم. مەنمۇ كېتىپ قالىدىغان ئوخشايمەن دەپ ئويلىغان، ئارىلىقتا قانىتىق ئۇچۇندۇم، بىرنەچچە ئاي ئورۇن تۇتۇپ ياتتىم. يەيدىغان رىزقىم تۈگىمىگەن ئوخشايدۇ، ئوڭشىلىپ قالدىم، — ئاسقال

---

① چوڭكۆل — بۇ، لوپنۇردىكى چوڭكۆل ئەمەس، كورلىنىڭ ھازىرقى ئايروپورتقا يېقىن بىر مەھەللىسىنىڭ نامى.

چايدىن بىر ئوتلىۋېلىپ گېپىنى داۋاملاشتۇردى، — دېھقانچىلىق قىلماقچى بولۇۋېتىپسىلەر، بۇ ياخشى ئىش بوپتۇ. دېھقانچىلىق دېگەن يەرگە جان بېرىپ، يەردىن دان - نان ئالىدىغان ئىككى دۇنيالىق ساۋابلىق، خاسىيەتلىك ئىش. ئاش - نان يېمەي، بېلىق بىلەن گۆش يەپلا ئۆتكەن بىلەن بولامدۇ. كۆنچىققانبېگىمگىلار شۇنداق نىيەتكە كەلگەن بولسا، ئۇنىڭ پېشىگە چىڭ يېپىشىڭلار …

قاسىم قارى كۆنچىققانبەگ ھەم باشقا تۆت كىشىنى باشلاپ كىردى. ئاسقال كۆنچىققانبەگنىڭ بەستى - بويىنىڭ يوغانلىقىغا ھەيران قالدى، ئوماقتىن ئاڭلىغان بولسىمۇ بۇنچىلىكلىكىنى پەرەز قىلمىغانىدى. ئاسقالنى ھەيران قالدۇرغان يەنە بىر نەرسە، پۈتۈن بىر يۇرت بېگىنىڭ ئۆز چاكارلىرىغا ئوخشاش ئاددىي كىيىنگەنلىكى ئىدى. ئۇنىڭ كىيىملىرى ئازراق تورقا چىگە تالالىرى بىلەن يۇڭ ئارىلاش يىپتا توقۇلغان پالاس كىيىم ئىدى، سىپتا، سىلىقلىقى، قېلىن - نېپىزلىكتە سەللا پەرق قىلاتتى، رەڭگى جەھەتتىمۇ يۇڭنىڭ ئەسلىي رەڭگى بويىچىلا پەرق قىلاتتى. كۆنچىققانبەگ بىلەن تايۇقنىڭ كىيىمى سىپتىراق، بوز رەڭ ئىدى، پەقەت ئۆتۈكلىرىلا رەڭ، تىكىلىش جەھەتتە خېلى پەرقلىق ئىدى. ھەممىسىنىڭ ئوخشاش ئاشلانغان كالا تېرىسى بولۇپ، بەگ بىلەن تايۇقنىڭ يۇلغۇن چېچىكى سۈيىگە ئۇزاقراق چىلاپ قويۇلغاچقا، سۇس گۆش رەڭ ئىدى. قالغانلار جاڭگال، دالىدىلا يۈرۈيدىغان بولغاچقا، رەڭ بېرىشنىڭ ھاجىتى يوق دەپ قاراپ ئاقۇچ بوز رەڭدە ئىدى، ئەمما تىكىلىشى ئوخشاش ئىدى.

ئۈستىگە گۆش بېسىلغان ئۈچ لېگەن پولۇ كەلتۈرۈلدى. كۆنچىققانبەگ پولۇنى قەشقەردە يەپ باققان، تايۇقمۇ مۇشۇ ئۆيدە يېگەن بولغاچقا، كاپاملاپ ئېلىپ يەۋەردى. ئەمما ئۇلار بىلەن بىللە كەلگەن تۆتى بۇنداق ئاشنى تۇنجى كۆرگەچكە، ھەرقانداق قىلىپمۇ كاپاملىيالمىدى، كاپاملىغىنى چۈشۈپ كەتتى، چۈشمىگىنىنىڭ ئاز قىسمى ئاغزىغا كىرسىمۇ، كۆپى داستىخانغا چېچىلىپ كەتتى، گۆشتىن بىر - ئىككى توغرام ئاغزىغا سېلىپ چايناپ بېقىپ،

خۇددى تەمسىز بىرنېمە چايناپ قالغاندەك چىرايى باشقىچە بولۇپ قالدى . قاسىم قارى بۇنى سېزىۋېلىپ :

— كورلىنىڭ گۆشى لوپ قويىنىڭ گۆشىدەك ئۇنداق تەملىك ئەمەس . گۆشنى يېمىسەڭلىمۇ ، ئاشنى يەڭلار ، — دەپ ئۇلارغا بىردىن قوشۇق بەردى .

ئۇلار قوشۇقلاپ يېيىشنى ئۆگىنىۋالدى ، ئاشمۇ ئاغزىغا تېتىپ قالدى .

دۇئا قىلىنىپ ، داستىخان يىغىشتۇرۇلغاندىن كېيىن ئاسقال :

— قوينى جىق ئەكېلىۋېتىپسىلەر . بەش قوينىڭ پۇلىغا سىلەرگە لازىملىق نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى كېلىتتى ، — دېدى .

— دادخاھ بەرگەن بەش تەڭگىگە نېمە ئالىمىز ؟ — دەپ سورىدى تايۇق .

قاسىم قارى كۈلۈۋېتىپ :

— ئۇ تەڭگىلەرگە ھېچنېمە كەلمەيدۇ ، — دېدى .

— ئۆتمەمدۇ ؟

— ئۆتىدۇ ، ئەمما قىممىتى يوق . بەشىگە بىر گۈرجەك كېلەرمىكىن .

گەپكە ئارىلاشماي ئولتۇرغان كۈنچىققانبەگ :

— شۇنداق بىر ياخشى ئات بىر ياغاچ گۈرجەككە كېتىپ قالدىما ، ئىسىت ، — دېدى بېشىنى ئىرغىتىپ ، — بوپتۇ ، ئۇ كەتكەن بولسۇن . لازىملىق نەرسىلەردىن باشقا تېرىش ئۈچۈن بۇغداي ، قوناقتىن ئىككى تاغاردىن ئېلىپ كېتەيلى ، قالغان ئون قوينى بوۋايلارغا قالدۇرۇپ قويايلى ، — دېدى .

— كورلىدا بۇغداينى تېرىپ بولاي دېدى . سىلەر ئەمدى تېرىماقچىكەنسىلەر ، تېز بولمىساڭلار بولمايدۇ ، — ئاسقال بوۋاي كۈنچىققانبەگ بىلەن تايۇققا قاراپ گېپىنى داۋاملاشتۇردى ، — سىلەرنى ئالدىراتقىنىم ئەمەس ، ئەھۋال شۇنداق ، ئالدىغاننى ئېلىپ ، ئاشقان قويۇڭلارنىمۇ ئېلىپ ، بۈگۈن كېچىلا يولغا چىقىپ

كېتىڭلار، — لوپتىن كەلگەنلەرنىڭ ھەممىسى بوۋاينىڭ ئاغزىغا ئەجەبلىنىپ قاراپ قالدى، بوۋايمۇ بۇنى سەزدى، — ئەجەبلەنمەڭلار، ئەھۋال شۇنداق. بىرىنچىدىن، تېرىقچىلىقىڭلار كېيىن قاپتۇ. بىزدە: «ئۆرۈكنىڭ قولدىن يەرگە چۈشكىنى بىلەن، قولدىن كالىنىڭ دۈمبىسىگە تېگىپ يەرگە چۈشكىنىنىڭ ۋاقىت جەھەتتە ئات - ئېشەك پەرقى بار» دېگەن گەپ بار. تېرىقچىلىقتا ۋاقىتنى چىڭ تۇتمىساڭلار، قىلغان ئەجىر - ئەمگىكىڭلار زايە كېتىدۇ. سىلەرنى قايتىشقا ئالدىرىتىشىمدىكى سەۋەبنىڭ بىرى شۇ. يەنە بىر سەۋەب، بايىلا دۇلدۇلدەك بىر ئېتىڭلار بىكاردىنلا قاراقچىنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتتى. سىلەردە يەنە يەتتە - سەككىز ئاتنىڭ بارلىقىنى ئاڭلاپ قالىدىغان بولسا، ئۇ ئېتىڭلارمۇ قولدىن كېتىدۇ. ئاتلار قولدىن كەتسە مەيلىغۇ، ھازىر قىرىق ياشتىن تۆۋەن ئادەملەرنى ھەدەپ چېرىكلىككە تۇتۇۋاتىدۇ. سىلەردەك ساغلام، بەست - بويلۇق ئادەملەرنى ئىزدەپ يۈرگەندە، ئۇلارغا بايىلا تۇتۇلۇپ قالىسىلەر.

بوۋاينىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، كۆنچىقانبەگ سورىدى:

— ئۇنداقتا لازىملىق نەرسىلەرنى بۈگۈن تاپقىلى بولامدۇ؟

— كورلىنى قانچىلىك يەر دەيسىلەر، دوپپامچىلىك. ئۇ نەرسىلەرنى ھازىرلا تاپقىلى بولىدۇ، — دېدى مەدىل ئاسقال مەھەللىدىن ئىككى ئادەم تېپىپ، نەرسىلەرنى ئېلىپ كېلىشكە ئوغلىغا قوشۇپ ھارۋا بىلەن ماڭدۇرۇۋەتتى.

— قوينى تېخى ساتمىدۇقۇ؟ — ئوماق سورىدى.

— قوينى ساتىمىز دەپ يۈرگىلى نەدە ۋاقىت. بۇ ئېبدىتلىق - ھېسابلىق ئالەم. ھېساب بۇ ئالەمدە قىلىنماي قالسا، ئۇ ئالەمدە قىلىنىدۇ، بەلكى ھەسسىلەپ قىلىنىدۇ. ئالدى بىلەن نەرسىلەرنى ئېلىپ كەلسۇن. نەچچە پۇلغا ئالغان بولسا، ئۇ پۇلغا نەچچە قوي كەلسە، بىزگە شۇنچىلىك قوي بەرسەڭلار بولىدىغۇ، — دەپ ئاسقال بوۋاي كۈلۈمسىرىدى.

كۆنچىقانبەگ، تايۇق ھەم قالغان تۆتىمۇ بوۋايدىن مەمنۇن

بولۇپ ، بىر ـ بىرىگە قاراپ قويۇشتى ...

كەتكەنلەر قايتىپ كەلدى . ئۇلار لىق ئىككى تاغاردىن بۇغداي ، قوناق ، سەككىز قوش چىشى ، ئون كەتمەن ، يىگىرمە ئورغاق ، بەشلىك ، يەتتىلىك ئارىنىڭ ھەرقايسىسىدىن بەش تال ، بەش ياغاچ گۈرجەك ، تۆت ئېشەك ئېلىپ كەلگەنىدى . پۇلنى ھېسابلىغۇندى ، توپتوغرا ئون قوينىڭ پۇلىغا كېپتۇ .

كۆنچىققانبەگ بىلەن تايۇق ئويلىمىغان بىر ئىش ، ئۇلار ئېشەك سېتىۋېلىشنى ئويلاپمۇ قويمىغانىدى . تېرىقچىلىقتا كىچىك ئىشلاردا ئېشەكنىڭ كۆپ ئىشلەيدىغانلىقىنى بوۋايدىن ئاڭلاپ خۇشال بولۇپ كۈلۈپ كېتىشتى .

كەچتە مەدىل ئاسقال كۆنچىققانبەگلەرنى ئىككى قوي سويۇپ مېھمان قىلدى . گۆش كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن ، بوۋاي :

— بۇ ئۆزۈڭلار ئەكېلىپ بىزگە تەۋە بولغان لوپ قويىنىڭ گۆشى ، قېنى يەڭلار ، — دېدى .

گۆشتىن كېيىن شورپىغا سېلىپ ئەتكەن ئۆگرە ئاش كەلتۈرۈلدى . قاسىم قارى :

— سىلەر تاماقنى قىزىق چېغىدا يېمەيسىلەر . شۇڭا سىلەرنى دەپ سوۋۇتۇپ ئەكىردۇق ، ئىچىڭلار ، — دەپ ئالاھىدە ئەسكەرتىپ قويدى .

تاماق يېيىلىپ بولغاندىن كېيىن ، مەدىل ئاسقال :

— سىلەرنى قوغلىغىنىمىز ئەمەس ، كېچىلىك جېسەكچىلەر كېلىشتىن بۇرۇن ئامان ـ ئېسەن يولغا چىقىۋېلىڭلار . قاسىم قارى سىلەرنى قارىسۇدىن ئۆتكۈزۈپ قويۇپ كەلسۇن . ئۆزۈڭلارنىڭ ئون قويى بىلەن بىزگە ئۆتكەن سەككىز قوينىمۇ قوشۇپ ئەكىتىپ بېقىپ قويۇڭلار ، — دېدى .

كۆنچىققانبەگ ئاسقالنىڭ ئاغزىغا قاراپ قالدى .

— بۇ قانداق گەپ ، بىز تېخى ئون قوينى سىلەرگە بېرىپ كەتمەكچى بولۇۋاتساق ، ئېلىپ كېتىڭلار دەيسىزغۇ ، بوۋا .

— گېپىمگە ھەيران قالماڭلار ، — ئاسقال بۇلارغا ئەھۋالنى

ئىنىق چۈشەندۈرمەكچى بولدى ، — ھازىر دادخاھلارنىڭ نەپسى بەك يامانلىشىپ كەتتى . ئۇلارنىڭ ، ھەم سوپى ـ جەررىچىلىرىنىڭ تامىقى ئۆچۈنلا كۆنگە قىرىق ـ ئەللىك قوينىڭ بوغۇزىغا پىچاق سۈرۈلىدۇ . ھازىر كورلىنىڭ قويلىرى تۈگەپ قالايلا دەپ قالدى ، ئۇ قويلار بولسىمۇ ئامان قالسۇن .

— ئۇنداق بولسا ، — دېدى كۆنچىققانبەگ ئەھۋالنى ئۇققاندىن كېيىن ، — قويۇڭلارنىڭ ھەممىسىنى ئېلىپ كېتىپ بېقىپ قويايلى ، بۇ قويلارمۇ ئامان قالسۇن .

— ياخشى نىيەتىڭلارغا رەھمەت . بىزنىڭ قويلىرىمىز ئاللىقاچان ئۇلارنىڭ تىزىملىكىگە كىرىپ بولغان ، بىز بېقىپلا بېرىۋاتىمىز . بىرى كەملەپ كەتسە ، ئۇلارنىڭ سورىقىدىن قۇتۇلالمايمىز . ئارتۇق گەپنى قويۇپ ، تېز يولغا چىقىڭلار .

كۆنچىققانبەگمۇ ، تايۇقمۇ ئەھۋالنىڭ ھەقىقەتەن ئېغىرلىقىنى قىياس قىلدى . ھېچبىر غېمى يوق ، ئاسمىنى ، دالىسى كەڭ يېرىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى . ئارتۇق گەپكە ئورۇن قالمىغانىدى . ئۇلارمۇ بۇ ۋەھىمىلىك جايدىن تېزرەك كېتىۋېلىشقا ئالدىرىدى ، يۈك ـ تاقلىرىنى ئارتىپ ، ئاسقال بوۋاي بىلەن خوشلىشىپ يولغا چىقتى . قاسىم قارى ئۇلارنىڭ چوڭكۆلدە قالغان ئات ـ قويلىرىنى ئېلىپ بېرىپ يولغا سېلىپ قويغىلى ئۆيدىن بىللە چىقتى . ئاي خۇددى ئۇلارنى قانات ئاستىغا ئېلىپ يامان كۆزلەردىن يوشۇرۇۋاتقاندەك ئۆزىنى دالدىغا ئېلىپ ئاسمان سەتھىگە قارا يوپۇقنى يايدى . كۆنچىققانبەگلەر ئاستا ـ ئاستا يىراقلاپ ئاي قاراڭغۇسىنىڭ قوينىغا كىرىپ كەتتى . ۋەھىمىلىك دۇنيا ئۇلاردىن بارغانسېرى يىراقلاپ ئارقىسىدا قالماقتا ئىدى .

## 8

— تېرىقچىلىقنى ئەجەب ھەرقايسى مەھەللە كىشىلىرى ئۆز ئالدىغا ئايرىم قىلىدىغان بوپ قاپتۇغۇ ؟ — كۆنچىققانبەگ كورلىدىن قايتىپ كېلىپ ئەھۋالدىن خەۋەر تېپىپ تولەك بوۋىدىن

سورىدى .
تۆلەك بوۋا كۆنچىققانبەگ كورلا تەرەپكە كەتكەندىن كېيىن ، ھەرقايسى مەھەللىلەردىكى چوڭ ياشلىقلار ئارىسىدا پەيدا بولغان غۇلغۇلا ، غۇدۇراشلارنى بەگكە سۆزلەپ بەرگەندىن كېيىن ، ئۆز قارىشىنى بىلدۈرۈپ مۇنداق دېدى :
— تېرىقچىلىقنى ھەرقايسى مەھەللە ئايرىم قىلغىنى ياخشى- دەك قىلىدۇ . بىز دەسلەپتە بىرنەچچىمىز ئۆزىمىزنىڭ ئارزۇ - ئىستىكى بويىچىلا ئويلىشىپتۇق . بۇ يەردىكىلەر ئاتا - بوۋىسىدىن تارتىپ تېرىقچىلىق قىلىپ كۆرمىگەن . بۇرۇنقىلار قىلغان بولسى- مۇ ، تېرىغانلىرى تاشقىندا قېلىپ ، تېرىغىنىدىن نەپ ئالالماي ، ئاقىۋەتتە تىرىكچىلىك ئۈمىدىنى بېلىقچىلىققا ، ئاندىن قالسا ئوۋ- چىلىققا باغلىغان ۋە شۇنىڭ بىلەن تىرىكچىلىك قىلىپ ياشاپ كەلگەن . بىز مانا شۇلارنىڭ ئەۋلادى . بىزمۇ شۇنداق ياشاپ كەل- دۇق . بىز تېرىقچىلىق قىلىپ باقايلى دېۋىدۇق ، بۇنىڭغا بىر قىسىملار قىزىقىپ قوشۇلغىنى بىلەن ، چوڭلار ئەندىشىدە قاپتۇ . غۇدۇراشلارنى ئاڭلاپ قالدىم . بەزى قېرىلار كېلىپ ئەندىشىسىنى ئۆز ئاغزى بىلەن ئېيتتى . ساڭا دېمىگەن بىلەن ، ماڭا دېدى . تېرىقچىلىق قىلىمىز دەپ يۇز نەچچە ئۆيلۈك ئادەمنى بىر يەرگە توپلىۋالساقمۇ بولمىغۇدەك . يەنە تېخى : «يەر تېرىساق تېرىپ باقايلى ، قانداق بولىدىكىن» دەيدىغانلار ئاز ، «يەر بىلەن ھەپىلە- شىپ ئاۋارە بولمىساق بولىتتى» دەيدىغانلار كۆپ ئىكەن . شۇڭا تېرىقچىلىقنى مەھەللە بويىچە خالىغانلار قىلىشنى لايىق كۆردۇق . كۆزدە تېرىقچىلىقنىڭ پايدىسىنى كۆرۈپ ، «قىلساق بولغۇدەك» دەيدىغانلار بولسا كۆمەكلەشمەمدۇق .
تۆلەك بوۋىنىڭ گېپىگە ئۇلاپ ھەم تولۇقلاپ تايۇقمۇ :
— يىگىرمە نەچچە يىلنىڭ ئالدىدا قالاچ قاناقا بىلەن كورلىغا بارغىنىمىزدا تىكەنلىك ، كۆزلەك ، چارا ، كۆنچىلەردىمۇ بەزى ئۆي- لەر تېرىقچىلىق قىلسا ، بەزى ئۆيلەرنىڭ بۇرۇنقىدەك بېلىقچىلىق بىلەن ياشاۋاتقىنىنى ، يەر تېرىغانلارنىڭمۇ يەنىلا بېلىقچىلىقنى مۇ-

ھەم بىلىۋاتقىنىنى كۆرگەنىدۇق . بىز تېرىقچىلىق قىلالايلى دېسەكمۇ ، تۇرغان ئورنىمىز قۇملۇقنىڭ ئىچكىرىسىدە بولۇپ ، ئەت تۇپراق يوق ئىدى . بۇ يەردە تېرىقچىلىق قىلسا بولىدىغان يەر بار ئىكەن . بۇ يىل تېرىقچىلىقنى ئاز قىلساقمۇ ، ياخشى قىلساق ، ئىشىمىز نەپ بېرىپ قالسا ، ئۇنى كۆرگەنلەر ، ئاش - نېنىنى يەپ تېتىپ باققانلار قىزىقىپ تېرىقچىلىق قىلماق بولسا ، ئاز تېرىمدۇ - جىقمۇ ، نەگە تېرىيدۇ ، نېمە تېرىيدۇ ، ئۆز ئىختىيارىغا قويساق . ئوماقنىڭ ئېيتىشىچە ، ئۇنىڭغا قوشۇلۇپ كەلگەن يەتتە ئۆيلۈك كىشى تېرىقچىلىق قىلىشنى زادى بىلمەيدىكەن . ئۇلارنىڭ ئۆگىنىۋېلىشى ئۈچۈن بولسىمۇ بۇ يىل بىللە قىلىپ ، كېلەر يىل ھەرقايسىسى ئۆز ئالدىغا قىلىدىغان ئوخشايدۇ . بولمىسا ، ئارىدا گەپمۇ جىق بولىدىغانلىقىنى ، چاتاقمۇ جىق چىقىدىغانلىقىنى ئوماقمۇ ئويلاپتۇ ، — دېدى .

كۈنچىققانبەگ تۆلەك بوۋا بىلەن تايۇقنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ ، ئويلىدى ، ئۆلچەپ ، دەڭسەپ باقتى . ئۇلارنىڭ دېگەنلىرىنىڭ جېنى بارلىقىنى ھېس قىلدى . ۋاقىت بەك زىچ ئىدى . بەگ شۇئان تۆت مەھەللە ئاقساقاللىرىنى چاقىرىپ جىددىي كېڭەش قىلدى . ئوماق يۇرتچاپقاندىن چارىغا كەتكەندىن كېيىن ، ئۇنىڭ ئورنىغا قارا قوشۇنلۇق ساتىۋالدى بەقەم يانلار مەھەللىسىنىڭ ئاقساقىلى بولغانىدى . كېڭەشتە ساتىۋالدى بەقەم :

— بۇ ياخشى گەپ بولدى . تېرىقچىلىق قىلىشنى ئاقساقاللار باشلاپ بېرەيلى . باشقىلار قىلامدۇ ، قىلمامدۇ ، ئىختىيارى بولسۇن . بىز بىلەن بىللە قىلىپ باقايلى دەيدىغانلار بولسا بىللە قىلايلى ، قاملاشماي قالسا ئۆزىمىزگە ھېساب ، ھەممىنى تەڭ يىغلاتمايلى ، كېيىنكىسىنى كېلەر يىلى كۆرمەيمىزمۇ ، — دېدى .

— گوي - گوي ، بۇمۇ ئوبدان گەپ بولدى ، — دېدى تۆلەك بوۋا ، — مەن ئاقساقال بولمىسامۇ ، نەۋرەم بىلەن ئازراق يەرگە بۇغداي ، قوناق تېرىپ باقايلى ، قانداق بولىدىغانلىقىنى ئۆزىمىزمۇ كۆرەيلى ، باشقىلارمۇ كۆرسۇن .

ئۇنداق دەپ، بۇنداق دەپ تېرىقچىلىقنى بۇ يىل كۆنچىققاندىبەگ، تۆت ئاقساقال، تولەك بوۋىلار باشلاپ قىلىپ باقىدىغان، «بىزمۇ تېرىپ باقايلى» دەيدىغانلار بولسا، ئاقساقاللار بىلەن بىرگە تېرىسىمۇ، ئۆزلىرى ئايرىم تېرىسىمۇ مەيلىچە بولىدىغان، ئۇرۇقلۇق بۇغداي، قوناقنى يېرىگە قاراپ كۆنچىققانبەگ ھەقسىز بېرىدىغان بولدى.

ئۇرۇقلۇق بۇغداي، قوناقنى، قوشقا قاتىدىغان كالىسى يوقلارغا كالىنىمۇ ھەقسىز بېرىپ تۇرىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ، تېرىقچىلىق قىلىپ باقماقچى بولغانلار خېلى چىقتى.

— بۇ ياخشى ئىش، — دېدى كۆنچىققانبەگ، — قانچىلىك تېرىيالىسا تېرىسۇن ...

يېڭى يۇرتچاپقاندىكى تۇنجى قېتىملىق بۇغداي تېرىقچىلىقى توختاق يەنە خوتەن تەرەپتىن كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ قالغان ئىككى ئادەم بولۇپ ئۇچىنىڭ يول كۆرسىتىشى ئارقىسىدا جىددىي، ئەمما كۆڭۈللۈك ئېلىپ بېرىلدى.

بۇغداي تېرىقچىلىقى تۈگىگەن كۈنىنىڭ ئەتىسى كۆنچىققانبەگ تولەك بوۋا، تايىق، توختىكۆل، تالشقۇل ھەم ئوغلى جانقۇلۇلارنى بىر ئىشنى مەسلىھەتلەشكىلى ئۆيىگە چاقىردى.

— بۇغداي تېرىقچىلىقىدىن قول ئۈزدۇق، قوناق تېرىمىغا يەنە بىرئاز ۋاقىت باركەن، — چاي ئىچىشىپ ئولتۇرۇپ كۆنچىققانبەگ گېپىنى باشلىدى، — مۇشۇ بوش ئارىلىقتا جانقۇلۇ، توختاق، ئۆردەكلەرگە جايلارنى كۆرسىتىپ كەلسەكمىكىن دەيمەن، سىلەر نېمە دەيسىلەر.

كۆنچىققانبەگنىڭ گېپى توختىشىغا، تولەك بوۋا:

— گوي - گوي - گوي، ئوبدان گەپ، ئوبدان گەپ. بىر چاغلاردا قالاچ قاناقا ماڭا: «لوپ دالىسىنىڭ ئوتلاق، ئورمانلىرى، جاڭگاللىرىمۇ ئۆز يېرىڭ. يۇرتۇڭنىڭ ھەممە جايلىرىنى كۆرۈپ بولالمىساڭمۇ، ئاڭلاپ قوي، بىلىپ قوي. بولمىسا ئۆز ئۆيۈڭدىكى بىساتلىرىڭنىمۇ بىلمەي ‹بۇ نېمە؟› دەپ باشقىلاردىن

سوراپ يۈرگەندەك ئىش بولىدۇ» دېگەنىدى . بۇ مەنىلىك سەپەرگە نەۋرەم ھەكىممۇ قوشۇلۇپ قالسۇن . توختىكۆل بىلمەيدىغان دەريا ، كۆل يوق ، تالىشقۇلمۇ ھەممە جاينى بىلىدۇ ، سەپەردە بۇ ئىككىسى بولسا ھېچ ئىش بولمايدۇ ، — دېدى .

— بۇ سەپەرگە مېنىڭمۇ بىللە چىققۇم بار ئىدى ، ئەمما ، — كۆنچىقىقانبەگ كۆكۆل يېرىمچىلىقىنى بىلدۈرۈپ مۇنۇلارنى دېدى ، — تۆگىدەك كېلەڭسىز بۇ بەست - بويۇم بىلەن يۈك بولغۇدەكمەن . كەلگەندە كۆرگىنىڭلارنى سۆزلەپ بېرەرسىلەر .

يېڭى ئابدالدىن باشلىنىدىغان بۇ سەپەر جاھانساي ، مىرەنلەردىن ئۆتۈپ ، كۆنچى دەرياسىنىڭ كونا ئېقىن ئىزى قۇمدەرياناڭ كۆنپېتىشىدىكى بۇلۇڭكۆلدىن ياردائىبۇلاقنى ياداپ ئويتوغراققا بېرىپ ، «دىۋە ئادەم» چەپەرنى يوقلاپ ، تېمەنپۇ ، دىلپارغا بېرىپ ، ئۇ يەردىن تارىم دەرياسىنى ياقىلاپ چاراغا قاراپ مېڭىپ ، ئۇماقنىڭ تاختىسىغا كېلىپ ئۆردەكنى قالدۇرۇپ قويۇپ قايتىپ كېلىدىغان بولدى . قايتىشتىمۇ كۆرىدىغان جايلار ئاز ئەمەس ئىدى .

مەھەللىلەردىن باشقا ئاندا - مۇندا ئۇچراپ قالىدىغان كىچىك - كىچىك يېتىم توغراقلىق ، چاتقاللىق ۋە پارچە ئوتلاقلارنى ھېسابقا ئالمىغاندا ، بۇ سەپەر قۇملۇق ئىچىنى بېسىپ ئۆتەتتى . يېمەكلىككە قارىغاندا سۇنى يېتەرلىك غەملىۋېلىش ئىنتايىن زۆرۈر ئىدى . قۇملۇق دەشتتە ۋاقتى كەلگەندە بىر يۇتۇم سۇ بىر جانغا ئارا تۇرالايدۇ . ئۇلار ئىككى تۆگىگە ئۇچتىن ئالتە تۇلۇم سۇ ، بىر تۆگىگە ئۇجۇل ، جىگدە تېرىپى ، پىشۇرۇلغان ھەر خىل قۇش تۇخۇمىنىڭ سېرىقى ئارىلاشتۇرۇلغان تالقان ، بېلىق گۆشى تالقىنى ، گەدەرمە قاق بېلىق ، قازان - قاچىلارنى ئارتىپ ، ئىككى ئاتنى زاپاس ئېلىپ يولغا چىقتى .

يېڭى يۇرتچاپقانىنىڭ تۆۋەن تەرىپى ، ئارىلاپ ئۇچراپ قالىدىغان كىچىك - كىچىك قۇملۇق ۋە پارچە قۇم دۆڭلىرىدىن باشقا تاكى قارا قوشۇن كۆلىگىچە ئوتلاق ، چاتقاللىق ، توغراقلىق ۋە قومۇشلۇقلار كىرىشىپ كەتكەن كەڭ يېشىلزارلىق بولسا ، يۇقىرى تەرد-

پى چوڭ قۇملۇق دەشت بىلەن تۇتىشاتتى . يەتتە كىشىلىك يۇرت كەزگۈچى بۇ سەپەرچىلەر تورغاي چۇچۇلىماستا مانا شۇ چوڭ قۇملۇققا قاراپ ئاتلاندى . بۇ ، ھاۋا خېلىلا ئىسسىپ قالغان چاغ بولسىمۇ ، قۇملۇقنىڭ سەھىرى كەچ كۈز كۆنلىرىدىكىدەك سالقىن ئىدى . يىراق ئۇپۇق بىلەن گىرەلىشىپ كەتكەن قۇم داۋانلىرى ئارقىسىدىن كۆتۈرۈلۈۋاتقان تاڭ شەپىقىنىڭ چوغدەك قىزىل شولىسى كەڭ قۇملۇقنى ھەسەن ـ ھۈسەندەك ئاجايىپ رەڭدار ھۆسنگە كىرگۈزۈپ ، جۇلالاندۇرۇۋەتكەنىدى . شەپەق شولىسى قۇم دۆۋىسىنىڭ ئۈستىدە ئۆز رەڭگىدە جۇلالانسا ، دۆڭنىڭ ئىككى يامزىلىدا باشقا بىر خىل ، ئارقا تەرىپىدە يەنە بىر خىل رەڭدە جۇلالىناتتى . قۇملۇقنىڭ سەھەردىكى بۇنداق گۈزەل مەنزىرىسىنى ئۆردەك تۇنجى قېتىم كۆرۈۋاتقاچقا ، ئاجايىپ بىر خىل تۇيغۇدا قاراپ تويمايتتى ، ھاياجانلىناتتى . جۇلالىق بۇ گۈزەل مەنزىرە قىسقىلا داۋاملاشتى . چوغ رەڭ شەلپەر ئاسمان بوشلۇقىغا سىڭىپ كېتىشى بىلەنلا ، كەڭ قۇملۇقنىڭ سېغىز رەڭ ، ئۆلۈك ، سۇرلۇك ، زېرىكەرلىك كۆرۈنۈشى ئېتەك يايدى ...

مانا بۈگۈن ئۇلارنىڭ سەپىرى ئۈچىنچى كۈنگە قەدەم قويدى . يۇرتتىن يىراقلىغانسېرى ، ئۇلارغا ئۇچرايدىغان چاكاندا ، قامغاق ، قاغدان ، سايغان قومۇشلار ، يۇلغۇنلار شالاڭلاپ ، مانا ئەمدى ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدا پايانسىز سېغىز رەڭ قۇملۇق ، قۇم دۆۋىلىرى يېيىلىپ تۇراتتى . نە چاكاندا ، قامغاق ، نە قاغدان ، سايغان قومۇش ، يۇلغۇن كۆرۈنمەيتتى .

— ھېلىمۇ ياخشى ئىككى كۈن ھېچقانداق شامالغا ئۇچرىمىدۇق ، — دېدى تالىشقۇل .

— مەنمۇ ھەيران ، — دېدى توختىكۆل ، — بۇ يەر شامالنىڭ ئۇۋىسى ئىدى .

— بولدى ، شامالنىڭ گېپىنى ئاز قىلىلى . مانا ئەمىسە دەپ شامالنى بېشىمىزغا كىيدۇرۇپلا قويمىسۇن ، — تايۇق تالىشقۇلدىن سورىدى ، — جاھانسايغا يەنە قانچىلىك ماڭىمىز ؟

— چوشكه قالماي يېتىپ بارىمىز .

دېگەندەك ، چوشكه يېقىن ئۇلار جاھانساي مەھەللىسىگه يېتىپ كەلدى . بىر توپ ئۆي بولغانلىقى ئۇچۇنلا مەھەللە دېمىسە . ھېچ-بىر يول ـ كوچىسى يوق ، ئۆيلەر ئۇدۇل كەلگەن يەرگە تىكلىمە ياغاچلىق ، ئادەم بويىدىن سەللا ئېگىز قىلىپ قالايمىقان سېلىنغان بولۇپ ، بەزى ئۆيلەرنىڭ بىر يېنىغا ، بەزىلىرىنىڭ ئىككى يېنىغا ، ئارقىسىغا قومۇش ساتمىلار يانداپ سېلىنغانىدى . كۆپ ئۆيلەرنىڭ ئىشىك ئىلغۇچى ۋە كېشەك ياغاچلىرىدا قورۇپ ۋە ئاپتاپ چېقىپ پوزمانغا ئايلىنىپ كەتكەن چىگە تالالىرى بىلەن قىرچىن قىپچىلە-رى ھېلىلا توزۇپ كېتىدىغاندەك تۇراتتى . ئۆيلەرنىڭ تۆت تەرىپى-نى ، بوسۇغا ئالدىنى قاغدان ، سايغان قومۇش ، چاكاندا ، يۇلغۇنلار قاپلاپ كەتكەنىدى . يۇلغۇن ـ قاقشالنىڭ ئېگىزلىكىدىن بەزى ئۆيلەرنىڭ ئۆگزىسى كۆرۈنمەي قالغانىدى . ئۇلار مەھەللىنى ئارى-لاپ بىر چەتكە چىقىپ قالدى . سەل نېرىدا ئايرىملا تۆت ئۆي بىر توپ بولۇپ يېقىن ـ يېقىن تۇراتتى .

— بۇ يەردە ئادەم يوقتەك قىلىدۇ ، — دېدى تايۇق ، ئەتراپقا ھەيرانلىقتا نەزەر سېلىۋاتقان جانقۇلۇغا قاراپ .

— ئاتام تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان ، دادام بەگلىك يۈرگۈزگەن داڭلىق جاھانساي مۇشۇمۇ ؟ ! — جانقۇلۇ ھەيران قېلىپ سورىدى . ئۇنىڭ كىمدىن سورىغانلىقىنى بىلگىلى بولمايتتى .

— بۇ لوپ دالىسىدا تاشلىنىپ ئادەمسىز قالغان يۇرت ـ مەھەللە يالغۇز جاھانسايلىمۇ ، — دېدى توختىكۆل ئۇدۇلىغا قاراپ تۇرغان پېتى .

نېرىقى تۆت ئۆينىڭ ئىشىكى ئۇچۇق تۇرغان بىرىدىن يەتتە ـ سەككىز ياش ئەتراپىدىكى بىر ئوغۇل بالا قىپيالىڭاچ ھالدا چىقتى ـ دە ، قورقۇنچلۇق ۋارقىراپلا ئارقىسىغا يېنىپ ئۆيگە كىرىپ كەتتى . ھايالشمايلا يوڭ پالاس پەشمەت يېپىنچاقلاپ ، پۇچقىقى چۇچىسىز پۇكۇلگەن قوپال پالاس ئىشتان ، بېشىغا تۆپە-لىكى ئوتتۇرا ھال ئېگىز ، تار گىرۋەكلىك قويما كىگىز قالپاق ،

پۈتىغا چورۇق كىيگەن ، يۈز - كۆزىنى ساقال - تۈك قاپلىغان بويلۇق ھەم توغرىلىق بىر بوۋاي چىقتى . تايۇق باشلىق ھەممىسى دەرھال ئاتلىرىدىن چۈشۈپ بوۋايغا سالام بەردى . تايۇق بوۋايغا جانقۇلۇنى ، ئۆزىنى ھەم باشقىلارنى بىرمۇبىر تونۇشتۇردى .
— گوي - گوي ، سەن كۈنچىققانبەگنىڭ ئوغلى ، جاھانبەگنىڭ نەۋرىسى جانقۇلۇبەگمۇسەن ، — بوۋاي جانقۇلۇنىڭ ئالدىغا كەلدى ، — جاھانبەگ تۇغۇلغان مەھەللىسىنى قايتا بىر كۆرەلمەي كېتىپ قاپتۇ . ئۇ كىچىكىدە تىلى تاتلىق ، بەك ئوماق بولىدىغان . ئاتاڭ كۈنچىققانبەگ ئوبدان تۇرامدۇ ؟ ئاڭلىسام ، مېنىڭدەك ئىككى چىقىدىغان ئوخشايدۇ .
— گېپىڭچە ، سەن دادامنى بىلەمسەن ؟
— گوي - گوي ، دادامنى بىلەمسەن دەمسەن ؟ — بوۋاي جانقۇلۇنىڭ سوئالىنى ياندۇرۇپ سوراپ يەنە ئۆزى جاۋاب بېرىپ ، — ئۇنىڭغا ھەممىمىز ئامراق ئىدۇق ، كۆپرەك مەن كۆتۈرۈۋالاتتىم . يەلكىسىدە بىلىق كۆزىچىلىك بىر مەڭ بار ئىدى . ھەممىمىز ئۇنى خاسىيەتلىك ئادەم بولىدۇ دەيتتۇق . مەن كۈنچىققانبەگ تۇغۇلماستا جاھانسايدىن بولۇڭكۆل تەرەپكە كۆچۈپ كەتكەن ، كېيىن كەلسەك مەھەللىدە ئادەم قالماپتۇ . مانا ، كۈنچىققانبەگنىڭ بالىسىنى كۆرۈۋاتىمەن . گوي - گوي ، تالادىلا گەپلىشىپ كەتتۇق ، ئۆيگە كىرىپ پاراڭلىشايلى ، مېھمانلار ، ئۆيگە كىرەيلى ، — دېدى .
جانقۇلۇ تايۇققا قارىدى .
— ئۆيگە كىرمەيلى ، بوۋا . بارىدىغان مەنزىلىمىز يىراق ، كۆرىدىغان جايلار جىق ، بەك ئالدىرايمىز ، — تايۇق بوۋايدىن ، — بۇ يەردە ھازىر قانچىلىك ئادەم تۇرۇۋاتىسىلەر ؟ — دەپ سورىدى .
— گېپىڭلىچە بۇ يەردە تۇرمايدىكەنسىلەر ، نۇرمەتبەگ بەگلىك يۈرگۈزگەن ، جاھانبەگ ، كۈنچىققانبەگلەر تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ئۆينىڭغۇ كۆرەرسىلەر ؟

— كۆرىمىز، كۆرىمىز، — دېيىشتى ھەممىسى. ئۇ ئۆيىنى كۆرۈشكە جانقۇلۇ، ھەكىم، ئۆردەكلەر تاقەتسىزلىنىپ كەتتى.

بۇ چاغدا ھېلىقى تۆت ئۆينىڭ ئالدىدا ئەر - ئايال، چوڭ - كىچىك بولۇپ ئوندەك ئادەم بۇلارغا قارىشىپ تۇراتتى. كىچىك بالىلار چوڭلارنىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈۋېلىپ مارىغاندەك قارىشاتتى. بوۋاي ئۇلارغا قاراپ توۋلىدى:

— كېلىڭلار، جاھانبەگنىڭ نەۋرىسى، كۇنچىققانبەگنىڭ ئوغلى جانقۇلۇبەگ كېپتۇ.

جاھانبەگ، كۇنچىققانبەگلەرنىڭ ئىسمىنى ئاڭلاپ، ئۇلار بىر - بىرلەپ كېلىشكە باشلىدى، لېكىن بەك يېقىن كەلمەي ئارىلىق قويۇپ تۇرۇشتى. بالىلار يەنىلا چوڭلارنىڭ كەينىگە ئۆتۆۋېلىشقاندى. ئەرلىرىنىڭ كىيىمى بوۋاينىڭكى بىلەن ئوخشاش بولۇپ، ئاياللىرى ئۇزۇن تورقا كۆڭلەكنىڭ ئۇستىگە رەڭدار پالاس چاپان، بېشىغا بەزىلىرى توشقان تېرىسى، بەزىسى قىرقىۋەتكەن قوي تېرىسىدە تىكىلگەن قۇلاقچا كىيىۋالغاندى. ئىشتانلىرىنىڭ پۇچقىقى توغرىسىغا يېشىل، قىزىل يوللۇق ئىدى.

نۇرمەتبەگنىڭ ئۆيى «مەھەللە»نىڭ ئوتتۇرىسىدا بولۇپ، ئادەتتىكى ئۆيلەرگە ئوخشاش ئوتتۇرىدا دەھلىز، ئىككى ياندا ياتاق ئۆي، مېھمانخانا — ئۈچ ئېغىزلىق ئىدى. بەگ ئۆيىنىڭ باشقا ئۆيلەردىن پەرقى: سەل چوڭ، ئېگىزرەك، ياغاچلىرىمۇ خىلراق ئىدى. ئۇزاق يىللاردىن ئادەم ئولتۇرمىغاننىڭ ئىپادىسى بولۇپ، سۇپا، پەگاھلارنى قامغاق، قاغدان قومۇش بېسىپ كەتكەنىدى. بىر ئۆيدە تېخى يۇلغۇن ئۇنۇپ باغجانلاپ تۇرۇسقا تاقىشىپمۇ قاپتۇ. جانقۇلۇ ئۆيگە قاراپ تۇرۇپ كەتتى. ئۇنىڭ نىمىلەرنى ئويلاۋاتقىنىنى بىلگىلى بولمايتتى.

— بۇ يەردە ھازىر قانچىلىك ئادەم ئولتۇرۇۋاتىسىلەر؟ — تايۇق بايىقى سوئالىنى تەكرارلاپ بوۋايدىن يەنە سورىدى.

— ئەسلىدە توققۇز ئۆيلۈك كۆچۈپ كەلگەنىدۇق. ئېقىن قۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن، يىگىرمە نەچچە يىلدىن بۇيان بىر

جەمەتتىن ئۈچ ئائىلە تۇرۇۋاتىمىز .

— سۇ ، يېمەكلىكنى قانداق قىلىۋاتىسىلەر ؟

— مەھەللىنىڭ تۆۋەن تەرىپىدە بىر چاتقال - ئوتلاق ئويمانلىق بار ، شۇ يەرگە بىر قۇدۇق كولىۋالدۇق . ھەر يىلى 6 - ئايدا چوڭ - كىچىك ھەممىمىز يېڭى دەريا بويىغا كۆچۈپ بېرىپ ، ئۇجۇل ، غاز ، ئۆردەك تۇخۇملىرىنى يىغىمىز ، بېلىق تۇتىمىز ، يېڭى بېلىق پوستلاقلىرىنىڭ ھەممىسىنى قۇيۇۋالىمىز ، ئاندىن ئىككى ئادەم قېلىپ قېلىپ يازچە بېلىق تۇتۇپ گەدەرمە قىلىپ قويىدۇ ياكى قۇمغا كۆمۈۋېتىدۇ . بۇ نەرسىلەر بىزگە كېلەر يىل شۇ چاغقىچە يېتىپ ئاشىدۇ . يىراق بولسىمۇ ئاتمىشبۇلاق تەرەپكە ئۇۋۇغىمۇ چىقىمىز .

جانقۇلۇ بوۋايدىن قانچە ياشقا كىرگەنلىكىنى سورىدى .

— ئەقلىمنى بىلگەندىن بېرى بىر يۈز ئون ياز - قىشنى ئۆتكۈزدۈم ، ئۇنىڭ ئالدىدىكىسىنى قوشقاندا بىر يۈز يىگىرمە ياشقا بېرىپ قالاي دېدىم .

بىر يۈز يىگىرمە — ئاز ياش ئەمەس ، ئەمما لوپ دالىسىدا بۇ بەك ئۇزاق ياشىغانلىق ھېسابلىنىپمۇ كەتمەيدۇ . بوۋاينىڭ چاچ - ساقىلىنىڭ ئېقى بىلەن قارىسى تەڭدەك ئىدى . ئۆزىمۇ ساغلام ، تېتىك تۇراتتى ، تېخىچە بىرەر چىشىنىڭ ئورنى بوش ئەمەس ، گەپ - سۆزلىرىمۇ جايىدا ، جاراڭلىق ، ئايىلى سەكسەن بەش ياشتا ئىكەن . ئىلگىرىكى ئايىلى ئۆلۈپ كېتىپ ، ئىككىنچى قېتىم ئۆيلەنگەنىكەن . بۇ خوتۇنىدىن ئىككى ئوغۇل كۆرۈپتۇ ، كىچىكى ئوتتۇز ئىككى ياشتا ئىكەن ، ئۇنىڭمۇ ئۈچ بالىسى بار ئىكەن .

— بوۋا ، ئىسمىڭ نېمە ؟ — جانقۇلۇ سورىدى .

— ئىسمىم تۇغان . كىشىلەر مېنى تۇغان توشقان دېيىشىدۇ .

— ۋوي ، تۇغان توشقان دېگەن سەنمۇ ، دادام دەپ بەرگەن . بىر قېتىمدىلا بەش توشقاننىڭ گۆشىنى يەۋېتىپتىكەنسەن .

— ھازىرمۇ ئىككى توشقاننىڭ گۆشىنى يەۋېتىمەن ، سۆڭەكلىرى قالىدۇ شۇ .

بوۋاينىڭ كېيىگە ھەممىسى كۈلۈپ كېتىشتى . تايۇق بوۋايدىن مىرەننىڭ بۇ يەردىن قانچىلىك يىراقلىقىنى سورىدى .

— يىراقلىقىغۇ يىراق ئەمەس ، مۇشۇ ئۇلاغلار بىلەن ماڭساڭلار بىر يېرىم كۈنلۈك يول . بارماقچىمىدىڭلار ؟ ياخشىسى بارماڭلار . مەن ئوتتۇز يىلنىڭ ئالدىدا بىر بارغان . كۆرگەنلىرىمگە قاراپ ، مــەن ئۇ يەرنى بۇرۇن ئاۋات يۇرت بولغىيمىدى ، دەپ ئويلىغان ، كېيىن باشقىلاردىن ئۇ يەرنى جىن ـ ئالۋاستىلار ئىگىلىۋاپتۇ دەپ ئاڭلىدىم . بارغانلار بار ، يانغانلار يوق ئىكەن . مەڭلىسە① ، قارا قۇيۇن ئۇزۇلمەي چىقىدىكەن . كېچە ـ كۈندۈز ، قىيا ـ چىيالىغان ، چىر ـ چارلىغان يەنە ھەر خىل قورقۇنچلۇق ئاۋازلار قولاق ـ مېڭىنى يەيدىكەن . ئاراڭلاردا كىچىك بالىمۇ ، ياشلارمۇ بار ئىكەن . مىرەنگە بارماڭلار ، ئوڭ تەرىپىدىن يانداپ ئۆتۈپ بۇلۇڭكۆلگە بېرىڭلار ، مىرەنگە ھەرگىز بارماڭلار ، — دېدى بوۋاي قايتا ـ قايتا ئاگاھلاندۇرۇپ .

جايلارنى كۆرۈشكە ، بىلىشكە قىزىقىدىغان تايۇق بىلەن توختاق ، ئۆردەكلەرنىڭ مىرەننى كۆرۈپ باققۇسى ، بارغۇسى بار ئىدى ، لېكىن جانقۇلۇ ۋە باشقىلار بارماسلىقتا چىڭ تۇرۇۋالدى . ئىلاجسىز تۇغان بوۋاي كۆرسىتىپ بەرگەن يولغا چۈشۈپ بۇلۇڭكۆلنى قارىلاپ يۈرۈپ كەتتى . ئۇلارنى بىر جەمەتتىكى ئون نەچچە ئادەم ھەيرانلىقتا قارىغىنچە ئۇزىتىپ قالدى . بىرنەچچە ئەۋلاد ئابدال بەگلىكىنىڭ مەركىزى مەھەللىسى بولغان جاھانساي ، ئۇلارنىڭ كۆزىدىن يىراقلاپ ، ئاخىر كۆرۈنمەي قالدى .

## 9

ئۇلارنىڭ جاھانسايدىن چىقىپ مېڭىۋاتقىنىغا بىر يېرىم كۈن بولدى . تۇنۇگۈن پۈتۈن بىر كۈن دەشت قۇملۇقتىلا ماڭدى . بىر تامچە سۇ ، بىرەر تال خەس ـ گىياھ ياكى بىرەر ئۇچارلىق ،

① مەڭلىسە — قارا بوران .

ماڭارلىقمۇ ئۆچرىمىدى . ئادەم ئىچىپ ، ئات ـ ئۇلاغ ئىچىپ ، سۇنىڭ يېرىمى تۈگىدى ، ئۈچ تۇلۇملا سۇ قالدى . ئۇلار چۈشكە يېقىن بىر كونا دەريا ئىزىغا كىرىپ قالدى . ئەتىگەن بىردىن پوستلاق قۇيمىسى يەپ ، سۇنى ئايايمىز دەپ ئىككى يۇتۇمدىنلا سۇ ئىچىپ ، ئات ـ ئۇلاغلارنى يېرىم قاندۇرۇپ سۇغىرىپ يولغا چىققا-نىدى . ھازىر ئادەملەرمۇ ، جاندارلارمۇ ئۇسسىدى ، قورسىقى ئاچ-تى . ئۇلار پەسرەك بىر يارداڭلىق تۈۋىدە چۈشكۈن قىلماقچى بولۇپ توختاشتى . تۆگىلەرنى چۆكتۈرۈپ ئۈستىدىن تۇلۇملارنى ئالدى ، باشقىلىرىدىنمۇ يۈك ـ تاقلارنى چۈشۈردى . تالىشقۇل بىر تۇلۇمدىن قاچىلارغا سۇ ئېلىپ تەييار قىلدى . توختاق بىر ئادەمگە بىردىن پوستلاق قۇيمىسى تارقىتىپ بەردى . توختىكۆل پوستلاقنى يېگەچ يارداڭلىق ئۈستىگە چىقىپ ئەتراپقا زەنسېلىپ قاراپ :

— بىز ھازىر قۇمدەريادا ئىكەنمىز ، ئېسىمگە كەلدى ، سول تەرىپىمىزدە بۇلۇڭكۆل ، ئوڭ تەرىپىمىزدە يېڭى دەريا بار ، — دېدى ئاۋازلىق قىلىپ .

توختىكۆلنىڭ گېپىگە قىزىقىپ ئۆردەكمۇ يارداڭ ئۈستىگە چىقتى . بۇ چاغدا توختىكۆل يارداڭنىڭ نېرىقى تەرىپى بىلەن ئېقىن ئىچىگە چۈشۈپ بولغانىدى . ئۆردەك ئەتراپقا قىزىقىپ قاراشقا باش-لىدى . تايۇقنىڭ ئىشارىتى بىلەن توختاقمۇ يارداڭ ئۈستىگە چىققانىدى .

— تۆگە ! بىر توپ تۆگە ! — ئۆردەك ھاياجانلىنىپ توۋلىۋەتتى .

— راست ! بەش چوڭ ، تۆت كىچىك ، جەمئىي توققۇز تۆگە !

ھەممىسى يۈگۈرۈپ يارداڭ ئۈستىگە چىقتى . دېگەندەك ، توققۇز تۆگە توختىكۆل «بۇلۇڭكۆل بار» دېگەن تەرەپتىن يېڭى دەريا تەرەپكە قاتارلىشىپ ئاستا مېڭىپ كېتىۋاتاتتى . ئالدىدا ماڭ-غىنى بوغرا تۆگە بولۇپ ، قالغان سەككىزى بىر چوڭ ، بىر كىچىك تەرتىپ بويىچە ماڭغانىدى . تۆگىلەرنىڭ بۇنداق مېڭىشى جانقۇلۇغا قىزىق تۇيۇلغان چېغى :

— توپ بولۇپ ماڭماي ، ئەجەب قاتارلىشىپ مېڭىپتا ؟ ئالدى-
دىكىسىنىڭ بوتۇسى[1] يوقكىنا ؟ — دېدى .

— ھەي بەگ بالىسى ، — دېدى تالىشقۇل ، — بىر ئابدال
مەھەللىسى قالغان مەھەللە - يۇرتلارنى باشلاپ ماڭغاندەك ، ئۇمۇ
سەككىز بالىسىنى باشلاپ مېڭىپتۇ .

تالىشقۇلنىڭ گېپىگە ھەممىسى كۈلۈشۈپ كەتتى . ئۆردەك بۇ
گەپنى چۈشىنىپ كۈلدىمۇ ياكى باشقىلارغا ئەگىشىپ كۈلدىمۇ ،
بۇنى ئۆزى بىلىدۇ ، بەلكى گەپ قىزىق تۇيۇلۇپ كۈلگەندۇ .

— مەن توغرا دەپتىمەن ، — دېدى توختىكۆل ، — ئۇلار يېڭى
دەرياغا سۇ ئىچكىلى مېڭىپتۇ .

ئۇ تەرەپتە سۇ ، بۇ تەرەپتە ئوتلاق ، ھېچبولمىغاندا بىر يېشىل-
لىقنىڭ بارلىقى ئېنىق بولۇپ قالدى . بۇ چەكسىز قاقاس قۇملۇقتا
ئۆزلىرىدىن باشقا ھايۋان بولسىمۇ بىر توپ جانىۋارنى كۆرۈپ ،
سەپەرچىلەرنىڭ جېنىغا جان ، ئۈمىدىگە ئىشەنچ قوشۇلدى . تايۇقلار
ئەسلىدە ئالدى بىلەن بۇلۇڭكۆلگە بېرىپ ، تۇغان بوۋاي ئېيتقان
بۇلۇڭكۆلنىڭ ئۈستۈن تەرىپىدىكى ماقاتلىققا ئوخشايدىغان يەرنى
كۆرۈپ ، يارداڭبۇلاق يېنىدىكى ئويتوغراققا بېرىپ چەپەرنى يوقلى-
ۋېتىپ ، ئاندىن كۆنچى دەرياسى تەرەپكە ماڭماقچىدى . ھازىر ئەھ-
ۋال ئۆزگىرىپ قالدى . تالىشقۇل بىلەن توختىكۆل ئالدى بىلەن
يېڭى دەرياغا بېرىپ تۇلۇم ۋە باشقا قاچىلارغا سۇنى تولۇق
قاچىلاپ ، ئات - تۆگىلەرنى بىر كۈن ئوبدان بېقىپ ، سۇغا قاندۇ-
رۇۋېلىپ ، يەنە كەينىگە يېنىپ ئاندىن بۇلۇڭكۆلگە بېرىشتا چىڭ
تۇرۇۋالدى . يەتتە كىشىلىك يۇرت كەزگۈچى بۇ سەپەرچىلەرنىڭ
يول باشلىغۇچىسى مۇشۇ ئىككىسى ئىدى . بۇلار ھازىر بار سۇنىڭ
تۈگەپ قېلىشىدىن قورقۇۋاتاتتى . تايۇقنىڭ بولسا سۇنىڭ بۇلۇڭ-
كۆلگە بارغۇچە يېتىدىغانلىقىغا ئىشەنچى بار ئىدى . چۈنكى تۆگىلەر
سۇ ئىچمەيمۇ يەنە تۆت كۈن چىدايتتى ، ھازىر بەك ئىسسىق چاغ
بولمىغاچقا ، ئادەممۇ ، ئاتمۇ ئانچىكى ئۇسسۇزلۇققا چىدايتتى ، لې-

---

[1] بوتۇ — بوتىلاق .

كىن تالىشقۇل بىلەن توختىكۆل ··· ئارىدىكى تالاش ـ تارتىشنى بىر تەرەپ قىلىدىغان بىردىنبىر كىشى جانقۇلۇ بولۇپ قالدى. ئۇ تۇلۇمدىكى سۇنىڭ بۇلۇڭكۆلگىچە يېتىشىگە ئىشەنچ قىلالمايتتى، تۈگەپ كېتىشىدىن قورقاتتى، تۈگىمىگەندىمۇ، كۆلدە سۇ بارلىقىغا ئىشەنچى يوق ئىدى. چۈنكى، ئەسلىدىكى دەريا قۇرۇپ، قۇم باسقاندىن كېيىن، كۆلمۇ قۇرۇپ كەتكەندۇ، دەپ قارايتتى.

— ئالدى بىلەن يېڭى دەرياغا بارايلى، كەينىمىزگە يانساق يانمايمىزمۇ، — دېدى ئۇ.

بەگ ئوغلى — جانقۇلۇنىڭ كېسىمى بىلەن سەپەرچىلەر يېڭى دەريا تەرەپكە يۈرۈپ كېتىشتى. بىر ئاش پىشىم ۋاقىت ماڭغاندىن كېيىن ئۇلارغا يەردە چاكاندا، قامغاق، سايغان قومۇش، يۇلغۇنلار، ئاسماندا ئاندا ـ ساندا سۇقسۇر، قارۇناغا ئوخشاش سۇ قۇشلىرى يولۇقتى ۋە ماڭغانسېرى قويۇقلاشتى.

— دەرياغا يېقىن قالغاندەك قىلىمىز، — دېدى تالىشقۇل.

توختىكۆل ئۇنىڭ دېگىنىگە قوشۇلمىدى.

— سۇقسۇر بىلەن قارۇنا بۇلۇڭكۆل تەرەپتىن ئۇچۇپ كەلگەندەك قىلىدۇ، — دېدى ئۇ، — ئۇلارنىڭ ئېگىز ئۇچقىنىغا قارىغاندا، دەريا يېقىندا ئەمەس.

توختىكۆلنىڭ ئېيتقىنى توغرا چىقتى. كۈن پاتقۇچە دەريانىڭ قارىسى كۆرۈنمىدى، لېكىن ئوت ـ چۆپ، چاتقاللار قويۇقلاشتى. ئۇلار ئەپلىك بىر جاينى تېپىپ چۈشكۈن قىلدى. ئات، تۆگىلەرنى ئوتقا قويۇۋېتىپ، ئۆزلىرى تاماقلىنىشقا تۇتۇش قىلدى.

— مەن دەريانىڭ قانچىلىك يىراقتا ئىكەنلىكىنى بىلىپ كېلەي، — توختىكۆل شۇنى دېدى ـ دە، ئېتىنى يېتىلەپ كېلىپ قايتىدىن توقۇدى. مىلتىقىنى مۈرىسىگە ئېسىپلا ئاتقا مىنىپ بولۇپ، — تالىشقۇل، نەيزەڭنى بەر، — دېدى.

بۇنداق چاغدا ئۇنى يولىدىن قايتۇرغىلى بولمايتتى، گېپىنىڭ راستلىقىنى ئىسپاتلىمىغۇچە، قىلىۋاتقان ئىشىنى ئارا يولدا توختىتىپ قويمايتتى، توختاتقىلىمۇ بولمايتتى. ئۇنىڭ بۇ مىجەزىنى

ھەممىدىن ئوبدان بىلىدىغان تالىشقۇل گەپ قىلماي نەيزىنى ئېلىپ بەردى . توختىكۆل نەيزىنى ئالدى ـ دە ، ئېتىنى دېۋىتىپ چېپىپ كەتتى .

تاماق يېيىلىپ بولغاندىن كېيىن ، تايۇق :

— ئات ، تۆگىلەرنى يېقىن ئەكېلىپ باغلاپ قويساقمىكىن ، — دېدى .

— نېمىشقا ؟ — جانقۇلۇ ئەجەبلىنىپ سورىدى . تايۇق جاۋابەن دېدى :

— يولۋاس بولۇپ قالمىسۇن دەيمەن .

يولۋاسنىڭ ئېتىنى ئاڭلاپ ھەممىسىنىڭ تېنى شۈركۈنۈپ كەتتى . بۇنداق ياخشى ئوتلاق بار يەردە چوقۇم كېيىك ، جەرەن بولماي قالمايدۇ . بۇلار بولغان يەردە كىم يولۋاسنى يوقمىكىن دېيەلەيدۇ . ھەممىسى ئورنىدىن تۇرۇپ ئاتلىرى تەرەپكە مېڭىشتى . ئات ، تۆگىلەر چوشكۈن ئەتراپىدىكى ئوت بار يەرگە باغلاپ قويۇلدى . ئارىدىن خېلى ۋاقىت ئۆتتى ، توختىكۆلدىن شەپە يوق . ئاي يورۇق ، توختىكۆل ئادىشىپ قالىدىغان ئادەم بولمىسىمۇ ، تايۇقلار يەنىلا ئەندىشىدە ئىدى .

ھەممىدىن بەك ئۆردەك ئەندىشىلىك ئىدى .

— تايۇق ئاغا ، توختىكۆل ئاغام تېپىپ كېلەلەرمۇ ؟

— قورقما ، ئۇ ئېزىپ قالمايدۇ ، چوقۇم تېپىپ كېلىدۇ ، — دېدى تايۇق ئۆردەكنى ، شۇنداقلا جانقۇلۇنىڭ كۆڭلىنى تىندۇرۇپ . توختاق بىلەن ھەكىم توختىكۆلنىڭ ئېزىپ قالمايدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى .

تايۇقنىڭ گېپىنىڭ ئاخىرىغا ئۇلىنىپلا ، «پاڭ !» قىلىپ مىلتىق ئۇنى ئاڭلاندى . كېچىدە تۇيۇقسىز ئاڭلانغان بۇ ئاۋازنىڭ قايسى تەرەپتىن كەلگەنلىكىنى ئۇستا مەرگەن تايۇقمۇ بىلەلمەي قالدى . قانداقلا بولمىسۇن ، بۇنى توختىكۆل ئاتقان مىلتىقلىقى ئېنىق ئىدى . ئاي يورۇقىدا ئوتلىغىلى چىققان بىرەر كېيىك ، جەرەن ئۇچراپ قالغان بولسا ئاتقاندۇ ، دەپ ئويلاشتى . تۆت كۈندىن

بىرى ئۆلار بىلىق گۆشىدىن بۆلەك ھايۋان گۆشى يىمىگەچكە ،
توختىكۆل ئىتىپ كىلىدىغان كىيىك ياكى جەرەن گۆشىگە ئىشتى-
ھاسىنى ئىچىپ تۇرغاندا ، يىراقتا بىر قارا كۆرۈندى . تايۇق سىن-
چىلاپ قاراپ ، ئۇنىڭ توختىكۆل ئىكەنلىكىنى ئىلغا قىلدى . ئاڭ-
غىچە توختىكۆل يىقىنلاپ كەلدى . ئۇ مىلتىقنى ئالدىغا توغرىسىغا
قويۇۋالغانىدى .

توختىكۆل پەس ئاۋازدا :

— تايۇق ، پۇتۇمنى يولۋاس چاينىۋەتتى ، — دىدى .

بۇ گەپنى ئاڭلاپ ھەممىسى ئۇنىڭ ئالدىغا يۈگۈردى . تايۇق
بىرىپ قاراپلا ئۇنى ئاتتىن كۆتۈرگەندەك چۈشۈردى . سول پۇتىنىڭ
تىزىنىڭ ئاستى كۆڭلەك بىلەن يۆگىلىپ ، ئۈستىدىن ئاتنىڭ چۇل-
ۋۇرىدا يۆگەپ چىڭ چىگىۋىتىلگەنىدى .

تايۇق ئۇنىڭغا كەينىنى قىلىپ ئىگىشىپ تۇرۇپ :

— ماڭا ھاپاش بول ، — دىدى .

تايۇق ئۇنى ھاپاش قىلىپ چۇشكۇنگە ئىلىپ كىلىپ ئولتۇر-
غۇزدى . بۇنداق ئىشقا تالىشقۇلنىڭ ئىپى بار ئىكەن . تىڭىقنى
يىشىپ كۆرۈۋىدى ، ھىلىمۇ ياخشى سۆڭەك ساق ئىكەن ، بۇلجۇڭ
گۆش ئاززاق تىتىلىپتۇ . قان جىق چىقىپ كەتكەندەك قىلىدۇ ،
يەنە چىقىۋاتاتتى .

— كىمدە تورقا لاتا بار ، تورقا كۇلىنى باسساقمۇ
بولىتتى ، — دىدى ئۇ .

— مەندە بار ، — جانقۇلۇ شۇنداق دەپلا كۆڭلىكىنىڭ بىر
يىڭىنى جارتىتىمدە يىرتىپ ، چاقمىقىدا[1] تۇتاشتۇرغان ئوتتا كۆي-
دۈردى .

تالىشقۇل تورقا كۇلىنى قان چىقىۋاتقان جايغا بىسىپ ، ئۆ-
زىنىڭ كۆڭلىكىنى يىرتىپ تەييارلاپ قويغان لاتا بىلەن چىڭ

[1] چاقماق — پولات زىخچىنى چەمبەر شەكلىدە ياسىۋالىدۇ . تورقا ياكى چىگىنىڭ يۇمشاق
تالاسىنى توغراق پورىنىڭ سۇيىگە مىلەپ ، قىرلىق تاشنىڭ ئاستىغا تۇتۇپ تۇرۇپ پولات زىخچىنى
تاش قىرىغا ئۇرىدۇ . ئۇنىڭدىن چىققان ئۇچقۇن تۇۋەنگە چاچراپ تورقا تالاسىغا تۇتىشىپ ئوت ھاسىل
بولىدۇ .

تارتىپ ئۈستى - ئۈستىلەپ يۆگەپ، ئۈستىدىن چىگىۋەتتى.

— بۇ ئۇسۇل هازىرچە بولىدۇ، — تالىشقۇل تايۇققا قاراپ دېدى، — ياخشىراق ئامال تاپمىساق بولمايدۇ.

توختاق شۇ هامان:

— دىلپار يوپۇرمىقىدا تاڭسا ياخشى بولىدىكەنغۇ، — دېدى مەھەممەت مەرگەننىڭ گېپى ئېسىگە كېلىپ.

— دەريا يىراقمىكەن؟ — تايۇق توختىكۆلدىن سورىدى.

— بەش قېتىم گۆش پىشۇرغۇدەك ۋاقىتتا بېرىپ بولغىلى بولىدۇ.

— هازىرلا ماڭايلى. تورغاي چۇچۇلىغۇچە بارساقمۇ هېساب. سۇ بولغاندىكىن، دىلپارمۇ بولۇپ قالار، — دېدى تايۇق.

شۇئان ھەممىسى مېڭىشقا تەرەددۇتلاندى. توختىكۆلنى زاپاس ئاتنىڭ بىرىگە مىندۇرۇپ مېڭىپ كېتىشتى. توختىكۆل كېتىۋېتىپ پۇتىنى يولۋاس قانداق بولۇپ چاينىۋەتكىنىنى سۆزلەپ بەردى.

توختىكۆل ئاي يورۇقىدا دەريانى يىراقتىنلا كۆردى - دە، خۇش خەۋەرنى بۇرادەرلىرىگە يەتكۈزۈش ئۈچۈن شۇئان ئارقىسىغا ياندى. چۈشكۈنگە ئاز قالغاندا، كىچىك بىر چاتقاللىقتا بىر يولۋاسنىڭ بېشىنى كۆتۈرۈپ ئۆزى تەرەپتىكى بىر نەرسىگە تىكىلىپ قاراپ قالغاندەك تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ قالدى. مىلتىق بەتلەكلىك ئىدى. توختىكۆلنىڭ مەرگەنلىكىتىمۇ ئۆزىگە ئىشەنچى بار ئىدى. ئۇنىڭ يولۋاسنى ئېتىپ باققۇسى كەلدى. ئات ئۈستىدە تۇرۇپلا يولۋاسنىڭ ئىككى كۆزىنىڭ ئوتتۇرىسىنى چېنەپ تەپكىنى باستى. «پاڭ» قىلغان قاتتىق ئاۋازدىن ئۈركۈگەن ئات «پارت»ىتىدە قاچتى. هېلىمۇ توختىكۆل ئاتنىڭ چۇلۋۇرىنى تۇتۇۋېلىشقا ئۈلگۈرگەنىدى، ئاتتىن يىقىلىپ چۈشمىدى، ئەمما سول تەرىپىدىن بىر يولۋاس هۆركىرىگىنىچە ئېتىلىپ كەلدى. توختىكۆل قۇملۇق مەرگەنلىرىگە خاس توختاللىقىنى يوقاتمىغانىدى. تەۋەككۇل قىلىپ بۇ يولۋاسنىمۇ ئېتىپ باقماقچى بولدى، لېكىن مىلتىقنى قايتا

بەتلەشنىڭ ئىمكانىيىتى يوق ئىدى . مىلتىقنى ئېگەرنىڭ بېشىغا ئىلىپ قويۇپ ، ئوق تېقىمىغا بېسىۋالغان نەيزىنى تارتىۋېلىپ دەس-تىسنى تۈۋىدىن تۇتۇپ تەييار بولۇپ تۇردى . كۆندۈزى ، ھەم تۈزلەڭدە بولسا ئۇنىڭ ئېتىغا يولۋاس يېتىشەلمەيتتى ، ئەمما قويۇق چاتقاللار ئاتنىڭ تېز يۈرۈشىگە كاشىلا بولماقتا ئىدى . يولۋاس يېتىشىپ كېلىپ قوزۇقتەك چىشلىرىنى چىقىرىپ توختىكۆلنىڭ پۇتىغا ئېغىز سالماقچى بولغاندا ، توختىكۆل پۇتۇن كۈچىنى يىغىپ نەيزىنى يولۋاسنىڭ ئىككى قۇلىقىنىڭ ئوتتۇرىسىغا سانجىدى ، لې-كىن يولۋاسمۇ توختىكۆلنىڭ پۇتىغا ئېغىز سېلىپ ئۈلگۈرگەنىدى . ھەرنېمە بولسىمۇ نەيزە سانجىلىشى ھامان يولۋاسنىڭ ئاغزى توخ-تىكۆلنىڭ پۇتىدىن بوشىدى . ئات ئالدىنقى ئۇركۈشىگە يولۋاستىن قورقۇش قوشۇلۇپ پۇتۇن جەھلى بىلەن جېدەللەپ چېپىپ كېتىۋات-قان بولغاچقا ، توختىكۆل يولۋاسنىڭ قانداق بولغانلىقىنى بىلەلمەي قالدى ، ئاتنى ئاران توختىتىۋالدى . ئاتتىن چۈشسە مىنەلمەي قېلىشىنى ئويلاپ ، ئات ئۈستىدە تۇرۇپلا زەخىملەنگەن پۇتىنى ئېگەر ئالدىغا ئېلىپ ، ئالدى بىلەن چورۇق - پايپىقىنى سېلىپ ئارقىسىغا غانجۇغىلىۋالدى ، ئاندىن كۆڭلىكىنى سېلىپ ، يىرتىپ پۇتىغا يۆگىدى ، ئۈستىدىن ئاتنىڭ چۇلۇۋۇرىدا چىڭ ماتاپ تاڭدى - دە ، چۈشكۈنگە قاراپ ماڭدى .

تايۇقلار يېڭى دەريا بويىغا تاڭ سەھەردە يېتىپ كەلدى . كې-لىپلا ھەممىسى ئات ، تۆگىلەرنى ئوتقا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپ ئۆزلۈكىدىن دىلپار ئىزدەشكە كىرىشىپ كەتتى . سۇ تېخى سوغۇق ئىدى ، لېكىن سەپەرداش ھەمراھىنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن سۇ كېچە-ۋاتقان بۇ كىشىلەرگە سۇنىڭ سوغۇقلۇقى ھېچ نەرسە ئەمەس ئى-دى ، ئۇنى سەزمەيتتى . تېخى ئون ئىككى ياشقىمۇ تولمىغان ئۆر-دەك چېغىدا بىلىكىچە سۇ كېچىپ يىكەن ، قومۇش ئارىلىرىدا دىلپار ئىزدىمەكتە ئىدى . تەلىيىگە يوپۇرماقلىرى ئانچە يېتىلىپ كەتمىگەن ھەم ئاز بولسىمۇ دىلپار تېپىلىپ قالدى .

تالىشقۇل توختىكۆلنىڭ پۇتىدىكى تېڭىقنى يېشىۋىدى ، قان

ئاساسەن توختاپتۇ . ئۇ يىرىڭلاپ كەتمەسلىك ئۈچۈن زەخىم ئورنى-
نى بىر قۇر ئېرتىۋېتىپ دىلپار يوپۇرماقلىرىنى ئۇستى - ئۇستىگە
قويۇپ ، ئۇستىدىن بىرنەچچە قات لاتا يۆگەپ چىڭ چىگىۋەتتى ،
ھەممىسىنىڭ كۆڭلى ئارامىغا چۈشتى .

تالىشقۇل بىلەن تايۇق توختىكۆلنىڭ پۇتى بىلەن ھەپىلىشىۋات-
قاندا ، باشقىلار قۇرۇق ئوتۇن يىغىپ كېلىپ ئىككى يەرگە غولۇت-
مان يېقىپ ھۆل كىيىملىرىنى قۇرۇتقاچ ئىسسىنىپ ئولتۇرۇش-
تى ، يەنە بىر يەرگە ئابدۇشنى ئېسىپ سۇ قايناتماقچى بولۇشتى .
ئۇلار ئوتسىنىپ ئولتۇرۇۋىدى ، يېنىغا نەيزە تۇتقان چوڭ ياشلىق
بىر كىشى كېلىپ قالدى ، ئۇنىڭ ئىسمى تاپىق ئىكەن ، ساتمىسى
يېقىن بىر يەردە ئىكەن ، ئوت يالقۇنىنى كۆرۈپ كەلگەنىكەن .

— دەريا ياقىلاپ ئولتۇرغان يىگىرمە نەچچە ئۆيلۈك ئادەم بار .
بۇلارنىڭ كۆچۈپ كەلگىنىگە ئالدىغا ئوتتۇز - قىرىق يىل ، كەينىگە
ئون يىلدەك بولدى ، — دېدى تاپىقباي تايۇقنىڭ سورىغىنىغا جاۋاب
بېرىپ .

يېقىن ئەتراپتا توغراقلىق بولمىغاچقا ، بۇ كىشىلەرنىڭ ھەممى-
مىسى گەمىلىك ساتما ئۆيلەردە ئولتۇرىدىكەن . بۇلارنىڭ بىر قىس-
مى قۇمدەريا قۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن كۆچۈپ كەلگەن بولسا ،
بىر قىسمى بۇلۇڭكۆل ، ياردائېبۇلاق ۋە پۈتالىقكۆل[1] تەرەپتىن كۆ-
چۈپ كەلگەنلەركەن . تايۇقلار ئۇلاردىن شۇ تەرەپلەرنىڭ ئەھۋالىنى
ئۇقۇپ باقماقچى بولدى . لوپ دالىسىدا ئادەم يىغىش ئۈچۈن ئە-
شىكمۇئىشىك مۇدۇرۇپ يۈرۈشنىڭ ھاجىتى يوق .

تايۇقلار سەپەرگە چىققاندىن بۇيان تاماقنى مۇشۇ يەردە
كەڭ - كۇشادە ، ئالدىرىماي ، خالىغىنىنى ئېتىپ يېدى . بېلىق
شورپىسىغا چېلىپ ئەتكەن ئوجۇل ئۇمىچىنى ھۇزۇرلىنىپ ئىچىۋې-
لىشتى . تاماقتىن كېيىن ئاۋازى سوزۇك ، جاراڭلىق توختاق ئې-
گىز بىر قۇم دۆۋىسىگە چىقىپ : «ئابدال بېگى كونچىققانبەگنىڭ
ئوغلى جانقۇلۇبەگ بىلەن بىرنەچچە ئادەم ‹يېڭى دەريا› بويىغا

---

1. پۈتا — پولغۇن .

كەلدى ، سىلەر بىلەن كۆرۈشمەكچى ، كېلىڭلار !» دەپ دەريانىڭ يۇقىرىسىغا قاراپ بىر ، تۆۋەن تەرىپىگە قاراپ بىر ، ئىككى ئالىقىنىنى كاناي قىلىپ تۇرۇپ توۋلىدى . ھايالشمايلا كىشىلەر ئاتلىق ، كالا ، ئېشەك مىنىپ ۋە پىيادە مېڭىشىپ كېلىشكە باشلىدى . چوڭ ياشلىقلاردىن باشقا ئەر - ئايال ھەممىسى يالاڭ ئاياغ ئىدى . ئېيتىلىشىچە ، كېلەلىگۈدەك ماغدۇرى بارلارنىڭ ھەممىسى كېپتۇ .

مەلۇم بولدىكى ، يارداڭبۇلاق ، پۇتالىقكۆل ئەتراپىدا سۇ قالماپتۇ . بۇلۇڭكۆلدە ئازراق سۇ بار ئىكەن . يارداڭبۇلاقنىڭ تۆۋەن تەرىپىدە ، بۇلۇڭكۆلنىڭ سول تەرەپ سەل يۇقىرىسىدا كەڭ بىر ماقاتلىقنىڭ بارلىقى تايۇقلارنى بەك قىزىقتۇردى . «دىۋە ئادەم — چەپەر ئاغزىدىن چۈشۈرمەيدىغان ماقاتلىق شۇمىكىن . ئەتراپىدا بىرەر يۇرتنىڭ بولغانلىقىنى ھېچكىم بىلمىسە ، بۇنداق چوڭ ماقاتلىق نەدىن ۋە قانداق پەيدا بولۇپ قالدۇ ؟» تايۇق قالاچ قاناقانىڭ ئەجدادلار توغرىسىدىكى گەپلىرىنى يادىغا ئېلىپ ، شۇلارنى ئويلاپ قالدى . تايۇق ھەم ئۇنىڭ ھەمراھلىرى بۇ يەردىكى قېرىلارنىڭ قۇملۇق دەشتنى كېزىپ يۈرمەي ، يېڭى دەريانى يۇقىرىسىغا ياقىلاپ مېڭىپ ، كۆنچى دەرياسىنىڭ غول ئېقىنىغا ئۇلاشقاندىن كېيىن ، چوڭ دەريانى بويلاپ ئۇستۇنگە مېڭىپ دىلپار ئارقىلىق چارىغا قايتىش توغرىسىدىكى مەسلىھەتلىرىگە قارىماي ، چەپەرنى يوقلىغاچ يارداڭلىق ئاستىدىكى ماقاتلىقنى چوقۇم كۆرۈپ ، ۋاقىت ۋە ئەھۋالغا قاراپ نىشانلىغان باشقا جايلارنىمۇ كۆرۈشنى ، بولمىسا چۆل كېزىپ ئۇدۇل مېڭىپ كۆزلەك ياكى تىكەنلىككە كېتىش قارارىغا كېلىشتى . شۇ كۈنى چۈشلۈك تاماقنى يەۋېلىپلا سۇ ۋە باشقا تەييارلىقلارنى ئوبدان غەملىۋېلىپ يۈرۈپ كېتىشتى .

ئۇلارنى قانداق قىسمەتلەر كۈتۈپ تۇرىدۇ ، بۇ ئۇلارغا نامەلۇم ئىدى .

[General Information]
书名=楼兰足迹 1 维吾尔文
SS号=40256975